ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھماز

يىڭى ئۇسلۇبتىكى

# ھەنەفى فىقھىسى

بىرىنچى قىسىم

(1)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد ئابدۇللاھ**

تەھرىرى:

**مۇنەۋۋەر نىياز**

رىياسەتچى:

**شەيخ فەھد ئىبنى ئابدۇسسالام**

**الفقه الحنفي في ثوبه الجديد**

**عبد الحميد محمود طهماز**

الجزء الأول

المترجم : محمد عبد الله

المحرر : منور نياز

المشرف : ف. عبد السلام

مركز الترجمة الأويغورية

# مۇندەرىجە


مۇندەرىجە ............................................................. 3
ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىدىن................................................... 13
كىرىش سۆز................................................................... 15
"فىقھى" ھەققىدە چۈشەنچە ......................................................21
فىقھى ۋە شەرىئەت توغرىسىدا ...................................................22
ئىجتىھاد قىلغان ئىماملار ......................................................27
فىقھي - الله تائالا يولغا قويغان شەرىئەتنىڭ ئۆزىدۇر..............................28
ئىجتىھاد قىلغان كىشىلەرنىڭ بەزى مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشى...30
ئىسلام فىقھىسى ئەڭ كەڭ دائىرىلىك بىر دىنىي قانۇندۇر ...............................33
يادا ئېلىش بىلەن چۈشۈنۈشنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر ...............................34
ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ...........................37


## تاھارەتنىڭ بايانى


"تاھارەت" دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا .........................................41
پاكىزلىقنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ..................................................41
پاكىزلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا...........................................44
1-سۇ........................................................................44
2-تۇپراق.....................................................................63
3-ئۇۋۇلاش....................................................................67
4-سۈرتۈش.....................................................................71
5-قۇرۇتۇش....................................................................71
6-پاسكىنا نەرسىنىڭ باشقا نەرسىگە ئۆزگىرىپ كېتىشى .................................74
7-ئاشلاش.....................................................................76
تاھارەتنىڭ تۈرلىرى ..........................................................81

پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش ........................................................81
كەچۈرۈلۈپ‌ىتىدىغان پاسكىنا نەرسىلەر ........................................................89
نىجىس نەرسىلەرنىڭ قانداق تازىلىنىدىغانلىقى ........................................................91
ئىستىنجا توغرىسىدا ........................................................93
ئىستىنجا قىلىشنىڭ ھۆكمى ........................................................94
تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان نەرسىلەر ........................................................95
تەرەت قانداق تازىلىنىدۇ ........................................................97
ھاجەتنى ئادا قىلىشنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئەدەبلىرى ........................................................98
تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىش ........................................................103
تاھارەت ئېلىشنىڭ ھۆكمى ........................................................104
تاھارەتنىڭ توغرا ئېلىنىشىنىڭ شەرتلىرى ........................................................106
تاھارەتنىڭ پەرزلىرى ........................................................108
تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى ........................................................111
تاھارەتنىڭ مۇستەھەپلىرى ........................................................122
تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى ........................................................126
تاھارەتنى سۇندۇرغۇچى نەرسىلەر ........................................................126
ئۆزرىسى بار ئادەمنىڭ تاھارىتى توغرىسىدا ........................................................141
ئاياغقا مەسھى قىلىش ........................................................145
غۇسلى قىلىش ........................................................154
يۇيۇنۇشنىڭ ھۆكمى ........................................................154
پەرز بولغان يۇيۇنۇش ........................................................154
سۈننەت بولغان يۇيۇنۇش ........................................................159
يۇيۇنۇشنىڭ پەرزلىرى ........................................................160
يۇيۇنۇشنىڭ سۈننەتلىرى ........................................................162
ھەيز ۋە نىفاس ھۆكۈملىرىنىڭ تەپسىلاتى ........................................................165
ھەيز توغرىسىدا ........................................................165
ھەيزنىڭ شەرتلىرى ........................................................170
ھەيزنىڭ كېلىشىنىڭ سەۋەبى ........................................................171
ھەيزنىڭ مۇددىتى ........................................................173
ھەيز قېنىنىڭ رەڭلىرى ........................................................176
ھەيزنىڭ ئاساسلىرى ........................................................176
پاكلىق ھالىتى ........................................................178

ھەيزگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر..................................................... 180
ناماز ئوقۇشنىڭ ھارام بولۇشى ...................................................... 181
روزا تۇتۇشنىڭ ھارام بولۇشى ...................................................... 184
قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنىڭ ھاراملىقى ............................................ 186
تولۇق بىر ئايەت يېزىلغان نەرسىنى تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى .......................... 187
مەسچىتكە كىرىشنىڭ ھاراملىقى ................................................... 192
كەبىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھاراملىقى .............................................. 193
جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقى ................................... 193
قان توختىغاندا يۇيۇنۇشنىڭ پەرز بولىدىغانلىقى .................................. 197
ھەيز مەزگىلىگە كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن چىقىش ................................... 198
قان كۆرۈشنى تۈنجى باشلىغان ئايال .................................................. 198
قان كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايال ....................................................... 200
ھەيز كۆرۈش ئادىتىنىڭ ئالمىششى ................................................ 201
مۇئەييەن كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايالنىڭ ھەيزىنىڭ
ئاخىرلىششى............................................................................... 207
قاننىڭ داۋاملىششى ...................................................................... 215
قان كۆرۈشنى دەسلەپ باشلىغان قىزدا قاننىڭ داۋاملىششىنىڭ ھۆكمى ......... 215
ھەيرانلىقتا سالغۇچى ياكى ھەيرانلىقتا چۈشۈپ قالغۇچى ئايالنىڭ ھۆكمى ......... 224
نىفاس توغرىسىدا ........................................................................ 228
چۈشۈپ كېتىشنىڭ ھۆكمى ........................................................... 229
نىفاسنىڭ مىقدارى ........................................................................ 231
نىفاس ئارىلىقىدا پاك ئۆتكەن مۇددەتنىڭ ھۆكمى ................................ 233
نىفاس بىلەن ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا پاك ئۆتكەن مۇددەتنىڭ ھۆكمى .............. 234
نورمالسىز ھەيز قېنى ..................................................................... 235
ھۆكمى پاكىزلىقنىڭ بايانى................................................................ 238
تەيەممۇم قىلىش.......................................................................... 240
تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ........................................................... 240
تەيەممۇمنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى .................................. 241
تەيەممۇمنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........................................... 243

تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى ........................................................ 255
تەيەممۇمنى بۇزۇدىغان ئامىللار ................................................ 255
تېڭىقنىڭ ئۈستۈگە مەسھى قىلىش ............................................ 257

## نامازنىڭ بايانى

ناماز ............................................................................ 263
نامازنىڭ تۈرلىرى ........................................................................ 263
نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ............................................... 264
نامازنىڭ يولغا قويۇلىشى .............................................................. 268
ناماز ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى .................................................. 269
ئەزاننىڭ بايانى ............................................................................ 272
ئەزاننىڭ يولغا قويۇلىشى .............................................................. 272
ئەزان ئېيتىش بىلەن تەكبىر ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ............................... 273
ئەزاننىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنىڭ ۋە تەكبىرنىڭ قانداق چۈشۈرۈلىدىغانلىقىنىڭ
بايانى ........................................................................................... 275
ئەزاننى مۇئەززىن بىلەن تەڭ قايتىلاش .......................................... 280
نامازنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى ........................................................ 282
1 ـ تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىش .................................................. 283
2 ـ نىجىس نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش ............................................. 283
3 ـ ئەۋرەتنى يېپىش ....................................................................... 284
4 ـ ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى ............................................................. 294
ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار ......................................... 301
5 ـ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ............................................................. 304
6 ـ نىيەت قىلىش ........................................................................... 310
7 ـ تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرىش .................................................. 315
8 ـ قىيامدا تۇرۇش (يەنى نامازنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇش) .................. 317
9 ـ نامازدا قىرائەت قىلىش (يەنى نامازدا ئايەتلەرنى ئوقۇش) ............. 321
10 ـ رۇكۇ قىلىش ............................................................................. 322
11 ـ سەجدە قىلىش ......................................................................... 323
12 ـ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش ........................................ 325
نامازنىڭ ۋاجىپلىرى ...................................................................... 326

ناماز نىڭ ۋاجىپلىرى ئۈن سەككىزدۇر..................................................326
ناماز نىڭ سۈننەتلىرى..................................................336
نامازدىكى ئەدەبلەر..................................................356
نامازدىكى مەكرۇھلار..................................................357
پەرز نامازلارنىڭ كەينىدىن ئوقۇش سۈننەت قىلىنغان دۇئالار..................................................374
نامازنى بۇزۇدىغان ئامىللار..................................................376
نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ھۆكمى..................................................398
جامائەتكە كەلمەسلىككە ئۆزرى بولالايدىغان سەۋەبلەر..................................................400
پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان نامازنى بۇزۇشنىڭ ھۆكمى..................................................402
مەسچىتتىن ناماز ئوقۇماي چىقىپ كېتىشنىڭ ھۆكمى..................................................406
ئىماملىققا ئەڭ لايىق ئادەم ھەققىدە..................................................407
ئىمام بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر..................................................410
ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىغان ئادەملەر ھازىرلايدىغان شەرتلەر..................................................413
ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى..................................................419
ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇش توغرىسىدا..................................................424
مەسچىتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى..................................................427
سەۋەنلىك سەجدىسى..................................................431
سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ قىلىنىش شەكلى..................................................431
سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ ھۆكمى..................................................433
شەك قىلىپ قېلىشنىڭ ھۆكمى..................................................439
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بايانى..................................................443
ۋىتىر نامىزى..................................................453
نەپلە نامازلار..................................................460
قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش..................................................469
كېسەل ئادەملەرنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ بايانى..................................................473
ھوشىدىن كەتكەن ۋە ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھۆكمى..................................................478
سەپەر ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ بايانى..................................................480
كېمە ۋە ئايروپىلاندا ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى..................................................491
جۈمە نامىزىنىڭ بايانى..................................................492
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ بايانى..................................................501
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ قاچان يولغا قويۇلغانلىقى..................................................501

ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھۆكمى ........................................................501
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى ........................................................502
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى ........................................................503
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى ........................................................506
ئىككى ھېيت كۈنلىرى قىلىش سۈننەت بولغان ئىشلار ........................................................507
كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ بايانى ..........510
سۇ تەلەپ قىلىشنىڭ بايانى ........................................................514
قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتە ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ بايانى ........................................................516
جىنازە نامىزىنىڭ بايانى ........................................................518
جىنازە نامىزىنىڭ ھۆكمى ........................................................518
جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........................................................520
جىنازە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى ........................................................525
جىنازىنى چىقىرىش ۋە ئۆلۈكنى يەرلىكىدە قويۇش ........................................................528
تەزىيە بىلدۈرۈش ھەققىدە ........................................................533
شېھىتنىڭ ھۆكۈملىرى ........................................................536
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە ........................................................538

## زاكاتنىڭ بايانى

«زاكات» ھەققىدە چۈشەنچە ........................................................543
زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ........................................................544
زاكاتنىڭ پەرز بولۇش سەۋەبى ........................................................547
زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار ........................................................549
زاكاتنى ئادا قىلىش ھەققىدە ........................................................554
يايلاقتا ئوتلايدىغان چارۋىلارنىڭ زاكىتى ھەققىدە ........................................................558
يايلاقتا ئوتلىغان چارۋىلارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى ........................................................559
ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قەغەز پۇللارنىڭ زاكاتلىرى ........................................................565
زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكاتلىرى ........................................................568
ئۆشرە ـ زاكاتلار بېرىلىدىغان ئادەملەر ........................................................570
پېقىرلارنىڭ بايانى ........................................................571
مىسكىنلەرنىڭ بايانى ........................................................571
زاكات خادىملىرىنىڭ بايانى ........................................................574

دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ بايانى ................. 574
قۇللارنى ئازات قىلىشنىڭ بايانى ........................................ 575
قەرزدارلارنىڭ بايانى .................................................. 576
اللە نىڭ يولىنىڭ بايانى ............................................... 576
ئىبنى سەبىللەرنىڭ بايانى .............................................. 576
پىترى سەدىقىسىنىڭ بايانى .............................................. 582

## روزىنىڭ بايانى

روزىنىڭ ئۇقۇمى ........................................................ 593
روزىنىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتلىرى ...................................... 596
روزىنىڭ قىسىملىرى ..................................................... 605
1 ـ مەلۇم بىر ۋاقىتتا تۇتۇش پەرز قىلىنغان روزا ......................... 605
2 ـ تۇتۇش پەرز قىلىنغان، لېكىن ۋاقتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن روزا ........... 609
3 ـ مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا تۇتۇش ۋاجىپ قىلىنغان روزا ....................... 614
4 ـ تۇتۇش ۋاجىپ قىلىنغان، ۋاقتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن روزا ............... 614
5 ـ نەپلە روزىلار ...................................................... 618
6 ـ تۇتۇش مەكرۇھ قىلىنغان روزىلار ....................................... 619
7 ـ تۇتۇش ھارامغا يېقىن مەكرۇھ قىلىنغان روزىلار .......................... 620
شەك كۈنىنىڭ ھۆكمى .................................................... 621
رامىزان ئېيىنىڭ مۇقىملىشىشى ۋە يېڭى ئاينى كۆرۈشنىڭ ھۆكۈملىرى ......... 625
روزىنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى .......................... 632
كەففارەت ۋە ئۇنى بېرىشنىڭ قاچان ۋاجىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ......... 650
"كەففارەت" دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى ........................................ 650
كەففارەت بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى ................. 650
كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدىغان ئادەملەر ................................ 651
كەففارەتنىڭ ئۆلچىمى ................................................... 658
رۇزا تۇتقان ئادەمگە قىلىش مەكرۇھ بولىدىغان ۋە مەكرۇھ بولمايدىغان ئىشلار 660
روزا تۇتىۋاتقان ئادەمدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار ........................ 666
روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر ................................ 683

# ھەج ۋە ئۆمرى قىلىشنىڭ بايانى

ھەج، دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى ............................................ 695
ھەجنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ............................................ 695
ھەج پەرز بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر .................. 698
ھەجنى ئادا قىلىدىغانلاردا تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر .................. 704
ھەجنىڭ پەرزلىرى ............................................ 708
ئېھرامدا تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار ............................................ 712
ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى ............................................ 717
ھەجنىڭ سۈننەتلىرى ............................................ 730
ئۆمرە ھەج ھەققىدە ............................................ 732
ھەجنىڭ تۈرلىرى ............................................ 735
1 ـ تاق ھەج (يەنى ھەج ئىفراد) ............................................ 735
2 ـ بەھرىمان ھەجنىڭ شەرتلىرى ............................................ 735
3 ـ جۈپ ھەج (يەنى ھەجى قىران) ............................................ 738
ھەجنىڭ ئاياللارغا خاس ھۆكۈملىرى ............................................ 742
ھەجنىڭ كىچىك باللارغا خاس ھۆكۈملىرى ............................................ 743
كېسەل ئادەمنىڭ ھەجنىڭ بايانى ............................................ 745
تاق ھەج قىلىدىغان ئادەمنىڭ تاكى ھەجنى باشلىغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئۇنى
ئاياغلاشتۇرغانغا قەدەر قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ بايانى ............................................ 746
ئېھرام باغلاش ............................................ 748
تەلبىيە ئېيتىش ............................................ 751
مەككە مۇكەررەمەگە كىرىش............................................ 752
ھەرەم مەسچىتىگە كىرىش............................................ 753
تاۋاپ قىلىش ............................................ 756
زەمزەم سۈيىدىن ئىچىش ............................................ 761
سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش ............................................ 762
ئەرافات تېغىغا مېڭىش ............................................ 764
ئەرافات ............................................ 766
ئەرافات تېغىدىن چۈشۈپ مۇزدەلىفىگە كېلىش ............................................ 771
كېچىدە مۇزدەلىفىدە يېتىش ............................................ 774
مىناغا قاراپ مېڭىش ............................................ 777

تاش ئېتىش ........................................................................ 778
تاشنى ئاتىدىغان ۋاقىتلار .......................................................... 780
مال بۇغۇزلاش ...................................................................... 780
چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش ............................................ 781
زىيارەت تاۋاپىنى قىلىش ......................................................... 782
مىنا كۈنلىرى ...................................................................... 784
خوشلىشىش تاۋاپىنى قىلىش ..................................................... 786
سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىشنىڭ باشلىنىش تارىخى ........... 788
باشقىلارنىڭ نامىدىن ھەج قىلىشنىڭ ھۆكمى ..................................... 794
جىنايەتلەرنىڭ بايانى ............................................................... 800
بىرىنچى قىسىم: ئېھرامغا قىلىنغان جىنايەتلەر........................................ 800
ئىككىنچى قىسىم: ھەرەمگە قىلىنغان جىنايەتلەر ...................................... 804
يولدا توسۇلۇپ قېلىشنىڭ بايانى .................................................. 807
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ھەجنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بايانى ......... 811
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش، ئۇنىڭ يولغا
قويۇلغانلىقى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىشتىكى قائىدە يوسۇنلەر ........................ 819
زىيارەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى .............................. 828

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇئا ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن؛

خەلقىمىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا فىقھى ساھەسىدە، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئىبادەت، مۇئامىلە، ئىش - ھەرىكەت... ۋاھاكازالارنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەنەفىي مەزھىبى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، پىكىر - تەپەككۇر، ھەتتا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيانقى تارىخىنىڭ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ھالبۇكى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېڭى ۋە سەۋىيىسىگە ماس بىرەر فىقھى كىتابىنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئائىت ساغلام ۋە توغرا شەكىلدە يېزىلغان بىرەر كىتابىنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلمىغانلىقى، ھېچبولمىغاندىمۇ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىنى نادانلىق ئىبارىسى بىلەنمۇ، چارىسىزلىك دېيىش بىلەنمۇ ئىزاھلاپ بەرگىلى بولمىسا كېرەك. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان سۇ ۋە ھاۋاغا ئوخشاش ئېھتىياجلىق بولۇپ كېلىۋاتقان، ئىراق ھېچبىر شەكىلدە روياپقا چىقىرىلمىغان بۇ خىل بوشلۇقلارنى «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ تولدۇرۇشقا تىرىششنى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە، دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا «بىسمىللاھ» دېدۇق، نەتىجىدە جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب تەرجىمە قىلىندى...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئىزاھات ۋە ئەسكەرتىشلەرنى ئەستىن چىقارمىغايسىز...

بىرىنچى: چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىغا دائىر بەزى مەزمۇنلارنى بىرمۇ بىر ئەمەس، بەلكى مەزمۇن بويىچە تەرجىمە قىلىندى. زۆرۈر بولمىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تەپسىلاتلار چىقىرىپ تاشلاندى.

ئىككىنچى: تەرجىمە جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىغا ماس كەلمەيدىغان بەزى نۇقتىلارنى

ئۆزگەرتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئامال بار كىتابنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق.

ئۈچىنچى: ئاپتور، «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە ئەسەر بولۇشىنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك، مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئەتراپلىق توختالغان؛ ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈچۈن, تارىختا ئۆتكەن كۆپ ساندىكى مەشھۇر ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئۆز پېتى نەقىل كەلتۈرگەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى پىكىرلەرنى ئۇچراتقىنىدا، بىرىنى توغرا، يەنە بىرىنى خاتا، دەپ يەكۈن چىقارماستىن، بۇلارنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پىكىر بايلىقى، دەپ چۈشىنىشىنى، نەقىللەرنىڭ بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆتىنچى: ناھايىتى ئاز بىر قىسىم جايلاردا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى يەر - جاي ئىسىملىرى ۋەتىنىمىزدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ ئىسمى بويىچە بېرىلدى، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىڭلارنى سورايمىز.

كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا سەھۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەيلى تەرجىماننىڭ خاتالىقى ياكى تەھرىرنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان خاتالىقلار ياكى كەمچىلىكلەر بولسا، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىنىڭ بىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى، شۇنداقلا دوستانە پىكىر، تەلەپ ۋە تەۋسىيەڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا بىۋاستە كۈچ چىقارغان، رىياسەتچىلىك قىلغان، تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭدەك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كۈچ چىقارغان بارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ دۇئالىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# كىرىش سۆز

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

بارلىق ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھقا، ئەڭ كاتتا دۇرۇت ۋە سالام يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك: ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ يېتەرسىزلىكى، شۇنداقلا ئۇ قانۇنلارنىڭ تۇرمۇشتا ئىنسانلارنىڭ قانۇنغا بولغان ھەرتۇرلۇك ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئىجتىھاد يولى بىلەن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسى شەرىپتىن ئېلىنغان فىقھىي ھۆكۈملەردىن ئىبارەت شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىشى، اللّٰه تەئالانىڭ ھازىرقى دەۋر ئىسلام ئۈممىتىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

مۇسۇلمانلار، ئىسلام دۇنياسى شەرق ۋە غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان بەشەرى قانۇنلارنىڭ ئۆتىدا داغلانغان ۋە ھىجرىيە ئون تۆتىنچى ئەسىر بويىچە ئۇنىڭ كەمچىللىك ۋە يېتەرسىزلىكىنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، ئىسلامىيەتنىڭ باشلىنىشىدىن تاكى ھىجرىيە ئون ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان جەرياندا سايىسىدا بەختلىك ھايات كەچۈرگەن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ئوسمانىيە ئىمپىراتۇرلىقى ئاجىزلىشىپ، تۇراقسىزلىققا يۈز تۇتقان، كاپىر دۆلەتلەر ئۇنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان ئاخىرقى مەزگىللەرگە قەدەر، ئىسلام دۇنياسى بارلىق تارىخىي مۇساپىسى، شۇنداقلا ئۆزىگە قاراشلىق بولغان خىلمۇ خىل مىللەت ۋە دۆلەتلىرى بويىچە شەرىئەت ھۆكۈملىرى ۋە ئىسلام فىقھىسىدىن باشقا بىر قانۇننى كۆرۈپ باقمىغاندى.

ھىجرىيە ئون بەشىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا يۈزلىنىشى، ئۇ ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلاردىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىشى كۈچىيىشكە باشلىدى، شۇنداقلا بۇ خىل تەلەپنى چۆرىدىگەن سادالار ياڭرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار ئىسلام

دۆلەتلىرىدە بىر قىسمى ئىجتىمائىي كۈچلەر، يەنە بىر قىسمىلىرى ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىن ۋە قورۇلتايلار ئېچىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى دەلىل ـ پاكىتلىرى ۋە ئىلمىي ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ چىقىپ كىشىلەرگە سۇنۇش، كىشىلەرنىڭ ئۇ ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش مۇسۇلمان ئالىملار ۋە بۇ ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بىر ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام فىقھىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان شەرىئەت ھۆكۈملىرى شەرق ۋە غەرب، شىمال ۋە جەنۇب بولۇپ دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئايلىنىپ چىققان، خىلمۇخىل ئىرق ۋە مىللەتلەر ئىچىدە يۈرگۈزۈلگەن، چۆل ـ باياۋان، تاغۇ ـ تاشلارنى بېسىپ ئۆتكەن، باياشاتلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا، تەرەققىيات ۋە كەينىدە قېلىش ئەھۋاللىرىغا شاھىت بولغان غايەت زور ئۇتۇقلۇق تەجرىبىلەر خەزىنىسىگە ئىگە. بۇ ھۆكۈملەرنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى قىلغان مىللەتلەرنىڭ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىغا ئەڭ مۇناسىپ چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى قاندۇرالمىغان يېرى بولمىغان. ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ باي تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىشىمىز، ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر تۇرۇپ باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشىمىز ۋە ئۇلارغا كۈچۈكلىنىپ يالۋۇرىشىمىز بىزگە ھارامدۇر!

شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن باشقا ھۆكۈملەرنى تەلەپ قىلغانلارنى اللّٰه تائالا ئەيىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللّٰه غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللّٰه دىنمۇ ئادىل كىم بار﴾[1]

بۇگۈنگە قەدەر ئالدامچى چاقماق ۋە ئالۋۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن تىلىمىزنى چىقىرىپ سوكۇلدىغىنىمىز بىزگە يېتەر. چۈنكى، قوللىرىمىز ھاۋادا قالدى، بەتبەختلىك ۋە ھالاكەتتىن باشقا ھوسۇل كۆرمىدۇق. اللّٰه تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللانىڭ بەزى ئىلملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭغا شەيتان ئايرىدە بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار

(1) مائىدە سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

قىلغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر، ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!﴾[1] دېگەن ئايەتلىرى خۇددى بىزگە ئوخشاش ئىنسانلار توغرىسىدا چۈشكەندەك قىلىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى فىقھىي ھۆكۈملەرگە ۋە ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىغا قىلىنغان بۇ تۈردىكى ئىلمىي خىزمەت بولسا، كىشىلەرنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشقا يۈزلىنىش ۋە ئۇلارنى ئۆگىنىش ئارزۇسىغا يەتكۈزۈش يولىدا بېسىلغان ئاددىي بىر قەدەم ۋە ئىلمىي ئۇسلۇب بىلەن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى چىڭ تۇتۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر چاقىرىقتىن ئىبارەت.

مەن اللہ تائالادىن بۇ خىزمىتىمنى پەقەت اللہ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان بىر خىزمەت قاتارىدا قوبۇل قىلىشنى، ئۇنىڭ بۇ كىتاب بىلەن مۇسۇلمانلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە سىڭدۈرۈشنى تىلەيمەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ تائالا شۇنداق قىلغۇچىدۇر ۋە شۇنداق قىلىشقا قادىردۇر. اللہ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن!

**ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھماز**

مەككەتۇل مۇكەررەمە ھىجرىيە: 1418 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

مىلادىي: 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

(1) ئەئراف سۈرىسى 175 ـ ئايەتتىن 177 ـ ئايەتكىچە.

# فىقھى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

# ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن تونۇشۇپ چىقىش

# <فىقھى> دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا

<فىقھى> دېگەن سۆز مەنە جەھەتتىن چۈشىنىش، ياخشى ئاڭقىرىش ۋە بىلىش، دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. <فىقھى> دېگەن سۆز، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈم ۋە ئەقىدىگە ئائىت بىلىملىرى ئۈچۈن كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ۋە ئەقىدىسىگە ئائىت بىلىملەرنى بىلگەن ئالىم <فەقىھ> دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر ئالتۇن ـ كۆمۈشنىڭ كانىغا ئوخشاش بىر كاندۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرى قاچانكى ئىسلام ئەھكاملىرىدا ئالىم بولسا، ئىسلامدىمۇ ياخشى بولغانلىرىدۇر. روھلار، روھىي دۇنيادا تۈر ـ تۈرى بىلەن ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇچاغدا تونۇشقانلىرى بۇ دۇنيادىمۇ ئۈلپەتلىشىپ، چىقىشىپ بىللە ئۆتىدۇ ۋە روھلاردىن شۇ چاغدا چىقىشمىغانلىرى بۇ دۇنيادا قارشىلىشىپ ئۆتىدۇ.»[1]

<فىقھى> دېگەن سۆز ئىستىلاھ[2] جەھەتتىن ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ:

بىرىنچى خىل مەنىسى: (كىشىلەرنىڭ) ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە ئائىت شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى دەلىل ـ پاكىتلىرى بىلەن بىلىش <فىقھى> دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن <فىقھى> دېگەن سۆز ئىنسان ئۈچۈن بىلىمگە ئائىت بىر

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. لېكىن، ھەدىسنىڭ سۆزى مۇسلىمنىڭدۇر.

(2) بىر سۆزنى مەنە جەھەتتىن مۇنداق دېگەن بولىدۇ، دېيىلگەندە، ئۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى ئەسلى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىستىلاھ جەھەتتىن مۇنداق دېگەن بولىدۇ ياكى مۇنداق مەنىنى بېرىدۇ دېيىلگەندە بولسا، مۇناسىۋەتلىك سۆزنىڭ ئالىملار تەرىپىدىن ئىستىمال، شۇنداقلا قوبۇل قىلىنغان مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: <فىقھى> دېگەن سۆز مەنە جەھەتتىن قانداق نەرسە بولسۇن، بىر نەرسىنى بىلىش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئەرەبلەر بۇ سۆزنى شۇ مەنىدە قوللىنىپ كەلگەن. ئەمما بۇ سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئائىت ئىلىملەرنى بىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئائىت ئىلىملەرنى بىلگەن ئادەم <فەقىھ> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىستىلاھ مەنىسىگە ئاساسەن تەپسىر ياكى ھەدىسكە ئائىت ئىلىملەرنى بىلىدىغان ئادەم <فەقىھ> دەپ ئاتالمايدۇ. ت.

سۈپەت بولۇپ بۇ سۈپەت تېپىلغان ئادەم >فەقىھ< دەپ ئاتىلىدۇ.

## بىرىنچى خىل مەنىنىڭ ئىزاھاتى

>ھۆكۈملەر< دېگەن سۆزدىن ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن ناماز، زاكات، ئېلىم - سېتىم، نىكاھ ۋە ئاجرىشىپ كېتىشكە ئوخشاش ئىشلاردا الله تائالا يولغا قويغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (بۇنىڭغا ئاساسەن مەسىلەن: ئاجرىشىپ كېتىشنىڭ بىر ئىنساننىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئوخشىغان ئىشلار ھۆكۈمنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ ۋە بۇنى بىلىش >فىقھى< دەپ ئاتالمايدۇ)

>شەرىئەت< دېگەن سۆزدىن ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ الله تائالا يولغا قويغان ھۆكۈم بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (بۇنىڭغا ئاساسەن مەسىلەن: زەھەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى بىلىش ياكى >بىر< نىڭ >ئىككى< نىڭ يېرىمى ئىكەنلىكىنى بىلىش >فىقھى< دەپ ئاتالمايدۇ)

ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ >(كىشىلەرنىڭ) ئىش - پائالىيەتلىرىگە< ئائىت بولۇشى ئېتىقادىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىرۋېتىدۇ. (بۇنىڭغا ئاساسەن: ئىمانغا، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئائىت مەسىلىلەرنى بىلىش >فىقھى< دەپ ئاتالمايدۇ ۋە بۇلارنى بىلگەن ئادەم >فەقىھ< سانالمايدۇ. يەنى بۇ مەسىلىلەرنىڭ تېمىسى فىقھى بولماستىن، ئەكسىچە تەۋھىد ئىلمىدۇر).

بەزى ئالىملار: ئېتىقادىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىمۇ >فىقھى< دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەقىدە توغرىسىدا يازغان كىتابىنى >فىقھۇل ئەكبەر< دەپ ئاتىغان، دەيدۇ.

## فىقھى ۋە شەرىئەت

>فىقھى< دېگەن سۆز، ئىككىنچى خىل مەنىسى بويىچە بولغاندا، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە قارىتىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇستاز مۇستەپا زۇرقانى >فىقھى ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان< ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: »خۇددى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلىش

<فىقھى> دەپ ئاتالغىنىدەك شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئۆزىمۇ <فىقھى> دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ: مەن ئىسلام فىقھىسىنى ئوقۇدۇم، دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ (يەنى ئۇ: مەن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئوقۇدۇم دېمەكچى). بۇنىڭغا ئاساسەن <ئىسلامدا يولغا قويۇلغان (كىشىلەرنىڭ) ئىش - پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر قىسمى> نى <فىقھى> دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.»

ئۇستاز ئەلالۇل فاسى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامدا يولغا قويۇلغان ھۆكۈملەر بولسا <دىن> دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يوللىرى <شەرىئەت> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىش <فىقھى> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ماھىيىتى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يوللىرى <شەرىئەت> دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يوللارنى بىلىش، ئىزاھلاش ۋە ئۇلارنى ئەڭ مۇناسىپ مەنىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش <فىقھى> دەپ ئاتىلىدۇ. خۇلاسىلىگەندە ئىسلام فىقھىسى شەرىئەتتىن ئايرىم ياكى ئۇنىڭ سىرتىدىكى بىر نەرسە ئەمەستۇر. ئىسلام فىقھىسى، پەقەت شەرىئەت بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.»[1]

ئۇنداق بولغان ئىكەن <ئىسلام فىقھىسى> دېگەن سۆز بىلەن <ئىسلام شەرىئەتى> دېگەن سۆزنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. ئۇ ئىككى سۆز بىر ھەقىقەت ئۈچۈن قويۇلغان ئىككى ئىسىمدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىستە فىقھى بىلەن شەرىئەتنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرۈدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىل - پاكىتلار كەلدى. شۇنداقلا قۇرئان ۋە ھەدىس فىقھىنىڭ شەرىپىنى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئۈستۈن قىلدى. فىقھى بولسا الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدە ئىنسانلارنى بويسۇنۇشقا بۇيرۇغان، (ئىنسانلارنىڭ) ئىش - پائالىيەتلىرىگە ئائىت شەرىئەت ھۆكۈملىرى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىر ئىلىمدۇر، دەپ بايان قىلدى.

فىقھى بىلەن شەرىئەتنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ الله تەئالا: «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە

(1) «مفكرة الفقه الإسلامي ومقارنته بالفقه الأجنبي»، 15 - بەت.

نىمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟ »[1] دېدى. بۇ ئايەتتىكى <دىنىي ئالىم بولۇپ> (يەنى فەقىھ بولۇپ) دېگەن سۆزدىن دىندا يولغا قويۇلغان (ئىنسانلارنىڭ) ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئائىت ھۆكۈملەرنى بىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ ھۆكۈملەر <ئىسلام شەرىئەتى> دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ھەقتە مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله بىراۋغا ياخشىلىق قىلىشنى خالىسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ. مەن پەقەت بۆلۈپ بەرگۈچىمەن، الله تائالا بەرگۈچىدۇر. بۇ ئۈممەت مەڭگۈ ھەق ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن كىشى تاكى الله تەئالانىڭ بۇيرۇقى (يەنى قىيامەت كۈنى) كەلگەنگە قەدەر ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.دەيدۇ[2]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېدى: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ۋە ئۇ قائىدىلەرگە باغلىنىشلىق بولغان (ئىنسانلارنىڭ) ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە ئائىت ھۆكۈملەرنى بىلمىگەن كىشى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالدى، دېگەنلىك بولىدۇ. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەدىسنى، ئەبۇيەئلا ئاجىز بىر يول بىلەن رىۋايەت قىلىپ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: «الله تائالا دىندا ئالىم بولمىغان ئادەمگە پەرۋا قىلمايدۇ» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان. (بۇ جۈملە باشقا ھەدىستە يوق، لېكىن بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ جۈملىنىڭ) مەنىسى توغرىدۇر. چۈنكى، ئۆز دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمىگەن ئادەم <فىقھى ئالىمى ۋە فىقھى ئوقۇغۇچى> ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشىلىق خالانمىدى، دېيىشكە بولىدۇ (يەنى الله تائالا ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى خالىمىدى، دېيىشكە بولىدۇ). مانا بۇ ھەدىس باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا ئالىملارنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا كەسىپلەردە ئالىم بولغاندىن دىندا ئالىم بولغانلىقنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[3]

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر

---

(1) سۈرە تەۋبە 122- ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى. لېكىن ھەدىسنىڭ سۆزى ئىمام بۇخارىنىڭكىدۇر.

(3) «فتح الباري»، 1 ـ توم، 165 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله بىر كىشىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلسۇنكى، ئۇ بىزدىن بىرەر سۆز ئاڭلىسا ئۇنى تاكى يەتكۈزگەنگە قەدەر (ياخشى ياد ئېلىپ) ساقلايدۇ. ئىلمنى ئۆزىدىن ئالىم ئادەمگە يەتكۈزىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار. نۇرغۇنلىغان ئالىم ئادەملەر باركى، (ئۇلار ھەقىقەتتە) فەقىھ ھېسابلانمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله بىر كىشىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلسۇنكى، ئۇ بىزدىن بىرەر نەرسىنى ئاڭلىسا، ئۇنى خۇددى ئاڭلىغىنىدەك ئەينەن يەتكۈزىدۇ. يەتكۈزۈلگەن نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۇنى ئاڭلىغۇچىلاردىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە (يەنى ھەججەتۇل ۋىدادا) سۆزلىگەن نۇتقىدا: «(مېنىڭ بۇ يەردە قىلغان سۆزلىرىمنى) بۇ يەردە ھازىر بولغانلار، ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن. چۈنكى، بۇ يەردە ھازىر بولغان ئادەم (بۇ سۆزلىرىمنى) ئۆزىدىن ياخشىراق چۈشىنىدىغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى مۇمكىن»[3] دېگەن.

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله مەن بىلەن ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىم ھەقىقەتەن زېمىنغا چۈشكەن يامغۇرغا ئوخشايدۇ. ئۇ زېمىننىڭ ئىچىدە بىر قىسىم مۇنبەت يەر بولۇپ، ئۇ يامغۇرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرىدۇ. ئۇ زېمىننىڭ ئىچىدە قاتتىق يەرمۇ بار بولۇپ يامغۇرنى سىڭدۈرۈۋەتمەي ساقلايدۇ. ئاندىن الله ئۇ يامغۇر سۈيى بىلەن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. كىشىلەر سۇنى ئىچىدۇ. زىرائەتلىرىنى سۇغۇرىدۇ. ئۇ زېمىننىڭ ئىچىدە يەنە بىر قىسىم شورلۇق يەر بولۇپ ئۇ يەر يامغۇرنى تۇتۇپ قالالمايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۈندۈرەلمەيدۇ.

بىرىنچىسى: الله نىڭ دىنىدا ئالىم بولغان ۋە الله ئەۋەتكەن نەرسىلەردىن پايدىلانغان، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر. ئىككىنچىسى: الله

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. لېكىن، ھەدىسنىڭ سۆزى ئەبۇداۋۇدنىڭدۇر.

(2) ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ماڭا ئەۋەتكەن ئاشۇ ھەقىقەتنى (كىشىلەرگە يەتكۈزگەن) لېكىن ئۆزى ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. ئۈچىنچىسى: مەن ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن اللە نىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر.«[1]

ئىمام قۇرتۇبىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ۋە باشقا ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئېلىپ كەلگەن دىنغا، كىشىلەر يامغۇرغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان چاغدا ئۇلارغا ئۇمۇمىيۈزلۈك ياغىدىغان بىر يامغۇرنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ھالىمۇ شۇنداق ئىدى. خۇددى يامغۇر ئۆلۈك يەرلەرنى تىرىلدۈرگەنگە ئوخشاش دىن ئىلىملىرىمۇ ئۆلۈك دىللارنى تىرىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنى يامغۇر چۈشكەن خىلمۇخىل يەرلەرگە ئوخشاتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ) ئالىم بولغان، ئەمەل قىلغان ۋە (باشقىلارغا) ئۆگەتكەن ئادەملەر بار. بۇلار ئۇ زېمىننىڭ ئىچىدىكى يامغۇرنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ۋە ئوت - چۆپلەرنى ئۇندۇرۇپ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدا يەتكۈزگەن مۇنبەت يەرگە ئوخشاشتۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىلىمنى ئۆزىگە توپلىغان ۋە بارلىق ۋاقتىنى ئىلىم ئۈچۈن ئاجراتقان، لېكىن ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ياكى توپلىغان ئىلىمنى ياخشى چۈشەنمىگەن، ئەمما ئۇ ئىلىمنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئادەملەر بار. بۇلار بولسا يامغۇرنى سىڭدۈرۈۋەتمەي ساقلايدىغان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ يامغۇردىن پايدىلىنىدىغان زېمىننىڭ ئىچىدىكى قاتتىق يەرگە ئوخشاشتۇر. مانا بۇ ئادەملەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «اللە بىر كىشىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلسۇنكى، ئۇ مېنىڭ بىرەر سۆزۈمنى ئاڭلىسا ئۇنى خۇددى ئاڭلىغىنىدەك ئەينەن يەتكۈزىدۇ» دېگەن ھەدىسىدە بايان قىلىنغان كىشىلەردىندۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى يادا ئالمايدىغان، ئەمەلمۇ قىلمايدىغان ۋە ئۇنى باشقىلارغىمۇ يەتكۈزمەيدىغان ئادەملەر بار. بۇلار يامغۇرنى تۇتۇپ قالالمايدىغان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۇندۇرمەيدىغان زېمىننىڭ ئىچىدىكى شورلۇق يەرلەرگە ئوخشاشتۇر.»[2]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. لېكىن، ھەدىسنىڭ سۆزى ئىمام بۇخارىينىڭكىدۇر.

(2) «فتح الباري»، 1 - توم، 177 - بەت.

# مۇجتەھىد ئىماملار

يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەر ۋە الله تائالانىڭ: « مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟ »[1] دېگەن ئايەتلىرى بايان قىلغىنىدەك مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرىي ۋە ھۆكۈم چىقىرىش تارىخىدا، كىشىلەر تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق بولىدىغان شەرئەت ھۆكۈملىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىجتىھاد يوللىرى ئارقىلىق چىقىرىدىغان، ھەم ئۇ شەرئەت ھۆكۈملىرىنى كىشىلەرنىڭ شەرئەت ھۆكۈملىرىگە بولغان بارلىق ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرىدىغان شەكىلدە قانۇن - تۈزۈم قىلىپ بەرگەن كاتتا ئالىملار مەيدانغا كەلگەن.

ئۇ ئالىملارنىڭ ئىچىدىن خۇسۇسەن فىقھىي ئالىملىرى مەشھۇر بولۇپ چىقتى. ئۇ فىقھىي ئالىملىرى، ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلىرى ئۈچۈن، <ئۇسۇل فىقھى> دەپ تونۇلۇپ كەلگەن قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە (قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھۆكۈم چىقارغان چاغدا) ئۇ قائىدىلەرگە رىئايە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىستىن چىقىرىلغان شەرئەت ھۆكۈملىرى ئۆز ئارا مۇناسىپ شەكىلدە ۋە بىر - بىرىگە قارشى كەلمىگەن ھالەتتە مەيدانغا كەلدى.

بۇ ئالىملارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە (چىقارغان ھۆكۈملىرى) كىتاب شەكىلدە يېزىلمىغان ۋە (شاگىرتلىرى تەرىپىدىن) يادا ئېلىپ ساقلانمىغان. كۆز قاراشلىرى ۋە (چىقارغان ھۆكۈملىرى) كىتاب شەكىلدە يېزىلغان ۋە (شاگىرتلىرى تەرىپىدىن) يادا ئېلىپ ساقلانغان ئالىملار بولسا، مەشھۇر بولغان تۆۋەندىكى تۆت ئىماملاردۇر.

**1 - ئىمام ئەبۇھەنىفە نۇئمان ئىبنى سابىت. ھىجرىيە 150 - يىلى ۋاپات**

(1) سۈرە تەۋبە 122 - ئايەت.

بولغان.

**2** - مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ ئىمامى دەپ تونۇلۇپ كەلگەن مالىك ئىبنى ئەنەس. ھىجرىيە **179** - يىلى ۋاپات بولغان.

**3** - مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافىئىي. ھىجرىيە **204** - يىلى ۋاپات بولغان.

**4** - ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي. ھىجرىيە **241** - يىلى ۋاپات بولغان.

بۇ ئىماملار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ فىقھىي قاراشلىرىنى ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى[1] كىتاب شەكلىدە يېزىپ چىقتى، ئۇ قاراشلارنى ساقلاپ كەلدى ۋە ئۇ قاراشلارنىڭ دەلىل - پاكىت ۋە مەنبەلىرىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شاگىرتلار نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يېزىپ چىقتى. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فىقھىي ھۆكۈملىرىدىن ئىبارەت بۇ بايلىق گۈللەندى. دەۋرلەر بويىچە ئۈزۈلۈپ قالماي ئارقىمۇئارقا كەلگەن كاتتا ئالىملارنىڭ ۋاستىسى بىلەن (ئۇ فىقھىي ھۆكۈملىرى دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە) يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار فىقھىي ھۆكۈملەردىن ئىبارەت ئەڭ كاتتا بايلىققا ئىگە بولدى.

# فىقھىي- شەرىئەت دېمەكتۇر

ئىسلام فىقھىسى بولسا، الله تائالا بىزنى تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشىمىزغا بۇيرۇغان شەرىئەتنىڭ ئۆزىدۇر. فىقھى ئىماملىرى الله تائالانىڭ دىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن چىقارماق ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى. مانا بۇ ئىش بولسا الله تائالا: «الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ»[2] ۋە «الله ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ»[3] دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىپ كەلگەن الله تائالا بىزنى تەكلىپ قىلغان،

(1) شاگىرتلار دېيىلگەندە، ئۇ ئىماملارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئالغان كىشىلەرلا كۆزدە تۇتۇلماستىن، بەلكى ئۇ ئىماملارنىڭ مەزھەبىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(2) سۈرە بەقەرە **286** - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە تالاق 7 - ئايىتىنىڭ بىر قىسمى.

كۈچىمىز يېتىدىغان ئىشتۇر.

بۇ ھەقتە ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەزمۇندىكى ھەق سۆز بولسا، ئىجتىھاد قىلغان ئادەم مەيلى ئىمام بولسۇن ياكى ھاكىم بولسۇن ياكى مەسئۇل ياكى مۇفتى ياكى بۇلاردىن باشقا كىشى بولسۇن ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقارغاندا، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ﷲ تائالادىن قورقۇشى ﷲ تائالا ئۇنىڭغا بۇيرىغان ئىشتۇر. ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە ﷲ تائالاغا بويسۇنغۇچى ۋە ساۋابقا ھەقلىق بولغۇچى ھېساپلىنىدۇ. ﷲ تائالا ئۇنى ھەرگىزمۇ جازالىمايدۇ. بۇ مەسىلىدە جەھمىيلەرنىڭ قارشى پىكرى باردۇر.[1] مۇجتەھىد ئىجتىھاد قىلغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ھەقىقەتكە يا يېتىدۇ ياكى يەتمەيدۇ، لېكىن (ئىجتىھاد قىلىپ) توغرا ئىش قىلغان بولىدۇ. يەنى ﷲ تائالا قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ.»[2]

ئىبنى تەيمىيەنىڭ زامانىسىدىكى فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ پېشۋاسى بولغان مۇھەممەد بۇخەيت مۇتىئىي (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەيلى ھۆكۈم ئوچۇق ھالەتتە بولسۇن ياكى ئىجتىھاد يوللىرى بىلەن چىقىرىلسۇن قۇرئان، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياسلاردىن ئىبارەت تۆت دانە مەنبەدىن توغرا يول بىلەن ئېلىنغان ھەممە ھۆكۈم، ﷲ تائالانىڭ ھۆكمى، ئۇنىڭ يولغا قويغان ئىشلىرى ۋە ﷲ تائالا بىزنى ئەگىشىشكە بۇيرۇغان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يولى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئىجتىھاد قىلغان ئادەم ھۆكۈمنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تۆت مەنبەنىڭ قايسى بىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ بىرىدىن ئالغانلا بولسا، ئۇنىڭ قارىشى ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئۈچۈن ﷲ تائالانىڭ يولغا قويغان ئىشلىرى ھېساپلىنىدۇ» دېدى.[3] ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ﷲ تائالانىڭ: «سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[4] دېگەن ئايىتى كۈچلەندۈرىدۇ.

(1) بۇلار: ئىنسان ﷲ تائالانىڭ ھەركەتلەندۈرۈشى بىلەن ھەركەتلىنىدۇ. ئىنساندا بىر ئىشنى قىلىشقا ھېچقانداق قۇدرەت يوقتۇر، دەيدىدىغان ھەقتىن چەكنەپ كەتكەن تائىپىلەردۇر. ت.

(2) «مجموع الفتاوى»، 19 - توم، 217 - بەت.

(3) «أحسن الكلام فيما يتعلق بالسنة والبدعة من الأحكام»

(4) سۈرە نەھل 43 - ئايەت.

# مۇجتەھىدلەرنىڭ بەزى مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈش توغرا كېلىدۇكى، فىقھىي مەزھەپلىرى[1] ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر ۋە فىقھىي مەزھەپلىرىنى ئوقۇغۇچىلار، ئۇ مەزھەپلەرنىڭ كۆز قارىشىنىڭ (ھۆكۈم چىقىرىش ئۇچۇن قويغان) قائىدىلەردە ۋە فىقھىي مەسىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا بىر ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ مەزھەپلەرنىڭ كۆز قارىشىنىڭ بەزى مەسىلىلەردە ئوخشىماسلىقى بولسا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەزھەپلەرنىڭ كۆز قارىشىنىڭ بەزى مەسىلىلەردە ئوخشاشماسلىقى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر يەردە، ھۆكۈمگە بولغان خىلمۇخىل ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشى ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كەڭرى ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شەرىئەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ مەزھەپلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈشتە ۋە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن فىقھىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتا كۆز قاراشلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، ئۇ فىقھىي ھۆكۈملەرنىڭ الله تائالا بىزگە يول قويۇپ بەرگەن ھۆكۈم ۋە (ئەمەل قىلىشقا) بىزنى بۇيرۇغان ھۆكۈم بولۇشىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى تۆۋەندىكى قىسسىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئۇرۇشى بولۇۋاتقان ئەسنادا كېلىشىمنى بۇزغان قۇرەيز جەمەتى بىلەن، غازاتتىن كېيىن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ ساھابىلەرگە: «ھەر بىر كىشى ئەسىر نامىزىنى پەقەت قۇرەيز جەمەتىگە يېتىپ بارغاندا ئوقۇسۇن» دېگەن. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزنى دېيىشتىن بولغان مەقسىتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالىدۇ. بەزى ساھابىلەر ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى تۇتۇپ (يولدا نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالسىمۇ) بىز تاكى قۇرەيز جەمەتىگە يېتىپ بارمىغۇچە نامازنى ئوقۇمايمىز، دەپ (نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىۋاتقان بولسىمۇ تاكى شۇ يەرگە يېتىپ بارمىغىچە) نامازنى ئوقۇمىغان. بەزىلەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق بىزنىڭ نامازنى شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇشىمىزنى ئەمەس، (بىزنىڭ تېز يولغا چىقىشىمىزنى) مەقسەت قىلغان، دەپ نامازنى يولدىلا

[1] ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىچە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئېتىراپ قىلىنغان تۆت مەزھەپ بار بولۇپ، ئۇلار ھەنەفى مەزھەپى، مالىكى مەزھەپى، شافىئى مەزھەپى ۋە ھەنبەلى مەزھەپىدۇر. ت.

ئوقۇغان. كېيىن ساھابىلار بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئىككى تەرەپنى ئەيىپلىمىگەن.

سۇھەيلىي ۋە باشقا ئالىملار مۇنداق دېدى: «بۇ ھەدىستە بىرەر ھەدىس ياكى بىرەر ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىگە ئەمەل قىلغان ئادەم ۋە ئۇ ھەدىس ياكى ئۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدىن باشقا بىر مەنىنى چۈشۈنۈپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ئادەمنى ئەيىپلىمەسلىككە دەلىل باردۇر. بۇ ھەدىستە يەنە فىقھىي مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ھەر بىر مۇجتەھىدنىڭ ھەقىقەتتە يەتكۈچى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئىجتىھاد قىلىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىجتىھادى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ بېرىدىغان مەنىلىرىنىڭ بىرىگە (ئەگەر شۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنداق مەنە ئېلىنىش ئېھتىماللىقى بولسا) ئۇيغۇن كەلسە، ئۇنىڭ ھەقىقەتتە يەتكۈچى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل باردۇر. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن كۆپ ساندىكى ئالىملار: توغرۇلىقى ئېنىق بولغان مەسىلىلەردە (ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان مۇجتەھىدلەر ئىچىدە) پەقەت ئۇلارنىڭ بىرسىلا ھەقىقەتتە يەتكۈچى ھېساپلىنىدۇ، دەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار يەنە توغرۇلىقى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ئىجتىھاد قىلغۇچى ئادەملەر ھەققىدىمۇ: ئۇلارنىڭ بىرسىلا ھەقىقەتتە يەتكۈچى ھېساپلىنىدۇ، دېگەن. بۇنى ئىمام شافىئىي بايان قىلغان ۋە شۇنداق بېكىتكەن. ئەمما ئەشئەرىلەر بولسا، توغرۇلىقى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ئىجتىھاد قىلغۇچى ئادەملەرنىڭ ھەر بىرى ھەقىقەتتە يەتكۈچى ھېساپلىنىدۇ ۋە الله تائالانىڭ ھۆكمى ئىجتىھاد قىلغۇچى ئادەمنىڭ ئىجتىھادىغا باغلىق بولىدۇ، دەيدۇ.»(1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىملارنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈملەرنى ئاسان چىقىرىشى ئۈچۈن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ئومۇمىي ھالەتتە قېلىپ قالسۇن، دەپ ساھابىلارنىڭ كۆپ سوئال سورىشىنى ياقتۇرمايتتى.(2) شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى قانداق ھالەتتە قالدۇرغان بولسام، سىلەرمۇ مېنى ئۆز ھالىمدا قويۇڭلار (مەن سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى تولا سوراش ئارقىلىق ئۆزەڭلارغا قىيىنچىلىق

(1) «فتح الباري»، 7 - توم، 409 - بەت.

(2) يەنى كۆپ سوئال سورالغاندا، بەزى سوئاللار ئايەت ياكى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىي ھالەتتىن خۇسۇسىي ھالەتكە كېلىپ قېلىشىغا ۋە شۇنىڭ بىلەن بۇ بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ كۆپ سوئال سوراشلىرىنى ياقتۇرمايتتى. ت.

توغدۇرىۋالماڭلار). سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرنى ئۇلارنىڭ كۆپ سوئال سوراشلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى بىلەن قارشىلىشىشلىرى ھالاك قىلىۋەتكەن. ئەگەر مەن سىلەرنى بىرەر نەرسىدىن چەكلىسەم، ئۇنىڭدىن يېنىڭلار. سىلەرنى بىرەر نەرسىگە بۇيرىسام، سىلەر ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇنى قىلىڭلار.»[1]

بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە نۇتۇق سۆزلەپ: «ئى خالايىق! الله سىلەرگە ھەجنى پەرز قىلدى، ھەج قىلىڭلار!» دېدى. بىر كىشى: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ھەر يىلى ھەج قىلىمىزمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى. ئۇ كىشى ئۇ سوئالنى ھەتتا ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن ھەئە دېسەم، (يىلدا ھەج قىلىش) پەرزگە ئايلىناتتى، سىلەر يىلدا ھەج قىلىشقا قادىر بولالمايتتىڭلار، مەن سىلەرنى قانداق ھالەتتە قالدۇرسام مېنى (شۇ) ھالىتىمدە قويۇڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرنى ئۇلارنىڭ كۆپ سوئال سوراشلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى ھالاك قىلغان. ئەگەر مەن سىلەرنى بىرەر نەرسىگە بۇيرىسام، ئۇنى قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار. مەن سىلەرنى نېمىدىن چەكلىسەم شۇنىڭدىن يېنىڭلار» دېدى.[2]

دارى قۇتنىي مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار»[3] دېگەن ئايىتى چۈشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله نۇرغۇن ئىشلارنى پەرز قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەڭلار. الله نۇرغۇن چەكلىمىلەرنى قويدى. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالماڭلار. الله بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. ئۇنى قىلىپ سالماڭلار. الله بەزى نەرسىلەر ئۈستىدە توختالمىدى. ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس بەلكى سىلەرگە رەھمەت قىلغانلىقتىن (شۇنداق قىلدى). ئۇ نەرسىلەر ھەققىدە سۇئال سورىماڭلار.»[4]

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) سۈرە مائىدە 101 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) دارى قۇتنى رىۋايىتى.

# ئىسلام فىقھىسى -ئەڭ كەڭ دائىرىلىك دىنىي قانۇندۇر

مەزھەپ ئىماملىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئالىملار اللّٰه تائالانىڭ يولىغا قويغان ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىش ۋە ئۇ ھۆكۈملەرنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچلىرىنى ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇلار ئىرىشكەن بۇ ھۆكۈملەر، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئىرىشىش مۇمكىن بولغان ئەڭ ياخشى ھۆكۈملەردۇر ۋە مۇسۇلمانلار ئىززەتلىنىدىغان، ئالىملار قۇرۇپ چىققان بىر دىنىي قانۇنىي بايلىقتۇر.

ئۇستاز مۇستەپا زۇرقا: «ئىسلام فىقھىسى بولسا، قانۇنچىلىق تارىخىدا تاكى بۈگۈنگە قەدەر تۇنۇلۇپ كەلگەن ئەڭ كەڭ دائىرىلىق دىنىي قانۇندۇر. ئىسلام فىقھىسىدە نۇرغۇنلىغان مەزھەپلەر يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى زامانىمىزغىچە ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ھەنەفىي مەزھەپى، مالىكىي مەزھەپى، شافىئىي مەزھەپى ۋە ھەنبەلىي مەزھەپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت مەزھەپتۇر. بۇ تۆت مەزھەپ ئارىسىدا بولغان ئىختىلاپ، دىنىي (يەنى ئېتىقادى) ئىختىلاپ بولماستىن پەقەت ھۆكۈمدىكى ۋە قانۇندىكى ئىختىلاپتۇر. بۇ ئىختىلاپتىن ئىسلام فىقھىسىغا ناھايىتى كاتتا بىر قانۇن بايلىقى قوشۇلدى» دېدى.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈش توغرا كېلىدۇكى، ئىسلام فىقھىسى بىلەن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىشقا چاقىرغان بەزى مۇسۇلمانلار يازغۇچىلىرىدىن كۆرۈلگەن چاقىرىق بولسا، خاتا ۋە خەتەرلىك بىر چاقىرىقتۇر.

ئۇلارنىڭ بۇ چاقىرىقىنىڭ خاتا بولۇشى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بولسا، اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسىدە بويسۇنۇشىمىزنى بۇيرۇغان ھۆكۈملەردۇر. ئۇلارنىڭ: اللّٰه تائالا بىزنى ئادەملەرنىڭ ئىجتىھاد ۋە كۆز ـ قاراشلىرىغا بويسۇنۇشقا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرىدى. ئەمما ئىسلام فىقھىسى بولسا ئادەملەرنىڭ ئىجتىھاد ۋە كۆز ـ قاراشلىرىدۇر، دېگەندىن ئىبارەت ئورۇنسىز بىر پاكىتقا

(1) «المدخل الفقهي» 33/1.

ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئورۇنسىز پاكىتقا ئېسىلغۇچىلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقارغۇچىلار شۇ ئالىملار بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن چىقىرىلغان ئۇ ھۆكۈملەرنى شۇلارنىڭ ئىجتىھادى ۋە كۆز - قارىشىدۇر، دەپ ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ الله تائالا: «ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئەھلى ئىلىمدىن سوراڭلار»[1] ۋە «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟»[2] دېگەن ئايەتلىرىدە بىزنى بويسۇنۇشقا بۇيرۇغان الله تائالانىڭ دىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالغان.

## يادلاش بىلەن چۈشۈنۈش ئارىسىدىكى پەرقلەر

بىز بۇ يەردە قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھەدىسلەرنى چۈشۈنۈپ ئۇلاردىن ھۆكۈم چىقىرىپ ئېلىش ئىشىنى، پەقەت مۇشۇ ساھەنىڭ كىشىلىرىلا قىلالايدىغان بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز لازىمدۇر. بۇ <بىلىش ئىلمى> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆز ئالدىغا بىر ئىلىمدۇر. ئەمما (قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى يادقا بىلمەك) بولسا <رىۋايەت قىلىش ئىلمى> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باشقا بىر ئىلىمدۇر. شۇڭغا ئاساسەن قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى يادقا بىلىشنىڭ ئۆزى، ئۇلاردىكى الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىشكە يېتەرلىك ئەمەستۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەر، خۇسۇسەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىلىمنى ئۆزىدىن ئالىم ئادەمگە يەتكۈزىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار. نۇرغۇنلىغان ئالىم ئادەملەر باركى، (ئۇلار ھەقىقەتتە) فەقىھ ھېساپلانمايدۇ» ۋە «(مېنىڭ بۇ يەردە قىلغان سۆزلىرىمنى) بۇ يەردە ھازىر بولغانلار، ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن. چۈنكى، بۇ يەردە ھازىر بولغان ئادەم (بۇ سۆزلىرىمنى) ئۆزىدىن ياخشىراق چۈشىنىدىغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى مۇمكىن» دېگەن ھەدىسلىرى (قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى) يادقا بىلىش ئۇلارنى چۈشۈنۈش ۋە

(1) سۈرە ئەنبىيا 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە تەۋبە 122 - ئايەت.

ئۇلاردىن ھۆكۈم چىقىرىش ئىشىغا ئوخشۇمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىگە ياخشى دىققەت قىلساق، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدە (بىر نەرسىنى) يادقا بىلىش بىلەن ئۇنى چۈشۈنۈشنىڭ ئارىسىنى قانداق پەرىقلەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەبۇجۇھەيفە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قېشىڭلاردا كىتاب بارمۇ؟» دېدىم. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: «قېشىڭلاردا (يېزىلغان) قۇرئاندىن باشقا بىر نەرسە بارمۇ؟» دېدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «(قېشىمىزدا) الله تائالانىڭ كىتابىدىن (يەنى قۇرئاندىن) ياكى مۇسۇلمانغا بېرىلگەن چۈشەنچىدىن[1] ۋە بۇ ۋاراقلاردا (يېزىلغان) نەرسىدىن باشقا بىر نەرسە يوق» دېدى. مەن: «بۇ ۋاراقلاردا نېمە بار؟» دېدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇنىڭدا دىيەتكە ۋە ئەسىرنى قويۇپ بېرىشكە ئائىت ھۆكۈملەر ۋە مۇسۇلمان كاپىرنىڭ ئورنىدا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دېگەن يوليۇرۇقلار بار» دېدى.[2]

شۇنداق بولغان ئىكەن، چۈشەنچە (قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى يادقا بىلىشتىن) باشقا بىر نەرسىدۇر. (قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى) يادقا بىلىش چۈشەنچىدىن بىھاجەت قىلمايدۇ. فىقھى بولسا (قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى) چۈشۈنۈشتىن ئىبارەت بولغان بىر ئىلىمدۇر. فىقھى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى الله تائالانىڭ شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىشكە بىزنىڭ سالغان يولۇمىزدۇر. بۇ فىقھى ئىلمىدا ئىختىساسلىق بولغانلىق سەۋەبى بىلەن بۇ ساھەدە ئەڭ ئۈچچىغا چىققانلار بولسا، ئىجتىھاد قىلغان فەقىھلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە كۆز ـ قاراشلىرىنى چىڭ تۇتىشىمىز لازىمدۇر. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە كۆز ـ قاراشلىرى بولسا، الله تائالانىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتىدۇر. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە كۆز ـ قاراشلىرى بولسا، بىز (ئىجتىھاد قىلىپ) ئېرىشىشكە مۇمكىن بولغان كۆز ـ قاراشلارنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر. الله تەئالا بىزنى تاقىتىمىز يەتمەيدىغان ئىشنى (قىلىشقا) بۇيرۇمىدى.[3]

ھازىرقى ئەسىردىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىمۇ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن

(1) مانا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزىدە مۇسۇلمانغا بېرىلگەن چۈشەنچىنى ئايرىم بىر شەكىلدە بايان قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(3) ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى چۈشۈنۈشتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن ئىنسانلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى ۋە كۆز ـ قاراشلىرى خۇددى الله تەئالانىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەر بايان قىلماقچى بولغان ھۆكۈمىنىڭ ئۆزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. چۈنكى، بىز قانچە قىلساقمۇ ئۇلار يەتكەن دەرىجىدىن ئېشىپ كېتەلمەيمىز ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا تاقىتىمىزمۇ يەتمەيدۇ. الله تەئالا بىزلەرنى تاقىتىمىز يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمىدى. ت.

ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئالىملىرى چىقارغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن ياخشىراق ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ، دەپ ئويلىغۇچىلار بىر نەچچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خاتالاشقۇچىدۇر. ئۇ سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئىلگىرى ئىجتىھاد قىلغان ئىماملار ھازىرقى ئالىملارغا قارىغاندا ۋەھيي چۈشكەن زامانغا ئەڭ يېقىندۇر. شۇڭا ئۇلار ھازىرقى ئالىملارغا قارىغاندا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى بەكرەك بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى ۋە تىلى ساغلامدۇر.

2 ـ بۇ فىقھى بايلىقى پەقەت مەزھەپ ئىماملىرىنىڭلا قىلغان ئىجتىھادلىرىنىڭ مېۋىسى ئەمەستۇر. فىقھى بولسا ئۇ ئىماملار باشچىلىقىدىكى تاكى ھازىرقى زامانغا كەلگۈچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ قىلغان ئىجتىھادلىرىنىڭ مېۋىسىدۇر. فىقھى بايلىقى ھەر بىر ئۇممەت ئالىملىرى ئۇنىڭغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە بايلىق قوشۇپ، ئاخىردا ئۇ تۇرمۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈملەرگە بولىدىغان خىلمۇخىل ئېھتىياجلىرىنى ئورۇندايدىغان كاتتا بىر ھۆكۈم بايلىقىغا ئايلانغان.

3 ـ فىقھى بايلىقى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ئۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان بىر دەستۇرنىڭ ئورنىدىكى ناھايىتى مەنتىقلىق ۋە رەتلىك بولغان قائىدە ۋە ئاساسلارغا تايانغاندۇر. ئالىملار ھەر بىر دەۋر ۋە ئەسىردە <ئۇسۇلى فىقھى> دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان بۇ قائىدىلەرگە چىڭ ئېسىلدى. ھەر بىر ئەۋلاد ئالىملىرى بۇ فىقھى بايلىقىغا، ئۇنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈدىغان ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان پايدىلىق نەرسىلەرنى قاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرىكى ئىماملار ئېسىلغان فىقھىنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت قائىدىلەرگە چىڭ ئېسىلدى.

ئەگەر ھازىرقى دەۋرىدىكى ئالىملارمۇ ئىلگىرىكى ئالىملار تۇتقان فىقھىنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت قائىدىلەرگە چىڭ ئېسىلسا، فىقھى بايلىقىغا، ئۇنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈدىغان ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان پايدىلىق نەرسىلەرنى قاتالايتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئالىملارنىڭ قىلغان ئىجتىھادلىرىدىن پايدىلانغان بولاتتى. فىقھى بايلىقى ھەتتا ھازىرقى

زاماندا بولىدىغان ھەممە ئىشلارنىڭ ھۆكۈمىنى تولۇق بەرگىدەك دەرىجىدە كۆكلەيتتى.[1]

# ئىمام ئەبۇ ھەنىفە

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) فىقھىنى بۈگۈنكى شەكىلدە بۆلۈم ـ بۆلۈمگە ۋە باب ـ بابقا ئايرىپ رەتلىگەن ۋە يازغان ئەڭ دەسلەپكى كىشىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <مۇۋەتتا> دېگەن كىتابىنى شۇ تەرتىپ بويىچە يېزىپ چىقتى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تابىئىن ئالىملىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە كىچىك ۋاقتىدىلا يىگىرمىدەك ساھابى بىلەن ئۇچراشقان. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھىجرىيەنىڭ **80** ـ يىلى تۇغۇلغان. بۇ ۋاقىت تېخى ساھابى ئەۋلادلىرىنىڭ (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) زامانى تۈگۈمىگەن ۋاقىت ئىدى.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۇفەدە كاتتا ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىدا فىقھى ئىلمى ئۆگەندى. شۇڭا كىشىلەر: «فىقھى بولسا، ئۇرۇغىنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىككەن، ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ، ئەبۇدەردا ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئىلىم ئالغان ئەلقەمە ئىبنى قەيس سۇغارغان، ئۇنى ھىجرىيەنىڭ **95** ـ يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن مەشھۇر ئىمام ئىبراھىم نەخەئىي ئورىغان، ئۇنى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئۇستازى ۋە كۇفىلىق ھەمماد ئىبنى مۇسلىم ئەزگەن يەنى ئۇنى ئىلغىغان ۋە (چۈشۈنۈكسىز قىيىن يەرلىرىنى) ئوچۇقلىغان، ئۇنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇن قىلغان، يەنى ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى تۈزۈپ

(1) ھازىر ئىش ئاپتۇر دېگەندەك بولىۋاتىدۇ. زامانىمىزدا ئازساندىكى ئادەملەردىن باشقا ھەممە ئالىملار ئىلگىرىكى ئالىملار تۈتقان قائىدىلەردىن چىقىپ كەتمەي ۋە شۇ قائىدىلەرنى ئاساس قىلىپ ھەرقانداق يېڭى پەيدا بولغان ئىشلار ئۈچۈن قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۇلاردىن باشقا ئىجما ۋە قىياسقا ئوخشاش مەنبەلەردىن ھۆكۈم چىقىرىۋاتىدۇ. شۇڭا دۇنيادا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈم بېرىشى لازىم بولغان ھەرقانداق نەرسىدە، ئىسلام دىنى ھۆكۈم بېرىشتىن ئاجىز كېلىپ قالغىنى يوقتۇر. ت.

چىقىپ ئۇ قائىدىلەردىن ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى روشەنلەشتۈرگەن، ئۇنى ھىجرىيە 113 ـ يىلى تۇغۇلۇپ باغدادتا 182 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئەڭ كاتتا شاگىرتى ۋە باش قازى ئىمام ئەبۇيۇسۇف خېمىر قىلغان، يەنى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قويغان قائىدىلىرىنى ئىنچىلىگەن ۋە ئۇ قائىدىلەردىن تېخىمۇ كۆپ ھۆكۈملەرنى چىقىرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ئۇنى ھىجرىيە 189 ـ يىلى رەيدە ۋاپات بولغان، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مەزھەپىنى تەھرىرلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى نان قىلغان بىر ئىلىمدۇر» دەيدۇ. دېمەك ھەمماد ئىبنى مۇسلىم ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئۇستازى بولۇپ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى ھەر نامىزىمدا تىلىدىم.»

باغدادلىق ئىمام خەتىب تارىخ ھەققىدە يازغان كىتابىدا: ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مەزھەپىنىڭ قائىدىلىرىنى بايان قىلغان بىر كىتابنى يېزىپ چىققانلىقىنى ۋە ئۇ كىتابنى ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىغا (ئۇلارنىڭ ئۇنى يېزىشى ئۈچۈن) ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام خەتىب يەنە ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتى رەبىئەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىمام شافىئىينىڭ <بارلىق كىشىلەر فىقھى ئىلمىدا ئىمام ئەبۇھەنىفەگە ئېھتىياجلىقتۇر، ئىمام ئەبۇھەنىفە بولسا فىقھى ئىلمىدا ئۇتۇقلۇق بېرىلگەن كىشىدۇر دېگەنلىكىنى> ئاڭلىغان ئىدىم.»[1]

(1) «رد المحتار على الدر المختار»، 1 ـ توم، 35 ـ بەت.

# تاھارەت ھۆكۈملىرى

## <تاھارەت> ئۇقۇمىغا ئىزاھات

<تاھارەت> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن نىجاسەتكە ئوخشاش ماددىي مەينەتچىلىكتىن، ئەيىپلەرگە ۋە گۇناھلارغا ئوخشاش مەنىۋىي مەينەتچىلىكتىن پاكىزلىنىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<تاھارەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن تاھارەتسىزلىكتىن ياكى نىجاسەتلەردىن پاكىزلىنىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<تاھارەتسىزلىك> شەرئىيەت بېكىتكەن بىر سۈپەتتۇر. ئۇ (ئىنساننىڭ) ئەزالىرىدا بولىدىغان بولۇپ تاھارەتنى يوق قىلىدۇ.[1] مەسىلەن: تاھارىتى بار بىر كىشى تاھارىتىنى سۇندۇرىدىغان ئىشتىن بىرنى قىلغان چاغدا، شەرئىيەت بېكىتكەن بۇ تاھارەتسىزلىك ئۇنىڭ ئەزاسىدا تېپىلىدۇ.[2]

نىجاسەتلەر بولسا، كىچىك تەرەت، چوڭ تەرەت ۋە قانغا ئوخشاش شەرئىيەت نىجىس دەپ، بايان قىلغان نەرسىلەردۇر.

## پاكىزلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا پاكىزلىققا (تاھارەتكە) قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ناھايىتى قاتتىق ئەھمىيەت بەردى. چۈنكى، پاكىزلىك تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر:

1 ـ تاھارەت، نامازنىڭ ئاچقۇچىسىدۇر. نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئەھمىيىتى ھەرقانداق بىر ئادەمگە مەخپىي ئەمەس. الله تەئالا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ)

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 85 ـ بەت.

(2) يەنى تاھارەتسىزلىك ئىنساننىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتى ۋە يۈزىدە بولىدۇ، دېگەن نەرسە شەرئىيەتتۇر. شەرئىيەت تاھارەتسىز ئىنساننىڭ ماۋۇ ـ ماۋۇ ئەزالىرىدا بولىدۇ، دەپ بېكىتتى. ئەگەر شەرئىيەت شۇنداق بېكىتمىگەن بولسا، تاھارەتسىزلىكنىڭ قايسى ئەزالاردا بولىدىغانلىقىنى ئەقىل بىلەن بىلگىلى بولمايتتى. ـ ت.

ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)»[1] بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر. ئۇنىڭ باشلىنىشى <الله ئەكبەر> دەپ قولاق قېقىش، ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> دەپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىشتۇر»[2]

تاھارەتسىزلىك ناماز ئوقۇشتىن چەكلەيدىغان ئامىل بولغاچقا، ئۇ خۇددى تاھارەتسىز ئادەمگە سېلىنغان قۇلۇپقا ئوخشاشتۇر. تاھارەتسىز ئادەم تاھارەت ئالسا، قۇلۇپ ئېچىلغان ۋە (ناماز ئوقۇشتىن) چەكلەيدىغان ئامىل يوقالغان بولىدۇ.

2 ـ پاكىزلىك ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. الله غا ھەمدۇ ئوقۇش تارازا ـ مىزاننى توشقۇزىدۇ. . .»[3]

بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان پاكىزلىقتىن بەدەننىڭ مەينەت نەرسىلەردىن ۋە تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىشى، دىلنىڭ مەنىۋىي (مەينەتچىلىكتىن) پاكىزلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ پاكىزلىق ئىشىنىش، ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشتىن تەركىپ تاپقان مۇكەممەل ئىماننىڭ چوڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.[4]

بەزى ئالىملار يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەنىسى: «پاكىزلىق نامازنىڭ يېرىمىدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، الله تەئالانىڭ: «الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ»[5] دېگەن ئايەتتە كەلگىنىدەك بەزىدە ئىمان دېگەن سۆزدىن ناماز كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەيدۇ.[6]

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) «فيض القدير»، 4 ـ توم، 290 ـ بەت.

(5) ـ سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(6) «بدائع الصنائع»، 1 ـ توم، 20 ـ بەت.

3 ـ پاكىزلىق بىر ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئەتلىك، ياخشى خىسلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ نىشانىسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئون تۈرلۈك ئىش بولۇپ، ئۇلار دىندىكى خىسلەت ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار بۇرۇتنى قىسقارتىش، ساقال قويۇش، مىسۋاك ئىشلىتىش، بۇرنىغا سۇ ئېلىش، تىرناق ئېلىش، بارماق ئارىلىرىنى يۇيۇش، قولتۇقنى تازىلاش، ئەۋرەتنى تازىلاش، ئىستىنجا قىلىش». بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان مەسئەب ئىبنى شەيبە: «ئونىنچىسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بەلكى ئۇ ئېغىزغا سۇ ئېلىش بولسا كېرەك» دېگەن.(1)

4 ـ پاكىزلىق بەندىنى الله تائالانىڭ دوست تۇتۇشىغا ۋە رازى بولىشىغا ئېرىشتۈرىدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»(2) «ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، الله (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»(3)

5 ـ پاكىزلىق، بەندە قەبرىدە ئىماندىن سورۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن قىلماي تاشلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قەبرىسىدا ئازابلىنىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋېتىپتۇ. ئۇ ئازاب چوڭ گۇناھ سەۋەبىدىن ئەمەستۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى سۈيدۈكنىڭ چاچراپ كېتىشىدىن ساقلانمايتتى. يەنە بىرى بولسا، چېقىمچىلىق قىلاتتى» دېگەن.(4)

6 ـ تاھارەت (يەنى پاكىزلىق) قىيامەت كۈنى يۈزىنىڭ نۇرلۇق بولۇشىنىڭ ۋە پارقىرىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن پۇت قوللىرى ئاق

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) يەنى سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە تەۋبە 108 ـ ئايەت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قاشقىلىق[1] ھالدا چاقىرىلىدۇ. كىمكى ئاقلىقنى ئاشۇرۇشقا قادىر بولالىسا، شۇنداق قىلسۇن.»[2]

7 ـ پاكىزلىق بولسا، ھەرخىل كېسەللەردىن ساقلايدىغان ۋە جەمىيەتكە ھەر تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى تەن ۋە كىيىم ـ كېچەكنى پاكىز تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردى ۋە مۇھىتنى پاكىز تۇتۇشقا كۆڭۈل بەردى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنى لەنەتكە لايىق قىلىپ قويىدىغان ئىككى ئىشتىن قېچىڭلار» دېدى. ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئىككىسى قايسى ئىش؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ كىشىلەرنىڭ يولىغا ياكى ئۇلارنىڭ سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويۇش ئىشىدۇر» دېدى.[3] شۇنداقلا ئىسلام دىنى يەنە ئۆيلەرنى، كوچىلارنى ۋە قورولارنى پاكىز تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن اللە تەئالا پاكتۇر، پاكلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلۇغدۇر، ئۇلۇغلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. سېخىدۇر، سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن قورولۇرىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار ۋە يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماڭلار.»[4]

# پاكىزلىغۇچى نەرسىلەر

## بىرىنچى: سۇ

سۇ بولسا، تاھارەتسىزلىكتىن ۋە مەينەتچىلىكتىن پاكىزلىنىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ۋە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىدۇر. اللە تائالا پاكىزلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم نەرسىسى بولغان سۇدىن ئىبارەت نېمەتنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «اللە رەھمىتىنى (يەنى يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتتى، يامغۇر بىلەن ئۆلۈك

(1) تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلغان ئورۇننىڭ ھەممىسىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ .
(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) تىرمىزىي رىۋايىتى.

زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق »[1] اللہ تائالا بەدرى كۈنى مۇسۇلمانلارغا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ ئىچىدە سۇنىمۇ چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئۆز ۋاقتىدا اللہ تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (اللہ نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، اللہ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى »[2]

سۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1 ـ پاكىز ھەم باشقىسىنى پاكىزلىيالايدىغان سۇ.

بۇ <پاكىز ھەم پاكىزلىغۇچى سۇ> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، يامغۇر ۋە دېڭىز سۈيىگە ئوخشاش ھېچبىر نەرسە ئارىلاشمىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۈلۈق سۈپۈتى بىلەن قالغان سۇدۇر. اللہ تائالا يامغۇر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « سەن بىلمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ »[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېڭىز سۈيىدە تاھارەت ئېلىش ياكى ئالماسلىق ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دېگەن: « دېڭىزنىڭ سۈيى پاكتۇر. ئۆلۈكى ھالالدۇر. »[4]

بۇ خىلدىكى سۇنىڭ قاتارىغا يەنە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى، قار ۋە مۇزلاردىن ئېرىتىلگەن سۇلار، بۇلاق سۈيىرلىرىمۇ كىرىدۇ.

2 ـ پاك ئەمما تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىيالمايدىغان سۇ.

بۇ خىلدىكى سۇلار بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولمايدۇ. لېكىن مەينەت ۋە نىجاسەتلەرنى يۇغىلى بولىدۇ. بۇ سۇنى ئىچىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېمىر يۇغۇرۇش مەكرۇھتۇر. بۇ سۇ بولسا، كىچىك تاھارەت ياكى چوڭ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بىر

(1) سۈرە فۇرقان 48 ــ 49 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە ئەنفال 11 ـ ئايەت.

(3) سۈرە زۇمەر 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

قېتىم ئىشلىتىلگەن سۇدۇر.(1) ياكى ساۋاب ئىزلەپ ئەزالارنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش نىيىتى بىلەن تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن قولىنى يۇغان بولسا، قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قولىنى (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس بەلكى) قولىدىكى كىرنى ياكى مەينەت نەرسىلەرنى تازىلاش نىيىتى بىلەن يۇغان بولسا، قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇ شەرىئەت قارىشى بويىچە بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەزالاردىن باشقا بىر نەرسىلەرنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇلار. مەسىلەن: كىيىم ـ كېچەك ۋە قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇلار شەرىئەت قارىشى بويىچە بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېساپلانمايدۇ(2).(3)

سۇ بىز يۇماقچى بولغان ئەزادىن ئايرىلىپ تاكى باشقا بىر يەرگە ياكى زېمىنغا چۈشۈپ بولمىغىچىلىك ئۇ ئەزاغا تېگىشى بىلەنلا بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېساپلانمايدۇ. ئەگەر سۇ چوڭ تاھارەت ئېلىۋاتقان (يەنى يۇيۇنۇۋاتقان) ئادەمنىڭ، يۇيۇنۇش ئارىلىقىدا بىر ئەزاسىدىن يەنە بىر ئەزاسىغا ئېقىپ چۈشكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ سۇ بىلەن سۇ ئېقىپ چۈشكەن ئىككىنچى ئەزاسىنى يۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالغان چوڭ تاھارەتى ئادا بولغان بولىدۇ(4).(5)

(1) يەنى كىچىك تاھارەت ئالغاندا ياكى يۇيۇنغاندا ئاستىمىزغا بىر قاچىنى قويۇپ تاھارەت ئالغان سۈنى شۇ قاچىغا چۈشۈرسەك، ئۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېساپلىنىدۇ. يۇقىرىدا دېگەندىكىدەك ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولمايدۇ. لېكىن كىر ۋە مەينەت نەرسىلەرنى يوغىلى بولىدۇ. ت.

(2) شەرىئەت قارىشى بويىچە بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ بىلەن شەرىئەت قارىشى بويىچە بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنمىغان سۇنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇندى، دەپ ھېساپلانغان سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئىچىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېمىر يۇغۇرۇش مەكروھتۇر. ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ ئەمما شەرىئەت قارىشى بويىچە بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان دەپ ھېساپلانمىغان سۇ بولسا، ئۇنى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قاچا ـ قۇچىنى يۇغانغا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇ، ئەمەلىيەتتە بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن سۇدۇر. لېكىن ئۇ سۇ شەرىئەت قارىشى بويىچە تېخى بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن سۇ ھېساپلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سۇنى ھەممە ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ت.

(3) «شرح المنيه»، 152 ـ بەت.

(4) ئەگەر چوڭ تاھارەت ئېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئەزاسىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ، چوڭ تاھارەت ئېلىۋاتقان ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئەزاسىغا چۈشكەن، ئاندىن ئىككىنچى ئادەم ئۇ سۇ بىلەن ئەزاسىنى يۇغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئالغان چوڭ تاھارەتى توغرا بولمىغان بولىدۇ. ئۇ چوڭ تاھارەتنى قايتا ئېلىشى لازىم. مەسىلەن: ئەر ئايال ئىككىسى بىر ۋاقىتتا بىر مۇنچىدا چوڭ تاھارەت ئالغان، بىرسىنىڭ ئەزاسىدىن چۈشكەن سۇ يەنە بىرسىنىڭ ئەزاسىغا چۈشكەن، ئاندىن ئەزاسىغا سۇ چۈشكۈنى ئۇ سۇ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەزاسىنى يوغان بولسا، ئۇنىڭ ئالغان چوڭ تاھارەتى توغرا بولمىغان بولىدۇ ۋە تاھارەتنى قايتا ئېلىشى لازىم. ت.

(5) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 200 ـ بەت.

تۆۋەندە بىز بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇنىڭ نىجىس ئەمەسلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ (نىجىس سۇ بىلەن) تاھارەت ئېلىپ قالمايلى، دەپ شۇنداق ئېھتىيات قىلىپ تۇرغان تۇرۇقلۇق ۋە كىچىككىنىمۇ نىجىس بار سۇنى ئىشلىتىپ قېلىشتىن شۇنداق ساقلىنىپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇدىن ئېھتىيات قىلىپ ساقلانغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى. مانا بۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2 - ئىمام بۇخارى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ھۇشسىز كېسەل ياتقان ھالىتىمدە، كېسىلىمنى يوقلاپ كېلىپتۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ تاھارەت ئالغان سۈيىدىن ماڭا چېچىپتۇ. ئاندىن مەن ھۇشۇمغا كېلىپتىمەن.»[1]

ئىمام بۇخارى سائىب ئىبنى يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھامما ئاچام مېنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى (يەنى مېنى دېمەكچىدۇر) ئاغرىقتۇر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىمنى سىلىدى ۋە بەرىكەت تىلەپ ماڭا دۇئا قىلدى، ئاندىن تاھارەت ئالدى، كېيىن مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۈيىدىن ئىچتىم.»[2]

ئىمام بۇخارى مەھمۇد ئىبنى رەبىئەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالسا، ساھابىلار (بەرىكەت ئىزلەپ) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ (تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۈيىنى تالىشىپ) ئۇرۇشۇپ كەتكىلى تاسلا قالاتتى.»[3]

مانا بۇ ھەدىسلەر بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇ پاكىنا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۇنى جابىرغا چاچمايتتى ۋە ساھابىلارمۇ ئۇ سۇ بىلەن بەرىكەت ئىزلىمەيتتى. چۈنكى، پاسكىنا نەرسىدە بەرىكەت يوقتۇر.[1]

3 - ئىنساننىڭ تېنى مەيلى كىچىك تاھارەتسىز ھالەتتە بولسۇن ۋە يا چوڭ تاھارەتسىز ھالەتتە بولسۇن (ئۇنىڭغا ماددىي نىجاسەت يۇقمىغانلا بولسا) ھەقىقىي پاسكىنا، دەپ قارالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەنگە تەككەن سۇمۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن مۆمىن پاسكىنا ئەمەستۇر.»[2] يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «سىزنىڭ ھەيزىڭىز قولىڭىزدا ئەمەستۇر (يەنى سىز ھەيز كۆرگەن بولسىڭىزمۇ قولىڭىز پاكىزىدۇر).»[3]

(شەرىئەتنىڭ قارىشىچە) بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇندى، دەپ قارالغان سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 - ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرىڭلار جۇنۇبلۇق[4] ھالەتتە تۇرۇپ، تۇرغۇن سۇغا (كىرىپ تۇرۇپ) يۇيۇنمىسۇن» دەپ، ئاندىن ئى ئەبۇھۇرەيرە! ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ دېدى. ئەبۇھۇرەيرە: (يەنى مەن) ئۇ ئادەم سۇنى (قولى ياكى باشقا بىر نەرسە بىلەن) تېشىغا ئېلىپ تۇرۇپ يۇيۇنىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.[5]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىستە (جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەمنى تۇرغۇن سۇنىڭ ئىچىگە) كىرىپ تۇرۇپ يۇيۇنۇشتىن چەكلىشى بولسا، سۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇغا ئايلىنىپ قېلىپ باشقىلارنىڭ ئۇ سۇدىن پايدىلىنالماي قالمىسۇن، دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى باشقىلاردىن ياخشىراق چۈشىنىدۇ[6].[7]

(1) «فتح الباري»، 1 - توم، 296 - بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ياكى ئېھتىلام بولۇپ قالغاندىن كېيىن يۇيۇنمىغان ئادەم جۇنۇپ ئادەمدۇر. ت.

(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(6) شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇھۇرەيرىدىن ئۇ ئادەمنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئەبۇھۇرەيرە ئۇ سۇغا كىرىپ تۇرۇپ يۇيۇنماستىن سۇنى ئېلىپ تېشىدا يۇيۇنىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. ت.

(7) «فتح الباري»، 2 - توم، 327 - بەت.

2 ـ ساھابىلارنىڭ (اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇنى ساقلىغانلىقى ياكى ئۇ سۇنى قاچىلىرىغا ئېلىۋالغانلىقى، ياكى ئۇ سۇنى سەپەر ئۈستىدە سۇ يوق ھالەتلەردىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىۋالغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى. يەنە ساھابىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ تاھارىتىنىڭ سۈيىنى بىر قاچىغا يىغىپ ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنمىدى. ساھابىلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ شۇنداق قىلمىغانلىقى بولسا، بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر.[1]

ئەگەر كىچىك تاھارەت ياكى چوڭ تاھارەت ئالماقچى (يەنى يۇيۇنماقچى) بولغان كىشى تاھارەت ئېلىشتىن ياكى يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن قولىنى (تاھارەت سۈيى بار) قاچىغا ياكى مۇنچىدىكى كۆلچەككە تىقسا، قولىنى سۇغا تىقىش بىلەن قولىدىكى تاھارەتسىزلىك ياكى جۇنۇپلۇق كەتكەن بولسىمۇ سۇ يەنە بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېساپلانمايدۇ. ئەگەر قىياسقا ئاساسلانغاندا ئۇ سۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېساپلىنىشى لازىم ئىدى. لېكىن بۇ قىياسقا (قولنى قاچىغا تىقىش) مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلىنمىدى. تۆۋەندىكى ھەدىس قول تىقىلغان سۇنىڭ پاكىزە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر:

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاچىنىڭ سۈيىدە يۇيۇناتتۇق. قوللىرىمىز قاچىدا ئالمىشىپ تۇراتتى. (يەنى مەن قولۇمنى قاچىغا تىقىپ سۇ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قاچىغا تىقىپ سۇ ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مەن سۇ ئالاتتىم).»[2]

ئىبنى ئەبۇشەيبە، شەئبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ساھابىلار جۇنۇپ بولۇپ قالغان ھالەتتە بولسىمۇ يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن قوللىرىنى (يۇيۇنماقچى بولغان) سۇغا تىقاتتى. ساھابە ئاياللارمۇ ھەيزدىن[3]

(1) «شرح المنيه»، 151 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ھەيز بولسا جىنسىي ھۆجەيرىسى پىشىپ ـ يېتىلگەن ئاياللارنىڭ ھەر بىر ئايدا بىر قېتىم دەۋرىي يوسۇندا بالىياتقۇدىن قان كېلىش ھادىسىدۇر.

يۇيۇنماقچى بولغاندا، يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن قولىرىنى (يۇيۇنماقچى بولغان) سۇغا تىقاتتى. بۇلار بۇ قىلمىشلىرىنى خاتا، دەپ قارىمايتتى.[1]

ئەگەر مەزكۇر كىشىلەر قاچىدىكى سۇغا پۇتىنى تىقسا، بۇ ھالەتتە سۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، (بۇ يەردە سۇغا) پۇتىنى تىقىپ بېقىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقتۇر.

ئەگەر جۇنۇپ كىشى كۆلچەكتەك سۇ يىغىلغان بىر يەردە يۇيۇنغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ تېنىدە ماددىي بىر نىجاسەت بولمىغان بولسا، ئۇ كىشى جۇنۇپلۇقتىن پاكىزلانغان بولىدۇ. سۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولونغان سۇ ھېسابلىنىدۇ.[2]

جۇنۇپلۇقتىن يۇنۇنۇۋاتقان ئادەمدىن يۇيۇنۇش ئارىلىقىدا مۇنچىنىڭ كۆلچىكىگە ياكى قاچىدىكى سۇغا ئازراق سۇ چاچىراپ كەتسە، قاچىدىكى سۇ نىجىس ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن قاچىدىكى سۇغا چاچىراپ كەتكەن سۇ، قاچىدىكى سۇدىن كۆپ بولسا، بۇ ھالەتتە قاچىدىكى سۇ نىجىس بولغان بولىدۇ. ئۇ، بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولۇنغان سۇ ھېسابلىنىدۇ.[3]

نۇقۇتىنىڭ سۈيىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ سۇلۇق تەبىتىدىن چىقىپ كەتكەن سۇ ياكى سۇغا ئارىلىشىپ قالغان نەرسە چىق بولۇپ ئۆزىنىڭ سۈيۈقلىق سۈپىتىدىن چىقىپ كەتكەن سۇ، ياكى سۇغا ئارىلىشىپ قالغان نەرسىنىڭ سۈپىتى ئۆزىدە ئاشكارا كۆرۈلگەن سۇلار بىلەنمۇ تاھارەت ئالغىلى ۋە يۇيۇنغىلى بولمايدۇ.[4]

ئەگەر سۇغا ئارىلىشىپ قالغان نەرسە رەڭگى ۋە تەمىگە ئوخشاش ئىككى خىل سۈپىتى بار نەرسە بولغان، ئۇ ئىككى خىل سۈپەتنىڭ بىرىسى سۇدا كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى ياكى يۇيۇنغىلى بولمايدۇ.[5] ئەگەر سۇغا ئارىلىشىپ قالغان نەرسە رەڭگى، پۇرىقى ۋە تەمىگە ئوخشاش

(1) بۇنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 202 ـ بەت.

(3) «شرح المنيه»، 153 ـ بەت.

(4) مەسىلەن: سۇغا چاي ياكى قارا شىكەر سالغان بولساق، سالغان نەرسىمىزنىڭ رەڭگى سۇدا ئاشكارا كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولمايدۇ. ت.

(5) مەسىلەن: بىز سۇغا قۇرۇق ئۈزۈم چىلىغان بولساق، سۇغا ئۈزۈمنىڭ رەڭگى چىقمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ تەمى چىققان بولسا، ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى ۋە يۇيۇنغىلى بولمايدۇ. ت.

ئۇچ خىل سۈپۈتى بار نەرسە بولغان، ئۇ ئۇچ خىل سۈپەتنىڭ ئىككى خىلى سۇدا كۆرۈلگەن بولسا، بۇ سۇ بىلەنمۇ تاھارەت ئالغىلى ياكى يۇيۇنغىلى بولمايدۇ[1].[2]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۇلار بىلەن تاھارەت ئالغىلى ياكى يۇيۇنغۇلى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، تاھارەتسىزلىك دېگەن شەرىئەت بەلگىلىگەن بىر ئىشتۇر. تاھارەتسىزلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز ئادا بولمايدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن تاھارەتسىزلىك پەقەت شەرىئەت تاھارەتسىزلىكنى يوقىتىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىقلا يوقىلىدۇ. ئۇ نەرسە بولسىمۇ ھېچنەرسە ئارىلاشمىغان سۇدۇر. ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۇلار، ھېچنەرسە ئارىلاشمىغان سۇ دەپ قارالمايدۇ. (شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ سۇلار بىلەن تاھارەت ئالغىلى ياكى يۇيۇنغىلى بولمايدۇ).[3]

تېخىمۇ پاكىزلاش ئۇچۇن سوپۇن ۋە شاپقا ئوخشاش تازىلىق ماددىسي ئارىلاشتۇرۇلغان سۇلار يۇقىرىدا (باشقا بىر نەرسە ئارىلىشىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن  تاھارەت ئالغىلى ياكى يۇيۇنغىلى بولمايدىغان) سۇلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. يەنە بۇ سۇلارنىڭ قاتارىغا تۇپا چۈشۈپ قېلىش بىلەن ياكى بىر يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش بىلەن، ياكى غازاڭ چۈشۈپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن رەڭگى ئۆزگىرىپ قالغان سۇلارمۇ كىرمەيدۇ. لېكىن بۇ سۇلارنىڭ سۇيۇقلۇق خىسلىتى ۋە سۇلۇق ئىسمى قېلىپ قېلىشى شەرتتۇر.[4]

سوپۇنغا ئوخشاش تازىلىق ماددىسي ئارىلاشتۇرۇلغان سۇلار بىلەن تاھارەت ئالغىلى ۋە يۇيۇنغىلى بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگۈسى ئېتىۋېتىپ (ئۆلۈپ قالغان) ئېھرام باغلىغان بىر كىشىنى سۇ ۋە سىدر سۈيى بىلەن يۇيۇشقا بۇيرىغان.[5]

(1) مەسىلەن: سۇغا پۇراقلىق چاي سالغان بولساق، سۇغا چاينىڭ پۇرىقى بىلەن رەڭگى ياكى رەڭگى بىلەن تەمى چىققان بولسا، بۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى ۋە يۇيۇنغىلى بولمايدۇ. ت.

(2) «مراقي الفلاح».

(3) «مراقي الفلاح».

(4) ئەگەر سۇغا چۈشكەن تۇپا ياكى غازاڭ سۇنىڭ سۇيۇقلۇق خىسلىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى سۇلۇق تەبىئەتىدىن باشقا بىر نەرسىنىڭ تەبىئەتىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ سۇ بىلەن  تاھارەت ئالغىلى ياكى يۇيۇنغىلى بولمايدۇ. ت.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇبلۇق ھالىتىدە بولسىمۇ بېشىنى خىتمى[1] دېگەن ئۇسۇملۇكنىڭ سۈيى بىلەن يۇياتتى» دەيدۇ.[2]

ئىمام نەسائىي ۋە ئىبنى خۇزەيمە، ئۇممۇ ھانىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەيمۇنە خېمىرنىڭ يۇقۇسى بار بىر قاچىغا (سۇ ئېلىپ) يۇيۇنغان ئىدى.»[3]

ئۈچۈنچى تۈردىكى سۇ پاسكىنا سۇدۇر.

سۇ ئەسلى يارىتىلىشتا پاكىز بىر نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ پاسكىنا بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن كەسكىن دەلىل لازىمدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئادەم مۇنچىدەك بىر يەرگە كىرگەن، ئۇ يەردە ئازراق سۇنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇ سۇغا بىرەر نىجاسەتنىڭ چۈشكەنلىكىنى (گۇمان قىلغان بولسىمۇ لېكىن) جەزملەشتۈرەلمىگەن بولسا، ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغىلى ۋە يۇيۇنغىلى بولىدۇ. ئۇ سۇغا بىرەر نىجاسەتنىڭ چۈشكەنلىكىگە بولغان گۇمان ئۇ سۇدا تاھارەت ئېلىشنى ياكى يۇيۇنۇشنى چەكلەپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇ سۇ ئەسلىدە چۇقۇم پاكىز سۇدۇر. بۇ چۇقۇملۇق ئۆزىگە ئوخشاش بىر چۇقۇملۇق بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.[4] ئەگەر ئۇ سۇغا بىرەر نىجاسەت نەرسىنىڭ چۈشكەنلىكى گۇمانغا كۈچلۈك كەلمىسە، ئۇ سۇغا (نىجاسەت چۈشتىمۇ ياكى چۈشمىدىمۇ دەپ) سۈراش ۋە سۈرۈشتە قىلىش لازىم ئەمەس.[5] بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئەسەر رىۋايەت قىلىنغان: ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر بىلەن بىر يەرگە بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمرى ئىبنى ئاسمۇ بار ئىدى. ئۇلار (يول يۈرۈپ) بىر كۆلنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئەمرى ئىبنى ئاس: «ئى كۆلنىڭ ئىگىسى! (سۇ ئىچىش ئۈچۈن) كۆلۈڭگە يىرتقۇچ ھايۋانلار كېلەمدۇ؟» دەيدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ: «ئى كۆلنىڭ ئىگىسى! بۇ ھەقتە بىزگە بىر نەرسە دېمىگىن، (بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى) بىزمۇ

(1) ئۇ، سۇيى چاش يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇسۇملۇكتۇر. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(3) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.

(4) يەنى ئەسلىدە سۇ پاكىز يارىتىلغان بىر نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ چۇقۇم پاكىزى بولۇشى ئەسلى بىر ئىشتۇر. بۇ چۇقۇملۇق ئۇنىڭغا نىجاسەت بىر نەرسىنىڭ چۈشكەنلىكى چۇقۇم بولغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر نىجاسەتنىڭ چۈشكەنلىكى چۇقۇم بولماي گۇمان بىلەن بولسا، ئۇ چۇقۇملۇق كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. سۇ پاسكىنا بولمىغان بولىدۇ. ت.

(5) «شرح المنيه»، 92 ـ بەت.

كىلەيلى ۋە يىرتقۇچ هايۋانلارمۇ كەلسۇن» دەيدۇ.[1]

بۇنىڭغا ئاساسەن بىر سۇنىڭ پاكىنا بولغانلىقىغا، ئۇنىڭغا نىجاسەتنىڭ چۈشكەنلىكى ئېنىق بولغاندىن كېيىن هۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر سۇ چىق بولغان، ئۇ سۇدا نىجاسەتنىڭ رەڭگى ياكى تەمى، ياكى پۇرۇقىغا ئوخشاش نىجاسەتنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇ سۇ پاسكىنا (يەنى نىجاسەت) دەپ هۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر سۇ ئاز بولغان، ئۇ سۇغا بىرەر نىجاسەت چۈشۈشى بىلەنلا سۇدا ئۇ نىجاسەتنىڭ هېچقانداق ئەسەرى كۆرۈلمىسىمۇ ئۇ سۇ پاسكىنا هېساپلىنىدۇ.

چىق سۇنىڭ ئۇنىڭدا چۈشكەن نىجاسەتنىڭ تاكى ئەسىرى كۆرۈلمىگىچە ئۇنىڭ پاسكىنا بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى بولسا تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق هەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: (ساهابىلار) پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامدىن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇزائە قۇدۇقىنىڭ (سۇيى بىلەن) تاهارەت ئالساق بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ، مەدىنىدىكى بىر قۇدۇق بولۇپ ئۇنىڭغا ئايالارنىڭ هەيز ۋاقتىدا ئىشلەتكەن لاتىلىرى، ئىتنىڭ تاپلىرى ۋە ئېچىپ قالغان نەرسىلەر تاشلىنىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا: «سۇ پاكىز نەرسىدۇر. ئۇنى بىر نەرسە پاسكىنا قىلالمايدۇ»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ هەدىستىن ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ ئۇنىڭغا نىجاسەتنىڭ چۈشۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمىگەندەك دەرىجىدە چىق سۇ ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، سۇغا بىرەر نىجاسەت نەرسە چۈشۈپ ئۇ سۇنىڭ رەڭگىنى ياكى تەمىنى، ياكى پۇرۇقىنى ئۆزگەرتىۋەتسە، ئۇ سۇنىڭ پاسكىنا بولىدىغانلىقى بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. بۇزائە قۇدۇقى بولسا، ناهايىتى چوڭ ۋە سۈيى چىق قۇدۇق ئىدى. رىۋايەتلەردە ئۇ قۇدۇقنىڭ، (ئەتراپىدىكى) بوستانلىقلارغا سۇ چىقىدىغان ئېغىزى بولۇپ قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ شۇ بوستانلىقلارغا ئاقىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قۇدۇققا تاشلانغان نىجاسەتلەر سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ سۈيىنىڭ رەڭگى ياكى تەمى، ياكى پۇرۇقى ئۆزگىرىپ كەتمەيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى پاسكىنا سۇ،

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك ۋە ئابدۇررازاق رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ هەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن هەدىستۇر، دېدى.

دەپ ھۆكۈم قىلىنغان.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «چۈشكەن نىجاسەت سۇنىڭ رەڭگىنى ياكى تەمىنى، ياكى پۇرىقىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەنلا بولسا، نىجاسەت ئۇ سۇنى پاسكىنا قىلالمايدۇ»[1]

ئاز سۇغا چۈشكەن نىجاسەت سۇنىڭ رەڭگىنى ياكى تەمىنى، ياكى پۇرىقىنى ئۆزگەرتىۋەتمىسىمۇ، نىجاسەتنىڭ سۇغا چۈشۈشى بىلەنلا سۇنىڭ پاسكىنا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى ئىت يالاپ سالسا (يەنى ئىت ئۇنىڭ قاچىسىدىكى سۇدىن ئىچىپ سالسا)، ئۇ قاچىسىدىكى سۇنى تۆكۈۋەتسۇن ۋە قاچىسىنى يەتتە قېتىم يۇسۇن.»[2]

بۇ ھەدىس ئىتنىڭ بىر قاچىدىن سۇ ئىچىپ قويۇش بىلەن ئۇ قاچىدىكى سۇنىڭ رەڭگى ياكى تەمى، ياكى پۇرىقى ئۆزگەرمىسىمۇ سۇنىڭ پاسكىنا بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مانا بۇ سۇدا ئۆزگىرىش بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئاز سۇغا نىجاسەتنىڭ چۈشۈشى بىلەنلا ئۇ سۇنىڭ پاسكىنا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىرسى ئاقماي تۇرۇپ تۇرىدىغان سۇغا كىچىك تەرەت قىلمىسۇن. كېيىن ئۇ سۇدا يۇيۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن.»[3]

مانا بۇ ھەدىس سۇدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ نىجاسەت چۈشۈپ قالغان سۇ بىلەن يۇيۇنۇشتىن چەكلەيدۇ.

3 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرسى ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇۋەتمىگىچە قولىنى قاچىغا تىقمىسۇن. چۈنكى، ئۇ قولىنىڭ (كېچىدە

---

(1) بۇ ھەدىسنى تەھاۋىي ۋە دارى قۇتنىي ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ساھابىنى بايان قىلماستىنلا رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ماجە ۋە تەبرانىلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلدى. ئۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان يوللاردا بەزى ئاجىزلىق تەرەپلەر بولسىمۇ لېكىن، ئالىملار ئۇ ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇننىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىسا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قەيەردە قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئۇيقۇ ئارىلىقىدا قولغا تېگىپ قالغان نىجاسەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قولنى يۇيۇۋېتىشقا بۇيرىدى ۋە قولنى يۇيۇۋاتماستىن قاچىغا تىقىشتىن توستى. قولغا تېگىپ قالغان بۇ نىجاسەت قاچىدىكى سۇنىڭ رەڭگىنى ياكى تەمىنى، ياكى پۇرىقىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەگەر قولدىكى نىجاسەت (قاچىدىكى سۇنىڭ رەڭگىنى ياكى تەمىنى، ياكى پۇرىقىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ئەھۋالدىمۇ) ئۇ سۇنى چوقۇم پاسكىنا قىلمايدىغان بولسا، (قولغا تېگىپ قالغان نىجاسەتتىن) ساقلىنىشقا كەلگەن بۇيرۇقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بولاتتى.

قانچىلىك سۇنىڭ چىق سۇ ۋە قانچىلىك سۇنىڭ ئاز سۇ ھېساپلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇئەييەن بىر ئۆلچەم يوق. چۈنكى، شەرىئەت بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر ئۆلچەم بېكىتمىدى. سۇنىڭ چىق ياكى ئاز ئىكەنلىكىنى ئىنسان ئۆزى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىر ئادەمنىڭ گۇمانىغا، سۇنىڭ بۇ تەرىپىگە چۈشكەن نىجاسەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يېتىپ بارغانلىقى كۈچلۈك كەلگەن بولسا، ئۇ ئاز ۋە پاسكىنا سۇ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گۇمانىغا، سۇنىڭ بۇ تەرىپىگە چۈشكەن نىجاسەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يېتىپ بارمىغانلىقى كۈچلۈك كەلگەن بولسا، ئۇ چىق ۋە پاكىز سۇ ھېسابلىنىدۇ.[2]

ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن يىرتقۇچ ھايۋان ۋە باشقا ھايۋانلار كىلىپ ئىچىپ كېتىدىغان سۇلارنىڭ ھۆكمىدىن سورىغاندا، سۇ ئەگەر ئىككى كومزەك چىقسا چىق، ئەگەر ئىككى كومزەك چىقمىسا ئاز ھېسابلىنىدۇ، دەپ بايان قىلىپ كەلگەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر سۇ ئىككى كومزەك چىقسا، سۇ ئۆزىدە نىجاسەت كۆتەرمەيدۇ (يەنى سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ)»[3] دېگەن ھەدىسىگە، بۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلماسلىق ئۈچۈن تۆۋەندىكى جاۋابلار بېرىلدى[4] :

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «شرح المنيه»، 97 ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، نەسائىي، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھاببان، ھاكىم، دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقى قاتارلىقلار ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

(4) ئىمام شافئىي مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىككى كومزەك كېلىدىغان سۇنى جىق سۇ دەپ قاراپ ئىككى كومزەك چىققان سۇغا نىجاسەت چۈشسە تاكى ئۇ نىجاسەت ئۇ سۇنىڭ رەڭگىنى ياكى تەمىنى، ياكى پۇرىقىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگىچە سۇ پاك بولغان بولىدۇ، دېدى. ئەمما ھەنەفى ئالىملىرى ئىمام شافئىينىڭ بۇ قارىشىنى ۋە ھەمدە ئۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلمىدى. بۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەدىسكە بەرگەن يۇقىرىدىكى جاۋابلىرىدۇر. ت.

1 ـ ھەدىستە، ئۇنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى جەھەتتىن ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مەسىلە باردۇر.

بۇ ھەدىس ۋەلىد ئىبنى كەسىردىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ۋەلىد ئىبنى كەسىر بۇ ھەدىسنى بىر كۆز قاراشتا مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى زەبەيرىدىن، مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى زەبەير بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بولسا دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغانكەن.

يەنە بىر كۆز قاراشتا ۋەلىد ئىبنى كەسىر بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى ئۇبادە ئىبنى جەئفەردىن، مۇھەممەد ئىبنى ئۇبادە ئىبنى جەئفەر بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بولسا دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغانكەن.

يەنە باشقا بىر كۆز قاراشتا ۋەلىد ئىبنى كەسىر بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى زۇبەيرىدىن، مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى زۇبەير بولسا ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بولسا دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغانكەن.

بىر ھەدىسنى بىر ئادەمنى باشقا ـ باشقا ئۈچ خىل يول بىلەن رىۋايەت قىلدى، دېيىش بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىدا كۆرۈلگەن مەسىلىدۇر.

بۇ ھەدىس يەنە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەر بىلەنمۇ رىۋايەت قىلىنىدى: « ئەگەر سۇ ئىككى ياكى ئۈچ كومزەك كەلگۈدەك بولسا، سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ ». « ئەگەر سۇ بىر كومزەك چىقسا، سۇ ئۆزىدە نىجاسەت كۆتەرمەيدۇ (يەنى سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ) ». « ئەگەر سۇ تۆت كومزەك چىقسا ،،،، » مانا بۇ بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا كۆرۈلگەن مەسىلىدۇر.[1]

2 ـ ئىككى كومزەك سۇنىڭ قانچىلىك سۇ ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىش بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشتىن چەكلەيدۇ.[2]

(1) « بذل المجهود »، 1 ـ توم، 163 ــ 169 بەتلەر.

(2) بۇ ھەدىسگە ئەمەل قىلغۇچىلار ھەدىستە بايان قىلىنغان كومزەكنىڭ قانداق كومزەك ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: بۇنىڭدىن چوڭ كومزەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېسە يەنە بەزىلىرى: ئۇنداق ئەمەس، دەپ ئىككى كومزەك سۇنىڭ زادى قانچىلىك سۇ ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن. ت.

ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئىمام شافىئىنىڭ بۇ ھەدىسكە تايىنىپ سۇ ئىككى كومزەك چىقسا، چىق سۇ قاتارىدىن ھېساپلىنىدۇ، دەپ قارىشى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاجىز ۋە دەلىل جەھەتتىنمۇ يېتەرسىزدۇر. چۈنكى، كۆپلىگەن ئىلىم ئىگىلىرى بۇ ھەدىسنى تەنقىدلىگەن ۋە ئىككى كومزەك سۇنىڭ قانچىلىك سۇ ئىكەنلىكى، توغرا دەپ قارالغان بىرەر ئەسەر ياكى ئىجمادا ئۇچۇق بايان قىلىنمىغان» دەيدۇ.

تەھاۋىي: «بىز، سۇ ئەگەر ئىككى كومزەك چىقسا چىق سۇ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ، دېگەن قاراشقا قوشۇلمىدۇق. چۈنكى، ئۇ ئىككى كومزەك سۇنىڭ قانچىلىك سۇ ئىكەنلىكى ئۇچۇق بايان قىلىنمىغان» دەيدۇ. ئىبنى دەقىق ئەلئىدى: «بەزى ئالىملار بۇ ھەدىس، توغرا ھەدىسلەرنىڭ شەرتىگە چۈشىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەدىس فىقھىچىلەرنىڭ توغرا ھەدىسلەر ئۈچۈن قويغان شەرتلىرىگە چۈشىدۇ. لېكىن مەن (بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ) سۇ ئىككى كومزەك چىقسا، چىق سۇ ھېسابلىنىدۇ، دېگەن سۆزنى قىلمايمەن. چۈنكى، بىزنىڭ قولىمىزدا ئۇ ئىككى كومزەك سۇنىڭ قانچىلىك سۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىت يوقتۇر» دەيدۇ.[1]

3 ـ يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان سۇدىن يەر يۈزىگە يېيىلىپ ياتقان سۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەدىس بۇ شەكىل بىلەنمۇ رىۋايەت قىلىنغان: ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن يېرتقۇچ ھايۋان ۋە باشقا ھايۋانلار كېلىپ ئىچىپ كېتىدىغان سايدىكى سۇنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سۇ ئىككى كومزەك چىقسا، سۇ ئۆزىدە نجاسەت كۆتەرمەيدۇ (يەنى سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ).» دەپ جاۋاب بەرگەن. سۇ، سايدا كۆپۈنچى ھالەتتە يېيىلىپ ياتىدۇ. ئەگەر يەر يۈزىدە يېيىلىپ ياتقان ئىككى كومزەك سۇنىڭ تېگى، سۇنى ئۇچۇملىسا كۆرۈنۈپ قالمايدىغان دەرىجىدە چوڭقۇرلۇقتا بولغان، كەڭلىكى سۇنىڭ بۇ تەرىپىنى مىدىرلاتسا يەنە بىر تەرىپى مىدىرلىمىغىدەك دەرىجىدە كەڭلىكتە بولغان بولسا، ئۇ سۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا چىق سۇ قاتارىدىن ھېساپلىنىدۇ.[2]

(1) «إعلاء السنن»، 1 ـ توم، 173 ـ بەت.

(2) «إعلاء السنن»، 2 ـ توم، 174 ـ بەت.

بىر سۇنىڭ چىق ياكى ئاز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋاقىت بولسا، ئۇ سۇغا نىجاسەت چۈشكەن ۋاقىتتۇر. ئەگەر سۇ نىجاسەت چۈشكەن چاغدا چىق بولغان، چۈشكەن نىجاسەتنىڭ ھېچقانداق ئەسىرى سۇدا كۆرۈلمىگەن بولسا، سۇ كېيىن قۇرۇپ ئاز قالغان بولسىمۇ ئۇ سۇ پاكىز ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر سۇ نىجاسەت چۈشكەن چاغدا ئاز بولغان، كېيىن ئۇنىڭغا سۇ قوشۇلۇپ چىق بولغان بولسىمۇ ئۇ سۇ يەنە پاكىز ھېساپلانمايدۇ.[1]

ئېقىپ تۇرىدىغان سۇ (ئەمەلىيەتتە ئاز بولسىمۇ) چىق سۇنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۇ تاكى ئۇنىڭدا نىجاسەتنىڭ بىر ئەسىرى كۆرۈلمىگىچىلىك پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ.

مۇنچىنىڭ كۆلچىكىدىكى سۇنىڭ ھۆكمىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يۇقىرىدىن سۇ چۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە چۈشكەن سۇ بىر تەرەپتىن ئۇسسۇلۇپ تۇرىلىدىغان بولسا، ئاققان سۇنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن مۇنچىنىڭ كۆلچىكىدىكى سۇ تاكى ئۇنىڭدا چۈشكەن نىجاسەتنىڭ بىرەر ئەسىرى كۆرۈلمىگىچىلىك پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ[2].[3]

ئەگەر بىر ئادەم نىجاسەت بار قولىنى مۇنچىنىڭ كۆلچىكىگە تىققان، كۆلچەكتىكى سۇ ئاقمايدىغان (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا بىر يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدىغان)، كۆلچەككە يېڭى سۇ چۈشمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن بىرەر كىشىمۇ سۇ ئالمايدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە كۆلچەكنىڭ سۈيى پاسكىنا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆلچەكتىن سۇ ئېلىنىپ تۇرىدىغان، لېكىن ئۇنىڭغا يېڭى سۇ چۈشمەيدىغان بولسا، يەنە ئۇ كۆلچەكنىڭ سۈيى پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ كۆلچەككە يېڭى سۇ كىرىپ تۇرىدىغان، بىر تەرەپتىن سۈيى ئېلىنىپ تۇرىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ كۆلچەكنىڭ سۈيى پاكىز ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ سۇ بۇ ھالەتتە ئېقىپ تۇرىدىغان سۇغا ئوخشاشتۇر.[4]

ئەگەر كۆلچەكنىڭ پاسكىنا سۈيىگە تاكى ئۇ تېشىپ چىقىپ كەتكىدەك

(1) «شرح المنيه»، 101 ـ بەت.

(2) مەسىلەن: بىر مۇنچىدا تۇربا بىلەن سۇ چۈشۈپ تۇرىدىغان كىچىك كۆلچەك بولغان، يۇيۇنىدىغانلار ئۇنىڭغا چۈشۈپ تۇرغان سۇنى بىر تەرەپتىن ئېلىپ يۇيۇنۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىكى سۇنىڭ ھۆكمى ئېقىپ تۇرىدىغان سۇنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇ سۇ تاكى ئۇنىڭغا چۈشكەن نىجاسەتنىڭ ئەسىرى كۆرۈلمىگىچىلىك پاكىز ھسابلىنىدۇ. ت.

(3) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 190 ـ بەت.

(4) «شرح المنيه»، 103 ـ بەت.

دەرىجىدە يېڭى سۇ كىرگەن بولسا، كۆلچەكنىڭ سۈيى پاكىزلىنىدۇ. پاسكىنا سۇنىڭ پاكىزلىنىشى نىجاسەتنىڭ كۆلچەكتە قېلىپ قالغانلىقى چۇقۇم بولمىغانلىقى ۋە ئۇ سۇنىڭ ئېقىپ تۇرغۇچى سۇغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈندۇر.[1]

سۇ ئاز بولسىمۇ تۇخۇ ۋە غازدىن باشقا كەپتەر ۋە قۇچقاچقا ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان قۇشلارنىڭ مايىقى سۇغا چۈشسە، سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇ قۇشلارنىڭ مايىقلىرىدىن ساقلىنىشنىڭ قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا ساھابىلار ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئەۋلادلار مەسجىدلەرنى پاكىز تۇتۇشقا كەلگەن بۇيرۇق بار تۇرۇقلۇقمۇ مەسجىدلەردە ھەتتا ھەرەم مەسجىدىدىمۇ كەپتەرلەرنى بېقىشقا رۇخسەت بەرگەن.

ئەمما كۆللەر ۋە قۇدۇقلارغا ئوخشاش تېپىسىنى يېپىش ۋە بىرەر نەرسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان يەرلەردىكى سۇغا (ھۆپۈپ ۋە سۇندۇككا ئوخشاش) گۆشى يېيىلمەيدىغان ئۇچارلىقلارنىڭ مايىقى چۈشسە، ئۇ سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. ئەمما ئۇ ئۇچارلىقلارنىڭ مايىقى قاچىدىكى سۇغا چۈشسە، قاچىنى يېپىپ قويۇش بىلەن ماياقنىڭ چۈشۈشىدىن ساقلانغىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ قاچىدىكى سۇ پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ.[2]

ئەگەر (گۆشى يېيىلمەيدىغان ئۇچارلىقلارنىڭ) مايىقى بىر كىيىمنىڭ تۆتتەن بىر ۋە ئۇنىڭدىن چىق قىسمىغا يۇقۇپ قالغان بولسا، ئۇ كىيىم پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ[3]. (ئەگەر ئۇچارلىقلارنىڭ مايىقى بىر كىيىمنىڭ تۆتتەن بىر ۋە ئۇنىڭدىن ئاز قىسمىغا يۇقۇپ قالغان بولسا، ئۇ كىيىم پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ). چۈنكى ئۇ ماياقلار، ئۇلاردىن ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن يەڭگىل نىجاسەتلەرنىڭ قاتارىدىن ھېساپلىنىدۇ[4].[5]

بىلىق ۋە قۇمچاققا (يەنى پاقىغا) ئوخشاش سۇدا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ سۇدا ئۆلۈپ قېلىشى بىلەن سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سۇدا ياشايدىغان ھايۋانلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئاققىدەك قان چىقمايدىغان چىۋىن،

(1) «شرح المنيه»، 104 - بەت.

(2) «مراقي الفلاح وحاشية الطحطاوي».

(3) بىر كىيىم دېگەن سۆزدىن پۈتۈن بىر كىيىم كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. ئەكسىچە بىر يەڭ بىر كىيىم، پەش بىر كىيىم ھېساپلىنىدۇ. ت.

(4) ئەگەر ئۇ مايىقلار كىچىك، چوڭ تەرەت ۋە قانلارغا ئوخشاش ئېغىر نىجاسەتنىڭ قاتارىدىن سانىلىدىغان بولسا، ئۇ كىيىمنىڭ تۆتتەن بىر قىسمىغا كەلگىدەك جىق ئەمەس ئۇنىڭ كىچىككىنە يېرىگە يۇقسىمۇ كىيىم پاسكىنا ھېساپلىناتتى. ت.

(5) «شرح المنيه»، 149 - بەت.

چايان، چىكەتكە ۋە پاشىغا ئوخشاش ھاشارەتلەرنىڭ سۇدا ئۆلۈپ قېلىشى بىلەنمۇ سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ.

بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشسە، چىۋىننى چۆكۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئېلىپ تاشلىۋەتسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قانىتىدا كېسەللىك ۋە يەنە بىر قانىتىدا شىپالىق باردۇر.»(1)

مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بىر قاچىغا چىۋىن چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇ قاچىدىكى نەرسىنىڭ پاسكىنا بولۇپ قالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلمىدى. ئاققىدەك قان چىقمايدىغان باشقا ھاشارەتلەرمۇ بۇ ھەقتە چىۋىنگە قىياس قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆكمىمۇ چىۋىننىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ.

2 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلمانغا (يەنى ماڭا): «ئى سەلمان! قېنى يوق بىرەر ھاشارەت تاماقتا ياكى سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، تاماقنى يېيىشكە ۋە سۇنى ئېچىشكە ۋە ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ»(2) دېگەن.

سۇ ئاز بولسىمۇ ئېغىزىدا نىجاسەت بولمىغانلا بولسا ئۇنى تۆگە، كالا، قوي ۋە ئاتقا ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئېچىپ قويۇشى بىلەن سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شالۋىقى (يەنى شالۆكى) ئۇلارنىڭ گۆشىدىن چىقىدۇ. گۆشى پاك بولغان ئىكەن (شالۆكلىرىمۇ ئەلۋەتتە پاك بولىدۇ).

ئاز سۇ ئىت ياكى چۈشقىنىڭ ئېچىپ قويۇشى بىلەن پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنى ئىتنىڭ يالاپ قويۇشى بىلەن ئۇ قاچىنى يۇيۇشقا بۇيرۇغان. ئەمما چوشقا بولسا، ئىنتايىن پاسكىنا نەرسىدۇر.

سۇ ئاز بولسا، ۋە ئۇنىڭدىن شىر، تۈلكە، يولۋاس ۋە مايمۇنغا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئېچىپ قويۇشى بىلەن سۇ پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شالۋىقلىرى (يەنى شالۆكلىرى) ئۇلارنىڭ گۆشلىرىدىن چىقىدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنى، بەيھەقي ۋە ئىبنى ئەدىيى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئۇلارنىڭ گۆشلىرى پاكىنا بولغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ شالۋىقلىرىمۇ ئەلۋەتتە پاكىنا بولىدۇ). بۇ ھايۋانلارنىڭ سۈنى ئىچىپ قويۇشى بىلەن سۈنىڭ پاكىنا بولۇپ قېلىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىچىدە ئەمرى ئىبنى ئاسمۇ بار بىر تۈركۈم ئادەملەر بىلەن بىر يەرگە بارغان، ئۇلار (يول يۈرۈپ) بىر كۆلنىڭ يېنىغا كەلگەن، ئەمرى ئىبنى ئاس: ئى كۆلنىڭ ئىگىسى! (سۇ ئىچىش ئۈچۈن) كۆلۈڭگە يىرتقۇچ ھايۋانلار كېلەمدۇ؟ دەپ سورىغان، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ: ئى كۆلنىڭ ئىگىسى! بۇ ھەقتە بىزگە بىر نەرسە دېمىگىن، (بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى) بىزمۇ كېلەيلى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ كەلسۇن، دېگەن قىسسىدۇر.

مانا بۇ قىسسىدە ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ كۆلگە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كېلىش ياكى كەلمەسلىكىدىن سورىشى بولسا، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيۈنىڭ پاكىنا بولىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق سوراپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بولاتتى. ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ: <ئى كۆلنىڭ ئىگىسى! بۇ ھەقتە بىزگە بىر نەرسە دېمىگىن> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا، سەن بىزگە ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىگىن. چۈنكى، ئەگەر سەن بىزگە ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېسەڭ، (ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىز بىلگەن بولىمىز ۋە بىز بۇ سۈدىن پايدىلىنالمايمىز)، شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالساق ۋە بۇ ھەقتىمۇ سوراپ يۈرمىسەك ئۇلارنىڭ كېلىپ (سۇ ئىچىپ كەتكىنى) بىزگە زەرەر قىلمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.[1] ئەگەردە ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيى پاكىز بولىدىغان بولسا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ كۆل ئىگىسىنى (يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۆلگە كېلىش ياكى كەلمەسلىكى ھەققىدە) بىر نەرسە دېيىشتىن چەكلىمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشى ئۇلارغا ھېچقانداق زەرەر قىلمايتتى.[2]

(1) شۇنىڭغا ئاساسەن بىر نەرسىدە ھارام نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ھارامدۇر. ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ھارام ئەمەستۇر. مەسىلەن: بىر تاماقتا ھارام بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا نىجاسەتنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۇ تاماقنى يېيىشى ھارامدۇر. شۇنداق بولغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەم ئۇ تاماقنى يىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. توغرۇسىنى الله تائالا بىلىدۇ. ت.

(2) «إعلاء السنن»، 1 ـ توم، 205 ـ بەت.

سۇ، قارچىغى، بۈركۈت، لاچىن ۋە قارغىغا ئوخشاش گۆشى يېيىلمەيدىغان يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئىچىپ قويۇشى بىلەن پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. (يىرتقۇچ قۇشلار بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق بولسا)، يىرتقۇچ قۇشلار سۇنى تۇمشۇقى بىلەن ئىچىدۇ. تۇمشۇق بولسا پاكىز سۆڭەكتۇر. ئەمما يىرتقۇچ ھايۋانلار سۇنى تىللىرى بىلەن ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدە پاسكىنا شالۋۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تىللار پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ. ئەمما پاكىز سۇ بولسا يىرتقۇچ قۇشلار ئىچىپ قويغان سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، يىرتقۇچ قۇشلار ئۆلۈكلەرنى ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنى يېيىدۇ.

ئەگەر پاسكىنا نەرسىلەرنى يېيىش مۇمكىن بولمايدىغان سولاپ بېقىلغان تۇخۇغا ئوخشاش، بىرەر قوشنىڭ تۇمشۇقىدا پاسكىنا نەرسىنىڭ يوقلىقىغا ئىشەنچە قىلالىساق، ئۇنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيىدە تاھارەت ئېلىش مەكرۇھ ئەمەستۇر. ئەمما قويۇپ بېرىلگەن تۇخۇنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيىنى ئىشلىتىش ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا نىجاسەتنىڭ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن مەكرۇھتۇر.

سۇنى (مۈشۈككا ئوخشاش) ئۆيدە ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىچىپ قويۇشى بىلەن، سۇ پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. بۇلار ئىچىپ قويغان سۇنىڭ پاسكىنا ھېساپلانماسلىقىنىڭ سەۋەبى زۆرۈرىيەت ۋە ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆيدە ياشايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈشۈك ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مۈشۈك نىجاسەت ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ قاتارىدىندۇر.»[1] لېكىن، مۈشۈك (ساچقاندەك) نىجاسەت نەرسىنى يېيىشتىن ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىپ ئاشۇرۇپ قويغان سۈيىدە تاھارەت ئېلىش مەكرۇھتۇر.

تاھارەت ئالغان ياكى يۇيۇنغان بىر سۇدا نىجاسەت بارلىقى بىلىنگەن بولسا، سۇغا نىجاسەتنىڭ قاچان چۈشكەنلىكى تاكى ئېنىق بىلىنگەنگە قەدەر سۇ نىجاسەت بارلىقى بىلىنگەن ۋاقىتدىن باشلاپ پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ.

سۇدا ھايۋاننىڭ ئۆلۈكى تېپىلسا، ئۇ سۇ ھايۋان چۈشكەن ۋاقىتتىن باشلاپ پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ھايۋاننىڭ سۇغا قاچان چۈشكەنلىكى

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى.

بىلىنمىسە، ئەگەر هايۋان ئىپسلمىگەن بولسا، سۇ بىر كىچە - كۈندۈزدىن باشلاپ پاسكىنا هېساپلىنىدۇ. ئەگەر هايۋان ئىپسلگەن بولسا، سۇ ئۈچ كىچە - كۈندۈزدىن باشلاپ پاسكىنا هېساپلىنىدۇ. مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ سۇ بىلەن تاهارەت ئېلىنىپ ئوقۇلغان نامازلار قايتا ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ سۇ بىلەن يۇيۇلغان نەرسىلەرمۇ قايتا يۇيۇلىدۇ.[1]

## ئىككىنچى: تۇپراق

ئىسلام دىنى (سۇ يوق ياكى ئۇنى ئىشلەتسە زىيان قىلىدىغان، ياكى كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن سۇنى ئىشلىتەلمەيدىغان سەۋەبلەر بىلەن) سۇنى ئىشلىتىش قىيىن بولۇپ قالغان چاغلاردا، تاهارەتسىزلىكتىن تۇپا بىلەن پاكلىنىشنى يولغا قويدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى هاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا ، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى الله بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر)»[2] تۇپا بىلەن پاكىزلىنىش ھەقىقىي پاكىزلىنىش ئەمەس ھۆكمەن پاكىزلىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى تەيەممۇمنى تاكى تەيەممۇم قىلىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەبلەر تۈگىگەنگە قەدەر ۋاقىتلىق ۋە ھۆكمەن تاهارەت دەپ قارىدى. ئەگەر تەيەممۇم قىلىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەبلەر تۈگىسە، تەيەممۇم قىلغان ئادەم ئىلگىرىكى تارەتسىزلىكى بىلەن تەبىئىيلا تاهارەتسىز هالىتىگە قايتىدۇ. ھەتتا ئۇقۇماقچى بولغان نامىزىنى[3]، ئەگەر ئىلگىرىكى تاهارەتسىزلىكى كىچىك تاهارەتسىزلىك بولغان بولسا تاهارەت ئالمىغىچە، ئەگەر ئىلگىرىكى تاهارەتسىزلىكى چوڭ تاهارەتسىز بولغان بولسا يۇيۇنمىغىچە ئوقۇيالمايدۇ.

تاهارەتسىزلىكتىن ئىبارەت ھۆكمەن نىجاسەتلىك تۇپا بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك پاكىزلىنىدۇ. ئەمما ماددىي نىجاسەتكە كەلسەك، بۇ

(1) «الهدية العلائية»، 9 - بەت.

(2) سۈرە نىسا 43 - ئايەت.

(3) «بدائع الصنائع»، 1 - توم، 58 - بەت.

خىلدىكى نىجاسەتتە تۇيۇنى قۇللىنىشىمىز تۇپا بىلەن ئۇ نىجاسەتنى پەقەت پاكىزلاپ چىقىرۋېتىشىمىز ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئۇ نىجاسەتنى ئازايتىشىمىز ئۇچۇندۇر.[1] شۇنىڭ ئۇچۇن ئاياقىقا (چوڭ تەرەتكە ئوخشاش) قاتتىق نىجاسەت يوقۇپ قۇرۇپ قالغان، ئاندىن ئاياق تۇپىغا سۇرتۇلگەن بولسا، ئاياق پاكىز ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرىڭلار مەسجىدكە كەلگەندە، (ئايىغىغا) قارىسۇن. ئەگەر ئايىقىدا بىرەر پاسكىنا نەرسىنى كۆرسە، ئايىقىنى (تۇپىغا) سۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسىدۇر.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار ئايىقى بىلەن پاسكىنا بىر نەرسىگە دەسسەپ سالسا، تۇپا ئايىقىنى پاكىزلىغۇچىدۇر (يەنى ئۇ، تۇپا بىلەن ئايىقىنى پاكىزلىسۇن). »[3]

ئەگەر ئاياققا كىچىك تەرەتتەك سۇيۇق نىجاسەت يۇققان، ئاندىن قۇم ياكى تۇپا ئۈستىدە ماڭغان، ئۇنىڭغا (قۇم ياكى تۇپا چاپلىشىپ قۇرۇپ قالغان)، ئاندىن ئاياقنى يەرگە سۇركىگەن (ۋە شۇنىڭ بىلەن چاپلاشقان قۇم ياكى تۇپا) چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئاياق پاكىزلانغان ھېساپلىنىدۇ.[4]

تۇپا يەنە ئىت سۇ ئىچىپ قويۇش بىلەن پاسكىنا بولۇپ قالغان قاچىلارنى پاكىزلاش ئۇچۇنمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىت يالاپ قويغان قاچىلىرىڭلارنى پاكىزلاش ئۇچۇن ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇش لازىمدۇر. يۇيۇشنىڭ دەسلىۋى تۇپا بىلەن بولىدۇ. »[5]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر، ئىت يالاپ سالغان قاچىنى ئۈچ قېتىم يۇسا يېتەرلىك بولىدۇ، ئەمما يەتتە قېتىم يۇيۇش مۇستەھەپتۇر، دەپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستىكى (قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش ئۇچۇن) كەلگەن بۇيرۇقنى (ۋۇجۇپقا ئەمەس) مۇستەھەپكە قاراتتى ۋە ئۈچ قېتىم يۇسا يېتەرلىك

(1) چۈنكى، ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇپا بىلەن نىجاسەتنى سۇدا يۇغانغا ئوخشاش چىقارغىلى بولمايدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ھەببان ۋە ئىبنى خوزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ھەببان ۋە ئىبنى ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) «رد المحتار»، 1 - توم، 310 - بەت.

(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولىدىغانلىقىغا ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ئەسەرنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىت بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى يالاپ قويسا، قاچىدىكى سۇنى تۆكۈۋەتىپ قاچىنى ئۈچ قېتىم يۇسۇن.»[1]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇشنىڭ لازىم ئەمەسلىكى ئۈچۈن تۆۋەندىكى جاۋاپلارنى بەردى[2]:

يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىس ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەدىستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ئىت بېقىش ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇغان. ھەتتا ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكىمۇ بۇيرۇغان. بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزى بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغانلىقى (يەنى ئەبۇھۇرەيرە ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇمىغان) ۋە ئىت قاچىنى يالاپ قويسا، ئۇنىڭ سۈيىنى تۆكۈۋەتىپ ئۇنى ئۈچ قېتىم يۇسۇن، دېگەنلىكىدۇر. ئەگەر ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىدىكى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىسنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان باشقا بىر ھۆكۈمنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا تايىنىپلا ئۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ قويمايتتى (يەنى ئۇنىڭ ئۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ قويغانلىقى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان باشقا بىر ھۆكۈمنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈندۇر).

2 ـ ھەدىستىكى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا ۋە ئۇنىڭ دەسلىۋى تۇپا بىلەن سۈركەشكە بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق بىلەن ئەسەردىكى ئۈچ قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇقنىڭ ئارىلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەدىستىكى بۇيرۇق

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەدىيە رىۋايەت قىلغان.

(2) مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر: ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش لازىم، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى بولسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستۇر. ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر: ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش لازىم ئەمەس، ئۇنى ئۈچ قېتىم يۇسا يېتەرلىك بولىدۇ، ئەمما يەتتە قېتىم يۇيۇش مۇستەھەپتۇر، دەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئىت يالاپ قويغان قاچىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن يۇقىرىدىكى ئەسەردۇر ۋە باشقا مەزھەپتىكىلەر دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىسقا بەرگەن يۇقىرىدىكى جاۋابلىرىدۇر. ت.

مۇستەھەپكە ۋە ئەسەردىكى بۇيرۇق ۋاجىپقا قارىتىلىدۇ. چۈنكى ساھابىگە، ئۆزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە خىلاپ بىر سۆزنى قىلىش لايىق كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ، ئۆزىنىڭ (<ئىت بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى يالاپ قويسا، قاچىدىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپ ئۇنى ئۈچ قېتىم يۇسۇن>) ئەسىرى ئارقىلىق ھەدىستىكى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇقنى مۇستەھەپكە ۋە ئۈچ قېتىم يۇيۇشنى ۋاجىپقا قاراتقانلىقىدا شەك يوق.

3 ـ ئىت يالاپ قويغان قاچىنى سەككىز قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇقمۇ باردۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان. كېيىن «ئۇلار بىلەن ئىتلارنىڭ جىنايىتى نېمە؟» دەپ ئوۋ ئىتى بىلەن پادا ئىتىنى بېقىشقا رۇخسەت قىلغان ۋە: «ئەگەر ئىت قاچىنى يالاپ قويسا، قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار ۋە قاچىنى سەككىزىنچى قېتىمدا تۇپىغا سۈركەڭلەر»[1] دېگەن.

ئەگەر يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدىغان، ئۇ ھۆكمى ئەمەل قېلىشتىن قالدۇرۇلمىغان ھەدىس بولىدىغان ياكى ھەدىس (ۋاجىپقا ئەمەس) مۇستەھەپكە قارىتىلمايدىغان بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رىۋايەت قىلغان سەككىز قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىشتىن ياخشىدۇر. چۈنكى، (ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رىۋايەت قىلغان ھەدىس ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان ھەدىستىن) بىر قېتىم يۇيۇشنى ئارتۇق بايان قىلىپ كەلدى. ئارتۇق بايان قىلغان ھەدىسكە ئەمەل قىلىش كەم بايان قىلغان ھەدىسكە ئەمەل قىلىشتىن ياخشىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سۇ بىلەن ئۆلمىگەن نۇرغۇنلىغان مىكروپلارنىڭ تۇپا ئارقىلىق ئۆلىدىغانلىقى ئىلمي جەھەتتىن ئىسپاتلاندى. شۇنىڭغا ئاساسەن مەزكۇر ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ھەدىس مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىلەرنىڭ ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى تۇتۇپ ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش ۋاجىپ ۋە ئۇ قاچىنى پاكىزلاش ئۈچۈن تۇپا ئىشلىتىش ۋاجىپ، دېگەن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كۆزقاراشلىرىنى كۈچلاندۇرىدۇ.

## ئۈچىنچى: ئۇۋۇلاش

مەنىي يوقۇپ قالغان كىيىم ـ كېچەكلەر مەنىي قورۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇۋۇلاش بىلەن پاكىز بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەنىي ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىگە (يوقۇپ قالغان مەنىينى) ئۇۋۇلۇغانلىقىمنى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلىمەن». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدى: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىگە (يوقۇپ قالغان مەنىي) قورۇغاندىن كېيىن ئۇنى تىرناقلىرىم بىلەن تاتىلاپ (چۈشۈرۋاتقانلىقىمنى) بىلىمەن.»[1]

ئەمما مەنىي ھۆل بولسا، ئۇ ئۇۋۇلاش بىلەن پاك بولمايدۇ. ئۇنى يۇيۇش لازىمدۇر. ھۆل مەنىينى يۇيۇشنىڭ لازىملىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن كىيىم ـ كېچەككە يۇقۇپ قالغان مەنىينىڭ ھۆكمىنى سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ‹مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىگە يۇقۇپ قالغان مەنىينى يۇياتتىم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمى (يۇغان يەر تېخى قۇرۇماي) ھۆل پېتى بولسىمۇ نامازغا چىقىۋېرەتتى› دەپ جاۋاپ بەرگەن.»[2]

2ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىدىكى مەنىي قورۇق بولسا ئۇۋۇلايتتىم، ھۆل بولسا يۇياتتىم.»[3]

3 ـ بىر ئادەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (كىيىمگە يۇقۇپ قالغان) مەنىينىڭ ھۆكمىنى سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئەگەر مەنىي ھۆل بولسا ئۇنى يۇغىن، قورۇق بولسا ئۇنى تاتىلاپ چۈشۈرۈۋەتكىن، ئەگەر مەنىي (كۆزگە) كۆرۈلمىگىدەك بولسا ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ چاشقىن»[4]

---

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(3) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي، تەھاۋىي ۋە ئەبۇئۇۋانە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

دېدى.

**4 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىيىمگە يۇقۇپ قالغان مەنىي ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇنى كۆرەلىسەڭ ئۇنى يۇغىن. ئەگەر كۆرەلمىسەڭ ئۇنىڭغا سۇ چاچقىن.»[1]**

**5 ـ يەھيا ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر توپ كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن ئۆمرە ھەج قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمرى ئىبنى ئاسمۇ بار ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ كەچ كېلىپ چۈشكەن بىر كېچىدە ئېھتىلام بولۇپ قېلىپتۇ. ئۆمەر توپتىكى ئادەملەردىن (سۇ ئىزلەپ) تاكى تاڭ يورۇپ قالاي دېگەنگە قەدەر سۇ تاپالمىدى. كېيىن سۇ تېپىلغاندا تاڭ يورۇپ (نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتەي دېسىمۇ) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (كىيىمگە يۇقۇپ قالغان) مەنىينى يۇيۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمرى ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا: ئى ئۆمەر! بىزدە بار كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ كىيىمڭنى كېيىنچە يۇغىن، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ۋاي ساڭا ئى ئەمرى! سەن (ئېھتىلام بولۇپ قالغاندا ئالماشتۇرغىلى) باشقا كىيىم تاپالىغىنىڭ بىلەن ھەممە ئادەملەر باشقا كىيىم تاپالامدۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن (مەنىي يۇقۇپ قالغان كىيىمنى يۇماي) ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا كىيىم ئالماشتۇرسام، بۇ ئىش بىر سۈننەت بولۇپ قالىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن) مەن (كىيىمگە يۇقۇپ قالغانلىقىنى) كۆرگەن مەنىينى يۇيىمەن، كۆرمىگىنىمگە سۇ چاچىمەن، دېگەن.»[2]**

**ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى كىيىمگە يۇقۇپ قالغان مەنىينى يۇيۇش ئۈچۈن شۇنداق كېچىكتۈرۈۋەتتىكى، ھەتتا ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا نارازى بولغان. ئەگەر (كىيىمگە يۇقۇپ قالغان مەنىينى) بىر لاتا بىلەن سۈرتىۋەتسە، كىيىم پاكىز بولىدىغان ئىش بولسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭغا كىيىمنى كېيىنچە يۇيۇشقا مەسلىھەت بەرگەن تۇرۇقلۇق نامازنى ئۇنچىلىك كېچىكتۈرمىگەن بولاتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەگەر مەنىي ھۆل بولسا، ئۇنى يۇيۇشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.**

(1) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلدى.

ئەمما ئىمام ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمەۋە بەيھەقى قاتارلىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھۆل) مەنىينى كىيىمدىن ئىزخىرنىڭ يىلتىزى بىلەن چۇشۇرۇۋېتاتتى، ئەگەر ئۇ قۇرۇق بولسا ئۇۋۇلايتتى» دېگەن ئەسەر بولسا، ھەم مەزمۇن ھەم رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى جەھەتتىن مەسىلە بار دەپ تەنقىد قىلىنغان ئەسەردۇر. ھەمدە بۇ ئەسەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: <قۇرۇق مەنىينى ئۇۋۇلىغان ۋە ھۆل مەنىينى يۇغان> ئىشەنچىلىك يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان قىلمىشلىرىغا زىتتۇر.[1]

ئەگەر مەنىي ئادەمنىڭ تېنىگە يۇقۇپ قالسا، مەنىينى تەندىن ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن تەن پاك بولمايدۇ. چۈنكى، مەنىي يۇقۇپ قالغان كىيىمنى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن ئۇ كىيىمنىڭ پاك بولۇشى قىياسقا خىلاپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقىسى قىياس قىلىنمايدۇ[2]. چۈنكى، تەننىڭ قىززىقلىقى مەنىينىڭ ھۆللۈكىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. كېيىن ئادەمنىڭ تەرلىشى بىلەن تەندىكى مەنىي ئايالىغا يوقىدۇ. ھەمدە ئۇۋۇلاش بىلەن تەن سۈمۈرۋالغان ۋە تەنگە يۇقۇپ قالغان مەنىيلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتمەيدۇ.[3]

ئەگەر كىچىك تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەرەت يولىنى تېخى سۇ بىلەن تازىلاپ بولغىچە مەنىي چىققان بولسا، بۇ مەنىي سۈيدۈك بىلەن ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەنلا پاك بولمايدۇ. چۈنكى، سۈيدۈك ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن پاك بولمايدۇ. ئەمما مەنىي ئېتىلىپلا چىققان ياكى سۈيدۈك ئالدى تەرەت يولىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ قالماي چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن مەنىي چىققان بولسا، بۇ ھالەتتە مەنىي سۈيدۈككە ئارىلىشىپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن مەنىي ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن پاكىزلىنىدۇ.[4]

خۇددى يۇيۇلغاندىن كېيىن ئەسىرى قېلىپ مەنىي (كىيىمنىڭ پاكىزلىقىغا) ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمىگىنىدەك ئۇۋۇلىۋېتىلگاندىن كېيىن كىيىمدە

(1) «إعلاء السنن»، 1 ـ توم، 277 ـ بەت.

(2) يەنى ئەسلىدە مەنىي يۇقۇپ قالغان كىيىمنى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن ئۇ كىيىمنىڭ پاك بولۇشى قىياسقا خىلاپ بىر ئىشتۇر. قىياس بويىچە ئېيتقاندا ئۇ كىيىم ئۇۋۇلاش بىلەن پاك بولمايتۇ. ئەمما بۇھەقتە ھەدىس كەلگەنلىكى ئۈچۈن قىياس ئەمەل قىلىنماي تاشلاپ قويۇلدى. ئەمما تەنگە يۇقۇپ قالغان مەنىينىڭ ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن پاك بولۇش ھەققىدە ھەدىس كەلمىگەن بولغاچقا، تەننى كىيىمگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ تەنگە يۇيۇپ قالغان مەنىينمۇ ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن تەن پاك بولىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە قىياسقا خىلاپ كەلگەن نەرسىگە باشقا بىر نەرسىنى قىياس قىلماسلىق بىر قائىدىدۇر. ت.

(3) «شرح المنيه»، 182 ـ بەت.

(4) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 314 ـ بەت.

قېلىپ قالغان مەنىيمۇ (كىيىمنىڭ پاكىزلىقىغا) ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىدىكى مەنىينى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا يۇغانلىقنىڭ ئەسىرىنى كۆرەتتىم» دېگەن سۆزىدۇر.

ئەگەر مەنىينى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن پاك بولغان بىر كىيىمگە سۇ تەگسە، ئۇ كىيىم پاسكىنا بولغان بولمايدۇ. چۈنكى، بىر قېتىم پاكىز بولۇپ بولغان نەرسە، ئۇنىڭغا قايتا بىر نىجاسەت يوقمىغىچىلىك پاسكىنا بولمايدۇ.[1]

ئەگەر چوڭ ياكى كىچىك تەرەتنى تاش بىلەن پاكىزلىغان ئادەم مۇنچىنىڭ كىچىك كۆلچىكىگە كىرگەن بولسا، ئۇ كۆلچەكتىكى سۇنى پاسكىنا قىلىدۇ. چۈنكى، تاش تەندىكى سۇ بىلەن پاكىزلىنىدىغان يەردىكى (كىچىك ۋە چوڭ تەرەت يوللىرىدىكى) نىجاسەتنى پۈتۈنلەي پاكىزلىيالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۇ يەردىكى نىجاسەتنى ئازايتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئۇ يەردىكى نىجاسەتكە تېگىش بىلەن پاسكىنا بولىدۇ. چۈنكى، نىجاسەتنىڭ ئەسىرى سۇدا كۆرۈلمىسىمۇ ئاز سۇ ئاز نىجاسەت بىلەنمۇ پاسكىنا بولىدۇ. ئەمما مەنىينى ئۇۋۇلىۋېتىش ئۇ مەنىينى پۈتۈنلەي پاكىزلىغۇچىدۇر. ئۇنىڭ قېلىپ قالغان ئەسىرىمۇ پاكىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قېلىپ قالغان ئۇ ئەسىرى سۇغا تېگىش بىلەن ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.[2]

ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن پاكىزلىنىش مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن پەقەت ئىنساننىڭ مەنىيگىلا خاستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقا بىر نەرسىنىڭ مەنىيىينى قىياس قىلىش بولمايدۇ.[3] چۈنكى، كىيىمنىڭ ئۇنىڭغا يۇقۇپ قالغان مەنىينى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن پاكىز بولۇشى قىياسقا خىلاپ بىر ئىشتۇر. بەزى ئالىملار: «كىيىم - كېچەكنىڭ ئۇنىڭغا يۇقۇپ قالغان مەنىينى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن پاكىزلىنىشىدىكى ھېكمەت بولسا، بۇ ئىش ھەممە كىشىلەر

(1) «شرح المنيه»، 156 - بەت.

(2) «رد المختار»، 1 - توم، 314 - بەت.

(3) مەسىلەن: كىيىمگە ھايۋاننىڭ مەنىيىي يۇقۇپ قالغان بولسا، ئۇ مەنىينى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن كىيىم پاكىزلانمايدۇ. ت.

دۇچار كېلىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر» دەيدۇ.[1][2]

## تۆتىنچى: سۈرتۈش

ئەينەك، قىلىچ، سىلىق تاش، ئەينەكلەر، پىچاق ۋە مايلانغان قاچىغا ئوخشاش سىڭىشچى يوق قاتتىق سىلىق جىسىملەرگە ھۆل ياكى قۇرۇق نىجاسەت يۇقۇپ قالغان، ئاندىن ئۇنى تاكى ئۇنىڭدىكى نىجاسەتنىڭ ئەسىرى يوقالغىچە (توپىغا) سۈرتكەن بولسا، ئۇ نەرسە پاكىز بولىدۇ. چۈنكى، نىجاسەت ئۇ نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتەلمەيدۇ. سىلىق يۈزىگە يۇققان نىجاسەت بولسا (توپىغا) سۈرتۈش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ساھابىلارنىڭ قىلىچلار بىلەن كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن قىلىچلارنى يۇماستىن (توپىغا) سۈرتۈۋېتىپ (قىلىچلارنى يانلىرىغا ئېسىپ تۇرۇپ) ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

ئەگەر نىجاسەت داتلاپ قالغان بىر نەرسىگە يۇقۇپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسە (توپىغا) سۈرتۈش بىلەن پاك بولمايدۇ. چۈنكى، نىجاسەت داتلارنىڭ ئىچىگىمۇ كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنى يۇيۇش لازىمدۇر.[3]

ئەگەر پىچاققا قان يۇقۇپ قالغان، ئاندىن ئۇنى توپىغا سۈرۈتكەن بولسا، پىچاق پاكىز بولىدۇ. چۈنكى، مەقسەد ئۇنىڭغا يۇققان نىجاسەتنىڭ ئەسىرىنى يوقۇتۇۋېتىشتۇر. بۇ ئىش پىچاقنى توپىغا سۈرتۈۋېتىش بىلەنمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.[4]

## بەشىنچى: قۇرۇتۇش

قۇرۇتۇش پەقەت پاسكىنا تۇپراقنى پاكىزلايدىغانلا قۇرالدۇر. ئەگەر پاسكىنا تۇپراق قۇرۇسا ۋە ئۇنىڭدا نىجاسەتنىڭ ھېچقانداق ئەسىرى كۆرۈلمىسە، ئۇ تۇپراق پاكىز بولغان ھېساپلىنىدۇ.

دەرەخ، ئوت - چۆپ، شېغىل تاش ۋە قومغا ئوخشاش زېمىن تىپىدىن

(1) يەنى بۇ ئىش ھەممە ئادەم دۇچار بولىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن اللہ تائالا ئاسانلىق قىلىپ بېرىپ كىيىمگە يۇقۇپ قالغان مەنىينى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن كىيىمنىڭ پاكىز بولىدىغانلىقىنى يولغا قويۇپ بەردى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ مەنىيسىدىن باشقا نەرسىنىڭ مەسىلەن: ھايۋاننىڭ مەنىيسىنىڭ كىيىمگە يۇقۇپ قېلىشى ھەممە كىشى دۇچار كېلىدىغان ئىش ئەمەستۇر. شۇڭا ھايۋانلارنىڭ مەنىيسىنى ئۇۋۇلىۋېتىش بىلەن كېيىم پاكىز بولغان ھېساپلانمايدۇ. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 314 - بەت.

(3) «الهداية مع الفتح»، 1 - توم، 137 - بەت.

(4) «شرح المنيه»، 177 - بەت.

ھېساپلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى تۇپراقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.[1] ئەمما (زېمىنغا سېلىنغان) بورا، كىگىز - كىچەك ۋە رەختكە ئوخشاش زېمىن تىپىدىن ھېساپلانمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بولسا، قۇرۇتۇش بىلەن پاكىزلانمايدۇ.[2]

زېمىننىڭ قۇرۇش بىلەن پاك بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا مەسچىتتە قونىتتىم. مەن ئۇ چاغدا تېخى ئۆيلەنمىگەن ياش ئىدىم. ئىتلار مەسچىتكە كېلىپ سىيىپ، چىچىپ ۋە يالاپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. ساھابىلار بۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ سۇ بىلەن پاكىزلىمايتتى.»[3]

ئەگەر ئۇ مەسچىتنى ئۇنىڭ قۇرۇشى بىلەن (ئىتلارنىڭ پوق - سۈيدۈكلىرىدىن) پاك بولدى، دەپ قارالمايدىغان ئىش بولسا، مەسچىت پاسكىنا ھالەتتە قېلىپ قالغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. مەسچىتنىڭ پاسكىنا ھالەتتە قېلىپ قېلىشى مەسچىتنى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇلغان بۇيرۇققا خىلاپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەسچىتنىڭ قۇرۇشى بىلەن ئۇنى پاكىزلاندى، دەپ قاراش لازىمدۇر.[4]

2 - نافىئ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پاسكىنا نەرسىلەر، ئىنسانلارنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەتلىرى ۋە ئۇلاغلارنىڭ تېزەكلىرى بار كۇنا تاملىقتا (ناماز ئوقۇغىلى بولامدۇ ياكى بولمامدۇ دەپ) سوئال سورالدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر ئۇ يەرگە يامغۇر ياغقان ۋە شاماللار ئۇ يەرنى قۇرۇتقان بولسا، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.»[5]

---

(1) يەنى مۇشۇ نەرسىلەرگە نىجاسەت يۇقۇپ قالسا، ئۇ نەرسىلەرمۇ قۇرۇش بىلەن پاكىزلىنىدۇ. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 311 - بەت. «شرح المنيه»، 187 - بەت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(4) «فتح القدير»، 1 - توم، 138 - بەت.

(5) بۇ ئەسەرنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

3 ـ مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە: «زېمىن قۇرۇش بىلەن پاكىزلىنىدۇ»[1] دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەسەر رىۋايەت قىلىنغان. زېمىنىنىڭ قۇرۇش بىلەن پاك بولۇش ھۆكۈمىنى ئەقىل ئارقىلىق چىقارغىلى بولىدىغان ھۆكۈم ئەمەستۇر. شۇڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېگەن ئۇ سۆزنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىبنى ئەبۇشەيبەمۇ ئەبۇجەئفەر باقىرنىڭ: «زېمىن قۇرۇش بىلەن پاك بولىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.[2]

ئەمما مەسچىتكە كىچىك تەرەت قىلىپ قويغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۇ بىلەن يۇيۇشقا بۇيرۇغان يېزىلىق ئەرەبنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىس بولسا[3]، ئۇ ھەدىس زېمىنىنىڭ قۇرۇش بىلەن پاكىز بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەدىسنىڭ مەيلى ئاشكارا مەنىسىدە بولسۇن مەيلى مەزمۇنىدا بولسۇن زېمىن پەقەت سۇ بىلەنلا پاكىزلىنىدۇ، دەيدىغان مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھېچقانداق بىر ئىپادە يوقتۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «پاسكىنا زېمىن خۇددى قۇرۇش بىلەن پاك بولغىنىدەك يۇيۇش بىلەنمۇ پاك بولىدۇ» دەيدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىستە (مەسچىتنى سۇ بىلەن يۇيۇشقا بۇيرۇغانلىقى، قۇرۇتۇش ۋە يۇيۇشتىن ئىبارەت) ئىككى پاكىزلىغۇچى نەرسىنىڭ بىرىنى ئىشلىتىشكە بۇيرۇغانلىقىدۇر. ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى تاللىغانلىق يەنە بىرىنى ئىشلىتىش بولمايدۇ، دېگەن مەناغا كەلمەيدۇ.[4]

ئەگەر زېمىن قۇرۇش بىلەن پاكىز بولىدىغان ئىش بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇمايتتى (زېمىن قۇرۇش بىلەن پاك بولمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان دەپ) ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.[5]چۈنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغانلىقى بولسا،

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(2) «إعلاء السنن»، 1 ـ توم، 277 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) «ئەۋجەزۇل مەسالىك»، 2 ـ توم، 366 ـ بەت.

(5) ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىن ئىمام زۇفەر قاتارلىقلار: زېمىن قۇرۇش بىلەن پاكىزلانمايدۇ، دەيدۇ. ت.

كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بەك ئېھتىياجى بولغاچقا مەسچىتنى تېزلا پاكىزلاش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر ئۇ چاغدا مەسچىتنى قۇرۇتۇپ پاكىزلايمىز دەپ ئولتۇرسا، نامازنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ سالاتتى. ھەممە سۈنى ئىشلەتكەندە پاكىزلىغۇچى ئىككى نەرسىنىڭ ئەڭ مۇكەممىلىنى ئىشلەتكەنلىك ھېساپلىنىدۇ. مەسچىت (قۇرۇتىشقا قارىغاندا) تېخىمۇ ياخشى پاكىزلىنىدۇ ۋە مەسچىتتىكى سۈيدۈكنىڭ سېسىق پۇرۇقى يوقايدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، زېمىن قۇرۇش بىلەن پاكىزلانغاندا، (سۇ بىلەن پاكىزلانغانغا قارىغاندا) كەم پاكىزلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇش بىلەن پاكىزلانغان يەرنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ. ئەمما تەيەممۇم قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر يەر پاسكىنا بولۇشتىن ئىلگىرى ھەم پاك ھەم پاكىزلىغۇچى دېيىلىدىغان ئىككى سۈپەتكە ئىگىدۇر. پاسكىنا بولۇش بىلەن ئۇ يەردىن ھەر ئىككى سۈپەت يوقىلىدۇ. شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە زېمىن قۇرۇش بىلەن ئۇنىڭغا پاك بولۇشتىن ئىبارەت بىرلا سۈپەت ئەسلىگە قايتىدۇ. ئۇنىڭ پاكىزلىغۇچى دېگەن سۈپىتى يوقالغان پېتى قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر زېمىن پاكىزلىغۇچى بولمىسا، ئۇنىڭدا تەيەممۇم قىلىش توغرا ئەمەستۇر.[2] قىياس بويىچە ئېيتقاندا زېمىننىڭ قۇرۇش بىلەن پاك بولماسلىقىدۇر. لېكىن بۇ قىياس (زېمىن قۇرۇسا) ئۇنىڭ پەقەت ناماز ئوقۇغىلى بولغىچىلىك پاك بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىس ۋە ئەسەرلەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلىنمىدى. شۇڭا ئۇ پاكلىق ئۆزىنىڭ مەۋزۇسىغىلا قاراشلىقتۇر.[3].[4]

## ئالتىنچى: پاسكىنا نەرسىنىڭ باشقا نەرسىگە ئۆزگىرىپ كېتىشى

بىر نەرسىنىڭ باشقا نەرسىگە ئۆزگۈرىشى ئۇنىڭ پاسكىنىلىق سۈپەتلىرىنى ۋە ماھىيىتىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ نەرسە پاسكىنىلىق ھالىتىدىن

(1) «ئەۋجەزۇل مەسالىك»، **1** - توم، **366** - بەت.

(2) چۈنكى، تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولىدىغان زېمىننىڭ بىر شەرتى، ئۇنىڭ پاكىزلىغۇچى بولىشىدۇر. ت.

(3) يەنى زېمىننىڭ قۇرۇش بىلەن پاك بولۇشى قىياسقا خىلاپ بىر ئىشتۇر. قىياس بويىچە ئېيتقاندا زېمىننىڭ پاك بولماسلىقىدۇر. ئەمما بۇ قىياس قۇرۇش بىلەن پاك بولغان زېمىندا ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ، دەپ ھەدىس ۋە ئەسەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇش بىلەن پاك بولغان زېمىندا پەقەت ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ. چۈنكى، كەلگەن ھەدىس ۋە ئەسەر ئۇ زېمىندا پەقەت ناماز ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنىلا بايان قىلىپ كەلدى. ئۇ زېمىندا تەيەممۇم قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، كەلگەن ھەدىس ۋە ئەسەر ئۇ زېمىندا تەيەممۇم قىلىش ھەققىدە بىر نەرسە بايان قىلمىدى. ت.

(4) «إعلاء السنن»، **1** - توم، **281** - بەت.

پاكىزلىق ھالىتىگە كېلىدۇ.[1]

مەسىلەن: پاسكىنا بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگەرسە، ئۇ نەرسە پاكىزلانغان بولىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ پاكىزلىنىش سەۋەبى شۇكى، شەرىئەت بىر نەرسىنىڭ پاسكىنىلىق سۈپىتىنى شۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتىگە باغلىدى. ئەگەر (ئۇ نەرسە باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگىرىش بىلەن) ئۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتى يوقالسا، ئۇ نەرسىگە باغلانغان پاسكىنىلىق سۈپەتمۇ بىللە يوقايدۇ. مەسىلەن: تۇز دېگەن باشقا نەرسە سۆڭەك ۋە گۆش دېگەن باشقا نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر نەرسە تۇزغا ئۆزگەرسە، ئۇ نەرسە تۇز دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەھۋال شەرىئەت ئىشلىرىدىمۇ شۇنداقتۇر. مەسىلەن: (ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىغا چۈشكەن) مەنىي پاسكىنىدۇر. ئۇ (بالا ياتقۇدا تۇرۇپ) لەختە قانغا ئايلىنىدۇ. بۇمۇ پاسكىنىدۇر. ئاندىن لەختە قان پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ. بۇ پاكىز ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: مېۋە سۈيى پاكىزدۇر. ئۇ ھاراققا ئايلانسا، نجىس ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ھاراق ئاچچىق سۇغا ئۆزگەرتىلسە، ئۇ پاكىز ھېساپلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدىكى مىساللاردىن بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگۈرۈشى بىلەن ئۇ نەرسىگە باغلىنىش بولغان سۈپەتلەرنىڭمۇ ئۆزگۈرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.[2]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئابباس، ئەبۇداردا، ئەتا ئىبنى ئەبۇرىباھ، ئۆمەر ئىبنى ئابدىل ئەزىز قاتارلىقلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ: «ھاراقنى ئاچچىق سۇغا ئۆزگەرتىش ۋە ئۇ ئاچچىق سۇنى ئىشلىتىش بولىدۇ» دېگەنلىكلىرى رىۋايەت قىلىندى.[3]

بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇ نەرسىگە باغلىنىشلىق بولغان سۈپەتلەرنىڭمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئاساسەن پاسكىنا بىر نەرسىنىڭ كۈلى پاكىزدۇر. (ئۆلۈپ قالغان قۇينىڭ مېيىغا ئوخشاش) نجىس مايدىن ياسالغان سۈپۈن پاكىزدۇر. بىر نجاسەت نەرسە قۇدۇقنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ ئۇ يەردە لايغا ئايلانسا، پاكىز بولىدۇ. شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ئالىملار پاسكىنا ئۆزۈمدىن قايىنتىلغان شىنىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەردى. پاسكىنا كۆنچۈت ئىزىلىپ ئۇن شەكىلگە كەلتۈرۈلسە، پاكىز ھېساپلىنىدۇ.

(1) «بەدائىئۇسسەنائىئ»، 1 - توم، 85 - بەت.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 218 - بەت.

(3) «إعلاء السنن»، 18 - توم، 41 - بەت.

بۇ نەرسىلەرنىڭ پاك بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بۇ، ھەممە كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.[1]

## يەتتىنچى: ئاشلاش

تېرىنىڭ پۇراپ ۋە بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنىنى ئالىدىغان ھەر قانداق ئىش ئاشلاش دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشلاش ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ ھەقىقي ئاشلاش. بۇ ئاشلاش دۇپ دەرىخى، شاپ،[2] تۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تېرى ئاشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان پاكىز ماددىلار بىلەن بولىدۇ.

2 ـ ھۆكمەن ئاشلاش. بۇ ئاشلاش بولسا، تېرىنى تۇپىغا تاشلاپ قۇرۇتۇش ياكى ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇش، ياكى ئېسىپ قويۇپ شامال بىلەن قۇرۇتۇش ئارقىلىق تېرىنىڭ پۇرۇشىنىڭ ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بولىدۇ. (شۇ ئىشلار ئارقىلىق) تېرىنىڭ ھۆللىكى يوقۇلۇپ ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن خاتىرجەم بولۇنسا، ئۇ تېرە پاكىزلانغان ھېساپلىنىدۇ.[3] ئاشلاش بىلەن مەيلى گۆشى يېيىلىدىغان بولسۇن مەيلى يېيىلمەيدىغان بولسۇن ھەممە ھايۋانلارنىڭ تېرىسى پاكىزلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «تېرە ئاشلانسا پاكىزلىنىدۇ»[4] دېگەن ھەدىسىدۇر. بۇ ھەدىس «ھەر قانداق تېرە ئاشلانسا پاكىزلىنىدۇ.»[5] دېگەن شەكىلدىمۇ رىۋايەت قىلىندى.

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمي مەزمۇنىغا توڭگۇزنىڭ تېرىسىمۇ كىرىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفتىن قىلىنغان بىر رىۋايەتتە ئاشلاش بىلەن توڭگۇزنىڭ تېرىسىمۇ پاكىزلىنىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان. لېكىن، (ھەنەفي مەزھەپىدە) توغرا دەپ قارالغان قاراش توڭگۇز تېرىسىنىڭ ئاشلاش بىلەن پاكىز بولمايدىغانلىقىدۇر. بۇ يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمي مەزمۇنىدىن ئايرىپ چىقىرۋېلىنغان بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى، توڭگۇز ھەقىقي نىجىس بىر ھايۋاندۇر.[6]

ئاشلاش بىلەن يەنە بارلىق ئۆلۈك ھايۋانلارنىڭ تېرىسىمۇ پاكىزلىنىدۇ.

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 316 ـ بەت.

(2) بۇ ئىككىسى تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسمىدۇر. ت

(3) «شرح المنيه»، 157 ـ بەت.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(5) تىرمىزي رىۋايىتى.

(6) «شرح المنيه»، 148 ـ بەت.

بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مەيمۇنەنىڭ ئايال قۇلىغا سەدىقە قىلىنغان قوي ئۆلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۆلۈك قوينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ قوينىڭ تېرىسىنى سۇيۇۋېلىپ ئاشلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلانساڭلار بولمامدۇ؟» دېدى. ساھابىلار: بۇ قوي ئۆزى ئۆلۈپ قالغان تۇرسا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوينىڭ پەقەت گۆشىلا ھارامدۇر»[1] دېدى.

ئىبنى دەئلەتىل سەبەئىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىبنى ئابباسقا بىز مەغرىبتە ياشايمىز. بىزنىڭ قېشىمىزغا ئوت پەرەس كاپىرلار تۇلۇملاردا سۇ ۋە ياغلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. (ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن تۇلۇملىرىدىكى سۇ ۋە ياغلارنى ئىچىشكە بولامدۇ؟)» دېدىم. ئىبنى ئابباس: «ئۇلارنى ئىچسەڭ بولىدۇ» دېدى. مەن: «بۇ سېنىڭ شەخسى كۆزقارىشىڭمۇ؟» دېدىم. ئىبنى ئابباس: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: <تېرە ئاشلىنىش بىلەن پاكىز بولىدۇ>[2] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.

ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئەكىمدىن رىۋايەت قىلىنغان: «بىزگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: <سىلەر ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسىدىن ۋە پەيلىرىدىن پايدىلانماڭلار>[3] دېگەن خېتى كەلگەنىدى» دېگەن ھەدىسى بولسا، ئالىملار تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان ھەدىستۇر.[4] ئەگەر بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان، دەپ پەرىز قىلغان تەقدىردە بۇ ھەدىس تېرىنى ئاشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى چەكلىمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ھەدىستە تېرە دېگەن مەنانى ئىپادىلەپ كەلگەن ئەرەپچە سۆز بولسا <ئىھاب> دېگەن سۆزدۇر. تېرە ئاشلىنىشتىن ئىلگىرى <ئىھاب> دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشلانغان كېيىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۆلۈك ھايۋاننىڭ تېرىسى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(4) بۇ ھەدىس بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خېتى بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاي ئىلگىرى كەلدى، دەپ رىۋايەت قىلىندى. بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خېتى بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى كەلدى، دەپ رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە قىرىق كۈن ئىلگىرى دەپ رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۈچ كۈن ئىلگىرى دەپ رىۋايەت قىلىندى. بۇ ھەدىس يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خېتى بىزگە كەلدى، دېگەن شەكىلدە رىۋايەت قىلىنسا، جۇھەينىدىكى ئۇستازلىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىنىشچە دېگەن شەكىلدىمۇ رىۋايەت قىلىندى. يەنە باشقا بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى ئوقۇغان كىشىلەردىن رىۋايەت قىلىنىشچە دېگەن شەكىلدىمۇ رىۋايەت قىلىندى. بىر ھەدىسنىڭ بۇ خىلغا ئوخشاش ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنىشى ھەدىسنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يېتىش شەرتلىرىگە تۇسالغۇ بولىدۇ. ت.

ئاشلىنىشتىن ئىلگىرى پاسكىنا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاشلىماي تۇرۇپ ئىشلىتىش توغرا ئەمەستۇر.

ئاشلانغان تېرىدىن قانداق پايدىلىنىشقا توغرا كەلسە شۇنداق پايدىلانسا بولىدۇ. لېكىن تېرە گۆشى يېيىلىدىغان ئۆلۈپ قالغان ھايۋان تېرىسى بولسىمۇ ئۇ تېرىنى يېيىش توغرا ئەمەستۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھارام قىلىندى»[1] ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسى ئۇ ھايۋاننىڭ بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيمۇنەنىڭ ئايال قۇلىغا سەدىقە قىلىنغان ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوي ھەققىدە: «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوينى پەقەت يېيىش ھارامدۇر» دېگەن.

بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى يېيىشمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، تېرىنى پاكىزلاشتا ئاشلاش ئىشى ھايۋاننى بوغۇزلاش ئىشىدىن كۈچلۈك ئەمەستۇر. گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننى بوغۇزلاش ئۇنىڭ تېرىسىنى يېيىشنى ھالال قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ تېرىسىنى ئاشلاش ئۇنىڭ تېرىسىنى يېيىشنى ھالال قىلمايدۇ.[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلار بولسىمۇ ئەگەر توڭگۇزدىن باشقا ھايۋانلار شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بوغۇزلانسا، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پاكىز ھېساپلىنىدۇ.

بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەكىمنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن: بىزگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسىدىن ۋە پەيلىرىدىن پايدىلانماڭلار» دېگەن خېتى كەلگەنىدى، دېگەن ھەدىسىدۇر. مانا بۇ ھەدىستە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بايان قىلىندى. بوغۇزلانغان ھايۋانلار ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلار، دەپ ئاتالمايدۇ.[3]

---

(1) سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 203 ـ بەت.

(3) «شرح المنيه»، 147 ـ بەت.

**2 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھەر قانداق ھايۋاننىڭ (تېرىسىنىڭ پاكىزلىنىشى) ئۇنى ئاشلاش بىلەن بولىدۇ.»[1]**

**ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرس مۇنداق دەيدۇ: «تېرىلىك ھەر قانداق (ھايۋاننى) بوغۇزلاش ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاشلىغانلىق ھېساپلىنىدۇ.»[2]**

**سەلمە ئىبنى مۇھەبق مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك ئۇرۇشىدا بىر ئايالنى چاقىرىپ قېشىدىكى سۇنى ئېلىپ كېلىشىنى (بۇيرۇدى). ئۇ ئايال: قېشىدا پەقەت ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تۇلۇمىغا قاچىلانغان سۇنىڭ بارلىقىنى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: سەن ئۇ تېرىنى ئاشلىمىغانمىدىڭ؟ دېدى. ئۇ ئايال: ئاشلىغان ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: <ھەقىقەتەن (ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسىنى) ئاشلاش ئۇ (ھايۋاننى) بوغۇزلىغاننىڭ ئورنىدىدۇر>[3] دېدى.»**

**مانا بۇ ھەدىسلەر ھايۋاننى بوغۇزلاش ئۇ ھايۋاننىڭ تېرىسىنى پاكىزلاشتا ئاساسى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئاشلاش بولسا، (ھايۋان ئۆزى ئۆلۈپ قالغاندا ئۇنىڭ تېرىسىنى پاكلاش ئۈچۈن) بوغۇزلاشنىڭ ئورۇنباسارى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.[4]**

**ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ يۇڭى، تۈكى، مۈڭگۈزى، پېيى، تۇۋۇقى ۋە شۇنىڭدەك كېسىلگەنلىكى بىلەن ھايۋان ئازابلانمايدىغان ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر پارچىسى، ئەگەر ئۇلارغا نىجاسەت نەرسە يوقمىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىز ھېساپلىنىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ پاكىز ھېساپلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:**

**1 ـ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەيمۇنىنىڭ ئايال قۇلىنىڭ ئۆلۈپ قالغان قويى ھەققىدە: «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوينى پەقەت يېيىش ھارامدۇر» دېگەن سۆزىدۇر.**

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

(2) بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

(4) بىر ھايۋاننىڭ تېرىسىنى پاكىزلاش ئۈچۈن ئىككى يول بار بولۇپ ئۇ يولنىڭ بىرى ئۇ ھايۋاننى بوغۇزلاشتۇر، يەنە بىرى تېرىنى ئاشلاشتۇر. ھايۋاننى بوغۇزلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ تېرىسىنى پاكىزلاش ئاساسى يولدۇر. ئەگەر بىر ھايۋان ئۆزى ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ تېرىسىنى پاكىزلاشنىڭ يولى ئۇ تېرىنى ئاشلاشتۇر. بۇ بوغۇزلاشنىڭ ئورۇنباسارى بولغان ئىككىنچى يولدۇر. ت.

**2 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندىن پەقەت ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشنىلا ھارام قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ تېرىسىدىن، تۈكىدىن ۋە يۇڭىدىن (پايدىلىنىش) گۇناھ ئەمەستۇر» دېدى.[1]**

**3 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: زەمئەنىڭ قىزى سەۋدانىڭ قويى ئۆلۈپ قالغان ئىدى. سەۋدا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! قوي ئۆلۈپ قالدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ تېرىسىنى ئېلىۋالمىدىڭلارمۇ؟» دېدى. ساھابىلار: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوينىڭ تېرىسىنى ئېلىۋالىمىزمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋداغا: «ھەقىقەتەن اللّٰه تەئالا: «(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ماڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە اللّٰه دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن»[2] دېدى. سىلەر ئۇ تېرىنى يېمەيسىلەر، سىلەر ئۇنى ئاشلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر» دېدى.[3] شۇنىڭ بىلەن سەۋدا ئۇ قوينىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ تېرىسىنى سويدۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئاشلاپ ئۇنىڭدىن بىر تۇلۇم تىكتى. ئۇ تۇلۇمنى تاكى ئۇ يىرتىلىپ كەتكىچە (ئىشلەتتى).[4]**

**بۇ ھەدىس ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ پەقەت گۆشىنى يېيىشنىڭلا ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

**4 ـ زوھري فىلغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن نۇرغۇنلىغان سەلەپ ئالىملىرىنىڭ ئۇ ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىدىن تاغاق ياساپ (چاچلىرىنى تاراپ) مايلىغانلىقىنى ۋە (ئۇ ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ) گۇناھ بولمايدۇ، دەپ قارىغانلىقىنى بىلىمەن. ئىبنى سىرىن ۋە ئىبراھىم قاتارلىقلار فىلنىڭ مەرگەن چىشلىرى بىلەن تىجارەت**

(1) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە ئەنئام **145** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) يەنى اللّٰه تەئالا بۇ ئايەتتە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت نەرسىلەرنى يېيىشتىن توستى. ئەمما ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى توسمىدى، دېمەكچىدۇر. ت.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

قىلىشنى گۇناھ ئەمەس، دەپ قارايتتى.»

شۇنىڭدەك تېخى ئېمىۋاتقان ۋە ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ئاشقازىنىدىن چىققان سۈت مەيلى قويۇق ھالەتتە چىقسۇن مەيلى سۇيۇق ھالەتتە چىقسۇن پاكىزدۇر. چۈنكى، ئۇ سۈت ئۇنىڭ ئىچىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز سۈتنىڭ قاتارىدىندۇر. سۈت ھايۋان ھايات ۋاقتىدا پاكىز ھېساپلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھايۋان ئۆلگەندىن كېيىنمۇ پاكىز ھېساپلىنىدۇ.[1]

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوينىڭ ئۈچەيلىرىنى تازىلاپ ئۇنىڭدىكى پوراقچىلىقنى يوقاتسا ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا، ئۇ خۇددى ئاشلانغان تېرىدەك پاكىز ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك سۈيدۈك خالتىسىنى ۋە قېرىنىنى تازىلىسا، ئۇلارمۇ پاكىز ھېساپلىنىدۇ. لېكىن بۇئىككىسىنى يېيىش توغرا ئەمەستۇر. ئۇ ئىككىسىدىن پەقەت ئېرىتكەن ياغ ۋە سۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن قوللىنىدىغان قاچىنىڭ ئورنىدا پايدىلىنىشقا بولىدۇ.[2]

# تاھارەتنىڭ تۈرلىرى

تاھارەت (يەنى پاكىزلىنىش): بىرى پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش، يەنە بىرىسى تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

## پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش

پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش بولسا، كىيىم ـ كېچەك، تەن ۋە ئولتۇرىدىغان يەرلەردىكى پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

نجاسەتكە ئائىت ھەممە نەرسە پاسكىنا نەرسە ھېساپلىنىدۇ. نىجاسەتنىڭ تۈرلىرىگە كىرىدىغان نەرسىلەر كۆپتۇر. مانا تۆۋەندىكىلىرى ئۇنىڭ تۈرلىرىدىندۇر:

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 206 ـ بەت. «شرح المنيه»، 150 ـ بەت.

(2) «شرح المنيه»، 196 ـ بەت.

**1 ـ ئىنساندىن چىققان كىچىك ـ چوڭ تەرەت، مەنىي، مەزىي[1]، ۋەدىيلەر[2]، ھەيز، نىفاس ۋە نورمالسىز ھەيز[3] قانلىرى (يەنى ئىستىھازە قانلىرى)، جاراھەتلەردىن ئاققان قان، يىرىڭ ۋە ئېغىز تۇشقۇدەك كەلگەن قۇسۇقلاردۇر.**

**بىز تۆۋەندە مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكلىرىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى بايان قىلىمىز.**

**● ـ اللە تائالا ئىنساندىن شۇ نەرسىلەر چىققاندىن كېيىن ئىنسانغا تاھارەتنى (يەنى پاكىزلىنىشنى) پەرز قىلدى. اللە تائالا تاھارەت ئېلىشقا ۋە تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار»[4] دېگەن ئايەتتىن كەيىندىن مۇنداق دېدى: «اللە سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن اللە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ»[5] اللە تائالا ئەگەر ئىنسان يۇيۇنۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغاندا، ئۇنى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)»[6] اللە تائالا ھەيزدىن پاكلىنىشقا (يەنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇشقا) بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق)**

(1) شەھۋەت قوزغالغاندا چىقىدىغان سۈيۈق بىر سۇيۇقلۇقتۇر. ت.

(2) سۈيدۈكنىڭ كەينىدىن چىقىدىغان ھېچقانداق پۇراقسىز، ئىسسىق ئاق سۇيۇقلۇقتۇر. ت.

(3) نورمالسىز ھەيزنىڭ نورمال ھەيزدىن ئايرىم ھۆكمى بولۇپ بۇنى اللە تەئالا خالىسا ئۆزىنىڭ بابىدا بايان قىلىمىز.ت.

(4) ـ سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) ـ سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(6) ـ سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا الله بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار». الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[1] پاكلىنىش پەقەت پاسكىنا نىجاسەت نەرسىلەردىنلا بولىدۇ.

● ـ الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ»[2] ئۇ نەرسىلەر ئاخىرىدا ناپاك ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرگە ئايلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ ساغلام تەبىئىتى ئۇ نەرسىلەرنى ناپاك دەپ قارايدۇ. (ئايەتكە ئاساسەن ئۇ نەرسىلەر ھارام قىلىنغان پاسكىنا نەرسىلەر ھېساپلىنىدۇ).

● ـ شەرىئەت بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرەرسى تەنگە ياكى كىيىمگە، ياكى بىر ئورۇنغا يۇقۇپ قالسا، ئۇنى تازىلاشقا بۇيرىدى. ئەگەر بۇ نەرسىلەر شەرىئەتنىڭ قارىشىچە پاسكىنا بولمايدىغان بولسا، شەرىئەت ئۇ نەرسىلەرنى تازىلىشقا بۇيرىمايتتى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىچىك تەرەت قىلىپ قويغان ھېلىقى يېزىلىق ئەرەبنىڭ تەرىتىنى تازىلاش ئۈچۈن سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەردە مەنىيىنى ياكى يۇيۇش ياكى سۈرۈتۈۋېتىش ياكى ئۇۋۇلىۋېتىش، ياكى تاتىلاش بىلەن تازىلاشقا بۇيرۇلغانلىق بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. ئەگەر بىر نەرسە پاسكىنا بولمىسا، ئۇنى تازىلاشقا بۇيرۇشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مەزىي چىققان ئادەم ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئۆزىنىڭ (مەزىي چىققان) يولىنى (يەنى جىنسى ئەزاسىنى) يۇيىدۇ ۋە كىچىك تاھارەت ئالىدۇ.»[3] (يەنى ئويغاق چاغدا مەزىي چىققان ئادەمنىڭ يۇيۇنىشى لازىم ئەمەس). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىم ـ كېچەككە تېگىپ قالغان ھەيزنىڭ قېنى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئايال ئۇ قاننى تاتىلايدۇ، ئاندىن سۇغا چىلاپ تۇرۇپ ئۇۋۇلايدۇ، ئاندىن (سۇ

(1) ـ سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەت.

(2) ـ سۈرە ئەئراف 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بىلەن قايتا) چايقاپ يۇيىدۇ، ئاندىن (ئۇ قان تېگىپ قالغان كىيىم پاكىز بولغان ھېسابلىنىدۇ)، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.»[1]

ئەمما جاراھەتتىن ئاقماي ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرغان قان پاسكىنا ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ ئېقىپ چىققان قان ھېسابلانمايدۇ. ئېقىپ چىققان قان بولسا، پاسكىنا قاندۇر. الله تائالا ئېقىپ چىققان قاننىڭ پاسكىنا ھارام نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە الله دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن»[2]،[3]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىدا تۇرغان قان، پاسكىنا ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بۇزۇلۇپ قانغا ئايلىنىپ قالغان بىر تۇخۇمنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ پاسكىنا بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بولمايدۇ. ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بىر قۇتا قاننى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ پاسكىنا بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بولىدۇ ۋە نامىزى توغرا بولمايدۇ.[4]

ھايۋاننى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن گۆشتە قېلىپ قالغان قان پاسكىنا ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئېقىپ چىققان قان ئەمەستۇر. ئۇنى گۆش بىلەن بىللە يەپ قالسا، ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بېلىقنىڭ قېنىمۇ پاكىزدۇر. چۈنكى، ئالىملار بېلىق قېنى بىلەن بولسىمۇ ئۇنى يېيىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.

قوڭغۇز ۋە بۈرگىنىڭ قېنى پاسكىنا ئەمەستۇر. ئۇ قان سۈغا چۈشۈپ كەتسە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) سۈرە ئەنئام 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) «بەدائىئۇسسەنائىئ»، 1 ـ توم، 61 ـ بەت.

(4) ئۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىلىقىدىكى پەرق تۇخۇم بۇزۇلۇپ قانغا ئايلانغان بولسىمۇ ئۇ قان ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىدىن تېشىغا چىقمىدىغانلىقى ئۈچۈن پاسكىنا ھېسابلانمايدۇ. ئەمما قۇتىدىكى قان بولسا، ئۇنىڭ ئەسلى ئورنى قۇتا ئەمەس باشقا يەردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن پاسكىنا ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ تومۇرىدىكى قان پاكىزدۇر. شۇڭا ئىنسان ھەر دائىم قان ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسىمۇ پاك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تومۇر قاننىڭ ئەسلى ئورنىدۇر. ئەگەر قان تومۇردىن سىرتقا چىقسا، ئۇ قان پاسكىنا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى تازىلاش لازىمدۇر. ت.

ياكى كىيىمگە يۇقۇپ قالسا، قان سۇنى ياكى كىيىمنى پاسكىنا قىلالمايدۇ. چۈنكى، كىيىم ـ كېچەكنى ۋە قاچىلارنى بۇنىڭدىن ساقلاش قىيىندۇر.

ئەگەر كەلگەن قوسۇق (ئېغىز توسقىدەك ئەمەس) ئۇنىڭدىن ئازراق بولسا، قوسۇق ئازراق بولغانلىقى ئۈچۈن پاسكىنا ھېساپلانمايدۇ. ئۇنچىلىك مىقداردىكى قۇسۇقنىڭ چىقىشى بىلەن تاھارەت ئېلىش پەرز بولمايدۇ. ئىمام مۇھەممەد: «ئۇنچىلىك مىقداردىكى قۇسۇقمۇ پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ» دېدى.[1]

2 ـ بارلىق ھايۋانلاردىن چىققان سۈيدۈك، تېزەك ۋە قانلار پاسكىنىدۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەردە پاسكىنىلىقنىڭ مەنىسى باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ مەينەت بولغانلىقىدۇر ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسىگە ئايلىنىدىغانلىقىدۇر. بۇلار (قوڭغۇز ۋە بۆرگىنىڭ قىنىغا ئوخشاش) ئادەم ساقلانغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئەمەستۇر.

بۇ نەرسىلەرنىڭ پاسكىنا نەرسىلەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

● ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەت قىلماق ئۈچۈن بىر يەرگە كەلدى. ئاندىن مېنى ھاجىتىنى پاكىزلاش ئۈچۈن ئۈچ دانە تاش ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. مەن ئىككى تاش تاپتىم. ئۈچۈنچى تاشنى (قانچە ئىزدىسەممۇ) تاپالماي ئۇنىڭ ئورنىغا بىر دانە تېزەكنى ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى تاشنى ئالدى ۋە تېزەكنى تاشلىۋېتىپ: «بۇ پاسكىنىدۇر»[2] دېدى.

ئىمام بۇخارى مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋېتىپتۇ. ئۇ ئازاب چوڭ گۇناھ سەۋەبىدىن ئەمەستۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى سۈيدۈكنىڭ چاچراپ كېتىشىدىن ساقلانمايتتى...» دېگەن.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر سۈيدۈكتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى،

(1) «بەدائىئۇسسەنائىئ»، 1 ـ توم، 61 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قەبرى ئازابى (سەۋەبلىرىنىڭ) كۆپۈنچىسى ئۈنىڭدىندۇر.»[1]

ئەبۇئۇمامە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر سۈيدۈكتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، ئۇ بەندە قەبرىدە ئەڭ ئەۋۋەل ھېساپ ئېلىنىدىغان نەرسىدۇر.»[2]

مانا بۇ ھەدىسلەر بارلىق سۈيدۈكلەرنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمما ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان: ئۇكەل ياكى ئەرەينەدىن بىر تۈركۈم ئادەملەر (مەدىنىگە) كەلدى. مەدىنىنىڭ (ھاۋاسى) ئۇلارغا خىل كەلمەي (ئۇلار ئاغرىپ قالدى). شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سېغىنتى تۆگۈلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ سۈيدۈكلىرىدىن ۋە سۈتلىرىدىن ئىچىشكە بۇيرۇدى، دېگەن ھەدىس بولسا، تۆگە سۈيدۈكىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. بۇ ھەدىس كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كېسىلىنىڭ شىفا تېپىشى ئۈچۈن ئۇلارغا تۆگىنىڭ سۈتىدىن ئىچىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىدۇر. ئېھتىياج چۈشۈپ قالغاندا بىر نەرسىنى قوللىنىشقا رۇخسەت بەرگەنلىك، ئۇ نەرسىنىڭ مۇتلاق ھالال ۋە پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ.

3 ـ تۇخا ۋە ئۆدەككە ئوخشاش ئۇچارلىقلارنىڭ ماياقلىرىمۇ پاسكىنا نەرسىلەردىندۇر. بۇلارنىڭ ماياقلىرىنىڭ پاسكىنا نەرسىلەردىن بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ مايالارنىڭ مەينەت بولغانلىقى ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسىگە ئايلىنىدىغانلى ئۈچۈندۇر.

ئەمما ھاۋادا ئۇچىدىغان ئۇچارلىقلار ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. بىرى كەپتەر ۋە قۇشقاچقا ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان قۇشلاردۇر. بۇ قۇشلارنىڭ مايىقلىرى پاكتۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكتى بارلىق ئالىملار كەپتەرنىڭ مەسچىتلەرگە چىچىپ قويىدىغانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى ھەرەم مەسچىتىدە ۋە باشقا مەسچىتلەردە كۆندۈرۈشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كېلىشىدۇر. ئەگەر كەپتەر مايقى پاسكىنا بولىدىغان بولسا، مەسچىتلەرنى پاكىز

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

تۆتتۈشقا بۆيرۈغان بۆيرۈق بار تۈرۈپ كەپتەرلەرنى مەسچىتلەردە بېقىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. يەنە بىر تۈرى بولسا سا، قارچىغى ۋە لاچىنغا ئوخشاش گۆشى يېيىلمەيدىغان ئۇچارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ مايامقلىرى يەڭگىل نجاسەت ھېساپلىنىدۇ. بۇلارنىڭ مايامقلىرىنىڭ يەڭگىل نجاسەت بولۇشى ئۇلارنىڭ مايامقلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ ساقلىنىشىنىڭ قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىر كىيىمگە يۇققان مايامقلىرى ئۇ كىيىمنىڭ تۆتتەن[1] بىرىگە كەلگىدەك بولمىسا، ئۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق.

4 ـ ھاراقمۇ نجىس نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ھاراقنىڭ نجىس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

● ـ الله تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار»[2]

● ـ ئەبۇسۆئلەبە خەشەنىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بىز كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە خىرىستىيانلار) بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرىمىز. ئۇلار قازانلىرىدا چوشقا گۆشى قاينىتىدۇ ۋە قاچىلىرىدا ھاراق ئىچىدۇ. (بىز ئۇلارنىڭ قاچىلىرىدا سۇ ئىچسەك ۋە تاماق يېسەك بولامدۇ؟) دەپ سوردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر ئۇ قاچىلاردىن باشقا قاچا تاپالىساڭلار تاپقان شۇ قاچىلاردا يەڭلەر ۋە ئىچىڭلار. ئەگەر ئۇ قاچىلاردىن باشقىسىنى تاپالمىساڭلار ئۇ قاچىلارنى يۇيۇڭلار ۋە (ئۇلاردا) يەڭلار ۋە ئىچىڭلار»[3] دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراق ئېچىلگەن قاچىنى يۇيۇشقا بۇيرۇغانلىقى ئۇ قاچىنىڭ نجىس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر.

● ـ ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «سىلەر ھاراقتىن يىراق بولۇڭلار. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنى بارلىق يامانلىقلارنىڭ

(1) بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك كىيىمنىڭ ھەر بىر پارچىسى بىر كىيىم ھېساپلىنىدۇ. ت.

(2) ـ سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

ئانىسى (يەنى بېشى) دەپ ئاتىدىغان.»[1]

ھاراقتىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇ بۇيرۇق ھاراقنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

● - مۇنداق بىر ئەسەر رىۋايەت قىلىنىدى: خالىد ئىبنى ۋەلىد ھاراق بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر نەرسىنى چېپىپ ئۇۋۇلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن الله تائالا ھاراقنى سىلەرنىڭ قورساقلىرىڭلارغا، چاچلىرىڭلارغا ۋە تېرىللىرىڭلارغا ھارام قىلدى، دەپ خەت يازدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ خەتنى بۇ شەكىلدە يازغان: ماڭا سېنىڭ ھاراق بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر نەرسىنى چېپىپ ئۇۋۇلانغانلىقىڭنىڭ خەۋىرى يەتتى. الله تائالا ھاراقنىڭ تېشىنى ۋە ئىچىنى ھارام قىلدى. شۇڭا ھاراقنى (تەنگە ياكى باشقا يەرلەرگە) سۈرتۈشمۇ ئۇنى ئىچكەنگە ئوخشاش ھارامدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاراقنى تەنلىرىڭلەرگە سۈرتمەڭلەر. چۈنكى ئۇ نىجىستۇر.[2]

ئالىملار ئۈزۈمدىن ياسالغان ھاراقنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كەلدى. ئەمما ئالىملار ئۈزۈم ھارىقىدىن باشقا مەست قىلغۇچى ماددىلارنى ئىچىشنىڭ ھاراملىقىدا بىر پىكىردە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇ ماددىلارنىڭ نىجىس ياكى نىجىس ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بەزى ئالىملار ئۇ ماددىلارنى يەڭگىل نىجىس نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن، دەپ قارىدى. ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىدمۇ ئۇ ماددىلارنىڭ يەڭگىل نىجاسەت قاتارىدىن بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرەتتى ۋە: «ئۇ ماددىلار ئىسپىرت ۋە ئەتىرلەرنىڭ تەركىبىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ماددىلارنى قوللۇنىشقا ھەممە كىشى دۇچ كېلىدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ شۇنداق پەتىۋا بېرىشىمىز مۇناسىپتۇر» دەيتتى.

شۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئادەم ئىسپىرتلىك ئەتىر ياكى ئىسپىرت قوللانسا ۋە قوللانغان ئىسپىرت ياكى ئەتىر تەنىنىڭ ياكى بىر كىيىمنىڭ تۆتتەن بىر قىسمىغا يەتمىگەن بولسا، ئۇ ئىسپىرتنى ياكى ئەتىرنى تەندىن ياكى كىيىمدىن پاكىزلىۋەتماستىنلا ناماز ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمگە ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى،

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى سەئىد ئىبنى مەنسۇر ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

تەنلىرىنى ۋە ناماز ئوقۇماقچى بولغان يەرنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نىجىس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن پاكىزلاش پەرزدۇر. مانا بۇ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

## كەچۈرۈپتىلىدىغان پاسكىنا نەرسىلەر

ئاسانلاشتۇرۇش ۋە تەسلەشتۈرمەسلىك ئۈچۈن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى يىڭنىنىڭ ئۇچچىلىك كىيىمگە ياكى تەنگە، ياكى يەرگە چاچراپ كەتكەن سۈيدۈككە ئوخشاش ساقلىنىش قىيىن ياكى پاكىزلاش تەس بولغان ئاز نىجاسەتلەر كەچۈرۈلۈپتىلىدۇ.[2] بۇنىڭغا ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەر ئۇلاردىن ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن (تازىلىمىسىمۇ) كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ھەسەن بەسرىنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «كىممۇ (كىيىم - كېچەكلىرىگە) سۈيدۈكنىڭ چاچراپ كېتىشىدىن ساقلىنالايدۇ؟ بىز الله تائالانىڭ كاتتا رەھمەتىنى ئۈمىد قىلىمىز.»[3].[4]

مەسىلەن: چىۋىن پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە قونىدۇ، ئاندىن ناماز ئوقۇيدىغان ئىنساننىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە كېلىپ قونىدۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرىدا يۇقۇپ قالغان نىجىس نەرسىلەردىن بولۇشى مۇمكىن. ھېچكىم بۇنىڭدىن ساقلىنيالمايدۇ.

يەنە ئالىملار ئارقا تەرەت يولىنى پەقەت تاشلار بىلەنلا تازىلىغان ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىدا بىر پىكىرگە كەلدى. تاشلار بىلەن ئارقا تەرەت يولىنى تازىلىغان ۋاقتىدا، تاشلار ئۇ يەردىكى بارلىق پاسكىنا نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي تازىلىيالمايدىغانلىقى، تاشلار ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى پەقەت ئازايتىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. مانا بۇ ئازراق پاسكىنا نەرسىنىڭ كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئالىملار كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغان نىجىس نەرسىلەرگە ئۆلچەم قويۇپ:

(1) «شرح المنيه»، 177 - بەت.

(2) «شرح المنيه»، 179 - بەت.

(3) يەنى بىز الله تەئالانىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىزگە چاچراپ كەتكەنلىكىدىن بىزنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

«ئەگەر نىجىس (چوڭ تەرەتكە ئوخشاش) قويۇق نەرسە بولسا، بىر تەڭگىنىڭ ئېغىرلىقى مىقداردا بولغان نىجىس نەرسە كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەگەر نىجىس (كىچىك تەرەتكە ئوخشاش) سۇيۇق نەرسە بولسا، بىر تەڭگىنىڭ كەڭلىكى مىقداردا بولغان نىجىس نەرسە كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېدى. چۈنكى، ئالىملار تاھارەت سۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئارقا تەرەت يولىنى پەقەت تاشلار بىلەن تازىلىسىمۇ توغرا بولىدىغانلىقىدا بىر پىكىرگە كەلدى. تاشلار ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تازىلىيالمايدۇ. تاشلار پەقەت ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىنى ئازايتىدۇ ۋە ئۇ يەرنى قورۇقدايدۇ. ئارقا تەرەت يولىنىڭ ئورنى بىر تەڭگىدەك كېلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن بۇنىڭدىن (تاشلار بىلەن تازىلانغاندىن كېيىن) ئارقا تەرەت يولىدا قېلىپ قالغان نىجىس نەرسىلەرنىڭ كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.[1]

ئالىملار تەرىپىدىن كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغان نىجىس نەرسىلەرگە قويۇلغان بۇ ئۆلچەم <ئېغىر نىجىس نەرسىلەر> دەپ ئاتىلىدىغان ۋە نىجىس ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كېلىنگەن (كىچىك ۋە چوڭ تەرەت ۋە قانغا ئوخشاش) نىجىس نەرسىلەر ئۈچۈن قويۇلغان ئۆلچەمدۇر. ئەمما <يەڭگىل نىجىس نەرسە> دەپ ئاتىلىدىغان ۋە نىجىس ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كېلىنمىگەن ئۇزۇم ھارىقىدىن باشقا مەست قىلغۇچى ماددىلار، گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكلىرى ۋە گۆشى يېيىلمەيدىغان ئۇچارلىقلارنىڭ ماياقلىرىغا ئوخشاش نىجىس نەرسىلەرنىڭ كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا قويۇلغان ئۆلچەم يۇقىرىدىكى ئۆلچەمدىن چوڭدۇر ۋە كەڭدۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ نىجىس نەرسىلەر بىرەر كىيىم ياكى تەننىڭ تۆتتەن بىر قىسمىغا يەتمىگىدەك يېرىگە يۇقۇپ قالسا، بۇ نەرسىلەر كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ (يەنى ئۇ كىيىمنى ۋە تەننى يۇمايلا ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ). چۈنكى، ناماز ئوقۇشنى چەكلەش ئۈچۈن (بۇ خىلدىكى) نىجىس نەرسىنىڭ كۆپ بولۇشى شەرتتۇر. بىرەر كىيىم ياكى تەننىڭ تۆتتەن بىر قىسمىدىن ئاز يەرگە يۇقۇپ قالغان نىجىس نەرسە بولسا، بەك كۆپ دەپ ھېساپلانمايدۇ.

ئەگەر يەڭگىل نىجىس نەرسىلەر ئېغىر نىجىس نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتسە، يەڭگىل نىجىس نەرسىلەر ئېغىر نىجىس نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ.

(1) «بەدائىئۇسسەنائىئ»، 1 - توم، 79 - بەت.

بىر نىجىس نەرسىنىڭ ئۆلچەمگە يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكى (كىيىم ـ كېچەك، جايناماز ۋە ياغاچقا ئوخشاش) قاتتىق ماددىلاردا كۆرىلىدۇ ۋە (شۇ نەرسىلەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ). ئەمما (سۇ ۋە باشقا شارابلارغا ئوخشاش) سۇيۇق ماددىلاردا مەيلى نىجاسەت يەڭگىل نىجاسەتلەردىن بولسۇن مەيلى ئېغىر نىجاسەتلەردىن بولسۇن قاچانكى ئۇ ماددىلارغا ئاز بولسىمۇ نىجاسەت يۇقۇدىكەن، ئۇ ماددىلار نىجىس ھېساپلىنىدۇ. (چۈنكى، بۇ سۇيۇق ماددىلاردا نىجاسەتنىڭ بىر يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۆلچەمگە يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ).[1]

يامغۇرلۇق ۋە پاتقاقلىق كوچىلاردە (كىيىم ـ كېچەكلەرگە) يۇقۇپ قالغان كۆچىنىڭ لايلىرىدا نىجىس نەرسە بولمىسىلا (كىيىم ـ كېچەكلەرگە) يۇقۇپ قالغان لايلار كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

## نىجىس نەرسىلەرنىڭ تازىلىنىش ئۇسۇلى

نىجىس نەرسىلەر ياكى (كۆزگە كۆرۈنىدىغان) ئاشكارا نەرسىدۇر ياكى (كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان) نەرسىدۇر.

ئەگەر نىجىس (چوڭ تەرەت ۋە قانغا ئوخشاش) مۇنداق قاراشتا كۆزگە كۆرۈنىدىغان نەرسە بولسا، سۇ بىلەن ياكى سۇغا ئوخشاش ھەر قانداق سۇيۇق بىر ماددى بىلەن نىجىس نەرسە يۇقۇپ قالغان ئۇ كىيىمنى تاكى ئۇ نىجىسنى چىقىرۋەتكەنگە قەدەر يۇسا، كىيىم پاكىز بولغان ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نىجىسنىڭ ئۇ كېيىمدە سۇيۇنغا ئوخشاش سۇيۇقلۇقلارنى قوللىنىپ چىقىرۋېتىشقا توغرا كېلىدىغان ئەسىرى قالسا، ئۇ سۇيۇقلارنى قوللىنىپ نىجىسنىڭ قالغان ئەسىرىنى چىقىرۋېتىش لازىم ئەمەستۇر. سۇ بىلەن چىقىپ كەتمىگەن پاسكىنا نەرسىنىڭ كىيىمدە قالغان ئەسىرى، (ئۇ كىيىمنىڭ پاكىز ھېساپلىنىشىغا) ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: يەسارنىڭ قىزى خەۋلە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بىر قۇرلا كىيىم ـ كېچىكىم بار. مەن ئۇ كىيىمدە ھەيز كۆرۈمەن»

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 79 ـ بەت.

دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىز پاكلانغاندا (كىيىمىڭىزگە يۇقۇپ قالغان) قاننى يۇيۇپ، ئاندىن ئۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسىڭىز بولىدۇ» دېدى. ئاندىن بۇ ئايال: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر قاننىڭ ئەسىرى چىقمىسىچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قاننى سۇ بىلەن يۇسىڭىز يېتەرلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ قېلىپ قالغان ئەسىرى (ئۇ كىيىمنىڭ پاكىز ھېساپلىنىشىغا) تەسىر يەتكۈزمەيدۇ»[1] دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن كىيىمگە ھەيزنىڭ قېنى يۇقۇپ قالغان ھەيزدار ئايالنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۇ ئايال قاننى يۇيىدۇ. ئەگەر قاننىڭ ئەسىرى كەتمىسە، ئۇ يەرگە سېرىق رەڭلىك بىر نەرسىلەرنى قوللىنىپ بولسىمۇ ئۇ قاننىڭ رەڭگىنى (باشقا نەرسىنىڭ رەڭگىگە) ئۆزگەرتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

ئەگەر پاسكىنا نەرسە (كىچىك تەرەت ۋە ھاراقتا ئوخشاش بىر قاراشتىلا كۆزگە كۆرۈنمەيغان) نەرسە بولغان ياكى (ئەسلىدە ئۇ كۆزگە كۆرۈنىدىغان نجىس بولسىمۇ لېكىن) ئۇ نجىس نەرسە بىلەن ئۇ يۇقۇپ قالغان كىيىمنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن نجىس كۆزگە كۆرۈنمىگەن بولسا[3]، ئۇ كىيىم تاكى يۇغۇچىنىڭ گۇمانىغا بۇ كىيىم ئەمدى پاكىزلاندى، دەپ كۆچلۈك كەلگەنگە قەدەر يۇيۇلسا پاكلىنىدۇ. بىر كىيىمنىڭ پاكىزلانغانلىقىنىڭ گۇمانىغا كۆچلۈك كېلىشى ئۇ كىيىمنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۈچ قېتىم يۇيۇلغان نەرسىنىڭ پاكىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرسى ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغىچە قاچىغا قولىنى تىقمىسۇن. چۈنكى، ئۇ قولىنىڭ (كېچىدە) قەيەردە قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.»[4]

بىر كىيىمنىڭ پاكىزلانغانلىقىنىڭ گۇمانىغا كۆچلۈك كېلىشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ يەنە بىر يولى بولسا، ئۇ كىيىمگە ناھايىتى چىق سۇ ئېقىتىشتۇر.

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) مەسىلەن: قان، رەڭگى قىزىل كىيىمگە يۇقۇپ قالغىنىغا ئوخشاش. ت.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەگەر كىيىم قاتتىق ۋە قېلىن كىيىم بولۇپ پاسكىنا نەرسىلەرنى ئۆزىگە ئىچىۋالىدىغان بولسا، ئۇنى پاكىزلاش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم يۇيۇش بىلەن بىرگە ھەر قېتىم يۇغاندا ئۇنى سىقىش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ كىگىز ۋە گىلەمگە ئوخشاش نەرسىلەر بولسا، ئۇنى ئىرىقىنىڭ سۈيىگە بىر كۈن ياكى بىر كېچە چىلاپ قويىسا پاكلىنىدۇ. ئۇنى سىقىش شەرت ئەمەستۇر.

بىرەر نەرسىنى پاكىزلاشتىن مەقسەت، قانداق يول بىلەن بولسا بولسۇن ۋە قانداق نەرسە بىلەن بولسا بولسۇن چىقىشى قىيىن بولمىغان نىجىسلەرنىڭ ئەسىرىنى ئۇ نەرسىدىن چىقىرۋېتىشتۇر.[1]

پاسكىنا نەرسىنى سۇدىن باشقا نەرسە بىلەنمۇ چىقارسا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئىچىمىزدىكى بەزى ئاياللارنىڭ بىر قۇرلا كىيىم ـ كېچەكلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۇ كىيىمدە ھەيز كۆرەتتى. ئەگەر ھەيزنىڭ قېنى كىيىمگە يۇقۇپ قالسا، ئۇ قاننى تۈكرىكى بىلەن تازىلايتتى، ئاندىن ئۇنى تىرنىقى بىلەن تاتىلايتتى.»[2] يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىدى: «بىز يۇقۇپ قالغان ھەيزنىڭ قېنىنى تۈكرىكىمىز بىلەن يۇياتتۇق ۋە تىرنىقىمىز بىلەن تاتىلايتتۇق[3]»[4]

بىز يۇقىرىدا پاكىزلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ بابىدا نىجاسەتلەرنى تازىلاشنىڭ بىر نەچچە خىل يولىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

# ئىستىنجا

ئىستىنجا قىلىشمۇ بەدەننى پاكىزلاشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

(1) « شرح المنیه »، 186 ـ بەت

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) مانا بۇ ئەسەرلەر نىجاسەتنى سۇدىن باشقا نەرسە بىلەنمۇ تازىلىسا توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مالىك بىر رىۋايەتتە، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد بىر رىۋايەتتە نىجاسەتنى سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن تازىلىشقا بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىنى ئىبنى تەيمىيە ۋە شەۋكانىغا ئوخشاش ئاتاقلىق ئالىملار بەك توغرا قاراش دەپ قاراپ كەتمەيدۇ. ت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئابدۇرراززاق رىۋايەت قىلدى.

### <ئىستىنجا> ئۇقۇمىغا ئىزاھات

ئىستىنجا قىلىش دېگەن ھاجەتنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالدى تەرەت يولىدىكى ياكى ئارقا تەرەت يولىدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش دېگەن بولىدۇ.[1]

## ئىستىنجا قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىستىنجا قىلىشنىڭ ھۆكمى كۈچلۈك سۈننەتتۇر. اللہ تائالا قۇبا مەسجىت[2] كىشىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، اللہ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[3] ئەبۇھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇبا مەسچىت كىشىلىرى تەرەتلىرىنى سۇ بىلەن تازىلايتتى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا ئۇلار ھەققىدە: «ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، اللہ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[4] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.»[5]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتەتتى. مەن يەنە بىر بالا (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا) بىر قاچىدا سۇ ۋە ھاسا ئېلىپ باراتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ بىلەن تەرىتىنى تازىلايتتى.»[6]

ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان نەرسە ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن ھالقىپ باشقا يەرگە يۇقۇپ بەرمىگەن ياكى ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن ھالقىپ باشقا يەرگە يۇقۇپ بەرگەندىمۇ ناھايىتى ئازراق يۇقۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە تەرەتنى سۇ بىلەن

---

(1) بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇمەن قىلىپ ئىستىنجا ئۇچۇن <تەرىتىنى تازىلاش> دېگەن ئاتالغۇنى قوللۇنىمىز. ت.

(2) قۇبا مەسچىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىۋېتىپ مەدىنىگە تەۋە بىر يەرگە ئەڭ ئەۋۋەل سالغان بىر مەسچىتتۇر. ت.

(3) سۇرە تەۋبە 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) ـ سۇرە تەۋبە 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلدى.

(6) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تازىلاش كۆچلۈك سۈننەت بولىدۇ. ئەمما ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان نەرسە ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن ھالقىپ باشقا يەرگە خېلى ئۇبدان يۇقۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە تەرەتنى سۇ بىلەن تازىلاش ۋە تەرەتنى تازىلاش پەرز بولىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم كېسەل سەۋەبى بىلەن تەرەتنى تازىلاشقا قادىر بولالمىغان، ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا ئۇياتلىق يېرىنى ئالدىدا ئېچىش بولمايدىغان باشقا بىر كىشى بولغان[2]، بۇ كىشى كېسەل ئادەمنىڭ تەرەتنى تازىلىماقچى بولغاندا ئۇنىڭ ئۇياتلىق يېرىگە قاراشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان ۋە ئۇ يەرنى توسۇپ تۇرغىلى بىر نەرسە تاپالمىغان بولسا، كېسەل ئادەم تەرىتىنى تازىلىمىسىمۇ بولىدۇ. ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان نەرسە ئۇ يەردىكى بىر تەڭگىدەك مىقداردىكى يەردىن ھالقىپ باشقا يەرگە خېلى ئۇبدان يۇقۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ كېسەل ئادەم ئۇياتلىق يېرىنى (كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاچماستىن) كۈچىنىڭ يېتىشىچە تاشتەك نەرسىنى ئىشلىتىش بىلەن ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىنى ئازلىتىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.[3]

يەل يۇرۇشۇپ كەتكەندىن كېيىن ياكى ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن (ئەگەر كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىلمىغان بولسا، تاھارەت ئالماقچى بولغاندا) ئالدى تەرەت ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇش لازىم ئەمەستۇر. كىم بۇ ھالەتتە ئۇ يەرلىرىنى سۇ بىلەن يۇسا، ئۇ دىندا يولغا قويۇلمىغان بىر ئىشنى قىلغان ھېساپلىنىدۇ.

## تەرەتنى تازىلاشتا قوللىنىلىدىغان نەرسىلەر

ھۆللۈكنى سۈمۈرىدىغان ۋە ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلايدىغان ياكى ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى ئازايتىدىغان ۋە ئۇ يەرنى قۇرۇتىدىغان

(1) مەسىلەن: ئىچى سۈرۈلۈپ قالغان ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش ئەگەر ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان پاسكىنا نەرسە، ئۇ يەردىكى بىر تەڭگىدەك مىقداردىكى يەردىن ھالقىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا خېلى جىق يۇقۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە تەرەتنى سۇ بىلەن تازىلاش پەرز بولىدۇ. تەرەتنى تازىلاشنىڭ كۈچلۈك سۈننەت بولۇش بىلەن پەرز بولۇشىنىڭ پەرقى بولسا، ئەگەر تەرەتنى سۇ بىلەن تازىلاش كۈچلۈك سۈننەت بولغاندا، ئۇنى سۇ بىلەن تازىلىماي تاشلار بىلەن تازىلىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر تەرەتنى سۇ بىلەن تازىلاش پەرز بولغاندا، ئۇنى تاش بىلەن تازىلاش بولمايدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(2) ئەر ئايالىنىڭ ئالدىدا ئۇياتلىق يېرىنى ئاچسا بولىدۇ. لېكىن، ياخشىسى ئاچماسلىقتۇر. ئايالمۇ ئۇياتلىق يېرىنى ئېرىنىڭ ئالدىدا ئاچسا بولىدۇ. لېكىن، ياخشىسى ئاچماسلىقتۇر. ئەر كىشى ئايالىدىن، ئايال كىشى ئېرىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇياتلىق يېرىنى ئېچىشى توغرا ئەمەستۇر. ت.

(3) «ئەددۇررۇلمۇختار مەئەل ھاشىيە»، 1 ـ توم، 338 ـ بەت.

ھەرقانداق پاك نەرسە بىلەن تەرەتنى تازىلاشقا بولىدۇ.

تاش ياكى لاتا ياكى ئۈستۈگە بىر نەرسە يېزىلمىغان قاتتىقراق قەغەز، ياكى سۇغا ئوخشاش قىممەتسىز نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ياخشىدۇر.

تەرەتنى ئەۋۋەل تاش بىلەن ئاندىن سۇ بىلەن تازىلاش ئەڭ ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا سۇ بىلەن تازىلاش ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا تاشتەك نەرسىلەر بىلەن تازىلاش ياخشىدۇر. گەرچە ئارىلىرىدا ياخشىلىق دەرىجىدە پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ قايسى بىرى بىلەن تەرەت تازىلانسا، سۈننەت ئادا بولغان بولىدۇ.[1]

سۆڭەك، تاماق ۋە تېزەكلەرنى تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېشىمغا جىننىڭ ئەلچىسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە (جىنلارنىڭ قېشىغا) بېرىپ ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردىم» دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى (ئۆزى جىنلار بىلەن ئۇچراشقان يەرگە) ئېلىپ بېرىپ بىزگە جىنلار (شۇ چاغدا) قالدۇرغان ئوتلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە ئوزۇقلۇق سورىغانمىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «قولۇڭلارغا چۈشكەن الله تائالانىڭ نامى ئاتىلىپ بوغۇزلانغان (ماللارنىڭ) سۆڭەكلىرى سىلەر ئۈچۈن خۇددى لوق گۆشتەك (ئوزۇقلۇق بولسۇن) ۋە بارلىق تېزەكلەر سىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىڭلار ئۈچۈن (ئوزۇقلۇق بولسۇن)» دېگەنمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىزگە): «سىلەر سۆڭەك ۋە تېزەكلەر بىلەن تەرىتىڭلارنى تازىلىماڭلار. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئوزۇقلىرىدۇر»[2] دەيتتى.

جىنلار يەيدىغان نەرسىلەر بىلەن تەرەتنى تازىلاش چەكلەنگەن يەردە، ئىنسانلار يەيدىغان نەرسىلەر بىلەن تەرەتنى تازىلاش ئەلۋەتتە چەكلىنىدۇ.[3]

بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن ئىككى تاشنى ئېلىپ ۋە تېزەكنى ئېتىۋېتىپ: «تېزەك ھەقىقەتەن پاسكىنىدۇر»

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 338 - بەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) «رد المحتار»، 1 - توم، 338 - بەت.

دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

## تەرەت قانداق تازىلىنىدۇ

تەرەتنى تازىلايدىغان ئادەم تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر يولنى تۇتۇش لازىم ئەمەس. ئۇ پەقەت ئالدى تەرەت ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىنى ئەڭ ياخشى پاكىزلاشتىن ئىبارەت غايىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان يولنى تاللىسا بولىدۇ.

ئەگەر تەرەتنى سۇدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن تازىلىماقچى بولغاندا، تەرەتنى ئۈچ قېتىم تازىلاش مۇستەھەپتۇر. شۇنداق قىلىشنىڭ مۇستەھەپ بولۇشى تەرەتنى ئۈچ دانە تاش بىلەن تازىلاشقا كەلگەن بۇيرۇق ئۈچۈندۇر. بۇ بۇيرۇق (ۋاجىپقا ئەمەس) مۇستەھەپكە قارىتىلىدۇ. بۇ بۇيرۇقنىڭ مۇستەھەپكە قارىتىلىشىنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى تەرەتنى تاش بىلەن تازىلىماقچى بولسا، (ئۈچ دانىگە ياكى بەش دانىگە ئوخشاش) تاق تاش بىلەن تازىلىسۇن. كىمكى شۇنداق قىلسا (يەنى تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن ئەڭ ئاز ئۈچ دانە تاش ئىشلەتسە) ياخشى قىلغان بولىدۇ. كىمكى شۇنداق قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يوقتۇر.[1] »[2]

ئەگەر تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن سۇ ئىشلىتىلگەن بولسا، سۇ بىلەن ئۇ يەرنى كۆڭلىدە ئەمدى پاكىز بولدى، دېگەنگە قەدەر يۇسا يېتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر ئىشتىن شەكلىنىدىغان ئادەم بولمىسىلا ئۇ يەرنى ئۈچ قېتىملا يۇسا يېتەرلىك بولىدۇ[3].[4]

تەرەت ئوڭ قول بىلەن پاكىزلانمايدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

---

(1) مانا بۇ ھەدىستە ئەگەر شۇنداق قىلمىغان ئادەمگە ھېچ گۇناھ يوق دەپ بايان قىلىنىدى. ئەگەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەرەتنى تاق تاشلار بىلەن تازىلاشقا بەرگەن بۇيرۇقى ۋاجىپنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بولسا، ئۇنداق قىلمىغان ئادەمنىڭ گۇناھكار بولۇشى لازىم ئىدى. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئەگەر ئۇ بىر ئىشتىن شەكلىنىدىغان ئادەم بولۇپ ئۇ يەرنىڭ پاك بولغانلىقىدىن شەكلىنىدىغان بولسا، ئۇ يەرنى تاكى كۆڭلىدە ئەمدى پاكلاندى دېگەنگە قەدەر يۇيۇشى لازىمدۇر. ت.

(4) «رد المحتار»، 1 - توم، 338- بەت.

ئەبۇقەتادە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار كىچىك تەرەت قىلغاندا، ئالدى تەرەت يولىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن. ھەم ئوڭ قولى بىلەن تەرەتنى پاكىزلىمىسۇن ۋە قاچىغا تىنمىسۇن.»[1]

ئەگەر ئۇ كىشى ئەل ياكى باشقا سەۋەبلەر يۈزىسىدىن تەرىتىنى تازىلاش ئۈچۈن سول قولىنى ئىشلىتەلمەيدىغان ھالەتتە بولسا، بۇ چاغدا تەرىتىنى تازىلاش ئۈچۈن ئوڭ قولىنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

تەرەتنى تازىلىغاندا رىئايە قىلىدىغان بىر ئەدەب تەرەتنى قىبلە تەرەپكە قاراپ تازىلىماسلىقتۇر. ئەمما كىچىك ۋە چوڭ تەرەتكە ئولتۇرغاندا، تۆت تەرەپلىرى يېپىقلىق يەردە بولسىمۇ قىبلە تەرەپكە ئالدىنى ياكى كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر ھاجەتخانىغا كەلسەڭلەر، قىبلە تەرەپكە ئالدىڭلارنى ياكى ئارقاڭلارنى قىلىپ ئولتۇرماڭلار. لېكىن سىلەر شەرق ياكى غەرب تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇڭلار.»[2] ئەبۇئەييۇب: بىز شامغا كەلگەندە، بىز ئۇ يەردە سېلىنغان ھاجەتخانىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىبلە تەرەپكە قارىتىلىپ سېلىنغانلىقىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز (ھاجەتخانىلاردا يانتۇ ئولتۇرۇش بىلەن ئامال بار قىبلە تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشتىن) ساقلىناتتۇق ۋە الله تەئالادىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەيتتۇق، دېدى.[3]

## ھاجەتنى ئادا قىلىشنىڭ سۈننەت ۋە ئەدەبلىرى

ئىنسان ھاجىتىنى ئادا قىلىشنى تاكى كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىستاپ كەتكىچىلىك كېچىكتۈرۈۋەتمەي (ھاجىتىنى بالدۇرلا ئادا قىلىشقا) ئالدىرىشى لازىمدۇر. ھاجەتنى قىستىغانغا قەدەر ھاجىتىنى ئادا قىلماسلىق تەن ـ سالامەتكە زىيانلىقتۇر. ھەمدە ھاجەتنى قىستاپ تۇرغاندا ناماز ئوقۇشمۇ مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە الله تەئالا خالىسا ئالدىمىزدىكى بابلاردا توختۇلىمىز.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى پەقەت مەدىنىدە ئەھلى ۋە شۇنىڭدەك قىبلىسى شەرق ياكى غەرب تەرەپتە بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما بىزنىڭ ۋەتەنىمىزگە ئوخشاش قىبلە غەرب تەرەپتە ياكى ئاپرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەرگە ئوخشاش قىبلە شەرق تەرەپتە بولغان يەرلەرنىڭ ئادەملىرى ھاجەتخانىدا شەرق ياكى غەرب تەرەپكە ئەمەس باشقا تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدۇ. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

هاجەتخانىغا كىرمەكچى بولغان ئادەم بىلەن اللە تائالانىڭ ياكى پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسمى بار ئۈزۈككە ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇنى هاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى چىقىرىۋېتىشى لازىمدۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاجەتخانىغا كىرگەندە ئۈزۈكىنى چىقىرىۋېتەتتى.»[1]

هاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى: <اللە نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن>[2] دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ. ئەگەر هاجىتىنى ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم مەخسۇس هاجەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەردە بولماي سەھراغا ئوخشاش ئەتراپى ئۈچۇقچىلىق يەردە بولسا، ئۇ دۇئانى ئىشتىنىنىڭ بېغىنى يېشىشتىن ئىلگىرى ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاجەتخانىغا كىرگەندە: «ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[3] دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە هاجەتخانىغا كىرمەكچى بولغاندا، دەپ كەلدى.[4]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىنلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى پەردە بولسا، ئىنسان هاجەتخانىغا كىرگەندە <بىسمىللاھ> دېيىشىدۇر»[5]

هاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتى بىلەن كىرىدۇ، چىققاندا ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىدۇ.

ئۇياتلىق يېرىنى يېرىم ئولتۇرۇپ بولۇپ ئاچىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاجىتىنى ئادا قىلماقچى بولسا، ئولتۇرۇپ تاكى يەرگە يېقىن بولغانغا قەدەر كىيىمىنى

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) بىسمىللاھى، ئەللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇ بىكە مىنەل خۇبۇسى ۋەل خەبائىسى.

(3) ئەللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇ بىكە مىنەل خۇبۇسى ۋەل خەبائىسى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

كۆتەرمەيتتى.»[1]

ئېقىۋاتقان بولسىمۇ سۇغا، ئېرىققا، ئۆستەڭگە، قۇدۇققا، بولاققا، دەرەخ ئاستىغا خۇسۇسەن مېۋىلىك دەرەخ ئاستىغا، زىرائەتلىككە، كىشىلەر پايدىلىنىدىغان يېشىللىققا، ئادەملەر توپلىنىدىغان يەرلەرگە، يولغا، مەسچىتنىڭ يېنىغا ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرگە كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىلىش هارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىغا ۋە ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزكۇر يەرلەرگە تەرەت قىلماسلىق ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «سىلەرنى لەنەتكە لايىق قىلىپ قويىدىغان ئىككى ئىشتىن قېچىڭلار» دېدى. ساھابىلار: ئۇ قايسى ئىككى ئىش؟ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: »كىشىلەرنىڭ يولىغا ياكى ئۇلارنىڭ سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويىدىغان ئىش» دېدى.[2]

بۇ ھەقتە يەنە مۇئاز ئىبنى جەبەل پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر سۇ مەنبەلىرىگە، يولغا ۋە سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت سىلەرنى لەنەتكە لايىق قىلىپ قويىدىغان ئۈچ ئىشتىن ساقلىنىڭلار.»[3]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاقمايدىغان سۇغا كىچىك تەرەت قىلىشتىن توسقان.»[4] يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئاققان سۇغا كىچىك تەرەت قىلىشتىن توسقان» دەپ كەلدى.[5]

كىچىك تەرەت قىلىۋاتقاندا، ھەتتا سۈيدۈك (شامال بىلەن) كەينىگە قايتىپ چاچرىماسلىقى ئۈچۈن شامال چىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشقا، يەنە شۈنىڭدەك چوڭقۇر يەردە تۇرۇپ دۆڭگە قاراپ تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ.

تاشنىڭ ئاستىدىكى زىيانلىق هاشارەتلەرنىڭ چىقىپ زىيان يەتكۈزۈپ

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(5) بۇ رىۋايەتنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

قىلىشىدىن ياكى تاشنىڭ ئاستىكى ھايۋانلارغا زىيان سېلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاشقا كىچىك تەرەت قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاشقا كىچىك تەرەت قىلىشتىن توسقان.

تەرەت قىلىۋاتقان چاغدا ئۆزرىسىز گەپ قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن اللە تەئالا، تەرەت قىلغىلى چىقىپ ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئېچىپ قويۇپ گەپ قىلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىككى ئادەمنى يامان كۆرىدۇ.»(1)

ئۆزرىسىز ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىش مەكرۇھتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «كىمكى سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلغان دېسە، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك تەرەتنى پەقەت ئولتۇرۇپلا قىلاتتى.»(2)

ئەمما پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس ئۆزرۈلۈك ھالەتكە قارىتىلغاندۇر ياكى ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىشنىڭمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئەھۋال ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك تەرەتنى ئولتۇرۇپ قىلاتتى.

ئەركىشىنىڭ، ئۇنىڭ كىچىك ۋە چوڭ تەرەتنى تازىلاشتىن ئىلگىرى ھەتتا ئالدى تەرەت يولىدىن سۈيدۈكنىڭ چۇقۇم چىقىپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدىغان ھالەتكە ۋە دىلىدا سۈيدۈكنىڭ چوقۇم توختىغانلىقىغا ئىشىنەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەنگە قەدەر (ئالدى تەرەت يولىغا تۇپا ياكى قەغەز تۇتۇپ ئۇياق بۇياققا ماڭغانغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن) ئالدى تەرەت يولىدىن سۈيدۈكنى پاكىزلىشى لازىمدۇر. (ئاندىن تەرەتنى سۇ ياكى تاش بىلەن تازىلايدۇ). بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

(1) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام ئەھمەد، نەسائىي، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر سۈيدۈكتىن پاكىزلىنىڭلار. چۈنكى، قەبرى ئازابىنىڭ كۆپۈنچىسى ئۇنىڭدىندۇر.»(1) ئەمما ئايال كىشى ئالدى تەرىتىنى (ئەركىشى يۇقىرىدا سۈيدۈكنى تازىلىغانغا ئوخشاش يوللار بىلەن) تازىلاش لازىم ئەمەس. ئايال كىشى بولسا، ئالدى تەرىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ ئازراق ئولتۇرغاندىن كېيىن تەرەتنى تازىلايدۇ.(2)

تەرەت قىلغاندا ئامال بار تەرەتلىرىنى چىقىرىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇياتلىق يېرىنى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە بولۇشتىن ئىلگىرى ياپىدۇ.

هاجەتخانىدىن چىقىپ بولۇپ: <(ئى الله!) سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمەن، مەندىن پاسكىنا نەرسىلەرنى چىقىرۋەتكەن ۋە ماڭا سالامەتلىك بەرگەن الله تەئالاغا هەمدۇ ـ سانالار بولسۇن>(3) دەيدۇ.

بۇ هەقتە ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاجەتخانىدىن چىققاندا: «(ئى الله!) سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمەن.(4)» دەيتتى.(5) بۇ هەقتە ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن مۇنداق بىر هەدىس رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاجەتخانىدىن چىقسا: «مەندىن پاسكىنا نەرسىلەرنى چىقىرۋەتكەن ۋە ماڭا سالامەتلىك بەرگەن الله تەئالاغا هەمدۇ ـ سانالار بولسۇن.(6)» دەيتتى.

هاجەتخانىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن قولىنى يۇيىدۇ ياكى كىچىك تەرەت ئالىدۇ. بۇ هەقتە ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ هاجەتخانىدىن چىقسىلا (قولىنى) يۇغانلىقىنى كۆردۈم.»(7) يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاجەتخانىدىن چىقسىلا كىچىك تاھارەت ئالاتتى، دەپ بايان قىلىندى.(8)

ئىچكى ۋە تاشقى پاكىزلىقنىڭ ئىنساننىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا

(1) بۇ هەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلدى.
(2) «ئەلهەدىيەتۇل ئۇلا»، 10 ـ بەت.
(3) ـ غۇفرانەكە، ئەلهەمدۇ لىللاهىللەزى ئەزهەبە ئەننىل ئەزا ۋە ئافانى.
(4) ـ غۇفرانەكە.
(5) بۇ هەدىسنى ئىمام ئەهمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، ئىبنى هەببان، ۋە هاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.
(6) ـ ئەلهەمدۇ لىللاهىللەزى ئەزهەبە ئەننىل ئەزا ۋە ئافانى.
(7) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.
(8) بۇ رىۋايەتنى ئىمام ئەهمەد رىۋايەت قىلدى.

ۋە ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن خالى بولىدىغانلىقىغا چوڭ پايدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىچكى ۋە تاشقى پاكىزلىققا ئەنە شۇنداق ئەھمىيەت بەردى. كۈنىمىزدە ئېغىزنى، ئارقا تەرەت يولىنىڭ ئېغىزىنى ۋە جىنسىي ئەزالارنى تازىلىمىغانلىغا ئوخشاش ئىنساننىڭ بەزى ئەزالىرىنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى راك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

بۇ ھەقتە دوكتور ئەھمەد قازى ئۆزىنىڭ بۇ ساھەدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشىنىڭ ئايىغىدا مۇنداق دېدى: «ئېغىزنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئېغىز ۋە بوغاز راكىغا گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالىنى كۈچەيتىدۇ. ئەمما ئارقا تەرەت يولى ئېغىزىنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش مۇشۇ ئورۇننىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىشتىن ساقلايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر». دوكتور ئۇمۇرتقا ۋە ئارقا تەرەت يولى ئېغىزىدىكى ئۇزۇن زامانلىق ياللۇغلىنىش ئارقا تەرەت يولى راكىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشقا كۈچلۈك سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.[1]

# تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىش

**تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:**

**1 ـ كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىش. بۇ كىچىك تاھارەت ئېلىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.**

**2 ـ چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىش. بۇ يۇيۇنۇش (يەنى غۇسلى قىلىش) بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.**

تاھارەت شەرىئەت بېكىتكەن بىر ئىش بولۇپ، ئۇ مەلۇم ئەزالارنىڭ بەزىسىنى يۇيۇش ۋە بەزىسىنى سىلاش بىلەن ئېلىنىدۇ.

تاھارەت (تاھارەت ئېلىش جەريانىدا يۇيۇلغان) ئەزالارنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ ۋە پاكىزلايدۇ. ھەمدە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەسىرى تاھارەت ئالغۇچىنىڭ يۈز ۋە پۇت ـ قوللىرى نۇرلۇق بولغان ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر

(1) «ئەلئىستىشفا بىل سالات»، 20 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۇممىتىم قىيامەت كۈنى، ئالغان تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن يۈز قوللىرى ئاق قاشقىلىق ھالدا چاقىرىلىدۇ. كىمكى ئاقلىقنى ئاشۇرۇشقا قادىر بولالىسا، شۇنداق قىلسۇن.[1] »[2]

## تاھارەت ئېلىشنىڭ ھۆكمى

1 ـ تاھارەتسىز ئادەم ناماز ئوقۇماقچى ياكى جىنازە نامىزى ئوقۇماقچى، ياكى تىلاۋەت سەجدىسى قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ تاھارەت ئېلىشى پەرزدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار»[3]

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاھارەتسىز كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى تاكى تاھارەت ئېلىپ (ئۇقۇمىغانىغا قەدەر) قوبۇل قىلىنمايدۇ.»[4]

تاھارەتسىز كىشى قۇرئاننى تۇتماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ تاھارەت ئېلىشى پەرزدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى ئىبنى ھەزمگە يېزىپ بەرگەن خېتىدا: «قۇرئاننى پەقەت پاكىز ئادەملا تۇتسۇن» دەپ دېيىلگەن.[5]

كۆپ ساندىكى تەپسىر شۇناسلار: «اللہ تائالانىڭ: «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ»[6] دېگەن ئايىتىنى تاھارەتسىزلىكتىن ۋە پاسكىنا نەرسىلەردىن پاك بولۇشقا قارىتىدۇ. لېكىن فىقھىشۇناسلار قۇرئاننى تۇتماقچى بولغاندا تاھارەت ئېلىش ئەمەلدىكى پەرزدۇر. يەنى ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنمايدىغان بىر پەرزدۇر.[7] چۈنكى، اللہ

(1) تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلغان ئورۇننىڭ ھەممىسىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ . ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، نەسائىي ۋە دارى قۇتنىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

(6) سۈرە ۋاقىئە 79 ـ ئايەت.

(7) ئىسلام دىنىدا پەرز، قەتئىي پەرز ۋە ئەمەلدە پەرز، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بىرىنچىسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلانمايدۇ. ت.

تائالانىڭ: «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ»[1] دېگەن ئايىتىنىڭ قۇرئان ھەممە نەرسە خاتىرلەنگەن تاختى (يەنى لەۋھۇل مەھپۇز) دىكى ۋاقتىدا، ئۇنى پەقەت پەرىشتىلەرنىڭلا تۇتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايەت (قۇرئاننى تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ) تاھارەت ئېلىشىنىڭ چۇقۇم پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ» دەيدۇ.

2 ـ كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلغاندا تاھارەت ئېلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، تاۋاپ نامازغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىش نامازغا ئوخشاشتۇر. لېكىن (ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان يېرى) سىلەر تاۋاپتا گەپ قىلالايسىلەر. كىمكى تاۋاپتا گەپ قىلماقچى بولسا، پەقەت ياخشى گەپنىلا قىلسۇن.»[2]

3 ـ ئۇخلاش ئالدىدا تاھارەت ئېلىش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە بارا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن ياتماقچى بولغاندا نامازغا تاھارەت ئالغاندەك، تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ يېتىپ: ئى اللە! ئۆزەمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساۋابىڭغا قىزىقىپ ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم ۋە سەندىن قورقۇپ بەدىنىمنى سەن تەرەپكە يۆلىدىم (يەنى بارلىق ئىشلىرىمدا ساڭا تاياندىم). پاناھلىنىدىغان ۋە پاناھلاندۇرىدىغان جاي پەقەت سەن تەرەپتىدۇر. سېنىڭ چۈشۈرگەن كىتابلىرىڭغا ئىشەندىم. سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئىشەندىم، دېگىن[3]. ئەگەر سەن شۇ كېچىسى قازا قىلىدىغان بولساڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن. (تاڭ ئاتقۇزساڭ ياخشىلىق ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزغان بولىسەن) سەن بۇ دۇئالارنى ئەڭ ئاخىردا ئوقۇغىن.»[4]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى تاھارەت بىلەن ئۇخلىسا، كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر پەرىشتە بىللە بولىدۇ. ئۇ ئويغانغان ۋاقتىدا، پەرىشتە: ئى اللە! بەندەڭ پالانىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسەڭ، دەيدۇ.»[5]

(1) سۈرە ۋاقىئە 79 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئەللاھۇممە ئىننى ئەسلەمتۇ ۋەجھى ئىلەيكە ۋە فەۋۋەزتۇ ئەمرى ئىلەيكە ۋە ئەلجەئتۇ زەھرى ئىلەيكە، رىغبەتەن ۋە رەھبەتەن ئىلەيكە، لا مەلجەئە ۋە مەنجا مىنكە ئىللا ئىلەيكە، ئامەنتۇ بىكىتابىكەللەزى ئەنزەلتە ۋە بىنەبىييىكەللەزى ئەرسەلتە.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى.

**4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن تاھارەتنىڭ ئۈستىگە تاھارەت ئېلىش مۇستەھەپتۇر. لېكىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاملىق تاھارەتنىڭ ئۈستىگە تاھارەت ئالغان بۇ ئىشى ئادەتتىكى قىلمىشلىرىنىنىڭ ئورنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشى سۈننەت بولماي مۇستەھەپ بولىدۇ.**

**يەنە گۇناھلاردىن يېنىپ تەۋبە قىلغاندىن كېيىنمۇ تاھارەت ئېلىش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر مۆمىن ياكى مۇسۇلمان بەندە تاھارەت ئالسا، يۈزىنى يۇغاندا، كۆزى بىلەن قارىغان خاتالىقى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۈزىدىن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. قولىنى يۇغاندا، قول بىلەن تۇتۇپ قىلغان خاتالىقى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن بىللە يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. پۇتىنى يۇغاندا، پۇتى بىلەن مېڭىپ قىلغان خاتالىقى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن بىللە يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. (شۇنداق قىلىپ تاھارەتنىڭ كامىل ئېلىنىشى بىلەن) گۇناھلىرى پاك ـ پاكىزە يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.»(1)**

**ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى تاھارەتنى كامىل ئالسا، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەتتا تىرناقلىرىنىڭ ئاستىلىرىدىكى گۇناھلىرىمۇ چىقىپ كېتىدۇ.»(2)**

# تاھارەتنى توغرا ئېلىشنىڭ شەرتلىرى

**1 ـ تاھارەت ھەم پاكىز ھەم باشقىسىنى پاكىزلىيالايدىغان سۇ بىلەن ئېلىنىشى لازىمدۇر.(3) سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن تاھارەت ئېلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، اللە تائالا: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى**

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بىز قانداق سۇنىڭ ھەم پاكىز ھەم باشقىسىنى پاكىزلىيالايدىغان سۇ ئىكەنلىكىنى پاكىزلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ بابىدا تەپسىلي بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ت.

ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار » [1] دەپ بولغاندىن كېيىن: « ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار » [2] دېدى.[3]

2 ـ يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالارغا سۇنىڭ يېتىشىگە تۇسالغۇ بولىدىغان (ئۇ ئەزالاردىكى) شامنىڭ ئېقىندىسى، خېمىر، ھاك، گەج ۋە بوياققا ئوخشاش نەرسىلەرنى تازىلاش لازىمدۇر.

ئاياللارنىڭ تىرناقلىرىغا سۈرتىغان بوياقلىرى سۇنىڭ تىرناقلىرىغا يېتىپ بېرىشىغا تۇسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار تىرناقلىرىدىكى ئۇ بوياقنى چىقىرۋېتىپ تاھارەت ئالمىسا، ئالغان تاھارىتى توغرا بولمىغان بولىدۇ.

ئەمما يۈزلىرىگە ۋە ئىككى لەۋلىرىگە سۈرتۈۋالغان بوياقلىرى چاپلاشقاق ۋە قاتتىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سۇنىڭ ئۇ يەرلەرگە يېتىپ بېرىشىگە تۇسالغۇ بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھۆكمى خۇددى قولغا ۋە پۇتقا قويغان خىنىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. بۇ نەرسىلەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش سۇنىڭ تەنگە يېتىپ بېرىش ياكى بارماسلىقىدۇر.[4]

ئەگەر سۈيۈق ياغقا ئوخشاش سۈيۈق مايلىق نەرسىنى قولغا ياكى پۇتىغا سۈرتكەن بولسا، ئاندىن تاھارەت ئالغاندا ئۇ يەرگە قويغان سۇنى ئۇ يەر قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ يۇيۇش ئەمەلدە كۆرۈلگەن بولغاچقا، ئالغان تاھارەت توغرا بولغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ يەرگە سۈرتكەن نەرسە قوينىڭ مېيى ياكى قاتتىق توڭ ياغدەك مايلىق نەرسە بولسا، بۇ ھالەتتە سۇ تەنگە يېتىپ بارمايدىغانلىقى

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) يەنى تاھارەت پەقەت سۇ بىلەن بولىدۇ. ئەگەر سۇ تېپىلمىغاندا مېۋە سۈيى ياكى چايدەك نەرسىلەر بىلەن تاھارەت ئېلىش توغرا بولمايدۇ. ئۇ ۋاقتىدا پاك تۇپا بىلەن تەيەممۇم قېلىنىدۇ. ت.

(4) يەنى قانداق نەرسە بولسا بولسۇن يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالارغا سۇنىڭ يېتىپ بېرىشىغا تۇسالغۇ بولىدىكەن، ئۇنى چىقىرۋەتمەي تۇرۇپ ئالغان تاھارەت توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالارغا سۇنىڭ يېتىپ بېرىشىغا تۇسالغۇ بولمايدىكەن، ئۇنى چىقىرۋەتمەي تۇرۇپمۇ تاھارەت ئالسا بولىدۇ. ت.

ئۇچۇن ئالغان تەرتى توغرا بولمايدۇ.

بۇرۇننىڭ ئۇستۇدىكى قۇرۇپ قالغان ماڭقا سۇنىڭ بۇرۇن تېرىسىگە يېتىشىغا تۇسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى يۇزنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى تازىلىۋېتىش لازىمدۇر.

ئەگەر بارماققا سالغان ئۇزۇكى تار بولسا، سۇنىڭ ھەتتا ئۇزۇكنىڭ تېگىگە كىرىشى ئۇچۇن ئۇزۇكنى ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلىتىش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇزۇك كەڭرى بولسا، ئۇزۇكنى ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلىتىش سۈننەتتۇر.

ئەگەر ئايال كىشى ياسالغان تىرناق سالىدىغان بولسا، ئۇ تىرناق سۇنىڭ تىرىگە يېتىپ بېرىشىغا تۇسالغۇ بولىدىغان بولغاچقا، تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ تىرناقلارنى چىقىرىۋېتىش ۋاجىپتۇر.

ئەگەر ئايال كىشى ياسالغان چاچ كىيىدىغان بولسا، ئۇ چاچنىڭ ئۇستۇگە قىلغان مەسھىسى توغرا بولمايدۇ. چۇنكى، ياسالغان چاچنىڭ ئۇستۇگە مەسھى قىلىش خۇددى تەلپەك تۇماقنىڭ ئۇستۇگە مەسھى قىلغانغا ئوخشاشتۇر. بۇ توغرا ئەمەستۇر.

بۇياقچى، تامچى ۋە سۇۋاقچىغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ تاھارەتتە يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالىرىنىڭ ئۇستۇدىكى سۇنىڭ تىرىگە يېتىپ بېرىشىغا تۇسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى) تازىلاش لازىمدۇر. ئەگەر چىقىرىش قىيىن بولغانلىرى قېلىپ قالسىمۇ بولىدۇ.

3 ـ تاھارەتكە زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزۈلمىسىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم سۇيدۇكنىڭ تامچىلىرى ياكى يارىدىن ئاققان قان توختاشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىشنى باشلىغان بولسا، ئالغان تاھارتى توغرا ئەمەستۇر. لېكىن ئۆزرىسى بار ئادەملەر بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.[1]

شۇنىڭدەك ھەيزدار ياكى نەپەسدار ئاياللارنىڭ ئالغان تاھارەتلىرىمۇ توغرا بولمايدۇ.

(1) مەسىلەن: سۇيدۇك داۋاملىق تېمىپ تۇرىدىغان ياكى بىر يېرىدىن داۋاملىق قان چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئۆزرىسى بار كىشى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئادەم نامازنى ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن ئاققان سۇيدۇك ياكى قان توختىمىسىمۇ ئۇنىڭ تاھارەت ئېلىشى ۋە ناماز ئوقۇشى توغرىدۇر. بۇنىڭغا ئائىت مەسىلىلەر الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا تەپسىلي كېلىدۇ. ت.

# تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

**پەرز ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:**

**1 ـ پەرزلىكى قەتئىي بولغان پەرز. بۇ قەتئىي دەلىل بىلەن سادىر بولغان پەرزدۇر. مەسىلەن: تاھارەتتە باشقا مەسھى قىلىشقا ئوخشاش. بۇ اللە تائالانىڭ: «بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار» [1] دېگەن ئايىتى بىلەن سادىر بولغان بىر پەرزدۇر.**

**بۇ تۈردىكى پەرزلەرنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر ھېساپلىنىدۇ. بۇ پەرز ئادا قىلىنماي قالسا، بۇ پەرزگە ئالاقىدار بولغان نەرسىلەرمۇ ئادا قىلىنمايدۇ.[2]**

**2 ـ ئەمەلدىكى پەرز. بۇ پەرزمۇ ئەمەل قىلىنىشتا خۇددى بىرىنچى خىلدىكى قەتئىي پەرزگە ئوخشايدۇ. يەنى بۇ پەرزدىمۇ بۇ پەرزنىڭ ئادا قىلىنماسلىقى بىلەن بۇ پەرزگە ئالاقىدار بولغان نەرسىلەرمۇ ئادا قىلىنمايدۇ. لېكىن، بۇ پەرزنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر ھېساپلانمايدۇ. مەسىلەن: مەسھىنى باشنىڭ تۆتتەن بىرىگە قىلىش پەرز دېگەنگە ئوخشاش. بۇ (قەتئىي دەلىل بىلەن ئەمەس) ئىجتىھاد يولى بىلەن سادىر بولغان پەرزدۇر.[3]**

## تاھارەتنىڭ پەرزلىرىنىڭ تۆت ئىكەنلىكى

**ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:**

**1 ـ سۇنى يۈزدە يۇگۇرتۇش بىلەن يۈزنى بىر قېتىم يۇماق.**
**2 ـ ئىككى قولنى چەينەك بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇماق.**
**3 ـ باشنىڭ تۆتتەن بىرىگە بىر قېتىم مەسھى قىلماق.**
**4 ـ ئىككى پۇتنى ھۇشۇق بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇماق.**

**تاھارەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئىشلىرىنىڭ پەرزلىكى اللە تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا،**

---

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) مەسىلەن: تاھارەتتە باشقا مەسھى قىلىش قەتئىي پەرزدۇر. ئەگەر باشقا مەسھى قىلىنماي قالسا، تاھارەت توغرا بولمىغان بولىدۇ. بۇ تاھارەت بىلەن ئوقۇغان نامازمۇ توغرا بولمىغان بولىدۇ. ت.

(3) مەسھىنى باشنىڭ تۆتتەن بىرىگە قىلىش پەرزى بولسا، قەتئىي دەلىل بىلەن ئەمەس ئىجتىھاد يولى بىلەن سادىر بولغان بىر پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بۇ مەسىلىدە بەزى ئالىملار مەسھىنى باشنىڭ تۆتتەن بىرىگە ئەمەس ئۇنىڭدىن ئاز قىسمىغا قىلىش پەرز دېسە، بەزىلىرى: ئۇنىڭدىن چىق قىسمىغا قىلىش پەرز دەيدۇ. ت.

يۇزۇڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار »[1] دېگەن ئايىتى بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلغاندۇر.

ئۇزۇنلىقىدىن ئالغاندا باشنىڭ چاچ ئۈنگەن يەردىن باشلاپ ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە، تۇغۇرلىقىدىن ئالغاندا ئىككى قۇلاق بىلەن (يۈزنىڭ) ئارىلىقىدىكى يەرلەر يۈزنىڭ چەك ـ چېگراسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

يۈزنىڭ چېگرانىسىنىڭ ئىچىگە يەنە ئىككى كۆزنىڭ چانىقىمۇ كىرىدۇ. ئەگەر كۆزى يۇلتىيىپ چىقىپ قالغان ئادەم بولسا، كۆزىنى يۇمغاندا كۆزنىڭ تېشىدا قالغان كۆزنىڭ چانىقىمۇ يۈزنىڭ چەك ـ چېگراسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەگەر كۆزىنى يۇمغاندا كۆزنىڭ تېشىدا قالماي كۆزنىڭ ئىچى تەرىپىگە كىرىپ كەتكەن كۆزنىڭ چانىقى يۈزنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

ساقالدۇرۇقمۇ ۋە ئىككى كالپۇكنى يۇمغاندا يۇمۇلماي قالغان كالپۇكمۇ يۈزنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

تېگى كۆرۈلمەيدىغان قويۇق ساقالنىڭ تاشقىرقى قىسمىنى يۇيۇش ساقالنىڭ تېگىدىكى تېرىنى يۇغان بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما ساقال تېگى كۆرۈنىدىغان دەرىجىدە شالاڭ بولسا، سۇنى ساقالنىڭ تېگىدىكى تېرىگە يەتكۈزۈپ ساقالنىڭ تېگىنى يۇيۇش لازىمدۇر. يۈزنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن ساقالنىڭ ئۇزۇن قىسمىنى يۇيۇش لازىم ئەمەس. بۇرۇتنىڭ، قاشنىڭ ۋە ئاستىن كالپۇكنىڭ ئاستىدىكى تۈكنىڭ ئاستىنى يۇيۇشنىڭ ھۆكمى ساقالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.[2]

ئەگەر تىرناقلىرى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى يېپىۋالغىدەك ۋە سۇنىڭ بارماقلارنىڭ ئۇچىغا يېتىپ بېرىشىغا تۇسالغۇ بولغىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن بولغان، ئۇ ئادەم (تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن) تىرناقلىرىنى ئالغان بولسا، پەقەت بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى يۇيۇشى پەرز بولىدۇ.[3]

(تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن) ساقىلىنى چۈشۈرگەن بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى يۇيۇش، ئەگەر بۇرۇتىنى چۈشۈرگەن بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى يۇيۇش، ئەگەر

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) « ئەلھەدىيەتۇل ئۇلا »، 14 ـ بەت.

(3) « ئەلھەدىيەتۇل ئۇلا »، 14 ـ بەت.

بېشىنى چۈشۈرگەن بولسا باشقا قايتا مەسھى قىلىش، ئەگەر تىرىسى سۈيۈلۈپ كەتكەن ۋە (قان چىقمىغانلا) بولسا ئۈنىڭ ئورنىنى يۇيۇش پەرز ئەمەستۇر.

ئىككى قولنى يۇيۇشنىڭ ئىچىگە چەينەكمۇ، ئىككى پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئىچىگە ئۇشۇقمۇ كىرىدۇ.

ئايەتتە: «بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار» [1] دەپ پۇتلارنى باشقا مەسھى قىلىشنىڭ ئارقىسىدىن كەلتۈرۈشى (شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دېگىنىدەك) پۇتقا مەسھى قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بەرمەيدۇ. پۇتنى يۇيۇش بولسا، بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ پۇتنى يۇيۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ بىر قېتىملىق سەپىرىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىمىزدا قېلىپ قالدى. بىز ئەسىر نامىزىغا تاھارەت ئېلىپ پۇتلىرىمىزنى يۇيۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە بىزگە: «تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار، تولۇق يۇيۇلمىغان تاپاننىڭ ئارقىسى ئوت ئازابىغا قالىدۇ» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەككىدىن مەدىنىگە قايتىۋېتىپ يول ئۈستىدە بىر سۇنىڭ قېشىغا كەلدۇق. كىشىلەر ئەسىر نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئالدىراپ تاھارەتلىرىنى ئالدىراپلا ئېلىشقا باشلىدى. بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا بارساق ئۇلارنىڭ تاپانلىرىغا سۇ تەگمىگەنلىكتىن تاپانلىرى (قۇرۇق) پارقىراپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تولۇق يۇيۇلمىغان تاپاننىڭ ئارقىسى ئوت ئازابىغا قالىدۇ، تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار» دېدى.[2]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم تاھارەت ئېلىپ پۇتىدا تىرناقنىڭ ئورنىدەك يەرنى يۇماي چالا قويۇپتۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «قايتىپ بېرىپ تاھارەتنى كامىل ئالغىن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ (قايتا تاھارەت ئېلىپ) ئاندىن نامازنى ئوقۇغان.[3]

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى

<سۈننەت> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن يول ۋە ئادەت دېگەنلىك بولىدۇ.

<سۈننەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن <دىندا قىلىش يولغا قويۇلغان يول> دېگەنلىك بولىدۇ. دىنىنىڭ ئىبادەت قىسمىدا سۈننەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1 ـ كۈچلۈك سۈننەت. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاشلىماستىن ئىزچىل قىلغان، ئۇنى قىلغان كىشىگە ساۋاب بېرىلىدىغان ۋە قىلمىغان كىشى ئەيىپلىنىدىغان سۈننەتتۇر. بەزى ئالىملار: «ئۇ، ئۇنى قىلمىغان ئادەمنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ھۆكۈم قىلىشنى ۋە ئۇنى تەنقىدلەشنى ۋاجىپ قىلىدىغان سۈننەتتۇر» دەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىزچىل قىلغان بىر ئىشنى بىر ئادەمنىڭ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ئەيىپلىگەن بولسا، بۇ ئۇ ئىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەيىپلىشى ئۇنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر.

2 ـ كۈچلۈك ئەمەس سۈننەت. بۇ، ئۇنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى ئۇمۇمىي ياكى خۇسۇسىي دەلىل بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىنگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى داۋاملىق قىلمىغان، ئۇنى قىلغان ئادەمگە ساۋاپ بېرىلىدىغان ۋە قىلمىغان ئادەم ئەيىپلەنمەيدىغان سۈننەتتۇر.

## تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى

1 ـ نىيەت قىلماق. نىيەت تاھارەتسىز تۇرۇپ قىلىش توغرا بولمايدىغان بىر ئىبادەتنى (تاھارەت ئېلىپ قىلىشنى) كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن ياكى تاھارەتسىزلىكنى يوقۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن، ياكى الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن بولىدۇ.

تاھارەت ئالغاندا نىيەت قىلىش، ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، تاھارەت نىيەت ئارقىلىق ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نىيەتسىز تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭ تاھارەت ئالغانلىقى ئۈچۈن ساۋاپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بارلىق ئەمەللەر (گە ساۋاب بېرىلىش) ھەقىقەتەن نىيەتكە باغلىقتۇر. شۇنداقلا ھەر قانداق كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ ...» دېگەن.[1] مانا بۇ ھەدىس بىرەر ئەمەلگە ساۋاب بېرىلىشنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. لېكىن تاھارەتنىڭ توغرا بولۇشى نىيەتكەن باغلىق ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىم نىيەتسىز تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭ تاھارىتى خاتا ھېساپلانمايدۇ ۋە ئۇ تاھارەت بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم اللّٰه تائالا: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار»[2] دېگەن ئايىتى بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىدىن ناماز ئۈچۈن قىلىشنى تەلەپ قىلغان شەرتنى ھازىرلىدى. اللّٰه تائالا بۇ ئايىتىدە نىيەت ھەققىدە بىر نېمە دېمەستىن پەقەت يۈز، قول ۋە پۇتلارنى يۇيۇشقا ۋە باشقا مەسھى قىلىشقىلا بۇيرىدى. تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇش (ئىنساننىڭ) پاكلىنىشى ئۈچۈندۇر. پاكلىنىش نىيەتكە باغلىق بىر ئىش ئەمەستۇر. پاكلىنىش بولسا، پاكلىماقچى بولغان يەرلەرگە پاكلىغۇچى نەرسىلەرنى ئىشلىتىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بىر ئىشتۇر. سۇ ئەسلىي يارىتىلىشتىلا پاكلاش ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىدۇر. پاكلاش ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. سۇ بىلەن پاكلانغان بىر ئىشنىڭ ئىبادەت ھېساپلىنىشى باشقا بىر ئىشتۇر[3].[4]

## نىيەتنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھازىر بولۇشى شەرتتۇر:

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ـ سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) يەنى سۇ ئەسلى يارىتىلىشتا پاكلاش ئۈچۈن يارىتىلغان بولغاچقا، پاكلانماق ئۈچۈن سۇ بىلەن ئېلىنغان تاھارەتتە نىيەت قىلىش شەرت ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەتسىز ئېلىنغان تاھارەت توغرا بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمگە تاھارەت ئالغانلىقى ئۈچۈن ساۋاپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بىر ئىش ئۈچۈن ساۋاپ بېرىلىش نىيەتكە باغلىقتۇر. ئۇ تاھارەت بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ تاھارەت بىلەن نامازنىڭ شەرتى بولغان پاكلىق ھازىرلاندى. ئەگەر تاھارەتنى نىيەت بىلەن ئالغان بولسا، ئۇ تاھارەت بىر ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تاھارەتنى ئالغان ئادەمگە ساۋاپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن نامازمۇ ئوقۇغىلى بولىدۇ. ئەمما توپىۇغا ئوخشاش ئەسلى يارىتىلىشتا پاكلاش ئۈچۈن يارىتىلمىغان نەرسە بىلەن پاكلاتماقچى بولغاندا يەنى تۇپا بىلەن تەيەممۇم قىلماقچى بولغاندا، نىيەت قىلىش شەرتتۇر. چۈنكى، تۇپا ئەسلى يارىتىلىشتا پاكلاش ئۈچۈن يارىتىلمىدى. ئۇنى ئىسلام دىنى مەلۇم بىر سەۋەب ئاستىدا پاكلىغۇچى نەرسە دەپ قارىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەت تەيەممۇمنىڭ بىر شەرتىدۇر. ئەگەر نىيەتسىز تەيەممۇم قىلىنسا، ئۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ت.

(4) «بەدائىئۇسسەنائىئ»، 1 ـ توم، 20 ـ بەت.

● ـ ئىسلام كەلتۈرگەن بولۇشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر كاپىر بىر ئەمەل ـ ئىبادەتنى قىلىشقا نىيەت قىلسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولمايدۇ.

● ـ قىلىشنى نىيەت قىلغان ئاشۇ ئىشنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش. مەسىلەن: ئەگەر تاھارەتنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولمىغان بولىدۇ.

● ـ بىر ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلىپ بولغاندا، باشقا ئىش بىلەن شۇغۇنلانماسلىق لازىم. مەسىلەن: تاھارەت ئېلىشقا نىيەت قىلىپ بولۇپ كېيىن تاماق يىگەن بولسا، تاماقنى يەپ بولۇپ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن يەنە قايتا نىيەت قىلىش لازىمدۇر. چۈنكى، تاماق يېيىش باشقا بىر ئىش، تاھارەت ئېلىش باشقا بىر ئىشتۇر.

2 ـ تاھارەت ئېلىشنى باشلىغاندا <بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم> دېيىش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «تاھارىتى يوق ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى ناماز ئەمەس. بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم دېمەي تاھارەت ئالغان ئادەمنىڭ تاھارىتى تاھارەت بولمايدۇ.»[1] يەنى ئالغان تاھارىتى كامىل تاھارەت ھېساپلانمايدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئەبۇھۇرەيرە! تاھارەت ئالغان ۋاقتىڭدا بىسمىللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھى، دېگىن. ئەگەر سەن ئۇ تاھارەتنى (سۇندۇرۋاتماي) ساقلىساڭ، ساڭا تاكى تاھارىتىڭنى سۇندۇرۋاتقانغا قەدەر ساۋاپ يېزىلىپ تۇرىدۇ» دېدى.[2]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى تاھارەتنى <بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم> دەپ ئالسا، ئۇ تاھارەت ئۇنىڭ بارلىق تېنىنى پاكىزلايدۇ. كىمكى تاھارەتنى <بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم> دېمەي ئالسا، ئۇ تاھارەت پەقەت ئۇنىڭ يۇغان ئەزالىرىنىلا پاكىزلايدۇ.»[3]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىدا بىر ئاز مەسىلە باردۇر.

(2) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

3 ـ ئىككى قولنى بىغىشىغىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇش. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرسى ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغىچە قولىنى قاچىغا تىقمىسۇن. چۈنكى ئۇ، قولىنىڭ (كېچىدە) قەيەردە قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.»[1]

مەيلى ئۇخلىغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئۇخلىمىغان ئادەم بولسۇن قولىنى يۇيۇش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازات قىلىۋاتقان قۇلى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت سۈيى ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشنى باشلاپ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن ئېغىزىنى چايقىدى ۋە بۇرنىغا سۇ ئالدى... ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دېدى..»[2]

4 ـ مىسۋاك قىلىش. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئۇممىتىمگە مۇشەققەت كېلىپ قالمىسۇن دېمىگەن بولسام، ئۇلارنى ھەر تاھارەتتە مىسۋاك ئىشلىتىشنى (پەرز قىلىپ) بۇيرۇيتتىم.»[3]

ناماز ئوقۇغىلى تۇرغاندا، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا ۋە كىشىلەر بىلەن بىر يەرگە توپلانغاندا مىسۋاك ئىشلىتىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇممىتىمگە مۇشەققەت كېلىپ قالمىسۇن دېمىگەن بولسام، ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم.»[4]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كېچىدە) تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىلى قوپقاندا، ئېغىزىنى مىسۋاك بىلەن پاكىزلايتتى.»[5]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مىسۋاك ئېغىزنى تازىلايدۇ ۋە اللە نى رازى قىلىدۇ.»[6]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(6) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

ئېغىزنى تازىلايدىغان ھەرقانداق نەرسە مىسۋاكنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئېغىزنى پاكىزلاش نىيىتى بىلەن سېغىز چاينىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مىسۋاك ئىشلەتكەننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.[1]

5 ـ ئېغىزنى ھەر قېتىمدا يېڭى ـ يېڭى سۇ ئېلىپ ئۈچ قېتىم چايقاش.

6 ـ بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىش. ھەر قېتىمدا سۇنى بۇرۇننىڭ ئىچىگە سۈمۈرۈش لازىمدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق ئېغىزنى چايقاش بىلەن بۇرۇننى چايقاشنى تاشلىمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى ئىشنى ئۆزى قىلىپلا قالماي نۇرغۇنلىغان ھەدىسلىرىدە شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى. تۆۋەندىكى ھەدىس شۇلارنىڭ بىرىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرسى تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئالسۇن.»[2]

سۇنى ئېغىزىغا ئايرىم بۇرنىغا ئايرىم ئېلىش لازىمدۇر. بۇ ھەقتە تەلھە ئىبنى مەسرەپ دادىسىدىن چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن (بىر قېتىم) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىۋاتقان ئىكەن. سۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىن ۋە ساقاللىرىدىن ئېقىپ مەيدىسىگە چۈشۈۋېتىپتۇ. مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى (تاھارەت ئالغاندا) سۇنى ئېغىزىغا ئايرىم ۋە بۇرنىغا ئايرىم ئالغانلىقىنى كۆردۈم».[3] ئۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىرى (ئېغىزى ۋە بۇرنى) ئۈچۈن يېڭى سۇ ئىشلەتكەن ئىدى.»[4]

ئەبۇۋائىل شەقىق ئىبنى سەلەمە مۇنداق دېدى: «مەن ئەلى ئىبنى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋە ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئېلىپ ھەر بىر ئەزاسىنى ئۈچ قېتىم ـ ئۈچ قېتىمدىن يۇغانلىقىنى، ئېغىزلىرىغا ئايرىم ۋە بۇرنىللىرىغىمۇ ئايرىم سۇ ئالغانلىقىنى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق تاھارەت ئالاتتى، دېگەنلىكلىرىنى

(1) «ئەلھەدىيەتۇل ئۇلا»، 14 ـ بەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ رىۋايەتنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

كۆردۇم.»[1]

ئېغىزنى ئايرىم ۋە بۇرنىنى ئايرىم سۇ بىلەن چايقاش ياخشى بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىز - بۇرنىنى بىر سۇ بىلەنلا چايقايتتى، دەپ بايان قىلىنغان بەزى رىۋايەتلەر بولسا، بەزىدە ئېغىز - بۇرنىنى بىر سۇ بىلەنلا چايقىسىمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.

رۇزىدار بولمىسا، ئېغىز - بۇرنىغا ئالغان سۇدا ئېغىز بۇرنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يۇيىدۇ (يەنى قاتتىق مىشقىرىپ يۇيىدۇ).

7 - قويۇق ساقالنى ئارىلاش. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساقىلىنى ئارىلايتتى.»[2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، بىر ئالقان سۇنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ ئۇ سۇ بىلەن ساقىلىنى ئارىلايتتى ۋە: «پەرۋەردىگارىم مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى» دەيتتى.[3] ساقالنى ئارىلاش بىلەن تۈكلەر چۈشۈپ كەتمىسۇن دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ تاھارەت ئالغاندا ساقىلىنى ئارىلىشى مەكرۇھتۇر.

8 - سۇنى بارماقلارنىڭ ئارىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن قول ۋە پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى ئارىلاش. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاھارەت ئالغان ۋاقتىڭدا، قولۇڭ ۋە پۇتۇڭنىڭ بارماقلىرىنى ئارىلىغىن.»[4]

ئەگەر بارماقلار ئارىسىغا سۇ ئۆتمەيدىغان دەرىجىدە بىرى - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىش پەرز بولىدۇ.

قوللارنىڭ بارماقلىرىنى ئايرىلاش بىرىنى - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈش بىلەن بولىدۇ. ئەمما پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى ئايرىلاش چەپپە قولنىڭ كىچىك بارمىقى بىلەن بولۇپ ئايرىشنى ئوڭ پۇتنىڭ كىچىك بارمىقىدىن باشلاپ سول

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى سەكەن رىۋايەت قىلدى.

(2) تىرمىزي رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(4) تىرمىزي رىۋايىتى.

پۇتۇنىڭ كىچىك بارمىقىغىچە ئايرىدۇ. پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى كىچىك بارماق بىلەن ئايرىغانلىقى ھەققىدە مەستەۋرەد ئىبنى شاددادىل فەھرىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغاندا پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى كىچىك بارمىقى بىلەن ئايرىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.»[1]

9 ـ يۈز، قول ۋە پۇتلاردىن ئىبارەت يۇيۇلىدىغان ئەزالارنى يۇغاندا ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش. بۇ ھەقتە ئۇبەي ئىبنى كەئب پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى تاھارەت ئالغاندا (ئەزالارنى) بىر قېتىمدىن يۇسا، ئۇ قىلىش لازىم بولغان تاھارەتنىڭ بىر ۋەزىپىسىنى (ئادا قىلغان بولىدۇ). كىمكى تاھارەت ئالغاندا (ئەزالارنى) ئىككى قېتىمدىن يۇسا، ئۇنىڭغا ئىككى قات ساۋاب باردۇر. كىمكى تاھارەت ئالغاندا (ئەزالارنى) ئۈچ قېتىمدىن يۇسا، بۇ تاھارەت مېنىڭ تاھارىتىم ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تاھارىتىدۇر.»[2]

ئەمرى ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! تاھارەت قانداق ئېلىنىدۇ؟ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاچىدا سۇ ئەكەلدۇرۇپ ئىككى قولىنى (بېغىشىغىچە) ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن ئىككى بىلىكىنى (جەينىكى بىلەن قوشۇپ) ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن بېشىغا مەسھى قىلدى. ئاندىن ئىككى بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىغا تىقىپ تۇرۇپ ئىككى چوڭ بارمىقى بىلەن قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا ۋە ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قۇلىقىنىڭ ئىچىگە مەسھى قىلدى. ئاندىن: «تاھارەت دېگەن مانا شۇنداق ئېلىنىدۇ. كىمكى بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتسە ياكى ئۇنىڭدىن كەم قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن يامان ئىش قىلغان ۋە ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بولىدۇ» دېدى.[3]

10 ـ بىر قېتىملىق سۇ بىلەن باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش. چۈنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام داۋاملىق شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەتنى قانداق ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەردە سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى.

---

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئەمما باشقا مەسھى قىلىشتا پەرز بولغىنى باشنىڭ تۆتتەن بىرىگە مەسھى قىلىشتۇر. ئۇنىڭ دەلىل - پاكتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كوكۇلىسىغا مەسھى قىلاتتى، دېگەن ھەدىستۇر. كوكۇلا بىر باشنىڭ تۆتتىنىڭ بىرىگە تەڭ دەپ ئۆلچىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا مەسھىنى بۇنىڭدىن ئاز قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر ھەدىس سادىر بولمىدى. يەنە مۇغىرە ئىبنى شۇئبە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كوكۇلىسىغا، سەللىسىگە ۋە ئىككى ئۆتۈكىگە مەسھى قىلاتتى.»[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئۆتۈكىگە ۋە كوكۇلىسىغا مەسھى قىلاتتى، دەپ بايان قىلىندى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (بىر قېتىم) بېشىغا قاتاردا تۇقۇلغان بىر بارچە رەختنى يۆگەپ قويۇپ تۇرۇپ تاھارەت ئالغانلىقىنى، ئاندىن بېشىدىكى ئۇ رەختنى ئالماي تۇرۇپ قولىنى ئۇ رەختنىڭ تېگىدىن كىرگۈزۈپ كوكۇلىسىغا مەسھى قىلغانلىقىنى كۆردۇم.»[2]

ئەتائى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ (بېشىغا مەسھى قىلىشقا كەلگەندە) بېشىغا كەيگەن نەرسىسىنى ئېچىپلا كوكۇلىسىغا مەسھى قىلدى.»[3]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىغا مەسھى قىلماقچى بولسا، بېشىغا كەيگەن نەرسىسىنى ئېلىۋېتاتتى ۋە كوكۇلىسىغا مەسھى قىلاتتى.»[4]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئېلىشلىرىدا بايان قىلىنغاندىكىدەك باشقا مەسھى قىلىش بىر قېتىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ (ئېغىز - بۇرنىغا سۇ ئالغاندىن كېيىن) يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئىككى بىلىكىنى ئۈچ قېتىم يۇدى ۋە بېشىغا بىر قېتىم مەسھى قىلدى،

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام شافىئىي رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

ئاندىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق تاھارەت ئالاتتى» دېدى.[1]

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تاھارەت ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئاخىرىدا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىغا ۋە ئىككى قولىقىغا بىر قېتىملا مەسھى قىلاتتى»[2] دېدى.

بىر قېتىملىق سۇ بىلەن باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئالقىنى ۋە بارماقلارنى ھۆل قىلىش، كوكۇلىنىڭ ئۈستۈگە ھەر بىر قولدىن ئۈچ بارماقنى قويۇش، قۇلىقىغا مەسھى قىلىش ئۈچۈن ئىككى چوڭ بارمىقىنى ۋە ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى باشقا تەككۈزمەسلىك، ئاندىن ئىككى قولىنى تاكى باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش ئۈچۈن گەردەنگىچە ماڭغۇزۇش ۋە ئىككى قولىنى گەردەنگىچە ماڭغۇزغان ۋاقتىدا ئىككى ئالقىنى باشنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەككۈزۈش لازىمدۇر.

**11** ـ باشقا مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قولنى باشقا يىڭى سۇ بىلەن ھۆل قىلماستىن ئىككى قۇلاققا مەسھى قىلماق. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەمرى ئىبنى شۇئەيب رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا مەسھى قىلغانلىقى ئاندىن ئىككى بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىغا تىقىپ تۇرۇپ ئىككى چوڭ بارمىقى بىلەن قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا ۋە ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قۇلىقىنىڭ ئىچىگە مەسھى قىلغانلىقى بايان قىلىندى.»

ئىبنى ئابباس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئالغان تاھارىتىنى سۈپەتلەپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى بىر قېتىم ھۆل قىلىپ بېشىغا، قولىقىنىڭ ئىچىگە ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تىقىپ تۇرۇپ ۋە قۇلىقىنىڭ تېشىغا ئىككى چوڭ بارمىقىنى قويۇپ تۇرۇپ قۇلىقىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا مەسھى قىلدى» دېدى.[3]

ئىبنى ئابباس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىككى قۇلاق باشنىڭ قاتارىدىندۇر.»[4] يەنى ئىككى

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان ۋە ئىبنى خوزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

قۇلاق بىر قېتىملىق سۇ بىلەن باش بىلەن بىللە مەسھى قىلىنىدۇ.

ئۇبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاھارەت ئالغۇچى بېشىغا مەسھى قىلسا، قۇلىقىنىڭ ئاڭلىشى بىلەن قىلغان ھەممە گۇناھلىرى بېشىدىن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.»[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى سەنابىھىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاھارەت ئالغۇچى بېشىغا مەسھى قىلسا، گۇناھلار ئۇنىڭ بېشىدىن ھەتتا قۇلاقلىرىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ.»[2] مانا بۇ ھەدىسلەر ئىككى قۇلاقنىڭ باشقا تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ يۈز بىلەن ئەمەس بەلكى باش بىلەن بىللە مەسھى قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىغا ۋە قۇلىقىغا ئايرىم - ئايرىم سۇ بىلەن مەسھى قىلدى، دەپ بايان قىلغان رىۋايەتنىڭ سادىر بولغانلىقىنى پەرەز قىلساق، بۇ رىۋايەت ياكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا (بېشىغا مەسھى قىلىپ بولۇپ قۇلىقىغا مەسھى قىلىش ئۈچۈن) سۇنىڭ قالمىغانلىقىغا قارىتىلىدۇ ياكى شۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

12 - تاھارەتنى ئايەتتە بايان قىلىنغان تەرتىپ بىلەن ئېلىش. شۇنىڭدەك يەنە ئېغىزنى چايقاش بىلەن بۇرنىغا سۇ ئېلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىش بىلەن يۈزنى يۇيۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىش. قوللار ۋە پۇتلارنى يۇغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياغ كىيىشتە، باش تارىشتا، تاھارەت ئېلىشتا ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى بەك ياقتۇراتتى.»[3]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاھارەت ئالغان ۋاقتىڭلاردا ئوڭ تەرىپىڭلاردىن

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

باشلاشلار.» [1]

13 ـ يۇيۇلغان ئەزالارنى سىلاش. چۈنكى، سىلاش پەرزنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى رەتىل سۇنىڭ ئىككى قىسمى كەلتۈرۈلدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (تاھارەت ئېلىشنى باشلاپ) ئىككى بېلىكىنى سىلاشقا باشلىدى.» [2]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، ئىككى ئېڭىكىنى ئازراق سىلايتتى، ئاندىن بارماقلىرىنى ساقىلىنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈپ ساقىلىنى ئارىلايتتى. [3]

14 ـ تاھارەتنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئېلىش. تاھارەتنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئېلىش دېگەن ئۆزرىسىز ھالەتتە بىر ئەزانى يۇغاندىن كېيىن ئارىلىقتا ھېچقانداق ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتماستىن ئۇ ئەزا قۇرۇپ بولغىچە يەنە بىر ئەزانى يۇيۇشقا ئۆتەشتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ سۈننەت بولۇشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەتنى داۋاملىق شۇنداق ئالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر قاچىدىكى سۇ تۆكۈلەپ كەتكەندە ياكى يەتمەي قالغاندا باشقا سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغانلىق تاھارەتنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئېلىشنى تاشلاپ قويۇشقا ئۆزرى بولىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

## تاھارەتنىڭ مۇستەھەپلىرى

1 ـ باشقا مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن گەدەنگە مەسھى قىلىش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «كىمكى تاھارەت ئالغاندا گەدىنىگە مەسھى قىلسا، قىيامەت كۈنى (بويىنىغا) تاقاق سېلىنىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.» [4]

لەيس ئىنى مەسرەپ دادىسىدىن چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا مەسھى قىلغاندا

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى دەيلەمىي ئاجىز يول بىلەن رىۋايەت قىلدى.

ھەتتا مەسھىنى گەدىنىگە كەلگەنگە قەدەر تارتقانلىقىنى كۆردۈم». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىغا مەسھى قىلغاندا مۇشۇنداق قىلاتتى دەپ قولى بىلەن بېشىنىڭ ئالدىدىن باشلاپ تاكى گەدىنىگىچە ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.[1]

2 ـ تاھارەتنى قىبلا تەرەپكە قاراپ ئېلىش. چۈنكى، تاھارەت ئېلىشمۇ بىر ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەتنى (مۇمكىن بولسا) قىبلىگە قاراپ ئېلىش ياخشىدۇر.

3 ـ تاھارەتنى پاك ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئېلىش.

4 ـ نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىپ نامازغا تەييارلىنىش. چۈنكى، بۇنداق قىلىش نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش ھېساپلىنىدۇ. نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئادەمگە ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر بەندە ناماز ئوقۇيدىغان ئورنىدا ئولتۇرۇپ نامازنى كۈتۈپ تۇرغانلا بولسا، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك بولىدۇ ۋە پەرىشتىلەر تاكى ئۇ بەندە قايتىپ چىققانغا ياكى تاھارىتىنى سۇندۇرۋاتقانغا قەدەر ئى اللە! ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسەڭ ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلساڭ، دەپ تۇرىدۇ.»[2]

5 ـ ئەزالارنى يۇيۇش ۋە مەسھى قىلىشقا ئوخشاش تاھارەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقا بىر ئادەمدىن ياردەم سورىماستىن ئۆزى قىلىش. ئەمما سۇنى قويۇپ بېرىش ياكى سۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئوخشاش ئىشلاردا باشقا بىرسىدىن ياردەم سوراش مەكرۇھ ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەتكەندە، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سۇ ئېلىپ كېلەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۇ بىلەن تەرىتىنى تازىلايتتى.»[3]

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوپۇپ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى. ئاندىن مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تەھاۋىي ۋە تەبرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(تاھارەتگە) قېشىمدىكى قاچىدىن سۇ قويۇپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالدى ۋە ئايىغىغا مەسھى قىلدى.»[1]

6 ـ ئېغىزنىغا ۋە بۇرنىغا سۇنى ئوڭ قولى بىلەن ئېلىش. مىشقىرىش ۋە پۇتلىرىنى سىلاشنى سول قولى بىلەن قىلىش. رۇزىدار بولمىسا، ئېغىز ـ بۇرنىغا سۇنى قاتتىق ـ قاتتىق ئېلىش.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ قولى تەرەت ئېلىش ۋە تاماق يېيىش ئۈچۈن، سول قولى تەرەتتىن ۋە باشقا پاسكىنا نەرسىلەردىن تازىلىنىش ئۈچۈن ئىدى.»[2]

7 ـ تاھارەت بىر ئىبادەتنى قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغاچقا تاھارەتنىڭ دۇنيانىڭ كىرلىرىدىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىۋاتقان چاغدا دۇنيا ئىشلىرىغا ئائىت سۆزلەرنى قىلماسلىق.

8 ـ سۇنى ئىشلىتىشتە ئىسراپمۇ قىلماسلىق، بەك بېخىللىقمۇ قىلماسلىق.

9 ـ ئۆرە تۇرۇپ ۋە قىبلە تەرەپكە قاراپ تاھارەتتىن ئاشقان سۇيىدىن ئىچىش. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىسى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: دادام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى چاقىرىپ ئۆزىگە تاھارەت سۈيى ئېلىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. ئاندىن ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاھارەت سۈيى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەتنى قانداق ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن (دادام) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆرە قوپۇپ تۇرۇپ ماڭا: قاچىنى ئېلىپ بەرگىن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئېشىپ قالغان تاھارەت سۈيى بار قاچىسىنى ئېلىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېشىپ قالغان تاھارەت سۈيىنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچتى. مەن بۇ ئىشقا ھەيران قالدىم. ئۇ مېنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا: ھەيران قالما، ھەقىقەتەن مەن چوڭ داداڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سەن كۆرگەن، مەن قىلغان بۇ ئىشنى قىلغانلىقىنى، مەن ئالغان تاھارەتنى ئالغانلىقىنى ۋە ئۆرە تۇرۇپ ئېشىپ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

قالغان تاھارەت سۇيىدىن ئېچكەنلىكىنى كۆردۇم ئىدىم، دېدى.[1]

**10** ـ تاھارەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن <شېرىكى يوق بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئى الله! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ۋە پاكلانغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن>[2] دېيىش لازىمدۇر.

بۇ ھەقتە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى تاھارەت ئېلىپ بولۇپ شېرىكى يوق بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ئۇ كىشى خالىغان ئىشىكتىن كىرىدۇ.[3] »[4]

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئى الله! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ۋە پاكلانغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن،»[5] دېگەن دۇئا ئارتۇق رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن.[6]

**11** ـ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش. بۇ ھەقتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەن ئالغان تاھارەتكە ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ بولۇپ: «كىمكى تاھارەتنى مەن ئالغاندەك ئېلىپ ئاندىن كۆڭلىدە (باشقا بىر نەرسىنى) ئويلىماي تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ.[7]

**12** ـ قول ۋە پۇتلىرىنى يۇغاندا، چەك توختۇتۇلۇپ بېرىلگەن يەرلىرى بولغان جەينەكتىن ۋە ھۇشۇقتىن ئاشۇرۇپ يۇيۇش. بۇ ھەقتە نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(2) دۇئانىڭ ئەرەپچىسى: ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھ، ئەللاھۇممەجئەلنى مىنەتتەۋۋابىينە ۋەجئەلنى مىنەلمۇتەتاھھىرىنە.

(3) يەنى ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھ دېگەن دۇئانى ئوقۇسا.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(5) ئەللاھۇممەجئەلنى مىنەتتەۋۋابىينە ۋەجئەلنى مىنەلمۇتەتاھھىرىنە.

(6) بۇ رىۋايەتنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(7) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئالغاندا، يۈزىنى كامىل يۇغانلىقىنى، ئاندىن ئوڭ قولىنى ھەتتا بۆلجەك گۆشلىرىغىچە يۇغانلىقىنى، ئاندىن بېشىغا مەسھى قىلغانلىقىنى، ئاندىن ئوڭ ۋە سول پۇتلىرىنى ھەتتا پاچاقلىرىغىچە يۇغانلىقىنى، ئاندىن مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مانا مۇشۇنىڭدەك تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆردۇم، دېگەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر تاھارەتنى كامىل ئالغانلىقتىن قىيامەت كۈنى پۇت ـ قوللىرىڭلار ئاق قاشقىلىق[1] ھالدا چاقىرىسىلەر. كىمكى ئاقلىقىنى ئاشۇرۇشقا قادىر بولالىسا، شۇنداق قىلسۇن» دېگەن ئىدى، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.[2]

## تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى

1 ـ سۇ بىلەن يۈزگە ئۇرۇش. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىكنىڭ نىشانىدۇر. يەنە كېلىپ ئۇنداق قىلىش تاھارەتكە ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ كىيىم ـ كېچەككە چاچراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

2 ـ ئەگەر ئادەم ناھايىتى چىق ياكى ئېقىپ تۇرغان سۇدا تەرەت ئالغان بولسىمۇ، سۇنى ھاجەتتىن تاشقىرى ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلىش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن: «تاھارەت دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ. كىمكى بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتسە ياكى ئۇنىڭدىن كەم قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن يامان ئىش قىلغان ۋە ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بولىدۇ» دېگەن.[3]

ئەگەر ئۇ ئادەم ئاقمايدىغان تۇرغۇن سۇدا تاھارەت ئالغان بولسا، سۇنى ئىسراپ قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى، تۇرغۇن سۇدا سۇنى ھاجەتتىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە روخسەت بېرىلمىگەندۇر.

سۇنى ئىشلىتىشتە ھەتتا (ئەزالاردىن) تامغان سۇ كۆرۈلمىگىدەك دەرىجىدە بېخىللىق قىلىش مەكرۇھتۇر.

3 ـ يېڭى سۇ بىلەن باشقا يەنە بىر قېتىم مەسھى قىلىش.

(1) تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلغان ئورۇننىڭ ھەممىسىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ .

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

4 ـ ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش سۈننەت دەپ قاراپ (ئەزالارنى) ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش.

# تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار

تاھارەتنى سۇندۇرغۇچى نەرسىلەردىن تاھارەتنى يوق قىلىدىغان ئامىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ ئامىللار تۆتتۇر:

1 ـ مەيلى چىققان نەرسە كىچىك تەرەت، چوڭ تەرەت ۋە يەلگە ئوخشاش ئادەتتە چىقىدىغان نەرسىلەر بولسۇن ياكى قۇرۇت ۋە تاشقا ئوخشاش ئادەتتە چىقمايدىغان نەرسىلەر بولسۇن ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىدىن بىرەر نەرسىنىڭ چىقىشىدۇر. چۈنكى، چىققان ئۇ نەرسە ئۆزى بىلەن بىللە (ئادەمنىڭ ئىچىدىكى پاسكىنا نەرسىلەردىنمۇ) ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

الله تائالا مۇنداق دېدى: «ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار (سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار)»[1] تەرەت قىلىش بىلەن تەيەممۇمنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەتنىڭ سۇنىدىغانلىقىمۇ كۆرۈلىدۇ.

سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئەگەر بىز سەپەر ئۈستىدە بولساق، جۇنۇپ بولۇپ قالغان چاغدىن باشقا چاغدا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش ۋە ئۇخلىغانغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاياغلىرىمىزنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە سالماسلىقىمىزغا بۇيرۇغان ئىدى.»[2]

ئەگەر ئەر ياكى ئايالنىڭ كىچىك تەرەت يولىدىن يەل چىقسا، بۇ يەل تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەل پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئورنىدىن قوزغالمىغاندۇر. ئەمما ئىنسان (ئۆپېراسسىيە ۋە جاراھەتكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن) يارىلىنىپ كىچىك تەرەت يولى بىلەن چوڭ تەرەت يولى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئالدى تەرەت يولىدىن كەلگەن يەل

(1) ـ سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.

ئەگەر ئارقا تەرەت يولىغا گىرادۇس تەخشۇرگۈچنى تىقىپ ئالغان، ئۇنىڭغا چوڭ تەرەتتىن ياكى كىچىك تەرەتتىن بىر نەرسە ئېلىنىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر گىرادۇس تەخشۇرگۈچ پاكىز چىققان بولسا، تاھارەت بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى، تاھارەت (ئۇ يەرلەرگە) كىرگەن نەرسە بىلەن ئەمەس (ئۇ يەرلەردىن) چىققان نەرسە بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىرى ئارقا تەرەت يولىغا دورا ئېقىتقان، ئاندىن ئۇ دورا (ئۇ يەردىن) ئېقىپ چىققان بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ دورا ئۇچەيلەردىكى پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئەر كىشى ئالدى تەرەت يولىغا دورا تېمىتقان، ئاندىن ئۇ دورا ئۇ يەردىن قايتىپ چىققان بولسا، بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئالدى تەرەت يولى پاسكىنا نەرسىلەر تۇرىدىغان بىر ئورۇن ئەمەستۇر.[1]

ئەگەر ئايال كىشى ئالدى تەرەت يولىغا پاختا قويغان، ئالدى تەرەت يولىدىن چىققان ھۆللۈك پاختىنىڭ يۈزىنى ھۆل قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدى تەرەت يولىدىن چىققان ھۆللۈك پاختىنىڭ ئالدى تەرەت يولىغا تىگىپ تۇرغان تەرىپىنى ھۆل قىلغان ۋە ئۇ ھۆللۈك ئۇ تەرەپتىن پاختىنىڭ يۈزىگە ئۆتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى تاكى ئۇ يەرگە قويغان پاختىنى ئېلىۋاتقانغا قەدەر بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئاياللارنىڭ ئالدى تەرەت يولىدىن چىقىدىغان بولۇپمۇ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغاندا چىقىدىغان شىرلىك سۇيۇقلۇقنىڭ چىقىشى بىلەن تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار: سىكىلەكلەرنىڭ (يەنى بىر قېتىم تويى قىلىپ بولغانلارنىڭ) ئالدى تەرەت يولىدىن بىرەر نەرسىنىڭ چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن ئۇ يەرنىڭ ئېغىزىغا (پاختا ۋە قەغەزلەرگە ئوخشاش) بىر نەرسە قويۇش مۇستەھەپ، دەپ قارايدۇ.

2 ـ قان، يىرىڭ ۋە قۇسۇققا ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىدىن باشقا بىر يەردىن چىقىشى. بۇ نەرسىلەرنىڭ تاھارەتنى

(1) بۇنىڭدا تېمىتىلغان ئۇ دورىنىڭ ئالدى تەرەت يولىدىن بەك ئىچىگە كىرىپ كەتمەسلىك شەرتتۇر. ئەمما تېمىتىلغان ئۇ دورا ئالدى تەرەت يولىدىن ھەتتا سۈيدۈك خالتىسىگە قەدەر يېتىپ بارغىدەك دەرىجىدە ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ئاندىن قايتىپ چىققان بولسا، بۇ ھالەتتە تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ت.

بۇزۇدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

● ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىم (ناماز ئىچىدە) قۇسسا ياكى بۇرنى قانىسا ياكى (ئىغىزىغا) زەداپ سۇ كەلسە، ياكى (ئۇنىڭدىن) مەزىي كەلسە، گەپ قىلمىغان ھالەتتە قايتىپ بېرىپ تاھارەت ئالسۇن، ئاندىن نامىزنى كەلگەن يەردىن ئوقۇسۇن.»[1]

● ـ ئەبۇسەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرى نامازدا تۇرغاندا قۇسسا ياكى بۇرنى قانىسا ياكى تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتسە، بېرىپ تاھارەت ئېلىپ كېلىپ نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇسۇن.»[2]

● ـ ئەبۇداردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر قېتىم) قۇسقان بولۇپ كېيىن باشقا تاھارەت ئالغان ئىدى». بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان مەئدان ئىبنى خالىد مۇنداق دەيدۇ: «مەن كېيىن دەمەشقنىڭ مەسچىتىدە سۆئبان بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇنىڭغا ئەبۇداردا: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم قۇسقان بولۇپ كېيىن باشقا تاھارەت ئالغان ئىدى، دەيدۇ> دېدىم. سۆئبان: ئۇ راست ئېيتىپتۇ. (شۇ چاغدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا سۇنى مەن قويۇپ بەرگەن، دېگەن.»[3]

يەنە بىر رىۋايەتتە: (بىر قېتىم) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇستى. ئاندىن سۇ كەلتۈرۈلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇ سۇ بىلەن) تاھارەت ئالدى، دەپ بايان قىلىندى.[4]

● ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇھۇبەيشنىڭ قىزى پاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مەن پاك بولماستىن داۋاملىق ھەيز كۆرىدىغان ئايالمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇمىساممۇ بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(3) تىرمىزىي رىۋايىتى. ھاكىممۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىستىن بىرنى رىۋايەت قىلغان.

(4) بۇ رىۋايەتنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

«ياق. ئۇ، ھەيز قېنى ئەمەس. ئۇ پەقەت تومۇردىن (كېلىدىغان) قاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن (نورمالدا كۆرىدىغان) سېنىڭ ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ناماز ئوقۇشنى توختۇتۇڭ. ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ نامازنى ئوقۇرۋېرىڭ» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلدى: «(ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ) تاكى يەنە بىر قېتىملىق ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى كەلگەنگە قەدەر ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ (نامازنى ئوقۇڭ).[1] »[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇممۇ ھەبىبە (داۋاملىق) قان كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئادەتتە ھەيز كۆرىدىغان كۈنلەردە (دىننى پائالىيەتلەرنى قىلماي) تۇرۇپ تۇرۇشقا (ئۇ كۈنلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن قان توختۇمىسىمۇ) يۇيۇنۇشقا ۋە ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇممۇھەبىبە (ئادەتتە ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە) قاننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرسە، (ھەر بىر نامازغا) بىر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى.[3]

نورمالسىز ھەيز كۆرگەن ئايالغا تاھارەت ئېلىشنىڭ پەرز بولىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ قاننىڭ نورمال ھەيز قېنى ئەمەس بەلكى، تومۇردىن كەلگەن قان بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇنداق ئىكەن تومۇردىن كەلگەن قان تاھارەتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ سەۋەب قاچان تېپىلسا، ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان ھۆكۈممۇ شۇ چاغدا تېپىلىدۇ. يارا ۋە (قول ۋە پۇتلارنىڭ يېرىلىپ كېتىشى بىلەن) چىققان قانلارمۇ ھەم تومۇر قاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قانلارنىڭ چىقىشى بىلەنمۇ تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ھەم يېرىڭلارمۇ ئۆزگەرگەن قان ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ ھۆكمىمۇ تومۇر قېنىنىڭ

(1) يەنى بىر ئاينىڭ ھەممىسىدە قان كۆرىدىغان ئايال بولسا. بۇ ئايالنىڭ بىر ئاي ئىچىدە كۆرگەن بۇ قېنىنىڭ ھەممىسى ھەيز قېنى ھېساپلانمايدۇ. ئايال كىشى ئادەتتە بىر ئاي ئىچىدە مۇئەييەن كۈنلەردە ھەيز كۆرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ئىلگىرى ھەر ئاينىڭ يىگىرمىسىدىن باشلاپ يىگىرمە بەشىگىچە ھەيز كۆرىغان بولسا، بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ نورمال ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتى ھېساپلىنىدۇ. كېيىن ئۇ ئايال بىر ئاينىڭ ھەممىسىدە قان كۆرىدىغان بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ھەر ئاينىڭ يىگىرمىسىدىن باشلاپ يىگىرمە بەشىگىچە كۆرگەن قان ئۇنىڭ ھەيزىگە ھېساپلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئارىلىقتا ناماز ئوقۇمايدۇ. شۇنىڭدەك دىنىنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنىمۇ قىلمايدۇ. ئاينىڭ يىگىرمە بەشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قاننىڭ كېلىشى توختۇمىسىمۇ يۇيۇنۇپ ھەر نامازغا بىر تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە شۇنىڭدەك دىنىنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنىمۇ قىلىدۇ. بۇ نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر الله تەئالا خالىسا ئالدىمىزدا كېلىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر.[1]

● - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىر ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندا بۇرنى قانىغان ياكى (ئېغىزى توشقۇدەك) قەي كەلگەن، ياكى مەزىي كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەم قايتىپ چىقىپ تاھارەت ئالسۇن. تاھارەت ئالغاندىن كېيىن گەپ قىلمىغانلا بولسا، كىرىپ نامىزىنى كەلگەن يەردىن تولۇقلاپ ئوقۇسۇن» دەيدۇ.[2]

● - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندا بۇرنى قانىغان ياكى ئۇ (ئېغىزى توشقۇدەك) قەي قىلغان بولسا، گەپ قىلمايلا (چىقىپ) تاھارەت ئالسۇن ۋە نامىزىنى كەلگەن يەردىن ئوقۇسۇن.»[3]

● - ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سالىم ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بامدات نامىزىنىڭ بىر رەكەتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇرنىنىڭ قانىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىقىپ تاھارەت ئېلىپ كىرىپ نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇغانلىقىنى كۆردۇم.»[4]

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، تاۋۇس ۋە ھەسەن بەسرى قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر رىۋايەت بايان قىلىندى.[5]

ئەمما رۇقائە ئۇرۇشىغا قاتناشقان ۋە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئوقيا كېلىپ تېگىپ قان ئېقىپ تۇرغان بولسىمۇ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن ئەنسارىنىڭ بۇ قىلمىشىغا بېرىلىدىغان جاۋاب تۆۋەندىكىدەكتۇر:

ئەنسارلىق ساھابىنىڭ قىلغان بۇ ئىشى ئۇنىڭدىن ئۇمۇمىي بىر ھۆكۈم ئېلىنمايدىغان مۇئەييەن بىر ۋەقەدۇر. بۇ بىر ساھابىنىڭ قىلمىشىدۇر. ئۇ، بۇ ئىشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ياكى ئۇ ساھابىنىڭ شۇ ھالەتتە تۇرۇپ نامازنى ئوقۇۋېرىشى بىر زۆرۈرىيەت ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا ئۇ ساھابىنىڭ ھۆكمى ئۆزرىسى بار ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.[6] يەنە كېلىپ (ئارقا تەرەت يوللىرىدىن

(1) «إعلاء السنن»، 1 - توم، 85 - بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئابدۇرراززاق رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئەبۇ شەيبە رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئەبۇ شەيبە رىۋايەت قىلدى.

(5) «ئەلجەۋھەرۇننەقىيى»، 1 - توم، 141 - بەت.

(6) ئۆزرىسى بار ئادەم قان ئېقىپ تۇرسىمۇ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.

باشقا يەرلەردىن چىققان قان) تەنگە ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرگە يۇقىدۇ. بۇ ھالەتتە ئوقۇلغان ناماز توغرا بولمايدۇ.

ھەسەن بەسرىينىڭ: «مۇسۇلمانلار جاراھەتلىرى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى» دېگەن سۆزىگە تۆۋەندىكى جاۋاپ بېرىلىدۇ: بۇلارنىڭ جاراھەتلىرىدىن ئاققان قان توختۇماي ئېقىشى مۇمكىن. ئۇلار بۇ ھالەتتە ئۆزرىسى بار ئادەملەر ھېساپلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇلاردىن چىققان قان تاھارەتنى بۇزمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەن بەسرىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ نامازلارنى جاراھەتلىرىدىن قانلار ئېقىپ تۇرسىمۇ ئوقۇيدىغانلىقلىرى چىقمايدۇ. ئۇلار نامازنى جاراھەتلىرىنى تېڭىپ قويۇپ ئوقۇغان بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇ چاغدا (قان چىقسىمۇ تېڭىقنىڭ ئىچىگە چىقىدىغان بولغاچقا) قاننىڭ چىققانلىقى بىلەن تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

قان ياكى قۇسۇق قوزغۇلۇپ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن تاھارەت بۇزۇلىدۇ. مەسىلەن: تىرە سۈيۈلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ يەردە كۆرۈلگەن قان ئەتراپىغا ئېقىپ چۈشمىگەن بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. قاننىڭ ئېقىپ چۈشۈشى دېگەنلىك قاننىڭ يارا ۋە جاراھەتلەردىن ئەتراپىغا ساقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما قان ئۆرلەپ چىقىپ جاراھەتلەردە كۆرۈلگەن بىراق ئەتراپىغا ساقىپ چۈشمىگەن بولسا، ئۇ ئېقىپ چۈشكەن قان ھېساپلانمايدۇ.

(دانىخورەككە ئوخشاش) مۇدۇرچاقلارنىڭ تىرىسىنى سويۇۋاتقان، ئاندىن مۇدۇرچاقلارنىڭ سۈيى مۇدۇرچاقلارنىڭ ئېغىزىدىن ئېقىپ چىققان بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر مۇدۇرچاقلارنىڭ سۈيى مۇدۇرچاقلارنىڭ ئېغىزىدىن ئېقىپ چۈشمىگەن بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر قان بىر جاراھەتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغان، ئاندىن ئۇنى پاختىغا ئوخشاش بىرەر نەرسە بىلەن سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن يەنە چىققان، ئاندىن يەنە سۈرتىۋەتكەن ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختا باسقاندىن كېيىن بىر دەم كۆتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر قان ئۇنى سۈرتىۋەتمىگەندە ئەتراپىغا يەنە ئېقىپ چۈشۈدىغان دەرىجىدە بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق دەرىجىدە بولمايدىغان

(1) ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي ھەسەن بەسرىنىڭ بۇ سۆزىگە ۋە يۇقىرىدىكى ساھابىنىڭ ۋەقەسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىدىن باشقا يەرلەردىن چىققان قان تاھارەتنى بۇزمايدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. بۇلارنىڭ ئاساسلانغان بۇ ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن جاۋاپ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ت.

**بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.**

**ئەگەر ئۇستۇڭە لاتا ياكى پاختا قويۇلسا، سۇمۇرۇلۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە بولغان، ئەتراپىغا ئېقىپ چۇشكۇدەك كۇچى يوق داۋاملىق جاراھەتنىڭ ئۇچچىغا چىقىپ تۇرىدىغان قان، تاھارەتنى بۇزمايدۇ. چۈنكى، بۇ قاندا ئەتراپىغا ئۆزلىكىدىن ئېقىپ چۇشكىدەك كۇچ يوقتۇر.**

**ئەگەر تاھارىتى بار بىر ئادەم ئالما چىشلىگەن ۋە ئالمىدا (چىشىدىن چىققان) قاننىڭ ئەسىرى كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر چىشىنى كولىغان، ئاندىن چىش كولىغۇچتا قاننىڭ ئەسىرىنى كۆرگەن بولسا، تاھارىتى يەنە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ قانلار ئېقىپ چۇشۇدىغان قان ئەمەستۇر.**

**چىشتىن چىققان قان (ئېغىزدىكى) تۇپۈكتىن چىق بولۇپ تۇپۈكنىڭ رەڭگىنى قىزارتىۋەتكەن ياكى تۇپۈك بىلەن باراۋەر بولغان بولسا، تاھارەتنى بۇزىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تاھارەتنى بۇزمايدۇ.**

**ئەگەر (مىڭىدىن چۈشكەن) قان بۇرۇننىڭ يۇمشىقىغىچە كەلگەن بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك قۇلاقنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا چىققان قانمۇ تاھارەتنى بۇزىدۇ. ئەمما (سىرتىغا چىقماستىن) پەقەت قۇلاقنىڭ ئىچىدە ۋە (بۇرۇننىڭ يۇمشىقىغىچە چۇشمەستىن) پەقەت بۇرۇننىڭ ئىچىدە ئاققان قان تاھارەتنى بۇزمايدۇ.**

**ئەگەر مىشقىرغاندا بۇرنىدىن ئۇنىڭدا قېتىپ قالغان قان پارچىسى چۇشكەن بولسا، بۇ ھالەتتە تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.**

**تەندىن ئاز بولسىمۇ قان (ئەتراپىغا) ئېقىپ چۇشكەن بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.**

**قۇلاق، كۆز، كىندىك، بۇرۇن ۋە ئەمچەكلەردىن ئېقىپ چۇشكەن نەرسە يىرىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان دەرىجىدە ئۆزگۈرۈكلۈك نەرسە بولسا، تاھارەتنى بۇزىدۇ. ئەگەر ئۇ دەرىجىدە ئۆزگۈرۈكلۈك نەرسە بولمىغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ چىقىشى شۇ يەرلەردە بار بىرەر كېسەلنىڭ سەۋەبىدىن بولمىغان بولسا، تاھارەتنى بوزمايدۇ.**

**ئەگەر كۆز (ئاغرىپ قالغان سەۋەبى بىلەن) ئىششىپ قالغان ۋە ئۇنىڭدىن**

(ئۆزىنىڭ ياشلىق سۈپۈتىدىن) ئۆزگۈرۈپ كەتكەن ياش ئاققان بولسا، كۆزدىن ئاققان بۇ ياش تاھارەتنى بۇزىدۇ.

چۈشىن ۋە پاششىلارنىڭ قانى شورىشى بىلەن تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما سالجا ئەگەر مېجىۋېتىلسە قان ئۇنىڭدىن ئېقىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە چىق قان شورىغان بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

قۇسۇش بىلەن چىققان نەرسە مەيلى تاماق بولسۇن ياكى سۇ بولسۇن ياكى قان بولسۇن چىق بولسا، تاھارەتنى بۇزىدۇ. ئەمما ئاز بولسا، تاھارەتنى بۇزمايدۇ. قۇسۇق ئەگەر قىينالماستىن ئېغىزدا ئۇنى تۇتۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇپ ئېغىز تۇشقۇدەك بولسا، بۇ چىق قۇسۇق ھېساپلىنىدۇ. (ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئاز قۇسۇپ ھېساپلىنىدۇ).

بىرى كۆڭلىنىڭ ئايلانغانلىقىغا ۋە ئاش قازانىنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب بىلەن ئاز ـ ئازدىن قۇسقان، ئەگەر ئاز ـ ئازدىن قۇسۇلغان بۇ قۇسۇقلار توپلانسا، ئېغىز تۇشقۇدەك كېلىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، قائىدە بويىچە ھۆكۈملەر ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبلىرىگە باغلىنىدۇ.[1]

تاماق يېگەن ياكى سۇ ئىچكەننىڭ ئارقىسىدىنلا (يېگەن نەرسىلەرنى) قۇسقان بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، قۇسۇش بىلەن چىققان نەرسە (ئادەمنىڭ ئىچىدىكى) پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پاسكىنا ھېساپلىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە (يېگەن تاماق ياكى ئىچكەن سۇ) تېخى باشقا نەرسىگە ئۆزگەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ قۇسۇق تاھارەتنى بۇزمايدۇ ۋە نىجىس ھېساپلانمايدۇ، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. لېكىن توغرىسى ئىلگىرىكى قاراشتۇر.

شۇنىڭدەك ئەمچەك ئەمگەن بىر كىچىك بالا ئەمچەكنى ئەمگەننىڭ ئارقىسىدىنلا قۇسقان بولسا، بۇ بالىنىڭ قۇسۇقىمۇ نىجىس ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ئەگەر ئۇ تولا قۇسۇدىغان بالا بولسا، ئانىسىغا ئۆزىنىڭ ئۇ بالا قۇسقان

---

(1) قۇسۇق ئاز ـ ئازدىن كەلگەن بولسىمۇ لېكىن، سەۋەب بىر بولغاچقا، بۇ خۇددى بىر قېتىمدىلا كەلگەن قۇسۇققا ئوخشاش ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئاز ـ ئازدىن كەلگەن ئۇ قۇسۇقلارنىڭ سەۋەبى بىر بولماي باشقا ـ باشقا بولسا، مەسىلەن: بىر قېتىمدا كۆڭلى ئايلىنىپ قۇسۇپتۇ، يەنە بىر قېتىمدا ئاش قازىنى بۇزۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن قوسۇپتۇ، بۇ ھالەتتە ئەگەر بۇ قۇسۇقلار توپلانسا ئېغىز توشقۇدەك دەرىجىدە چىق بولسىمۇ تەرەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ قۇسۇقلارنىڭ سەۋەبلىرى باشقا ـ باشقىدۇر. ت.

كىيىملىرىنى يۇيۇش قىيىن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بالىنىڭ قۇسۇقىنىڭ ئانىسى ئۈچۈن نىجىس ھېساپلانمايدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىلىدۇ.[1] چۈنكى، قىيىنچىلىقتا سەۋەبچى بولىدىغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ئەمەل قىلىنىشتىن قالدۇرىلىدۇ.

3 - بىر كىشى ساغرىسىنى يەرگە بېسىپ ئەمەس سۇزۇلۇپراق يېتىپ ئۇخلىغان بۇلسا، ئۇنىڭ تاھارىتىنىڭ ھۆكمەن بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

● سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئەگەر بىز سەپەر ئۈستىدە بولساق، جۇنۇپ بولۇپ قالغان چاغدىن باشقا چاغدا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش ۋە ئوخلىغانغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاياغلىرىمىزنى ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە سالماسلىقىمىزغا بۇيرۇغان ئىدى.»[2]

● ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەجدە قىلغان ھالىتىدە ئوخلىغان ئادەمگە، ھەتتا ئۇ يېنىچە يېتىپ (ئۇخلىغانغا قەدەر) تاھارەت ئېلىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ يېنىچە يېتىپ ئۇخلىسا، ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى بوشۇشۇپ كېتىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن يەل چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى كۆرۈلىدۇ.»[3]

● ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئارقا تەرەت يولىنىڭ بوغۇشى ئىككى كۆزدۇر. كىمكى ئۇخلاپ قالسا تاھارەت ئالسۇن.»[4]

ئەگەر تاھارىتى بار بىر ئادەم يېنىچە ياكى تىزىنىڭ بىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلىغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، يېنىچە يېتىپ ئۇخلاش ياكى بىرەر نەرسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاش، ياكى ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ ئۇخلاش مۇسكۇللارنىڭ بوشاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ

(1) ئەگەر ئۇ بالا ئۆزىنى ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم قۇچىقىغا ئالىدىغان بىر ئادەمنىڭ كىيىمىگە قۇسقان بولسا، بۇ قۇسۇق ئۇ ئادەم ئۈچۈن نىجىس ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەم كىيىملىرىنى يۇيۇشى لازىمدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ بالىنىڭ قۇسۇپ سالغانلىقى بىلەن بىرەر قېتىم كىيىملىرىنى يۇيۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق قىيىن ئىش ئەمەستۇر. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇيەئلا رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

بىلەن ئادەتتە ئۇ ئادەم يەل چىقىپ كېتىشتىن خالى بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «ئۇخلاش سەۋەبى بىلەن تاھارەت ھەقىقەتەن ئەمەس ھۆكمەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇخلاشنىڭ ئۆزى تاھارەتنى بۇزۇدىغان ئامىللاردىن ئەمەس. تاھارەتنى بۇزۇدىغان ئامىل بولسا، ئۇخلاپ قالغاندا چىقىدىغان نەرسىدۇر» دەيدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ساغرىسىنى يەرگە بېسىپ ئولتۇرغان ھالەتتە ئۇخلىغان بولسا، مەيلى ئۇ بىرەر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلىغان بولسۇن ياكى بىرەر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلىمىغان بولسۇن ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇخلاپ قوپۇپ تاھارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇيتتى.»[1]

بۇ ۋەقە ساغرىسىنى يەرگە بېسىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلىغانلىققا قارىتىلىدۇ. چۈنكى، يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا خۇپتەن نامىزىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ (ئۇخلاپ قېلىپ) ھەتتا ئۇلارنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ كېتەتتى. كېيىن ئۇلار قوپۇپ تاھارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇيتتى.»[2] باشنىڭ ساڭگىلاپ كېتىشى پەقەت ساغرىسىنى يەرگە بېسىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلىغان ئادەمدە كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆرە تۇرغان ياكى رۇكۇ قىلغان ياكى سەجدە قىلغان ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇخلىغانغا ئوخشاش ئۆزىنى قويۇپ بەرمىگەن ھالدا تۇرۇپ ئوخلىغان بولسا، ئۇ ئادەم مەيلى نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ شۇنداق ئۇخلىسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ شۇنداق ئۇخلىسۇن تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئەگەر ئۇنىڭدا ئۆزىنى قويۇپ بېرىش ئىشى كۆرۈلسە، ئۇ يەرگە يېقىلىدۇ. ئۆزىنى قويۇپ بەرمەي ئۇخلىغان ئادەمگە تاھارەت ئېلىشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەجدە قىلغان ھالىتىدە ئوخلىغان ئادەمگە، ھەتتا ئۇ يېنىچە يېتىپ (ئۇخلىغانغا قەدەر) تاھارەت ئېلىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ يېنىچە يېتىپ ئۇخلىسا، ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى بۇشۇشۇپ كېتىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن يەل چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ رىۋايەتنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

كۆرۈلىدۇ» دېگەن ھەدىستۇر.

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىت ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلىغان ئادەمگە، ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ ئۇخلىغان ئادەمگە ۋە سەجدە قىلغان ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇخلىغان ئادەمگە تاكى ئۇلار يېنىچە يېتىپ ئۇخلىغانغا قەدەر تاھارەت ئېلىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇلار يېنىچە يېتىپ ئۇخلىسا تاھارەت ئالىدۇ.»[1]

ئەگەر (ئۆرە تۇرغان ياكى رۇكۇ قىلغان ياكى سەجدە قىلغان ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇخلىغانغا ئوخشاش) تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئۇيقۇنى ئۇخلىۋاتقان بىر ئادەم يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن، ئاندىن ئويقۇسىدىن ئويغانغان بولسا، ئۇنىڭ قايتا تاھارەت ئېلىشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ يىقىلىشتىن ئىلگىرى ياكى يىقىلىش جەريانىدا ئويغانغان بولسا، ئۇنىڭ قايتا تاھارەت ئېلىشى لازىم ئەمەستۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوخلىغان ئۇيقۇللىرى تاھارەتنى بۇزمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ ھەتتا خورەك تارتىپ كېتەتتى. ئاندىن (تاھارەتنى يېڭىۋاشلىماستىن تۇرۇپ) ناماز ئوقۇيتتى.»[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ كۆزۈم ئۇخلايدۇ، ئەمما دىلىم ئۇخلىمايدۇ.»[3]

بۇ ھەقتە ھوشسىزلىنىش ۋە ئېلىشىپ قېلىشنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇيقىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. يەنى ھوشسىزلىنىش بىلەن ئېلىشىپ قېلىشمۇ تاھارەتنى بۇزىدۇ. بۇ ئىككىسى ئۇيقۇغا قارىغاندا (مۇسكۇللەرنى قاتتىق بوشاتقاچقا ئازراق ھوشسىزلىنىپ كەتكەن ياكى ئازراق ئېلىشىپ قالغان بولسىمۇ تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇخلاپ قالغان ئادەمنى بىرى ئويغاتسا، ئويغىنىدۇ. ئەمما ھوشسىزلىنىپ كەتكەن ياكى ئېلىشىپ قالغان ئادەم ئۇنداق قىلمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە مەست قىلغۇچى نەرسىلەرمۇ تاھارەتنى بۇزىدۇ. مەسىلەن:

(1) بۇ ئەسەرنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

بىر ئادەم مەست قىلغۇچى بىرەر نەرسىنى ئىچىپ ھەتتا ئوك ـ سولغا دەسسەپ ماڭغۇدەك دەرىجىدە مەست بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

4 ـ بالاغەتكە يەتكەن بىر ئادەمنىڭ مەيلى ئۇ ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكى ئىسىدە بار تۇرۇپ قەستەن كۈلگەن بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكى ئىسىدە يوق تۇرۇپ كۈلگەن بولسۇن رۇكۇ ۋە سەجدىلىك بىر نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاۋازلىق كۈلۈشى تاھارەتنى ۋە ھەم نامازنى بۇزىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى ساھابىلىرىگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقان چاغدا، بىر كور ئادەم كېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقان يەرنىڭ قېشىدىكى كاتاككا (چوڭقۇر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن (نامازغا تۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى كۈلۈپ ھەتتا قاقاقلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈنگەنلەرنى قايتا تاھارەت ئېلىشقا ۋە نامازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىچىڭلەردىن قاقاقلاپ كۈلگەن ئادەم تاھارەتنى قايتا ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇسۇن.»[1]

بۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنىڭ ئىچىدە قۇدۇق ياكى چوڭقۇر يەر يوق تۇرسا، (ئۇ ئادەم قايسى چوڭقۇر يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ) دەپ سوئال سوراپ يۈرۈش ئارتۇقچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا نامازنى مەسچىتتە ئەمەس باشقا بىر يەردە ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن. ھەم ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس دېيىشمۇ ئارتۇقچىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان خائىن مۇنافىقلار ۋە (ئەدەپ بىلمەيدىغان) يېڭىلىق ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نامازدا تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشنىڭ تاھارەتنى ۋە ھەم نامازنى بۇزۇشى پەقەت ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭلا كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان

(1) بۇ ھەدىسنى ئابدۇررازراق، دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

**ھەدىسنى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە توشقان ھەدىس دەپ قوبۇل قىلىپ (بۇ ھەدىس روشەن قىياسقا زىت كەلسىمۇ قىياسنى تاشلاپ) ھەدىسكە ئەمەل قىلدى. ئەمما باشقا مەزھەپتىكىلەر روشەن قىياس قاقاقلاپ كۈلۈش تاھارەتنىڭ بۇزۇلماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قىياسقا ئەمەل قىلىپ بۇ ھەدىسنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) سادىر بولغانلىقىغا شەكلەندى.[1]**

**بىر ئادەم ناماز ئىچىدە ئەڭ ئاددىيسى قېشىدا تۇرغان ئادەم ئاڭلىغىدەك قىلىپ كۈلگەن بولسا، ئۇ تاھارەت ۋە نامازنى بۇزىدىغان دەرىجىدە قاقاقلاپ كۈلگەن ھېساپلىنىدۇ.**

**جىنازە نامىزى ئوقۇۋاتقاندا ياكى سەجدە ئايىتى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن سەجدە قىلىۋاتقاندا قاقاقلاپ كۈلگەن بولسا، بۇ كۈلكە تاھارەتنى بۇزمايدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدىكى ھەدىس مۇتلەق بىر ناماز ھەققىدە كەلدى. ئۇنداق ئىكەن ئۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى پەقەت رۇكۇ ۋە سەجدىلىك بىر نامازغىلا قارىتىلىدۇ ۋە ئۇ نامازغا (جىنازە نامىزىغا ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدىلىك ئەمەس) نامازلار قىياس قىلىنمايدۇ. چۈنكى، كۈلكىنىڭ تاھارەتنى ۋە نامازنى بۇزۇشى قىياسقا زىتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقىسى قىياس قىلىنمايدۇ.[2]**

**بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدى تەرەت يولىنى تۇتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىندى: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نامازدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئالدى تەرەت يولىنى تۇتقان ئادەمگە قايتا تاھارەت ئېلىش لازىم بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇمۇ سېنىڭ بىر ئەزايىڭدۇر[3]»[4] دېدى.**

---

**(1)** بۇ روشەن قىياس بولسا، نامازنىڭ ئىچىنى نامازنىڭ تېشىغا قىياس قىلىشتۇر. باشقا مەزھەپدىكىلەر: بىر ئادەم نامازنىڭ تېشىدا تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلسە ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنداق ئىكەن نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ كۈلسىمۇ تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى، نامازنىڭ تېشىدا تاھارەتنى بۇزمىغان نەرسە نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندىمۇ تاھارەتنى بۇزمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر: قىياس بويىچە ئېيتقاندا قاقاقلاپ كۈلۈش نامازنى بۇزمايدۇ. لېكىن بۇ ھەقتە ھەدىس كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ قىياسقا ئەمەل قىلىنماي ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ، دەيدۇ. ت.

**(2)** ئەسلىدە قىياسقا خىلاپ كەلگەن نەرسىگە باشقا بىر نەرسىنى قىياس قىلماسلىق بىر قائىدىدۇر. ت.

**(3)** يەنى باشقا ئەزالىرىڭنى تۇتساڭ تاھارىتىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان بولغاچقا، ئۇ يەرنى تۇتساڭمۇ تاھارىتىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ت.

**(4)** بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي، ئىبنى ھەببان ئىبنى مەدىنىي، ئەمرىلپەلاس ۋە ئىبنى ھەزم قاتارلىقلار بۇ ھەدىسنى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دەپ قارىدى.

مەسىلەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئەممار ئىبنى ياسىر، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ھۇزەيفە، ئىمران ئىبنى ھۇسەين، سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ۋە ئەبۇدارد۱ قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ساھابىلەرمۇ ئالدى تەرەت يولنى تۇتۇش بىلەن تاھارەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دېگەن قاراشتا ئىدى.

ئەمما ئالدى تەرەت يولنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن قايتا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن سەفۋاننىڭ قىزى بۇسرا رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئالدى تەرەت يولىنى تۇتسا، تاھارەت ئالسۇن» [1] دېگەن ھەدىسى بولسا، ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ قارىشىچە پاكىزلىق ئۈچۈن قايتا بىر تاھارەت ئېلىۋېتىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.[2] بۇ ھەدىسنى بۇ مەناغا قارىتىلغاندا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس بىلەن بۇ ھەدىسنىڭ ئارىلىقى بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

ئەرنىڭ (ئەگەر ئۇنىڭدىن بىر نەرسە چىقمىغان ۋە تۇتۇش شەھۋەتسىز بولسا) ئايال كىشىنى تۇتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

● ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ بەزىلىرىنى سۆيۈپ قويۇپ قايتا تاھارەت ئالماستىن نامازغا چىقاتتى.»[3]

● ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىمدا يوق ئىكەنلىكىنى سەزدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئىزلەپ (قولۇمنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئۇزاتتىم) كېيىن قولۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپىنىغا تەگدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە بولۇپ ئىككى تاپىنى تىكلەكلىك ئىكەن، ئۇ مۇنداق دەۋەتىپتىكەن: «ئى الله! سېنىڭ رازىلىقىڭ بىلەن غەزىپىڭدىن، سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭ بىلەن يامان ئاقىۋەتكە قويۇشىڭدىن، سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنى

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي ۋە ئىبنى ھەببان بۇ ھەدىسنى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس دەپ قارىدى.

(2) بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام مالىك بىر رىۋايەتتە ئالدى تەرەت يولىنى تۇتۇش تاھارەتنى بۇزىدۇ، دېدى. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، ئىبنى ماجە، دارىي قۇتنىي ۋە بەززار قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

لايىقىدا مەدھىيلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، سەن خۇددى ئايەتلىرىڭدە ئۆزەڭگە سانا ئېيتقاندەك ئۇلۇغ زاتتۇرسەن.»[1]

● ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كېچىلىك نامىزىنى) ئوقۇۋاتقاندا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا خۇددى جىنازىغا ئوخشاش توغرىسىغا يېتىپ ئۇخلايتتىم. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇماقچى بولغاندا ماڭا پۇتىنى تەككۈزەتتى.[2] (مانا بۇھەدىسلەر ئەرنىڭ ئايالنى تۇتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ تاھارىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.)

# ئۆزرىسى بار ئادەمنىڭ تاھارىتى توغرىسىدا

ئۆزرىسى بار كىشى بولسا، سىيدۈك ئېقىش كېسىلىگە ياكى ئىچى سۈرۈلۈش كېسىلىگە ياكى يەل كېلىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان ياكى كۆز ئاغرىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۇنىڭدىن يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدىغان ياكى قۇلىقىدىن ياكى ئەمچىكىدىن، ياكى كىندىكىدىن بىر نەرسە ئاققانغا ئوخشاش تىنىدىن داۋاملىق تاھارەتنى بۇزۇدىغان بىر نەرسە چىقىپ تۇرىدىغان بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمدۇر.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزرىسى بار كىشى ھېساپلىنىشى ئۈ ئادەمنىڭ بىر پەرز نامازنىڭ پۈتۈن ۋاقتى ئىچىدە تاھارەت ئېلىپ نامازنى تاھارەتنى بۇزۇدىغان نەرسىدىن خالى ھالدا ئوقۇغىدەك بىر ۋاقىتنى تاپالمىغىدەك دەرىجىدە داۋاملىشىدىغان بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى شەرتتۇر.

ئىسلام دىنى شەپقەت ۋە ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدىغان دىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرىسى بار كىشىلەرگە ھەر بىر نامازغا ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن چاغدا تاھارەت ئېلىپ (تاكى ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى چىكىتىپ بولغىچە ئۇ ئادەمدىن چىقىدىغان نەرسە چىقىپ تۇرسىمۇ) ئۇ نامازنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى خالىغان نەپلە نامازلارنى ئوقۇشقا روخسەت قىلدى. بۇنداق قىلىشنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇھەبىشنىڭ قىزى پاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مەن پاك بولماستىن داۋاملىق ھەيز كۆرىدىغان ئايالمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇمىساممۇ بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق. ئۇ ھەيز قېنى ئەمەس. ئۇ پەقەت تومۇردىن (كېلىدىغان) قاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن (نورمالدا كۆرىدىغان) سېنىڭ ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ناماز ئوقۇشنى توختىتۇڭ. ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ نامازنى ئوقۇۋېرىڭ» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلدى: «(ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ) تاكى يەنە بىر ھەيزىڭنىڭ ۋاقتى كەلگەنگە قەدەر ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ (نامازنى ئوقۇڭ.)»[1]

مانا بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئۆزرىسى بار ئادەمدىن تاھارەتنى بۇزىدىغان نەرسە چىقىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تاھارىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر ئۆزىدىن چىقىدىغان نەرسە توختىغاندا تاھارەت ئالغان، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چىقىدىغان نەرسە چىقىشقا باشلىغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەم (بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن) تاھارەت ئالغان، ئاندىن تاھارىتىنى بۇزىدىغان باشقا بىر ئىشتىن بىرنى قىلغان بولسا، يەنە تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇ داۋاملىق بۇرنىدىن قان ئاقىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كىشى بولۇپ ئۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەت ئالغاندىن كېيىن كىچىك تەرەت قىلغان ياكى يەل چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم گىرىپتار بولغان كېسەل بۇرنىنىڭ بىر تەرىپىدىن قان ئاقىدىغان كېسەل بولغان، بۇ كېسەل ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بۇرنىنىڭ باشقا تەرىپىدىن قان ئاققان بولسا، ئۇنىڭدا تاھارەتنى بۇزۇدىغان ئۆزرىنىڭ كېسىلىدىن باشقا بىر نەرسە كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنى ئىبنى ئابىدىن شۇنداق بايان قىلغان.

ئۆزرىسى بار كىشىنىڭ تاھارىتى يەنە نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: پېشىن نامىزى چىقىپ كېتىشتىن ئازراق ئىلگىرى پېشىن نامىزىغا تاھارەت ئالغان، ئاندىن ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى پېشىن نامىزى ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدىغان نەرسىنىڭ چىقىشى داۋاملىشىپ تۇرغان بولسا، شۇنداق بولىدۇ. ئەمما (پېشىن نامىزىغا تاھارەت ئالغاندا) ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدىغان نەرسە چىقمىغان، ئاندىن ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندىمۇ ئۇ نەرسە چىقمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ تاھارىتى پېشىن نامىزى ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم تاھارىتىنى بۇزۇدىغان بىر نەرسىگە دۇچار بولماستىن كامىل تاھارەت بىلەن تۇردى.

خۇلاسە: بىر كېسەلنىڭ ئۆزرىلىك كېسەل قاتارىغا كىرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ باشلىنىش شەرتى، داۋاملىشىش شەرتى ۋە ئاياغلىشىش شەرتى باردۇر.

ئەمما ئۇ كېسەلنىڭ باشلىنىش شەرتى بولسا، بىر پەرز نامازنىڭ پۈتۈن ۋاقتى ئىچىدە تاھارەت ئېلىپ نامازنى تاھارەتنى بۇزۇدىغان نەرسىدىن خالى ھالدا ئوقۇغىدەك بىر ۋاقىتنى تاپالمىغىدەك دەرىجىدە ئۇ كېسەلنىڭ داۋاملىشىشىدۇر.

بىز بۇ يەردە ئىككى ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى پەرز ناماز ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلار بولمىغاچقا، ئىككى ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتىنى (بۇ كېسەلگە ئۆلچەم قىلىشتىن) ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ كېسەلنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنى بىر پەرز نامازنىڭ ۋاقتى قىلىپ بېكىتتۇق.

ئەمما ئۇ كېسەلنىڭ داۋاملىشىش شەرتى بولسا، بۇ كېسەل دەسلەپكى قەدەمدە يۇقىرىدىكى شەرت بىلەن باشلانغاندىن كېيىن ھەر بىر نامازنىڭ ۋاقتىدا بىرەر قېتىم كەلگەن بولۇشى شەرتتۇر. ئۇ كېسەلنىڭ كېيىنكى نامازنىڭ ۋاقىتلىرىدا، ھەر نامازنىڭ پۈتۈن ۋاقتى ئىچىدە كېلىشى شەرت ئەمەستۇر.[1]

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم پېشىن نامىزىدا بۇرنىدىن قان كېلىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، بۇ ئۇ كېسەلنىڭ دەسلەپ باشلىنىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزرىسى بار ئادەم ھېساپلىنىشى ئۈچۈن ئۇ كېسەلنىڭ تاكى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەنگە قەدەر توختاپ قالماي داۋاملىشىشى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇ كېسەل شۇنداق داۋاملاشسا ئۇ ئادەم ئۆزرىسى بار كىشى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزرىسى بار كىشىنىڭ قاتارىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن كېسەلنىڭ پېشىن نامىزىنىڭ ئارقىسىدىكى مەسىلەن: ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرىدا ۋە ئەتىسىدىكى كۈنلەرنىڭ نامازلىرىدا خۇددى پېشىن نامىزىدا داۋام قىلغاندەك داۋاملىشىشى شەرت ئەمەستۇر. ئۇ كېسەل پېشىن نامىزىنىڭ ئارقىسىدىكى نامازلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ۋاقتىدا ئاندۇ ـ مۇندۇ كېلىپ قويسا بولىدۇ. ت.

ئەمما ئۇ كېسەلنىڭ تۆگۈگەنلىكىنىڭ ۋە كېسەل كىشىنىڭ ئۆزرىسى بار كىشىنىڭ قاتارىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ شەرتى بولسا، ئۇ كېسەلنىڭ بىر پەرز نامازنىڭ پۈتۈن ۋاقتى ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ كۆرۈلمەسلىكىدۇر.

ئەگەر كېسەل بىر ئادەمدە بىر پەرز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن باشلانغان بولسا، ئۇ ئادەم چىققان ئۇ نەرسىنىڭ توختاپ قېلىشىنى ئۈمۈد قىلغان ھالدا نامازنىڭ ئەۋۋەلقى ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچە (ئۇ نەرسىنىڭ توختىشىنى) كۈتىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە نامازنىڭ ئەۋۋەلقى ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچە توختىمىسا، تاھارەت ئېلىپ نامازنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۇ نەرسە نامازنىڭ ئىككىنچى ۋاقتىنىڭ ئارىسىدا توختىسا، ئۇ ئادەم ئوقۇغان ھېلىقى نامىزىنى قايتا ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمدىن چىققان نەرسە بىر پەرز نامازنىڭ ھەممە ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۆزرىسى بار ئادەم ھېساپلانمايدۇ ۋە ئۇ تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغان ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن چىققان نەرسە نامازنىڭ ئىككىنچى ۋاقتىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي چىققان بولسا، بۇ ھالەتتە كېسەل باشلانغاندىن تارتىپ بىر پەرز نامازنىڭ ھەممە ۋاقتىدا داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۆزرىسى بار ئادەم ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئوقۇغان ھېلىقى نامىزىنى قايتا ئوقۇشى لازىم ئەمەستۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىز بولسا، ئۆزرىسى بار كىشىنىڭ تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولۇش ھەققىدىكى بايانلاردۇر. ئەمما ئۆزرىسى بار ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ پاك بولۇش ھەققىدىكى بايانلار تۆۋەندىكىدەكتۇر:

ئەگەر ئۇ ئادەمدىن چىققان نەرسە (يەنى مەسىلەن: ئۇنىڭدىن تېمىپ تۇرىدىغان سۈيدۈك) بىر تەڭگىنىڭ ئورنىدىن كۆپرەك يەرگە تامغان، ئاندىن ئۇ ئادەم كىيىمنى يۇغان ۋە نامازنى ئوقۇپ بولۇشتىن بۇرۇن كىيىم يەنە پاسكىنا بولىدىغان بولسا، ئۇ كىيىمنى يۇماي (ئۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسىمۇ) بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (كىيىمنى يۇسا) كىيىم ناماز ئوقۇپ بولغىچە پاسكىنا بولمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ كىيىمنى يۇيۇشى لازىمدۇر.[1]

چىقىدىغان ئۇ نەرسە، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ

(1) «الهدية العلائية»، 32 - بەت.

ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇش بىلەن پۈتۈنلەي توختايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇپ بولسىمۇ (ناماز ئوقۇۋاتقاندا) ئۇ نەرسىنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاجىپتۇر. ئەگەر يۇقىرىدىكى ئىشلار بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ چىقىشىنى پۈتۈنلەي توختىتالمىسىمۇ بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۇ نەرسىنىڭ چىقىشىنى پەسلىتىش لازىمدۇر. ئۇ نەرسىنىڭ چىقىشى ئەگەر ئۇ ئادەم ئوڭدىسىغا يېتىپ ناماز ئوقۇسا توختايدىغان بولسا، ئۇنى توختۇتۇش ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئوڭدىسىغا يېتىپ ناماز ئوقۇمايدۇ.

ئەگەر تېڭىق بىلەن ياكى (پاختىدەك بىر نەرسە) تىقىپ قويۇش بىلەن، ياكى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش بىلەن چىقىدىغان نەرسىنى توختۇتۇش مۇمكىن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم ئۆزرىسى بار ئادەم ھېساپلانمايدۇ.[1]

# ئاياغقا مەسھى قىلىش

تەرەت ئالغاندا پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا ئاياغقا مەسھى قىلىنىشنىڭ يولغا قويۇلىشى، ئىسلام شەرىئەتنىڭ كەڭچىلىك قىلىشى ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىدۇر.

مەسھى قىلىنىدىغان ئاياغ ھۆشۇقنى ياپقۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن ۋە قېلىن بولۇشى لازىمدۇر.

## ئاياغقا مەسھى قىلىنىشنىڭ يولغا قويۇلىشى

ئاياغقا مەسھى قىلىش ھۆكمى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن سادىر بولدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن ئۇ ھەدىسلەر ھەتتا ئىنكار قىلىش توغرا بولمايدىغان ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتتى. بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

● - مۇغىرە ئىبنى شوئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى ئادا قىلماقچى بولۇپ چىقتى. ئاندىن مۇغىرە (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) بىر قاچىدا سۇ ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن

(1) «الهدية العلائية»، 32 - بەت.

ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇغىرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا) سۇ قۇيۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالدى ۋە ئايىغىغا مەسھى قىلدى.»[1]

● - ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر سەئد ئىبنى ۋەققاسدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى. ئاندىن (كىشىلەر) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن بۇ ھەقتە (يەنى سەئد ئىبنى ۋەققاسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلغانلىقى توغرىسىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىق ياكى قىلمىغانلىق ھەققىدە) سوئال سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلغانلىقى توغرىسىدا سەئدنىڭ قىلغان رىۋايىتى) توغرىدۇر. سەئد سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىدە بىرەر نەرسە سۆزلەپ بەرسە، سىلەر بۇ ھەقتە سەئددىن باشقا بىر ئادەمدىن سوئال سوراپ ئولتۇرماڭلار، دېدى.[2]

بەزى ئالىملار ئاياغقا مەسھى قىلىش ھەققىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەدىسلەرنى قىرىق نەپەر ساھابىنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئەگەر شەرتلىرى ھازىرلانغاندا تاھارەتتە ئاياغقا مەسھى قىلىش پۇتنى يۇغاننىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

يۇيۇنۇش لازىم بولغان ئادەمنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تاھارەت ئېلىپ ئايىغىنى كەيگەندىن كېيىن يۇيۇنۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق يەرلىرىنى يۇيۇپ ئەمما ئايىغىغا مەسھى قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئايىغىنى سېلىپ پۇتىنى يۇيۇشى لازىمدۇر. بۇنىڭ دەلىل - پاكتى بولسا، سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئەگەر بىز سەپەر ئۈستىدە بولساق، جۇنۇپ بولۇپ قالغان چاغدىن باشقا چاغدا چوڭ، كىچىك تەرەت قىلىش ۋە ئۇخلىغانلىغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاياغلىرىمىزنى ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە سالماسلىقىمىزغا بۇيرۇغان

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىدى، دېگەن ھەدىستۇر.[1]

ئاياغقا مەسھى قىلىشقا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ خۇسۇسەن ھاۋاسى سوغۇق شەھەرلەردە ياشايدىغان ئادەملەرگە، مۇساپىرلەرگە ۋە ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئايىغىنى سېلىپ كىيىشتە قىيىنچىلىق تارتىدىغان ئادەملەرنىڭ ناھايىتى ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرگە ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئاياغقا مەسھى قىلىش رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇتىدا ئاياغ بولغان بولسا، تاھارەت ئالغاندا پۇتنى يۇيۇش لازىم ئەمەستۇر.

## ئاياغقا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1 ـ ئاياغنى كامىل تاھارەتنىڭ ئۈستىگە كىيىش لازىمدۇر. ئەگەر ئاياغنى تەيەممۇم قىلىپ بولۇپ كەيگەندىن كېيىن سۇ تاپقان بولسا، (تاھارەت ئالغاندا) ئاياغنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھالەتتە ئاياغنى سېلىپ يۇيۇش لازىمدۇر. چۈنكى، ئاياغقا مەسھى قىلىش تاھارەت ئېلىشنى لازىم قىلىدىغان ھەرقانداق تاھارەتسىزلىك سەۋەبى بىلەن ئېلىنغان تاھارەتتە قىلىش توغرا بولغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياغنى كەيگەندە كەيگۈچى ئادەمنىڭ كامىل تەرەت بىلەن بولۇشى لازىمدۇر.

بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

● ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالماقچى بولغاندا) مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىنى سالدۇرماقچى بولدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياغىمنى سالدۇرمىغىن. چۈنكى، مەن بۇنى كامىل تاھارەتنىڭ ئۈستىگە كەيگەن ئىدىم» دەپ ئايىغىغا مەسھى قىلدى.[2]

● ـ سەفۋان ئىبنى ئەسال مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئەگەر بىز ئايىغىمىزنى كامىل ئېلىنغان تاھارەت ئۈستىگە كەيگەن بولساق، (ئاياغلىرىمىزغا) ئەگەر بىز سەپەر ئۈستىدە بولساق، ئۈچ كېچە ـ

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆندۈز مەسھى قىلىشىمىزغا، ئەگەر سەپەر ئۈستىدە بولمىساق، بىر كېچە ـ كۆندۈز مەسھى قىلىشىمىزغا بۇيرىدى.»[1]

2 ـ مەسھى قىلماقچى بولغان ئاياغ ئۇشۇقنىڭ ئۈستۈگە قەدەر پۇتنىڭ ھەممە يېرىنى يۆگىشى لازىمدۇر.

3 ـ ئۇ قىينالماستىن ئەڭ ئاز بەش كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرگىلى بولىدىغان ئاياغ بولۇشى لازىمدۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئادەتتە بۇ مىقداردىن ئارتۇق يول يۈرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينەكتىن ياكى تۆمۈردىن ياكى ياغاچتىن ياسالغان ئاياغقا مەسھى قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئاياغلار بىلەن يول يۈرگىلى بولمايدۇ.

4 ـ ئاياغ، يوغان تۆشۈكلەردىن خالى بولۇشى لازىمدۇر. بىر پاي ئاياغدا (كىچىك ـ كىچىك بولۇپ) بىر نەچچە يەردە تۆشۈك بولغان، ئەگەر ئۇلار بىر يەرگە توپلانسا، ئۇ تۆشۈكلەرنىڭ ھەممىسى پۇتنىڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ بارماق ئۇچۇق قالغىدەك دەرىجىدىكى چوڭلۇقتا بولسا، ئۇ ئاياغقا مەسھى قىلىش توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ ئاياغنىڭ تۆشۈكلىرى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولسا، ئۇ ئاياغقا مەسھى قىلىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ئاياغقا مەسھى قىلىشقا بۇيرىدى. ساھابىلارنىڭ ئاياغلىرى ئازراق تۆشۈكلەرنىڭ بولىشىدىن خالى ئەمەستۇر.

تۆشۈك ئاياغنىڭ قونچىدا بولغان، ئاياغنى يىپ ياكى پىستانغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن پاچاق تەرەپتە تۇرغۇزۇش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئاياغقا مەسھى قىلىش توغرا بولىدۇ.

5 ـ مەسھى قىلىنىدىغان ئاياغنىڭ مەسھىدە ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ پۇتقا ئۆتۈپ كېتىشىنى توسۇپ قالىدىغان دەرىجىدە قېلىن بولۇشى لازىمدۇر.

6 ـ مەسھى قىلماقچى بولغان ئادەم ئەگەر پۇتىنىڭ بارماق تەرىپى يوق ۋە پۇتنىڭ قالغان تەرىپى قولنىڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ بارماق كەلگىدەك مىقداردا بولمىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر پۇتنىڭ قالغان تەرىپى قولنىڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلدى.

بارماق كەلگىدەك مىقداردا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلىشى توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئەسلى پۇتتىن قولىنىڭ كىچىك ئۈچ بارماق كەلگىدەك يېرىگە مەسھى قىلىش پەرزدۇر. ئەگەر ئۇ پۇتىنىڭ تاپىنى بار، لېكىن پۇتىنىڭ بارماق تەرىپىدىن (ئاددىسى قولىنىڭ كىچىك ئۈچ بارماق كەلگىدەك يېرىمۇ قالماي) يوق ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ بىر پۇتى ئۇشۇقىنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىلگەن ئادەم بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر پۇتىغا كىيگەن ئاياغقا مەسھى قىلىشى توغرا بولىدۇ.

## مەسھى قانداق قىلىنىدۇ

تاھارەت ئالغان ئادەم قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ھۆل قىلىپ ۋە بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئوڭ قولىنى ئوڭ پۇتىنىڭ ئۈچىنىڭ ئۈستىگە، سول قولىنى سول پۇتىنىڭ ئۈچىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئاندىن مەسھىنى تارتىشنى ئاياغنىڭ ئۈچىدىن باشلاپ ئۈستى تەرەپ بىلەن پاچاق تەرەپكە تارتىدۇ. پۇتىنىڭ ئۈستىدىن قولىنىڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ بارماق كەلگىدەك يەرگە مەسھى قىلسا، مەسھى يېتەرلىك بولىدۇ. ئاياغنىڭ ئاستى تەرىپىگە ياكى ئۇنىڭ قونچىسىغا ياكى ئىككى تەرىپىگە، ياكى ئۇنىڭ قونچىسىغا مەسھى قىلىش توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر دىن ئەقىل ئارقىلىق يولغا قويۇلغان نەرسە بولىدىغان بولسا، ئاياغنىڭ ئاستى تەرىپىگە مەسھى قىلىش ئۈستى تەرىپىگە مەسھى قىلىشتىن ياخشى بولاتتى. ھالبۇكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاياغنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلغانلىقىنى كۆردۈم.»[1]

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ كېلىپ تاھارەت ئالغانلىقىنى ۋە ئايىغىغا مەسھى قىلماقچى بولۇپ ئوڭ قولىنى ئوڭ پۇتىنىڭ ئۈستىگە، سول قولىنى سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئايىغىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر قېتىم مەسھى قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ھەتتا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايىغىغا (مەسھى قىلىۋاتقاندا) ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قاراپ تۇردۇم.»[2]

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) ـ بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇشەيبە ۋە بەيھەقىي ھەسەن بەسرىدىن، ھەسەن بەسرى مۇغىرەدىن رىۋايەت قىلدى. لېكىن بۇ ھەدىس مۇغىرە بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان بىر ساھابە تاشلىنىپ قېلىنغان بىر ھەدىستۇر.

ئاياغقا مەسھى بىر قېتىم قىلىنسا بولىدۇ. مەسھىنى تەكرار قىلىش سۈننەت ئەمەستۇر. ئاياغنىڭ ئۈستى تەرەپىگە ئەگەر مەسھى (بۇيىغا تارتىپ ئەمەس) توغرىسىغا تارتىپ قىلىنغان ياكى پاچاقتىن پۇتىنىڭ ئۈچچى تەرەپىگە تارتىپ قىلىنغان بولسا، مەسھى توغرىدۇر، لېكىن بىر سۈننەتكە خىلاپلىق قىلىنغان بولىدۇ.

## مەسھىنىڭ مۇددىتى

سەپەرگە چىقمىغان ئادەمنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز، سەپەرگە چىققان ئادەمنىڭ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەسھى قىلىشىغا روخسەتتۇر. يەنى سەپەرگە چىقمىغان ئادەم 24 سائەت ۋە سەپەرگە چىققان ئادەم 72 سائەت ئايىغىغا مەسھى قىلالايدۇ.

مەسھى قىلىشنىڭ مۇددىتى ئاياغنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن يۈزبەرگەن ئەۋۋەلقى تاھارەتسىزلىكتىن باشلاپ ھېساپلىنىدۇ.[1]

سەپەرگە چىقمىغان ئادەمنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز، سەپەرگە چىققان ئادەمنىڭ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەسھى قىلىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئەگەر بىز سەپەر ئۈستىدە بولساق، جۇنۇپ بولۇپ قالغان چاغدىن باشقا چاغدا چوڭ، كىچىك تەرەت قىلىش ۋە ئۇخلىغانلىقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاياغلىرىمىزنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە سالماسلىقىمىزغا بۇيرىغان ئىدى.»[2]

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەگەر ئاياغلىرى كامىل تاھارەت ئۈستىگە كىيىلگەن بولسا، سەپەر ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز، سەپەرگە چىقمىغان ئادەمنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئاياغلىرىغا مەسھى قىلىشىغا روخسەت قىلغان.»[3]

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ۋە سەپەرگە چىقمىغان ئادەمنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىپ ئايىغىنى كەيگەن، ئۇنىڭ بامدات نامىزىغا ئالغان تاھارىتى پېشىن نامىزىدىن كېيىن سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ مەسھى قىلىشىنىڭ مۇددىتى پېشىن نامىزىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. يەنى ئۇ سەپەرگە چىقمىغان ئادەم بولسا بۈگۈنكى پېشىن نامىزىدىن باشلاپ تاكى ئەتىسى پېشىن نامىزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 24 سائەت ئىچىدە ئايىغىغا مەسھى قىلالايدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى دارىي قۇتنىي ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

مەسھى قىلىشنى توختۇتۇپ بەردى» دېدى.(1)

شۇرەيھ ئىبنى ھانىئ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاياغقا مەسھى قىلىش ھەققىدە سوئال سوراش ئۈچۈن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كەلدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: سەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن سورىغىن. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەرگە چىقاتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ مەسىلىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىدۇق. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ۋە سەپەرگە چىقمىغان ئادەمنىڭ بىر كېچە - كۈندۈز مەسھى قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان، دېدى.»(2)

مەسھى قىلىشنىڭ مۇددىتى ئاياغنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن يۈزبەرگەن ئەۋۋەلقى تاھارەتسىزلىكتىن تارتىپ باشلىنىدۇ. مەسىلەن: سەپەرگە چىقمىغان ئادەم سائەت ئالتىدە بامدات نامازىغا تاھارەت ئېلىپ ئاياغنى كىيگەن، ئاندىن سائەت ئوندا تەرەتنى سۇندۇرغان بولسا، ئۇ تاكى ئەتىسى سائەت ئونغا قەدەر ئاياغقا مەسھى قىلالايدۇ.

سەپەرگە چىقمىغان بىر ئادەم مۇددىتى تۈشۈشتىن ئىلگىرى سەپەرگە چىققان بولسا، ئۇ ئاياغقا (سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ) ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەسھى قىلىدۇ. ئەگەر سەپەر ئۈستىدىكى بىر ئادەم بىر كېچە - كۈندۈز توشۇشتىن ئىلگىرى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئاياغقا (سەپەردىن قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى مۇددەت ئىچىدە بولۇپ) بىر كېچە - كۈندۈز مەسھى قىلىدۇ. مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى مەسھى قىلىشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ ئاخىرىدىكى مەسھى قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ھالىتىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.(3)

## پايپاقتا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر پايپاق ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ زامانىسىدىكىدەك پۇت كۆرۈلۈپ قالمىغىدەك قېلىن، ئەڭ ئاز بەش كىلومېتىر ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئاياغسىز

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) يەنى ئەگەر مەسھى قىلماقچى بولغان ئادەم ۋاقىتنىڭ ئاخىرىدا مۇساپىرلىق ھالەتتە بولسا، ئۇ ئاياغقا ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەسھى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ۋاقىتنىڭ ئاخىرىدا سەپەرگە چىقمىغان ھالەتتە بولسا، ئۇ ئاياغقا بىر كېچە - كۈندۈز مەسھى قىلىدۇ. ت.

مېخشقا چىدىغۇدەك ۋە مەسھى قىلغاندا يىقىلدىغان سۆنىڭ ھوللۇكۆنىڭ پۇتىنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىشىنى توسۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە قېلىن بولسا، ئۇنىڭغا مەسھى قېلىش توغرا بولىدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ياسالغان پايپاقلاردا بۇ شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى ناھايىتى قىيىندۇر. ئۇ زامانلاردا ئۆتۈك شەكلىدە ئەمەس پۇتتىن پاچاقىقا قەدەر يۆگەپ كىيىلگەن تېرە <پايپاق> دەپ ئاتىلاتتى ياكى پايپاق ئېگىزلىگەن يۇڭدىن ئۇزۇنلىقى ئۇشۇقنى ياپقۇدەك قىلىنىپ تېكىلەتتى. ئالىملار يۇپقا پايپاقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا بىر پىكىرگە كەلدى.

يۇقىرىدىكى شەرتلەر تېپىلغان پايپاققا مەسھى قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكىلەردۇر:

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ ئىككى پايپىقىغا ۋە ئايىغىغا مەسھى قىلدى.»[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پايپاققا ۋە ئايىغىغا مەسھى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.[2]

## ئاياغقا قىلىنغان مەسھىنى بۇزىدىغان ئامىللار

1 ـ تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى مەسھىنى بۇزىدۇ. چۈنكى، مەسھى پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىدا قوللىنىدىغان بىر ئىشتۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئەسلىنى بۇزغان ھەممە ئامىل، ئەسلىنىڭ ئورنىدا كەلگەن ئورۇنباسارىنىمۇ بۇزىدۇ.

2 ـ مەسھىنىڭ مۇددىتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى. (تاھارىتى بار بولۇپ) مەسھىنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئايىغىنى سېلىپلا ئىككى پۇتۇنى يۇسا بولىدۇ. ئەگەر (تاھارىتى بار بولۇپ) مەسھىنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن ۋە (ئايىغىنى سالسا) سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن پۇتۇنىڭ ئۇششۇپ كېتىشىدىن قورققان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە ئايىغىنى سالماستىنلا ئايىغىنىڭ ھەممە يېرىگە خوددى تېخىچە مەسھى قىلغاندەك مەسھى قىلىدۇ.

ئەگەر مەسھىنىڭ مۇددىتى مەسھى قىلغان ئادەم ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى. بەزى ھەدىس شۇناس ئالىملار: بۇ ھەدىسنى توغرىلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس دەپ قارىدى. ت.
(2) بۇ ئەسەرنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

تۆگىگەن ۋە ئۇنىڭ قېشىدا سۇ بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم نامىزىنى ئوقۇۋېرىدۇ. چۈنكى، پۇتنى يۇيۇش ئۈچۈن قېشىدا سۇ يوق تۇرۇپ ئايىغىنى سېلىش ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيدۇ.

3 - بىر پېيىنى بولسىمۇ ئايىغىنى چىقىرىش. شۇنىڭدەك پۇتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئاياغنىڭ قونچى تەرىپىگە كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى. چۈنكى، تاھارەتسىزلىك پارچىلانمايدۇ. ئىلگىرىكى تاھارەتسىزلىك پۇتنىڭ ئاياغدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن پۇتقا ئېقىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئاياغ دېگەن تاھارەتسىزلىكنى پۇتتىن كۆتۈرۈۋاتىدىغان نەرسە بولماستىن ئەكسىچە تاھارەتسىزلىكنىڭ پۇتقا كىرىۋېلىشىنى چەكلەيدىغان نەرسىدۇر.[1] شۇنىڭ ئۈچۈن ئايىغىغا مەسھى قىلغان ئادەم نامازنى ئايىغى بىلەن ئوقۇشى لازىمدۇر. ئەگەر ئايىغى پاسكىنا بولسا، ئۇنىڭ نامىزى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياغنى پاكىزە تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىمدۇر. ماڭغان چاغدا تاپاننىڭ ئاياغنىڭ قونچى تەرىپىگە (ئازراق) كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھېچقانداق زىيانلىق ئەمەستۇر.

4 - پۇتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سۇ بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىشى. بۇ ھالەتتە (پۇتنى) يۇيۇش ۋە ئۇنىڭغا مەسھى قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى قىلغانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاياغنى سېلىپ ئىككى پۇتنى يۇيۇش لازىمدۇر.

5 - ئاياغنىڭ ئۇنى كىيىپ تۇرىۋاتقان چاغدا تېتىلىپ كېتىشى ياكى يىرتىلىپ كېتىشى ياكى تىشىلىپ كېتىشى ياكى ئۇنىڭ بىلەن مېڭىش قىيىن بولىدىغان بىر ھالەتتە كېلىپ قېلىشى مەسھىنى بۇزىدۇ.

6 - ئۆزرىسى بار ئادەم ئايىغىغا مەسھى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئاتاپ تاھارەت ئالغان نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن تاھارىتى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ مەسھىسىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ ئايىغىنى ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدىغان نەرسە چىقىپ تۇرغان چاغدا كەيگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئايىغىنى ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدىغان نەرسە توختىغاندا كىيگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلىش مۇددىتى خۇددى ئۆزرىسى يوق ئادەمنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلىش مۇددىتىگە ئوخشاشتۇر.

(1) ئۇنداق بولغان ئىكەن ئاياغنىڭ پۇتتىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەنلا ئىلگىرىكى تاھارەتسىزلىك پۇتقا كېلىۋالىدۇ. ت.

ئەگەر تاھارەتنى بار ئادەمنىڭ پەقەت مەسھىسى بۇزۇلۇپ كەتسە. ئۇ پەقەت ئىككى پۇتىنى يۇيۇۋەتسىلا بولىدۇ.

سەللە ياكى تۇماق - تەلپەككە ئوخشاش باشقا كىيىدىغان نەرسىگە، چۇمبەلگە ئوخشاش يۈزنى ياپىدىغان نەرسىگە ۋە پەلەيگە ئوخشاش قولغا كىيىدىغان نەرسىگە مەسھى قىلىش توغرا ئەمەستۇر.

## يۇيۇنۇش (يەنى غۇسلى قىلىش) توغرىسىدا

يۇيۇنۇش دېگەنلىك تەننىڭ سۇنى يەتكۈزۈش مۇمكىن بولغان يەرلىرىگە سۇنى يەتكۈزۈش، دېگەنلىك بولىدۇ.

## يۇيۇنۇشنىڭ ھۆكمى

يۇيۇنۇش ئىككى قىسىم بولىدۇ. بىرى پەرز بولغان يۇيۇنۇش، يەنە بىرى سۈننەت بولغان يۇيۇنۇش.

### پەرز بولغان يۇيۇنۇش

ئىككى ھالەتتە يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ:

بىرىنچى ھالەت بولسا، جۇنۇپلۇق ھالىتىدۇر. بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا يۇيۇنۇشنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ دەلىل - پاكتى الله تائالانىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، « ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا الله بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار ». الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ »[1] دېگەن ئايىتىدۇر.

(1) سۈرە بەقەرە 222 - ئايەت.

**ئىنسان ئىككى سەۋەب بىلەن جۇنۇپ بولىدۇ:**

**بىرىنچى سەۋەب: تۇتقانغا، قارىغانغا، ئېھتىلام بولغانغا[1] ۋە قۇچاقلاشقانغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب بىلەن مەنىينىڭ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ ئەر كىشىدىن ياكى ئايال كىشىدىن شەھۋەت بىلەن چىقىشىدۇر.**

**ئىنسان مەنىينىڭ چىقىشى بىلەن جۇنۇپلۇق ھالەتكە ئۆزگۈرۈشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ تېپىلىشى لازىمدۇر:**

**● - مەنىينىڭ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىكى ئورنىدىن شەھۋەت بىلەن چىقىشى. ئەگەر مەنىي يىگەن تاياقنىڭ ياكى ئېغىر بىر نەرسە كۆتۈرگەنلىكنىڭ ياكى كېسەل، ياكى شۇنىڭدەك بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن چىقسا، يۇيۇنۇش لازىم ئەمەستۇر. ئىنسان بۇ ھالەتتە جۇنۇپ ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى، <چۇنۇپ> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تىل جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ مەنىينىڭ شەھۋەت بىلەن چىقىشىدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەزىي تۇلا چىقىدىغان بىر ئادەم ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇنىڭ ھۆكمىنى سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەندىن مەنىي ئېتىلىپ چىقسا يۇيۇنغىن. ئەگەر مەنىي ئېتىلىپ چىقمىسا يۇيۇنمىساڭمۇ بولىدۇ» دېدى. يەنە بىر رىۋايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن مەنىينىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنى كۆرسەڭ يۇيۇنغىن»[2] دېدى. مەنىي شەھۋەت بىلەن چىققاندىلا ئېتىلىپ چىقىدۇ.**

**● مەنىينىڭ جىنسى ئەزالىرىدىن تېشىغا چىقىشى. ئەگەر ئورنىدىن قوزغالغان مەنىي ئەركىشىنىڭ ئالدى تەرەت يولىنىڭ ئىچىدە ياكى ئايال كىشىنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىنىڭ[3] ئىچىدە قېلىپ قالسا، يۇيۇنۇش لازىم ئەمەستۇر.**

**ئىمام ئەبۇيۇسۇپتىن باشقا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىغە ئاساسەن: قوزغالغان مەنىينىڭ تاكى جىنسىي ئەزادىن ئايرىلغانغا قەدەر شەھۋەتنىڭ داۋاملىشى شەرت ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئېھتىلام بولۇپ**

**(1)** چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ مەنىي چىقىش ئېھتىلام ھېساپلىنىدۇ. ت.

**(2)** بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

**(3)** ئايال كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسى، تاشقىرى جىنسىي ئەزاسى ۋە ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسى، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. يۇيۇنۇشنىڭ لازىم بولۇشى ئۈچۈن ئايال كىشىدىن قوزغالغان مەنىينىڭ ئۇنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىدىن تاشقىرى جىنسىي ئەزاسىغا چىقىشى لازىمدۇر.ت.

قالغان ئادەم ئىھتىلام بولغاندا جىنسىي ئەزاسىنى تاكى شەھۋىتى پەسەيگەنگە قەدەر تۇتتۇۋالغان، ئاندىن مەنىي شەھۋىتى پەسەيگەندىن كېيىن چىققان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە جۇنۇپ ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەم كىچىك تەرەت قىلىشتىن ياكى ئۇخلىۋېتىشتىن ياكى بىر نەچچە قەدەم مېڭىۋېتىشتىن بۇرۇن يۇيۇنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن مەنىينىڭ قالدۇرۇقلىرى چىققان بولسا، ئۇنىڭغا قايتا يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ.

ئەگەر جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەم كىچىك تەرەت قىلغاندىن ياكى ئۇخلىۋاتقاندىن ياكى خېلى كۆپ مېڭىۋاتقاندىن كېيىن يۇيۇنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن مەنىي چىققان بولسا، ئۇنىڭغا قايتا يۇيۇنۇش پەرز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇخلاش، كىچىك تەرەت ۋە كۆپ مېڭىشلار ئادەتتە شەھۋەت بىلەن قوزغالغان مەنىينىڭ قالدۇرۇقلىرىنى تازىلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم چىققان مەنىي بولسا، ئۇرنىدىن شەھۋەتسىز قوزغالغان مەنىي ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئادەمگە قايتا يۇيۇنۇش لازىم ئەمەستۇر.

ئىمام ئەبۇيۇسۇپنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسەن يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ھالەتتە (يەنى جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەم كىچىك تەرەت قىلىشتىن ياكى ئۇخلىۋېتىشتىن ياكى بىر نەچچە قەدەم مېڭىۋېتىشتىن بۇرۇن يۇيۇنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن مەنىي چىققان ھالەتتە) ئىلاجىسىز بولۇپ قالغان ھالەتلەردە يۇيۇنۇش پەرز ئەمەستۇر.

ئەگەر ئايال كىشى يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەركىشىنىڭ ئۇنىڭغا تۆكۈلگەن مەنىيسى چىققان بولسا، ئۇنىڭغا قايتا يۇيۇنۇش لازىم ئەمەستۇر.

ئۇخلاپ قوپقان ئادەم مەيلى ئۆزىنىڭ ئىھتىلام بولغانلىقىنى ئەسلىيەلىسۇن مەيلى ئەسلىيەلمىسۇن كىيىمدە بىر ھۆلنىڭ بارلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ. چۈنكى، ھۆلنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ ئىھتىلام بولغانلىقىنىڭ نىشانىسىدۇر. ئادەم ئۇيقۇدا ئۆزىنىڭ ئىھتىلام بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسان ئۇخلاۋېتىپ يۈزبەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى سەزمەيدۇ. ئۇنىڭ كىيىمدىكى ھۆل مەزىي ياكى ۋەدىي بولۇشى مۇمكىن (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش لازىم ئەمەسدۇر)، دەپ قارالمايدۇ. چۈنكى، مەنىي

ئىنسانىنىڭ جىسمىنىڭ قىززىقلىقىنىڭ ۋە يوتقانىنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن سۇيۇقلىشىپ مەزىيگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئىھتىلام بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدىغان ئەمما (كىيىمدە) ھۆلنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۇئال سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئادەم يۇيۇنىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئىھتىلام بولغانلىقىنى ئەسلىگەن ئەمما (كىيىمدە) ھۆل كۆرمىگەن ئادەمنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۇئال سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش لازىم ئەمەستۇر» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئاندىن ئۇممۇ سەلىمە: (ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!) ئەگەر ئايال كىشى شۇنداق ئىشلارنى كۆرسە ئۇنىڭغىمۇ يۇيۇنۇش لازىم بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق (يۇيۇنۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقتە) ئايال كىشىلەرمۇ ئەر كىشىلەرگە ئوخشاشتۇر» دېدى.[1]

بۇ يەردە كۆرۈلگەن ئۇ ھۆلنىڭ مەزىي ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدىغان بىر ھالەت باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئەركىشى جىنسىي ئەزاسى قېتىقلىق ھالەتتە ئۆرە تۇرغان ياكى ئولتۇرغان ھالەتتە تۇرۇپ ئۇخلاپ ئويغاندىن كېيىن (كىيىمدە) ھۆل كۆرگەن ھالەتتىدۇر. بۇ ھالەتتە ئۇ كۆرگەن ھۆل مەزىي ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش لازىم بولمايدۇ. سەۋەبى، جىنسىي ئەزانىڭ قېتىلىق ھالەتتە تۇرۇشى مەزىينىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چىققان ئۇ نەرسە بولسا مەنىي ھېساپلانمايدۇ.[2] چۈنكى، ئۇ ئادەم (ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ ئۇخلىغان بولغاچقا) قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەيدۇ ۋە ئادەم يېنىچە ياتقاندا قاتتىق ئۇخلايدۇ. قاتتىق ئۇخلاش ئىھتىلام بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئايال كىشىمۇ ئىھتىلامنىڭ ھۆكۈملىرىدە ئەر كىشىگە ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالى ئۇممۇ سۇلەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن الله تائالا ھەقنى بايان قىلىشتىن ھايا قىلىپ قالمايدۇ. ئەگەر ئايال كىشى ئىھتىلام بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرزمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ مەنىينى كۆرسە شۇنداق

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(2) ئەگەر چىققان نەرسە مەنىي بولسا، جىنسىي ئەزا قېتىقلىق ھالەتتە تۇرمايدۇ. ت.

(ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ)»[1] دېدى.

ئەگەر بىر ئادەم ئېھتىلام بولغانلىقىنى سىزىپ سەكەكلەشكەن ۋە ئازراقمۇ ھۆل كۆرمىگەن ۋە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مەزىي كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرز بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن مەنىي چىققان بولسا، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ.

ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشى ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا ياتقان ئورنىدا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مەنىينىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇ ئىككىسى (قايسىنىڭ ئېھتىلام بولغانلىقىنى) ئەسلىيەلمىگەن بولسا، ئېھتىيات ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسىگە يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ.

مەست ياكى ھۇشىدىن كەتكەن ئادەم ھۇشىغا كەلگەندە (كىيىمىدە) مەنىي كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ (كىيىمىدە) مەزىي كۆرگەن بولسا، يۇيۇنۇش پەرز بولمايدۇ.

ئىككىنچى سەۋەب: جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش.[2] جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە مەيلى مەنىي چىقسۇن مەيلى چىقمىسۇن يۇيۇنۇش پەرزدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەركىشى ئايالنىڭ تۆت شاخچىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرۇپ ھەركەت قىلسا، ئۇنىڭدىن مەنىي چىقمىسىمۇ يۇيۇنۇش لازىم بولىدۇ.»[3]

بۇ ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن قارشى تەرەپ ئادەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلۈشكە لايىق بولىدىغان نەرسە بولۇشى لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ھايۋان بىلەن ياكى ئۆلۈك ئايال بىلەن، ياكى كىچىك بولغانلىقتىن ئادەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بەك كىچىك قىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇ ئادەمدىن مەنىي چىقمىغان بولسا، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش لازىم ئەمەستۇر.

بەچچىۋازلىق قىلغان ھەر ئىككى تەرەپكە يۇيۇنۇش لازىمدۇر. ئۇنىڭ دەلىل-

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) جىنسىي مۇناسىۋەت مەيلى ئايالنىڭ ئارقا تەرىپىگە بولسۇن مەيلى ئالدى تەرىپىگە بولسۇن يۇيۇنۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئايالنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ يۇيۇنۇشقا سەۋەپ بولۇشى بۇ ئىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بەرمەيدۇ. بۇ، ھاراملىقىغا بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن بىر ئىشتۇر. ت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پاكتى پەچچۋازلىقنى ئايال كىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنسىي مۇناسىۋەتكە قىياس قىلىشتۇر.

ئەگەر بەچچۋازلىقتا بەچچۋازلىق ئۆتكۈزۈلگەن قارشى تەرەپ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولسا، بۇ ھالەتتە يۇيۇنۇش پەقەت بۇ ئىشنى قىلغان تەرەپكىلا پەرز بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنى بىر بالىغا تۇتۇپ بەرگەن ۋە ئۇ بالا ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن ھۇزۇر ئېلىنىدىغان ياشتا بولغان بولسا، ئۇ ئايالغا يۇيۇنۇش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ بالا ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن ھۇزۇر ئېلىنمايدىغان ياشتا (يەنى بەك كىچىك) بولغان بولسا، ئۇ ئايالغا يۇيۇنۇش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ ھالەتتە ئۇ بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسى خۇددى بىر بارماق ئورنىدا ھېساپلىنىدۇ.

بەزى ئالىملار: «شەھۋەتى كۈچلۈك كىلىپ كېتىپ مەنىينىڭ چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن جىنسىي ئەزاسىغا بارماق ۋە سەۋزىگە ئوخشاش بىرەر نەرسىنى تىققان ئاياللارغىمۇ يۇيۇنۇش لازىم بولىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر ئايالدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ھالەتلەردە مەنىي چىققان بولسا، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش شەكسىز پەرز بولىدۇ.[1]

ئىككىنچى ھالەت بولسا، ئايال كىشىنىڭ ھەيز ياكى نىفاستىن پاكلانغان ھالىتىدۇر. بۇ ھالەتتىمۇ ئايال كىشىگە يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ بابىدا تەپسىلىي توختۇلىمىز.

## سۇننەت بولغان يۇيۇنۇش

جۇمە نامىزى ئۈچۈن يۇيۇنۇش سۇننەتتۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرىڭلار جۇمە نامىزىغا كەلمەكچى بولسا يۇيۇنسۇن»[2] دېگەن ھەدىسىدۇر.

بۇ ھەدىستە يۇيۇنۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق يۇيۇنۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇ بۇيرۇقنىڭ يۇيۇنۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى

(1) يۇقىرىدا پەقەت يۇيۇنۇش پەرز بولىدىغان ياكى پەرز بولمايدىغان ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپلا بەتچۋازلىق ۋە باشقا بىنورمال جىنسىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنىڭ يۇيۇنۇشقا دائىر ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلىش دۇرۇس ياكى گۇناھ ئەمەس دېگەنلىك ئەمەسدۇر. بولۇپمۇ بەتچۋازلىق ئىسلامدا دەرھال ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان چوڭ گۇناھدۇر. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىپادىلىمەسلىكى تۆۋەندىكى ھەدىس سەۋەبىدىندۇر:

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جۈمە كۈنى تاھارەت ئالسا، ئۇ ياخشىدۇر. كىمكى جۈمە كۈنى يۇيۇنسا، ئۇ تېخىمۇ ياخشىدۇر.»[1]

ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈنمۇ يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرى ئۈچۈن يۇيۇناتتى.»[2]

زازان مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (مۇشۇ كۈنلەردە) يۇيۇنۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سوردۇم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «خالىساڭ يۇيۇنغىن» دېدى. ئاندىن مەن: «خالىسا يۇيۇنۇش ئەمەس بەلكى يۇيۇنۇش ياخشى بولىدىغاندۇ» دېدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر جۈمە كۈنى، روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى ۋە ئەرەپات كۈنى يۇيۇناتتى» دېدى.[3]

يەنە ئېھرام باغلاش ئۈچۈنمۇ يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئېھرام باغلىماقچى بولغاندا يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر.»[4]

# يۇيۇنۇشنىڭ پەرزلىرى

**1 - 2** - ئېغىزغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىش. چۈنكى، ئېغىز ۋە بۇرۇن قاتارلىقلارمۇ تەننىڭ ئىچىدىكى بىر ئەزادۇر. ھەمدە بۇيرۇۋق بارلىق تەننى پاكىزلاشقا بۇيرۇپ كەلدى. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جۇنۇپلۇقتىن (يۇيۇنغاندا) بىر تال تۈك ئورنىدەك يەرنى يۇماي تاشلاپ قويسا، ئۇ ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن دوزاختا مۇنداق مۇنداق ئازابلىنىدۇ.»[5]

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ۋە ئىبنى خۇزيمە رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇشەيبە ۋە ۋە تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشىبە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

ھەسەن بەسرىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر تۈكنىڭ ئاستىدا جۇنۇپلۇق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر چاچلارنى ھۆل قىلىڭلار ۋە تېرىنى پاكىزلاڭلار.»[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنغان، ئەمما ئېغىزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىشنى ئۇنۇتۇپ قالغان ئادەم ھەققىدە: «ئۇ ئادەم ئېغىزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالىدۇ ۋە نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ» دېگەن.[2]

3 ـ تەننىڭ سۇ يەتكۈزۈش قىيىن بولغان يەرلىرىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىنى ئۇ يەرلەرگە سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇيۇنماقچى بولغان ئادەم تېرىسىگە سۇنىڭ يېتىپ بېرىشىغا توسالغۇ بولىدىغان تېنىدىكى (گىرىم بۇيۇملىرىغا ئوخشاش) ھەممە نەرسىنى تازىلىشى لازىمدۇر. بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى بابلاردا توختالدۇق.

جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا بۇيرۇق ناھايىتى قاتتىق پاكىزلىنىشقا بۇيرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يۇيۇنغاندا باشنىڭ ۋە ساقالنىڭ تۈكلىرىنىڭ ئارىسىغىمۇ سۇ يەتكۈزۈش پەرزدۇر. ئەمما ئايال كىشى چېچى ئۆرۈكلۈك ھالەتتە بولسا، سۇ چېچىنىڭ تېگىگە يەتسە چېچىنى چۇۋۇپ يۇمىسىمۇ بولىدۇ.[3] بۇ ھەقتە ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن چېچىمنى ئۆرۈپ بوغۇپ قويىمەن، جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئۇنى چۇۋۇۋېتەمدىم؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق. بېشىڭىزغا ئۈچ ئۇچ سۇ تۆكسىڭىز يېتەرلىك[4] ئاندىن ئۈستىڭىزگە سۇنى قۇيۇپ يۇيۇنۇپ پاكىزلانسىڭىز بولىدۇ» دېدى.[5]

ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ ئاياللار يۇيۇنغاندا ئۇلارنى چېچىلىرىنى چۇۋۇشقا بۇيرۇغانلىقى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ ئاياللار يۇيۇنغاندا ئۇلارنى چېچىلىرىنى چۇۋۇشقا بۇيرۇغان بۇ

(1) بۇ ھەدىسنى ئابدۇررازازاق رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى دار قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(3) چېچىنى ئۆرمىگەن ئاياللار بولسا، بىر تال چېچىنىمۇ چالا قويماي يۇيۇشى لازىمدۇر. ئەمما چېچى ئۆرۈكلۈك ئايال چېچىنىڭ تېگىنى يۇسا، يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۆرۈلگەن يەرلىرىنى يۇمىسىمۇ بولىدۇ. ت.

(4) يەنى بېشىڭىزنى شۇنچىلىك سۇ بىلەن يۇسىڭىز بولىدۇ. ت.

(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىشىدىن ھەيرانمەن! ئۇنداق قىلغىچە ئۇ، ئۇلارنىڭ چېچىنى چۇشۇرۈۋېتىشكە بۇيرىسا بولمامدۇ! مەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇيۇنۇشقا بىر قاچىنىڭ سۈيىنى قوللىناتتۇق. مەن بېشىمغا ئۇچ قېتىمدىن ئارتۇق سۇ تۆكمەيتتىم[1]» دېدى.[2]

مانا بۇ ھەدىسلەر ئايال كىشىنىڭ چېچىنىڭ ئۆرۈلگەن تەرىپىنى سۇ تىگىگە يەتسىلا چۇۋۇپ يۇيۇشقا بۇيرۇلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما چېچى ئۇزۇن ئەر كىشى بولسا، سۇ چېچىنىڭ تىگىگە يەتسىمۇ، چېچى ئۇزۇن (ئۆرۈكلۈك بولسىمۇ چېچىنى چۇۋۇپ) يۇيۇش لازىمدۇر. چۈنكى، ئەركىشىنىڭ چېچىنى چۇشۇرۈۋېتىشى ھېچقانداق بىر زىيان ئېلىپ كەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنى چۇشۇرۈۋېتىش مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەركىشىدە (چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈش ئۈچۈن) ھېچقانداق زۆرۈرىيەت يوقتۇر.

يۇيۇنغان ئادەم تېنىدىكى مەسىلەن قۇلىقىنىڭ ئىچىگە ئوخشاش سۇ (ئادەتتە ئاسانلىقچە) يەتمەيدىغان يەرلەرگە قاتتىق كۆڭۈل بېرىشى لازىمدۇر. مەسىلەن: قۇلىقىنىڭ ئىچىنى يۇيۇش ئۈچۈن قولىغا بىر ئۇچۇم سۇ ئېلىپ قۇلىنى قولىدىكى شۇ سۇغا چۆكۈرىدۇ. چۈنكى، يۇيۇنماقچى بولغان ئادەمدىن تەلەپ قىلىنغان نەرسە قۇلاقنى يۇيۇشتۇر. قۇلاقنى ھۆل قىلىنغان بارماقلار بىلەن سىلاپ قويۇش يېتەرلىك ئەمەستۇر.

شۇنىڭدەك يەنە ئالقىنىنى يېرىم ئىچىپ كىندىكىنىڭ ئاستىدا قويۇپ ھەتتا سۇنىڭ كىندىكىنىڭ ئىچىگە كىرىشى ئۈچۈن ئالقىنىنى سۇ بىلەن توشقۇزىدۇ. لېكىن بارمىقىنى كىندىكىنىڭ ئىچىگە تىقىشتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش كىندىكىنىڭ ياللۇغلىنىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

## يۇيۇنۇشنىڭ سۈننەتلىرى

1 - ئۇياتسىز يەرلىرىنى ئېچىشتىن ئىلگىرى <بىسمىللا ھىرراھمانىر راھىم> دەيدۇ.

2 - يۇيۇنۇشنىڭ ساۋاب بېرىلىدىغان بىر ئىبادەت شەكلىگە كىرىشى ئۈچۈن يۇيۇنۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىدۇ. نىيەت بولسا، يۇيۇنۇشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ

(1) يەنى مەن بېشىمنى يۇيۇش ئۈچۈن چېچىمنى چۇۋۇپ كەتمەيتتىم. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

بىر شەرتى ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر جۇنۇپ ئادەم (يۇيۇنۇشنى نىيەت قىلماستىن) سۇغا شۇڭگىغان، ئېغىزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم يۇيۇنغان ھېساپلىنىدۇ.

3 ـ ئىككى قولنى قاچىدىكى سۇغا تىقىشتىن ئىلگىرى يۇيۇش.[1]

4 ـ ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىنى تازىلاپ يۇيۇش. تەندىكى (مەنىي يۇقىللىرىغا ئوخشاش) بارلىق پاسكىنا نەرسىلەرنى (يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى) يۇيۇپ چىقىرۋېتىش لازىمدۇر. بۇ ھەقتە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن سۇ تەييارلاپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن (ئوڭ قولى بىلەن) سول قولىغا سۇ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى يۇدى، ئاندىن قولىنى يەرگە سۈرتتى.»[2]

5 ـ نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئېلىش. (يۇيۇنغاندا يەرگە چۈشكەن پاسكىنا سۇنىڭ) پۇتىغا يۇقۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن پۇتىنى قايتا يۇيۇشقا لازىم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن پۇتىنى كىچىك تاھارەت ئالغاندا يۇمايدۇ. بۇ ھەقتە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالدى. لېكىن پۇتىنى يۇمىدى. (يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى) ئالدى تەرەت يولىنى ۋە مەنىي يۇقۇپ قالغان يەرلەرنى يۇدى، ئاندىن سۇنى ئۆزىگە تۆكۈپ (يۇيۇنۇشنى باشلىدى)، كېيىن يۇيۇنغان يەردىن بىر چەتكە چىقىپ ئىككى پۇتىنى يۇدى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇشىدۇر.»[3]

6 ـ بەدىنىگە ئۈچ قېتىمدىن سۇ قۇيۇپ يۇيۇنۇش. سۇنى دەسلەپ بېشىغا قويىدۇ، ئاندىن ئوڭ تەرىپىگە، ئاندىن سول تەرىپىگە قويىدۇ. بۇ ھەقتە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇشى ئۈچۈن سۇ تەييارلاپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن قولىنى قاچىغا

(1) يەنى بۇرۇنقى زاماندا ھازىرقىدەك يۇيۇنۇش ئۈچۈن مۇنچا ياكى سۇنى قاچىغا ئېلىش ئۈچۈن چۆمۈش بولمىغانلىقى ئۈچۈن سۇنى قول بىلەن ئېلىپ يۇيۇنۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاچىدىكى سۇغا قولنى تىقىش ئۈچۈن قولنى يۇيۇش كېرەك ئىدى. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تىقىپ قولىغا ئالغان سۇنى ئالدى تەرەت يولىغا تۆكتى ۋە ئۇ يەرنى سول قولى بىلەن يۇدى، ئاندىن سول قولىنى زېمىنغا قويۇپ ئۇنى زېمىنغا ناھايىتى قاتتىق سۈرتتى، ئاندىن نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالدى، ئاندىن بېشىغا لىق توشقان ئۈچ ئالقان سۇ تۆكتى (يەنى بېشىنى ئۈچ ئالقان سۇ بىلەن يۇدى)، ئاندى بەدىنىنىڭ قالغان يەرلىرىنى يۇدى، ئاندىن يۇيۇنغا يەردىن بىر چەتكە چىقىپ تۇرۇپ ئىككى پۇتىنى يۇدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئۇنىڭ ئۆزىنى سۈرتۈشى ئۈچۈن لۆڭگە ئوخشاش) ئۆزىنى ئېتىدىغان بىر نەرسە بەردىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋەتتى[1]. »[2]

7 ـ يۇيۇنغاندا كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئۆزىنى تۇساپ تۇرىدىغان بىر يەردە يۇيۇنۇش لازىمدۇر. چۈنكى، يۇيۇنۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرى (كىشىلەرگە) كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن الله تەئالا ھايالىق ۋە ئېپپەتلىكتۇر. ھايا ۋە ئېپپەتنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن بىرىڭلار يۇيۇنسا، (ھايالىق ۋە ئېپپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن) ئەتراپى يېپىق يەردە يۇيۇنسۇن. »[3]

قېشىدا باشقا ئەر كىشىلەر بار بىر ئادەمگە يۇيۇنۇش پەرز بولۇپ قالغان ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى دالدا قىلغىدەك ئەتراپى تۇسۇق بىر يەرنى تاپالمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىلەرگە كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇڭلار، دەپ قويۇپ ئۇلار ئەگەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ قېشىدا يۇيۇنىۋېرىدۇ. چۈنكى، بىر جىنسلىك ئادەملەرنىڭ ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنىڭ تەنلىرىگە قارىشى باشقا جىنسلىك كىشىلەرنىڭ تەنلىرىگە قاراشلىرىغا قارىغاندا بەك ئېغىر گۇناھ ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاجسىز بولۇپ قالغاندا بىر ئادەمنىڭ ئۆز جىنسىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا يۇيۇنۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. يۇيۇنۇش پەرز بولۇپ قالغان، ئەمما قېشىدا باشقا ئاياللار بار ئايالنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بولىدۇ.

(1) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەيمەنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنى قوبۇل قىلماي قايتۇرەتكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ بەزى ئالىملار: تاھارەت ئالغان ۋە يۇيۇنغاندىن كېيىن تەننى لۆڭگى بىلەن سۈرتۈش مەكرۇھ، دېگەن كۆزقاراشقا كەلدى. لېكىن كۆپ قىسىم ئالىملار: تاھارەت ئالغان ۋە يۇيۇنغاندىن كېيىن تەننى لۆڭگى بىلەن بەك قاتتىق سۈرتىۋەتمەي سۈرتۈشمۇ توغرىدۇر ۋە تەننى لۆڭگى بىلەن سۈرتمەسلىكمۇ توغرىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەيمەنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنى قوبۇل قىلماي قايتۇرەتكەنلىكى بولسا، تەننى سۈرتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بولغان، دەيدۇ. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

يۇيۇنۇش پەرز بولۇپ قالغان، لېكىن قېشىدا ئاياللار بار ئەركىشى ياكى يۇيۇنۇش پەرز بولۇپ قالغان، لېكىن قېشىدا ئەرلەر بار ئايال كىشى (يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تۇساپ تۇرغۇدەك بىر يەرنى تاپالمىسا تاكى شۇنداق يەرنى تاپقانغا قەدەر) يۇيۇنمايدۇ. يۇيۇنۇشنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىپ (ناماز ئوقۇيدۇ). بۇ تەيۇممۇم بىلەن ئوقۇغان نامازلىرىنى كېيىن قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ ئىشتا ئۆزرى مەخلۇق تەرەپتىن كەلمىگەندۇر. بىر ئىنساننىڭ ئېچىش چەكلەنگەن يەرلەرنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېچىشتىن چەكلىگەن نەرسە شەرئىەتتۇر ۋە ھايادۇر. بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى الله تەئالا تەرىپىدىندۇر.

تاھارەت ئالغاندا قىلىش مۇستەھەپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇنغاندىمۇ مۇستەھەپتۇر. لېكىن يۇيۇنغاندا ئۆياتلىق يەرلىرىنى ئېچىشقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن يۇيۇنغۇچىنىڭ يۇيۇنىۋاتقان چاغدا قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرىشى مەكرۇھتۇر.

تاھارەت ئالغاندا قىلىش مەكرۇھ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇنغاندىمۇ مەكرۇھتۇر.

# هەيز ۋە نىفاس ھۆكۈملىرىنىڭ تەپسىلاتى

هەيز ۋە نىفاس ھۆكۈملىرىنىڭ تەپسىلاتى ناماز، روزا، ھەج، جىنسىي ئالاقە قىلىش، تالاق، ئىددەت، تالاق قىلىنغان ئايال بىلەن يېنىشىش ۋە بالىنىڭ نەسىبىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر.

## هەيز توغرىسىدا

### <ھەيز> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا

<ھەيز> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن بىر نەرسىنىڭ ئاققانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

<ھەيز> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن: يېشى تۇققۇز ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى، تېخى ئەللىك بەش ياشقا كىرمىگەن، بىرەر كېسەل سەۋەبى بىلەن

ئەمەس ۋە قورساق كۆتۈرمىگەن ئايال جىنسىنىڭ بالا ياتقۇسىدىن كەلگەن بىر قاننى بىلدۈرىدۇ.

ھەيز دېگەن سۆزگە ئىستىلاھ جەھەتتىن <ئەل ھۇدىيەتۇل ئەلائىيەتۇ[1]> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى شۇنداق ئۇقۇم بەرگەن.

بىز تۆۋەندە ھەيز دېگەن سۆزگە ئىستىلاھ جەھەتتىن بېرىلگەن ئۇ ئۇقۇمنى بىر - بىرلەپ ئىزاھلاپ ئۆتۈمىز.

1 - ئۇقۇمدا كەلگەن: < بالا ياتقۇسىدىن> دېگەن سۆز بىلەن نورمالسىز ھەيز قېنى ھەيز ھېساپلانمايدۇ. نورمالسىز ھەيز قېنى فىقھشۇناسلارنىڭ كۆزقارىشىچە ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىدىن ئەمەس ئالدى تەرەت يولىدىن كېلىدۇ. ئەمما دۇختۇرلارنىڭ كۆزقارىشىچە نورمالسىز ھەيز قېنىمۇ ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىدىن كېلىدۇ. لېكىن فىقھشۇناسلار ۋە دۇختۇرلار نورمالسىز ھەيز قېنىنىڭ نورمال ھەيز قېنى ھېساپلانمايدىغانلىقىدا ئورتاق پىكىردىدۇر. اللہ تەئالا خالىسا، بىز بۇ ھەقتە نورمالسىز ھەيز بابىدا تەپسىلى توختۇلىمىز.

2 - ئۇقۇمدا كەلگەن: < ئايال جىنسىنىڭ> دېگەن سۆز بىلەن توشقانغا، قومچاققا (پاقىغا) ۋە شپەرەڭگە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ چىشىسىدىن كېلىدىغان قان ھەيز ھېساپلانمايدۇ.[2]

ئىبنى ئابىدىن دېگەن ئالىم <نەھرى> دېگەن كىتابتىن ئايال كىشىدىن باشقا بىر چىشى جىنسىنىڭ ھەيز كۆرمەيدىغانلىقىنى نەقلى قىلغان. لېكىن تەھتاۋي دېگەن ئالىم <مراقي الفلاح> دېگەن كىتابقا يازغان شەرھىسىدە ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن توققۇز دانا ھايۋاننىڭمۇ ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە «ئۇلارنى ھەيز كۆرىدۇ دېگەنلىك بولسا، ئۇلاردىن قان كېلىدۇ دېگەنلىكتۇر» دېدى.

3 - ئۇقۇمدا كەلگەن: <يېشى تۇققۇز ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى> دېگەن سۆز بىلەن تېخى بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن كىچىك قىزلاردىن كەلگەن قان ھەيز ھېساپلانمايدۇ. بىر قىزنىڭ بالاغەت يېشىغا يېتىشى ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم ئۇنىڭ قەمەريي يىل ھېسابى بويىچە توققۇز ياشقا كىرىشى لازىمدۇر. بىر قىزدىن قاننىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئەڭ

(1) الهدية العلائية.

(2) يەنى بۇ ھايۋانلارنىڭ چىشىسىدىن كېلىدىغان قان بىز بايان قىلماقچى بولغان ھەيز قېنى قاتارىغا كىرمەيدۇ. ت.

تۆۋەن مۇددەت بولسا، ئۇ قىزنىڭ توققۇز ياشقا كىرىشىدۇر. <فەتھى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «قىز بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىش مۇددىتى ھەققىدە ئالىملار خىل ـ خىلمۇ كۆز قاراشتىدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: ئالتە ياش، بەزىلىرى: يەتتە ياش، بەزىلىرى: توققۇز ياش، بەزىلىرى: ئون ئىككى ياش دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا قاراش بولسا، توققۇز ياش دېگەن قاراشتۇر» دېدى. تەھتاۋىي دېگەن ئالىم: «پەتىۋا، قىز توققۇز ياشقا كىرگەندە كۆرگەن قان بىلەن بالاغەتكە يېتىدۇ، دېگەن كۆز قاراش بويىچە بېرىلىدۇ» دېدى.[1]

4 ـ ئۇقۇمدا كەلگەن: <بىرەر كېسەل سەۋەبى بىلەن ئەمەس> دېگەن سۆز بىلەن بىرەر كېسەل سەۋەبى بىلەن چىققان قان ھەيز ھېساپلانمايدۇ. يەنى بىرەر كېسەل سەۋەبى بىلەن بىر ئايالدىن قان كەلگەن بولسا، ئۇ قان ھەيز قېنى ھېساپلانمايدۇ.

5 ـ ئۇقۇمدا كەلگەن: <ۋە قورساق كۆتۈرمىگەن> دېگەن سۆز بىلەن قورساق كۆتەرگەن، ئەمما قان كەلگەن بولسا، بۇ قان ھەيز ھېساپلانمايدۇ. يەنى بىر ئايالدىن ئۇ قورساق كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالەتتە كەلگەن قان ھەيز ھېساپلانمايدۇ. <مراقي الفلاح> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «اللہ تائالانىڭ قورساق كۆتەرگەن ئاياللارغا قويغان تۇزۇمى قورساق كۆتۈرۈش بىلەن بالا ياتقۇنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېتىشدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن قورساق كۆتەرگەن ئايالدىن تاكى ئۇ ئايال بالىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۇغۇپ بولغىچە قان كەلمەيدۇ» دېدى. بەزىدە قورساق كۆتەرگەن ئاياللاردىن قان كېلىدۇ. لېكىن بۇ قان ھەيز قېنى ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر كېسەل سەۋەبى بىلەن كەلگەن قاندۇر. بۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا بالا ياتقۇدىكى بالىنى قورشاپ تۇرغان پەردىنىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسىدە كېلىدىغان قاندۇر. پەردىنىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسىدە قان كېلىش دوختۇرلار دېگىنىدەك تۇغۇشقا يېقىن كۈنلىرىدە بولىدىغان ئىشتۇر.

6 ـ ئۇقۇمدا كەلگەن: <تېخى ئەللىك بەش ياشقا كىرمىگەن> دېگەن سۆز بىلەن ئەللىك بەش ياشقا كىرىپ ھەيز قېنى ئۈزۈلگەن ئايالنىڭ ھۆكمى چىقىپ كېتىدۇ. ئەللىك بەش ياشقا كىرىپ قالغان ئايال، ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئاياللار دەپ ئاتىلىدۇ. بىرەر ئايالنىڭ ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى

(1) بۇ سۆزگە ئاساسەن ئەگەر بىر قىزدىن ئۇقىز، توققۇز ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى قان كەلگەن بولسا، ئۇ قىز بالاغەتكە يەتكەن ھېساپلانمايدۇ ۋە ئۇ قىزنىڭ كۆرگەن بۇ قېنى ھەيز ھېساپلانمايدۇ. ت.

**ئۈزۈلگەن ئاياللاردىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنىڭ تېپىلىشى لازىمدۇر:**

**1 ـ ئۇ ئايال ئەللىك بەش ياشقا كىرگەن بولۇشى شەرتتۇر. بەزى ئالىملار: « ئەللىك ياشقا كىرسىمۇ بولىدۇ » دەيدۇ. لېكىن توغرىسى ئەللىك بەش ياشقا كىرىشىدۇر.**

**2 ـ ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈشتىن پۈتۈنلەي توختۇشى شەرتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئايالنىڭ يېشى ئەللىك بەش ياشقا يەتكەن، ئەمما ھەيز كۆرۈشتىن توختىمىغان بولسا، ئۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلانمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: « بىر ئايالنىڭ يېشى شۇ ياشقا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھەيز قېنى پۈتۈنلەي توختاپ قالماي كېلىپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلانمايدۇ.**

**شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايالدىن ھەيز قېنىنىڭ كېلىشى توختىغان، ئەمما ئۇ ئايالنىڭ يېشى ئەللىك بەش ياشقا توشمىغان بولسا، بۇمۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلانمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دېدى: « ئەگەر بىر ئايالنىڭ يېشى تېخى شۇ ياشقا (يەنى ئەللىك بەش ياشقا) يەتمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ھەيز قېنى توختاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ (تالاق قىلىنغاندىن كېيىن تۇتۇدىغان) ئىددىتى ھەيز بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، (ئىككى ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا) پاك ھالەتتە ئۆتكۈزۈش لازىم بولغان ۋاقىتنىڭ يۇقىرىسى ئۈچۈن مەلۇم بىر مۇددەت يوقتۇر.[1]**

**بىر ئايالنى <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلاش بىلەن ئۇنى تېخى < ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلىماسلىقنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق، ئەگەر ئۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> دەپ ھېساپلانسا، ئۇنىڭ تالاقتىن كېيىنكى ئىددىتى**

(1) يەنى بىر ھەيز بىلەن يەنە بىر ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا ئەڭ ئاز 15 كۈن پاك ھالەتتە تۇرۇش لازىمدۇر. بىر ھەيز بىلەن يەنە بىر ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا ھەيز كۆرمەي ئۆتكۈزگەن ۋاقىت 15 كۈندىن ئاز بولۇپ قالسا ئۇ ئىككى قېتىملىق ھەيز ئىككى ھەيز ئەمەس بىر ھەيز ھېساپلىنىدۇ. ئىككى ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا ھەيز كۆرمەي پاك ھالەتتە ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى بولسا 15 كۈندۇر. ئەمما ئۇ ۋاقىتنىڭ يۇقىرىسى ئۈچۈن 20 كۈن ياكى 30 كۈن ياكى 40 كۈن دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم بىر مۇددەت يوقتۇر. ئىككىنچى ھەيز كەلگەنگە قەدەر ساقلىشى لازىمدۇر. مەسىلەن: تالاق قىلىنغان بىر ئايالنىڭ ئىككىنچى بىر ئەرگە تېگىشى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرىشى لازىمدۇر. ئۇ ئايال ئىككى ھەيز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۈچۈنچى ھەيز تاكى بىر يىلغىچە كەلمىگەن بولسىمۇ تاكى ئۇ ئايال ئۈچۈنچى قېتىملىق ھەيزىنى كۆرمىگىچە ئىككىنچى ئەرگە ياتلىق بولالمايدۇ. ت.

ئاي سانى بىلەن چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ < ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> دەپ ھېساپلانمىسا، ئۇنىڭ تالاقتىن كېيىنكى ئىددىتى ھەيز كۆرۈش بىلەن چىقىدۇ.[1]

<ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> دا ھەيز كۆرۈش ئادىتى قايتا كۆرۈلەمدۇ ياكى كۆرۈلمەمدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ھەيز كۆرۈش ئادىتى قايتا كۆرۈلسە، ئۇنىڭ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> قاتارىدىن ھېساپلىنىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلامدۇ؟

<رەددۇل مۇھتار> دېگەن كىتابتا: ئەگەر ئۇ ئايالدىن كەلگەن نەرسە قېزىل ياكى قارا رەڭدە بولسا، ئۇنىڭ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> قاتارىدىن ھېساپلىنىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. بەزى ئالىملار ئۇ ئايالدىن كېلىدىغان قاننىڭ قايسى رەڭدە بولىشىنى ئايرىماستىن پەقەت ئۇنىڭدىن كېلىدىغان قاننىڭ ئەسلىدىكى ئادىتى بويىچە بولىشىنى شەرت قىلدى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆرگەن قېنى سېرىق رەڭدە بولسا، بۇ قېتىم كۆرگەن قېنىمۇ سېرىق رەڭدە بولۇشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆرگەن قېنى قويۇق قان بولسا، بۇ قېتىم كۆرگەن قېنىمۇ قويۇق بولۇشى لازىمدۇر. بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئىچىدە توغرا دەپ قارالغىنى ئىككىنچى كۆز قاراشتۇر. <رەددۇل مۇھتار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: « (يۇقىرىدىكى ئىككى خىل قاراشنى بايان قىلىپ بولۇپ ئاخىرىدا بۇ يەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان) كۈچلۈك قاراش ئىككىنچى قاراشتۇر » دېدى.

<ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلىنىپ ئۈچ ئاي ساقلاش بىلەن ئىددەت تۈتقان بىر ئايال ياتلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يەنە قايتا ھەيز قېنى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ نىكاھىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئالىملارنىڭ ئالتە خىل كۆز قارىشى باردۇر:

<رەددۇل مۇھتار> دېگەن كىتابتا قىلىنغان بايانغا قارىغاندا، بۇ ئالتە

(1) بىز يۇقىرىدىكى ئىزاھاتتا بايان قىلغاندەك تالاق قىلىنغان بىر ئايالنىڭ باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلانمىسا، ئۇنىڭ ئىددىتى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈش بىلەن چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلانسا، ئۇنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئاي ساقلاپ ئولتۇرۇش بىلەن چىقىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ چىقىدۇكى، الله تائالا ساقلىسۇن، بىر ئايال 50 ياشقا كىرگەندىن كېيىن تالاق قىلىنىپ كەتكەن، ھەمدە ئۇنىڭ ھەيز قېنىنىڭ كېلىشىمۇ توختاپ قالغان بولسا، ئۇ ئايالدىن ئەگەر ئۇ 55 ياشقا كىرگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا ھەيز قېنى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى ئۈچ قېتىملىق قان بىلەن چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن تاكى ئۇ 55 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ھەيز قېنى كەلمىگەن بولسا، ئۇ ئايال تاكى 55 ياشقا كىرگىچە ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. 55 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلىنىدۇ، ئۇ <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىددىتىنى ئۈچ ئاي ساقلاپ ئولتۇرۇش بىلەن چىقىرىدۇ. ت.

خىل كۆز قاراشنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا دەپ قارالغان قاراش بولسا، ئۇ ئايالنىڭ نىكاھى شەرىئەتكە ئۇيغۇندۇر ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە (ئەگەر ئۇ ئىددەت تۇتۇشقا توغرا كېلىپ قالسا) ئىددىتىنى ھەيز بىلەن تۇتىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. ئەگەر ئاي بىلەن ئىددەت تۇتىدىغان بىر ئايالدىن تۇتىدىغان ئىددىتى تۈگەشتىن ئىلگىرى ھەيز قېنى كەلگەن بولسا، ئۇ ئىددەت تۇتۇشنى ھەيز كۆرۈش بىلەن يېڭىدىن قايتا باشلايدۇ.[1]

يۇقىرىدىكى ھەيزگە بېرىلگەن ئۇقۇم بولسا، ھەيزنى پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن، دەپ قاراپ بېرىلگەن ئۇقۇمدۇر.

ئەمما ھەيزنى تاھارەتسىزلىك بىر ھالەت، دەپ ئېتىبارغا ئالساق، ئۇنىڭغا ئالىملار خۇددى <دۇررۇل مۇختار> دېگەن كىتابتا كەلگىنىدەك تۆۋەندىكى ئۇقۇمنى بەرگەن:

ھەيز بولسا، ھەيز ۋاقتىدا كۆرىلىدىغان قاننىڭ سەۋەبى بىلەن شەرىئەت تەرەپتىن بېكىتىلگەن بىر چەكلىمىدۇر.

بۇ ئۇقۇمقا ئىبنى ئابىدىن مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: ھەيز بولسا، ھەيز كۆرىۋاتقان ۋاقىتتا كېلىدىغان قاننىڭ سەۋەبى بىلەن ناماز ئوقۇش، قۇرئاننى تۇتۇش، روزا تۇتۇش، مەسچىتكە كىرىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش، قىلىش ئۈچۈن تاھارەت شەرت قىلىنىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەيدىغان شەرىئەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىر ھالەتتۇر.

## ھەيزنىڭ شەرتلىرى

بىر ئايالدىن كەلگەن قاننىڭ ھەيز ھېسابلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىمدۇر.

1 ـ قاننىڭ بالا ياتقۇدىن چىقىشى لازىمدۇر.

2 ـ قاننىڭ بالا تۇغقانلىق سەۋەبى بىلەن كەلگەن قان بولماسلىقى لازىمدۇر.

(1) مەسىلەن: ئاي بىلەن ئىددەت تۇتىدىغان <ھەيز قېنى كېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال> ھېساپلىنىدىغان بىر ئايال ئىككى ئاي ئىددەت تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھەيز قېنى كەلگەن بولسا، ئۇ ئىددەت تۇتۇشنى ھەيز كۆرۈش بىلەن قايتا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىددىتى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگەندىن كېيىن چىقىدۇ. ت.

3 ـ ئايالنىڭ قان كېلىشتىن ئىلگىرى ھۆكمەن بولسىمۇ بىر پاكلىق مۇددىتىنىڭ ئىچىدە ياشىشى لازىمدۇر. يەنى ئايال كىشى ئۇ قان كېلىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن پاك ھالەتتە يۈرۈشى لازىمدۇر. چۈنكى، بىر ئايالنىڭ ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا پاك يۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئاز مۇددەت، ئون بەش كۈندۇر. بۇ مۇددەتنى فىقھشۇناسلار: <پاكلىق مۇددىتى> دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ پاكلىق بەزىدە ئەمەلىيەتتە بولماي ھۆكمەن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالدىن ئىككى ھەيز ئارىلىقىدىكى پاكلىق مۇددىتىدە نورمالسىز ھەيز كەلگەن بولسا، ئۇ ئايال ھۆكمەن پاك ھېساپلىنىدۇ.[1] بۇ مەسىلىنى تەھتاۋىي <رەددۇل مۇھتار> دېگەن كىتابتا شۇنداق بايان قىلغان.

4 ـ قاننىڭ كېلىشى ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئاز بولماسلىقى لازىمدۇر.

5 ـ قاننىڭ كېلىشى ئايال جىنسىنىڭ توققۇز ياشقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن بولۇشى لازىمدۇر.

## ھەيزنىڭ كېلىشىنىڭ سەۋەبى

ھەيز بولسا، الله تائالا ئاياللارغا بەرگەن بىر ئىشتۇر. ئالىملارنىڭ <رەددۇل مۇھتار> دېگەن كىتابتا بايان قىلىشىچە، بۇنىڭ باشلىنىشىنىڭ سەۋەبى ھەۋۋا ئانىمىزدۇر. ھەۋۋا ئانىمىز (يېيىش چەكلەنگەن) دەرەخنى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى بەرگەن ۋە بۇ ئىش ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قىز ئەۋلادلىرى ئىچىدە تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر مىراس بولۇپ قالغان.

ئىمام قۇرتۇبىي تەپسىرىدە: «ھەۋۋاغا سىزنىڭ دەرەخنى (ئادەمگە ئۇنىڭ يېيىشى ئۈچۈن) چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ھەر ئايدا سىزدىن قان كېلىدۇ. سىز ئۇ قان كېلىدىغان ۋاقىتنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزىسىز ۋە ئۇ قاننىڭ سەۋەبى بىلەن ھەتتا نەچچە قېتىم ئۆلگىلى تاس قالىسىز دېيىلگەن، دەپ» بايان قىلدى.

ئىبنى ئابىدىن <رەددۇل مۇھتار ئەلا دۇررۇل مۇختار> دېگەن كىتابدا

---

(1) بىز يۇقىرىدا نەچچە يەردە نورمالسىز ھەيزنىڭ ئادەتتىكى نورمال ھەيزگە ھەممە تەرەپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ت.

**مۇنداق دەيدۇ: «ھەيز، ئەڭ دەسلاپتە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاياللىرىغا بېرىلگەن بىر ئىشتۇر، دېگەن قاراشقا[1] ئىمام بۇخارى رەددىيە بېرىدۇ. ھەمدە بۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىمۇ رەت قىلىدۇ.»**

**ئۇ قاراشنى رەت قىلىدىغان ھەدىس بولسا، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:**

**ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز ھەج قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە (يولغا) چىقتۇق. بىز مەككىگە يېقىن بولغان سەرىف دېگەن يەرگە كەلگەندە، مەن ھەيز كۆرۈپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يىغلاپ ئولتۇرسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمغا كىرىپ: «ھەيز كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ» دېدى. مەن ھەئە شۇنداق، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەيز بولسا، اللّٰه تائالا ئادەمنىڭ قىز ئەۋلادلىرىغا پۈتۈۋەتكەن بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ھاجىلار قىلغان بارلىق ئىشلارنى قىلىڭ، لېكىن سىز تاكى (ھەيزىڭىز توختاپ) يۇيۇنۇپ پاك بولغانغا قەدەر كەبىنى تاۋاپ قىلماڭ» دېدى.**

**ئىمام نەۋەۋي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ھەدىسنى شەرھىلىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەيز بولسا، اللّٰه تائالا ئادەمنىڭ قىز ئەۋلادلىرىغا پۈتۈۋەتكەن بىر ئىشتۇر» دېگەن سۆزى بولسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تەسەللى بېرىش ۋە ئۇنىڭ غەمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن دېگەن سۆزدۇر» دېدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: ھەيز كۆرۈش ئىشى پەقەت سىزگىلا خاس ئەمەس. ھەيز خۇددى ئادەمنىڭ ئۇغۇل ۋە قىز ئەۋلادلىرىدىن كىچىك ـ چوڭ تەرەت كەلگىنىدەك ئادەمنىڭ بارلىق قىز ئەۋلادلىرىدىن كېلىدىغان بىر نەرسىدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ھەيزنىڭ ئادەمنىڭ بارلىق قىز ئەۋلادلىرىدا كۆرۈلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئۇ ھەدىس بىلەن ھەيز ئەڭ دەسلەپتە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاياللىرىغا بېرىلگەن بىر ئىشتۇر، دېگەن كىشىلەرگە رەددىيە بەردى.**

**شەك قىلىشقا بولمايدىغان بىر ئىش شۇكى، ھەيزنىڭ ئايال كىشىنىڭ تېنىدىكى، ئۇ قورساق كۆتۈرگەندە ئىشلەيدىغان ئەزالارغا قاتتىق بىر**

(1) يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاياللىرىدىن ئىلگىرىدە ياشىغان ئاياللاردا ھەيز كۆرۈش ئىشى يوق ئىدى، ھەيزنىڭ باشلىنىشى بۇلاردىن ئىتىبارەن بولغان دېمەكچىدۇر. ت.

باغلىنىشىنىڭ بولىشىدۇر. كاتتا قۇدرەت ۋە ھېكمەت ئىگىسى الله تەئالا ھەيز قېنىنى قورساق كۆتۈرۈشىنىڭ ۋە قورساقتىكى بالىغا (تاكى ئۇ تۇغۇلغانغا قەدەر) قۇۋۋەت يېتىشىنىڭ سەۋەبى قىلدى. چۈنكى، بالا ياتقۇ ھەيز قېنى بىلەن قورساق كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھازىرلىنىدۇ. ئەگەر قورساق كۆتۈرۈش ئىشى بولمىغاندا بۇ قان ئايالنىڭ ئالدى تەرەت يولى ئارقىلىق بالا ياتقۇدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما قورساق كۆتۈرۈش باشلانغاندا، بالا ياتقۇنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردە توپلانغان قان بالىغا ئېھتىياجلىق قۇۋۋەتنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## ھەيزنىڭ مۇددىتى

ئالىملار ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا ۋە ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتىنىڭ قانچە كۈن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: ‹‹ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى بولسا، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى بولسا، ئون كۈندۇر، ئەڭ قىسقا مۇددىتى بولغان ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئاز ياكى ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى بولغان ئون كۈندىن ئارتۇق كەلگەن قان ھەيز قېنى ھېساپلانمايدۇ، ئۇ نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىدۇ›› دېدى.

شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر: ‹‹ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى بولسا، بىر كېچە ـ كۈندۈز ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى بولسا، ئون بەش كۈندۇر›› دېدى.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىغا بىر نەچچە ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئەمما ئالىملار بۇ ھەدىسلەرگە <ئاجىز ھەدىس> دەپ باھا بېرىشتى. لېكىن كامال ئىبنى ھۇمام دېگەن ئالىم ئۆزىنىڭ <پەتھۇل قەدىر> دېگەن كىتابىدا، بۇ ھەدىسلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئاجىز ھەدىس ئىكەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ بولۇپ: ‹‹مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەچچە خىل يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردۇر. بىر ھەدىسنىڭ بىر نەچچە خىل يول بىلەن رىۋايەت قىلىنىشى ئۇ ھەدىسنى ئاجىزلىق دەرىجىسىدىن ياخشى ھەدىس دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ››

دېدى.[1]

ئەگەر بىر ھەدىس توغرۇلۇق ياكى ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسا، ئۇ ھەدىستىن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئېلىنمايدىغانلىقى ئالىملار ئارىسىدا تونۇلۇپ كەلگەن بىر ئىشتۇر. شەرىئەت ھۆكۈملىرى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە ياكى بىر نەچچە خىل يول بىلەن رىۋايەت قىلىنىش سەۋەبى بىلەن بولسىمۇ ئاجىزلىق دەرىجىسىدىن ياخشىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل بولغىدەك ياخشىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھەدىسلەردىن ئېلىنىدۇ.

بىز تۆۋەندە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ھەيزنىڭ مۇددىتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرگەن ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ كەلتۈرۈمىز:

٧ـ دارى قۇتنىي ئەبۇئۇمامەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەيلى دېدەك مەيلى قىز مەيلى سىكىلەك (چوكان) بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەيز مۇددىتىنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى ئۈچ كۈندۇر ۋە ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى ئون كۈندۇر. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكىنى نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىدۇ.»

٧ ـ ئىبنى ئەدىيە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەيز ئۈچ كۈنمۇ، تۆت كۈنمۇ، بەش كۈنمۇ، ئالتە كۈنمۇ، يەتتە كۈنمۇ، سەككىز كۈنمۇ، توققۇز كۈنمۇ ۋە ئون كۈنمۇ بولىدۇ. ئەمما ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكىنى نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىدۇ.»

٧ ـ دارى قۇتنىي ۋاسىل ئىبنى ئەسقەئىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەيز مۇددىتىنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى ئۈچ كۈندۇر ۋە ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى ئون كۈندۇر.»

مانا بۇ ھەدىسلەر، ساھابىلار ۋە تابىئىنلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەر كامال ئىبنى ھۇمام دېگەندەك ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا ۋە ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتىگە

(1) يەنى ئەگەر بىر مەزمۇندا باشقا ـ باشقا يول بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەچچە ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولسا، بۇ ھەدىسلەرگە بىر ـ بىرلەپ باھا بەرگەندە ئاجىز ھەدىسلەر قاتارىدىن ھېساپلانسىمۇ، لېكىن بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن بىر مەزمۇندا كېلىشى بۇ ھەدىسلەرنى ئاجىز دەرىجىدىن ياخشىلىق دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. ت.

بېرىلگەن بۇ ئۆلچەمنىڭ شەرىئەتتە بىر ئاساسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەمما شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايال ھەققىدە: «ئۇلار ئۆمرىنىڭ يېرىمىدە ناماز ئوقۇيالمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.[1]

كامال بۇ ھەدىسنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بەيھەقىي: <ئۆزىنىڭ بۇ ھەدىسنى تاپالمىغانلىقىنى> دېگەن. ئىبنى جەۋزىي: <بۇ (ئالىملار ئارىسىدا) تونۇلمىغان بىر ھەدىستۇر> دېگەن ۋە ئۇنىڭ شۇنداق ھەدىس ئىكەنلىكىنى <تەنقىھ> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى ئىقرار قىلغان». ئەگەر بىز (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر) بۇ ھەدىسنى توغرا، دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ بۇ ھەدىس شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا دەلىل ـ پاكىت بولالمايدۇ. <ئىنايە> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى: <بۇ ھەدىستىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى، ئايال كىشى كىچىك چېغىدا، قورساق كۆتۈرگەن ۋە ھەيزدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋاقىتلىرىدا ھەيز كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئايال كىشىنىڭ ھەيز سەۋەبى بىلەن (ناماز ئوقۇيالمايدىغان ۋاقتى) بولسا، ئۇنىڭ يېرىم ئۆمرىگە يېقىن بىر مۇددەتدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.[2] ئەگەر بىز ئايالنىڭ ھەيز سەۋەبى بىلەن ناماز ئوقۇيالمايدىغان ۋاقتىنى ئون كۈن دەپ بېكىتسەك، بىر ئايالنىڭ ھەيز سەۋەبى بىلەن ناماز ئوقويالمايدىغان ۋاقتى ئۇنىڭ يېرىم ئۆمرىگە يېقىن بىر مۇددەت بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر مەنا جەھەتتىن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ> دېدى.»

بىزنىڭ: <ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدۇر> دېگەن سۆزىمىزنىڭ ئىچىگە ئۇ ئۈچ كۈننىڭ كېچىللىرىمۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ھەيز كۆرۈشنى ئەتىگەندە باشلىغان بولسا، (ئۇنى بىر كۈن ھەيز كۆردى دەپ ئاتاش ئۈچۈن) ئۇنىڭ شۇ كۈننىڭ كېچىسىمۇ ھەيز كۆرۈشى لازىمدۇر. يەنى

(1) يەنى شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر: بىر ئايال ھەيز سەۋەبى بىلەن ئۆمرىنىڭ يېرىمىدە ناماز ئوقۇيالمىغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەر ئايدا ئەڭ ئۇزۇن ھەيز كۆرسە، ئون بەش كۈن ھەيز كۆرىدىغانلىقى چىقىدۇ، دەيدۇ. ت.

(2) ـ يەنى ئايال كىچىك، قورساق كۆتۈرگەن ۋە ھەيزدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن چاغلىرىدا نامازلىرىنى ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتى ھەيز سەۋەبى بىلەن ناماز ئوقۇيالمايدىغان ۋاقتىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن ھەدىسنىڭ مەنىسى: بىر ئايالنىڭ ھەيز سەۋەبى بىلەن يېرىم ئۆمرىگە يېقىن بىر مۇددەت ناماز ئوقۇيالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

بىر ئايالنى ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى بولغان ئۈچ كېچە - كۈندۈز ھەيز كۆردى، دەپ قارىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ 72 سائەت ھەيز كۆرۈشى لازىمدۇر.

## ھەيز قېنىنىڭ رەڭلىرى

ھەيز قېنىنىڭ رەڭلىرى: قارا، قىزىل، سېرىق، يېشىل، قارىغا مايىل ۋە تۇپا رەڭلەردىن ئىبارەت ئالتە خىل بولىدۇ.

بۇ رەڭگە ئوخشاش رەڭدە كەلگەن قاننىڭ ھەيز قېنى ھېساپلىنىشى ئۈچۈن كەلگەن ئۇ قان نورمالدا ھەيز كۆرىدىغان كۈنلەردە كېلىشى لازىمدۇر.[1] ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، كەلگەن قاننىڭ ھەممىسى ھەيز قېنى ھىساپلانمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رەڭلەردىكى قاننى ھەيز قېنى، دەپ ئېتىبارغا ئېلىشىمىزنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ <مۇۋەتتا> دېگەن كىتابىدا بايان قىلغان تۆۋەندىكى قىسسىدۇر:

ئايالالار، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆرۈپ (ھەيزنىڭ توختىغان ياكى توختىمىغانلىقىغا) بىر نەرسە دېيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ھەيز لاتىلىرىنى، ئۇنىڭغا تامغان سېرىق قان بىلەن ئەۋەتىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇلارغا: «سىلەر ئۇ يەرگە قويغان لاتا ئۇنىڭغا ھېچنەرسە تامماي تاكى ئاپئاق ھالەتتە چىققانغا قەدەر (ھەيزلىك ھالەتتىن چىقىپ كېتىشكە) ئالدىراپ كەتمەڭلەر» دەيدۇ.[2] ئۇ يەرگە ئىشلەتكەن لاتىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچنەرسە تاقماي پاكىز ھالەتتە چىققانلىقى ھەيز قېنىنىڭ پەقەت ئۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## ھەيزنىڭ ئاساسلىرى

(1) يەنى مەسىلەن: ھەيز كۆرىدىغان كۈنلەردە قىزىل قان كەلمەي تۇپا رەڭ ياكى قارا رەڭ بىر نەرسە كەلگەن بولسا، ئۇ قان ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ. ت.

(2) يەنى ئايالالار ھەيز باشلانغاندا قىزىل قان كېلىش بىلەن باشلىنىپ ئاخىرقى كۈنلىرىدە سېرىقلىشىپ قالغان ياكى باشقا بىر رەڭگە كىرىپ قالغان قاننىڭ، ھەيز قېنى ياكى ھەيز قېنى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەي ئۆزلىرىنىڭ ھەيزلىرىدا ئىشلەتكەن لاتىلىرىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇ، يۇقىرىدىكى جاۋابنى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ھەيز كۈنلىرىدە كەلگەن قىزىل رەڭدىن باشقا رەڭدە كەلگەن نەرسىنىڭمۇ ھەيز قېنى ھېساپلىنىدىغانلىقى چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇلارنى تاكى ئۇلار ئۇ يەرگە قويغان لاتىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچنەرسە تاقماي ئاق ھالەتتە چىققانغا قەدەر ساقلاشقا بۇيرىمايتتى. ت.

بەركەۋىي دېگەن ئالىم ھەيزنىڭ ئاساسلىرىنىڭ ئۇقۇمىنى ئۆزىنىڭ ھەيز ھەققىدە يازغان كىتابىدا مۇنداق بايان قىلدى: «ھەيزنىڭ ئاساسلىرى قاننىڭ (ئايالنىڭ) ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىدىن چىقىشىدۇر». بۇ كىتابقا شەرھى يازغان ئىبنى ئابىدىن بەركەۋىينىڭ بۇ سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ: «ئۇنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىدىن تاشقىرى جىنسىي ئەزاسىغا چىقىشىدۇ» دېدى. ئەگەر قان چىقىپ ئايالنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىنىڭ گىرۋېكىگە كېلىپ تۇرۇپ قېلىپ ئۇ يەردىن سىرتىغا چىقمىغان بولسا، بۇ قان بىلەن ئىلگىرىدە بايان قىلىنغان شەرتلەر تېپىلغان شەرت ئاستىدا ئۇ ئايال ھەيزدار ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (ئەگەر ئۇ قان كەلگەن قىز تۇنجى قېتىم قان كەلگەن قىز بولسا)، ئۇ قىز ئۇ قاننىڭ سەۋەبى بىلەن بالاغەتكە يەتكەن ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىغا قاننىڭ كەلگەنلىكىنى سەزگەن، لېكىن ئۇ قان ئۇنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىدىن ئۇنىڭ تاشقىرى جىنسىي ئەزاسىغا چىقمىغان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ قان ھەيز قېنى ھېساپلانمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇشۇ سۆز بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئايالنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىغا قويغان لاتىدا قاننىڭ ئەسىرى كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ.

كۆپ ئۇچرايدىغان بىر مەسىلە شۇكى: بىر ئايال ئۇخلىغاندا پاك ھالەتتە ئۇخلىغان، ئويغانغاندا ئۆزىدىن قان كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئويغانغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھەيز كۆرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، بىر ئايال پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا نامازنى ئوقۇشتىن بۇرۇن پاك ھالەتتە ئۇخلىغان، ئاندىن ئۇ ئايال ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەنگەندىن كېيىن ئويغانغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا پېشىن نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر. ئۇ پېشىن نامىزىنىڭ قازاسىنى ھەيزدىن پاك بولۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئايال ئۇخلىغاندا ھەيزدار ھالەتتە ئۇخلىغان، ئويغانغاندا پاك ھالەتتە قوپقان بولسا، ئۇنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىغا ئۇخلاشنى باشلىغان ۋاقتتىن تارتىپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئوقۇماي ۋاقتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەممە نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر.[1]

(1) مەسىلەن: بىر ئايال پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ھەيزدار ھالەتتە ئۇخلىغان، ئاندىن ئۇ شام نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەنگەندىن كېيىن ئويغانغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا پېشىن، ئەسىر نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋە شام نامىزىنى ئوقۇش لازىمدۇر. ت.

بىز بۇنىڭدىن خۇددى <رەددۇل مۇھتار> دېگەن كىتابتا كەلگىنىگە ئوخشاش، داۋاملىق بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ئېھتىيات تەرىپىنى تۇتۇشىمىزنىڭ لازىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## پاكلىق ھالىتى

پاكلىق ھالىتى بولسا، قاننىڭ كەلمەي ئۈزۈلۈپ قالغان مۇددىتىنى كۆرسىتىدۇ. پاكلىق ھالىتى ياكى ھەقىقەتەن بولىدۇ ياكى ھۆكمەن بولىدۇ. پاكلىقنىڭ ھەقىقەتەن بولۇشى قاننىڭ پەقەت ئۈزۈلۈپ قېلىشىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ ھۆكمەن بولۇشى ھەيز مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى بولغان ئون كۈن توشقاندىن كېيىن قاننىڭ كەلگەن مەزگىلىدۇر. مەسىلەن: بىر ئايالدىن ئون كۈن توشقاندىن كېيىن قان كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قان كېلىپ تۇرسىمۇ ئۇ پاك، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

پاكلىقنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ھەيز مۇددىتى ئىچىدە ھەيز قېنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىق كېلىشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزنى توغرا تاپتۇق. چۈنكى، ھەيز قېنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىق كېلىشى ناھايىتى ئاز ھالەتتە تېپىلىدۇ. قان ھەيز مۇددىتى ئىچىدە بىر ياكى ئىككى سائەت ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى چىق بىر ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالسىمۇ ئۇ مۇددەت يەنە ھەيزنىڭ ئىچىدىن ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ھەيزدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە قاننىڭ قايسى ۋاقىتتا باشلىنىپ ۋە قايسى ۋاقىتتا توختىغانلىقىدۇر.

پاكلىقنىڭ تۈرلىرىگە كەلسەك، پاكلىق ئىككى قېتىملىق ھەيز ئارىلىقىدا بولىدۇ ياكى ئۇنداق بولمايدۇ. ئەگەر پاكلىق ئىككى قېتىملىق ھەيز ئارىلىقىدا بولسا، <توغرا پاكلىق> ياكى <تولۇق پاكلىق> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پاكلىقنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى ئون بەش كېچە - كۈندۈزدۇر.[1] ئۇنىڭ يۇقىرىسىنىڭ مەلۇم بىر مۇددىتى يوقتۇر. چۈنكى، بەزى ئاياللاردا ئۆمۈر بويى قان كەلمەيدىغان ئىشمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى قېتىملىق ھەيز ئارىلىقىدا پاك ئۆتكەن ۋاقىت ئون بەش

(1) يەنى بىر ھەيز بىلەن يەنە بىر ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا پاك يۈرۈشنىڭ ۋاقتىنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى ئون بەش كۈندۇر. ت.

كۈندىن ئاز بولسا، ئۇ پاكلىق <بۇزۇق پاكلىق> ياكى <يېتەرسىز پاكلىق> دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىككى قېتىملىق ھەيز ئارىلىقىدا بولغان پاكلىق مۇددىتى ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن بولسا، ئۇ پاكلىق ئىككى ھەيزنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىغۇچى ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىدا بارلىق ئالىملار بىر پىكىرگە كەلگەندۇر. (ئەڭ قىسقا مۇددىتى بولغان ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگە) يەتكەن ھەر بىر قېتىملىق قان بىر قېتىملىق ھەيز ھېساپلىنىدۇ. ئىبنى ئابىدىننىڭ كۆز قارىشىچە، ئەگەر ئىككى قان ئارىسىدا كەلگەن بىر پاكلىق ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئاز بولسا، ئۇ پاكلىق كۈن چەھەتتە ئىككى قېتىملىق قاننىڭ كۈنلىرىدىن چىق بولسىمۇ ئۇ پاكلىق ئىككى قاننىڭ ئارىلىقىنى ئايرىغۇچى ھېساپلانمايدۇ[1]. بۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىدا بارلىق ئالىملار بىر پىكىرگە كەلگەندۇر.

ئالىملار بۇ ئىككى خىل مەسىلىدىن باشقا بىر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر (ئىككى ھەيزنىڭ ئارىلىقىدىكى) ئۈچ كۈندىن ئون تۆت كۈنگىچە بولغان پاكلىق ھەققىدە ئالتە خىل كۆز قاراشقا كەلدى. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئىمام ئەبۇھەنىفەدىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن ئۇ ئالتە خىل كۆز قاراشنىڭ ئۈچى ئەڭ مەشھۇردۇر. بۇ ئالتە خىل كۆز قاراشنىڭ ئىچىدىن ئىمام ئەبۇ يۈسۈفنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىش <ھىدايە> دېگەن كىتابتا دېيىلگەندىكىدەك پەتىۋا بەرگۈچىلەرگىمۇ ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارغىمۇ ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ ئىچىدە كېيىنكى دەۋرىدە ياشىغان ئالىملار ئىمام ئەبۇيۈسۈفنىڭ كۆز قارىشى پەتىۋا بەرگۈچىلەرگىمۇ ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارغىمۇ ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆز قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرەتتى. <پەتھى> دېگەن كىتابتا ئىمام ئەبۇيۈسۈفنىڭ كۆز قارىشى قوبۇل قىلىشقا ئەڭ ياخشىدۇر، دەپ كەلدى. <نىھايە> دېگەن كىتابتا ئىمام ئەبۇيۈسۈفنىڭ كۆز قارىشى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ئىدى، دەپ بايان قىلىندى.

ئىمام ئەبۇيۈسۈفنىڭ ئۇ كۆز قارىشى بولسا تۆۋەندىكىلەردۇر: ئىككى قان

(1) يەنى مەسىلەن: بىر ئايال بىر كۈن قان كۆرگەندىن كېيىن ئىككى يېرىم كۈن پاك تۇرغان، ئاندىن يەنە بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، ئۇ پاكلىق كۈن چەھەتتە ئىككى قاننىڭ كۈنىدىن چىق بولسىمۇ، لېكىن ئىككى قان ئارىسىنى ئايرىغۇچى ھېساپلانمايدۇ. يەنى ئۇ ئايال ئۇ ئىككى يېرىم كۈن ئىچىدىمۇ خۇددى قان كۆرگەن ھېساپلىنىدۇ. ئۈچ كۈندىن ئاز بولغان پاكلىقنىڭ ئىككى قان ئارىسىنى ئايرىغۇچى ھېساپلانماسلىقى ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ ئورتاق پىكرىدۇر. ت.

**ئارىسىدا كەلگەن پاكلىق ئەگەر ئون بەش كۈندىن ئاز بولسا، ئۇ پاكلىق ئىككى قان ئارىسىنى ئايرىغۇچى ھېساپلانماستىن ئەكسىچە قاننىڭ ئۇ پاكلىقنىڭ ئىككى تەرىپىنى قورشىغان شەرتى بىلەن پاك ئۆتكەتكەن ئۇ كۈنلەر خۇددى ھەيز كۆرگەن كۈنلەردەك ھېساپلىنىدۇ.[1] شۇنىڭدەك يەنە ھەيزنى پاكلىق ھالەت بىلەن باشلاپ پاكلىق ھالەت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشمۇ توغرا بولىدۇ.[2]**

**ئەگەر بىر ئايال تۆت كۈن ھەيز كۆرگەن، ئاندىن ئۇنىڭ قېنى ئون بەش كۈن ئۈزۈلۈپ قالغان، ئاندىن يەنە تۆت كۈن ھەيز كۆرگەن بولسا، بېشىدا كۆرگەن تۆت كۈن قان بىر ھەيز، ئاخىرىدا كۆرگەن تۆت كۈن قان يەنە بىر ھەيز ۋە ئارىلىقتىكى پاك ئۆتكەن ئون بەش كۈن ئىككى ھەيز ئارىسىنى ئايرىغۇچى تولۇق پاكلىق ھېساپلىنىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئايال بىر كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئىككى كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، ئەگەر بۇ قېتىمقى قان كېلىشتىن (يەنى بىر كۈن قاننى كۆرۈشنى باشلاشتىن) ئىلگىرى ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن پاك ھالەتتە ئۆتكەن بولسا، قان كۆرگەن ئىككى كۈن ۋە پاك ئۆتكەن ئىككى كۈن بولۇپ جەمى تۆت كۈننىڭ ھەممىسى ئۇ ئايالنىڭ بىر قېتىملىق ھەيزى ھېساپلىنىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئايال ئىككى كۈن قان كۆرۈپ بەش كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، بۇ سەككىز كۈننىڭ ھەممىسى ئۇ ئايالنىڭ بىر قېتىملىق ھەيز كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ.**

## ھەيزگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر

(1) مەسىلەن: ھەيز كۆرۈشنى دەسلەپ باشلىغان بىر قىز بىر كۈن ھەيز كۆرگەن، ئاندىن ئون تۆت كۈن پاك تۇرغان، ئاندىن يەنە بىر كۈن ھەيز كۆرگەن بولسا، دەسلەپكى ئون كۈن بۇ قىزنىڭ ھەيز كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قىزدىن بۇ ئون كۈننىڭ ئىچىدە پەقەت بىر كۈنلا قان كەلگەن ۋە توققۇز كۈندە پاك ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ پاك ھالەت ئىككى قان ئارىسىدا بولۇپ ئون بەش كۈنگە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قان كەلمەي پاك ئۆتكەن كۈنلىرىمۇ خۇددى ھەيز كۆرگەن كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىنغا قارالسۇن. ت.

(2) يەنى مەلۇم كەنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان بىر ئايال ھەيز كۆرىدىغان كۈنى كېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى قان كۆرگەن، ئاندىن ئون كۈن پاك تۇرۇپ ئاندىن يەنە بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، بۇ ئايالنىڭ ئارىلىقتا قان كۆرمىگەن ئون كۈنى ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ھەر ئاينىڭ ئونىنچى كۈندىن باشلاپ يىگىرمىسىگىچە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بولسا، بۇ قېتىمدا قان ئاينىڭ توققۇزىنچىسىلا بىر كۈن كەلگەن، ئاندىن ئونىنچى كۈندىن باشلاپ يىگىرمىسىگىچە پاك ھالەتتە تۇرغان، ئاندىن يىگىرمە بىرىنچىسىلا بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، ئونىنچى كۈندىن باشلاپ يىگىرمىسىگىچە پاك ھالەتتە ئۆتكەن ئون كۈن ئۇ ئايالنىڭ ھەيز كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قان كۆرگەن بېشىدىكى بىر كۈن ۋە ئاخىرىدىكى بىر كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال ئۇ كۈنلەردە ئوقۇمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر. ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىنغا قارالسۇن. ت.

ئايال كىشىدىن كېلىدىغان قان ھەيز قېنى، نىفاس ۋە نورمالسىز ھەيز قېنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم بولىدۇ.

ھەيز بىلەن نىفاسنىڭ ھۆكۈملىرى ئوخشاشتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

## 1 ـ ناماز ئوقۇشنىڭ ھاراملىقى

ئايال كىشى ھەيز كۆرىۋاتقان ياكى نىفاسلىق ئىچىدە تۇرىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭغا مەيلى پەرز ناماز بولسۇن مەيلى ۋاجىپ ناماز بولسۇن مەيلى سۈننەت ناماز بولسۇن مەيلى نەپلە ناماز بولسۇن ھەر قانداق بىر نامازنى ئوقۇش ھارامدۇر. يەنە ئۇنىڭغا مەيلى تىلاۋەت سەجدىسىگە ئوخشاش ۋاجىپ سەجدە بولسۇن ياكى (اللہ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان شۈكۈر سەجدىسىگە ئوخشاش ۋاجىپ بولمىغان سەجدە بولسۇن ھەر قانداق بىرەر سەجدىنى قىلىش ھارامدۇر. ئۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، ھەيز كۆرىۋاتقان ۋە نىفاسلىق ھالىتىدە تۇرىۋاتقان ئايال كىشىنىڭ ناماز ئوقۇشى پەرز ئەمەستۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

ئىمام مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال كىشى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئايال ھەيز كۆرگەن كۈنلىرىدە ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟ دەپ سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: «سەن ھەرۋرىيەلىكمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ھەيز كۆرۈپ قالغان ئاياللار نامازنىڭ قازاسىنى قېلىشقا بۇيرۇلمىغان» دېدى. ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: <سەن ھەرۋرىيەلىكمۇ؟> دېگەن سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېدى: «خاۋارىجىلارنىڭ بىر پىرقىسى ئاياللار ھەيز كۆرگەن ۋاقتىدا قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۇلارغا پەرزدۇر، دەپ قارايتتى. بۇ بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمگە زىت بىر ئىشتۇر. يەنى ھەيز كۆرگەن كۈنلەردە قازا بولۇپ كەتكەن نامازلانىڭ قازاسىنى ئوقۇش ھەرۋرىيەلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئۇ ئايالنىڭ (ھەيز كۆرگەن كۈنلىرىدە ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟) دەپ سوراش ئارقىلىق تۇتقان يولى نېمە دېگەن يامان!.»

ھەرۋرىيە بولسا، كۇفىدىكى بىر كەنتە بولۇپ ئۇ يەردە خاۋارىجىلارنىڭ بىر

پىرقىسى ياشايتتى.

(ھەيز كۆرىۋاتقان ئاياللارغا ناماز ئوقۇش پەرز بولمىسىمۇ)، لېكىن ئىمام بەركەۋىينىڭ ھەيز ھەققىدە يازغان كىتابىدا بايان قىلغىنىدەك ئايال كىشىدىن ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادىتىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ جەينىمازدا بىر ۋاخ نامازنى ئوقۇپ بولغىدەك ۋاقىت ئولتۇرۇپ الله تائالاغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇ ئېيتىشى مۇستەھەپتۇر. ئىبنى ئابىدىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر رىۋايەتتە: (ئەگەر ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايال شۇنداق قىلسا)، ئۇنىڭغا كامىل ئوقۇلغان بىر نامازنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى.

س: ئايال قانىنى كۆرگەن ھامانلا ناماز ئوقۇشنى تاشلامدۇ؟

ج: شۇنداق. ئايال كىشى قانىنى كۆرگەن ھامان ناماز ئوقۇشنى تاشلايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بەركەۋىي كىتابىدا: «ئايال مەيلى تۇنجى قېتىم ھەيز كۆرگەن ئايال بولسۇن ياكى (ئىلگىرى بىر نەچچە قېتىم ھەيز كۆرۈپ مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە) ئادەتلەنگەن ئايال بولسۇن قانىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھامان ناماز ئوقۇشنى تاشلايدۇ» دېدى.

ئىبنى ئابىدىن ئىمام بەركەۋىينىڭ بۇ سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ: «مانا بۇ (ئەبۇھەنىفە، ئەبۇيۇسۇپ ۋە مۇھەممەدكە ئوخشاش ئىماملاردىن) رىۋايەت قىلىنغان سۆزدۇر ۋە (ھەنەفىي مەزھەپىدىكى) كۆپلىگەن ئالىملارمۇ مۇشۇ قاراشتىدۇر» دېدى.

ئىبنى ئابىدىن ئۆزىنىڭ <رەددۇل مۇھتار> دېگەن كىتابىقا يازغان ھاشىيەسىدە مۇنداق دېدى: «ئالىملار (ئىلگىرى بىر نەچچە قېتىم ھەيز كۆرۈپ مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە) ئادەتلەنگەن ئايالنىڭ ھەيزنى ئادەتتە ھەيز كۆرىدىغان ۋاقىتتىن ئارتۇق كۆرۈشى بىلەنلا ناماز ئوقۇشنى ۋە روزا تۇتۇشنى تاشلايدىغان ياكى تاشلىمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بەزىلىرى: قانىنىڭ (ھەيز مۇددىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بولغان) ئون كۈندىنمۇ ئارتۇق كېلىشىگە ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن (بۇ قېتىملىق قانىنىڭمۇ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان ۋاقىتتىن ئارتۇق كېلىپ ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇ ئايال ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشنى تاشلىمايدۇ، دېدى. بەزىلەر: (بىر ئايالنىڭ ئەڭ چىق ھەيز كۆرۈش مۇددىتى

ئۇن كۈندۇر. ئۇنىڭ ھەيزنى مۇشۇ كۈنلەردە كۆرۈش ئەسلى بىر قائىدىدۇر). شۇ قائىدىگە ئاساسەن ئۇ ئايال ناماز ئوقۇشنى ۋە روزا تۇتۇشنى تاشلايدۇ، دېدى. <نىھايە> <پەتھى> ۋە بۇ ئىككىسىدىن باشقا كىتابلاردا ئىككىنچى قاراشنىڭ توغرا قاراش ئىكەنلىكى بايان قىلىندى. نىفاسنىڭ ھۆكمىمۇ ھەيزنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.»[1]

ئالىملار يەنە ھەيز كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان قىز ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. (بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك) <زەيلەئىي> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغىنىدەك توغرىسى ئۇ قىز قاننى كۆرگەن ھامانلا قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىنى تاشلايدۇ.

ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن قېنى ئادەتتە ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن ئاياللار بىلەن ئۆلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ تاكى ئۆلارنىڭ قېنىنىڭ نورمالسىز ھەيز قېنى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكى لازىمدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، بىر ئايالدىن كەلگەن قان كۆپىنچە ۋاقىتتا ھەيز قېنى بولىدۇ. نورمالسىز ھەيز قېنى بىلەن نورمال ھەيز قېنى پەرقلىقتۇر. بىر قاننىڭ نورمالسىز ھەيز قېنى ئىكەنلىكىگە ئېنىق دەلىل بولمىسا، ئۇ قان نورمال ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ. كەلگەن قاننىڭ نورمالسىز ھەيز قېنى ھېساپلىنىشى ئۈچۈن ئۇ قاننىڭ كېلىش مۇددىتىنىڭ نورمال ھەيزنىڭ ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى بولغان ئون كۈندىن ئېشىپ كېتىشى لازىمدۇر.

ئەگەر بىر ئايالنىڭ قېنى ئۇنىڭ نورمالدا ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تاكى ئون كۈن تولۇق توشمىغىچە ئۇ ئايال ناماز ئوقۇمايدۇ. ئۇنىڭ قېنى ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئايال

---

(1) يەنى مەسىلەن: بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىق بەش كۈن ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايال بۇ قېتىمدا ئۇنىڭدىن قان بەش كۈندىن ئارتۇق كېلىشكە باشلىغان بولسا، ئۇ ئايال قېنىنىڭ بەش كۈندىن ئېشىپ كېتىشى بىلەنلا ناماز ئوقۇماسلىقنى ۋە روزا تۇتماسلىقنى داۋاملاشتۇرامدۇ ياكى داۋاملاشتۇرمامدۇ، دېگەن ھەقتە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى، بەزىلىرى: قاننىڭ ھەيز ۋاقتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇددىتى بولغان ئون كۈندىنمۇ ئېشىپ كېتىشكە ئېھتىمالى بولغانلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇقاننىڭ نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىپ بۇ قاننىڭ كېلىشى بىلەن ئىبادەتلەردىن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىملىق قاننىڭمۇ ئادەتتىن ئېشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىبادەتلەردىن چەكلەپ قويمايدىغان نورمالسىز ھەيز قېنى ھېساپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن قاننىڭ ئادەتتە ھەيز كۆرۈدىغان ۋاقتتىن ئېشىپ كېتىشى بىلەنلا ناماز ئوقۇماسلىقنى داۋاملاشتۇرمايتۇ. يەنى ناماز ئوقۇيتۇ، دېدى. بەزىلىرى بولسا: بىر ئايالنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ھەيز كۆرىدىغان مۇددىتى ئون كۈن بولۇشى بىر ئەسلى قائىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق قېنىنىڭ ئادەتلەنگەن بەش كۈندىن ئېشىپ كېتىشى بىلەنلا تاكى ئون كۈندىن ئېشىپ كەتمىگىچە ناماز ئوقۇماسلىقنى ۋە روزا تۇتماسلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دېدى. بۇنىڭ ئىچىدىن توغرىسى ئىككىنچى قاراشتۇر. بۇ ھەقتە نىفاسنىڭ ھۆكمىمۇ ھەيزنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ت.

يۈيۈنۈپ ناماز ئوقۇشنى باشلايدۇ ۋە ئادىتىدىن ئېشىپ كەتكەن كۈنلىرىدە ئوقۇمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.[1] بىر ئايالنىڭ قانچە كۈن ھەيز كۆرۈش ئادىتى ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ھەيز كۆرۈش بىلەن شەكىللىنىدۇ.

## 2 ـ روزا تۇتۇشنىڭ ھارام بولۇشى

ھەيزدار ئاياللارغا روزا تۇتۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى اللە تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان بىر رەھمىتىدۇر. چۈنكى ھەيز، ئايال كىشىنى ئاجىزلاشتۇرۋېتىدۇ. روزا قاننى ئازلاشتۇرۋېتىدۇ. ھەر ئىككى ئىش ئايال كىشىگە بىرلا ۋاقىتتا كەلمىسۇن، دەپ اللە تائالا ئاياللارغا يەڭگىللىك ئاتا قىلىپ ھەيز ۋە نىفاس ۋاقتىدا روزا تۇتۇشنى ئۇلارغا ھارام قىلدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «روزا تۇتۇڭلار، تەن سالامەتلىكىڭلار ياخشى بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىگە زىت ئەمەستۇر. چۈنكى، تەنىنىڭ سالامەت بولۇشى تاماقنى چىق يېگەنلىكتىن ئەمەستۇر. روزا تۇتۇش بولسا، تەننى تاماقنى چىق يېگەنلىكتىن كېلىپ چىققان كېسەللەردىن پاكىزلايدۇ. يەنە كېلىپ (روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان) بۇيرۇق ئىمام مۇھەممەد ئەل ھامىد دېگەنگە ئوخشاش خالىس بىر ئىبادەتتۇر.[2] اللە ھەممىنى (يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. لېكىن ھەيز كۆرگەن ئايالغا نامازنىڭ ئەمەس روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ئېنىقتۇر. چۈنكى، (ناماز ھەر ئايدا تەكرارلىنىپ تورىدىغان بولغاچقا) ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشتا قىيىنچىلىق باردۇر. چۈنكى ناماز روزىغا قارىغاندا كۆپ تەكرارلىنىدۇ. ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئالىملار: ناماز بىلەن روزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ناماز ناھايىتى كۆپ تەكرارلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشقا توغرا كەلسە بۇنىڭدا قىيىنچىلىق بولۇپ قالىدۇ. روزا ئۇنداق ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ بىر يىلدا بىر قېتىملا پەرز بولىدۇ، دېگەن» دېدى.

---

(1) يەنى بىر ئايالنىڭ ئالتە كۈن ھەيز كۆرىدىغان ئادىتى بولغان، بۇ قېتىمدىكى قېنى ئالتە كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇئايال قېنى تاكى ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكىمىگىچە يۇقىرىدىكى ئىزاھاتتا بايان قىلغىنىمىزدەك ناماز ئوقۇمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قېنى ئون كۈندىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ نورمالسىز ھەيز كۆرگەن ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال يۈيۈنۈپ ناماز ئوقۇشنى باشلايدۇ ۋە ئادىتى بولغان ئالتە كۈندىن ئېشىپ كەتكەن تۆت كۈندە ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ت.

(2) يەنى رۇزىنىڭ تەنىنىڭ سالامەتلىكىگە شۇنداق پايدىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن روزا تۇتۇڭلار، دەپ بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتۇش لازىمدۇر. ت.

ھەيزدار ئايالغا روزا تۇتۇش روزا مەيلى پەرز روزا بولسۇن ياكى نەپلە روزا بولسۇن ھارامدۇر. ئەگەر بىر ئايال روزا تۇتقان ۋە كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئازراق بۇرۇن ئۇنىڭدىن قان كەلگەن بولسا، ئۇ كۈنىنىڭ روزىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە كېيىن ئۇنىڭغا مەيلى ئۇ، پەرز روزا بولسۇن ياكى نەپلە روزا بولسۇن قازاسىنى قىلىش پەرز بولىدۇ. چۈنكى، نەپلە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئۇنى باشلاپ قويۇش بىلەن پەرزگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە نەپلە ياكى سۈننەت نامازنى باشلىغان، ئاندىن ناماز ئارىقىدا ئۇنىڭدىن قان كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر. ئىبنى ئابىدىنىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش (قازاسىنى قىلىشتا) باشلىنىپ بولغان روزا بىلەن باشلىنىپ بولغان نەپلە ياكى سۈننەت نامازنىڭ ئارىلىقىدا پەرق يوقتۇر. پەرز ناماز بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، پەرز نامازنىڭ پەرز بولۇشى ئۇنى باشلاش بىلەن ئەمەس قۇرئان ۋە ھەدىس ئارقىلىق بولغاندۇر.(1)

ئەگەر بىر ئايال (بوينۇمدا اللە تائالا ئۈچۈن مېنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق ناماز ئوقۇشۇم ۋە روزا تۇتۇشۇم بار) دەپ مەلۇم بىر كۈندە اللە تائالانىڭ يولىدا ناماز ئوقۇشنى ياكى روزا تۇتۇشنى نەزىر قىلغان، ئاندىن شۇ كۈندە ھەيز كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ كۈندە ئوقۇشقا نىيەت قىلىنغان نامازنىڭ ياكى تۇتۇشقا نىيەت قىلىنغان روزىنىڭ توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايالغا نامازنىڭ ياكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئايال ھەيز كۆرگەن كۈنلىرىمدە بوينۇمدا اللە تائالا ئۈچۈن مېنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق ناماز ئوقۇشۇم ۋە روزا تۇتۇشۇم بار، دەپ نەزىر قىلغان بولسا، ئىبنى ئابىدىنىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش قىلىنغان بۇ نەزىر توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەستۇر.

س. ھەيز توختاپ بولغاندىن كېيىن روزىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن يۇيۇنۇش شەرتمۇ؟

ج: ھەيز توختاپ بولغاندىن كېيىن روزىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن يۇيۇنۇش شەرت ئەمەستۇر. ئەگەر بىر ئايال نورمالدا كۆرىدىغان ھەيزىنى كۆرۈپ

(1) يەنى نەپلە روزا، نەپلە ناماز ۋە نامازنىڭ سۈننەتلىرى ئەسلى ئوقۇش پەرز ئەمەستۇر. لېكىن، نەپلە روزا نىيەت قىلىپ باشلاپ بولۇنغاندىن ۋە نەپلە نامازلار قۇلاق قېقىپ باشلاپ بولۇنغاندىن كېيىن ئادا قىلىش پەرزگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئادا قىلىنماي بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ قازاسىنى قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى، بۇلارنىڭ پەرز بولۇشى قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن ئەمەس ئۇلارنى باشلاش بىلەن بولغاندۇر. ت.

بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەيزى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يۇيۇنغىدەك ۋە (بىر نامازغا قۇلاق قېقىپ كىرگەندە دېيىلىدىغان <الله ئەكبەر> دېگەن سۆزنىڭ <الله> دېگەن سۆزنى دىگۈچىلىك بىر ۋاقىتتا توختىغان ۋە يۇيۇنماستىن شۇ ۋاقىتتا روزا تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ. بۇ مەسىلە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا تەپسىلي بايان قىلىنىدۇ.

## 3 ـ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنىڭ ھاراملىقى

ھەيزدار ئايال تاكى ھەيزى توختاپ يۇيۇنۇپ پاك بولغىچە ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئوقۇش ھەتتا ئاددىيسى بىر ئايەتنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ ئوقۇش ھارامدۇر.[1] بۇ ھەقتە ئىبنى ماجە مۇسا ئىبنى ئۇقبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نافىئ، ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جۇنۇب بولۇپ قالغان ئادەم ۋە ھەيزدار ئايال قۇرئاندىن بىر نەرسە ئوقۇمىسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

دارى قۇتنىي ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇشتىن پەقەت ئۇنىڭ جۇنۇپلۇق ھالىتىلا تۇسۇپ قوياتتى.»

دارى قۇتنىي يەنە ئىبنى ئابباستىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىمىزنىڭ جۇنۇبلۇق ھالىتىدە تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەيتتى.»

بۇ (بىرەر ئايەتنى ئوقۇشتىن پەقەت) قۇرئان ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، شۇنداق بولىدۇ. ئەمما (ئايەتنى ئوقۇشتىن) قۇرئان ئوقۇشنى نىيەت قىلمىغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئايەت ئۇزۇن بولسا، (ئايەت ئوقۇغاندا) مەيلى قۇرئان ئوقۇشنى نىيەت قىلسۇن مەيلى قىلمىسۇن ئۇزۇن ئايەتنى ئوقۇش ھارامدۇر. ئەگەر ئايەت قىسقا بولسا، (ئۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا) قۇرئان ئوقۇشنى نىيەت قىلمىغانلا بولسا، ئۇ ئايەتنى ئوقۇسا بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئىشنىڭ بېشىدا بىسمىللاھنى دېيىش نىيىتى بىلەن «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دېگەن

(1) مالىكىي مەزھەپىدە ھەيزدار ئايالنىڭ ھەيزى توختاپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇنغىچى بولغان ئارىلىقتا قۇرئان ئوقۇشى توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا قۇرئاننى تۇتماستىن يادىغا ئوقۇسا بولىدۇ. قۇرئاننى تۇتۇش توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن قۇرئان ياد ئېلىۋاتقان ياكى ياد ئېلىپ بولغان قارى ئايال، ئەگەر ھەيز ۋاقتىدا قۇرئاننى ئوقۇمىسا، قۇرئاننى ئونتۇپ قىلىشتىن ئەندىشە قىلىدىغان ياكى ئوقۇغۇچىلىرىغا قۇرئان دەرسى بېرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، قۇرئاننى تۇتماستىن يادىغا ئوقۇسا بولىدۇ. ت.

ئايەتنى ۋە شۈكۈر قىلىش نىيىتى بىلەن «ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن» دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا بولىدۇ. (مەسىلەن: ئامەنەررەسۇلۇنۇڭ ئايىغىدىكى ئايەتلەرگە ئوخشاش) دۇئا ئايەتلىرىنى دۇئا قىلىش نىيىتى بىلەن ئوقۇسا بولىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، سۈرە فاتىھە ئەگەر سەنا ۋە دۇئا قىلىش نىيىتى بىلەن ئوقۇلسا، بولىدۇ.

بەزى ئالىملار ئېھتىيات قىلىپ ئوقۇشنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئادەمنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قالىدىغان «ثُمَّ نَظَرَ <سۈمىه نەزەرە>» دېگەن ئايەتكە ئوخشاش قىسقا ئايەتنى ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى، «رەببەنا لا تۇئاخىزنا ياكى ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن» دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش دۇئا ياكى سەنا، ياكى شۈكۈرگە ئېھتىماللىقى بار ئايەتلەرنى دۇئا قىلىش ياكى سەنا، ياكى شۈكۈر ئېيتىش نىيىتى بىلەن بىر ئايەتكە يەتمىگەن مىقداردا ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئايەتلەر دۇئا ياكى شۈكۈر ئېيتىشقا ئېھتىماللىقى يوق ئايەتلەر بولسا، ئۇنى ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، توغرا دەپ قارىدى.

ئەمما ئايەتلەر دۇئا ياكى شۈكۈر ئېيتىشقا ئېھتىماللىقى يوق ئايەتلەر بولسا، ئۇ ئايەتلەرنى بىر ئايەتكە يەتمىگەن مىقداردا ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى:

ئىمام كەرخىي (ئۇ ئايەتلەرنى بىر ئايەتكە يەتمىگەن مىقداردا) ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقى پىكرىدىدۇر. ئەمما ئىمام تەھاۋىي بولسا، (ئۇ ئايەتلەرنى ئۇ مىقداردا) ئوقۇشنىڭ بولمايدىغانلىقى پىكرىدىدۇر. ئىككىنچى پىكىر ئېھتىيات تەرىپىنى تۇتقاندۇر.

## 4 ـ تولۇق بىر ئايەت يېزىلغان نەرسىنى تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى

قۇرئان ئايىتى مەيلى تاختىغا ياكى پۇلغا ياكى تامغا يېزىلغان بولسۇن، ھەيزدار ئايالنىڭ تولۇق بىر ئايەت يېزىلغان نەرسىنى تۇتۇشى ھارامدۇر. ئەگەر ئايەت قۇرئاندىن باشقا بىرەر نەرسىگە يېزىلغان بولسا، پەقەت ئۇ نەرسىدىكى ئايەتنىلا تۇتۇش ھارامدۇر.[1] ئەمما قۇرئاننىڭ مەيلى ئۇنىڭ مۇقاۋىسى بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئايەت يېزىلمىغان ئاق يېرى بولسۇن كىچىككىنە يېرىنى تۇتۇشمۇ ھارامدۇر.

(1) يەنى مەسىلەن: ئايەت بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان بولسا، ئۇ ۋاراقتىكى ئايەتنى تۇتۇش ھارامدۇر. ئەمما ۋاراقنىڭ ئايەت يوق ئاق يەرلىرىنى تۇتۇش ھارام ئەمەستۇر. ت.

بۇ ھەقتە ئىمام مالىك ۋە باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى ئىبنى ھەزمىگە يازغان خەتتە: «قۇرئاننى پەقەت پاك ئادەملا تۇتىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاننى پەقەت سەن پاك بولغان ھالىتىڭدىلا تۇتقىن» دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (كاپىر ۋاقتىدا) ئايەت يېزىلغان بىر قەغەزدىن ئايەت ئوقۇۋاتقان ھەمشىرىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ قالىدۇ ۋە (بۇنى كۆرگەن ھەمشىرىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇ ئايەتكە بىرەر زىيان يەتكۈزۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى تېقىۋالىدۇ)، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمشىرىگە ئۇنى ئۆزىگە بېرىشنى ۋە ئۇنى كۆرۈپ بېقىشنى دېگەندە، ھەمشىرىسى ئۇنىڭغا الله تەئالانىڭ: «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ»[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغان. يەنى تاھارەتسىزلىكتىن ۋە نىجاسەت نەرسىلەردىن پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىمام قۇرتىبىي قەتادەنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

قەتادەنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە دېگەن سۆزى ئالىملارنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىنىڭ بىرسىدۇر. مۇھەممەد ھامىد دېگەن ئالىم دېگەنگە ئوخشاش ئۇ ئايەتنىڭ ئاساسلىنىدىغان مەنىسى الله تەئالانىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ»[2] دېگەن ئايەتلىرىدىكى «كىتابتا ساقلانغاندۇر» دېگەن ئايىتىدىكى كىتابتىن بارلىق نەرسىلەر خاتىرلەنگەن <تاختا يەنى لەۋھۇلمەھپۇز> كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله تەئالانىڭ شۇ ئايىتىدىكى كىتابتىن بارلىق نەرسىلەر خاتىرلەنگەن <تاختا> نىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ھەم كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تەئالانىڭ: «بەلكى (ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە) لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر»[3] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر.

ئىبراھىم ھەلەبىي دېگەن ئالىم ئۆزىنىڭ <مۇنيەتىل مۇسەللىين> دېگەن كىتابقا يازغان شەرھىسىدە مۇنداق دېدى: «ئەگەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى

(1) سۈرە ۋاقىئە 79 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ۋاقىئە 77 — 79 ـ ئايەتكىچە.

(3) سۈرە بۇرۇج 21 — 22 ـ ئايەتلەر.

بارلىق نەرسىلەر يېزىلغان تاختىنى پەقەت پەرىشتەلەرلا تۇتىدۇ، دېگەن قاراش بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى پاك بولمىغانلارنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشنى چەكلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت قۇرئان، ئۇلۇغ ۋە پاك بولمىغانلاردىن ساقلانغۇچى بىر كىتاب، دەپ قۇرئاننى ماختاش ئۈچۈن كەلدى. بۇنىڭدىن قۇرئاننى ئۇلۇغلاشنىڭ ۋە ئۇنى پاك بولمىغانلارنىڭ تۇتۇشىدىن ساقلاشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ئەگەر الله تەئالانىڭ: «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ»[1] دېگەن ئايىتىدىكى <ئۇنى> دېگەن ئالماش بۇ ئايەتنىڭ ئىلگىرىدا ئۆتكەن الله تەئالانىڭ: «كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر»[2] دېگەن ئايىتىدىكى كىتابقا قايتۇرۇلسا، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئالماش الله تەئالانىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر»[3] دېگەن ئايىتىدىكى قۇرئانغا قايتۇرۇلسا، (قۇرئاننى پاك بولمىغانلارنىڭ تۇتۇشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدە) ھېچقانداق شۈبھە قالمايدۇ. بۇ چاغدا الله تەئالانىڭ: «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ» دېگەن ئايىتى جۈملە قۇرۇلۇش جەھەتتىن خەۋەر، لېكىن ئۇنىڭدىن چەكلىمە مەنا (يەنى ئۇنى پاك بولمىغانلار تۇتمىسۇن) دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدىغان بىر جۈملە بولىدۇ. بۇ ئايەت جۈملە قۇرۇلۇش جەھەتتىن (خەۋەر جۈملىسى بولماي) چەكلىمە جۈملىسى بولۇشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ جۈملە قۇرۇلىشى ئىلگىرىدىكى ئايەتنىڭ سۈپۈتىدۇر. سۈپەت بولۇپ كەلگەن ئايەتنىڭ جۈملىسى چەكلىمە مەنىنى بېرىدىغان جۈملە بولمايدۇ.»

بىز بۇ يەردە ئىبراھىم ھەلەبىنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشلا پاك بولمىغانلارنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە باشقا ئايەت بىلەن دەلىل ـ پاكىت كۆرسەتكەنلىكىنى كۆردۇك، لېكىن توغرىسى بۇ يەردە (ئۇ ئايەت بىلەن ئەمەس) ھەدىسلەر بىلەن دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۈش ئىدى. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدە ئىختىلاپ باردۇر. دەلىل ـ پاكىت قىلىنىدىغان بىرەر ئايەت ياكى ھەدىستە قاچانكى ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالسا، ئۇ ئايەت ياكى ھەدىس دەلىل ـ پاكىت قىلىنىپ كەلتۈرۈلمەيدىغانلىقى ئالىملار ئارىسىدا تونۇلۇپ كەلگەن بىر قائىدىدۇر.

(1) سۈرە ۋاقىئە 79 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ۋاقىئە 78 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ۋاقىئە 77 ـ ئايەت.

پاك بولمىغانلارنىڭ قۇرئاننى (قۇرئان سىلىپ قويۇلىدىغان غىلاپقا ئوخشاش) قۇرئاندىن ۋە قۇرئاننى تۇتقۇچىدىن ئايرىم بولغان غىلاپ بىلەن تۇتۇشى بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىگە يېزىلغان ئايەت بىر ئايەتتىن ئاز بولسا، ئۇنى تۇتۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابىدىن قەھىستانىينىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. لېكىن خۇددى يۇقىرىدا ھەيزدارنىڭ ئايەتنى بىر ئايەتكە يەتمىگەن مىقداردا ئوقۇشىنىڭ بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىنغىنىدەك پاك بولمىغانلارنىڭ بىر ئايەتكە يەتمىگەن مىقداردا ئايەت يېزىلغان نەرسىنى تۇتسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ قېلىنغان بولۇشى مۇمكىندۇر. بەلكى بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ بولۇشى ناھايىتى كۆپلۈكتۇر. چۈنكى، كىچىك تاھارەتسىزلىك بىلەن بولسىمۇ ئايەتنى تۇتۇش ھارامدۇر. ئەمما كىچىك تاھارەتسىزلىك بىلەن (قۇرئاننى تۇتماستىن) قۇرئاننى ئوقۇش ھارام ئەمەستۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن (قۇرئاننى ئوقۇش ئۈچۈن قويۇلغان شەرتلەر ئۇنى تۇتۇشقا قويۇلغان شەرتلەردىن) ئاددىي بولغان بولىدۇ. بۇمەسىلىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى ئابىدىن ئۆزىنىڭ ھاشىيەسىدە بايان قىلغان.

ھەيزدار ۋە تاھارەتسىز ئادەملەرنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، يېزىش تۇتۇشنىڭ بىر تۈرىدۇر. لېكىن قۇر ئارىسىدا ئايەتلەر بار بىر كىتاب بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇ ئايەتلەرنى تۇتماستىن ئۇ كىتابنى يېزىشى توغرا بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟

<فتح القدير> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «(پاك بولمىغانلارنىڭ) ئايەتنى يېزىش ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ بەرگەن پەتىۋالىرىدا (پاك بولمىغانلارنىڭ) قۇرئاننىڭ ئايىتى بار كىتابنى يېزىشى مەكرۇھدۇر. چۈنكى، ئۇ كىتابنى قولىدىكى قەلەم بىلەن يازىدۇ. ئەبۇللەيس: قۇرئاننى (قولى بىلەن تۇتماي) بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويغان بولسىمۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى پاك بولمىغانلارنىڭ بىر ئايەتكە يەتمىگەن مىقداردا بولسىمۇ يېزىشى توغرا ئەمەستۇر، دېدى. <قۇدۇرىي> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: ئەگەر قۇرئاننى (قولى بىلەن تۇتماي) بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالىتىدە ئۇنىڭدىن (بىرەر ئايەتكە يەتمىگەن مىقداردا ئايەت يازسا) بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ قىياس ئارقىلىق

ئېلىنغان بىر ھۆكۈمدۇر. چۈنكى، ئەگەر قۇرئان باشقا بىر نەرسىنىڭ ئۈستۈگە قويۇلغان بولسا، ئايەتلەرنى قەلەم بىلەن يازغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاننى خۇددى ئايرىم بىر غىلاپ بىلەن تۇتقانغا ئوخشاش ئايەتلەرنى بىر ۋاستە بىلەن تۇتقان بولىدۇ. ئەگەر قۇرئاننى قول بىلەن تۇتۇقلۇق بولسا، ئايەتلەرنى يېزىش توغرا ئەمەستۇر، دېگەن.»

مۇھەممەد ھامىد دېگەن ئالىم (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدىكى بۇ بايانلاردىن ئايەتلەرنى يېزىش بىلەن ئۇنى تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك يېزىش تۇتۇشنىڭ بىر تۈرىدۇر. كامال دېگەن ئالىم پاك بولمىغانلارنىڭ قۇرئاندىن باشقا دىنىي كىتابلارنى تۇتۇشنىڭ مەكرۇھ بولىدىغانلىقىنى كۈچلاندۇردى. <رد المحتار> دېگەن كىتابتا پاك بولمىغانلارنىڭ تەپسىر كىتابلىرىدىن ئايەتلەر يېزىلغان يەرلىرىنى تۇتۇشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىرىنى تۇتسا بولىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك يەنە فىقھى كىتابلىرىدىن ئايەتلەر بار يەرلىرىنى تۇتسا بولمايدىغانلىقى، ئەمما قۇرئاننىڭ ھەممە يەرلىرى ئايەتكە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەيلى ئايەتلەر بار يەرلىرى بولسۇن ياكى باشقا يەرلىرى بولسۇن ئۇنىڭ ھەممە يەرلىرىنى تۇتسا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىندى. تەھتاۋي دېگەن ئالىم بۇ سۆزنىڭ بۇ ھەقتە بايان قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا دىنىي قائىدىلەرگە ئەڭ ئۇيغۇن سۆز ئىكەنلىكىنى، دېگەن. لېكىن بۇ ھەقتە ئەڭ ئېھتىياتلىق سۆز بولسا، ئىبنى ئابىدىن: تەپسىر كىتابلىرى بىلەن باشقا كىتابلارنىڭ ئارىلىقىدا پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن پاك بولمىغانلارنىڭ پەقەت تەپسىر كىتابلىرىنى تۇتۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا دىنىي كىتابلارنى تۇتۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر. چۈنكى، تەپسىردە باشقا كىتابلارغا قارىغاندا ئايەتلەر كۆپتۇر ۋە تەپسىردە قۇرئان ئايەتلىرىنى كەلتۈرۈش ئەسلى مەقسەت قىلىنغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەپسىر باشقا كىتابلارغا قارىغاندا قۇرئانغا ئوخشۇشىپ قالىدۇ ۋە ئايەتلەرنى يېزىش مەسىلىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، دەپ بايان قىلغان سۆزدۇر.»

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر پاك بولمىغانلار بىر ئىشنى <بىسمىللاھ> ۋە <ئەلھەمدۇ لىللاھ> بىلەن باشلىغاندىن كېيىن ھەرەپلىرى ئۆ ئىككىسىنىڭ ھەرەپلىرىدىن چىق بىرەر نەرسە يازماقچى

بولسا، (تەپسىردىن باشقا كىتاب بولسىمۇ) ئۇنىڭ دىنىي كىتابلارنى تۇتۇشى توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر كىتابنى تۇتماقچى بولسا، ئۇ كىتابتىكى ئايەتلەر بار يەرلەرنى تۇتماستىن تۇتسا بولىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك تەپسىردە مەيلى ئايەتلەر بار يەردىن باشقا يەرنى تۇتسىمۇ ئۇنى تۇتۇش مۇتلاق مەكرۇھتۇر.

## 5 ـ مەسچىتكە كىرىشنىڭ ھاراملىقى

يىرىتقۇچ ھايۋانلاردىن، بۇلاڭچىلاردىن، قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن قورققانغا ئوخشاش (مەسچىتكە كىرىشكە) قاتتىق زۆرۈر بولۇپ قالغان ھالەتلەردىن باشقا چاغدا ھەيزدار ئايالنىڭ مەسچىتكە كىرىشى ۋە مەسچىتتە تۇرۇپ قالمىسىمۇ (بۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئۇ ئىشىكتىن) چىقىپ كېتىشى ھارامدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇداۋۇد دەججاجەنىڭ قىزى جەسرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ساھابىلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرى مەسچىت تەرەپكە ئېچىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «سىلەر ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئىشىكلىرىنى مەسچىتتىن (باشقا تەرەپكە) قارىتىڭلار» دېدى. ئاندىن ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىكنىڭ مەسچىت تەرەپكە ئېچىلىپ تۇرۇشىغا) رۇخسەت قىلىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن بىرەرسىمۇ ئىشىكىدە ئۆزگىرىش قىلمىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ: «سىلەر ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئىشىكلىرىنى مەسچىتتىن (باشقا تەرەپكە) قارىتىڭلار. چۈنكى، مەن ھەيزدار ۋە جۇنۇپ بولۇپ قالغانلارنىڭ مەسچىتكە (كىرىشىگە) يول قويمايمەن» دېگەن.

ھەيز توغرىسىدا يېزىلغان كىتابتا بايان قىلىنغىنىدەك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسچىتكە كىرىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ھالەتتە تەيەممۇم قىلىپ ئاندىن مەسچىتكە كىرىش ئەڭ ياخشىدۇر. ھەيزدار ئاياللار ھېيت نامىزى ۋە جىنازە نامىزى ئوقۇيدىغان يەرلەرگە كىرسە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى يەر مەسچىتنىڭ ھۆكمىدە ئەمەستۇر. لېكىن كىشىلەر ئەگەر ھېيت نامىزىغا ياكى جىنازە نامىزىغا تۇرغان بولسا، ھەيزدار ئايالنىڭ سەپلەر تىزىلغان يەرلەرگە بېرىشى بولمايدۇ. ھەيزدار ئاياللارنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشىغا بولىدۇ.

## 6 ـ كەبنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھاراملىقى

ھەيزدار ئايالنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىشى ھارامدۇر. ئەگەر ئايال كىشى ھەج قىلىدىغان چاغدا ھەيز كۆرۈپ قالسا، كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا ھەجنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى قىلىدۇ. تاۋاپنى تاكى ھەيزى توختاپ يۇيۇنۇپ پاك بولغىچە قىلمايدۇ. بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەجدە ھەيز كۆرۈپ قالغاندا ئۇنىڭغا دېگەن: «ھەيز بولسا، الله تەئالا ئادەمنىڭ قىز ئەۋلادلىرىغا پۈتتۈۋاتقان بىر نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ھاجىلار قىلغان بارلىق ئىشلارنى قىلىڭ، لېكىن تاكى (ھەيزىڭىز توختاپ) يۇيۇنۇپ پاك بولغانغا قەدەر كەبىنى تاۋاپ قىلماڭ» دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

س: ئەگەر بىر ئايال ھەيزدار تۇرۇپ كەبىنى تاۋاپ قىلسا، قىلغان تاۋاپى توغرا بولامدۇ؟

ج: شۇنداق. قىلغان تاۋاپى توغرا بولىدۇ. لېكىن گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر قىلغان تاۋاپى (ئەرەپاتتىن يېنىپ قىلىدىغان) پەرز تاۋاپ بولسا، كەپپارەت ئۈچۈن بىر تۆگە ياكى بىر كالا بوغۇزلاش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ ئايال پاك بولۇپ بولغاندىن كېيىن (ھەيز ۋاقتىدا قىلغان) تاۋاپنى قايتا قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇ ماللارنى بوغۇزلاش لازىم ئەمەستۇر.

## 7 ـ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقى

ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ۋە كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە بىر نەرسە قويۇۋالماي ئۇ يەردىن (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسىمۇ باشقا ئىشلار ئارقىلىق) ھۇزۇرلىنىش ھارامدۇر. <رد المحتار> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە: ئەگەر ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەم جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ شۇ ھالەتتە ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقىنى بىلمەي ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە زورلانغان ھالدا، ياكى ئايالنىڭ ھەيزدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ھالدا ئەمەس ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەستەن ۋە شۇنداق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى چوڭ گۇناھ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى لازىمدۇر. تەھتاۋىي

دېگەن ئالىم بۇ سۆزنى ئىزاھلاپ: «ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقىنى بىلمەسلىك بۇنداق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى ئەمەس، بەلكى بۇنداق ئىش قىلىشنىڭ چوڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىيارىدا ياشىغان بىر ئادەمنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلمەسلىكى ئۆزرە ھېساپلانمايدۇ» دېدى.

ئەگەر كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە تەنىنىڭ قىزىلىقىنى توسۇپ قالىدىغان قېلىن ۋە قاتتىق بىرنەرسە قويىۋېتىپ ئۇ يەردىن ھۇزۇرلانسا بولىدۇ.[1] كىندىك بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەردىن باشقا يەرلەردىن خالىغانچە ھۇزۇرلانسا بولىدۇ. الله تائالا ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا الله بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار». الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[2]

ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار ئاياللىرى ھەيز كۆرۈپ قالسا، ئۇلار ئۇ ئاياللار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى ۋە (ئۆيدە) بىر يەردىمۇ ئولتۇرمايتتى. ئاندىن ساھابىلار بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تەئالا ئۇ ئايەتنى چۈشۈردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر (ھەيز كۆرۈپ قالغان ئاياللىرىڭلار بىلەن) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىڭلار» دېدى.

ئىمام مۇسلىم يەنە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيز كۆرۈپ قالغان ئاياللىرىنى

(1) يەنى ئەگەر ھەيزدار ئايال قېلىن ئىشتان ياكى كۇسارەدەك بىر نەرسە كىيىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەردىن ھۇزۇرلانسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇ يەردىن ھۇزۇرلىنىش بولمايدۇ. ت.

(2) سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەت.

ئىشتانلىرىنىڭ ئۈستۈدىن قوچاقلايتتى.»

ئىمام مۇسلىم يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىچىمىزدىن بىرىمىز ھەيز كۆرۈپ قالغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىشتىنىنى كىيىشكە بۇيرۇيتتى، ئاندىن ئۇنى قۇچاقلايتتى.»

ئەگەر ھەيزدار بىر ئايالنىڭ ھەيزى توختىغاندىن كېيىنلا (ئۇ يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى) ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھالال بۇلامدۇ ياكى ھالال بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ باردۇر.

ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئايال تاكى يۇيۇنغىچىلىك ياكى سۇ تېپىلماي يۇيۇنالمايدىغان ئىش بولسا، تەيەممۇم قىلمىغۇچىلىك ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش توغرا ئەمەستۇر» دېدىلەر. ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئۇنىڭ ھەيزى ئون كۈن تولۇق توشۇپ بولغاندىن كېيىن توختىغان بولسا، ئۇ يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەيزى ئون كۈن تولۇق توشۇشتىن ئىلگىرى توختىغان بولسا، ئۇ تاكى يۇيۇنغانغا قەدەر ياكى (ئۇنىڭ ھەيزى توختاپ ئارىلىقتىن) بىر ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنگە قەدەر ۋاقىت ئۆتمىگىچىلىك ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ھەيزى ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە توختىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ ھەيزى نورمالدىكى ئادىتى توشماي تۇرۇپ توختىغان بولسا، ھەتتا ئۇنىڭ ئادىتى تولۇق توشۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەيزى توختىمىغىچىلىك ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھالال بولمايدۇ». الله تائالا خالىسا ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئالدىمىزدا كېلىدۇ.

ئەگەر بىر ئايال ئېرىگە ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بەرسە، مەيلى ئۇ يالغان ئېيتىدىغان ئايال بولسۇن ياكى يالغان ئېيتمايدىغان راستچىل ئايال بولسۇن، ئەگەر ئەر ئۇ ئايالنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھارامدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئايال مېنىڭ ئىددىتىم (يەنى تالاق قىلىنغاندىن كېيىن تۇتۇدىغان ئىددەت) چىقتى دېگەن بولسا، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

<رد المحتار> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى: «بەزى ئالىملار: <ئەگەر بىر ئايال، ئۆزىنىڭ نورمال ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتىدا ھەيز كۆرگىنىگە ئوخشاش ئۇ ئايالغا ئىشىنىش مۇمكىن بولىدىغان بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرۈپ قالغانلىقىنى دېگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئىشەنچىسىز ئايال بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىددىتى چىققانلىقىدا دېگەن سۆزىگە ئىشىنىلگىنىدەك ئىشىنىلىدۇ. بۇ، ئەڭ ئېھتىياتلىق ۋە تەقۋالىققا ئەڭ يېقىن سۆزدۇر> دېگەن دەپ بايان قىلىپ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەگەر ئۇ ئايال ئىشەنچىسىز ئايال بولسا ۋە (ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرۈپ قالغانلىقىنى دېگەن گېپى) ئادەتتە ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈدىغان ۋاقتىدا ئەمەس باشقا بىر ۋاقىتتا بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ توغرا گەپ قىلمىغانلىقى گۇمانغا كۈچلۈك كەلسە، بۇ چاغدا بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا ئاساسەن ئۇنىڭ (مەن ھەيز كۆرۈپ قالدىم دېگەن) سۆزىگە ئىشىنىلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ۋە ئالىملار يەنە ئىشەنچىسىز بىرەر ئادەمنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ شەرتى بولسا، ئۇنىڭ توغرا گەپ قىلغانلىقى گۇمانغا كۈچلۈك كېلىشتۇر، دېگەن» دېدى.

ئەگەر ھەيزدار ئايال ئېرىنىڭ (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش تەلىۋىنى رەت قىلماي ئۇنىڭغا) قوشۇلغان بولسا، ئۇمۇ ئەر بىلەن بىللە گۇناھكار بولىدۇ ۋە ھەرئىككىسىگە تەۋبە قىلىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش لازىمدۇر. ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يەنە بىرى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى بىرەر ئۇستىخىنىنى كېسىۋېتىش، ياكى قاتتىق ئۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن تەھدىد سېلىنىپ (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە) مەجبۇرلىنىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىنىلا گۇناھكار بولىدۇ.

ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھالال دەپ قارىغان ئادەمنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش باردۇر:

بىرىنچى كۆز قاراش كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ بۇ قاراش بويىچە: ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھالال دەپ قارىغان ئادەم كاپىر ھېساپلىنىدۇ.

ئىككىنچى قاراش بويىچە: <دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابتا كەلگىنىگە

ئوخشاش ئۇ ئادەم كاپىر ھېساپلانمايدۇ. بۇ، مەزكۇر ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئىچىدىن توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ كاپىر ھېساپلانماسلىقى بولسا، (ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھالال دەپ قارىغان) ئادەمنىڭ كاپىر بولۇشىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.[1] <دەررۇلمۇختار> نىڭ ئاپتورى: «ئەگەر بىر مۇسۇلماننىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا ئىختىلاپ قىلىنىپ قالسا، ئەگەر ئۇ ئىختىلاپ ئاجىز بولسىمۇ ئۇنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىلمەيدۇ» دېدى.

ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ گۇناھ ئىشنى قىلىپ قويغان ئادەم، ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەتنى ھەيزنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكۈزگەن بولسا بىر دىنار، ئەگەر ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكۈزگەن بولسا يېرىم دىنار، سەدىقە قىلىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەگەر ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ۋاقىتدا ئايالنىڭ قېنى قىزىل رەڭدە بولسا بىر دىنار، ئەگەر سېرىق رەڭدە بولسا يېرىم دىنار سەدىقە قىلىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. ئۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىستۇر: «ئەگەر بىر ئەر ھەيز كۆرىۋاتقان ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ۋە ھەيز قېنى قىزىل رەڭدە بولغان بولسا بىر دىنار، سېرىق رەڭدە بولغان بولسا يېرىم دىنار، سەدىقە بەرسۇن.»

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شەرىئەت ئېتىراپ قىلغان بىر دىنار ئالتۇن پۇل ئېغىرلىق جەھەتىدىن ئون دانە كۈمۈش دىرھەمگە توغرا كېلىدۇ.[2] (كۆمۈشتىن سوقۇلغان) بىر دىرھەم پۇل تەقرىبەن سۇرىيەنىڭ كۈمۈشتىن سوقۇلغان 33 قۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كۆمۈشتىن سوقۇلغان ئۇ قورۇشلار زاكات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا شەرئىي بىر ئۆلچەمدە ئاساسلىنىدىغان نەرسىدۇر. كۈمۈشتىن سوقۇلمىغان قۇرۇشلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

## 8 ـ قان توختىغاندا يۇيۇنۇشنىڭ پەرز بولىدىغانلىقى

ھەيزدار ئايالنىڭ ھەيزى توختىغاندا يۇيۇنىشى پەرزدۇر. ئەگەر ئۇ ئايال

(1) يەنى بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان ئادەمنىڭ كاپىر ھېساپلىنىدىغانلىقىدا ئىختىلاپ بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى كەسكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كاپىر ھېساپلانماسلىقىمۇ مۇمكىندۇر. ت.

(2) بىر دىرھەمنىڭ ئېغىرلىقى تەقرىبەن 2.975 گىرام. ت.

تەيەممۇم قىلىشنى دۇرۇس قىلىدىغان بىرەر سەۋەب بىلەن يۇيۇنىشقا قادىر بولالمىسا، تەيەممۇم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالدىن تەيەممۇم قىلىشنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەب كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ.

ھەيزدىن يۇيۇنۇش ئۇسۇلى جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاشتۇر. ھەيزدىن يۇيۇنۇشنىڭ پەرزى بولسا، ئېغىزنى چايقاش، بۇرنىغان سۇ ئېلىش ۋە بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى سۇ بىلەن يۇيۇشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇلىمىز.

## ھەيز مەزگىلىگە كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن چىقىش

بەركەۋي ھەيزگە ئالاقىدار ئىشلاردا ئاياللارنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىدى.

1 ـ قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان ئايال. بۇ تۇنچى قېتىم ھەيز ياكى نىفاس كۆرگەن ئايالدۇر.

2 ـ قان كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايال. بۇ بىر قېتىم توغرا ھەيز قېنى ۋە بىر قېتىم توغرا پاكلىق ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى كۆرگەن ئايالدۇر.

3 ـ ھەيرانلىقتا سالغۇچى ياكى ھەيرانلىقتا چۈشۈپ قالغۇچى ئايال. بۇ ھەيز كۆرۈشنى داۋام قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتىنى ئۇنتۇپ قالغان ئايالدۇر.

## قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان ئايال

ئۇ خىلدىكى ئايالنىڭ بىر نەچچە خىل ھالىتى باردۇر.

1 ـ قان كۆرۈشنى دەسلەپ باشلىغان قىز ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىق ھەيز كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ھەيزى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ھەم بۇ ئۈزۈلۈپ قىلىش ئۆزۈن مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەگەر ئۇ قىز ھەيزدىن ئۇمىدى ئۈزۈلگەن ياشقا كىرىپ بولغىچە ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىم ھەيز قېنى كەلسە، ئۇنىڭ ئىددىتى ھەيز بىلەن چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ قىز ھەيزدىن ئۇمىدى ئۈزۈلگەن ياشقا كىرىپ بولغىچە ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ ھەيز قېنى كەلمىسە، ئۇنىڭ

**ئىددىتى ئۇ ھەيزدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئاي بىلەن چىقىدۇ. بۇ مەسىلە <رد المحتار> دا شۇنداق بايان قىلىنغان.**

**تەفسىر قۇرتىبىيدە مۇنداق بايان قىلىنىدى: « مانا بۇ ھەم ئىمام شافىئىينىڭ مەزھەپىدۇر. سۈئالەبىنىڭ كۆز قارىشىچە: بۇ، كۆپ قىسىمدىكى ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. لېكىن ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): <ياش تۇرۇپ ھەيز قېنى (ئۈزۈن مۇددەت) ئۈزۈلۈپ قالغان ئايالنىڭ ئىددىتى بىر يىلدۇر> دېدى. بۇ قاراشنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىسھاقمۇ قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. »(1)**

**ئىمام مالىكنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ قارىشى بولسا، ئۇئاپلىق ئېلىپ كېلىدىغان قاراشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بەزى ئالىملارمۇ بۇ مەسىلىدە شۇ قاراش بىلەن پەتۋا بەردى.**

**2 ـ قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان قىز ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىق ھەيز كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەيزى داۋاملىشىپ ھەتتا ئون كۈندىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ھالەتتە ئون كۈنى ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ، ئون كۈندىن ئارتۇقى ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئۇ ئايال ئون بىر كۈن ھەيز كۆرسە، ئون كۈنى ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ ۋە ئون بىرىنچى كۈنى كۆرگەن ھەيزى ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ.**

**3 ـ قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان قىز بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ كۆرگەن بۇ قېنى ھەيز قېنى بولماستىن بەلكى نورمالسىز ھەيز قېنىدۇر. چۈنكى، ئەگەر پاكلىق ئون بەش كۈن ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، بۇ پاكلىق ئىككى ھەيز قېنى ئارىسىنى ئايرىغۇچى پاكلىق ھېساپلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك بۇ، ئالىملار ئارىسىدا بىر لىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. ئەگەر ھەر بىر قېتىمدا كەلگەن قان ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ كۈن**

(1) يەنى مەسىلەن: بىر قېتىم ئۈچ كۈن ۋە ئۇنىڭدىن چىق ۋاقىت ھەيز كۆرگەن 20 ياشقا كىرگەن بىر ئايال ئىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ھەيزى ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئايالدىن بىر ئايالنىڭ ھەيزدىن ئۈمىدى ئۈزۈلىدىغان مۇددىتى بولغان 55 ياشقا كىرگەنگە قەدەر بىرەر قېتىم ھەيز قېنى كەلسە، ئۇنىڭ ئىددىتى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسىمىنىڭ ۋە ئىمام شافىئىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئۈچ ھەيز كۆرۈش بىلەن چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن تاكى ئۇ شۇ ياشقا كىرگەنگە قەدەر بىرەر قېتىممۇ ھەيز قېنى كەلمىسە، ئۇنىڭ ئىددىتى ھەتتا ئۇ 55 ياشقا كىرىپ ھەيزدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئاياللارنىڭ قاتارىدىن ھېساپلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ساقلاش بىلەن چىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىددىتى ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشىچە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك بىر يىل ساقلاش بىلەن چىقىدۇ. ت.

بولسا، ھەر بىر قېتىملىق قان بىر ھەيز ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بىر قېتىملىق قان ئۈچ كۈنگە يەتمىسە خۇددى بۇ ھالەتتىكىگە ئوخشاش نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىدۇ.

4 ـ قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان قىز ئۈچ كۈن قان كۆرگەندىن كېيىن ئۈنىخدىن ئون بەش كۈن قان ئۈزۈلۈپ قىلىپ ئاندىن ئۇ يەنە ئۈچ كۈن قان كۆرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق قېنى بىر ھەيز ھېساپلىنىدۇ ۋە ئىككىنچى قېتىملىق قېنى يەنە بىر ھەيز ھېساپلىنىدۇ. قېنى ئۈزۈلۈپ قالغان ئون بەش كۈنى بولسا، ئىككى ھەيز ئارىلىقىنى ئايرىغۇچى كامىل بىر پاكلىق ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ھەيزىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇ قىزنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

5 ـ قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان قىز بىر كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئون تۆت كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن يەنە بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا. بۇ ھالەتتە ئۇ تۇنجى قان كۆرۈشنى باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئىككى قان ئارىسىدىكى (ئون تۆت كۈن پاك ئۆتكەن) پاكلىق شەرىئەتنىڭ قارىشىچە يېتەرسىز پاكلىقتۇر. پاك ئۆتكەن بۇ ۋاقىت خۇددى قان كېلىپ تۇرىۋاتقان ۋاقىتتەك ھېساپلىنىدۇ. ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت بولسا، ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان بىر قىزنىڭ قېنى ئۈچ كۈندىن ۋە ئارتۇق ئون كۈنگە يەتمىگەن بىر ۋاقىتتا توختاپ قالسا، بۇ ھالەتتە ئۇ قىز يۇيۇنىدۇ ۋە نامازنى ناماز ئوقۇش مۇستەھەپ قىلىنغان ۋاقىتنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇيدۇ.[1] نامازنى مۇشۇنچىلىك كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش ۋاجىپتۇر. ئېھتىيات قىلىش يۈزۈسىدىن روزا تۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قېنىنىڭ كەلمەسلىكى تاكى تولۇق ئون كۈن داۋام قىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قېنى ئۈچ كۈنگە يەتمىگەن بىر ۋاقىتتا توختاپ قالسا، ئۇ بۇ ھالەتتە خۇددى <رد المحتار> دا بايان قىلىنغىنىدەك تاھارەت ئالىدۇ ۋە نامازنى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ.

(1) يەنى نامازنى ئەڭ دەسلەپقى ۋاقىتتا ئوقۇماي ئازراق ساقلاپ تۇرۇپ ئوتتۇردىكى ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. ت.

# قان كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايال

خۇددى بەركەۋىينىڭ ھەيز ھەققىدە يازغان كىتابىدا بايان قىلىنغىنىدەك (بىر ئايالنىڭ مۇئەييەن بىر كۈندە قان كۆرۈشكە ئادەتلىنىدىغان) ئادىتى، ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى بويىچە بىر قېتىم ھەيز كۆرۈش بىلەن شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: قان كۆرۈشنى دەسلەپ باشلىغان بىر قىز (بىر ئاينىڭ ئىچىدە) بەش كۈن ھەيز كۆرگەن ۋە 25 كۈن پاك ئۆتكەن بولسا، (بىر ئاينىڭ ئىچىدە) ئۇنىڭ ئادىتى بەش كۈن ھەيز كۆرۈش ۋە 25 كۈن پاك ئۆتۈش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ قىز ئىككىنچى قېتىم ھەيز كۆرۈپ بۇ قېتىم كۆرگەن ھەيزى بەش كۈندىن ئېشىپ كەتكەن (مەسىلەن: بۇ قېتىم 8 كۈن ھەيز كۆرگەن) بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ قىز ئۆزىنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتىگە قايتۇرىلىدۇ. يەنى ئۇ سەككىز كۈننىڭ بەش كۈنى ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ (ۋە قالغان ئۈچ كۈن بولسا، ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ).

# ھەيز كۆرۈش ئادىتىنىڭ ئالمىشىشى

بەزى ۋاقىتتا بەزى ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈش ئادىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ياكى ئۇنىڭ ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتىدا ياكى ھەيز كۆرىدىغان كۈنىنىڭ ساندا، ياكى بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە بولىدۇ. فىقھشۇناسلار بۇ ھالەتنى <ئادەتنىڭ ئالمىشىشى> دەپ ئاتىشىدۇ.

ئادەتنىڭ ھەيز كۆرىدىغان ۋاقىتدا ئالمىشىشى بولسا، ھەر ئايدا كېلىدىغان ھەيزىنىڭ ۋاقتى ئۆزگىرىپ كېتىپ ئۇ ھەيزىنىڭ ئۇ ۋاقىتتا كەلمەسلىكىدۇر. مەسىلەن: ھەر ئاينىڭ بېشىدا ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالنىڭ ھەيزى بۇ قېتىم ئۇ ۋاقىتتا كەلمەي ئۇ ۋاقىتتىن كېچىكىپ كېلىشىدۇر ياكى ئۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى كېلىشىدۇر.

ئەمما ئادەتنىڭ ھەيز كۆرىدىغان كۈنىنىڭ ساندا ئالمىشىشى بولسا، ھەيز كۆرىدىغان كۈنىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدۇر ياكى ئېشىپ كېتىشىدۇر. مەسىلەن: (ھەر ئايدا) بەش كۈن ھەيز كۆرىدىغان بىر ئايالنىڭ ئادىتى بۇ قېتىمدا ئۆزگىرىپ ياكى تۆت كۈن ھەيز كۆرىدىغان ياكى ئالتە كۈن ھەيز كۆرىدىغان

بولۇپ قېلىشىدۇر.

ئەمما بۇنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئالمىشىشى بولسا، ئۇنىڭ ئادىتىنىڭ ھەم ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتىتا ۋە ھەم ھەيز كۆرىدىغان كۈنىنىڭ سانىدا ئۆزگۈرۈپ كېتىشىدۇر.[1]

س: ھەيز كۆرۈش ئادىتىنىڭ ئالمىشىشى بىر قېتىمدىلا ۋۇجۇدقا چىقامدۇ؟

ج: ھەيزدا ۋە نىفاستا ئادەتنىڭ (ئالمىشىشى) بىر قېتىمدىلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ كۆزقارشىدۇر ۋە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىدۇر.[2] <مۇھىت> دېگەن كىتابتا پەتىۋا بۇ قاراشلار بىلەن بېرىلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. يەنە بىر يەردە پەتىۋا شۇ قاراشقا ئاساسلىنىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. بۇنىڭ تەپسىلاتىي تۆۋەندىكىچە: ئەگەر بىر ئايالنىڭ ئادىتى ھەر ئاينىڭ بېشىدا بەش كۈن ھەيز كۆرۈش بولغان، ئەمما ئۇ ئايال بۇ ئايدا ئالتە كۈن ھەيز كۆرگەن بولسا، ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ئۇ ئالتە كۈن ئۇ ئايالنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەبۇ يۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىچە ئۇ ئالتە كۈن ئۇ ئايالنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال يەنە بىر ئايدا ئالتە كۈندىن چىق ھەيز كۆرگەن بولسا، ئالتە كۈن ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ ۋە (ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر).»

ھەيز كۆرۈش ئادىتى قاچان ئالمىشىدۇ؟

ھەيز ھەققىدە يېزىلغان كىتابتا بايان قىلىنغىنىدەك بىر ھەيز ئادىتىنىڭ ئالمىشىشى ئۈچۈن بىر نەچچە خىل ھالەت باردۇر. بىز تۆۋەندە ئۇ ھالەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى خىل ھالەت: مۇئەييەن بىر كۈندە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالدىن بۇ قېتىمقى ھەيز قېنىنىڭ كېلىشى تاكى ئون كۈندىن ئېشىپ

(1) مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئادىتى ھەرئاينىڭ بېشىدا بەش كۈن ھەيز كۆرۈش بولسا، ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئاينىڭ ئاخىرىدا يەتتە كۈن ھەيز كۆرگىنىگە ئوخشاش. مانا بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئالمىشىشى ھېساپلىنىدۇ. ت.

(2) ئىمام ئەبۇھەنىفە بىر رىۋايەتتە ۋە ئىمام مۇھەممەد ئادەتنىڭ ئالمىشىشى ئىككى قېتىمدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، دەيدۇ. ت.

كەتكىچە داۋام قىلىشىدۇ.

بۇ ھالەت تۆۋەندىكىدەك قىسىملارغا بۆلىنىدۇ:

1 ـ ئۇ ئايالدىن كەلگەن قان بۇ قېتىم ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن. لېكىن ئۇ قان ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن مۇددەتتە كەلمىگەن بولىشىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئادىتى ھەرئاينىڭ بېشىدىكى بەش كۈندە ھەيز كۆرۈش بولغان. بۇ قېتىمدا ئۇ ئايال ئاينىڭ بېشىدىكى ئۇ بەش كۈندە ھەيز كۆرمىگەن ۋە (ئاينىڭ باشقا كۈنلىرىدە) ئون بىر كۈن ھەيز كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈش كۈنىنىڭ سانى ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈشنى باشلىغان كۈندىن باشلاپ بەش كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنىگە ھېساپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادىتى (ھەيز كۆرۈش كۈنىنىڭ سانى جەھەتتىن ئەمەس) ۋە ھەيز كۆرىدىغان ۋاقىت جەھەتتىن ئالماشقان بولىدۇ.

ياكى ئۇ ئايالدىن كەلگەن قان بۇ قېتىم ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن لېكىن ئۇ قاننىڭ ئىككى كۈنى ئۇ ئايال ئىلگىرى ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ۋاقىتتا كەلگەن بولىشىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئادىتى ھەرئاينىڭ بېشىدىكى بەش كۈندە ھەيز كۆرۈش بولغان. بۇ قېتىمدا ئۇ ئايال ئاينىڭ بېشىدىكى تۆتۈنچى ۋە بەشىنچى كۈنلىرى ھەيز كۆرۈشنى باشلىغان ۋە ئۇنىڭ ھەيزى تاكى ئون بىر كۈن داۋام قىلغان بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ ئىلگىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاشتۇر. يەنى ئۇ قان كۆرۈشنى باشلىغاندىن تارتىپ بەش كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال نورمالدا ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىككى كۈن ھەيز كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادىتى (ھەيز كۆرۈش كۈنىنىڭ سانى جەھەتتىن ئەمەس) ھەيز كۆرىدىغان ۋاقىت جەھەتتىن ئالماشقان بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا: بۇ قىسىمدا ئۇ ئايالنىڭ ئادىتى پەقەت ھەيز كۆرىدىغان ۋاقىتتىلا ئالماشقان ھېساپلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئادىتى ھەيز كۆرىدىغان كۈنىنىڭ سانى جەھەتتىن ئالماشقان بولمايدۇ._

2 ـ ئۇ ئايالدىن بۇ قېتىم كەلگەن قان ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن، لېكىن بۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاز ئۈچ كۈن ئۇ ئايال ئىلگىرى ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈن بولغان بولسا. بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن

كۈنلىرىدە كەلگەن قان ئۇنىڭ نورمال ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. قالغان كۈنلەردە كەلگەن قان ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالدىن بۇ قېتىم كەلگەن قان توپتۇغرا ئۇنىڭ ئىلگىرى ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرىدە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئادىتى ۋاقىت ۋە سان جەھەتتىن ئالماشماي ئۆز پېتى قېلىپ قالغان بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ھەيز كۆرۈش ئادىتى ھەرئاينىڭ بېشىدىكى بەش كۈندە بولغان، بۇ قېتىمدا ئۇ ئايالدىن قان ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ تاكى ئون بىر كۈن داۋام قىلغان بولسا، دەسلەپكى بەش كۈندە كەلگەن قان ئۇنىڭ نورمال ھەيزىگە ھېساپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادىتى ۋاقىت ۋە سان جەھەتتىنمۇ ئالماشمىغان بولىدۇ. ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرىدىن باشقا كۈندە (يەنى ئالتىنچى كۈندىن باشلاپ قالغان كۈنلەردە) كەلگەن قان ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈندە كەلگەن قان، توپتۇغرا ئۇنىڭ ئىلگىرى ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈندە كەلمەي ئازراق ئالمىشىپ كەلگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئادىتى ھەيز كۆرۈدىغان ۋاقىتتا ئەمەس پەقەت ھەيز كۆرۈدىغان كۈننىڭ ساندا ئالماشقان بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئادىتى ھەرئاينىڭ بېشىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچۈنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى كۈنلىرى بولۇپ بەش كۈن ھەيز كۆرۈش بولغان، بۇ قېتىمدا ئۇ ئايالنىڭ ھەيز قېنى ئاينىڭ ئۈچۈنچى كۈنىنىڭ ئەتتىگىنىدىن تارتىپ باشلىنىپ ئون بىر كۈن داۋام قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئاينىڭ ئۈچۈنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى كۈنلىرى كەلگەن قان ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. قالغانلىرى ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرىنىڭ ساندا ئالمىشىش بولغان بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئادىتى ھېساپلىنىدىغان بەش كۈن ئۈچ كۈنگە ئازلىغان بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل ھالەت: بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ كۆرگەن قانلىرى ئون كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكىدۇر.

بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ كۆرگەن قانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئايال قانچە كۈن ھەيز كۆرگەن بولسا، شۇ كۈنلەر ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئادىتى (ھەر ئايدا) بەش كۈن ھەيز كۆرۈش بولغان، بۇ قېتىم ئۇ ئايال سەككىز كۈن ھەيز كۆرگەن بولسا، بۇ سەككىز كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈش ئادىتىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن ئادەتنىڭ

مۆشۈنىڭغا ئوخشاش ئالمىشىشىنىڭ بىر شەرتى بار بولۇپ ئۇ بولسىمۇ ئىلگىرى كۆرگەن ھەيز بىلەن كېيىن كۆرگەن ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن پاك ئۆتۈشتۇر.

ئەگەر ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆرگەن ھەيز بىلەن كېيىن كۆرگەن ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا پاك ئۆتكەن كۈنلىرى ئون بەش كۈندىن ئاز بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ بۇ قېتىم كۆرگەن قېنى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىنچى قاننى ئون بەش كۈن پاك ئۆتمەي تۇرۇپ كۆردى. ئون بەش كۈنگە يەتمىگەن بىر ۋاقىتتىكى بۇ پاك ئۆتۈش ئىككى ھەيزنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىشقا يېتەرسىز بولغان بىر پاكلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۇ ئىككى قان ئارىسىنى ئايرىغۇچى پاكلىق ھېساپلانماستىن ئەكسىچە، ئۇ ۋاقىت قان كېلىپ تۇرغاننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالدىن قان كەلگەن ۋاقىت، ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قانچە كۈن ھەيز كۆرگەنلىكىنى ھېساپلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەيزى ئۇنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتى بويىچە ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئادىتى (ھەر ئايدا) بەش كۈن ھەيز كۆرۈش بولغان، بۇ قېتىمدا ئۇ ئالتە كۈن ھەيز كۆرگەن بولسا، ئالتىنچى كۈنىمۇ ھەيز ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئايال (ئالتە كۈن ھەيز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن) ئون تۆت كۈن پاك ئۆتۈپ ئاندىن يەنە قان كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆرگەن بۇ قانلىرى ئۇنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتى بويىچە ھېساپلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئىلگىرى بىر قېتىملىق كۆرگەن ئالتە كۈن ھەيزىنىڭ بەش كۈنى ئۇنىڭ نورمال ھەيزى ھېساپلىنىدۇ ۋە ئالتىنچى كۈنى ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا: مۇئەييەن بىر كۈندە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالدىن بۇ قېتىمدا ئۇنىڭدىن كەلگەن قان ئۇنىڭ ئادىتىگە قارشى كېلىپ ھەتتا ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ھەيزى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن بۇ قېتىمدا كەلگەن قان ئۇنىڭ ئادىتىگە ئوخشىمىغان شەكىلدە كەلگەن ئەمما ئون كۈندىن ئېشىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ھالەتتە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك (ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن پاك ئۆتۈش شەرتى بىلەن) ئۇنىڭ ئادىتى ئالماشقان ھېساپلىنىدۇ.

## مىساللار

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بەركەۋىي دېگەن ئالىمنىڭ ھەيز ھەققىدە يازغان كىتابىدىن تۆۋەندىكى مىساللارنى كەلتۈردۇق:

1 ـ بىر ئايالنىڭ ئادىتى بەش كۈن ھەيز كۆرۈش ۋە 55 كۈن پاك ئۆتۈش بولغان، بۇ قېتىمدا ئۇ ئادىتى بويىچە بەش كۈن ھەيز كۆرگەن، ئاندىن ئون بەش كۈن پاك ھالەتتە ئۆتكەن، ئاندىن ئون بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئون بىر كۈن كۆرگەن قېنى كامىل بىر پاكلىقنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئون بىر كۈننىڭ بەش كۈنى ئىككىنچى ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ قان ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەيزى ئۇنىڭ ئادىتى بولغان بەش كۈن بويىچە ھېساپلاندى. مانا بۇ مىسالدا ئۇنىڭ ئادىتىنىڭ ۋاقتى ئالماشتى. ئەمما ئادەتلەنگەن ھەيز كۆرۈدىغان ۋاقتىنىڭ كۈن سانى ئۆز پېتى قېلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئىككىنچى قېتىم قان كۆرۈشنى باشلىغاندىن تارتىپ بەش كۈن ئۇنىڭ ھەيزىگە ھېساپلىنىشىدۇر.

2 ـ بىر ئايالنىڭ ئادىتى بەش كۈن ھەيز كۆرۈش ۋە 55 كۈن پاك ئۆتۈش بولغان، ئۇ بۇ قېتىمدا بەش كۈن قان كۆرگەن ۋە 46 كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئون بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئون بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈن ئۇنىڭ ئادەتتە ھەيز كۆرۈدىغان كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئادىتى ھەر 55 كۈن پاك ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم ھەيز كۆرۈش ئىدى. لېكىن ئۇ ئىككى كۈن، ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا مىقدارىدىنمۇ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىككى كۈن ئايرىم بىر ھەيز ھېساپلانمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ ئون بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بەش كۈن ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ ۋە قالغان ئالتە كۈن ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېساپلىنىدۇ. مانا بۇ مىسالدا ئۇنىڭ ئادىتى ۋاقىت جەھەتتىن ئالماشقان بولىدۇ.

3 ـ بىر ئايالنىڭ ئادىتى بەش كۈن ھەيز كۆرۈش ۋە 55 كۈن پاك ئۆتۈش بولغان، بۇ قېتىمدا ئۇ ئايال بەش كۈن قان كۆرگەن ۋە 48 كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئون ئىككى كۈن قان كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن بۇ ئون ئىككى كۈن ئىچىدىن يەتتە كۈندە كەلگەن قان ئۇنىڭ ئادەتتە پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرىدە كەلدى. ئەمما قالغان بەش كۈندە كەلگەن قان ئۇ ئايال ئادەتتە ھەيز كۆرىدىغان

كۈنلەردە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەش كۈن قان ئۇنىڭ ھەيزى ھېسابلىنىدۇ. ئالدىدىكى يەتتە كۈن بولسا، ئۇنىڭ نورمالسىز ھەيزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىسالدا ئۇنىڭ ئادىتى ۋاقىت جەھەتتىن ياكى سان جەھەتتىن ئالماشمىغان بولىدۇ.

4 - بىر ئايالنىڭ ئادىتى بەش كۈن ھەيز كۆرۈش ۋە 55 كۈن پاك ئۆتۈش بولغان، ئۇ بۇ قېتىمدا بەش كۈن قان كۆرگەن ۋە 54 كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن بىر كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئون تۆت كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن يەنە بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئىككى قان ئارىسىدا پاك ئۆتكەن ۋاقىت ئون بەش كۈندىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىككى قان ئارىسىنى ئايرىغۇچى پاكلىق ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ توختىماي قان كېلىپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ مەسىلە تۆۋەندىكى شەكىلدە ئىزاھلىنىدۇ:

بىر ئايالنىڭ ئادىتى بەش كۈن ھەيز كۆرۈش ۋە 55 كۈن پاك ئۆتۈش بولغان، ئۇ بۇ قېتىم بەش كۈن قان كۆرگەن ۋە 54 كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئون ئالتە كۈن قان كۆرگەن بولسا، ئۇ ئون ئالتە كۈننىڭ بىرىنچى كۈنى (ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان ئادىتى بولغان 55 كۈننىڭ) تولۇقلىمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئايال بىر كۈن ھۆكمەن پاك ئۆتكەن كۈنلەردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كۈندىكى قان، نورمال ھەيز قېنى ئەمەس نورمالسىز ھەيز قېنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن بەش كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈنلەر ئادەتتە ئۇ ئايال ھەيز كۆرىدىغان كۈنلەرگە توغرا كەلگەندۇر. ئەگەر ئۇ ئايال بۇ بەش كۈن ئىچىدە ئۆزىدىن قاننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرمىسىمۇ ئۇ ھۆكمەن ھەيز كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مىسالدا ئۇنىڭ ئادىتى ۋاقىت جەھەتتىنمۇ ۋە سان جەھەتتىنمۇ ئالماشمىغان بولىدۇ.

## مۇئەييەن كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايالنىڭ ھەيزىنىڭ ئاخىرلىششى

مەن قان كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايالنىڭ ھەيزىنىڭ ئاخىرلىشىشىنىڭ ھالەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى مۇھىم بولغان بىر پىكىرنى بايان

**قىلماقچىمەن. ئۇ بولسىمۇ تۆۋەندىكى ئىبارەتتۇر:**

**يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ تەييارلاش، يۇيۇنۇش، كىيىملەرنى سېلىش كېيىن كىيىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى ھەيز مۇددىتىنىڭ ئىچىدىن ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ھەيز قېنى ئون كۈندىن ئاز بىر ۋاقىتتا توختاپ قالغان بولسا، ئۇ ئىشلار ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت ھەيز مۇددىتىنىڭ تولۇقلىمىلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال تەيەممۇم قىلىشنى دۇرۇس قىلىدىغان بىر ئۆزرە بىلەن يۇيۇنماي تەيەممۇم قىلىدىغان بولسا، تەيەممۇمنىڭ مۇددىتى ھەيزنىڭ مۇددىتىنىڭ ئىچىدىن ھېساپلىنىدۇ.**

**بىر ئايالنىڭ قېنى بىر نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا توختىغان بولسا، بۇ نامازنىڭ ئۇنىڭ بويىنىغا قەرز بولۇپ ئۇ ئايالغا ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ بىر شەرتى ئۇ ئايال (يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ تەييارلاش، يۇيۇنۇش، كىيىملەرنى سېلىش كېيىن كىيىشتەك ئىشلارغا) يەتكىدەك ۋاقىتقا ئىرىشكەندىن كېيىن يەنە (نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان <الله ئەكبەر> دېگەن تەكبىرنىڭ) پەقەت <الله> دېگەن سۆزنى سۆزلىيەلىگىدەك ۋاقىتنى تېپىشى لازىمدۇر. (نامازنىڭ بېشىدا) پەقەت <الله> دېگەن سۆزنى دېيىش ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىچە نامازغا كىرىش ھېساپلىنىدۇ.**

**ئەمما ھەيزنىڭ قېنى تولۇق ئون كۈن توشۇپ بولغاندىن كېيىن توختىغان بولسا، ھەيز كۆرگەن مۇددەتنىڭ ئۇنىڭ ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتى بولغان ئون كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يۇيۇنۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ياكى ئۇ ئايال ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن يۇيۇنۇشقا قادىر بولالمىسا، تەيەممۇم قىلىشقا كەتكەن ۋاقىت (ھەيزنىڭ مۇددىتىدىن ئەمەس) پاكلىقنىڭ مۇددىتىدىن ھېساپلىنىدۇ. يەنى بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال قېنى توختىغان ھامان ھەيزنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكەن ھېساپلىنىدۇ. قېنى توختاش بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشنىڭ ئارىلىقىدا <الله> دېگەن سۆزنى سۆزلىيەلىگىدەك ۋاقىت بولسا، ئۇ ئايالغا شۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. (نامازنىڭ بېشىدا) پەقەت <الله> دېگەن سۆزنى دېيىشنىڭ نامازغا كىرىش ھېساپلىنىشى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدۇر. پەتۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىچە نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىر <الله ئەكبەر> دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىپ تاپىدۇ. ھەر ئىككى ئىمامنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسەن شۇنداق دەپ نامازغا كىرىش پاكلىقنىڭ مۇددىتىدىن**

ھېساپلىنىدۇ. شۇنداق دەپ نامازغا كىرىشنىڭ پاكلىقنىڭ مۇددىتىدىن ھېساپلىنىشى ئۈچۈن ھەيز قېنىنىڭ ئون كۈندىن ئاز بىر ۋاقىتتا توختاپ قېلىش بىلەن تولۇق ئون كۈن توشقاندىن كېيىن توختاپ قېلىشنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر.

بۇ ھەقتە روزىمۇ نامازغا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ قېنى ئون كۈنگە يەتمىگەن، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يۇيۇنغىلى ۋە <الله> دەپ نامازغا كىرىۋالغىلى بولغىدەك بىر ۋاقىتتا توختىغان بولسا، ئۇ ئايالغا شۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش پەرزدۇر. ئەگەر قان توختاپ تاڭ ئاتقۇچە ئارىلىقتا بولغان مۇددەت (يۇيۇنۇشقا ۋە <الله> دەپ نامازغا كىرىۋېلىشقا ) يەتمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ كۈننىڭ روزىسىنى تۇتۇش توغرا ئەمەس. ئۇ ئايال ئۇ كۈنى رامىزاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئاماق يېمەي ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ كۈندە روزا تۇتقان بولسا، تۇتقان روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر.

ئەگەر ئۇنىڭ قېنى تولۇق ئون كۈن توشۇپ بولغاندىن كېيىن تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى <الله> دەپ نامازغا كىرىۋالغىدەك بىر ۋاقىتتا توختىغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ كۈننىڭ روزىسىنى تۇتۇش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قېنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى <الله> دەپ نامازغا كىرىۋالغىدەك بىر ۋاقىتتا توختۇمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ كۈننىڭ روزىسىنى تۇتۇشى توغرا ئەمەستۇر. (ۋە ئۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ).

ھەيز قېنىنىڭ توختاپ قېلىشى ئۈچۈن تۆت ھالەت باردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايالنىڭ ھەيز قېنى تولۇق ئون كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىق كەلگەن بولسا، ئون كۈن توشقان ھامان گەرچە ئۇ ئايالنىڭ قېنى توختۇمىغان بولسىمۇ (ياكى توختاپ) يۇيۇنمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ پاك بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇ ئايال يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ھەيز قېنى ئون كۈندىن ئارتۇق كەلمەيدۇ. لېكىن، ئىبنى ئابىدىننىڭ دېگىنىگە ئوخشاش ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان جىنسىي مۇناسىۋەتنى يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىش مۇستەھەپتۇر. بۇ قان كۆرۈشنى

دەسلەپ باشلىغان قىز ياكى ئادىتى تولۇق ئون كۈن بولغان مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايال بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەمما ئادىتى ئون كۈندىن ئاز بولغان مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايال بولغان ۋە ئۇنىڭ ھەيز قېنىنىڭ كېلىشى داۋام قىلىپ ھەتتا ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ ئادىتى تۈگىگەن كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭ پاك بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئادىتى تۈگىگەن كۈندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. مەسىلەن: يەتتە كۈن ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالنىڭ (بۇ قېتىمقى) ھەيز قېنى داۋام قىلىپ ھەتتا ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، يەتتە كۈن ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئادىتى بولغان يەتتە كۈندىن ئېشىپ كەتكەن كۈنلىرىنىڭ نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر.

2 ـ مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالنىڭ قېنى ئون كۈنگە يەتمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتىدىنمۇ ئاز بولمىغان بىر ۋاقىتتا توختاپ قالغان بولسا، بۇ ئايالنىڭ ناماز ھەققىدىكى ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ: ئۇنىڭ قېنى توختىغان ۋاقىت بىلەن شۇ چاغدىكى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشىنىڭ ئارىلىقىدا يۇيۇنغىدەك ۋە «الله» دەپ نامازغا كىرىۋالغىدەك مۇددەت بولسا، ئۇ ئايالغا شۇ چاغدىكى نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر. ئەمما ئۇنىڭ قېنى توختىغان، لېكىن قېنى توختىغان ۋاقىت بىلەن شۇ چاغدىكى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشىنىڭ ئارىلىقىدا يۇيۇنغىدەك ۋە «الله» دەپ نامازغا كىرىۋالغىدەك مۇددەت بولمىسا، ئۇ ئايالغا شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزى پەرز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەستۇر. ئۇ ئايال ئۇ نامازدىن كېيىن كەلگەن نامازلارنى ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ھەيز قېنى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئون مىنۇت ئىلگىرى توختىغان بولسا، بۇ ئون مىنۇت ئادەتتە ئەگەر يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ تەييارلاش، يۇيۇنۇش ئۈچۈن كىيىمنى سېلىش، ئاندىن يۇيۇنۇش، ئاندىن كىيىمنى كىيىش ۋە «الله» دەپ نامازغا كىرىۋالغىدەك ئىشلارغا يېتىدىغان بولسا، ئۇ ئايالغا پېشىن نامىزىنى ئوقۇش لازىم بولىدۇ. (ئۇ ئايال شۇنچىلىك ۋاقىت قالغانلىقى ئۈچۈن پېشىن نامىزىنى ئوقۇيالمىغان بولغاچقا) ئۇنىڭغا ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ ئون مىنۇت ئادەتتە

شۇ ئىشلارغا يەتمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا پىشىن نامىزىنى ئوقۇش لازىم ئەمەستۇر ۋە ئۇنىڭغا قېنى توختاپ دەسلەپ كەلگەن ناماز ئەسرىنى ئوقۇش پەرز بولىدۇ.

ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ: ئېرى ئۇ ئايال بىلەن تاكى ئۇ يۇيۇنمىغىچە ياكى بىرەر سەۋەب بىلەن يۇيۇنۇشقا قادىر بولالمىسا، ناماز ئوقۇغىلى بولىدىغان دەرىجىدىكى كامىل تەيەممۇم ۋە ئۇ تەيەممۇم بىلەن بىر ۋاقىت ناماز ئوقۇمىغىچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ئىبنى ئابىدىن <رد المحتار> دا شۇنداق بايان قىلىپ بولۇپ ئاندىن: «ئالىملارنىڭ تەيەممۇم قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇشنى بىللە شەرت قىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، تەيەممۇمنىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتى ھەيزدىن خالى بولۇشتۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن ئەگەر ئۇ ئايال تەيەممۇم قىلىپ شۇ تەيەممۇم بىلەن بىر ۋاقىت نامازنى ئوقۇسا ۋە شەرىئەت ئۇنىڭ ئوقۇغان ئۇ نامىزىنىڭ توغرا بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلسا، بۇ ئۇ ئايالنىڭ تەيەممۇمىنىڭ توغرا بولغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەيزدىن چىققانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر» دېدى. ئۇنىڭ <كامىل تەيەممۇم> دېگەن سۆزىدىن بولغان مەقسىدى (بەش ۋاخ نامازلارغا ئوخشاش) رۇكۇئ ، سەجدىلىك ۋە ئەگەر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە قازاسى قىلىنىدىغان نامازلارنى ئوقۇشقا بولىدىغان كامىل تەيەممۇمدۇر. بۇ جىنازە ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن قىلىنغان تەيەممۇم ئەمەستۇر. چۈنكى، جىنازە ۋە ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، (ئۇلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ جىنازە بىلەن ھېيت نامىزى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشى ۋە ئۇ ئىككى نامازنى ئوقۇشى توغرا ئەمەستۇر.

شۇنداق، ئەگەر ئۇنىڭ قېنى تولۇق ئون كۈن توشۇپ بولغاندىن كېيىن توختىغان بولسا، ئۇنىڭ جىنازە ۋە ھېيت نامازلىرىغىمۇ تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولىدۇ. ئۇنىڭ قېنى توختىغان ۋاقىت بىلەن شۇ چاغدىكى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنغىدەك ۋە <الله> دەپ نامازغا كىرىۋالغىدەك بىر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۇنىڭ بويىنىغا قەرز بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن ئۇ يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىمۇ توغرا بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ قېنى كۆپ چىقىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇش ۋە <الله> دەپ نامازغا كىرىشىلىشقا يەتمەيدىغان بىر ۋاقىتتا توختىغان بولسا، ئىمام بەركەۋىينىڭ دېگىنىگە ئوخشاش ھەتتا پىشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرمىگۈچىلىك ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئېرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ. چۈنكى، بىرەر نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش بىر ئىنساننىڭ بوينىغا قەرزگە ئايلىنىشى ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرىشى بىلەن بولىدۇ.

3 ـ مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالدىن قان ئۈچ كۈن ياكى ئۈچ كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت كەلگەن، لېكىن قان، ئۇ ئايالنىڭ ئىلگىرى ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرى توشماي تۇرۇپ توختاپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئېھتىيات تەرىپىنى تۇتۇشىمىز لازىمدۇر.

بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ ناماز ۋە روزا ھەققىدىكى ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ: خۇددى بىز ئىككىنچى ھالەتتە بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۇنىڭ قېنى توختاش بىلەن شۇ چاغدىكى نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ياكى (ئەگەر رامىزان ئېيىنىڭ ئىچىدە بولسا) تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنغىدەك ۋە <الله> دەپ نامازغا كىرىۋالغىدەك ۋاقىت بولسا، ئۇنىڭغا نامازنى ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش پەرز بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئايالنىڭ نامازنى ئۇنىڭ ئوتتۇرھال ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈشى ۋاجىپتۇر. ئەمما ئۇنىڭ قېنى ئۇنىڭ ئادىتى تولۇق توشۇپ بولغاندىن كېيىن توختىغان بولسا، نامازنى ئۇنىڭ ئوتتۇرھال ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈشى مۇستەھەپتۇر.

ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ: ئۇ ئايال يۇيۇنغان بولسىمۇ تاكى ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرى تولۇق توشماي تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، ئادەتتە كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇنىڭ قېنى قايتا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشماي تۇرۇش ياخشىدۇر.

ئىمام بەركەۋىي مۇشۇ ھالەتتە قانداق ئېھتىيات قىلىشنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنى ئون كۈن بولغان، ئۇ (بۇ قېتىمدا) ئۈچ كۈن ھەيز كۆرگەن ۋە ئالتە كۈن پاك

ئۆتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش پەرز بولغان بولىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادىتى بولغان ئون كۈن تولۇق تۈشمىگىچە ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھالال ئەمەستۇر.»

ئىبنى ئابىدىن بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئىزاھلىدى: «ئەگەر بۇ ھەيز ئۇ ئايالنىڭ (تالاقنىڭ ئىددىتىنى تونۇۋاتقاندا كۆرۈۋىغان ئۈچ ھەيزىنىڭ) ئۈچۈنچىسى بولىدىغان بولسا، بۇ ھەيز بىلەن ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېنىشالايدىغان ھەققى تۈگىگەن بولىدۇ[1] ۋە ئۇ ئايال ئېھتىيات قىلىپ (تاكى ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرى تولۇق توشمىغىچە) باشقا ئەرگىمۇ تەگمەيدۇ. يەنى ئەگەر ئۇ ئايال ئىددەت ئىچىدە يېنىشقىلى بولىدىغان خىلدىكى تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى ئۇنىڭ ئۈچۈنچى ھەيزىنىڭ كۈنلىرى تۈگەش بىلەن تۈگەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېنىششى ھالال ئەمەستۇر. ئەگەر ئېرى ئۇ ئايال پاك ئۆتكەن ئالتە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقان بولسا، بۇ يېنىشىش توغرا بولمايدۇ. ئەر ئۇ ئايال پاك ئۆتكەن ئۇ ئالتە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقان، ئاندىن ئۇ ئايال ئونىنچى كۈنى ئۆزىدىن قان كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە شۇ كۈنى توختىغان ياكى ئادىتى بولغان ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ھەيزى ئۇنىڭ ئادىتى بولغان ئون كۈن بويىچە ھېساپلىنىدۇ ۋە ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېنىششى ئۈچۈنچى ئىددەتنىڭ ئىچىدە بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ بۇ يېنىششى توغرا بولغان يېنىشىش ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايال تاكى ئىلگىرى ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئون كۈنى تولۇق توشمىغىچە ئېھتىيات قىلىپ باشقا بىر ئەر بىلەنمۇ توي قىلمايدۇ. (ئەگەر توي قىلىپ قالغان تەقدىردە ) تاكى ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرى تۈگۈگىچىلىك ئۆزىدىن قاننىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرمىگەنگە قەدەر ئىككىنچى ئەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ. تاكى ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرى تۈگۈگىچىلىك ئۇنىڭدىن قان كەلمىگەن چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان نىكاھنىڭ، ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى تولۇق چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توغرا نىكاھ قىلىنغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

(1) يەنى تالاق ئۈچ خىل بولۇپ ئۇنىڭ بىرى بولسا، ئىددەت ئىچىدە يېنىشقىلى بولىدىغان تالاقتۇر. مەسىلەن: بىر ئەر ئايالىنىڭ ئەرگە تەك دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن خېتىنى بەرگەن بولسا، ئۇ ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن تاكى ئۇنىڭ ئۈچ ئىددىتى چىقىپ بولغىچە يېنىشىش ھەققى بار. ت.

بۇ يەردە روزىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنى ئون كۈن بولغان، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ ئۈچ كۈن ھەيز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ھەيزى توختاپ قالغان بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنىڭ روزا تۇتۇشى ۋە ناماز ئوقۇشى پەرز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال تۆت كۈن پاك ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قايتا قان كەلگەن بولسا، بۇ قاننىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ھەيزىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكى ۋە پاك ئۆتكەن ئۇ تۆت كۈننىڭ ھەيز كۈنلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇ كۈنلەردە تۇتقان روزىسى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇ روزىلارنىڭ قازاسىنى قىلىش پەرز بولىدۇ.

4 ـ مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالنىڭ قېنى ئۈچ كۈنگە بارماي تۇرۇپ توختاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشى پەرزدۇر. لېكىن نامازنى، ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقتىغىچە ئەمەس ئۇنى ئوقۇش مۇستەھەپ بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈش ۋاجىپتۇر. ئەگەر شۇ چاغقىچە ئۇنىڭدىن قان قايتا كەلمىگەن بولسا، <دۇررۇلمۇھتار> دا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇنىڭ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشى لازىمدۇر. بىز بۇنىڭدىن بىر ئايالنىڭ قېنى ئەگەر ئۈچ كۈنگە بارماي تۇرۇپ توختاپ قالسا، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا (يۇيۇنۇش ئەمەس) پەقەت تاھارەت ئېلىشلا لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۇنىڭ قېنى ئەگەر ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىقراق كۈندىن كېيىن توختاپ قالسا، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن يۇيۇنىشى لازىمدۇر. چۈنكى، ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن جىقراق كۈن كەلگەن قان بولسا، ھەيز قېنىدۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يۇيۇنۇش لازىمدۇر).

س: ئۇنىڭغا يۇيۇنىشنى ۋە نامازنى تاكى نامازنى ئوقۇش مۇستەھەپ قىلىنغان ۋاقىتقىچىلىق كېچىكتۈرۈش ۋاجىپ بولامدۇ؟

ج: ئەگەر ئۇنىڭ قېنى ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرى توشاشتىن بۇرۇن توختاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا (يۇيۇنىشنى ۋە نامازنى تاكى نامازنى ئوقۇش مۇستەھەپ قىلىنغان ۋاقىتقىچىلىق) كېچىكتۈرۈش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قېنى ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈنلىرى توشۇپ بولغاندىن كېيىن توختاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا (يۇيۇنۇشنى ۋە نامازنى

تاكى نامازنى ئوقۇش مۇستەھەپ قىلىنغان ۋاقىتقىچىلىق) كېچىكتۈرۈش مۇستەھەپتۇر. بۇ مەسىلە <رد المحتار> دا شۇنداق بايان قىلىنغان.

ئۇ ئايالنىڭ روزا ھەققىدىكى ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر ئۇنىڭ قېنى ئۈچ كۈنگە بارماستىن كېچىدە توختىغان بولسا، روزا تۇتىدۇ. ئەگەر قېنى كۈندۈزدە توختىغان بولسا، رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇ كۈننى روزا تۇتقان كىشىدەك (تاكى ئىپتار ۋاقتىغىچە) بىر نەرسە يېمەي ئۆتكۈزىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن ھەيز ھەققىدە يېزىلغان بىر كىتابقا يازغان شەرھىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھالەتنى ئىزاھلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالنى بەردى:

بىر ئايالنىڭ ھەيز كۆرۈشتىكى ئادىتى ئون كۈن بولغان، ئۇ ئايال بۇ ئون كۈننى بىر كۈن ھەيز كۆرۈش ۋە بىر كۈن پاك بولۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولسا، ئۇ ئايال قاننى كۆرگەن بىرىنچى كۈنىدە ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە (ئەگەر رامىزان ئېيى بولسا) روزا تۇتمايدۇ. ئەگەر قېنى ئىككىنچى كۈنى توختاپ قالسا، تاھارەت ئېلىپ نامازنىمۇ ئوقۇيدۇ ۋە (ئەگەر رامىزان ئېيى بولسا) روزىنىمۇ تۇتىدۇ. ئەگەر ئۈچۈنچى كۈنى قان كەلسە نامازنى ئوقۇمايدۇ ۋە روزىنىمۇ تۇتمايدۇ. ئەگەر تۆتىنچى كۈنى قان توختۇسا يۇيۇنىدۇ، ئاندىن نامازنى ۋە روزىنى تۇتىدۇ. تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ تاكى ئون كۈن توشقانغا قەدەر قېنى توختىغان ھەر بىر كۈندە يۇيۇنۇپ ئاندىن نامىزىنى ئوقۇيدۇ ۋە (ئەگەر رامىزان ئېيى بولسا) روزا تۇتىدۇ.

## قاننىڭ داۋاملىششى

ئىبنى ئابىدىن بەركەۋىينىڭ ھەيز ھەققىدە يازغان كىتابىغا يازغان شەرھىدە قاننىڭ داۋاملىششىغا مۇنداق ئۇقۇم بەردى:

قاننىڭ داۋاملىششى بولسا قاننىڭ، ھەيزنىڭ ئەڭ چىق مۇددىتى بولغان ئون كۈندىن ئېشىپ كېتىشىدۇر.

قاننىڭ داۋاملىششى ياكى مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايالدا بولىدۇ، ياكى قان كۆرۈشنى تۇنجى قېتىم باشلىغان ئايالدا بولىدۇ.

# مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايالدا قاننىڭ داۋاملىششىنىڭ ھۆكمى

مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايالنىڭ قېنى داۋاملىشىپ ھەيزىنىڭ ئەڭ چىق مۇددىتى بولغان ئون كۈندىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنىڭ پاكلىق ۋە ھەيزدارلىق ۋاقتى ئۇنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتى بويىچە ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئادەتلەنگەن پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى ئالتە ئايدىن ئاز بولۇش شەرتى بىلەن بارلىق ھۆكۈملەردە ئۇنىڭ ھەيزدارلىق ۋە پاكلىق ۋاقتى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىلگىرى ئادەتلەنگەن پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى ئالتە ئايدىن چىق بولسا، ئۇنىڭ پاكلىق ۋاقتى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ھېساپلانمايدۇ. ئىبنى ئابىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «چۈنكى، ئىككى قان ئارىسىدا پاك ئۆتىدىغان مۇددەت ئادەتتە قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتىنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى بولغان ئالتە ئايدىن ئاز بولۇشى لازىمدۇر.»

(ئىلگىرى ئادەتلەنگەن پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى ئالتە ئايدىن چىق بولغان ئايال، ئەگەر تالاق قىلىنىپ كەتكەن ۋە تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتماقچى بولغان بولسا)، ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا پاك ئۆتىدىغان مۇددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملارنىڭ بىر نەچچە خىل كۆز قاراشلىرى باردۇر. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى ئىككى قاراش ئەڭ كۈچلۈكتۇر:

1 ـ قورساق كۆتۈرۈش پاكلىقى بىلەن ھەيز پاكلىقىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ (ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا) پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى بىر نەچچە سائەت كەم ئالتە ئايدۇر.

2 ـ ئۇنىڭ (ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا) پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى ئىككى ئايدۇر. ئىككىنچى قاراشنىڭ پەتىۋا بەرگۈچىگە ۋە ئاياللارغا ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلمەكتەدۇر.

قان كۆرۈشنى دەسلەپ باشلىغان قىزدا قاننىڭ داۋاملىششىنىڭ ھۆكمى

بۇ خىلدىكى قىزدا قاننىڭ داۋاملىششىنىڭ تۆت خىل ھالىتى باردۇر. بۇ تۆت خىل ھالەتنى بەركەۋىي ئۆزىنىڭ ھەيز ھەققىدە يازغان كىتابىدا بايان قىلغان. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

**بىرىنچى ھالىتى:** ئۇ قىز تۇنجى ھەيز كۆرۈشنى باشلىغاندىن تارتىپ قېنى توختاپ قالماي داۋام قىلىشىدۇر. بۇ ھالەتتە ئۇ قىز قان كۆرۈشنى باشلىغاندىن تارتىپ ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى، 20 كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ ۋە بۇ، ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ قالغان بولىدۇ.[1]

ئەگەر ئۇ قىز (بالا تۇغۇپ) نىفاسدار بولغان بولسا، ئۇنىڭ نىفاسدار ۋاقتى 40 كۈن قىلىپ بېكىتىلىدۇ. 40 كۈن ئۇنىڭ نىفاسدار بولىدىغان ۋاقتىغا چىقىرىلىپ كەتكەندىن كېيىن 20 كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان ۋاقتىغا چىقىرۋېتىلىدۇ. چۈنكى، نىفاس قېنى بىلەن ھەيز قېنى ئارقىمۇ ـ ئارقا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىفاس قېنى بىلەن ھەيز قېنىنىڭ ئارىسىدا كامىل بىر پاكلىقنىڭ ئۆتۈشى لازىمدۇر. بۇ قىزنىڭ ھەر ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا پاك ئۆتىدىغان مۇددىتى 20 كۈن دەپ بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ 20 كۈن ئۇنىڭ نىفاس قېنى بىلەن ھەيز قېنىنىڭ ئارىسىدا پاك ئۆتىدىغان ۋاقتىنىڭ مۇددىتى بولۇشى لازىمدۇر.[2]

**ئىككىنچى ھالىتى:** ئۇ قىز بىر قېتىم ئون كۈندىن ئارتۇق قان كۆرۈپ ۋە ئون بەش كۈندىن ئاز پاك ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قىزدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، قان ئون كۈندىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن <بۇزۇق قان> ۋە پاكلىق ئون بەش كۈندىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن <بۇزۇق ياكى يېتەرسىز پاكلىق> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھالەتتە (بۇزۇق قان ۋە بۇزۇق پاكلىق ھېساپلىنىدىغان ئۇنىڭ كۆرگەن بۇ بىر قېتىملىق قېنى ۋە بىر قېتىم پاك ئۆتۈشى) بىلەن ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىر كۈنلەردە ھەيز كۆرىدىغان ئايال، دەپ ئادەت بېكىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغاندىن كېيىنكى ئون كۈن ھۆكمەن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ۋە 20 كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى دەپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ھەتتا ئۇ بىر قېتىم توغرا قان (يەنى ئەڭ ئاز ئۈچ كۈن ئەڭ چىق ئون كۈن ھەيز) كۆرگەنگە ۋە بىر قېتىم توغرا پاكلىق ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەنگە (يەنى ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەنگە) قەدەر ئۇنىڭ

(1) يەنى مەسىلەن: بىر قىز تۇنچى قان كۆرۈشنى باشلىغاندىن تارتىپ يىل بۇيى توختىماي قان كۆرىدىغان بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ قىز قان كۆرۈشنى باشلىغاندىن تارتىپ ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى، 20 كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇنىڭ ئادىتى دەپ قارىلىپ ھەر بىر ئاينىڭ ئون كۈنى ئۇنىڭ ھەيز كۈنى ۋە 20 كۈنى ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنى ھېساپلىنىدۇ. ت.

(2) بىر ئاز ئىلگىرى ھەر ئايدىن ئون كۈننى بۇ قىزنىڭ ھەيز كۈنلىرى، 20 كۈننى ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى ئۈچۈن ئايرىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەر ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا پاك ئۆتىدىغان مۇددىتىنىڭ 20 كۈن ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ت.

ئادىتى ھېساپلىنىدۇ.[1]

بۇنىڭ تەپسىلاتىي مۇنداقتۇر: بالاغەتكە يەتكەن بىر قىز ئون بىر كۈن قان كۆرۈپ بولغاندىن ۋە ئون تۆت كۈن پاك ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش ئىشى داۋام قىلغان بولسا، (بىر ئاينىڭ ئىچىدە) ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنى ۋە 20 كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنى ھېساپلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئىككى قان ئارىسىدىكى بۇزۇق ياكى يېتەرسىز پاكلىق خۇددى قاننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، دەپ بايان قىلغان ئىدۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ قىزنىڭ ھۆكمى، بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپ قان كېلىش داۋام قىلغان قىزنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىز كۆرگەن ئون بىر كۈن قاننىڭ ئون كۈنى ئۇنىڭ ھەيزىغا ھېساپ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى 20 كۈن ھېساپلىنىدۇ.

ئەمما ئەگەر ئۇنىڭ (ئىككى قان ئارىسىدا) پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى ئون بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىق بولغان ۋە بۇ پاكلىق نورمالسىز ھەيزنىڭ قېنىغا ئارىلىشىپ كېتىش بىلەن بۇزۇق پاكلىق، دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە باشقا بىر تەپسىلىي بايان باردۇر.

مەن بۇ تەپسىلىي بايان ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكى بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

قان كۆرۈشنى تۇنچى باشلىغان بىر قىز ئون بىر كۈن قان كۆرۈپ بولغاندىن ۋە ئون بەش كۈن پاك ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا قان كېلىش ئىشى داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئون بىر كۈن قېنى ئون كۈندىن ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇزۇق قان ھېساپلىنىدۇ. پاك ئۆتكەن ۋاقىت ئون بەش كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ پاكلىق توغرا پاكلىق ھېساپلىنىدۇ. لېكىن بۇ پاكلىق مەنا جەھەتتىن بۇزۇق ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ پاكلىقنىڭ بىرىنچى كۈنى قان بىلەن باشلاندى. ئۇ بولسىمۇ (ھەيز كۆرگەن ئۇ ئون بىر كۈننىڭ) ئون بىرىنچى كۈنىدۇر. ھەيزنىڭ ئەڭ چىق مۇددىتى پەقەت ئون كۈن بولغاچقا ئۇ ئون بىرىنچى كۈن ھەيز كۈنلىرىنىڭ قاتارىدىن ھېساپلانماسلىقى شەكسىزدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ كۈن پاكلىق كۈنلىرىگە تەۋەدۇر. بۇ

(1) <توغرا قان كۆرۈش> دېگەن ئەڭ ئۇزۇنى ئون كۈن قان كۆرۈش ۋە <توغرا پاكلىق> دېگەن ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن پاك ئۆتۈش دېگەنلىكتۇر. ت.

**پاكلىقنىڭ بىرىنچى كۈنى (قان بىلەن باشلانغانلىقى سەۋەبى بىلەن) ئۇنىڭغا قان ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پاكلىق ئۇ ئايالنىڭ ئادىتى بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابىدىن ھەيز توغرىسىدىكى كىتابقا يازغان شەرھىدە مۇنداق دېدى:**

**مەقسەت بۇزۇق قان (ئىككى ھەيز ئارىسىدا كەلگەن) پاكلىقنىمۇ بۇزىدۇ. ئۇ پاكلىق خۇددى قاننىڭ ھۆكمىدە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ھۆكمى قان كۆرۈشنى دەسلەپ باشلىغاندىن تارتىپ قېنى داۋاملىق كەلگەن قىزنىڭ ھۆكمىدە قىلىنىپ (بىر ئاينىڭ ئىچىدە) ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ۋە 20 كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ھۆكمىنىڭ قان كۆرۈشنى دەسلەپ باشلىغاندىن تارتىپ قېنى داۋاملىق كەلگەن قىزنىڭ ھۆكمىدە قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ( ئۇنىڭدىن داۋاملىق قان كېلىش ئىشى باشلىنىشتىن ئىلگىرى كۆرگەن) ھەيز كۈنلىرىنىڭ ۋە پاك ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ سانى 30 كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىمدۇر.**

**ئەگەر ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن داۋاملىق قان كېلىش ئىشى باشلىنىشتىن ئىلگىرى كۆرگەن) ھەيز كۈنلىرىنىڭ ۋە پاك ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ سانى 30 كۈندىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ ئايال قېنى داۋاملىق كېلىشكە باشلىغان ۋاقتىدىن باشلاپ قېنى كېلىشى داۋام قىلغان ئايلاردىن ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرى كەلگەن ھەيز قېنى بىلەن كېيىن داۋاملىق كەلگەن قېنى ئارىسىدىكى ۋاقتىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پاكلىقى ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، كۆپىنچە چاغدا ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرگەن ۋە پاك ئۆتكەن مۇددىتىنىڭ بىر ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كەم بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئۆزىدىن قاننىڭ كېلىشى داۋام قىلىشتىن ئىلگىرى مەيلى بىر قېتىم بۇزۇق قان ۋە بۇزۇق پاكلىق كۆرگەن بولسۇن ياكى كۆرمىگەن بولسۇن ئۇنىڭدىن قاننىڭ كېلىشى داۋام قىلغان چاغدا (بىر ئاينىڭ ئىچىدە) ئون كۈنى ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرىگە، ئاينىڭ قالغان 20 كۈنى ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرىگە ھېساپلىنىدۇ.**

**ئەمما پاكلىق پەقەت مەنا جەھەتتىن بۇزۇق بولۇپ بۇ پاكلىقنىڭ كۈنلىرى بىلەن (ئىلگىرى كۆرگەن) ھەيزنىڭ كۈنلىرىنىڭ سانى 30 كۈندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان مۇددىتى پەقەت 20 كۈنلا بولماستىن ئەكسىچە (قان كۆرگەن ئون بىر كۈننىڭ) ئون بىرىنچى كۈنى**

بىلەن ئۆنىڭدىن كېيىن كەلگەن پاكلىق كۈنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆنىڭ پاكلىق كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۆنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ (ھەر ئايدىن) ئون كۈن ئۆنىڭ ھەيز كۈنلىرى ۋە 20 كۈن ئۆنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ.

مەن مەزكۇر قائىدىلەرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىمام بەركەۋىي كىتابىدا بايان قىلغان ئىككى مىسالنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

1 ـ بالاغەتكە يەتكەن بىر قىز ئون بىر كۈن قان كۆرگەندىن ۋە ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەندىن كېيىن ئۆنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالدا بۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى خىل مەسىلە چىقىدۇ:

ـ●پاكلىق ھەقىقەتتە توغرىدۇر. لېكىن ھۆكمەن بۇزۇقتۇر. چۈنكى، (قان كەلگەن ئون بىر كۈنىنىڭ) ئون بىرىنچى كۈنى ئەسلىدە پاكلىق كۈنلىرىگە تەۋە ئىدى.

●ـ قان كېلىش داۋام قىلغان كۈنلەردىن ئىلگىرى قان كۆرگەن ۋە پاك ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ سانى 30 كۈندىن ئازدۇر. يەنى قان كۆرگەن كۈنى ئون بىر كۈن، پاك ئۆتكەن كۈنى ئون بەش كۈن بولۇپ جەمى 26 كۈندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىزنىڭ ھۆكمى دەسلەپتىن تارتىپ قان كېلىش داۋام قىلغان قىزنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. يەنى ئۇ قىز قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغاندىن تارتىپ ئون كۈن ئۆنىڭ ھەيزىگە ھېساپتۇر ۋە 20 كۈن ئۆنىڭ پاك كۈنلىرىگە ھېساپتۇر. ئۆنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان مۇددەت ئىچىدە ئۆنىڭ ھۆكمى مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ.

2 ـ بالاغەتكە يەتكەن بىر قىز ئون بىر كۈن كۆرگەندىن ۋە 20 كۈن پاك ئۆتكەندىن كېيىن ئۆنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى خىل مەسىلە چىقىدۇ:

● ـ پاكلىق ھەقىقەتتە توغرىدۇر. لېكىن، ھۆكمەن بۇزۇقتۇر. چۈنكى، (قان كەلگەن ئون بىر كۈنىنىڭ) ئون بىرىنچى كۈنى ئەسلىدە پاكلىق كۈنلىرىگە تەۋە ئىدى.

● ـ قان كېلىش داۋام قىلغان كۈنلەردىن ئىلگىرى قان كۆرگەن ۋە پاك ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ سانى 30 كۈندىن چىق بولۇپ كېتىشىدۇرر. يەنى قان

كۆرگەن كۈنى ئون بىر كۈن ۋە پاك ئۆتكەن كۈنى20 كۈن بولۇپ جەمى **31** كۈن بولۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدىگە ئاساسەن ئۇنىڭ دەسلەپكى ھەيزى ئون كۈن بولىدۇ. ئون بىرىنچى كۈن ئۇنىڭ پاك كۈنلىرىگە تەۋە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پاك ئۆتكەن كۈنلىرى **21** كۈن بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيزىگە ۋە **20** كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرىگە ھېساپ بولىدۇ.

ئۈچۈنچى ھالىتى: ئۇ قىز بىر قېتىم توغرا قان ۋە بىر قېتىم بۇزۇق پاكلىق كۆرگەن بولسا. بۇ ھالەتتە پەقەت ئۇنىڭ توغرا قان كۆرگەن كۈنلىرى ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ۋاقتى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قان كېلىش باشلانغاندىن كېيىن (ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرىنى) ئۇنىڭ ئادىتىگە بويسۇندۇرۇلۇپ ھېساپلىنىدۇ ۋە (ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ۋاقتىنىڭ تېشىدا قالغان كۈنلەر) ئۇنىڭ پاكلىق كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ.

مەسىلەن: قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان بىر قىز بەش كۈن قان كۆرگەن ۋە ئون تۆت كۈن پاك ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە بەش كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۆرىدىغان كۈنى ۋە **25** كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ (ئون تۆت كۈن پاك ئۆتكەن كۈنلىرىدىن كېيىن) باشلىغان قاننىڭ بىرىنچى كۈندىن باشلاپ **25** كۈن پاك ئۆتىدىغان كۈننى تولۇقلىۋېتىش ئۈچۈن (قان كېلىپ تۇرسىمۇ) ئون بىر كۈن ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن بەش كۈن ناماز ئوقۇشنى توختىتىدۇ. بەش كۈندىن كېيىن يۇيۇنۇپ **25** كۈن ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇ (ھەر ئايدا) مۇشۇنىڭدەك داۋام قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پاكلىقى مەنا جەھەتتىن بۇزۇق بولسىمۇ ئۇنىڭ ھۆكمى شۇنىڭدەك بولىدۇ. مەسىلەن: قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان بىر قىز ئۈچ كۈن قان كۆرگەن، ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن بىر كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىككى پاكلىق ئارىسىدا كۆرگەن بىر كۈن قېنى ئۇ ئىككى پاكلىقنى بۇزۇۋەتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر كۈن قان ھەيز ھېساپلانماستىن ئەكسىچە پاكلىق كۈنلىرىگە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا قان كەلگەن دەسلەپكى ئۈچ كۈن ئۇنىڭ ھەيزى كۈنلىرى ۋە **31** كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئاندىن قان كېلىش داۋام قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ

(ھەر ئايدا) ئۈچ كۈن ئۈنىڭ ھەيز كۈنلىرى ۋە 27 كۈن ئۈنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. مانا بۇ ئۈنىڭ ئادىتى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە قان كېلىش داۋام قىلغان چاغدا ھەر ئايدا ئىلگىرىكى ئادەتنى ھېساپ قىلىشتا ئىلگىرىكى مەسىلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەگەر قان كېلىش داۋام قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆتكەن پاكلىقنىڭ ئىككىنچىسى بۇزۇق پاكلىق بولسا، بۇ ھالەتتە ھۆكۈم ئىلگىرىكىسىدىن باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە ئون بەش كۈندىن كېيىن قان كەلگەن كۈننى ھەيز كۈنلىرىدىن ھېساپلاش مۇمكىنىدۇر. مەسىلەن: بالاغەتكە يەتكەن بىر قىز ئۈچ كۈن قان كۆرگەن، ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن بىر كۈن قان كۆرگەن ۋە ئون تۆت كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئۈنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە دەسلەپكى ئۈچ كۈن ئۈنىڭدىن كەلگەن قان توغرا قاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قان ھەيز قېنى ۋە ئۈنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئون بەش كۈن توغرا پاكلىق ھېساپلىنىدۇ. ئۈنىڭدىن كېيىن قان كەلگەن بىر كۈن (پاك ئۆتكەن ئون تۆت كۈننىڭ ئىچىدىن) ئىككى كۈن بىلەن قوشۇلۇپ ئۈنىڭ ھەيزى ۋە پاك ئۆتكەن (ئۇ ئون تۆت كۈننىڭ ئىچىدىن) ئون ئىككى كۈن قان كېلىش داۋام قىلغان كۈنلەرنىڭ ئىچىدىن دەسلەپكى ئۈچ كۈن بىلەن قوشۇلۇپ جەمى ئون بەش كۈن ئۈنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىز ئۆزىدىن قان كېلىش داۋام قىلغاندىن تارتىپ ئۈچ كۈن ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئۈچ كۈن ناماز ئوقۇشنى توختىتىدۇ. ئاندىن يۈيۈنۈپ ئون بەش كۈن ناماز ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن ئۈنىڭ ھەيز كۈنلىرى ۋە ئون بەش كۈن ئۈنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى دەپ بېكىتىلىدۇ.

تۆتىنچى ھالىتى: قورساق كۆتۈرۈش بىلەن بالاغەتكە يەتكەن قىز توغرىسىدىدۇر.

بىر قىز ياكى ھەيز كۆرۈش بىلەن ياكى قورساق كۆتۈرۈش بىلەن، ياكى قەمەرىيە ئاي ھېسابى بىلەن تولۇق ئون بەش ياشقا كىرىش بىلەن بالاغەتكە يېتىدۇ.

ئەگەر ياش چوكان قورساق كۆتۈرۈش بىلەن بالاغەتكە يېتىپ بالا تۇغقان ۋە تۇغقاندىن كېيىن توغرا بىر پاكلىقنى كۆرمەيلا ئۈنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۈنىڭ نىفاس مۇددىتى 40 كۈن بولىدۇ. 40 كۈن

توشقاندىن كېيىن 20 كۈن ئۇنىڭ پاكلىق كۈنلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان مۇددەت ئىچىدە مانا بۇنداق بىكىتىلىش ئۇنىڭ ئادىتى ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ چوكان توغقاندىن كېيىن 40 كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە قان كېلىش داۋام قىلغاندىن باشلاپ ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ۋە ئون بەش كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ (نىفاستىن كېيىن) ئون بەش كۈندىن 21 كۈنگىچە ئارىلىقتا پاك ئۆتكەن بولسىمۇ ئون كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ۋە قانچە كۈن پاك ئۆتكەن بولسا، شۇ ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ چوكان (نىفاستىن كېيىن) 21 كۈن پاك ئۆتكەن بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتى توققۇز كۈن ۋە پاك ئۆتىدىغان كۈنى 21 كۈن ھېساپلىنىدۇ. (نىفاستىن كېيىن) پاك ئۆتكەن كۈنلىرى كۆپ بولغانسىرى ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى (ئازلاپ ـ ئازلاپ) تاكى ئۇنىڭ ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرى ئۈچ كۈن ۋە پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى 27 كۈنگە كەلگىچە ئازلاشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ (نىفاستىن كېيىن) پاك ئۆتكەن كۈنى 28 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىق بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرى ئۇنىڭدىن قان كېلىش باشلانغاندىن تارتىپ ئون كۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنى (نىفاستىن كېيىن) ۋە قان كېلىش داۋام قىلىشتىن ئىلگىرى قانچە كۈن پاك ئۆتكەن بولسا، شۇ كۈن ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى بولىدۇ[1].

ئەگەر ئۇ چوكان نىفاستىن كېيىن ئون بەش كۈندىن ئاز بىر مۇددەت پاك ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ توغقاندىن باشلاپ 40 كۈن ئۇنىڭ نىفاس كۈنىگە 20 كۈن (نىفاستىن كېيىن) پاك ئۆتىدىغان كۈنگە ۋە ئون كۈن ھەيز كۈنىگە ھېساپلىنىدۇ. بۇ چاغدا بۇ چوكانىنىڭ ھۆكمى خۇددى تۇغۇتىدىن كېيىنلا توختىماستىن قان كېلىشكە باشلىغان ئايالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

ئەگەر ئۇ چوكان 40 كۈن نىفاستىن كېيىن بىر ياكى ئىككى كۈن قان

(1) مەسىلەن: بىر قىز نىفاستىن كېيىن 29 كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ھەيزى ئون كۈن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئالىملار بىردەك قاراشتىدۇر. ئۇنىڭ پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى 29 كۈن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر قېتىم ھەيز كۆرۈش ۋە بىر قېتىم پاك ئۆتۈش كۈنلىرىنىڭ جەمى بىر ئاي ئەمەس 39 كۈن بولىدۇ. ت.

كۆرگەن، ئاندىن ئون بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت پاك ئۆتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭدىن 40 كۈن نىفاستىن كېيىن بىر ياكى ئىككى كۈن كەلگەن قان چوكاندىن ئۇ قاننىڭ كەينىدىن كەلگەن ئون بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغان پاكلىقنى مەنا جەھەتتىن بۇزىدۇ. چۈنكى، (40 كۈن نىفاستىن كېيىن) پاك بولۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان كۈندە ئۇنىڭدىن قان كېلىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئون بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغان) بۇ پاكلىق ئۇنىڭ ئادىتى بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەيز ۋە پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئەگەر ئۇ 40 كۈن نىفاستىن كېيىنمۇ بەش ياكى ئالتە كۈن قان كۆرۈش داۋاملاشقاندىن كېيىن ئون بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىقراق پاك ئۆتۈپ نىفاس بىلەن قان داۋام قىلىش ئىشى ئارىسىدا پاك ئۆتكەن ۋاقىت 20 كۈن[1] ياكى ئۇنىڭدىن چىقراق بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ھەيزى قان كېلىش داۋام قىلغاندىن باشلاپ ئون كۈن ۋە پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى 20 كۈن ھېساپلىنىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئادىتى ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ چوكان 40 كۈن نىفاستىن كېيىن بىر ياكى ئىككى كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئون بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن چىقراق پاك ئۆتۈپ نىفاس بىلەن قان داۋام قىلىش ئىشى ئارىسىدا پاك ئۆتكەن ۋاقىت 20 كۈندىن ئاز بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ قان كېلىش داۋام قىلغان كۈنلىرىدىن ئېلىپ كەم بولغان 20 كۈن تولۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرى ئون كۈن ۋە پاك ئۆتىدىغان كۈنلىرى 20 كۈن ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىش شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

## ھەيرانلىقتا سالغۇچى ياكى ھەيرانلىقتا چۈشۈپ قالغۇچى ئايالنىڭ ھۆكمى

بۇ، قان كېلىش داۋام قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتىنى ئۇنتۇپ قالغان ئايالدۇر. بۇ ئايال <ھەيرانلىقتا سالغۇچى> دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇ، مۆپتىنى ھەيرانلىقتا سېلىپ قويىدۇ. ئۇ ئايال يەنە

(1) 40 كۈن نىفاستىن كېيىن قان كەلگەن بەش ئالتە كۈن بۇ يەردە پاك ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ت.

<ھەيرانلىقتا چۈشۈپ قالغۇچى> دەپمۇ ئاتالدى. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ ئادىتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ھەيرانلىقتا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ يەنە <يۈتتۈرۈپ قويغۇچى> دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتىنى يۈتتۈرۈپ قويغاندۇر.

بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ مەسىلىلىرى ھەيز مەسىلىلىرىنىڭ ئەڭ قىيىنىدۇر ۋە ئەڭ نازۇكىدۇر. بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ بىر نەچچە خىل ھالەتلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك مەسىلىلىرى باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قاچان ۋە قانچە كۈن ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان يادا ئېلىۋېلىشى لازىمدۇر.

ئىبنى ئابىدىن ھەيز ھەققىدىكى كىتابقا يازغان شەرھىدە مۇنداق دېدى: « ئايال كىشىنىڭ مەسىلەن <ھەر ئاينىڭ بېشىدا ياكى ئايىغىدا بەش كۈن ھەيز كۆرۈمەن> دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ قاچان، قانچە كۈن ھەيز كۆرۈدىغانلىقىنى، قاچان پاك بولىدىغانلىقىنى ۋە قانچە كۈن پاكلىق ھالەتتە ئۆتىدىغانلىقىنى ياخشى ئېسىدە ساقلىشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ ئايال ساراڭ بولۇپ قالغانلىق ياكى ھۇشىدىن كەتكەنلىك، ياكى پاسىقلىق قىلىپ دىنغا ئەھمىيەت بەرمەي يۈقىرىدا دېيىلگىنىدەك ئېسىدە چىڭ ساقلاشقا بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلىمىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ ئادىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال ئەقلى ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن ياكى ئۆزىنىڭ (دىنغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىگە) پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن خۇددى قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىدە ياكى نامازنى قانچە رەكەت ئوقۇغانلىقىدا شۈبھىلىنىپ قالغان ئادەم ياخشى ئويلاپ گۇمانى نېمىگە كۈچلۈك كەلسە شۇنى قىلغانغا ئوخشاش[1] ئۇ ئايالمۇ (ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدە) ياخشى ئويلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گۇمانى ئۆزىنىڭ ئاينىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقتىتا ۋە مۇئەييەن بىر كۈندە ھەيز كۆرىدىغانلىقىغا توختۇسا، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ گۇمانى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گۇمانى بىر يەرگە توختۇمىسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ئەڭ ئېھتىياتلىق تەرىپىنى تۇتۇشى لازىمدۇر. »

(1) مەسىلەن: قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئادەم ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن گۇمانى بۇ تەرەپ قىبلە ئىكەن، دەپ كۈچلۈك كەلگەن تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەن نامازنى ئىككى رەكەت ئوقۇدۇممۇ ياكى ئۈچ رەكەت ئوقۇدۇممۇ، دەپ نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قانچە رەكەت ناماز ئوقۇغانلىقىدا شۈبھىلىنىپ قالغان ئادەم ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن گۇمانى ئۆزىنىڭ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغانلىقىغا كۈچلۈك كەلسە نامازنى شۇ يەردىن، ئەگەر ئۈچ رەكەت ئوقۇغانلىقىغا كۈچلۈك كەلسە نامازنى شۇ يەردىن باشلاپ داۋام قىلىدۇ. ت.

بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ بىر نەچچە خىل ھالەتلىرى ۋە بۇلارنىڭ مەسىلىلىرى بەك نازۇك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىملار (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇلارنىڭ ھەممە ھالەتلىرىنى كەڭ دائىرىلىك فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلدى. سەۋرلىك بىلەن ۋە يىراقنى كۆزلەپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. اللە تەئالا ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن!

مەن تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشنى يەنە كەڭ دائىرىلىك فىقھي كىتابلىرىغا تاشلاپ قويۇپ ئىمام تەھتاۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <مراقي الفلاح> دېگەن كىتابقا يازغان ھاشىيەسىدە كەلتۈرگەن ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىنى، ئۇ ھالەتلەرنىڭ چۈشۈنۈش قېيىن بولغان بەزى يەرلىرىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ جۈملە قۇرۇلۇشلىرىغا بەزى ئۆزگەرتىشنى كىرگۈزۈش بىلەن بايان قىلىمەن. ئىمام تەھتاۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ھەيرانلىققا سالغۇچى ياكى ھەيرانلىققا چۈشۈپ قالغۇچى ئايال مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە بولىدۇ: ئۇ، ياكى ئۆزىنىڭ قانچە كۈن ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ قاچان ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولىدۇ، ياكى ئۆزىنىڭ قانچە كۈن ۋە قاچان ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن بىز ئۇ ئايالنىڭ ھۆكۈملىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەتتە بايان قىلىمىز:

**1** ـ بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ھەر ئايدا بىر قېتىم ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما قانچە كۈن ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال قان كېلىش داۋام قىلغاندىن تارتىپ ئۈچ كۈن ناماز ئوقۇشنى توختۇتىدۇ. چۈنكى، (ھەيزنىڭ ئەڭ چىق مۇددىتى ئون كۈن ئەڭ ئاز مۇددىتى ئۈچ كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۈچ كۈن ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلىرى بولۇشى ئېنىقتۇر. ئاندىن قالغان يەتتە كۈندە ئۇ ئايال ھەيزدار ھالەت بىلەن پاكلىق ھالەت ئارىسىدا شۈبھىدە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر نامازغا بىر قېتىم يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. (بىر ئاينىڭ قالغان) **20** كۈنلىرىدە ئۇنىڭ پاكلىق ھالەتتە ئۆتىدىغانلىقى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن (قان كېلىپ تۇرسىمۇ) ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە بۇ **20** كۈن ئىچىدە ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلەيدۇ.

**2** ـ ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ (بىر ئاينىڭ ئىچىدە) قانچە كۈن ھەيز كۆرىدىغانلىقى

بىلىدۇ، ئەمما قاچان ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئۈچ كۈن ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. چۈنكى، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ ئايال ھەيزدار ھالەت بىلەن پاكلىق ھالەت ئارىسىدا شۈبھىدىدۇر. بىر ئاينىڭ قالغان 27 كۈنىدە ئۇنىڭ ھەيزدار ھالىتىدىن ھەر بىر سائەتتە چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر نامازغا بىر قېتىم يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ.

3 ـ ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قانچە كۈن ۋە قاچان ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال قايسى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىغا ئېنىق ئىشەنچە قىلالىسا، ئۇ ئايال شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قايسى چاغدا پاك بولىدىغانلىقىدا ۋە قايسى چاغدا ھەيز كۆرىدىغانلىقىدا شەكلىنىپ قالسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قايسى چاغدا پاك بولىدىغانلىقى ۋە قايسى چاغدا ھەيز كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گۇمانى بىر يەرگە توختىمىسا تاكى ئۇنىڭ گۇمانى بىر يەرگە توختىغانغا قەدەر ھەر بىر نامازغا بىر قېتىم يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال گۇمانى بىر يەرگە توختۇماي داۋاملىق شەك ھالىتى بىلەن ئۆتىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال ھەر بىر نامازغا بىر قېتىم يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ. ئۇ ئايال (بىر ئاينىڭ ئىچىدە) ماۋۇ ـ ماۋۇ كۈنلەردە پاك ياكى ماۋۇ ـ ماۋۇ كۈنلەردە ھەيزدارلىق ھالەتتە بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ ۋە ھەممە ھۆكۈملەردە ئېھتىيات تەرىپىنى تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن: نامازلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت پەرز، ۋاجىپ ۋە كۈچلۈك سۈننەت بولغانلىرىنىلا ئوقۇيدۇ ۋە نەپلە نامازلارنى ئوقۇمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە نەپلە روزا تۇتمايدۇ. نامازلاردا ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىمۇ پەقەت ئايەت ئوقۇش پەرز قىلىنغان مىقدار ئادا بولغىدەك مىقداردا ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: تۆت رەكەتلىك بىر پەرز نامازدا بىشىدىكى ئىككى رەكەتتە پەقەت سۈرە فاتىھەنى ۋە قىسقا ئىككى سۈرە ۋە ئاخىرىدىكى ئىككى رەكەتتە پەقەت سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ.[1] مەسچىتكە كىرمەيدۇ. قۇرئاننى تۇتمايدۇ ۋە نامازنىڭ تېشىدا

(1) يەنى تۆت رەكەتلىك پەرز نامازنىڭ بېشىدىكى ئىككى رەكەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە قوشۇش ۋاجىپتۇر. قوشۇپ ئوقۇماقچى بولغان بۇ سۈرە ئۈچۈن ئۇزۇن بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇماي ۋاجىپ ئادا بولغىدەك قىسقا بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

ئايەت ئوقۇمايدۇ. رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال (قان كېلىش داۋام قىلىشتىن ئىلگىرىدىكى) ھەيزىنىڭ كېچىدە باشلىنىدىغانلىقىنى بىلسە، روزىنىڭ يىگىرمە كۈن قازاسىنى تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ (قان كېلىش داۋام قىلىشتىن ئىلگىرىدىكى) ھەيزىنىڭ كۈندۈزدە باشلىنىدىغانلىقىنى بىلسە، روزىنىڭ يىگىرمە ئىككى كۈن قازاسىنى قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئادا قىلىنمىغان روزىسى ئون بىر كۈندۇر، ئەمما ئۇ قازاسىنى قىلغاندا ئېھتىيات قىلىپ ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئارتۇق قازاسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ (قان كېلىش داۋام قىلىشتىن ئىلگىرىدىكى) ھەيزىنىڭ كېچىدە ياكى كۈندۈزدە باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمىسە، ئۇ ئايال بۇ ھالەتتە كۆپ قىسىمدىكى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىچە روزىنىڭ يىگىرمە كۈن قازاسىنى قىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ تالاق ئىددىتىنىڭ چىقىشى ئۇنىڭ (ئىككى ھەيز ئارىلىقىدا) پاك ئۆتىدىغان ۋاقتى ئىككى ئاي ۋە ھەر بىر ھەيز ئۈچۈن ئون كۈن بېكىتىلىدۇ.

## نىفاس توغرىسىدا

### <نىفاس> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

نىفاسنىڭ مەنا جەھەتتىكى ئۇقۇمى: <بالا تۇغۇش> دېگەنلىك بولىدۇ. تۇغقان ئايال نىفاسدار بولغان ھېساپلىنىدۇ.

### <نىفاس> دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھتىكى ئۇقۇمى

<مراقي الفلاح> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى نىفاسنىڭ ئىستىلاھ جەھەتتىكى ئۇقۇمى ھەققىدە:< نىفاس بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ياكى بالىنىڭ كۆپ قىسمى چىقىپ بولغاندىن كېيىن چىققان قاندۇر> دېدى. يەنى بالا ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن بالىنىڭ كەينىدىن ئايالدىن چىققان قان نىفاس قېنى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بالا ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن چىقماي باشقا بىر يېرىدىن چىققان، ئاندىن ئۇنىڭدىن قان كەلگەن بولسا (يەنى مەسىلەن: بالىنى ئايالنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئالغان بولسا)، ئۇ ئايال نىفاسدار ئايال ھېساپلانمايدۇ. بەلكى ئۇ ئايال تەھتاۋىنىڭ كۆزقارىشىچە جاراھەتلەنگەن

ئايال ھېساپلىنىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىدە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشىنى تۇتۇش ياخشىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە: «مەيلى بالا ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن چىقسۇن مەيلى باشقا يېرىدىن چىقسۇن مەيلى بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قان چىقسۇن مەيلى چىقمىسۇن (بالا ئايالنىڭ قارنىدىن تېشىغا چىققان ھامان) ئۇ ئايال نىفاسدار ھېساپلىنىدۇ» دەيدۇ.

نىفاس قېنىنىڭ بالا پەقەت تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ كۆپ قىسمى چىقىپ بولغاندىن كېيىن چىقىشى شەرتتۇر. ئەگەر بالا بېشى تەرەپتىن كەلسە، ئۇنىڭ كۆكرىكىنىڭ چىقىپ بولغانلىقى ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ چىقىپ بولغانلىقى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بالا پۇتى تەرەپتىن كەلسە، ئۇنىڭ كىندىكىنىڭ چىقىپ بولغانلىقى ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ چىقىپ بولغانلىقى ھېساپلىنىدۇ.

## چۈشۈپ كېتىشنىڭ ھۆكمى

ئىبنى ئابىدىن چۈشۈپ كېتىشكە: <پۈتۈن ئەزالىرى يارىتىلىپ بولغان بىر بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇرسىقىدىن ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈپ كەتكەنلىكنى> چۈشۈپ كېتىش دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ ئۇقۇم بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئايال نىفاسدار ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قۇرسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن نەرسىنىڭ بىرەر ئەزاسىمۇ شەكىللەنمەي بىر پارچە گۆش ھالەتتە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ بىر چۈشكەن ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال نىفاسدار، دەپ قارالمايدۇ. لېكىن ئۇ گۆش چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن چىققان قاندا ئەگەر ھەيزنىڭ شەتلىرى تېپىلسا، ئۇ قان ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ قاندا ھەيزنىڭ شەرتلىرى تېپىلمىسا، ئۇ قان نورمالسىز ھەيز قېنى ھېساپلىنىدۇ.

ئۇنداقتا بىر ئايالنىڭ قۇرسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن نەرسىنىڭ چۈشكەن ھېساپلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ يارىتىلىشى شەرت بولماستىن چاش ياكى تىرناق ياكى قول ياكى پۇت، ياكى بارماققا ئوخشاش بەزى ئەزانىڭ يارىتىلىپ بولۇشى شەرتتۇر.

س: قورساقتىكى بىر بالىنىڭ ئەزالىرى قاچاندىن تارتىپ شەكىللەندۈرۈشكە باشلىنىدۇ؟

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇرسىقىدا قانداق يارىتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسى، بىر

ئايال قورساق كۆتۈرۈپ قىرىق كۈنگە يېقىن كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇرسىقىدىكى بالىنىڭ شەكىللەندۈرۈشكە باشلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىن يەنە ئىمام مۇسلىم ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد ئەلغەفارىيدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر بىر تامچە مەنىينىڭ (بالا ياتقۇغا چۈشكەنلىكىگە) 42 كېچە ئۆتسە، ئۇنى شەكىلگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن الله تەئالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە بالىنىڭ قۇلۇقىنى، كۆزىنى، تېرىسىنى، گۆشىنى ۋە سۆڭىكىنى يارىتىدۇ» دېگەن ھەدىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بالا ياتقۇدىكى بىر بالىنىڭ ئەزالىرىنىڭ يارىتىلىشىغا باشلىغان باسقۇچىنى بايان قىلدى. ھەدىستە بايان قىلىنغان بۇ مۇددەت مۇشۇ ساھادىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھەقتە دېگەنلىرىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇندۇر.

مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئالتىنچى ھەپتىنىڭ ئاخىرى (يەنى 42 كۈنى بالا ياتقۇدىكى) بىر تامچە مەنىيدىن بالىنىڭ ئەزالىرىنىڭ يارىتىلىش باسقۇچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقتىدۇر. تۆتىنچى ھەپتىدىن باشلاپ تاكى سەككىزىنچى ھەپتىگىچە بولغان ئارىلىق ئەڭ قېيىن باسقۇچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىنىڭ بۇ باسقۇچتا (بالىنىڭ قېشىغا) كىرىشى بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئەگەر پەرىشتە بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كىرمەيدىغان بولسا، مەنىي تاكى بالا ياتقۇغا چۈشكەندىن تارتىپ ئۇنىڭ: مەنىيلىك، لەختە قانلىق، ئاندىن بىر چىشلەم گۆشلۈك ھالەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە پەرىشتە ئۇ مەنىي بىلەن بىللە بولىدۇ. 42 كۈندىن كېيىن پەرىشتە بالىنىڭ قېشىغا ئۇنى تۈزۈتۈش، بۇرنى، ئۇنىڭ قۇلقىنى، كۆزىنى، تېرىسىنى، گۆشىنى ۋە سۆڭىكىنى شەكىلگە كىرگۈزۈش ۋە قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن كىرىدۇ. ئاندىن پەرىشتە بۇيرۇققا ئاساسەن ئۇنىڭ ئوغۇللۇق ياكى قىزلىق جىنسىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى بەز ئوغۇللۇق ياكى قىزلىق ئەزاغا ئايلىنىدۇ. جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئەڭ ئاخىردا يارىتىلىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى شۇكى، تۇغۇلۇش ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن، يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى ھەپتىسى تۇشۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈپ كەتكەن بالىلاردا جىنسىي ئەزانىڭ قىزلىق ياكى ئوغۇللۇق ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولماسلىقىدۇر.»

## قوش كىزەك توغرىسىدا

<قوش كىزەك> بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئىككى بالا ئۇچۇن بېرىلگەن بىر ئاتالغۇدۇر. ئەگەر بىر ئايال ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن چىقراق بالا تۇغقان بولسا، تۇغۇلۇشتا بىرىنچى بالا بىلەن ئىككىنچى بالىنىڭ ئارىلىقىدا ئالتە ئاي ئۆتمەسلىك شەرتى بىلەن بىرىنچى بالىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن قان نىفاس قېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى بالىنىڭ ئارىلىقىدا ئالتە ئاي بولسا، ئىككىنچى بالا (بىرىنچى بالا بىلەن تەڭ پەيدا بولغان ئەمەس) كېيىنكى قېتىمدا قورساق كۆتۈرۈش بىلەن تۇغۇلغان بالا ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى بالا بىرىنچى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن كەلگەن نىفاس قېنى تۈگەشتىن ئىلگىرى تۇغۇلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىككىنچى بالىنىڭ كەينىدىن كەلگەن قان تاكى ئۇ ئايالنىڭ نىفاستىكى ئادىتى تۈگىگۈچە نىفاس قېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى بالا بىرىنچى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن كەلگەن نىفاس قېنى تۈگەپ بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىككىنچى بالىنىڭ كەينىدىن كەلگەن قان، ئەگەر ئۇنىڭدا ھەيزنىڭ شەرتلىرى تېپىلسا يەنى ئىككى قاننىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن ئۆتكەن بولسا، ئۇ قان ھەيز قېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى قان ئارىسىدا ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن ئۆتمىگەن بولسا، ئۇ قان نورمالسىز ھەيز قېنى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ تۆتنچى قېتىم تۇغقان ئايال بولغان، (ئىككىنچى بالىنى تۇغۇش سەۋەبى بىلەن كەلگەن) ئىككىنچى قېتىملىق قان 40 كۈن ئىچىدە بولغان بولسا، بۇ قان بىرىنچى بالىنىڭ كەينىدىن كەلگەن نىفاس قېنى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. (يەنى ئۇ ئايالنىڭ نىفاس كۈنلىرى بىرىنچى بالىنىڭ كەينىدىن كەلگەن قاندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ). ئەگەر (ئىككىنچى بالىنى تۇغۇش سەۋەبى بىلەن كەلگەن) ئىككىنچى قېتىملىق قان 40 كۈن توشقاندىن كېيىن كەلگەن بولسا، ئەگەر ئۇنىڭدا ھەيزنىڭ شەرتلىرى تېپىلسا، ئۇ قان ھەيز قېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ھەيز قېنىنىڭ شەتلىرى تېپىلمىسا، ئۇ نورمالسىز ھەيز قېنى ھېسابلىنىدۇ.

# نىفاسنىڭ مىقدارى

نىفاسنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتىنىڭ قانچە كۈن بولىدىغانلىقىنىڭ بىر مىقدارى

يوقتۇر. چۈنكى، بەزى ئاياللار تۇغىدىيۇ، لېكىن تۇغۇتنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە چىقمايدۇ.

ئەگەر بالا ھېچقانداق قان كەلمەستىن قۇرۇق تۇغۇلسا، ئۇ نىفاسدار ئايال ھېساپلىنامدۇ؟

توغرا قاراش خۇددى <رەددۇلمۇختار> دا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇ ئايال نىفاسدار ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ. بىز بىر ئاز بۇرۇن بايان قىلغىنىمىزدەك بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشىدۇر.

نىفاسنىڭ ئەڭ كۆپ مۇددىتى بولسا، 40 كۈندۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە باشقىلار ئۇممۇسەلىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا نىفاسدار ئاياللار 40 كۈن نىفاسدار ھالىتىدە ئولتۇراتتى». ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان. ئىمام نەۋەۋىي: «بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس» دېدى. ھاكىم: «بۇ، توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر» دېدى.

بۇ ھەقتە يەنە دارى قۇتنىي ۋە ئىبنى ماجە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىفاسدار ئاياللار ئۈچۈن ئەگەر 40 كۈن توشۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ قېنى توختاپلا قالمىسا، 40 كۈننى (نىفاس مۇددىتى قىلىپ) بېكىتىپ بەرگەن». بۇ ھەدىس بىر نەچچە خىل يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنىدى. لېكىن بۇ يوللارنىڭ بىرىمۇ تەنقىددىن خالى ئەمەستۇر. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان يوللارنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ ھەدىسنى ياخشىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

نىفاستىمۇ ئايالنىڭ ئادىتى خۇددى ھەيزدىكىگە ئوخشاش بىرلا قېتىمدا بېكىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرلا قېتىمدا ئالمىشىدۇ. ئەگەر تۇنجى قېتىم بالا تۇغقان ئايالنىڭ نىفاس قېنى 40 كۈن تۇشۇشتىن ئىلگىرى توختاپ قالسا، بۇ ئايال خۇددى ھەيز قېنى ئون كۈن توشۇشتىن ئىلگىرى توختاپ قالغان قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان ئايالنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى قىلىدۇ. يەنى ئۇ ئايال يۇيۇنىدۇ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن 40 كۈن توشقاندىن كېيىن قايتا قان كەلگەن بولسا، (بالا تۇغقاندىن تارتىپ تاكى ئىككىنچى قېتىم قان كەلگەنگە قەدەر) ئۆتكەن ھەممە ۋاقىت نىفاس ۋاقتى ھېساپلىنىدۇ. (40 كۈن تۇشۇشتىن ئىلگىرى) توختاپ قالغان قاندىن

كېيىن تۇتقان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى قېتىم قاننىڭ كېلىشى بىلەن ئۇ روزىنىڭ نىفاس ئىچىدە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ روزىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## نىفاس ئارىلىقىدا پاك ئۆتكەن مۇددەتنىڭ ھۆكمى

نىفاسمۇ ھەيزگە ئوخشاش ئۇنىڭدا قاننىڭ ئارقىمۇ - ئارقا كېلىشى شەرت ئەمەستۇر. نىفاستىمۇ قان بەزىدە ئۆزۈلۈپ قالىدۇ. قاننىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىشى نىفاس مۇددىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللىسىمۇ ئۇ مۇددەت يەنە قان كېلىپ تۇرغاننىڭ ھۆكمىدىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دېدى: «قان نىفاسنىڭ باش ئايىغىدا كەلگەنلا بولسا، لېكىن 40 كۈن نىفاسنىڭ ئارىلىقىدا قاننىڭ كېلىشى بەزىدە ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ بۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش مەيلى ئون بەش كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئاز، ياكى ئۇنىڭدىن چىق بولسۇن قان ئۈزۈلۈپ قالغان بۇ مۇددەت ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشىچە (نىفاس مۇددىتى ئىچىدىن) ئايرىپ ھېساپلانمايدۇ ۋە بۇ مۇددەت خۇددى قان كېلىپ تۇرغاننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. پەتىۋا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ كۆزقارشى بىلەن بېرىلىپ كەلمەكتىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە، ئەگەر ئۇ مۇددەت ئاز بولغاندا ئون بەش كۈن بولسا، نىفاس مۇددىتى ئىچىدىن ئايرىپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال بالا تۇغقاندىن كېيىن بىر كۈن نىفاس قېنى كۆرگەن، ئاندىن 38 كۈن قان ئۈزۈلۈپ پاك ئۆتكەن، ئاندىن يەنە بىر كۈن قان كۆرگەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشىچە (38 كۈن قان كەلمەي پاك ئۆتكەن مۇددەتنىڭ بېشىدا بىر كۈن، ئايىغىدا بىر كۈن نىفاس قېنى كەلگەنلىكى ئۈچۈن) بۇ قىرىق كۈننىڭ ھەممىسى نىفاس قېنى ھېساپلىنىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە دەسلەپ كەلگەن بىر كۈن قان نىفاس قېنى ھېساپلىنىدۇ.

قورساق كۆتۈرۈش بىلەن بالاغەتكە يەتكەن ياش چوكان (يەنى قورساق كۆتەرگەنگە قەدەر بىرەر قېتىممۇ ھەيز كۆرۈپ باقمىغان چوكان) تۇغقاندىن كېيىن بەش كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن بەش كۈن قان كۆرگەن، ئاندىن ئون بەش كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن قان كېلىش داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ نىفاس مۇددىتى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ

كۆزقارىشىچە 25 كۈندۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە دەسلەپكى بەش كۈن ئۇنىڭ نىفاس مۇددىتى ۋە ئىككىنچى بەش كۈن ئۇنىڭ ھەيزى ھېساپلىنىدۇ.

## نىفاس بىلەن ھەيزنىڭ ئارىلىقىدا پاك ئۆتكەن مۇددەتنىڭ ھۆكمى

بىر ئايالنىڭ نىفاس بىلەن ھەيزنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن پاك ئۆتۈشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭدىن كەلگەن قان ھۆكمەن ئارقىمۇ ـ ئارقا كەلگەن قاننىڭ ھۆكمىدە بولماستىن ئەكسىچە تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئەگەر قان 40 كۈندىن ئېشىپ كەتكەن ۋە ئۇ، مۇئەييەن بىر كۈندە (مەسىلەن: ھەر تۇغۇتىدا 30 كۈن) نىفاس كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئايال بولغان بولسا، ئۇ ئايال خۇددى ھەيزدا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئادىتىگە قايتۇرۇلغاندەك نىفاستىمۇ بۇرۇنقى ئادىتىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ تۇنجى قېتىم بالا تۇغقان ئايال بولسا، ئۇنىڭ نىفاس كۆرۈش مۇددىتى 40 كۈن بولىدۇ. ئارتۇقى نورمالسىز ھەيز ھېساپلىنىدۇ.

مەسىلەن: بۇرۇن 30 كۈن نىفاس كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بىر ئايال بۇ قېتىملىق تۇغۇتىدا 31 كۈن نىفاس كۆرگەن، ئاندىن ئون تۆت كۈن پاك ئۆتكەن، ئاندىن ھەيز كۆرگەن بولسا، ئۇ ئايال بۇ ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتىگە قايتۇرىلىدۇ. يەنى 30 كۈن ئۇنىڭ نىفاس كۆرىدىغان كۈنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئوتتۇز بىرىنچى كۈن (پاك ئۆتكەن مۇددەت بولغان ئون تۆت كۈنگە) قوشۇۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئون بەش كۈن (نىفاس بىلەن ھەيز ئارىسىدىكى) پاك ئۆتكەن مۇددەت ھېساپلىنىدۇ. بۇ مەسىلە <رد المحتار> دېگەن كىتابتا مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

### ئەسكەرتىش:

بىز يۇقىرىدا ھەيز بابىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەيزدار ئايالLارنىڭ ھۆكۈملىرى نىفاسدار ئاياللارغىمۇ يۈرگۈزىلىدۇ. بىز ھەيز بابىدا مۇئەييەن بىر كۈندە ھەيز كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ۋە قان كۆرۈشنى تۇنجى باشلىغان ئاياللارنىڭ ھەيزىنىڭ توختاش ياكى ئۇلاردىن قان كېلىش ئىشىنىڭ داۋام قىلىش ھەققىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن قائىدىلەرنىڭ ھەممىسى نىفاسدار ئاياللارغىمۇ يۈرگۈزىلىدۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇ قائىدىلەرنى بۇ يەردە قايتا يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.

## نورمالسىز ھەيز قېنى

بالا ياتقۇدىن ئەمەس تۇمۇردىن كېلىدىغان قان <نورمالسىز ھەيز قېنى> دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن نورمالسىز ھەيز قېنىمۇ خۇددى ھەيز ۋە نىفاس قانلىرىغا ئوخشاش ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن چىقىدۇ. لېكىن فىقھشۇناسلار: « نورمالسىز ھەيز قېنىنىڭ مەنبەسى بالا ياتقۇ ئەمەس بەلكى بالا ياتقۇنىڭ تېشىدىكى بىر تۇمۇردۇر » دەيدۇ. ئەمما دوختۇرلار: « ھەيز ۋە نىفاس قانلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ خۇددى بالا ياتقۇ بولغىنىدەك نورمالسىز ھەيز قېنىنىڭ مەنبەسىمۇ بالا ياتقۇدۇر » دەيدۇ.

دوختۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرى بىلەن فىقھشۇناسلار بىلەن قارمۇ قارشى بولغىنى بىلەن نورمالسىز ھەيز قېنىنىڭ ھەيز ياكى نىفاس ئەمەسلىكىدە فىقھشۇناسلار بىلەن بىر پىكىردىدۇر. چۈنكى، نورمالسىز ھەيز قېنى ئەگەر ئۈچ كۈندىن ئاز بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ قان كەم ھەيز بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نورمالسىز ھەيز قېنى ھەيزنىڭ ۋە نىفاسنىڭ ئەڭ ئۇزۇن مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ قان ئايالنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ كېسەلنى داۋالاش مۇمكىندۇر.

ئەگەر بىز دوختۇرلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلساقمۇ فىقھشۇناسلارنىڭ نورمالسىز ھەيز قېنى ھەققىدە بەرگەن ھۆكمى يەنە ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى، دوختۇرلارمۇ نورمالسىز ھەيز قېنىنىڭ نورمال ھەيز ۋە نىفاس ئەمەسلىكىدە فىقھشۇناسلار بىلەن ئوخشاش قاراشتىدۇر. نورمالسىز ھەيز ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر نۇمالسىز ھەيز قېنىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نورمالسىز ھەيز قېنىنى پەقەت « ئۇ پەقەت تۇمۇردىن (كېلىدىغان) قاندۇر » دېگەن سۆزى بىلەنلا سۈپەتلىگەن.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇھۇبەيشنىڭ قىزى پاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مەن پاك بولماستىن داۋاملىق ھەيز كۆرىدىغان ئايالمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇمىساممۇ بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ياق. ئۇ ھەيز قېنى ئەمەس. ئۇ پەقەت

تۈمۈردىن (كېلىدىغان) قاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ (نورمالدا كۆرىدىغان) ھەيزىڭىزنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ناماز ئوقۇشنى توختۇتۇڭ. ھەيزىڭىزنىڭ ۋاقتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ نامازنى ئوقۇرۇڭ» دېدى.

تۈمۈردىن چىققان ھەر قانداق بىر قاننىڭ مەنبەسىنىڭ بالا ياتقۇنىڭ ئىچىدە ياكى ئۇنىڭ تېشىدا ئىكەنلىكىنى ئەگەر ھەدىس ئېنىق بايان قىلمىسا، ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشنى تىببى ئىلىمگە قويۇپ قويۇش ياخشىدۇر. بۇ گۈنكى كۈندە تىببى ئىلمى نورمالسىز ھەيزنىڭ مەنبەسىنىڭ بالا ياتقۇنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويدى. بۇ ھەدىسمۇ ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىلىم پەن ئىسپاتلىغان ھەقىقەتكە قايتىش ياخشىدۇر.

## نورمالسىز ھەيز قېنىنىڭ ھۆكمى

نورمالسىز ھەيز قېنى ئايالنىڭ جىنسىي يولىدىن چىققان، لېكىن ھەيز ياكى نىفاس قېنى ھېساپلانمايدىغان بارلىق قاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنداق بولغان ئىكەن نورمالسىز ھەيز قېنىنىڭ ھۆكمى زادى نېمە؟

بۇ ھەقتە ئىمام بەركەۋي: «نورمالسىز ھەيز قېنى بۇرۇن قانىغانغا ئوخشاش كىچىك بىر تاھارەتسىزلىكتۇر» دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن نورمالسىز ھەيز قېنى كەلگەنلىك سەۋەبى بىلەن ناماز ئوقۇش توختۇتۇلۇپ قويۇلمايدۇ. روزا تۇتۇش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھارام ئەمەستۇر.

(مەسىلەن بۇرنى قانىغانغا ئوخشاش) بىر تاھارەتسىزلىك بىر نامازنىڭ پۈتۈن ۋاقتى ئىچىدە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالغۇچىلىك بىر مۇددەت ئۇ تاھارەتسىزلىكتىن خالى بولىدىغان بىر ۋاقىت تېپىلمايدىغان دەرىجىدە ھۆكمەن بولسىمۇ بىر پەرز نامازنىڭ بارلىق ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئۇ تاھارەتسىزلىك بىر ئۆزرە ھېساپلىنىدۇ ۋە بۇ تاھارەتسىزلىككە گىرىپتار بولغان كىشى ئۆزرىسى بار ئادەم ھېساپلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن نورمالسىز ھەيز كۆرۈشكە گىرىپتار قېلىنغان ئايال، ئەگەر ئۇنىڭدىن كەلگەن قان يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بىر ۋاخ نامازنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ئىگەللىسە، ئۆزىنىڭ نورمال ھەيز ياكى نىفاس كۆرۈدىغان

كۈنلىرى توشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ ئاندىن ئۆزرىسى بار ئادەمگە ئوخشاش ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن كەلگەن قان بىر ۋاقىت نامازنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ئىگەللىمىسە، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال ئۆزرىسى بار ئادەم ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ (بىر نامازنىڭ ۋاقتى ئىچىدە) ئۆزىدىن قان كېلىش توختىغان ۋاقتىدا تاھارەت ئېلىپ نامىزىنى ئوقۇشى لازىمدۇر.

س: ئەگەر نورمالسىز ھەيز قان كېلىشكە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئايال ئېچكىرى جىنسىي ئەزاسىغا (پاختا ياكى لاتىغا ئوخشاش) بىر نەرسىنى قويۇش بىلەن كېلىۋاتقان قاننى توختىتالىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىپ قاننى توختۇتۇشى لازىم بولامدۇ؟

شۇنداق (ئەگەر ئۇ ئايال شۇ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىدىن كېلىۋاتقان قاننى توختىتالىسا) ئۇنىڭغا قاننى توختۇتۇش لازىمدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئۆزرىسى بار ئادەم ھېساپلانمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بەركەۋىي مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۆزىدىن نورمالسىز ھەيز قېنى كېلىدىغان بىر ئايال قان كېلىشنى (ئۆزىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى) تېڭىپ قويۇش ياكى ئۇ يەرگە بىر نەرسە قويۇش ئارقىلىق توختىتالىسا، ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش لازىمدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئۆزرىسى بار ئادەم ھېساپلانمايدۇ. ئەمما ئۆزىدىن نورمال ھەيز قېنى كەلگەندە ئايال ئۇنداق قىلىپ ھەيز قېنىنى توختۇتۇش بىلەن ھەيزدارلىق ھالىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. نىفاسدار ئايالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. خۇددى كەلگەن مەنىنىڭ يېرىمى چىقىپ بولغاندىن كېيىن (جىنسىي ئەزالىرىنى تۇتۇۋالغانغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن) قالغانلىرىنى چىققىلى قويمىغان بولسىمۇ يەنە ئۇ ئادەم جۇنۇپ بولغىنىغا ئوخشاش ئۆزىدىن ھەيز ياكى نىفاس قېنى كەلگەن بىر ئايال (قان بىر قېتىم كېلىپ بولغاندىن كېيىن جىنسىي ئەزاسىغا بىر نەرسە قويۇش بىلەن) ئۇ قاننىڭ چىقىشىنى توسۇپ قويسىمۇ ئۇ قان بېشىدا بىر قېتىم چىقىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايال ھەيزدارنىڭ ياكى نىفاسدارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەمما نورمالسىز ھەيز قېنىدا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەستۇر». ئىبنى ئابىدىننىڭ دېگىنىدەك ئەگەر نورمالسىز ھەيز قېنىنى توختۇتۇش مۇمكىن بولسا، ئۇنى توختۇتۇش بىلەن ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان (ئۆزرىسى بار ئادەم دەپ بېرىلگەن) ھۆكۈممۇ تۈگەيدۇ.

جىنسىي ئەزالىرىغا بىر نەرسە قويۇش بىلەن كەلگەن قاننى توختاتقان ئايال

كىشى تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى لازىمدۇر:

ئەگەر نورمالسىز ھەيز قېنى كۆرىدىغان بىر ئايال قانىنى توختۇتۇش ئۈچۈن مەسىلەن پاختىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىغا قويغان، بۇ ۋاقىتتا ھەيز كۆرىدىغان مۇددىتى كىلىپ قالغان بولسا، قويۇلغان ئۇ نەرسىنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئىچىگە كىرگەن قىسمى (مەسىلەن ھەيز قېنى بىلەن) ھۆل بولغان ئەمما ئۇ ھۆل ئۇ نەرسىنىڭ ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىنىڭ قىرغىقىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان يېرىگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ ھەيزدار ئايال ھېساپلانمايدۇ. لېكىن كۈچلۈك كۆزقاراشقا ئاساسەن ئۇنىڭ تاھارەتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا شۇنداق بىر نەرسىلەرنى قويۇۋالغان بىر ئايال روزا تۇتقان ۋە ئۆزىدىن ھەيز قېنىنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزگەن، ئەمما كۈن گىرىپ كەتكىچە (جىنسىي ئەزاسىغا قويغان شۇ نەرسىنى ئالمىغان) ۋە ھەيز قېنى شۇ نەرسىگە سىڭگەن، لېكىن تېشىغا ئۆتمىگەن بولسا، ئۇ ئايال (ئۆزىدىن ھەيز كەلمىگەن) پاك ئايال ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇ كۈنىنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەستۇر.

ئەگەر ئىچكىرى جىنسىي ئەزانىڭ ئىچىگە كىرگەن قىسمى ھەيز قېنى بىلەن ھۆل بولغان ئۇ نەرسە جىنسىي ئەزادىن ئېلىۋېتىلسە، ئۇ ئايال ئۇ نەرسىنى ئېلىۋاتكەن ۋاقىتىدىن باشلاپ ئۆزىدىن ھەيز قېنى كەلگەن ھېساپلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن بىزنىڭ بۇ يەردە ئېتىبارغا ئالىدىغىمىز (قانىنىڭ كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان) ھۆللۈك مەيلى جىنسىي ئەزاغا قويۇلغان نەرسە ئارقىلىق يەتسۇن مەيلى قانىنىڭ چىقىشى بىلەن يەتسۇن ئىچكىرى جىنسىي ئەزاسىنىڭ قىرغىقىغا يەتكەن بولۇشىدۇر.[1]

## ھۆكمى پاكىزلىقنىڭ بايانى

ئىسلام دىنى، پاكىزلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە يولغا قويغان ھۆكۈملىرى ھەممە يەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر دىن بولغاچقا، ھۆكمى پاكىزلىقنىمۇ يولغا قويدى. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىنىڭ ھەممە ھالەتلىرىدە پاك پاكىز بولۇشىغا قاتتىق ئەھمىيەت

(1) يەنى قانداق يول بىلەن يەتسە يەتسۇن ھۆللۈك شۇ يەرگە يەتكەن ھامان ئۇ ئايالنىڭ ھەيز كۆرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ت.

بەرگەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.

ئىنسان، دىلىدا، سىزىملىرىدا ۋە ئادەتلىرىدە پاكىزلىقنىڭ روھى ۋە پاكىزلىققا بولغان ئىنتىلىش داۋاملىق قېلىشى ئۈچۈن ھەقىقىي پاكىزلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن ھامان ھۆكمى پاكىزلىققا ئېرىشىشى لازىمدۇر.

ئىنسان ھەقىقىي پاكىزلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىدىغان ئەھۋاللار بەزىدە ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋام قىلىشمۇ مۇمكىن. ئىنساننىڭ پاكىزلىق روھىنى ئۇنتۇماسلىقى، ئۇنىڭ دىلىنىڭ پاكىزلىقنى تاشلاپ قويۇشقا كۆنۈپ قالماسلىقى ۋە پاكىزسىز يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن ياكى قېيىن بولغان ھەقىقىي پاكىزلىققا بىر ئالامەت بولسۇن، دەپ ھۆكمىي پاكىزلىقنى يولغا قويۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە يولغا قويغان ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممە يەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر دىن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا ھەقىقىي ۋە ھۆكمىي پاكىزلىقنى يولغا قويۇپ كەلگەن: «ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار»[1] دېگەن ئايىتىنى ئۆزىنىڭ: «اللە سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن اللە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ»[2] دېگەن ئايىتى بىلەن تۈگۈتىشى ئەجەپلىنەرلىك بىر ئىش ئەمەستۇر.

ھۆكمىي پاكىزلىق بولسا، تەيەممۇم قىلىش، تېڭىققا مەسھى قىلىش ۋە ئاياققا مەسھى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# تەيەممۇم قىلىش

## <تەيەممۇم> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<تەيەممۇم> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن <نىيەت قىلىش> دېگەنلىك بولىدۇ.

<تەيەممۇم> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن تەيەممۇم قىلىش نىيىتى بىلەن (ئالقىنىنى) پاك تۇپىغا (تەككۈزگەندىن كېيىن قولى بىلەن) يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى جەينىكىگىچە سىلاش، دېگەنلىك بولىدۇ.

## تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلىشى

تەيەممۇم قىلىش ئايەت بىلەن يولغا قويۇلغاندۇر. اللہ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار»[1]

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە سەپەرگە چىققان ئىدۇق. (بىز سەپەردىن قايتىپ مەدىنىگە كېتىۋاتقاندا) <بەيدا> دېگەن جايدا مېنىڭ بىر بولاپكام چۈشۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن توختىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن باشقا كىشىلەرمۇ توختىدى. كىشىلەرنىڭ قېشىدا (تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن) سۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دادام ئەبۇبەكرى كېلىپ (بىر بۇلاپكىنى دەپ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ھەممە كىشىلەرنى توختاتتىڭ! ئۇلارنىڭ قېشىدا سۇ يوق تۇرسا، دەپ ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىپ بىر نىمىلەرنى دېدى ۋە بېقىنىمغا نۇقۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(بېشىنى) يوتامدا قويۇپ يېتىقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مەن قىمىرلىيالماي قالدىم. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئويغاندى، تاڭمۇ ئاتتى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدىگەن ئىدى، سۇ تېپىلمىدى)، ئاندىن الله تەيەممۇم قىلىشنى يولغا قويۇپ كەلگەن (يۇقىرىدىكى) ئايەتنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەيەممۇم قىلدى. ئىبنى ھۇزەير: ئى ئەبۇبەكرى جەمەتى! بۇ سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار ئارقىلىق (الله سىلەرگە بەرگەن) تۇنجى قېتىملىق بەرىكەت ۋە قولايلىق ئەمەستۇر، دېدى. كېيىن بىز مەن مىنگەن تۆگىنى قوپۇردۇق. بۇلاپكام ئۇ تۆگىنىڭ ئاستىدا ئىكەن بىز بۇلاپكىنى ئۇنىڭ ئاستىدىن تاپتۇق.»[1]

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئون يىل سۇ تاپالمىسىمۇ پاك تۇپراق ئۇنى پاكىزلىغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇ سۇ تاپسا سۇنى ئىشلەتسۇن. چۈنكى، سۇ (پاكىزلاشتا تۇپراقتىن) ياخشىدۇر.»[2]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا ئىلگىرىكى ھېچقانداق پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن بەش خىل ئالاھىدىلىك بېرىلدى. مەن دۈشمەنلىرىمنىڭ دىلىغا بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى مەساپىدىن قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدىم. ماڭا زېمىننىڭ ھەممە يېرى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان جاي ۋە پاكىزلىغۇچى قىلىپ بېرىلدى. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەرقانداق ئادەم قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە، شۇ يەردە ناماز ئوقۇسۇن. ئۇرۇشتا ئېلىنغان ئولجىلار ماڭا ھالال قىلىپ بېرىلدى، ئۇ مەندىن ئىلگىرى بىرمۇ ئادەمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى. ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاس پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم.»[3]

## تەيەممۇمنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

تەيەممۇم قىلماقچى بولغان ئادەم قولىنىڭ ئالقىنىنى پاك تۇپراقنىڭ ياكى (تاش ۋە چالمىغا ئوخشاش) پاك تۇپراقنىڭ جىنسىدىن بولغان نەرسىنىڭ ئۈستىگە يەڭگىل ئورىدۇ. ئەگەر قوللىرىغا تۇپا كۆپرەك يۇقۇۋالغان بولسا، قوللىرىنى يەر تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇپ بىرىنى يەنە بىرىگە ئۇرۇش بىلەن (قوللىرىغا يۇقۇۋالغان تۇپىلاردىن ئازراق) چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن قوللىرى بىلەن يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلايدۇ، ئاندىن قوللىرىنى (تۇپراققا) يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ (دەسلەپتە) ئوڭ قولىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىنى ئۇنىڭ بارمىقىدىن باشلاپ تاكى جەينىكىگە قەدەر سول قولىنىڭ تۆت دانە بارمىقىنىڭ ئىچى بىلەن سىلايدۇ، ئاندىن ئوڭ قولىنىڭ ئىچى تەرىپىنى ئۇنىڭ جەينىكىدىن تارتىپ تاكى بېغىشىغا قەدەر سول قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سىلايدۇ، ھەتتا ئوڭ قولىنىڭ چوڭ بارمىقىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن سول قولىنىڭ چوڭ بارمىقىنىڭ ئىچى تەرىپىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن سول قولىنىمۇ خۇددىي ئوڭ قولغا ئوخشاش سىلايدۇ.

تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن تۇپىغا ئىككى قېتىم ئۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تەيەممۇم قىلغاندا يۈزنى سىلاش ئۈچۈن بىر قېتىم ۋە ئىككى قولنى جەينەككە قەدەر سىلاش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇلىدۇ.»[1]

تەيەممۇم قىلغاندا قولىنىڭ ئالقىنىنى تۇپراققا ئۇرۇش تەيەممۇمنىڭ توغرا بولىشىنىڭ بىردىن بىر شەرتى ئەمەستۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن مەسىلەن: شامال تۇپا ئېلىپ بىر ئادەمنىڭ يۈزىگە ۋە قوللىرىغا تاشلىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم تەيەممۇم قىلىش نىيىتى بىلەن شۇ تۇپا بىلەن (يۈزىنى ۋە قوللىرىنى) سىلىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان تەيەممۇمى توغرا بولىدۇ.

تەيەممۇم تاھارەتسىزلىكنى كۆتۈرۈۋېتىشتا تاھارەتنىڭ ۋە يۇيۇنۇشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. تەيۇممۇمنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، يۇقىرىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ماڭا زېمىنىنىڭ ھەممە يېرى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان جاي ۋە پاكىزلىغۇچى قىلىپ بېرىلدى.» دېگەن سۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە زېمىنىنىڭ (يەنى تۇپراقنىڭ) باشقا نەرسىلەرنى

(1) بۇ ھەدىسنى ھاكىم، دارى قوتنىي ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

خۇددى سۇغا ئوخشاش پاكىزلىغۇچى بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. توپراقمۇ سۇدەك باشقىلارنى پاكىزلىغۇچى نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن تۇپراق بىلەن (قىلىنغان تەيەممۇممۇ) خۇددى سۇ بىلەن ئېلىنغان (تاھارەتكە ئوخشاش) تاھارەتسىزلىكنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەردى. نامازنى ئوقۇپ بېرىپ قارىسا كىشىلەر بىلەن بىللە ناماز ئوقۇماي ئايرىلىپ بىر چەتكە چىقىپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «ئى پالانچى! سېنىڭ كىشىلەر بىلەن بىللە ناماز ئوقۇماسلىقىڭغا نېمە توسالغۇ بولدى؟» دېدى. ئۇ ئادەم: مەن جۇنۇپ بولۇپ قېلىپتىمەن (يۇيۇنغىلى) سۇ يوق، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاك توپراق بىلەن (تەيەممۇم قىلغان بولساڭ) ساڭا يېتەرلىك بولاتتى» دېدى.[1]

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئون يىل سۇ تاپالمىسىمۇ پاك توپراق ئۇنى پاكىزلىغۇچىدۇر...» مانا بۇ ھەدىس سۇ يوق يەردە تەيەممۇمنىڭ كامىل بىر تاھارەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## تەيەممۇمنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

بىرىنچى شەرت: نىيەت قىلىشتۇر.

نىيەتنى ئالقانلىرىنى تۇپراققا ئۇرغاندا ياكى قولغا يۇققان تۇپا بىلەن قوللارنى سىلاشقا باشلىغاندا قىلىش شەرتتۇر.

تەيەممۇم تاھارەت بىلەن يۇيۇنۇشنىڭ ئورۇنباسارى تورۇقلۇق بۇ يەردە قىلىنغان نىيەت، تاھارەت بىلەن يۇيۇنۇشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن شەرت قىلىنماي تەيەممۇمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن شەرت قىلىندى. چۈنكى، تۇپا (ھەممە تەرەپتىن) سۇغا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، سۇ ئەسلىدە پاكىزلاش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ بىلەن پاكىزلىق نىيەتسىز ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما تۇپا ئەسلىدە پاكىزلاش ئۈچۈن يارىتىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

ئۇنىڭ بىلەن پاكىزلىق پەقەت نىيەت بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.(1)

بىر تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولۇش ئۈچۈن ئۇ تەيەممۇمنى قىلغاندا ئۇ تەيەممۇم بىلەن تاھارەتسىز ئادا بولمايدىغان ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ئىبادەتنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ قىلىش لازىمدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن مەسىلەن: بىر ئادەم مەسچىتكە كىرىش ئۈچۈن ياكى قۇرئاننى تۇتۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان بولسا، ئۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مەسچىتكە كىرىش ۋە قۇرئاننى تۇتۇش ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ئىبادەت ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان بولسا، ئۇ تەيەممۇم بىلەن ئوقۇلغان ناماز توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، قەبرىلەنى زىيارەت قىلىش تاھارەتسىزمۇ بولىدىغان بىر ئىشتۇر.

شۇنىڭدەك يەنە چۈنۈپ بولۇپ قالمىغان بولۇپ قۇرئاننى (تۇتماستىن يادقا) ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان بولسا، (بۇ تەيەممۇم بىلەن ئوقۇلغان نامازمۇ توغرا ئەمەستۇر). چۈنكى چۈنۈپ ئەمەس ئادەم كىچىك تاھارەتسىز بولسىمۇ ئۇنىڭغا قۇرئاننى (يادقا) ئوقۇش روخسەتتۇر.

ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغاندا، تەيەممۇم بىلەن ياكى تاھارەتسىزلىكنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىش لازىمدۇر.

**ئىككىنچى شەرت: تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر.**

تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر تېپىلغاندىن كېيىن تەيەممۇم قىلىش توغرا بولىدۇ. تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر ياكى سۇ تاپالماسلىقتۇر ياكى سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كېلىشتۇر.

**1 ـ سۇ تاپالماسلىق.**

سۇ تېپىلمىغاندا قىلىنغان تەيەممۇم توغرا بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى

(1) «شرح المنیه»، 64 ـ بەت.

**تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار»[1]**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئون يىل سۇ تاپالمىسىمۇ پاك تۇپراق ئۇنى پاكىزلىغۇچىدۇر.»**

**سۇ بىر ئادەمدىن ئەڭ ئاز ئىككى كېلومېتىر كېلىدىغان يىراقلىقتا بولسا، مەيلى ئۇ ئادەم ئۆيلەر بار مەھەللىدە بولسۇن ياكى چۆلدە بولسۇن ئۇ ئادەم سۇ تاپالمىغان كىشى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ الله تائالا ئۆزىنىڭ: «الله سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن الله شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» دېگەن ئايىتىدە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشى توغرىدۇر. ئەگەر سۇ ئىككى كېلومېتىرغا يەتمەيدىغان يەردە بولسا، ئۇنى ئېلىپ كېلىشتە ھېچقانداق مۇشەققەت يوقتۇر. ئەمما سۇ ئىككى كىلومېتىرغا يېتىدىغان يەردە بولسا، ئۇنى ئېلىپ كېلىشتە مۇشەققەت باردۇر.**

**نافىئ بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىنىڭ ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ <مىربەدۇننەئەم>[2] دېگەن يەردە تەيەممۇم قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.»[3]**

**نافىئ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ <جۇرۇف>[4] دېگەن يەردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ <مىربەد> دېگەن يەرگە كەلگەندە چۈشۈپ پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىشنى باشلاپ يۈزىنى ۋە قوللىرىنى جەينىكىگىچە سىلىدى، ئاندىن ناماز ئەسرنى ئوقۇدى. كېيىن مەدىنىگە كىرگەندە كۈن تېخى كۆتۈرۈلۈپ تۇرۋاتقان ھالەتتە بولسىمۇ (يەنى نامازنىڭ ۋاقتى تېخى چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ) نامازنى قايتا ئوقۇمىدى.»[5]**

**بىر ئادەمنىڭ قېشىدا سۇ يۆتكەيدىغان ۋاستە بار بولغان، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۇنى يىراق يەرلەردىن ئاسانلىقچە ئېلىپ كېلەلەيدىغان**

(1) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئۇ يەر مەدىنىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىدۇر. بۇ يەر مەدىنىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا دېگەن قاراشمۇ باردۇر. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(4) مەدىنىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يەر. ت.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلدى.

بولسا، بۇ ئادەمنىڭ تەيەممۇم قىلماي سۇ ئىككى كىلومېتىردىن يىراقتا بولسىمۇ سۇ ئېلىپ كېلىپ (تاھارەت ئېلىشى ياخشىدۇر). چۈنكى، ئۇ ئادەم ھېلىقى ۋاستە بىلەن سۇنى ئاسان ئېلىپ كېلەلىگەن بولغاچقا، سۇ ئېلىپ كېلىشتە ھېچقانداق مۇشەققەت تارتمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ گۇمانىدا ئىككى كىلومېتىرغا يەتمىگەن يەردە سۇنىڭ بارلىقى كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ ھەتتا سۇنى ئىزلەپ باقمىغىچە تەيەممۇم قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. سۇنىڭ بارلىقى گۇمانغا كۈچلۈك كېلىش ئىشى ياكى سۇنىڭ بارلىقىنى خەۋەر بېرىش بىلەن ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆيلەر بار بىر يەردە تۇرغانلىقى ئوخشاش سۇنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنى كۆرۈش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۆيلەر بار يەردىن كۆپۈنچە ۋاقىتتا سۇ تېپىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم چۆلدە بولغان بولسا، چۆلدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا سۇنى ئىزلەش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، چۆلدە ئادەتتە سۇ يوق بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم يۇك تاقىدا سۇيىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قىلىپ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇغان، ئاندىن شۇ نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يۇك تاقىدا سۇنىڭ بارلىقىنى ئەسلىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە شۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدا كۈچى يەتمىگەن بىر ئىشقا بۇيرۇش يوقتۇر. بىر نەرسىنى بىلمىگەنلىك ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىكتۇر. ئۇنتۇپ قىلىش بىلەن بىلىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. يەنە كىلىپ كۆپۈنچى ۋاقىتتا يۇك تاقىدىكى سۇ ئىچىش ئۈچۈندۇر.[1]

بىر ئادەم ئۆزگە يېقىن بىر يەردە سۇنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ياكى سۇنىڭ ئۆزگە ئۇنداق يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ گۇمان قىلمايلا تەيەممۇم قىلىپ نامازنى ئوقۇغان بولسا، (كېيىن سۇنىڭ ئۆزگە شۇنداق يېقىنلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ) ئۇنىڭ نامىزى توغرا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر قېشىدىكى ھەمراھىدا سۇ بولغان، گۇمانىدا ھەمراھىدىن سۇنى سورىسا ھەمراھى سۇنى بېرىدىغاندەك بولسا، ئۇنىڭدىن سۇنى سوراشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ھەمراھى سۇنى پۇل بەرسە بېرىدىغانلىقىنى دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا سەپەردىكى

(1) « شرح المنيه »، 68 - بەت.

ھاجەتلىرىدىن ئېشىپ قالغۇدەك پۇل بولغان ۋە ھەمراھىسى سۇنى شۇ يەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان باھادا سېتىپ بېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يەنە تەيەممۇم قىلىشى توغرا ئەمەستۇر.

قۇدۇقنىڭ قېشىدا ئەمما قۇدۇقتىن سۇنى چىقارغۇدەك قولىدا بىرەر نەرسە يوق ئادەممۇ سۇ تاپالمىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىدە ھېسابلىنىدۇ.

قېشىدا پەقەت ئۆزىنىڭ، ئۇلۇغىنىڭ ئىچىشى ۋە تاماقىنى پۇشۇرۇش ئۈچۈنلا يېتەرلىك سۇ بار ئادەمنىڭ (ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالماي) تەيەممۇم قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ قېشىدىكى سۇ ئۇنىڭ مەزكۇر ھاجەتلىرى ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغاندۇر. ئۆز ھاجەتلىرى ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان سۇ تاھارەت ئېلىشقا قارىتا يوقنىڭ ھۆكمىدىدۇر. چۈنكى بىرەر قىيىنچىلىققا سەۋەبچى بولىدىغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ئەمەل قىلىنىشتىن قالدۇرۇلىدۇ[1].[2]

ئەگەر بىر ئادەم جۇنۇپ بولۇپ قالغان ۋە قېشىدا يۇيۇنۇشقا ئەمەس پەقەت تاھارەت ئېلىشقا يېتىدىغان سۇ بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم تەيەممۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سۇ بىلەن كىچىك تاھارەت ئېلىش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، جۇنۇپ تۇرۇپ كىچىك تاھارەت ئېلىش پايدىسى يوق بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەيەممۇم قىلىش لازىمدۇر. چۈنكى، كىچىك تاھارەت جۇنۇپلۇقنى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم جۇنۇپلۇق ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان، ئاندىن ئۇ تەيەممۇم بۇزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى سۇ بىلەن تاھارەت ئالىدۇ.[3]

ئەگەر سۇنىڭ يېنىدا دۈشمەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋان، ياكى يىلان بار بولۇپ تاھارەت ئالماقچى بولغان ئادەم سۇنىڭ قېشىغا بېرىشتىن قورققان بولسا، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولىدۇ.

بىز بۇ يەردە بىر نەرسىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قورقۇنچىسى بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا تەھدىد سالغىنىغا ئوخشاش ئىنسان تەرىپىدىن كەلگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىپ (ناماز ئوقۇشى) توغرىدۇر، لېكىن (تەيەممۇم بىلەن) ئوقۇغان

(1) يەنى بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرى ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان سۇ بىلەن تاھارەت ئالسا، ئۇ ئادەم قىيىنچىلىقتا قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش دەيدىغان ھۆكۈم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ۋە تۇپا بىلەن تەيەممۇم قىلىدۇ. ت.

(2) «شرح المنيه»، 74 ـ بەت.

(3) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 255 ـ بەت.

نامازنى كېيىن قايتا ئوقۇش لازىمدۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قورقۇنچىسى (بىر ئادەمنىڭ ئۈنىڭغا) تەھدىد سېلىشى ئارقىلىق بولماي (مەسىلەن: يىرتقۇچ هايۋاندىن قورقىنىغا ئوخشاش تەبىئىي) بولسا، بۇ هالەتتە ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇشى توغرىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئۇ نامازلارنى كېيىن قايتا ئوقۇشى لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ هالەتتە ئۇنىڭ قورقۇنچىسى بەندىلەر تەرىپىدىن ئەمەس الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەندۇر.

مەسىلەن: ئۆزىنى ئىجارىگە قويغان بىر ئادەمنى، ئۇنى ئىجارىگە ئالغۇچى سۇنىڭ قېشىغا بارغىلى قويمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىپ ئوقۇغان هېلىقى نامازلىرىنى قايتا ئوقۇشى لازىمدۇر. چۈنكى، بۇ يەردە ئۇنىڭغا چەكلىمە ئىنسان تەرىپىدىن كەلدى.

تۈرمىگە تاشلانغان ئادەم ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەم سۇ بىلەن تاهارەت ئېلىشتىن چەكلەنسە، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە ئوقۇغان نامازلىرىنى كېيىن قايتا ئوقۇيدۇ. لېكىن ئۇلار چۆلگە ئوخشاش سۇدىن يىراق بىر يەردە تۇتۇپ تۇرۇلغان بولسا، ئۇلارغا (تەيەممۇم بىلەن ئوقۇغان نامازلارنى) قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەستۇر.

قېشىدا سۇ يوق ئادەمنىڭ سۇنىڭ تېپىلىپ قېلىشىدىن ئۈمىدى بولسا، (سۇنى تېپىپ تاهارەت ئېلىپ) نامازنى كامىل ۋە هەقىقىي تاهارەت بىلەن ئوقۇشى ئۈچۈن نامازنى ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈشى مۇستەھەپتۇر. لېكىن نامازنى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى بولغان مەكرۇهلۇق هالىتىگە كىلىپ قالىدىغان ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئەگەر نامازنى كېچىكتۈرمەي دەسلەپكى ۋاقتىدا تەيەممۇم قىلىپ ئوقۇۋاتقان ۋە نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ بولغىچە سۇ تاپقان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ نامازنى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە ئۆزىدە تېپىلغان شارائىتى بويىچە ئوقۇدى.[1] بىز يۇقىرىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ: <جۇرۇف>[2] دېگەن يەردىن قايتىپ كىلىۋېتىپ <مىربەد> دېگەن يەرگە كەلگەندە تەيەممۇم قىلىپ ئەسىر

(1) «شرح المنيه»، 74 - بەت.

(2) مەدىنىدىن 5 كىلو مىتىر يىراقلىقتىكى بىر يەر. ت.

نامىزنى ئوقۇپ كېيىن مەدىنىگە كىرگەندە كۈن تېخى كۆتۈرۈلۈپ تۈرىۋاتقان هالەتتە بولسىمۇ ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇمىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەبۇسەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئادەم سەپەرگە چىقتى. سەپەردە نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالدى، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىدا سۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاك توپا بىلەن تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدى. كېيىن ئۇلار نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى سۇ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇدى. يەنە بىرى ئۇنداق قىلمىدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى قايتا ئوقۇمىغان ئادەمگە: «سەن سۈننەت بويىچە ئىش قىلىپسەن ۋە نامىزىڭ توغرىدۇر» دېدى ۋە تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇغان ئادەمگە: «ساڭا ئىككى قات ساۋاب باردۇر» دېدى.[1]

(سۇنىڭ تېپىلىپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن) نامازنى نامازنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى سۆزدۇر:

ئەگەر بىر ئادەم سەپەردە جۇنۇپ بولۇپ قالسا، نامازنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىغىچە سۇنىڭ تېپىلىپ قېلىشىغا قارايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سۇ تاپالمىسا، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.[2]

بۇ ھەقتە ئابدۇرراھمان ئىبنى ھاتىب مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن ئۆمرى ھەج قىلغىلى چىقىپ (يولدا) ئىھتىلام بولۇپ قالدى. تاڭ ئاتاي دەپ قالغان بولسىمۇ يەنە ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ ئىچىدىن سۇ تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇلۇغىغا مىنىپ سۇ بار يەرگە كەلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ ھەمراھلىرىغا: ئەگەر بىز قوزغالساق كۈن چىقىشتىن بۇرۇن سۇ تاپارلارمىزمۇ؟ دېدى. ھەمراھلىرى: سۇ تاپالىشىمىز مۇمكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇلاغلىرىغا مىنىشىپ ئۇ يەردىن قوزغالدى ۋە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن سۇ بار يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇيۇنۇپ (ئاندىن ناماز ئوقۇدى).[3]

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك، ئابدۇرراززاق ۋە تەھاۋىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

**2 ـ سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كېلىش.**

سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كېلىش كېسەل ياكى قاتتىق سوغۇق، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ.

**1 ـ كېسەل سەۋەبى بىلەن سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كېلىش.**

سۇ ئىشلەتكەنلىكى ياكى تاھارەت ئېلىش ياكى يۇيۇنۇش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدىغان ياكى ساقىيىشى كېچىكىپ قالىدىغان كېسەل ئادەم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ھالەتتە تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىشتە بىرەر ئالامەت ياكى تەجرىبە ياكى ئىشەنچلىك بىر دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئوخشاش بىر نەرسىگە ئاساسلانغان گۇمانى بولۇشى يېتەرلىكتۇر.

ئەگەر بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى جاراھەتلەنگەن بولۇپ سۇ زىيان قىلىدىغان ئادەم بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە (يۇيۇنۇشقا توغرا كېلىپ قالسا) تەيەممۇم قىلىدۇ. ئەمما تاھارەت ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ئۇنىڭ تاھارەت ئالىدىغان ئەزالىرىنىڭ سانىغا قارىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئۇنىڭ (تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلىدىغان ئەزالىرىدىن) پۈتلىرىدىن باشقا بېشى، يۈزى ۋە قوللىرى جاراھەتلەنگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم تەيەممۇم قىلىدۇ. ئەگەر جاراھەتلەنگەن يېرى پەقەت پۈتىلا بولۇپ قالغان ئەزالىرى ساق بولسا، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئۇ ئادەم بۇھالەتتە ساق ئەزالىرىنى يۇيىدۇ ۋە جاراھەتلەنگەن ئەزالىرىغا مەسھى قىلىدۇ. ئەگەر مەسھمۇ جاراھەتكە زىيان قىلىدىغان ئىش بولسا، مەسھىنى تېڭىقىنىڭ ئۈستىدىن قىلىدۇ.

(ئەمما بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى جاراھەتلەنگە بولماي بەزى يەرلىرى جاراھەتلەنگەن) ۋە يۇيۇنۇشقا توغرا كىلىپ قالغان بولسا، بەدىنىنىڭ جاراھەتلەنگەن يېرىگە قارىلىدۇ. ئەگەر بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى جاراھەتلەنگەن بولسا، تەيەممۇم قىلىدۇ. ئەگەر بەدىنىنىڭ ئاز قىسمى جاراھەتلەنگەن بولسا، ساق يەرلىرىنى يۇيىدۇ ۋە جاراھەتلەنگەن يەرلىرىگە مەسھى قىلىدۇ. بۇ، ئەگەر جاراھەتلەنگەن يەرلىرىگە سۇ تەككۈزۈپ قويماي ساق يەرلىرىنى يۇيۇش مۇمكىن بولسا، ئەھۋال شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر مەسىلەن جاراھەت ئۇنىڭ مۈرە تەرەپىدە بولۇپ بېشىغا قويغان سۇ ئۇنىڭ جاراھىتىگە ئېقىپ

چۈشۈدىغان ئېھتىماللىق بولسا، جاراھەتنىڭ ئۈستۈدىكى ھەممە يەر (ساق بولسىمۇ) جاراھەتنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.(1)

ئەگەر بەدەندىكى جاراھەتلەنگەن يەر بىلەن ساق يەر باراۋەر بولسا، بۇ ھالەتتە ساق يەرنى يۇيۇش ۋە جاراھەتلەنگەن يەرگە مەسھى قىلىش ياخشىدۇر.(2) قوللىرى جاراھەتلەنگەن، يۈزىنى ۋە پۇتلىرىنى يۇيالمايدىغان ياكى تاھارەت ئالدۇرۇپ قويىدىغان ئادەم تاپالمايدىغان كىشى تەيەممۇم قىلىدۇ.

قوللىرى ۋە پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن ۋە يۈزى جاراھەتلەنگەن ئادەم نامازنى تاھارەتسىز ئوقۇيدۇ ۋە (يۈزلىرىدىكى جاراھەت) ساقايغاندىن كېيىن ئۇ نامازلارنى قايتا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

سۇ ۋە پاك تۇپىدىن ئىبارەت ئىككى پاكىزلىغۇچى نەرسىنى تاپالمىغان ئادەم (نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ) ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشىشىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.(3)

2 ـ قاتتىق سوغۇقنىڭ سەۋەبى بىلەن سۇنى ئىشلىتەلمىگەن ئادەم.

بىر ئادەم مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن ياكى سەپەر ئۈستىدە بولمىسۇن ئەگەر سۇ بىلەن تاھارەت ئالسا ياكى يۇيۇنسا سوغۇقتىن ئۆلۈپ قېلىشىدىن ياكى كېسەل بولۇپ قېلىشىدىن قورققان ۋە سۇنى ئىسسىتقۇدەك بىر نەرسە تاپالمىغان ياكى مۇنچىغا بەرگۈدەك پۇل تاپالمىغان بولسا، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن <زاتۇسسەلاسىل> دېگەن يەردە قىلىنغان جەڭدە سوغۇق بىر كېچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدىم. يۇيۇنسام (سوغۇقتىن) ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قورقۇپ تەيەممۇم قىلىپ ھەمراھلىرىمغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردىم. كېيىن ھەمراھلىرىم بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئەمرى! جۇنۇپ تۇرۇپ ھەمراھلىرىڭغا ناماز

(1) يەنى جاراھەتنىڭ ئۈستۈ تەرىپىنى يۇماي مەسھى قىلىدۇ ۋە يۇيۇشنى جاراھەتنىڭ ئاستى تەرىپىدىن باشلايدۇ. ت.

(2) «شرح المنيه»، 66 ـ بەت.

(3) يەنى خۇددى ناماز ئوقۇغان ئادەمدەك ئۆرە تۇرىدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ. لېكىن ئۆرە تۇرغاندا نامازنىڭ ئىچىدىكى ئۆرە تۇرۇشنى، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغاندىمۇ نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى نىيەت قىلمايدۇ ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇمايدۇ. كېيىن ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ت.

ئوقۇپ بەردىڭمۇ؟» دېدى. مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىمە ئۈچۈن يۇيۇنمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرىپ كېيىن مەن ﷲ تائالانىڭ: «سىلەر ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ﷲ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن (يۇيۇنماي تەيەممۇم قىلدىم) دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى ۋە بىر نەرسە دېمىدى.»[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، جىنازە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامىزىغا ئوخشاش قازا بولۇپ كەتسە ئورۇنباسارى يوق نامازلارغا يېتىشىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر بولمىسىمۇ تەيەممۇم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىر ئادەم تاھارەت ئېلىپ ياكى يۇيۇنۇپ ئولتۇرسا جىنازە نامىزى ياكى ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ قازا بولۇپ كېتىشىدىن قورقسا، (تاھارەت ئالماي ياكى يۇيۇنمايلا) نامازغا يېتىشىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «سەن تاھارەتسىز بولساڭ ۋە جىنازە نامىزىغا (يېتىشەلمەسلىكتىن) قورقساڭ تەيەممۇم قىلىپ نامازنى ئوقۇ.»[3]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جىنازەنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. ئۇ، تاھارەتسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر تەيەممۇم قىلىپ جىنازە نامىزىنى ئوقۇدى.[4]

جىنازە ۋە ئىككى ھېيت نامازلىرىدىن باشقا نامازلاردا، ئەگەر تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرسا نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قورقسىمۇ تەيەممۇم قىلمايدۇ. ئەكسىچە تاھارەت ئالىدۇ ۋە ئەگەر نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

ئىمام زۇپەر: «بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرماي تەيەممۇم قىلىدۇ. چۈنكى تەيەممۇم نامازنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىشتۇر» دېدى. بەزى فىقھشۇناسلار ئىمام زۇپەرنىڭ بۇ پىكرىنى قوللىدى. يەنە بىر قىسىم

(1) سۈرە نىسا 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ئەسەرنى داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇ شەيبە رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

فىقھشۇناسلار: «ئوتتۇرھال يول تۇتۇپ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ» دېدى.[1]

ئۇچىنچى شەرت: تەيەممۇمنى پاك تۇپراق بىلەن قىلىش.

پاك تۇپراق زېمىن جىنسىدىن بولغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن تۇپىغا، قۇمغا ۋە تاشنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە ئوخشاش زېمىن جىنسىدىن بولغان ھەممە نەرسىلەر بىلەن تەيەممۇم قىلىش توغرا بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا زېمىننىڭ ھەممە يېرى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان جاي ۋە پاكىزلىغۇچى قىلىپ بېرىلدى» دېدى. تۆمۈرگە، قۇچقا ۋە ياغاچقا ئوخشاش ئوت بىلەن ئېرىيدىغان ياكى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدىغان زېمىننىڭ جىنسىدىن بولمىغان نەرسىلەر بىلەن تەيەممۇم قىلىش توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستۈگە چاڭ ـ توزاڭ قونغان بولسا، شۇ چاڭ ـ توزاڭ بىلەن تەيەممۇم قىلىش بولىدۇ.

زېمىننىڭ جىنسىدىن بولغان نەرسىلەر بىلەن تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكتى بولسا، الله تائالانىڭ: «پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار»[2] دېگەن ئايىتىدۇر.

تەيەممۇمنى پاك تۇپراق بىلەن قىلىش شەرتى زېمىندىن قولغا تۇپا يۇقمىسىمۇ قولنى زېمىنغا شۇنداق تەككۈزۈش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن: قولنى ئۈستىدە ھېچقانداق تۇپا يوق سىلىق تاشنىڭ ئۈستىدە قويغان ۋە قولغا تۇپا يوقمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قىلغان تەيەممۇمى توغرا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇجۇھەيم ئىبنى ھارىس ئىبنى سەممەتىل ئەنسارىي مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمەل قودۇقى تەرەپىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئۇچراپ سالام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە سالامنى قايتۇرمايلا تام تەرەپكە قارىدى، ئاندىن يۈزىنى ۋە قوللىرىنى سىلاپ (تەيەممۇم قىلدى)، ئاندىن ئۇنىڭغا سالامنى قايتۇردى.»[3]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولۇپ قوپۇپ (ئوخلاش ئۈچۈن كىچىك تاھارەت

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 246 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئېلىشتىن ئىنسە (يەنى كىچىك تاھارەت ئېلىشنى خالىمسا)، قولىنى تامغا ئۇرۇپلا تەيەممۇم قىلاتتى.[1] كۆپىنچە ۋاقىتتا تامدا تۇپا ۋە چاڭ تۇزاڭنىڭ بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئېنىقتۇر.[2]

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرى بىلەن زېمىنغا ئۇردى، ئاندىن قوللىرىنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن يۈزىنى ۋە ئىككى ئالقىنىنى سىلىدى.»[3] يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قولى بىلەن زېمىنغا ئۇردى، ئاندىن ئۇنى قېقىۋاتقاندىن كېيىن... دەپ بايان قىلىندى.

ئەگەر تەيەممۇمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن (تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن قولنى تەككۈزگەن نەرسىدە) توپىنىڭ بولۇشى شەرت بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى پۈۋلىۋەتمەيتتى ۋە ئۇنى قېقىۋەتمەيتتى.

لاي بىلەن تەيەممۇم قىلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن تەيەممۇم قىلىنغاندا (چىرايىنى) پاسكىنا قىلىش ۋە ئۆزىنى سەتلەشتۈرۈۋېلىش كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا سۇ تەركىبى كۆپتۇر.

نىجاسەت يۇققان ئاندىن قۇرۇپ ئەسىرى تۈگىگەن تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى تەيەممۇمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۇپراقنىڭ ھەم پاكىز ھەم پاكىزلىغۇچى بولۇشى شەرتتۇر. قۇرۇش بىلەن نىجاسەتنىڭ ئەسىرى تۈگىگەن تۇپراقتا پاكىز دېگەن سۈپەت تېپىلسىمۇ پاكىزلىغۇچى دېگەن سۈپەت تېپىلمايدۇ.

بىر ئادەم تەيەممۇم قىلغان تۇپراقنىڭ ئۈزىدە ئىككىنچى بىر ئادەم تەيەممۇم قىلغان بولسىمۇ ئىككىنچى ئادەمنىڭ تەيەممۇمى توغرا بولىدۇ. چۈنكى، تۇپراق (تەيەممۇم قىلىش بىلەن) بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولغان تۇپراق ھېساپلانمايدۇ. يۈز - قوللىرىنى سىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرلەردىن چۈشۈپ كەتكەن تۇپا بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ بولغان ھېساپلىنىدۇ.[4]

تۆتىنچى شەرت: يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى جەينەكلىرىگىچە ياخشى سىلاشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تار بىلەيزۈك ۋە تاز يۈزلۈكلەرنى چىقىرۋېتىش ياكى ئۇلارنى

(1) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(2) ئاپتۇر بۇ تامدىن تۇپا بىلەن سىلىنغان تامنى ئەمەس قىش بىلەن سىلىنغان ياكى سېمىنۇت بىلەن سۇۋىتىلغان تامنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) «شرح المنيه»، 80 - بەت.

مەدىرلىتىش لازىمدۇر. بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئارىلايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن سىلىنىدىغان) ئەزالار ئۈستىدىن مايغا، شام يۇقىسىغا ۋە سىرغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تازىلاش لازىمدۇر. بىز تاھارەت ۋە يۇيۇنۇشنىڭ بابىدا ئەزالاردىن قانداق نەرسىلەرنى تازىلاشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

## تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى

1 - تەيەممۇمنىڭ بېشىدا <بىسمىللاھ> دېيىش.

2 - تەيەممۇمنى تەرتىپ بىلەن قىلىش. يەنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغىنىدەك دەسلاپ يۈزىنى، ئاندىن قوللىرىنى سىلاشتۇر.

3 - ئارقىمۇ - ئارقا سىلاشتۇر. يەنى يۈزىنى سىلاپ بولغاندىن كېيىنلا قوللىرىنى سىلاشتۇر.

4 - تەيەممۇم قىلماقچى بولغان تۇپراققا قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئۇرۇشتۇر.

5 - ئىككى ئالقانىنى تەيەممۇم قىلماقچى بولغان يەرگە قويۇپ تۇرۇپ ئالدى كەينىگە ئازراق ھەركەتلەندۇرۇش.

6 - چىرايىنى پاسكىنا قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىرىغا توپا كۆپ يۇقىۋالغان بولسا، ئالقىنىنى يەرگە قاراتقان ھالدا بىرىنى يەنە بىرىگە ئۇرۇش بىلەن قوللىرىغا يۇقۇۋالغان توپىلارنى قېقىۋېتىش.

7 - قوللىرىنى تۇپراققا ئۇرغان ۋاقتىدا بارماقلىرىنى (يۇمۇۋالماي) ئېچىپ تۇرۇش.

8 - (قوللىرىنى سىلاشقا كەلگەندە) دەسلەپ ئوڭ قولىنى، ئاندىن سول قولىنى سىلاش.

## تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار

1 - تەيەممۇمنىڭ ئەسلىسى بولغان تاھارەتنى ۋە غۇسلىنى بۇزغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ. چۈنكى ئەسلىنى بۇزغان نەرسە

ئۇرۇنباسارىنى ئەلۋەتتە بۇزىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم جۇنۇپ بولۇپ قېلىپ تەيەممۇم قىلغاندىن كېيىن تەرەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم چۇنۇپ ئەمەس كىچىك تاھارىتى يوق ئادەم ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن (ئەگەر ئۇنىڭدا پەقەت كىچىك تاھارەتكە يەتكۈدەك سۇ بولسا)، ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالىدۇ.

**2 ـ تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنىڭ تۈگىشىدۇر.**

مەسىلەن: بىر ئادەم جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇش ئۇچۇن سۇ تاپالماي تەيەممۇم قىلغاندىن كېيىن يۇيۇنغىلى يېتەرلىك سۇ تاپقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۇنۇپلۇق ھالىتىگە قايتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش لازىم بولىدۇ.[1]

يۇقىرىدا ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇماي ئايرىلىپ بىر چەتكە چىقىپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «ئى پۇلانچى! سېنىڭ كىشىلەر بىلەن بىللە ناماز ئوقۇماسلىقىڭغا نېمە توسالغۇ بولدى؟» دېگەنلىكى، ئۇ ئادەمنىڭ: مەن جۇنۇپ بولۇپ قېلىپتىمەن (يۇيۇنغىلى) سۇ يوق، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پاك توپراق بىلەن (تەيەممۇم قىلغان بولساڭ) ساڭا يېتەرلىك بولاتتى» دېگەنلىكى بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. مۇشۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇ ئېلىپ كېلىش ئۇچۇن ئادەم ئەۋەتكەنلىكى ۋە جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئۇ ئادەمگە بىر قاچا سۇ بېرىپ: «بېرىپ بۇ سۇ بىلەن يۇيۇنغىن»[2] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر تۈگەشتىن بۇرۇن تەيەممۇم بىلەن ئوقۇلغان نامازلار كېيىن قايتا ئوقۇلمايدۇ.

ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارغان ئۇ سەۋەبلەر تۈگىگەن بولسا، تەيەممۇمۇ بۇزۇلىدۇ ۋە ئوقۇۋاتقان ئۇ نامازمۇ بۇزۇلىدۇ.

چۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەم پەقەت كىچىك تاھارەتكە يەتكۈدەك سۇ تاپقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ سۇ بىلەن كىچىك تاھارەت ئالماستىن تەيەممۇم قىلىدۇ. چۇنۇپلۇق ئۇچۇن تەيەممۇم قىلىپ بولۇپ كېيىن تاھارەت سۇندۇرغان بولسا، ئۇ سۇنى كىچىك تاھارەت ئېلىش ئۇچۇن ئىشلىتىدۇ. چۈنكى ئۇ سۇ كىچىك تاھارەت

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 255 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام رىۋايەت قىلدى.

ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر ۋە ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم تەيەممۇم قىلىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، بىرىنچى قېتىم قىلغان تەيەممۇم بىلەن تاكى يۇيۇنۇشقا يەتكىدەك سۇنى تاپقانغا قەدەر چۈنۈپلۈق ھالىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

جۇنۇپ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يۇيۇنىشىغا يېتەرلىك سۇنىڭ قېشىدىن ئۇخلاپ قالغان ھالەتتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ جۇنۇپ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىلگىرىكى تەيەممۇمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1] ئەگەر ئۇ ئادەم سۇنىڭ قېشىدىن ئويغاق ھالىتىدە ئۆتكەن بولسا، تەيەممۇمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

## تېڭىقنىڭ ئۇستۈگە مەسھى قىلىش

مەيلى سۇنۇق يەرنى تاڭغان تېڭىق بولسۇن مەيلى جاراھەتلەرنى تاڭغان تېڭىق بولسۇن تېڭىقنىڭ ئۇستۈگە مەسھى قىلىش توغرا بولىدۇ. تېڭىقنىڭ ئۇستۈگە مەسھى قىلىش ئەگەر ئۇنىڭ ئاستىدىكى يەرنى يۇيۇشقا ياكى ئۇ يەرنىڭ ئۆزىگە مەسھى قىلىشقا قادىر بولالمىغان تەقدىردە تېڭىقنىڭ ئاستىنى يۇغاننىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

تېڭىقنىڭ ئۇستۈگە مەسھى قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا، اللّٰه تائالانىڭ: «اللّٰه سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ»[2] دېگەن ئايىتىدۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تېڭىقنىڭ ئۇستۈگە مەسھى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

تۆت مەزھەپ ئىماملىرىمۇ تېڭىقنىڭ ئۇستۈگە مەسھى قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.[3]

ئەگەر تېڭىقنىڭ ئاستىدىكى (جاراھەتنىڭ ئۆزىگە) مەسھى قىلىشقا قادىر

(1) يەنى ئۇنىڭ جۇنۇپ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىلغان بۇرۇنقى تەيەممۇمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دېگەنلىك ئۇ ئۇخلاپ قوپۇپ ئۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەستۇر. بۇ، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرىدىكى چۈنۈپلۈق ھالىتىگە قايتمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. ت.

(2) سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) «شرح المنيه»، 116 ـ بەت.

بولىدىغان ۋە مەسھى جاراھەتكە زىيان قىلمايدىغان بولسا، تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى (ئەسلىگە) ئەڭ يېقىن بولغان ئىشنى قىلىشقا قادىر تۇرۇپ (ئەسلىگە) ئەڭ يىراق بولغان ئىشنى قىلىش توغرا ئەمەس. ئەگەر زىيان قىلمىسا جاراھەتنىڭ ئۆزىگە مەسھى قىلىش تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلغانغا قارىغاندا يۇيۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. بىر ئىشنى قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇق بۇيرۇلغان كىشىنىڭ قۇدرىتىگە ۋە ئىمكانىيەتىگە قارىتا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ جاراھەتىگە سوغۇق سۇ زىيان قىلىدىغان ئەمما ئىسسىق سۇ زىيان قىلمايدىغان ھەمدە ئۇ ئىسسىق سۇغا ئېرىشەلەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ تېڭىق ئۈستىگە مەسھى قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئۇ، بۇ يەرنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇشى كېرەك.

ئەگەر تېڭىق كىچىك تاھارەتسىزلىك ياكى جۇنۇپلۇق ھالىتىدە تېڭىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلغىلى بولىدۇ.

ئەگەر تېڭىق جاراھەت ياكى سۇنۇق ساقىيىشتىن بۇرۇن چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ تېڭىقنىڭ تېڭىلىشىغا سەۋەب بولغان كېسەل تېخى ساقايمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىنغان مەسھى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر تېڭىق جاراھەت ياكى سۇنۇق ساقايغاندىن كېيىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىنغان مەسھى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ تاھارىتى بولسا، پەقەت تېڭىقنىڭ ئاستىنىلا يۇسا بولىدۇ.

تېڭىققا مەسھى قىلغاندا ئۇنىڭ (ھەممە يېرىگە مەسھى قىلماي) كۆپ قىسمىغا مەسھى قىلسا، بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە مەسھى قىلىش ھۆلنىڭ جاراھەتكە يېتىپ قېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاراھەت يامان بولۇپ قالىدۇ.

تېڭىقنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىم مەسھى قىلىنسا بولىدۇ. چۈنكى مەسھى تەكرارلانمايدۇ.[1]

ئەگەر تەندىكى بىرەر ئەزانى يۇسا ۋە ئۇ يەرنى يۇغان سۇ جاراھەتكە يېتىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ يەرنىڭ ھۆكمىمۇ جاراھەتلەنگەن يەرنىڭ ھۆكمىگە

(1) «شرح المنيه»، 116 ـ بەت.

ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇ يەرگىمۇ مەسھى قىلىنىدۇ.

جاراھەت ياكى سۇنۇق بىلەن بىللە تېڭىلىپ كەتكەن جاراھەت ياكى سۇنۇقنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر، ئەگەر تېڭىقنى يەتسە جاراھەت ياكى سۇنۇق زەرەرلىنىدىغان ياكى تېڭىقنى ئۆزى قايتا تاڭالمايدىغان، ياكى ئۇنى تېڭىپ قويىدىغان بىرەر كىشىنى تاپالمايدىغان بولسا، ئۇ يەرلەرگىمۇ مەسھى قىلسا بولىدۇ.

تەندىكى ئاغرىقنىڭ ئۈستۈگە چاپلايدىغان يېپىشقۇچىنىڭ ھۆكمىمۇ تېڭىقنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ئەگەر ئۇ يېپىشقۇچنى ئېلىۋەتسە ئاغرىق كۆچۈيۈپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭ ئۈستۈگىلا مەسھى قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سويۇپ ئېلىۋېتىش قىيىن بولغان بىر يەرگە چاپلاشتۇرۇلغان بولسا، ئاغرىق ساقايغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۈستۈگە مەسھى قىلىشقا بولىدۇ.[1]

ئەگەر جاراھەتنىڭ ياكى پۇت - قوللاردىكى يېرىلۇقنىڭ ئۈستۈگە دارا قويۇلغان ياكى چېپىلغان، ئۇ يەرنىڭ ئۈستۈدىن سۇ ماڭدۇرۇۋېتىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، سۇ ماڭدۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستۈگە مەسھى قىلىدۇ. ئەگەر مەسھى قىلسا ئۇ يەر يامان بولۇپ قالىدىغان بولسا، ھەتتا مەسھىمۇ قىلمايدۇ.

تېڭىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمىدە كىچىك تاھارەتسىز ئادەم ۋە جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەم ئوخشاشتۇر.

مەسھى قىلىشنىڭ مۇئەييەن بىر مۇددىتى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تېڭىقنىڭ ئۈستىگە تاكى جاراھەتكە ياكى سۇنۇققا تاكى ئۇلار ساقايغانغا قەدەر مەسھى قىلغىلى بولىدۇ. ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ياكى يۇيۇنغاندا ئۇنىڭ ئۈستۈگە بىر قېتىم مەسھى قىلىدۇ.

تېڭىقنى ئالماشتۇرغاندا ياكى تېڭىقنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر تېڭىق تاڭغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتا يەنە بىر قېتىم مەسھى قىلىش لازىم ئەمەستۇر.

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 285 - بەت.

# نامازنڭ هۆكۇملری

# نامازنىڭ بايانى

نامازە، ئوقۇلغاندا ئايەتلەر ئوقۇلىدىغان، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

# نامازنىڭ تۈرلىرى

ناماز ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1 ـ پەرز نامازلار. پەرز نامازلار ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە پەرز قىلىنغان نامازلار (يەنى پەرز ئەين) ۋە جامائەت ئۈستىگە پەرز قىلىنغان نامازلار (يەنى پەرز كۇپايە) دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

● ـ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە پەرز قىلىنغان نامازلار بولسا، ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئوقۇمىسا بولمايدىغان نامازلاردۇر. بۇلار بەش ۋاخ ناماز ۋە جۈمە نامازلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

● ـ جامائەت ئۈستىگە پەرز قىلىنغان نامازلار بولسا، ئاۋام خەلق ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئادا قىلسىلا قالغانلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان، ئەگەر ئۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ ئۇنى ئادا قىلمىسا، پۈتۈن ئاۋام خەلق گۇناھكار بولىدىغان پەرز نامازدۇر. ئۇ ناماز بولسا، جىنازە نامىزىدۇر.

2 ـ ۋاجىپ نامازلار. بۇ، ۋىتىر نامىزىغا ۋە باشلاپ بولغاندىن كېيىن تولۇق ئوقۇپ بولمايلا بۇزۇۋاتقان نەپلە نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ئوخشاش ئۇنى ئادا قىلىشنى بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇقتىن ئاجىزراق ۋە سۈننەت نامازلارنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇقتىن كۈچلۈكرەك بولغان نامازلاردۇر.

3 ـ سۈننەت نامازلار. بۇ، سۈننەت ناماز ۋە تەكىتلەنگەن سۈننەت ناماز، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

# نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ناماز ئىسلام دىنىنىڭ كاتتا ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. بىرىنچى: الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ئىككىنچىسى: ناماز ئوقۇشتۇر. ئۈچۈنچىسى: زاكات بېرىشتۇر. تۆتۈنچىسى: روزا تۇتۇشتۇر. بەشىنچىسى: ھەج قىلىشتۇر»[1]

ناماز، ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرىكىدۇر ۋە تايانچىسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر. ئۇنىڭ تۈۋرىكى نامازدۇر ۋە يۇقىرى پەللىسى جىھادتۇر.»[2]

ناماز، (ئۇنى ئوقۇغان ئادەمدە) ئىمان بارلىقىنىڭ نىشانىسى ۋە ئالامىتىدۇر. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان بىلەن مۇشرىك ۋە كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناماز ئوقۇشنى تاشلاش ئارقىلىق ئېپادىلىنىدۇ.»[3]

الله تائالا نامازنى، نامازنىڭ روھىي بىر كۆتۈرۈلۈشنىڭ ۋاستىسى بولۇشى ئۈچۈن يولغا قويدى. مۆمىن نامازدا (روھىي تەرەپتىن) پەرۋەردىگارى تەرەپكە كۆتۈرۈلىدۇ. پەرۋەردىگارىنى زىكرى قىلىدۇ. ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) الله دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[4]

الله تائالا نامازنى مۆمىنلەرنى يامان ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسۇدىغان ۋىجدانىي بىر توسقۇچى قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، الله نى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) سۈرە تاھا 14 - ئايەت.

ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، الله قىلىۋا تقان (ھەممە ) ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»[1]

نا ماز گۇناھلارنى ۋە خاتالىقلارنى يۇيىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر »[2]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بەش ۋاخ ناماز بىر نامازدىن يەنە بىر نامازغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارنى، جۈمە نامىزى بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارنى، روزا بۇ رامىزاندىن يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارنى يۇيىدۇ. »[3] يەنى ئەگەر مۆمىن شۇ نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇسۇن ياكى ئۆزى يالغۇز ئوقۇسۇن ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغانلا بولسا، نامازلار ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇيىدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىپ بېقىڭلار بىرىڭلارنىڭ ئىشكى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولغان، ئۇ كىشى ھەر كۈنى شۇ ئۆستەڭدە بەش قېتىم يۇيۇنغان بولسا، ئۇنىڭدا كىردىن ئەسەر قالامدۇ؟» دېدى. ساھابىلار: كىردىن ھېچقانداق ئەسەر قالمايدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەش ۋاخ ناماز شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. الله ئۇنىڭ بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى.[4]

ناماز بىلەن سۇنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشۇشۇپ قالىدىغان تەرىپى بولسا، ئىنسانىنىڭ مەيلى تىنى بولسۇن ياكى كىيىمى بولسۇن ماددىي پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن كىرلەنسە، سۇ ئۇنى تازىلاپ پاكىزلايدۇ. شۇنىڭدەك نامازمۇ بەندىنى گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن تازىلايدۇ. ناماز ھەتتا ئۇنىڭدا كىچىككىنىمۇ گۇناھ قويماي پاكىزلايدۇ.

ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن نامازنىڭ ئۇلار مەيلى كىچىك خاتالىقلار بولسۇن

(1) سۈرە ئەنكەبۇت 45 - ئايەت.

(2) سۈرە ھۇد 114 - ئايەت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مەيلى چوڭ خاتالىقلار بولسۇن ھەممىسىنى ئۆچۈرۈدىغانلىقى ئاشكارە چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئىبنى بەتتال: «ھەدىستە بايان قىلىنغان ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىلىدىغان خاتالىقلاردىن (چوڭ گۇناھلار ئەمەس بەلكى) كىچىك گۇناھلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە خاتالىقلارنى كىرگە ئوخشاتتى. كىر بولسا، ئىنسانلارنىڭ بەدىنىدىن چىقىدىغان يىرىك، قوسۇق ۋە چوڭ تەرەتكە ئوخشاش نەرسىلەرگە قارىغاندا كىچىك نەرسىدۇر» دېدى. ئىبنى بەتتالنىڭ بۇ قارىشىنى ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر چوڭ گۇناھلارنى (قىلىشتىن) ساقلانسىلا، بەش ۋاخ ناماز بىر نامازدىن يەنە بىر نامازغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارنى يۇيىدۇ» دېگەن ھەدىسىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.[1]

اللہ تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز»[2] دېگەن ئايىتىمۇ مۇشۇ مەزمۇندىدۇر. يەنى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان ھالدا قىلىپ سېلىنغان كىچىك گۇناھلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما چوڭ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى بولسا، ئۇ گۇناھلاردىن قول ئۈزگەندىن ۋە ئۇنى قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش بىلەن بولىدۇ.

ناماز، ئۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىقىنى ۋە مۇشەققەتلىرىنى كۆتۈرۈشىگە ۋە ھاياتلىقتىكى كاتتا مەسئۇلىيەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەي تۇرۇشىغا كۈچ قۇۋەت ۋە يۆلەنچۈك بولىدىغان كاتتا بىر روھىي ياردەمچىدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (اللہ دىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز اللہ دىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن اللہ غا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر»[3]

ناماز يەنە نامازئوقۇغان ئادەمنىڭ دىلىنى بىئاراملىق، غەم ـ ئەندىشىلەردىن يىراق قىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن

(1) «فتح الباري»، 2 ـ توم، 12 ـ بەت.

(2) سۈرە نىسا 31 ـ ئايەت.

(3) سۈرە بەقەرە 45 ـ ئايەت.

يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەيدىغان ئىدى: «ئى بىلال! نامازغا تەكبىر ئېيتىپ بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن.»[2]

ناماز، بولۇپمۇ كۈنۈمىزدىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ماددىي ھاياتقا بېرىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىنى قورشىۋالغان ئەندىشە، قورقۇنچ ۋە غەملەرگە ئەڭ ياخشى داۋادۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»[3]

قۇرئاندا، سەكسەندىن ئارتۇق يەردە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانلىقى ۋە ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى، ھەمدە ناماز ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ كۆپلىكى ئىسلام دىنىدا نامازنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا سەكراتنىڭ ئازابىنى تېتىپ تۇرۇۋېتىپمۇ نامازنى تاشلىماي ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتا تۇرۇپ قىلغان تەۋسىيەسىنىڭ كۆپ قىسمى: «نامازنى (ئوقۇڭلار) ۋە قول ئاستىڭلاردىكى قۇللارغا (ياخشىلىق قىلىڭلار)» دېگەن سۆز بولدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەۋسىيەنى قىلىشقا تىلىنى مىدىرلىتالمىغىدەك ھالغا كەلگەندە ئۇنى دىلىدا تەكرارلاشقا باشلىغان.»[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى ئەگەر باللىرىمىز يەتتە ياشقا كىرسە، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشىمىزغا ۋە ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە، (ئۇلار ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىسا ئۇلارنى) ئۇرۇش ئارقىلىق بولسىمۇ ناماز ئوقۇشقا ھەيدىشىمىزگە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە

(1) سۈرە ھىجر 97 ــ 98 - ئايەتلەر.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) سۈرە مەئارىج 19 ــ 23 - ئايەتكىچە.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئۆلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۆلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ياتىدىغان جايىنى ئايرىم قىلىڭلار.« (1)

## نامازنىڭ يولغا قويۇلىشى

ناماز قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ ئىجماسى بىلەن يولغا قويۇلغان بىر ئىبادەتتۇر.

قۇرئاندا نامازنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۇ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر:

«(بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، الله نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار»(2)

«الله غا تەۋبە بىلەن قايتىڭلار، الله دىن قورقۇڭلار، نامازنى ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلاردىن بولماڭلار»(3)

بۇ توغرىلىق يەنە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دەسلەپ ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغان، ئاندىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان كېچىدىكى ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن ھەدىستە مۇنداق دېدى: «مەن تاكى الله تائالا: ئى مۇھەممەد! بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە ئوقۇلىدىغىنى مانا بۇ بەش ۋاخ نامازدۇر، ھەر بىر ۋاخ ناماز ئون ۋاخ نامازغا باراۋەر بولۇپ، بۇ بەش ۋاخ ناماز ئەللىك ۋاخ نامازغا باراۋەردۇر، دېگەنگە قەدەر (نامازنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىم بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا بىر نەچچە قېتىم چىقىپ چۈشتۈم.»(4)

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي: بۇ ھەدىس ياخشى ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) سۈرە بەقەرە 238 ـ ئايەت.

(3) سۈرە رۇم 31 ـ ئايەت.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇبادە ئىبنى سامىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بەندىلىرىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغان بولۇپ، كىمكى ئۇ نامازلارنىڭ ھەققىنى ئاددىي كۆرۈپ ئۇلاردىن بىرەرسىنىمۇ زايا قىلىۋەتمەي ھەممىسىنى ئادا قىلسا، الله تائالا ئۇ ئادەمگە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا بىر ۋەدە بېرىدۇ. كىمكى ئۇ نامازلارنى ئادا قىلمىسا، الله تائالا ئۆز دەرگاھىدا ئۇنىڭغا بۇ ۋەدىنى بەرمەيدۇ. الله تائالا ئۇنى خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»[1]

## ناماز ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى

كىمكى نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە تانغان ھالەتتە ناماز ئوقۇمىغان بولسا، ئۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ناماز كۈچلۈك دەلىللەر ئارقىلىق پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر[2]. ئەمما نامازنىڭ پەرزلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ ھورۇنلۇق قىلىپ ئۇنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئۇ ئادەم كاپىر ھېساپلانماي پاسىق ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ الله تائالاغا تەۋبە قىلىشى لازىمدۇر» دەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: «الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ»[3] دېگەن ئايىتىدۇر[4].

بۇ قاراشتىكى كىشىلەر نامازنى ھورۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ جازاسى ھەققىدە ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم تاكى نامازنى ئوقۇغانغا قەدەر تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تەۋبە قىلىپ ناماز

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىچە: كۈچلۈك دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن يولغا قويۇلغان ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىرىگە تانغان ئادەم كاپىر ھېساپلىنىدۇ. ت.

(3) سۈرە نىسا 116 ـ ئايەت.

(4) الله تائالا بۇ ئايىتىدە شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھنى خالىغان ئادەمدىن كەچۈرۋاتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ گۇناھلارنىڭ ئىچىدە نامازنى ھورۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ گۇناھىمۇ بار. ت.

ئوقۇشنى قوبۇل قىلمىسا، جازالاش يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا اللہ تائالانىڭ: «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، اللہ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر»[1] دېگەن ئايىتىنى[2] دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار بىر اللہ دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللہ نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار شۇلارنى قىلسا، نامازلارنى ئوقۇسا، زاكات بەرسە، مەندىن قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ.[3] ئەگەر ئۇلار (كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىغا كىرىپ قويۇپ دىللىرىدا كۇپۇرلۇقنى يوشۇرغان بولسا) ھېسابىنى اللہ تائالا ئالىدۇ» دېگەن ھەدىسنىمۇ دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «نامازنى ھورۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغان ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئۇ ئادەم تاكى نامازنى ئوقۇشقا ماقۇل كەلگىچە جازالىنىدۇ ۋە تۈرمىلەرگە سولىنىدۇ» دېدى ۋە بۇ قارىشىغا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اللہ تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مېنىڭ اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقان ئادەملەردىن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ. ئۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى، تۇرمۇشقا چىقىپ بولۇپ زىنا قىلغان، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەردۇر.» دېگەن ھەدىسنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

بىر بۆلۈك ساھابىلەر ۋە ئالىملار: «ھورۇنلۇق قىلىپ ناماز ئوقۇمىغان

---

(1) سۈرە تەۋبە 5 - ئايەت.

(2) اللہ تائالا بۇ ئايىتىدە ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە مۇشرىكلارنى تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈشكە، ئەگەر ئۇلار ناماز ئوقۇسا ۋە زاكات بەرسە ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ ئايەتنىڭ زىت مەنىسى: ناماز ئوقۇمىغان ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

(3) يەنى ئىسلامدا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا تېگىشلىك بىرەر جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. ت.

ئادەمنى كاپىر ھېساپلىنىدۇ» دېدى. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان بىلەن مۇشرىك ۋە كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناماز ئوقۇشنى تاشلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.»[1]

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز بىلەن مۇناپىقلار ئارىسىدىكى ئەھدە (يەنى ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە ئۇلار بىلەن قىلىشقان ۋەدە) نامازدۇر. كىمكى ناماز ئوقۇمىسا كاپىر ھېساپلىنىدۇ.»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق: «ساھابىلەر ناماز ئوقۇشنى تاشلىغان (ئادەمدىن) باشقا بىرەر ئەمەل ـ ئىبادەتنى قىلىشنى تاشلىغان ئادەمنى كاپىر دەپ قارىمايتتى» دېدى.[3]

نامازنىڭ پەرزلىكىگە تانمىغان ئەمما ئۇنى ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغان ئادەم كاپىر ھېساپلانمايدۇ، دېگەن قاراشتىكى ئالىملار بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى نامازنىڭ پەرزلىكىگە تېنىپ ئاندىن ناماز ئوقۇمىغان ئادەمگە قارىتىدۇ.

بىز نامازنى ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغان ئادەم كاپىر ھېساپلانمايدۇ، دېگەن قاراشتىكىلەرنىڭ سۆزىگە قوشۇلساقمۇ، لېكىن بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ۋە كاپىر ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىمىز. ناماز بولسا، الله تائالاغا بولغان ئىشەنچىنىڭ مۇستەھكەم سېپىلىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىلىك ساقچىسىدۇر. ئەقىدىسىنى قوغدايدىغان ۋە ئىمانىنى ساقلايدىغان نامازدىن ئىبارەت ئاساسلىق قورالدىن ئايرىلغان ئادەم ئازغۇنلۇق، شەكلىنىش ۋە دىنسىزلىككە ئوخشاش ئىماندىن چىقىرىدىغان بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانداقمۇ پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ؟ ھايات ۋاقتىدا ناماز ئوقۇماي الله تائالادىن غەپلەتتە ئۆتكەن ئادەم ئۆلۈم كەلگەندە ۋە سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا قانداقمۇ الله تائالانى ياد ئېتىدۇ؟

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

# ئەزاننىڭ بايانى

## ئەزاننىڭ ئۇقۇمى

<ئەزان> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئىلان قىلماق، دېگەنلىك بولىدۇ.

<ئەزان> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن خۇسۇسىي سۆزلەر بىلەن نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئىلان قىلماق، دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئەزاننىڭ يولغا قويۇلىشى

ئەزان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن يولغا قويۇلغان. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن توپلۇشۇپ نامازنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا باشلىدى. (بۇ چاغدا) ئەزان ئوقۇش يولغا قويۇلمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر كۈنى بۇ ھەقتە سۆزلۈشۈپ بەزىلىرى: خرىستىيانلار (ئىبادەت ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن) قوڭغۇراق چالغىنىدەك بىزمۇ قوڭغۇراق چالساقكەن، دېدى. بەزىلىرى بولسا: خۇددى يەھۇدىيلار بۇرغا چالغىنىدەك بىزمۇ بۇرغا چالساقكەن، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نامازغا چاقىرىدىغان بىر ئادەمنى چىقارمامسىلەر، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بىلال! قوپ نامازغا چاقىرغىن»[1] دېدى. بۇ چاغدىكى نامازغا چاقىرىشتىن ھازىرقى ئەزان كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت كىشىلەرگە نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى خەۋەر بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھازىرقى ئەزان بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئۇنى چۈشىدە كۆرگەندىن كېيىن يولغا قويۇلغان. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن چۈشۈمدە ئۇستىدە يېشىل ئىككى كىيىم بار (قولىدا) قوڭغۇراق كۆتۈرگەن بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: ئى اللە نىڭ بەندىسى! قوڭغۇراقنى ساتامسەن؟ دېدىم. ئۇ ئادەم: بۇنى قانداق قىلىسەن؟ دېدى. مەن: ئۇنىڭ بىلەن (كىشىلەرنى) نامازغا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**چاقىرىمەن، دېدىم. ئۇ ئادەم: مەن سېنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟ دېدى. مەن: ئۇ قايسى ئىش؟ دېدىم. ئۇ ئادەم ئۇ: <الله ئەكبەر! الله ئەكبەر! الله ئەكبەر! الله ئەكبەر! ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ! ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ! ھەييى ئەلەسسالاھ! ھەييى ئەلەسسالاھ! ھەييى ئەلەل فەلاھ! ھەييى ئەلەل فەلاھ! الله ئەكبەر! الله ئەكبەر! لا ئىلاھە ئىللاللاھ!> دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ چۈشۈدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «قېرىندىشىڭلار بىر چۈش كۆرۈپتۇ. سەن (ئى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد!) بىلال بىلەن بىللە مەسچىتكە چىقىپ ئۇنىڭغا ئۇ سۆزلەرنى ئۆگەتكىن. بىلال ئۇلار بىلەن (كىشىلەرنى نامازغا) چاقىرسۇن. چۈنكى، بىلالنىڭ ئاۋازى سېنىڭ ئاۋازىڭدىن چىرايلىقتۇر» دېدى. كېيىن مەن بىلال بىلەن بىللە مەسچىتكە چىقىپ ئۇ سۆزلەرنى بىلالغا ئۆگەتتىم. بىلال ئۇ سۆزلەر بىلەن (كىشىلەرنى نامازغا) چاقىرغىلى باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئىبنى خاتتاپ چىقىپ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەنمۇ بۇلارنى چۈشۈمدە كۆرگەن ئىدىم، دېدى[1].**

# ئەزان ئېيتىش بىلەن تەكبىر ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

**ناماز مەيلى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلسۇن ياكى قازاسى ئوقۇلسۇن مەيلى ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم سەپەر ئۈستىدە بولسۇن ياكى سەپەرگە چىقمىغان بولسۇن مەيلى كىشىلەر نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇسۇن ياكى يالغۇز ئوقۇسۇن، بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش ۋە تەكبىر چۈشۈرۈش پەقەت ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر، ئاياللارغا مەكرۇھتۇر. ئەزان ئوقۇش بىلەن تەكبىر چۈشۈرۈشنىڭ ئاياللارغا مەكرۇھ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاياللارغا ئەزان ئوقۇش ۋە تەكبىر چۈشۈرۈش يوقتۇر» دېدى.[2] چۈنكى، ئەسلىدە ئاياللارنىڭ پىنھان ھالەتتە تۇرۇشى ياخشىدۇر.**

**ھېيت نامازلىرى، كۈن ۋە (ئاي) تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز**

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

ئۇچۇن ئەزان ئوقۇلمايدۇ ۋە (تەكبىر چۈشۈرۈلمەيدۇ). بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى سەمەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا بىر نەچچە قېتىم (ھېيت نامازلىرىنى) ئەزانسىز ۋە تەكبىرسىز ئوقۇدۇم.»(1)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلۇپ قالغاندا (كۈن تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان) نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ جامائەت ھالىتىدە كېلىشكە چاقىرىلدى.»

ۋىتىر نامىزى ئۈچۈنمۇ ئەزان ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى، خۇپتەن نامىزىغا ئوقۇلغان ئەزان ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭمۇ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سۈننەت نامازلىرىغا ئەزان ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار پەرز نامازلارغا ئەگىشىلگەندۇر.

(ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلىدىغان) شەھەردە ئولتۇرىدىغان ئادەم ئۆيىدە ناماز ئوقۇماقچى بولسا، نامازنى ئەزان ئوقۇماي ۋە تەكبىر چۈشۈرمەي ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدە ئادەملىرىگە نامازنى ئەزان ئوقۇماي ۋە تەكبىر چۈشۈرمەي ئوقۇپ بېرىپ شەھەردە ئوقۇلغان (ئەزان) ۋە تەكبىر يېتەرلىكتۇر، دېگەن.(2)

ئەگەر بىرەر ۋاخ ناماز قازا بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلغاندا ئەزان ئوقۇلىدۇ ۋە تەكبىر چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمران ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ساھابىلەر بىلەن) سەپەرگە چىققان ئىدى. (بىر كۈنى) ئۇلار بامدات نامىزىغا (ئويغىنالماي) ئۇخلاپ قالىدۇ. كېيىن ئۇلار (ئۇستۇگە چۈشكەن) كۈن قىززىقلىقى بىلەن ئويغىنىپ قوپۇپ تاكى كۈن ياخشى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر يول يۈرىدۇ. ئاندىن مۇئەززىننى ئەزان ئوقۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپ بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى، كېيىن تەكبىر چۈشۈرۈپ بامداتنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى ئوقۇدى.»(3)

ئەگەر بىر نەچچە ۋاخ ناماز قازا بولۇپ كەتكەن بولسا، پەقەت بۇ قازا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئۆي مەسچىتتە ئوقۇلغان ئەزان ئاڭلىنىدىغان مەھەللىدە بولسىمۇ نامازنى ئەزانسىز ۋە تەكبىرسىز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

نامازلاردىن ئالدىدا ئوقۇلىدىغىنى ئۈچۈنلا ئەزان ئوقۇلىدۇ ۋە قالغان ھەر بىر نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « مۇشرىكلار خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۆت ۋاخ نامازنى ئوقۇشتىن كاشىلا قىلىپ قويغان. ھەتتا كېچىنىڭ بىر قىسمىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالنى بۇيرىدى، ئۇ ئەزان ئوقۇدى ۋە تەكبىر چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن بىلال تەكبىر چۈشۈردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن بىلال تەكبىر چۈشۈردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن بىلال يەنە تەكبىر چۈشۈردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى.[1]

ئەگەر نامازنىڭ قازاسى مەسچىتتە قىلىنغان بولسا، ئەزان ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى، (قازا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن) مەسچىتتە ئەزان ئوقۇلسا، باشقىلار (بۇ ئەزان قايسى ناماز ئۈچۈن ئوقۇلغان ئەزان بولغىيدى دەپ) گاڭگىراپ قالىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم قازا نامازنى مەسچىتتە ئۆزى يالغۇز قىلماقچى بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئەزاننى پەقەت ئۆزى ئاڭلىغۇدەكلا قىلىپ ئوقۇيدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قازا نامازنى مەسچىتتە قىلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، نامازنى قازا قىلىۋېتىش گۇناھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازنى قازا قىلىۋاتقانلىقنى ئاشكارىلىماسلىق لازىم.

## ئەزاننىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنىڭ ۋە تەكبىرنىڭ قانداق چۈشۈرۈلىدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئەزاننىڭ بېشىدا تۆت قېتىم <الله ئەكبەر> دېيىلىدۇ. <الله ئەكبەر> دەپ ھەرپى <را> غا ھەرىكەت بەرمەي ئوقۇسىمۇ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەرىكەت بېرىپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ھەرپى <را> غا ھەرىكەت بېرىلسە، زەۋەر ھەرىكەت بېرىلىدۇ. يەنى: <الله ئەكبەرە> دەپ ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭغا زىر ھەرىكەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، (بىرىنچى قېتىملىق <الله ئەكبەر> دىن كېيىن ئىككىنچى <الله ئەكبەر> دىكى <الله> دېگەن سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەن ھەرپى <ئەلىف>

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

چوڭ ئوقۇلىدۇ يەنى <ئا> دەپ ئوقۇلىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلگىرىدىكى ھەرىپىنى زىر ئۇقۇش توغرا بولمايدۇ). ئەگەر ھەرپى <را > نى پەش ئوقۇسا يەنى <الله ئەكبەرۇ> دەپ ئوقۇسا، بىر سۈننەتكە قارشى ئىش قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە ھەرپى <را> نى ھەركەتسىز ئوقۇش لازىم.

ئەزان چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇلىدۇ، لېكىن (ناخشىغا ئوخشاش) ئاھاڭغا سېلىنمايدۇ. ئەزاننىڭ باش ئايىغىدا ھەركەتنى ياكى ھەرىپنى سوزۇش ئارقىلىق ئەزاننىڭ سۆزلۈرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

بامدات نامازغا ئوقۇلغان ئەزاندا <ھەييى ئەلەل فەلاھ!> نىڭ كەينىدىن <ئەسسالاتۇ خەيرۇم مىنەننەۋم!> دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مۇئەززىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇغاندا <ھەييى ئەلەسسالاھ! ھەييى ئەلەسسالاھ! ھەييى ئەلەل فەلاھ! ھەييى ئەلەل فەلاھ!> دىن كېيىن <ئەسسالاتۇ خەيرۇم مىنەننەۋم!> دېيىش سۈننەتتۇر.»[1]

تەكبىرنىڭ سۆزلىرىمۇ ئەزاننىڭكىگە ئوخشاشتۇر. لېكىن تەكبىردە <ھەييى ئەلەل فەلاھ!> دىن كېيىن ئىككى قېتىم <قەد قامەتىسسالاھ!> نى قوشۇپ چۈشۈرىدۇ. تەكبىرنىڭ سۆزلىرىنىڭمۇ ئەزاننىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇلەيلا مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر ماڭا ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد چۈشۈدە ئەزاننى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ خەۋەر بەرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن بۇنى بىلالغا ئۆگىتىپ قويغىن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەزان ئوقۇشنى (ئەزاننىڭ ھەر بىر سۆزىنى) ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ ۋە تەكبىر چۈشۈرۈشنىمۇ (ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى) ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ ئۆگىتىپ قويغان. ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق ئولتۇرغان.[2]

ئەمما باشقا مەزھەپدىكىلەر: «تەكبىردە <قەد قامەتىسسالاھ> دېگەن

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى خۇزەيمە ۋە دارى قۇتنىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇ شەيبە، تەھاۋىي ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىنىڭ ھەممىسى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەندۇر.

سۆزدىن باشقا ھەممە سۆزلەر (ئىككى قېتىمدىن ئەمەس) بىرلا قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان: «بىلال ئەزاننى جۈپ - جۈپ ۋە تەكبىرنى <قەد قامەتىسسالاھ!> دېگەن سۆزدىن باشقىسىنى تاق - تاق ئوقۇشقا بۇيرۇلغان»[1] دېگەن ئەسەرنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

بۇ ئەسەرنىڭ، بىلال ۋە ئەبۇ مەھزۇرەدىن رىۋايەت قىلىنغان: تەكبىر چۈشۈرۈلگەندىمۇ (ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنىڭ) ئىككى قېتىمدىن ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن باشقا ھەدىسلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر باشقا مەزھەپدىكىلەرگە: ئۇ ھەدىستىكى < تاق - تاق> دېگەن سۆزدىن تەكبىرنىڭ سۆزلىرىنى تاق - تاق ئېيتىش ئەمەس بەلكى نەپەس ئېلىشتىكى ۋە ئاۋازىنى چىقىرىشتىكى[2] تاق - تاقلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.[3]

بەزى رىۋايەتلەردە ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدنىڭ (ئەزان ئوقۇغاندا ۋە تەكبىر چۈشۈرگەندە) قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەزان ئوقۇغاندا ۋە تەكبىر چۈشۈرگەندە قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرىلىدۇ.

مەيلى ئەزان ئوقۇغاندا بولسۇن ياكى تەكبىر چۈشۈرگەندە بولسۇن يۈزنى <ھەييى ئەلەسسالاھ!> دېگەندە ئوڭ تەرەپكە، <ھەييى ئەلەل فەلاھ!> دېگەندە سول تەرەپكە قارىتىدۇ. چۈنكى، مۇئەززىن بۇ ئىككى سۆز بىلەن كىشىلەرگە خىتاپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى سۆزنى دېگەندە ئۇلارغا قاراش لازىم. ئەزان ئوقۇغاندا بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى يىراق يەرلەرگە ئاڭلانغىدەك ياڭرايدۇ.

ئەبۇجۇھەيفە: «مەن بىلالنىڭ بارمىقىنى قۇلىقىغا تىقىپ تۇرۇپ ئەزان ئوقۇپ (ئۇياق - بۇياققا) ئۆرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنىڭ ھەر تەرەپتە ياڭرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم» دېدى.[4] يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ:

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) يەنى مەسىلەن: <ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ!> دەپ بولۇپ بىر قېتىم تىنىدۇ ۋە ئاۋازىنى ئۈزىدۇ، ئاندىن <ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ! ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ!> دەپ بولۇپ بىر قېتىم تىنىدۇ ۋە ئاۋازىنى ئۈزىدۇ ئاندىن <ھەييى ئەلەسسالاھ! ھەييى ئەلەسسالاھ!> دەپ بولۇپ بىر قېتىم تىنىدۇ ۋە ئاۋازىنى ئۈزىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(3) «فتح القدير»، 1 - توم، 169 - بەت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي بۇ ياخشى ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ئەسەردۇر، دېدى.

«مەن (بىلالنىڭ <ھەييى ئەلەسسالاھ!> >ھەييى ئەلەل فەلاھ!> دەپ) ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قارىغاندا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردە ياڭرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم» دېدى.[1]

مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئوقۇۋېتىپ ياكى تەكبىر چۈشۈرۈۋېتىپ گەپ قىلىشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا سالام بېرىلسە، مۇئەززىن سالامنى قايتۇرمايدۇ. جۈنكى ئەزان ۋە تەكبىرمۇ جۈمە خۇتبىسىگە ئوخشاش ئۇلۇغ بىر زىكرىدۇر. ئەزان ياكى تەكبىرنىڭ ئارىسىدا گەپ قىلىش ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقتۇر. ھەم ئۇنىڭ تەرتىپىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

ئولتۇرغان ياكى ئۇلاغقا مىنگەن ھالەتتە تۇرۇپ ئەزان ئوقۇش مەكرۇھتۇر. لېكىن يول يۈرۈۋاتقان مۇساپىر (يول يۈرمىسە ھەمراھلىرىنىڭ كەينىدە قالىدىغان ئىش بولۇپ) يول يۈرۈشى زۆرۈر بولسا، ئۇلاغقا مىنگەن ھالىتىدە تۇرۇپ ئەزان ئوقۇسا بولىدۇ. بارلىق ئالىملار ئەزان ئوقۇغاندا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى.

جۇنۇپ تۇرۇپ ئەزان ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما تاھارەتسىز ئەزان ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر. ئەگەر (جۇنۇپ ئادەم ئەزان ئوقۇغان بولسا، يۇيۇنغاندىن كېيىن) ئەزاننى قايتا ئوقۇيدۇ.

ئايال كىشى، مەست، ئېلىشىپ قالغان ئادەم ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن بالا قاتارلىقلار ئەزان ئوقۇمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەزان ئوقۇسا، ئەزان (ئەزان ئوقۇشقا شەرتى توشىدىغان ئادەم تەرىپىدىن) قايتا ئوقۇلىدۇ.

ئەزاننى، ئۇنىڭ ھەر بىر جۈملە ئارىسىنى بىر تىنىق بىلەن ئايرىپ - ئايرىپ ئوقۇپ سالماقلىق بىلەن ئوقۇيدۇ. ئەمما تەكبىرنى، ئۇنىڭ جۈملىلىرى ئارىسىنى ئۇلاپ ئوقۇپ تېز - تېز ئوقۇيدۇ.[2]

شام نامىزىدىن باشقا نامازلاردا ئەزاننى ئوقۇپ بولۇپلا (ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋەتمەي) تەكبىر چۈشۈرۈش مەكرۇھتۇر. ئەمما شام نامىزىدا ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىسىنى قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇپ بولغىچىلىك مۇددەت

(1) بۇ رىۋايەتنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) يەنى ئەزاندا مەسىلەن: <ھەييى ئەلەسسالاھ!> دېگەن بىر جۈملە بىلەن < ھەييى ئەلەسسالاھ!> دېگەن يەنە بىر جۈملىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ ئوقۇيدۇ. ئەمما تەكبىردە ئۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىنى قوشۇپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇ ئىككى جۈملىنى ئوقۇپ بولۇپ بىر قېتىم تىنىۋېتىپ ئاندىن ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆتىدۇ. ت.

**جىم تۇرۇش بىلەن ئايرىدۇ.[1] بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى سەمىرە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ئەزان ئوقۇپ بولۇپلا تەكبىر چۈشۈرمەي تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە تەكبىر چۈشۈرۈشكە باشلايتتى.»**

**شام نامىزىدىن باشقا نامازلاردا ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىش ئوقۇلىدىغان پەرز نامازلار ئالدىدا ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلارنى ئوقۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما شام نامىزىدا ئۇنداق ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدىغان سۈننەت ناماز يوقتۇر.[2]**

**نامازغا ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ئەزان ئوقۇش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش كىشىلەرنى گوللىغانلىقتۇر.**

**ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئەزان ئوقۇشى بامدات نامىزى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنى ئويغۇتۇش، روزا تۇتماقچى بولغان ئادەمگە سوھۇرلۇق يەيدىغان ۋاقىتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە كېچە نامازلىرىنى ئوقۇۋاتقان ئادەمگە (تاڭنىڭ، ئېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنى كېچىدە) ئوقۇلىدىغان نامازنى ئوقۇشتىن توختۇتۇشقا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزانىنىڭ شۇ ئىشلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:**

**ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلارنى بىلالنىڭ ئەزانى سوھۇرلۇق يېيىشتىن توسۇپ قويمىسۇن. چۈنكى ئۇ (كېچە نامازلىرىنى ئوقۇۋاتقان ئادەمگە تاڭنىڭ، ئېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنى كېچىدە) ئوقۇلىدىغان نامازنى ئوقۇشتىن توختۇتۇش ۋە ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى**

(1) «شرح المنيه»، **376** ـ بەت.

(2) يەنى بامدات نامىزى ۋە پېشىن نامىزىدا ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىش بامداتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكەت سۈننەتنى ۋە پېشىننىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكەت سۈننەتنى ئوقۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما ئەسىر نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىدا بولسا، بۇ نامازلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇش خۇددى بامدات ۋە پېشىن نامازلىرىدا سۈننەت قىلىنغىنىدەك كۈچلۈك سۈننەت قىلىنغان سۈننەتلەردىن بولمىسىمۇ ئوقۇش ياخشى سۈننەت قاتارىدىن قىلىنغان سۈننەتلەر باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىر نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىدا ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىش شۇ سۈننەتلەرنى ئوقۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما شام نامىزىدا بۇ سۈننەتلەرنىڭ ھېچبىرى يوقتۇر. شۇڭا شام نامىزىدا ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىش، قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇپ بولغىچىلىك مۇددەت جىم تۇرۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ت.

ئويغۇتتۇش ئۈچۈن كېچىدە ئەزان ئوقۇيدۇ.»[1] شۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلغان ئەزان بامدات نامىزىنىڭ ئەزانىغا ھېساپ بولمايدۇ. شۇڭا تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بامدات نامىزى ئۈچۈن باشقا بىر قېتىم ئەزان ئوقۇش لازىم.

بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلال ئەزاننى كېچىدە (يەنى تاڭ ئېتىش ئىلگىرى) ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر تاكى ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئوقۇغانغا قەدەر (سوھورلۇقنى) يەڭلار ۋە ئىچىڭلار.» ئاندىن ئىبنى ئۆمەر: «ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بولسا، كۆر بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا تاڭ ئاتتى، تاڭ ئاتتى دېيىلگەنگە قەدەر ئەزان ئوقۇمايتتى» دېدى.[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۇلار ھەتتا تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئەزان ئوقۇمايتتى» دېدى.[3]

ئەزاننى سەپەر ئۈستىدە بولمىغان ئادەمنىڭ ئوقۇشى ياخشىدۇر.

## ئەزاننى مۇئەززىن بىلەن تەڭ قايتىلاش

مۇئەززىن ئەزاننى جۇنۇپ ئەمەس ھالىتىدە ئوقۇغان، ئۆز ۋاقتىدا ۋە توغرا ئوقۇلغان ئەزاننى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ، گەپ قىلىشتىن ھەتتا قۇرئان ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ ئۇنى ئوقۇشتىن توختاپ مۇئەززىن نېمىنى دېگەن بولسا، شۇنى دېيىشى لازىم. لېكىن مۇئەززىن <ھەيىي ئەلەسسالاھ!> دېگەندە ئاڭلىغان ئادەم ئۇنىڭ ئۆزىنى دېمەي <لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ!> دېگەننى ۋە <ھەيىي ئەلەل فەلاھ!> دېگەندىمۇ <لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ!> دېگەننى ۋە بامدات نامىزىدا مۇئەززىن: <ئەسسالاتۇ خەيرۇم مىنەننەۋم!> دېگەندە، راست ئېيتتىڭ ۋە ھەق سۆزلىدىڭ، دېگەننى ياكى الله تائالانىڭ خالىغىنى بولىدۇ، دېگەننى دەيدۇ. بۇھەقتە ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مۇئەززىن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

**نىمىنى دېسە شۇنى دەڭلار.»[1]**

**بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇئەززىن: <الله ئەكبەر!. الله ئەكبەر!> دېگەندە، بىرىڭلار چىن قەلبىدىن: <الله ئەكبەر! الله ئەكبەر!> دېسە. مۇئەززىن: <ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ!> دېگەندە، ئۇ: <ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ!> دېسە. مۇئەززىن: <ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ!> دېگەندە، ئۇ: <ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ!> دېسە. مۇئەززىن: <ھەييى ئەلەسسالاھ!> دېگەندە، ئۇ: <لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ!> دېسە. مۇئەززىن: <ھەييى ئەلەل فەلاھ!> دېگەندە، ئۇ: <لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ!> دېسە. مۇئەززىن: <الله ئەكبەر! الله ئەكبەر!> دېگەندە، ئۇ: <الله ئەكبەر! الله ئەكبەر!> دېسە. مۇئەززىن: <لا ئىلاھە ئىللاللاھ!> دېگەندە، ئۇ: <لا ئىلاھە ئىللاللاھ!> دېسە. ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ.»[2]**

**ئۇنىڭدىن كېيىن دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن <ۋەسىلە> دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مۇئەززىننىڭ (ئەزان ئوقۇغانلىقىنى) ئاڭلىساڭلار. ئۇ نېمە دېسە سىلەرمۇ شۇنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار. چۈنكى، ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتقان كىشىگە الله تائالا ئون قېتىم رەھمەت يوللايدۇ (يەنى ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ)، ئاندىن الله تائالادىن ماڭا <ۋەسىلە> نى تىلەڭلار. چۈنكى، <ۋەسىلە> جەننەتتىكى بىر ئورۇن بولۇپ ئۇ ئورۇن، بەندىلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرلا بەندىگە بېرىلىدۇ. مەن ئۆزەمنىڭ شۇ بەندە بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن. كىمكى ماڭا الله تائالادىن شۇ ئورۇننى تىلىسە، ئۇنىڭغا (قىيامەت كۈنى) شاپائەتىم تېگىدۇ.»[3]**

**<ۋەسىلە> دۇئاسى ھەققىدە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندا (يەنى ئەزاندىن كېيىن) ئەللاھۇممە رەببە ھەزىھىد دەئۋەتىت تاممە ۋەسسەلاتىل قائىمە، ئاتى مۇھەممەدەنىل ۋەسىلەتە ۋەل پەزىلەتە، ۋەبئەسھۇ مەقامەم مەھمۇدەنىللەزى ۋەئەتتەھ، دېسە. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا شاپائەتىم**

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تېگىدۇ.»[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەللاھۇممە رەببە ھەزىھىد دەئۋەتىت تاممە ۋەسسەلاتىل قائىمە، ئاتى مۇھەممەدەنىل ۋەسىلەتە ۋەل پەزىلەتە، ۋەبئەسھۇ مەقامەم مەھمۇدەنىللەزى ۋەئەتتەھ، ئىننەكە لا تۇخلىپۇل مىئاد[2]»[3] دېسە دەپ بايان قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر مۇئەززىننىڭ (ئەزان ئوقۇغانلىقنى) ئاڭلىساڭلار، ئۇ نېمە دېسە سىلەرمۇ شۇنى دەڭلار» دېگەن سۆزى مۇئەززىنگە ئەگىشىپ مۇئەززىن نېمە دېگەن بولسا، شۇنى دېيىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇيرۇقتا، ئەگەر بۇيرۇقنى ۋاجىپلىقتىن (مۇستەھەپكە ئوخشاش) باشقا ھۆكۈمگە قارىتىدىغان بىرەر ئالامەت بولمىسا، بۇيرۇق ۋاجىپنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ يەردە بۇيرۇقنى ۋاجىپلىقتىن باشقا نەرسىگە قارىتىدىغان بىرەر ئالامەت يوقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭدا ئالامەت بار دېگەن تەقدىردە مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دېيىشكە بۇيرۇپ كەلگەن ئۇ سۆزدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار. . . ئاندىن الله تائالادىن ماڭا <ۋەسىلە> نى تىلەڭلار. . . » دېگەن سۆزلىرى ئۇ بۇيرۇقنى ۋاجىپلىقتىن باشقا ھۆكۈمگە قارىتىدىغان بىر ئالامەت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، كېيىن دېيىلگەن ئۇ سۆزلەر ساۋابقا رىغبەتلەندۈرۈشتە ۋە مۇستەھەپ ئىشلارنى بىلدۈرۈشتە كۆپ قوللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئالىملار: مۇئەززىننىڭ دېگەنلىرىنى دېيىش (ۋاجىپ ئەمەس) مۇستەھەپتۇر، دېگەن قاراشتىدۇر.[4]

## نامازنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى[5]

نامازنىڭ شەرتلىرى بولسا، نامازغا كىرىشتىن ئىلگىرى ھازىرلاش پەرز

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئۇ دۇئانىڭ مەنىسى: مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ رەببى ئى الله! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (جەننەتتىكى) ئورۇننى، ئالى دەرىجىنى ۋە (شاپائەت قىلىش مەرتىۋىسىدىن ئىبارەت) سەن ئۇنىڭغا بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئېسىل مەرتىۋىنى بەرگىن. چۈنكى، سەن قىلغان ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن.

(3) بۇ رىۋايەتنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

(4) «شرح المنيه»، 378 ـ بەت.

(5) ئەسلىدە ئاپتۇر نامازنىڭ شەرتلىرى بىلەن نامازنىڭ پەرزلىرىنى يىغىپ نامازنىڭ پەرزلىرى دەپلا ئات قويۇپ ھەممىسىنى بىر بابتىلا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىكەن. مەن ۋەتەندە ئوقۇلىدىغان فىقھى كىتاپلارنىڭ قائىدىسى بويىچە نامازنىڭ شەرتلىرىنى بىر بابقا ۋە ئۇنىڭ پەرزلىرىنى بىر بابقا ئايرىپ تەرجىمە قىلدىم. ت.

قىلىنغان ئىشلاردۇر. ئەگەر بۇ شەرتلەرنىڭ بىرەرسى ھازىرلانماي تۇرۇپ ناماز ئوقۇلسا، ئوقۇلغان ئۇ ناماز توغرا بولمايدۇ.

ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

## 1 ـ تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىش:

نامازغا كىرىشتىن ئىلگىرى كىچىك ـ چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن، ھەيزدارلىقتىن ۋە نىفاسدارلىقتىن خالى بولۇش شەرتتۇر. بىز بۇلارنى تاھارەتنىڭ بابىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

## 2 ـ نجىس نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش

بۇ نىجاسەتتىن، ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ بەدىنىدە، كىيىمىدە ۋە ئۇنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرىدە بولغان ۋە بۇلار بولغان ئەھۋالدا ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغان نىجاسەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ پاكىزلاش شەرت قىلىنغان كىيىمى ئۇنىڭ ئۇستۇدىكى ئىچ ـ تاش كىيىمىنى، ئايىغىنى، پايپىقىنى، ھەركەت قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەركەتلىنىدىغان، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان ھەممە كىيىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستۇدىكى كىيىمنىڭ ھەممە تەرىپى ئۇنىڭ ھەركەت قىلىشى بىلەن تەڭ ھەركەتلەنمەيدىغان دەرىجىدە چوڭ بولغان، نىجاسەت ئۇ كىيىمنىڭ ھەركەت قىلمايدىغان تەرىپىدە بولغان بولسا، ئۇ كىيىم بىلەن ئوقۇلغان ناماز توغرا بولىدۇ.[1]

ئەگەر تىگىگە نىجاسەت يۇققان ئاياغنى كىيىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇ ناماز توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئاياغانى سېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇ ناماز توغرا بولىدۇ[2].[3]

ئۇنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرىگە كەلسەك ئۇ يەرنىڭ پەقەت ئۇنىڭ دەسسەپ تۇرىدىغان، (سەجدىگە بارغاندا) قوللىرىنى، تىزلىرىنى ۋە پېشانىسىنى

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم يەرگە تۆت بەش مېتىردەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر رەختنى ئۇستىگە ئارتىپ ناماز ئوقۇغان، ئۇ رەختنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان تەرىپى ئۇنىڭ ھەركەت قىلىشى بىلەن ھەركەت قىلمايدىغان ۋە نىجاسەت ئۇ رەختنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان ھەركەت قىلمايدىغان تەرىپىگە يۇققان بولسا، ئۇ رەخ بىلەن ئوقۇلغان ناماز توغرا بولىدۇ. ت.

(2) چۈنكى، ئىككىنچى ھالەتتە ئۇ ئاياغ ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرمايدۇ. ت.

(3) «شرح المنيه»، **208** ـ بەت.

قويىدىغان يەرنىڭ پاكىز بولۇشى شەرتتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم دەسسەپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىدىغان يەرلىرىدە نىجاسەت يوق، ئەمما سەجدە قىلسا كىيىملىرىنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرى نىجاسەت بار يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان بىر يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئەگەر يەردىكى ئۇ نىجاسەت قۇرۇق بولۇپ ئۇنىڭ كىيىمگە يۇقۇپ قالمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇپ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەردىن باشقا يەرنىڭ پاك بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ.[1]

ئاستى قېتى نىجىس، ئەمما ئۈستى قېتى پاكىز بولغان ئىككى قات نەرسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، خۇددى پاسكىنا بىر نەرسىنىڭ ئۈستۈگە پاكىز بىر نەرسىنى سېلىپ ناماز ئوقۇغانغا ئوخشاش پاكىز يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇلغان ھېساپلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە قېلىن كىگىز ۋە گىلەمگە ئوخشاش تېگى تەرەپ نىجىس، ئەمما يۈز تەرەپ پاكىز بولغان قېلىن نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭ تېگىدىكى نىجاسەت يۈزى تەرەپكە ئۆتۈپ چىقمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدىمۇ ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ.

ئۈستىدە نىجاسەت بار تۇپراقنىڭ ئۈستۈگە ھەتتا نىجاسەتنىڭ پۇرىقى يۇقىغانغا قەدەر تۇپا يېيىتىۋېتىلگەن بولسا، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ.

قۇرۇق نىجاسەتنىڭ ئۈستۈگە بىر نەرسە سېلىنغان، سېلىنغان ئۇ نەرسە تېگى كۆرۈنۈپ قالغىدەك دەرىجىدە ياكى ئۇ پۇرىقى بار نىجاسەت بولسا، ئۇنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىدەك دەرىجىدە نىپىز بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ.

ياغاچنىڭ بىر يۈزى نىجىس يەنە بىر يۈزى پاكىز بولسا، پاكىز يۈزى تەرەپتە ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ.

## 3 ـ ئەۋرەتنى يېپىش

(1) «شرح المنيه»، 202 ـ بەت.

**<ئەۋرەت> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى:**

**<ئەۋرەت> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، يېپىش لازىم بولغان ۋە (ئېچىلىپ قېلىشتىن) خىجىل بولۇنىلىدىغان يەر، دېگەنلىك بولىدۇ.**

**<ئەۋرەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن <نامازدا يېپىش پەرز قىلىنغان يەر> دېگەنلىك بولىدۇ.**

**نامازدا ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، الله تائالانىڭ: «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار»[1] دېگەن ئايىتىدۇر.**

**بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بالاغەتكە يەتكەن ئايالنىڭ نامىزىنى (ئەگەر ئۇ ئايال نامازنى ئۆزىنىڭ يېپىشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى كىيىم ـ كېچەككە ئۇخشاش) ياپىدىغان نەرسىلەر بىلەن يېپىپ ئوقۇغان بولسا، قوبۇل قىلىدۇ.»[2]**

**شۇنىڭدەك يەنە بارلىق ئالىملار نامازدا ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ پەرزلىكىدە بىردەك قاراشتا بولۇپ بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.[3]**

**ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم نامازغا تۇرغاندا الله تائالانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ الله تائالا بىلەن پىچىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانى ھۆرمەتلەش ۋە ئەدەبلىك بولۇش يۈزىسىدىن ئەۋرىتىنى يېپىش لازىم. ئەۋرەتنى يېپىش نامازدا تۇرغاندا ئەۋرەتنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن قورققانلىقتىن ئەمەس، بەلكى نامازنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋرىتىنى يېپىشقا قادىر تۇرۇپ (ھېچ كىشى كۆرمەيدىغان) قاراڭغۇ بىر يەردە يالىڭاش ھالدا ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى ئالىملارنىڭ**

---

(1) سۈرە 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) «شرح المنيه»، 209 ـ بەت.

بىرلىككە كەلگەن قارىشچە توغرا بولمايدۇ.[1]

ئەركىشىنىڭ بەدىنىدىن ئەۋرەت سانىلىدىغان يەر، كىندىكىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ تاكى تىزىنىڭ ئاستىغىچىدۇر. كىندىك، ئەۋرەت دەپ قارىلىدىغان يەرنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەمما تىز ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى شۇئەيب چوڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: »بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى (ناماز ئوقۇمىسا) ئۇرۇڭلار ۋە ياتىدىغان جايىنى ئايرىم قىلىڭلار. ئەگەر بىرىڭلار قۇلىنى ياكى چۆرىسىنى ياكى ئىشلەمچىسىنى ئۆيلەندۈرۈپ قويسا، چۆرىسى ئۇنىڭ ئەۋرەتلىرىنىڭ كىچىككىنە يېرىگىمۇ قارىمىسۇن[2]. چۈنكى، كىندىكىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ تاكى تىزىنىڭ ئاستىغىچە ئەۋرەتتۇر.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىنى ئېچىشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىندى. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مەسچىتنىڭ مەيدانىدا يوتىسىنىڭ بىر بۆرجىكىنى ئېچىپ قويۇپ ئىت ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرۋاتقان مەئمەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ ئۇنىڭغا: «ئى مەئمەر! يوتاڭنى ياپ. چۈنكى، يوتا ئەۋرەتتۇر»[4] دېدى.

جەرھەد مۇنداق دېدى: «مەن يوتامنى ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرۋاتاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماڭا: «يوتاڭنى ياپ. يوتا ئەۋرەتتۇر»[5] دېدى.

---

(1) «شرح المنيه»، 210 - بەت.

(2) قۇل ياكى ئىشلەمچىسىنىڭ خوجىسىنىڭ ئەۋرەت جايلىرىغا قارىشى مەيلى ئۇلار توي قىلىشتىن ئىلگىرى بولسۇن ياكى توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن توغرا ئەمەستۇر. ئەمما چۆرىنىڭ خوجىسىنىڭ ئەۋرەت جايىغا قارىشى ئۇ، توي قىلىشتىن ئىلگىرى گۇناھ بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، خوجىنىڭ چۆرىسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھالالدۇر ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە بىر - بىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈشى تەبىئىيدۇر. ئەمما ئۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن خوجىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھالال ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە چۆرە توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى خوجىسىنىڭ ئەۋرەت جايلىرىغا قارىشىدىن توسقان بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە دارى قوتنىي رىۋايەت قىلدى. ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئىشەنچىلىك دەپ قارالغان كىشىلەردۇر.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ھاكىم ۋە تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى. ئىبنى ھەببان بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يوتا ئەۋرەتتۇر.»[1]

ئەمما خەيبەرنى فەتھى قىلغان ۋەقەلىكنى بايان قىلغان قىسسىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلۇغقا مىنگەن، ئەبۇتەلھەمۇ ئۇلۇغقا مىنگەن ئىدى. مەن ئەبۇتەلھەنىڭ ئارقىسىغا مىنىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغنى خەيبەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىگە بۇرىدى. (كوچىنىڭ تارلىقىدىن) تىزىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسىغا تېگىپلا تۇراتتى. كېيىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئىشتىنى يوتىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسىنى ھەتتا ئۇنىڭ ئاق يەرلىرىگە قەدەر كۆردۈم.[2] دېگەن سۆزىگە تۆۋەندىكى جاۋاب بېرىلىدۇ:

بۇ ئىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولمىغان. بۇ، ئۇلاغنىڭ تىز مېڭىۋاتقانلىقى ۋە كوچىنىڭ ئادەملەر بىلەن تارچىلىقى سەۋەبى بىلەن بولغاندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوتىسىنى يېپىشقا مۇمكىن تۇرۇپ ئۇنى ئېچىپ قويۇپ ماڭدى، دېگەن گەپ يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسىنىڭ ئۇنىڭ ئىختىيارى بىلەن ئېچىلىپ قالمىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، يەنە بىر رىۋايەتتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسىدىن ئۇنىڭ ئىشتىنى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.[3] دېگەن سۆزىدۇر.

ئەمما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيۈمدە يوتىسىنى ياكى پاچىقىنى ئېچىپ قويۇپ يېنىچە يېتىۋاتاتتى. ئەبۇبەكرى كىلىپ (ئۆيگە كىرىشكە) ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا سۆز قىلدى. ئاندىن ئۆمەر كىلىپ (ئۆيگە كىرىشكە) ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا سۆز قىلدى. ئاندىن ئوسمان كىلىپ (ئۆيگە كىرىشكە)

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى بايان قىلدى. تىرمىزي بۇ ھەدىسنى راۋىلىرىنى بايان قىلغان ھالەتتە رىۋايەت قىلدى ۋە: بۇ، ھەدىس ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ رىۋايەتنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى ۋە كىيىمىنى تۈزەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى ۋە ئۇنىڭغا سۆز قىلدى. (بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان مۇھەممەد: بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغان، دەيدۇ). ئوسمان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئائىشە (يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنى دېمەكچى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: قېشىڭغا ئەبۇبەكرى كىردى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدىڭ ۋە پەرۋا قىلمىدىڭ، ئاندىن ئۆمەر كىردى، ئۇنىڭغىمۇ كۆڭۈل بۆلمىدىڭ ۋە پەرۋا قىلمىدىڭ، ئاندىن ئوسمان كىردى، (ئۇنىڭ ئۈچۈن) رۇسلىنىپ ئولتۇردۇڭ ۋە كىيىمىڭنى تۈزەتتىڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ماڭا): «پەرىشتىلەر ھايا قىلىدىغان ئادەمدىن مەن ھايا قىلمامدىم» دېگەن جاۋابنى بەرگەن» دېگەن ھەدىس، يوتىنى ئېچىشقا بولىدىغانلىقىغا پاكىت بولالمايدۇ. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېچىپ ئولتۇرغان يېرىنىڭ يوتا ياكى پاچاق ئىكەنلىكىدىن شەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنى مەسىلە بار ھەدىس، دەپ تەنقىد قىلغان.

يۇقىرىدىكى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىلىرىنىڭ ئۇچۇق قالغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن) ھەدىسلەرگە يەنە تۆۋەندىكى جاۋابلار بېرىلىدۇ:

ئۇ ھەدىسلەر مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا مۇئەييەن بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەندۇر. شۇڭا ئۇ ھەدىسلەرگە يوتىنى يېپىشقا بۇيرۇپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەرگە كىرمەيدىغان خاسلىق ياكى ئەسلىدىكى ھالىتىدە قېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى كىرىدۇ. چۈنكى يوتىنى يېپىشقا بۇيرۇپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەر ئومۇمىي بىر ھۆكۈم بېرىشنى ۋە ئومۇمىي بىر تۈزۈمنى ئوتتۇرغا قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن ھەدىسلەردۇر.[1] شۇنىڭ ئۈچۈن يوتىنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر.[2]

(1) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىلىرىنىڭ ئۇچۇق قالغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەرگە، بۇ ئىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بىر ئىش ئىكەنلىك ياكى يوتىنى ئېچىشنىڭ بۇ ھەقتە ئىسلام دىنى بىر ھۆكۈم بېكىتىشتىن ئىلگىرى دۇرۇس بولغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەنلىك ئېھتىماللىقى كىرىدۇ. ئەمما يوتىنى يېپىشقا بۇيرۇپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەرگە بۇ ئېھتىماللىق كىرمەيدۇ. ت.

(2) «فتح الباري»، 1 ـ توم، 480 ـ بەت.

نامازدا ئايال كىشىنىڭ يۈزىدىن ۋە ئالقىنىدىن باشقا ھەممە يەرلىرى ئەۋرەتتۇر.[1]

ئايالنىڭ يۈزىدىن ۋە ئالقىنىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالا بالاغەتكە يەتكەن ئايالنىڭ نامىزىنى (ئەگەر ئۇ نامازنى ئۆزىنىڭ يېپىشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى كىيىم - كېچەككە ئۆخشاش) ياپىدىغان نەرسىلەر بىلەن يېپىپ ئوقۇغان بولسا، قوبۇل قىلىدۇ.» دېگەن سۆزىدۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايال كىشى ئەۋرەتتۇر. ئەگەر ئۇ (سىرتقا) چىقسا، شەيتان ئۇنى نىشانغا ئالىدۇ.»[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «مۆمىن ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن پۈركەنجىلىرىگە ئورانغان ھالەتتە كېلەتتى، ئاندىن ئۇلار نامازنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى. تاڭ تېخى بەك يورۇپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى بىرەر كىشىمۇ تونۇيالمايتتى.»[3]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملار ئاياللارنىڭ تاپانلىرىنىڭ ئەۋرەت ياكى ئەۋرەت ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. توغرىسى تاپان ئەۋرەت ئەمەستۇر.[4]

نامازدا بىر ئادەمنىڭ ئەۋرەت دەپ قارالغان يەرلىرى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئۈچۈن ئەۋرەت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم نامازدا تۈرۈپ كىيىمىنىڭ ئوچۇق يېرىدىن ئۆزىنىڭ ئەۋرەت، دەپ قارالغان يېرىگە قارىسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەۋرەتنى ئاستى تەرەپتىن ئەمەس يان تەرەپتىن يېپىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال (ئىشتان كەيمەي) ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ ناماز ئوقۇغان

(1) يەنى ناماز ئوقۇۋاتقاندا قېشىدا يات ئادەملەر بولمىغان ھالەتتە يۈزىنى ۋە ئالقىنىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئەمما نامازنىڭ تېشىدا يۈزى ۋە ئالقىنىنى يېپىش ياخشىدۇر.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(4) «شرح المنيه»، 210 - بەت.

بولسا، ئەگەر بىر ئادەم كىلىپ ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدىن قارىغاندا ئۇ ئايالنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسىمۇ ئۇ ئايالنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. ئەۋرەتنى ئۇنى قىينىلىپ تۇرۇپ كۆرمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ كۆرۈلمىگىدەك دەرىجىدە يېپىش شەرت ئەمەس. قىينالماي مۇنداق قاراشقا ئەۋرەتلىرى يېپىقلىق بولغان ئادەم (ئەۋرىتىنى ياپقان ھىساپلىنىدۇ).[1] ئەگەر ئەۋرەتنى ئاستى تەرەپتىنمۇ يېپىش تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا، نامازدا چۇقۇم ئىشتان ياكى ئىشتانغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كىيىش پەرز بولاتتى. ھېچكىم نامازدا ئىشتان كىيىش پەرز، دېمىدى.[2]

ئەگەر كىيلگەن كىيىم كەيگۈچىنىڭ تىرىسىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان دەرىجىدە نىپىز بولسا، ئۇ كىيىمنى كەيگەنلىك ئەۋرەتنى شەرئەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالەتتە ياپقانلىق ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى، تىرىنىڭ رەڭگىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەۋرەتنى يېپىش ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولىدۇ. ئەۋرەتلەرنى تىرىسىنىڭ رەڭگى كۆرۈنۈپ قالمىغىدەك دەرىجىدە يېپىش ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا دەسلاپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارغا رەھمەت قىلسۇن! الله تائالا: «لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن»[3] دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەندە ئۇلار ئىتەكلىرىنى يىرتىپ لېچەك قىلىپ ئارتتى.» [4]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە: «يۇڭۇنۇش چاچنى ۋە تىرىنى يۆگەش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دېدى.[5]

ئابدۇرراھماننىڭ قىزى ھەپسە نىپىز بىر لېچەكنى ئارتىپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى يىرتىۋېتىپ ئۇنىڭغا قېلىن بىر لېچەكنى ئارتقۇزۇپ قويغان.[6]

كىيىم، تار بولغانلىقى ياكى باشقا بىر سەۋەب بىلەن تەنگە چاپلىشىپ

---

(1) يەنى ئىشتان كەيمەي ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ ناماز ئوقۇغان ئايالغا مۇنداق قارىغان ئادەم ئۇنىڭ ئەۋرەتلىرىنىڭ يېپىق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ھەتتا بىرسى كېلىپ قىينىلىپ تۇرۇپ ئاستىدىن قارىسىمۇ يەنە كۆرۈنمىگىدەك دەرىجىدە يېپىشى شەرت ئەمەس. ت.

(2) «شرح المنيه»، 264 - بەت.

(3) سۈرە نۇر 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازراق رىۋايەت قىلدى.

(6) بۇ ئەسەرنى ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلدى.

تۇرىدىغان ۋە ئۇنى كەيگۈچىنىڭ ئەزاسىنىڭ شەكلىنى ئۆز پېتى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولسا، ئۇ كىيىم بىلەن ئەۋرەتنى يېپىشتىن ئىبارەت مەقسەت ۋۇجۇدقا چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇش چەكلەنمەيدۇ. لېكىن، (باشقىلارنىڭ) شۇ ئەزاغا قارىشى هارامدۇر.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك كىيىم تاپالمىسا، نامازنى ئولتۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى (بېشى بىلەن) ئىشارەتلەپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئەۋرەتنى يېپىش نامازنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشتىن مۇھىمدۇر.[2]

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تىنىگە تاكى ناماز ئاياغلاشقانغا قەدەر چاپلىشىپ تۇرىدىغان، ئىشلەتكىلى بولىدىغان ۋە يېپىنچە بولالايدىغان هەر قانداق بىر نەرسە تاپالىسا، ئۇنىڭ ئۇنەرسىنى ئىشلىتىشى لازىم.

ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك بىر نەرسە تاپالمىغان ئادەم ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك بىرەر نەرسىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئۈمىدى بولسا، نامازنى تاكى ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈشى مۇستەهەپتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆتنە سوراپ بولسىمۇ ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك بىرەر نەرسە تاپالايدىغان بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم ئەۋرىتىنى يېپىش ئۈچۈن نىجىس كىيىمدىن باشقا كىيىم تاپالمىسا، ئۇ ئادەم شۇ كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. چۈنكى، نىجىس كىيىم بىلەن (ناماز ئوقۇغانلىق ئۈچۈن بولىدىغان گۇناه) ئەۋرەتنى ئېچىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانغا قارىغانغا يەڭگىلدۇر. بۇ هەقتە مۇنداق بىر قائىدە بار. ئۇ قائىدە بولسا، ئىككى قىيىن ئىشقا دۇچار بولۇپ قالغان ئادەم قاراپ باقىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىككى ئىش (گۇناهنىڭ ئېغىرلىقىدا) تەڭمۇ ـ تەڭ بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللايدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنىڭ گۇناهى ئېغىر يەنە بىرىنىڭ يەڭگىل بولسا، ئۇ ئادەم گۇناهى يەڭگىلىنى تاللايدۇ. مەسىلەن: يارىدار بىر ئادەم ئەگەر سەجدىگە بارسا يارىسىدىن قان ئاقىدىغان بولسا، نامازنى ئولتۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى (بېشى بىلەن)

(1) مەسىلەن: بىر ئايال تارلىقىدىن كۆكسىنىڭ شەكلى ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆينەكنى كىيىپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. لېكىن باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ كۆكسىگە قارىشى هارامدۇر. شۇنىڭدەك ئەركىشىمۇ يوتىسىنىڭ شەكلى ئەينەن چىقىپ تۇرىدىغان تار ئىشتان كىيىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. لېكىن باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ يوتىسىغا قارىشى هارامدۇر. ت.

(2) يەنى رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش نامازنىڭ ئىچىدىكى پەرزلىرىدىندۇر.

ئىشارەتلەپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، سەجدە قىلماي ناماز ئوقۇغانلىقنىڭ (گۇناھى) تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغاندىن يەڭگىلدۇر. چۈنكى، يولدا كېتىپ بېرىپ ئۇلاغ ئۈستىدە (سەجدىنى باش بىلەن ئىشارەتلەپ) ئوقۇلغان نەپلە نامازغا ئوخشاش بەزى نامازلار سەجدە قىلىنماستىن ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئەۋرەت، دەپ قارالغان يەرلىرىنىڭ بەزى قىسمىنى ياپقۇدەك بىرەر نەرسە تاپالىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە بىلەن ئەۋرىتىنى يېپىشى لازىم. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە بىلەن دەسلاپ ياپىدىغان يېرى جىنسىي ئەزاسىدۇر. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا ساغرىسىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئەتراپىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا يۈتىسىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا تىزىنى ياپىدۇ.

ئەمما ئايال كىشى ئۇ نەرسە بىلەن دەسلەپ جىنسىي ئەزاسىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا ساغرىسىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئەتراپىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا يۈتىسىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا قۇرسىقىنى ۋە كۆكسىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا دۈمبىسىنى ياپىدۇ. ئۇ يەردىن ئاشقىنىدا تىزىنى ياپىدۇ.

ئەگەر ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغان ئادەم ئەۋرىتى ئوچۇق ھالدا ناماز ئوقۇغان، ئاندىن نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى (ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك بىر نەرسە تاپقان) بولسا، ئۇنىڭغا نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەمدە ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك نەرسە بار بولغان، لېكىن باشقىلار ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشىنى چەكلىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئەۋرىتى ئوچۇق ھالدا ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ چەكلىمە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ، ئەۋرىتى ئوچۇق ھالدا ئوقۇغان نامازلىرىنى قايتا ئوقۇشى لازىم. بىز بىر ئىشنىڭ بەندىلەر تەرىپىدىن بولغانلىقى بىلەن الله تائالا تەرىپىدىن بولغانلىقىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى تاھارەت بابىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەۋرەت دەپ قارىلىدىغان ئەزالارنى يېپىشقا قادىر تۇرۇپ قولاق قېقىپ نامازغا كىرگەندە ئۇ ئەزالاردىن بىرەر ئەزانىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە تۆتتىن بىرىنى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك قىسمىنى ئوچۇق قويۇپ نامازغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ نامازغا كىرىشى توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، كۆپلىگەن

ھۆكۈملەردە (بىر ئەزانىڭ ياكى بىر نەرسىنىڭ) تۆتتەن بىرى شۇ نەرسىنىڭ ئۇمۇمىي مىقدارىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

نامازنىڭ ئىچىدە ئەۋرەت دەپ قارىلىدىغان ئەزالاردىن بىرەر ئەزانىڭ تۆتتىن بىرى ئېچىلىپ قالغان ۋە بۇ ئوچۇق قىلىش ۋاقتى ئۈچ تەسبىھ مىقدارى (يەنى سۇبھەناللاھ دېگەننى ئۈچ قېتىم دېگۈچىلىك) داۋام قىلغان بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ، ئەگەر ئېچىلىپ قېلىش شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئېچىلىپ قېلىش (مەسىلەن: ئىشتىنى يوتىسى ئېچىلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە قەستەن كۆتۈرگىنىگە ئوخشاش) شۇ ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى شۇ ھامان بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: نامازدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئىشتىنى قىستا ـ قىستاڭنىڭ سەۋەبى بىلەن چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئادەم، ئىشتىنى چۈشۈپ كەتكەن ھامانلا ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ باغلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئىشتىنى چۈشۈپ كەتكەن ھامانلا كۆتۈرۈۋالمىغان ۋە ئۈچ تەسبىھ مىقدارى نامازنى شۇ ھالەتتە تۇرۇپ داۋام قىلغان ياكى (رۇكۇ قىلغانغا ئوخشاش) نامازنىڭ بىر پەرزىنى شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئادا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بەدەننىڭ ئېچىلىپ قالغان بىر نەچچە ئەزاسى بىرىكتۈرۈلۈپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئېچىلىپ قالغان ئەزالارنىڭ بىرىكتۈرۈلمىسىنىڭ مىقدارى ئېچىلىپ قالغان شۇ ئەزالارنىڭ ئىچىدىكى بىرەر ئەزانىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[1]

## ئەركىشىنىڭ ئەۋرەت دەپ قارىلىدىغان ئەزالىرى سەككىزدۇر.

ئۇلار: 1 ـ ئالدى تەرەت يولى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى. 2 ـ ئىككى ئۇرۇقدان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى. 3 ـ ئارقا تەرەت يولى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى. 4 ۋە 5 ـ ساغرىسىنىڭ ئوڭ ۋە سول قىسمى. 6 ۋە 7 ـ ئىككى يوتا ۋە ئىككى تىز. 8 ـ كىندىكتىن باشلاپ تاكى تىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىككى يان، ئارقا ۋە ئالدى تەرەپتىكى بارلىق ئورۇن قاتارلىقلاردۇر.

(1) مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ئازراق، ئارقا تەرەت يولىدىن ئازراق ۋە يوتىسىدىن ئازراق ئېچىلىپ قالغان بولسا، ئېچىلىپ قالغان بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى بىرىكتۈرۈلۈپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ يەرلەرنىڭ بىرىكتۈرۈلمىسىنىڭ مىقدارى ئېچىلىپ قالغان شۇ ئەزالاردىن بولغان ئارقا تەرەت يولىنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كەلگىدەك بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ت.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ ئەۋرەت دەپ قارالغان يەرلىرى ئون سەككىزدۇر.

سەككىزى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەزالاردۇر. قالغان قىسمى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ئۇشۇق بىلەن قوشۇلۇپ ئىككى پاچاق. 2 ـ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كۆكسى. 3 ـ قۇلاقلىرى. 4 ـ بېغىشى بىلەن قوشۇلۇپ ئىككى قول. 5 ـ بولجىڭ گۆش بىلەن جەينەك قىسمى. 6 ـ كۆكرەك. 7 ـ باش. 8 ـ چاچ. 9 ـ بۇيۇن. 10 ـ ئىككى تاغاق.[1]

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر ئايال كىشىنىڭ كۆكسى (ئۇشۇقدەك) كىچىك بولسا، (ئۇ ئايرىم بىر ئەزا ھېساپلانماستىن) ئايالنىڭ كۆكرەك قىسمىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ چوڭ بولسا، ئايرىم بىر ئەزا ھېساپلىنىدۇ[2].[3]

## 4 ـ ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى

ۋاقتىنىڭ كىرىشى بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان خۇسۇسىي بىر شەرتتۇر.

ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم نامازغا تۇرغاندا دىلىدا: (ھازىر) نامازنىڭ ۋاقتى كىردى، دەپ قارىشى ياكى ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۈچلۈك گۇمان قىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنى، ئۇنىڭ ۋاقتى تېخى كىرمىدى، دەپ قاراپ ئوقۇغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ نامازنى ئۇنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ئوقۇغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا ئەمەستۇر.[4]

نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ شەرت قىلىنىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى اللە تائالانىڭ:

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 274 ـ بەت.

(2) ئىنسان ئەزالىرىنى ئەۋرەت دەپ قارىلىدىغان ئەزالار دەپ قىسمىغا ئايرىشنىڭ پايدىسى بولسا، نامازدا تۇرغاندا بىرەر ئەزا ئېچىلىپ قالغاندا نامازنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ياكى بۇزۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر نامازدا تۇرغاندا ئەۋرەت دەپ قارالغان ئەزالاردىن بىرەرسى ئېچىلىپ قالغان، ئېچىلىپ قالغان ئۇ يەر شۇ ئەزانىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە تۆتتىن بىرىگە تەڭ كەلسە، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ت.

(3) <الفتاوى الهندية>، 1 ـ توم، 59 ـ بەت.

(4) «الهدية العلائية»، 44 ـ بەت.

«شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى»[1] دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللہ تائالا پەرز قىلغان ناماز بەش ۋاخ نامازدۇر. كىمكى ئۇ نامازلار ئۈچۈن تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىپ ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىلىرىدا ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ رۇكۇ، سەجدىلىرىنى ۋە خۇشۇلىرىنى (يەنى نامازنىڭ ئىچىدە ئەيمىنىپ تۇرۇشلارنى) تولۇق ئادا قىلسا، اللہ تائالا ئۆز دەرگاھىدا ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ۋەدە بېرىدۇ. كىمكى ئۇنداق قىلمىسا، اللہ تائالا ئۇنىڭغا دەرگاھىدا ۋەدە بەرمەيدۇ. ئەگەر اللہ تائالا خالىسا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ.»[2]

بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى راست تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ. راست تاڭنىڭ سۈزۈلۈشى شەرق تەرەپتىكى ئۈپۈقتا توغرىسىغا كەتكەن ئاقلىقنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن بولىدۇ. ئۈپۈقتا بۇنىڭدىن بۇرۇن تىك سۈزۈلىدىغان بىر ئاقلىق بولۇپ بۇ ئاقلىق يالغان تاڭ بولىدۇ. تىك سۈزۈلگان ئاقلىقتىن (يەنى يالغان تاڭدىن) كېيىن ئالەمنى قىسقا بىر ۋاقىت قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يالغان تاڭ ئاتقاندا سوھۇر يەۋەتقان ئادەمنىڭ سوھۇرلۇق يېيىشتىن توختىشى لازىم ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « تاكى راست تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر بىلالنىڭ ئەزانى ۋە بۇ ئاقلىق (يەنى يالغان تاڭ) سىلەرنى گوللاپ قويمىسۇن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «ۋە بۇ ئاقلىق تاكى ئۇ ئاقلىق توغرىسىغا سۈزۈلغانغا قەدەر[3]»[4]

راست تاڭنىڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يالغان تاڭنىڭ سۈزۈلۈشىنىڭ ئارىلىقىدا 12 مىنۇت باردۇر. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بولسا، كۈن چىقىش بىلەن تۈگەيدۇ.

پېشىن نامىزىنىڭ ئەۋۋەلقى ۋاقتى كۈن غەرب تەرەپكە ئېگىلگەندىن كېيىنلا باشلىنىپ تاكى ئاخىرقى ۋاقتى ھەر قانداق نەرسىنىڭ سايىسى شۇ نەرسىنىڭ ئىككى ھەسسىدەك كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

(1) سۈرە نىسا 103 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) يەنى راست تاڭ سۈزولگەنگە قەدەر ياكى تىك سۈزۈلغان ئاقلىق تاكى توغرىسىغا سۈزۈلغىچە بىلالنىڭ ئەزانى سىلەرنى سوھۇرلۇق يېيىشتىن ياكى كېچىدە ئوقۇيدىغان نامازلارنى ئوقۇشتىن چەكلەپ قويمىسۇن. ت.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باشلىنىپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

شام نامىزىنىڭ ئەۋۋەلقى ۋاقتى كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا باشلىنىپ ئاخىرقى ۋاقتى تاكى (غەرب تەرەپتىكى) قىزىللىق كىرىپ كەتكەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

خۇپتەن نامىزىنىڭ ئەۋۋەلقى ۋاقتى (غەرب تەرەپتىكى) قىزىللىق كىرىپ كەتكەندىن كېيىن باشلىنىپ تاكى راست تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. تۆۋەندىكىلىرى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بامداتنىڭ ۋاقتى سىلەر بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن باشلاپ تاكى كۈن چىققانغا قەدەردۇر. پېشىنىنىڭ ۋاقتى سىلەر پېشىن نامىزىنى ئوقۇغاندىن باشلاپ تاكى ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگەنگە قەدەردۇر. ئەسىرنىڭ ۋاقتى سىلەر ئەسىرنى ئوقۇغاندىن باشلاپ تاكى كۈن ساغارغانغا قەدەردۇر. شامنىڭ ۋاقتى سىلەر شامنى ئوقۇغاندىن باشلاپ تاكى (غەربتىكى) قىزىللىق كىرىپ كەتكەنگە قەدەردۇر. خۇپتەنىنىڭ ۋاقتى سىلەر خۇپتەننى ئوقۇغاندىن باشلاپ تاكى كېچىنىڭ يېرىمىغا قەدەردۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «پېشىنىنىڭ ۋاقتى كۈن ئېگىلگەندىن باشلاپ ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالمىغانلا بولسا، بىر ئادەمنىڭ سايىسى ئۆز ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بولغانغا قەدەردۇر. ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن ساغارمىغانغا قەدەردۇر. شام نامىزىنىڭ ۋاقتى قىزىللىق كىرىپ كەتمىگەنگە قەدەردۇر. خۇپتەنىنىڭ ۋاقتى كېچىنىڭ يېرىمىغا قەدەردۇر. بامداتنىڭ ۋاقتى راست تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن چىققانغا قەدەردۇر.»[1]

كۈننىڭ ساغىرىشى ئەسىر نامىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە كېچىنىڭ يېرىمىمۇ خۇپتەن نامىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى ئەمەستۇر. ھەدىستە ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ كۈن ساغارغانغا قەدەر

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ كېچىنىڭ يېرىمىگە قەدەر، دەپ بايان قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئەسىرنى كۈن ساغارغانغا قەدەر ئوقۇشنىڭ ياخشى ۋە خۇپتەن نامىزىنىمۇ كېچىنىڭ يېرىمىگە قەدەر ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. شۇنداق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات نامىزىنىڭ بىر رەكەتىنى ئوقۇۋالسا، شەكسىز ئۇ بامدات نامىزىنى تاپقان ھېساپلىنىدۇ. كىمكى كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەسىر نامىزىنىڭ بىر رەكەتىنى ئوقۇۋالسا، شەكسىز ئۇ ئەسىرنى نامىزىنى تاپقان ھېساپلىنىدۇ.»[1]

ئۇزۇن بىر ھەدىستە ئەبۇقەتادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلىڭلاركى ئۇخلاپ قالغانلىق (نامازغا) سەل قارىغانلىق ھېساپلانمايدۇ. بەلكى نامازنى تاكى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەنگە قەدەر ئوقۇمىغان ئادەم نامازغا سەل قارىغۇچى ھېساپلىنىدۇ.[2]»[3]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەر قانداق نەرسىنىڭ سايىسى تاكى شۇ نەرسىنىڭ ئۈچ ھەسسىدەك كەلگەنگە قەدەر ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە خۇپتەننىڭ ۋاقتىمۇ تاكى (غەرب تەرەپتىكى) ئاقلىق كىرىپ كەتكەنگە قەدەر كىرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدلەرنىڭ كۆزقارىشىغا ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر.[4]

بىر نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرىشى پەقەتلا ئۇ نامازنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىستىن بىر نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەنگە قەدەر داۋام قىلىدىغانلىقى چىقىدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) ئۆلارنىڭ كۆزقارىشىچە: ئەسىرنىڭ ۋاقتى ھەر قانداق نەرسىنىڭ سايىسى شۇ نەرسىنىڭ ئىككى ھەسسىدەك كەلگەندىن كېيىن كىرىدۇ. خۇپتەننىڭ ۋاقتى غەرب تەرەپتىكى قىزىللىق كىرىپ كەتكەندىن كېيىن كىرىدۇ. ت.

بولماستىن بەلكى ئۇ نامازنى ئوقۇشنىڭمۇ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر.[1]

بۇنىڭغا ئاساسەن ئالىملار شىمالىي قۇتۇپ ياكى جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ (غەرب تەرەپتىكى) قىزىللىق كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى تاڭ ئاتىدىغان يەرلىرىدە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى:

بەزى فىقھىشۇناسلار: «ئۇلارغا ۋاقتى كىرمەيدىغان نامازنى ئوقۇش پەرز بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلار خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايدۇ» دېدى.

يەنە بىر قىسىم فىقھىشۇناسلار: «ئۇلارغا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش پەرز بولىدۇ» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا دەججالنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ كەلگەن تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى: بىز (يەنى ساھابىلەر): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ (يەنى دەججال) زېمىندا قانچىلىك تۇرىدۇ؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «40 كۈن تۇرىدۇ، ئۇ 40 كۈننىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك، بىر كۈنى بىر ئايدەك يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەك، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىڭلاردەك بولىدۇ»، دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھېلىقى بىر يىلدەك بولىدىغان ئۇزۇن كۈندە بىر كۈنلۈكنىڭ نامىزىنى ئوقۇساق بولامدۇ؟ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، سىلەر ئۇ كۈننى ئۆلچەپ ھەر بىر كۈندە (24 سائەتتە) بىر كۈننىڭ نامىزىنى ئوقۇڭلار» دېدى.[2]

ھەنەفىي مەزھەپىدىمۇ بۇ مەسىلىدە (ئۇلارغا خۇپتەن نامىزىغە ۋە ۋىتىرگە ئوخشاش ۋاقتى كىرمەيدىغان نامازلارنى ئوقۇش پەرز بولمايدۇ ۋە ئۇلارغا بۇ نامازلارنى ئوقۇش پەرز بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت) ئىككى خىل كۆز قاراش باردۇر. لېكىن ئۇلارغا بۇ نامازلارنى ئوقۇش پەرز بولىدۇ، دەيدىغانلارنىڭ كۆز قارىشى ئىمام شافىئىنىڭمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلغانلىق سەۋەبى بىلەن كۈچلۈك ھېساپلىنىدۇ.[3]

ئەرلەرنىڭ بامدات نامىزىنى تاكى ئالەم خېلى ئوبدان يورىغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) بۇنىڭدىن بىر نامازنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى، ئەگەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرمىسگە ئۇ نامازنىڭ پەرز بولمايدىغانلىقى چىقىدۇ. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) «شرح المنيه»، 231 ـ بەت.

مۇنداق دېدى: «سىلەر بامداتنى (تاڭنى) ئاقارتىپ ئوقۇڭلار. چۈنكى، بۇنداق قىلىشتا كاتتا ساۋاپ باردۇر.»[1]

قۇربان ھېيت كۈنى مۇزدەلىفەدە ئوقۇلىدىغان بامدات نامىزى بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. (بامدات نامىزىدىن كېيىن) مۇزدەلىفەدە تۇرۇدىغان ۋاقىتنىڭ ئازادە بولۇشى ئۈچۈن قۇربان ھېيت كۈنى مۇزدەلىفەدە بامدات نامىزىنى ئەۋۋەلقى ۋاقىتتا ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇزدەلىفەدە بامدات نامىزىنى تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەنلا ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

قىش ۋاقتىدا پېشىننى ئەۋۋەلقى ۋاقتىدا ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. ئەمما ياز ۋاقتىدا ئۇنى ئەۋۋەلقى ۋاقتىدىن ئازراق كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(ياز ۋاقتىدا) پېشىننى (ھاۋانى) سۇۋۇتۇپ ئوقۇڭلار. چۈنكى، ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىق بولۇشى جەھەننەمنىڭ بەك قىزىغانلىقىدىندۇر.»[2]

(پېشىن نامىزىدىن كېيىن) نەپلە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئازادە ۋاقىتنىڭ چىقىشى ئۈچۈن ئەسىر نامىزىنى تاكى كۈن، (كىرىپ كېتىش ئۈچۈن ساغىرىپ) ئۆزگۈرۈپ كەتمىگەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەپتۇر.[3] ئەسىر نامىزىنى تاكى كۈن، (كىرىپ كېتىش ئۈچۈن) ئۆزگەرگەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مەكرۇھتۇر. بۇ نامازنى كۈن ئۆزگەرگەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىك ھەققىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنى كۈن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ۋە (تېخى كۈننىڭ ھارارىتى) كۈچلۈك تۇرغان ھالىتىدە ئوقۇيتتى.»[4]

شام نامىزىنى بالدۇر ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە رافىئ ئىبنى خۇدەيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن شام نامىزىنى ئوقۇپ قايتقاندا، ئېتىلغان ئوق - يالىرىمىزنىڭ چۈشكەن ئورنىنى

---

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ، ياخشىلىق ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) يەنى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئەسىر نامىزى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇلسا، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا نەپلە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت چىقىدۇ. ت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆرەلەيتتۇق.»[1]

سەلىمە مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن شام نامىزىنى (كۈن كۆزدىن) غايىب بولغان ھامانلا ئوقۇدۇق.»[2]

ئەبۇئەييۇبىل ئەنسارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇممىتىم شام نامىزىنى تاكى يۇلتۇزلار بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنگە قەدەر كېچىكتۈرمىسىلا ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ.»[3]

خۇپتەن نامىزىنى تاكى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى يېرىمى قەدەر كېچىكتۈرۈش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: (بىر كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى تاكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئاياللار ۋە كىچىك باللار ئۇخلاپ كەتتى، نامازنى ئوقۇساقكەن دەپ چاقىرغانغا قەدەر كېچىكتۈردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: «(ھازىر) يەر يۈزىدە سىلەردىن باشقا ھېچبىر ئادەم بۇ نامازنى كۈتۈپ تۇرمىغاندۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان راۋىي مۇنداق دېدى: «ئۇ كۈنلەردە مەدىنىدىن باشقا يەردە تېخى ناماز ئوقۇلمايتتى ۋە ئۇلار خۇپتەن نامىزىنى غەرب تەرەپتىكى قىزىللىق كىرىپ كېتىشتىن باشلاپ تاكى كېچىنىڭ ئۈچ قىسمىنىڭ بىرى ياكى بىرى كىرگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئوقۇيتتى.»[4]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى تاكى كىشىلەر بىر ئۇخلاپ بىر ئويغىنىپ يەنە بىر ئۇخلاپ بىر ئويغانغا قەدەر كېچىكتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ قوپۇپ ناماز ئوقۇيلى، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: «ئەگەر ئۇممىتىمگە قىيىن كېلىپ قالمايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇشقا بۇيرۇيتتىم»[5] دېدى.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئۈممىتىمگە قىيىن كېلىپ قالمايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ئۈچىنىڭ بىرىگە ياكى ئۇنىڭ يېرىمىگە قەدەر كېچىكتۈرۈشكە بۇيرۇيتتىم.»[1]

## ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار

ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار مۇنداق ئىككى قىسىم بولىدۇ:

1 ـ كۈن چىقىپ تاكى ئاقىرىپ ھارارىتى تازا كۆچلەنگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا، كۈن تىك چۈش بولۇپ تاكى غەرب تەرەپكە ئېگىلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ۋە كۈن كىرىپ كېتىش ئۈچۈن ساغىرىپ كېيىن قىزىرىپ ئۆزگۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ تاكى كىرىپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

كۈن كىرىپ كېتىۋاتقان چاغدا، شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر پەرز نامازنى مۇشۇ ئۈچ ۋاقىتتا ئوقۇش توغرا ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ ۋاقىت بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۇ ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشىمىزدىن ياكى ئۆلۈكلىرىمىزنى قەبرىدە قويۇشىمىزدىن توستى. ئۇ ئۈچ ۋاقىت بولسا، كۈن چىقىپ تاكى ياخشى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى، كۈن تىك چۈش بولۇپ تاكى ئېگىلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ۋە كۈن (كىرىپ كېتىشكە) ئېگىلگەندىن باشلاپ تاكى كىرىپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتلاردۇر.»[2]

ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ: <ئۆلۈكلىرىمىزنى قەبرىدە قويۇشىمىزدىن توستى> دېگەن سۆزىدىن جىنازە نامىزىنى ئوقۇشتىن توسقانلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىچە، ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆلۈكلەرنى يەرلىككە قويۇش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ.[3]

يەنى بۇ ۋاقىتلاردا جىنازە نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭدەك نامازلارنىڭ قازاسىمۇ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، (نامازنىڭ قازاسىنى قىلماقچى بولغان ئادەمگە)

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ، ياخشىلىق ۋە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) «شرح المنيه»، 236 ـ بەت.

نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش كامىل بىر سەۋەب (يەنى ئۇ نامازنىڭ كامىل ۋاقتىنىڭ كىرىشى) بىلەن لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نامازنىڭ قازاسىمۇ كامىل بولمىغان بىر ۋاقىتتا قىلىنمايدۇ.[1] بۇ ۋاقىتلاردا تىلاۋەت سەجدىسىمۇ قىلىنمايدۇ. ئەمما بىر ئادەم سەجدە ئايىتى شۇ ۋاقىتلاردا ئوقۇغان بولسا، تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلسا بولىدۇ. لېكىن تىلاۋەت سەجدىسىنى بۇ ۋاقىتلاردا قىلماي كېچىكتۈرۈپ باشقا ۋاقىتتا قىلىش ياخشىدۇر. بۇ ۋاقىتلاردا نەپلە ناماز ئوقۇش هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر.[2]

2 ـ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى كۈن چىققانغا قەدەر ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى كۈن (كىرىپ كېتىش ئۈچۈن) ساغارغانغا[3] قەدەر بولغان ئارىلىقتا نەپلە ناماز ئوقۇش هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر.

بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى كۈن چىققانغا قەدەر ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ناماز ئوقۇشتىن توسقان.[4]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇشتىن چەكلىشى خۇددى بىرىنچى قىسىمدا بايان قىلىنغان ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولغان بىرەر سەۋەپتىن ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «بۇ ۋاقىتتا پەقەت نەپلە نامازلا ئوقۇش هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر[5]»[6]

(1) يەنى نامازنى ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ تولۇق يەنى كامىل ۋاقتىنىڭ كىرىشى بىلەن ئوقۇش پەرز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازنىڭ قازاسىنىمۇ ناماز ئوقۇش مەكرۇھ قىلىنمىغان بىر ۋاقىتتا قىلىش لازىم. ناماز ئوقۇش مەكرۇھ قىلىنغان ۋاقىتلار بولسا، نامازنىڭ كامىل بولمىغان ۋاقىتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ت.

(2) «شرح المنيه»، 237 ـ بەت.

(3) بىرىنچى قىسىمدا كۈن ساغارغاندىن كېيىن تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ناماز ئوقۇش هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر دەپ بايان قىلىندى. ئەمما بۇ قىسىمدا ئەسىر نامىزىدىن كېيىن تاكى كۈن ساغارغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ناماز ئوقۇش هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر، دەپ بايان قىلىندى. بۇ ئىككى قىسىمنىڭ ئارىلىقىدا بولغان پەرق بىرىنچى قىسىمدا كۈن ساغارغاندىن كېيىن تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىدىن باشقا ناماز ئوقۇش هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر، دېمەكچىدۇر. ئەمما بۇ قىسىمدا ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۈن ساغارغانغا قەدەر نەپلە ناماز ئوقۇش هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر، دېمەكچىدۇر. بۇنىڭدىن ئەگەر ئەسىر نامىزىنى ئوقۇماي تۇرۇپ كۈن ساغارغانغا قەدەر نەپلە ناماز ئوقۇغان بولسا، بۇنىڭ مەكرۇھ بولمايدىغانلىقى چىقىدۇ. ئەمما كۈن ساغارغاندىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇش ھەر ئىككى قىسىمدا هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر. ت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) ئەمما بۇ ۋاقىتتا جىنازە نامىزىنى ۋە تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشقا بولىدۇ. ت.

(6) «شرح المنيه»، 240 ـ بەت.

دېدى.

يەنە تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىدىن باشقا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن يەڭگىل ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغاندىن باشقا ناماز ئوقۇمايتتى.»[1]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پەقەت ئىككى سەجدە قىلىنىدۇ (يەنى پەقەت بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى ئوقۇلىدۇ).»[2] يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پەقەت بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىلا ئوقۇلىدۇ.»[3]

ئەگەر بىر ئادەم تېخى تاڭ سۈزۈلمىدى، دەپ گۇمان قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغان ۋە كېيىن ئۇنىڭ ئۇ نامازنى تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن ئوقۇغانلىقى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇ ئىككى رەكەت ناماز بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىگە ھېساپ بولىدۇ. چۈنكى سۈننەت ناماز، ناماز ئوقۇشقا قىلىنغان ھەرقانداق بىر نىيەت بىلەن ئادا بولىدۇ ۋە سۈننەت نامازدا (پالانى نامازنىڭ سۈننىتى، پۈكۈنى نامازنىڭ سۈننىتى) دەپ تەيىن قىلىش لازىم ئەمەس. ئەمما شۇ ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇغاندا تاڭنىڭ ئاتقان ياكى ئاتمىغانلىقىدا شەكلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ ئىككى رەكەت ناماز بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىگە ھېساپ بولمايدۇ. چۈنكى، ئىككى رەكەت ئۇ نامازنىڭ ئوقۇلغان ۋاقتىنىڭ) كېچە ئىكەنلىكى چۈقۇمدۇر. تاڭنىڭ ئاتقانلىقى شەكلىكتۇر. شەكلىك بىلەن چۈقۇملۇق كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ.[4] (شۇڭا ئوقۇلغان ناماز كېچىدە ئوقۇلغان بولىدۇ ۋە بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىگە ھېساپ بولمايدۇ).

ئەگەر بىر ئادەم بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا كۈن چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم نامازنى باشلاشتا كامىل ۋاقىتتا باشلاپ ئاخىردا كامىل ئەمەس ۋاقىتقا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا كۈن كىرىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ رىۋايەتنى ئابدۇررازاق ۋە دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(4) «شرح المنيه»، 246 - بەت.

كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەسىر نامىزىنى ئەسلى باشلىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كامىل ئەمەس ۋاقتىدا يەنى كۈن ساغارغان ۋاقىتدا باشلىغان ئىدى. كۈن كىرىپ كېتىپ (شامنىڭ ۋاقتى كىرىش) بىلەن بۇ ۋاقىت ( كامىل ئەمەسلىكتىن) كامىللىققا چىقىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسىر نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ).

ئەمما ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات نامىزىنىڭ بىر رەكەتىنى ئوقۇۋالسا، شەكسىز ئۇ بامدات نامىزىنى تاپقان ھېسابلىنىدۇ. كىمكى كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەسىر نامىزىنىڭ بىر رەكەتىنى ئوقۇۋالسا، شەكسىز ئۇ ئەسىرنى نامىزىنى تاپقان ھېسابلىنىدۇ.»[1] دېگەن سۆزى بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۈن چىققان بولسىمۇ بامدات نامىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېيىلسە. ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى جاۋاپ بېرىلىدۇ:

بۇ ھەدىس، مەزكۇر ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇشنى چەكلەپ كەلگەن توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىسلەرگە مەزمۇن جەھەتتىن زىت كەلگەن ئىدى. شۇڭا بىز بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ قىياسقا قايتتۇق.[2]

ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ تاكى كۈن كىرىپ كەتكىچە بولۇشى، كۈن كىرىپ كېتىۋاتقان چاغدا مۇسۇلمان بولغان ئادەمگە، ياكى شۇ چاغدا بالاغەتكە يەتكەن بالىغا ئەسىر نامىزىنىڭ پەرز بولىشىغا سەۋەبچى بولۇشى ئەقلىغا سىغمايدۇ ۋە نامازنى شۇ چاغدا ئوقۇش ئۇلارغا لازىم بولمايدۇ.

## 5 ـ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش

قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكتى الله تائالانىڭ: «بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) قىياس، ئەسىر نامىزىغا قارىتا «كىمكى كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەسىر نامىزىنىڭ بىر رەكەتىنى ئوقۇۋالسا، شەكسىز ئۇ ئەسىرنى نامىزىنى تاپقان ھېسابلىنىدۇ.» دېگەن ھەدىسنى ۋە بامدات نامىزىغا قارىتا «ئۈچ ۋاقىت بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۇ ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشىمىزدىن ياكى ئۆلۈكلىرىمىزنى قەبرىدە قويۇشىمىزدىن توسقان. (ئۇ ئۈچ ۋاقىت) كۈن چىقىپ تاكى ياخشى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى . . .» دېگەن ھەدىسنى كۈچلاندۇرۇشتۇر. بۇ مەسىلە ئۈچۈن تەھتاۋىينىڭ <مراقي الفلاح> دېگەن كىتابىغا قىلىنغان شەرھىگە قارالسۇن. ت.

مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار»[1] دېگەن ئايىتىدۇر.

مەككىدىكى ئادەملەرنىڭ يۈزلىرى كەبىنىڭ ئۆزىگە ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل كېلىدىغان دەرىجىدە كەبىنىڭ ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈشى پەرزدۇر. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇسىمۇ ئەگەر كەبە بىلەن (ئۇلار ناماز ئوقۇپ تۇرغان يەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى) تاملار ئېلىۋېتىلگەن تەقدىردە ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئاددىيسى كەبىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل كېلىدىغان دەرىجىدە (كەبىگە ئۇدۇل تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى لازىم).

مەككىنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ (كەبىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس) كەبە بار تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.[2]

كەبە (كەبىنىڭ تېمىنىڭ ئەمەس) كەبە سېلىنغان يەرنىڭ ئىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر كەبىنىڭ تېمى قۇمۇرۇلۇپ باشقا يەرگە سېلىنسا ۋە ئۇ يەرگە قاراپ ناماز ئوقۇلغان بولسا، بۇ ناماز توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ناماز پەقەت (كەبىنىڭ قېشىدىكى ئادەم بۇيى ئېگىزلىكتىكى) تامغىلا قاراپ ئوقۇلغان بولسا، بۇ ناماز توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ تامنىڭ كەبىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى بىر ئادەمنىڭ يولى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئارقىلىق ئىسپاتلانغاندۇر. (نامازدا) كەبىگە يۈز كەلتۈرۈش كۈچلۈك دەلىل ھېساپلىنىدىغان قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن پەرز قىلىنغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىيات يۈزىسىدىن كۈچلۈك دەلىل بىلەن پەرز قىلىنغان بىر ئىش بىر ئادەمنىڭ يولى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئارقىلىق ئىسپاتلانغان يەرگە قاراپ ئادا قىلىنمايدۇ.[3]

كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمىغان ئادەم (قايسى تەرەپ بولسۇن) يۈز كەلتۈرۈشكە قادىر بولالايدىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. چۈنكى دىن ئىشلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق ئادەمنىڭ قۇدرىتىگە باغلىقتۇر. قىيىنچىلىققا سەۋەبچى بولىدىغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ئەمەل قىلىنىشتىن قالدۇرۇلىدۇ.[4] مەسىلەن: كېسەل سەۋەبى بىلەن قىبلىگە يۈز

(1) سۈرە بەقەرەنىڭ 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) يەنى مەككىنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان ئادەملەر ئەگەر كەبىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ناماز ئوقۇسا، بۇ بەك ياخشى ئىشتۇر. ئەگەر كەبىنىڭ ئۆزىگە قارالمىسىمۇ كەبە بار تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا يەنە پەرز ئادا بولىدۇ. ت.

(3) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 286 ـ بەت.

(4) «شرح المنيه»، 219 ـ بەت.

كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان ۋە ئۈنىڭ قېشىدا ئۈنى قىبلە تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ قويىدىغان بىرەر ئادەم يوق ئادەمگە ياكى قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە قادىر بولالايدىغان لېكىن ئەگەر قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرسە، باشقا بىر تەرەپتىن دۈشمەن ياكى يىرتقۇچ هايۋاننىڭ كېلىشىدىن قورقۇدىغان ساق ئادەمگە قىبلىگە، يۈز كەلتۈرۈش لازىم بولمايدۇ. قورقۇنچلۇق هالەتتە نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى هەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر قورقۇنچ بەك قاتتىق بولسا، قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەن هالەتتە بولسۇن ياكى باشقا تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەن هالەتتە بولسۇن پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇيدۇ.»(1)

مەھەللە ئۆيلىرىنىڭ سىرتىدا ئۇلاغقا مىنىپ كېتىپ بېرىپ نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم، نەپلە نامازنى قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرمەي ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. بۇ هەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام (تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ) نەپلە نامازنى تۆگىسى قاراپ كېتىپ بارغان تەرەپكە قاراپ ئوقۇيتتى». ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلۇغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلۇغى قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارغان بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ نەپلە ناماز ۋە ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيتتى. لېكىن ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پەرز ناماز ئوقۇمايتتى.»(2)

(بىر يەرگە تۈنجى قېتىم كەلگەن ئادەم ئۇ يەردە قىبلىنىڭ قايسى تەرەپكە قارايدىغانلىقىنى بىلمىسە، قىبلىنىڭ قايسى تەرەپكە قارايدىغانلىقىنى) شۇ يەردىكى مەسچىتلەرنىڭ مېهرابلىرىغا قاراپ ئۆگىنىدۇ. ئەگەر مەسچىت تېپىلمىسا قىبلىنىڭ قايسى تەرەپكە قارايدىغانلىقىنى بىلىدىغان ۋە شۇ يەردە گۇۋاهلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ئادەمدىن سوراش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. كاپىرلار، پاسىقلار ۋە كىچىك باللارنىڭ دىن ئىشلىرىدىن خەۋەرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى هەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر سورىغۇچىنىڭ گۇمانىغا بۇلارنىڭ راست سۆزلىگەنلىكى كۈچلۈك كەلسە، بۇلارنىڭ قىبلە توغرىسىدىكى خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

---

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

چۆلدە ياكى دېڭىزدا سەپەر قىلىپ كېتىپ بارغان ئادەم قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يۇلتۇزلاردىن پايدىلىنىدۇ. الله تائالا يۇلتۇزلارنى شۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق»[1] ئەگەر يۇلتۇزلاردىن پايدىلانمىسا، شۇنداق ئىشلار ئۈچۈن تەييارلانغان سايمانلاردىن ۋە ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېچقانداق بىر نەرسە تاپالمىسا، قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ھەققىدە ياخشى ئويلىنىدۇ ۋە ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن قىبلە بۇ تەرەپتە ئىكەن، دەپ قارار بەرگەن تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىبلە ھەققىدىكى قارارىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ (قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن) ئۆزىدە بار بارلىق ئاماللارنى قىلغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغان.[2] بۇ ھەقتە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز سەپەر ئۈستىدە ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قىبلىگە ئەمەس باشقا بىر تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان ئىكەنمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئادا قىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن (ھاۋا ئېچىلىپ) كۈن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز قىبلىگە ئەمەس باشقا بىر تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇپتىمىز، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەكسىز نامازلىرىڭلار ئۆز ھەققى بىلەن الله تائالانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بولدى»[3] دېدى.

قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلىغاندىن كېيىن قارارى توختىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان ئادەم نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ خاتا قارار بەرگەنلىكىنى بىلگەن بولسا، نامىزىنى بۇزماستىن نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ

(1) سۈرە ئەنئام 97 ـ ئايەت.

(2) «شرح المنيه»، 221 ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

دەلىل ـ پاكتى تۆۋەندىكى بۇ ۋەقەلىكتۇر:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر قۇبا مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقان ئىدى. بىرسى كېلىپ: بۇ كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كەبە تەرەپكە قاراشقا بۇيرۇپ ئايەت چۈشۈپتۇ، سىلەرمۇ كەبە تەرەپكە قاراڭلار، دېدى. ئۇلار ئەسلىدە شام تەرەپكە (يەنى ئەقسا مەسچىتىگە) قاراپ تۇرىۋاتقان (يەنى ناماز ئوقۇۋاتقان) ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھاللا كەبە تەرەپكە بۇرۇلدى.»(1)

قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلىغان ۋە: بۇ تەرەپ قىبلە ئىكەن، دەپ قارارى بىر تەرەپكە توختىغان ئادەم قارارى توختىغان تەرەپنى تاشلاپ باشقا بىر تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان بولسا، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قاراپ ناماز ئوقۇغان تەرەپنىڭ قىبلە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇچۇن قارارى توختىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش پەرزدۇر. لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ تەرەپكە قارىمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولمايدۇ. نامازدا يۈز كەلتۈرگەن ۋە كېيىن ئۇ يەرنىڭ قىبلە ئىكەنلىكى بىلىنگەن تەرەپ بولسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇن يۈز كەلتۈرۈش كېيىن پەرز بولغان بىر ئىش ھېساپلىنىدۇ. ئۇ، خۇددى كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلۇشتىن ئىلگىرى گەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان، ئاندىن كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان ئادەمگە ئوخشاش. كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلۇشتىن ئىلگىرى كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان ئادەم ئۆزى ئۇچۇن قاراش پەرز بولغان يەرنى (يەنى ئەقسا مەسچىتىنى) تاشلاپ باشقا يەرگە (يەنى كەبىگە) قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەبىگە قاراپ ئوقۇغان نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم بولىدۇ.

قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ئۆزىگە ئېنىق بولمىغان بىر ئادەم، قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلانماي تۇرۇپلا نامازنى باشلاپ ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىشى پەرزدۇر. لېكىن ئۇ ئادەم بۇ پەرزنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېلقى نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم. ئەگەر ئۇ، قاراپ ناماز ئوقۇغان تەرەپنىڭ قىبلە تەرەپ

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەس. چۈنكى قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئويلاشتىكى مەقسەت قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈندۇر. دېمەك بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەس). بۇ مەسىلە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىگە ئوخشمايدۇ. (يۇقىرىدىكى مەسىلىدىكى ئادەم قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلاپ ۋە بۇ تەرەپ قىبلە ئىكەن دەپ قارارى بىر تەرەپكە توختاپ بولۇپ باشقا يەرگە قاراپ ناماز ئوقۇغان). چۈنكى بىر ئادەمنىڭ قارارى توختىغان تەرەپكە ئەمەس باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشى ئۇنى ئۇ تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىم توغرا بولمىدى، دېگەن ئېتىقادقا كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئادەم خۇددى كىيىمى پاكىز بولسىمۇ كىيىمىم نىجىس، دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن ياكى تاھارىتى بار تۇرسىمۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرمىدى ياكى تاھارىتىم يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئادەمگە ئوخشاش. بۇ خىلدىكى ئادەملەر (ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلغىنىغا قارشى ھالەتتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ) ئوقۇغان نامىزى توغرا بولمايدۇ. (شۇنىڭغا ئوخشاش قىبلە بۇ تەرەپتە ئىكەن، دەپ قارارى توختىغان تەرەپنى تاشلاپ باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان ئادەممۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقاد قىلغىنىغا قارشى ھالەتتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىمۇ توغرا بولمايدۇ).[1]

بىر توپ كىشىلەر قىبلە توغرىسىدا ياخشى ئويلىنىپ قارارى بىر يەرگە توختىغاندىن كېيىن ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قارارى توختىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان، ئۇلار (بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئەمەس) ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇغان بولسا، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، نامازدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىمام قارىغان تەرەپكە ئەمەس باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلگەن ئادەمنىڭ نامىزى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز سەپەر ئۈستىدە نامازنى جامائەت بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇيتتۇق. (بىر كۈنى) بىزنى بۇلۇت قاپلاپ كېتىپ قاراڭغۇ ئىچىدە قىلىپ (قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە

(1) «شرح المنيه»، 222 - بەت.

ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي) گاڭگىراپ قالدۇق، ھەم قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىچىمىزدىكى ھەر بىر ئادەم نامازنى ئۆز ئالدىغا (ئۆزىنىڭ قارارى توختىغان تەرەپكە قاراپ) ئوقۇدى ۋە ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىغا سىزىق سىزىپ قويدى. كېيىن بىز بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى نامازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرىمىدى.»[1]

كېمە ۋە باراخوت ئۈستىدە ناماز ئوقۇغان ئادەم قادىر بولالىسا قىبلە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشى لازىم. قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشكە قادىر تۇرۇپ كېمە قەيەرگە يۈزلەنسە شۇ يەرگە قاراپ ناماز ئوقۇشى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر كېمە باشقا تەرەپكە بۇرۇلسا، ئۇ ئادەمنىڭ (ناماز ئىچىدە تۇرۇپ) قىبلە تەرەپكە بۇرۇلۇشى لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇمكىندۇر ۋە بۇنىڭدا ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوقتۇر. دىنىنىڭ ئىشلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىگە قارىتا بولىدۇ.[2]

ئەگەر كۆر بىر ئادەم قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن بۇ تەرەپ قىبلە ئىكەن، دەپ قارارى توختىغان تەرەپكە قاراپ نامازغا تۇرغان، ئاندىن بىر كىشى كېلىپ ئۇنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ كۆر ئادەمگە (ئۇ نامازدا) ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىمامىنىڭ (يەنى كۆر ئادەمنىڭ) نامازنىڭ بېشىنى (قىبلىگە قارىماي) خاتا ئوقۇغانلىقىنى ۋە نامازنىڭ بېشى خاتا بولسىمۇ داۋامىنى شۇ يەردىن باشلاپ ئوقۇغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىدۇ.[3]

## 6 ـ نىيەت قىلىش

نامازغا نىيەت قىلىش دېگەنلىك <نامازغا كىرىش ئۈچۈن كەسكىن ئىرادە باغلاش> دېگەنلىك بولىدۇ.

نامازغا قىلىنغان نىيەتنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر بار:

(1) بۇ ئەسەرنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى. لېكىن، بۇ ئەسەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىدا ئاجىزلىق باردۇق.

(2) «شرح المنيه»، 225 ـ بەت.

(3) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 291 ـ بەت

1 ـ ئىسلامغا كىرگەن (يەنى مۇسۇلمان) بولۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرنىڭ بىرەر ئىبادەتنى قىلىش ئۈچۈن قىلغان نىيىتى توغرا ئەمەستۇر.

2 ـ نېمىگە نىيەت قىلغانلىقىنى بىلىش. يەنى ئۇ ئادەمدىن قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىدىن سوئال سورالسا، ئۇنىڭ ئويلىنىپ تۇرماستىنلا ئۆزىنىڭ قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىنى جاۋاب بېرەلەيدىغان دەرىجىدە ئۆزىنىڭ قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم.

3 ـ نامازغا قىلىنغان نىيەت بىلەن نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان <الله ئەكبەر> دېگەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىنى بىر نەرسە يېگەنگە ياكى ئېچكەنگە ياكى سۆزلىگەنگە ئوخشاش نامازغا تەۋە بولمىغان ئىشلار بىلەن ئايرىماسلىق لازىم. چۈنكى، بۇ ئىشلار نامازنىڭ ئىچىدە قىلىنسا، نامازنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قىلغان نىيەتنىمۇ بۇزىدۇ[1]. ئەمما ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مېڭىش ۋە تاھارەت ئېلىش نامازغا تەۋە بولمىغان بىر ئىش ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ ئۆيىدىن چىقىپ ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە كەلگەندە (ئۆيىدە قىلغان) نىيىتىنى قايتا بىر يېڭىلىۋەتمەيلا <الله ئەكبەر!> دەپ نامازغا تۇرغان بولسا، نامىزى توغرا بولىدۇ.[2]

بىر ئادەم ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان نىيەتنى <الله ئەكبەر!> دەپ قۇلاق قېقىپ نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان نىيىتى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ناماز پارچىلانمايدىغان ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەت قىلىنىشتىن ئىلگىرى نامازنىڭ ئوقۇلغان قىسمى ئىبادەت ھېساپلانمايدۇ. مەزھەپلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ بار بىرەر ئىشنى قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا قىلىنىدىغان نىيەتنى ئەڭ ياخشىسى<الله ئەكبەر> دەپ قۇلاق قېقىپ نامازغا تۇرغاندا قىلىش لازىم. بۇ ھەم شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[3]

نەپلە نامازلاردا[4] پەقەت ناماز ئوقۇشنىلا نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر.

(1) يەنى بىر ئادەم ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر نەرسە يېگەن ياكى ئىچكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نىيىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قايتا نىيەت قىلىشى لازىم. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 279 ـ بەت

(3) «شرح المنيه»، 255 ـ بەت.

(4) نەپلە نامازلارنىڭ ئىچىگە نەپلە ناماز ۋە نامازنىڭ سۈننەتلىرىمۇ كىرىدۇ. ت.

يەنى نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم، مەسىلەن: بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ياكى تەراۋىھ نامىزىنى نىيەت قىلدىم، دەپ ئۇ نامازنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىشى ئارقىلىق سابىت بولغان سۈننەت نامازلار بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق شەكىلدە ئادا قىلغان بولسا، شۇ شەكىلدە ئادا قىلىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قانداق بىر مۇسۇلمان الله ئۈچۈن ھەر كۈنى پەرزدىن باشقا 12 رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇسا، الله ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ»[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئارقىلىق سابىت بولغان نامازلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن (پالانى - پالانى نامازنى ئوقۇسا دېمەستىن) <ھەر كۈنى پەرزدىن باشقا 12 رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇسا> دەپ مۇتلاق بىر ناماز ئوقۇغان ئادەمگە، الله تائالانىڭ جەننەت بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.[2]

ئەمما نەپلە نامازلاردىن باشقا نامازلاردا، ئوقۇماقچى بولغان نامىزىنى تەيىن قىلىش لازىم. مەسىلەن: ۋېتىر نامىزىنى ئوقۇماقچى بولسا، ۋېتىر نامىزى، دەپ نىيەت قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە جۈمە نامىزىنى، ھېيت نامازلىرىنى، بەش ۋاخ پەرز نامازلارنى، ئوقۇشنى ئۆزىگە نەزىر قىلىش بىلەن ۋاجىپ بولغان نامازلارنى ۋە باشلاپ بولۇپ بۇزۇۋەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن قازاسىنى قىلىش لازىم بولغان نامازلارنى[3] ئوقۇماقچى بولغان ئادەم، ئوقۇماقچى بولغان نامازنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكىنى تەيىن قىلىشى لازىم[4].

ناماز، دېگەن نەپلە نامازنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نامازلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەپلە نامازلارنى ئوقۇشمۇ نەپلە نامازلاردىن باشقا نامازلارنى ئوقۇش يولغا قويۇلغان ۋاقىتتا يولغا قويۇلغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇلغان بىرەر نامازنىڭ نەپلە ناماز ئەمەس باشقا ناماز ئىكەنلىكىنى ئايرىش لازىم. نەپلە نامازنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان نامازلارنىڭ تۈرلىرىمۇ (مەسىلەن: جۈمە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «شرح المنية»، 248 - بەت.

(3) ھەر قانداق بىر نەپلە نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش پەرز بولىدۇ. ت.

(4) مەسىلەن: ئوقۇماقچى بولغان نامىزى جۈمە نامىزى بولسا، جۈمە نامىزى دەپ تەيىن قىلىشى، ھېيت نامىزى بولسا، ھېيت نامىزى، دەپ تەيىن قىلىش لازىم. ت.

نامىزى، ھېيت نامىزى ۋە بەش ۋاخ نامازلارغا ئوخشاش) كۆپتۇر. شۇڭا بۇ نامازلارنىڭ بىرەرسىنى ئوقۇماقچى بولغاندا، ئوقۇماقچى بولغان ئۇ نامازنى باشقا نامازلارغا ئېھتىمال كەلتۈرۈپ قويمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق تەيىن قىلىش لازىم. ھەتتا بەش ۋاخ پەرز نامازلاردىن بىرەرسىنى ئوقۇماقچى بولغان ئادەممۇ ئوقۇماقچى بولغان ئۇ پەرز نامىزىنى تەيىن قىلىشى لازىم. چۈنكى پەرز ناماز دېمەكلىك بەش ۋاخ پەرز نامازنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇماقچى بولغان پەرز نامازنى باشقا پەرز نامازلاردىن ئايرىش ئۈچۈن، مەسىلەن پېشىن نامىزى ياكى ئەسىر نامىزى، دەپ ئوقۇماقچى بولغان نامازنى تەيىن قىلمىغىچە ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشقا قىلغان نىيىتى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم مۇشۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنى ئوقۇيمەن، دەپ نىيەت قىلسا، ئوقۇماقچى بولغان نامازنىڭ ۋاقتى تېخى چىقىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان نىيىتى يېتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىدە قازا ناماز بولسىمۇ (ئۇنىڭ قىلغان نىيىتى شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر). چۈنكى ۋاقتى بار نامازغا قىلىنغان نىيەت ئۇنىڭ ئۈستىدە قازا ناماز بولسىمۇ قازا نامازغا قارىتىلماي ۋاقتى بار نامازغا قارىتىلىدۇ.[1]

جىنازە نامىزىدا، ناماز الله تائالا ئۈچۈن، دۇئا ئۆلۈك ئۈچۈن دەپ، نىيەت قىلىدۇ. چۈنكى جىنازە نامىزى مۇشۇنداق نىيەت قىلىنىش بىلەن باشقا نامازلاردىن پەرقلىنىدۇ.[2]

نىيەتنىڭ، نامازنىڭ بېشىدىلا قىلىنىشى يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭ نامازنىڭ ھەر بىر ھەركىتىدە قىلىنىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى بۇنداق قىلىش قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر پەرز ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ نامازنى باشلىغاندىن كېيىن ئوقۇۋاتقان ئۇ نامازنى نەپلە ناماز، دەپ گۇمان قىلىپ ئۇ نامازنى نەپلە نىيىتى بىلەن ئاياغلاشتۇرغان بولسا، ئوقۇلغان بۇ ناماز بېشىدا نىيەت قىلىنغان ھېلىقى پەرز نامازغا ھېساپ بولىدۇ.

بىر نامازنى نىيەت قىلىپ باشلاپ بولغاندىن كېيىن قايتا يەنە بىر قېتىم تەكبىر ئېيتىپ، ئۇ نىيەتنى باشقا بىر ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئالماشتۇرۇشقا

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا مەن مۇشۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنى نىيەت قىلدىم، دەپ نامازغا تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئالدىنقى كۈنلەردىن بىرىنىڭ پېشىن نامىزىنىڭ قازاسى بولسىمۇ ئۇ نىيەت قازا پېشىن نامىزىغا ئەمەس شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىكى پېشىن نامىزىغا قارىتىلىدۇ. ت.

(2) «شرح المنيه»، 249 ـ بەت.

بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم نەپلە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ <الله ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇرغاندىن كېيىن يەنە <الله ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىپ پەرز ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم پەرز ناماز ئوقۇغۇچى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم پېشىن نامىزىدىن بىر رەكەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ ئەسىر نامىزىنى ياكى باشقا بىر نەپلە ناماز ئوقۇشنى باشلىغان بولسا، ئۇ ئادەم پېشىن نامىزىنى بۇزغان ۋە تەكبىر ئېيتىپ ئوقۇماقچى بولغان نامىزىنى باشلىغان ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر پەرز نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇشنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن <الله ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىپ نامازنى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆزى يالغۇز ئوقۇشنى باشلىغان نامازنى بۇزۇپ نامازنى ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇشنى باشلىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇغان نامازدا ئىمامغا ئەگىشىش ۋە ساۋابى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازغا ھۆكمەن ئوخشىمايدۇ.[1]

رەكەتلەرنىڭ سانىنى نىيەت قىلىش شەرت ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم پېشىن نامىزىنى بەش رەكەت، دەپ نىيەت قىلىپ تۆت رەكەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان بولسا، بۇ ناماز توغرا بولىدۇ. بەش رەكەت، دەپ قىلغان نىيىتى بىكار قىلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشنىمۇ نىيەت قىلىش شەرت ئەمەس.

نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلغاندىمۇ قازاسىنى قىلماقچى بولغان نامازنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكىنى تەيىن قىلىش لازىم. ئەگەر قازا بولۇپ كەتكەن ناماز كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ قازاسىنى قىلماقچى بولغاندا قازاسىنى قىلماقچى بولغان نامازنى تەيىن قىلىش كېرەك. مەسىلەن: (نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن) نىيەتنى پالانى كۈننىڭ پېشىن نامىزىنى ۋە پوكۈنى كۈننىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيمەن، دەپ ياكى ماڭا ئەڭ ئاخىر قېتىم ۋاجىپ بولغان، لېكىن ئوقۇيالمىغان پېشىن نامىزىنى ۋە ماڭا ئەڭ ئاخىر قېتىم ۋاجىپ بولغان، لېكىن ئوقۇيالمىغان ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيمەن، دەپ قىلىدۇ.[2]

(1) «شرح المنيه»، 250 - بەت.

(2) <الفتاوى الهندية>.

يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەم قانداق نىيەت قىلسا، ئىماممۇ نىيەتنى شۇنداق قىلىدۇ. ئىمامغا كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام: مەن پولانىغا ئىمام بولۇپ بەرمەيمەن، دەپ نىيەت قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشى كېلىپ ئۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ.[1]

ئەمما ئاياللارغا ئىمام بولۇش ئۈچۈن ئىمامنىڭ نامازنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇلارغا ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەگەر ئاياللارغا ئىمام بولۇپ بېرىشنى ياكى ئۆزىگە ئىقتىدا قىلغان ھەممە كىشىگە ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلمىسا، ئاياللارنىڭ ئۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئايال كىشى ئىمامنىڭ قېشىدا ئىمام بىلەن تەڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئىمامنىڭ نامىزىنى بۇزۇۋېتىش ئېھتىمالى باردۇر. بۇ، ئىمام ئۈچۈن بىر زىياندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام (ئاياللارغا ئىمام بۇلۇپ بېرىشنى نىيەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزىگە كېلىدىغان) ئۇ زىياننى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتىن ئىلگىرى ئۇ زىياننىڭ ئىمامغا كېلىشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشى لازىم. ھەتتا ئۇنىڭ ئىمامغا قىلغان ئىقتىداسىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇماقچى بولغان پەرز نامازغا قىلغان نىيىتىلا يېتەرلىك بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇماقچى بولغان پەرز نامىزىنى نىيەت قىلىشى بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىمامغا ئەگىشىشنىمۇ نىيەت قىلىشى لازىم. چۈنكى ئىمامنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغان ئادەمنىڭ نامىزىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم (ئىمامنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن ئۆزىنىڭ نامىزىنىڭمۇ بۇزۇلۇپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئىمامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىش ئارقىلىق) ئىپادىلىشى لازىمدۇر.[2]

## 7 ـ تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرىش

تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرىش دېگەنلىك، ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ «اللّٰه ئەكبەر!» دەپ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىشى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «تاھارەت نامازنىڭ ئاچقۇسىدۇر.

(1) «الفتاوى الهندية».

(2) «شرح المنيه»، 251 ـ بەت.

نامازغا كىرىش ‹الله ئەكبەر!› دەپ تەكبىر ئېيتىپ (قولاق قېقىش بىلەن) ۋە نامازدىن چىقىش سالام بېرىش بىلەن بولىدۇ.»[1]

نامازغا كىرىش پەقەت ‹الله ئەكبەر (يەنى الله تائالا بۈيۈكتۇر)› دېگەن تەكبىرنى ئېيتىش بىلەن ياكى ‹الله ئەجەللۇ (يەنى الله تائالا ئۇلۇغدۇر)› ۋە ‹الله ئەئزەم (يەنى الله تائالا كاتتىدۇر)› دېگەنگە ئوخشاش ‹الله ئەكبەر› دېگەن تەكبىرنىڭ ئورۇنباسارلىرى ھېساپلىنىدىغان تەكبىرلەرنى ئېيتىش بىلەن بولىدۇ. لېكىن ‹الله ئەكبەر (يەنى الله تائالا بۈيۈكتۇر)› دېگەن تەكبىرنى دېيىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى بۇ تەكبىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە نامازغا كىرىش ئۈچۈن دېيىلىپ كەلگەن تەكبىردۇر. كىمكى بۇ تەكبىردىن باشقا (مەسىلەن: ‹الله ئەئزەم› دېگەن تەكبىرگە ئوخشاش) تەكبىرلەرنى دېيىش بىلەن نامازغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن (تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرىشتىن ئىبارەت) نامازنىڭ بىر پەرزى ئادا بولغان بولىدۇ. لېكىن ‹الله ئەكبەر!› دېگەندىن ئىبارەت دېيىش ۋاجىپ بولغان بىر تەكبىرنى دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئادەم ھارامغا يېقىن مەكرۇھ بىر ئىشنى قىلغان بولىدۇ.

بىر ئادەم نامازغا ‹الله ئەكبەر!› دېگەن تەكبىردىكى ‹ئەكبەر› دېگەن سۆزنىڭ ‹بە› ھەرپىنى سوزۇپ ‹ئەكبار› دەپ كىرگەن بولسا، ئۇ ئادەم نامازغا كىرگەن ھېساپلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (رۇكۇدىن سەجدىگە، سەجدىدىن رۇكۇغا بېرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان) تەكبىرلەردىمۇ شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ‹ئەكبەر!› دېگەن سۆزنىڭ ‹بە› ھەرپىنى سوزۇپ ‹ئەكبار› دېگەن ۋاقىتتا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى قاتتىق ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

يەنە الله تائالانىڭ ئىسمى بولغان ‹الله› دېگەن سۆزنىڭ بېشىدىكى ئەلىف ھەرپىنى سوزۇشنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى ھۆكۈمگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى الله تائالانىڭ ئىسمى بولغان ‹الله› دېگەن سۆزنىڭ بېشىدىكى ئەلىف ھەرپى سوزۇلۇپ تەكبىر ئېيتىلغاندا، ‹الله ئەكبەر!› دېگەن تەكبىرنىڭ مەنىسى: ‹الله تائالا بۈيۈكتۇر› دېگەن مەنادىن ‹الله تائالا بۈيۈكمۇ؟› دېگەن سوئال مەناسىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم نامازغا كىرىش ئۈچۈن <الله ئەكبەر!> دېگەن تەكبىرنى ئىمام بىلەن بىللە باشلىغان، لېكىن ئىمامدىن بۇرۇن تۈگەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم نامازغا كىرگەن ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئېيتىش پەرز بولغان بىر تەكبىرنى ئىمامدىن بۇرۇن ئېيتىپ بولغان.[1]

نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىرنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ بىر شەرتى بولسا <الله ئەكبەر!> دېگەن تەكبىرنى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ئېيتىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىدۇر. مەسىلەن: جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇۋاي، دەپ كەلگەن ئادەم نامازغا كەلگەندە ئىمام رۇكۇدا بولسا، ئۇ ئادەم <الله ئەكبەر> دېگەن تەكبىردىن الله تائالانىڭ ئىسمى بولغان پەقەت <الله> دېگەن سۆزنى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە دەپ <ئەكبەر> دېگەن سۆزنى ئايىغىغا چۈشۈرۈپ بولغىچە رۇكۇغا ئېگىلىپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەم نامازغا كىرگەن ھېساپلانمايدۇ.[2]

## 8 ـ قىيامدا تۇرۇش، يەنى نامازنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇش

پەرز نامازلاردا ۋە (ۋىتىرگە ئوخشاش) ۋاجىپ نامازلاردا نامازنىڭ ئىچىدە ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقداردا ئۆرە تۇرۇش پەرزدۇر. بۇ ھەقتە ئىمران ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇۋاسىر كېسىلىم بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىم ھەققىدە سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ يېنىڭچە يېتىپ ئوقۇغىن» دېدى.[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئوڭدىسىغا يېتىپ ئوقۇغىن. الله تائالا ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى قىلىشقا بۇيرىمايدۇ.»[4]

نەپلە نامازلاردا ئۆرە تۇرۇش پەرز ئەمەستۇر. نەپلە نامازلاردا ھېچقانداق سەۋەپ بولمىسىمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمران ئىبنى

(1) «شرح المنية»، 260 ـ بەت.

(2) «شرح المنية»، 260 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) بۇ رىۋايەتنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

ھۈسەيىن مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇ ئەڭ ياخشى ئىشنى قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ساۋابىنىڭ يېرىمى بولىدۇ. كىمكى يېنىچە يېتىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ساۋابىنىڭ يېرىمى بولىدۇ» دېدى.[1] ئىمام نەۋەۋىي: «بۇ ئىشلار نەپلە نامازلاردا شۇنداق بولىدۇ» دېدى. ئەمما پەرز نامازلاردا بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكىرلىرىگە ئاساسەن ئۆرە تۇرالايدىغان تۇرۇقلۇق نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالمىغان ئەھۋالدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، بۇنىڭ ساۋابى كېمىيىپ كەتمەيدۇ.[2] تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭ دەلىلىدۇر:

ئەبۇ مۇسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر بەندە كېسەل بولغان ياكى سەپەرگە چىققان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ سەپەرگە چىقمىغان ياكى كېسەل بولمىغان ۋاقتىدا قىلغان ئەمەل ئىبادەتلىرىگە (يېزىلغان) ساۋاپقا ئوخشاش ساۋاپ يېزىلىپ تۇرىدۇ.»[3]

ئۆرە تۇرۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدىغان نەپلە نامازلارنىڭ ئىچىگە بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى كىرمەيدۇ. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى تەكىتلەنگەن سۈننەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچبىر سەۋەبسىز ئۇنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكى ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر نەپلە نامىزىغا بامداتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكەت سۈننەتكە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى»[4] بۇ ھەقتە يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.»[5]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) نەسبۇررايە.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.
(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى ھەققىدە يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەر بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئاتلىق قوشۇنلار سىلەرنى قوغلاپ تۇرغان ھالەتتىمۇ ئوقۇڭلار.»[1]

كامىل ئۆرە تۇرۇش نورمال ھالەتتە بەلنى رۇسلاپ تۇرۇش بىلەن بولىدۇ. بىر ئادەم ئالدىغا ئازراق ئېگىلىپ تۇرغان، لېكىن ئېگىلىش قوللىرى تىزلىرىغا تېگىپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆرە تۇرغان ھېساپلىنىدۇ. نامازدا ئۆرە تۇرغاندا سەۋەبسىز ئېغىرلىقنى ئىككى پۇتىنىڭ بىرىگە چۈشۈرۈپ تۇرۇش مەكرۇھتۇر.[2]

بىر ئادەم ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالايدىغان، ئەمما سەجدە قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشى ياخشىدۇر. چۈنكى نامازدا ئۆرە تۇرۇش ئۆز ئالدىغا بىر ئىبادەت ھېساپلانماستىن ئەكسىچە سەجدە ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر ۋاستە ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىنى قىلىشقا (يەنى سەجدە قىلىشقا) قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭ ۋاستىسىنىڭ (يەنى سەجدىنىڭ ۋاستىسى بولغان ئۆرە تۇرۇشنىڭ) ھۆكمى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر سەجدە قىلسا جاراھىتىدىن قان يېرىڭ ئاقىدىغان ئادەم بولسا، نامازنى سەجدە قىلماي ئىشارەت بىلەن ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تاھارىتى سەجدە قىلىش بىلەن (جاراھىتىدىن چىققان قان يېرىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن) بۇزۇلۇپ كەتسە، (نامازنىڭ ئىچىدە) ئۇنىڭ تاھارىتىگە ئۇرۇنباسار قالمايدۇ. ئەمما سەجدە قىلمىسا، نامازدا ئۇنىڭ ئۇرۇنباسارى بولغان ئىشارەت قىلىش باردۇر.[3] ئەگەر بىر ئادەمنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كېلىشى ئۇنى ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى بولسا، ئۇ ئادەم نامازنى (مەسچىتكە چىقماي) ئۆيىدە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش پەرزدۇر. نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشتىن ئىبارەت كۈچلۈك بىر سۈننەتنى قىلىمەن، دەپ ئۇ پەرزنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.[4]

قاتتىق بىرەر ئاغرىققا ياكى كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىغا ياكى

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 299 - بەت.

(3) «رد المحتار»، 1 - توم، 299 - بەت.

(4) «رد المحتار»، 1 - توم، 299 - بەت.

كىيسەلنىڭ كىچىكىپ ساقىيىشىغا سەۋەب بولمايدىغان ئىش بولسا، ئازراق قىيىنىلىپ بولسىمۇ ئۆرە تۇرالايدىغان ئادەمنىڭ نامازدا ئۆرە تۇرماي (ئولتۇرۇشى) توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ بىر نەرسىگە يۆلىنىپ بولسىمۇ ئۆرە تۇرالايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆرە تۇرماسلىقى توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ ئازراق مۇددەت ئۆرە تۇرالايدىغان ئادەم بولسا، شۇ مۇددەتتە ئۆرە تۇرۇشى لازىمدۇر. مەسىلەن: ئۇ پەقەت تەكبىر ئېيتىپ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىشۋالغىدەك مۇددەتلا ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىپ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىشۋالغاندىن كېيىن ئولتۇرۇشى لازىم.(1)

ئەگەر بىر ئادەم ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئايەتلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئايەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان بىر ھالەتتە بولسا، ئۇنىڭ ئۆرە تۇرماي ئولتۇرۇپ ئايەتلەرنى ئوقۇپ ناماز ئوقۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم مەلۇم مىقدار ئايەتلەرنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر بولالىسا، ئۇنىڭ قادىر بولغان مىقدارغا قەدەر ئايەتلەرنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشى لازىم.(2)

ئەگەر بىر ئادەم نەپلە نامازنى ئۆرە ھالەتتە باشلىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ھاردۇق ۋە ئېغىرلىق يەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامازنى ھاسىغا ياكى تامغا ئوخشاش نەرسىلەرگە تايىنىپ ياكى ئولتۇرۇپ ئوقۇشىغا بولىدۇ. سەۋەبسىز بىر نەرسىگە تايىنىپ نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك قىلىش ھېساپلىنىدۇ.

نەپلە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىغان، ئاندىن ھېچقانداق ئۆزرە بولمىسىمۇ ئۇنى ئولتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى نەپلە نامازنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئۇ نامازنى ئوقۇماقچى بولغان ئادەمگە، ئۇنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش بىلەن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ئارىسىنى تاللاش ھەققى بېرىلگەندۇر. شۇنداق ئىكەن ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ھەقنى ئىشلىتىش ھوقۇقى (ئۇ نامازنىڭ بېشىنى ئۆرە تۇرۇپ باشلاپ بولغاندىن كېيىنمۇ) نامازنىڭ قالغان قىسىملىرىدا داۋام قىلىدۇ.(3)

ئەگەر بىر ئادەم نەپلە نامازنى ئولتۇرۇپ باشلىغان، ئاندىن نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئاياغلاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. چۈنكى

(1) « شرح المنيه »، 261 - بەت.

(2) « شرح المنيه »، 261 - بەت.

(3) « شرح المنيه »، 271 - بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شونداق قىلغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (نەپلە) نامازلارنى ئولتۇرۇپ باشلاپ ئايەتلەرنىمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. (نامازدا ئوقۇماقچى بولغان) ئايەتلىرىدىن ئوتتۇز ئايەتتىن قىرىق ئايەتكىچە قالغان ۋاقتىدا، قالغان ئۇ ئايەتلەرنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيتتى. ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى رەكەتتىمۇ يەنە شۇنداق قىلاتتى.[1]

## 9 ـ نامازدا قىرائەت قىلىش

الله تائالا: «قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغانىنى ئوقۇڭلار»[2] دېگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە نامازدا ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر. پەرز نامازنىڭ ھەر ئىككى رەكەتىدە، نەپلە ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ ھەر بىر رەكەتىدە، ئۆرە تۇرغاندا ياكى ئۆرە تۇرۇشنىڭ ئورۇنباسارىدا ئايەت ئوقۇش پەرز بولىدۇ.[3] چۈنكى الله تائالانىڭ: «قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغانىنى ئوقۇڭلار»[4] دېگەن ئايىتىدىكى بۇيرۇق نامازنىڭ (بىرىنچى رەكىتىدىن باشقا) رەكەتلەردە ئايەت ئوقۇشنى كۆرسۈتۈپ بەرمەيدۇ. لېكىن نامازنىڭ ئىككىنچى رەكىتىدە ئايەت ئوقۇشنىڭ لازىملىقى ئۇ ئايەتنىڭ دالالەت يولى ئېپادىلەپ بەرگەن مەزمۇنغا ئاساسەن چىقىرىلىدۇ.

(تۆت رەكەتلىك) نەپلە نامازنىڭ ھەر بىر رەكەتىدە ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر. چۈنكى نەپلە نامازلارنىڭ ھەر ئىككى رەكتى ئۆز ئالدىغا بىر ناماز ھېساپلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ۋىتىر نامىزىغىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن نەپلە نامازنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. چۈنكى ۋىتىر نامىزى بەزى بىر تەرەپلەردىن نەپلە نامىزىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.[5]

بىر ئادەمنىڭ ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇغان ھېساپلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىيسى ئۇنىڭدا ئوقۇلغان ئايەتنى ئاڭلاشتىن چەكلەيدىغان (قۇلاق ئېغىرلىقىغا ئوخشاش) بىرەر سەۋەب بولمىسا، ئايەتلەرنىڭ ھەرەپلىرىنى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) يەنى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم ئايەتنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. يېتىپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم ئايەتنى يېتىپ ئوقۇيدۇ. ت.

(4) سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) «شرح المنيه»، 275 ـ بەت.

ئۆزى ئاڭلىغىدەك قىلىپ توغرا چىقىرىشى لازىم. چۈنكى ئۇنلۇك ئوقۇش دېگەنلىك ئاڭلىنىدىغان بىر سۆز ئۈچۈن قويۇلغان ئىسىمدۇر. ئەگەر ئۇنىڭدا ئوقۇلغان ئايەتنى ئاڭلاشتىن چەكلەيدىغان بىرەر سەۋەپ يوق تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئوقۇغان ئايىتىنى ئۆزى ئاڭلىيالمىسا، ئۇ ئادەم ئايەتنى ئۇنلۇك ئوقۇغان ھېساپلانمايدۇ.[1]

ئايەتتىن ئوقۇش پەرز قىلىنغان مىقدار بولسا، ھەر بىر رەكەتتە قىسقا ئۈچ ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەتكە باراۋەر كەلگىدەك ئۇزۇن بىر ئايەت ئوقۇشتۇر. چۈنكى بىر ئادەم بۇ مىقداردىن ئاز ئايەت ئوقۇسا، ئورپ ـ ئادەت بويىچە ئايەت ئوقۇغان ھېساپلانمايدۇ. قۇرئان ئۆزىنىڭ ئەڭ قىسقا سۈرىسى بىلەن (كاپىرلارغا) مەيدان ئېلان قىلدى. قۇرئاننىڭ ئەڭ قىسقا سۈرىسى ئۈچ ئايەتتۇر. مانا بۇ قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاز بۆنچىلىك مىقدار بىلەن باشقا سۆزلەردىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.[2]

نامازدا ئايەتلەر ئەرەب تىلىدا ئوقۇلىشى شەرتتۇر. چۈنكى نامازدا ئوقۇلۇشقا بۇيرۇلغان نەرسە قۇرئاندۇر. قۇرئان ئەرەبچىدۇر. باشقا تىل بىلەن ئوقۇلغان ئايەتلەر ھەقىقىي قۇرئان ھېساپلانمايدۇ. ئەگەر ئايەتلەرنى ئەرەب تىلىدا ئوقۇشتىن ئاجىز كەلسە، (تاكى نامازدا ئوقۇغۇچىلىك سۈرە ئۆگىنىپ بولغىچە) ئايەتلەرنى باشقا تىلدا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.[3]

نامازدا ئوقۇش لازىم بولغان مىقداردىكى ئايەتنى ئەرەب تىلىدا ئوقۇپ قالغان مىقداردىكى ئايەتلەرنى[4] ۋە نامازدا ئوقۇلغان تەشەھھۇد ۋە دۇرۇتقا ئوخشاش دۇئالارنى باشقا تىل بىلەن ئوقۇسىمۇ ناماز توغرا بولىدۇ.[5]

## 10 ـ رۇكۇ قىلىش

اللہ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ

(1) «شرح المنيه»، 275 ـ بەت.

(2) «شرح المنيه»، 279 ـ بەت.

(3) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 325 ـ بەت.

(4) نامازدا ئوقۇش لازىم بولغان مىقدار بولسا، سۈرە فاتىھە ۋە قىسقا ئۈچ ئايەت ياكى ئۇزۇن بىر ئايەتتۇر. يەنى بۇ مىقداردىكى ئايەتلەرنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوقۇپ ئەگەر نامازدا بۇنىڭدىن كۆپ ئايەت ئوقۇماقچى بولسا، قالغانلىرىنى باشقا تىلدا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(5) نامازدا ئوقۇش لازىم بولغان مىقداردىن باشقا مىقداردىكى ئايەتلەرنى ۋە دۇئالارنى باشقا تىل بىلەن ئوقۇسا توغرا بولسىمۇ لېكىن، شۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر. بەزى ئالىملار بۇنداق قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر، دەيدۇ. ت.

قىلىڭلار »[1] دەپ رۇكۇ قىلىشقا بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن نامازدا رۇكۇ قىلىش پەرزدۇر. ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى ياخشى ئادا قىلىپ ئوقۇمىغان ئادەمگە: « رۇكۇ قىلغىن ھەتتا رۇكۇدا بىر مۇددەت تۇرغىن » دېگەن.[2]

رۇكۇ، قوللىرىنى ئۇزارتسا تىزلىرىغا يېتىدىغان دەرىجىدە دۈمبىنى (يەنى ئادەمنىڭ ئۈست تەرەپنى) ئېگىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. كامىل رۇكۇ، باش ھەتتا ساغرى بىلەن تەپتەكشە بولغانغا قەدەر دۈمبىنى ئېگىش بىلەن بولىدۇ.[3]

خۇددى رۇكۇ قىلغاندەك ئېگىلىپ تۇرىدىغان دۆمچەك ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆرە تۇرغان ھالىتىدىن رۇكۇ قىلغان ھالىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن رۇكۇنى بېشىنى ئېگىش بىلەن قىلىدۇ.[4]

## 11 ـ سەجدە قىلىش

سەجدە قىلىش ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇت بىلەن بىللە پېشانىنى ۋە بۇرۇننى يەرگە قويۇش بىلەن ئادا بولىدىغان بىر پەرزدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەن پېشانە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن بۇرنىنىمۇ كۆرسەتتى)، ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرىدىن ئىبارەت يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا ۋە كىيىم ـ كېچەكنى تۇرمەسلىككە ۋە چاچنى (بىر يەرگە) تۈپلىماسلىققا بۇيرۇلدۇم.[5] »[6]

ئەگەر بىر ئادەم سەجدىنى بۇرنىنى يەرگەن تەككۈزمەي پېشانىسى بىلەنلا قىلسا، ئۇنىڭ قىلغان سەجدىسى توغرا بولىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق قىلىپ كەلگەن ئىشقا قارشى بىر ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق

(1) سۈرە ھەج 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) « رد المحتار »، 1 ـ توم، 300 ـ بەت.

(4) « شرح المنيه »، 280 ـ بەت.

(5) نامازدا بولسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن كىيىم ـ كېچەكنى تۇرۇش چەكلەنگەندۇر. بەزى ئالىملار كىيىم ـ كېچەكنى تۇرۇپ قويۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھ دېسە، بەزىلىرى ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم، دەيدۇ. شۇنىڭدەك چېچى ئۇزۇن ئادەممۇ نامازغا كىرگەندە چېچىنى بېشىنىڭ بىر يېرىگە يىغىپ بۇغۇپ قويۇپ ناماز ئوقۇش چەكلەنگەندۇر. ت.

(6) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىش مەكرۇھ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغاندا بۇرنىنى ۋە پىشانىسىنى يەرگە تەككۈزۈدىغانلىقى ھەققىدە ئەبۇھەمىد ئەسسائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغاندا بۇرنىنى ۋە پىشانىسىنى يەرگە تەككۈزەتتى. قولىلىرىنى بىقىنلىرىدىن يىراق قىلاتتى ۋە ئالقىنىنى دولىسىنىڭ ئۇدۇلىدا قىلىپ (يەرگە) قوياتتى.»[1]

بىرەر ئۆزرى بولمىسا، سەجدىنى پەقەت بۇرنى بىلەنلا قىلىش توغرا ئەمەس. ئەگەر پىشانىسىنى (يەرگە تەككۈزمەسلىككە) بىرەر ئۆزرىسى بولسا، سەجدىنى پەقەت بۇرنى بىلەنلا قىلىسمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم سەجدىنى بىرەر سەۋەپ بىلەن (بۇرنى ۋە پىشانىسى بىلەن قىلالماي) مەڭزى ياكى زاڭىقى بىلەن قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان سەجدىسى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى سەجدىنى بۇرۇن ۋە پىشانىسى بىلەن قىلالمىغاندا مەڭزى ياكى زاڭاق بىلەن قىلىش ھەققىدە ھېچقانداق ئايەت ياكى ھەدىس كەلمىگەن. بىرەر سەۋەپ بىلەن بۇرنى ۋە پىشانىسى بىلەن سەجدە قىلالمايدىغان ئادەم سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.[2] سەجدە قىلىۋاتقاندا پۇتىنى يەردىن كۆتۈرۈش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر.

(سەجدە قىلغاندا) پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆپەتلەپ ئەبۇھەمىد ئەسسائىدىي رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلسا، قولىلىرىنى بەكمۇ ئېچىۋالماي ۋە بەكمۇ يىغىۋالماي (يەرگە) قوياتتى ۋە پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتاتتى.»[3]

ئەگەر قىستا ـ قىستاڭچىلىق سەۋەبى بىلەن بىر ئادەم ئۆزى بىلەن ئوخشاش نامازنى ئوقۇغان يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈشىنىگە سەجدە قىلىشقا توغرا كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئۈشىنىگە سەجدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان سەجدىسى توغرا بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسى باشقا ـ باشقا ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم بولسا، باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۈشىنىسگە سەجدە قىلغان ئادەمنىڭ سەجدىسى توغرا بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ باشقا بىرسىنىڭ ئۈشىنىسگە سەجدە قىلىشى پەقەت

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ: توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دەيتتى.

(2) «شرح المنيه»، 284 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىستا ـ قىستاڭچىلىق ئەھۋالدىلا توغرا بولىدۇ. ئەمما باشقا ھالەتلەردە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈشىنىسىگە سەجدە قىلىشى توغرا بولمايدۇ.[1]

قىلغان سەجدىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سەجدە قىلماقچى بولغان يەرنىڭ پۇت تۇرغان يەردىن يېرىم گەزدىن كۆپرەك ئېگىز بولماسلىقى شەرتتۇر. ئەگەر سەجدە قىلماقچى بولغان يەر پۇت تۇرغان يەردىن يېرىم گەزدىن ئېگىزرەك بولسا، ئۇنىڭ قىلغان سەجدىسى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئېگىز يەرگە سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەجدە قىلسا توغرا بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئېگىز ئەمەس يەرگە سەجدىنى قايتا قىلسا، ئۇنىڭ سەجدىسى ئادا بولغان بولىدۇ.[2]

ئەگەر بىر ئادەم يۇڭ ياكى پاختىدىن توقۇلغان بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلغان، پېشانىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىچىگە پېتىپ كەتمەي قويغان يەردە تۇرغان ۋە زېمىننىڭ قاتتىقلىقىنى ھېس قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە قىلغان سەجدىسى توغرا بولىدۇ. ئەمما پېشانىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىچىگە پېتىپ كەتكەن ۋە زېمىننىڭ قاتتىقلىقىنى ھېس قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە قىلغان سەجدىسى توغرا بولمايدۇ.

## 12 ـ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش:

نامازدا ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشنى تەشەھھۇدنى (يەنى ئەتتەھەييياتۇنى) ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقدار ئولتۇرۇش پەرزدۇر. ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دېگەن تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: «سەن بۇنى ئادا قىلساڭ (يەنى سەن تەشەھھۇدنى ئوقۇساڭ) ياكى بۇ ئىشنى قىلساڭ (يەنى ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرساڭ)، ھەقىقەتەن نامىزىڭ ئادا بولغان بولىدۇ.»[3] مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە نامازنىڭ ئادا بولىشىنى تەشەھھۇدنى ئوقۇشقا ياكى ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشنى ئولتۇرۇشقا باغلىدى. ئولتۇرماستىن تەشەھھۇد ئوقۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازنىڭ ئادا

(1) «شرح المنيه»، 286 ـ بەت.

(2) «الهدية العلائية».

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

بولۇشى ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشقا باغلانغان بولىدۇ[1].[2]

مانا بۇلار نامازنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدۇر. بۇ پەرزلەرگە يەنە نامازدا ئۆرە تۇرۇشنى رۇكۇ قىلىشتىن ۋە رۇكۇ قىلىشنى سەجدە قىلىشتىن ئىلگىرى قىلغانغا ئوخشاش ئىلگىرى قىلىنىدىغان ھەر بىر ئىشنى ئۇ ئىشنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ئىشتىن ئىلگىرى قىلىش پەرزى قېتىلىدۇ.

# نامازنىڭ ۋاجىپلىرى

ۋاجىپ بولسا، دەرىجىسى پەرزدىن تۆۋەن ۋە سۈننەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان بىر ھۆكۈمدۇر. ۋاجىپنى قىلماسلىق بىلەن ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بىرەرسىنى قەستەن قىلماسلىق بىلەن نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بىرەرسىنى سەۋەنلىك بىلەن قىلماي قېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھۋە سەجدىسىنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم. ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى مەيلى چىقىپ كەتمىگەن بولسۇن مەيلى چىقىپ كەتكەن بولسۇن ئۇنىڭ ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنى قايتا ئوقۇمىغان ۋە نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنى ئادا قىلماسلىقتا داۋاملاشقان بولسا، ئۇ پاسىق ھېساپلىنىدۇ ۋە گۇناھكار بولىدۇ.[3]

## نامازنىڭ ۋاجىپلىرى ئون سەككىزدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

### 1 ـ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش

سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماي (ناماز ئوقۇغان) ئادەمنىڭ نامىزى ناماز بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسىدۇر.[4]

(1) يەنى ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىييياتۇنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقدار ئولتۇرۇش پەرزدۇر. ئەمما ئۇنىڭدا ئەتتەھىييياتۇنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر. شۇڭا بىر ئادەم نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرغان، ئەمما ئۇنىڭدا ئەتتەھىييياتۇنى ئوقۇمىغان بولسا، پەرزنى ئادا قىلغان، لېكىن بىر ۋاجىپنى قىلمىغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم. ت.

(2) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>.

(3) <الدر المختار>، 1 ـ توم، 306 ـ بەت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

باشقا مەزھەپ ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش پەرزدۇر، دېگەن كۆز قارىشىغا مەزكۇر ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بولسا: «مەزكۇر ھەدىستىن (سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان) نامازنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولمايدىغانلىق مەناسى ئەمەس ئۇ نامازنىڭ كامىل ناماز ھېساپلانمايدىغانلىق مەناسى چىقىدۇ، چۈنكى مەزكۇر ھەدىس مەنا ھەجەتتىن توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس بولسىمۇ، لېكىن رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى جەھەتتىن بىر ئاز مەسىلە بار ھەدىستۇر. شۇڭا مەزكۇر ھەدىستىن (نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ) پەرز بولىدىغانلىق ھۆكۈمى چىقىرىلمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر سۈرە فاتىھەنى نامازدا ئوقۇشنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقى ۋە سۈرە فاتىھەنى نامازدا ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقى، لېكىن نامىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقى كۆز قارىشىغا كەلدى.[1]

سۈرە فاتىھەنى نامازدا ئوقۇشنىڭ پەرز ئەمەسلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

● - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى ياخشى ئادا قىلماي ئوقۇغان ئادەمنى (نامازدا) سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشقا بۇيرىماستىن ئەكسىچە ئۇنىڭغا: «سەن ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، (نامازغا كىرىش ئۈچۈن) تەكبىر ئېيتىپ قولاق قاقىن، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا قولاي بولغاننى ئوقۇغىن» دېيىشىدۇر.[2] ئەگەر نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش لازىم بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى ئۇنى ئوقۇشقا بۇيرىغان بولاتتى.

● - ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سەن چىقىپ مەدىنە (كوچىلىرىدا) سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئايەت (ئوقۇلماي ئوقۇلغان ناماز) ناماز بولمايدۇ، دەپ چاكارلىغىن»[3] دېگەن.

## 2 - پەرز نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكەتىدە ئوقۇش

(1) «شرح المنيه»، 295 - بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

بۇنداق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشنى تاشلىماي قىلغانلىقىدۇر.

## 3 ـ سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇش

پەرز نامازلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكەتىدە، ۋىتىر ۋە نەپلە نامازلارنىڭ ھەممە رەكەتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى بىر سۈرىگە باراۋەر كەلگىدەك ئايەت ئوقۇش ۋاجىپتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاملىق شۇنداق قىلغانلىقىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكەتىدە سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۇنىدىن باشقا ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ نامازنىڭ بىرىنچى رەكەتىنى ئۇزۇن ۋە ئىككىنچى رەكەتىنى قىسقا قىلىپ ئوقۇيتتى. ئايەتلەرنى بەزىدە ئاڭلىغىدەك قىلىپ ئوقۇيتتى. ئەسىر نامىزىدىمۇ سۈرە فاتىھە بىلەن ئىككى سۈرە ئوقۇيتتى. بامدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكىتىنى ئۇزۇن، ئىككىنچى رەكىتىنى قىسقا قىلىپ ئوقۇيتتى.»[1]

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم نامازدا سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئايەت (ئوقۇماي ناماز ئوقۇغان) بولسا، ئۇنىڭ نامىزى ناماز بولمايدۇ.»[2]

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى ئايەت (يەنى ئىككى سۈرە) ئوقۇلماي ئوقۇلغان ناماز، ناماز بولمايدۇ.»[3]

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاھارەت نامازنىڭ ئاچقۇسىدۇر، نامازغا كىرىش <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىپ (قۇلاق قېقىش بىلەن) ۋە نامازدىن چىقىش سالام بېرىش بىلەن بولىدۇ. مەيلى پەرز نامازدا بولسۇن ياكى باشقا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

نامازلاردا بولسۇن نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى، ناماز بولمايدۇ.»[1]

پەرز نامازنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكەتىدە (سۈرە فاتىھەنىڭ كەينىدىن) سۈرە ئوقۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇ سۈننەتكە زىت بىر ئىشتۇر.[2]

مەسىلەن: ئەگەر بىر ئادەم شام نامىزىنىڭ بىر رەكەتىدە ياكى خۇپتەن نامىزىنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكەتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ئوقۇمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ سۈرىنى ئاخىرقى ئىككى رەكەتىدە ئۈنلۈك قىلىپ سۈرە فاتىھە بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ. (ئۇ: مەن دەسلەپكى ئىككى رەكەتتە سۈرە فاتىھەنى ئۈنلۈك ئوقۇغان ئىدىم، ئەمدى پەقەت سۈرىنىلا ئۈنلۈك ئوقاي ۋە سۈرە فاتىھەنى مەخپى ئوقاي دېمەيدۇ. چۈنكى ئايەتلەرنىڭ بەزىسىنى ئۈنلۈك ۋە بەزىسىنى مەخپى ئوقۇش بىلەن بىر رەكەتنىڭ ئىچىدە ئايەتنى ھەم ئۈنلۈك ھەم مەخپى ئوقۇش ناھايىتى يامان ئىشتۇر. ئەگەر ئۇ دەسلەپكى رەكەتتە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان بولسا، ئۇنى ئاخىرقى ئىككى رەكەتتە ئوقۇمايدۇ ۋە سەھۋە سەجدىسى قىلىدۇ.[3]

## 4 ـ سۈرە فاتىھەنى ئۇنىڭ كەينىدىن ئوقۇلىدىغان سۈرە ياكى ئايەتلەردىن ئىلگىرى ئوقۇش

سۈرە فاتىھەنى ئىلگىرى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاملىق شۇنداق قىلغانلىقىدۇر.

## 5 ـ سۈرە فاتىھەنى تەكرارلىماسلىق

سۈرە فاتىھەنىڭ كەينىدىن ئوقۇش ۋاجىپ بولغان سۈرىنى ئوقۇش كېچىكتۈرۈلۈپ قالمىسۇن، دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن سۈرە فاتىھە قايتا ـ قايتا تەكرارلانمايدۇ.

## 6 ـ ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىش:

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 308 ـ بەت.
(3) «الهدية العلائية»، 39 ـ بەت.

يەنى ھەر رەكەتتە بىرىنچى سەجدىنى قىلىپ بولۇپ نامازنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىگە يۆتكەلمەستىن ئىككىنچى سەجدىنى قىلىش.

## 7 ـ سەجدىنى پىشانىسىنى، بۇرنىنى، قوللىرىنى ۋە تىزلىرىنى يەرگە تەككۈزۈپ تۇرۇپ قىلىش

بىز بۇ ھەقتە سەجدىنىڭ بۆلۈمىدە توختالغان ئىدۇق.

## 8 ـ رۇكۇدىن باشنى كۆتۈرگەندە بەلنى رۇسلاپ بىر ئاز تۇرۇش ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىمۇ ئازراق ئولتۇرۇش

بۇنداق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ دەلىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاملىق شۇنداق قىلغانلىقىدۇر ۋە نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى ياخشى ئادا قىلماي ئوقۇغان ئادەمنى رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى ياخشى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ: «ئاندىن بېشىڭنى رۇكۇدىن رۇسلۇنۇپ ھەتتا ئۆرە تۇرغانغا قەدەر كۆتۈرگىن، ئاندىن (بېشىڭنى سەجدىدىن) ھەتتا رۇسلۇنۇپ ئولتۇرغانغا قەدەر كۆتۈرگىن»[1] دېگەنلىكى ئۇچۇندۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف: «(رۇكۇدىن ۋە سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە بەلنى رۇسلاپ بىر ئاز تۇرۇش ۋاجىپ ئەمەس) پەرزدۇر» دەيدۇ.[2] بىز بۇ ھەقتە تۆۋەندە توختۇلىمىز.

9 ـ رۇكۇدا، سەجدىدە، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا (بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقدار) تۇرۇش:[3]

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرگەندىن كېيىن بىر كىشى (مەسچىتكە) كىرىپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئۇ ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 312 ـ بەت.

(3) رۇكۇدا، سەجدىدە، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقدار تۇرۇش ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ۋاجىپتۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە پەرزدۇر. ئەمما رۇكۇدا ۋە سەجدىدە ئېيتىلىدىغان <سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم ۋە سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا> غا ئوخشاش تەسبىھلارنى رۇكۇدا ـ سەجدىدە ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىم ئېيتىش سۈننەتتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئادەم رۇكۇدا يا سەجدىدە بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقدار تۇرغان، لېكىن ئۇنىڭدا ئېيتىلىدىغان تەسبىھلارنى ئېيتمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ. لېكىن بىر سۈننەتنى قىلمىغان ھېساپلىنىدۇ. ت.

بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام قايتۇرۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا: «قايتىپ بېرىپ نامازنى قايتىدىن ئوقۇغىن، سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ نامازنى بۇرۇنقىدەك ئوقۇپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قايتىپ بېرىپ نامازنى قايتىدىن ئوقۇغىن، سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. ھەتتا بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. ئاندىن ئۇ ئادەم سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ھەقىقەت بىلەن ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن نامازنى بۇنىڭدىن ياخشى ئوقۇيالمايمەن، ماڭا (نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقنى) ئۆگىتىپ قويغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، (قولاق قېقىپ نامازغا كىرىش ئۈچۈن <الله ئەكبەر!> دەپ) تەكبىر ئېيتقىن، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا ئاسان بولغاننى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇ قىلىپ رۇكۇدا (بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقداردا) تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى رۇكۇدىن رۇسلىنىپ ھەتتا ئۆرە تۇرغانغا قەدەر كۆتۈرگىن، ئاندىن سەجدە قىلىپ سەجدىدە (بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا دېگۈچىلىك مىقدار) تۇرغىن، ئاندىن (بېشىڭنى سەجدىدىن) ھەتتا ئولتۇرۇپ رۇسلانغانغا قەدەر كۆتۈرگىن، سەن ھەممە نامازلىرىڭدا شۇنداق قىلغىن»[1] دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، سېنىڭ نامىزىڭ تولۇق ئادا بولغان بولىدۇ. ئەگەر سەن شۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى كەم قىلساڭ، شۇنىڭغا چۇشلۇق نامىزىڭدىن كەم قىلغان ھېساپلىنىسەن.»[2]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رۇكۇ ۋە سەجدىدە مۈرىسىنى تۈز تۇرغۇزمىغان (يەنى رۇكۇد ۋە سەجدىدە بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقدار تۇرمىغان) ئادەمنىڭ نامىزى توغرا بولمايدۇ.»[3]

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، رۇكۇدا، سەجدىدە، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقدار تۇرۇش ئىمام مالىك، ئىمام

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ رىۋايەتنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

شافىئى ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملارنىڭ ۋە ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە پەرزدۇر.

## 10 ـ بىرىنچى ئولتۇرۇشدا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقدار ئولتۇرۇش

تۆت رەكەتلىك ۋە ئۈچ رەكەتلىك نامازنىڭ بىرىنچى ئولتۇرۇشدا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقدار ئولتۇرۇش. ئەگەر سەھۋە سەجدىسىنى قىلغان بولسا، سەھۋە سەجدىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش.

## 11 ـ ھەر ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇش

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇش ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇ ھەدىس تىرمىزىينىڭ دېگىنىگە ئوخشاش بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ھەدىس بولسا، تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا: جىبرىئىلغا، مىكائىلغا، پولانى ۋە پولانىغا سالام بولسۇن، دەيدىغان ئىدۇق. (بەزى رىۋايەتتە: الله غا سالام بولسۇن دەيدىغان ئىدۇق، دەپ بايان قىلىنىدى). شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قاراپ مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن الله تائالا سالامەتتۇر. (يەنى الله تائالاغا، ئىنسانلارغا كېلىدىغان بالايى ئاپەتلەر كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن) بىرىڭلار ناماز ئوقۇسا، بارلىق ئۇلۇغلۇق، ھەممە ئىبادەتلەر ۋە سانالار الله تائالاغا بولسۇن، ئى پەيغەمبەر! سالام، الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن، بىزگە ۋە الله تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە سالام بولسۇن! دېسۇن. (ئەگەر سىلەر شۇنداق دېسەڭلار، ئۇ سالام ئاسمان ـ زېمىندىكى الله تائالانىڭ بارلىق ياخشى بەندىلىرىگە تېگىدۇ. يەنە ئۇ) مەن الله تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مەھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە

ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن، دېسۇن.[1] »[2]

## 12 ـ ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولۇپلا ئوچۇنچى رەكەتكە قوپۇش

بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇشنى ئۆگەتتى، دەپ بولۇپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ئوتتۇرىدا بولسا، (يەنى تۆت رەكەتلىك ياكى ئۈچ رەكەتلىك نامازنىڭ ئوتتۇرىدىكى تەشەھھۇددا ئولتۇرغان بولسا)، ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولۇپلا (ئۈچۈنچى رەكەتكە) قوپۇپ كېتەتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ئاخىرىدا بولسا، ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن خالىغان دۇئالارنى ئوقۇپ ئاندىن سالام بېرەتتى.»[3]

ئىبنى مەسئۇدنىڭ بالىسى ئەبۇئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: «دادام ئىبنى مەسئۇد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكەتنى (ئوقۇپ بولۇپ بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغان ۋاقىتدا) خۇددى قىزىتىلغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك (ئولتۇراتتى) دېدى. مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا (ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپۇش ئۈچۈن) شۇنداق ئولتۇراتتىمۇ؟ دېدىم. دادام: ھەئە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپۇش ئۈچۈن) شۇنداق ئولتۇراتتى، دېدى.»[4]

ئەگەر بىر ئادەم ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولۇپ ئۈچ قېتىم <سۇبھانەللاھ> دېگۈچىلىك مىقدار ياكى <ئەللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن> دېگەنگە قەدەر (ئۈچۈنچى رەكەتگە) قوپماي ئولتۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپۇش پەرزىنى كېچىكتۈرۈپ سالغانلىقى ئۈچۈن سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.

## 13 ـ ۋىتىر ۋاجىپىنىڭ ئۈچۈنچى رەكىتىدە رۇكۇغا بېرىشتىن ئىلگىرى دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇش

(1) ئۇنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلىشى: ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى، ۋەسسەلاۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىيۇ ۋە رەھمەتەللاھى ۋە بەراكاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىنە، ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

دۇئايى قۇنۇت ئوقۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئوقۇغان دۇئالارنى ئوقۇش ياخشىدۇر.[1]

## 14 ـ ئىككى ھېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش

ئۇ ھەر بىر رەكەتتە ئۈچ تەكبىر بولۇپ جەمى ئالتە تەكبىردۇر. ھەر بىر تەكبىرنى ئېيتىش ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ۋاجىپتۇر. يەنە ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكەتىنىڭ رۇكۇسىغا بېرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىرنى ئېيتىشمۇ ۋاجىپتۇر.

## 15 ـ ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇش

قازاسىنى ئوقۇغان بولسىمۇ بامدات نامىزىدا، شام نامىزىنىڭ ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكەتىدە، جۈمە نامىزىدا، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا، تەراۋىھ نامازلىرىدا ۋە رامىزان ئېيىدا ئوقۇلغان ۋىتىر نامىزىدا ئىمامنىڭ ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشى ۋاجىپتۇر. نامازنى يالغۇز ئوقۇغان ئادەم بۇ نامازلاردا ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇسىمۇ ياكى ئىچىدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ شەكلىدە ھېساپلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ نامازلاردا ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشى ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە شۇ نامازلارنىڭ بىرەر رەكەتىگە ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەممۇ ئۇ رەكەتنىڭ قازاسىنى قىلغاندا، ئۇ رەكەتتە ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇسىمۇ ياكى ئىچىدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

## 16 ـ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئوقۇش

ئىمام ۋە نامازنى يالغۇز ئوقۇغان ئادەم پېشىن، ئەسىر نامازلىرىدا، شام نامىزىنىڭ ئۈچۈنچى رەكەتىدە، خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكەتىدە، كۈن تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان نامازدا ۋە سۇ تەلەپ قىلىپ ئوقۇلغان نامازدا ئايەتلەرنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ.[2]

## 17 ـ نامازنىڭ ھەر بىر پەرزلىرىنى ۋە ۋاجىپلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئادا قىلىش

(1) ئۇ دۇئانىڭ قايسى دۇئا ئىكەنلىكى ۋىتىر نامىزىنىڭ بابىدا كېلىدۇ.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 315 ـ بەت.

بۇنىڭغا ئاساسەن مەسىلەن: بىر ئادەم ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ ئۈچ قېتىم <سۇبھانەللاھ!> دېگۈچىلىك مىقدار سەۋەن (رۇكۇغا بارماي بىر نەرسە) ئويلۇنۇپ تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن رۇكۇ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بىر پەرزنى ئۆز ئورنىدىن كېچىكتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە شۇ مىقدار سەۋەنلىك بىلەن ئىككىنچى ياكى تۆتىنچى رەكەتكە قوپماستىن ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.

بىر ئادەم نامازدا شەكلىنىپ قېلىپ ئىككى پەرز ئىشنىڭ[1] ئارىلىقىدا ئۈچ قېتىم <سۇبھانەللاھ> دېگۈچىلىك مىقدار ئويلۇنۇپ تۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە بىر پەرز ۋە بىر ۋاجىپنىڭ ئارىلىقىنى كېچىكتۈرۈپ سالغان بولسىمۇ، سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم. مەسىلەن: نامازدا نامازنىڭ تەكبىرلىرىنى ئىمامدىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئېلان قىلىپ بېرىدىغان ئادەم بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىرنى سوزۇپ توۋلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھەتتا ئۇ ئادەم تۇرغانغا قەدەر ئەتتەھەييياتۇنى (ئولتۇرۇشنىڭ بېشىدا) ئوقۇماي ئۇنى كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇلارغا سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم. كۆپلىگەن ئادەملەر بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىپ سالىدۇ.[2]

## 18 ـ سالامنى ئوڭ تەرەپ ۋە سول تەرەپ بولۇپ ئىككى قېتىم ئېيتىش

نامازدىن چىقىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سالامنى ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىش ئۈچۈن بىر قېتىم، سول تەرەپكە سالام بېرىش ئۈچۈن بىر قېتىم بولۇپ ئىككى قېتىم ئېيتىش. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق شۇنداق قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ!> دەپ ئوڭ تەرىپىگە بىر قېتىم ۋە <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ!> دەپ سول تەرىپىگە بىر

---

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ ئۈچۈنچى رەكىتىنىڭ ئاخىرىدىكى سەجدىنى قىلىپ بولۇپ ئۆزىنىڭ نامازنى ئۈچ رەكەت ئوقۇغانلىقى ياكى تۆت رەكەت ئوقۇغانلىقىدا شەكلىنىپ قېلىپ سەجدە بىلەن تۆتىنچى رەكەتكە قوپۇشنىڭ ئارىسىدا ئۈچ قېتىم <سۇبھانەللاھ> دېگۈچىلىك مىقدار ئويلۇنۇپ ئولتۇرۇپ قېلىپ ئاندىن تۆتىنچى رەكەتكە تۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ت.

(2) «الهدية العلائية».

قېتىم سالام بېرەتتى.»[1]

<ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ!> دېگەن سۆزنىڭ ئىچىدىن سالام بېرىش ئۈچۈن ئېيتىلىش ۋاجىپ بولغان مىقدار پەقەت <ئەسسالامۇ> دېگەن سۆزدۇر. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش ئىشىمۇ بىرىنچى سالام بىلەن تۈگەيدۇ. مەسىلەن: ئىمام بىرىنچى سالام ئۈچۈن <ئەسسالامۇ> دېگەندە بىر ئادەم كېلىپ ئىمام <ئەلەيكەم> نى دېيىشتىن ئىلگىرى ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نامازغا كىرگەن ھېساپلانمايدۇ. ئۇ، نامازدا سەھۋە قىلىپ سالمىغان ئادەم بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما نامازدا بىرەر ۋاجىپنى قىلمىغان سەۋەبى بىلەن سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولۇپ قالغان ئادەم بولغان، ئۇ سالام بېرىپ نامازدىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن بولسىمۇ سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش ئۈچۈن سەجدە قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نامازغا كىرگەن ھېساپلىنىدۇ.[2]

# نامازنىڭ سۈننەتلىرى

بىز تاھارەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغان بابتا سۈننەت بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق قىلغان، لېكىن قىلمىغان ئادەم ئەيىپلانمايدىغان، ئۇنى قىلغان ئادەمگە ساۋاپ بېرىلىدىغان ۋە ئۆزرىسىز قىلمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدىغان بىر ھۆكۈمدۇر، دەپ بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بەزى ئالىملار: «سۈننەتنى قىلمىغان ئادەمنى ئەيىپ كەتكەن ئادەم، دەپ قاراش ۋە ئۇنى تەنقىدلەش لازىم» دەيدۇ.

نامازدا سۈننەت، دەپ قارالغان ئىشلارنى قىلماسلىق مەكرۇھتۇر ۋە ئەدەپسىزلىكتۇر، لېكىن سۈننەتلەر بىلمەسلىكتىن قىلىنماي قالغان بولسا، ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ.

نامازنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىش ئۈچۈن <الله ئەكبەر!> دېيىشتىن ئازراق ئىلگىرى ئالقانلىرىنى قىبلە تەرەپكە قاراتقان، بارماقلىرىنى بەكمۇ

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي بۇ ھەدىس توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 314 ـ بەت.

ئېچىۋالمىغان ۋە بەكمۇ يېغىۋالمىغان هالەتتە تۇتۇپ، ئەر كىشى قوللىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە، ئايال كىشى قوللىرىنى دۈلىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈش. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ قوللىرىنى دۈلىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈشى ئۇنىڭ پىنهانراق تۇرۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. قوللارنى كۆتۈرۈشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى بولسا، تۆۋەندىكى هەدىسلەردۇر:

مالىك ئىبنى هۇرەيس مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام (نامازغا كىرىش ئۈچۈن <الله ئەكبەر> دەپ) تەكبىر ئېيتماقچى بولغاندا قوللىرىنى هەتتا قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرەتتى.»[1]

ۋائىل ئىبنى هۇجرى مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامازغا كىرمەكچى بولغاندا قوللىرىنى (قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە) كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتقانلىقىنى، ئاندىن كىيىمى بىلەن (قوللىرىنى) يۆگىگەنلىكىنى (يەنى قوللىرىنى تونغا ئوخشىغان كىيىمىنىڭ ئىچىگە تىققانلىقىنى) كۆردۈم. . . .»[2]

سەئىد ئىبنى سەمئان مۇنداق دېدى: «بىز زۇرەيق جەمەتىنىڭ مەسچىتىدە ئىدۇق. ئەبۇهۇرەيرە (مەسچىتگە) كىرىپ قېشىمىزغا كېلىپ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قىلغان، لېكىن كىشىلەر قىلىشنى تاشلىغان ئۈچ ئىش باردۇر. ئۇلارنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نامازغا تۇرماقچى بولغاندا، مۇشۇنداق قىلاتتى. (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قوللىرىنى كۆتۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قوللىرىنى قانداق كۆتۈرگەنلىكىنى بۇ هەدىسنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ بىرى بولغان ئەبۇئامىر قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى). پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى بەكمۇ ئېچىۋالمايتتى ۋە بەكمۇ يۇمۇۋالمايتتى، دېگەن.»[3]

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قوللىرىنى هەتتا دۈلىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرەتتى، دېگەن هەدىس[4] بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان هەدىسلەرگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىككى چوڭ بارماق قۇلاقنىڭ يۇمۇشقىغىچە ئۇدۇل كەلسە، ئالقان تەرەپ دۈلىنىڭ ئۇدۇلىغا ياكى شۇنىڭغا يېقىن بىر يەرگە توغرا كېلىدۇ.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ هەدىسنى هاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ هەدىس توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن هەدىستۇر، دېدى.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئابدۇل جەببار ئىبنى ۋائىل دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا قوللىرىنى (يەنى ئالقانلىرىنى) ھەتتا دۈلىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ۋە ئىككى چوڭ بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈپ، ئاندىن تەكبىر ئېيتقانلىقىنى، كۆردۈم.»[1]

2 ـ ئىمام <الله ئەكبەر!> دېگەن تەكبىرنى، <سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ> نى ۋە <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> نى ئىقتىدا قىلغانلارغا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۈنلۈك ئېيتىش. لېكىن بۇلارنى ھاجەتتىن (يەنى ھەددىدىن) ئارتۇق ئۈنلۈك ئېيتىش مەكرۇھتۇر.

ئەگەر بىر ئىمام نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان <الله ئەكبەر!> دېگەن تەكبىردىن الله تائالانى ئۇلۇغلاشنى مەقسەد قىلماي ئاھاڭ چىقىرىشنى ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە ھەيران قالدۇرۇشنى مەقسەد قىلىپ ئۇ تەكبىرنى بەك ۋاقىراپ ئېيتقان بولسا، ئۇ ئىمام نامازغا كىرگەن ھېساپلانمايدۇ. ئىمام ئۇ تەكبىردىن ئۆزىنىڭ نامازغا كىرگەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇشنىلا مەقسەد قىلغان بولسا، يەنە ئۇ نامازغا كىرگەن ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ تەكبىردىن بولغان ئەسلى مەقسەد الله تائالانى ئۇلۇغلاشتۇر ۋە ئىقتىدا قىلغان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ نامازغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئەگەر ئۇ ئىمام تەكبىردىن ئۆزىنىڭ نامازغا كىرگەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇشنىلا مەقسەد قىلغان بولسا، ئۇ خۇددى الله تائالانى ئۇلۇغلىمىغان ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم نامازغا كىرگەن ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەكبىر بىلەن ھەم نامازغا كىرىشنى (يەنى الله تائالانى ئۇلۇغلاشنى) ۋە ھەم ئىقتىدا قىلغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ نامازغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەد قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ ھەقتە تەكبىرلەرنى توۋلاپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ ئىمامنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. ئەمما ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەم تەكبىرنى پەقەت ئۆزى ئاڭلىغىدەك قىلىپ ئېيتىدۇ.[2]

3 ـ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ (نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىرنى) ئىمام بىلەن تەڭ ئېيتىشى. بۇ ھەقتە ئىمام

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىدا ئۆزۈكلۈك بار.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 396 ـ بەت.

بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمام پەقەت ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈنلا تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەگەر تەكبىر ئېيتسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار. . .»[1]

لېكىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ (نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىرنى) ئىمام بىلەن تەڭ ئېيتىشى، ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ تەكبىرنى ئىمامدىن بۇرۇن ئېيتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىمامنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئادەم تەكبىرنى ئىمامدىن بۇرۇن ئېيتىپ سالسا، ئۇ ئادەم نامازغا كىرگەنلىك ھېساپلانمايدۇ.[2]

شۇڭا مەن بۇ مەسىلىدە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ (نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان) تەكبىرنى ئىمام تەكبىرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىشى ئەڭ ياخشىدۇر، دەپ قارىغان ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىنى تۇتۇش، توغرا دەپ قارايمەن.

4 ـ ئوڭ قولنىڭ چوڭ ۋە كىچىك بارمىقى بىلەن سول قولنىڭ بېغىشىنى تۇتقان ۋە ئوڭ قولنىڭ قالغان بارماقلىرىنى سول قولنىڭ بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالەتتە ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كىندىكىنىڭ ئاستىدا تۇتۇش.

ئەمما ئايال كىشى (ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرى بىلەن سول قولنىڭ بېغىشىنى) تۇتماستىن ئوڭ قولنىڭ ئالقىنىنى سول قولنىڭ دۈمبىسىگە قويغان ھالەتتە قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئاستىدا ۋە كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدە تۇتىدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ قوللىرىنى شۇنداق تۇتۇشى ئۇنىڭ بەك ئېچىلىپ قالماسلىقىغا (يەنى پىنھان ھالەتتە تۇرۇشقا) سەۋەپ بولىدۇ.

ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىدە قويۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر نامازدا تۇرغاندا ئوڭ قوللىرىنى سول قوللىرىنىڭ ئۈستىدە قويۇشقا بۇيرۇلغان

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) <حاشية الطحاوي على مراقي الفلاح>.

ئىدى.»[1]

ۋائىل ئىبنى ھۇجرى مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازغا كىرمەكچى بولغاندا قوللىرىنى (قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە) كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتقانلىقىنى ئاندىن كىيىمى بىلەن (قوللىرىنى) يۆگىگەنلىكىنى (يەنى قوللىرىنى تونغا ئوخشىغان كىيىمىنىڭ ئىچىگە تىققانلىقىنى)، ئاندىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويغانلىقىنى كۆردۈم.»[2]

قۇبەيسە ئىبنى ھەلەب دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى) بىزگە ئىمام بولۇپ بېرىپ (نامازدا) ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى تۇتۇپ تۇرغان.»[3]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «نامازدا (ئوڭ) ئالقاننى (سول) ئالقاننىڭ دۈمبىسى ئۈستىدە قويۇپ كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇتۇش سۈننەتتۇر» دېدى.[4]

ۋائىل ئىبنى ھۇجرى مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ دۈمبىسى ئۈستىدە قويۇپ كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇتقانلىقىنى كۆردۈم».[5] يەنە رۇكۇدىن باشنى كۆتۈرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالار كۆپ بولۇپ بىر ئاز ئۇزۇن تۇرۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتىمۇ ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇتۇش سۈننەتتۇر.

5 ـ ‹الله ئەكبەر› دەپ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ‹سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لا ئىلاھە غەيرۇكە› دېگەن دۇئانى ئوقۇش. ‹ۋە تەئالا جەددۇكە› دېگەن سۆزدىن كېيىن ‹ۋە جەللە سەنائۇكە› دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئوقۇش خاتا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ سۆزنى قوشۇپ ئوقۇمىسا، ئۇنى قوشۇپ ئوقۇشقا بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ سۆز كۈچلۈك دەپ قارالغان ھەدىسلەردە بايان قىلىنمىغان.[6]

مانا بۇ دۇئا ئۆمەرگە، ئىبنى مەسئۇدقا، ئەنەسكە، ئائىشەگە، ئوسمانغا، جابىرگە ۋە ئەبۇ سەئىد خۇدرىيغا ئوخشاش (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن)

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىدا تەنقىدلەر باردۇر.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(6) «شرح المنيه»، 302 ـ بەت.

بىر بۆلۈك ساھابىلەر تەرىپىدىن توغرا، دەپ تاللانغان دۇئادۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن بەزىدە بۇ دۇئانى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. ھەدىسشۇناسلارنىڭ يولى بويىچە بۇ دۇئادىن باشقا دۇئالارنىڭ توغرا ئىكەنلىكى كۈچلۈك بولغان بولسىمۇ، لېكىن (ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن بەزىدە بۇ دۇئانى ئۈنلۈك ئوقۇغانلىقى)، بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپۈنچە ۋاقىتتا ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئوقۇغان دۇئانىڭ مۇشۇ دۇئا ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. (ھەدىسشۇناسلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە بۇنىڭدىن باشقا دۇئالارنىڭ توغرا ئىكەنلىكى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن) نامازدا بۇنىڭدىن باشقا دۇئالارنى ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ دۇئالارنىڭ، ئەڭ ياخشىسى نەپلە نامازلاردا ۋە تەھەججۇد نامازلىرىدا ئوقۇلىشى لازىم. چۈنكى بۇ نامازلاردا خالىغان دۇئالارنى ئوقۇشقا بولىدۇ.[1]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «بىز نامازغا كىرىپ نامازنى باشلىغان ۋاقتىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ <سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لا ئىلاھە غەيرۇكە> دېگەن دۇئانى ئوقۇشىمىزنى بىزگە ئۆگىتەتتى ۋە ئۆزىمۇ ئۇ دۇئانى ئوقۇيتتى.»[2]

ئۇبدە مۇنداق دېدى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ <سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لا ئىلاھە غەيرۇكە> دېگەن دۇئانى ئۈنلۈك قىلىپ ئوقۇيتتى.»[3]

ئىمام ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا بىر ئادەم كېلىپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ نامازغا تۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ دۇئانى ئوقۇماستىن جىم تۇرۇپ ئىمامنىڭ ئوقۇغان ئايەتلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشايدۇ. چۈنكى الله تائالا، قۇرئان ئوقۇلغاندا ئۇنى جىم تۇرۇپ تىڭشاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)»[4]

6 ـ ئۇ دۇئانى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر

---

(1) «شرح المنيه»، 302 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى. لېكىن، بۇ ئەسەر رىۋايەت قىلىنغان يولدا بىر ئۈزۈكلۈك بار.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) سۈرە ئەئراف 204 ـ ئايەت.

راجىم[1]> نى ئوقۇش. چۈنكى الله تائالا قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) اللەغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن»[2] ئۇ دۇئانىڭ كەيندىن ۋە (ئايەتلەرنى ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى) الله تائالاغا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەش (يەنى <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم> دېيىش) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ قالغان ئىشتۇر.

7 ـ <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم> نى دەپ بولغاندىن كېيىن <بىسمىللاھ> نى دېيىش. يەنە <بىسمىللاھ> نى ھەر بىر رەكەتتە دېيىش سۈننەتتۇر. ئەمما سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئوقۇماقچى بولغان سۈرىنىڭ بېشىدا <بىسمىللاھ> نى دېيىش مۇستەھەپتۇر.

مەيلى ئىمام مەيلى يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەم خۇددى يۇقىرىدىكى دۇئا بىلەن <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم> نى ئىچىدە دېگىنىگە ئوخشاش <بىسمىللاھ> نىمۇ ئىچىدە دەيدۇ. <بىسمىللاھ> نى ئىچىدە دېيىشنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى، تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام، ئەبۇبەكىر، ئۆمەر ۋە ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭمۇ <بىسمىللاھ> نى ئۈنلۈك ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم.»[3]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: «ئۇلار <بىسمىللاھ> نى ئۈنلۈك ئوقۇمايتتى.»[4] يەنە بىر رىۋايەت مۇنداق دەپ كەلدى: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام، ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ <بىسمىللاھ> نى ئىچىدە دەيتتى.»[5]

ئەبۇۋائىل مۇنداق دېدى: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ <بىسمىللاھ> نى، <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم>

(1) مەنىسى: مەن الله تائالاغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. ت.

(2) سۈرە نەھل 98 ـ ئايەت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ رىۋايەتنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ رىۋايەتنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

نى ۋە ‹ئامىن› نى ئۈنلۈك دېمەيتتى »[1]

**8 ـ ئىمامنىڭ ۋە ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەمنىڭ سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ‹ئامىن› نى مەخپىي دېيىشى. ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹ئامىن› دېيىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئىمام ‹ئامىن› دېسە، سىلەرمۇ ‹ئامىن› دەڭلار. چۈنكى كىمنىڭ ‹ئامىن› دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ‹ئامىن› دېيىشى بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ. »[2]**

**ۋائىل ئىبنى ھۇجرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىغىغا كەلگەندە مەخپىي قىلىپ ‹ئامىن› دېدى. »[3]**

**ئەبۇۋائىل مۇنداق دېدى: « ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ‹بىسمىللاھ› نى، ‹ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم› نى ۋە ‹ئامىن› نى ئۈنلۈك دېمەيتتى. »[4]**

**ئەبۇۋائىل: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ‹بىسمىللاھ› نى ۋە ‹ئامىن› نى ئۈنلۈك دېمەيتتى، دېدى.[5]**

**9 ـ نامازغا كىچىكىپ كەلگەنلەرنىڭ بىرىنچى رەكەتكە يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئىمامنىڭ بامدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكىتىنى ئۇزۇن قىلىپ ئوقۇشى. چۈنكى بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۇيقۇ ۋاقتىدۇر.**

**بەزى ئالىملار كىشىلەرنىڭ بىرىنچى رەكەتكە يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن (پەقەت بامدات نامىزىدىلا ئەمەس) ھەممە نامازلاردا بىرىنچى رەكىتىنى ئۇزۇن قىلىپ ئوقۇش مۇستەھەپتۇر، دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ.**

**ئەبۇقەتادە مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكىتىدە سۈرە فاتىھەنى ۋە ئىككى سۈرىنى ئوقۇيتتى.**

(1) بۇ ئەسەرنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ئەتتەيالىسىي، ئەبۇيەئلا، دارى قۇتنىي ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ئەسەرنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى.

ئاخىرقى ئىككى رەكەتىدە پەقەت سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇيتتى. بەزىدە ئايەتلەرنى بىزگە ئاڭلىتىپ ئوقۇيتتى. بىرىنچى رەكەتنى ئىككىنچى رەكەتكە قارىغاندا ئۇزۇن قىلاتتى. ئەسىر نامىزى ۋە بامدات نامىزىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى.[1]

**10** ـ رۇكۇغا بېرىش ئۈچۈن <الله ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىش. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا [2] <الله ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتاتتى. رۇكۇغا بارغاندا تەكبىر ئېيتاتتى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە <سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە> دەيتتى. ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ <رەببەنا لەكەل ھەمدۇ> دەيتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە <رەببەنا ۋە لەكەل ھەمدۇ> دەيتتى، دەپ بايان قىلىندى. سەجدىگە بارغاندا تەكبىر ئېيتاتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن يەنە سەجدىگە بارغاندا تەكبىر ئېيتاتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە نامازلىرىدا تاكى نامازنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر (مۇشۇ يەرلەردە) تەكبىر ئېيتاتتى. (تۆت ۋە ئۈچ رەكەتلىك نامازدا) بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ بولۇپ (ئۈچۈنچى رەكەتكە) تۇرغاندا تەكبىر ئېيتاتتى.[3]

**11** ـ رۇكۇ قىلغاندا قوللىرى بىلەن تىزىنى قاماللاپ تۇتۇش، قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىپراق تۇتۇش، پاچاقلىرىنى تىكلەپ تۇرۇش، گەۋدىسىنى رۇس تۇتۇش ۋە بېشىنى بەكمۇ كۆتۈرۈۋالماستىن ياكى بەكمۇ ساڭگىلىتىۋالماستىن بېشى بىلەن ساغرىسىنى تەكشى قىلىپ تۇرۇش. بەزى ئادەملەر قىلغاندىكىدەك تىزىنى ياچاققا ئوخشاش ئىگىۋېلىش مەكرۇھتۇر.

ئەبۇھۇمەيد ئەسسائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ قىلسا قوللىرى بىلەن تىزلىرىنى تۇتاتتى ۋە گەۋدىسىنى تۈز قىلاتتى.[4] يەنە بىر رىۋايەتتە: بېشىنى بەكمۇ كۆتۈرۈۋالماستىن ياكى بەكمۇ ساڭگىلىتىۋالماستىن (نورمال تۇتاتتى، دەپ بايان قىلىندى).[5] يەنە بىر

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇنىڭدىن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغانلىقمۇ كۆزدە تۇتۇلىشى مۇمكىن ۋە بىرىنچى رەكەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئىككىنچى رەكەتكە تۇرغانلىقمۇ كۆزدە تۇتۇلىشى مۇمكىن. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) بۇ رىۋايەتنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

**رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرى بىلەن تىزلىرىنى خۇددى چىڭ قاماللاپ تۇتۇپ تۇرغاندەك قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستۈگە قوياتتى» دەپ بايان قىلىندى.[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ تۇتاتتى» دەپ بايان قىلىندى.[2] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەرنىڭ نامىزىدا شۇنداق بولىدۇ.**

**ئەمما ئاياللار بولسا، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ ۋە قوللىرى بىلەن تىزلىرىنى قامالاپ تۇتماستىن، بەلكى باماقلىرىنىڭ ئارىسىنى چاپلاپ ۋە قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستۈگە يەڭگىل قويۇپ تۇرىدۇ. تىزلىرىنى ئازراق ئىگىپ تۇرىدۇ. قولىنىڭ بىلجۈكى گۆشلىرىنى ئېچىپ تۇرمايدۇ (يەنى قوللىرىنى بەك ئېچىپ تۇرمايدۇ). چۈنكى بۇنداق قىلىشلار ئايالنىڭ بەك ئېچىلىپ قالماسلىقىغا سەۋەپ بولىدۇ.[3]**

**12 ـ رۇكۇدا ئۈچ قېتىم <سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم> نى ۋە سەجدىدە ئۈچ قېتىم <سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا> نى دېيىش.**

**بۇ ھەقتە ئۇقبە ئىبنى ئامىر مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئېيتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن»[4] دېگەن ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئايەتتە بۇيرۇلغان ئىشنى رۇكۇلىرىڭلاردا قىلىڭلار. (يەنى رۇكۇلىرىڭلىدا <سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم>[5] دەڭلار)» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن»[6] دېگەن ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئايەتتە بۇيرۇلغان ئىشنى سەجدىللىرىڭلاردا قىلىڭلار. (يەنى سەجدىللىرىڭلاردا <سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا>[7] دەڭلار)» دېدى.[8]**

(1) بۇ رىۋايەتنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ رىۋايەتنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) «شرح المنيه»، **315** ـ بەت.

(4) سۈرە ۋاقىئە **74** ـ ئايەت.

(5) بۇنىڭ مەنىسى: مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمنى مۇشرىكلارنىڭ ئېيتىرالىرىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

(6) سۈرە ئەئلا **1** ـ ئايەت.

(7) بۇنىڭ مەنىسى: مەن ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

(8) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

بۇ تەسبىھلارنى ئۈچ قېتىمدىن كۆپ دېيىش ياخشىدۇر. لېكىن ئاخىرىسىنى (مەسىلەن: بەش ياكى يەتتىدەك) تاق ساندا توختىتىدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ نامازلارنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش ئۈچۈن جامائەتكە چىقىشتىن قېچىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىمامنىڭ تەسبىھنى بەك ئۇزۇن دېيىشى ياخشى ئەمەس.

13 ـ ئىمامنىڭ ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ رۇكۇدىن باشلىرىنى كۆتۈرگەن ۋاقتىدا: <سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە> دەپ بولۇپ كېيىن: <رەببەنا ۋە لەكەل ھەمدۇ> دېيىشى. ئەمما ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان كىشى: <سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە> نى دېمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئەگەر ئىمام: <سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە> نى دېسە، سىلەر: <ئەللاھۇممە رەببەنا لەكەل ھەمدۇ> دەڭلار. چۈنكى كىمنىڭ شۇنداق دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ شۇنداق دېيىشى بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ. »[1]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «<سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە>» دەپ بولۇپ: «<ئەللاھۇممە رەببەنا ۋە لەكەل ھەمدۇ>» دەيتتى.[2]

14 ـ سەجدە قىلىش ۋە سەجدىدىن باشنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىش ۋە سەجدىدە ئۈچ قېتىم <سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا[3] > نى دېيىش. بۇلارنى قىلىشنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

● ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا[4] <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتاتتى. رۇكۇغا بارغاندا تەكبىر ئېيتاتتى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە <سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە> دەيتتى. ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ <رەببەنا لەكەل ھەمدۇ> دەيتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە <رەببەنا ۋە لەكەل ھەمدۇ> دەيتتى، دەپ بايان قىلىندى. سەجدىگە بارغاندا تەكبىر ئېيتاتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن يەنە

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇنىڭ مەنىسى: مەن ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

(4) بۇنىڭدىن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغانلىقمۇ كۆزدە تۇتۇلىشى مۇمكىن ۋە بىرىنچى رەكەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئىككىنچى رەكەتكە تۇرغانلىقمۇ كۆزدە تۇتۇلىشى مۇمكىن. ت.

سەجدىگە بارغاندا تەكبىر ئېيتاتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە نامازلىرىدا تاكى نامازنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر (مۇشۇ يەرلەردە) تەكبىر ئېيتاتتى. (ئۈچ ۋە تۆت رەكەتلىك نامازدا) بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ بولۇپ (ئۈچۈنچى رەكەتكە) تۇرغاندا تەكبىر ئېيتاتتى.[1]

● - مۇتىرىف ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېدى: «مەن ۋە ئىمران ئىبنى ھۆسەين ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇدۇق. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەجدىگە بارسا، تەكبىر ئېيتاتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرسە، تەكبىر ئېيتاتتى. (ئۈچ ۋە تۆت رەكەتلىك نامازدا) بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ بولۇپ (ئۈچۈنچى رەكەتكە) تۇرغاندا تەكبىر ئېيتاتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندا ئىمران ئىبنى ھۆسەين قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ ناماز ماڭا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى ئەسلەتتى، دېدى.»[2]

**15** - سەجدە قىلىش ئۈچۈن يەرگە دەسلەپتە ئىككى تىزنى، ئاندىن قوللىرىنى، ئاندىن ئالقانلىرى ئارىسىغا يۈزنى قويۇش. بۇ ھەقتە ۋائىل ئىبنى ھۇجرى مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدە قىلغاندا تىزلىرىنى قوللىرىدىن بۇرۇن (يەرگە) قويغانلىقىنى ۋە (سەجدە قىلىپ بولۇپ ئۆرە تۇرماقچى بولغاندا) قوللىرىنى تىزلىرىدىن بۇرۇن كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم.»[3]

ئىلقەمە ۋە ئەسۋەد قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: «بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇغانلىقىنى ئۆبدان بىلىمىز. ئۇ، رۇكۇدىن كېيىن خۇددى تۆگە چۆككەندەك تىزىچە چۆكتى ۋە (يەرگە) تىزلىرىنى قوللىرىدىن بۇرۇن قويدى.»[4]

ئەمما يۈزنى ئىككى ئالقاننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، ۋائىلنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدۇر:

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، ھاكىم، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي بۇ ھەدىس ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن، غەرىب ھەدىستۇر، دېدى. كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئەمەل بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ.

(4) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

ۋائىل ئىبنى ھۇجرى مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغاندا، سەجدىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىلاتتى.»[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوياتتى» دەپ بايان قىلىندى.[2]

(ئىككى ئالقىنىنى يۈزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئەمەس) ئىككى دولىنىڭ ئۇدۇلىدا قويۇشمۇ توغرىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇمەيد ئەسسائىدىي مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەجدە قىلغاندا) قوللىرىنى بىقىنلىرىدىن يىراق تۇتاتتى ۋە ئىككى ئالقىنىنى ئىككى دولىسىنىڭ ئۇدۇلىدا قوياتتى.»[3]

بۇ ئىككى ئىشنىڭ (يەنى ئىككى ئالقانىنى يۈزىنىڭ ئۇدۇلىدا قويۇش بىلەن ئىككى دولىنىڭ ئۇدۇلىدا قويۇشنىڭ) ناماز ئوقۇغۇچىغا قايسىسى ئاسان كەلسە، شۇنى قىلسا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ئۆز - ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ.[4]

**16** - ئەركىشى سەجدە قىلغاندا قورسىقىنى يۇتىسىدىن، ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرنى قىستىمىغان ھالدا ئىككى جەينىكىنى ئىككى بىقىنىدىن ۋە بىلىكىنى يەردىن يىراق تۇتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغاندا ھەتتا قولتۇقلىرىنىڭ ئاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغىدەك دەرىجىدە قوللىرىنى ئېچىپ تۇتاتتى.»[5]

بەرائە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: سەجدىگە بارساڭ، ئىككى ئالقىنىڭنى (يەرگە) قويغىن ۋە ئىككى جەينىكىڭنى (يەردىن) كۆتۈرگىن، دېگەن.»[6]

مەيمەنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغاندا، ئەگەر ئوغلاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولتىقىنىڭ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ رىۋايەتنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) «شرح المنيه»، **321** - بەت.

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(6) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاستىدىن ئۆتتۈي دېسە، ئەلۋەتتە ئۆتەلەيتتى.»[1]

مەيمەنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغاندا، (قورسىقىنى يوتىسىدىن) يىراق تۇتاتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۇنىڭ قولتۇقلىرىنىڭ ئاقلىرى كۆرۈنەتتى.»[2]

ئەمما ئاياللار سەجدىدە يىغىنچاق تۇرىدۇ، قورسىقىنى ئىككى يوتىسىغا ۋە ئىككى بىلجەك گۆشلىرىنى (يەنى قولنىڭ جەينىكىدىن دولىغىچە بولغان ئارىلىقنى) ئىككى بىقىنىغا چاپلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئايال كىشى داۋاملىق پىنھانلىق ھالىتىدە تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى قايسى ھالەتتە يېپىلىپ تۇرسا، شۇ ھالەتتە تۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە يەزىد ئىبنى ئەبۇھەبىب مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىككى ئايالنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ ئىككىسىگە: «ئەگەر سەجدىگە بارساڭلار، بەزى گۆشلىرىڭلارنى (يەنى قوللىرىڭلارنى) يەرگە چاپلاپ تۇرۇڭلار. چۈنكى ئايال كىشى بۇ ھەقتە ئەر كىشىگە ئوخشمايدۇ» دېگەن.[3]

17 - سەجدە ئارىلىقىدا پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش. بۇ، پۇتلارنىڭ تاپىنىنىڭ ئۈچى تەرىپىنى يەرگە قويۇش بىلەن بولىدۇ. ھەمدە سەجدىدىن قوپقاندىمۇ تايىنىش پوتلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سۈپەتلەپ كەلگەن، ئەبۇھۇمەيد ئەسسائىدىي رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلماقچى بولسا، قوللىرىنى بەكمۇ ئېچىۋالماي ۋە بەكمۇ يۇمۇۋالماي (يەرگە) قوياتتى ۋە پوتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتاتتى.»[4]

18 - ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرغاندا، قوللارنى خۇددى ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇۋاتقاندا قويغاندەك يوتىنىڭ ئۈستىدە قويۇش. قوللارنى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

يۈتىنىڭ ئۈستىدە قويغاندا، قوللارنى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچى تىزىغا يېقىن كېلىدىغان بىر يەردە قويۇش.

19 ـ ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرغاندا، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم بولىشىنى تىلەيدىغان دۇئانى ئوقۇش (يەنى ھازىر ھەدىستە بايان قىلىنىدىغان دۇئانى ئوقۇش). بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا: «ئەللاھۇممەغفىرلى ۋەرھەمنى ۋە ئافىنى ۋەھدىنى ۋە رزۇقنى[1]» دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى.»[2]

بىر ئادەم بىرىنچى سەجدىدىن بېشىنى ئازراق كۆتۈرۈپ قويۇپلا ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئولتۇرۇشنى ئولتۇرمايلا ئىككىنچى سەجدىگە بارغان بولسا، ئۇ ئادەم ئىككىنچى سەجدىنى قىلغان ھېساپلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بىرىنچى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە (ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئولتۇرۇشنى ئولتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن) بېشىنى ئولتۇرۇشقا يېقىن بىر ھالەتكە كەلگىچە كۆتۈرگەن، ئاندىن سەجدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان سەجدىسى ئادا بولغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم، ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاجىپ بولغان ئازراق ئولتۇرۇشنى ئولتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ھارامغا يېقىن مەكرۇھ ئىشنى قىلغان ھېساپلىنىدۇ.

20 ـ ئىككىنچى سەجدىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۇتلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئىككىنچى رەكەتكە قوپۇش. ئۆزرى بولمىسىلا قوپۇشتا يەرگە قوللىرى بىلەن تايانماستىن تىزلىرىغا تايىنىپلا قوپىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا (سەجدە قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا)، پۇتىنىڭ ئۇچلىرىغا تايىنىپ قوپاتتى.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدىن تۇرغاندا شۇنداق تۇرىدىغانلىقى ئۆمەر، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى زۇبەير قاتارلىقلاردىن ۋە ئۇلاردىن باشقا ساھابىلەردىنمۇ (الله تائالا ئۇلاردىن رازى

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله ! گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھمى قىلغىن، ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلغىن، مېنى توغرا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزق بەرگىن.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزيى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزيى ئاجىز يول بىلەن رىۋايەت قىلدى. لېكىن، ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئەمەل بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ.

بولسۇن) رىۋايەت قىلىنغان.[1]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەركىشىنى نامازدا (سەجدە قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا) قوللىرىغا تايىنىپ قوپۇشتىن چەكلىگەن.»[2]

21 - تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا (يەنى ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا) ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قاراتقان ھالەتتە تىكلەيدۇ ۋە سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ۋائىل ئىبنى ھۇجرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا، سول پۇتىنى ياتقۇزدى. سول قولىنى سول يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە ئوڭ پوتىنى تىكلىدى.[3]

ۋائىل ئىبنى ھۇجرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا، سول پۇتىنى يەرگە ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.»[4]

رۇپائە ئىبنى راپىئ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېزىلىق بىر ئەرەپكە: «ئەگەر سەن سەجدىگە بارساڭ، سەجدەڭنى كامىل قىلغىن. ئەگەر (تەشەھھۇددا) ئولتۇرساڭ، سول پۇتىڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىن»[5] دېگەن.

ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى مۇنداق دېدى: «مەن دادام ئىبنى ئۆمەرنىڭ نامازدا (تەشەھھۇددا) ئولتۇرغاندا بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇ چاغدا تېخى ياش ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ (تەشەھھۇددا) شۇنداق ئولتۇردۇم. ئاندىن دادام ئىبنى ئۆمەر مېنى ئۇنداق ئولتۇرۇشتىن توستى ۋە: نامازدا ئوڭ پۇتۇڭنى تىكلەپ ۋە سول پۇتۇڭنى ياتقۇزۇپ (ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش) سۈننەتتۇر، دېدى. مەن: سەن (ئۇنداق ئولتۇرماي) بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇردىكەنسەن، دېدىم. ئۇ: (مەن ئۇنداق ئولتۇراي دېسەم) پۇتلىرىم مېنى

(1) «إعلاء السنن»، 3 - توم، 38 - بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى. كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئەمەل بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ.

(4) بۇ ھەدىسنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەبۇشەيبە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

كۆتۈرەلمەيدۇ، دېدى.»[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە: «نامازدا ئوڭ پۇتنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قاراتقان ھالدا تىكلەپ تۇتۇش ۋە سول پۇتنى (ياتقۇزۇپ) ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش سۈننەتتۇر» دەپ بايان قىلىندى.[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر ئىككى رەكەت ئارىسىدا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇيتتى. (تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا) سول پۇتنى ياتقۇزۇپ ئوڭ پۇتنى تىكلەپ ئولتۇراتتى ۋە ئىت ئولتۇرىشىدا ئولتۇرۇشتىن توساتتى.»[3]

ئەمما ئەبۇھۇمەيد ئەسسائىدىيدىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (تۆت ياكى ئۈچ رەكەتلىك نامازنىڭ) ئىككىنچى ئولتۇرۇشىدا (سول پۇتنىڭ ئۈستىدە ئەمەس) سول ساغرىسىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرۇپ سول پۇتنى ئوڭ تەرەپكە چىقىرىپ ئولتۇراتتى، دەپ بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسكە، بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مەسىلە بار ھەدىس، دەپ جاۋاپ بېرىلگەن.[4]

ئەگەر بۇ ھەدىسنى توغرا ھەدىس، دەپ پەرەز قىلساق، بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بىر ئۆزرىلىك ھالىتىنىڭ بارلىقىدىن شۇنداق ئولتۇرغانلىقىغا قارىتىلىدۇ. (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن شۇنداق ئولتۇرغاندۇر.)

ئەمما ئايال كىشى ئوڭ پۇتىسىنى سول پۇتىسىغا يۆلەپ ۋە پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپتىكى ساغرىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ ساغرىلىرىنى (يەرگە قويۇپ) ئولتۇرىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئولتۇرۇش ئۇنىڭ بەك ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.[5]

22 - ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ <ئەشھەدۇ ئەللا> دېگەن يەرگە كەلگەندە،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ رىۋايەتنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) «إعلاء السنن»، 3 - توم، 74 — 79 - بەتكىچە.

(5) «الهدية العلائية».

كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىش. ئىشارەت بۇ شەكىلدە بولىدۇ: دەسلەپ بارماقلىرىنى ھالقا شەكىلدە قىلىدۇ. ئاندىن ئەتتەھىيياتۇنىڭ <ئەشھەدۇ ئەللا> دېگەن يېرىگە كەلگەن ۋاقتىدا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرىدۇ ۋە <ئىللەللاھ> دېگەن يېرىگە كەلگەندە بارمىقىنى (يۇتىسىنىڭ ئۈستۈگە تەكرار) قويىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا سول قولىنى سول تىزىنىڭ ئۈستىدە، ئوڭ قولىنى ئوڭ تىزىنىڭ ئۈستىدە قوياتتى ۋە (بارماقلىرىنى ئەرەبچە) ئەللىك ئۈچ شەكلىدە ھالقا قىلىپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى.»[1]

بارماقلار تەشەھھۇدنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى ئايىغىغا قەدەر ئەمەس پەقەت ئىشارەت قىلماقچى بولغاندىلا ھالقا قىلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، يەنە بىر رىۋايەتتە كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا ئوڭ ئالقىنىنى ئوڭ يۇتىسىنىڭ ئۈستىدە قوياتتى، دېگەن باياندۇر.»[2]

قولنى يۇتىنىڭ ئۈستىدە قويۇش بارماقلارنى ھالقا قىلىۋېلىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قولنى يۇتىنىڭ ئۈستۈگە قويۇشتىن مەقسەت قولنى (بارماقلارنى ھالقا قىلغان ھالەتتە ئەمەس) ئېچىپ تۇرغان ھالىتىدە قويۇش، ئاندىن ئىشارەت قىلماقچى بولغاندا بارماقلارنى ھالقا ھالىتىدە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[3]

بارماقلارنى ھالقا شەكىلدە قىلىش ئوتتۇرا بارماق، نامسىز بارماق ۋە چىمچىلاق بارماق قاتارلىق بارماقلارنىڭ ئۇچچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىش ۋە چوڭ بارمىقىنىڭ ئۇچچىنى ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئوتتۇرىدىكى بۇغىمىغا قويۇش بىلەن بولىدۇ.

كۆرسەتكۈچ بارمىقىدىن باشقا بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىنمايدۇ. ھەتتا ئۇ بارماق كېسىۋېتىلگەن ياكى كېسەل بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىدا ئوڭ ياكى سول قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئوڭ قولدىكى كۆرسەتكۈچ بارماققا قوشۇپ سول قولدىكى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەننمۇ ئىشارەت قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ رىۋايەتنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) «شرح المنيه»، 328 ـ بەت.

دېدى: « بىر ئادەم دۇئا قىلىپ ( ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھ ئىللەللاھ! > دېگەندە ئىككى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: « ( ئىشارەتنى ) بىر بىلەن قىلغىن، بىر بىلەن قىلغىن »[1] دېگەن.

23 ـ پەرز نامازلارنىڭ ئۈچۈنچى ۋە تۆتىنچى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش. بۇ ھەقتە ئەبۇقەتادە مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكئەتىدە سۈرە فاتىھەنى ۋە ئىككى سۈرىنى ئوقۇيتتى. ئاخىرقى ئىككى رەكئەتىدە پەقەت سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇيتتى. بەزىدە ئايەتلەرنى بىزگە ئاڭلىتىپ ئوقۇيتتى. ئىككىنچى رەكئەتكە قارىغاندا بىرىنچى رەكئەتنى ئۇزۇن قىلاتتى. ئەسىر نامىزى ۋە بامدات نامىزىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى. »[2]

پەرز نامازلارنىڭ ئۈچۈنچى ۋە تۆتىنچى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەگە باشقا ئايەت قوشۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۈرە ياكى ئايەت قوشۇپ ئوقۇلسا، مەكرۇھ بولىدۇ. لېكىن سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ رەكئەتلەردە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماي باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش سۈننەتتۇر.[3]

24 ـ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن دۇرۇتلارنى ئوقۇش. دۇرۇت بۇنداق ئوقۇلىدۇ: <ئەللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن، كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد>[4]

<ئەللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن، كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد.>[5]

25 ـ بۇ دۇرۇتلارنىڭ كەينىدىن ( مەسىلەن: <رەببەنا ئاتىنا> دېگەن

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) « شرح المنيه »، 331 ـ بەت.

(4) دۇرۇتنىڭ مەنىسى: ئى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيلەشكە لايىقتۇردۇرسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇردۇرسەن.

(5) مەنىسى: ئى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيلەشكە لايىقتۇردۇرسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇردۇرسەن.

دۇئاغا ئوخشاش) دۇئالارنى ئوقۇش. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ناماز ئوقۇغان كىشى نامازدا دەسلەپ ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۆزىگە دۇئا قىلىدۇ.»[1]

نامازدا (ئۆيۈمنى تازىلاپ بەرگىن ۋە تامىقىمنى ئېتىپ بەرگىن دېگەنگە ئوخشاش) ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشىشىپ قالىدىغان سۆزلەر (يەنى ئادەتتە ئىنساندىن تىلىنىدىغان تىلەكلەر) بىلەن دۇئا قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن بۇ نامازلاردا ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر سۆزنى قىلىش توغرا بولمايدۇ . . .»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا <ئى اللە! ھەقىقەتەن مەن ساڭا سېغىنىپ قەبرى ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، تىرىكلىكنىڭ پىتنىسىدىن، ئۆلۈمنىڭ پىتنىسىدىن، گۇناھلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن پاناھ تىلەيمەن> دەپ دۇئا قىلاتتى.»[3]

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ماڭا نامىزىمدا دۇئا قىلىدىغان بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويغىن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سەن <ئى اللە! ھەقىقەتەن مەن ئۆزەمگە كۆپ ئۇۋال قىلدىم. گۇناھلارنى پەقەت سەنلا كەچۈرىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەڭ تەرىپىدىن بولغان بىر كەچۈرۈش بىلەن گۇناھىمنى كەچۈرگىن. ماڭا رەھىم قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن گۇناھلارنى كەچۈرگۈچىدۇرسەن ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇرسەن> دېگىن»[4] دېدى.

**26** ـ يۈزىنى (نامازنىڭ ئاخىرىدىكى) بىرىنچى سالامدا ئوڭ تەرەپكە ۋە ئىككىنچى سالامدا سول تەرەپكە قارىتىش. بۇ ھەقتە ئامىر ئىبنى سەئد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە سالام بەرگەنلىكىنى (سالام بېرىش ئۈچۈن يۈزىنى ئىككى تەرەپكە قاراتقاندا يۈزىنى) ھەتتا ئۇنىڭ مەڭزىنىڭ ئاقلىرىغىچە كۆرەتتىم.»[1]

ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتىلەرگە ۋە بىللە ناماز ئوقۇغان مۆمىنلەرگە سالام بېرىشنى نىيەت قىلىدۇ. سول تەرەپكە سالام بەرگەندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

# نامازدىكى ئەدەبلەر

ئەدەب بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق ئەمەس بەزى بىر ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئىشلاردۇر. سۈننەتكە ئوخشاش بۇنى قىلمىغان ئادەممۇ گۇناھكار بولمايدۇ ۋە تەنقىدلەنمەيدۇ، لېكىن قىلىش ياخشىدۇر.[2]

نامازدىكى ئەدەبلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ نامازدىكى ئادەم كەبىنى كۆرۈپ تۇرغان ھالەتتە ناماز ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، نامازدا كۆزىنى سەجدە قىلىدىغان يەرگە قارىتىپ تۇرۇش. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ نامازدا اللە تائالادىن قورققان ھالەتتە تۇرۇشنى ئاشۇرىدۇ.

2 ـ كۆپ قىلىپ نامازنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئامال بار گال قىرماسلىق. چۈنكى گال قېرىش ئۆزرىسىز ئىككى ئۈچ قېتىم يۈز بېرىپ قالسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما (ئاۋازى ئېتىلىپ قالغان بولسا)، ئاۋازىنى ئېچىش ياكى ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكىنى نامازنىڭ سىرتىدىكىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن گال قىرىش ئۆزرە يۈزىدىن گال قىرىشقا كېرىدۇ.

3 ـ كېكىرمەسلىك. چۈنكى كېكىرىش نامازدىنىڭ تېشىدىمۇ مەكرۇھ (يەنى يامان كۆرۈلىدىغان ئىش) بولغاچقا، نامازدا تۇرۇپ كېكىرىش ئەلۋەتتە مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كېكىرگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قېشىمىزدا كېكىرىشىڭدىن ساقلان. چۈنكى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 321 ـ بەت.

دۇنيادا ئەڭ توق يۈرگەن ئادەملەر قىيامەت كۈنى ئەڭ ئۇزۇن ئاچ قالىدىغان ئادەملەردۇر»[1] دېدى.

4 ـ نامازدا ئەسنەك كەلگەندە، ئامال بار ئېغىزنى يۇمۇۋېلىش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار نامازدا ئەسنىگەن ۋاقتىدا، ئامال بار ئېغىزنى يۇمۇۋالسۇن. چۈنكى شەيتان (ئۇنىڭ ئېغىزىغا) كىرىدۇ.»[2]

ئەگەر ئېغىزنى يۇمۇۋالالمىسا، ئېغىزنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېتىۋالىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار ئەسنىگەن ۋاقتىدا قولىنى ئېغىزىغا قويسۇن. چۈنكى شەيتان (ئۇنىڭ ئېغىزىغا) كىرىدۇ.»[3]

## نامازدىكى مەكرۇھلار

نامازدىكى مەكرۇھلار بولسا، نامازنىڭ ئىچىدە تۈرۈپ قىلىش مەكرۇھ (يەنى يامان) بولىدىغان ئىشلاردۇر. مەكرۇھ، ھالالغا يېقىن مەكرۇھ ۋە ھارامغا يېقىن مەكرۇھ، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

چەكلىمىدىكى ھارامغا يېقىن مەكرۇھلار بولسا، بۇيرۇقلاردىكى ۋاجىپقا ئۇدۇل كېلىدۇ (يەنى چەكلىمىدىكى ھارامغا يېقىن مەكرۇھ ئىشلارنىڭ دەرىجىسى بۇيرۇقلاردىكى قىلىش ۋاجىپ بولغان ئىشلارنىڭ دەرىجىسى بىلەن باراۋەردۇر). ئەمما چەكلىمىدىكى ھالالغا يېقىن مەكرۇھ بولسا، بۇيرۇقلاردىكى تەكىتلەنگەن سۈننەت ۋە ياخشى سۈننەتكە ئۇدۇل كېلىدۇ (يەنى ھالالغا يېقىن مەكرۇھ ئىشلارنىڭ دەرىجىسى قىلىش تەكىتلەنگەن سۈننەت ياكى ياخشى سۈننەت بولغان ئىشلارنىڭ دەرىجىسى بىلەن باراۋەردۇر). شۇنىڭ ئۈچۈن ھالالغا يېقىن مەكرۇھنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەستۇر.

ھارامغا يېقىن مەكرۇھ، نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرەرسىنى قەستەن قىلماسلىق بىلەن، ياكى سابىت بولۇش يولى ياكى مەنانى ئىپادىلىشى شەكلىك

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولغان بىرەر چەكلىمىگە،[1] (ئەگەر ئۇ چەكلىمىنى ھارامنى ئىپادىلەپ بېرىشتىن باشقا بىر مەنىگە قارىتىلغان بىرەر ئالامەت بولمىغان ۋاقىتتا) خىلاپلىق قىلىش بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

ھالالغا يېقىن مەكرۇھ بولسا، تەكىتلەنگەن بىرەر سۈننەتنى ياكى ياخشى بىرەر سۈننەتنى قىلماسلىق بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.[2]

نامازنىڭ مەكرۇھلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ (نامازدا تۇرۇپ) سەۋەبسىز كىيىمنى ياكى بەدەننىڭ بىرەر ئەزاسىنى ئويناش. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىنساننىڭ نامازدا الله تائالادىن قورقۇپ تۇرۇش ھالىتىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. بىر ئادەم تاشلىق يەردە ناماز ئوقۇغان، سەجدە قىلىدىغان يەردىكى تاشلارنى تۈزەشتۈرمىسە سەجدە قىلالمايدىغان ئىش بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشى ئۈچۈن تاشلارنى بىر قېتىملا تۈزۈۋېتىشكە روخسەت بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇئەيقىب مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە بېرىۋېتىپ (سەجدە قىلىدىغان يىرىدىكى) توپىنى تۈزەشتۈرگەن ئادەمگە: «ئەگەر سەن (توپىنى) تۈزەشتۈرمەكچى بولساڭ، بىر قېتىمدىلا قىلغىن»[3] دېگەن.

بەدەننىڭ بىرەر سەۋەبتىن قىچىشقان يېرىنى كۆپ ھەرىكەت قىلماستىن قاشلاش ياكى ئارامخۇدا تۇرغىلى قويمىغان تەرلەرنى كۆپ ھەرىكەت قىلماستىن سۈرتۈۋېتىش مەكرۇھ ئەمەس. لېكىن كىيىمى بىلەن يەلپۈنۈش مەكرۇھتۇر.

2 ـ نامازنى كۆتۈپ ئولتۇرۇۋاتقان ياكى نامازغا كېتىۋاتقان بولسىمۇ بارماقلاردىن قاس چىقىرىش ياكى گىرەلەشتۈرۈش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار كامىل تاھارەت ئېلىپ مەسچىتنى نىيەت قىلىپ ماڭغان بولسا، بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرمىسۇن. چۈنكى ئۇ ئادەم، نامازنىڭ ئىچىدە ھېساپلىنىدۇ.»[4]

---

(1) ئىسلام دىنىدا بىرەر ئىشنى قىلىشتىن توسۇپ كەلگەن چەكلىمىلەر، بەزىدە سابىت بولۇشى ئېنىق ۋە شۇ ئىشنى قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئېنىق ھالەتتە بولىدۇ، بۇ چەكلىمە ھارامنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنى بۇنىڭغا ئوخشاش چەكلىمە كەلگەن بىر ئىشنى قىلىش ھارام بولىدۇ. بەزىدە سابىت بولۇشى شەكلىك ۋە شۇ ئىشنى قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكى شەكلىك ھالەتتە بولىدۇ. بۇ چەكلىمە ھارامغا يېقىن مەكرۇھنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنى بۇنىڭغا ئوخشاش چەكلىمە كەلگەن بىر ئىشنى قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھ بولىدۇ. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 429 ـ بەت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

3 ـ قولنى بېقىنىغا تىرەپ تۇرۇش. بوينىنى ئېگىپ قاراش. تەشەھھۇددا ياكى ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا ئىت ئولتۇرىشىدا ئولتۇرۇش ۋە سەجدە قىلغاندا بىلەكلىرىنى يەرگە چاپلاش. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەندۇر. بىز تۆۋەندە بۇ ئىشلارنى چەكلەپ كەلگەن ھەدىسلەرنى كەلتۈرىمىز:

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ناماز ئوقۇغان) ئادەمنىڭ قولىنى بېقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشىدىن توسقان» دېدى.(1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىر بەندە نامىزىدا (ئۇياق ـ بۇياققا) قارىمىغانلا بولسا، الله تائالا ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ بەندە (نامازدا تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ) يۈزىنى الله تائالادىن باشقا ياققا بۇرايدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ناماز ئوقۇۋاتقاندا (ئۇياق ـ بۇياققا) قارىماڭلار.»(2)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر سەجدىدە تۈز تۇرۇڭلار. بىرىڭلار (سەجدىدە) بىلەكلىرىنى (يەرگە) ئىتتەك چاپلىۋالمىسۇن.»(3)

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «دوستۇم (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) ماڭا ئۈچ ئىشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە مېنى ئۈچ ئىشتىن توستى. مېنى (نامازدا) خورازنىڭ چوقۇشىدەك چوقۇشتىن (يەنى نامازدا سەجدىنى خۇددى خوراز چوقۇغاندەك قىلىشىمدىن)، ئىت ئولتۇرشىدەك ئولتۇرۇشتىن ۋە تۈلكىنىڭ قارىغىنىدەك (ئۇياق ـ بۇياققا) قاراشتىن توستى».(4) نامازدا ئۆزرىسىز بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندا نامازدىكى سۈننەت قىلىنغان ئولتۇرۇش شەكلى تاشلىنىپ قالىدۇ.

4 ـ توپا بولۇپ قالمىسۇن، دەپ يەڭلەرنى تۈرۈش ۋە كىيىملىرىنىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرۈش. بۇنداق قىلىش تەكەببۇرلۇق قىلغانلىق ھېساپلىنىدۇ.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇيەئلا ۋە تەبرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھەم نامازدا اللە تائالادىن قورقۇپ تۇرۇش ھالىتىگە زىتتۇر.[1]كىيىم ـ كېچەكنى تۈرمەسلىك ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « مەن يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا ۋە كىيىم ـ كېچەكنى تۈرمەسلىككە ۋە چاچنى (بىر يەرگە) توپلىۋالماسلىققا بۇيرۇلدۇم.[2] »[3]

5 ـ باشقا كىيىملىرى بار ۋە ئۇلارنى كىيىشكە ھېچقانداق تۇسالغۇ يوق تۇرۇپ پەقەت (تىزىغا كەلگۈدەك) كۆسار بىلەن ناماز ئوقۇش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « بىرىڭلار ئۈستى تەرەپتە ھېچقانداق كىيىم يوق ھالدا، پەقەت (ئاستى تەرەپتىكى) بىرلا كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇمىسۇن. »[4]

6 ـ كىيىم ـ كېچەكنى تۈزۈتۈپ كېيىمەستىن ئۆز پېتى ئۈستۈگە تاشلاپ قويۇش ۋە بېشىغا كەيگەن نەرسە بىلەن ھەتتا ئېغىزنى ئېتىۋالغۇچە (يۈزنى) يۆگەش.[5] بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرغاندا (كىيىم ـ كېچەكنى تۈزۈتۈپ كېيىمەستىن ئۆز پېتى) ئۈستۈگە تاشلاپ قويۇشتىن ۋە ئەركىشىنىڭ ئېغىزىغا قەدەر يۆگۈنىشىدىن توستى. »[6]

كىيىم ـ كېچەكنى تۈزۈتۈپ كېيىمەستىن ئۈستۈگە ئۆز پېتى تاشلاپ قويغان ئادەم تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان كىشىلەرگە ئوخشىشىپ قالىدۇ.

7 ـ (سالام قىلغان ئادەمگە نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ) قولى ياكى بېشى بىلەن سالام قايتۇرۇش. چۈنكى سالام قايتۇرۇش نامازغا تەۋە ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەستۇر.

8 ـ بېشىنى ياغلىق بىلەن تېڭىۋېلىش ياكى بېشىنىڭ ئوتتۇرسىنى ئوچۇق تاشلاپ قويۇپ ئەتراپىغا سەللە ئورۇۋېلىش.

(1) « الهدية العلائية ».

(2) نامازدا بولسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن كىيىم ـ كېچەكنى تۈرۈش چەكلەنگەندۇر. بەزى ئالىملار كىيىم ـ كېچەكنى تۈرۈپ قويۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھ دېسە، بەزىلىرى ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىمدۇر، دەيدۇ. شۇنىڭدەك چېچى ئۇزۇن ئادەممۇ نامازغا كىرگەندە چېچىنى بېشىنىڭ بىر يېرىگە يىغىپ بۇغۇپ قويۇپ ناماز ئوقۇش چەكلەنگەندۇر. ت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) نامازدىكى كىشىنىڭ ئەرەپلەرگە ئوخشاش سەللىنىڭ ئۇچى ياكى ياغلىق بىلەن ئېغىزىغىچە يۈزنى ئېتىۋېلىشى مەكرۇھتۇر. ت.

(6) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

9 ـ سەجدە قىلىدىغان يەرگە ئەتىر چېچىپ قويغانغا ئوخشاش ياكى پۇراش ئۈچۈن سەجدىدە بۇرنىنى قويىدىغان يەرگە خوش ـ بۇي پۇرايدىغان بىرەر نەرسە قويۇپ قويغانغا ئوخشاش ئىشلار ئارقىلىق قەستەن ئەتىر ياكى خۇش ـ بۇيلۇق بىر نەرسە پۇراش.[1]

10 ـ كۆزنى يۇمۇشقا ھېچبىر سەۋەب يوق تۇرۇپ كۆزنى يۇمۇش. ئەگەر كۆزنى يۇمۇش (نامازدا الله تائالادىن) قورقۇپ تۇرۇش ھالەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كۆزنى ئاسمانغا قارىتىش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازدا تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىۋالغان كىشىلەرگە نېمە بولدى؟» دېدى. ئاندىن بۇ ھەقتىكى سۆزى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ: «ئۇلار ئاسمانغا قاراشتىن توختايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قويۇلۇپ كېتىدۇ»[2] دېگەن.

11 ـ سەجدىدە تۇرۇپ قول ۋە پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە قارىتىش. چۈنكى بۇنداق قىلىش سۈننەتكە زىتتۇر.

12 ـ قوللارنى رۇكۇ قىلغاندا تىزغا ۋە تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا يوتىغان قويماسلىق. چۈنكى بۇنداق قىلىش سۈننەتكە زىتتۇر.

13 ـ ئايەتلەرنى تەلەپكە لايىق ئوقۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ياكى دىققىتىنى نامازدىن بۇرايدىغان ۋە ئىرىمەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئېغىزىغا سېلىش.

14 ـ يەرنىڭ قاتتىقلىقىنى سىزىپ تۇرىدىغان ھالەتتە بولسىمۇ ھېچبىر ئۆزرىسىز سەللىنىڭ ياكى بېشىغا كەيگەن نەرسىنىڭ (پىشانىنى يۆگەپ تۇرىدىغان) يېرىگە سەجدە قىلىش. چۈنكى (سەللىنىڭ ياكى بېشىغا كەيگەن نەرسىنىڭ پىشانىنى يۆگەپ تۇرىدىغان يېرىگە) سەجدە قىلىش الله تائالانى ئۇلۇغلىمىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر (يەرنىڭ بەك ئىسسىق ياكى سوغۇق بولغانلىقىغا ئوخشاش) بىرەر ئۆزرى سەۋەبى بىلەن (سەللىنىڭ ياكى بېشىغا كەيگەن نەرسىنىڭ پىشانىنى يۆگەپ تۇرىدىغان يېرىگە سەجدە قىلىش) مەكرۇھ ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقاتتۇق. ھاۋا بەك

(1) «الهدية العلائية».

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىلىرىمىز كىيىمىنىڭ پېشىنى سەجدە قىلىدىغان يەرگە قوياتتى.»[1]

ھەسەن مۇنداق دېدى: «ساھابىلەر قوللىرى كىيىملىرىدە تۇرغان ھالەتتە سەجدە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر (بېشىغا كەيگەن) نەرسىللىرىگە سەجدە قىلاتتى.»[2]

**15** ـ يولدا، مال بوغۇزلايدىغان يەردە، ئەخلەتخانىدا، قەبرىستانلىقتا، مۇنچىخانىدا، چىلغىنىڭ ئىچىدە، ئۆزىگە بىرەر يامانلىق كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان تۆگىگە ۋە كالىغا ئوخشاش ماللارنى باغلىدىغان يەردە، ئىگىسىدىن ناھەق ئېلىۋېلىنغان يەردە، رازىلىقىنى ئالماستىن باشقا بىر سىنىڭ يېرىدە ۋە كەبىنىڭ ئۆگزىسىدە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلەتخانىدا، مال بوغۇزلايدىغان يەردە، قەبرىستانلىقتا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مۇنچىخانىدا، تۆگە باغلايدىغان يەردە ۋە كەبىنىڭ ئۆگزىسىدە ناماز ئوقۇشتىن توسقان.»[3]

مۇنچىخانىدا كىيىملەرنى سېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەردە، ئەگەر قەبرى بولمىسا قەبرىستانلىقنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان يېرىدە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. چۈنكى (قەبرىستانلىقنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان يېرىدە قەبرى بولمىغانلا بولسا، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشۇشۇپ قېلىش ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولىدۇ.[4]

**16** ـ ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۇزۇدىغان ۋە (نامازدا الله تائالادىن) قورقۇپ تۇرۇش ھالىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ھالەتلەردە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: تاماق تەييار بولۇپ قالغاندا (تاماقنى يېمەستىن) ياكى ئۇسسۇز تۇرۇپ (سۇ ئىچمەستىن)، ياكى چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىستاپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاماق تەييار بولۇپ قالغاندا ۋە چوڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.
(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئابدۇررازراق ۋە ئىبنى ئەبۇشەيبە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.
(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى. لېكىن، بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يولىدا ئاجىزلىق بار.
(4) <ھاشىيەتۇت تەھاۋىي>

ـ كىچىك تەرەت قىستاپ تۇرغاندا (ئوقۇغان ناماز) ناماز ئەمەس.»[1] يەنى ئۇ ناماز، كامىل ناماز ئەمەستۇر، دېمەكچىدۇر.

ئەگەر نامازنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ تەرىتى قىستاپ قالغان بولسا، (ئەگەر ئۇ چىقىپ تاھارەت ئېلىپ كىرگىچە) جامائەتنىڭ نامازنى ئوقۇپ بولىشىدىن ئەندىشە قىلغان تەقدىردىمۇ نامازنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، نامازنى بۇزۇپ چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى نامازنىڭ ۋاقتىنى چىقىرۋېتىش ھارامدۇر. (تەرىتى قىستاپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر). شۇنداق ئىكەن مەكرۇھ ئىشتىن قېچىپ ھارامغا چۈشۈپ قېلىشقا بولمايدۇ.[2]

ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۇزۇدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئوغۇرلىنىپ كېتىشتىن خاتىرجەم بولالمايدىغان يەردە ئايغىنى قويۇپ قويۇش. بۇ ھالەتتە ئايغىنى ئالدىدا قويۇپ ئولتۇرۇش ئەڭ ياخشىدۇر.

ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۇزۇدىغان ئىشلارنىڭ يەنە بىرى نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئايەتلەرنىڭ ۋە تەسبىھلەرنىڭ سانىنى دىلى بىلەن ئەمەس بارماقلىرى بىلەن ساناش.[3]

**17** ـ ئىمامنىڭ مېھرابنىڭ (بەك) ئىچىدە ياكى ھېچبىر سەۋەبسىز ئارقىسىدا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەر تۇرغان يەردىن ئېگىز بىر يەردە تۇرۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشۇشۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە بەززار مۇنداق دېدى: «ئىبنى مەسئۇد مېھرابتا ناماز ئوقۇشنى يامان كۆرەتتى ۋە: مېھراب چىركاۋغا خاس بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشۇشۇپ قالماڭلار، دەيتتى.»[4]

**18** ـ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ سەپنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى. ئەگەر ئالدىدىكى سەپتە سىغقۇدەك يەر تاپالمىغان بولسا، سەپنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. سەپنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) «الهدية العلائية».
(3) «الهدية العلائية».
(4) بۇ ئەسەرنى بەززار رىۋايەت قىلدى.

مۇنداق دېدى: «سەپنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ (نامىزى) ناماز بولمايدۇ.»[1] يەنى ئۇ، كامىل ناماز بولمايدۇ، دېمەكچىدۇر. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەۋۋەلقى سەپنى توشقۇزۇڭلار، ئاندىن كەيىندىكىنى توشقۇزۇڭلار. ئەگەر توشماي قالىدىغان ئىش بولسا، ئارقىدىكى سەپتىن قالسۇن.»[2]

ئارقا سەپتە ناماز ئوقۇغان ئادەم ئىككى تەرىپىدە ئادەم بولغان بولسىمۇ ئالدىنقى سەپتە ئادەم سىغقۇدەك يەر بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ يەنە ئارقا سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھتۇر.[3]

ئەگەر بىر ئادەم نامازغا بارغاندا ئىمام رۇكۇغا بېرىش ئالدىدا تۇرغان ۋە (سەپكە بېرىپ ئىقتىدا قىلسا، ئىمام رۇكۇغا بېرىپ بولىدىغان ئەھۋال) بولسا، بىر رەكەتكە ئۈلگىرەلىگەن بولۇشى ئۈچۈن تۇرغان يەردە تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى سەپكە بېرىپ ئىقتىدا قىلغاندىن ياخشىدۇر. ئۇ ئادەم بىر رەكەتكە ئۈلگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىقتىدا قىلغان يەردە يالغۇز تۇرماستىن، (ئەڭ ئاخىرقى سەپكە يېتىپ بېرىپ بولغىچە) ئۇ بىر رەكەت قازا بولۇپ كەتسىمۇ (نامازغا ئىقتىدا قىلىپ تۇرغان ھالەتتە) مېڭىپ ئەڭ ئاخىرقى سەپكە بارىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن (مەسچىتكە) يېتىپ بارغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدا ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن سەپكە يېتىپ بارمايلا (تۇرغان يېرىمدىلا ئىقتىدا قىلىپ) رۇكۇغا باردىم. كېيىن مەن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا (نامازغا بولغان) ھېرىسمەنلىكىڭنى ئاشۇرسۇن. سەن بۇ ئىشنى قايتا قىلمىغىن»[4] دېدى.

ئەگەر ئاخىرقى سەپ توشۇقلۇق، لېكىن ئالدىدىكى سەپتە ئادەم سىغقۇدەك بوش يەر بولسا، ئاخىرقى سەپتە تۇرغانلار ئۇ يەرنى بوش تاشلاپ قويۇپ كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار تۇرغان سەپنى بۆسۈپ ئالدىدىكى سەپتىكى بوش يەرگە ئۆتۈش توغرىدۇر.[5]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) «شرح المنيه»، **363** - بەت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) «الهدية العلائية»، **58** - بەت.

19 ـ يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر سۈرەتنىڭ ئىمامنىڭ ئۆزىدە بارلىقى سەۋەبى بىلەن ياكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىماملىقتا ئۇنىڭدىن لايىقراق بىر كىشىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن كىشىلەر ئىمام بولۇپ بېرىشنى يامان كۆرگەن بىر ئىمامنىڭ ئۇ كىشىلەرگە ئىمام بولۇشى مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ ئۇمامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قېچىپ كەتكەن قۇلنىڭ ھەتتا ئۇ قول قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، ئېرى غەزەبلەنگەن ھالدا ياتقان ئايالنىڭ ۋە كىشىلەر يامان كۆرگەن ئىمامنىڭ نامازلىرى قولاقلىرىدىن ئاشمايدۇ»[1]

ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئۇ ئىمامنى يامان كۆرۈشى ئۇ ئىمامدىكى يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر سۈرەتنىڭ سەۋەبى بىلەن بولماستىن بەلكى باشقا بىر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن بولسا، ئۇ ئىمامنىڭ ئىمام بولۇپ بېرىشى مەكرۇھ ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇنى يامان كۆرۈشى پەقەت ئۇلارنىڭ خاھىشلىرىغە قارىتا بولغاندۇر. بۇ، ئىمامدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كېلىپ چىققان بىر ناچارلىقتۇر.[2]

20 ـ ئىمامنىڭ ئايەتلەرنى ۋە نامازنىڭ تەسبىھلىرىنى سۈننەت قىلىنغان مىقداردىن ئاشۇرۇپ ئوقۇپ ئارقىسىدا ئىقتىدا قىلغانلارغا ئېغىرلىق سېلىپ قويۇشى مەكرۇھتۇر. شۇنىڭدەك يەنە رۇكۇ، سەجدىنىڭ تەسبىھلىرىنى ۋە ئەتتەھەييياتۇنى ئالدىراپ ئوقۇپ، ئوقۇش سۈننەت قىلىنغان مىقدارنى توشقۇزماسلىقمۇ مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىنغاندا بىر سۈننەت تاشلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسە، نامازنى يەڭگىل قىلسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېسەل، ئاجىز ۋە ياشانغان ئادەملەر بار. بىرىڭلار ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇسا، نامازنى خالىغانچە ئۇزۇن قىلسۇن.»[3]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى قىسقا، لېكىن كامىل ئوقۇيتتى» دېدى.[4]

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

(2) «شرح المنيه»، 364 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

21 ـ ئىمامنىڭ ئايەتلەرنى ئوقۇيالماي ئارقىسىدا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەرنى ئۆزىگە لوقما سېلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئىمام ئايەتلەردە ئېلىشىپ كېتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان ۋە ئېلىشىپ كېتىشتىن بۇرۇن ناماز ئادا بولغىدەك ئايەت ئوقۇپ بولغان بولسا، ئۇنىڭ رۇكۇغا بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ، تېخى ناماز ئادا بولغىدەك ئايەت ئوقۇپ بولمىغان بولسا، (ياخشى بىلىدىغان) باشقا ئايەتكە يۆتكىلىشى ۋە ئىقتىدا قىلغانلارنى ئۆزىگە لوقما سېلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ (ئايەتنى ئوقۇيالماي) تۇرۇپ قېلىشى ياكى ئايەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قايتا ـ قايتا تەكرارلاش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە لوقما سېلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويۇشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئىمام بۇ ھالدا نامازنى ئۇلارغا ئۇزارتقۇەتكەن ھېساپلىنىدۇ.

ھەتتا لوقما سېلىنماسلىقى ئۈچۈن ئىمامنىڭ قۇرئاندىن ياخشى ياد ئالمىغان تەس ئايەتلەرنى ئەمەس پىششىق ياد ئالغان ئاسان ئايەتلەرنى ئوقۇشى لازىم.

22 ـ بىر سۈرىدىن بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپ بولۇپ كېيىن باشقا سۈرىگە يۆتكىلىش ياكى قەستەن بىر ئايەتنى تاشلىۋېتىپ ئۇنىڭ كەينىدىكى ئايەتنى ئوقۇش ياكى بىر رەكەتتە بولسۇن، ياكى ئىككى رەكەتتە بولسۇن ئىككى سۈرىنىڭ ئارىلىقىدىكى قىسقا بىر سۈرىنى تاشلىۋېتىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىشلاردا قۇرئاننىڭ بەزىسىنى تاشلىۋېتىش ياكى بەزى قىسمىنى بەزى قىسمىدىن ئارتۇق كۆرۈشكە ئوخشاش بىر ھالەت شەكىللىنىپ قالغان بولىدۇ. ئەمما مەزكۇر ئىشلارنى بىرەر ئۆزرى سەۋەبى بىلەن قىلىش مەكرۇھ ئەمەستۇر.

ئېسىگە ئالالمىغان بىر ئايەتنى تاشلىۋېتىپ باشقا بىر ئايەتتە يۆتكەلگەن كېيىن ئۇ ئايەت ئېسىگە كەلگەن بولسا، تاشلىنىپ قالغان ئۇ ئايەتنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايەتكە قايتىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئايەت (باشقا ئايەتكە يۆتكىلىپ كەتكەندىن) كېيىنمۇ ئېسىگە كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.[1]

دىندىن ساۋادى يوق كىشىلەرنىڭ شۇ بىر سۈرىنىلا ئوقۇش لازىم ئوخشايدۇ،

(1) «شرح المنيه»، 363 ـ بەت.

دەپ گۇمان قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن نامازدا سۈرە فاتىھەدىن كېيىن قوشۇپ ئوقۇلىدىغان سۈرىنى، ھەتتا ئۇ سۈرىدىن باشقا ھېچبىر سۈرىنى ئوقۇمايدىغان دەرىجىدە مەلۇم بىر سۈرىگە تەيىن قىلىۋېلىپ دائىم دېگۈدەك شۇ سۈرىنىلا ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر سۈرىنى داۋاملىق نامازدا ئوقۇغان، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ سۈرىنى نامازدا داۋاملىق ئوقۇشى تەيىن قىلىۋالغانلىقتىن بولماستىن بەلكى) ئۇ سۈرە ئۇ ئادەمگە ئاسان كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئوقۇغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىدىن تەۋەررۇك ئىزلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە ئىنسانىنى ئوقۇغىنىدەك ھەر جۈمە كۈنى بامدات نامازدا سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە ئىنسانىنى ئوقۇغان بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ بەزىدە (جۈمە كۈنى بامدات نامازغا) ئۇ ئىككى سۈرىدىن باشقا سۈرىنى ئوقۇشى لازىم.(1)

ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز پەرز نامازنىڭ بىر رەكەتىدە ياكى ئىككى رەكەتىدە بىر سۈرىنى تەكرارلاش مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم بىر سۈرىدىن باشقا سۈرىنى ياد بىلمەيدىغان بولسا، ئۇنى تەكرارلاشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنتۇپ قېلىپ (ئىلگىرى ئوقۇغان بىر سۈرىنى) يەنە باشلاپ قالغان بولسا، ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ سۈرىنى ئوقۇشتىن توختاپ قالماي داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما نەپلە نامازلاردا بىر سۈرىنى تەكرارلاش مەكرۇھ ئەمەستۇر. چۈنكى نەپلە نامازلارنىڭ (رۇخسەتلىرى پەرز نامازنىڭكىدىن) كەڭدۇر.(2)

23 ـ پەرز نامازلاردا ئايەتلەرنى قۇرئاننىڭ تەرتىپىگە خىلاپ ھالەتتە ئوقۇش.(3) ئەگەر بىرىنچى رەكەتتە قۇرئاننى تۆگەنكەن بولسا، ئىككىنچى رەكەتتە سۈرە بەقەرەدىن باشلاپ قۇرئاننىڭ بېشىدىن باشلاپ ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر. قۇرئاننى تەرتىپىگە خىلاپ ھالەتتە ئوقۇشنىڭ مەكرۇھ بولىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، بارلىق ساھابىلەر بىرلىككە كەلگەن تەرتىپكە رىئايە قىلمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىبنى مەسئۇددىن قۇرئاننى تەرتىپىگە خىلاپ ھالەتتە ئوقۇغان بىر ئادەمنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئۇ: ئۇ ئادەم بولسا

(1) «الهدية العلائية».

(2) «الهدية العلائية».

(3) يەنى بېشىدىكى رەكەتكە قۇرئاننىڭ ئايىغىدىكى سۈرىنى ئايىغىدىكى رەكەتكە قۇرئاننىڭ بېشىدىكى سۈرىنى ئوقۇش. ت.

دىلى تەتۈر ئادەم ئىكەن، دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

بۇ، نورمال ھالەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۆزرىلىك ۋە ئۇنتۇپ قالغان ھالەتتە بولسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.[2]

14 ـ جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرى ياكى ھەيكەللىرى بار يەردە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: ئۇممۇ سەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ھەبەشىستاندا <مارىيە> ئىسىملىك بىر چىركاۋنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇ چىركاۋدا سۈرەتلەرنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار بولسا، ئىچىدىن ياخشى بىر ئادەم ئۆلۈپ قالسا ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر مەسچىت سالغان ۋە ئۇ مەسچىتكە ھېلىقى سۈرەتلەرنى سىزغان ئادەملەر، ئەنە شۇلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ يامان ئادەملەردۇر.» دېگەن.[3]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر خىرىستىيانغا: «بىز سىلەرنىڭ چىركاۋلىرىڭلارغا، ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەرنىڭ يۈزىسىدىن كىرمەيمىز» دېگەن.[4]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە خىرىستىيانلارنىڭ) ھەيكەل يوق ئىبادەتخانىلىرىگە كىرىپ ناماز ئوقۇيتتى.[5]

ئەگەر سۈرەت ياكى ھەيكەل ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولسا، بۇ ھالەتتە ناماز ئوقۇش ئەڭ ئېغىر مەكرۇھتۇر. ئەگەر سۈرەت ياكى ھەيكەل ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ياكى ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە، ياكى ئارقا تەرىپىدە بولسا، مەكرۇھلۇق يەڭگىل ھالەتتە بولىدۇ.

ئۆيلەرگە سۈرەتلەرنى ئېسىش مەكرۇھتۇر، لېكىن ئۇ سۈرەتلەر ئەگەر (ئۇلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىلىدىغانغا ياكى دەسسەپ تۇرۇلىدىغانغا ئوخشاش)

(1) بۇ ئەسەرنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(2) «الهدية العلائية».

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازراق رىۋايەت قىلدى. ۋە ئىمام بۇخارى بايان قىلدى.

(5) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى بايان قىلدى.

خار بىر شەكىلدە قويۇلغان بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ. مەسىلەن: يۆلۈنۈپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ياستۇقلاردا سۈرەتنىڭ بولۇشى ياكى يەرلەرگە سېلىنغان گىلەملەردە سۈرەتنىڭ بولۇشى مەكرۇھ ئەمەستۇر.

سۈرەتنىڭ بۇ شەكىلدە بولۇشىنىڭ مەكرۇھ ئەمەسلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەپەردىن قايتىپ كەلدى. مەن ئۆيىنىڭ قازنىقىنىڭ (ئىشكىگە) سۈرەت بار پەردە تۇتقان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپلا تارتىپ ئېلىۋېتىپ: «ئى ئائىشە! قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدىغان كىشى، اللہ نىڭ مەخلۇقاتىغا بىر نەرسىنى ئوخشاتقان (يەنى جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزغان) كىشىلەردۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ پەردىنى پارچىلاپ ئۇنىڭدىن بىر دانە ياكى ئىككى دانە ياستۇق، تىكتۇق.[1]

ئەگەر ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئالدىدا، ئىچىدە ئوت ياكى چوغ بار تونۇر ياكى ئۇچاق بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشلىرىغا ئوخشۇشۇپ قالىدۇ. ئەمما ئالدىدا شام ياكى چىراغ بار تۇرۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ھالەتتە ئاتەشپەرەسلەرگە ئوخشۇشۇپ قېلىش بولمايدۇ.[2] بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشمۇ مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنداق قىلىشتىن چەكلەيتتى.[3]

25 ـ ئالدىدىن ئادەم ئۆتۈش ئېھتىمالى بار يەردە مەيلى ئىمام بولسۇن مەيلى يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەم بولسۇن ئالدىغا (تاياقتەك) بىر نەرسە تىكلەپ قويماي تۇرۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار ناماز ئوقۇسا، (ئالدىغا) بىر نەرسە تاشلاپ قويۇپ ناماز ئوقۇسۇن ۋە ھېچكىمنى ئالدىدىن ئۆتكىلى قويمىسۇن.»[4] بۇ ھەدىستىن مەقسەت (ناماز ئوقۇغان ئادەمنى ئالدىغا) بىر نەرسە قويۇشقا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «الهدية العلائية».

(3) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازاق ۋە ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. بۇ ھەدىس ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى قويۇشنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۆلدە بىر قېتىم ئالدىغا ھېچنەرسە قويۇپ قويماي ناماز ئوقۇغان.[1]

ئالدىدا بىر نەرسە قويۇپ قويۇش، ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم سەجدە قىلغۇدەك يەر تاشلاپ قويۇپ ھاسا ياكى تاياققا ئوخشاش بىرەر نەرسىنى ئالدىغا تىكلەپ قويۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەگەر تىكلەپ قويغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىسا، ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئالدىغا تاشلاپ قويسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەيزىسىنى (ئالدىغا) تىكلەپ قويۇپ ناماز ئوقۇيتتى» دېدى.[2]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغىنى (ئالدىدا) توغرا توختۇتۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى مۇنداق دېدى: مەن ئىبنى ئۆمەرگە: ئەگەر ئۇلاغ جىم تۇرغىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلىدۇ؟ دېدىم. ئىبنى ئۆمەر: «ئۇلاغنىڭ توقۇمىنى ئېلىپ ئۇنى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ توقۇمنىڭ كەينىدىكى ياغىچىغا قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ» دېدى. ئىبنى ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلاتتى.[3]

ئالدىغا ھېچنەرسە تاشلاپ قويماي ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش مەكرۇھتۇر. نامازدىكى ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشنىڭ يامان ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەبۇجۇھەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى ئۆزىگە قانداق گۇناھنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىن 40 تۇرغىنى ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى.»[4] (رىۋايەت قىلغۇچى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 40 كۈن ياكى 40 ئاي ياكى 40 يىل دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلمىدىم، دېگەن.)

ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم تام ياكى تۈۋرۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ ناماز ئوقۇشى ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەنهۇ مۇنداق دېدى: «مۇئەززىن ئەزان ئوقۇسا، ساھابىلەر ئالدىرىشىپ تۈۋرۈكلەرنىڭ قېشىغا بېرىشاتتى. ئۇلار شۇ يەرلەردە تۇرۇپ تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىققانغا قەدەر شام نامىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى.»[1]

**26** ـ نامازدا بىر پۇتقا تايىنىپ تۇرۇپ ئوڭ ياكى سول تەرەپكە سىڭايان تۇرۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما تەراۋىھ نامازلىرىدا ئىككى پۇتنى يەرگە قويۇپ تۇرۇپ ئەمما بىرىگە بىر مۇددەت يەنە بىرىگە بىر مۇددەت تايىنىپ تۇرۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر.

نامازغا يۇگۇرۇپ كېلىش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر نامازغا تەكبىر ئېيتىلغانلىقنى ئاڭلىغان ۋاقتىتا، نامازغا ئالدىرىماي، تەمكىن ھالەتتە كېلىڭلار. يۇگۇرگەن ھالەتتە كەلمەڭلار. نەچچە رەكەت نامازغا ئۈلگۈرەلىسەڭلار، شۇنچە رەكەت ئوقۇڭلار. ئۈلگۈرەلمىگەن نامىزىڭلارنى تولۇقلىۋالساڭلار بولىدۇ.»[2]

## خۇلاسە

بىر ئادەم نامازنى باشلىماقچى بولغاندا، ئوقۇماقچى بولغان نامازنى دىلى بىلەن نىيەت قىلىپ تۇرۇپ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ قوللىرىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە كۆتۈرۈپ <اللە ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ.

ئەمما ئايال كىشى قوللىرىنى مۈرىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىدۇ.

ئەگەر نىيەتنى ئەرەبچە قىلالمايدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ تىلىدا قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما نامازدا ئايەتلەرنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن ئوقۇش توغرا ئەمەستۇر. ئەر كىشى نامازدا ئۆرە تۇرغاندا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كىندىكىنىڭ ئاستىدا تۇتىدۇ. ئەمما ئايال كىشى (ئوڭ) ئالقىنىنى (سول) ئالقىنىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كۆكسىنىڭ ئاستىدا تۇتىدۇ.

<اللە ئەكبەر!> دەپ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىپ بولغاندىن كېيىنلا <سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىلاھە غەيرۇكە> دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ. ئاندىن <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم[1]> نى ئۈنلۈك كەينىدىن <بىسمىللاھىرراھمانىر راھىم> نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۈنلۈك بىلەن بىللە ئەڭ ئاز قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇيدۇ.

ئاندىن <اللہ ئەكبەر!> دەپ رۇكۇغا بارىدۇ. (رۇكۇدا) قوللىرى بىلەن تىزىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قوللىرىغا تايىنىپ تۇرىدۇ. بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئازادە تۇتىدۇ. ئۈچچىنى يېيىپ تۇرىدۇ. بېشىنى ئىگىزگىمۇ كۆتۈرۈۋالمايدۇ. پەسكىمۇ ساڭگىلىتىۋالمايدۇ. بېشى بىلەن ساغرىسىنى تەكشى قىلىپ تۇرىدۇ ۋە رۇكۇدا <سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم> نى ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم دەيدۇ.

ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى: <سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە> دەپ كۆتۈرىدۇ ۋە : <رەببەنا ۋە لەكەل ھەمدۇ> دەيدۇ. ئاندىن (بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقدار بەلنى رۇسلاپ) رۇس تۇرىدۇ. ئاندىن <اللہ ئەكبەر!> دەپ سەجدىگە بارىدۇ. سەجدىگە بارغاندا يەرگە دەسلەپ ئىككى تىزىنى، ئاندىن ئىككى قولىنى، ئاندىن يۈزىنى قويىدۇ. سەجدىدە پېشانىسىنى ۋە بۇرنىنى يەرگە تەككۈزىدۇ ۋە <سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا> نى ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم دەيدۇ. سەجدە قىلغاندا ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرنى قىستىماستىن بىلەكلىرىنى (بېقىنىغا چاپلىۋالماي) ئېچىپ تۇرىدۇ. قورسىقىنى يوتىلىرىدىن يىراق تۇتىدۇ ۋە پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىدۇ. ئەمما ئايال كىشى (سەجدىدە) بىلەكلىرىنى ئېچىپ تۇرمايدۇ ۋە قورسىقىنى يوتىلىرىغا چاپلاپ تۇتىدۇ. چۈنكى شۇنداق قىلىش ئايال كىشىنىڭ بەك ئېچىلىپ قالماسلىقىغا سەۋەپ بولىدۇ.

ئاندىن سەجدىدىن بېشىنى <اللہ ئەكبەر!> دەپ كۆتۈرىدۇ ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا (بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا دېگۈچىلىك مىقدار بەلنى رۇسلاپ) خۇددى تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىدۇ ۋە بۇ ئولتۇرۇشتا: <ئەللاھۇممەغفىرلى ۋەرھەمنى ۋە ئافىنى ۋەھدىنى ۋەرزۇقنى[2]> دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ.

ئاندىن <اللہ ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئىككىنچى سەجدىنى خۇددى بىرىنچى سەجدىگە ئوخشاش قىلىدۇ. ئاندىن <اللہ ئەكبەر!> دەپ قولى بىلەن يەرگە تايانماستىن پۇتىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئىككىنچى رەكەتنى

(1) مەنىسى: مەن اللہ تائالاغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. ت.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى اللہ ! گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلغىن، مېنى توغرا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن.

<سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لا ئىلاھە غەيرۇكە[1]> دېگەن دۇئانى ۋە <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم> نى ئوقۇماستىن <بىسمىللاھىرراھمانىر راھىم> نى ئوقۇش بىلەن باشلاپ سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ ئاز بولغاندا قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئىككىنچى رەكەتنىڭ رۇكۇ ـ سەجدىللىرىدىمۇ خۇددى بىرىنچى رەكەتتە قىلغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

ئىككىنچى رەكەتنىڭ ئىككىنچى سەجدىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سول پۇتىنى ساغرىسىنىڭ ئاستىغا بېسىپ، ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قاراتقان ھالەتتە ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىپ ۋە ئۇچچىللىرىنى تىزغا يېقىن بىر يەردە قويۇپ، ئوڭ قولىنى ئوڭ يوتىسىنىڭ ئۈستىدە ۋە سول قولىنى سول يوتىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئەتتەھىييياتۇنى ئېچىدە ئوقۇشنى باشلايدۇ، دەسلەپ بارماقلىرىنى ھالقا شەكىلدە قىلىدۇ، ئاندىن ئەتتەھىييياتۇنىڭ <ئەشھەدۇ ئەللا> دېگەن يېرىگە كەلگەندە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرىدۇ ۋە <ئىللەللاھ> دېگەن يېرىگە كەلگەندە بارمىقىنى قويىدۇ. ئەتتەھىييياتۇنى ئوقۇشتىن الله تائالانى ئۇلۇغلاشنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۆزىگە ۋە ياخشى بەندىلەرگە الله تائالانىڭ رەھمىتىنى ۋە بەرىكىتىنى تىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۈچ ياكى تۆت رەكەتلىك پەرز نامازلاردا، ۋىتىر ۋاجىپتا ۋە پەرزنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇلىدىغان تۆت رەكەتلىك سۈننەتلەردە بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ ئەتتەھىييياتۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر نەرسە ئوقۇپ ئولتۇرماستىنلا ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپىدۇ.

پەرز نامازلاردا ئەگەر ناماز ئۈچ رەكەتلىك ناماز بولسا، ئۈچۈنچى رەكىتىدە ۋە ئەگەر ناماز تۆت رەكەتلىك ناماز بولسا، ئۈچۈنچى ۋە تۆتىنچى رەكىتىدە پەقەت سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇيدۇ.

ئىككىنچى ئولتۇرۇشتىمۇ خۇددى بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ ئەتتەھىييياتۇنى، ئاندىن دۇرۇتلارنى ۋە ئاخىردا بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان دۇئالارنى ئوقۇيدۇ.

---

(1) ئى الله! سەن ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن. ساڭا ھەمدۇ ھېيتىمەن. نامىڭ ئۇلۇغدۇر. مەرتىۋەڭ كاتتىدۇر. سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

ئاندىن بېشىنى ئوڭ تەرەپكە ھەتتا مەڭزىنىڭ ئېقى كۆرۈنگەنگە قەدەر قارىتىپ پەرىشتىلەرنى ۋە ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان ئادەملەرنى نىيەت قىلىپ <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ> دەپ سالام بېرىدۇ ۋە سول تەرەپكە سالام بەرگەندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ۋىتىر ۋاجىپ ۋە نەپلە ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ۋىتىر ۋاجىپ نامىزىنىڭ ئۈچۈنچى رەكئىتىدە ۋە نەپلە نامازنىڭ ھەممە رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە ياكى بىر سۈرىگە توغرا كېلىدىغان ئايەت قوشۇپ ئوقۇشى لازىم.

پەرز نامازلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەتلىك نەپلە نامازلاردا[1]، بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىييات‍ۇنى ئوقۇپ بولۇپ كەينىدىن دۇرۇتلارنى ئوقۇش ۋە ئۈچۈنچى رەكئەتكە تۇرغاندا (ئۈچۈنچى رەكئەتنى بىسمىللاھنى ئوقۇپلا باشلىماستىن) خۇددى نامازنىڭ بېشىدا ئوقۇغىنىدەك دەسلەپ <سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لا ئىلاھە غەيرۇكە>[2] دېگەن دۇئانى، ئاندىن <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىر راجىم> نى ئوقۇش لازىم.[3]

# پەرز نامازلارنىڭ كەينىدىن ئوقۇش سۈننەت قىلىنغان دۇئالار

پېشىن، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا پەرزلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇرمايلا ئارقىسىدىكى سۈننەتنى ئوقۇش ئۈچۈن قوپۇش كېرەك. لېكىن پەرز بىلەن ئوقۇلماقچى بولغان سۈننەتنىڭ ئارىلىقىدا <ئەللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام، تەبارەكتە يا زەلجەلالى ۋەل ئىكرام [4]> ۋە ئۈچ قېتىم <ئەستەغفىرۇللاھەل ئەزىم[5]> دېگۈچىلىك مىقدار ئولتۇرۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە سوۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز نامازنى ئوقۇپ

(1) بۇلار پەرز نامازلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇلىدىغان سۈننەت ئەمەستۇر. ت.

(2) ئى الله! سەن ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن. ساڭا ھەمدۇ ھېيتىمەن. نامىڭ ئۇلۇغدۇر. مەرتىۋەڭ كاتتىدۇر. سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر

(3) ئىبنى ئابىدىنغا قارالسۇن. ت.

(4) مەنىسى: ئى الله! سەن مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىسەن، سالامەتلىك بېغىشلاش سەندىندۇر. ئى كەرەملىك، ئۇلۇغ الله! سېنىڭ بەرىكىتىڭ بۈيۈكتۇر.

(5) يەنى كاتتا الله دىن گۇناھىمنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەيمەن.

بولۇپ <ئەستەغفىرۇللاھەل ئەزىم> نى ئۈچ قېتىم ۋە < ئەللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام، تەبارەكتە يا زەلجەلالى ۋەل ئىكرام> نى دەيتتى.»[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (پەرز نامازدىن) سالام بېرىپ بولۇپ پەقەت <ئەللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام، تەبارەكتە يا زەلجەلالى ۋەل ئىكرام> نى ئوقۇغۇچىلىك مىقدار ئولتۇراتتى.»[2]

ئاندىن نامازنىڭ ئاخىرىدا <سۇبھانەللاھ> نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم، <ئەلھەمدۇللاھ> نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم، <الله ئەكبەر!> نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ۋە <لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكەلەھۇ، لەھۇل مۇلكۇ ۋە لەھۇل ھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر [3]> نى بىر قېتىم، دەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن **33** قېتىم تەسبىھ ئېيتسا (يەنى سۇبھانەللاھ! دېسە)، **33** قېتىم ھەمدۇ ئېيتسا (يەنى ئەلھەمدۇلىللاھ! دېسە)، **33** قېتىم تەكبىر ئېيتسا (يەنى الله ئەكبەر! دېسە)، يۈزىنچى قېتىمدا: <لا ئىلەھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكەلەھۇ، لەھۇل مۇلكۇ ۋەلەھۇل ھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر> دېسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ.«[4]

ئۇلارغا يەنە ئايەتۇل كۇرسىنى، سۈرە ئىخلاسنى ۋە سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى قوشۇپ ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئۇبۇئۇمامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھەر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئايەتۇل كۇرسىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن پەقەت ئۆلۈمدىن ئىبارەت بىر تۇساقلا قالىدۇ.»[5] يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇسا»[6] دەپ بايان قىلىندى.

ئۆقبە ئىبنى ئامىر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھەر نامازنىڭ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) مەنىسى: ئۇ شېرىكى يوق تەنھادۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن ئىگىدارچىلىق ۋە ماختاشلار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(5) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى.

(6) بۇ رىۋايەتنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

ئارقىسىدىن سۇرە فەلەق بىلەن سۇرە ناسنى ئوقۇشقا بۇيرىدى » دېدى.[1]

بۇلاردىن باشقا نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئوقۇلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە دۇئالار بار. بۇلار دۇئا كىتابلىرىدا بايان قىلىنغاندۇر.

## نامازنى بۇزۇدىغان ئامىللار

نامازنى بۇزۇدىغان ئامىللار بولسا، نامازنى پۈتۈنلەي بۇزۇدىغان ئىشلار بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

### 1 ـ گەپ قىلىش

ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ مەيلى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى قەستەن نامازغا ئائىت بولمىغان بىر گەپنى قىلسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەل ھەكەم ئەسسۇلەمىي مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدىم. تۇساتتىن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى چۈشكۈردى. مەن: <يەرھەمۇ كەللاھۇ (يەنى الله تائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن)> دېدىم. كىشىلەر ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ كەتتى. مەن: ۋاي ماڭا مۇنچىۋالا قارىشىپ كەتكىدەك سىلەرگە نېمە ئىش؟ بولدى، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوللىرىنى يوتىللىرىغا ئۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى جىم تۇر دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئارتۇق سۆز قىلمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولدى. دادام ـ ئانام ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدا بولسۇن! مەن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ئېسىل بىر ئۇقۇتقۇچىنى ئۇچراتقان ئەمەسمەن ۋە كېيىنمۇ ئۇچراتمىدىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ئۇ، ماڭا ئاچچىغلىمىدى يا مېنى ئۇرمىدى، يا تىللىمىدى. ئۇ ماڭا: «ھەقىقەتەن بۇ نامازلاردا ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر سۆزنى قىلىش توغرا بولمايدۇ. ناماز دېگەن پەقەت تەسبىھ، تەكبىر ئېيتىش ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر »[2] دېدى.

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

زەيد ئىبنى ئەرقەم مۇنداق دېدى: «بىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا گەپلىشىدىغان ئىدۇق. بىر ئادەم نامازدا ئولتۇرۇپ يېنىدىكى ئادەمگە گەپ قىلاتتى. كېيىن الله تائالانىڭ: «الله نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار»[1] دېگەن ئايىتى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز نامازدا جىم تۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق ۋە گەپ قىلىشتىن چەكلەندۇق.»[2]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا بىز كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلاتتۇق. ئۇمۇ بىزگە سالامنى قايتۇراتتى. بىز (ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن) ئۇ يەردىن قايتقان ۋاقتىمىزدا، بىز كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلدۇق. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە سالامنى قايتۇرمىدى. بىز ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئىلگىرى سەن نامازدا بولساڭمۇ سالام قىلساق، سەن بىزگە سالامنى قايتۇراتتىڭ، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك شۈبھىسىزكى، نامازدا (تۇرغان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى) ناماز بىلەنلا بولۇش لازىمدۇر»[3] دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ: «ھەقىقەتەن الله تائالا خالىغان ئىشنى يولغا قويىدۇ. الله تائالا سىلەرنىڭ نامازدا گەپ قىلماسلىقىڭلارنى يولغا قويدى» دېدى، ئاندىن ماڭا سالامىمنى قايتۇردى. كېيىن: «ناماز دېگەن پەقەت قۇرئان ئوقۇش ۋە الله تائالانى ياد ئېتىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر سەن نامازدا بولساڭ، سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ (قۇرئان ئوقۇش ۋە الله تائالانى ياد ئېتىش) بولسۇن»[4] دېدى.

قىلىنغان سۆز مەيلى كۆپ بولسۇن ياكى ئاز بولسۇن نامازنى بۇزىدۇ. ئىككى ھەرپتىن ياكى مەسىلەن: (ساقلىغىن، دېگەن مەنانى بېرىدىغان) <قى> ھەرپىگە ئوخشاش بىر مەنا بېرىدىغان بىر ھەرپتىن تەشكىل تاپقان سۆزمۇ <گەپ> دەپ ئاتىلىدۇ.[5] بىر ئېغىز سۆزنىڭ نامازنى بۇزىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ

(1) سۈرە بەقەرە 238 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

(5) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 412 ـ بەت.

سۆزلىگۈچىگە ئاڭلىنىشى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇ سۆز سۆزلىگۈچىگە ئاڭلانمىسا، ئۇ <گەپ> دەپ ئاتالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ سۆزنىڭ ھەرپلىرى تولۇق ۋە توغرا چىقىشى شەرتتۇر. ئەگەر ھەرپلىرى تولۇق ۋە توغرا چىقمىسا، ئۇ (گەپ ھېساپلانماستىن) پەقەت ئاۋاز ھېساپلىنىدۇ.[1]

ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم نامازدا ئۇخلاپ قېلىپ گەپ قىلىپ سالغان بولسىمۇ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى نامازدا ئۇخلاپ قالغان ئادەمنىڭ ھۆكمى ئويغاق ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.[2] ئەگەر نامازدا گەپ قىلغان ئادەم، نامازدا گەپ قىلىش نامازنى بۇزۇدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ياكى نامازدا گەپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان، ياكى ئايەت ئوقۇۋاتقان بولغاندا خاتالىشىپ گەپ قىلىپ سالغان ئادەم بولسىمۇ ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر گال قىرىشقا (يەنى قېقىشقا) مەجبۇر بولۇپ قېلىپ گال قىرغان ياكى چۈشكۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ چۈشكۈرگەن، ياكى ئەسنەشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئەسنىگەن بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇلاردىن ساقلىنىش قىيىندۇر. بۇ، مەزكۇر ئىشلار تەلەپ قىلغاندىن سىرت ئاۋاز چىقىرىشقا ئۇرۇنمىغان بولسا، شۇنداق بولىدۇ.[3]

سەۋەبسىز ياكى توغرا بىر مەقسەتسىز (گال قىرغانغا ئوخشاش) ئاۋاز چىقىرىش نامازنى بۇزىدۇ. ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم ئاۋازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن گال قىرغان ياكى گال قىرىپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن گال قىرغان بولسا، بۇ قەستەن ئاۋاز چىقارغان ھېساپلانمايدۇ. ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ياكى (ئەگەر ئىمامى نامازدا خاتا كەتكەن بولسا) ئۇنى توغرىلاپ قويۇش ياكى ئاۋازىنى چىرايلىقلاشتۇر ئۈچۈن گال قىرىش توغرا بىر مەقسەت بىلەن ئاۋاز چىقارغان ھېساپلىنىدۇ. بۇ نىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا داۋاملىق بارىدىغان بىر ۋاقتىم بار بولۇپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغاندا، (ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورايمەن. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا بولسا، (گالنى

(1) « شرح المنيه »، 436 - بەت.

(2) « رد المحتار »، 1 - توم، 412 - بەت.

(3) « رد المحتار »، 1 - توم، 413 - بەت.

قىرغانغا ئوخشاش) بىر ئاۋاز چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن كىرىمەن. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ناماز ئوقۇماغلىق بولسا، سۆز بىلەن كىرىشكە) رۇخسەت بېرىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا بولسا، تەسبىھ ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن كىرىمەن.»[1]

قۇرئاندا ياكى ھەدىستە يوق ياكى <ئى الله ماڭا مۇشۇ كىيىمنى بەرگىن> ياكى <مۇشۇ تاماقنى بەرگىن> دېگەنگە ئوخشاش ئادەتتە ئىنسانلاردىنمۇ سورىلىدىغان تىلەكلەر بىلەن دۇئا قىلىشمۇ نامازنى بۇزىدۇ. ئەگەر دۇئا قۇرئاندا ياكى ھەدىستە كەلگەن ياكى <ئى الله! ماڭا تەن ـ سالامەتلىك بەرگىن، مېنى كەچۈرگىن ۋە ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن> دەپ تىلىگەنگە ئوخشاش ئادەتتە ئىنسانلاردىن تىلەش مۇمكىن بولمايدىغان تىلەكلەر بىلەن دۇئا قىلغان بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

كېسەل سەۋەبى بىلەن بولسۇن ياكى بىرەر مۇسىبەت سەۋەبى بىلەن بولسۇن <ئۇھ> دەپ ئۇھ تارتىش نامازنى بۇزىدۇ.[2]

ئەگەر نامازدىكى يىغلاشنىڭ سەۋەبى جەننەتنى ئەسلەش ئۈچۈن ياكى دوزاختىن قورقانلىقتىن بولسا، يىغلاش نامازنى بۇزمايدۇ. چۈنكى بۇ شەكىلدىكى يىغلاش رەھمەت تىلەپ ياكى كەچۈرۈم سوراپ دۇئا قىلغاننىڭ ئورنىدىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەل شۇخەير مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگەن ۋاقتىدا، يىغلىغانلىقىدىن ئىچىدە خۇددى قازاننىڭ قايناۋاتقان ئاۋازىدەك بىر ئاۋازنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم.»[3]

ئەگەر يىغلاش ئاغرىق ياكى بىرەر مۇسىبەت سەۋەبىدىن بولسا، ناماز بۇزۇلىدۇ. چۈنكى بۇ شەكىلدىكى يىغلاش بىر شىكايەت مەنىسىدىدۇر. ئەگەر نامازدا تۇرۇپ شىكايەتنى سۆز بىلەن ئاشكارا ئېيتسا، ناماز بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ شىكايەتنى يىغا بىلەن ئىپادىلىسىمۇ ناماز يەنىلا بۇزۇلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق بەك قاتتىق بولۇپ ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى تۇتۇلماي يىغلاپ سالغان بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش

(1) بۇ ئەسەرنى نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(2) <الدر المختار>، 1 ـ توم، 416 ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى يىغلاش كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ.[1]

نامازدىكى ئادەمنىڭ سۆزلىگەن سۆزى گەرچە نامازدا ئېيتىلىدىغان تەسبىھگە ياكى تەكبىرگە ئوخشاش سۆز بولسىمۇ، ئۇ سۆزنى بىرەر سۆزگە جاۋاب بېرىش نىيىتى بىلەن قىلغان بولسا، ناماز يەنە بۇزۇلىدۇ. مەسىلەن: نامازدا تۇرغان بىر ئادەم كىشىنى خوشال قىلىدىغان بىر خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: <سۇبھانەللاھ> دېگەن ياكى يامان بىرەر خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: <لا ھەۋلە ۋە لا قوۋۋەتە ئىللا بىللاھ> دېگەن، ياكى چۈشكۈرگەن ئادەمگە: <يەرھەمۇكەللاھ> دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر نامازدا تۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئىمامىدىن باشقا بىر ئادەمگە لوقما سېلىش نىيىتى بىلەن لوقما سالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىش (نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ) قۇرئاننى ئۆگەتكەنلىك ۋە ئۆگەنگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.[2] ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش نامازغا تەۋە ئىش ئەمەس. ئەمما نامازدا تۇرغان ئادەم بىر ئايەتنى ئوقۇغان، ئۇ ئايەت دەل باشقا ناماز ئوقۇغان باشقا بىر كىشى تاپالماي قالغان ئايەت بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىنىڭ ئىمامىغا لوقما سالغان بولسا، لوقما سالغۇچىنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى لوقما سالغۇچىنىڭ نامىزنى تۈزۈتۈشكە ئېھتىياجى باردۇر. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىمامىغا لوقما سېلىشى ئۆزىنىڭ نامىزىنى تۈزەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم نامازدا ئېلىشىپ كەتتى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇبەيي ئىبنى كەئبكە: «سەن نامازدا بىز بىلەن بىللە بارمىدىڭ؟» دېدى. ئۇبەيي ئىبنى كەئب: بار ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا نېمىشقا ماڭا لوقما سالمىدىڭ؟»[3] دېدى.

بىز تاھارەتنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بابىدا قېشىدا تۇرغان ئادەم ئاڭلىغۇدەك ئاۋازلىق كۈلۈشنىڭ نامازنى ۋە تاھارەتنى بۇزىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

---

(1) « شرح المنيه »، 438 - بەت.

(2) ئەمما لوقما سېلىنغان ئادەم لوقمىنى ئالغان بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئالمىغان بولسا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

## 2 ـ بىرەر ھەرىكەتنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى

ئۆزى نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن بولمىغان ياكى نامازنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۈزۈتۈش شەكلىدە قىلىنمىغان كۆپ تەكرارلانغان ھەرقانداق ھەرىكەت نامازنى بۇزىدۇ. بىر ھەرىكەتنى كۆپ تەكرارلاندى، دەپ قاراش ئۈچۈن، ئۇ ھەرىكەتنى نامازدىكى ئادەمنىڭ نامازنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كىشىنى، ئۇ ئادەم نامازدىنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانغا سېلىپ قويغىدەك دەرىجىدە كۆپ تەكرارلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان نامازنىڭ سىرتىدىكى كىشىنى، ئۇ ئادەم نامازنىڭ ئىچىدىمۇ ياكى ئىچىدە ئەمەسمۇ، دەپ شەكلىنىپ قالغىدەك دەرىجىدە ھەرىكەت قىلغان، لېكىن ئۇ ھەرىكەت ئەگەر ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۈچ قېتىم تەكرارلانمىغان بولسا، ئۇ كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت قاتارىغا كىرمەيدۇ. (نامازدا تۇرۇپ) ئازراق ھەرىكەت قىلىشتىن ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەرىكەت كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئايال نامازدا تۇرۇپ بىر كىچىك بالىنى قولىغا ئېلىپ ئېمىتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئايال (بالىنى قولىغا ئالغان، لېكىن) ئېمىتمىگەن بولسا، نامىزى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىز نەرۋىسى ئۇمامەنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر سەجدە قىلماقچى بولسا، ئۇنى قويۇپ قوياتتى. (سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن) ئۇرە تۇرغاندا يەنە كۆتۈرەتتى.[1]

ئەگەر بىر كىچىك بالا ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئايالنى ئەمگەن ۋە ئۇ بالىنىڭ شورۇشى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ كۆكسىدىن سۈت چىققان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ مەسىلىدە كىچىك بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرى خۇددى ئايال كىشىنىڭ قىلغاندەك ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇ ئىشنى ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلمىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بىرەر ئىشنىڭ نامازنى بۇزۇشى ئۈچۈن ئۇ ئىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىش شەرت ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى نامازدا تۇرغان بىر ئادەمنىڭ كەينىدىن كېلىپ ئىتتىرگەن ۋە شۇنىڭ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىلەن ئۇ ئادەم ئۆزىنى تۇتتۇۋالالماي ئۈچ قەدەمچە مېڭىپ كەتكەن بولسا، ئىتتىرىلگەن ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەمما ئۇ ئايالنىڭ كۆكسىدىن سۈت چىقمىغان، ئۇ بالا ئۇ ئايالنىڭ كۆكسىنى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم شورىغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بالا ئايالنىڭ كۆكسىنى ئۈچ قېتىم شورىغان بولسا، سۈت چىقمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئايال ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئەرنى سۆيگەن، لېكىن ئۇ ئەردە ھېچبىر شەھۋەت تۇيغۇسى سېزىلمىگەن بولسا، ئۇ ئەرنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئەر مەيلى شەھۋەت بىلەن بولسۇن ياكى شەھۋەتسىز بولسۇن ئايالنى سۆيگەن بولسا، ئۇ ئەرنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەرگە قارىغان كىشى ئۇنى نامازنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ.[2] ئەگەر نامازنىڭ سىرتىدىكى ئەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئايالنى سۆيگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ سۆيۈش ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنىنىڭ ئورنىدىدۇر.[3]

ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەم بىر كىشى بىلەن سالام قىلىش نىيىتى بىلەن كۆرۈشكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ، كۆرۈشۈش كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم قولى ياكى بېشى بىلەن بىرسىگە سالام قايتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر ئىش ئۈچۈن بىر يەرگە ئەۋەتتى. كېيىن مەن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سالىمىنى قولى بىلەن) ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق قايتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولۇپ مېنى چاقىرىپ: «سەن بىر ئاز بۇرۇن سالام قىلغان ۋاقتىڭدا، مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا يۈزىنى شەرق تەرەپكە قىلىپ تۇرىۋاتقان ئىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن

(1) «شرح المنيه»، 442 - بەت.
(2) «شرح المنيه»، 449 - بەت.
(3) «رد المحتار»، 1 - توم، 422 - بەت.

نامازدا بولغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا سالىمىڭنى قايتۇرالمىدىم»[1] دېگەن.

ئەگەر بىر ئادەمگە سالام قىلىش نىيىتى بىلەن <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> دېگەن سۆزنى سەۋەنلىك بىلەن سۆزلەپ سالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىر ئادەم ئۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ نامازنى تۈگىتىپ بولغانلىقىنى گۇمان قىلىپ خاتالىشىپ نامازدىن چىقىپ كېتىش نىيىتى بىلەن ئولتۇرۇپ سۆزلەپ سالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[2]

بىر ئادەم (نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ) سەللىسىنى كەيگەن ياكى بىر قولى بىلەن ئۇ سەللىنى بېشىدىن ئېلىپ يەرگە قويغان ياكى سەللىسىنى تۈزەتكەن، ياكى ئايال كىشى ياغلىقىنى تۈزەتكەن بولسا، بۇ ئىشلار بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم بىر كىشىنى قولى ياكى قامچىغا ئوخشاش بىر نەرسە بىلەن ئۇرغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ جېدەل قىلىش ۋە ئەدەبلەش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت قاتارىغا كىرىدۇ. ئەمما ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە نەپلە ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم ئۇلۇغنى ئۈچ قېتىم ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۇرماسلىق شەرتى بىلەن پەقەت ھەيدەش ئۈچۈنلا ئۇرغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم تاشنى (يەردىن) ئېلىپ قۇشلارغا ئوخشاش بىر نەرسىگە ئاتقان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت قاتارىغا كىرىدۇ. ئەمما تاش قولىدا بولۇپ ئۇنى قۇشلارغا ئوخشاش بىرەر نەرسىگە ئاتقان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت قاتارىغا كىرمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم (نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ) نامازدىن باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم تاشنى ئادەمگە ئاتقان بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى تاشنى ئادەمگە ئېتىش جېدەللىشىش مەنىسىدىدۇر.

نامازدىكى ئادەم بەدىنىنى ھەر قېتىمدا قولىنى كۆتۈرۈپ بىر قېتىم ياكى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىككى قېتىم قاشلىغان بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «الهدية العلائية».

چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئارقىمۇ - ئارقا ئەمەس باشقا - باشقا پەرىزدە بىر نەچچە قېتىم قاشلىغان بولسىمۇ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ بىر نەچچە قېتىملىق قاشلاش بىر پەرزدە تەكرارلانغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[1] چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر نامازنىڭ ئىچىدىكى ئادەم كىيىمى ياكى يەلپۈگۈش بىلەن بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم ئۆزىنى يەلپۈگەن بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئارقىمۇ - ئارقا بىر نەچچە قېتىم يەلپۈگەن بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم نامازدا تۇرۇپ دىلىدا بىر نەرسىنى ئويلىغان، لېكىن ئۇنى ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادىلىمىگەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم نامازدا تۇرۇپ شېئىر تۇقۇغان ياكى خۇتبە رەتلىگەن، لېكىن ئۇنى ئېغىزى بىلەن سۆزلىمىگەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ، نامازدا الله تائالادىن قورقۇپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. نامازدا الله تائالانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (باشقا بىر نەرسىنى ئويلاش ئارقىلىق) الله تائالادىن يۈز ئۆرۈش الله تائالانىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن بىر ئەدەبسىزلىك ھېساپلىنىدۇ.[2]

شۇنىڭغا ئاساسەن نامازنىڭ ئىچىدىكى ئادەم ئالدىدىكى كىتابقا قارىغان ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەرسە چۈشەنگەن بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم نامازدا ئوقۇيدىغان ئايەتلەرنى قۇرئانغا قاراپ ياكى (مېھرابنىڭ ئىچىگە يېزىپ قويۇپ) مېھرابقا قاراپ ئوقۇغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشىچە ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر. ئەمما ئۇ، (ئايەتلەرنى قۇرئاندا قاراپ ئوقۇغان ۋاقتىدا) قۇرئاننى تولا ۋاراقلىغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇ ئۈچ ئىمامنىڭ بىردەك كۆزقارىشىچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

---

(1) مەسىلەن: نامازدا ئۆرە تۇرۇش بىر پەرز، رۇكۇ قىلىش بىر پەرز ۋە سەجدە قىلىش بىر پەرزدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم بەدىنىنى نامازدا ئۆرە تۇرغاندا بىر قېتىم، رۇكۇ قىلغاندا بىر قېتىم ۋە سەجدە قىلغاندا بىر قېتىم قاشلىغان بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ ئۈچ قېتىملىق قاشلاشنى ئۈچ پەرزدە قىلدى. ئەمما ئۇ ئادەم مەسىلەن ئۆرە تۇرغاندا ياكى رۇكۇ قىلغاندا بەدىنىنى ئۈچ قېتىم قاشلىغان بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ ئۈچ قېتىملىق قاشلاشنى بىر پەرزدە قىلدى. ت.

(2) «شرح المنيه»، **444** - بەت.

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆزقارىشى بولسا، نامازدا ئايەتلەرنى قۇرئاندىن ئوقۇش بىرنەرسە ئۆگىنىش ھېساپلىنىدۇ. بىر نەرسە ئۆگىنىش نامازغا تەۋە ئىشلاردىن ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم (قۇرئانغا قاراپ ئوقۇغان ئايەتلەر) يادىغا بىلىدىغان ئايەتلەر بولسا، بۇھالەتتە ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى، بۇ ھالەتتە ئۇنى بىرنەرسە ئۆگەندى، دېگىلى بولمايدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر).

نامازدا ئايەتلەرنى قۇرئانغا قاراپ ئوقۇغان ۋاقىتدا، ئوقۇلغان ئايەتنىڭ مىقدارى بىر ئايەتكە يەتسە، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ناماز (سۈرە فاتىھەدىن) باشقا بىر ئايەت بىلەن ئادا بولىدۇ.[1]

نامازدا مېخش ئەگەر ئارقىمۇ - ئارقا بولماي (ئەكسىچە بىر قەدەم مېخىپ بىر ئاز توختاپ يەنە بىر قەدەم مېخىپ بىر ئاز توختاپ مېخش بىلەن) بولغان ۋە ماڭغۇچى مەسچىتتىن چىقىپ كەتمىگەنلا بولسا، مېخش نامازنى بۇزمايدۇ. ئەگەر ماڭغۇچى بىر قەدەم مېخىپ بىر ئاز توختاپ يەنە بىر قەدەم مېخىپ بىر ئاز توختاپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى نامازدا تۇرغان يەرنىڭ باشقا - باشقا بولۇشى نامازنى بۇزىدۇ. مەسچىت ئىچىنىڭ ھەممىسى ھۆكمەن بىر ئورۇن ھېساپلىنىدۇ. ئەمما مەيداندا ناماز ئۈچۈن تۈزۈلگەن سەپلەرنىڭ ئورنى مەسچىتنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ئايال كىشى ئۈچۈن ئۆي مەسچىتكە ئوخشاش.[2] بۇ، نامازدا ماڭغان ئادەم قىبلە تەرەپكە ئارقىسىنى قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم قىبلە تەرەپكە ئارقىسىنى قىلغان بولسا، مەيلى ئازراق ماڭسۇن ياكى كۆپ ماڭسۇن ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، نامازدا تۇرۇپ قىبلىغا ئارقى تەرەپنى قىلىشنىڭ ئۆزىلا نامازنى بۇزىدۇ.[3]

نامازدا تۇرۇپ سۈيىنى يۇتمىسىمۇ ئۈچ قېتىم ئارقا - ئارقىدىن سىغىز

(1) «شرح المنيه»، 448 - بەت. «رد المحتار»، 1 - توم، 419 - بەت.

(2) يەنى مەيداندا ناماز ئوقۇغان ئادەم مېخىپ سەپلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتسە نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئايال كىشىمۇ مېخىپ ناماز ئوقۇغان ئۆيدىن چىقىپ كەتسە نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ت.

(3) «شرح المنيه»، 450 - بەت.

چايناش نامازنى بۇزىدۇ. چۈنكى بۇ، كۆپ تەكرارلانغان ھەرىكەت قاتارىغا كىرىدۇ.

## 3 ـ يەپ ـ ئىچىش

نامازدا تۇرۇپ كۈنجۈت چوڭلۇقتىكى بىر نەرسىنى يېگەنگە ياكى بىر تېمىم يامغۇر سۈيىنى، ياكى تاھارەت سۈيىدىن قالغان سۇنى ئىچكەنگە ئوخشاش ئاز بولسىمۇ بىر نەرسە يېيىش ياكى ئىچىش نامازنى بۇزىدۇ.

چىش ئارىلىقىدىكى نەرسىلەر ئەگەر نوقۇت مىقدارىدەك چىق بولسا، ئۇنى يۇتۇش نامازنى بۇزىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئاز بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چايناپ ئاندىن يۇتقان بولسا، ناماز يەنە بۇزۇلىدۇ.

ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم ئېغىزىغا شېكەر سالغان، ئۇنىڭ بەزىسى ئېغىزىدا چاينىمىسىمۇ ئېرىگەن ۋە تەمى تاكى ئاشقازىنىغىچە بارغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما نامازدىن ئىلگىرى يېگەن تاتلىق تاماقنىڭ تەمىنى نامازدا تۇرۇپ يوتقان بولسا، بۇھالەتتە ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئېغىزىدا، ئەگەر يېگەن تاماقنىڭ ئەسىرى ياكى ئىچكەن شىرىن نەرسىنىڭ تەمى بولسا، ئېغىزنى سۇ بىلەن چايقىۋېتىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئىچىپ بولۇپ ئېغىزنى چايقىغاندىن كېيىن: «ھەقىقەتەن سۈتنىڭ تەركىۋىدە ماي باردۇر»[2] دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۈت ئىچكەندە ئېغىزىڭلارنى چايقاڭلار»[3] دېگەن. بۇ ھەدىس سۈت ئىچكەندە ئېغىزنى چايقاشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى ئەمەس ئۇنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئىچىپ ئېغىزنى چايقىماستىن ۋە قايتا تاھارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇغان» دېگەن مەزمۇندا

(1) «الهدية العلائية».

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ رىۋايەتنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان[1].[2]

## 4 ـ نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرنى قىلماسلىق

نامازنىڭ پەرزلىرىدىن رۇكۇ ۋە سەجدىگە ئوخشاش بىرەر پەرزنى قىلماسلىق بىلەن ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر رەكەت نامازدا بىر سەجدىنى قىلماي تاشلاپ قويغان ۋە ئۇ سەجدە ئۆچۈن بىر قېتىم سەجدە قىلىۋەتمەستىن سالام بەرگەن بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى سەجدىنى قىلىپ بولۇپ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرمىغان بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇستىدە) تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ تىلاۋەت سەجدىسى ئۈچۈن سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرمىغان بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى نامازنىڭ ھەممە پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرغان ئولتۇرۇش، ئاخىرقى ئولتۇرۇشقا ھېساپ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇخلىغان ھالەتتە ئوقۇغان بىر پەرزنى قايتا ئادا قىلمىغان بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بىر پەرزنىڭ توغرا دەرىجىدە ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى ئويغاق ھالەتتە ئادا قىلىش شەرتتۇر.[3]

## 5 ـ تاھارەتسىزلىك

نامازنىڭ بارلىق پەرزلىرى ئادا قىلىنىپ بولۇشتىن ئىلگىرى تاھارەتنى قەستەن سۇندۇرۇۋېتىش نامازنى بۇزىدۇ. ئەمما قەستەن ئەمەس سەۋەنلىك بىلەن تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمدىن سەۋەنلىك بىلەن كىچىك تەرەت ياكى چوڭ تەرەت چىقىپ كەتكەن ياكى يەل يۇرۇشۇپ بەرگەن ياكى بۇرنى قانىغانغا ئوخشاش ئىشلار يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ پەقەت تاھارىتىلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەمدىن نامازنى بۇزۇدىغان باشقا بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالمىغانلا بولسا، ئۇ ئادەم خۇددى نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم

(1) يەنى ئەگەر سۈت ئېچكەندە ئېغىزنى چايقاش ۋاجىپ بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئېچكەندىن كېيىن ئېغىزنى چايقاشنى تاشلىمايتتى. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) «الهدية العلائية».

تاھارەت ئالىدىغان ئەڭ يېقىن يەرگە بېرىپ تاھارەتكە تەۋە بولمىغان بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانماستىن تاھارەت ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇيدۇ.

بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم قۇسقان ياكى بۇرنى قانىغان ياكى (يىگەن نەرسىلىرىنى) قايتۇرغان، ياكى ئۇنىڭدىن مەزيى كەلگەن بولسا، گەپ قىلماستىن چىقىپ تاھارەت ئېلىپ كېلىپ نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇسۇن.»[1]

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، سەلمان ئەل فارىسىي ۋە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بۇ قاراشتا ئىدى.

تابىئىنلەرنىڭ ئىچىدىن ئىلقەمە، تاۋۇس، سەئىد ئىبنى ئەل مۇسەييەب، سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەششەئبىي، نەخەئىي، ئەتا، مەكھۇل ۋە باشقىلار بۇ قاراشتىدۇر.

بۇلارنىڭ بۇ قاراشتا بولغانلىقى، بۇ مەسىلىگە ئەمەل قىلىشقا يېتەرلىك دەلىلدۇر.

نامازدا تاھارەتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ تاھارەت ئېلىپ كېلىپ نامازنى كەلگەن يەردىن باشلىشىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلار شەرتتۇر:

● ئۇنىڭ تاھارىتى، بەدەندىن چىققان (چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە ئوخشاش) تاھارەتنى بۇزۇدىغان نەرسىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇنىڭ تاھارىتى ئۇنىڭ ھوشسىز بولۇپ قالغانلىقى ياكى ئېلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ (ئوڭشالغاندىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ كېلىپ) نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇسا، بولمايدۇ.

● ئۇنىڭ تاھارىتى يۇيۇنۇشنى ۋاجىپ قىلىدىغان ئىش بىلەن ئەمەس بەلكى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

كىچىك تاھارەتنى ۋاجىپ قىلىدىغان ئىش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇشى لازىم.[1]

● (سەۋەنلىك بىلەن كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىلىپ سالغانغا ياكى تۈيۈقسىز بۇرنى قانىغانغا ئوخشاش) تاھارەتنى بۇزۇدىغان نەرسىلەر، ئادەمنىڭ ئىختىيارىسىز ياكى ئىنسانىنىڭ سەۋەبسىز بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنى ھەرە چېقىۋالغان ياكى (بېشىغا بىر نەرسە چۈشۈپ كېتىش ياكى باشقا بىرسى ياكى ئۆزى ئۇرۇش بىلەن) بېشى يېرىلىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قان چىقىپ (تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن) بولسا، ئۇ ئادەم تاھارەت ئېلىپ كېلىپ نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى بۇ، ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىش، ناھايىتى كۆپ يۈز بېرىدىغان (تۈيۈقسىز بۇرنى قاناش ياكى تۈيۈقسىز تەرىتى كېلىشكە ئوخشاش) ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېساپلانمايدۇ.

● تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىنلا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن چىقىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ناماز ئوقۇغان يېرىدە بىر پەرزنى (مەسىلەن: رۇكۇ ياكى سەجدىنى) ئادا قىلغىدەك مۇددەت تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. رۇكۇ ياكى سەجدە قىلىۋاتقاندا تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەم، رۇكۇ ياكى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە شۇ رۇكۇ ياكى سەجدىنى تولۇقلاش نىيىتى بىلەن ئەمەس تاھارەت ئېلىپ كېلىش نىيىتى بىلەن كۆتۈرۈشى ۋە تاھارەت ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن نامازنى (ئەگەر تاھارىتى رۇكۇدا بۇزۇلۇپ كەتكەن) بولسا رۇكۇدىن، ئەگەر (تاھارىتى سەجدىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن) بولسا سەجدىدىن باشلىشى لازىم.

● زۆرۈر بولمىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەم، تاھارەت ئېلىشقا يېتەرلىك ۋە تاھارەت ئېلىشقا بولىدىغان بىر سۇنىڭ قېشىدىن (ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالماي) ئىككى سەپ سىغقۇدەك يەرگىچە ئۆزاقلاشسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

● (نامازدا تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەم، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ناماز

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم نامازدا تۇرۇپ ئىھتىلام بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم يۇيۇنۇپ كېلىپ نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇيالمايدۇ. ت.

ئوقۇغان يەردىن چىقىپ تاھارەت ئېلىپ قايتىپ كىرگەنگە قەدەر) گەپ قىلغانغا ياكى نامازدا يېپىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلىرىنى ئاچقانغا ئوخشاش نامازغا زىت كېلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدا تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر ئايال، مەسىلەن قىلىش ئۈچۈن بېشىنى ياكى يۈيۈش ئۈچۈن بىلىكىنى ئاچقان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە (تاھارەت ئېلىپ كىرىپ) نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇيالمايدۇ.[1]

نامازدا تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ، تاھارەت ئېلىپ كىرىپ نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇشىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن قويۇلغان شەرتلەر كۆپ بولغانلىقى ۋە بەزى ئالىملارنىڭ بۇنىڭغا قېتىلمىغانلىقى ئۈچۈن، نامازدا تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ تاھارەت ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن نامازنى بېشىدىن باشلاپ ئوقۇشى ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم (ئەسلىدە نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان بولۇپ تاھارىتى بۇزۇپ كەتكەن بولسا، تاھارەت ئېلىپ كىرىپ) نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇپ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەي دېگەن بولسا، شۇنداق قىلسا بولىدۇ.[2]

## 6 ـ نامازدا يېپىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلەرنى نامازدا تۇرۇپ ئېچى

ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز ئۈچ قېتىم <سۇبھانەللاھ> دېگۈچىلىك مۇددەت ئۇنىڭ يېپىشقا بۇيرۇلغان ئەزالىرىدىن بىرەر ئەزانىڭ تۆتتەن بىر قىسمى ئېچىلىپ قالسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەمما ئۇ ئادەم يېپىشقا بۇيرۇلغان ئەزالىرىدىن بىرەر ئەزاسىنىڭ تۆتتەن بىر قىسمىنى قەستەن ئاچقان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

## 7 ـ ئىسلامدىن يېنىۋېلىش

ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ (بىز الله تائالاغا سېغىنىپ بۇنداق قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز!) دىلىدا بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ

(1) شۇنىڭدەك نامازدا تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئەركىشىمۇ مەسىلەن: ئىستىنجا قىلىش ئۈچۈن ئۇياتلىق يېرىنى ئاچقان بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇيالمايدۇ. ئەمما ئەركىشى تاھارەتنى ئىستىنجا قىلماستىن ئالغان بولسا، ئۇنىڭ بىلىكى نامازدا يېپىشقا بۇيرۇلغان يەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىلىكىنى ئېچىش بىلەن نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ ۋە نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇيالايدۇ. ت.

(2) «شرح المنيه»، 452 ـ بەت

كاپىرلىققا يېنىشنى ئويلىغان ياكى كاپىرلىققا ئاپىرىدىغان بىر ئىشقا ئېتىقاد قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[1]

## 8 ـ نجىس نەرسىنىڭ يۇقۇپ قېلىشى

نجىس نەرسىنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىش ياكى قوللىرىنى قويۇش ياكى دەسسەپ تۇرۇش نامازنى بۇزىدۇ. چۈنكى بىرەر ئەزانى نجىس نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويۇش، ئۇ نجىس نەرسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەگەر نجىس نەرسە بىلەن ئۇنىڭ ئەزاسىنىڭ ئارىلىقىدا ( مەسىلەن: جەينامازغا ياكى رەخكە ئوخشاش) بىر نەرسە بولسا، بۇ ھالەتتە ناماز بۇزۇلمايدۇ.[2]

## 9 ـ قىبلىدىن يۈز ئۆرۈش

ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم كۆكرىكىنى ئۆزرىسىز قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە بۇرىۋغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر پەرزنى قىلمىغان ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر كۆكرىكىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن بىرەر سەۋەب بولغان، مەسىلەن: ناماز ئوقۇپ تۇرغان ئادەمنى كەينىدىن بىرسى ئىتتەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ قېتىم <سۇبھانەللاھ> دېگۈدەك ۋاقىت كۆكرىكىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە بۇراپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

## 10 ـ نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى

مەسىلەن: بامدات نامىزىدا كۈن چىقىپ قالغانغا، ئىككى ھېيت نامىزىدا كۈن ئېگىلىپ كەتكەنگە ۋە جۈمە نامىزىدا ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرىپ قالغىنىغا ئوخشاش ناماز ئوقۇپ تۇرغاندا، ئۇ نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

## 11 ـ نامازدا تۇرۇپ باشقىسىغا بويسۇنۇش

(1) «الهدية العلائية».

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 420 ـ بەت.

ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەم نامازدا تۇرۇپ باشقا بىرسىنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى (ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ) نامازنى ئۇلان قىلىپ بېرىدىغان ئادەمگە: تەكبىرلەرنى ئۈنلۈك قىلىپ ئېيتقىن، دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇش نىيىتى بىلەن تەكبىرلەرنى ئۈنلۈك قىلىپ ئېيتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى ناماز ئوقۇپ تۇرغان ئادەمگە: (ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىدىكى سەپتە بوش يەر بولسا)، ئۇ بوش يەرگە ئۆتكىن، دەپ بۇيرۇق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش نىيىتى بىلەن ئالدىدىكى سەپكە ئۆتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئالدىنقى سەپكە ئۇ كىشىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە ئورنىنى بوشۇتۇپ بېرىش نىيىتىدە ئۆتكەن بولسا، نامىزى بۇزۇلمايدۇ.

## 12 ـ نىيەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن تەكبىر ئېيتىش

ئوقۇۋاتقان نامازدىن باشقا نامازغا ئالمىشىش نىيىتى بىلەن (ئالماشماقچى بولغان نامازغا قولاق قېقىپ كىرىش ئۈچۈن) تەكبىر ئېيتىش، ئىلگىركى نامازنى بۇزىۋاتىدۇ. مەسىلەن: پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋاتقان بىر ئادەم ئەسىر نامىزىنى ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ (قولاق قېقىش ئۈچۈن) <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ پېشىن نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم قېشىدا ناماز ئوقۇۋاتقان بىرسىگە ئىقتىدا قىلىپ نامازنى ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ <الله ئەكبەر!> دەپ قولاق قاققان ياكى ئۇنىڭغا ئايال كىشى ئىقتىدا قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئايالغا ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلىپ <الله ئەكبەر!> دەپ قولاق قاققان بولسا، ئۇ ئادەم قولاق قېقىپ كىرگەن ئىككىنچى نامازنى باشلىغان ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولاق قېقىپ كىرگەن ناماز، ئىلگىرى ئوقۇۋاتقان نامازنىڭ ئۆزى بولسا، بۇ ھالەتتە ئەگەر ئۇ ئادەم نىيەتنى ئېغىزىدا سۆزلىمىگەن بولسىلا، نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. تۆۋەندىكى مەسىلە بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ئەگەر نامازنىڭ بىرەر رەكئىتىگە ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم، (ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن ئۈلگۈرەلمىگەن رەكئىتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ يالغۇز ناماز ئوقۇۋېتىپ) نامازنى بۇزۇپ قايتا ئوقۇش نىيىتى بىلەن <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولاق قاققان بولسا، ئۇ ئادەم نامازنى بۇزغان ۋە نامازنى قايتا ئوقۇشنى باشلىغان ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ ئىككىنچى قېتىم باشلىغان نامىزى، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئوقۇۋاتقان نامازنىڭ ئۆزى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نامازنىڭ ئۈلگۈرەلمەي قالغان قىسمىنى ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن يالغۇز ئوقۇش ھالىتى بىلەن ئىككىنچى قېتىم يالغۇز ئوقۇش ھالىتى ئوخشاشمايدۇ.[1]

## 13 ـ ئايەتلەرنى خاتا ئوقۇپ قىلىش

ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئايەتلەرنى خاتا ئوقۇپ قىلىشىنىڭ ھۆكمى تۆۋەندىكى شەكىلدە بولىدۇ:

1 ـ بۇ مەسىلىدىكى ئاساسىي قائىدە، ئايەتلەرنى خاتا ئوقۇغان ئادەم ئۇ ئايەتلەرنى، ئەگەر بىر كىشى ئۇ ئايەتلەردىن چىققان مەنالارنى ھەق دەپ قارىسا، ئۇ كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە مەنا بېرىدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىپ ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئايەتلەرنى بۇ شەكىلدە ئۆزگەرتىپ ئوقۇشىنىڭ سەۋەبى مەيلى ئايەتلەرنى توغرا ئوقۇيالمىغانلىقتىكى خاتالىق سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى باشقا بىر سەۋەبتىن بولسۇن ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئايەتنى قەستەن شۇنداق ئۆزگەرتىپ ئوقۇغان بولسا، كاپىر بولۇپ كېتەتتى. ئۇنداق ئىكەن خاتالىشىپ ئايەتلەرنى شۇنداق ئۆزگەرتىپ ئوقۇش، نامازدا تۇرۇپ كاپىرلارنىڭ گەپلىرىنى سۆزلىگەنلىك ھېساپلىنىدۇ. نامازدا تۇرۇپ كاپىرلارنىڭ گەپلىرىنى سۆزلەش ئەلۋەتتە نامازنى بۇزىدۇ. سۆزلىسە كاپىر بولمايدىغان ئادەتتىكى گەپلەرنى نامازدا تۇرۇپ سەۋەنلىك بىلەن سۆزلەپ قالسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان يەردە، سۆزلىسە كاپىر بولۇپ كېتىدىغان گەپلەرنى نامازدا سۆزلەش، نامازنى نېمە ئۈچۈن بۇزمىغۇدەك!!!؟[2]

2 ـ ئايەتلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلغان ھەرىكەتلىرىنى خاتا ئوقۇپ

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 401 ـ بەت.

(2) «شرح المنيه»، 477 ـ بەت.

قىلىش. ئايەتلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستۈگە قويۇلغان ھەرىكەتلىرىنى، ئەگەر ھەرىكەتلىرى خاتا ئوقۇلغان ئۇ ئايەتلەردىن چىقىدىغان مەنالارنى ھەق دەپ قارىغان كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋاتىدىغان شەكىلدە خاتا ئوقۇپ قالغان بولسىمۇ ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئايەتلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستۈگە قويۇلغان ھەرىكەتلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ قانداق ـ قايسىسىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇلارغا سىلەر بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى توغرا بىر شەكىلدە ئوقۇڭلار، دەپ تەكلىپ قويۇش، ئۇلارنى قىيىن بىر ھالەتكە سېلىپ قويۇش ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى قىيىن ھالەتكە سېلىپ قويىدىغان ئىشنى قىلىشقا بۇيرىمايدۇ.[1]

شەددە بار ئايەتلەرنى شەددىسىز ئوقۇش ۋە شەددىسىز ئايەتلەرنى شەددە بىلەن ئوقۇشمۇ نامازنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم اللہ تائالانىڭ: « وِيَّاكَ نَبْدُ وِيَّاكَ نَسْتَعِينُ يەنى ئىياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىياكە نەستەئىين » دېگەن ئايىتىدىكى <ئىياكە> دەپ شەددە بىلەن ئوقۇلغان ئايەتنى <ئىياكە> دەپ شەددىسىز ئوقۇغان بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

3 ـ ئايەتلەردە توختايدىغان يەردە توختۇماسلىق ۋە ئۇلارنى باشلايدىغان يەردىن باشلىماسلىق ھەرقانداق ۋاقىتتا نامازنى بۇزمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئايەتلەرنىڭ توختايدىغان يېرىدە توختىمىغان ھالدا قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغان بولسىمۇ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر سۆزنىڭ يېرىمىدە توختاپ قالغان بولسىمۇ ناماز بۇزۇلمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماقچى بولۇپ « ئەل ھەمدۇ لىللاھ » دېگەن ئايەتتە « ئەل » دەپلا <لام> ھەرپىدە ياكى « ئەلھە> دەپلا <ھە> ھەرپىدە ياكى سۈرە ئادىياتنى ئوقۇماقچى بولۇپ « ۋەل ئادىياتى » دېگەن ئايەتتە « ۋەل ئا » دەپلا <ئا> ھەرپىدە نەپەسى يەتمەي ياكى ئايەتنىڭ ئايىغىنى ئۇنتۇپ قېلىپ توختاپ قالغان، ئاندىن ئۇ ئايەتنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ئايەتتىن باشلاپ ئوقۇپ سۈرىنى تۈگەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەممە ئادەم دۇچار كېلىدىغان بىر ئىشتۇر.[2]

(1) <ھاشىيەتۇت تەھتاۋىي>.

(2) بۇ ھەممە ئادەم دۇچار كېلىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئايەتلەرنى شۇنداق ئوقۇش نامازنى بۇزۇدىغان ئىش بولسا، نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولماي قالىدۇ. ئايەتلەرنى شۇنداق ئوقۇش نامازنى بۇزمايدۇ، دېيىش نامازدا ئايەتلەرنى داۋاملىق شۇنداق ئوقۇڭ دېگەنلىك ئەمەس. مەيلى نامازدا بولسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن ئايەتلەرنى ئۇلارنىڭ ھەرپلىرىنى ئۆز جايىدىن چىقىرىپ ئوقۇش ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ،

### 4 ـ ئايەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ھەرپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇش.

بۇ ھالەتتە ئەگەر ئالماشتۇرۇلۇپ ئوقۇلغان سۆز، قۇرئاننىڭ ئىچىدە بار سۆز بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: «ئىننەز زالىمىينە» دېگەن ئايەتتىكى <يا> ھەرپىنى <ۋا> ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئۇ ئايەتنى «ئىننەز زالىمۇنە> دەپ ئوقۇغان ياكى الله تائالانىڭ: «ۋەل ئەردى ۋە ما تاھاھا» دېگەن ئايىتىدە كەلگەن «ۋە ما تاھاھا» دېگەن سۆزدىكى <تا> ھەرپىنىڭ ئورنىغا <دا> ھەرپىنى ئالماشتۇرۇپ ئۇ ئايەتنى <ۋەل ئەردى ۋە ما داھاھا> دەپ ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى، ھەرپلەر ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئوقۇلغان ئايەتلەر بولسا، قۇرئاننىڭ باشقا يەرلىرىدە كېلىدىغان ئايەتلەردۇر ۋە بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.)

ئەگەر ھەرپلەر ئالماشتۇرۇلۇپ ئوقۇلغاندا، ھەرپلەر ئالماشقاندىن كېيىن ئوقۇلغان ئىككىنچى سۆز قۇرئاننىڭ ئىچىدە يوق سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلا بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە ناماز بۇزۇلمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشىچە ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم الله تائالانىڭ: «قەۋۋامىينە بىل قىستى» دېگەن ئايەتتە كەلگەن «قەۋۋامىينە> دېگەن سۆزدىكى <ۋا> ھەرپىنى <يا> ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئۇ ئايەتنى «قەييامىينە بىل قىستى» دەپ ئوقۇغان بولسا، ياكى الله تائالانىڭ: «دەييارا» دېگەن ئايىتىدىكى <يا> ھەرپىنى <ۋا> ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئۇ ئايەتنى <دەۋۋارا> دەپ ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە بۇزۇلمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشىچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ھەرپلەر ئالماشقاندىن كېيىن ئوقۇلغان ئىككىنچى سۆز قۇرئاننىڭ ئىچىدە بار سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالەتتە ناماز ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشىچە

ئايەتلەرنى ئۇلارنىڭ ھەرپلىرىنى ئۆز جايىدىن چىقىرىپ ئوقۇيالمىغان تەقدىردە، ئۇلارنى يۇقىرىدا بايان قىلغاندىكىدەك ئوقۇپ قالسىغىزمۇ بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.ت.

بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم الله تائالانىڭ: «ۋە ئەنتۇم سامىدۇنە» دېگەن ئايەتتە كەلگەن «سامىدۇنە» دېگەن سۆزدىكى <سا> ھەرپىنى <خا> ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئۇ ئايەتنى <ۋە ئەنتۇم خامىدۇنە> دەپ ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشىچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

بۇ مەسىلىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد مەنانىڭ ئۆزگۈرۈپ كەتمەسلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى بۇ ئىككى ئىمام: «ھەرپلەر ئالماشقاندىن كېيىن ئوقۇلغان ئىككىنچى سۆز مەيلى قۇرئاننىڭ ئىچىدە بار سۆز بولسۇن ياكى يوق سۆز بولسۇن ئەمما ئەسلىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگۈرۈپ كەتمىگەنلا بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ئالماشتۇرۇلۇپ ئوقۇلغان ئىككىنچى سۆزنىڭ قۇرئاننىڭ ئىچىدە بولۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى ئىمام ئەبۇيۇسۇپ: «ھەرپلەر ئالماشقاندىن كېيىن ئوقۇلغان ئىككىنچى سۆز مەيلى ئەسلىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋەتسۇن ياكى ئۆزگەرتىۋەتمىسۇن قۇرئاننىڭ ئىچىدە بولىدىغانلا بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ.

ئەمما ھەرپلەر ئالماشقاندىن كېيىن ئوقۇلغان ئىككىنچى سۆز ھەم قۇرئاننىڭ ئىچىدە يوق سۆز ۋە ھەم ئەسلىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان سۆز بولسا، بۇ ھالەتتە ناماز بۇ ئۈچ ئىمامنىڭ بىردەك كۆزقارىشى بويىچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم الله تائالانىڭ: «وتَلَوُّ الوَّبيُنُ» دېگەن ئايىتىدە كەلگەن: <وَتَلَوُّ> دېگەن سۆزىدىكى <وُ> ھەرپىنى <ئ> ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئۇ ئايەتنى <و تلئ الوّبين> دەپ ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇ ئۈچ ئىمامنىڭ كۆزقارىشى بويىچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئىككىنچى سۆز ھەم قۇرئاننىڭ ئىچىدە يوق سۆزدۇر. ھەم ئەسلىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

## 5 ـ ئايەتكە بىر سۆز قوشۇپ ئوقۇش.

ئەگەر ئايەتكە قوشۇپ ئوقۇلغان سۆز قۇرئاننىڭ ئىچىدە بار سۆز بولغان ۋە ئۇ سۆزنىڭ قوشۇلۇپ ئوقۇلىشى بىلەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگۈرۈپ كەتكەن

(1) <ھاشىيەتۇت تەھتاۋىي>.

بولسا، ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشىچە ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ سۆز ھەم قۇرئاننىڭ ئىچىدە يوق ھەم ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋەتىدىغان سۆز بولسا، ئۈچ ئىمامنىڭ كۆزقارىشىچە ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

**6 - بىر سۆزدىن بىرەر ھەرەپنى تاشلىۋېتىپ ئوقۇش.**

ئەگەر بىرەر ھەرىپ تاشلىۋېتىلىپ ئوقۇلغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگۈرۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم الله تائالانىڭ: «خەلەقنا» دېگەن ئايىتىنى <خا> ھەرىپىنى تاشلىۋېتىپ <لەقنا> دەپ ئوقۇغان ياكى «جەئەلنا» دېگەن ئايىتىنى <جا> ھەرىپىنى تاشلىۋېتىپ <ئەلنا> دەپ ئوقۇغان، ياكى «ۋە ما خەلەقىز زەكەرا ۋەل ئۇنسا» دېگەن ئايىتىنى <ۋا> ھەرىپىنى تاشلىۋېتىپ <ما خەلەقىز زەكەرا ۋەل ئۇنسا> دەپ ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆزقارىشى بويىچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشىچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئوقۇلغان سۆزلەر قۇرئاننىڭ ئىچىدە بار بولغان سۆزلەردۇر.

ئەگەر ھەرىپنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى بىلەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگۈرۈپ كەتمەيدىغان بولسا، ناماز ئۈچ ئىمامنىڭ بىردەك كۆزقارىشى بويىچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم <يا مالىك> دېگەن سۆزنى <يا ماك> دەپ ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

## ئايەتلەرنى ھەرپلەرنى ئۆز جايىدا چىقارماي ئوقۇشنىڭ ھۆكۈملىرى

مەسىلەن: ھەرپلەرنى ئۆز جايىدا چىقارماي <س> ھەرىپىنى <ث> ھەرىپىگە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇپ <ح> ھەرىپىنى <ھە> ھەرىپىگە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇپ «الرَّحْمنِ الرَّحِيم» دېگەن ئايەتنى <الرهمن الرهيم> دەپ ئوقۇيدىغان، <ى> ھەرىپىنى <ئە> ھەرىپىگە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇپ «إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ» دېگەن ئايەتنى <إِيَّاكَ نأْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَئِينُ> دەپ ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى تۆۋەندىكى شەكىلدە بولىدۇ:

1 - ئۇ ئادەمنىڭ ئىمام بولۇشى توغرا ئەمەستۇر. لېكىن ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىدىغان

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 425 - بەت.

ئادەملەرمۇ ئايەتلەرنى شۇنداق ئوقۇيدىغان ئادەم بولسا، ئۇ ئادەم نامازنى ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بەرسە بولىدۇ.

2 ـ ئۇ ئادەمنىڭ داۋاملىق تىلىنى تۈزۈتۈشكە ۋە ئايەتلەرنى ھەرپلەرنى جايىدىن چىقىرىپ ئوقۇشقا تىرىششى لازىم.

3 ـ ئەگەر ئۇ، ئايەتلەرنى توغرا ئوقۇيدىغان بىر كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشقا شارائىتى بار ئادەم بولسا، ئۇنىڭ نامازنى يالغۇز ئوقۇشى توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ، ناماز ئادا بولغۇچىلىك مىقداردا ئايەتنى توغرا ئوقۇيالايدىغان ۋە (ئۇنىڭدىن قالغان ئايەتلەرنى ھەرپلەرنى جايىدىن چىقارماي) ئوقۇيدىغان ئادەم بولسا، نامازنى يالغۇز ئوقۇسىمۇ ۋە تىلىنى تۈزۈتۈشكە بەك كۈچەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.

4 ـ ئەگەر ئۇ، ئايەتلەرنى توغرا ئوقۇيدىغان بىر كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشقا شارائىتى يار بەرمەيدىغان ئادەم بولسا، تىلىنى تۈزۈتۈشكە ۋە ئايەتلەرنى ھەرپلەرنى جايىدىن چىقىرىپ ئوقۇشقا قىلغان تىرىشچانلىقىنى بوشاشتۇرمىغان ھالدا، نامازنى يالغۇز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

بۇ خۇددى تاھارەت ئېلىشتىن، نىجىس كىيىمنى يۇيۇشتىن، رۇكۇ قىلىشتىن ياكى سەجدە قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ تاھارەت ئالماي ياكى كىيىمنى يۇماي ياكى رۇكۇ قىلماي، ياكى سەجدە قىلماي ناماز ئوقۇغان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. خۇددى ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ ئۇ ئىشلارنى قىلماي تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ نامىزى توغرا بولغىنىدەك ئايەتنى توغرا ئوقۇشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەمنىڭ نامىزىمۇ توغرا بولىدۇ.[1]

ئەگەر ئايەتلەرنىڭ ھەرپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقى ئاڭلىغۇچىغا بىلىنمىگۈدەك دەرىجىدە ناھايىتى ئاز بولسا، بۇنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.[2]

## نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

ئالىملار ئەرلەرنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

(1) «شرح المنيه»، 482 ـ بەت. «رد المحتار»، 1 ـ توم، 391 ـ بەت.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 392 ـ بەت.

بەزىلەر: «ئەرلەرنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى قىلىش ھەممە ئادەمگە لازىم بولغان بىر پەرزدۇر (يەنى پەرز ئەيندۇر). بۇ، ئۆزرىسى بار كىشىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ قىلىشى پەرز بولغان بىر پەرزدۇر» دېدى. بەزىلەر: «بىر مەھەللىدىن بىر تۈركۈم ئادەملەر قىلسا، پەرزلىكى باشقىلارنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان دەرىجىدىكى پەرزدۇر (يەنى پەرز كۇپايىدۇر)» دېدى. بەزىلەر: «ۋاجىپتۇر» دېدى ۋە بەزىلەر: «كۈچلۈك سۈننەتتۇر» دېدى.

(كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ كۆزقارىشىچە) بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە: ئەرلەرنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ۋاجىپتۇر، دېگەن قاراش ئەڭ توغرا قاراشتۇر ۋە بىرەر ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نامازدا بەزى كىشىلەرنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ: «مەن بىر كىشىنى بۇيرۇسام، ئۇ ئادەم كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ نامازنى باشلىسا، ئاندىن مەن نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئارقا تەرىپىدىن بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتسەم، دەيمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى (خۇپتەن نامىزىغا كەلسە) كاتتا ساۋاب ئالىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇ نامازغا ئەلۋەتتە كېلەتتى»[1] دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر كىشىنى قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان ھالەتتە الله غا ئۇچرىشىش خۇش قىلسا، ئەزان ئېيتىلغان چاغدا مۇشۇ بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى ئۆزىگە لازىم تۇتسۇن. چۈنكى الله سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەتنىڭ يوللىرىنى قانۇن قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. ئۇ نامازلارمۇ ھىدايەتنىڭ يوللىرىدىندۇر. ئەگەر جامەئەتكە چىقماي نامازنى ئۆيىدە ئوقۇغان ئاشۇ كىشىلەردەك سىلەرمۇ نامازنى ئۆيدە ئوقۇساڭلار، چوقۇم پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى قىلماي تاشلاپ قويغان بولىسىلەر. ئەگەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى قىلماي تاشلاپ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى. لېكىن، ھەدىسنىڭ سۆزى ئىمام مۇسلىمنىڭدۇر.

قويساڭلار، ئەلۋەتتە ئازسىلەر. بىر كىشى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ پەقەت (نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن) مەسچىتلەرنىڭ بىرىگە ماڭسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ باسقان ھەر بىر قەدەمى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ. ئۇ ھەر بىر قەدەم بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ ۋە بىر گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ. مەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە جامائەت نامىزىغا پەقەت مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولغان مۇناپىقلارنىڭلا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ھەتتا بەزى ئاجىز كىشىلەر (جامائەتنى مۇھىم بىلگەنلىكتىن) ئۇلارنى ئىككى كىشى يۆلەپ ئېلىپ كېلىپ، سەپتە تۇرغۇزۇپ قوياتتى.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى يالغۇز ئوقۇغاندىن جامائەت بىلەن ئوقۇغانىنىڭ پەزىلىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز، يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇقتۇر.»[2]

## جامائەتكە كەلمەسلىككە ئۆزرى بولالايدىغان سەۋەبلەر

تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ بىرى تېپىلغاندا جامائەتكە كەلمىسىمۇ بولىدۇ:

1 ـ قاتتىق يامغۇر ياغقان ياكى قاتتىق سوغۇق بولغان ياكى قاتتىق قاراڭغۇ بولغان كېچىدە، ياكى شامال چىققان چاغدا. بۇ ۋاقىتلاردا جامائەتكە كەلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق سوغۇق بولغان ۋە قاتتىق شامال چىققان بىر كېچىدە نامازغا ئەزەن ئوقۇپ ئەزاننىڭ كەينىدىن: «بىلىڭلاركى، (نامازنى) ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار، دەپ بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق سوغۇق بولغان ۋە قاتتىق يامغۇر ياغقان كېچىدە مۇئەززىننى: <بىلىڭلاركى، (نامازنى) ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار> دەپ چاكارلاشقا بۇيرۇيتتى» دېگەن.[3]

شۇنىڭدەك يەنە يوللار بەك پاتقاق، لايلىق بولسىمۇ ناماز ئۆيدە ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (يامغۇر يېغىپ) يوللار پاتقاق ـ لايلىق بولۇپ كەتكەن بىر كۈندە (جۈمە نامىزىدا) كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىگەندىن كېيىن مۇئەززىننى نامازغا ئەزان ئوقۇشقا بۇيرۇدى. مۇئەززىن ئەزاننىڭ: <ھەييى ئەلاس سالاھ يەنى نامازغا كىلىڭلار> دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئىبنى ئابباس مۇئەززىنگە: نامازنى ئۆيدە ئوقۇڭلار، دېگىن دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر خۇددى بۇ سۆزنى قوبۇل قىلالمىغاندەك قىلىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئىبنى ئابباس: «سىلەر بۇ سۆزنى قوبۇل قىلالمىغاندەك تۇرىسىلەر. شەك شۈبھىسىزكى، بۇ مەندىن ياخشى بىر كىشىنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچىدۇر) قىلغان ئىشىدۇر. ھەقىقەتەن جۈمە نامىزى پەرزدۇر. مەن سىلەرنى (جامائەتكە) كېلىپ ئۆيلىرىڭلەرگە (ئاياغلىرىڭلارغا) لايلارنى يۇقتۇرۇپ بېرىشقا توغرا كېلىدىغان بىر قىيىن ئەھۋالغا سېلىپ قويۇشنى يامان كۆرىمەن» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنىڭ گۇناھكار بولۇپ قېلىشىڭلارنى يامان كۆرىمەن.»[1]

2 ـ بىر ئادەم ئەگەر جامائەتكە چىقسا، زالىملاردىن ئۆزىگە ياكى مال ـ مۈلكىگە بىرەر زىيانلىق كېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇ ئادەم جامائەتكە چىقمىسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا مال ـ مۈلكىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ياكى (يولۇچى بولسا) ھەمراھلىرىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلىسا، ئۇنى ئەزانغا ئەگىشىشتىن پەقەت ئۆزرىلا توسۇپ قالالايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: قانداق نەرسە ئۆزرىگە كىرىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەندىشە ياكى كېسەل، (ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ ئەزەننى ئاڭلاپ جامەتكە كەلمەي نامازنى ئۆيدە) ئوقۇغان ئادەمنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ»[2] دېدى.

3 ـ ئولتۇرۇپ قالغانغا ياكى پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەنگە ئوخشاش مەسچىتكە مېڭىپ كېلەلمەيدىغان كېسەل ئادەملەرمۇ جامائەتكە كەلمىسە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىنىڭ يوق بولۇپ قېلىشى بىلەن كېسەللەرنىڭ كېسىلى ئۆزگىرىپ قالىدىغان كېسەللەرگە قاراۋاتقان دوختۇر ياكى سېستىرالارمۇ جامائەت نامىزىغا كەلمىسە بولىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

4 ـ كۆڭۈل يېيىشكە تارتىپ تۇرۇدىغان تاماق هازىر بولۇپ قالغاندا ياكى ئۇ هالەت بىلەن جامائەتكە كەلسە، تەرتى قىستاپ قالىدىغان ئىش بولغان، ياكى بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن دەرس مۇزاكىرە قىلىۋاتقان بولسا، جامائەتكە كەلمىسىمۇ بولىدۇ.

بۇ هەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلگەندە، بىرىڭلارنىڭ كەچلىك تامىقى تەييار بولۇپ قالسا، ئۇ تاماقنى يېيىشنى باشلىسۇن ۋە تاماقنى ئالدىرىماي يېسۇن». ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلگەندە، تاماق تەييار بولۇپ قالسا، ئىمامنىڭ ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ هەتتا تامىقىنى يەپ بولمىغىچە نامازغا كەلمەيتتى.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر هەدىستە: «تاماق تەييار بولۇپ قالغاندا ۋە تەرەت قىستاپ قالغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ»[2] دېدى. ئەبۇد داردا: «بىر ئىنساننىڭ نامازغا كۆڭلى خاتىرجەم هالدا كېلىشى ئۈچۈن تەرىتىنى ئادا قىلماقچى بولغانلىقى، ئۇنىڭ دىنىنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ نىشانىسىدۇر» دېدى.[3]

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر ئادەم بىرەر ئۆزرى سەۋەبى بىلەن جامائەتكە كېلەلمىگەن، ئۇنىڭ نىيىتى ئۆزرىسى بولمىغاندا جامائەتكە كېلىش بولغان بولسا، ئۇ ئادەم الله تائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغانلىقنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىنغان بىرەر ئەمەلگە ساۋاب بېرىلىش، نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى هەققىدە مۇنداق دېدى: «بارلىق ئەمەللەر هەقىقەتەن نىيەتكە باغلىقتۇر. شۇنداقلا هەر قانداق كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. . .»

## جامائەتنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىش

ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە، ئىمام سالام بېرىشتىن بۇرۇن نامازغا ئۈلگۈرگەن ئادەم جامائەتنىڭ پەزىلىتىنى تاپقان هېساپلىنىدۇ. بۇ هەقتە

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان ۋاقىتتا، نامازغا يۈگۈرگەن ھالەتتە كەلمەڭلار. بەلكى ئالدىرىماي، تەمكىن ھالەتتە كېلىڭلار، نامازدىن نەچچە رەكەتكە ئۈلگۈرەلىسەڭلار، شۇنچە رەكەت ئوقۇڭلار، ئۈلگۈرەلمىگەن نامىزىڭلارنى تولۇقلىۋالساڭلار بولىدۇ»[1]**

**نامازنىڭ بېشىغا ئۆلگۈرەلمىگەن ئادەم ئۆرە تۇرۇپ ‹الله ئەكبەر!› دەپ قولاق قېقىپ نامازغا كىرىپ ئاندىن ئىمام نېمە ئىش قىلىۋاتقان بولسا، شۇنى قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىمامغا بىرەر رەكەتنىڭ روكۇسىدا يېتىشىۋالغان بولسا، ئۇ رەكەتكە يېتىشكەن ھېساپلىنىدۇ.[2] بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر نامازغا بىز سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا كەلسەڭلار. (بىز بىلەن بىللە) سەجدە قىلىڭلار. لېكىن بۇنى بىر رەكەت دەپ ھېساپلىماڭلار. كىمكى بىر رەكەت نامازغا ئۆلگىرەلىسە، ئۇ نامازنىڭ ھەممىسىگە ئۆلگىرەلىگەن ھېساپلىنىدۇ.»[3]**

# پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان نامازنى بۇزۇشنىڭ ھۆكمى

**بىر ئادەم سۈننەت نامازنى ياكى ئوقۇشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان بىرەر نامازنى ياكى ئۇستۇدىكى قازا نامازنى ئوقۇشقا باشلىغاندا ياكى ئوقىۋاتقاندا، ئىمام پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا باشلىغان بولسا، ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ باشلىغان نامىزىنىڭ ئوقۇلۇپ بولغان قىسمى بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئادەم (پەرز نامازنى ئىمام بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن) باشلىغان نامىزىنى بۇزمايدۇ. الله تائالا ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋەتمەسلىك ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار»[4]**

**بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام**

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئەگەر بىرەر رەكەتنىڭ روكۇسىدا ئۆلگۈرەلمەي ئۇ رەكەتنىڭ سەجدىسىدە ياكى روكۇدىن باش كۆتەرگەندە يېتىشكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ رەكەتكە يېتىشكەن ھېساپلانمايدۇ. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(4) سۈرە مۇھەممەد 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بامدات نامىزىغا تەكبىر چۈشۈرلىۋاتقان ۋاقىتدا بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇ ئادەمنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا نېمە دېدى، دەپ سورىدۇق. ئۇ ئادەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بىرىڭلار بامدات نامىزىنى تۆت رەكەت ئوقۇماقچى بولىۋاتىدۇ[1]»[2] دېگەن، دېدى. ئۇ ئادەم (تەكبىر چۈشۈرلىۋاتقاندا ناماز ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى ئوقۇۋاتقان سۈننەت نامىزىنى بۇزۇشقا بۇيرىمىغان.

بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان چاغدا پەرزدىن باشقا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ»[3] دېگەن سۆزىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىستىن، نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان چاغدا پەرزدىن باشقا نامازنى باشلاشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋال بولسا، نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن پەرز نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان ئەھۋالدۇر.)

بىر ئادەم بىر پەرز نامازنى يالغۇز ئوقۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ئىمام شۇ پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا باشلىغان بولسا، ئۇ ئادەم بىرىنچى رەكەتتە بولۇپ تېخى بىرىنچى رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم پەرز نامازنى ئەڭ مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپلا بىر تەرەپكە سالام بىرىپ نامىزىنى بۇزۇپ ئىمامغا ئەگىشىدا قىلىدۇ.[4]

ئەگەر ئۇ ئادەم بىرىنچى رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ بىرىنچى رەكەتنى ئوقۇپ بولغان بولسا، نامىزى ئىككى رەكەت بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بىر رەكەتنى قوشۇپ ئوقۇپ نامازنى ئىككى رەكەت قىلغاندىن كېيىن سالام بېرىپ ئىمامغا ئەگىشىدا قىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان نامىزى ئەسىر ۋە خۇپتەن نامىزىغا ئوخشاش تۆت رەكەتلىك ناماز بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

(1) يەنى ئۇ ئادەم بامداتنىڭ سۈننىتىنى بامدات نامازنىڭ پەرزىگە تەكبىر چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خۇددى بامدات نامازنىڭ پەرزىنى تۆت رەكەت ئوقۇغاندەك ھېساپلىنىدۇ. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>.

ئەگەر ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان نامىزى بامدات ۋە شام نامىزىغا ئوخشاش ناماز بولسا، (بىرىنچى رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ بىرىنچى رەكەتنى ئوقۇپ بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا يەنە بىر رەكەتنى قوشۇپ ئولتۇرمايلا نامىزىنى بۇزۇپ) ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نامازغا يەنە بىر رەكەتنى قوشسا، ئەگەر ئوقۇۋاتقان نامىزى بامدات بولسا، نامىزى تۈلۈقلىنىپ بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇۋاتقان نامىزى شام نامىزى بولغان بولسا، نامازنىڭ كۆپ قىسمى ئوقۇلۇپ بولغان بولىدۇ. كۆپ قىسمى يالغۇز ھالەتتە ئوقۇلۇپ بولغان بىر نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇزۇش توغرا ئەمەستۇر.

پېشىن ياكى جۈمە نامىزىنىڭ تۆت رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا پەرزنى ئوقۇش ئۈچۈن تەكبىر چۈشۈرۈلگەن ياكى خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن ئىمام مۇنبەرگە چىققان بولسا، تۆت رەكەتلىك سۈننەتنىڭ ئۈچۈنچى رەكەتىنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ بولمىغانلا بولسا، ئىككى رەكەتنى ئوقۇپ بولۇپ سالام بېرىپ پېشىن نامازنىڭ پەرزىگە تۇرىدۇ ياكى ئەگەر جۈمە نامىزى بولسا، ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى تىڭشايدۇ. پېشىن ياكى جۈمەنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ تۆت رەكەت سۈننەتنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ تۆت رەكەتلىك سۈننەتنىڭ ئۈچۈنچى رەكىتىنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ بولغانلا بولسا، ئۇنى ئايەتلەرنى يەڭگىل قىلىپ ئوقۇپ تۆت رەكەت قىلىپ تۈلۈقلىۋاتىدۇ.

كىمكى مەسچىتكە كەلگەندە جامائەتنىڭ پەرز نامازغا تۇرغانلىقىنى كۆرسە، نامازنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدىغان سۈننەتلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرمايلا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ نامازغا كىرىدۇ. لېكىن بامدات نامىزىدا ئەگەر بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ كىرگەندىن كېيىنمۇ جامائەتكە ئۈلگىرەلەيدىغان بولسا، ئىمام بامداتنىڭ پەرزىنى ئوقۇغىلى تۇرغان بولسىمۇ بامداتنىڭ سۈننىتىنى (مەسچىتنىڭ تېشىدا ئوقۇپ كىرىپ ئاندىن) ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ ئولتۇرسا، ئىمام بامداتنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بولىدىغان بولسا، سۈننەتنى ئوقۇپ ئولتۇرمايلا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ پەرزنى ئوقۇيدۇ. چۈنكى بىر كىشىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ ساۋابى، ئۇنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانىنىڭ ساۋابى بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇقتۇر ۋە بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ ساۋابى ئۇ يىگىرمە يەتتە

ھەسسە ساۋابنىڭ بىرىگىمۇ تەڭ ئەمەستۇر.[1]

پەرز نامازغا تۇرغاندا سۈننەتنى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىش پەقەت بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگىلا خاستۇر. چۈنكى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى نامازلارنىڭ سۈننىتى ئىچىدە ئەڭ كۈچ تەكىتلەنگەن ۋە پەزىلىتى ئەڭ يۇقىرى سۈننەتتۇر. بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى بابلاردا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

## مەسچىتتىن ناماز ئوقۇماي چىقىپ كېتىشنىڭ ھۆكمى

مەلۇم بىر ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن ياكى ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نامازنى ئوقۇماي مەسچىتتىن چىقىپ كېتىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇل شەئسا مۇنداق دېدى: «بىز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەسچىتتە ئولتۇرۋاتاتتۇق. مۇئەززىن نامازغا ئەزان ئوقۇدى. ئاندىن بىر ئادەم قوپۇپ مەسچىتتىن (چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تېشىغا) ماڭدى. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەم تاكى مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ (مەسچىتتىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن) بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەقىقەتەن ئۇ ئۇبۇل قاسىمغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچىدۇر) ئاسىيلىق قىلدى، دېدى.»[2]

مەسىلەن: باشقا بىر مەسچىتتە ئىماملىق ياكى مۇئەززىنلىك قىلىدىغان ياكى دەرس سۆزلەيدىغان ئىشقا ئوخشاش بىرەر ھاجەت ئۈچۈن مەسچىتتىن چىقىش ياكى جامائەتنى ساقلاپ تۇرىۋاتقان ئىككى نامازنىڭ ئارىلىقىدا چىقىپ ئاندىن نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن قايتىپ كىرىپ يەنە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ياكى بىر ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەسچىتتىن چىقىش مەكرۇھ ئەمەستۇر. لېكىن پېشىن نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ بولغان بولسىمۇ ئۇ نامازلارغا تەكبىر چۈشۈرۈلىۋاتقان چاغدا مەسچىتتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇ نامازلاردا ئىمامغا نەپلە ھېسابىدا ئىقتىدا قىلىش مۇمكىندۇر. چۈنكى پېشىن نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ كەينىدىن نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس. بۇ نامازلارغا تەكبىر چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن چىقىپ كېتىش مەكرۇھ ئەمەستۇر.

---

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 481 - بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئەمما بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ كەينىدىن نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغانلىقى ئۈچۈن (بۇ نامازلارنى يالغۇز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ نامازلار ئۈچۈن تەكبىر چۈشۈرلۈاتقان بولسىمۇ چىقىپ كېتىشكە بولىدۇ.)

(شام نامىزىنى يالغۇز ئوقۇپ بولغان ئادەم ئۇ نامازنى) نەپلە ھېسابىدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇمايدۇ. چۈنكى نەپلە نامازنى ئۈچ رەكەت قىلىپ ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەگەر شامغا نەپلە ھېسابىدا ئىقتىدا قىلغان ئادەم شامنى تۆت رەكەت قىلىپ ئوقۇغان بولسا، ئىمامغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نەپلە ھېسابىدا شام نامىزىغا ئىقتىدا قىلىپ سالسا، ئۇنىڭغا بىر رەكەت قوشۇپ ئۇنى تۆت رەكەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش (ئۇنى ئۈچ رەكەت ئوقۇغانغا قارىغاندا) ئېھتىياتلىق يولنى تۇتقانلىقتۇر. (ئۇنى تۆت رەكەت قىلىپ ئوقۇغاندا ئىمامغا خىلاپلىق قىلىش ئېھتىمالى كۆرۈلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن) ئىمامغا بەزى ئەھۋاللاردا خىلاپلىق قىلىش يولغان قويۇلغان ئىشتۇر. مەسىلەن: نامازنىڭ بېشىغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە سالام بەرمەي قوپۇپ نامازنىڭ قالغىنىنى ئوقۇيدۇ. سەپەر ئۈستىدىكى ئادەمگە ئىقتىدا قىلغان سەپەر ئۈستىدە بولمىغان كىشىمۇ ئۇ ئادەم نامازنى ئىككى رەكەت ئوقۇپ بولۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن سالام بەرمەي قوپۇپ نامازنىڭ قالغىنىنى تولۇقلايدۇ.[1]

بامدات نامىزى بىلەن شام نامىزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىمام بىلەن قايتا ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «كىمكى شام ياكى بامدات نامىزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نامازلارنى جامائەت بولۇپ ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇشقا توغرا كەلسە، ئۇ ئىككى نامازنى ئىمام بىلەن بىللە قايتا ئوقۇمىسۇن.»[2]

## ئىماملىققا ئەڭ لايىق ئادەم ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ئادەمنىڭ ئىمام بولۇشقا ئەڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: » كىشىلەرگە، الله نىڭ كىتابىنى ياخشىراق ئوقىيالايدىغان ئادەم ئىمام بولسۇن. ئەگەر ئادەملەر كىتابىنى

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 480 - بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلدى.

ئوقۇشتا تەڭ بولسا، ئۇلاردىن سۈننەتلەرنى بەك بىلىدىغىنى ئىمام بولسۇن. ئەگەر ئۇلار سۈننەتلەرنى بىلىشتە باراۋەر بولسا، ئەڭ دەسلەپ ھىجرەت قىلغىنى ئىمام بولسۇن. ئەگەر ئۇلار ھىجرەت قىلىشتا باراۋەر بولسا، ئەڭ دەسلەپ ئىسلامغا كىرگىنى ئىمام بولسۇن. بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە ئىمام بولمىسۇن ۋە ئۇي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنىدا رۇخسەتسىز ئولتۇرمىسۇن»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىستە كەلگەن: <كىشىلەرگە، الله نىڭ كىتابىنى ياخشىراق ئوقىيالايدىغان ئادەم ئىمام بولسۇن> دېگەن سۆزىدىن الله تائالانىڭ كىتابىدىكى (يەنى قۇرئاندىكى) ھۆكۈملەرنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئادەم ئىمام بولسۇن، دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ساھابىلەر قۇرئاننى ئوقۇش بىلەن ئۇنىڭغا قانداق ئەمەل قىلىشنىمۇ ئۆگىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ سۆزىدىن قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمىسىمۇ ئۇنى ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغان ئادەم ئىمام بولسۇن، دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەرگە كەتكەندە ياكى كېسەل بولۇپ قالغاندا ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە قۇرئاننى ئەبۇبەكرىدىن كۆپ ئوقۇيدىغانلار بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىغا ئەبۇ بەكرنى تەيىنلەپ قوياتتى. چۈنكى ئەبۇبەكرى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۇلاردىن ياخشى بىلەتتى.

ئەگەر ئادەملەر قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىشتە ۋە ئۇنى ئوقۇشتا باراۋەر بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ تەقۋاسى ئىمام بولۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، تەقۋا ئادەم شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان كىشىدۇر. ئالىملار: ئىسلامغا كىرىدىغانلار كۆپەيگەندىن ۋە ھىجرەت قىلىش بىلەن دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىستە كەلگەن <ئەڭ دەسلەپ ھىجرەت قىلغىنى ئىمام بولسۇن> دېگەن سۆزىنىڭ ئورنىغا ئەڭ تەقۋاسى ئىمام بولۇپ بېرىدۇ، دېگەننى ئالماشتۇردى.

ئەگەر ئۇلار بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدە باراۋەر بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياشتا ئەڭ چوڭى ئىمام بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دېدى: «ئەگەر ئۇلار ھىجرەتتە باراۋەر بولسا، يېشى چوڭراقى ئىمام بولسۇن». يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ناماز ۋاقتى بولغاندا، بىرىڭلار ئەزان توۋلىسۇن. ياش ـ قورامى چوڭراقى سىلەرگە ئىمام بولسۇن.»[1]

ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدىمۇ باراۋەر بولسا، ئەخلاقى ئەڭ ياخشىسى ئىمام بولىدۇ.[2]

پاسىق ئادەمنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇنداق ئادەم دىن ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ، نامازنىڭ بەزى شەرتلىرىنى كەم قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ (ئەگەر بىر كىشى پاسىق بىر ئادەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشقا توغرا كېلىپ قېلىپ) ناماز ئوقۇپ سالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى توغرا بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەر بىر تەقۋا ۋە پاسىق ئادەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇڭلار.»[3] ھەمدە ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەرمۇ ھەججاج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا (زالىملارنىڭ) ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغان.

دىني ھۆكۈملەرنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا كور ئادەمدىن ياخشىراق بىرسى بولمىسا، ئۇ كور ئادەم ئىمام بولۇپ بەرسە بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر يەرگە ماڭسا) بەزىدە كور ئىبنى ئۇممۇمەكتۇمنى كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بېرىش ئۈچۈن مەدىنىدە قالدۇرۇپ قويۇپ كېتەتتى.

ئەگەر دىندا ئەسلى يوق ئىشلارنى دىن نامىدىن پەيدا قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ (يەنى بىدئەتخورلارنىڭ) ئېتىقادىدا كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان بىر نەرسە بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىمام بولۇپ بېرىشى مەكرۇھتۇر.

ئەگەر باشقا مەزھەپدىكى بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئىمام بولغۇچى كىشىدىن نامازنى بۇزىدىغان بىر ئىش كۆرۈلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولىدۇ.[4] مەسىلەن:

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «شرح المنيه»، **513** ـ بەت. «رد المحتار»، **1** ـ توم، **375** ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان يول بىلەن رىۋايەت قىلدى.

(4) ئەگەر باشقا مەزھەپدىكى بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئىمام بولغۇچى كىشىدىن نامازنى بۇزۇدىغان بىر ئىش كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: شافىئىي

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر ئادەمنىڭ شافىئىي مەزھەپىدىكى بىر ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولىدۇ.

## ئىمام بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر

1 ـ ئىمام بولىدىغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى لازىم. شۇڭا كاپىرغا ئىقتىدا قىلىش توغرا ئەمەستۇر.

2 ـ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى پەرز نامازدا بولسۇن ياكى باشقا نامازلاردا بولسۇن بالاغەتكە يەتكەن بىرسىنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن بىرسىگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بالاغەتكە يەتكەننىڭ نامىزى پەرز ھېسابىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىبار جەھەتتە بالاغەتكە يەتمىگەننىڭ نامىزىدىن كۈچلۈكتۇر[1].[2]

3 ـ ئەر كىشى بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىشىنىڭ ئايال كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئايال كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بېرىدىغان ئادەمنىڭمۇ چوقۇم ئەر كىشى بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھتۇر.[3] بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاياللارنىڭ مەسچىتتە ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندە جامائەت بولۇپ (ناماز ئوقۇغاندىن) باشقا يەردە يىغىلىشىپ جامائەت بولۇشتا، ھېچقانداق ياخشىلىق يوقتۇر.»[4]

---

مەزھەپىدىكىلەر ئايال كىشىنى تۇتۇش تاھارەتنى بۇزىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئايال كىشىنى تۇتۇش تاھارەتنى بۇزمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر ئىمام نامازغا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئايالىنى تۇتۇپ سالغان بولسا، شافىئىي مەزھەپىدىكى ئادەمنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئۇ ئىمامنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شافىئىي مەزھەپىدىكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ت.

(1) يەنى بالاغەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇشى پەرزدۇر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى پەرز ھېسابىدا بولىدۇ. ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن بىرسىنىڭ ناماز ئوقۇشى پەرز ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى پەرز ھېسابىدا ئەمەس نەپلە ھېسابىدا بولىدۇ. ت.

(2) ئەمما ئاپتۇر، ئەمرى ئىبنى سەلەمەنىڭ ئۆز ئادەملىرىگە يەتتە ياشتا تۇرۇپ ئىمام بولۇپ بەرگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتكە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ئەمرى ئىبنى سەلەمەنىڭ ئۆز ئادەملىرىگە ئىمام بولۇپ بەرگەن خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتمىگەندۇر. ئۇنىڭ ئىمام بولۇپ بېرىشى پەقەت ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىجتىھادى ئارقىلىقلا بولغاندۇر. بۇ ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچ خەۋىرى ۋە قارارى يوقتۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىمام بولۇپ بەرگەنلىكىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭمۇ ئىمام بولۇپ بېرىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىق ھۆكمىنى چىقىرىش توغرا ئەمەستۇر.)

(3) يەنى ئاياللار، ئايال كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھتۇر. ئەمما ئاياللار ئەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشى ياخشى ئىشتۇر. ت.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: ئىمام بولۇپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ ئەر بولۇشى لازىم. ھەمدە بىرەر سەلەپنىڭمۇ ئايال كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى.

4 ـ ئۆزرى دەپ قارىلىدىغان ئىشلاردىن خالى بولۇش لازىم.[1] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزرىسى يوق بىر ئادەمنىڭ ئۆزرىسى بار ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئۇ، پاكىز بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىن پاكىز ئەمەس بىر ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئۆزرىسى بار ئادەم ئۆزى ئۈچۈن پاكىز ھېساپلىنىدۇ. ئەمما باشقىلار ئۈچۈن پاكىز ئەمەس (يەنى ئۆزرىسى بار كىشى) ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئىمام بولماقچى بولغان ئادەممۇ ئۆزرىسى بار ۋە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىدىغان ئادەمنىڭمۇ ئۆزرىسى بار ئادەم بولسا، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئىمام بولىدىغان ئادەمنىڭ ئايەتلەرنى ھەرپلەرنى ئۆز جايىدىن چىقىرىپ ئوقۇشى لازىم. بىز ئايەتلەرنى ھەرپلەرنى ئۆز جايىدىن چىقىرىپ ئوقۇيالمايدىغان ئادەملەرنىڭ ھۆكمى ھەققىدە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

5 ـ نامازنىڭ شەرت ۋە پەرزلىرىدە ئىمام بولىدىغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئىقتىدا قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىدىن يۇقىرى ياكى باراۋەر بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتلەرنى ياخشى ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ئايەتلەرنى ياخشى ئوقۇيالمايدىغان ئادەمگە ياكى كىكەچ ئادەمگە، ئۇستىدە كىيىم بار ئادەمنىڭ ئۇستىدە كىيىم يوق ئادەمگە، نامازنى ئىشارەت قىلماي ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ نامازنى ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ئادەمگە ۋە نامازنى ئولتۇرۇپ ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ نامازنى يېتىپ تۇرۇپ ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا ئەمەستۇر.

يەنە شۇنىڭدەك پەرز ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن قەۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ خۇپتەن نامىزىنى ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بەرگەنلىك ئىشىگە [2] ئاپتۇر مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

---

(1) بىز قانداق ئادەمنىڭ ئۆزرىسى بار ئادەم ۋە قانداق ئادەمنىڭ ئۆزرىسى يوق ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە تاھارەتنىڭ بابىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەردۇق. ت.

(2) يەنى مۇئازنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇغان نامىزى پەرز ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر مۇئاز ئۇ نامازنى قايتا

بۇ ئىشتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. چۈنكى مۇئاز ئىبنى جەبەل قەۋمىگە نامازنى بەك ئۇزۇن قىلىپ ئوقۇپ بەرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى مۇئاز! سەن پىتنە توغدۇرغۇچى بولمىغىن. سەن نامازنى ياكى مەن بىلەن ئوقۇغىن ياكى قەۋمىڭگە يەڭگىل قىلىپ ئوقۇپ بەرگىن»[1] دېگەن. مانا بۇ ھەدىس قاچانكى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامازنى قەۋمىگە ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بېرىشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇئاز ياكى نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇغاندا نەپلە دەپ نىيەت قىلىپ، قەۋمىگە ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بەرگەندە پەرز دەپ نىيەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھەدىسنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنغان: «ئۇ ناماز مۇئاز ئۈچۈن نەپلە ئۇلار ئۈچۈن پەرزدۇر» دېگەن سۆز بولسا، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئادەمنىڭ قېتىپ قويغان سۆزىدۇر. ئەگەر بىز بۇ سۆزنىڭ راستىنلا دېيىلگەنلىكىنى پەرىز قىلساق، بۇ سۆزدە نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ پەرز ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىمام بولۇپ بېرىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا دەلىل يوقتۇر. چۈنكى نامازنىڭ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن نەپلىگە ۋە قەۋمى ئۈچۈن پەرزگە ھېساپ بولۇشى بۇ سۆزنى دېگەن ئادەمنىڭ بىر قارىشىدۇر. ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولىشىمۇ مۇمكىن.

نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ پەرز ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تاھارەت ئالغان ئادەمنىڭ تەيەممۇم قىلغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى تەيەممۇم سۇ تېپىلمىغان ۋاقتىدا شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بىر پاكىزلىقتۇر.

پۇتلىرىنى سۇ بىلەن يۇغان ئادەمنىڭ ئاياقلىرىغا ياكى تېڭىقلىرىغا مەسىھى قىلغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى ئاياقلىرىغا ۋە تېڭىقلىرىغا مەسىھى قىلغان ئادەملەرنىڭ تاھارىتى كامىل تاھارەت ھېساپلىنىدۇ. ئۆزرىسى بار ئادەملەر بۇلارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۆزرىسى بار ئادەملەرنىڭ تاھارىتى كامىل تاھارەت ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزرىسى بار ئادەملەرنىڭ تاھارىتى نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان ئادەمنىڭ نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ئادەمگە

---

ئوقۇسا، نەپلە ناماز ئوقۇغان ھېساپلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن مۇئاز قانداق بولۇپ قەۋمىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ ؟ بۇنىڭغا ئاپتور يۇقىرىدىكى جاۋابلارنى بەردى. ت.

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كېسىلىدە ساھابىلەرگە نامازنى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇپ بەرگەن. نامازنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆرە تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلىپ، ساھابىلەر بولسا ئەبۇبەكرىگە ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇدىغان.[1]

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىمام پەقەت ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ رۇكۇ قىلىڭلار. (بېشىنى) كۆتۈرسە، سىلەرمۇ كۆتۈرۈڭلار ۋە نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، سىلەرمۇ نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار» دېگەن ھەدىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن كېسىلىدە نامازنى ئولتۇرۇپ، ساھابىلەر ئۇنىڭ كەينىدە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا بۇيرىمىغانلىقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندۇر. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىردا بولغان ئىشتۇر.[2]

نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ، دۈمچەكلىكتىن كۈرۈنۈشتە رۇكۇ قىلغاندەك تۇرىدىغان دۈمچەك ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ، نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولغان يەردە، ئۇنىڭ دۈمچەك ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى ئەلۋەتتە توغرىدۇر.

## ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىغان ئادەملەر ھازىرلايدىغان شەرتلەر

1 ـ ئىقتىدا قىلىدىغان ئادەم ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىش بىلەن بىللە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىمۇ نىيەت قىلىشى لازىم.

2 ـ ئىقتىدا قىلغان ئادەم نامازدا ئىمامنىڭ ئالدىدا تۇرماسلىقى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق نامازدا ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئۇلار بىلەن باراۋەر تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدا ئىمامنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتمەسلىك ئىقتىدا قىلىشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ بىر شەرتى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىدىغان ئادەمنىڭ دىققەت قىلىشى كېرەك.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «شرح المنیه»، 519 ـ بەت.

شۇڭا ئىقتىدا قىلغان ئادەم نامازدا ئىمامنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتسە، نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى ئىمام پەقەت ئۆزىگىلا دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامنىڭ نامىزى ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغان ئادەمنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

بۇ ئىشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان يەر پۇتنىڭ ئورنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئىقتىدا قىلغان ئادەمنىڭ بويى ئىمامدىن ئېگىز بولغان، سەجدىگە بېشىنى قويغان يەر ئىمامنىڭ ئالدىدا، لېكىن پۇتلىرىنىڭ ئورنى ئىمام پۇتىنى قويغان يەرنىڭ كەينىدە بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى توغرا بولىدۇ.

پۇتنى قويۇشتا پۇتنىڭ تاپىنى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ بارماقلىرى ئۇزۇن بولغانلىقتىن ئىمامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تاپىنى ئىمامنىڭ تاپىنىڭ كەينىدە تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى يەنىلا توغرا بولىدۇ.

ئىمام پەقەت بىر ئادەم بىلەن ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم بىلەن ناماز ئوقۇغان بولسا، ئىمام ئىككىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھامما ئاچامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ كېچىدە ئورنىدىن تۇردى. مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ نامازدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدە تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىمدىن تۇتۇپ مېنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزدى.»[1]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مەن بىلەن يەنە بىر يېتىم بالا بىزنىڭ ئۆيىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇق ۋە ئانام ئۇممۇسەلىمە نامازنى بىزنىڭ كەينىمىزدە تۇرۇپ ئوقۇدى.»[2]

ئەگەر يەر تارچىلىق بولسا، ئىمام ئىككى كىشىنىڭ ئالدىغا چىقماي ئوتتۇرىسىدا تۇرسىمۇ بولىدۇ.

سەپتە دەسلەپ ئەرلەر، ئاندىن كىچىك باللار، ئاندىن ئاياللار تۇرۇشى سۈننەتتۇر. ئەمما سەپتە دەسلەپ ئەرلەر، ئاندىن ئاياللار تەرتىپ بىلەن تۇرۇش

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئايال ياكى توققۇز ياشقا كىرگەن بىر قىز ئوخشاش بىر نامازدا ۋە بىر يەردە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئايرىپ تۇرىدىغان بىر نەرسە بولماستىن ئەر كىشى بىلەن باراۋەر ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان، ئىمام ئايال كىشىگە ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلغان ۋە قېشىدا ئايال كىشى باراۋەر تۇرغان ھېلىقى ئادەم ئايال كىشىگە ئۆزىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇشقا ئىشارەت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما قېشىدا ئايال كىشى باراۋەر تۇرغان ھېلىقى ئادەم ئايال كىشىگە ئۆزىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇشقا ئىشارەت قىلغان، لېكىن ئايال كىشى ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەرنىڭ ئەمەس ئايالنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەر كىشى (ئايال ئەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇشقا ئۇنىمىغان ۋاقىتدا) ئايالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇلمايدۇ.

ئەگەر بىر ئايال نامازدا ئەرلەرنىڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ تۇرغان بولسا، ئۇ ئايال ئوڭ تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ، سول تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ ۋە ئارقا تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ نامىزىنى بۇزىۋېتىدۇ. ئەگەر نامازدا ئەرلەرنىڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ تۇرغان ئايالنىڭ سانى ئۈچ بولسا، ئۇلار ئوڭ تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ، سول تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ ۋە ئارقىللىرىدا قانچە سەپ بولسا، ھەر بىر سەپتىن ئۈچ ئادەمنىڭ نامىزىنى بۇزىۋېتىدۇ. ئەگەر نامازدا ئەرلەرنىڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ تۇرغان ئايالنىڭ سانى ئىككى بولسا، ئۇلار ئوڭ تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ، سول تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ ۋە ئارقا تەرىپىدىن پەقەت ئىككى ئادەمنىڭ نامىزىنى بۇزىۋېتىدۇ. ئەگەر نامازدا ئەرلەرنىڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ تۇرغان ئايالنىڭ سانى تۆت بولسا، ئۇلار ئوڭ تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ، سول تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ ۋە ئارقىلىرىدىكى سەپتە تۇرغان ھەممە كىشىنىڭ نامىزىنى بۇزىۋېتىدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىگە قىلغان ئىقتىداسىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ بىر شەرتى، ئەر كىشىنىڭ ئۇ ئايالغا ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلىشىدۇر. ئەگەر ئەر ئۇ ئايالغا ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلمىسا، ئۇ ئايال نامازنىڭ ئېچىدە ھېساپلانمايدۇ ۋە بۇ ھالەتتە ئەگەر ئۇ ئايال نامازدا بىر ئەرنىڭ قېشىدا باراۋەر تۇرسىمۇ بۇ باراۋەر تۇرۇش ئۇ ئەرنىڭ نامىزىنى بۇزمايدۇ. لېكىن شۇنداق تۇرۇش مەكرۇھتۇر.

(1) «شرح المنيه»، 524 - بەت.

چۈنكى نامازدا بىر ئايالنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش نامازنى ئوقۇمىغان بىر ئەرنىڭ قېشىدا تۇرۇشى مەكرۇھتۇر.[1]

بىر ئەر بىلەن بىر ئايال بىر يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ نامازدا يۈزىنى قارىتىپ تۇرغان يېرى باشقا ـ باشقا بولسا، يەنە ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال بىلەن بىر ئەر قاتتىق قاراڭغۇ بىر كېچىدە قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەر بىرى قىبلىنىڭ قايسى تەرەپكە قارايدىغانلىقىنى ياخشى ئويلاپ، گۇمانى كۈچلۈك كەلگەن تەرەپكە قاراپ ۋە ھەر بىرى باشقا ـ باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان ياكى ھەر ئىككىسى نامازنى كەبىنىڭ ئىچىدە ۋە بىرى بۇ تەرەپكە، يەنە بىرى ئۇ تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان بولسا، ئۇلارنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە جىنازە نامىزىدا ئەر بىلەن ئايال بىر يەردە تۇرۇپ جىنازە نامىزىنى ئوقۇغان بولسا، ناماز يەنە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

3 ـ ئىمام ئوقۇماقچى بولغان پەرز ناماز بىلەن ئىقتىدا قىلغان ئادەم ئوقۇماقچى بولغان پەرز ناماز باشقا ـ باشقا بولماسلىقى لازىم. مەسىلەن: بىرسىنىڭ ئوقۇيدىغان نامىزى پېشىن، يەنە بىرسىنىڭ ئوقۇيدىغان نامىزى ئەسىر ياكى بىرسىنىڭ ئوقۇيدىغان نامىزى تۈنۈگۈنكى پېشىن، يەنە بىرسىنىڭ ئوقۇيدىغان نامىزى بۈگۈنكى پېشىن بولماسلىقى لازىم. يەنى ئىمام بىلەن ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ نامىزى بىر ۋە ئوخشاش ناماز بولۇش لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىمام پەقەت ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشمايدىغان بىر ئىشتا بولماڭلار.»[2]

ناماز ئوقۇشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان بىر ئادەم ناماز ئوقۇشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان باشقا بىر ئادەمگە ئىقتىدا قىلمايدۇ. چۈنكى ھەر بىرىنىڭ نەزىر قىلغان نامىزى باشقا ـ باشقىدۇر. لېكىن ئۇ ئىككىسى ئوخشاش بىر نامازنى ئوقۇشنى ئۆزلىرىگە نەزىر قىلغان بولسا، بۇھالەتتە بىرى بىرىگە ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ. ناماز ئوقۇشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان بىر ئادەم، نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمگە ياكى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلمايدۇ. چۈنكى نەزىر قىلغان ئادەم بۇ ئىككىسىدىن كۈچلۈك ھېساپلىنىدۇ.

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 386 ـ بەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شۇنىڭدەك يەنە ناماز ئوقۇشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان ئادەم پەرز ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمگىمۇ ئىقتىدا قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى خۇددى باشقا - باشقا پەرز ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان ئادەمگە ياكى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئادەمگە ياكى نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى قەسەم قىلىپ ئوقۇماقچى بولغان نامازمۇ نەپلە نامازلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.[1]

4 - ئىمام كىچىكىپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى ئىمام كىچىكىپ قالغاندا ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلماقچى بولغان ئادەم قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرگەندە ئۇ ئادەمنىڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلىق ياكى قىلمىغانلىقىدا شۈبھە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.[2]

5 - ئىمام بىلەن ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم ھۆكمەن بولسىمۇ بىر يەردە تۇرۇش لازىم. مەسىلەن: ناماز چۆلدە ياكى چوڭ بىر قورۇدا ئوقۇلغان ۋە ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ ئارىلىقىدا ئەڭ ئاز ئىككى سەپ پاتقۇدەك يەر بوش قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىقتىداسى توغرا بولمىغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ ئارىلىقىدا ھارۋا ئۆتەلىگىدەك كەڭ يول بولغان ۋە سەپلەر بىر - بىرىگە يېقىن بولمىغان ياكى كىچىك قېيىق ماڭالىغۇدەك ئېرىق بولغان ياكى ئىمامنىڭ ئۇلتۇرۇپ قوپقانلىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇساپ تۇرىدىغان تام بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىقتىداسى توغرا بولمىغان بولىدۇ.

بىر مەسچىتنىڭ ھەممە يېرى بىر ئورۇن ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئارىلىقىدا بوش تاشلىنىپ قالغان يەر ئىقتىدا قىلىشنىڭ توغرا بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئىمام مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئىقتىدا قىلغۇچى مەسچىتنىڭ قورۇسىدا بولغان بولسىمۇ توغرا بولىدۇ.

---

(1) «الهدية العلائية»، 58 - بەت.

(2) <حاشية الطحاوي على مراقي الفلاح>

ئەگەر ناماز مەسچىتتىن باشقا دۇكاندەك ياكى ئۆيدەك بىر يەردە ئوقۇلغان ۋە سەپلەر بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرغان بولسا، بۇ يەر خۇددى مەسچىتكە ئوخشاش بىر ئورۇن ھېساپلىنىدۇ. ئىمامغا قىلىنغان ئىقتىدا توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئىمامغا قىلىنغان ئىقتىدا توغرا بولمىغان بولىدۇ.

ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم بىر كېمىدە ۋە ئىمام باشقا بىر كېمىدە تۇرغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىمامغا قىلىنغان ئىقتىدا توغرا بولمىغان بولىدۇ. ئەگەر ئىككى كېمە بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئىمامغا قىلىنغان ئىقتىدا توغرا بولغان بولىدۇ.

6 ـ ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئىمامدىن ئىمامنىڭ نامىزىنى بۇزىدىغان بىرەر ئىش كۆرۈلمەسلىكى لازىم. مەسىلەن: نامازدا تۇرۇپ ئىمامنىڭ بىر يېرىدىن قان چىققان ۋە ئىمام تاھارىتىنى ئالماشتۇرۇپ كىرمىگەن بولسا، ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتتى، دەپ قارىسا، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم. چۈنكى ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامىزىنىڭ توغرا بولۇشى ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشى ئىمامنىڭ نامىزىنىڭ توغرا بولۇشىغا ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشىگە باغلىقتۇر.(1) بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىمام كېپىلدۇر. مۇئەززىن ئامانەت قويۇلغۇچىدۇر.»(2)

ئىمام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەسىلەن: تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپلۇق ھالىتىدە ناماز ئوقۇپ سالغانغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ نامازىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەر شەرتنى كەم قىلىپ قويۇپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغانلار تونۇشلۇق ئادەملەر بولسا، ئۇنىڭ ئامال بار ئۇلارغا خەۋەر قىلىشى لازىم. ئەگەر ئىمام ئۇلارنىڭ بەزىسىنى تونۇيدىغان بولسا، خەت ئەۋەتىش ياكى ئادەم ئەۋەتىش ئارقىلىق بولامدۇ، ئىمامنىڭ ئۇلارغا خەۋەر قىلىشى لازىم.(3)

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمامنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەرنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەردىن رىۋايەت

(1) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامنىڭ نامىزىنى بۇزۇلۇپ كەتتى، دەپ قاراش ئۆزىنىڭ نامىزىنىڭمۇ بۇزۇلۇپ كېتىشىگەسەۋەپ بولىدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(3) «الهدية العلائية».

قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبراھىم نەخەئىي، ئاتا، ئىبنى سىرىن، ئەششەئبىي، مۇجاھىد ۋە تاۋۇس قاتارلىقلار باردۇر.[1]

## ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەمنىڭ ئىمامغا نامازنىڭ پەرزلىرىدە ۋە ۋاجىپلىرىدا كېچىكمەستىن ئەگىشىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئىمامغا ئەگىشىش ئىشىغا باشقا بىر ۋاجىپ دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇ ۋاجىپنى تاشلاپ قويمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ ۋاجىپنىمۇ قىلىدۇ، ئاندىن ئىمامغا ئەگىشىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. چۈنكى بىر ۋاجىپ ئىشنى قىلغانلىق ئىمامغا ئەگىشىشنى تاشلاپ قويغانلىق ھېساپلانمايدۇ. پەقەت ئۇنى كېچىكتۈرۈپ قويغانلىق ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغىچە ئىمام ئۈچۈنچى رەكەتكە تۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپىدۇ. چۈنكى ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇ ئەتتەھىيياتۇنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ بولماستىن ئىمام بىلەن بىللە تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ نامىزى توغرا بولغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىمام، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغانلار ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغىچە سالام بەرگەن بولسا، ئىقتىدا قىلغۇچى ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن سالام بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولمايلا ئىمام بىلەن بىللە سالام بەرگەن بولسا، نامىزى يەنە توغرا بولىدۇ.

ئەمما ئىقتىدا قىلغان ئادەم دۇرۇت ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئىمام سالام بەرگەن بولسا، ئىمامغا ئەگىشىپ ئىمام بىلەن بىللە سالام بېرىدۇ. چۈنكى دۇرۇت ۋە دۇئالارنى ئوقۇش سۈننەتتۇر.

بىر ئادەم بامدات نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيدىغان ئادەمگە (يەنى شافىئىي مەزھەپىدىكى بىر ئادەمگە) ئىقتىدا قىلغان بولسا، ئىمام نامازدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇغان ۋاقىتدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇماي جىم تۇرىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ

(1) «إعلاء السنن»، 1 ـ توم، 274 ـــ 280 ـ بەتكىچە.

دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ، ئىجتىھاد ئارقىلىق يولغا قويۇلغان بىر مەسىلىدۇر. ئىجتىھاد ئارقىلىق يولغا قويۇلغان مەسىلىلەردە (ئەگەر ئۇ ئىمام باشقا مەزھەپتە بولسىمۇ.) ئىقتىدا قىلغان ئىمامىغا ئەگىشىش لازىم» دېدى.[1]

ئەگەر ئىقتىدا قىلغان ئادەم رۇكۇدا ياكى سەجدىدە ئېيتىدىغان تەسبىھلەرنى ئۈچ قېتىم ئېيتىشتىن بۇرۇن ئىمام رۇكۇدىن ياكى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئىمامغا ئەگىشىشى لازىم.

ئىقتىدا قىلغان ئادەم بېشىنى رۇكۇدىن ياكى سەجدىدىن ئىمامدىن بۇرۇن كۆتۈرۈپ قالسا، قايتا رۇكۇغا ياكى سەجدىگە بېرىشى لازىم. ئۇ، بۇنداق قىلىش بىلەن رۇكۇنى ياكى سەجدىنى ئىككى قېتىم قىلغان ھېسابلىنىپ قالمايدۇ.

ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچى بىر پەرز ئىشنى ئىمامدىن بۇرۇن قىلىپ سېلىپ كېيىن ئۇنى ئىمام بىلەن بىللە قايتا قىلمىغان بولسا، مەسىلەن: بىر ئادەم ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىپ بېشىنى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنى ئىمام بىلەن ياكى ئىمام رۇكۇنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا قىلمىغان ۋە ئىمام بىلەن بىللە سالام بەرگەن بولسا، بۇھالەتتە ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[2]

ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ئىمام پەقەت ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ <اللە ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار. رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ رۇكۇ قىلىڭلار. (بېشىنى رۇكۇدىن) كۆتۈرسە، سىلەرمۇ كۆتۈرۈڭلار. ئەگەر ئۇ <سەمىئە للاھۇ لىمەن ھەمىدە> دېسە، سىلەر <رەببانا لەكەل ھەمدۇ> دەڭلار ۋە سەجدە قىلسا، سىلەرمۇ سەجدە قىلىڭلار »[3] دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نامازنىڭ بىشىدىن بىر رەكەتكە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەككە ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم ئىمام بىلەن بىللە سالام بەرمەيدۇ. ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن قوپۇپ نامازنىڭ بېشىدىكى ئۈلگۈرەلمىگەن يەرلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئىمام سالام

(1) « شرح المنيه »، 528 - بەت.

(2) « الهدية العلائية »، 64 - بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىرىپ بولغاندىن كېيىن نامازنىڭ قازاسىنى قىلىدىغان يەرلىرىدە نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇغان كىشى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ <سۇبھانەكەللاھۇممە> نى ئوقۇيدۇ. ئەئۇزۇنى دەيدۇ. بىسمىللاھنى، سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم، نامازنىڭ بېشىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ، مۇساپىر ئادەم بولسا، ئۇنىڭ نامىزى شۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇش نىيىتى بىلەن ئۆزگۈرەيدۇ.[1] نامازنىڭ يېتىشەلمىگەن يەرلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىۋاتقاندا سەھۋە سەجدىسى قىلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ سالغان بولسا، سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.[2]

## نامازدا ئوقۇلىغان نەرسىلەردە ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى

ئىقتىدا قىلغۇچى ئادەم ئايەتلەردىن باشقا نامازدا ئوقۇلىدىغان بارلىق دۇئا ۋە تەسبىھلەردە ئىمامغا ئەگىشىپ ئۇلارنى ئوقۇيدۇ. ئەمما ئايەتلەرنى ئوقۇشتا ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ. يەنى ئىمام ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتقاندا ئىمام بىلەن بىللە ئايەتلەرنى ئوقۇمايدۇ. ئەكسىچە مەيلى ناماز (پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىغا ئوخشاش) ئايەتلەر ئاۋازسىز ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن ياكى (بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىغا ئوخشاش) ئايەتلەر ئاۋازلىق ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن ئىمامنىڭ ئوقۇغان ئايەتلىرىنى تىڭشاپ جىم تۇرىدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 - الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)»[3] كۆپلىگەن ئەسەرلەر بۇ ئايەتنىڭ نامازدا ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ۋاقىتتا ئايەت ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.[4]

2 - ئەبۇمۇسال ئەشئەريي مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

(1) مۇساپىر ئەسلىدە تۆت رەكەتلىك نامازنى ئىككى رەكەت ئوقۇيدۇ. نامازنىڭ بېشىغا يېتىشەلمىگەن مۇساپىر بىر ئادەم ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن نامازنىڭ يېتىشەلمىگەن يېرىنىڭ قازاسىنى قىلىۋېتىپ مەن: بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇراي دەپ، نىيىتىنى شۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇشقا ئۆزگەرتكەن بولسا، ئۇ ئادەم مۇساپىر ھېساپلانمايدۇ ۋە ئىككى رەكەت ئوقۇيدىغان نامازنى تۆت رەكەت ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى رەكەت پەرز نامىزى تۆت رەكەتكە ئۆزگۈرەيدۇ. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 401 - بەت.

(3) سۈرە ئەئراف 204 - ئايەت.

(4) يەنى كۆپلىگەن ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر: بۇ ئايەت ئىمام نامازدا ئايەت ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەرنىڭ ئايەت ئوقۇماي ئىمامنىڭ ئوقۇغان ئايەتلىرىنى جىم تۇرۇپ تىڭشىشىنى بۇيرۇپ چۈشكەندۇر، دەيدۇ. ت.

بىزگە تەشۋىق قىلىپ بىزنىڭ مائىدىغان يوللىرىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر نامازغا تۇرساڭلار سەپلىرىڭلارنى تۈز تۇتۇڭلار. ئاندىن ئىچىڭلاردىن بىرى ئىمام بولسۇن. ئىمام تەكبىر ئېيتسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار. ئىمام <غەيرىل مەغدۇبى ئەلەيھىم ۋە لەددالىين> دەپ سۈرە فاتىھەنى تۈگەتسە، سىلەر: <ئامىن> دەڭلار. الله تائالا سىلەرنىڭ تىلەكلىرىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ. . .» يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىمام ئايەتلەرنى ئوقۇغان ۋاقىتىدا سىلەر جىم تۇرۇڭلار.»(1)

3 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمام پەقەت ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار. ئايەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىسا، سىلەر جىم تۇرۇڭلار.»(2)

4 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئىمامنىڭ ئايەت ئوقۇغانلىقى ئۇنىڭ ئايەت ئوقۇغانلىقىغىمۇ ھېساپ بولىدۇ.»(3)

5 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە پېشىن ياكى ئەسىر نامىزى ئوقۇپ بېرىپ بولۇپ: «كەينىمدە تۇرۇپ قايسىڭلار سۈرە ئەئلانى ئوقۇدۇڭلار» دېدى. بىر كىشى: مەن، مەن پەقەت ياخشىلىقنى كۆزلەپلا ئوقۇغان ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن بەزىڭلارنىڭ ئايەتنى مەن بىلەن بەسلىشىپ ئوقۇغۇنىڭلارنى بىلدىم(4)»(5) دېدى.

6 ـ نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر نامازدا ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئايەت ئوقۇشتىن چەكلەيتتى. بۇ ھەقتە مۇسا ئىبنى ئۆقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇشەيبە، مۇھەممەد ئىبنى ئەل ھەسەن، دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) يەنى ئايەتنى مەن بىلەن تەڭ ئوقۇپ مېنى ئېلىشتۇرۋاتقانلىقىڭلارنى بىلدىم. ت.

(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئايەت ئوقۇشتىن چەكلەيتتى» دېدى.[1]

زەيد ئىبنى سابىت: «نامازدا ئىمام بىلەن بىللە ئايەت ئوقۇش يوق» دېدى.[2]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ: «ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان كىشىدىن باشقا بىر كىشى نامازنىڭ بىر رەكەتىدە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا ناماز ئوقۇغان ھېساپلانمايدۇ» دېدى.[3]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىرىڭلار ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئىمامنىڭ ئايەت ئوقۇغانلىقى ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ئۇ يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئايەت ئوقۇسۇن» دېدى. نافىئ: «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندا ئايەت ئوقۇمايتتى» دېدى.[4]

بىر ئادەم ئىبنى مەسئۇددىن: «مەن ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ۋاقتىمدىمۇ ئايەت ئوقامدىمەن؟» دەپ سورىدى. ئىبنى مەسئۇد: «(ئىمامنىڭ ئوقۇغان) ئايەتلىرىنى جىم تۇرۇپ تىڭشىغىن. چۈنكى نامازدا (تۇرغان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى) ناماز بىلەنلا بولۇش. ساڭا ئىمامىڭنىڭ ئوقۇغان ئايەتلىرى يېتەرلىكتۇر» دېدى.[5]

ئىبنى ئەبۇجۇمرە مەن ئىبنى ئابباسقا: «ئىمام ئالدىمدا تۇرسا (يەنى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان ۋاقتىمدا)، مەن ئايەت ئوقامدىمەن؟» دېدىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ياق» دېدى.[6]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كاشكى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئايەت ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئاغزى تۇپا بىلەن تولسا ئىدى» دېدى.[7]

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر تابىئىنلەرنىڭ ئىماملىرىدىنمۇ رىۋايەت

(1) بۇ ئەسەرنى ئابدۇرراززاق رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك ۋە تىرمىزي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرلەرنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي ۋە تەبرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(6) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(7) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇۋەيد ئىبنى غەپلە، ئىلقەمە ئىبنى قەيس، ئىبراھىم ئىبنى ئەننەخەئىي ۋە ئۇلاردىن باشقىلار باردۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئايەت ئوقۇشنىڭ ھارامغا يېقىن مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.[1]

## ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇش توغرىسىدا

نامازدا تۇرغان ئىمامغا تاسادىپىي بىرەر ئىش بولسا (مەسىلەن: ئۇنىڭ تاھارىتى ئىختىيارسىز سونۇپ كەتسە)، ئۇنىڭ نامازىنىڭ بىرەر پەرزىنى تاھارەتسىز ئوقۇمىغان بولۇشى شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئىچىدىن ئىمام بولۇشقا لايىق بىر كىشىنى ئورنىدا ئىماملىق قىلىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇپ قويۇشى توغرىدۇر.

ئەگەر ۋاقىت نامازنى قايتا ئوقۇشقا يەتمىسە، ئىمامنىڭ ئورنىغا ئىماملىق قىلىشى ئۈچۈن ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇشى ۋاجىپتۇر.

ئەگەر ئىمام ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويماي (تاھارەت ئالغىلى ماڭغان بولسا)، نامازدا تۇرغانلاردىن بىرسى ئىمام مەسچىتتىن چىقىپ كېتىپ بولغىچە ئۆزلىگىدىن ئىمامنىڭ ئورنىغا بېرىپ تۇرۇپ نامازنى داۋاملاشتۇرۇشى توغرىدۇر.

ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇش ئىشارەت قىلىش ياكى كىيىمىنىڭ بىر ئۇچىدىن تارتىپ مېھراپقا ئەكىلىپ قويۇش بىلەن بولىدۇ.

ئىمام ئايەتلەرنى ئوقۇيالماي قالغان ۋاقىتىدىمۇ ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇشقا بولىدۇ.

ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇشنىڭ ئىشارەت بىلەن بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

سەھلى ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى) ئەمرى ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن

(1) «شرح المنيه»، 528 - بەت.

كەتكەن ئىدى. نامازنىڭ ۋاقتى كىردى. شۇنىڭ بىلەن مۇئەززىن ئەبۇبەكرنىڭ قېشىغا كېلىپ: نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلۈپ بولدى، سەن كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرەمسەن؟ دېدى. ئەبۇبەكر: ماقۇل، دەپ نامازنى باشلىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ناماز ئوقۇۋاتقاندا كېلىپ (سەپلەرنىڭ ئارىلىقىدىن) ئۆتۈپ بىرىنچى سەپكە كېلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر چاۋاك چالغىلى باشلىدى. ئەبۇبەكر ئۇلارغا قارىماي نامازدا تۇرىۋەردى. كىشىلەر چاۋاكنى بەك كۆپ چالغان ئىدى ئەبۇبەكر ئۇلارغا قارىدى ـ دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانلىقىنى) كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرگە: ئورنىڭدا تۇرۇۋەرگىن، دەپ ئىشارەت قىلدى. ئەبۇبەكر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئورنىڭدا تۇرۇۋەرگىن، دەپ ئىشارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قولىنى (ئاسمانغا) كۆتۈرۈپ الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتى ۋە ئارقىسىغا چېكىنىپ بىرىنچى سەپكە بېرىپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا چىقىپ نامازنى ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولۇپ: ئى ئەبۇبەكر! سېنى ئورنىڭدا تۇرۇۋەرگىن، دەپ بۇيرۇسام ئورنىڭدا تۇرماسلىقىڭغا نېمە تۇسالغۇ؟ بولدى، دېدى. ئەبۇبەكر: ئەبۇقۇھاپەنىڭ ئوغلىنىڭ (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى لايىق ئەمەستۇر، دېدى.»[1]

ئەگەر ئىمام (بىرەر سەۋەب بىلەن) رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ. نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇشقا ھاجەت قالمايدۇ.[2]

ئەگەر ئىمام نامازنىڭ بېشىدىن (بىرەر رەكەتكە) ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەمنى ئورنىغا تۇرغۇزۇپ قويماقچى بولسا، نامازنىڭ بېشىغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم بارماقلىرى بىلەن ئۈستىدە قالغان نامازنىڭ رەكەت سانىنى ئىمامغا كۆرسىتىشى لازىم. ئەگەر ئۇ قانچە رەكەت نامازنىڭ قالغانلىقىنى بىلمىسە ئېھتىيات يۈزىسىدىن ھەر بىر رەكەتنىڭ بېشىدا تەشەھھۇددا ئولتۇرىدۇ. ئەگەر نامازنىڭ بېشىغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بەرگەن نامازنى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 406 ـ بەت.

ئاياغلاشتۇرسا، جامائەت بىلەن سالام بېرىپ نامازدىن چىقىشى ئۈچۈن نامازغا بېشىدىن تارتىپ ئۇلگۇرگەن بىرسىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويىدۇ ۋە (ئۇزى ئۇ ئادەم سالام بېرىپ نامازدىن ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن نامازنىڭ بېشىدا ئۇلگۇرەلمىگەن رەكەتلىرىنى ئوقۇيدۇ.) ئىمام ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويماقچى بولسا، نامازغا ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئۇلگۇرگەن ئادەمنى تۇرغۇزۇپ قويۇش ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇ نامازنى نامازنىڭ بېشىغا ئۇلگۇرەلمىگەن ئادەمگە قارىغاندا مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئاياغلاشتۇرىدۇ.

ئەگەر ئىمام ئورنىغا ئادەم تۇرغۇزۇپ قويۇش ئۈچۈن بىر ئادەمگە ئىشارەت قىلغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئىمامنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىگە ئىشارەت قىلىشى لازىم. ئەگەر ئىمام نامازنى كەلگەن يەردىن ئوقۇماقچى بولسا، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغان يېرىگە قايتىپ كىرىپ ئورنىدا نامازنى باشلاپ ئوقۇپ بەرگەن ئادەمگە ئىقتىدا قىلىپ نامازنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولغان بولسا، ئىمام نامازنى تاھارەت ئالغان يەردە تاماملىسىمۇ بولىدۇ ياكى نامازنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرى بىر يەردە تاماملىنىشى ئۈچۈن ئەسلىدە ناماز ئوقۇغان يېرىگە قايتىپ شۇ يەردە تاماملىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن نامازنىڭ ئىچىدە كۆپ مېڭىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن نامازنى تاھارەت ئالغان يەردە تاماملىشى ياخشىدۇر.(1)

مەسىلەن: بىر مەھەللىنىڭ مەسچىتىگە ئوخشاش مەلۇم جامائىتى بار بىر مەسچىتتە بىر نامازنى بىر بۆلۈك ئادەملەر جامائەت بولۇپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ ئوخشاش شەكىلدە جامائەت بولۇپ ئوقۇشى مەكرۇھتۇر.

ئەگەر مەسچىت يول ئۈستىدىكى مەسچىت بولۇپ ئۇ يەرگە كېلىپ كېتىدىغانلار كۆپ بولسا، بىر نامازنى قايتا - قايتا جامائەت بولۇپ ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىككىنچى جامائەت بىرىنچى جامائەتنىڭ شەكلىدە بولمىغان بولسا، مەسىلەن: ئىككىنچى جامائەتنىڭ ئىمامى نامازنى مېھراپتا تۇرۇپ ئەمەس باشقا يەردە تۇرۇپ ئوقۇپ بەرگەن بولسا، بىر نامازنى ئىككىنچى قېتىم جامائەت بولۇپ ئوقۇش يەنە مەكرۇھ ئەمەستۇر.(2)

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 407 - بەت.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 372 - بەت.

# مەسچىتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى

مەسچىتلەر اﷲ تائالانىڭ ئۆيلىرىدۇر. مەسچىتلەر، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن اﷲ تائالانىڭ ئۆيلىرى، دەپ اﷲ تائالاغا نىسبەت بېرىلىدۇ. مەسچىتلەرنىڭ، رىئايە قىلىش لازىم بولغان بىر نەچچە خىل ھۆكۈملىرى ۋە ئەدەبلىرى باردۇر. اﷲ تائالا ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىلەن مەسچىتلەرنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان ئادەملەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى اﷲ نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ. اﷲ نى ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بەرسۇن دەپ (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ) اﷲ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.»[1]

مەسچىتلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ئۇلاردا ئىبادەت قىلىش، ئۇلارنى ھەرخىل پاسكىنا، نىجىس نەرسىلەردىن ۋە بەتبۇي پۇراقلاردىن پاك تۇتۇش ۋە ئۇلاردا يامان سۆز ۋە سودا ـ سېتىق قىلىشتىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز مەسچىتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق. يېزىلىق بىر ئەرەب كېلىپ مەسچىتكە سىيگىلى باشلىدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا: سىيىشتىن توختا! سىيىشتىن توختا! دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: ئۇنىڭ سۈيدۈكىنى ئۈزمەڭلار ۋە ئۇنىڭغا چىقىلماڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۇ، ھەتتا سىيىپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا چىقىلمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەرەبنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن مەسچىتلەر بولسا، بۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك تەرەت ياكى چوڭ تەرەت قىلىپ قويىدىغان يەر ئەمەس. بۇلار پەقەت اﷲ تائالانى زىكرى قىلىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان يەردۇر» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ بىرىنى بىر چېلەك سۇ ئېلىپ كېلىپ سۈيدۈكنىڭ ئۈستىگە

(1) سۈرە نۇر 37 ــ 38 ـ ئايەتلەر.

قۇيۇۋېتىشكە بۇيرىدى.[1]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىرسىنىڭ يۈتكەن نەرسىسىنى مەسچىتتە ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىسا، اللہ يۈتكەن نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي! دېسۇن. چۈنكى مەسچىت يۈتكەن نەرسىلەرنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن سېلىنمىغان.»[2]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى سامساقنى (خام) يېسە، يەنە بىر رىۋايەتتە: كىمكى پىيازنى ياكى سامساقنى ياكى سوڭ پىيازنى (خام) يېسە، مەسچىتلىرىمىزگە يېقىنلاشمىسۇن. چۈنكى پەرىشتىلەرمۇ ئىنسانلار ئازار يەيدىغان نەرسىلەردىن ئازار يەيدۇ.»[3] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئاياللارنى (ناماز ئوقۇشىمىز ئۈچۈن) ئۆيلىرىمىزدە مەسچىت قىلىۋېلىشقا ۋە ئۇنى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرىدى» دېدى.[4]

اللہ تائالانىڭ: «ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، اللہ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[5] دېگەن ئايىتىدىكى <ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار> دېگەن ئايەت ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[6] بۇ ھەقتە ھەم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاياللىرىڭلارنى مەسچىتكە كېلىشتىن توسماڭلار. (لېكىن، ئۇلارنىڭ نامازنى) ئۆيلىرىدە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي بۇ توغرۇلۇپ دەرىجىسىگە يەتكەن ئەسەردۇر، دېدى.

(5) سۈرە تەۋبە **108** - ئايەت.

(6) ئايەتنىڭ سۆزمۇ سۆز مەنىسى: <ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان ئەرلەر بار> دېگەن بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئايەتتىن زىت مەنا ئېلىنسا ئاياللارنىڭ نامازنى مەسچىتتە ئەمەس ئۆيلىرىدە ئوقۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ت.

ئوقۇغۇنى ئۇلار ئۇچۇن بەك ياخشىدۇر.»[1]

<ئەددۇر> دەپ ئاتىلىدىغان كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەسچىتنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ئوغۇرلىنىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنمىسا، مەسچىتنىڭ ئىشكىنى قۇلۇپ سېلىپ تاقاش مەكرۇھتۇر. مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ياكى ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە چوڭ تەرەت ياكى كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆگزىسىمۇ تاكى ئاسماننىڭ قەھرىگە يەتكۈچە مەسچىت ھېساپلىنىدۇ ۋە مەسچىتنىڭ ئىچىدىن ئۆزرىسىز يول تۇتۇشمۇ ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر».

<ئەل غەنىيە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: مەسچىتنىڭ ئىچىدىن يول تۇتۇپ كۆنۈپ قالغان ئادەمنىڭ ۋە ئۇنىڭغا نجىس نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىدىغان ئادەمنىڭ پاسىق ھېساپلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

مەسچىتكە نجىس نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرگەن ئادەمنىڭ پاسىق ھېساپلىنىدىغانلىقىغا ئاساسەن مەسچىتنىڭ چىراغلىرىغا نجىس ياغلارنى قويۇپ يېقىش، مەسچىتكە ئىشلىتىلىدىغان لاي ئۈچۈن نجىس سېغىز ياكى نجىس سۇ ئىشلىتىش، قاچىغا بولسىمۇ مەسچىتتە سىيىش ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە قان ئېلىش توغرا ئەمەستۇر.

ئەگەر كىچىك بالىلارنىڭ ۋە ساراڭلارنىڭ مەسچىتنى نجىس ۋە پاسكىنا قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولسا، ئۇلارنى مەسچىتكە ئېلىپ كىرىش ھارامدۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولمىسا، ئۇلارنى مەسچىتكە ئېلىپ كىرىش مەكرۇھتۇر. مەسچىتكە كىرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مەسچىتكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئاياغلىرىدا نچىس ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ بار - يوقلىقىغا دىققەت قىلىشى لازىم.

مەسچىتلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى (ئۆزرىسىز) قۇلۇپ سېلىپ تاقاپ قويۇشنىڭ مەكرۇھ بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، قۇلۇپ سېلىپ تاقاپ قويۇش مەسچىتتە خۇددى ناماز ئوقۇشتىن توسقانلىققا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. الله تائالا مەسچىتلەردىن ئىنسانلارنى توسقان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: «الله نىڭ مەسجىدلىرىدە الله نىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى. يەنە مۇشۇ مەزمۇندا كەلگەن ئەسەرلەر ناھايىتى چىقتۇر.

قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى، ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ »[1]

ئەل مۇنزىرىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « سىلەر مەسچىتلەرگە كىچىك باللارنى ۋە ساراڭلارنى ئېلىپ كېلىشتىن، ئۇنىڭدا سودا ـ سېتىق قىلىشتىن، ئاۋازلىرىڭلارنى كۆتۈرۈشتىن، قېلىچلىرىڭلارنى غىلاپلىرىدىن چىقىرىشتىن[2] ۋە (گۇناھكارلارغا بېرىلىدىغان) جازالارنى ئىجرا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. جۈمە كۈنى مەسچىتلەرگە خوشبۇي نەرسىلەرنى قوللىنىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىللىرىغا پاكىزلىنىدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ قويۇڭلار.[3] »

مەسچىتكە كەلگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ۋە تەنلىرىنىڭ پاكىزە بولۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدائەۋرەتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ »[4]

مەسچىتكە كىرگەندە: <بىسمىللاھى ئەللاھۇممە ئىغفىر لى زۇنۇبى ۋە ئىفتەھ لى ئەبۋابە رەھمەتىكە> دېگەن دۇئانى ئوقۇش ۋە ئارقىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش سۈننەتتۇر. مەسچىتتىن چىققاندا: <بىسمىللاھى ئەللاھۇممە ئىغفىر لى زۇنۇبى ۋە ئىفتەھ لى ئەبۋابە فەزلىكە> دېگەن دۇئانى ئوقۇش ۋە ئارقىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش سۈننەتتۇر. مەسچىتكە كىرگەندە ئوڭ پۇت بىلەن كىرىش، چىققاندا سول پۇت بىلەن چىقىش لازىم.

مەسچىتلەرنىڭ ئىچىدە پەزىلىتى ئەڭ يۇقىرى مەسچىت ھەرام مەسچىتىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، مەدىنىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەقسا مەسچىتىدۇر. بۇلار ھەققىدە ئالدىمىزدا توختۇلىمىز.

(1) سۈرە بەقەرە 114 ـ ئايەت.

(2) بۇ، مەسچىتلەردە قېلىچلارنى چىقىرىشىپ جىدەل ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن كىنايە سۆز بولۇشى مۇمكىن. توغرۇسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(3) يەنى ئۇلار تاھارەت ئالىدىغان قاچا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پاكىزلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان نەرسىلەردۇر.

(4) سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەت.

ئۇنىڭدىن قالسا، قۇبا مەسچىتىدۇر[1]. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان مەسچىتتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەڭ كۆپ ئادەم سىغىدىغان ئەڭ چوڭ مەسچىتلەردۇر. لېكىن بۇنداق چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ پەزىلىتى ئەڭ يۇقىرىسى بولسا، ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان مەسچىتتۇر.[2]

## سەۋەنلىك سەجدىسى

سەۋەنلىك سەجدىسى بولسا، نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقى بىلەن ئەمەس نامازنىڭ ئەسلى ۋاجىپلىرىنىڭ بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاجىپنىڭ سەۋەنلىك بىلەن تاشلىنىپ قىلىشى بىلەن نامازدا پەيدا بولغان كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان سەجدىدۇر. نامازدا سۈننەتنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى بىلەن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىنمايدۇ. چۈنكى ناماز، سۈننەتنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى بىلەن كەم بولۇپ قالغان ھېساپلانمايدۇ. (نامازدا يەنە پەرز بىر ئىشنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى بىلەن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىنمايدۇ.) چۈنكى ناماز، پەرز بىر ئىشنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنى سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلىغىلى بولمايدۇ.[3]

## سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ قىلىنىش شەكلى

ئۇ، نامازنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان ئىككى سەجدىدۇر. بۇ سەجدىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىۋېتىپ، ئاندىن بۇ سەجدىنى قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ سەجدىنى نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان سالامدىن ئىلگىرى قىلىپ ئاندىن سالام بېرىپ نامازدىن چىقىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر. (بىز بۇنىڭدىن كېيىن سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدىغان سالامغا <بىرىنچى سالام> نامازدىن چىقىپ

(1) قۇبا مەسچىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىۋېتىپ مەدىنىگە كىرىشكە ئاز قالغان بىر يەردە يول ئۈستۈگە سالغان مەسچىتتۇر. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 443 - بەت.

(3) «مراقي الفلاح».

كېتىش ئۈچۈن نامازنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان سالامغا <ئاخىرقى سالام> دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىمىز.)

ھەدىس كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەنلىك سەجدىسىنى نامازنىڭ ئاخىرقى سالىمىدىن ئىلگىرى قىلغانلىقىمۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى سالام بېرىپ، ئاندىن سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىپ، ئاندىن نامازنىڭ ئاخىرقى سالىمىنى بەرگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلا نامىزىدا (قانچە رەكەت ئوقۇغانلىقىدا) شەكلىنىپ قالسا، توغرىسىنى ئويلىسۇن[1]. ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن نامىزىنى تاماملىسۇن. ئاندىن سالام بەرسۇن ۋە ئىككى قېتىم سەجدە قىلسۇن.»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى نامىزىدا شەكلىنىپ قالسا، سالام بەرگەندىن كېيىن[3] ئىككى قېتىم سەجدە قىلسۇن.»[4]

سەۋبان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(نامازدا ئۆتكۈزۈپ سالغان) ھەر بىر سەۋەنلىك ئۈچۈن (بىر قېتىم) سالام بېرىۋېتىپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلىنىدۇ.»[5]

سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەتتەھىيياتۇنى قايتا ئوقۇش ۋاجىپتۇر. چۈنكى سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇغان ئەتتەھىيياتۇ سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمران ئىبنى ھۆسەين مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ نامازدا سەۋەنلىك قىلىپ سالدى. ئاندىن ئىككى قېتىم

(1) يەنى ئىككى رەكەت ئوقۇغانتىمەنمۇ ياكى ئۈچ رەكەت ئوقۇغانتىمەنمۇ دەپ شەكلىنىپ قالسا قارارىنى گۇمانى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنىغا توختىدۇ. ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن نامىزىنى تاماملايدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ، نامازنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان سالام ئەمەستۇر. بۇ، سەھۋە سەجدىسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدىغان سالامدۇر. ت.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

سەجدە قىلدى. ئاندىن ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇدى ۋە سالام بەردى.»[1]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن نامازدا تۇرۇپ نامازنى ئۈچ رەكەت ياكى تۆت رەكەت ئوقۇغانلىقىڭدا شەكلىنىپ قالساڭ ۋە كۆپلۈك گۇمانىڭ تۆت رەكەت ئوقۇغانلىقىڭ بولسا، تەشەھھۇددا ئولتۇر (يەنى تەشەھھۇددا ئولتۇرۇپ ئەتتەھەيياتۇنى) ئوقۇغىن. ئاندىن ئاخىرقى سالامنى بېرىشتىن ئىلگىرى تەشەھھۇددا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلغىن. ئاندىن يەنە ئەتتەھەيياتۇنى ئوقۇغىن. ئاندىن ئاخىرقى سالام بەرگىن.»[2]

ئەگەر بىر ئادەم سەۋەنلىك سەجدىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپلا (ئەتتەھەيياتۇنى ئوقۇماستىن) سالام بەرگەن بولسا، بىر ۋاجىپنى قىلمىغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش بىلەن نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ھارامغا يېقىن مەكرۇھ ئىشتىن بىرنى قىلغان ھېساپلىنىدۇ.

# سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ ھۆكمى

سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۇ، نامازدا ئۆتۈلۈپ سالغان كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان سەجدىدۇر. ئىبادەتنى مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر. سەۋەنلىك سەجدىسى خۇددى ھەجدە ئۆتكۈزۈلۈپ سالغان كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن مال سويۇش ۋاجىپ قىلىنغىنىدەك (نامازدا ئۆتكۈزۈلۈپ قالغان كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ۋاجىپ بىر ئىشتۇر.)[3]

سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەردىكى بۇيرۇقلارمۇ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇيرۇق ئەسلىدە ۋاجىپنى ئىپادىلەيدۇ. سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلماسلىققا ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ قەستەن قىلمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ ۋە

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزي، ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزي: بۇ، ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىپ ھەدىستۇر، دېدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى. لېكىن، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ھەدىس رىۋايەت قىلىش شەرتىگە توشمايدىغان ئادەم باردۇر.

(3) «شرح المنيه»، 455 - بەت.

ئۇنىڭغا نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم بولىدۇ.

بامدات نامىزىدا، سەۋەنلىك سەجدىسىدىن بۇرۇن قىلىنىدىغان سالامدىن كېيىن كۈن چىقىپ قالغان ۋە ئەسىر نامىزىدا كۈن قىزىرىپ قالغان بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرىنچى سالامدىن كېيىن ۋە (سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى) تاھارىتىنى قەستەن بۇزىۋەتكەنگە ۋە قەستەن گەپ قىلغانغا ئوخشاش نامازغا زىت كېلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىش بىلەنمۇ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىنمايدۇ. لېكىن بۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم.[1]

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم، ئەگەر ئىمام نامازدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ سېلىپ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلغان بولسا، ئىمام بىلەن بىللە سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازدا ئۆزى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ئەگەر سەۋەنلىك سەجدىسىنى ئۆزى يالغۇز قىلسا، ئىمامغا ئەگەشمىگەن ھېساپلىنىدۇ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان ئادەم ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ سالغان ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىمدۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم ئىمامغا ئەگىشىمەن، دەپ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ سالغان كەمچىلىكىنى سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن نامازدا تولۇقلاشقا ئىمكانى بولمىغان.[2]

نامازنىڭ بېشىغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم ئەگەر ئىمامى سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلسا، نامازنىڭ ئۈلگۈرەلمىگەن يېرىنى ئوقۇش ئۈچۈن قوپۇشتىن ئىلگىرى ئىمامى بىلەن بىللە سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنىڭ ئۈلگۈرەلمىگەن يېرىنى ئوقۇۋاتقاندا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە بىر قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇرۇن ئىمام بىلەن قىلغان سەۋەنلىك سەجدىسى بۇنىڭ ئورنىنى باسمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئىمامدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى نامىزىنى خۇددى يالغۇز ئوقۇغان ئادەمنىڭ نامىزىنىڭ ھۆكمىدىدۇر.

ئەگەر نامازنىڭ بېشىغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم سەۋەنلىك بىلەن ئىمامدىن

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 499 ـ بەت.

(2) «رد المحتار».

بۇرۇن ياكى ئىمامى بىلەن بىللە سالام بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش كېرەك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، تېخى ئىمامىغا ئىقتىدا قىلىپ تۇرغان ھالەتتىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم، ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن سالام بېرىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.[1]

بىر ئادەم، ئۇستىدە سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ ياكى ناماز سەجدىسىنىڭ[2] ياكى تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ[3] بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ سالام بېرىۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم يۈزىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە قاراتقان بولسىمۇ، لېكىن مەسچىتتىن چىقىپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم. چۈنكى مەسچىتنىڭ ھەممىسى بىر يەرنىڭ ھۆكمىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئىچىدىلا بولسا، ئۇستىدە قىلىپ قالغان نەرسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نامازغا قايتا قايتالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مەسچىتنىڭ ئىچىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن گەپ قىلغانغا ياكى ئاۋازلىق كۈلگەنگە ياكى قەستەن تاھارەت سۇندۇرغانغا ئوخشاش نامازغا زىت كېلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ قويغان ياكى مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇستىدە قىلىپ قالغان نەرسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نامازغا قايتا قايتالمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم، ئۇستىدە سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ بارلىقى ئېسىدە بار تۇرۇپ سالام بېرىۋەتكەن بولسا، ئۇ سەجدىنى (كېيىنمۇ) قىلالايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇستىدە ناماز سەجدىسىنىڭ ياكى تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بارلىقى ئېسىدە بار تۇرۇپ سالام بېرىۋەتكەن بولسا، ئۇ سەجدىنى سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن قىلىش توغرا بولمايدۇ.[4]

بىر ئادەم تۆت رەكەتلىك پەرز نامازنىڭ ياكى ۋىتىر نامىزىنىڭ بىرىنچى ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرماي سەۋەنلىك بىلەن قوپۇپ كېتىپ سالغان بولسا، قوپۇپ تىكلىنىپ بولمىغانلا بولسا قايتىپ بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قوپۇپ تىكلىنىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغان

(1) «مراقي الفلاح».

(2) ناماز سەجدىسىدىن نامازنىڭ ھەر بىر رەكىتىدە قىلىنىدىغان ئىككى سەجدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(3) تىلاۋەت سەجدىسىدىن قۇرئاننىڭ ئىچىدە سەجدە ئايىتى، دەپ ئاتىلىدىغان مەلۇم ئايەتلەر بولۇپ بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغان ۋە تىڭشىغان ئادەمگە قىلىش لازىم بولغان سەجدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(4) «الهدية العلائية».

بولسا، نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى نامازدا ئازراق ئارتۇق ئۆرە تۇرۇپ قېلىش نامازنىڭ توغرا بولۇشىغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.[1]

ئەمما پەرز ناماز ۋە ۋىتىر نامازلاردىن باشقا مەسىلەن: سۈننەن ناماز ۋە نەپلە نامازغا ئوخشاش نامازلاردا بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرماي سەۋەنلىك بىلەن قوپۇپ كېتىپ تىكلىنىپ بولغان بولسىمۇ قايتىپ ئولتۇرۇشتا ئولتۇرىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى نامازلاردا ھەر بىر ئىككى رەكەت ئۆز ئالدىغا بىر ناماز ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قوپۇپ كېتىپ ئۈچۈنچى رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ سالغان بولسا، ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن قايتماي نامىزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.[2]

بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرماي سەۋەنلىك بىلەن ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپۇپ كېتىپ سالغان، ئاندىن يېنىپ قايتا ئولتۇرغان ئادەم، ئەگەر ئۆرە تۇرۇپ بولۇشقا ئاز قالغان ۋاقتىدا يېنىپ قايتا ئولتۇرغان بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر تېخى ئولتۇرۇشقا يېقىن بىر شەكىلدە قوپۇپ بولۇپ، ئاندىن ئولتۇرغان بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرماي تۆت رەكەتلىك نامازدا بەشىنچى رەكەتكە ياكى ئۈچ رەكەتلىك نامازدا تۆتىنچى رەكەتكە ياكى بامداتدەك ئىككى رەكەتلىك نامازدا ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپۇپ كېتىپ قالغان، قوپۇپ كەتكەن رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلمىغانلا بولسا، قايتىپ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ (قوپۇپ كەتكەن رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلمىغاچقا) تېخى پەرزنىڭ دائىرىسى ئىچىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولىدۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سەۋەنلىك بىلەن قوپۇپ كەتكەن رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغان بولسا، پەرزنىڭ دائىرىسى ئىچىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ پەرز نامىزى بولسا نەپلە نامازغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ بىر رەكەت نامازغا يەنە بىر رەكەت قوشۇپ ئىككى رەكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى بۇزۇلۇپ كەتكەن ناماز (يەنى پەرزلىكتىن بۇزۇلۇپ نەپلىگە ئايلانغان ناماز) سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن ئەسلىگە كەلمەيدۇ.

---

(1) «مراقي الفلاح».

(2) «رد المحتار».

ئەگەر بىر ئادەم ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سەۋەنلىك بىلەن ئارتۇق رەكەتكە (يەنى تۆت رەكەتلىك نامازدا بەشىنچى رەكەتكە ياكى ئۈچ رەكەتلىك نامازدا تۆتىنچى رەكەتكە ياكى بامداتدەك ئىككى رەكەتلىك نامازدا ئۈچۈنچى رەكەتكە) قوپۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئارتۇق رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلمىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ ئارتۇق رەكەتكە قوپۇپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كەلگەن ھامانلا ئولتۇرسا بولىدۇ ۋە ئاخىرقى سالامنى كېچىكتۈرۈپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئارتۇق رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ بولغان بولسا، ئاخىرقى رەكەتتە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەرزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ ئارتۇق بىر رەكەتكە يەنە بىر رەكەت قوشىدۇ ۋە ئارتۇق ئىككى رەكەت بۇ ناماز ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم پەرز ناماز ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئاخىرقى سالامنى قىلمىدى(1).

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئارتۇق قوشۇلۇپ ۋە نەپلە دەپ قارالغان ئۇ ئىككى رەكەت ناماز پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت سۈننەتكە ھېساپ بولمايدۇ(2). چۈنكى ئۇ ئىككى رەكەت ناماز ئايرىم بىر قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىش بىلەن باشلانمىغاندۇر.(3)

سۈرە فاتىھەنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوقۇمىغانلىق سەۋەبى بىلەن سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماي باشقا سۈرىدىن بىر ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغانلىقى ئېسىگە كەلگەن بولسا، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۇ سۈرىنى قايتا ئوقۇيدۇ ۋە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنى كېچىكتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنىڭ دەسلەپكى

(1) ئەمما پەرز نامىزىغا ئارتۇق ئىككى رەكەت قوشۇپ بولغاندىن كېيىن بەرگەن ئاخىرقى سالام ئاپتۇرنىڭ قارىشى بويىچە پەرزگە ئەمەس ئارتۇق قوشۇلۇپ ۋە نەپلە دەپ قارالغان ئىككى رەكەت ناماز ئۈچۈن ھېساپ بولۇشى مۇمكىن. ت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم پېشىن ياكى شام ياكى خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرۇپ بولۇپ سەۋەنلىك بىلەن ئارتۇق رەكەتكە قوپۇپ كېتىپ سىلىپ تاكى قوپۇپ كەتكەن ئۇ رەكەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغىچە ئۆزىنىڭ ئۇ رەكەتكە سەۋەنلىك بىلەن قوپۇپ كېتىپ سالغانلىقى ئېسىگە كەلمىگەن ۋە سەجدىدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن بولسا، ئۇ رەكەتكە يەنە بىر رەكەت قوشىدۇ ۋە ئارتۇق ئۇ ئىككى رەكەت ناماز، ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامىزى پېشىن بىلەن خۇپتەندە ئالتە رەكەت ۋە شامدا بەش رەكەت بولىدۇ. پېشىن بىلەن خۇپتەندە تۆت رەكەت، پەرزگە ۋە ئىككى رەكەت نەپلىگە ھېساپ بولىدۇ ۋە شامدا ئۈچ رەكەت پەرزگە ۋە ئىككى رەكەت نەپلىگە ھېساپ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئىككى رەكەت نەپلە ئۇ نامازلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت سۈننەتنىڭ ئورنىدا ھېساپلانمايدۇ. ت.

(3) <الدر المختار>، 1 ـ توم، 502 ـ بەت. «الهدية العلائية».

ئىككى رەكەتنىڭ بىرەر رەكىتىدە سۈرىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى سۈرە فاتىھەنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭغا يەنە سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم سۈرە فاتىھەنىڭ كەينىدىن ئوقۇيدىغان سۈرىنى ئوقۇمايلا رۇكۇغا كېتىپ رۇكۇدا ياكى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تېخى سەجدىگە بارماي تۇرغان ۋاقتىدا، سۈرىنى ئوقۇمىغانلىقى ئېسىگە كەلگەن بولسا، ئارقىسىغا يېنىپ سۈرىنى ئوقۇيدۇ، رۇكۇنى قايتا قىلىدۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپ رۇكۇغا كېتىپ (رۇكۇدا ياكى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تېخى سەجدىگە بارماي تۇرغان ۋاقتىدا سۈرىنى ئوقۇمىغانلىقى ئېسىگە كەلگەن) بولسا، ئۇنىڭ ئورنى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا يانمايدۇ. ئەگەر ئارقىسىغا يانغان ۋە دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان رۇكۇسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر. ۋاجىپ بىر ئىشنى قىلىش بىلەن پەرز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئادەم مەيلى ئارقىسىغا يېنىپ دۇئايى قۇنۇتنى قايتا ئوقۇسۇن مەيلى ئوقۇمىسۇن ئۇنىڭ سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ، بىرىنچى سۈرەتتە دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇشنى كېچىكتۈردى، ئىككىنچى سۈرەتتە بولسا، ئۇنى پەقەت ئوقۇمىدى.

ئەگەر بىر ئادەم رۇكۇ ياكى سەجدە قىلغاندا ياكى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەن ۋە تېخى سەجدىگە بارماي تۇرغان ۋاقتىدا سەۋەنلىك بىلەن ئايەت ئوقۇپ سالغان بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئايەت ئوقۇپ سالغان بولسا، ئولتۇرۇشنىڭ بېشىدا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ بېشىدا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىرىنچى بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن ئايەت ئوقۇپ سالغان بولسا، ئەتتەھىيياتۇنىڭ كەينىدىنلا ئۈچۈنچى رەكەتكە قوپۇشتىن ئىبارەت بىر ۋاجىپنى قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۈچۈنچى

رەكەتكە قوپۇشنى دۇرۇت ئوقۇغانلىق سەۋەبى بىلەن كېچىكتۈرۈپ سالغان بولسىمۇ يەنە ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ. ئەمما ئۇ ئەگەر ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ ۋە ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئايەت ئوقۇپ سالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى مۇددەت دۇرۇت ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئايەت بولسا بۇ ئىككىسىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئەتتەھەيياتۇنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ياكى دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇمىغان ياكى دۇئايى قۇنۇتنىڭ تەكبىرىنى[1] ئېيتمىغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم.

ئەگەر ئايەتلەر ئاۋازسىز ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئىمام ئەڭ ئاز بولغاندا ئۇزۇن بىر ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەتنى ئاۋازلىق ئوقۇپ سالغان ياكى ئايەتلەر ئاۋازلىق ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئاۋازسىز ئوقۇپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم.

ئەگەر ئىمام دۇئا ياكى دۇرۇت ياكى تەسبىھلارنى ئاۋازلىق ئوقۇپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەم ئايەتلەر ئاۋازسىز ئوقۇغان نامازلاردا ئايەتلەرنى ئاۋازلىق ئوقۇپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش لازىم ئەمەس. سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىش پەقەت ئىمام شۇنداق ئوقۇپ سالغان ۋاقتىدىلا ئىمامغا ۋاجىپ بولىدۇ.[2] چۈنكى ئايەتلەر ئاۋازسىز ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئايەتنى ئاۋازسىز ئوقۇش ۋە ئايەتلەر ئاۋازلىق ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئايەتنى ئاۋازلىق ئوقۇش ئىمامنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇ، يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەستۇر.

## شەك قىلىپ قېلىشنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم نامازنى ئوقۇپ بولۇپ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن (نامازنى

(1) يەنى دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشتىن ئىلگىرى <الله ئەكبەر> دەپ قىلىدىغان قۇلاق قېقىشنى قىلمىغان بولسا. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 498 ـ بەت.

توغرا ئوقۇغانلىقى ياكى خاتا ئوقۇغانلىقى ھەققىدە ) شەك قىلىپ قالغان بولسا، بۇ شەك ھېچبىر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ گۇمانىغا ئۆزىنىڭ نامازدا بىر ئىشنى كەم قىلىپ قويغانلىقى كۈچلۈك كەلسە. ئەگەر ئۇ ئادەم سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن نامازغا زىت كېلىدىغان (مەسىلەن: گەپ قىلغانغا ياكى ئاۋازلىق كۈلگەنگە ئوخشاش) بىرەر ئىشنى قىلغان بولسا، نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇنداق ئىشنى قىلمىغان بولسا، پەقەت كەم قىلىپ قويغان ئىشنى قىلىدۇ ۋە ئاندىن سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ.

ئۇبادە ئىبنى ئەسسامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نامىزىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قانچە رەكەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەيدىغان ئادەمنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئادەم نامازغا قايتسۇن ۋە (سەۋەنلىك سەجدىسى ئۈچۈن) ئولتۇرۇپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلسۇن»[1] دېدى.

ئەگەر بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ نامازنى قانچە رەكەت ئوقۇغانلىقىدا شەك قىلىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ بۇ تۇنجى قېتىم نامازدا شەك قىلىپ قېلىشى بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامازنى قايتا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ نامازنى ئۈچ رەكەت ئوقۇغانلىقىنى ياكى تۆت رەكەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىگەن ئادەم ھەققىدە: «ئۇ ئادەم نامازنى تاكى ئۆزىنىڭ نامازنى قانچە رەكەت ئوقۇغانلىقىنى ياخشى ئېسىدە تۇتقانغا قەدەر قايتا ئوقۇيدۇ» دېگەن.[2]

ئەگەر بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ نامازنى قانچە رەكەت ئوقۇغانلىقىدا شەك قىلىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ بۇ، ئىككىنچى قېتىم نامازدا شەك قىلىپ قېلىشى بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم نامازنى ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك گۇمانىدا (ئۆزىنىڭ قانچە رەكەت ناماز ئوقۇغانلىقى بولسا، شۇ رەكەتتىن ھېساپلاپ) ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار نامىزىدا (قانچە رەكەت ئوقۇغانلىقىدا) شەكلىنىپ قالسا، توغرىسىنى ئويلىسۇن[3].

(1) بۇ ھەدىسنى تەبراني رىۋايەت قىلدى. لېكىن ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىدا ئۈزۈكلۈك باردۇر.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان.

(3) يەنى ئىككى رەكەت ئوقۇغاندىمەنمۇ ياكى ئۈچ رەكەت ئوقۇغاندىمەنمۇ، دەپ شەكلىنىپ قالسا قارارىنى گۇمانى ئەڭ

ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن نامىزىنى تاماملىسۇن. ئاندىن سالام بەرسۇن ۋە ئىككى قېتىم سەجدە قىلسۇن.»[1]

ئەگەر ئۇنىڭ گۇمانى بىرەر ساندا كۈچلۈك بولمىسا، ئەڭ ئاز ساندىن باشلاپ ئوقۇيدۇ. ۋاجىپ بولغان ئولتۇرۇش بولسىمۇ بۇ ئولتۇرىدىغان يەر دەپ ئويلىغان يەردە ئولتۇرىدۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ[2]. بۇ ھەقتە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار نامىزىدا شەكلىنىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ نامازنى بىر رەكەت ياكى ئىككى رەكەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسا، نامازنى بىر رەكەت، دەپ ھېسابلىسۇن. ئەگەر ئۆزىنىڭ نامازنى ئىككى رەكەت ياكى ئۈچ رەكەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسا، نامازنى ئىككى رەكەت، دەپ ھېسابلىسۇن. ئەگەر ئۆزىنىڭ نامازنى ئۈچ رەكەت ياكى تۆت رەكەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسا، نامازنى ئۈچ رەكەت، دەپ ھېسابلىسۇن ۋە نامازنى ئوقۇپ بولۇپ (ئەتتەھىيياتۇدا ئولتۇرغان ۋاقتىدا سەۋەنلىك سەجدىسى ئۈچۈن) سەجدە قىلسۇن.)[3]

ناماز ئوقۇغان بىر ئادەمگە ئادىل بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ نامازنى كەم ئوقۇغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ۋە ئۇ ئادەم خەۋەر قىلغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىدە شەكلىنىپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ نامازنى قايتا ئوقۇشى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىككى ئادەم كېلىپ خەۋەر قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نامازنى قايتا ئوقۇشى ۋاجىپتۇر.[4]

ئىمام: مەن نامازنى توغرا ئوقۇدۇم دېگەن، جامائەت ناماز خاتا بولۇپ قالدى دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىمام بىلەن جامائەت ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ئەگەر ئىمام ئۆزىنىڭ نامازنى توغرا ئوقۇغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالىسا، ئىمامغا نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئىشەنچ قىلالمىسا، ئىمام

كۈچلۈك بولغىنىغا توختىدۇ. ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن نامىزىنى تاماملايدۇ. ت.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نامازنى ئۈچ رەكەت ياكى ئىككى رەكەت ئوقۇغانلىقىدا شەك قىلىپ سالغان ۋە گۇمانى ياكى ئىككىگە ياكى ئۈچكە توختىمىغان بولسا، ئۇ، نامازنى ئەڭ ئاز سان بولغان ئىككى رەكەتتىن باشلاپ ئوقۇيدۇ ۋە شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ئولتۇرۇشتا ئولتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۈچ رەكەتلىك ۋە تۆت رەكەتلىك نامازدا ئىككى رەكەتتىن كېيىن ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش ۋاجىپتۇر. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي بۇ، توغرۇلۇپ دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(4) «الهدية العلائية».

جامائەتنىڭ سۆزىگە ئاساسەن نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ) ئىككى رەكئىتىنى ئوقۇپ بولۇپ سالام بېرىپ نامازنى تۈگەتتى. كېيىن <زۇل يەدەين> دەپ تەخەللۇسى بار بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ناماز قىسقارتىلدىمۇ ياكى سەن (ئىككى رەكەتنى) ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن: «زۇل يەدەين راست گەپ قىلىۋاتامدۇ؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: ھەئە شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرۇپ قالغان ئىككى رەكەتنى ئوقۇدى. ئاندىن بىرىنچى سالامنى بەردى. ئاندىن نامازنىڭ ئىچىدە قىلغان سەجدىگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن قىلىپ سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن (سەجدىدىن بېشىنى) كۆتۈردى.»[1]

ئەگەر جامائەت ئىككى گۇرۇپپا بۆلۈنۈپ ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ۋە ئىككى گۇرۇپپىنىڭ بىر گۇرۇپپىدا بىر كىشى بولسىمۇ ئىمام شۇ گۇرۇپ تەرەپتە تۇرغان بولسا، ئىمام بار گۇرۇپپىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئىمام، نامازنىڭ كەم بولۇپ قالغانلىقىدا شەك قىلمايدىغان گۇرۇپپىدا بولسا، ناماز كەم بولۇپ قالدى، دەپ قارايدىغان گۇرۇپپىتىكى كىشىلەرنىڭ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم. ئەگەر ئىمام نامازنى كەم بولۇپ قالدى دەپ قارايدىغان گۇرۇپپىدا بولسا، نامازنى ھەممە جامائەتنىڭ قايتا ئوقۇشى لازىمدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نامازنىڭ چۇقۇم توغرا بولغانلىقىغا ئىشەنچە قىلالايدىغانلار نامازنى قايتا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

ئىمام نامازدا شەكلىنىپ قېلىپ جامائەتنىڭ ئۆزىگە قانداق قىلىشنى بىلدۈرۈپ قويۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا دىققەت قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەگەر جامائەت ئورنىدىن ئۆرە تۇرسا ئىماممۇ ئۆرە تۇرىدۇ. ئەگەر جامائەت ئولتۇرسا ئىماممۇ ئولتۇرىدۇ. نامازدا بۇنچىلىك شەكلىنىپ قېلىش نامازنىڭ توغرا بولۇشىغا ھېچقانداق دەخلى يەتكۈزمەيدۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسىنىمۇ لازىم قىلمايدۇ.[2]

بىر ئادەم نامازدا تۇرۇپ تاھارىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆچلۈك شەكلدە گۇمان قىلغان، بىر ئازدىن كېيىن تاھارىتىنىڭ بۇزۇلۇپ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «الهدية العلائية».

كەتمىگەنلىكىنى بىلگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم ئەگەر شۇ گۇمان ئىچىدە تۇرۇپ (رۇكۇغا ياكى سەجدىگە ئوخشاش) نامازنىڭ بىر پەرزىنى ئادا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم، ئۇ گۇمان ئىچىدە تۇرۇپ نامازنىڭ بىر پەرزىنى ئادا قىلغۇدەك ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تاھارەت ئالغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان، لېكىن تاھارىتىنى سۇندۇرغان ياكى سۇندۇرمىغانلىقىدا شەكلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم تاھارىتى بار ھېساپلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ دەلىلى بولسا <مەۋجۇتلىقى چوقۇم بولغان نەرسە شەكلىنىپ قېلىش بىلەن يوق بولۇپ كەتمەيدۇ> دېگەن قائىدىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا: بىر ئادەم نامازدا تۇرغاندا ئۆزىدىن خۇددى بىر نەرسە يۇرۇشكەندەك خىيالدا بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەم قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سوراپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئادەم تاكى (ئۆزىدىن يۇرۇشكەن نەرسىنىڭ) ئاۋازىنى ئاڭلىغانغا ياكى ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغانغا قەدەر نامازنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيدۇ»[2] دېدى.

## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بايانى

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قىلىنىش ئۇسۇلىمۇ ناماز سەجدىسىگە ئوخشاشتۇر. لېكىن ئۇنىڭ قېتىم سانى پەقەت بىردۇر. سەجدە قىلىشتىن بۇرۇن <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىش ۋە سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ <الله ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر. تىلاۋەت سەجدىسىدە تەكبىر ئېيتىپ قولاق قاقىدىغان، سەجدىدىن كېيىن ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇيدىغان ۋە سالام بېرىدىغان ئىش يوقتۇر. سەجدە قىلىشنى ئۆرە تۇرۇپ باشلاپ سەجدىنى قىلىپ بولۇپ يەنە ئۆرە تۇرۇش مۇستەھەپتۇر.

قۇرئاننىڭ ئىچىدە ئون تۆت يەردە سەجدە ئايەتلىرى بولۇپ، ئۇ ئايەتلەردىن بىرەر ئايەتنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەمگە تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر. ئۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكى سۈرىلەر ئىچىدىدۇر:

(1) «الهدية العلائية».

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سۈرە ئەئراف (نىڭ ئاخىرىدا)، سۈرە رەئىد، سۈرە نەھلى، سۈرە ئىسرا، سۈرە مەريەم، سۈرە ھەج (نىڭ بېشىدا)، سۈرە فۇرقان، سۈرە نەملە، سۈرە سەجدە، سۈرە ساد، سۈرە فۇسسىلەت، سۈرە نەجمى، سۈرە ئىنشىقاق ۋە سۈرە ئەلەق.

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسان سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلسا، شەيتان يىغلاپ تۇرۇپ: ۋاي ماڭا ئىنسان سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى،[1] سەجدە قىلدى، ئۇنىڭغا جەننەت ھەق بولدى، مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، سەجدە قىلمىدىم، ماڭا دوزاخ ھەق بولدى، دېگەن ھالەتتە (ئىنساندىن) ئايرىلىدۇ»[2] دېگەن سۆزىدۇر. مانا بۇ ھەدىس ئىنساننىڭ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇيرۇق ۋاجىپنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى سەجدە ئايەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تاشقىرى مەنىلىرى بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايەتلەر ئۈچ قىسىمدۇر: بىر قىسمى سەجدە قىلىشقا ئوچۇق بىر شەكىلدە بۇيرۇپ كەلگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ سەجدە قىلىشىمىز لازىم. بىر قىسمى كاپىرلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقلىرىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۇلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلىشىمىز لازىم. يەنە بىر قىسمى الله تائالاغا بويسۇنغان بەندىلەرنىڭ الله تائالاغا سەجدە قىلغانلىقلىرىدىن خەۋەر بېرىپ كەلگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشىمىز ۋە ئۇلار قىلغاندەك قىلىشىمىز لازىم.

سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغان ئادەمگە سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولغىنىدەك ئۇنى ئاڭلىغان ئادەمگىمۇ سەجدە قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى سەجدە ئايەتلىرىنىڭ ئۈچ قىسمى، ئايەتلەرنى ئوقۇغان ئادەمگە سەجدە قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىغا دەلىل ـ پاكىت بولغىنىدەك ئايەتلەرنى ئاڭلىغان ئادەمگىمۇ سەجدە قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىغا دەلىل ـ پاكىت بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «سەجدە ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان

(1) يەنى ئەسلىدە سەجدە ئايەتلىرىدە ئىنسانلارنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بۇيرۇق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا سەجدە قىلىش لازىم بولىدۇ. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئادەمگىمۇ سەجدە قىلىش لازىم »[1]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: « سەجدە ئايەتلىرىنى تىڭشىغان ئادەمگىمۇ سەجدە قىلىش لازىم » دېدى.[2]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ئوقۇغۇنىنى تىڭشاپ) ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا سەجدە قىلاتتى. بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەجدە قىلاتتۇق. ھەتتا قىستا ـ قىستىلاڭغۇچتىن سەجدە قىلىش ئۈچۈن پىشانىمىزنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالاتتۇق. »[3]

سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغان ئادەمگە سەجدە قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ بىر شەرتى ئۇ ئادەمنىڭ سەجدە ئايىتىنى توغرا بىر شەكىلدە ئاڭلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئادەم سەجدە ئايىتىنى ساراڭ ئادەمدىن ياكى ئوخلاۋېتىپ ئايەت ئوقۇغان ئادەمدىن ياكى قۇشتىن ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىدىن تىڭشىغان بولسا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ.[4]

باشقىلارنىڭ سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغانلىق سەۋەبى بىلەن گاس ئادەمگە سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەمما گاس ئادەم ئەگەر ئۇ سەجدە ئايەتلىرىنى ئۆزى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش لازىم بولىدۇ.[5]

تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن ئايەتتىكى پەقەت <سەجدە> دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ بېشىدىكى بىر سۆز ياكى كەينىدىكى بىر سۆز بىلەن ئوقۇش يېتەرلىكتۇر. (سەجدە قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن بىر ئايەتنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇش لازىم ئەمەس.)[6] ئەگەر بىر ئادەم سەجدە ئايىتىنى ھەجلاپ ئوقۇغان بولسا، ئوقۇغۇچىغا ۋە تىڭشىغۇچىغا تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئايەتنى ھەجلاش ئايەتنى رەسمىي يوسۇندا ئوقۇغان بولماستىن پەقەت ھەرپلەرنى ھەجلىگەنلىك ۋە

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازراق رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) « رد المحتار »، 1 ـ توم، 516 ـ بەت.

(5) <حاشية الطحاوي على مراقي الفلاح>

(6) « رد المحتار »، 1 ـ توم، 514 ـ بەت.

سانىغانلىق، دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدا ئايەتنى ھەجىلاپ ئوقۇش بىلەن ناماز ئادا بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە سەجدە ئايەتلىرنى يېزىش بىلەن ياكى ئوقۇماستىن ئۇنىڭغا قاراش بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئايەتنى يېزىش ياكى ئۇنىڭغا قاراش ئۇنى ئوقۇغانلىق ياكى تىڭشىغانلىق ھېساپلانمايدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم سەجدە ئايىتىنى ئۇلاغقا مىنىپ كېتىپ بېرىپ ئوقۇغان ياكى تىڭشىغان بولسا، سەجدىنى ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ.

بىر ئادەم سەجدە ئايىتىنى ساق ۋە سەجدە قىلىشقا قادىر بولالايدىغان بىر ۋاقىتتا ئوقۇغان، لېكىن تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلمىغان ۋە كېيىن كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۇنى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، ئۇستۇدىكى ئۇ سەجدىنى باش ئىشارىتى بىلەن ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ. ساقايغاندىن كېيىن ئۇنى قايتا قىلىش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى تىلاۋەت سەجدىسى دەرھال ۋاجىپ بولىدىغان سەجدە ئەمەستۇر. سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ ھەتتا بىر يىلدىن كېيىن تىلاۋەت سەجدىسى ئۈچۈن سەجدە قىلسىمۇ، ئۇ سەجدە قازا شەكلىدە ئەمەس ئادا شەكلىدە ئادا بولىدۇ. چۈنكى بۇ سەجدە مۇئەييەن بىر ۋاقىتقا باغلانمىغاندۇر. لېكىن نامازدا تۇرۇپ ئوقۇغان ئايەتتىكى سەجدە ئايىتىنىڭ سەجدىسىنى نامازنىڭ ئىچىدە قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ ئىچىدە ۋاجىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سەجدە نامازنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەجدە نامازنىڭ تېشىدا ئەمەس ئۇنىڭ ئىچىدە ئادا قىلىنىدۇ. ئەگەر تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا نامازدا، (نامازنى بۇزۇدىغان بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىپ) ناماز بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ۋاجىپ بولغان ئۇ سەجدە نامازنىڭ تېشىدا قىلىنىدۇ. چۈنكى ناماز بۇزۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا ئۇ يەردە پەقەت تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ئۆز ھۆكمى بىلەن قالغان بولىدۇ. ئۇ سەجدە ناماز بىكار بولغىنىدەك بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.[2]

(1) «شرح المنيه»، 500 - بەت.

(2) «الهدية العلائية».

نامازنىڭ ئىچىدە ۋاجىپ بولغان، لېكىن نامازنىڭ ئىچىدە ئادا قىلىنماي قالغان (يەنى قەستەن ئادا قىلىنمىغان) تىلاۋەت سەجدىسى، ئادا قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن شۇنداق قىلغان ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى لازىم.[1]

بىر ئادەم، ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ نامازدىكى تىلاۋىتىدىن سەجدە ئايىتىنى ئىشىتكەن، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن سەجدە ئايىتىنى ئىشىتكەن چاغدا ئېخى ئۇ كىشىگە ئىقتىدا قىلمىغان ياكى ئۇ كىشىگە نامازنىڭ باشقا بىر رەكئىتىدە ئىقتىدا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم تىلاۋەت سەجدىسىنى نامازنىڭ تېشىدا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە، ئۇ كىشى تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان نامازنىڭ ئاشۇ رەكئىتىگە ئىقتىدا قىلغان بولسا، ھۆكمەن بولسىمۇ تىلاۋەت سەجدىسىنى تاپقان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم سەجدە ئايىتى ئوقۇلغان رەكەتكە ئىقتىدا قىلىپ ئۇ رەكەتكە ئۆلگىرىشى بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىنى تاپقان بولىدۇ. چۈنكى تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ ئۇ رەكئىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى مەيلى ئىمام بولسۇن ياكى ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى بولسۇن ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشى بولسۇن نامازدا باشقا ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمدىن سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغان بولسا، ئۇ كىشى تىلاۋەت سەجدىسىنى نامازنىڭ ئىچىدە قىلمايدۇ. ئۇنى نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى تىلاۋەت سەجدىسىنى نامازنىڭ ئىچىدە قىلسا، تىلاۋەت سەجدىسى ئادا بولمىغان بولىدۇ ـ دە نامازنى ئوقۇپ بولغاندا ئۇنى قايتا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.[2]

ئەگەر نامازدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ تۇرۋاتقان ئادەم نامازدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەم تىلاۋەت سەجدىسىنى نامازدا ئەمەس نامازنى ئوقۇپ بولۇپ قىلىدۇ.[3]

بىر ئادەم تىلاۋەت سەجدىسىنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىغان، ئەمما ئوقۇلغان ئۇ ئايەت بىرلا ئايەت بولغان، ھەم ئۇ ئايەتنى بىرلا ئورۇندا تۇرۇپ تەكرارلىغان بولسا، ئۇ ئادەم بىر قېتىم سەجدە قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك

(1) «الهدية العلائية».

(2) «الهدية العلائية».

(3) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 514 ـ بەت.

يەنە بىر ئادەم سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ بىر نەچچە قېتىم تىڭشىغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ئەھۋالدىمۇ بىر قېتىم سەجدە قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بىر جامائەت سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ۋە ئۇلاردىن بەزىسى بەزىسىنىڭ ئوقۇغان سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغان بولسا، ئۇلارمۇ بىرلا قېتىم سەجدە قىلسا بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا بىر قېتىم يەنە بىر ئورۇندا بىر قېتىم ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭغا ئالماشقان ھەر ئورۇن ئۈچۈن بىر قېتىم سەجدە قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم مۇقىم بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ سەجدە ئايىتى بار باشقا ـ باشقا ئايەتلەرنى ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەر بىر ئايەت ئۈچۈن بىر قېتىمدىن سەجدە قىلىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغان ئادەم بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ سەجدە ئايىتى بار باشقا ـ باشقا ئايەتلەرنى تىڭشىغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ھەر بىر ئايەت ئۈچۈن بىر قېتىمدىن سەجدە قىلىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئولتۇرۇپ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ئورۇن مەسچىتكە ياكى ئۆيگە ياكى بىر تەرەپتە تۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتە ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىش توغرا بولىدىغان ئورۇنغا ئوخشاش بىر ئورۇننىڭ ھۆكمى بېرىلمەيدىغان يەر بولسا، ئولتارغان ئورۇندىن ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى قەدەم يۆتكىلىش بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغان ھېسابلىنىدۇ.[1]

بىر نەرسە يېگەنگە ياكى ئىچكەنگە ياكى يېنىچە يېتىپ ئۇخلىغانغا ياكى سودا ـ سېتىق قىلغانغا ئوخشاش ئادەتتە قىلىۋاتقان بىر ئىشنى ئۈزۈپ قويغۇچى ھېسابلىنىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش بىلەنمۇ يەنە ئورۇن ئالماشتۇرغان ھېسابلىنىدۇ[2]. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلاغقا مىنىش ياكى ماشىنە ھەيدەش بىلەنمۇ ئورۇن ئالماشقان ھېسابلىنىدۇ.[3]

ئەگەر سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغۇچى بىر ئايەتنى بىر قېتىم بۇ يەردە بىر قېتىم ئۇ يەردە تىڭشىغانغا ئوخشاش ئورۇن ئالماشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا

(1) ئەگەر يەر مەسچىتكە ياكى ئۆيگە ياكى بىر تەرەپتە تۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتە ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىش توغرا بولىدىغان ئورۇنغا ئوخشاش بىر ئورۇننىڭ ھۆكمى بېرىلگەن يەر بولسا، ئولتۇرۋاتقان ئورۇندىن ئىككى قەدەم يۆتكىلىش بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغان ھېسابلانمايدۇ. ت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىلىقتا بىر نەرسە يېگەنگە ياكى ئىچكەنگە ياكى ئۇخلىغانغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئورۇن ئالماشتۇرغان ھېسابلىنىدۇ. ت.

(3) «الهدية العلائية».

ھەر بىر ئورۇن ئۈچۈن بىر قېتىم سەجدە قىلىش لازىم. ئەگەر ئايەت ئوقۇغۇچى شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم بولىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم سەجدە ئايىتىنى نامازنىڭ تېشىدا بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ۋە تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلغان، ئارقىدىنلا شۇ يەردە نامازغا تۇرغان، ھەم شۇ ئايەتنى نامازدىمۇ يەنە ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە بىر قېتىم سەجدە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنىڭ تېشىدا ئوقۇغىنى ئۈچۈن سەجدە قىلماي نامازنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇنى ئۈچۈن نامازنىڭ ئىچىدە سەجدە قىلغان بولسا، نامازنىڭ تېشىدا ئوقۇغۇنى ئۈچۈن سەجدە قىلمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى نامازنىڭ ئىچىدە قىلىنغان سەجدە ئەڭ كۈچلۈكتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇپ كېتىپ بېرىپ سەجدە ئايىتىنى قايتا - قايتا ئوقۇغان بولسا، ھەممىسى ئۈچۈن بىرلا قېتىم سەجدە قىلسا يېتەرلىك بولىدۇ. چۈنكى نامازدا بىر نەچچە ئورۇن بىر ئورۇن ھېسابىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[2].[3]

ئەگەر بىر ئادەم نامازنىڭ رۇكۇسىنى قىلغاندا نامازدا ئوقۇغان سەجدە ئايىتىنىڭ سەجدىسىنى قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ سەجدە رۇكۇ قىلىش بىلەن ئادا بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر نامازدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنلا ياكى ئەڭ ئاخىردا بولسىمۇ ئۈچ ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نامازنىڭ رۇكۇسىنى ياكى سەجدىسىنى قىلغان بولسا، تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنى نىيەت قىلمىغان ھالەتتىمۇ بۇ سەجدە نامازنىڭ سەجدىسى بىلەن ئادا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد مۇنداق دېدى: «بىز ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ئادەم ئەڭ ئاخىرىدا سەجدە ئايىتى بار بىر سۈرىنى نامازدا ئوقۇغان بولسا، (سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپلا) رۇكۇ قىلىپ ئاندىن سەجدە قىلامدۇ ياكى تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلامدۇ» دەپ سورىدۇق. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر ئارىلىقتا پەقەت رۇكۇلا قالغان بولسا، ئۇ

---

(1) «الهدية العلائية».

(2) يەنى ئۇلاغقا مىنىپ كېتىپ بېرىپ ئوقۇلغان ئايەت بىر نەچچە ئورۇندا ئوقۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە ئوقۇغان ناماز بۇ ئورۇنلارنى خۇددى بىر ئورۇننىڭ ھۆكمىدە قىلىدۇ. ت.

(3) <الدر المختار>، 1 - توم، 521 - بەت.

يېقىن ھېساپلىنىدۇ[1]» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېدى: «كىمكى سۈرە ئەئرافقا ياكى سۈرە نەجمگە ياكى سۈرە ئەلەققە ئوخشاش سەجدە ئايىتى سۈرىنىڭ ئاخىردا كېلىدىغان سۈرىلەرنى نامازدا ئوقۇغان بولسا، خالىسا رۇكۇ قىلىپ ئاندىن سەجدە قىلىدۇ. رۇكۇدىن كېيىن قىلىنغان نامازنىڭ سەجدىسى تىلاۋەت سەجدىسىگىمۇ كۇپايە بولىدۇ، خالىسا (رۇكۇ ۋە سەجدىگە بارماي) تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىدۇ، ئاندىن سۈرىنىڭ قالغان قىسمىنى ئوقۇيدۇ». ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەجدە ئايىتى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا بولسا، خالىساڭ رۇكۇ قىلغىن، خالىساڭ سەجدە قىلغىن. چۈنكى تىلاۋەت سەجدىسى (سەجدە ئايىتى ئوقۇلغان) رەكەتنىڭ سەجدىسى بىلەن ئادا بولىدۇ.[3]

ئەگەر بىر ئادەم نامازدا سەجدە ئايىتى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنىدىغان سەجدىنى (نامازنىڭ سەجدىسى بىلەن بىللە قىلماي) ئايرىم قىلغان بولسا، سەجدىدىن تۇرۇپ بىر ئىككى ئايەت ئوقۇماستىن نامازنىڭ رۇكۇسىنى ۋە (سەجدىسىنى) قىلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇ، بۇ ھالەتتە نامازنىڭ رۇكۇسىنى تىلاۋەت سەجدىسىگە ئۇلاپ قىلغان بولىدۇ.[4] بۇ ھەقتە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇلەيلا مۇنداق دېدى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەككىدە بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ ئىككىنچى رەكەتتە سۈرە نەجمىنى ئوقۇدى ۋە تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سۈرە زەلزەلەنى ئوقۇدى.»[5]

ئايەت ئاۋازسىز ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئىمام ئەگەر (سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ بولۇپ) تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلمىسا، بىر ۋاجىپنى قىلمىغان بولىدۇ. ئەگەر تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەر: بۇ نامازنىڭ سەجدىسىمۇ ياكى (باشقا سەجدىمۇ)، دەپ قايمۇقۇپ قالىدۇ. لېكىن سەجدە

(1) يەنى سەجدە ئايىتى سۈرىنىڭ ئەڭ ئاخىردا بولۇپ سەجدە ئايىتى بىلەن نامازنىڭ سەجدىسىنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت رۇكۇ قىلىشلا بولغان بولسا، ئۇ دەسلەپ رۇكۇ قىلىدۇ، ئاندىن سەجدە قىلىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(4) «شرح المنيه»، 507 - بەت.

(5) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

ئايىتى ئەگەر سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ياكى سۈرە تۈگەشكە ئاز قالغان يەردە بولۇپ تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ رۇكۇسى ياكى سەجدىسى بىلەن ئادا بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا، سەجدە ئايىتىنى ئايەتلەر ئاۋازسىز ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر.

مەيلى نامازدا ئوقۇسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا ئوقۇسۇن سەجدە ئايىتى بار سۈرىنى ئوقۇپ سەجدە ئايىتى بار يەرگە كەلگەندە، ئۇنى ئوقۇماي تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلغان ئادەم ياكى سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالغان بولىدۇ ياكى قۇرئاننىڭ بەزى قىسمىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالغان بولىدۇ.

سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ يېنىدا تاھارەتسىز ئادەمگە ياكى سەجدە قىلىش تەس كېلىدىغان ئۆزرىلىك ئادەمگە ئوخشاش تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشقا تەييار ئەمەس ئادەم بولسا، ئايەت ئوقۇغۇچىنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئىچىدە ئوقۇشى مۇستەھەپتۇر.

سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ياكى ئۇنى ئاڭلىغان ئادەم شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە سەجدە قىلىشقا مۇمكىن بولمىسا، ئامال بار بۇيرۇققا بويسۇنۇش ئۈچۈن <سەمىئنا ۋە ئەتائىنا غۇفرانەكە رەببەنا ۋە ئىلەيكەل مەسىر[1]> دېيىشى مۇستەھەپتۇر. كېيىن سەجدە قىلىش مۇمكىن بولغان ۋاقىتتا تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىدۇ.

بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىماي قالغان ئادەمگە تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپ ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم سەجدە ئايىتىنى مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقۇپ تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلسا، (مەسچىتنىڭ ئىچىدىكىلەردىن) پەقەت سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغان ئادەملەرلا تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىدۇ. (مەسچىتنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ) ئەمما سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىمىغان ئادەملەر تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىد ئەل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ ئايەت ئوقۇپ سەجدە ئايىتىگە كەلدى ۋە (ئۇنى ئوقۇدى. ئاندىن مۇنبەردىن) چۈشۈپ

(1) تەرجىمىسى: بىز دەۋىتىڭنى ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىرى ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.

تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلدى ۋە ساھابىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر سەجدە قىلدى.[1]

ئەمما ئىمام ئەگەر نامازدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتنى مەيلى ئاڭلىغانلار بولسۇن مەيلى ئاڭلىمىغانلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمام بىلەن بىللە سەجدە قىلىشى ۋاجىپتۇر.[2]

ئەگەر تىلاۋەت سەجدىسى پەرز نامازنىڭ ئىچىدە قىلىنسا، پەقەت نامازنىڭ سەجدىسىدە دېيىلىدىغان تەسبىھلارلا ئېيتىلىدۇ. ئەگەر تىلاۋەت سەجدىسى نەپلە نامازدا ياكى نامازنىڭ تېشىدا قىلىنسا، سەجدىدە دېيىلىدىغان تەسبىھلارنى دېيىش بىلەن بىللە <سەجەدە ۋەجھى لىللەزى خەلەقەھۇ ۋە سەۋۋەرەھۇ ۋە شەققە سەمئەھۇ ۋە بەسەرەھۇ بىھەۋلىھى ۋە قۇۋۋەتىھى[3]> دېگەن دۇئا ياكى <ئەللاھۇممە ئۇكتۇب لى ئىندەكە بىھا ئەجرەن ۋە داڭ ئەننى بىھا ۋىزران ۋە ئىجئەلھا لى ئىندەكە زۇخران ۋە تەقەببەلھا مىننى كەما تەقەببەلتەھا مىن ئەبدىكە داۋۇد ئەلەيھىسسالام[4]> دېگەن دۇئاغا ئوخشاش دۇئالار ئوقۇلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە قىلغان تىلاۋەت سەجدىسىدە: <سەجەدە ۋەجھى لىللەزى خەلەقەھۇ ۋە سەۋۋەرەھۇ ۋە شەققە سەمئەھۇ ۋە بەسەرەھۇ بىھەۋلىھى ۋە قۇۋۋەتىھى[5]>[6] دېگەن دۇئانى قىلاتتى». يەنە بىر رىۋايەتتە: <فەتەبارەكەللاھۇ ئەھسەنۇل خالىقىنە[7]> دېگەنىمۇ دەيتتى، دەپ بايان قىلىندى.[8]

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) «الهدية العلائية».

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: يۈزۈم، ئۇنى ئۆزۈنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ياراتقان، سۈرەتكە كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدا قۇلاق ۋە كۆزنى قىلغان زاتقا سەجدە قىلدى.

(4) ئى ئاللاھ! مۇشۇ سەجدە بىلەن مەن ئۈچۈن دەرگاھىڭدا بىر ساۋاپ يازغىن، مېنىڭ بىر گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ئۇنى مەن ئۈچۈن قېشىڭدا ساقلاپ قويغىن ۋە مەندىن ئۇنى خۇددى بەندەڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن قوبۇل قىلغىنىڭدەك قوبۇل قىلغىن.

(5) يۈزۈم، ئۇنى كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ياراتقان، سۈرەتكە كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدا قۇلاق ۋە كۆزنى قىلغان زاتقا سەجدە قىلدى.

(6) بۇ ھەدىسنى تىرمىزي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ. توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ياخشى ھەدىستۇر، دېدى.

(7) ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.

(8) بۇنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

# ۋىتىر نامىزى

ۋىتىر كېچىدە يەنى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان نامازدۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچىدە ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىتىر نامىزى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئاخىرلىشىپ بولاتتى.»[1]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن كېچە نامازلىرىنىڭ ۋە ۋىتىرنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋىتىرنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇڭلار.»[2]

ۋىتىر شامنىڭ پەرزىگە ئوخشاش ئۈچ رەكەتتۇر. ئىككى رەكەتنىڭ كەينىدىن بىر قېتىم ئولتۇرۇشتا ئولتۇرىلىدۇ ۋە پەقەت ئەتتەھىيياتۇلا ئوقۇلىدۇ. ئۈچىنچى رەكەتكە تۇرغاندا بىسمىللاھتىن كېيىن سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

ۋىتىرنىڭ ئۈچ رەكەت ئىكەنلىكى ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنى ئۈچ رەكەت ئوقۇيتتى ۋە ئۈچ رەكەتنىڭ ئاخىرىدا سالامنى بېرەتتى.»[3]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىدا ئىككى رەكەتتىن كېيىن سالام بەرمەيتتى.»[4]

ۋىتىر نامىزىنىڭ ھەر بىر رەكىتىدە سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنىڭ (بىرىنچى رەكىتىدە) سۈرە ئەئلانى، ئىككىنچى رەكىتىدە سۈرە كافىرۇننى ۋە ئۈچىنچى رەكىتىدە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇيتتى، سالامنى ئۈچ رەكەتنىڭ ئاخىرىدا بېرەتتى ۋە سالام بېرىپ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

بولۇپ ئۈچ قېتىم <سۇبھانەل مەلىكۇل قۇددۇس> دەيتتى.»[1]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ۋىتىر نامىزى، كۈندۈزنىڭ ۋىتىرىسى بولغان شام نامىزىغا ئوخشاش ئۈچ رەكەتتۇر»[2]

ئەبۇل ئالىيە مۇنداق دېدى: «بىزگە ساھابىلەر ۋىتىر نامىزىنىڭ خۇددى شام نامىزىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. لېكىن (شام نامىزىغا ئوخشمايدىغان يېرى بولسا)، ۋىتىرنىڭ ئۈچۈنچى رەكىتىدە (سۈرە فاتىھەگە قوشۇپ بىر سۈرە) ئوقۇيمىز. مانا بۇ كېچىنىڭ ۋىتىرىدۇر. شام بولسا كۈندۈزنىڭ ۋىتىرىدۇر.»[3] (يەنى كۈندۈزدە ئوقۇلىدىغان رەكەتلىرى تاق نامازدۇر.)

ۋىتىر ئوقۇغان ئادەم ئۈچۈنچى رەكەتتە سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئوقۇلىدىغان بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خۇددى نامازغا قۇلاق قېقىپ كىرگەندە قىلغىنىدەك قولىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە كۆتۈرۈش سۈننەتتۇر. ئاندىن ئۇ ئادەم دۇئا ئوقۇيدىغان ھالەتكە ئالماشقانلىقى ئۈچۈن <اللہ ئەكبەر!> دەپ تەكبىر ئېيتىش ۋاجىپتۇر. ئاندىن دۇئايى قۇنۇتنى ئاۋازسىز ئوقۇيدۇ. ئاندىن رۇكۇ قىلىدۇ. دۇئايى قۇنۇتنىڭ رۇكۇدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنى ئۈچ رەكەت ئوقۇيتتى. بىرىنچى رەكىتىدە سۈرە ئەئلانى، ئىككىنچى رەكىتىدە سۈرە كافىرۇننى ۋە ئۈچۈنچى رەكىتىدە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇيتتى ۋە دۇئايى قۇنۇتنى رۇكۇ قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇيتتى.»[4]

ئىلقەمە مۇنداق دېدى: «ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ساھابىلەر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ۋىتىردا دۇئايى قۇنۇتنى رۇكۇدىن بۇرۇن ئوقۇيتتى.»[5]

ئەسۋەد مۇنداق دېدى: «ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋىتىر نامىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رەكىتىدە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇيتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلىشتىن بۇرۇن قولىنى (دۇئاغا كۆتۈرگەندەك) كۆتۈرۈپ دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيتتى.»[6]

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(6) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋىتىر نامىزىدا ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ تەكبىر ئېيتىپ (دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇغانلىقى)، دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇپ بولۇپ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر. لېكىن دۇئايى قۇنۇت ئۈچۈن تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر:

«ئەللاھۇممە، ئىننا نەستەئىنۇكە ۋە نەستەغفىرۇكە ۋە نەستەھدىكە ۋە نۇئمىنۇ بىكە ۋە نەتەۋەككەلۇ ئەلەيكە ۋە نۇسنى ئەلەيكەل خەيرە كۇللەھۇ، نەشكۇرۇكە ۋە لا نەكفۇرۇكە ۋە نەخلەئۇ ۋە نەترۇكۇ مەن يەفجۇرۇك، ئەللاھۇممە ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە لەكە نۇسەللى ۋە نەسجۇدۇ ۋە ئىلەيكە نەسئا ۋە نەھفىدۇ، نەرجۇ رەھمەتەك ۋە نەخشا ئەزابەك، ئىننە ئەزابەكەل جىددە بىل كۇففارى مۇلھەق»[1]

كىشىلەر جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇسا، مەيلى ئىمامنىڭ ئۆزى بولسۇن ياكى ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى بولسۇن دۇئايى قۇنۇتنى چۇقۇم ئوقۇش ۋاجىپتۇر. جامائەتنىڭ ئىمامى بولسىمۇ دۇئايى قۇنۇتنى ياد بىلمەيدىغان ئادەم بولسا: «ئەللاھۇممە ئىغفىر لى» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ ياكى «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋە فىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋە قىنا ئەزابەن نار» دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ، ياكى «يا رەببى! يا رەببى! يا رەببى!» دەيدۇ. ئاندىن رۇكۇ قىلىدۇ، ئاندىن نامىزىنى خۇددى باشقا نامازلارغا ئوخشاش تاماملايدۇ.

بىر ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئۇنتۇپ قېلىپ رۇكۇغا كەتكەن ۋە رۇكۇدا ياكى رۇكۇدىن كېيىن (دۇئايى قۇنۇتنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى) ئېسىگە كەلگەن بولسا، كەينىگە يېنىپ دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇمايدۇ، بەلكى سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلىدۇ.

ئەگەر ئىمام دۇئايى قۇنۇتنى ئۇنتۇپ قېلىپ رۇكۇغا كەتكەن بولسا، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇپ ئىمامغا رۇكۇدا يېتىشەلەيدىغاندەك بولسا، دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، (دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇماستىن) ئىمامغا ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئىمامغا ئەگىشىش (دۇئايى

(1) ئى اللە! ھەقىقەتەن بىز سېنىڭ ياردىمىڭنى، سېنىڭ كەچۈرۈشۈڭنى ۋە سېنىڭ توغرا يولغا باشلىشىڭنى تىلەيمىز. بىز ساڭا ئىمان ئېيتتۇق. ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز. سېنى بارلىق ياخشى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيمىز. ساڭا شۈكۈر ئېيتىمىز ۋە ساڭا نان كورلۇق قىلمايمىز. ساڭا ئاسىيلىق قىلغان ئادەمدىن ئادا ـ جۇدامىز. ئى اللە! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز. سەن ئۈچۈن ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز. سەن تەرەپكە ئالدىرايمىز. سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. سېنىڭ ئازابىڭدىن قورقىمىز. ھەقىقەتەن سېنىڭ كاتتا ئازابىڭ كاپىرلارغا كەلگۈچىدۇر.

قۇنۇتنى ئوقۇغاندىن) ياخشىدۇر.

دۇئايى قۇنۇتنى رۇكۇدىن كەيىندىن ئوقۇيدىغان شافىئىي مەزھەپىدىكى بىر كىشىگە ئىقتىدا قىلغان ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ، ئىجتىھاد ئارقىلىق يولغا قويۇلغان بىر مەسىلىدۇر.[1]

بىر ئادەم بامدات نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيدىغان بىر كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ قالغان بولسا، ئىقتىدا قىلىنغۇچى دۇئايى قۇنۇت ئوقۇۋاتقان چاغدا ئىقتىدا قىلغۇچى ئادەم قولىنى قويۇۋېتىپ جىم تۇرىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىقتىدا قىلغۇچى ئادەم ئۇ كىشى بىلەن بىللە دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ، ئىجتىھاد ئارقىلىق يولغا قويۇلغان بىر مەسىلىدۇر» دېدى. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ھادىسىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كەلگۈلۈكلەر كۆپ بولغانلىقى يۈزىسىدىن بامدات نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت كۆپ ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشىغا ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر.

ۋىتىر نامىزى ۋاجىپتۇر. ئۇنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

بۇرەيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ۋىتىر نامىزى ھەقتۇر. كىمكى ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇمىسا، ئۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئەمەس. ۋىتىر نامىزى ھەقتۇر. كىمكى ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇمىسا، ئۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئەمەس. ۋىتىر نامىزى ھەقتۇر. كىمكى ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇمىسا، ئۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئەمەس.»[2]

خارىجە ئىبنى ھۇزافە ئەل ئەدۋىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن الله تائالا سىلەرگە، سىلەر ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشى بولغان بىر نامازنى قوشۇپ بەردى. ئۇ بولسىمۇ ۋىتىر نامىزىدۇر. الله تائالا سىلەر ئۈچۈن ئۇنى خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزى ئارىلىقىدا قىلدى.»[3] بۇ ھەدىسنى سەككىزگە يېقىن ساھابە (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان.

---

(1) «رد المحتار».

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم بۇ توغرۇلۇپ دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ توغرۇلۇپ دەرىجىسىگە بەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

ئەبۇئەييۇب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ۋىتىر نامىزى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولغان بىر ھەقتۇر.»[1]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ھەقىقەت ۋىتىر نامىزى سىلەرنىڭ پەرز نامازلىرىڭلارغا ئوخشاش پەرز ئەمەس. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇغان ۋە: «ئى قۇرئان ئەھلى! ۋىتىر ئوقۇڭلار. (يەنى تاق ناماز بولغان ۋىتىرنى ئوقۇڭلار.) چۈنكى الله تاقتۇر ۋە تاقنى ياخشى كۆرىدۇ»[2] دېگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچىلىك نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىنى ۋىتىر نامىزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇڭلار.»[3]

رامىزاندا ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ياخشىدۇر. ئەمما رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ساھابىلەرگە ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ۋىتىر نامىزىنى (جامائەت بىلەن ئوقۇشنى) خۇددى رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇشنى تاشلىغاندەك تاشلاپ ئۇنى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى. مانا بۇ خۇددى رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ياخشى بولغىنىدەك ۋىتىر نامىزىنىمۇ رامىزاندا جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ۋىتىر نامىزىغا، ئىمام ۋىتىرنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىنىڭ رۇكۇسىنى قىلىۋاتقاندا ئۇلگۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەم دۇئايى قۇنۇتقا ئۆلگۈرگەن بولىدۇ. ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىشى ۋىتىرنىڭ يېتىشەلمىگەن يەرلىرىنى تولۇقلاپ ئوقۇغاندا دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى نامازنىڭ بېشىغا ئۆلگىرەلمىگەن ئادەم پەقەت ئۆلگىرەلمىگەن يەرلىرىنىلا ئوقۇيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم تاڭ ئاتقانغا قەدەر ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇماي ئۇنى قازا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم ۋە دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزي ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزي بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ۋىتىرنى ئوقۇماي ئۇخلاپ قالسا ياكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنى ئېسىگە كەلگەندە ئوقۇسۇن.»[1]

كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ۋىتىرنى كېچىلىك نامازلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىردا ئوقۇشى ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچىلىك نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىنى ۋىتىر نامىزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇڭلار.»[2]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كېچىنىڭ ئاخىرىسىدا تۇرالماسلىقتىن قورقسا، ۋىتىرنى كېچىنىڭ بېشىدا ئوقۇسۇن. كىمكى كېچىدە ئويغىنىشقا ئىشەنچ قىلالىسا، ۋىتىرنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇسۇن. چۈنكى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇلىدىغان نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش ياخشىدۇر.»[3]

ئەگەر ۋىتىر نامىزىدىن كېيىندىن ناماز ئوقۇپ سالغان بولسا، ۋىتىر بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (يەنى ۋىتىر قايتا ئوقۇلمايدۇ.) بۇ ھەقتە تەلەق ئىبنى ئەلى دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ۋىتىر بىر كېچىدە ئىككى قېتىم ئوقۇلمايدۇ.»[4]

ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇپ بولۇشتىن بۇرۇن ئىمام رۇكۇغا كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇشنى توختىتىپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ. چۈنكى دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشتىن مەقسەت مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن دۇئا قىلىشتۇر.

ئىمام رۇكۇغا كەتكەن، لېكىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم تېخى دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇمىغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇيمەن، دەپ ئولتۇرسا رۇكۇغا يېتىشەلمەيدىغاندەك تۇرسا، رۇكۇ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي بۇ، ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

بولمايدىغان بولسا، دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن رۇكۇ قىلىدۇ. ئەتتەھەييياتۇدا ئۇنداق قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئەتتەھەيياتۇدا ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەم ئەتتەھەيياتۇنى ئوقۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئىمام سالام بېرىۋاتقان ياكى ئۇچۇنچى رەكەتكە قوپۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ. ئەكسىچە ئەتتەھەيياتۇنى تاماملايدۇ. چۈنكى ئەتتەھەيياتۇنى كامىل ئوقۇش ۋاجىپتۇر. چۈنكى پەرىز ۋە ۋاجىپ ئىشلاردا ئىمامغا ئەگىشىشكە يەنە بىر ۋاجىپ تەڭ كېلىپ قالمىسىلا ئىمامغا كېچىكىپ قالماستىن ئەگىشىش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئىمامغا ئەگىشىشكە يەنە بىر ۋاجىپ ئىش تەڭ كېلىپ قالسا، ئۇ ۋاجىپنى تاشلاپ قويماستىن ئۇنى قىلىدۇ، ئاندىن ئىمامغا ئەگىشىدۇ.

بىر ئادەم سەۋەنلىك بىلەن ۋىتىر نامىزىنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى رەكىتىدە دۇئايى قۇنۇت ئوقۇپ سالسا، ۋىتىرنىڭ ئۇچۇنچى رەكىتىدە دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئىچىدە ئوقۇدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە دۇئايى قۇنۇتنى يەنە قايتا ئوقۇش لازىم ئەمەس.

ئەگەر مۇسۇلمانلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلمىگەن چاغلاردىن باشقا چاغدا ۋىتىردىن باشقا نامازلاردا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلمايدۇ. ۋابا كېسىلى مۇسىبەتلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر.[1] ئايەتلەر ئاۋازلىق ئوقۇلىدىغان نامازلاردا پەقەت ئىماملا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيدۇ. لېكىن <ئەل ئەشباھ ئەنىل غايە> دېگەن كىتابتا: ئىمام دۇئايى قۇنۇتنى (ئايەتلەر ئاۋازلىق ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەس پەقەت) بامدات نامىزىدىلا ئوقۇيدۇ، دەپ بايان قىلىندى.

مۇسىبەت كەلگەندە دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزنى <شەرھۇل مۇنىييە> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان كۆزقاراشمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. <شەرھۇل مۇنىييە> نىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «مۇسىبەت كەلگەن ۋاقتىدا داۋاملىق دۇئا ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات تېپىپ كەتكەندىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشى بۇنىڭغا ئاساس بولالايدۇ. مۇسىبەت كەلگەندە دۇئايى قۇنۇت ئوقۇش بىزنىڭ (يەنى ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ) تۇتقان يولىدۇر. كۆپ ساندىكى ئالىملارمۇ ھەم بۇ خىل قاراشتىدۇر.»

(1) يەنى ۋابا كېسىلى تارقالغاندا نامازدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلسا بولىدۇ. ت.

ئەل ھاپىز ئەتتاھاۋىي مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ) كۆزقارىشى بويىچە مۇسىبەت كەلگەن چاغدىن باشقا چاغدا بامدات نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلمايدۇ. ئەگەر بىرەر پىتنە ياكى بالا يۈزبەرگەندە دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغاندۇر. ئەمما مۇسىبەت كەلگەندە ھەممە نامازلاردا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇش بولسا، پەقەت ئىمام شافىئىينىڭلا كۆزقارىشىدۇر. ھەنەفىيلەر: مۇسىبەت كەلگەندە دۇئايى قۇنۇت پەقەت بامدات نامىزىدىلا ئوقۇلىدۇ، دېيىش ئارقىلىق <سەھىھۇلبۇخارىدا> ۋە <سەھىھۇلمۇسلىمدا> رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىن نامىزى، خۇپتەن نامىزى ۋە شام نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇغانلىقىنى خۇددى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىر ھۆكۈمدۇر، دېگەن قاراشقا كەلگەن بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشنى خۇددى بامدات نامىزىدا داۋام قىلغان ۋە تەكرارلىغاندەك ئۇ نامازلاردا داۋام قىلمىغان ۋە تەكرارلىمىغان. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر يەنە مۇسىبەت كەلگەندە دۇئايى قۇنۇتنى پەقەت ئىماملا ئوقۇيدۇ، دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن (مۇسىبەت كەلگەندە دۇئايى قۇنۇتنى) نامازنى يالغۇز ئوقۇغان ئادەم ئوقۇيالمايدۇ. ھەمدە دۇئايى قۇنۇت رۇكۇدىن ئىلگىرى ئەمەس رۇكۇدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.[1]

# نەپلە نامازلار

پەرزگە ۋە (ۋىترىغا ئوخشاش) ۋاجىپ نامازلاردىن باشقا نامازلار نەپلە ناماز، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نەپلە نامازلار ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى قىسمى، سابىت سۈننەتلەر. بۇ، پەرز نامازلار بىلەن بىللە ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلاردۇر. بۇ، تەكىتلەنگەن سۈننەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى ئادەتتىكى باشقا نەپلە نامازلارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك تەلەپ قىلىنغان نامازلاردۇر. بۇ سۈننەتلەر ئۇلارنى داۋاملىق تۈردە ئۆزرىسىز ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ گۇناھكار بولۇشىدا ۋە ئۇ ئادەمنى پاسىقلىققا ھۆكۈم قىلىشتا ۋاجىپ

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 451 - بەت

ئەمەلنى قىلمىغاندەك گۇناھكار ھېساپلاشقا بولىدۇ[1].[2]

ئىككىنچى قىسمى، سابىت ئەمەس سۈننەتلەر. (يەنى نەپلە نامازلاردۇر.)

سابىت سۈننەتلەر بولسا، پېشىنىنىڭ ئالدىدا بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكەت، بامداتتىن ئىلگىرى، پېشىن، شام ۋە خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت سۈننەتلەردۇر. بۇ سۈننەتلەر توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىم الله ئۈچۈن بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 12 رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئۇ نامازلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندى: «قانداق بىر مۇسۇلمان الله ئۈچۈن ھەر كۈنى پەرزدىن باشقا 12 رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇسا، الله ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ.»[3]

بۇ سۈننەتلەرنىڭ ئىچىدە بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى ئەڭ كۈچلۈك سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى، مەن ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىدىن سۆيۈملۈكتۇر.»[4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەرنى ئاتلىق قوشۇن قوغلاپ تۇرسىمۇ سىلەر بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى (ئوقۇشنى) تاشلىماڭلار.» شۇنىڭ ئۈچۈن بامداتنىڭ سۈننىتى قالغان نامازنىڭ سۈننەتلىرىگە قارىغاندا تۆۋەندىكى ئىشلاردا ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ:

## بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بولمايدۇ

بۇ سۈننەت ئەگەر بامداتنىڭ پەرزى بىلەن بىللە قازا بولۇپ كەتسە، كۈن ئېگىلىشتىن بۇرۇن پەرز بىلەن بىللە قازاسى قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قېتىم سەپەردە بامدات نامىزىنى ئوقۇماي ئۇخلاپ قېلىپ كۈن چىققاندىن كېيىن بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ قازاسىنى بامداتنىڭ

(1) يەنى ۋاجىپنى ئۆزرىسىز قىلمىغان ئادەم گۇناھكار ۋە پاسىق ھېساپلىنىدۇ. بۇ سۈننەتلەر بۇ ھەقتە ۋاجىپقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 452 ـ بەت

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەرزى بىلەن بىللە قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. ئەگەر بامداتنىڭ سۈننىتى يالغۇز قازا بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ.

بامداتنىڭ سۈننىتىدىن قالسا، ئەڭ كۈچلۈك سۈننەت پېشىندىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان پېشىننىڭ تۆت رەكەت سۈننىتىدۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكەت ۋە بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشنى تاشلىمايتتى.» [1]

ئەگەر بىر ئادەم پېشىننىڭ تۆت رەكەت سۈننىتىنى پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئوقۇيالماي قالسا، ئۇنى پېشىننىڭ پەرزىنىڭ كەينىدىن ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكەت سۈننەتنى ئوقۇيالمىسا، ئۇنى پەرزدىن كېيىن ئوقۇيتتى.»[2]

بۇلاردىن باشقا سۈننەتلەرنىڭ دەرىجىسى ئوخشاشتۇر.

پەرز نامازنىڭ باش ـ ئاخىرىدا ئوقۇلىدىغان تۆت رەكەت سۈننەت نامازلىرى بىر سالام بىلەنلا ئادا قىلىنىدۇ. بىرىنچى ئولتۇرۇشتا پەقەت ئەتتەھەييياتۇلا ئوقۇلىدۇ ۋە ئۈچۈنچى رەكەتكە تۇرغاندا، بۇ رەكەتنىڭ بېشىدا <سۇبهانەكەللاھۇممە . . .> دىن باشلاپ ئوقۇماستىن پەقەت (بىسمىللاھدىن) باشلاپ ئوقۇيدۇ. ئەمما تۆت رەكەتلىك نەپلە نامازلار بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: تۆت رەكەتلىك نەپلە نامازدا، ئۇنىڭ بىرىنچى ئولتۇرۇشىدا ئەتتەھەييياتۇ بىلەن بىللە دۇرۇتلار ئوقۇلىدۇ ۋە ئۈچۈنچى رەكەتكە تۇرغاندا <سۇبهانەكەللاھۇممە . . .> ۋە <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىرراجىم> دىن باشلاپ ئوقۇلىدۇ. چۈنكى نەپلە نامازدا ھەر بىر ئىككى رەكەت ئايرىم بىر ناماز ھېساپلىنىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئىككى رەكەتنىڭ بېشىدا <سۇبهانەكەللاھۇممە . . .> ۋە <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىرراجىم> لارنى ئوقۇش لازىم بولىدۇ.) (مەسىلەن: مەن كېسەلدىن ساقايسام الله تائالا ئۈچۈن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيمەن، دەپ) ئوقۇش نەزىر قىلىنغان نامازمۇ نەپلە نامازغا ئوخشاشتۇر.[3] چۈنكى بۇمۇ ئەمەلىيەتتە نەپلە نامازدۇر. لېكىن ئۇ،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(3) يەنى ئۇنىڭمۇ بىرىنچى ئولتۇرۇشىدا ئەتتەھەيياتۇ بىلەن بىللە دۇرۇتلار ئوقۇلىدۇ ۋە ئۈچۈنچى رەكەتنىڭ بېشى <سۇبهانەكەللاھۇممە . . .> ۋە <ئەئۇزۇ بىللاھىمىنەششەيتانىرراجىم> لارنى ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ. ت.

نەزىر قىلىنىش ئارقىلىق ۋاجىپلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن نەپلە نامازدۇر.

نەپلە نامازنى بىر سالام بىلەن تۆت رەكەتتىن ئارتۇق ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن كۈندۈزدە نەپلە نامازنى بىر سالام بىلەن تۆت رەكەتتىن ۋە كېچىدە سەككىز رەكەتتىن ئارتۇق ئوقۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر سالام بىلەن كۈندۈزدە تۆت رەكەتتىن ۋە كېچىدە سەككىز رەكەتتىن ئارتۇق نەپلە ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى. ئەسلى بۇ ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان دەلىل ـ پاكىتلارغا قاراش لازىم. شەرىئەتتە يولغا قويۇلغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىتى يوق بىر ئىشنى قىلىش توغرا ئەمەستۇر. ئەكسىچە ئۇنى قىلىش بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆزقارىشى بويىچە مەكرۇھتۇر.[1]

كېچىدە ئوقۇغان نەپلە ناماز كۈندۈزدە ئوقۇغان نەپلە نامازدىن ياخشىدۇر. چۈنكى كېچىدە ئوقۇغان نەپلە ناماز ئادەمگە بەك ئېغىر كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: « ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ » [2]

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى بويىچە مەيلى كېچىدە بولسۇن مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن نەپلە نامازنى تۆت رەكەتتىن ـ تۆت رەكەتتىن ئوقۇش ياخشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى بويىچە كېچىدە نەپلە نامازنى بىر سالام بىلەن ئىككى رەكەتتىن ئىككى رەكەتتىن ئوقۇش ياخشىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « كېچىلىك ناماز ئىككى رەكەت، ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ »[3] دېگەن سۆزىدۇر.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى:

(1) « رد المحتار ».

(2) سۈرە سەجدە 16 ـ ئايەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ۋە رامىزاندىن باشقا چاغلاردا كېچىلىك نامازنى ئون بىر رەكەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى. كېچىلىرى نامازنىڭ دەسلىۋىدە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيتتى، ئۇ نامازنىڭ قانچىلىك چىرايلىق ۋە ئۇزۇن بولغانلىقىنى سورىمايلا قويغىن. ئاندىن يەنە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيتتى، بۇنىڭمۇ قانچىلىك چىرايلىق ۋە ئۇزۇن بولغانلىقىنى سورىمايلا قويغىن. ئاندىن ئۈچ رەكەت ناماز ئوقۇيتتى.»[1] كېچىدە نامازنى تۆت رەكەت ـ تۆت رەكەتتىن ئوقۇش ئادەمگە ئېغىر كېلىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ساۋابىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا كېچىدە نەپلە نامازنى تۆت رەكەتلىك قىلىپ ئوقۇش ياخشىدۇر.

سابىت ئەمەس سۈننەتلەر. يەنى نەپلە نامازلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

● مەسچىت سالامى. (يەنى تەھىييەتۇل مەسچىت.) بىر ئادەم مەسچىتكە كىرگەن ۋە مەسچىتكە كىرگەن ئۇ ۋاقىت ناماز ئوقۇش مەكرۇھ قىلىنمىغان ۋاقىت بولسا، ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ياكى تۆت رەكەت ناماز ئوقۇش لازىم. بۇ ھەقتە ئەبۇقەتادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار مەسچىتكە كىرسە، ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن.»[2]

ئەگەر بىر ئادەم مەسچىتكە پەرز ناماز ئوقۇش ياكى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش نىيىتى بىلەن كىرگەن ۋە كىرىپلا نامازغا تۇرغان بولسا، مەسچىت سالىمى نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

مەسچىتكە كۈندە بىر نەچچە قېتىم كىرىپ چىقىدىغان ئادەم، مەسچىت سالىمى نامىزىنى ھەر كۈن ئۈچۈن بىر قېتىم ئوقۇسا كۇپايە قىلىدۇ. گەرچە مەسچىت سالىمىنى مەسچىتكە كىرىپ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇش ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نامازنى ئوقۇش ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.[3]

كىمكى تاھارەتسىزلىكتىن ياكى جىددى بىر ئىش چىقىپ قالغانلىقتىن مەسچىت سالىمى نامىزىنى ئوقۇيالمىسا، ئۇنىڭ: <سۇبھانەللاھ ۋەل ھەمدۇ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) «مراقي الفلاح».

لىللاھ ۋە لا ئىلاھە ئىللاللاھ ۋەللاھۇ ئەكبەر> دېيىشى مۇستەھەپتۇر.[1]

● تاھارەت نامىزى. ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تاكى تاھارەتنىڭ سۈيى قۇرۇپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «تاھارەتنى كامىل ئېلىپ چىن دىلى ۋە يۈزى بىلەن يۈزلىنىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ.»[2]

ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بامدات نامىزىدا: «ئى بىلال! ماڭا ئىسلامدا قىلغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەمىلىڭنى سۆزلەپ بەرگىن. چۈنكى مەن، جەننەتتە ئالدىمدا كەشىڭنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم» دېدى. بىلال: «مەن كېچىنىڭ ياكى كۈندۈزنىڭ قايسى ۋاقتىدا تاھارەت ئالسام، شۇ تاھارىتىم بىلەن مېنىڭ ئوقۇشۇمغا نېسىپ بولغان نامازنى ئوقۇغانلىقىمدىن باشقا ئۈمىدلىكرەك بىرەر ئەمىلىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى.[3]

● چاشكا نامىزى. بۇ، ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى رەكەت ئوقۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇھۇرەيرىگە چاشكا نامىزىنى ئىككى رەكەت ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغان. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكەت چاشكا نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى تەۋسىيە قىلغان.»[4]

چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مۇكەممەللىك دەرىجىسى تۆت رەكەتتۇر. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاشكا نامىزىنى تۆت رەكەت ئوقۇيتتى، خالىسا زىيادە قىلاتتى» دېگەن سۆزىدۇر.[5]

مەككە فەتھى بولغان كۈنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممۇھانىئەنىڭ يېنىدا (يەنى ئۇنىڭ ئۆيىدە) چاشكا نامىزىنى سەككىز رەكەت ئوقۇغانلىقى

(1) «الهدية العلائية»، 78 - بەت.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**رىۋايەت قىلىنىدۇ.**

**خۇپتەندىن كېيىن ئوخلاشتىن بۇرۇن بولىسمۇ ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى رەكەت كېچە نامىزى ئوقۇش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەل مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: (ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسەن؟ ھالبۇكى، سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلگەن تۇرسا؟) دېيىلەتتى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۆزنى دېگۈچى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن اللە غا شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟»[1] دەپ جاۋاب بېرەتتى.**

**ئەسىر نامىزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللە تائالا ئەسىر نامىزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكەت ناماز ئوقۇغان ئادەمگە رەھمەت قىلسۇن!»[2]**

**خۇپتەنىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇشمۇ مۇستەھەپتۇر. شۇنىڭدەك يەنە پېشىنىنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت سۈننەتكە يەنە ئىككى رەكەت قوشۇپ تۆت رەكەت قىلىپ ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. شامنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكەتتىن قىلىپ جەمى ئالتە رەكەت سۈننەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ۋاقىتدا شامنىڭ پەرزىنىڭ كەينىدىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت سۈننەت نامازمۇ بۇ مۇستەھەپ نامازلارنىڭ قاتارىدىن ھېساپلىنىدۇ.[3]**

- **سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش. بۇ ھەقتە كەئب ئىبنى مالىك مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئالدى بىلەن مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن كىشىلەر بىلەن (سالاملىشىش ئۈچۈن مەسچىتتە.) ئولتۇراتتى.»[4]**

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلدى.

(3) «الهدية العلائية»، 76 - بەت.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

● ئىستىخار نامىزى. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەممە ئىشتا ئىستىخار سېلىشنى[1] قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ مۇنداق دەيتتى: « ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئىككى رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: ئەللاھۇممە ئىننى ئەستەخىرۇكە بىئىلمىكە ۋە ئەستەقدىرۇكە بىقۇدرەتىكە ۋە ئەسئەلۇكە مىن پەزلىكەل ئەزىمى. فەئىننەكە تەقدىرۇ ۋە لا ئەقدىرۇ ۋە تەئلەمۇ ۋە لا ئەئلەمۇ ۋە ئەنتە ئەللامۇل غۇيۇبى. ئەللاھۇممە ئىن كۇنتە تەئلەمۇ ئەننە ھەزەل ئەمرە خەيرۇن لى فى دىنى ۋە مەئاشى ۋە ئاقىبەتى ئەمرى فەقدۇرھۇ لى ۋە يەسسىرھۇ لى سۇممە بارىك لى فىھى ۋە ئىن كۇنتە تەئلەمۇ ئەننە ھەزەل ئەمرە شەررۇن لى فى دىنى ۋە مەئاشى ۋە ئاقىبەتى ئەمرى فەسرۇفھۇ ئەننى ۋەسرىفنى ئەنھۇ ۋەقدۇرلىيەل خەيرە ھەيسۇ كانە سۇممە رەددىنى بىھى.[2] »[3]

● ھاجەت نامىزى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋپا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنىڭ اللە تائالاغا ياكى بىرەر ئىنسانغا ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن اللە تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسۇن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇسۇن. ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: لا ئىلاھە ئىللاللاھۇل ھەلىمۇل كەرىم. سۇبھانەللاھۇ رەببۇل ئەرشىل ئەزىم. ئەل ھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين. ئەسئەلۇكە مۇجىباتى رەھمەتىك ۋە ئەزائىمە مەغفىرەتىك ۋەل ئىسمەتە مىن كۇللى زەنبىن ۋەل غەنىمەتە مىن كۇللى بىررىن ۋەسسالامەتە مىن كۇللى ئىسمىن لا تەدەئ لى زەنبەن ئىللا غەفەرتەھ ۋە ھەممەن ئىللا فەررەجتەھ ۋە لا ھاجەتەن ھىيە لەكە رىزان ئىللا

---

(1) يەنى ياخشىلىق تىلەپ ئوقۇيدىغان ئىككى رەكەت نامازنى كۆرسىتىدۇ.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى اللە! مەن سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن بۇ ئىشىمنىڭ (بۇ يەردە ئۇ ئىشنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ.) ياخشى بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن، ماڭا ياخشى تەقدىر ئاتا قىلغىن! ماڭا ياخشى نېمەتلىرىڭنى ئاتا قىلغىن! چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن بولسام ئاجىزمەن، سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بولسام بىلمەيمەن، سەن غەيىپنى بىلگۈچىسەن. ئى اللە! ئەگەر مېنىڭ قىلماقچى بولغان بۇ ئىشىم دىنىمغا، دۇنيالىق ئىشىمغا ۋە كەلگۈسىگە پايدىلىق بولىدىغان بولسا، ئۇنى تەقدىر قىلىپ بىكىتىۋەتكەيسەن! بۇ ئىشىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمغا ئاسانلىق، ئىشلىرىمغا خۇشاللىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغايسەن! ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىمغا، دۇنيالىق تۇرمۇشۇمغا ۋە كەلگۈسىمگە ھېچ قانداق پايدىسى بولمىسا، ئۇ ئىشنى مەندىن يىراق قىلغىن، مېنىمۇ ئۇ ئىشتىن يىراق قىلغىن، ياخشى ئىش نەدە بولسا، ئۇ ئىشنى قىلىشقا مېنى نېسىپ قىلغىن! ئاندىن شۇ ئىش بىلەن مېنى رازى قىلغىن.

(3) بۇھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**قەزەيتەھا يا ئەرھەمەرراھىمىين.[1] »[2]**

**● ئۈچ يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتىش بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكەت تەسبىھ نامىزىنى ئوقۇش. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇرافىئ قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابباس ئىبنى مۇتەللىپكە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى تاغام! ئابباس. مەن ساڭا ئون خىسلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىشتىن خەۋەر بەرمەيمۇ ۋە ئۇنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ. ئەگەر سەن ئۇنى قىلساڭ، الله تائالا گۇناھىڭنىڭ بۇرۇنقىسىنى ۋە كېيىنكىسىنى، كونىسىنى ۋە يېڭىسىنى، خاتاسىنى ۋە قەستىنىنى، كىچىگىنى ۋە چوڭىنى، يوشۇرۇنىنى ۋە ئەشكارىسىنى كەچۈرۋېتىدۇ[3]. ئون خىسلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇ ئىش بولسا، تۆت رەكەت ناماز ئوقۇپ ئۇنىڭ ھەر بىر رەكىتىدە سۈرە فاتىھە بىلەن بىر سۈرە ئوقۇغىن. ئاندىن <سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋە لا ئىلاھە ئىللاللاھ ۋەللاھۇ ئەكبەر> دېگەن تەسبىھنى ئون بەش قېتىم دېگىن. ئاندىن رۇكۇ قىلغىن ۋە رۇكۇدا تۇرۇپ شۇ تەسبىھنى ئون قېتىم دېگىن. ئاندىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرگىن ۋە ئۇ تەسبىھنى ئون قېتىم دېگىن. ئاندىن سەجدە قىلغىن ۋە سەجدىدە تۇرۇپ ئۇ تەسبىھنى ئون قېتىم دېگىن. ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرگىن ۋە ئۇنى ئون قېتىم دېگىن. ئاندىن سەجدە قىلغىن ۋە سەجدىدە تۇرۇپ ئۇنى ئون قېتىم دېگىن. ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرگىن ۋە ئۇنى ئون قېتىم دېگىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەسبىھ بىر رەكەتتە 75 قېتىم دېيىلگەن بولىدۇ.[4] بۇنى تۆت رەكەتنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق قىلغىن. ئەگەر سەن بۇ نامازنى ھەر كۈن ئوقۇشقا قادىر بولالىساڭ، ھەر كۈن ئوقۇغىن. ئەگەر ئۇنى ھەر كۈن ئوقۇشقا قادىر بولالمىساڭ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇغىن. ئەگەر ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇشقا قادىر بولالمىساڭ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئوقۇغىن. ئەگەر ھەر ئايدا بىر قېتىم ئوقۇشقا قادىر بولالمىساڭ، ھەر بىر يىلدا**

(1) بۇ دۇئانىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ تولىمۇ ھەلىمدۇر، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر. ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئي ئاللاھ! سېنىڭدىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى، مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان تەۋبىنى، مېنى ھەر قانداق گۇناھتىن ساقلىشىڭنى، پۈتۈن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرىشىڭنى ۋە ھەر قانداق يامانلىقتىن ئامان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئي ئاللاھ! مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بارلىق قىيىنچىلىقلىرىمنى ھەل قىلىپ بەرگىن ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىششىم ئۈچۈن تۇرتكە بولىدىغان ھەر قانداق ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىپ بەرگىن ئي رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى بولغان ئاللاھ!. (ئىلاھى قورغان).

(2) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(3) بۇلار شۇ ئون خىسلەت بولۇشى مۇمكىن. ت.

(4) شۇنىڭ بىلەن بۇ تەسبىھ تۆت رەكەتلىك نامازدا **300** قېتىم دېيىلگەن بولىدۇ. ت.

بىر قېتىم ئوقۇغىن. ئەگەر بىر يىلدا بىر قېتىم ئوقۇشقا قادىر بولالمىساڭ، ئۆمرىڭدە بىر قېتىم ئوقۇغىن.»[1]

# قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش

پەرز نامازلارنى ئوقۇشنى ئۆز ۋاقتىدىن ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈۋېتىش چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋەتكەن ئادەم مۇنداق ئىككى خىل گۇناھ قىلغان بولىدۇ. بىر خىلى: نامازنى ئوقۇمىغاننىڭ گۇناھى. بۇ گۇناھ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن گەردەندىن چۈشۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا: نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋەتكەننىڭ گۇناھى. بۇ گۇناھ پەقەت تەۋبە ۋە ئىستىغپار ئېيتىش بىلەن كەچۈرۈلىدۇ.

نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا ئۆزرە بولالايدىغان بەزى ئىشلار بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرى دۈشمەندىن قورقۇشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم دۈشمەندىن قورقۇپ نامازنى ئولتۇرغان ھالەتتە قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپ قاراپ بولسىمۇ ئوقۇشقا ياكى قېچىپ تۇرۇپ بولسىمۇ ئوقۇشقا قادىر بولالمىسا، (نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇسا بولىدۇ.) يەنە بىرى دوختۇرنىڭ ياكى سېستىرانىڭ كېسەللەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىشىدۇر.

ئادا قىلىش دېمەك قىلىشقا بۇيرۇلغان بىر ئىشنى، شۇ ئىش قىلىنىشقا بۇيرۇلغان ۋاقىتدا قىلىش دېمەكتۇر. قازا دېمەك قىلىشقا بۇيرۇلغان بىر ئىشنى، ئۇ ئىشنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قىلىش دېمەكتۇر. قايتا قىلىش دېمەك ئىلگىرى بىر قېتىم قىلغان بىر ئىشنى، ئۇ ئىشنىڭ ۋاقتىدا ياكى ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن قايتا يەنە بىر قېتىم قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكتى بولسا، ئالىملارنىڭ: مەسىلەن: ۋاجىپ ئىشتىن بىرەرسىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ھارامغا يېقىن مەكرۇھ ھالەتتە ئادا قىلىنغان ھەر بىر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ياكى ۋاقتىدىن كېيىن قايتا ئوقۇش ۋاجىپتۇر، دېگەن سۆزىدۇر.[2]

نامازنىڭ قازاسىنى، ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ھەممە

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 486 ـ بەت.

ۋاقتتا ئوقۇشقا بولىدۇ. بىر يۇقىرىدا قايسى ـ قايسى ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغان ۋاقىت ئىكەنلىكى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا ئالدىراش لازىم. بىر ئادەمنىڭ قازا قىلىۋاتقان نامىزى بەك كۆپ بولغان، ئۇ ئادەم خۇتۇن ـ بالىۋاقىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بېرىشكە تىرىشىشتەك بىرەر ئىش بىلەن ئالدىراش بولسا، ئۇ نامىزىنىڭ قازاسىنى ئۇ ئىشتىن بىكار بولغاندا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە قىلسىمۇ بولىدۇ.

ئۇستۇدىكى قازا نامازلارنى ئوقۇش نەپلە ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىدۇر. لېكىن قازا نامازنى ئوقۇش پەرز نامازنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سابىت سۈننەتلەرنى ئوقۇشتىن، تاھارەت نامىزىغا، مەسچىت سالىمى نامىزىغا ۋە چاشكا نامىزىغا ئوخشاش ئوقۇشقا بۇيرۇپ ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن نامازلارنى ئوقۇشتىن ياخشى ئەمەستۇر.

پەرز نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش پەرىزدۇر. ۋىتىر نامىزىغا، ئوقۇشقا نەزىر قىلغان نامازغا ۋە ئوقۇشنى باشلاپ بولۇپ بۇزۇۋاتقان نەپلە نامازغا ئوخشاش ۋاجىپ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر.[1]

قازا بولۇپ كەتكەن نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشنىڭ توغرىلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قازا بولۇپ كەتكەن نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلغانلىقىدۇر. ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ناماز ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئېسىگە ئالغاندا ئوقۇسۇن. ئۇنىڭغا ئۇ نامازنى ئوقۇشتىن باشقا ھېچقانداق كاپپارەت لازىم ئەمەس» دېگەن سۆزىدۇر. نامازنى ئېسىگە ئالغاندا ئوقۇشنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، الله تائالانىڭ: «مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[2] دېگەن ئايىتىدۇر.[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر بىر قېتىم سەپەر ئۈستىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇماي ئۇخلاپ قالغان. ئەبۇقەتادە بۇ قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ۋاقىتتا ئەڭ دەسلەپ ئويغانغان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغانغاندا كۈن نۇرى ئۇنىڭ

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 488 ـ بەت.

(2) سۈرە تاھا 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇستۇگە چۈشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئورنىمىزدىن چاچراپ تۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «ئۇلاغلىرىڭلارغا مىنىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلاغلىرىمىزغا مىنىپ تاكى كۈن تولۇق كۆتۈرۈلۈپ بولغىچە يول يۈرۈپ ئاندىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يۈك تاقىمدىكى تاھارەت سۈيى بار بىر قاچىنى ئەكەلدۈرۈپ ئۇ قاچىنىڭ سۈيى بىلەن يەڭگىل بىر تاھارەت ئالدى. ئاندىن بىلال نامازغا ئەزان ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپ بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇدى. ئاندىن بىزگە بامداتنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ نامازدىمۇ ھەر كۈن (يەنى ئادەتتە نامازلاردا) قىلىدىغان ئىشلارنى قىلدى.[(1)]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈنى كۈن كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ قۇرەيش كاپىرلىرىنى تىللاشقا باشلىدى ۋە ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن كۈن كىرىپ كېتەي دېگىچە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيالمىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەنمۇ تېخى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇمىدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز <بەتھان> دېگەن يەرگە كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تاھارەت ئالدى، بىزمۇ تاھارەت ئالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ناماز ئاخىرلاشقىچە كۈن كىرىپ كېتىپ بولغان ئىدى. ئەسىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شام نامىزىنى ئوقۇدى.[(2)]

نامازنىڭ قازاسىمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئەسلىدىكىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر قازا بولۇپ كەتكەن نامازلار كۆپ بولسا، ئۇ نامازلار تەرتىپ بويىچە (مەسىلەن: دەسلەپ بامدات، كېيىن پېشىن ئوقۇلغانغا ئوخشاش تەرتىپ بويىچە) ئوقۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مۇشرىكلار خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت ۋاخ نامازنى ئوقۇيالماسلىقىغا سەۋەبچى بولدى. كېچە كېلىپ مەلۇم بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ئوقۇپ تەكبىر چۈشۈرۈشكە بۇيرىدى ۋە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن بىلال تەكبىر چۈشۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئوقۇپ بەردى. ئاندىن بىلال تەكبىر چۈشۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن بىلال تەكبىر چۈشۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى.»(1)

نامازلار مەيلى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغاندا بولسۇن مەيلى قازاسى قىلىنغاندا بولسۇن بەش ۋاخ ناماز بىلەن ۋىتىر ۋاجىپنىڭ ئارىسىدىكى تەرتىبكە رىئايە قىلىش لازىم. يەنە ئەگەر يېتەرلىك ۋاقىت بولسا، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلماقچى بولغان ناماز بىلەن قازا بولۇپ كەتكەن نامازنىڭ ئارىسىدىكى تەرتىبكە رىئايەت قىلىش ۋاجىپتۇر. (مەسىلەن: پېشىننى قازا قىلىپ قويغان ئادەم ئەگەر ئەسىرنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتمەيدىغان بولسا، ئەسرنى ئوقۇشتىن بۇرۇن پېشىننىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، ئاندىن ئەسرنى ئوقۇيدۇ.)

ئەگەر ۋاقىت چىقىپ كېتىپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلماقچى بولغان ناماز بىلەن قازا بولۇپ كەتكەن نامازنىڭ ئارىسىدىكى تەرتىبكە رىئايە قىلىش ۋاجىپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قازا نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن ۋاقتى كىرگەن نامازنى ئوقۇش كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. (مەسىلەن: ئەگەر ئەسىرنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، پېشىننىڭ قازاسىنى قىلىپ ئولتۇرمايلا ئەسىر ئوقۇلىدۇ.) تەرتىبكە رىئايە قىلىش يەنە ئۆزىنىڭ نامازنى قازا قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىش بىلەنمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى نامازنى قازا قىلىۋەتكەن ئادەم ئۆزىنىڭ نامازنى قازا قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ھالەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

تەرتىبكە رىئايە قىلىش يەنە قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەنمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئەڭ ئاز بولغاندا ۋىتىر نامىزىدىن باشقا ئالتە ۋاخ نامازنى قازا قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە تەرتىبكە رىئايە قىلىش قىيىن بولۇپ قالىدىغان بولغاچقا، (بۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەرتىبكە رىئايە قىلماستىن قايسىسى ئۇدۇل كەلسە شۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.)(2)

نامازنى قازا قىلىۋەتكەن ئادەم نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا نىيەت قىلغان

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) «الهدية العلائية»، 93 - بەت.

ۋاقتىدا، ئەگەر قازا قىلىۋەتكەن ناماز ئاز بولسا، قازاسىنى قىلماقچى بولغان نامازنى (پالانى كۈننىڭ نامىزى دېگەنگە ئوخشاش) تەيىن قىلىش لازىم. ئەگەر قازا قىلىۋەتكەن نامازلىرى كۆپ بولسا، قازاسىنى قىلماقچى بولغان نامازنى پەقەت مەسىلەن: پېشىننىڭ قازاسىنى قىلماقچى بولسا، ئەڭ دەسلەپ قازا بولۇپ كەتكەن ياكى ئەڭ ئاخىر قېتىم قازا بولۇپ كەتكەن پېشىننىڭ قازاسىنى قىلىمەن، دەپلا نىيەت قىلسا بولىدۇ.

قازا نامازلار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىنمايدۇ. چۈنكى نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىش گۇناھتۇر. بۇ گۇناھنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاش ياخشى ئەمەستۇر.

# كېسەل ئادەملەرنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئىسلام دىنى، رەھمەت ۋە ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان دىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل ئادەم نامازنى ئىمكانىيىتىنىڭ يەتكەن ھالىتىگىچە ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى بۇ ھەدىستۇر:

ئىمران ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ: مەندە بۇۋاسىر كېسىلى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىمنى سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن. ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن. ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ يېنىچە يېتىپ ئوقۇغىن»[1] دەپ جاۋاب بەردى.

ئەگەر نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇسا ئۆزىگە (كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىغا ئوخشاش) بىرەر زەرەر كېلىپ قالىدىغان كېسەل ئادەم، نامازنى بەداشقان قورۇپ ئولتۇرامدۇ ياكى باشقا بىر شەكىلدە ئولتۇرامدۇ ئۆزىگە قايسىسى ئاسان بولسا، شۇ شەكىلدە ئولتۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى قىلىپ ئوقۇيدۇ.

كېسەل ئادەمنىڭ، كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن قورقۇشى ياكى ئىلگىرىكى تەجرىبىگە، ئۇستا ۋە مۇسۇلمان بىر دوختۇرنىڭ (ئەگەر سەن ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇساڭ كېسىلىڭنىڭ ساقىيىشى كېچىكىپ قالىدۇ دەپ)

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

خەۋەر بېرىشىگە ئاساسەن كېسەلنىڭ ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ قېلىشىدىن قورقۇشى ياكى ئۆرە تۇرغاندا ئۆزىدە ئاغرىق ياكى بېشىنىڭ ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىشى، ياكى ئۆرە تۇرسا ئۆزىدىن سۈيدۈك تېمىپ بېرىش ئېھتىمالىنىڭ بولۇشى كېسەل ئادەمگە كېلىدىغان زەرەرلەرنىڭ قاتارىدۇر.

بىر ئادەم ئەگەر ھاسىغا ياكى تامغا ياكى ئايالغا، بالىسىغا ۋە خىزمەتچىسىگە ئوخشاش ئۆزىگە بويسۇنىدىغان بىر ئادەمگە تايىنىپ بولسىمۇ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىپ ناماز ئوقۇشى لازىم. چۈنكى نامازدا بىر نەرسىگە تايانماي ئۆرە تۇرالىغان ئادەمگە ئۆرە تۇرۇش لازىم بولغىنىدەك بىر نەرسىگە تايىنىپ بولسىمۇ ئۆرە تۇرالىغان ئادەمگىمۇ ئۆرە تۇرۇش لازىم.

بىر ئادەمنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىشى، ئۇنى ئۆرە تۇرالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويسا، ئۇ ئادەم (مەسچىتكە چىقماي) نامازنى ئۆيىدە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى پەقەت سەجدە قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، رۇكۇ بىلەن سەجدىنى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئىشارەت ئارقىلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇپ رۇكۇ قىلغان، ئاندىن نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇپ سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى توغرا بولغان بولىدۇ. لېكىن بۇ ھالەتتە ئەڭ ياخشىسى رۇكۇ بىلەن سەجدىنى ئىشارەت بىلەن قىلىشتۇر. چۈنكى نامازدىكى ئۆرە تۇرۇش بىلەن رۇكۇ قىلىشنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىبادەت شەكلىدە يولغا قويۇلغان بولماستىن ئەكسىچە سەجدە ئۈچۈن بىر ۋاستە شەكلىدە يولغا قويۇلغاندۇر.[2]

ئىشارەت قىلىش ئېگىلىش بىلەن بولىدۇ. سەجدىدە رۇكۇغا قارىغاندا بەكرەك ئېگىلىدۇ. رۇكۇنى شۇنداق ئېگىلىپ قىلسا بولىدۇ. سەجدە قىلغاندا پېشانىسىنى يەرگە تەككۈزۈش ئۈچۈن بەك كۈچەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئېگىلىپ ئىشارەت قىلىش قىيىن كەلسە، (رۇكۇ بىلەن سەجدىنى) باش ئىشارىتى بىلەن قىلىدۇ.

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 508 - بەت.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 509 - بەت.

ئەگەر بىر ئادەم ئولتۇرۇشتىن ھەقىقەتەن ئاجىز كەلگەن ياكى دوختۇر ئۇنى نامازنى بىر نەچچە كۈن يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇپ تۇرۇشقا بۇيرىغاندەك سەۋەب بىلەن ئولتۇرۇشتىن ھەقىقەتەن ئەمەس ھۆكمەن ئاجىز كەلگەن بولسا، نامازنى ئوڭدىسىغا يېتىپ ۋە پۇتلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. لېكىن تىزلىرىنى تىكلىمەيدۇ. چۈنكى تىزلىرىنى تىكلىسە پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرى قىبلە تەرەپكە قارىتىلىپ قالىدۇ. پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش مەكرۇھتۇر. بېشىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلالىشى ۋە ھەم يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتالىشى ئۈچۈن بېشىنىڭ ئاستىغا ياستۇق قويۇپ بېرىلىدۇ. ياكى ئۇ ئادەم نامازنى يېنىچە يېتىپ تۇرۇپ ۋە يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ئوقۇيدۇ. لېكىن نامازنى ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇشى ياخشىدۇر. چۈنكى نامازنى ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشارىتى قىبلە تەرەپكە تولۇق بىر شەكىلدە يۈزلەنگەن بولىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم نامازنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوقۇشتىنمۇ ئاجىز كەلسە، نامازنى كۆزى ۋە قېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇمايدۇ. ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە ناماز ئوقۇشنى كېچىكتۈرىدۇ. (تۇغرۇسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر يەنى نامازنى ئوقۇمايدۇ.) چۈنكى ھەدىس (نامازنى رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ ئوقۇشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەم) نامازنى پەقەت بېشى بىلەنلا ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ، دەپ بايان قىلدى. ئەمما كۆز ۋە قاش بىلەن قىلغان ھەرىكەت ھەم ئىشارەت ۋە ھەم شەكىلدۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن باش بىلەن ئىشارەت قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندە كۆز ۋە قاش بىلەن ئىشارەت قىلىنمايدۇ.)

باش بىلەن ئىشارەت قىلىشنىڭ سۆزى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئەگەر كېسەل سەجدە قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، سەجدىنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ ۋە سەجدە قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىر نەرسە قويۇپ بېرىلمەيدۇ» دېگەن سۆزىدە ئۈچۇق بايان قىلىنغان.[2]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېسەل نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆرە تۇرۇش قىيىن كەلسە، نامازنى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 510 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

ئۇنىڭغا ئولتۇرۇش قىيىن كەلسە، نامازنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلىشمۇ قىيىن كەلسە، تەسبىھ ئېيتىدۇ.»[1]

ئەگەر كېسەل ئادەمنىڭ كېسىلى سەۋەبىدىن ئاجىز كېلىپ ئوقۇيالمىغان نامىزى بىر كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نامىزىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن بۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى كېسەلگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن ئېشىپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىپ بولۇش قىيىن كېلىدۇ. كېسەل ئادەمنىڭ (ئەگەر ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشقا) قۇدرىتى يەتمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنىڭ ساق ـ سالامەت بولۇشى ئۇنى ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس.

نامازنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئوقۇيالمىغان نامىزى بەش ۋاخ نامازدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى ئوقۇيالمىغان نامازنىڭ سانى بەش ۋاخ نامازدىن ئېشىپ كېتىش بىلەن ئوقۇيالماي قالغان ناماز كۆپ بولۇپ كەتكەن ھېساپلىنىدۇ.[2]

نامازنىڭ بېشىنى ساق ھالەتتە باشلاپ ئۇتتۇرىسىغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ قالغان ئادەم، نامازنى كەلگەن يەردىن مەيلى ئولتۇرۇپ بولسۇن ياكى يېتىپ بولسۇن قۇدرىتى يەتكەن بىر ھالەتتە تۇرۇپ تاماملايدۇ ۋە (نامازنى بېشىدىن باشلاپ قايتا ئوقۇمايدۇ.) چۈنكى نامازنى بېشىنى ساق ھالەتتە باشلاپ، كەلگەن يەردىن ئايىغىنى كېسەل ھالەتتە ئاياغلاشتۇرۇش نامازنى كېسەل ھالەتتە باشتىن قايتا باشلاپ ئوقۇپ تاماملىغاندىن ياخشىدۇر.

ئەگەر نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى جايىدا ئادا قىلىپ نامازنى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇغان كېسەل ئادەم، نامازنىڭ ئۇتتۇرىسىدا ساقىيىپ قالغان بولسا، نامازنى كەلگەن يەردىن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇپ ئاياغلاشتۇرىدۇ. چۈنكى نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان ئادەمنىڭ نامازنى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر.[3]

(1) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(2) «شرح المنيه»، 265 ـ بەت.

(3) ئاپتۇر بۇ يەردە نامازنىڭ بېشىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇپ ساقايغاندىن كېيىن قالغىنىنى ئۆرە تۇرۇپ ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ توغرا بولۇشىنى

مەيلى نامازنى ئۆرە تۇرغان ياكى ئولتۇرغان، ياكى يېنىچە ياتقان ھالەتتە ئوقۇغان بولسۇن نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئىشارەت قىلىپ ئوقۇغان كېسەل ئادەم ئوقۇۋاتقان نامىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېسەلدىن ساقايغان بولسا، نامىزىنى كەلگەن يېرىدىن ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىش بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ نامازنى بېشىدىن باشلاپ قايتا ئوقۇشى لازىم. چۈنكى نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى جايىدا ئادا قىلىپ ئوقۇيدىغان بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇۋاتقان كېسەل ئادەم كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن نامىزىنىڭ كەلگەن يېرىدىن نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى نامازنى مەيلى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە مەيلى ئولتۇرغان ھالەتتە ئوقۇغان بولسۇن نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىپ ئوقۇغان ھالەت ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغان ھالەتتىن كۈچلۈكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ھالەتنى ئاجىز بىر ھالەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇش توغرا بولمايدۇ.[1]

نامازنى مەيلى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە مەيلى ئولتۇرغان ھالەتتە باشلىغان بولسۇن نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئىشارەت قىلىپ ئوقۇش نىيىتى بىلەن باشلىغان كېسەل ئادەم، تېخى نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىدىغان يېرىگە كېلىپ بولغىچە كېسەلدىن ياخشى بولۇپ قېلىپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلالايدىغان بىر ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا، نامازنى كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇيالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم تېخى نامازنىڭ بىر پەرزىنى (يەنى بىر رەكئەتنى) ئادا قىلىپ بولمىغاندۇر. ئۇ پەقەت قۇلاق قېقىپ نامازغا كىردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە كۈچلۈك ھالەت ئاجىز ھالەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى، دېيىدىغان بىر ئىش يوقتۇر. ئەمما ئۇ ئادەم نامازنى ئولتۇرۇپ ياكى يېنىچە ياتقان ھالەتتە باشلاپ تېخى نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىدىغان يېرىگە كېلىپ بولغىچە كېسەلدىن ياخشى بولۇپ قېلىپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆرە ياكى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئۆز جايىدا ئادا

نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان ئادەمنىڭ نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشىنىڭ توغرا بولۇشىغا قىياس قىلىغان. ت.

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 511 - بەت.

قىلالايدىغان ياكى (رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلىسمۇ) نامازنى پەقەت ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئادا قىلالايدىغان بىر ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا، نامازنى بېشىدىن باشلاپ قايتىدىن ئوقۇيدۇ. چۈنكى نامازنى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇغان ھالەت ئۇنى يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغان ھالەتتىن كۈچلۈكتۇر.[1]

## ھۇشىدىن كەتكەن ۋە ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەمنىڭ ھۇشسىز ياكى ساراڭ بولۇپ قالغاندىكى ۋاقتى بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق داۋام قىلىپ ئۇنىڭ قازا قىلىنىۋەتكەن نامىزى ئالتە ۋاختا يەتسە، ئۇنىڭ بويىنىدىن ئۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھۇشسىز ئادەمنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە ھۇشىدىن كېتىپ قالىدىغان بەزەن ـ بەزەن ھۇشىغا كېلىپ قېلىشلىرى ئۇ مۇددەت ئىچىدە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما مەلۇم بىر مۇددەتكىچە داۋام قىلىدىغان ھۇشىغا كېلىپ قېلىشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھۇشسىزلىقنىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلىدۇ.[2]

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھۇشسىزلىقى ياكى ساراڭلىقى بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن ئاز داۋام قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا بۇ ئارىلىقتا قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

نافىئ مۇنداق دېدى: «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچە ـ كۈندۈز ھۇشىدىن كېتىپ كېيىن ھۇشىغا كەلگەندە، قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلمىغان ۋە (نامازنى شۇ ۋاقتىنىڭ نامىزىدىن باشلاپ) ئوقۇشنى باشلىغان.»[3]

ئەسەردە ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا ھۇشىدىن كېتىپ ئاندىن كېچىنىڭ يېرىمىدە ھۇشىغا كېلىپ

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 511 ـ بەت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم يېرىم كۈن ھۇشىدىن كېتىپ ئاندىن ئىككى ـ ئۈچ سائەت ھۇشىغا كەلگەن، ئاندىن ئۇ يەنە ھۇشىدىن كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھۇشىدىن كەتكەن ۋاقتى ئىككىنچى قېتىم ھۇشىدىن كەتكەن ۋاقتتىن تارتىپ باشلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارىلىقتا ھۇشىغا كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلگىرىدىكى ھۇشسىز ئۆتكەن ۋاقتىنىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ت.

(3) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

پىشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ناركوز دورىسى ياكى دورا قوللىنىش ئارقىلىق ھۇشىدىن كەتكەن ياكى ھاراق ئىچىش ئارقىلىق ئەقلىنى يوقاتقان بولسا، ئۇنىڭ ھۇشسىز ياكى ئەقلىنى يوقىتىپ قويغان بۇ مۇددىتى قانچىلىك ئۇزۇن بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا ئاشۇ مۇددەت ئىچىدە قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھۇشسىزلىقىغا ياكى ئەقلىنى يوقاتقانلىقىغا ئۆزى سەۋەبچى بولغاندۇر.[2]

ئىمام مۇھەممەد مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر ئادەم ناركوز دورىسى ياكى دورا قوللىنىش ئارقىلىق ھۇشىدىن كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھۇشسىز ئۆتكەن مۇددەت ئىچىدە قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۇنىڭ بويندىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئەسلىدە ئىشلىتىش يولغا قويۇلغان نەرسىلەردۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ نەرسىلەرنى قوللانغان ئادەمنىڭ ھۆكمى خۇددى كېسەل سەۋەبى بىلەن ھۇشىدىن كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ناركوز دورىسى دورا ئۈچۈن قوللانغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇنى مەست بولۇش ئۈچۈن قوللانغان بولسا، ئۇنى بۇ مەقسەت بىلەن قوللانغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن ئۇ ھۇشسىز ياتقان مۇددەت ئىچىدە قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ.»[3]

مەست قىلغۇچى باشقا ماددىلارنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ناركوز دورىسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى مەست قىلغۇچى ماددىلار نىجىس ۋە ئىشلىتىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەقلىدىن كېتىپ قېلىپ ئۆتكەن مۇددەت ئىچىدە قازا بولۇپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. كارىۋاتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ كارىۋاتتىن ئۆزى چۈشەلمەيدىغان ياكى چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئادىمى يوق كېسەل ئادەم، نامازنى كارىۋات ئۈستىدە ئۆزىگە ئەڭ ئاسان ۋە بىرەر زەرەر ئېلىپ كەلمەيدىغان بىر شەكىلدە يېتىپ ئوقۇيدۇ. نامازنىڭ قازاسىنى

(1) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(2) «الهدية العلائية»، 88 - بەت.

(3) «رد المحتار»، 1 - توم، 512 - بەت.

قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ھۇشىدىن كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

## سەپەر ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ بايانى

نامازنى قىسقارتىلىپ ئوقۇلىدىغان، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدىغان، جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش ۋە قۇربانلىق قىلىش گەردەندىن چۈشۈپ كېتىدىغان، ئايال كىشىنىڭ ئەرسىز ياكى مەھرەمسىز يولغا چىقىشى ھارام قىلىنغان ۋە ئاياغقا مەسھى قىلىش ئۈچ - كېچە كۈندۈز داۋام قىلىدىغان سەپەر بولسا، مۇساپىسى ئەڭ ئاز ئون سەككىز پەرسەخخە يەتكەن سەپەردۇر. بىر پەرسەخ ئۈچ مىلدۇر[1]. بۇ مۇساپە **89** كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ. (بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز - قارىشىدۇر.)

ئىمام شافىئىي: «سەپەرنىڭ ئەڭ ئاز مۇساپىسى ئون ئالتە پەرسەختۇر» دېدى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنداق دېدى. بۇ ھەم ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر قاراشتۇر. بۇلارنىڭ دەلىل - پاكىتى ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى ئۆمەرنىڭ (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) تۆت بۇرد[2] كېلىدىغان مۇساپىدە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇغانلىقىدۇر. بۇ ھەقتە ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ خۇددى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى، شەرئىي ئۆلچەملەردە[3] كۆزقاراشقا تايىنىپ ھۆكۈم بېرىلمەيدۇ.

تۆۋەندىكىلەر ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا كەلتۈرگەن دەلىللەردۇر:

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىغا سەپەر قىلغۇچى ئادەم ئاياغلىرىغا ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەسھى قىلىدۇ، دەپ بايان قىلغان ھەدىسلەرنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى ۋە: «سەپەر قىلغۇچى بىر ئادەمنىڭ ئايىغىغا ئۈچ كېچە -

(1) بىر مىل تەخمىنەن **1,6** كىلو مېتىرگە تەڭ.

(2) بىر بۇرد **22.176** كىلومېتىرغا تەڭ. ت.

(3) شەرئىي ئۆلچەم، دەپ سەپەرنىڭ ئەڭ ئاز مۇساپىسى مۇنچىلىك ۋە زىناخور مۇنچە قامچا ئۇرۇلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ھۆكۈملەر شەرئىي ئۆلچەم، دەپ ئاتىلىدۇ. ت.

كۈندۈز مەسھى قىلالىشى سەپەرنىڭ ئەڭ ئاز مۇساپىسى پەقەت ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بولغاندىلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دېدى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايال كىشى مەھرەمسىز[1]، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرگە چىقمايدۇ.»[2]

ئوتتۇرھال مېڭىش، تۆگىنىڭ ۋە پىيادە ماڭغان ئادەملەرنىڭ مېڭىشىدۇر. بۇلار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە ئون سەككىز پەرسەخ ئەتراپىدا يول يۈرەلەيدۇ.

ئەلى ئىبنى رەبىئە مۇنداق دېدى: «مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەپەر قانچىلىك مۇساپىگە يەتسە، ناماز قىسقارتىلىپ ئوقۇلىدۇ؟ دەپ سورىدۇم. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <سۇۋەيدانى> بىلەمسەن؟ دېدى. مەن: ياق، لېكىن مەن ئۇ يەرنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدىم. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ، ئوتتۇرھال مېڭىش بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يەردۇر. بىز ئۇ يەرگە ماڭساق نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيتتۇق، دېدى.»[3]

ئەگەر بىر ئادەم ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپىنى قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە بېسىپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە سەپەر قىلغۇچى ھېساپلىنىدۇ. بارماقچى بولغان يەرنىڭ ئىككى يولى بولۇپ يولنىڭ بىرىنىڭ مۇساپىسى سەپەرنىڭ مۇساپىسىغا يېتىدىغان، يەنە بىرىنىڭ مۇساپىسى سەپەرنىڭ مۇساپىسىغا يەتمەيدىغان بولسا، ئۇ يەرگە ماڭغان ئادەم بىرىنچى يول بىلەن ماڭغان بولسا، نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. ئىككىنچى يول بىلەن ماڭغان بولسا، نامازنى قىسقارتماي ئوقۇيدۇ.[4]

بىر ئادەم ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە يەتكىلى بولىدىغان بىر يەرگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ ياشىغان مەھەللىسىدىن چىقىپ ئۇ مەھەللىگە تەۋە ئۆيلەر بار يەرلەردىن پۈتەنلەي ئايرىلىپ كەتسە، سەپەر قىلغان ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) توغقانلىق سەۋەبىدىن شۇ ئايال بىلەن نىكاھ چۈشمەيدىغان ئەر توغقانلىرى ياكى ئېرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇھەممەد رىۋايەت قىلدى.

(4) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 527 ـ بەت.

بىلەن مەدىنىدە پېشىنىنى تۆت رەكەت ۋە <زۇل ھۇلەيفىدە> ئەسىرنى ئىككى رەكەت ئوقۇدۇم.»[1]

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: «بەزىلەر: قىسقا سەپەردىمۇ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىغا بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. چۈنكى مەدىنە بىلەن زۇل ھۇلەيفىنىڭ ئارىلىقى ئاران ئالتە مىلدۇر. بۇنداق دېگۈچىلەرگە مۇنداق رەددىيە بېرىلىدۇ: زۇل ھۇلەيفە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سەپىرىدىكى بېرىشنى مەقسەت قىلىپ چىققان يېرى ئەمەس. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بارماقچى بولۇپ چىقىپ يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ چۈشكەن يەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەرگە كەلگەندە ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگەن ۋە ئۇنى قىسقارتىپ ئوقۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشى (بۇ يەردىن باشلىنىپ) تاكى مەدىنىگە قايتقانغا قەدەر داۋام قىلغان.»[2]

سەپەرگە چىققان ئادەم تاكى چىققان شەھىرىگە قايتىپ كەلگەنگە ياكى بارغان يېرىدە شەھەرگە ياكى كەنتكە ئوخشاش ياشاشقا مۇمكىن بولىدىغان بىر يەردە ئەڭ ئاز بولغاندا ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغانغا قەدەر نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. نامازنى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇش ئۈچۈن بارغان يەردە ئەڭ ئاز بولغاندا ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئاز بولۇپ قالغان ئەھۋالدا نامازنى قىسقارتىشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىدىن مەككىگە باردۇق. تاكى بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى (قىسقارتىپ تۆت رەكەتلىك نامازنى) ئىككى رەكەت قىلىپ ئوقۇپ بەردى. مەن (يەنى بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشى) ئەنەسكە: سىلەر مەككىدە بىر نەچچە كۈن تۇردۇڭلارمۇ؟ دېدىم. ئەنەس: بىز مەككىدە ئون كۈن تۇردۇق، دېدى.[3]

ئىمران ئىبنى ھۆسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مەن مەككە پەتھى بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىھاد قىلدىم. پەيغەمبەر

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «فتح الباري»، 2 ـ توم، 570 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون سەككىز كۈن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇددەت ئىچىدە نامازنى پەقەت ئىككى رەكەتتىن ئوقۇدى.»[1]

ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككە پەتھى بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون بەش كۈن تۇردى. بۇ مۇددەت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇدى.»[2]

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: «ئىمام نەۋەۋىي <خۇلاسە> دېگەن كىتابتا بۇ رىۋايەتنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون بەش كۈن تۇردى، دېگەن رىۋايەتنى) <ئاجىز رىۋايەت> دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قارىشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ رىۋايەتنى پەقەت ئىبنى ئىسھاقلا رىۋايەت قىلغان بولماستىن ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىمام نەسائىيمۇ ئۇنى ئىراك ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام سەۋرىي ۋە كۈپىلىقلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون بەش كۈن تۇردى، دەپ كەلگەن رىۋايەتنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى بۇ رىۋايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇرغان كۈنلىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاز بىر مۇددەتنى بايان قىلىپ كەلگەن رىۋايەتتۇر.[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئون بەش كۈندىن ئارتۇق تۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئون

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىس <فەتھۇل بارى> دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇرغان مۇددىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن تۆت خىل رىۋايەت بار. ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون توققۇز كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلىدۇ. بىرى: ئون سەككىز كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلىدۇ. بىرى: ئون يەتتە كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلىدۇ. يەنە بىرى: ئون بەش كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ رىۋايەتلەر قارىماققا بىر ـ بىرىگە زىتتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون توققۇز كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلغان كىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرگەن ۋە مەككىدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى كۈننىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇرغان كۈنلىرىنىڭ ئىچىگە قېتىپ سانىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون سەككىز كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلغان كىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرگەن ۋە مەككىدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى كۈننىڭ بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇرغان كۈنلىرىنىڭ ئىچىگە قېتىپ سانىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون يەتتە كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلغان كىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرگەن ۋە مەككىدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى كۈننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇرغان كۈنلىرىنىڭ ئىچىگە قاتمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون بەش كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلغان كىشى، ئەسلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن رىۋايەت ئۇنى مەككىدە ئون يەتتە كۈن تۇردى، دەپ بايان قىلغان رىۋايەتتۇر، دەپ گۇمان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرگەن ۋە مەككىدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى كۈننى ئۇ ئون يەتتە كۈننىڭ ئىچىدىن چىقىرۋېتىپ ھېساپلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇرغان مۇددىتى ئون بەش كۈن دەپ بايان قىلغان. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بولسا، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاز بىر مۇددەتنى بايان قىلىپ كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون بەش كۈن تۇردى، دېگەن رىۋايەتنى قوبۇل قىلغان. <فەتھۇل بارىغا> قارالسۇن. ت.

بەش كۈن تۇرغانلىقىدا ئۆز ئارا بىرلىككە كەلگەن بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[1]

سەپەر قىلغان ئادەم سەپەردىن ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇ يەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئۇ يەردە تۇرغۇچى ھېساپلىنىدۇ. (شۇڭا ئۇنىڭ نامازنى تولۇق ئوقۇشى لازىم).[2]

سەپەرگە چىققان بىر ئادەم دېڭىزدىكى كىمىگە ياكى ئادەم ياشمايدىغان بىر ئارالغا ئوخشاش ياشاش مۇمكىن بولمايدىغان بىر يەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم، بۇ نىيىتى بىلەن مۇساپىرلىق ھالىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەم ئىككى شەھەرگە ياكى ئىككى كەنتكە ئوخشاش ئايرىم - ئايرىم ئىككى يەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلغان ۋە ئۇ ئىككى يەرنىڭ بىرىنى كېچىدە قونۇشى ئۈچۈن تەيىن قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە بۇ نىيىتى بىلەن مۇساپىرلىق ھالىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان قەيەردە قونسا شۇ يەر ئۇنىڭ تۇرارگاھى ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم مەككىگە كېلىپ مەككىدە (ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىلىدىغان) زۇلھەج ئېيىنىڭ 9 - 10 - 11 -12 - كۈنلىرى تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ كۈنلەردە مىنا ۋە ئەرەپات تاغلىرىغا چىقىپ كېتىدۇ.

چۆل - جەزىرىدە كۆچۈپ ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ يۆتكەلگەن چۆلدە تۇرۇش نىيىتىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇ چۆلدە تۇرۇشنى نىيەت قىلغان مۇددەت ئىچىدە ئۇ چۆلدە ئۇلارنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ ۋە ئوتلاق بولۇشى شەرتتۇر.[3]

ئەگەر بىر ئادەم بىر شەھەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلماي ئۇ شەھەردىن (بۈگۈن ماڭىمەن ئەتە ماڭىمەن، دېگەندەك) يولغا چىقىشنى كۈتۈپ تۇرۇپ ئۇ شەھەردە

(1) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون توققۇز كۈن تۇردى، دېگەنلەرمۇ ئۇنىڭ مەككىدە ئون بەش كۈن تۇرغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون سەككىز كۈن تۇردى، دېگەنلەرمۇ ئۇنىڭ مەككىدە ئون بەش كۈن تۇرغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە ئون يەتتە كۈن تۇردى، دېگەنلەرمۇ ئۇنىڭ مەككىدە ئون بەش كۈن تۇرغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. دېمەك بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئون بەش كۈن تۇرغانلىقى بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ت.

(2) «شرح المنيه»، 539 - بەت.

(3) «الهدية العلائية»، 83 - بەت.

بىر نەچچە يىل تۇرۇپ قالسىمۇ، ئۇ ئادەم يەنە مۇساپىر ھېساپلىنىدۇ (يەنى ئۇ ئادەم نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ). بۇ ھەقتە ئىمام تىرمىزىي مۇنداق دېدى: «بارلىق ئالىملار مۇساپىر ئادەم بارغان يېرىدە تۇرۇشنى نىيەت قىلمىغان مۇددەت ئىچىدە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ، دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلدى. ساھابىلەرمۇ <*رامهەرمىز*> دېگەن يەردە توققۇز ئاي تۇرۇپمۇ (ئۇ يەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن) نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇغان.»[1]

ئىنساننىڭ تۇغۇلغان يېرى ياكى ئولتۇراقلىشىپ قالغان يېرى ئۇنىڭ ئەسلى ۋەتىنى ھېساپلىنىدۇ. ئىنساننىڭ باشقا بىر يەرنى ۋەتەن تۇتىۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بىكار بولۇپ كېتىدۇ (يەنى ئۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ۋەتىنى ھېساپلانمايدۇ). چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مەككە بولغان بولسىمۇ، ئۇلار مەككىگە كەلگەندە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇغان. چۈنكى ئۇلار مەدىنىنى ۋەتەن تۇتقان بولغاچقا مەككىنىڭ ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بولۇشى ئەمەلدىن قالغان.[2]

بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ (ۋاقىتلىق بولسىمۇ) ۋەتەن تۇتقان يېرى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردىن باشقا بىر يەرگە ياكى ئەسلىدىكى ۋەتىنىگە سەپەر قىلىپ كېتىشى بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئۇنىڭ ۋەتىنى، دەپ قارىلىشى ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ يەردىن باشقا يەرگە سەپەر قىلىپ چىقىپ كېتىپ بۇرۇن تۇرغان ئۇ يەرگە يەنە قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ يەردە تۇرغۇچى ئەمەس مۇساپىر ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ يەردە تۇرغۇچى ھېساپلىنىدۇ.[3]

(1) « شرح المنيه »، **540** ـ بەت.

(2) « شرح المنيه »، **544** ـ بەت.

(3) مەسىلەن: خۇتەنلىك بىر ئادەم ئاقسۇغا كېلىپ ئۇ يەردە ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئاقسۇ ئۇنىڭ ۋەتىنى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئاقسۇدا نامازنى قىسقارتماي ئوقۇيدۇ. رامىزان بولسا روزا تۇتىدۇ. جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خۇتەنلىك ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ كېيىن يەنە ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئاقسۇغا ئۇ يەردە تۇرغۇچى سۈپۈتى بىلەن ئەمەس مۇساپىر سۈپۈتى بىلەن كېلىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. رامىزان بولسا روزا تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ئىختىيارى بېرىلىدۇ. جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە يەنە ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ يەردە تۇرغۇچى ھېساپلىنىدۇ. بۇ چاغدا نامازنى قىسقارتماي ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتلەرنىمۇ ئۆز جايىدا ئادا قىلىدۇ. ت.

ئەگەر ئاقسۇدا يېرىم ئاي تۇرغان خوتەنلىك بىر ئادەم ئۇرۇمچىنى نىيەت قىلىپ ئاقسۇدىن يولغا چىققان ۋە تېخى سەپەرنىڭ مۇساپىسىنى بېسىپ بولماي تۇرۇپ بىر ھاجەت ئۈچۈن ئاقسۇغا يەنە قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئاقسۇدا نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاقسۇنى (ۋاقىتلىق بولسىمۇ) ۋەتەن تۇتۇپ ياشىغىنى ئۇنىڭ ئۇ يەردىن سەپەر قىلىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئەسلى ۋەتىنىدىن بىر يەرگە سەپەر قىلىپ ماڭغان ۋە تېخى سەپەرنىڭ مۇساپىسىنى بېسىپ بولماي تۇرۇپ ئەسلى ۋەتىنىگە قايتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم تېخى سەپەرنىڭ مۇساپىسىنى بېسىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىگە قايتىشنى نىيەت قىلىشى بىلەنلا مۇساپىرلىق ھالىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ.[2]

بىر يەردە تۇرۇپ قېلىش ياكى تۇرۇپ قالماسلىق ئىشىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى باشقىسىغا ئەگەشكۈچى ئادەمنىڭ ئەمەس باشقىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئادەمنىڭ نىيىتىدۇر. چۈنكى باشقىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئادەم بىر يەردە تۇرۇش ياكى تۇرماسلىق قارارىنى بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: ئايال كىشىنىڭ بىر يەردە تۇرۇپ قېلىشى ياكى تۇرماسلىقى ئېرىنىڭ نىيىتىگە باغلىقتۇر. (يەنى ئېرى بىر يەردە بىر مۇددەت تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، ئايال كىشى ئېرىنىڭ قىلغان نىيىتى بىلەن ئۇ يەردە تۇرغۇچى ھېساپلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن نامازنى قىسقارتماي ئوقۇيدۇ). ئۆزىنى ئىجارىگە قويغان ئادەمنىڭ بىر يەردە تۇرۇپ قېلىشى ياكى تۇرماسلىقى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ نىيىتىگە باغلىقتۇر. ئەسكەرلەر قوماندانىنىڭ نىيىتىگە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىسىغا ئەگەشكۈچى ئادەم، ئەگەشكەن ئادىمىدىن ئۇنىڭ نىيىتىنى سورايدۇ. ئەگەر باشقىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئادەم، ئەگەشكۈچى ئادىمىگە ئۆزىنىڭ نىيىتىدىن خەۋەر بەرسە، ئەگەشكۈچى ئادەم ئۇنىڭ نىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرىدۇ. ئەگەر خەۋەر بەرمىسە، ئەگەشكۈچى ئادەم ھەتتا ئەكسى ئاشكارا بولغانغا قەدەر، ئەگەر ئەگەشكۈچى ئەسلىدە بىر يەردە تۇرغۇچى بولسا، ئەمەل - ئىبادەتنى شۇنىڭغا قارىتا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەسلىدە مۇساپىر بولسا، ئەمەل

---

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 533 - بەت.

(2) «الدر المختار»، 1 - توم، 528 - بەت.

**- ئىبادەتنى شۇنىڭغا قارىتا قىلىدۇ.[1] بۇ خۇددى سۇئال سوراش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا سوئال سورىغان، لېكىن جاۋاپ ئالالمىغان ئەھۋالغا ئوخشايدۇ.[2]**

**مۇساپىر ئادەمنىڭ تۆت رەكەتلىك پەرز نامازنى قىسقارتىپ ئىككى رەكەت ئوقۇشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە داۋاملىق نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: 《 مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەپەرلەردە ھەمراھ بولغانىدىم. تاكى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەپەرلەردە تۆت رەكەتلىك) نامازنى ئىككى رەكەتتىن ئاشۇرۇپ ئوقۇمىدى. مەن ئەبۇبەكرگە سەپەرلەردە ھەمراھ بولغانىدىم. تاكى الله تائالا ئەبۇبەكرنى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر ئەبۇبەكر (سەپەرلەردە تۆت رەكەتلىك) نامازنى ئىككى رەكەتتىن ئاشۇرۇپ ئوقۇمىدى. مەن ئۆمەرگە سەپەرلەردە ھەمراھ بولدۇم. تاكى الله تائالا ئۆمەرنى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر ئۆمەر (سەپەردە تۆت رەكەتلىك) نامازنى ئىككى رەكەتتىن ئاشۇرۇپ ئوقۇمىدى. مەن ئوسمانغا سەپەرلەردە ھەمراھ بولدۇم. تاكى الله تائالا ئوسماننى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر ئوسمان (سەپەرلەردە تۆت رەكەتلىك) نامازنى ئىككى رەكەتتىن ئاشۇرۇپ ئوقۇپ باقمىدى. 》[3]**

**يەئلا ئىبنى ئۆمەييە مۇنداق دېدى: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا: 《 كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە**

---

(1) يەنى مەسىلەن: ئېرى بىلەن بىر يەرگە كەلگەن ئايال ئېرىدىن ئۇنىڭ ئۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرۇش ياكى تۇرماسلىق نىيىتىنى سورايدۇ. ئەگەر ئېرى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نىيىتىنىڭ ئۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرۇش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرسە، ئايال كىشى نامازنى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئېرى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نىيىتىنىڭ ئۇ يەردىن سەپەر قىلىش ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرسە، ئايال كىشى نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئېرى بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىگەن بولسا، ئەگەر ئايال ئەسلىدە ئۇ يەردە مۇساپىرلىق ھالىتىدە تۇرىۋاتقان ئايال بولسا، ھەتتا ئېرىنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇش نىيىتى ئاشكارا بولغانغا قەدەر نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئايال ئەسلىدە ئۇ يەردە ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ ئۇ يەردە تۇرىۋاتقان ئايال بولسا، ھەتتا ئېرىنىڭ ئۇ يەردىن سەپەر قىلىپ كېتىش نىيىتى ئاشكارا بولغانغا قەدەر نامازنى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزىنى ئىجارىگە قويغان ئادەمنىڭ ۋە ئەسكەرنىڭ ھۆكمىمۇ ئايال كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. ت.

(2) مەسىلەن: بىر يەردە تۇرىۋاتقان بىر ئەسكەر قۇماندانىنىڭ نىيىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سورالمىغان بولسا، ئەگەر ئەسكەر ئەسلىدە ئۇ يەردە مۇساپىرلىق ھالىتىدە تۇرىۋاتقان بولسا، ھەتتا قۇماندانىنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇش نىيىتى ئاشكارا بولغانغا قەدەر نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئەسكەر ئەسلىدە ئۇ يەردە ئەڭ ئاز ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ ئۇ يەردە تۇرىۋاتقان ئەسكەر بولسا، ھەتتا ئۇنىڭغا قۇماندانىنىڭ ئۇ يەردىن سەپەر قىلىپ كېتىش نىيىتى ئاشكارا بولغانغا قەدەر نامازنى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇيدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: ھازىر الله تائالا كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلدى. (يەنى الله تائالا ئايەتتە: سەپەرگە چىققان ۋاقىتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قېلىشىدىن قورققان بولساڭلار نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ، دېدى. ئەمدىلىكتە الله تائالا كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلدى، ئەمدى نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزرە بولىدىغان سەۋەبىمىز قالمىدى، شۇڭا نامازنى قىسقارتماي ئوقۇساق بولمامدۇ؟ دەپ سورىدىم). ئۆمەر ماڭا: مەنمۇ سەندەك (بۇ ئىشتىن) ھەيران قېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرىسىدا سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ماڭا: «خاتىرجەم بولغاندىمۇ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشىمىز الله نىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان بىر سەدىقىسىدۇر. سىلەر الله تائالانىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار.»[2] دېگەن جاۋابنى بەردى، دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «الله تائالا پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تىلى ئارقىلىق نامازنى سەپەرگە چىقمىغان ۋاقىتتا تۆت رەكەت، سەپەردە ئىككى رەكەت (ئوقۇشنى) پەرز قىلدى» دېدى.[3]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ناماز دەسلەپ پەرز قىلىنغاندا ئىككى رەكەت پەرز قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن سەپەردە ئوقۇلىدىغان ناماز (ئەسلى پەرز قىلىنغان بويىچە ئىككى رەكەت) ھالىتىدە قېلىپ قالدى ۋە سەپەرگە چىقمىغان ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغان ناماز تولۇقلىنىپ (ئىككى رەكەت ناماز تۆت رەكەتكە چىقىرىلدى.) دېدى.»[4]

ئەگەر مۇساپىر ئادەم ئىككى رەكەت نامازنى تۆت رەكەت ئوقۇسا، ئەدەبكە رىئايە قىلمىغان ۋە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىر ۋاجىپنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

مۇساپىر ئەمەس بىر ئادەمنىڭ مەيلى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازدا بولسۇن مەيلى ۋاقتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلغان (يەنى قازا) نامازدا بولسۇن سەپەر ئۈستىدىكى كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر. ئەگەر مۇساپىر كىشى ئىمام بولسا، ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ سالام بەرگەندىن

(1) سۈرە نىسا 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەملەرگە: سىلەر نامازلىرىڭلارنى تولۇق (يەنى تۆت رەكەت) ئوقۇڭلار. چۈنكى مەن، مۇساپىرمەن، دېيىشى مۇستەھەپتۇر. ياكى ئادەملەرنىڭ نامازدا ئېلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ سۆزنى نامازنى باشلاشتىن ئىلگىرى دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىمران ئىبنى ھۆسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە نامازنى ئىككى رەكەت ئوقۇپ بېرىپ بولۇپ: «ئى مەككىلىكلەر! سىلەر نامازنى تولۇق (يەنى تۆت رەكەت) ئوقۇڭلار. چۈنكى بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئادەملەردۇرمىز»[1] دەيتتى.

مۇساپىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازدا مۇساپىر ئەمەس ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشىمۇ توغرىدۇر ۋە ئىقتىدا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەيلى نامازنىڭ ۋاقتى بولسۇن مەيلى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتسۇن ئىمامغا ئەگىشىپ نامازنى تۆت رەكەت ئوقۇيدۇ. ئەگەر مۇساپىر ئەمەس ئادەمگە ئىقتىدا قىلغان مۇساپىر كىشى نامىزىنى بۇزىۋاتقان بولسا، نامازنىڭ قازاسىنى ئىككى رەكەت قىلىدۇ.

مۇساپىر كىشىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەن نامازدا (يەنى قازا نامازدا) مۇساپىر ئەمەس ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ چاغدا بىرىنچى ئولتۇرۇش پەرز بولغان بىر كىشى بىرىنچى ئولتۇرۇش پەرز بولمىغان بىر ئادەمگە ئىقتىدا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئىقتىدا قىلغان مۇساپىر كىشىنىڭ بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇشى پەرزدۇر. مۇساپىر ئەمەس ئادەمنىڭ ئۇ ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇشى ۋاجىپتۇر[2].[3]

بىر ئادەمنىڭ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشى ياكى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇشى ئۇ ئادەمنىڭ نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدىكى ئەھۋالىغا باغلىقتۇر. يەنى ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا مۇساپىر بولسا، نامازنى

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(2) يەنى مۇساپىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازدا مۇساپىر ئەمەس ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى ئىقتىدا قىلغان چاغدا نامازنىڭ ۋاقتى تېخى چىقىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇساپىر ئادەم ئىمامغا ئەگىشىپ نامازنى تۆت رەكەت ئوقۇيالايدۇ. يەنى مۇساپىر ئۈچۈنمۇ ناماز تۆت رەكەتكە ئايلىنىدۇ. ناماز تۆت رەكەتكە ئايلانغاندا بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش مۇساپىر ئۈچۈنمۇ ۋاجىپتۇر ۋە ئىمام ئۈچۈنمۇ ۋاجىپتۇر. ئەمما ۋاقتى چىقىپ كەتكەن نامازدا يەنى قازا نامازدا مۇساپىر ئادەم مۇساپىر ئەمەس ئادەمگە ئىقتىدا قىلالمايدۇ. چۈنكى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇساپىر ئادەمنىڭ نامىزى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش بىلەن ئىككى رەكەتتىن تۆت رەكەتكە ئايلانمايدۇ ۋە مۇساپىر نامازنى قازا قىلىۋەتكەن بولغاچقا ئۇنىڭ نامازنى ئىككى رەكەت ئوقۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆت رەكەت نامازنىڭ بىرىنچى ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرۇش مۇساپىر ئۈچۈن پەرز، مۇساپىر ئەمەس ئادەم ئۈچۈن ۋاجىپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ چاغدا نامازدا بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش پەرز بولغان بىر ئادەم بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش پەرز بولمىغان بىر ئادەمگە ئىقتىدا قىلغان بولىدۇ. ت.

(3) «رد المحتار»، 1 - توم، 531 - بەت.

قىسقارتىپ ئىككى رەكەت ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا مۇساپىر بولمىسا، نامازنى تۆت رەكەت ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆيدە پېشىننى تۆت رەكەت ئوقۇغان، ئاندىن پېشىننىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ بولغىچە سەپەر قىلغان، سەپەردە ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگەن، ئەسىرنى قىسقارتىپ ئىككى رەكەت ئوقۇغان، ئاندىن ئەسىرنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ بولغىچە بىر ئىش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ پېشىن بىلەن ئەسىرنى تاھارەتسىز ئوقۇغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان ياكى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم پېشىننىڭ قازاسىنى ئىككى رەكەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم، پېشىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا سەپەر ئۈستىدە ئىدى. ئەسىرنى تۆت رەكەت ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم، ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا سەپەر ئۈستىدە ئەمەس ئۆيدىدۇر.[1]

نامازنىڭ قازاسى ئۆزىنىڭ ئاداسىغا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. يەنى سەپەر ئۈستىدە قازا بولۇپ كەتكەن نامازنىڭ قازاسى سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆيدە ئوقۇلسىمۇ قىسقارتىلىپ ئىككى رەكەت ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭدەك سەپەرگە چىقمىغان ۋاقىتدا ئۆيدە قازا بولۇپ كەتكەن نامازنىڭ قازاسى سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلسىمۇ قىسقارتىلماي تولۇق تۆت رەكەت ئوقۇلىدۇ. چۈنكى بىر پەرز ۋاقتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى پەرزلىك ھالىتىدىن ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن كېسەل ئادەمنىڭ ئەھۋالى مۇساپىرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشمايدۇ. كېسەل ئادەم ساق ۋاقتىدا قازا قىلىۋەتكەن نامازنىڭ قازاسىنى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ قىلماقچى بولسا، ئۆزى قادىر بولغان بىر ھالەتتە تۇرۇپ (يەنى مەسىلەن: ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا يېتىپ تۇرۇپ) ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كېسەل ۋاقتىدا قازا قىلىۋەتكەن نامازنىڭ قازاسىنى ساق ۋاقتىدا قىلماقچى بولسا، نامازنى ئۆرە تۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ.[2]

مۇساپىر ئادەم ئالدىراش ئەمەس بىر ھالەتتە بولسا، نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ۋە نەپلە نامازلارنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ بەك ئالدىراش ۋە ئىشى جىددى بىر ھالەتتە بولسا، نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

مۇساپىر ئادەم ئالدىراش ئەمەس بىر ھالەتتە بولسا، سۈننەت ۋە نەپلە نامازلارنى ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىلەردۇر:

(1) «الهدية العلائية»، 86 ـ بەت.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 534 ـ بەت.

بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەردە ئۆخلاپ قېلىپ بامدات نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغانلىقىنى ۋە كېيىن بامداتنىڭ قازاسىنى قىلغاندا خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاش دەسلەپ ئۇنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى كېيىن ئۇنىڭ پەرزىنى ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەپەردە) ئۇلۇغى ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ كېتىۋاتقان يۆنىلىش قايسى تەرەپكە بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ (رۇكۇ ۋە سەجدىنى) بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ نەپلە ناماز ئوقۇيتتى. ئىبنى ئۆمەرمۇ (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) شۇنداق قىلاتتى.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇساپىر ھالىتىدە تۇرۇپ) مەككە پەتھى بولغان كۈنى ئۇممۇھانىئەنىڭ ئۆيىدە چاشكا نامىزىنى ئوقۇغان.

## كېمە ۋە ئايروپىلاندا ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

بىز بىر ئاز ئىلگىرى بايان قىلغان ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەپەردە) ئۇلۇغى ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ كېتىۋاتقان يۆنىلىش قايسى تەرەپكە بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ (رۇكۇ ۋە سەجدىنى) بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ نەپلە ناماز ئوقۇيتتى> دېگەن ھەدىسى يۈزىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە قارىتىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، سەپەردە ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ نەپلە ناماز ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ماشىنە، ئايروپىلان ۋە پاراخۇتمۇ ئۇلاغقا ئوخشاشتۇر. (يەنى بۇ نەرسىلەردىمۇ نەپلە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ.)

ئەگەر ئۇلاغنى توختىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈش مۇمكىن بولسا، نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىش ۋە نامازدا يۈزنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ئوقۇش ئۈچۈن پەرز نامازنى ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە ئوقۇش توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈش مۇمكىن بولمىغان ياكى (ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن) يەر پاتقاق لاي بولۇپ ناماز ئوقۇغىدەك يەر تېپىلمايدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئادەمنىڭ

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھۆكمى خۇددى كارىۋات ئۈستۈدىن چۈشەلمىگەن كېسەل ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. (يەنى كارىۋات ئۈستۈدىن چۈشەلمىگەن كېسەل ئادەممۇ نامازنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئوقۇغىنىدەك ئۇ ئادەممۇ نامازنى ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ.)

پاراخوت بىلەن سەپەر قىلغان ئادەم ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىدە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇسا بېشىنىڭ قېيىشىدىن قورقسا، نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. نامازنى باشلىغان ۋە پاراخوت ئۇ ياق - بۇياققا بۇرۇلگەن ۋاقىتدىمۇ يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى پاراخوت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆينىڭ ھۆكمىدىدۇر.[1]

ئايرۇپىلاندا سەپەر قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئايرۇپىلاندا سەپەر قىلغان ئادەم ئايرۇپىلاننىڭ ئىچىدە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقالىغۇدەك ئازادە بىر يەر تاپالىسا ۋە تەۋرىنىپ كېتىشتىن خاتىرجەم بولالىسا، نامازنى ئۆرە تۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىپ يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بىر يەر تاپالمىسا، نامازنى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئوقۇيدۇ.

# جۇمە نامىزىنىڭ بايانى

جۇمە نامىزى، شەھەرلەردە ياكى چوڭ كەنتلەردە ياشاۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا كېلەلەيدىغان ئادەم ئۈچۈن پەرز بولغان بىر نامازدۇر. مۇساپىر ئادەمگە، ئايال كىشىگە، مەسچىتكە كېلەلمەيدىغان ئاجىز كېسەل كىشىگە، يۇرتىنىڭ چەت - ياقا جايلىرىدا ياشايدىغان كىشىگە ۋە (مۇسۇلمان) باشلىقى ۋە قازىسى يوق كىچىك كەنتلەردە ياشايدىغان ئادەملەرگە جۇمە نامىزى پەرز ئەمەستۇر.

جۇمە نامىزى پېشىندىن ئايرىم ۋە ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بىر نامازدۇر. چۈنكى جۇمەنى ئوقۇمىغان ئادەم ھەققىدە پېشىننى ئوقۇمىغان ئادەم ھەققىدە كەلمىگەن ئېغىر تەھدىدلەر كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇمەنى ئوقۇمىغان ئادەم پېشىننى ئوقۇمىغان ئادەمگە قارىغاندا قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە جۇمەنى ئوقۇغان ئادەمگە پېشىننى ئوقۇغان ئادەمگە قارىغاندا كۆپ ساۋاب بېرىلىدۇ. جۇمە نامىزىنىڭ

(1) «رد المحتار»، 1 - توم، 512 - بەت.

پىشىن نامىزىغا قويۇلمىغان بىر نەچچە شەرتلىرى باردۇر.

الله تائالا جۇمە نامىزى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! جۇمە كۈنى جۇمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللەنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۇمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»[1]

ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر جۇمە نامىزىنى ئوقۇماي تاشلىۋېتىدىغان قىلىقلىرىدىن يانسۇن. ئەگەر ئۇلار يانمايدىكەن الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار غەپلەتتە قالغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جۇمە نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش، قۇل ياكى ئايال كىشى ياكى كىچىك بالا ياكى كېسەل ئادەمدىن ئىبارەت تۆت خىل كىشىلەردىن باشقا ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈتەشكە تېگىشلىك بىر ھەقتۇر.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېدى: «جۇمە نامىزىنى ئوقۇش كىچىك بالا ياكى قۇل ياكى مۇساپىر ئادەمدىن باشقا ھەر بىر ئادەمگە پەرزدۇر.»[4]

جۇمە نامىزىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئادەملەرگە پەرز ئەمەسلىكىدە تۆت مەزھەپ ئىماملىرىمۇ بىر پىكىرگە كەلدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «جۇمە نامىزى، (قۇربان ھېيت كۈنلىرى ئوقۇلىدىغان) تەكبىرلەر، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرى پەقەت ئادەم كۆپ ياكى چوڭ شەھەردىلا ئوقۇلىدۇ.»[5]

ساھابىلەرنىڭ پەتىھى قىلغان يەرلەردە، جۇمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن چوڭ مەسچىتلەرنى كەنتلەردە ئەمەس پەقەت شەھەرلەردىلا سالغانلىقى رىۋايەت

(1) سۈرە جۇمە 9 ـ ئايەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

قىلىندى. ئەگەر ئۇلار جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن پەتھى قىلغان يەرلەردە كەنتلەردە جوڭ مەسچىتلەرنى سالغان بولسا، بىر ئىككى ئادەمدىن بولسىمۇ ئەلۋەتتە رىۋايەت قىلىنغان بولاتتى. شۇنىڭدەك يەنە مەدىنىنىڭ كەنتلىرى شۇنداق كۆپ تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ كەنتلەرنىڭ بىرەرسىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن شەھەر ياكى (ئادەمنىڭ كۆپ بولىشىدا) شەھەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كەنت بولۇشى لازىمدۇر.[1]

جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئادەمنىڭ كۆپ بولىشىدا شەھەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كەنت بولۇشى لازىم، دېگەن قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىبنى ئابباسنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىمۇ كۆچلەندۈرىدۇ:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇلغاندىن باشقا كېيىن جۈمە نامىزى بەھرەيندىكى <جۇۋاسى> دەپ ئاتىلىدىغان يەردىكى ئابدۇل قەيسنىڭ مەسچىتىدە بىرىنچى بولۇپ ئوقۇلغان.»[2]

ئىبنى ھەجەر: «جەۋھەرىي، زەمەخشەرىي ۋە ئىبنى ئەسىر قاتارلىقلار <جۇۋاسى> بەھرەيندىكى بىر سېپىلنىڭ ئىسمى، دەپ قارايدۇ» دېدى. بۇ، ئۇنىڭ بىر كەنت ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئىبنى ئەلتىن، ئەبۇل ھەسەن ئەل لەخمىينىڭ: «جۇۋاسى بىر شەھەردۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.[3]

ئەگەر بىز <جۇۋاسى> نى بىر كەنت، دەپ قارىساق، شەكسىز ئۇ جۈمە نامىزى ئوقۇشقا بولىدىغان چوڭ كەنتىدۇر.

ئۆزىدە بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسى ياكى ئۇلارنىڭ بەزىسى تېپىلمىغان بىر ئادەم جۈمە نامىزىنى ئوقۇشنى قارار قىلىپ جۈمە ئوقۇغان بولسا، ئەگەر ئۇ بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقىللىق ئادەم بولسا، بۇ جۈمە نامىزى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى شۇ ۋاقىتتا ئوقۇش لازىم بولغان پەرز نامازغا ھېساپ بولىدۇ[4].

(1) «مراقي الفلاح».

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) «فتچ الباري»، 2 ـ توم، 381 ـ بەت.

(4) يەنى مۇساپىر ۋە كېسەل كىشىگە ئوخشاش جۈمە نامىزى پەرز بولمىغان ئادەملەر، ئەگەر جۈمە ئوقۇشنى قارار قىلىپ جۈمە ئوقۇغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان جۈمەسى توغرا بولىدۇ ۋە ئۇلارغا پېشىننى ئوقۇش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار جۈمەنى ئوقۇمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ پېشىننى ئوقۇشى لازىم بولاتتى. ت.

ھەم ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ياخشىدۇر. لېكىن ئايال كىشى جۈمەگە كەلمەي نامازنى ئۆيىدە ئوقۇشى ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ ئولتۇردىغان ئۆيى جۈمە ئوقۇلىدىغان مەسچىتنىڭ تېمىغا يانداش بولغان ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشىنىڭ توغرا بولۇشى چەكلەيدىغان بىرەر توسالغۇ بولمىسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشى ياخشىدۇر.

جۈمە نامىزى ھاكىم رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ھاكىمنىڭ مەسچىت سېلىشقا رۇخسەت بەرگەنلىكى ئۇنىڭ جۈمە ئوقۇشقا رۇخسەت بەرگەنلىكىدۇر. ھاكىمدىن مەسچىت سېلىشقا رۇخسەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن جۈمە ئوقۇشقا قايتا رۇخسەت ئېلىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ھاكىم جۈمە نامىزىنى بىر ئادەمنىڭ ئوقۇپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلسا، ئۇ ئادەم جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن باشقا بىر كىشىگە رۇخسەت بېرەلەيدۇ. ئۇ كىشى يەنە باشقا بىر كىشىگە رۇخسەت بېرەلەيدۇ.[1]

تۆت خەلىپە ۋە ئۇلار تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان ۋالىيلار جۈمە نامىزىنى ئۆزلىرى ئوقۇپ بېرەتتى.

كاپىرلار بېسىۋالغان ئىسلام دۆلەتلىرى بولسا، كاپىرلارنىڭ بېسىۋېلىشى بىلەن كاپىر دۆلىتى بولۇپ قالماستىن يەنىلا ئىسلام دۆلىتى ھېساپلىنىدۇ. مەجبۇرى ياكى ئۆزلىگىدىن كاپىرلارغا بويسۇنغان مۇسۇلمان ۋالىيلارنىڭ ۋە قازىلارنىڭ ياكى كاپىرلار تەرىپىدىن تىكلەپ قويۇلغان ھەرقانداق مۇسۇلمان ۋالىينىڭ (ئىمام بولۇپ) كىشىلەرگە جۈمە نامىزىنى ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇپ بېرىشى توغرىدۇر. ئەگەر ۋالىيلار كاپىر بولسا، جۈمە نامىزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇشى توغرا بولىدۇ.[2]

جۈمە نامىزى پەقەت جامائەت بىلەنلا ئوقۇلىدۇ. جامائەت ئىمامدىن باشقا ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ كىشى بولۇش لازىم. چۈنكى جۈمە نامىزىغا ئالدىراپ كېلىشكە بۇيرۇپ كەلگەن الله تائالانىڭ: «ئالدىراپ بېرىڭلار»[3] دېگەن ئايىتى كۆپلۈككە قىلىنغان بۇيرۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جۈمەگە كەلگەن ئادەملەر ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ كۆپچۈلۈكنى تەشكىل قىلىشى لازىم.[4]

(1) رد المحتار »، 1 - توم، 538 - بەت.

(2) رد المحتار »، 1 - توم، 540 - بەت.

(3) سۈرە جۈمە 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) رد المحتار »، 1 - توم، 545 - بەت.

جۇمە نامىزى ھەممە كىشىلەر كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان، ھەممە توپلىنالايدىغان بىر يەردە ئوقۇلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ كاتتا ئىشلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاشكارا ۋە ھەممە كىشىلەر قېتىلغان ھالدا ئوقۇش لازىم. ئەگەر ھاكىم ياكى ئىمام قەسرىسىنىڭ ئىشىكىنى ياكى ھەمراھلىرى بىلەن ناماز ئوقۇغان مەھەللىرىنىڭ يوللىرىنى ئېتىۋېلىپ جۇمە نامىزى ئوقۇغان بولسا، ئوقۇغان نامىزى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ، باشقىلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان بولسا، ناماز توغرا بولىدۇ. ئەگەر بىر جامائەت مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىپ جۇمە نامىزى ئوقۇغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان جۇمە نامىزى توغرا بولمايدۇ.[1]

ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرىلا جۇمە نامىزى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. لېكىن مەككىدە جۇمە نامىزىنى ئوقۇشقا قادىر بولالماي (جۇمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەدىنىدىكى) مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرەگە خەت يازغان. »[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ساھابىلەرگە جۇمە نامىزىنى مەخپى ئوقۇپ بېرىشتىن ئاجىز كەلگەن ئەمەس. ئۇ، پەقەت كاپىرلارنىڭ ساھابىلەرگە يامانلىق يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ جۇمە نامىزىنى ئاشكارا ۋە ھەممە كىشىلەر قېتىلغان ھالدا ئوقۇپ بېرىشتىن ئاجىز كەلگەن. مانا بۇ جۇمە نامىزىنى مەخپى ئوقۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەممە كىشىلەرنىڭ قاتنىشالىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى دەل جۇمە نامىزىنىڭ ۋاقتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئادا بولسۇن مەيلى قازا بولسۇن جۇمە نامىزىنى پېشىنىنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ياكى ئۇنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمە نامىزىنى كۈن ئىگىلگەندە ئوقۇيتتى. »[3]

سەلىمە ئىبنى ئەل ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: « بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۈن ئىگىلگەندە جۇمە نامىزىنى ئوقۇيتتۇق. نامازدىن

(1) رد المحتار »، 1 - توم، 546 - بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قايتقان ۋاقتىمىزدا سايىنى قوغلاپ ماڭاتتۇق.»[1]

جۈمەنى قازا قىلىپ قويغان ئادەم پېشىننى ئوقۇيدۇ. (جۈمە نامىزىغا بارالماسلىقتا) بىرەر ئۆزرىسى يوق ئادەمنىڭ جۈمەدىن ئىلگىرى پېشىن نامىزىنى ئوقۇشى ھارامدۇر. ئەمما (جۈمە نامىزىغا بارالماسلىقتا) بىرەر ئۆزرىسى بار ئادەمنىڭ پېشىننى ئوقۇشنى تاكى ئىمام جۈمەنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈشى مۇستەھەپتۇر.[2]

جۈمە نامىزى ئىككى رەكەتتۇر. ئىمام جۈمە نامىزىدا ئايەتلەرنى ئاۋازلىق قىلىپ ئوقۇيدۇ.

كىمكى جۈمە نامىزىدا ئىمامغا، ئىمام ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغاندا سالام بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆلگىرەلىسە، جۈمەگە ئۆلگىرەلىگەن ھېساپلىنىدۇ ۋە ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن قوپۇپ نامازنى تولۇقلايدۇ.

خۇتبىدىن كېيىن جۈمە نامىزىنىڭ چۈقۇم پېشىننىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلىشى شەرتتۇر. جۈمەگە، جۈمەنىڭ ئوقۇلىشى ئۈچۈن كېلىش شەرت قىلىنغان جامائەتنىڭ كېلىشى لازىم.

ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىسىنى يەڭگىل بىر ئولتۇرۇش بىلەن ئولتۇرۇپ ئايرىش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى.»[3]

خۇتبە ئوقۇيدىغان ئىمام مۇنبەرگە چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئىمامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئەزان ئوقۇش سۈننەتتۇر.

ئىمام بىرىنچى خۇتبىدە ئەۋۋەل ئىچىدە <ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر راجىم> نى دەيدۇ، ئاندىن اللە تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ، ئاندىن شەھادەتنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن ۋەز - نەسىھەتنى باشلايدۇ ۋە ھەم ئاز دېگەندە بىر ئايەت مىقدارى بولسىمۇ قۇرئان ئوقۇيدۇ. ئىككىنچى خۇتبىدە بولسا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.[4]

ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققاندىن باشلاپ تاكى جۈمەنى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) رد المحتار»، 1 - توم، 548 - بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) «الهدية العلائية»، 108 - بەت.

ئوقۇپ بولغىچە گەپ قىلىنمايدۇ ۋە ناماز ئوقۇلمايدۇ. لېكىن جۈمە نامىزى بىلەن ئارىلىقىدا تەرتىپ چۈشۈپ كەتمەيدىغان بىر قازا ناماز بولغان بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلسا بولىدۇ.[1]

ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا گەپ قىلماسلىق ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جۈمە كۈنىدە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا قېشىڭدىكى ھەمراھىڭغا <جىم تۇر> دېگەنىدەك (بىرەر ئېغىز گەپ) قىلساڭمۇ، پايدىسىز گەپ قىلغان بولىسەن.»[2] ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا بىر ئادەمنىڭ قېشىدىكى ئادەمگە: ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتىدۇ، گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغىن، دېگەنگە ئوخشاش ئەسلى بۇيرۇش ۋاجىپ بولغان بىر ياخشى ئىشقا بۇيرۇشمۇ چەكلەنگەن يەردە، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا پايدىسى يوق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىش ئەلۋەتتە چەكلىنىدۇ.

ئەمما جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى ئوقۇۋاتقاندا بىر ئادەم كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى پالانى! ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۇر ناماز ئوقۇغىن!»[3] دېدى، دەپ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىگە [4] تۆۋەندىكى جاۋابلار بېرىلدى:

ئۇ ئادەم نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئوقۇغان. ئۇنىڭ شۇنداق بولغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان: «(ئۇ چاغدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە ئولتۇراتتى» دېگەن رىۋايەت كۆچلەندۈرىدۇ ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ھەركەت قىلغانغا، گەپ قىلغانغا ۋە باشقىلارنى جىم ئولتۇر، دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار ھارام قىلىنىپ چەكلىنىشتىن ئىلگىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.[5]

---

(1) مەسىلەن: بىر كىشى جۈمە كۈنىدە بامدات نامىزىنى قازا قىلىۋاتقان بولسا، تەرتىپ بويىچە دەسلەپ بامدات نامىزى، ئاندىن جۈمە نامىزى ئوقۇلۇش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتورنىڭ قارىشىچە بامدات نامىزىنى قازا قىلىۋاتقان ئادەم ئىمام خۇتبە ئوقۇپ تۇرسىمۇ بامدات نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلسا بولىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ناماز ئوقۇش بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ھەنەفي مەزھەپىدىكىلەر: ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ناماز ئوقۇش بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ھەدىسكە يۇقىرىدىكى جاۋابنى بېرىدۇ. ت.

(5) ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىختىلاپىنى تەپسىلي بىلمەكچى بولغانلار <فەتھۇل بارىغا> قارىسا بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى

خۇتبە ئوقۇغان ئىمامنىڭ ئۆزى جۈمە نامىزىنى باشلاپ ئوقۇپ بېرىشى لازىم. ئىمام خۇتبە ۋە جۈمە نامىزىنى باشلاپ ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆز ئورنىغا قويالايدۇ. ئەگەر ئىمامنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ ئىچىدە تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىپ باشقا بىرىنى ئورنىغا تىكلەپ قويماقچى بولسا، ئورنىغا تىكلەپ قويماقچى بولغان ئادەمنىڭ خۇتبىنىڭ ھەممىسىگە ياكى ئۇنىڭ بەزىسىگە ئۈلگۈرگەن ۋە ئىقتىدا قىلىنىشقا لايىق بولغان ئادەم بولۇشى شەرتتۇر.[1]

جۈمەنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت رەكەت سۈننەت ئوقۇش كۈچلۈك سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇئەييۇب ئەل ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن ئىگىلگەندىن كېيىن (داۋاملىق) تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: داۋاملىق ئوقۇيدىغان بۇ ناماز قايسى نامازا؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئاسمانلارنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدىغان بىر ۋاقىتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ۋاقىتتا ياخشى بىر ئەمەل ـ ئىبادىتىمنىڭ (ئاسمانغا) ئۆرلىشىنى ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: بۇ تۆت رەكەتنىڭ ھەممىسىدە ئايەتلەر ئوقۇلامدۇ؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېگەن جاۋابنى بەردى. مەن: بۇ تۆت رەكەت ناماز بىر سالام بىلەن ئوقۇلامدۇ ياكى ئىككى سالام بىلەن ئوقۇلامدۇ؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈن ئىگىلگەندىن كېيىن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇشنى تاشلىماي داۋاملىق قىلىشىدىن ۋە پېشىن بىلەن جۈمەنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىغانلىقىدىن بۇ تۆت رەكەت نامازنى ھەم پېشىندە ھەم جۈمەدە ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار جۈمە نامىزىنى ئوقۇسا، جۈمەدىن كېيىن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇسۇن.»[3]

---

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مالىكىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا نەپلە ناماز ئوقۇشنى چەكلەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىشىدۇر. مەدىنە ئەھلى سەلەپلەردىن تارتىپ خۇتبە ئوقۇلىۋاتقاندا نەپلە ناماز ئوقۇشنى چەكلەيتتى.

(1) «الهدية العلائية»، 107 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە تەھاۋىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جۈمەدىن ئىلگىرى بىر سالام بىلەن تۆت رەكەت، جۈمەدىن كېيىن ئىككى رەكەت، ئاندىن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.[1]

ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسەلەمىي مۇنداق دېدى: «ئابدۇللاھ بىزنى جۈمەدىن ئىلگىرى تۆت رەكەت ۋە جۈمەدىن كېيىن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇشىمىزغا بۇيرۇيتتى.»[2]

جۈمە ئۈچۈن يەنە يۇيۇنۇش، خۇش - بۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە مەسچىتكە بالدۇر كېلىش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار جۈمەگە كەلسە، يۇيۇنۇپ كەلسۇن.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قانداق بىر كىشى جۈمە كۈنىدە، يۇيۇنۇپ پاكلىنىپ ۋە مايلىنىپ ياكى ئۆيىدە بار خۇش - بۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ئاندىن مەسچىتكە كېلىپ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەي ئۆزىگە بۇيرۇلغان نامازنى ئوقۇپ، ئىمام خۇتبە سۆزلىگەندە جىم ئولتۇرسا، ئۇنىڭ ئىككى جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.»[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى جۈمە كۈنى يۇيۇنۇپ ئاندىن جۈمەگە ئالدىنقى ۋاقىتتا بارسا، تۆگە قۇربانلىق قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئىككىنچى ۋاقىتتا بارسا، كالا قۇربانلىق قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۈچىنچى ۋاقىتتا بارسا، مۈڭگۈزلۈك قوشقار قۇربانلىق قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. تۆتىنچى ۋاقىتتا بارسا، توخۇ قۇربانلىق قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بەشىنچى ۋاقىتتا بارسا، تۇخۇم سەدىقە قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئىمام خۇتبىگە چىقسا، پەرىشتىلەر دەپتەرلىرىنى قاتلاپ قويۇپ ئىمامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدۇ.»[5]

جۈمە نامىزىنى ئوقۇش پەرز بولغان ئادەمنىڭ جۈمە كۈنى كۈن ئىگىلگەندىن كېيىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇماي شەھەردىن چىقىشى مەكرۇھتۇر.

(1) بۇ ئەسەرنى تەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.
(2) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازاق رىۋايەت قىلدى.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ بايانى

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ قاچان يولغا قويۇلغانلىقى

ئىككى ھېيت نامىزى ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى يىلى يولغا قويۇلغان بولۇپ ئۇ نامازنىڭ بىرى روزىنى ئاچىدىغان كۈندە يەنە بىرى قۇربانلىق قىلىدىغان كۈندە يولغا قويۇلدى. ئۇ ئىككى كۈننىڭ بىرى شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىدۇر يەنە بىرى زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدۇر.

ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى بۇ ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان يەرگە كەلسە، ئەۋۋەل ناماز ئوقۇيتتى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت ئۆزلىرىنىڭ سەپلىرىدە ئولتۇرغان ھالىتىدە ئىكەن ئۇلارغا قاراپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلارغا تەۋسىيەدە بولاتتى ۋە ئۇلارنى ياخشى ئىشلانى قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر يەرگە قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولغان بولسا، قوشۇننى ئەۋەتەتتى. ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇق بەرمەكچى بولغان بولسا، بۇيرۇقنى بېرەتتى. ئاندىن (ناماز ئوقۇغان يەردىن) قايتىپ كېلەتتى.»[1]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى ئەۋۋەل نامازنى ئوقۇيتتى ئاندىن خۇتبە ئوقۇيتتى.»[2]

# ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھۆكمى

جۈمە نامىزىنى ئوقۇش پەرز بولغان ئادەمگە ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنى داۋام قىلدۇرغاندى ۋە كىشىلەرنى ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرىغانىدى. بۇ ھەقتە ئۇممۇ ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىككى ھېيت

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆڭلىرى (ناماز ئوقۇلىدىغان يەرگە) چىقىشقا بۇيرۇلدۇق. ھەتتا بىز قىزلارنى ئۇلار يۈرگۈنىپ تۇرىدىغان پەردىلەرنىڭ ئىچىدىن ۋە ھەيزدار ئاياللارنىمۇ ئېلىپ چىقاتتۇق. ئۇلار ئۇ كۈننىڭ بەرىكىتىنى ۋە پاكلىقىنى ئۈمىد قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كىشىلەر ئېيتقان تەكبىرنى ئۇلار بىلەن بىللە ئېيتاتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە دۇئا قىلاتتى.»[1]

ئىمام مۇھەممەدنىڭ <ئەل جامىئۇل سەغىر> دېگەن ئەسىرىدە «ئىككى ھېيت نامىزى سۈننەتدۇر» دەپ بايان قىلىندى. چۈنكى، ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپ بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننىتى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر.

ئەگەر ھېيت نامازلىرى جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، ھېيت نامىزىمۇ ۋە جۈمە نامىزىمۇ ئوقۇلىدۇ. ھېيت نامىزىنى ئوقۇش بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئەمەلدىن قالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى ۋە ئىبنى زۇبەيرى (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) شۇنداق دېگەن. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابدۇل بەر: «ھېيت نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئەمەلدىن قالىدۇ، دېگەن قاراشقا ئەمەل قىلىنمايدۇ» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇغانلىقى بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش جۈمە نامىزىنى ئوقۇش پەرز بولمايدىغان ياقا يۇتلاردىكى كىشىلەرگە خاس بىر ئىشتۇر» دېدى.[2]

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى

ئىككى ھېيت نامىزى چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن ئۇفۇقتىن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ ئاقىرىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى كۈن ئىگىلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئەگەر كۈن ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئىگىلىپ قالسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يامغۇر ياغقانغا ياكى ئىمامنىڭ كەلمىگىنىگە، ياكى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئايىنى كۆرەلمەي ئۇنى كۈن ئىگىلگەندىن كېيىن كۆرگەنگە ئوخشاش بىرەر ئۆزرە كۆرۈلسە، روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنى ئىككىنچى كۈنگە كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «رد المحتار»، 1 - توم، 555 - بەت.

بۇ ھەقتە ئۆمەير ئىبنى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ئەنسارلىق تاغام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا كىشىلەرنىڭ رامىزاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسىنىڭ ئاخشىمى يېڭى توغقان ئاينى كۆرەلمىگەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روزا تۇتقانلىقىنى، ئەتىسى كۈن ئېگىلىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئۆزلىرىنىڭ كېچىدە يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئېغىزلىرىنى ئېچىۋاتقانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئەتىسى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن.»[1]

ھېچقانداق ئۆزرە بولماي تۇرۇپ نامازنى ئوقۇشنى ئىككىنچى كۈنگە كېچىكتۈرۈش توغرا ئەمەستۇر.[2]

ئەمما قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنى بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ئۈچ كۈنگە قەدەر كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنا كۈنلىرىنى: «ھەقىقەتەن بۇ كۈنلەر ھېيت كۈنلىرىدۇر» دېگەن. ئۇنى بىرەر ئۆزرىسى يوق تۇرۇپمۇ ئۇنداق كېچىكتۈرۈۋېتىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر.[3]

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى

ئىككى ھېيت نامىزىمۇ جۇمە نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكەت بولۇپ جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. لېكىن، ئىككى ھېيت نامىزىغا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس ۋ جابىر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىغا ئەزان ئوقۇلمايتتى.»[4]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تەھاۋىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ھەدىسنىڭ سۆزى تەھاۋىينىڭكىدۇر.

(2) «الهداية العلائية»، 112 - بەت.

(3) «رد المحتار»، 1 - توم، 562 - بەت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ھېيت كۈنى چىقىپ ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇماستىن نامازنى باشلاپ ئوقۇپ بەردى.»[1]

ئىككى ھېيت نامىزىنى قازا قىلىۋاتقان ئادەم ئۇنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا باشقا مەسچىتكە بېرىش (يەنى باشقا مەسچىتتە ئوقۇلىدىغان نامازغا يېتىشىش) مۇمكىن بولسا، نامازنى شۇ مەسچىتكە بېرىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئىككى ھېيت نامىزىنى بىر نەچچە يەردە ئوقۇشمۇ توغرىدۇر.[2]

ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش ۋاجىپتۇر. ئۇ تەكبىر ھەر بىر رەكەتتە ئۈچ قېتىم ئېيتىلىدۇ. بىرىنچى رەكەتتە ئىمام تەكبىرنى نامازنى باشلاپ «سۇبھانەكەللاھۇممە» نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن (ئايەت ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى) ئېيتىدۇ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلارمۇ تەكبىرنى ئىمامغا ئەگىشىپ ئېيتىدۇ. ھەر قېتىم تەكبىر ئېيتقاندا قوللىرىنى (قۇلىقىنىڭ بارابىرىگىچە) كۆتۈرىدۇ ۋە تەكبىرنى ئېيتىپ بولۇپ قوللىرىنى تاشلاپ تۇرىدۇ. ئىمام ھەر ئىككى تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەر تەكبىرنى ئېيتىپ بولغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرىدۇ. ئىككى تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا: «سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە للاھۇ ئەكبەر» دېيىش خاتا ئەمەستۇر.

ئىككىنچى رەكەتتىمۇ تەكبىر، سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر سۈرە ئوقۇپ بولۇنغاندىن كېيىن رۇكۇغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئۈچ قېتىم ئېيتىلىدۇ. تەكبىرنى بىرىنچى رەكەتتە ئايەتلەرنى ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ۋە ئىككىنچى رەكەتتە ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىش بولسا، ئىككى رەكەتتە ئوقۇلغان ئايەتلەرنىڭ ئارىسىغا باشقا بىر ئىش چۈشمىسۇن، دېگەنلىك ئۈچۈندۇر. ئەگەر تەكبىرنى ھەر بىر رەكەتنىڭ بېشىدا ئېيتسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئەڭ ياخشىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە ئېيتىشتۇر.[3]

مانا تەكبىرنى بىرىنچى رەكەتتە ئۈچ قېتىم ۋە ئىككىنچى رەكەتتە ئۈچ قېتىم ئېيتىپ جەمى ئالتە تەكبىر ئېيتىش بولسا، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ ساندىكى ساھابىلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

(2) «الدر المختار»، 1 - توم، 561 - بەت.

(3) «رد المحتار»، 1 - توم، 560 - بەت.

تۆتقان يولىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىلقەمە ۋە ئەسۋەد قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھەر بىرىدە توققۇز قېتىمدىن تەكبىر ئېيتاتتى. بىرىنچى رەكەتتە ئايەتنى ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى[1]. ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇغا باراتتى. ئىككىنچى رەكەتتە ئەۋۋەل ئايەت ئوقۇيتتى ئاندىن تۆت قېتىم[2] تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇغا باراتتى[3].[4]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەكبىرنى بىرىنچى رەكەتتە يەتتە قېتىم ۋە ئىككىنچى رەكەتتە بەش قېتىم ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

ئەگەر ئىمام ئىككى ھېيت نامازلىرىدا تەكبىرنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئېيتسا، ئىقتىدا قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ (ئىمام تەكبىرنى قانچە قېتىم ئېيتسا شۇنچە قېتىم ئېيتىدۇ.) چۈنكى، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا تەكبىرنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئېيتىشمۇ ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ئىشتۇر.[5]

ئەگەر ئىمام بىرىنچى رەكەتتە تەكبىرنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قىلىپ ئايەتلەرنى ئوقۇشنى باشلاپ كەتكەن ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تەكبىرنى ئېيتمىغانلىقى ئېسىگە كەلگەن بولسا، تەكبىرنى ئېيتىدۇ، ئاندىن ئايەتلەرنى قايتا ئوقۇيدۇ. ئەمما تەكبىرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن بولسا، تەكبىرنى ئېيتماستىن نامازنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىرىنچى رەكەتتە ئىمامغا، ئىمام تەكبىرلەرنى ئېيتىپ بولغاندا يېتىشكەن بولسا، ئۇ ئادەم تەكبىرلەرنى گەرچە ئىمام ئايەتلەرنى ئوقۇشقا باشلاپ كەتكەن بولسىمۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تەكبىرلەرنى ھەتتا ئىمام رۇكۇ قىلغانغا قەدەر ئېيتمىغان بولسا، ئىمام بىلەن

(1) يەنى بۇ تۆت تەكبىرنىڭ بىرى نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىر ۋە ئۈچى بولسا ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرىدۇر. ت.

(2) يەنى بۇ تۆت تەكبىرنىڭ ئۈچى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرى ۋە بىرى بولسا ئىككىنچى رەكەتنىڭ رۇكۇسىغا بېرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىردۇر. ت.

(3) بىرىنچى رەكەتتە ئېيتىلغان تەكبىرنىڭ سانى بەش ۋە ئىككىنچى رەكەتتە ئېيتىلغان تەكبىرنىڭ سانى تۆت بولۇپ بۇ تەكبىرلەرنىڭ سانى جەمى توققۇزدۇر. ت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازاق رىۋايەت قىلدى.

(5) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 559 ـ بەت.

بىللە رۇكۇ قىلىدۇ ۋە تەكبىرلەرنى قوللىرىنى كۆتۈرمەستىن رۇكۇدا تۇرۇپ ئېيتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئىمامغا بىر رەكەتتە ئۇلگۇرەلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم تەكبىرلەرنى ئۇ رەكەتنىڭ قازاسىنى قىلغىلى تۇرغاندا ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىدۇ.[1]

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى

ئىمامنىڭ ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى خۇتبە ئوقۇشى سۈننەتتۇر. ئىمام ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىلىقىدا بىر قېتىم يەڭگىل ئولتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھېيت كۈنلىرى) ئەۋۋەل ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىدى. (يەنى تەشۋىق قىلدى.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىنى سۆزلەپ بولۇپ مۇنبەردىن چۈشۈپ ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېتىكىنى يېيىپ تۇراتتى. (سەدىقە قىلماقچى بولغان ئاياللار) سەدىقىسىنى ئۇنىڭ ئېتىكىگە تاشلايتتى.»[2]

ئىمام مۇنبەرگە چىققان ۋاقتىدا خۇتبە ئوقۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىنلا مۇنبەردە ئولتۇرۇش مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇپ بولىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمما ئىككى ھېيت نامازلىرىنىڭ خۇتبىسىدە ئەزان ئوقۇلمايدىغانلىقى ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىپلا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.

بىرىنچى خۇتبىدە خۇتبىنى باشلاشتىن ئىلگىرى توققۇز قېتىم ۋە ئىككىنچى خۇتبىنىڭ بېشىدا يەتتە قېتىم ئاخىرىدا ئون تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتىش مۇستەھەپتۇر.[3]

---

(1) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 560 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) <الدر المختار>، 1 ـ توم، 562 ـ بەت.

# ئىككى ھېيت كۈنلىرى قىلىش سۈننەت بولغان ئىشلار

روزا ھېيت كۈنلىرى نامازغا چىقىشتىن ئىلگىرى تاتلىق بىر نەرسە يېيىش سۈننەتتۇر. خورما يېيىش ئەڭ ياخشىدۇر. لېكىن، يېيىلگەن خورما (ئۈچ، بەشكە ئوخشاش) تاق بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت كۈنى ھەتتا تاق قىلىپ بىر نەچچە تال خورما يەۋەتمىگىچە نامازغا چىقمايتتى.»[1]

ئۇ كۈندە يۇيۇنۇش، مىسۋاك قىلىش، خوشبوي نەرسە ئىشلىتىش، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش، نامازغا كەلگىچە يولدا تەكبىرنى ئىچىدە ئېيتقاچ كېلىش، ئۈستىدىكى پىترسەدىقىسىنى ئادا قىلىش ۋە خۇش چىراي بولۇش سۈننەتتۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى قىزىل تون كىيەتتى.»[2]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت كۈنلىرى ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيەتتى» دېدى.[3]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى ھېيت كۈنلىرى تاكى ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە كەلگەنگە قەدەر (يولدا) تەكبىرنى ئاۋازلىق قىلىپ ئېيتىپ كېلىدىغانلىقى ۋە (ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ) تاكى ئىمام كەلگەنگە قەدەر تەكبىر ئېيتىپ تۇرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.[4]

ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى ئۆيگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر نەپلە ناماز ئوقۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت كۈنى ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە چىقىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بەردى. بۇ ئىككى رەكەت نامازدىن ئىلگىرى ۋە يا ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى. بىلالمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بار ئىدى.»[5]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى تەبراني رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

روزا ھېيت كۈنى نامازغا بارغان ئادەم نامازغا بېرىشتا باشقا يول بىلەن كېلىشتە باشقا يول ماڭىدۇ. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت كۈنىدە يولنى ئالماشتۇراتتى.[1] (يەنى نامازغا بېرىشتا باشقا يول بىلەن بېرىپ كېلىشتە باشقا يول بىلەن كېلەتتى.)

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە قىلىشمۇ سۈننەتتۇر. لېكىن، قۇربان ھېيت كۈنىدە بىر نەرسە يېيىش بولسا، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا تەكبىر ئاۋازلىق ئېيتىلىدۇ ۋە قۇربان ھېيت كۈنىدىن باشلاپ تاكى زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىغا قەدەر ھەر پەرز نامازنىڭ كەينىدىن تەكبىر ئېيتىش بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر كىشىگە ۋاجىپتۇر. بۇ تەكبىرلەرنى ئېيتىش ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) الله نى ياد ئېتىڭلار (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)»[2] «كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىني ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى اللهنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) اللهنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن». سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، مۇھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار»[3]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (ھەر نامازنىڭ كەينىدىن ئېيتىلىدىغان) تەكبىرنى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ بامدات نامىزىنىڭ كەينىدىن باشلاپ تاكى زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.[4]

ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.[5]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) سۈرە بەقەرە 203 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(3) سۈرە ھەج 28 ـ ئايەت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

تەكبىرنىڭ شەكلى مۇنداقتۇر: ئاللاھۇ ئەكبەر. ئاللاھۇ ئەكبەر. لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ. ۋەللاھۇ ئەكبەر. ئاللاھۇ ئەكبەر. ۋە لىللاھىل ھەمدۇ.

يەنى ئىككى قېتىم <ئاللاھۇ ئەكبەر> دەپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم <لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ> دېيىلىدۇ ئاندىن يەنە ئىككى قېتىم <ئاللاھۇ ئەكبەر> دېيىلىدۇ. ئەڭ ئاخىردا <ۋە لىللاھىل ھەمدۇ> دەپ دېيىلىدۇ. بۇ تەكبىرنى ئاۋازلىق قىلىپ ئېيتىش ۋاجىپتۇر. شۇنداق قىلىشنى سۈننەت دېگەن قاراشمۇ بار. ئەمما ئايال كىشى تەكبىرنى ئىچىدە ئېيتىدۇ.

تەكبىرنى بۇ شەكىلدە ئېيتىش ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توغرا يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغاندۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇلئەھۋەز مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇربان ھېيت كۈنلىرى تەكبىرنى <ئاللاھۇ ئەكبەر. ئاللاھۇ ئەكبەر. لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ. ۋەللاھۇ ئەكبەر. ئاللاھۇ ئەكبەر. ۋە لىللاھىل ھەمدۇ> دەپ ئېيتاتتى.»[1]

ئىبنى ھەجەرمۇ مۇنداق دېدى: «بۇ ھەقتە ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا دەپ قارالغىنى بولسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدۇر. ئۇلار تەكبىر ئېيتىش ئەراپات (يەنى قۇربان ھېيت) كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنىنىڭ بامدات نامىزىنىڭ كەينىدىن باشلىنىپ تاكى مىنا كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە (يەنى زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر) داۋام قىلىدۇ.»

زۇلھەججى ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئونىنچى كۈنىگە قەدەرمۇ يوللاردا ۋە بازارلاردا تەكبىر ئېيتىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى مۇنداق دېدى: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنا تېغىدا چېدىرىسىدا ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇنى ئاڭلىغان مەسچىتتىكى ۋە بازاردىكى كىشىلەرمۇ تەكبىر ئېيتاتتى. ھەتتا ئېيتىلغان تەكبىرلەرنىڭ ساداسىدىن مىنا تېغى تىترەپ كېتەتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە مىنا تېغىدا نامازنىڭ كەينىدىن، ياتىغىنىڭ ئۈستىدە، چېدىرىدا، بىرەر سورۇندا ئولتۇرۋاتقاندا ۋە يولدا كېتىۋاتقاندا تەكبىر ئېيتاتتى. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ قوربان ھېيت كۈنى تەكبىر ئېيتاتتى. قۇربان ھېيت كۈنلىرى ئاياللار مەسچىتتە ئۇبان ئىبنى ئوسمان

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئەرلەر بىلەن بىللە تەكبىر ئېيتاتتى[1].[2]

# كۆن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ بايانى

كۈننىڭ ياكى ئاينىڭ ھەممىسى ياكى يېرىمى تۇتۇلۇپ قالغاندا نەپلە ھېسابىدا ئىككى رەكەت ياكى ئىككى رەكەتتىن - ئىككى رەكەتتىن قىلىپ تۆت رەكەت نامازنى بىر قېتىم سالام بېرىش بىلەن ئوقۇش سۈننەتتۇر. كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنى ناماز ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس ۋاقىتلاردا جامائەت بىلەن ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. ناماز ئەزانسىز، تەكبىرسىز ۋە ئايەتلەر ئاۋازسىز ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا يەنە نامازدا ئايەتلەر ئۇزۇن ئوقۇلىدۇ. رۇكۇ ۋە سەجدە ئۇزۇن قىلىنىدۇ. دۇئا ھەتتا كۈن ئېچىلىپ چىققانغا قەدەر قىلىنىدۇ.

قۇسەيبەتۇل ھىلالىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر قېتىم كۈن تۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەندىشىلەنگەن ھالدا تونىنى سۆرىگەن پېتى چىقتى. مەن ئۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىدە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بەردى. نامازدىن كېيىن كۈن ئېچىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن بۇ، الله تائالا بۇنىڭ بىلەن (ئىنسانلارنى) قورقۇتىدىغان (يەنى ئاگاھلاندۇرىدىغان) ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر سىلەر كۈننىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلەر، سىلەر يېڭى ئوقۇغان پەرز نامازغا ئوخشاش بىر ناماز ئوقۇڭلار»[3] دېدى.

نوئمان ئىبنى بەشىر مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغاندا، سىلەر يېڭى ئوقۇغان پەرز نامازغا ئوخشاش بىر ناماز ئوقۇڭلار»[4] دېدى.

(1) بۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە ئەراپاتقا ماڭغان كۈنمۇ بار. ئەراپات قۇرئان كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن بولىدۇ. ت.

(2) بۇ ئەسەرلەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

ئۆلارنىڭ يېڭى ئوقۇغان نامىزى بامدات نامىزى ئىدى. يەنى كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز بامدات نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكەت بولىدۇ. چۈنكى، كۈن تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان نامازمۇ چاشكا نامىزى ھېسابلىنىدۇ.

ماھمۇد ئىبنى لەبىد مۇنداق دەيدۇ: (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى) ئىبراھىم ئۆلۈپ قالغان كۈنى كۈن تۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: كۈن ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلدى، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن كۈن ۋە ئاي اللّٰه تائالانىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈدىغان ئالامەتلەردىن ئىككى ئالامەتتۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ھايات ياشىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ قالمايدۇ. ئەگەر سىلەر بۇنىڭغا ئوخشاش كۈننىڭ ياكى ئاينىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، مەسچىتلەرگە مېڭىڭلار» دېدى. ئاندىن ئۆرە تۇردى. ئاندىن بىزنىڭ گۇمانىمىزچە بىر ئاز قۇرئان ئوقۇدى. ئاندىن رۇكۇ قىلدى. ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈردى. ئاندىن ئىككى قېتىم سەجدە قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلدى.[1]

ئەبۇبىكرەتە مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق كۈن تۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوپۇپ تونىنى سۆرىگەن پېتى مەسچىتكە كىردى. بىزمۇ مەسچىتكە كىردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بەردى. كۈنمۇ ئېچىلدى.»[2] يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇبىكرەتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا خۇددى سىلەرنىڭ نامازلىرىڭلارغا ئوخشاش بىر ناماز ئوقۇپ بەردى، دەپ بايان قىلغان.[3]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە كۈن تۇتۇلۇپ قالغاندا ناماز ئوقۇپ بەردى. ناماز ئوقۇلۇۋاتقاندا بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدۇق.»[4]

ئىمام ئەبۇيۇسۇف: «كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ رىۋايەتنى ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن توغرا دەپ قارالغان غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

ئايەتلىرىمۇ ئاۋازلىق قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ كۆزقارىشىغا ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا بايان قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئايەتلىرىنى ئاۋازلىق قىلىپ ئوقۇيتتى. ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن <ئاللاھۇ ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇغا باراتتى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: «سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ رەببەنا ۋە لەكەلھەمدۇ» دەيتتى. ئاندىن يەنە ئايەتلەرنى قايتا ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنى ئىككى رەكەت ئوقۇيتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا تۆت قېتىم رۇكۇ ۋە تۆت قېتىم سەجدە قىلاتتى[1]».[2]

كۆپ ساندىكى ئالىملار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ھەدىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ: «كۈن تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئۆزىگە خاس بىر شەكلى باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ھەر بىر رەكەتتە بىر رۇكۇنى ئارتۇق قىلىشتۇر» دېدى. ساھابىلارنىڭ ئىچىدىنمۇ ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاببās، جابىر ۋە باشقىلارمۇ بۇ خىل قاراشتىدۇر.

ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بۇ قاراشنى قوبۇل قىلمىدى ۋە: «ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر رەكەتتە بىر رۇكۇنى ئارتۇق قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن سۆزنى، بۇ سۆزدە زىتلىك باردۇر» دېدى. چۈنكى، بۇ سۆز بىر رىۋايەتتە: ھەر بىر رەكەتتە ئۈچ رۇكۇ باردۇر، باشقا بىر رىۋايەتتە: ھەر بىر رەكەتتە تۆت رەكۇ باردۇر ۋە يەنە باشقا بىر رىۋايەتتە: ھەر بىر رەكەتتە بەش رۇكۇ باردۇر، دېگەن شەكىلدە بايان قىلىنغان.

بەزى ھەدىسشۇناسلار: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر رەكەتتە ئىككىدىن ئارتۇق رۇكۇ قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەرنىڭ

(1) يەنى نامازنى باشلاپ ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى. كېيىن رۇكۇ قىلاتتى. رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈپ <سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ رەببەنا ۋە لەكەلھەمدۇ> نى دەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئايەتلەر ئوقۇيتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلاتتى ۋە ئىككى قېتىم سەجدە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى رەكەت ناماز تۈگىگەن ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى رەكەتنىمۇ خۇددى بىرىنچى رەكەتكە ئوخشاش ئوقۇيتتى. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھەممىسى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار تەرىپىدىن خاتا بايان قىلىنىپ قالغان رىۋايەتلەردۇر، بۇ ھەقتە ئەڭ توغرىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر رەكەتتە ئىككى رۇكۇ قىلغانلىقىدۇر» دېدى.

بەزى تەھقىقچىلار: «بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى توغرا رىۋايەتتۇر» دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈن تۇتۇلۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسى تۆۋەندىكى شەكىلدىدۇر:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا كۈن تۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرمەكچى بولۇپ نامازغا تۇردى. نامازدا ئۆرە تۇرۇشنى ئۇزۇن قىلدى. ئاندىن رۇكۇ قىلدى. رۇكۇنىمۇ ئۇزۇن قىلدى. ئاندىن تەكرار ئۆرە تۇردى. لېكىن، بۇ قېتىمدا نامازدا ئۆرە تۇرۇش بۇرۇنقىسىدىن سەل قىسقا بولدى. ئاندىن ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى. لېكىن، رۇكۇنىڭ ئۇزۇنلىقىمۇ ئالدىنقىسىدىن سەل قىسقا بولدى. ئاندىن سەجدە قىلدى ۋە سەجدىنى ئۇزۇن قىلدى. ئاندىن ئىككىنچى رەكەتتە خۇددى بىرىنچى رەكەتتە قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئاندىن نامازنى تۈگەتتى. نامازدىن چىققان ۋاقىتتا كۈن ئېچىلىپ بولغان ئىدى. ئاندىن كىشىلەرگە ۋەز ئېيتىشنى باشلاپ الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن كۈن ۋە ئاي الله تائالانىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈدىغان ئالامەتلەردىن ئىككى ئالامەتتۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ھايات ياشىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ قالمايدۇ. ئەگەر سىلەر بۇنداق بولغانلىقىنى كۆرسەڭلار، الله تائالاغا دۇئا قىلىڭلار. تەكبىرلەر ئېيتىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار. ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممەتلىرى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر ئەر ياكى بىر ئايال بەندىنىڭ زىنا قىلىپ قېلىشىنى الله تائالادىن بەكرەك چەكلەيدىغان بىر كىشى يوقتۇر. ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممەتلىرى! ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلەتتىڭلار ۋە كۆپ يىغلايتتىڭلار.»

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ھەدىسىدە يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتكەن پايدىلاردىن باشقا يەنە كۆپ پايدىلار باردۇر. ئۇ پايدىلار بولسىمۇ كۈن تۇتۇلغاندا ناماز ئوقۇشقا، دۇئا قىلىشقا ۋە سەدىقە

بېرىشكە ئالدىراش، كۆپ كۈلۈشتىن چەكلەش، كۆپ يىغلاشقا ئۈندەش، ئىنسانىنىڭ ئاخىردا ئۆلۈپ يوق بولىدىغانلىقىنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، اللّٰه تائالانىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەردىن ئىبرەت ئېلىش، يەر يۈزىدە بولىدىغان بەزى ئىشلاردا يۇلتۇزلارنىڭ تەسىرى بار، دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىش، بىرەر ئىشنى خاتا شەكىلدە چۈشۈنۈپ قېلىشنىڭ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ بايانى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى نەقلە قىلىشقا كۆڭۈل بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.»[1]

## سۇ تەلەپ قىلىشنىڭ بايانى

سۇ تەلەپ قىلىش بولسا، سۇغا ئېھتىياجلىق بولغاندا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن اللّٰه تائالاغا دۇئا قىلىش ۋە مەغپىرەت تىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

اللّٰه تائالا ئەگەر ئىنسان قىلغان گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا سۇ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا . يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا . ئۇلارغا ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ»[2]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى، بىر ئادەم مۇنبەرنىڭ ئۇدۇلىسىدىكى ئىشىكتىن كىرگىنىچە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇلىسىغا كېلىپ توختاپ تۇرۇپ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! (قۇرغاقچىلىقتىن) چارۋىلار ئۆلۈشكە باشلىدى ۋە ئامال قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالاغا دۇئا قىلساڭ، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى اللّٰه! بىزگە سۇ بەرسەڭ. ئى اللّٰه! بىزگە سۇ بەرسەڭ. ئى اللّٰه! بىزگە سۇ بەرسەڭ» دەپ تىلىدى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئاسماندا مەيلى توپلۇنۇپ تۇرغان بۇلۇت بولسۇن ياكى تارقاق ـ تارقاق تۇرغان بۇلۇت بولسۇن ۋە

(1) «فتح الباري»، 2 ـ توم، 532 ـ بەت.

(2) سۈرە نۇھ 10 ــ 11 ـ ئايەتلەر.

ئەڭ ئاددىسى بۇلۇتنىڭ بىرەر پارچىسىغا ئوخشاش ھېچبىر نەرسە كۆرمىگەن ئىدۇق. بىزنىڭ ئارىمىز بىلەن سەلئە تېغىنىڭ ئارىسىدا (بۇلۇتنى كۆرۈشتىن توسۇپ قالىدىغان) بىرەر ئۆي ياكى بىرەر قورۇمۇ يوق ئىدى. توساتتىنلا سەلئە تېغىنىڭ ئارقىسىدىن قالقانغا ئوخشاش يۇمۇلاق بىر بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا قەدەر كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن تۆت تەرەپكە تاراپ يامغۇر ياغدۇرۇشقا باشلىدى. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (يامغۇر كۆپ ياغقانلىقتىن) بىز ئالتە كۈنگە قەدەر كۈننى كۆرەلمىدۇق. ئاندىن كېلىدىغان جۈمە كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى، بىر ئادەم ھېلىقى ئىشىكتىن كىرگىنىچە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇلىسىغا كېلىپ توختاپ تۇرۇپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! چارۋىلار (يامغۇرلار كۆپ ياغقانلىقتىن ئوتلىغىلى چىقالماي) ئۆلۈشكە باشلىدى ۋە ئامال قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالاغا دۇئا قىلساڭ، يامغۇرنى توختىتىپ بەرسە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى اللہ! يامغۇرنى بىزنىڭ ئۈستۈمىزگە ئەمەس ئەتراپىمىزدىكى يەرلەرگە ياغدۇرغىن. ئى اللہ! يامغۇرنى تۆپىلىكلەرگە، تاغلارغا، جىلغىلارغا ۋە دەرەخلەرنىڭ ئاستىلىرىغا ياغدۇرغىن» دەپ تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن يامغۇر توختىدى ۋە بىز (مەسچىتتىن چىققان ۋاقتىدا) كۈن چىققان ئىكەن.[1]

سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ تەلەپ قىلغاندا ياغقان يامغۇرلار سۇ ئاقىدىغان يەرلەردە ئاققىلى تۇرغاندا مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ جىرايىغا قاراپ بىر شائىرنىڭ:

نۇرانە ئاق يۈزى بىلەن تىلەر يامغۇر يېغىشنى

يېتىملەرگە پاناھكار ئۇ سىلار ئاجىزنىڭ بېشىنى

دېگەن مىسرالىرىنى ئىسىمگە ئالدىم.

ئۇ شائىر ئەبۇتالىب ئىدى.[2] (بۇ شېئىر ئەبۇتالىبنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقان ئۇزۇن بىر شېئىرىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.)

سۇ تەلەپ قىلغاندا ئەزان ئوقۇماستىن ۋە تەكبىر چۈشۈرمەستىن جامائەت

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

بىلەن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ئىككى رەكەت نامازدىمۇ ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئايەتلەر ئاۋازلىق ئوقۇلىدۇ. نامازدىن كېيىن ئىمام جامائەتكە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ. دۇئا قىلىدۇ. دۇئانىڭ ئىجابەت قىلىنىشى ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۈستىدىكى تونىنى تەتۈرىسىگە ئۆرۈپ كىيىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇبادە ئىبنى تەمىم تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن چىقىپ قىبلە تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلدى ۋە تونىنى ئۆرۈپ كەيدى. ئاندىن ئايەتنى ئاۋازلىق قىلىپ ئوقۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى.»[1]

# قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتە ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ بايانى

قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتىمۇ ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ يولغا قويۇلىشى بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ھېچبىر خەتەرگە يولۇقتۇرماستىن ۋە دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشلىرىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەستىن ھەتتا جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ نامازنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر دىن ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتە ئوقۇلىدىغان ناماز تۆۋەندىكى ئايەتتە ئوچۇق بىر شەكىلدە يولغا قويۇلغاندۇر: «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن. ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلارسىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدى»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نامازنى ساھابىلار بىلەن ھەر خىل شەكىلدە ئوقۇغان. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى، نامازنىڭ قايسى شەكلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى خەتەرگە يولۇقتۇرمايدىغان ۋە دۈشمەنىنىڭ، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەيدىغان بولسا، نامازنى شۇ شەكىلدە ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر جەڭ مەيدانىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولسا، نامازنى ئۆرە تۇرغان ياكى ئولتۇرغان ۋە ھەتتا ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋېتىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالەتتە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، الله نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار. قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار) ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا الله نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە الله نى ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇنچ تۈگىگەندە، الله نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار)»[2]

ئەگەر جەڭ مەيدانىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىنمۇ بەك ئېغىر بولۇپ نامازنى ئوقۇش بەك قىيىن بولسا، ناماز ئوقۇلماي كېچىكتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئۇرۇشىدا مەدىنە قورشاۋدا قالغاندا نامازنى كېچىكتۈرگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تاڭ ئاتقان ۋاقىتتا تەسەتتۇر شەھىرىنىڭ سېپىلىنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتىم. ئۇرۇش بەك قاتتىق بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز بامدات نامىزىنى ئوقۇيالمىدۇق. بىز ئۇنى

(1) سۈرە نىسا 102 ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەرە 238 ــ 239 ـ ئايەتلەر.

كۆن چىققاندىن كېيىن ئوقۇدۇق. بىزگە ئۇ نامازنى ئەبۇمۇسا ئوقۇپ بەردى. سىپىلمۇ پەتهى قىلىندى. ئۇ نامازنىڭ ئورنىغا دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر ماڭا بېرىلسىمۇ مېنى خوش قىلالمايتتى.»[1]

بىز هازىر كۆنىمىزدىكى يېڭى زامان قۇرال ـ ياراقلارنىڭ تەبىتىنى، ئۇنىڭ خەتىرىنى ۋە كۆزۈتىدىغان ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئاليىلىقىنى دىققەت ئېتىبارىمىزدىن قاچۇرۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم ۋە الله تائالانىڭ قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتە ئوقۇلىدىغان نامازنى بايان قىلىپ كەلگەن: «ئېهتىياتچان ۋە هوشيار بولۇڭلار»[2] دېگەن ئايىتىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشىمىز لازىم.

# جىنازە نامىزىنىڭ بايانى

## جىنازە نامىزىنىڭ هۆكمى

جىنازە نامىزى بىر بۆلۈك ئادەمنىڭ ئوقۇشى بىلەن قالغانلارنىڭ بويىندىن ئۇنى ئوقۇش چۈشۈپ كېتىدىغان شەكىلدىكى پەرز نامازدۇر. (يەنى پەرزى كۇپايىدۇر.) يەنى ئۆلۈپ قالغان بىر ئادەمنىڭ نامىزىنى بىر جامائەت ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاز بىر ئادەم بولسىمۇ چۈشۈرسە، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ لازىملىقى باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. (يەنى باشقىلار گۇناهكار هېسابلانمايدۇ.) ئۇنى يۇيۇش، كېپەنلەش ۋە يەرلىككە قويۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ پەرز قىلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هەم سۆزى هەم ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جىنازە نامىزىنى ئوقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ياخشى ۋە يامان هەر بىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈڭلار.»[3]

جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈش هەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن بىر

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە نىسا 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بۇ هەدىسنى بەيهەقىي رىۋايەت قىلدى.

پەرز ئەمەسلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر جىنازىنى كۆرسەڭلار، ئورنۇڭلاردىن قوپۇپ تۇرۇڭلار. كىمكى جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭسا تاكى جىنازە يەردە قويۇلغانغا قەدەر ئولتۇرمىسۇن.»[1]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۇستىدە قەرزى بار ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئادەم كەلتۈرۈلەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ قەرزىنى ئادا قىلىپ بولغانمۇ؟» دەپ سوراتتى. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بولغانلىقى سۆزلەنسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلغانلىقى سۆزلەنمىسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭلارنىڭ نامىزىنى سىلەر چۈشۈرۈڭلار»[2] دەيتتى.

بەزىدە بەزى ساھابىلار كېچىدە ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ نامىزىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەرمەيلا ئۆزلىرى چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قوياتتى. ئەتىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىش ھەققىدە خەۋەر بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمە ئۈچۈن ماڭا بىلدۈرمىدىڭلار؟» دەپ سورىسا، ئۇلار كېچە بەك قاراڭغۇ ئىدى. سېنى چاپاغا سېلىپ قويۇشنى خالىمىدۇق، دەپ جاۋاپ بېرەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ قالغان ئۇ ئادەمنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى[3].[4]

جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى بارلىق ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن بىر مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) مانا بۇ ھەدىسلار جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈش ھەممە ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى ھەدىستە: < كىمكى جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭسا تاكى جىنازە يەردە قويۇلغانغا قەدەر ئولتۇرمىسۇن> دەپ جىنازىگە ئەگىشىش ياكى ئەگەشمەسلىك ئىشىنى ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويمىغان بولاتتى. ئىككىنچى ھەدىستە: <قېرىندىشىڭلارنىڭ نامىزىنى سىلەر چۈشۈرۈڭلار> دېمەيتتى ۋە كېچىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ نامىزىنى ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلماستىن چۈشۈرمىگەن بولاتتى. ت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈش بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: »مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا بەش تۈرلۈك ھەققى باردۇر. ئۇلار بولسا سالام قايتۇرۇش، كېسەل يوقلاش، جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىش. چاقىرغان يەرگە بېرىش ۋە چۈشكۈرۈپ <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېسە <يەرھەمۇكۇمۇللاھ> دېيىش قاتارلىقلاردۇر«[1]

# جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

خۇددى باشقا نامازلارغا ئوخشاش جىنازە نامىزىدىمۇ، ئۇنى ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئوقۇشقا قادىر بولالىشى، ئەقلى ھۇشى جايىدا بولۇشى، بالاغەتكە يەتكەن ۋە مۇسۇلمان بولۇشى شەرتتۇر. ئۇ شەرتلەرگە يەنە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى بىلىش شەرتى قوشۇلىدۇ.

## چۈشۈرۈلگەن جىنازە نامىزىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۆلگەن ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر:

1 ـ ئۆلگەن ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى»[2]

ئۆلگەن ئادەمنىڭ دەسلەپ تىرىك تۇغۇلۇپ ئاندىن ئۆلگەن بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: بىر بالا ئەڭ ئاز ئۆزىنىڭ كۆپ قىسمى تۇغۇلغانغا قەدەر تىرىك ھالەتتە تۇغۇلغان، ئاندىن ئاز قىسمى قالغاندا ئۆلگەن بولسا، ئۇ يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇ باشقىلارغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئات قويۇلىدۇ. ئەگەر ئەسلى تۇغۇلۇشتىلا ئۆلۈك تۇغۇلغان بولسا،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) سۈرە تەۋبە 84 ـ ئايەت.

ئۇ پەقەت يۇيۇلىدۇ ۋە ئات قويۇلىدۇ. ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھۆرمەتلىگەن ئاساستا بىر لاتىغا ئوراپ (نامىزىنى چۈشۈرمەستىنلا) كۆمۈۋېتىلىدۇ.

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى سەمەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى نەيزىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۆلتۈرۈۋالغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگەن.»[1]

مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىل پاشلىقىغا بويسۇنماي ئورۇنسىز ئىسيان كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ، بۇلاڭچىلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. بۇلارنىڭ نامازلىرىنىڭ چۈشۈرۈلمەسلىكى بۇلارنى خورلاش ۋە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

2 ـ ئۆلگەن ئادەمنى يۇيۇش ئارقىلىق پاكىزلاش. ئەگەر ئۆلگەن بىر ئادەم يۇيۇلمايلا كۆمۈلۈپ ئۈستىگە توپا تاشلىنىپ بولغان بولسا، ئۇنى چىقىرىپ يۇيۇپ ئولتۇرماستىنلا ئۇنىڭ قەبرىسىگە ناماز ئوقۇلىدۇ. ئەمما تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىنىپ بولۇنمىغان بولسا، ئۇ (قەبرىدىن) چىقىرىلىپ يۇيۇلىدۇ ۋە نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ.

قەبرە ئۈستىگە ناماز ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەسچىتنى سۈپۈرىدىغان بىر قارا تەنلىك ئايال ياكى بىر ئەر بار ئىدى[2]. ئۇ ئۆلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ قېلىپ: «ھېلىقى ئادەم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دېدى. كىشىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلىپ قويمىدىڭلار؟» دېدى. ئۇلار: ئۇنىڭ ئىشىنى كىچىك كۆرگەندەك قىلىپ ئۇ مۇنداق ـ مۇنداق ئادەم تۇرسا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »مېنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بېرىڭلار» دېدى. (شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ باردى.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇدى.[3]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) زادى قايسىسى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە ئېنىق قالمىغان.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۆلۈكنىڭ كەپەنلىكىنىڭ پاكىز بولۇشى شەرتتۇر. لېكىن، ئەگەر كەپەن ئۆلۈكنى يۇيۇپ ئۇراپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆلۈكتىن چىققان نەرسە بىلەن پاسكىنا بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە كەپەننى يۇيۇپ پاكىزلاش شەرت ئەمەستۇر.

ئۆلۈك تۆۋەندىكى شەكىلدە يۇيۇلىدۇ: ئۆلگەن ۋاقتىدا ئۇستىدە بار ھەممە كىيىملىرى چىقىرۋېتىلىدۇ. ئۇياتلىق يېرى يېپىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئېغىزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالدۇرماستىن ئۇنىڭغا تاھارەت ئالدۇرۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنى يۇيۇشنى باشلىغان ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «يۇيۇشنى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ۋە تاھارەت ئالغاندا يۇيۇدىغان ئەزالىرىدىن باشلاڭلار»[1] دېگەن.

ئاندىن كېيىن ئەگەر مۇمكىن بولسا سىدرە[2] سېلىپ قاينىتىلغان سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئەگەر سىدرە سېلىپ قاينىتىلغان سۇ بىلەن يۇيۇش مۇمكىن بولمىسا، سۈپۈن بىلەن يويۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنى يۇيۇشنى باشلىغان ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرىپ: «ئۇنى سىدرە ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يۇيۇڭلار. ئاخىرقى قېتىمدا كاپۇر[3] ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ بىلەن يۇيۇڭلار. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر بېرىڭلار» دېدى. بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنى يۇيۇپ بولۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆزىنىڭ ئىشتىنىنى[4] بېرىپ: «دەسلەپ ئۇنى بۇنىڭ بىلەن كەپەنلەڭلار»[5] دېدى.

ئۆلۈكنى يۇماقچى بولغاندا يۇيۇشنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاش ئۈچۈن ئۇ سول يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ قويۇلۇپ سول تەرىپى يۇيۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ كۆكسى ۋە قورسقى يۇيۇلىدۇ. يۇيۇش ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىمغىچە تەكرارلىنىدۇ. ئاندىن ئۆلۈكنىڭ قورسقى يۇمشاق ھالەتتە سېلىنىدۇ. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن چىققان نەرسە يۇيۇلىدۇ. ئاندىن قۇرۇق بىر نەرسە بىلەن سۈرتۈش ئارقىلىق قۇرۇتىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ بىر ئۆسۈملۈكتۇر.

(3) كاپۇر، پۇرۇقى خوشبۇي بىر ئۆسۈملۈكتۇر.

(4) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋەررۇك بولسۇن، دەپ ئۆزىنىڭ ئاستىن تەرىپىگە يۆگەيدىغان رەختنى بەرگەن. ت.

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋە ساقىلىغا ھەنۇت[1] سۈركۈلىدۇ ۋە سەجدە قىلغاندا يەرگە قويۇدىغان ئەزالىرىغا كاپۇر سۈركۈلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈكى سۇنىڭ ئىچىدە تېپىلغان بولسىمۇ ئۇنى يەنە ئۈچ قېتىم يۇيۇش لازىم. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئۆلۈكلەرنى يۇيۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يۇيۇش نىيىتى بىلەن ئۇنى سۇنىڭ ئىچىدە تۇرغۇزۇپ ئۈچ قېتىم مىدىرلىتىۋېتىش لازىم.[2]

3 ـ ئۆلۈكنىڭ ئۇيانلىق يېرىنى يېپىش ۋە ئۇنىڭغا كەپەن كىيدۈرۈش. ئۇنىڭغا كەپەن كىيدۈرۈش پەرزدۇر. ئەمما كەپەننى، بىرىنى بويىندىن تارتىپ پۇتىغىچە يەڭسىز كۆينەك قىلىپ، بىرىنى بېشىدىن تارتىپ پۇتىغىچە كېلىدىغان قىلىپ ۋە يەنە بىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكنىڭ چۇقىسىدىن تارتىپ ئايىغىچە يۆگەپ ئۇنىڭ باش ئايىغىدىن بوغۇۋاتىدىغان قىلىپ ئۈچ كىيىمدىن تەييارلاش سۈننەتتۇر. ئەركىشى ئۈچۈن كەپەن شۇنداق تەييارلىنىدۇ.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ كەپەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرىدىكىلەرگە قوشۇلۇپ يەنە يۈزى بىلەن بېشىنى يۆگەش ئۈچۈن بىر پارچە رەخت ۋە كۆكسىدىن تارتىپ يوتىسىغىچە بولغان ئارىلىقنى يېپىش ئۈچۈن يەنە بىر پارچە رەخت تەييارلىنىدۇ.

4 ـ ئۆلگەن كىشىنىڭ ھەممە ئەزالىرى ياكى ئۇنىڭ كۆپ قىسمى نامازنى چۈشۈرمەكچى بولغانلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىشى لازىم. ئالدىدا يوق ئادەمگە ناماز ئوقۇش توغرا بولمايدۇ.

ئەمما پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بولمىغان نەجاشىينىڭ[3] نامىزىنى ئوقۇشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغىلا خاس بىر ئىشتۇر. ئەبۇھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نەجاشىيغا ناماز ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە نەجاشىينىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ ئالدىغا چىقىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە سەپ تۈزۈپ تۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر

(1) ھەنۇت بولسا خۇشبۇي نەرسىلەردىن ياسالغان ئەتىردۇر. ت. — ھەنۇت بولسا خۇشۇسەن ئۆلۈكلەرنىڭ تەنلىرىگە ۋە كەپەنلىرىگە سۈركەش ئۈچۈن خوشبۇي نەرسىلەردىن ياسالغان ئەتىردۇر. ت.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 577 ـ بەت.

(3) نەجاشي بولسا ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇسۇلمانلارغا ئۆز دۆلىتىدە ياشاش پۇرستى بەرگەن ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھىدۇر. ئۇ كېيىن مۇسۇلمان بولغان. ت.

ئەلەيھىسسالام تۆت تەكبىر بىلەن (ئۇنىڭغا غائىبانە ناماز ئوقۇدى.)[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا چىقىپ تۇردى. ساھابىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە سەپ تۈزۈپ تۇردى. ساھابىلەر سەپتە نەجاشىينىڭ جىنازىسىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بار، دەپ گۇمان قىلغان بىر ھالەتتە تۇرۇشتى.»[2]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇق. بىز نەجاشىينىڭ جىنازىسىنى ئالدىمىزدا بار، دەپ گۇمان قىلاتتۇق.»[3]

بۇ ناماز ھەم نەجاشىيغا خاس ئوقۇلغان بىر نامازدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇنلىغان ساھابىلىرى باشقا ـ باشقا يەرلەردە ۋاپات بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشكە شۇنداق ھېرىسمەن ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بەك ھېرىسمەنلىكىدىن: «ھەقىقەتەن بۇ قەبرىلەر زۇلمەت بىلەن توشۇپ كەتكەن. مېنىڭ ئۇلارغا ئوقۇغان نامىزىم ئارقىلىق الله ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ»[4] ۋە «مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بار بولسام، ئىچىڭلاردىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ خەۋەرىنى ماڭا يەتكۈزۈڭلار. چۈنكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئوقۇغان نامىزىم ئۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەتتۇر»[5] دېگەن تۇرۇقلۇق باشقا يەرلەردە ئۆلۈپ كەتكەن ساھابىلەرنىڭ ھېچبىرىگە غائىبانە ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى.

5 ـ نىيەت قىلىش. يەنى نامازنى الله تائالا ئۈچۈن ۋە دۇئانى ئۆلۈك ئۈچۈن، دەپ نىيەت قىلىش لازىم.

## جىنازە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى

جىنازە نامىزىنىڭ ئىككى پەرزى باردۇر:

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) بۇ رىۋايەتنى ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى.
(3) بۇ رىۋايەتنى ئەبۇئەۋانە رىۋايەت قىلدى.
(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(5) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

**1 . تۆت دانە تەكبىر ئېيتىش.**

**2 . نامازدا ئۆرە تۇرۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن جىنازە نامىزىنى ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇش توغرا ئەمەس. بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نەجاشىينىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىپ تۇرغانلىقىنى ۋە ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ سەپ تۈزۈپ تۇرغانلىقىنى، ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت تەكبىر بىلەن ئۇنىڭغا غائىبانە ناماز ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.**

**بۇ ھەقتە يەنە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭلار (نەجاشىي) ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تۇرۇڭلار ناماز ئوقۇيلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىككى سەپ تۈزۈپ (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا) ئۆرە تۇردۇق.[1]**

**جىنازە نامىزىنىڭ بېشىغا ئۆلگۈرەلمىگەن ئادەم (نامازنى باشلاشتا) ئىمامنىڭ تەكبىر ئېيتىشىغا قاراپ تۇرىدۇ. (ئىمام تەكبىر ئېيتسا) ئىمام بىلەن بىللە تەكبىر ئېيتىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر تەكبىر بىر رەكەتنىڭ ئورنىدىدۇر. ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن بېشىدا ئۆلگۈرەلمىگەن تەكبىرلەرنى ئەگەر ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قىلىشىدىن قورقسا ئارقىمۇ ـ ئارقا ئېيتىۋېتىدۇ.**

**ئىمامنىڭ ئۆلۈكنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان يەردە تۇرۇشى سۈننەتتۇر. چۈنكى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ يۈرىكى بار ۋە ھەمدە ئۇنىڭ جەسەدىنىڭ ئوتتۇرسىغا توغرا كېلىدىغان يەردە تۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. نامازنى چۈشۈرگەندە ئىمامنىڭ ئۆلۈكنىڭ ئوتتۇرسىغا توغرا كېلىدىغان يەردە تۇرۇشى ھەققىدە سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ تۇغۇتتىن كېيىن نىفاسلىق ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ نامىزىنى ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى ئۇنىڭ جەسەدىنىڭ ئوتتۇرسىغا توغرا كېلىدىغان يەردە تۇرۇپ ئوقۇدى.»[2]**

**بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن <سۇبھانەكەللاھۇممە> ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا دۇئا نىيىتى بىلەن سۈرە پاتىھەنى ئوقۇشمۇ بولىدۇ. ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن خۇددى نامازدىكىگە ئوخشاش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇلىدۇ.**

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن ئۆلۈككە دۇئا قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. بۇھەقتە ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ نامازدا ئوقۇغان دۇئاسىنى ياد ئېلىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئادا مۇنداق دېدى: «ئەللاھۇممە ئىغفىر لەھۇ ۋەرھەمھۇ، ۋە ئافىھى ۋەئفۇ ئەنھۇ، ۋە ئەكرىم نۇزۇلەھۇ، ۋە ۋەسسىئ مەدخەلەھۇ، ۋەغسىلھۇ بىلمائى ۋەسسەلجى ۋەلبەرەدى، ۋە نەققىھى مىنەل خاتايا كەما نەققەيتە ئەسسەۋبەل ئەبيەزە مىنەددەنەس، ۋە ئەبدىلھۇ داران خەيران مىن دارىھى، ۋە ئەھلەن خەيران مىن ئەھلىھى، ۋە زەۋجەن خەيران مىن زەۋجىھى، ۋە ئەدخىلھۇل جەننەتە ۋە ئەئىزھۇ مىن ئازابىل قەبرى ئەۋ مىن ئازابىن نار[1]» ھەتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دۇئا قىلغانلىقىدىن ئۆلگەن شۇ ئادەم كاشكى مەن بولغان بولسام دەپ، ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.[2]

ئۆلگەن كىشىگە ئوقۇلىدىغان دۇئالارنىڭ ئىچىدە بۇ دۇئامۇ باردۇر:

<ئەللاھۇممە ئىغفىر لىھەييىنا ۋە مەييىتىنا، ۋە شاھىدىنا ۋە غائىبىنا، ۋە سەغىرىنا ۋە كەبىرىنا، ۋەزەكەرىنا ۋە ئۇنسانا، ئەللاھۇممە مەن ئەھيەيتەھۇ مىننا فەئەھيىھى ئەلەل ئىسلام، ۋە مەن تەۋەففەيتەھۇ مىننا فەتەۋەففاھۇ ئەلەل ئىيمان[3]>

بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ قالغان كىچىك بالىنىڭ ياكى بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ساراڭ بولۇپ قېلىپ ئۆلگەن كىشىنىڭ نامىزىدا ئۆلۈكلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىشى تىلىنىدىغان يۇقىرىدىكى دۇئالار ئوقۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نامىزىدا تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ: <ئەللاھۇممە ئىجئەلھۇ لەنا

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! ئۇنى كەچۈرگىن. ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن. ئۇنى سالامەت قىلغىن. ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلغىن. ئۇنىڭ ئورنىنى ئېسىل قىلغىن. كىرىش ئېغىزىنى كەڭرى قىلغىن. ئۇنى سۇ، قار ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن. خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغىنىڭدەك ئۇنى خاتالىقلىرىدىن تازىلىغىن. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىدىن ياخشى تۇرالغۇ، ئائىلىسىدىن ياخشى ئائىلە ۋە ئايالىدىن ياخشى ئايال بەرگىن. ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن. ئۇنى قەبرىنىڭ ۋە يا دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! بىزنىڭ ئىچىمىزدىن تىرىك قالغانلارنىڭ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ، نامازغا كەلگەنلەرنىڭ، كەلەلمىگەنلەرنىڭ، كىچىكلەرنىڭ، چوڭلارنىڭ، ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن. ئى الله! ئىچىمىزدىن ھاياتلىق بېرىپ ياشاتتۇرغان ئادەمنى ئىسلام ئۈستىدە ياشاتتۇرغىن ۋە ۋاپات تاپتۇرغان ئادەمنى ئىمان بىلەن ۋاپات تاپتۇرغىن.

فەرەتەن، ۋەجئەلھۇ لەنا ئەجران ۋە زۇخران، ۋەجئەلھۇ لەنا شافىئەن ۋە مۇشەففەئەن[1]>.

تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئولتۇرماستىن ئۆلۈككە ۋە ئۆزى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغانلارغا سالام بېرىشنى نىيەت قىلىپ سالام بېرىدۇ. ئەگەر تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن: <رەببا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋە فىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋە قىنا ئازابەننار[2]> دېگەن دۇئانى ئوقۇش ياخشىدۇر.

سالام بەرگەندە بىرىنچى سالامنى ئاۋازلىق قىلىپ ۋە ئىككىنچى سالامنى مەخپىي قىلىپ بېرىدۇ.

بىرىنچى تەكبىردىن باشقا تەكبىرلەردە قولىنى كۆتۈرمەيدۇ. بەلەخنىڭ ئالىملىرى: «ھەممە تەكبىرلەردە قول كۆتۈرۈلىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ ھەم ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇھەنىفەمۇ: «ھەممە تەكبىرلەردە قول كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن.[3]

ئەگەر ئىمام ھەممە تەكبىرلەردە قولىنى كۆتۈرىدىغان ئادەم بولسا، ئىمامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن قولنى كۆتۈرۈش ياخشىدۇر.

جىنازە نامىزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى چۈشۈرىدۇ. ئۇ بولمىسا ئۇنىڭ ئورۇنباسارى چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تاپقان ۋاقىتدا ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىنىڭ ۋالىسى سەئىد ئىبنى ئەلئاسنى نامازنى ئوقۇپ بېرىشكە چىقىرىپ قويۇپ: «ئەگەر نامازنى باشلىقنىڭ چۈشۈرىدىغان ئىشى سۈننەت بولمايدىغان بولسا، مەن سېنى ئالدىغا چىقارمايتتىم» دېگەن.[4]

ئۇلار بولمىسا ئەگەر مەھەللى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئۆلۈكنىڭ ئىگىلىرىدىن ياخشىراق ئادەم بولسا، نامازنى مەھەللى مەسچىتىنىڭ ئىمامى چۈشۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، نامازنى ئۆلۈكنىڭ ئەر، بالاغەتكە يەتكە

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى اللّٰه ئۇ بالىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئېلىپ كەتتىڭ. ئۇنى بىز ئۈچۈن ساۋاب ۋە مۇكاپات قىلىپ بەرگىن. ئۇنى بىزگە شاپائەتچى قىلغىن ۋە ئۇنى شاپائەتى قوبۇل قىلىنىدىغان قىلغىن.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

(3) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 585 ـ بەت.

(4) بۇ ئەسەرنى بەززار، تەبرانىي ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئىگىلىرىدىن بىرى چۈشۈرىدۇ. ئۆلۈكنىڭ ئىگىسى نامازنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن باشقا بىرسىگە رۇخسەت بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە نامازنى چۈشۈرۈش ئۇنىڭ ھەققىدۇر، بۇ ھەقنى خالىغان كىشىگە ئۆتۈنۈپ بەرسە بولىدۇ.

ھەتتا نامىزىغا ۋە جىنازىنى چىقىرىشقا كېلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولۇشى ئۈچۈن ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ھەممە تەرەپلەرگە خەۋەر قىلىش مۇستەھەپتۇر. نامازنى چۈشۈرۈشكە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولسا، ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆلۈپ كەتكەن بىرەر كىشىگە، ھەممىسى ئۇنىڭغا شاپائەت تىلەپ يۈز دانە مۇسۇلمان ناماز ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تىلىگەن شاپائەتى قوبۇل قىلىنىدۇ.»[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر قانداق مۇسۇلمان بىركىشى ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ جىنازىغا الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان **40** ئادەم قاتناشقان بولسا، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن تىلىگەن شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.«[2]

# جىنازىنى چىقىرىش ۋە ئۆلۈكنى يەرلىكىدە قويۇش

جىنازىنى ئەرلەرنىڭ چىقىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈشى سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئۆلۈك تاۋۇتقا قويۇلۇپ كىشىلەر ئۇنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرسە، ئۆلگۈچى ئەگەر ياخشى ئادەم بولسا ئۇ: مېنى تېز ئېلىپ مېڭىڭلار، دەيدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى يامان ئادەم بولسا ئۇ: ھالىمغا ۋاي، ئۇلار مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟ دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنساندىن باشقا ھەممە نەرسىلەر ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىنسانلار ئاڭلايدىغان

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولسا، ئۇلار قورقىنىدىن جېنىدىن جۇدا بولاتتى.«[1]

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «بىز (يەنى ئاياللار) جىنازىغا ئەگىشىشتىن چەكلەندۇق. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىمىنى كۈچلۈك ھالەتتە قويمىغان.»[2]

ئاياللارنىڭ جىنازە بىلەن بىللە قەبرىگىچە بېرىشى ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (جىنازىغا ئەگىشىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغان ئاياللارغا، ئەگەر سىلەر جىنازىغا ئەگەشسەڭلار): «ساۋابقا ئېرىشكەن ئەمەس گۇناھكار ھالەتتە قايتىسىلەر» دېگەن.[3] بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پەيدا بولغان پىتنە ـ پاساتلار كۈچلەندۈردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ پىتنە ـ پاساتلارغا ئۆزىنىڭ: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن ئاياللارنىڭ پەيدا قىلغان ئىشلىرىنى كۆرسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى خۇددى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاياللىرى (جىنازىغا ئەگىشىشتىن كەسكىن ھالەتتە) چەكلەنگەندەك چەكلەيتتى» دېگەن سۆزى بىلەن ئىشارەت قىلغان.

بۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئاياللارغا دېگەن سۆزىدۇر. ئۇنداق ئىكەن بىزنىڭ زامانىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ھالىغا نېمە دېگۈلۈك؟![4]

جىنازىنى ئىچىدىكى ئۆلۈك سىلكىنىپ كەتمەيدىغان، ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەرگە جاپا ـ مۇشەققەت بولۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە تىزراق ئېلىپ مېڭىش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىنازىنى تېز ئېلىپ مېڭىڭلار. ئەگەر ئۇ بەندە ياخشى بولسا، ئۇنى ياخشىلىققا بالدۇراراق ئېلىپ بارغان بولىسىلەر. ئەگەر يامان بولسا، يامانىنى مۈرەڭلەردىن تېزرەك چۈشۈرگەن بولىسىلەر.»[5]

جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش مۇستەھەپتۇر.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(4) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 598 ـ بەت.

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

چۈنكى، ئۇنداق قىلغاندا جىنازىغا ئەگەشكەن ھېسابلىنىدۇ. جىنازىغا ئەگىشىش ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭسا، ئۇنىڭغا بىر قىيرات[1] ئەجىر بار . . .»[2]

بارائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرىدى ۋە يەتتە ئىشتىن توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى جىنازىغا ئەگىشىشكە بۇيرىدى . . .»[3]

ئۆلۈك ئادەم ئۆز بۇيىنىڭ يېرىمىغا ياكى مەيدىسىگە قەدەر كېلىدىغان چوڭقۇرلۇقتا كولانغان قەبرىدە قويۇلىدۇ. قەبرىنى ئادەم بويى چوڭقۇرلۇقتا كولاش تېخىمۇ ياخشىدۇر. قەبرىنى چوڭقۇر كولاشتىكى مەقسەت بولسا، قەبرىدىن كىلىش ئېھتىماللىقى بولغان پۇراقنىڭ ۋە ئۆلۈكنى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئېچىپ يېيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

قەبرى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆلۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقىدەك ۋە كەڭلىكى ئۆلۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىدەك كەڭلىكتە قىلىپ كولىنىدۇ.

ئۆلۈكنىڭ قويۇلۇشى ئۈچۈن قەبرىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئىچ گۆر (يەنى لەھەت) ئېچىش سۈننەتتۇر. ئەگەر يەر بوش يەر بولۇپ ئىچ گۆر ئېچىش مۇمكىن بولمىسا، ئىچ گۆر چىقارماي قەبرى كولاپلا قويىسىمۇ بولىدۇ. ئىچ گۆر ئېچىش ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىچ گۆر (يەنى لەھەت) ئېچىپ (ئۆلۈكلەرنى ئىچ گۆردە قويۇشىمىز) بىزنىڭ يولىمىز. (ئۆلۈكلەرنى ئىچ گۆر ئاچماي) قەبرىنى كولاپلا قويۇش باشقىلارنىڭ يولى. (يەنى باشقا دىندىكىلەرنىڭ يولى.)»[4]

سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدىكى كېسىلىدە: «خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغىنىدەك ماڭىمۇ ئىچ گۆر ئېچىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئېغىزىنى خام كېسەك بىلەن ئېتىڭلار» دېگەن.[5]

---

(1) قىيرات ئۆلچەم بىرلىكىدۇر.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئەگەر يەر نەم ياكى يۇمشاق بوش يەر بولسا، ئۆلۈكنى ساندۇقنىڭ ئىچىدە قويىسمۇ بولىدۇ. ئەگەر يەر ئۇنداق يەر بولمايدىغان بولسا، ئۆلۈكنى ساندۇقنىڭ ئىچىدە قويۇش مەكرۇھتۇر. ئەگەر يەر نەم ياكى يۇمشاق بوش يەر بولۇپ ئۆلۈكنى ساندۇقنىڭ ئىچىدە قويۇشقا توغرا كەلسە، ساندۇققا بىر قات تۇپا يېيىۋېتىپ ئاندىن ئۆلۈكنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىش لازىم.

كېمە ۋە پاراخۇتتا ئۆلۈپ قالغان ئادەم يۇيۇلىدۇ، كېپەنگە ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇلىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇق يىراق بولۇپ قۇرۇقلۇققا چىقىپ بولغىچە ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىمالى بولسا، ئۇ دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدۇ.[1]

ئۆلۈكنى قويۇدىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈكنى قەبرىدە قويغان ۋاقتىدا: <بىسمىللاھى ۋە بىللاھى ۋە ئەلا مىللەتى رەسۇلىللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم>دېيىشى مۇستەھەپتۇر.

ئۆلۈكنى ئىچ گۆردە قويغان ۋاقتىدا ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇپ يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇش سۈننەتتۇر. ئىچ گۆرنىڭ ئېغىزى خام كېسەك بىلەن ئېتىلىدۇ.[2] ئاندىن تۇپا سىرىپ تاشلىنىدۇ. يەر يۈزىدىن بىر غېرىچ كەلگىدەك ئېگىزلىكتە تۇپىدىن قەبرى ياسىلىدۇ. قەبرىنى گەج ۋە هاككا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن قاتۇرۇش، لاي بىلەن سۇۋاش ۋە ئۇنىڭغا تام قوپۇرۇشقا بولمايدۇ.[3]

بۇ ھەقتە ئەبۇل ھىياج ئەل ئەسەدىي مۇنداق دېدى: « ماڭا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئەۋەتكەن ئىش ئۈچۈن ئەۋەتمەيمۇ » دېدى. ئاندىن: « ھەرقانداق ھەيكەلنى قالدۇرماي يوقاتقىن. ئېگىز قوپۇرۇلغان ھەر قانداق قەبرىنى تۈزلىۋەتكىن » دېگەن.[4]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىگە گەج ئىشلىتىشتىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭغا تام قوپۇرۇشتىن چەكلىدى. »[5]

(1) « رد المحتار »، 1 ـ توم، 599 ـ بەت.

(2) يەنى خام قىش ۋە چالمىغا ئوخشاش ئوتتا پۇشۇرۇلمىغان نەرسىلەر بىلەن ئېتىلىدۇ. ت.

(3) <الدر المختار>، 1 ـ توم، 601 ـ بەت.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قەبرىنىڭ بېشىدا قەبرىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى تونۇش ئۈچۈن تاش قويۇپ قويۇش خاتا ئەمەستۇر.

بۇ ھەقتە مۇتەللىپ ئىبنى ۋەدائە مۇنداق دېدى: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ئۆلۈپ قالغان چاغدا، ئۇ مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىن مەدىنىدە ئەڭ دەسلەپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى بولدى. ئۇنىڭ جىنازىسى چىقىرىلىپ يەرلىكىدە قويۇلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى بىر تاشنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ ئادەم ئۇ تاشنى كۆتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوپۇپ بېرىپ يەڭلىرىنى تۈردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەڭلىرىنى تۈرۈۋاتقان ۋاقتىدا ئۆزەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلەكلىرىنىڭ ئاپئاق يەرلىرىگە قارىغانلىقىمنى گۇمان قىلىمەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىدا قويۇپ: «مەن بۇ تاش ئارقىلىق قېرىندىشىمنىڭ قەبرىسىنى تونۇيمەن. مېنىڭ جەمەتىمدىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى بۇ قەبرىدە قويىمەن[1]»[2] دېدى.

ئۆلۈكنىڭ باش تەرىپىدىن قول بىلەن ئۈچ سىقىم تۇپا سىرىۋېتىش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جىنازىغا ناماز ئوقۇدى. ئاندىن قەبرى بېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشى تەرىپىدىن قولى بىلەن سىرىپ ئۈچ قېتىم تۇپا چۇشۇرگەن»[3]

ئۆلۈكنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىدە تۇرۇپ: «قېرىندىشىڭلارنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى ۋە ئۇنىڭ (پەرىشتىلەرنىڭ سورىغان سوئالىغا) ئېنىق كەتمەي جاۋاب بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ھازىر سوئال سورىلىدۇ»[4] دېگەن.

(1) رىۋايەت قىلىنىشچە: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئېمىلداشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قېرىندىشىم ۋە ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرىنى مېنىڭ جەمەتىم، دەپ ئاتىغان. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

ئەمرى ئىبنى ئەلئاس ئۆلۈشتىن ئىلگىرى مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان ئىدى: «ئەگەر مەن ئۆلسەم، ھەرگىز يىغا - زارە قىلىشماڭلار، قەبرەمگە ئوتنى يېقىن يولاتماڭلار. مېنى يەرلىكىمدە قويغان ۋاقتىڭلاردا قەبرەمگە تۇپىنى سېلىق چۇشۇرۇڭلار. ھەتتا مەن يالغۇزچىلىق ھېس قىلىپ قالماسلىقىم ۋە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىرى (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن نېمە دېيىشىدىغانلىقىمنى بىلىۋالغۇچىلىك، قەبرىمنىڭ ئەتراپىدا بىر تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىنى تارقىتىپ بولغىدەك ۋاقىت كەتمەي تۇرۇڭلار.»[1]

## تەزىيە بىلدۈرۈش[2] ھەققىدە

ئەرلەرنىڭ ۋە بىرەر يامانلىققا يول ئېچىش ئېھتىمالى بولمىغان ئاياللارنىڭ مۇسىبەت كەلگەن ئائىلىگە كېلىپ تەزىيە بىرىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى مۇسىبەت يەتكەن بىر قېرىندىشىغا تەزىيە بىلدۈرسە، الله تائالا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ھۆرمەت كىيىمىنى كىيدۈرىدۇ.»[3] پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «كىمكى مۇسىبەت يەتكەن بىر قېرىندىشىغا تەزىيە بىلدۈرسە، تەزىيە بىلدۈرگەن كىشىگىمۇ شۇ مۇسىبەت يەتكەن ئادەمگە ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ.»[4]

تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە: الله تائالا ساڭا كاتتا ساۋاب بەرسۇن. سەبرى ئاتا قىلسۇن ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئادىمىڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسۇن! دېيىش لازىم.[5]

مۇسىبەت كەلگەن ئادەملەرنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنىڭ مۇسىبەت كەلگەن ئائىلىدىكىلەر ئۈچۈن تاماق تەييارلىشى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندا ساھابىلىرىنى ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن تاماق تەييارلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر جەئپەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تاماق قىلىپ بىرىڭلار. چۈنكى،

(1) بۇ ھەدىس تولۇق ھالەتتە ئىمام مۇسلىمنىڭ كىتابىدا بايان رىۋايەت قىلىنىدى.

(2) تەزىيە بىلدۈرۈش دېمەك مۇسىبەت كەلگەنلەرنى سەۋرى قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئۆلارغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللەتمەك دېمەكتۇر. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى تىرمىزي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(5) «رد المحتار»، 1 - توم، 603 - بەت.

ئۈلارنىڭ بېشىغا ئۈلارنى مەشغۇل قىلىدىغان ئىش كەلدى.»[1]

مۇسىبەت كەلگەن كىشىلەرنىڭ تەزىيە ئۈچۈن كىلىدىغانلارنى كۈتۈپ ئۈچ كۈنگىچە ئولتۇرۇشى توغرا بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە تەزىيە ئۈچۈن كىلىدىغانلارنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، تەزىيە دېگەن غەمنى يېڭىلايدۇ. ئەگەر تەزىيەگە كىلىدىغان ئادەم يىراقتىن كىلىدىغان ياكى مۇسىبەت كەلگەنلىكىنى كېچىكىپ بىلگەن ئادەم بولسا، (ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ ئادەمنىڭ تەزىيەگە كىلىشىنى قوبۇل قىلىش مەكرۇھ ئەمەستۇر.) شۇنىڭدەك يەنە تەزىيە ئۈچۈن كىلىدىغانلارنى كۈتۈپ قەبرى بېشىدا ئولتۇرۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، قەبرى بېشىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولسا، (تەزىيە بىلدۈرۈش ئەمەس ئەكسىچە) ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتۇر.

تەزىيە ئۈچۈن كىلىدىغانلارنى كۈتۈپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشمۇ مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش ئىسلام كىلىشتىن ئىلگىركى ئەرەبلەرنىڭ ئادەتلىرىدىن قالغان ئىشتۇر. ئىسلام دىنى ئىسلام كىلىشتىن ئىلگىركى ئەرەبلەرنىڭ يامان ئادەتلىرىدىن چەكلىگەن. بەزى يەرلەردە بولۋاتقان تەزىيە ئۈچۈن كىلىدىغانلارنى كۈتۈپ يوللاردا ئولتۇرۇش بولسا، ئەڭ يامان ئىشتۇر.[2]

يەنە بەزى يەرلەردە ئەڭ كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ كەتكەن بىدئەتنىڭ بىرى بولسا، مۇسىبەت كەلگەن ئائىلىنىڭ تەزىيە ئۈچۈن كەلگەنلەرگە تاماق تەييارلىشىدۇر. بۇ سۈننەتكە زىت بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقتە جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېدى: «بىز مۇسىبەت كەلگەن ئائىلىگە بېرىپ توپلىنىپ ئولتۇرۇشىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ بىزگە تاماق تەييارلىشىنى چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن دەپ قارايتتۇق.[3] بولۇپمۇ تېخى تاماققا چىقىرىلغان پول ئۆلگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بولغان، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلىرى باشقا يەردە ياشايدىغان بالىلىرى بولسا، بۇ ھالەتتە تاماق تەييارلاشنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.[4]

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) «رد المحتار»، 1 ـ توم، 604 ـ بەت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ يەردە بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ۋەتىمىزنىڭ بەزى يەرلىرىدە ياكى ھەممە يېرىدە مۇسىبەت چىققان ئۆيدىن تاماق يېيىشكە بولمايدۇ، دېيىلىسە، گۆرۈچ، ياغ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى ئۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ تاماقنى باشقا ئۆيدە تەييارلاپ يەيدۇ. بۇنداق قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. مۇسىبەت چىققان ئۆيدىن تاماق يېيىشكە بولمايدۇ، دېمەك مەيلى ئۇ ئۆيدە بولسۇن ياكى باشقا ئۆيدە بولسۇن ئۇ ئۆيگە تەۋە بولغان تاماقنى يېيىشكە بولمايدۇ، دېمەكتۇر. ئەسلىدە چەكلەنگە ئىش ئۇ ئۆيدە تاماق يېيىش ئەمەس ئۇ ئۆينىڭ تامىقىنى يېيىشتۇر. ئەكسىچە قۇلۇم ـ قوشنىلار ۋە ئورۇغ

ئىسلام دىنى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ئۈن سېلىپ يىغلاشنى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇرۇشنى قاتتىق ھارام قىلىپ چەكلىدى. بۇ ھەقتە ئەبۇمالىك ئەلئەشئەري پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئۈممىتىمدە، ئۈممىتىم تاشلىماي كەلگەن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىن قالغان تۆت دانە ئىش بار. ئۇلار بولسا: نەسەبى بىلەن پەخىرلىنىش، كىشىنىڭ نەسەبىگە تىل تەككۈزۈش، يۇلتۇزلاردىن سۇ تەلەپ قىلىش ۋە ئۆلگەن كىشىگە ئۈن سېلىپ يىغلاشتۇر ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېدى: « ئۆلگەن كىشىگە ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئايال ئەگەر ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى كۆكسى مېيىدىن[1] ئىشتان ۋە قىچىشقاقتىن كۆينەك كىيگۈزۈلگەن ھالەتتە (قەبرىسىدىن) تۇرغۇزۇلىدۇ. »[2]

ئۇممۇ ئەتىيە مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن (يەنى ئاياللاردىن) ئالغان بەيئەت بىلەن بىللە ئۆلگەنلەرگە ئۈن سېلىپ يىغلىماسلىقىمىزغا ۋەدە ئالغان ئىدى. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بۇ ۋەدىگە پەقەت بەش ئايال ۋاپا قىلدى. ئۇلار ئۇممۇ سۇلەي، ئۇممۇل ئەلا، ئەبۇسۇبرەنىڭ قىزى مۇئازنىڭ ئايالى ۋە باشقا ئىككى ئايال. ياكى ئەبۇسۇبرەنىڭ قىزى، مۇئازنىڭ ئايالى ۋە باشقا بىر ئايال قاتارلىقلاردۇر. »[3]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « يۈزلىرىگە كاچاتلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، جاھىلىيەتنىڭ قوشاقلىرىنى توقۇپ يىغلىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس. »[4]

ئەبۇبۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « ئەبۇمۇسا ئاغرىپ قېلىپ ھۇشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ بېشى ئايالىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. (شۇنىڭ بىلەن ئايالى ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.) ئەبۇمۇسا ئۇنىڭغا ھېچ قانداق رەددىيە بېرەلمىدى. ئۇ ھۇشىغا كەلگەندە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادا ـ جۇدا بولغان كىشىدىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدادۇرمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇسىبەت يەتكەندە) ئۈن سېلىپ يىغلىغۇچى، چېچىنى چۇشۇرۇۋەتكۈچى ۋە كىيىمنى يىرتقۇچى ئايالدىن

ـ تۇغقاللار تاماق تەييارلاپ ئەكىرىپ ئۇ ئۆيدىكىلەرگە ۋە ئۇ ئۆيگە كەلگەنلەرگە بەرسە بولىدۇ. ت.

(1) بۇ رەڭگى قارا ناھايىتى سېسىق مايدۇر.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئادا ـ جۇدا بولغاندۇر، دېگەن.»[1]

نورمال يىغلاشقا ۋە قايغۇرۇشقا يول قويۇلدى. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تۇمۇرچى ئەبۇسەيفنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. (ئۇنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى ئىبراھىمنىڭ ئېنىك ئانىسى ئىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىدى.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىمنى قولىغا ئېلىپ سۆيگىلى باشلىدى ۋە ئۇنىڭ ھىدىنى پۇراپ كەتتى. بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر قېتىم كىردۇق. بۇ چاغدا بولسا ئىبراھىم سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش قويۇلۇشقا باشلىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ يىغلامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئابدۇراھمان! بۇ رەھمەت يىغىسىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇ سۆزىگە ئۇلاپ: «كۆز ياش تۆكىدۇ، دىل قايغۇرىدۇ، بىز پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزنى قىلىمىز، ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلغىنىمىزغا ئەلۋەتتە قايغۇرىمىز»[2] دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن ئى الله پەيغەمبىرى! سەنمۇ يىغلامسەن، سەن بىزلەرنى يىغلاشتىن توسقان ئەمەسمىدىڭ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جاۋابقا ئۇلاپ مۇنداق دېدى: «مەن پەقەت ھەماقەت ۋە يامان ئىككى خىل ئاۋازدىن چەكلەندىم. بىرى: نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن تاماشا ۋە شەيتاننىڭ سۇنايلىرىنىڭ ئاۋازىدۇر. يەنە بىرى: مۇسىبەت كەلگەندە يۈزلىرىنى تاتىلىغان، ياقىلارنى يىرتقان ۋە ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئاۋازدۇر.»[3]

# شىھىتنىڭ ھۆكۈملىرى

شېھىت بولسا ئورۇنسىز ئۆلتۈرۈلگەن بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان كىشىدۇر. مەسىلەن: الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ جەڭ مەيدانىدا يارىلىنىپ

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى سەئىد ۋە تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

يارلانغاندىن كېيىن بىر نەرسە يېمەستىن، ئىچمەستىن، داۋالانماستىن ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىدىن يۆتكەلمەستىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ئوخشاش.

شېھىتنىڭ جەسىدى يۇيۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈشى ئۇنى پاكىزلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىدا[1] شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرنى ئۇلارنى يۇماستىنلا ئۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن يەرلىكلىرىدە قويۇشقا بۇيرىغان. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەر ھەققىدە جابىر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەردىن ھەر ئىككى كىشىنى بىر قەبرىگە قويغان ئىدى. (قويۇشتىن بۇرۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپ ياد ئالغان؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىگە ئىشارەت قىلىنغان چاغدا، شۇنى قەبرىگە ئىلگىرى قويدى ۋە: «قىيامەت كۈنى بۇلارغا مەن گۇۋاھچى بولىمەن» دېدى. ئۇلارنى يۇماستىن قانلىرى بىلەن يەرلىكتە قويۇشقا بۇيرىدى ۋە ئۇلارغا ناماز ئوقۇمىدى.[2]

شېھىتلەرگە جىنازە نامىزى ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، ئۆلگەن كىشىگە ناماز ئوقۇش بولسا ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈندۇر. شېھىتلەر ھۆرمەتلەشكە ئەڭ لايىق ئادەملەردۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرگە ئۇلارنى يەرلىكدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. شېھىتلەرنى يەرلىكدە قويۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇلارغا ناماز ئوقۇلغان يەردە ئۇلارنى يەرلىكدە قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ناماز ئوقۇش ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرگە ناماز ئوقۇلغانلىقى ھەققىدە ئۇقبە ئىبنى ئامىر مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى چىقىپ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرگە خۇددى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇدى . . .[3]

(1) ئۇھۇد ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى يىلى مەدىنىگە يېقىن بىر يەردە مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا بولغان بىر ئۇرۇشتۇر. بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە ھەمزە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بار ئىدى. ت.

(2) بۇھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

شېھىت يەرلىككە شېھىت قىلىنغاندا ئۇستىدە بار كىيىم بىلەن قويۇلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدىن ساۋۇت، ئۆتۈك ۋە قورال - ياراقلار ئوخشاش كەپەنلىك قىلىشقا بولمايدىغان نەرسىلەر سالدۇرۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىم ئۆلگەن ئادەمگە ئىشلىتىش سۈننەت قىلىنغان كەپەنلىكنىڭ سانىغا يەتمىسە، ئۇنىڭغا كەپەنلىك قوشۇلۇپ شۇ سان تولۇقلىنىدۇ.[1] شېھىتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرى بىلەن يەرلىكىدە قويۇشنىڭ دەلىل - پاكتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەر ھەققىدە: «ئۇلارنى ئۇلارنىڭ جاراھەتلىرى ۋە قانلىرى بىلەن ئوراپ قويۇڭلار»[2] دېگەن سۆزىدۇر.

## قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش رۇخسەت قىلىنغان بىر ئىشتۇر. قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنى رۇخسەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنى قەبرىنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەن ئىدىم. ئەمدى رۇخسەت قىلدىم. ئۇنى زىيارەت قىلىڭلار. چۈنكى، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەسلىككە ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ.»[3]

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن مۇستەھەپتۇر. لېكىن، ئەگەر ئاياللارنىڭ قەبرىلەرگە چىقىشى قايغۇ - ھەسرەت ۋە يىغىنى قايتا يېڭىلايدىغان ئىش بولسا ياكى بىرەر پىتنە - پاسادقا يول ئاچىدىغان ئىش بولسا، ئۇلارنىڭ زىيارەتكە چىقىشى چەكلىنىدۇ. چۈنكى، پىتنە - پاسادنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرەر پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ياخشىدۇر.

قەبرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقتى يوقتۇر. قەبرىنى زىيارەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ: <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دارا قەۋمىم مۇئمىنىين، ۋە ئىننا ئىن شائاللاھۇ بىكۇم لاھىقۇن>[4] دېيىش ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەپ دۇئا قىلىش قەبرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر

(1) يەنى كەپەننىڭ ئۈچ پارچە رەختتىن بولۇشى سۈننەتتۇر. ئەگەر شېھىتنىڭ ئۇستىدىكى كىيىمنىڭ سانى سۈننەت قىلىنغان كەپەنلىكنىڭ سانىغا يەتمىسە، ئۇنىڭغا رەختتىن كەپەنلىك تەييارلىنىدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ دۇئانىڭ مەنىسى: ئەسسسالام ئەلەيكۇم، ئى مۆمىنلەر دىيارى! بىزمۇ چۇقۇم الله خالىسا سىلەرگە قوشۇلىمىز.

ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نۆۋەت كېچىسى بولغان ھەر كېچىدىكى كېچىنىڭ ئاخىرىدا بەقىئ قەبرىستانلىقىغا چىقىپ: «ئى مۆمىنلەر دىيارى! سالام سىلەرگە قىيامەت كۈنى كېلىش ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر سىلەرگە كېلىدۇ. الله خالىسا بىزمۇ كېلىپ سىلەرگە قوشۇلىمىز. ئى الله! بەقىئ ئەھلىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن»[1] دەيتتى.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قاچانكى كىشىلەر قەبرىستانلىققا چىقماقچى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېيىشنى ئۈگىتەتتى: «سالام سىلەرگە، ئى مۆمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارى! الله خالىسا بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلغۇچىدۇرمىز. الله دىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن.»[2]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# زاكاتنڭ هۆكۉملرى

# زاكاتنىڭ ھۆكۈملىرى

## <زاكات> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<زاكات> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن كۆپىيىش ۋە پاكلىنىش، دېگەن مەنالاردا كېلىدۇ. ئىستىلاھ جەھەتتىنمۇ بۇ ئىككى خىل مەنانى بېرىدۇ. چۈنكى زاكات، ماللىرىدىن زاكات ئايرىغان ئادەمنى خۇددى بېخىللىق كېسىلىدىن پاكلىنىغىنىدەك گۇناھلاردىنمۇ پاكلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماللاردىن زاكات ئايرىش پەيغەمبەرلەرگە پەرز قىلىنمىغاندۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر بېخىللىق كېسىلىدىن خالىيدۇر. زاكات يەنە ماللارنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە ئاۋۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى زاكات ئارقىلىق پېقىر ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا پۇل كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىجارەت جانلىنىپ ئىقتىساتدا راۋاجلىنىش بولىدۇ. اللہ تائالا يولىدا بېرىلگەن زاكاتنىڭ ئورنىنى ئۆزىنىڭ تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(اللەنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى الله تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر»»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سەدىقە مالنى كېمەيتمەيدۇ . . . »[2]

زاكات ھەقىقەتتە كۆپىيىپ تۇرغان ياكى كۆپىيىشنى قوبۇل قىلىدىغان ماللاردا پەرز بولىدۇ. بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدىكى بابلاردا تەپسىلىي توختۇلىمىز.

<زاكات> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن: بىر ئادەم اللہ تائالانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردىكى بىر مالنى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ مۇسۇلمان بىر پېقىر ئادەمگە بېرىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

مالنى بىرەرسىگە ئىشلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىپ بېرىش بىلەن زاكات ئادا بولمايدۇ. چۈنكى رۇخسەت بىلەن قۇرئاننىڭ ئىچىدە نەچچە يەردە

(1) سۈرە سەبە 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

تەكرارلانغان اللە تائالانىڭ: «زاكاتنى بېرىڭلار» دېگەن ئايىتىدە تەكىتلەنگەن <بېرىش> ئىشى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر يېتىم بالىنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا زاكاتنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ تاماق قويغان بولسا، ئۇ تاماق زاكاتقا ھېساپ بولمايدۇ. چۈنكى تاماقنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويۇش بىلەن <بېرىش> ئىشى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم زاكات نىيىتى بىلەن تاماقنى ئۇ يېتىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ تاماق زاكاتقا ھېساپ بولىدۇ. چۈنكى زاكات نىيىتى بىلەن تاماقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بېرىش بىلەن <بېرىش> ئىشى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ۋە ئۇ يېتىم ئەگەر تاماقنى يېسە، ئۆزىگە تەۋە تاماقنى يېگەن ھېساپلىنىدۇ.

## زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

زاكات ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسى پرىنسىپلىرىنىڭ ئۈچۈنچىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسى پرىنسىپىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىسلام بەش پەرز ئۈستىگە قورۇلغان. بىرىنچىسى: اللە دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ئىككىنچىسى: ناماز ئوقۇشتۇر. ئۈچىنچىسى: زاكات بېرىشتۇر. تۆتىنچىسى: ھەج قىلىشتۇر. بەشىنچىسى: روزا تۇتۇشتۇر»[1]

زاكاتنىڭ پەرزلىكى قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى (يەنى ئىجماسى) بىلەن سابىت بولغاندۇر.

اللە تائالا قۇرئانىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرىدە ناماز بىلەن زاكاتنى بىر يەردە بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماللاردىن زاكات ئايرىشقا ساھابىلەردىن بەيئەت ئالغان. بۇ ھەقتە جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەمىمىي بولۇشقا بەيئەت بەردىم.»[2]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكات بەرمىگەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا پەيغەمبەر

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر جاننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىۋېلىشنىڭ هاراملىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بويىنىدىكى ھەقنى ئادا قىلىشقا قاراشلىقتۇر. مال - مۈلكنىڭ ئۈستۈدىكى ھەق بولسا، ئۇنىڭ زاكىتىدۇر»[1] دېگەن ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئەبۇبەكرى خەلىپە بولغاندا، ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر كاپىرلىققا يېنىۋالغان، (بەزىلىرى زاكات بېرىشتىن باش تارتقان. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولىدۇ.) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار بىر الله دىن باشقا ھېچئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، كىمكى شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۆزىنىڭ مېلى ۋە جېنىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ، پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ[2]، ئۇنىڭ ھېسابى (يەنى ئىچكى سىرى) الله غىدۇر» دېگەن تۇرسا، ئۇلارغا قارشى قانداق جىھاد قىلىسەن؟ دېدى. ئەبۇبەكرى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (نامازنى ئوقۇپ ئەمما زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتىپ) ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قارىغان كىشى بىلەن چوقۇم ئۇرۇش قىلىمەن، چۈنكى زاكات دېگەن مالنىڭ ھەققىدۇر، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار (زاكات ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ كېلىۋاتقان ئارغامچا چاغلىق نەرسىنىمۇ مېنىڭ زامانىمغا كەلگەندە بەرمىسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله ئەبۇبەكرىنىڭ دىلىنى ئېچىۋېتىپتۇ ۋە مەن ئۇنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدىم، دېدى.»[3]

زاكات بولسا، قەتئىي شەكىلدە پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر ھېساپلىنىدۇ. زاكات ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزاننىڭ روزىسى پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى پەرز قىلىندى. زاكات ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە نامازدىن قالسا ئەڭ كاتتا ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا

(1) بۇ ھەدىس پەتھۇل بارى دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلىنىدى.

(2) يەنى قان تۆكۈشكە ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.ت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

زاكاتنى بەرمىگەن ئادەمنىڭ گۇناھمۇ ئېغىر بولىدۇ. ھەتتا ئىمام بۇخارى ھەدىس كىتابىنىڭ زاكات بۆلۈمىدە: زاكاتنى بەرمىگەنلەرنىڭ گۇناھى ۋە اللە تائالانىڭ: «ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللە نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن _ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى اللە نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ»[1] دېگەن ئايىتى، ھەققىدە دەپ مەخسۇس بىر باب كەلتۈردى. ئاندىن شۇ بابنىڭ ئۆزىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «(قىيامەت كۈنى) تۆگە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئىگىسىنىڭ قېشىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن تاپانلىرى بىلەن دەسسەپ ئۆتىدۇ. قوي ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئىگىسىنىڭ قېشىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۇياقلىرى بىلەن دەسسەپ، مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ ئۆتىدۇ. تۆگىدىكى ھەقنىڭ بىرى، ئۇنى سۇغارغان كۈنى سېغىپ سۈتىنى (پېقىرلەرگە) بېرىشتۇر. سىلەردىن بىرى قىيامەت كۈنى مەرەۋاتقان قوينى گەردىنىدە كۆتۈرۈپ ئى مۇھەممەد! دەپ، قېشىمغا كەلمىسۇن، ئەگەر شۇنداق دەپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا: مەن سەن ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، چۈنكى مەن (دۇنيادا بۇ ھەقتە) ساڭا يەتكۈزگەن ئىدىم، دەيمەن. سىلەردىن بىرى قاتتىق چىقىرۋاتقان تۆگىنى گەردىنىدە كۆتۈرۈپ ئى مۇھەممەد! دەپ، قېشىمغا كەلمىسۇن، ئەگەر شۇنداق دەپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا: مەن سەن ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، چۈنكى مەن (دۇنيادا بۇ ھەقتە) ساڭا يەتكۈزگەن ئىدىم، دەيمەن.»

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە تائالا بىر كىشىگە مال - مۈلۈك بەرگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، ئۇ مال (زەھىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىدىن) بېشىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن، كۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى دانە قارا چېكىت

[1] سۈرە تەۋبە 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 35 - ئايەت.

بار چوڭ بىر يىلاننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ (يىلان) مال ئىگىسىنىڭ گېلىغا چەمبەر شەكلىدە يۆگىشىپ ئۇنى بوغۇپ، ئىككى ئۆتكۈر چىشى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ مەن سېنىڭ مال ـ مۈلكىڭ، مەن سېنىڭ بايلىقىڭ، دەيدۇ» دەپ، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇغان: «اللە ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر[1] »[2]

# زاكاتنىڭ پەرز بولۇش سەۋەبى

زاكات بېرىش ئەقلى ـ هۇشى جايىدا، هۆر، بالاغەتكە يەتكەن، زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى هۆكمەن بولىسمۇ بىلگەن هەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. مەسىلەن: بىر مۇسۇلمان زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى (ئەمەلىيەتتە بىلمىسىمۇ) ئۇنىڭ ئىسلام دۆلىتىدە ياشىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى هۆكمەن بولىسمۇ بىلگەنلىك هېساپلىنىدۇ.

زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىگە بولغىنىغا تولۇق بىر يىل بولغان، بەندىلەر تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىدىغان قەرزلەردىن خالى بولغان مەلۇم بىر مىقداردىكى[3] مالغا ئىگە بولۇشتۇر.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان قەرزلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ زاكات پەرز قىلىنغان ئۇ مىقداردىكى مالنىڭ ئۇ تۈردىكى قەرزلەردىن خالى بولۇشى شەرتتۇر:

**1**. زاكاتقا ئوخشاش اللە تائالانىڭ يولىدا بېرىلىدىغان قەرز. چۈنكى زاكات اللە تائالانىڭ يولىدا بېرىلىدىغان قەرز بولسىمۇ، لېكىن خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاهۇ

(1) سۈرە ئالى ئىمران 180 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇ مىقدار ئالتۇن هېسابىدا 85 گرام ئالتۇندۇر. كۈمۈش هېسابىدا 595 گرام كۈمۈشتۇر. يەنى ئالتۇن تاكى 85 گرامغا يەتمىگىچە ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. كۈمۈش تاكى 595 گرامغا يەتمىگىچە ئۇنىڭدىن زاكات ئايرىش لازىم ئەمەس. قەغەز پۇللارغا كەلسەك، قەغەز پۇللار ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر ئالتۇن بىلەن ئۆلچىسەك، پۇل تاكى 85 گرام ئالتۇن كەلگۈدەك مىقداردا بولمىسا، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر كۈمۈش بىلەن ئۆلچىسەك، پۇل تاكى 595 گرام كۈمۈش كەلگۈدەك مىقداردا بولمىسا، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. لېكىن پۇلنى ئالتۇن بىلەن ئۆلچەش ياخشىدۇر. چۈنكى كۆپىنچە ئەهۋالدا كۈمۈشنىڭ باهاسى بەك تۆۋەندۇر. ئەگەر پۇل كۈمۈش بىلەن ئۆلچەنسە، قولىدا ئازراق پۇل بار ئادەمگىمۇ زاكات پەرز بولۇپ قالىدۇ. زىرائەت ۋە چارۋىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلچىمى بار. ئۇنى اللە تائالا خالىسا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىمىز. ت.

ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا بولغىنىدەك سۈرۈشتە قىلىنىشى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن بولىدۇ.

2 . ئايالىغا، نىكاھتىن ئايرىلغاندا بېرىشكە پۈتۈشكەن <تويلۇققا> ئوخشاش بەندىگە ئۆتەيدىغان قەرز. بۇ قەرز بولسا، نىكاھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئايالى تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. بۇ خىل قەرز ھەققىدە يەنە بىر خىل قاراش بار بولۇپ ئۇ بولسىمۇ زاكات پەرز قىلىنغان ئۇ مىقداردىكى مالنىڭ بۇ خىلدىكى قەرزدىن خالى بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. يەنى بۇ خىلدىكى قەرز مال ـ مۈلۈكتىن ئۇنىڭ زاكىتىنى ئايرىشقا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئىچىدىن توغرىسى ئىككىنچى قاراشتۇر.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ماللارنى بىر ـ بىرلەپ سۈرۈشتە قىلىپ ئۇنىڭ زاكىتىنى ئايرىش، مال ئىگىللىرىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدىكەن، دەپ قاراپ ماللارنىڭ زاكىتىنى بېرىش ئىشىنى مال ئىگىللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇش قارارىغا كەلگەن. بۇ قارارغا شۇ زامانغىچە ھايات تۇرغان بارلىق ساھابىلەر قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن مال ئىگىللىرى ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىغا ۋەكالەتەن بېرىدىغان تۈزۈم يولغا قويۇلغان.

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «(ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنداق قىلىشى بىلەن) مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ كىشىلەرنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىش ۋە ئۇنى سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى. مەسىلەن: ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى بىر شەھەر كىشىلىرىنىڭ زاكاتىنى بەرمىگەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ ئۇلاردىن زاكاتنى بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇلارنى زاكات بېرىشكە مەجبۇرلاش ھوقۇقى بار».

مەلۇم مىقداردىكى مالدىن زاكات ئايرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇ مالغا ئىگە بولغانلىقىغا قەمەرىيە يىلى بويىچە بىر يىل ئۆتۈشى شەرتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

(1) ئەمما بىر ئادەم قەرزگە پۇل ئېلىپ قېشىدىكى پۇلغا قوشۇپ تىجارەت قىلغان بولسا، ماللىرىدىن زاكات ئايرىدىغان ۋاقتىدا، قەرز ئالغان پۇلغا چۇشلۇق ماللارنى چىقىرۋېتىپ ھېساپلايدۇ ۋە ئۇ ماللارغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى قەرزگە بېرىلگەن پۇلنىڭ زاكىتىنى پۇلنىڭ ئىگىسى بېرىدۇ. زاكات پەقەت ئۆزىنىڭ پۇلىغا ئېلىپ تىجارەت قىلغان ماللارغا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ دۇكىنىدا 20 مىڭ سوملۇق مال بولغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىن بەش مىڭ سوم قەرز بولغان بولسا، ئۇ ئادەمگە 15 مىڭ سومدىن زاكات ئايرىش لازىم بولىدۇ. ت.

«بىر مالدىن تاكى ئۇنىڭغا ئىگە بولغانلىقىغا بىر يىل توشمىغىچە زاكات ئايرىلمايدۇ.»

زاكات ئايرىش پەرز قىلىنغان مال - مۈلۈكنىڭ يەنە زاكات بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئاساسلىق ھاجەتلىرىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان مال بولۇشى شەرتتۇر. ئاساسلىق ھاجەتلەر بولسا، كۈندىلىك تۇرمۇشقا خەجلىنىدىغان پۇل، ئولتۇرىدىغان ئۆي، ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن ساقلايدىغان كىيىملەر، ھۈنەر سايمانلىرى، ئۆينىڭ سايمان - جابدۇقلىرى، ئەگەر مال ئىگىسى ئالىم كىشى بولسا، كېرەك بولىدىغان كىتابلار ۋە بۇلاردىن باشقا ھاجەتلەر ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتكە ئوخشاش ئىنسانىي ھالاك بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان ھاجەتلەردۇر.

## زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار

گۆرۈگە قويۇلغان مالدىن زاكات ئايرىلمايدۇ. مالنى گۆرۈگە ئالغۇچىغىمۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش پەرز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، مالنىڭ ئۆز ئىگىسى ئەمەستۇر. مېلىنى گۆرۈگە قويغۇچىغىمۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش پەرز ئەمەس. چۈنكى مال، ئۇنىڭ قولىدا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مال ئىگىسى مېلىنى گۆرۈگە قويغان يەردىن قايتۇرۇپ ئالسا، ئۇنىڭغا مېلىنىڭ گۆرۈدە تۇرغاندا ئۆتۈپ كەتكەن يىللار ئۈچۈن زاكىتىنى بېرىش پەرز ئەمەستۇر.

قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ قەرزگە چۈشلۇق قىسمىغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر قەرزگە ئايرىۋېتىلگەن پۇلدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ قولىدا زاكاتنىڭ مىقدارىغا يېتىدىغان ئارتۇق پۇل قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى قالغان ئۇ ئارتۇق پۇلدىن زاكات ئايرىشى لازىمدۇر[1].

قەرزگە بېرىلىدىغان مال - مۈلۈك يىل ئارىسىدا خۇددى يوقنىڭ ئورنىدىدۇر. چۈنكى قەرز يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇ مالغا زاكات كېلىشىدىن چەكلەيدۇ. قەرز يەنە يىلنىڭ ئارىسىدىمۇ مالغا زاكات كېلىشىدىن چەكلەيدۇ. ئەگەر

(1) يەنى مەسىلەن: زاكاتنىڭ مىقدارىنى ئىككى مىڭ سوم، دەپ ھېساپلىساق. ئۈستىدە ئۈچ مىڭ سوم قەرز بار، لېكىن قولىدا بەش مىڭ سوم پول بار بىر ئادەم قولىدىكى پۇلدىن قەرز مىقدارىدىن ئارتۇق بولغان پەقەت ئىككى مىڭ سومنىڭ زاكىتىنى ئايرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستۈدىكى قەرزدىن ئېشىپ قالغان پۇل زاكات مىقدارىغا يەتمىسە، ئۇنىڭغا زاكات بېرىش لازىم ئەمەس. ت.

بىر ئادەمنىڭ قولىدا كۈمۈش پۇللار، تىللا پۇللار، تىجارەت ماللىرى[1] ۋە چارۋاماللار[2] بولغان، شۇنداقلا ئۇستىدە يەنە قەرزلەرمۇ بار بولغان بولسا، ئۇنىڭ قەرزلىرى دەسلەپتە ئۇنىڭ كۈمۈش پۇللىرىدىن، ئۇنىڭدىن قالسا تىللا پۇللىرىدىن، ئۇنىڭدىن قالسا تىجارەت ماللىرىدىن ۋە ئۇنىڭدىن قالسا چارۋا ماللىرىدىن ھېساپلىنىدۇ[3].[4]

بىر نەچچە يىل يوقۇلۇپ كېتىپ كېيىن تېپىلغان ياكى دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن چىقىرىپ ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكتىن زاكات ئايرىش لازىم ئەمەس. مەجبۇريي ئېلىۋېلىنغان مال ـ مۈلكنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا مېلىنى ئۇ ئادەمنىڭ مەجبۇريي ئېلىۋالغانلىقى ھەققىدە پاكىت ـ ئىسپات بولمىسا، ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىگە ئۇ مال ئۈچۈن زاكات بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر مال ئىگىسىنىڭ قولىدا پاكىت ـ ئىسپات بولسا، مېلىنى مەجبۇريي ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مېلىدىن زاكات بەرمەي ئۆتۈپ كەتكەن ئىلگىركى يىللار ئۈچۈن زاكات ئايرىدۇ. ئەگەر مەجبۇريي ئېلىۋېلىنغان مال نەسىللەندۈرۈش نىيىتى بىلەن ئېلىنغان چارۋىلار بولسا، ئىگىسى بۇ چارۋىلارنى مەجبۇريي ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلاردىن زاكات بەرمەي ئۆتۈپ كەتكەن ئىلگىركى يىللار ئۈچۈن زاكات ئايرىمايدۇ. چۈنكى ئۇ چارۋىلار، ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇپ يايلاقتا ئوتلىمىغاندۇر[5].

ئەگەر ئۇ چارۋىلارنى مەجبۇريي ئېلىۋالغان ئادەم: بۇ چارۋىلار يايلاقتا ئوتلىدى، دېسىمۇ ئۇنىڭدىن زاكات ئايرىش لازىم ئەمەستۇر.[6]

(1) تىجارەت ماللىرىدىن، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇغداي، قوناق، قوي، كالا ۋە رەخكە ئوخشاش ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن باشقا نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى تۈرى قانداق مال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئېلىپ سېتىش نىيىتى بىلەن ئېلىنغان مال تىجارەت مېلى ھېساپلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۆزى ئىشلىتىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېيىن ئۇنىڭدىن پايدا چىققان ۋاقىتىدا ئۇنى ساتقان بولسا، ئۇ تىجارەت مېلى ھېساپلانمايدۇ. ئەمما ئەسلىدە بىر نەرسىنى تىجارەت قىلىش نىيىتى بىلەن ئېلىپ ئۇنى تاكى ئۇنىڭدىن پايدا چىقىدىغان ۋاقىت كەلگۈچە ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ يەنە تىجارەت مېلى ھېساپلىنىدۇ. تىجارەت ماللىرىدىن زاكات بېرىش لازىمدۇر. ت.

(2) چارۋا ماللاردىن نەسىللەندۈرۈش نىيىتى بىلەن ئېلىپ بىر يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا يايلاقتا ئوتلاتتۇرۇلغان چارۋىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(3) يەنى قولىدا شۇ خىلدىكى مال ـ مۈلۈك ۋە ئۈستىدە قەرز بار ئادەم ماللىرىدىن زاكات ئايرىغان ۋاقىتىدا قەرزىنى دەسلەپتە كۈمۈش پۇلدىن ھېساپلايدۇ. يەنى قولىدىكى كۈمۈشتىن پۇلنىڭ قەرزىگە چۈشلۇق قىسمىدىن زاكات ئايرىمايدۇ. كۈمۈش پۇل چىقىشمىسا، تىللا پۇلدىن ھېساپلايدۇ. ئۇ چىقىشمىسا تىجارەت ماللىرىدىن ھېساپلايدۇ. . . ت.

(4) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 8 ـ بەت.

(5) چارۋىلاردىن زاكات ئايرىشنىڭ لازىم بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا يايلاقتا ئوتلۇشى شەرتتۇر. ت.

(6) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 9 ـ بەت.

بىر يەرگە كۆمۈپ قويۇپ ئورنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ بىر مۇددەتتىن كېيىن ئورنى ئېسىگە كېلىپ ئېچىلغان بايلىقتىن، كۆمۈپ قويۇلغان يىللىرى ئۈچۈن زاكات ئايرىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ بايلىقنى كۆمۈپ قويغان يەر، ئۇ بايلىقنى ساقلايدىغان يەر ھېساپلانمايدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ قورۇسىغا ياكى باشقا بىرسىنىڭ قورۇسىغا كۆمۈپ قويۇلغان بايلىق ئۈچۈن زاكات بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى ئۇ بايلىقنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ بايلىققا ئېرىششى ئاساندۇر.

ئەگەر بىر ئادەم قەرز ئېلىپ ئۇنىڭغا تېنىۋالغان، قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا دەسلەپ پاكىت ـ ئىسپات بولمىغان ۋە كېيىن ئۇنىڭ قولىغا پاكىت چۈشكەن بولسىمۇ، قەرز ئىگىسى ئۇ مالنىڭ قەرزدارنىڭ قولىدا تۇرغان يىللار ئۈچۈن زاكات ئايرىمايدۇ[1]. شۇنىڭدەك يەنە ناھەق مۇسادىرە قىلىنىپ كېيىن ئىگىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن مال ئۈچۈن، ئىگىسىنىڭ ئۇ مال مۇسادىرە قىلىنغان يىللار ئۈچۈن زاكات بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى بۇ مالدا كۆپىيىش بولمىغاندۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «قولغا قايتىپ كېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن مالدا زاكات يوق» دېگەن سۆزىدۇر.[2]

زاكات بولسا، مال ئارقىلىق قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. زاكات ئىبادەت ھېساپلانغانلىقى ئۈچۈن ھارام مال بىلەن ئادا قىلىنمايدۇ ۋە ھارام مالدىن زاكات ئايرىش پەرز ئەمەس. الله تائالا زاكاتنى ماللارنىڭ ياخشىسىدىن يەنى ھالالىدىن بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر»[3]

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھالال كەسپىدىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا[4]، الله ھەقىقەتەن ئۇنى ئوڭ

(1) قەرز ئالغان ئادەمدىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئۈمىد بار مالدىن، ئۇ مالنىڭ ئىگىسىنىڭ زاكات ئايرىشى لازىمدۇر. ت.

(2) ئوسمان ۋە ئىبنى ئۆمەردىن (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) شۇنىڭغا ئوخشاش سۆز رىۋايەت قىلىندى.

(3) سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت.

(4) زاكات بېرىشمۇ ئۇ سەدىقەنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ت.

قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. الله پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ سەدىقىنى ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن كۆپەيتىپ خۇددى سىلەردىن بىرىڭلار تېيىنى بېقىپ چوڭ ئات قىلىۋالغىنىدەك چوڭايتىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇ سەدىقە تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ.»[1]

ئەگەر بىر ئادەم ھاراملىقى چوقۇم بولغان بىر ھارام مالنى زاكاتقا ھېساپلاپ سەدىقە بەرسە، ئۇ ئادەم كاپىر ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر پېقىر ئۆزىگە بېرىلگەن ئۇ مالنىڭ ھارام مال ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇ مالنى بەرگۈچىگە دۇئا قىلغان ۋە بەرگۈچى ئامىن! (يەنى الله تائالا دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلسۇن!) دېگەن بولسا، ئالغۇچى پېقىر ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككىسى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر الله تائالا دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلسۇن! دېگەن سۆزنى بەرگۈچىدىن باشقا بىر ئادەم دېگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. كۆپىلگەن ئادەملەر بۇ ھۆكۈمنى بىلمىگەچكە ئۇ خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە مەسئۇلىيىتى بار خاتا بىر ئىشنى قىلىپ ئۇنىڭدىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش كۆپۈرلىقدۇر.[2]

زاكات، پەقەت ھاجەت چۈشكەن ۋاقىتدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدىغان ۋە كۆپىيىپ ئاۋۇيدىغان ئالتۇنغا، كۈمۈشكە ۋە قەغەز پۇللارغا ئوخشاش كۆپىيىپ ئاۋۇشنى قوبۇل قىلىدىغان ماللاردىن بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باھاسى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە مارجانلاردىن زاكات ئايرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە مارجانلار تىجارەت ئۈچۈن ساقلانغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇلاردىن زاكات ئايرىش لازىم. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبۇشەيبە، ئىكرەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر مەرۋايىت ۋە زۇمرەت تاشلىرى تىجارەت ئۈچۈن ساقلانمىغان بولسا، ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار تىجارەت ئۈچۈن ساقلانغان بولسا، ئۇلارغا زاكات كېلىدۇ.»

بەيھەقىي ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەرۋايىتقا زاكات كەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى قۇدامە <ئەل مۇغنى> دېگەن كىتابىدا: «مەرۋايىتقا، مارجانغا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 26 ـ بەت.

ۋە ئەنبەرگە ئوخشاش دېڭىزدىن چىقىرىلغان نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ» دېدى.

ئىبنى ئابباستىن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇنىڭغا ئوخشاش سۆز رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز، ئاتا، ئىمام مالىك، سەۋرىي، ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ۋە ئۇلاردىن باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى[1].[2]

تىجارەت ئۈچۈن ئالغانماللاردا، ئۇ ماللارنى ئالغان ۋاقتىدا ئۇ ماللار بىلەن تىجارەت قىلىشنى نىيەت قىلىش لازىم. ئەمما ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يىل بويى يايلاقتا ئوتلايدىغان چارۋىلار بولسا، كۆپىيىپ ئاۋۇپ تۇرغۇچى مال ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ماللار قانداق نىيەت بىلەن ساقلانغان بولسا بولسۇن، ئۇلاردىن زاكات ئايرىش لازىمدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشنى نىيەت قىلغان ياكى ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن سېتىپ ئالغان بىر نەرسىنى، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدا چىقىپ قالسا ساتىدىغان نىيتى بىلەن ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىگە زاكات كەلمەيدۇ.[3]

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم ئۆز زېمىنىدىن چىققان نەرسىلەر بىلەن تىجارەت قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تاكى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى، تىجارەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇرۇنقى ماللىرىنىڭ پۇلىغا قوشقانغا قەدەر ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا زاكات كەلمەيدۇ.[4]

ئەگەر يىل توشقاندىن كېيىن مال ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولسا، مەيلى

(1) بۇ مەسىلىدە باشقا خىل كۆز قاراشلارمۇ بار. ھەنەفىي مەزھەپىدىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف دېڭىزدىن چىقىرىلغان ئۇ نەرسىلەردىن پېقىرلارغا بېرىش ئۈچۈن بەشتىن بىرى ئېلىنىدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر. ئالىملارنىڭ ئىچىدە يەنە دېڭىزدىن چىقىرىلغان ئۇ نەرسىلەردىن مەلۇم بىر قىسمى ئېلىنىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر بەلگىلىمە يوقتۇر. ئۇ نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان مىقدار، ئۇ نەرسىلەرنى دېڭىزدىن چىقىرىپ ئېلىشقا كەتكەن ئەمگەككە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر دېڭىزدىن ئاسان چىقىرىلغان بولسا، تۆتتىن بىرى ئېلىنىدۇ. ئەگەر تەسلىك بىلەن چىقىرىلغان بولسا، بەشتىن بىرى ئېلىنىدۇ، دەيدۇ. ئەمما دېڭىزلاردىن تۇتۇلغان بېلىقلار، قىممىتى 85 گىرام ئالتۇنغا باراۋەر كەلگۈدەك مىقداردا بولسا، ئۇنىڭغىمۇ زاكات كېلىدۇ. قەرداۋىينىڭ <فىقھۇززاكات> دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. ت.

(2) «إعلاء السنن»، 9 ـ توم، 62 ـ بەت.

(3) مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ماشىنىنى ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالغان ۋە ئالغان ۋاقتىدا، ئەگەر بۇنىڭدىن پايدا چىقىپ قالسا ساتىمەن، دەپ نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ماشىنىنى ساتقان پۇلدىن زاكات ئايرىشى لازىم ئەمەستۇر. ت.

(4) مەسىلەن: بۇغداي تىجارىتى قىلىدىغان بىر ئادەم ئۆز زېمىنىدىن چىققان بۇغداينى سېتىپ تاكى ئۇنىڭ پۇلىنى، قىلىۋاتقان تىجارىتىنىڭ پۇلىغا قوشمىغىچە زېمىنىدىن چىققان بۇغداينى ساتقان پۇلغا زاكات كەلمەيدۇ. ت.

مالنىڭ ئىگىسى زاكاتنى ئادا قىلالايدىغان دەرىجىدە بولسۇن ياكى ئۇنداق دەرىجىدە بولمىسۇن ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى بېرىش ئۇ ئادەمنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى زاكات ئىنسانغا ئۇنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولغان ۋاقتىدا پەرز بولىدۇ. بۇ ھالەت بولسا، ئىنساننىڭ كۆپىيىپ تۇرىدىغان ياكى كۆپىيىشنى قوبۇل قىلىدىغان مالغا ئىگە بولغان ھالىتىدۇر. بۇ خىل ھالەت تېپىلغاندا ئادا قىلىش پەرز قىلىنغان زاكات، بۇ خىل ھالەت يوقالغان ۋاقتىدا چۈشۈپ كېتىدۇ[1]. ئەمما بىر ئادەم يىل توشقاندىن كېيىن ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىۋەتكەن بولسا، (گەرچە ئۇنىڭ قولىدا مال قالمىغان بولسىمۇ) ئۇ ئادەمنىڭ بوينىدىن زاكات بېرىش چۈشۈپ كەتمەيدۇ[2].[3]

## زاكاتنى ئادا قىلىش ھەققىدە

ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەملەرنىڭ قۇرئان ئىچىدە بىر نەچچە يەردە تەكرارلانغان اللہ تائالانىڭ: « زاكاتنى بېرىڭلار » دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلىپ زاكاتنى بېرىشى لازىمدۇر. مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قولغا كىرگەن مەلۇم مىقداردىكى مالنىڭ بىر ئادەمنىڭ قولىغا كىرگەنلىكىگە بىر يىل ئۆتۈشى لازىمدۇر. ئۇ مالنىڭ (يىلنىڭ ئوتتۇرلىرىدا شۇ مىقداردىن چۈشۈپ كەتسىمۇ) يىلنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىدا ئۇ مىقداردىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەمما زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن ئۆشرى - زاكات بېرىلىش ئۈچۈن بىر يىل ئۆتۈش شەرت ئەمەس. بىز بۇ ھەقتە اللہ تائالا خالىسا، ئالدىمىزدىكى بابلاردا توختۇلىمىز. خۇددى بارلىق ئىبادەتلەردە نىيەت شەرت قىلىنغىنىدەك زاكاتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئادا قىلىدىغان

(1) تىجارەت يولى بىلەن بولامدۇ ياكى باشقا يول بىلەن بۇلامدۇ كۆپىيىپ تۇرغان مالدىن ياكى ئالتۇنغا، كۈمۈشكە ۋە قەغەز پۇللارغا ئوخشاش ئەمەلىيەتتە كۆپىيىپ تۇرمىسىمۇ، لېكىن كۆپىيىشنى قوبۇل قىلىدىغان ماللاردىن زاكات بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى كۆپىيىپ تۇرغان ماللاردىن زاكات بېرىش ئىنسان ئۈچۈن ئاسان كېلىدۇ. كۆپىيىپ تۇرغان ماللاردىن زاكات بېرىش بىلەن ئۇ مالنىڭ ئەسلى يوقاپ كەتمەيدۇ. بىر ئىنسانغا زاكات بېرىشنىڭ لازىم بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئىنساننىڭ زاكاتنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان ھالەتتە بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇ ئىنسان بۇ ھالەتتە بولمىسا، ئۇنىڭغا زاكات پەرز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يىل توشقاندىن كېيىن ماللىرى ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئادەمگە مەيلى ئۇ زاكاتنى ئادا قىلالايدىغان دەرىجىدە بولسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن زاكات بىرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىنسان زاكاتنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە ئەمەستۇر. ت.

(2) مەن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچى: تىجارەتچىلەرنىڭ باج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈگۈمەس سېلىقلارغا بەرگەن پۇللىرى زاكاتقا ھېساپ بولمايدۇ. ت.

(3) « رد المحتار »، 2 - توم، 74 - بەت.

ۋاقتىدا زاكاتنى ئادا قىلىش نىيىتىنى قىلىش لازىم. ئەگەر نىيەتنى مالنى[1] (ھەر بىر پېقىرنىڭ قولىغا بەرگەن ۋاقتىدا ئەمەس) پېقىرلارغا بېرىش ئۈچۈن ئايرىغان ۋاقتىدا قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى مالنىڭ ھەممىسى بىرلا پېقىرغا بىرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر بىر پېقىرغا مال بەرگەندە بىر قېتىم نىيەت قىلىش مال ئىگىسىگە قىيىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكات ئۈچۈن بۆلۈنگەن مال پېقىرلارغا بېرىلىدىكەن، دەپ مالنى ئايرىغان ۋاقتىدىلا نىيەت قىلسا، ئۇ نىيەت يېتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مالنى پېقىرغا بەرگەن ۋاقتىدا زاكاتنى نىيەت قىلماي بېرىپ، كېيىن زاكاتنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەگەر مال (ئىشلىتىلىنىپ بولماي) تېخى ئۇ پېقىرنىڭ قولىدا بولسا، ئۇنىڭ قىلغان نىيىتى توغرا بولغان ۋە زاكات ئادا قىلىنغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نىيەتنى پېقىر مالنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قىلغان بولسا، نىيەت توغرا بولغان بولمايدۇ ۋە زاكاتمۇ ئادا تاپمىغان بولىدۇ. يەنى نىيەت بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىلىنسىمۇ مال پېقىرنىڭ قولىدا بار ۋاقتىدا قىلىنسا، ئۇ نىيەت توغرا بولىدۇ ۋە زاكات ئادا بولىدۇ.[2]

ئەگەر زاكات بەرگۈچى مالنى پېقىرغا بەرگەن ۋاقتىدا <ھەدىيە> دەپ بېرىپ كۆڭلىدە زاكاتنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ زاكات توغرا بولىدۇ.

ئەگەر زاكات بېرىشكە ۋەكىل قىلىنغان كىشى ۋەكىل قويغان ئادەمنىڭ پۇلىدىن ئېلىۋېلىش نىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ پۇلىدىن زاكاتقا ھېسابلاپ پېقىرلارغا بەرگەن ۋە ۋەكىل قويغان ئادەمنىڭ پۇلى (ۋەكىل قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆيىدە) بار بولغان بولسا، بېرىلگەن ئۇ زاكات توغرا بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل قويغان ئادەم ۋەكىلنى: سەن بۇ پۇلنى پالانى ئادەمگە بەرگىن، دەپ زاكات ئۈچۈن بېرىلىدىغان مالنى مۇئەييەن بىر ئادەمگە بېرىشنى بۇيرۇمىغان بولسا، ۋەكىل ئۇ مالنى ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن پېقىر بالىسىغا ۋە شۇنىڭدەك يەنە پېقىر ئايالىغا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۆزىگە بەرسە بولمايدۇ. ئەگەر ۋەكىل قويغان ئادەم ئۇنىڭغا: بۇ مالنى خالىغان ئادىمىڭگە بەرگىن، دېگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ مالنى ئۆزى ئالسىمۇ بولىدۇ.[3]

---

(1) مالدىن پۇلغا، قويغا، كالىغا، تۆگۈگە ۋە كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش  زاكات ئۈچۈن پېقىرلارغا بىرىلىدىغان ھەممە نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(2) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 11 ـ بەت.

(3) «الهدية العلائية».

مېلىغا زاكات كەلگەن ئادەم زاكاتقا ئايرىپ قويغان ماللارنى تاكى پېقىرلارنىڭ قوللىرىغا تەككۈزمىگىچە ئۇ ماللارنى پېقىرلارغا بېرىمەن، دەپ ئايرىپ قويۇش بىلەن زاكاتنى ئادا قىلغان ھېسابلانمايدۇ. زاكاتقا ئايرىپ قويۇلغان مال، ئەگەر پېقىرلارنىڭ قوللىرىغا تەككۈزۈشتىن ئىلگىرى ۋەيران بولۇپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ بويىندىن زاكات بېرىش چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ مالنى پېقىرلارنىڭ قوللىرىغا تەككۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ مال مىراسخورلىرىغا مىراس ھېسابىدا قالىدۇ.

مۇمكىن بولغان ۋاقىتتىلا زاكاتنى ئادا قىلىش لازىمدۇر. ئۇنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولغان ۋاقىتتىن كېچىكتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر ئادەم زاكاتنى ئادا قىلىش لازىم بولغان ۋاقىتتا ئۇنى ئادا قىلماي بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا، يامان ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ ۋە گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى زاكاتنى پېقىرلارغا بېرىشكە بۇيرۇشتىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتۇر. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان بولىدۇ. ئەگەر زاكات ئۆز ۋاقتىدا بېرىلمەي كېچىكتۈرۈۋېتىلسە، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇشتىن بولغان مەقسەت ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولىدۇ. ئەمما زاكات قايسى ۋاقىتتا ئادا قىلىنسا قىلىنسۇن، زاكات ئادا بولىدۇ. چۈنكى زاكات، ماللىرىدىن زاكات بېرىش پەرز بولغان ئادەمنىڭ ھاياتىغا باغلىق بىر پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ھاياتىنىڭ قايسى ۋاقتىدا زاكاتنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭدىن زاكات ئادا بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇ (زاكاتنى ئۆز ۋاقتىدا بەرمىگەن بولسا)، زاكاتنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ گۇناھى بولىدۇ ۋە بۇ گۇناھى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشى لازىمدۇر. ئەگەر بىر ئادەم زاكاتنى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئادا قىلمىغان بولسا، زاكاتنى ئادا قىلىش پەرزى ئۇنىڭ بويىنىغا ئۇست ـ ئۇستۈگە يىغىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ: «بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار. الله ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[1] دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلىپ زاكاتنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئالدىراش لازىمدۇر.

(1) سۈرە مۇنافىقۇن 10 ــ 11 ـ ئايەتلەر.

ئەگەر بىر ئادەم زاكاتنى ئۆز ۋاقتىدا بەرمەي كېچىكتۈرۈۋېتىپ ئاخىرىدا كېسەل بولۇپ قالغان ۋە (بۇ چاغدا زاكاتنى بەرمەي ئۆتكۈزۈۋەتكەن يىللارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلاي دېسە قولىدا پۇل يوق) باشقىلاردىن قەرز ئالماقچى بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم قەرزنى ئادا قىلالايمەن دەپ قارىسا، قەرز ئېلىپ زاكاتنى ئادا قىلىشى ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، زاكاتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قەرز ئالمايدۇ. چۈنكى قەرز ئىگىسىنىڭ داۋاسى بەك ئېغىردۇر.[1]

خالىغان ئادەم مېلىنىڭ زاكىتىنى زاكاتنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن ئىلگىرى ھەتتا بىر نەچچە يىللىقىنى بۇرۇن بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىشنىڭ بىر شەرتى بولسا، ئۇ ئادەم زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ مېلى زاكاتنىڭ مىقدارىغا يېتىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر ئادەم كۈمۈش پۇلى ئىككى يۈز دەرھەمگە[2] يەتمىگەن بىر ۋاقىتدا ئىككى يۈز دەرھەمنىڭ زاكىتىغا ھېسابلاپ بەش دەرھەمنى يىلنىڭ بېشىدا بەرگەن، ئاندىن يىل توشقاندا ئۇنىڭ پۇلى ئىككى يۈز دەرھەمگە يەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بەرگەن زاكىتى توغرا بولمىغان بولىدۇ[3]. ئۇ شەرتكە يەنە ئىككى دانە شەرت قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: ئۇ مال يىلنىڭ ئارىسىدىمۇ زاكاتنىڭ مىقدارىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن بولۇشى لازىم. ئۇ شەرتنىڭ يەنە بىرى بولسا، ئۇ مال يىلنىڭ ئاخىرىدىمۇ زاكاتنىڭ مىقدارىدا تۇرۇشى لازىم.

مەسىلەن: ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۈچ يۈز دەرھەم پۇلى بولسا، ئۇ ئادەم يۈز دەرھەمنى ئىككى يۈز دەرھەمنىڭ (ھەر بىر يىلىغا بەش دەرھەمدىن ھېسابلاپ) 20 يىللىق زاكىتىغا ھېسابلاپ بەرگەن بولسا، زاكات توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر يۈز دەرھەمنى قولىدا بار ئىككى يۈز دەرھەمنىڭ ۋە يەنە شۇ يىل تېپىشنى پىلانلىغان 3800 دىرھەمنىڭ زاكىتىغا ھېسابلاپ بەرگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم 3800 دىرھەمنى شۇ يىلى تاپالىغان بولسا، ئۇنىڭ بەرگەن زاكىتى توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى شۇ يىلى تاپالماي باشقا بىر يىلى تاپقان بولسا، ئۇ پۇل ئۈچۈن باشقا بىر زاكات بېرىش

(1) «الهداية العلائية».

(2) كۈمۈشتىن زاكات ئايرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گىرام ھېسابىدا 595 گىرامغا يېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن سوقالغان پۇل ھېسابىدا 200 دەرھەمگە يېتىشى لازىمدۇر. ئىككى يۈز دەرھەمگە بەش دەرھەم زاكات كېلىدۇ. ئەگەر پۇل ئىككى يۈز دەرھەمدىن ئاز بولسا، ئۇ پۇلغا زاكات كەلمەيدۇ. ئاپتور يۇقىرىدىكى ھۆكۈمدە كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل دەرھەم ھەققىدىلا سۆز قىلىدۇ. بۇ پەقەت زاكاتنى ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن بېرىش ھەققىدىكى ھۆكۈمنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلتۈرگەن مىساللاردۇر. ت.

(3) چۈنكى ئۇ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ مېلى تېخى ئىككى يۈز دەرھەمگە يەتمىگەندۇر. ت.

**لازىم. مالنىڭ زاكىتىنى زاكاتنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن بەرمەي ئۆز ۋاقتىدا بېرىش ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى زاكاتنى ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئىختىلاپى باردۇر.[1]**

## يايلاقتا ئوتلايدىغان چارۋىلارنىڭ زاكىتى ھەققىدە

**يايلاقتا ئوتلايدىغان چارۋىلاردىن سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈش مەقسىتى[2] بىلەن بىر يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا يايلاقتا ئوتلايدىغان تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىقلار ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ھايۋانلار يايلاقتا (سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئەمەس) تىجارەت مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلسا، ئۇلاردىن (يايلاقتا سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان ھايۋانلارنىڭ زاكىتى ئەمەس) تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ھايۋانلار يېرىم يىل يايلاقتىكى ئۆتتا ۋە يېرىم يىل ھەلەپ بىلەن بېقىلغان بولسا، ئۇلار يايلاقتا ئوتلىغان چارۋىلار ھېسابلانمايدۇ. (يەنى بۇ چارۋىلاردىن زاكات ئايرىش لازىم ئەمەس.)**

**يايلاقتا سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈپ ئاۋۇتۇش مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان چارۋىلارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى ۋە شەرتلىرى بىلەن تىجارەت مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان چارۋىلارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى ۋە شەرتلىرى ئوخشاشمايدۇ[3]. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ يىلىنى يەنە بىرىنىڭ يىلىغا قوشۇپ ھېسابلىماسلىق لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر توپ**

---

(1) مالىك، داۋۇد ۋە رەبىئە قاتارلىق ئىماملار زاكاتنى ۋاقتىدىن ئىلگىرى بېرىشنى توغرا، دەپ قارىمايدۇ. ت.

(2) ئەگەر چارۋىلار يايلاقتا ئۇلاردىن سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈپ كۆپەيتىش مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلماي ئۇلارغا يۈك ئارتىش ياكى ئۆيدە ئىشلىتىش ياكى مىنىش ياكى گۆشىنى يېيىش مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلسا، ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ. قەرداۋىينىڭ <فىقھۇززاكات> دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. ت.

(3) يايلاقتا تىجارەت مەقسىتى بىلەن سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان چارۋىلارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى ۋە شەرتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئۇ چارۋىلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ زاكات بېرىش مىقدارىغا يېتىشى لازىم. لېكىن سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان چارۋىلارنىڭ مىقدارى سان بىلەن بولىدۇ. يەنى مەسىلەن: تۆگە بولسا بەشكە يېتىشى لازىم. قوي بولسا **40** قا يېتىشى لازىم. ئۇلارنىڭ مىقدارى ھەققىدە الله تائالا خالىسا، كېيىن توختۇلىمىز. ئەمما تىجارەت مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان چارۋىلارنىڭ مىقدارى سان بىلەن ئەمەس ئالتۇننىڭ مىقدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يەنى چارۋىلار **85** گىرام ئالتۇن كەلگۈدەك مىقداردا بولۇشى لازىم. يايلاقتا تىجارەت مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان چارۋىلاردا يەنە بۇنىڭدىن باشقا مالنى ئالغاندا تىجارەت قىلىش نىيىتى بىلەن ئېلىش، ھەقىقەتتىمۇ تىجارەت ئېلىپ بېرىش ۋە قەرزدىن خالى بولۇشقا ئوخشاش شەرتلەر بار. ئەمما سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئوتلۇتۇلغان چارۋىلاردا يەنە بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا يايلاقتا ئوتلىشى ۋە مىنىش ۋە ئۆي ئىشلىرىگە ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلمەسلىككە ئوخشاش شەرتلەر بار. ت.

**هايۋانلارنى تىجارەت مەقسىتى بىلەن ئالغان، كېيىن ئۇلارنى سۈت ئېلىش ۋە نەسىللەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن يايلاقتا ئوتلۇتىلىدىغان هايوانلارغا ئايلاندۇرغان بولسا، ئۇ هايۋانلارنى شۇنداق قىلىشقا ئايلاندۇرغان ۋاقىت ئۇلارنىڭ يىلىنىڭ بېشى هېسابلىنىدۇ[1]. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ هايلانلارنى يىل تۇتۇشتىن ئىلگىرى دەرهەمگە (يەنى پۇلغا) ساتقان ياكى باشقا بىر هايۋانغا ئالماشتۇرغان بولسا، بۇلارنىڭ هەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ جىنسلىرىگە قوشۇلۇپ هېسابلىنىدۇ. يەنى ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ هايۋاننى دەرهەمگە ساتقان بولسا، ئۇ دەرهەم ئۇنىڭ قېشىدا ئىلگىرى بار دەرهەمگە قېتىۋېتىلىدۇ[2]. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ هايۋاننى باشقا هايۋانلارغا ئالماشتۇرغان بولسا، ئۇ هايۋانلارمۇ ئۇنىڭ قېشىدا ئىلگىرى بار هايۋانلارغا قېتىۋېتىلىدۇ.[3]**

# يايلاقتا ئوتلايدىغان چارۋىلارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى

**تۆگىنىڭ مىقدارى بەشكە يېتىشتۇر. بەش تۆگىگە بىر قوي زاكات كېلىدۇ. ئەگەر تۆگە 10 غا يەتسە، ئۇنىڭغا ئىككى قوي زاكات كېلىدۇ. ئاندىن تۆگە تاكى 25 كە يەتكەنگە قەدەر هەر بەش تۆگىگە بىر قوي زاكات كېلىدۇ. زاكات ئۈچۈن بېرىلىدىغان قوي مەيلى ئەركەك بولسۇن مەيلى چىشى بولسۇن بىر ياشقا كىرگەن قوي بولۇشى شەرتتۇر. ئىككى مىقدار ئارىسىدىكى سان كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ. يەنى ئىسلام دىنى ئىككى مىقدار ئارىسىدىكى ساننى كەچۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىشنى پەرز قىلمىدى[4].**

**بۇ هەقتە ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مېنى بەهرەينگە ئەۋەتكەن ۋاقتىدا ماڭا مۇنداق خەت يېزىپ بەرگەن ئىدى: ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېهرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. مانا**

---

(1) يەنى ئۇ هايۋانلارنىڭ تىجارەت ماللىرى هالىتىدە ئۆتكەن ۋاقتى ئۇلار سۈت ۋە نەسىللەندۈرۈش هايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇلغاندا، ئۇلارنىڭ يىلى ئۈچۈن هېسابلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ يىلى ئۇلار شۇنداق هايۋانغا ئايلانغاندىن تارتىپ باشلىنىدۇ. ت.

(2) يەنى ئۇ هايۋانلار سېتىلغان دەرهەملەر ئۈچۈن ئايرىم بىر يىل هېساپلانمايدۇ. ئۇ دەرهەملەر ئۇنىڭ قېشىدا ئىلگىرى بار دەرهەملەرگە قېتىۋېتىلىدۇ. قېشىدىكى دەرهەملەرگە قاچان زاكات ئايرىسا، هايۋانلارنى ساتقان ئۇ دەرهەملەرگىمۇ شۇ چاغدا زاكات ئايرىدۇ. ت.

(3) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 16 ـ بەت.

(4) يەنى تۆگە بەشكە يەتمىگىچە ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. بەشكە يەتسە بىر قوي زاكات كېلىدۇ. تۆگە بەشتىن ئارتۇق ئەمما ئونغا يەتمىگەن بولسا، مەسىلەن: تۆگىنىڭ سانى 8 بولسا، ئۇنىڭغا يەنە بىر قوي زاكات كېلىدۇ. بەشتىن ئېشىپ كەتكەن تۆگە تاكى 10 غا يەتكەنگەن قەدەر بەش بىلەن ئوننىڭ ئارىلىقىدىكى سانغا زاكات كەلمەيدۇ. 10دىن ئېشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ 15 كە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى سانمۇ شۇنداق بولىدۇ. ت.

بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان ۋە ئۇلارنى ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان زاكاتنىڭ مىقدارلىرىدۇر. مۇسۇلمانلاردىن كىمكى زاكاتنى بېرىش توغرا يول بىلەن تەلەپ قىلىنسا، زاكاتنى بەرسۇن. كىمدىن زاكىتى ئۇنداق تەلەپ قىلىنمىسا، بەرمىسۇن. تۆگە تاكى 24 كە يەتكۈچە ھەر بىر بەش تۆگىگە بىر قوي زاكات كېلىدۇ. 25 دىن 35 كىچە بولغان ساندىكى تۆگىلەرگە بىر ياشنى تۆگىتىپ ئىككى ياشقا قەدەم قويغان بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. 36 دىن 45 كىچە بولغان ساندىكى تۆگىلەرگە ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. 46 دىن 60 كىچە بولغان ساندىكى تۆگىلەرگە ئۈچ ياشنى تۆگىتىپ تۆت ياشقا قەدەم قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەركەك تۆگە يېقىنلىشالىغۇدەك ھالەتكە يەتكەن بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. 61 دىن 75 كىچە بولغان ساندىكى تۆگىلەرگە تۆت ياشنى تۆگىتىپ بەش ياشقا قەدەم قويغان بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. 76 دىن 90 كىچە بولغان ساندىكى تۆگىلەرگە ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىككى چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. 91 دىن 120 كىچە بولغان ساندىكى تۆگىلەرگە ئۈچ ياشنى تۆگىتىپ تۆت ياشقا قەدەم قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەركەك تۆگە يېقىنلىشالىغۇدەك ھالەتكە يەتكەن ئىككى چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. ئەگەر تۆگىنىڭ سانى 120 دىن ئېشىپ كەتسە، ھەر بىر قىرىق تۆگىگە بىر ياشنى تۆگىتىپ ئىككى ياشقا قەدەم قويغان بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ ۋە ھەر بىر ئەللىك تۆگىگە ئۈچ ياشنى تۆگىتىپ تۆت ياشقا قەدەم قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەركەك تۆگە يېقىنلىشالىغۇدەك ھالەتكە يەتكەن بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. تۆت تۆگىسى بار ئادەمگە زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم زاكات بېرىشنى ئۆزى خالاپ بىرەي دېسە، زاكات بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تۆگىسى بەشكە يەتسە، ئۇنىڭغا بىر قوي زاكات كېلىدۇ. يايلاقتا ئوتلىغان 40 دىن 120 كىچە بولغان ساندىكى قويلارغا بىر قوي زاكات كېلىدۇ. 120 دىن 200 كىچە بولغان ساندىكى قويلارغا ئىككى قوي زاكات كېلىدۇ. 200 دىن 300 كىچە بولغان ساندىكى قويلارغا ئۈچ قوي زاكات كېلىدۇ. ئەگەر قويلارنىڭ سانى ئۈچ يۈزدىن ئېشىپ كەتسە، ھەر بىر يۈز قويغا بىر قوي زاكات كېلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يايلاقتا ئوتلايدىغان قويىنىڭ سانى 39 بولسا، ئۇ ئادەمگە زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم زاكات بېرىشنى ئۆزى خالاپ بىرەي دېسە، زاكات بەرسە بولىدۇ[1]. كۈمۈشتىن ھەر بىر ئوندىن بىرنىڭ تۆتنىڭ بىرى

(1) ئۆچكىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ قوينىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. قويلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغاندا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن زاكاتنىڭ شەرت ۋە مىقدارلىرىنىڭ ئۆزى ئۆچكىلەرگىمۇ يۈرگۈزۈلىدۇ. ت.

(يەنى قىرىقتىن بىرى ياكى يۈزدىن ئىككى يېرىمى) زاكات ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى دەرھەم 190 غا يەتمىسە[1]، ئۇ ئادەمگە زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم زاكات بېرىشنى ئۆزى خالاپ بىرەي دېسە، زاكات بەرسە بولىدۇ.»[2]

ئەگەر مال ئىگىسى زاكات ئۈچۈن بېرىش لازىم بولغان ياشتىكى تۆگىلەرنى تاپالمىسا، ئۇنىڭ (شۇ چاغدىكى بازاردىكى باھاسى بويىچە) پۇلىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، مەزكۇر خەتتە ئەبۇبەكرىنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېزىپ بەرگەن بۇ سۆزلىرىدۇر: «كىمكى تۆگىسىنىڭ سانى ئۇنىڭغا تۆت ياشنى تۈگىتىپ بەش ياشقا قەدەم قويغان بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدىغان مىقدارغا يەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ قېشىدا ئۇ ياشتىكى تۆگە بولماي ئۈچ ياشنى تۈگىتىپ تۆت ياشقا قەدەم قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەركەك تۆگە يېقىنلىشالىغۇدەك ھالەتكە يەتكەن بىر چىشى تۆگە بار بولسا، بۇ تۆگە زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە (كەم قالغىنىغا ھېسابلاپ) ئەگەر قوي تېپىش ئاسان بولسا، ئىككى قوي، ئەگەر (قوي تېپىش ئاسان بولمىسا) 20 دەرھەم قوشۇپ ئېلىنىدۇ. كىمكى تۆگىسىنىڭ سانى ئۇنىڭغا ئۈچ ياشنى تۈگىتىپ تۆت ياشقا قەدەم قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەركەك تۆگە يېقىنلىشالىغۇدەك ھالەتكە يەتكەن بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدىغان مىقدارغا يەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ قېشىدا ئۇ ياشتىكى تۆگە بولماي تۆت ياشنى تۈگىتىپ بەش ياشقا قەدەم قويغان بىر چىشى تۆگە بار بولسا، بۇ تۆگە زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ ۋە زاكات ئالغۇچى ئادەم تۆگىنىڭ ئىگىسىگە (ئېشىپ كەتكىنىگە ھېسابلاپ) 20 دەرھەم ياكى ئىككى قوي بېرىدۇ. كىمكى تۆگىسىنىڭ سانى ئۇنىڭغا ئۈچ ياشنى تۈگىتىپ تۆت ياشقا قەدەم قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەركەك تۆگە يېقىنلىشالىغۇدەك ھالەتكە يەتكەن بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدىغان مىقدارغا يەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ قېشىدا ئۇ ياشتىكى تۆگە بولماي ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر چىشى تۆگە بار بولسا، بۇ تۆگە زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە (كەم قالغىنىغا ھېسابلاپ) ئىككى قوي ياكى 20 دەرھەم قوشۇپ ئېلىنىدۇ. كىمكى

(1) بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك كۈمۈش پۇلنىڭ مىقدارى 200 دەرھەمدۇر. ئەگەر دەرھەم 200 دەرھەمدىن ئاز بولسا، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: <ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى دەرھەم 190 غا يەتمىسە> دېگەن سۆزىدىن ئەگەر دەرھەمنىڭ سانى 190 غا يەتسە، ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ، دېگەن مەنا چىقمايدۇ. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ يەردە 190 نى ئېغىزىغا ئېلىشى ئۇ ساننىڭ ئونلۇق ساننىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

تۆگىسىنىڭ سانى ئونغا ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدىغان مىقدارغا يەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ قېشىدا ئۇ ياشتىكى تۆگە بولماي ئۈچ ياشنى تۆگىتىپ تۆت ياشقا قەدەم قويغان ۋە ئونغا ئەركەك تۆگە يېقىنلىشالغۇدەك ھالەتكە يەتكەن بىر چىشى تۆگە بار بولسا، بۇ تۆگە زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ ۋە زاكات ئالغۇچى ئادەم تۆگىنىڭ ئىگىسىگە (ئېشىپ كەتكىنىگە ھېسابلاپ) 20 دەرھەم ياكى ئىككى قوي بېرىدۇ. كىمكى تۆگىسىنىڭ سانى ئونغا ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر چىشى تۆگە زاكات كېلىدىغان مىقدارغا يەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ قېشىدا ئۇ ياشتىكى تۆگە بولماي بىر ياشنى تۆگىتىپ ئىككى ياشقا قەدەم قويغان بىر چىشى تۆگە بار بولسا، بۇ تۆگە زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە (كەم قالغىنىغا ھېساپلاپ) 20 دەرھەم ياكى ئىككى قوي قوشۇپ ئېلىنىدۇ.»[1]

مانا بۇ ئەسەر زاكات ئۈچۈن بېرىش لازىم بولغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇلىنى بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ماللاردىن زاكات ئالىدىغان ئادەم زاكات ئۈچۈن مالنىڭ (ئەڭ ئېسىللىرىنى ئەمەس) ئوتتۇرھالىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا دېگەن: «سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ قېشىغا بارىسەن. ئۇلارنى ئەۋۋەل الله تائالانى تونۇشقا (يەنى الله تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىشكە) چاقىرغىن. ئۇلار الله تائالانى تونۇسا، ئۇلارغا الله تائالانىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئۇلارغا بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئۇلار نامازنى ئوقۇسا، ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇنسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئالغىن، لېكىن ماللىرىنىڭ ئېسىللىرىنى ئېلىشتىن ساقلانغىن»[2] دېگەن سۆزىدۇر.

ماللاردىن زاكات ئالىدىغان ئادەم، زاكات ئۈچۈن يەنە بەك قېرىپ كەتكەن، كېسەللىكى ئاشكارا چىقىپ تۇرغان ۋە ئەيىبى بار چارۋىلارنىمۇ ئالمايدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئەبۇبەكرىنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېزىپ بەرگەن مەزكۇر خەتتىكى: «زاكات ئۈچۈن بەك قېرىپ كەتكىنى ياكى ئەيىپلىك بولغىنى ياكى قوينىڭ ئەركىكى ئېلىنمايدۇ، لېكىن ئەگەر مالنىڭ ئىگىسى رازى بولسا، قوينىڭ ئەركىكىنى ئالسىمۇ

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر.[1]

بىز يۇقىرىدا تۆگىنىڭ، قوينىڭ مىقدارىنى ۋە ئۇلاردىن زاكات ئايرىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ كەلگەن دەلىل - پاكىتلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە كالا ھەققىدە توختىلىمىز.

كالىلاردىن زاكات ئايرىشمۇ پەرزدۇر. ئۇنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تۆگىسىنىڭ ياكى كالىسىنىڭ ياكى قويىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان كىشىنىڭ قېشىغا، قىيامەت كۈنى ئۇ چارۋىلار ناھايىتى كاتتا ۋە سېمىز ھالەتتە كېلىدۇ. تاكى بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغانغا قەدەر ئۇ ئادەم (ئۇ ھايۋانلارغا تاشلاپ بېرىلىدۇ.) ھايۋانلار ئۇ ئادەمنى بىر - بىرلەپ مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ، تۇياقلىرى بىلەن دەسسەپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرىسى ئۆتۈپ بولغاندا، ئۇلار يەنە قايتا بېشىدىن باشلاپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ»[2] دېگەن سۆزىدۇر.

ئىمام تىرمىزىي ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر ئوتتۇز كالىغا مەيلى ئەركەك بولسۇن مەيلى چىشى بولسۇن بىر ياشقا كىرگەن بىر كالا زاكات كېلىدۇ. ھەر بىر قىرىق كالىغا ئىككى ياشقا كىرگەن بىر كالا زاكات كېلىدۇ.»

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى (كىشىلەرنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىش ئۈچۈن) ئەۋەتتى. مەيلى ئەركەكى بولسۇن مەيلى چىشىسى بولسۇن ھەر ئوتتۇز كالىدىن بىر ياشقا كىرگەن بىر كالىنى ۋە ھەر قىرىق كالىدىن ئىككى ياشقا كىرگەن بىر كالىنى زاكات ئۈچۈن ئېلىشىمنى بۇيرۇدى[3].[4]

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چارۋىلىرى ياپلاقتا ئوتلىغان چارۋا ئىگىلىرىنى چارۋىلىرىنىڭ زاكاتلىرىنى چىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يېزىلىق بىر ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھىجرەت ھەققىدە سۇئال سورىدى.

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەقتە قۇتازمۇ كالىغا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: قىرىق چارۋىنىڭ ئىچىدە 30 كالا 10 قوتاز بولسا، يەنە ئۇنىڭغا ئىككى ياشقا كىرگەن بىر كالا زاكات كېلىدۇ. ت.

(4) بۇ ئەسەرنى نەسائىي، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. لېكىن، ئەسەرنىڭ سۆزى تىرمىزىينىڭكىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ۋاي ساڭا! ھىجرەت قىلىش ئەھۋالى ناھايىتى قاتتىق بىر ئىشتۇر. سەن تۆگىلىرىڭنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلامسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن مۇشۇ دېڭىزنىڭ (يەنى مۇشۇ كەنتنىڭ) ئارقىسىدا تۇرۇپ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىڭنى قىلغىن. ھەقىقەتەن اللّٰه تائالا سېنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىڭدىن ئازراقمۇ كەمەيتىۋەتمەيدۇ» دېدى.[1] يەنى سېنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىڭنىڭ ساۋابىدىن ئازراقمۇ كەمەيتىۋەتمەيدۇ. بۇ ھەدىس ئۇ ئادەم تۆگىلىرىنىڭ زاكاتلىرىنى ئادا قىلىپ گەرچە كاپىر ۋەتىنىدە ياشىسىمۇ، ئۇنىڭغا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ مەدىنىدە ياشىغانىنىڭ ساۋابى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[2]

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ مال ـ مۈلكى شېرىكلىشىشتىن ئىلگىرى زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە شېرىكلىشىشكە قاتناشقان ھەر بىر كىشى ئۆز نەسىۋىسىدىن زاكات ئايرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مال ـ مۈلكى زاكات مىقدارىغا يەتمىگەن بولسا، ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ[3][4].[5]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) كىتابتا ئات ھەققىدە بايان بېرىلمەپتۇ. ئات مەيلى يايلاقتا بېقىلسۇن مەيلى ھەلەپ بېرىپ بېقىلسۇن تىجارەت قىلىش نىيىتى بىلەن بېقىلسا، ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ. بۇ تۆت مەزھەپ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. ئەگەر ئات بىر يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا يايلاقتا بېقىلغان، لېكىن مىنىش ياكى ئۆيدە ئىشلىتىلىش ياكى ئۇرۇش قىلىش نىيىتى بىلەن بېقىلغان بولسا، بۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. بۇمۇ تۆت مەزھەپ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. ئەمما نەسىللەندۈرۈش ئۈچۈن يايلاقتا باقىان ئاتلار ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. كۆپ قىسىمدىكى ئالىملار: ئاتقا زاكات كەلمەيدۇ، دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئاتنىڭ ھەممىسى ئەركەك بولماسلىق شەرتى بىلەن ئاتقا زاكات كېلىدۇ، دېدى. بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئىچىدىن ئەڭ توغرىسى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدۇر. توغرا قاراشقا ئاساسەن ئاتنىڭ مىقدارىمۇ تۆگىنىڭكىگە ئوخشاش بەشتۇر. ئات بەشكە يەتكەندىن كېيىن بىر يىلدا ھەر بىر ئاتقا بىر دىنار زاكات بېرىش لازىمدۇر. ت. يۇسۇف قەرداۋىينىڭ <فىقھۇززاكات> دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

(3) يەنى چارۋىلىرىنى شېرىك قىلىپ باققان ئادەملەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ چارۋىلىرى شېرىكلىشىشتىن ئىلگىرى زاكات مىقدارىغا يەتكەن بولسا، مەسىلەن: ئىككى ئادەم بولۇپ ھەر بىرىنىڭ 40 دىن قويى بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ھەر بىر شېرىك ئۆز نەسىۋىسىدىن زاكات ئايرىدۇ. ئەگەر ھەر بىر شېرىكنىڭ چارۋىلىرى شېرىكلىشىشتىن ئىلگىرى زاكات مىقدارىغا يەتمىگەن بولسا، مەسىلەن: ھەر بىرىنىڭ 20 دىن قويى بولۇپ جەمى 40 قوي بولسىمۇ، بۇ ھالەتتە ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا زاكات كەلمەيدۇ. ت.

(4) بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەيلى تۆگە بولسۇن مەيلى كالا بولسۇن مەيلى قوي بولسۇن، توغرا دەپ قارالغان كۆز قاراشقا ئاساسەن ئۇلارنىڭ كىچىك باللىرى، ئانىلىرى زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتكەندىن كېيىن ئانىلىرىنىڭ سانىغا قوشۇپ سانىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ سانى زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتمىسە، ئۇلارنى ئانىلىرىنىڭ سانىغا قوشۇپ ھېسابلىنىپ زاكات مىقدارى تولۇقلانمايدۇ. مەسىلەن: 3 دانە ئانا تۆگە ۋە 2 دانە بالا تۆگە بولسا، ئۇ 2 دانە بالا تۆگە 3 دانە ئانا تۆگىگە قوشۇپ تۆگىنىڭ سانىنى 5 دانە قىلىپ ئۇلاردىن زاكات ئېلىنمايدۇ. چۈنكى تۆگىدىن زاكات ئېلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سانى بەشكە يېتىشى لازىم. بۇ مىسالدا ئانا تۆگىنىڭ سانى زاكات مىقدارىغا يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا باللىرى قوشۇلۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئەگەر يەتتە دانە ئانا تۆگە ۋە ئۈچ دانە بالا تۆگە بولسا، ئۇ ئۈچ دانە بالا تۆگە يەتتە دانە ئانا تۆگىگە قوشۇپ سانىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 10 دانە تۆگىگە ئىككى قوي زاكات بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى بۇ مىسالدا ئانا تۆگىنىڭ سانى زاكاتنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەندۇر. بۇ قاراش ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام شافىئىينىڭ (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇر. ت.

(5) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 35 ـ بەت.

# ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قەغەز پۇللارنىڭ زاكاتلىرى

ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئىگىسى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى مەيلى خام ھالىتىدە مەيلى (زەنجىرگە، مونچاقلا ۋە ئۈزۈككە ئوخشاش) بىر نەرسە ياسالغان ھالىتىدە مەيلى ئۇنىڭدىن پۇل سوقۇلۇپ پۇل ھالىتىدە ساقلىسۇن مەيلى ئۇ ئىككىسى ئىشلىتىش يولىغا قويۇلغان ھالەتتە بولسۇن مەيلى ئۇنداق ھالەتتە بولمىسۇن ئۇ ئىككىسىگە زاكات كېلىدۇ[1]. چۈنكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەسلى يارىتىلىشتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىش ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن زاكات ئايرىشقا توغرا كەلگەندە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە گىرام ئېغىرلىقىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى يۈز دەرھەم ئېغىرلىقتا، ئەمما قىممىتى ئۈچ يۈز دەرھەمگە يارايدىغان بىر كۈمۈش ئىبرىقى بولسا، بۇنىڭغا بەش دەرھەم زاكات كېلىدۇ. چۈنكى كۈمۈشنىڭ ئىبرىق قىلىپ سوقۇلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[2]. ئەگەر بۇ زاكات ئۈچۈن كۈمۈش بەرمەكچى بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر (ئىبرىقنىڭ زاكىتىغا) بېرىلىدىغان نەرسە كۈمۈش بولماي پۇل بولىدىغان بولسا، ئىبرىقنىڭ گىرام ئېغىرلىقى ئەمەس پۇلى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ شۇنداق ھېسابلىنىدىغانلىقى ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.[3]

(1) ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن مەيلى ئىشلىتىش ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئۆيگە تىزىپ قويۇش ئۈچۈن بولسۇن، قاچا ـ قۇچۇغا ئوخشاش ئۆي سايمانلىرى ياسالغان بولسا، گەرچە بۇلارنى ئىشلىتىش ھارام بولسىمۇ بۇلارغا زاكات كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇلاردىن مەيلى ئادەمنىڭ بولسۇن ياكى ھايۋاننىڭ بولسۇن ھەيكەل ياسالغان بولسا، ئۇلارغا يەنىلا زاكات كېلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى ئالتۇندىن ياسالغان ئۈزۈك ياكى زەنجىر ئىشلىتىدىغان بولسا، بۇنىڭغىمۇ زاكات كېلىدۇ. چۈنكى ئەرلەرنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنى زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىشى ھارامدۇر. ئەمما ئەركىشى كۈمۈشتىن ئۈزۈك سالغان بولسا، بۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئەرلەرنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈك ئىشلىتىشى توغرىدۇر. ئەرلەرنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت ـ بۇيۇملىرىغا زاكات ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۇ بۇيۇملارنىڭ گىرام ئېغىرلىقى ئەمەس باھاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئەركىشىنىڭ ئۈزۈكىنىڭ ئېغىرلىقى 20 گىرام بولغان، لېكىن ئۇنىڭ پۇلى ئالتۇننىڭ مىقدارى بولغان 85 گىرام ئالتۇننىڭ پۇلىغا باراۋەر بولسا، ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ.ئاياللارنىڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت، قاش تېشىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەتلەر بۇيۇملىرىغا، ئۇ بۇيۇملارنىڭ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاياللارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىنىشنى ھالال قىلىپ بەردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ زىننەت ئۈچۈن ئىشلەتكەن بۇ نەرسىلىرى ئۈچۈن زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر ئاياللارنىڭ ئۇ نەرسىلەردىن ياسالغان زىننەت ـ بۇيۇملىرى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ياكى ئۇ زىننەت ـ بۇيۇملىرى زىننەت ئۈچۈن ئەمەس پۇل ئورنىدا ساقلانغان بولسا، بۇلارغا يەنە زاكات كېلىدۇ. بۇ نەرسىلەرگە زاكات ئايرىشقا توغرا كەلسە، بۇلارنىڭ پۇلى ئەمەس گىرام ئېغىرلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.مەيلى ئەر كىشى بولسۇن ياكى ئايال كىشى بولسۇن كېسىلىپ كەتكەن بۇرنى ئۈچۈن ئالتۇندىن بۇرۇن ياساتقان ياكى ئالتۇندىن چىش سالدۇرغان بولسا، بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئالتۇنغا زاكات كەلمەيدۇ. <فىقھۇززاكات> دېگەن كىتابقا قارالسۇن ت.

(2) يەنى ئەگەر كۈمۈشنىڭ ئىبرىق قىلىپ سوقۇلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئۇ ئىبرىققا بەش دەرھەم ئەمەس يەتتە يېرىم دەرھەم زاكات كېلىدۇ. چۈنكى ئىبرىقنىڭ پۇلى 300 دەرھەمدۇر. ت.

(3) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 30 ـ بەت.

بىز تۆۋەندە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن زاكات ئايرىشنىڭ پەرزلىكىنى ئىپادىلەپ كەلگەن دەلىل ـ پاكىتلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

خالىد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىبنى ئۆمەر بىلەن (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بىر يەرگە چىقتۇق. بىر يېزىلىق ئەرەب ئىبنى ئۆمەرگە: ماۋۇ الله تائالانىڭ: «ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن»[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، دېدى. ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!): ئالتۇن ـ كۈمۈش يېغىپ ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان ئادەمگە ۋاي! (ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان ئادەمگە سېلىنغان) بۇ تەھدىد زاكات پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى كەلگەن ئىدى. الله تائالا ماللاردىن زاكات ئايرىشنى پەرز قىلغاندىن كېيىن، الله تائالا زاكاتنى ماللارنى پاكىزلىغۇچى قىلدى دېدى.[2] »[3]

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «بەيھەقىي ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زاكىتى ئادا قىلىنغان ھەر قانداق مال ـ مۈلۈك، ئەگەر يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدە بولسىمۇ كۆمۈپ ساقلانغان مال ھېسابلانمايدۇ. زاكىتى ئادا قىلىنمىغان ھەر قانداق مال ـ مۈلك يەر يۈزىدە بولسىمۇ كۆمۈپ ساقلانغان مال ھېسابلىنىدۇ[4]. ئۇ ئەسەر بۇ ئايەتتىن زاكىتى ئادا قىلىنمىغان مال ـ مۈلكىنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. »[5]

مالىك، ئەتائىدىن ئۇممۇ سەلىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئالتۇندىن زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى تاقايتتىم. مەن پەيغەمبەر

(1) سۇرە تەۋبە 34 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، زاكات ئارقىلىق پاكىزلىنىدىغان ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغان مال بولسا، پەقەتلا ھالال يول بىلەن تاپقان ماللاردۇر. ئوغۇرلاشقا، قىمار ئويناشقا، پارە ئېلىشقا ۋە ھاراق سېتىشقا ئوخشاش ھارام يول بىلەن تاپقان ھارام ماللارنى زاكات پاكىزلىمايدۇ ۋە ئۇ ماللارغا بەرىكەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. پۇلنى ئۇنىڭ ھالال ـ ھارىمىنى ئايرىماي تاپقان ئادەم پۇلنىڭ زاكىتىنى بەرسەم پۇلۇم پاكىزلانغۇدەك، دەپ ئويلاپ قالسا ـ توغرا بولمايدۇ. ت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(4) ئەسلىدە الله تائالانىڭ: «ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىداسەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن» دېگەن ئايىتىدىكى < ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ> دېگەن ئايەتنىڭ ئەرەبچە سۆزى: <ئالتۇن ـ كۈمۈش كۆمۈپ ساقلاپ> دېگەن مەنانى بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: زاكىتى ئادا قىلىنغان مال ـ مۈلۈك ئەگەر يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ ساقلانغان بولسىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ ۋە زاكىتى ئادا قىلىنمىغان مال ـ مۈلۈك گەرچە يەر يۈزىدە بولسىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دەپ بايان قىلغان. ت.

(5) «فتح الباري»، 3 ـ توم، 272 ـ بەت.

**ئەلەيھىسسالامدىن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇمۇ (ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان) كۆمۈپ ساقلانغان مال قاتارىدىن ھېسابلىنامدۇ؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاكات ئايرىش مىقدارىغا يېتىپ زاكىتى ئادا قىلىنغان مال ـ مۈلۈك كۆمۈپ ساقلانغان مال ھېسابلانمايدۇ» دېدى.**

**بىر نەرسىدە كۈمۈش مىقدارى كۆپ بولسا، ئۇ نەرسە كۈمۈش ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇن مىقدارى كۆپ بولسا، ئالتۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئارىلاشتۇرۇلغان باشقا ماددا چىق بولسا، ئۇ ماددا باھالىنىپ پۇلى ھېسابلىنىدۇ[1].**

**ئالتۇن ـ كۈمۈش زاكاتىنىڭ مىقدارىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇلاردىن ھەر بىر ئوندىن بىرىنىڭ تۆتتىنىڭ بىرى (يەنى قىرىقتىن بىرى ياكى يۈزدىن ئىككى يېرىمى) زاكات ئۈچۈن ئېلىنىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا تۆگە بىلەن قوينىڭ زاكىتىنى بايان قىلغان چاغدا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: <كۈمۈشتىن ھەر بىر ئوندىن بىرىنىڭ تۆتتىنىڭ بىرى (يەنى قىرىقتىن بىرى ياكى يۈزدىن ئىككى يېرىمى) زاكات ئۈچۈن بېرىلىدۇ> دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.**

**ئىمام تىرمىزي ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەردىن ئات ۋە قۇللارنىڭ زاكاتلىرىنى كەچۈرۋەتتىم. كۈمۈشلەرنىڭ زاكىتىنى ئايرىڭلار. ئەگەر كۈمۈشتىن سۇقۇلغان دەرھەم پۇل 190 غا يەتسە، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ دەرھەم 200 گە يەتسە، ئۇنىڭدىن ھەر بىر قىرىق دەرھەمگە بىر دەرھەم زاكات ئايرىلىپ جەمى (200 دەرھەمگە) بەش دەرھەم زاكات كېلىدۇ.»**

**زاكات ئايرىلغاندا تىجارەت ماللىرىنىڭ پۇللىرىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قوشۇلۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى اللە تائالا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تىجارەت ئىشلىرى ئۈچۈن ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق تىجارەت ماللىرى ۋە نەق پۇللار ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قېتىلىپ ھېسابلىنىدۇ[2].**

**(1)** مەسىلەن: كۈمۈش ياكى ئالتۇن بىلەن باشقا ماددا ئارىلاشتۇرۇلۇپ سوقۇلغان نەرسىدە، ئەگەر كۈمۈش چىق بولسا، ئۇ نەرسىگە كۈمۈشنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئالتۇن چىق بولسا، ئالتۇننىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدە ئارىلاشتۇرۇلغان باشقا ماددا چىق بولسا، ئۇ نەرسە باھالىنىپ پۇلى ھېسابلىنىدۇ. ت.

**(2)** يەنى مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ قېشىدىكى ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئۇلاردىن زاكات ئايرىش مىقدارىغا يەتمەيدىغان، ئەمما ئۇنىڭ قېشىدا تىجارەت قىلىدىغان رەخ ۋە بۇغداي ـ قۇناقىقا ئوخشاش تىجارەت ماللىرى بولغان بولسا، ئۇ تىجارەت ماللىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇلاردىن زاكات ئايرىلىدۇ. ت.

# زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكاتلىرى

اللە تائالا زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان ھەممە زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن زاكات ئايرىشنى (يەنى ئۆشرە بېرىشنى) پەرز قىلدى[1]. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكتى بولسا، اللە تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار»[2] دېگەن ئايىتىدۇر.

ئادەم كۆچى بىلەن سۇغۇرۇلغان زىرائەتلەرنىڭ ئۆشرىسى ئۇچۇن ئوننىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ[3]. ئادەمنىڭ كۆچى بىلەن ئەمەس يامغۇرغا ئوخشاش ئاسمان سۇيى بىلەن سۇغۇرۇلغان زىرائەتلەر ئۇچۇن ئۆشرە ئۇچۇن ئوننىڭ بىرى بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يامغۇر ياكى بۇلاق سۇيى بىلەن سۇغۇرۇلغان ياكى سۇنى يىلتىزى ئارقىلىق (يەردىن) ئۆزى سۈمۈرۈپ ئىچكەن زىرائەتلەر ئۇچۇن ئوننىڭ بىرى ئېلىنىدۇ. (تۆگىگە ياكى كالىغا ئوخشاش باشقا بىر تۆشۈش قۇراللىرى بىلەن) سۇ ئېلىپ كېلىنىپ سۇغۇرۇلغان زىرائەتلەر ئۇچۇن ئوننىڭ يېرىمى ئېلىنىدۇ.»[4]

زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن ئۇلار مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى چىق بولسۇن ئۆشرە ئايرىلىدۇ[5]. ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر مىقدارغا يېتىشى ۋە ئۇلارغا

(1) ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆز قارىشىچە يەردىن ئۈنگەن نەرسە مەيلى پىيازغا، چامغۇرغا ئوخشاش ئوت ـ ياش بولسۇن مەيلى ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل، قوغۇن، تاۋۇز ۋە ئەنجۈرگە ئوخشاش مېۋىلەر بولسۇن مەيلى پاختىغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسۇن ھەممىسىگە ئۆشرە كېلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىچە ئوت ـ ياشلار، شاپتۇل ۋە ئۈرۈككە ئوخشاش مېۋىلەردىن باشقا ھەممە نەرسىلەرگە ئۆشرە كېلىدۇ. بۇلاردىن ئۆشرە ئايرىدىغان ۋاقىت بولسا، مېۋىلەرنى ئۈزگەن ۋە ئوت ـ ياشلارنى يىغقان ۋاقىتتۇر. بەزى ئالىملار: «ئۆشرە بۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەمەس، بەلكى بۇلار سېتىلغان پۇللاردىن ئېلىنىدۇ، بۇلار سېتىلغان پۇل 595 گىرام كۈمۈش كەلگىدەك مىقدارغا يەتسە، ئۆشرە ئۇچۇن يۈزدىن ئىككى يېرىمى ئېلىنىدۇ» دەيدۇ. بەزىلەر: «پۇل شۇ مىقدارغا يەتكەندە يۈزدىن ئىككى يېرىمى ئەمەس ئوندىن بىرى ئېلىنىدۇ» دەيدۇ. <فىقھۇززاكات> دېگەن كىتابقا قارالسۇن. ت.

(2) سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(3) يەنى بۇنىڭ ئىچىگە يەرنى سۇغارغان سۇغا تۆلەنگەن پۇلمۇ كىرىدۇ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكىدەك ھەر يىلى سۇغا پۇل ئالىدىغان يەرنىڭ دېھقانلىرى زاكات ئۇچۇن چىققان ئاشلىقتىن ئون چارەكتىن بىر چارەك ئەمەس ئون چارەكتىن يېرىم چارەك بەرسىمۇ بولىدۇ. ت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(5) ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆزقارىشىچە يەردىن چىققان نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى چىق بولسۇن ئۇنىڭدىن ئۆشرە ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد: «(اللە تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) يەردىن چىققان بىر خىلدىكى نەرسە 647 كىلۇ گىرامغا يەتمىسە، ئۇنىڭغا ئۆشرە كەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئىمام سەرەخسىنىڭ <ئەل مەبسۇت> دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە چارۋىلاردىن زاكات ئايرىش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر مىقدارغا يېتىشىنى شەرت قىلدى. شۇنىڭدەك يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۆشرە ئايرىش ئۇچۇنمۇ ئۇ مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم بىر مىقدارغا

بىر يىل ئوتتۇش شەرت ئەمەستۇر. ھەتتا بىر تېرىلغۇ يەر بىر يىل ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم تېرىلغان بولسا، ھەر قېتىملىق تېرىلغۇ ئۈچۈن ئۆشرە ئايرىش لازىم. چۈنكى زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن ئۆشرە ئايرىشنى پەرز قىلىپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئۇلاردىن بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆشرە ئېلىنىدۇ، دېمەستىن زېمىندىن ئۆنۈپ چىققان ھەر قانداق زىرائەت ۋە مېۋىلەر ئۈچۈن ئۆشرە بار، دەپ بايان قىلىپ كەلدى.

زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ ئۆشرىلىرى يەر ئىگىسىگە ئەمەس يەردىن چىققان نەرسىگە باغلىنىشلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يەردىن چىققان زىرائەت ۋە مېۋىلەرگە ئۆشرىنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن يەر ئىگىسىنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ھۆر ئادەم بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. مەيلى كىچىك بالىنىڭ يېرىدىن ياكى ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ يېرىدىن چىقسۇن مەيلى ۋەقپە يەردىن ياكى پۇلغا سېتىپ ئېلىنغان يەردىن چىقسۇن، يەردىن چىققان ھەر قانداق زىرائەت ۋە مېۋىلەرگە ئۆشرە ئايرىش لازىمدۇر. ئەمما ئادەتتە مەھسۇلات ھېسابلانمايدىغان ۋە زېمىندىن ئۆزى ئۆنۈپ قالغان ئوتۇن، قومۇش، ئوت - چۆپ قاتارلىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆشرە كەلمەيدۇ[1].

زېمىندىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۆشرىسىنى ئايرىدىغان ۋاقىتدا ئۆشرە ئۆنىدىن ئۇرۇغقا كەتكىنى، يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە زىرائەتنى تېرىشقا كەتكەن چىقىملار ھېسابلىنىپ چىقىرۋېتىلگەندىن كېيىن قالغىنىدىن ئەمەس[2] يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن بىر تالمۇ دان تېشىدا قالماي ھېسابلىنىپ ئېلىنىدۇ[3]. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «الله بىدىشلىك ۋە بىدىشىسىز

يېتىشى ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. چۈنكى يەردىن چىققان ھەتتا يەر ئىگىسىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قامدىيالمايدىغان كىچىككىنە نەرسىگە ئۆشرە بېرىڭ! دېيىش ئىسلام دىنىنىڭ روھىغىمۇ خىلاپ. ئۇ مىقدار بولسا ھەر بىر خىل نەرسىنىڭ **647** كىلو گىرامغا يېتىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بەش ۋەسەققە (يەنى **647** كىلو گىرامغا) يەتمىگەن نەرسىگە سەدىقە (يەنى ئۆشرە) كەلمەيدۇ.» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغاندۇر. بۇ ھەم مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملارنىڭ (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆزقارىشىدۇر.ت.

(1) ئەمما ئۇ نەرسىلەر ئۆزى ئۆنۈپ قالماي ئۇلارنى يەرلىرىگە بىرەر مەقسەت بىلەن تېرىغان بولسا، بۇلارغا ئۆشرە كېلىدۇ. مەسىلەن: يەرلىرىگە كۆچەت تىككەن ياكى شېكەر قومۇچى تېرىغان ياكى *دارا* ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىرەر ئوت - چۆپ تېرىغان بولسا، بۇلارغا ئۆشرە كېلىدۇ. ت.

(2) يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن يەرگە كەتكەن چىقىمنى چىقىرۋەتمەي ئۇنىڭ ھەممىسىنى ھېسابلاپ ئۆشرە ئايرىش ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىدۇر. مەن بۇ يەردە باشقا ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. خالىغان ئادەم ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىنى تۇتسىمۇ بولىدۇ. خالىغان ئادەم بۇ ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىنى تۇتسىمۇ بولىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «گۈۋزىگە يېيىش ئۈچۈن يالتىراق ۋە يەرگە چېچىش ئۈچۈن ئوغۇت ۋە قىغ ئالغانغا ئوخشاش يەرگە قىلىنغان چىقىملار ۋە يەرگە تۆلىگەن باجلار يەردىن چىققان پاختا ۋە ئاشلىقلاردىن ھېسابلاپ چىقىرۋېتىلىدۇ ۋە قالغان مەھسۇلاتلار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قالغان مەھسۇلاتلار ئۆشرىنىڭ مىقدارىغا يەنى**647** كىلو گىرامغا يەتسە، ئەگەر يەر ئۇنى سۇغارغان سۇ ئۈچۈن پۇل تۆلىنىدىغان يەر بولسا، ئۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى يەنى ئون چارەكتىن يېرىم چارەك ئۆشرە ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئەگەر يەر يامغۇر بىلەن سۇغۇرلىنىدىغان يەر بولسا، ئۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئوندىن بىرى يەنى ئون چارەكتىن بىر چارەك ئۆشرە ئۈچۈن بېرىلىدۇ» دەيدۇ. <فىقھۇززاكات> دېگەن كىتابقا قارالسۇن. ت.

(3) ئەمما يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان ئادەم بولسا، يەرنىڭ پۇلىنى، يەرگە كەتكەن باشقا چىقىملارنى ۋە ئەگەر قەرز بولسا، قەرزىگە بېرىدىغان پۇللارنى ھېسابلاپ چىقىرۋاتقاندىن كېيىن قالغان مەھسۇلات **647** كىلو گىرامغا يەتسە، ئەگەر يەر

**باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى ، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اللہ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ»[1] يەنى ئايەت ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆشرىسىنى ئۇلارنىڭ ھوسۇلىنى يىغقان كۈندە (قانچىلىك چىقسا ھەممىسىنى ھېسابلاپ) بېرىشكە بۇيرۇدى.**

**ئەگەر ھوسۇل سۇ ئاپىتىگە، ئوت ئاپىتىگە، چېكەتكە ئاپىتىگە، ھاۋا كېلىماتىنىڭ بەك ئىسسىق بولۇپ كېتىشىگە ياكى سوغۇق بولۇپ كېتىشىگە ئوخشاش ئىنسان توسۇپ قالالمايدىغان بىرەر ئاپەتنىڭ سەۋەبى بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولسا، ھوسۇل ئىگىسىنىڭ بويىندىن ئۆشرە بېرىش چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم زىرائەتنى پىشىشتىن ئىلگىرى ساتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى سېتىپ ئالغۇچى بېرىدۇ. ئەگەر پىشىپ بولغاندىن كېيىن ساتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ساتقۇچى بېرىدۇ[2].[3]**

# ئۆشرە ـ زاكاتلار بېرىلىدىغان ئادەملەر

پۇل تۆلەپ سۇغۇرلىدىغان يەر بولسا، ئۆشرە ئۈچتىن ئونىنىڭ بىرىنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ. ئەگەر يەر يامغۇر بىلەن سۇغۇرلىدىغان يەر بولسا، ئۆشرە ئۈچتىن ئونىنىڭ بىرىنى بېرىدۇ. يەر ئىگىسىمۇ ئىجارىگە قويغان يېرىدىن كەلگەن پۇلدىن ئۆشرە ئايرىشى لازىم. ئۇمۇ يەرگە تۆلىگەن باج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چىقىملارنى ھېسابلاپ چىقىرۋېتىپ قالغان پۇلدىن ئەگەر يېرى پۇل تۆلەپ سۇغۇرلىدىغان يەر بولسا، ئۆشرە ئۈچتىن ئونىنىڭ بىرىنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ. ئەگەر يېرى يامغۇر بىلەن سۇغۇرلىدىغان يەر بولسا، ئۆشرە ئۈچتىن ئونىنىڭ بىرىنى بېرىدۇ. <فىقھۇززاكات< دېگەن كىتابقا قارالسۇن. ت.

(1) سۈرە ئەنئام **141** ـ ئايەت.

(2) ئىجارىگە قويغان ئۆيلەردىن، كارىخانىلاردىن، زاۋۇتلاردىن، كىراچىلىق قىلىدىغان ماشىنا، تاكسى، ئاپتۇۋۇز، كېمە ـ پاراخوت ۋە ئايروپىلانلاردىن كىرگەن كىرىمنى ھېسابلاپ ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بارلىق چىقىملىرىغا كەتكەن پۇلنى چىقىرۋەتكەندىن كېيىن يىللىق قالغان ساپ كىرىم، ئەگەر **85** گىرام ئالتۇننىڭ پۇلىغا باراۋەر كەلسە، ئۇ كىرىمدىن ئوندىن بىرى زاكات ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەردىن قولغا كىرگەن ساپ كىرىمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسا، كىرىم دەپ قارالغان پۇلدىن زاكات ئۈچۈن ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىجارىگە قويغان كىچىككىنە ئۆيىدىن كىرگەن كىرىمدىن باشقا كىرىم كىرىدىغان يېرى بولمىسا، زاكات بېرىش ئۈچۈن كىرىمنى ھېسابلىغاندا، كىرىمنىڭ ئۈچتىن ياكى تۆتتىن بىر قىسمىنى تۇرمۇشى ئۈچۈن ئايرىپ ئېلىپ قويۇپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر ئۇنىڭ قولىدا **85** گىرام ئالتۇننىڭ پۇلىغا باراۋەر كەلگىدەك پۇل قالسا، ئۇ پۇلدىن زاكات ئايرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە توغرا كۆز قاراشقا ئاساسەن ھەسەلگىمۇ ئۆشرە كېلىدۇ. بۇ قاراش ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇر. بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىمدا ئالغان ھەسەلى، ئۇنىڭغا كەتكەن بارلىق چىقىملارنى ھېسابلاپ چىقىرۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇلى بىلەن **647** كىلو گىرام بۇغداي سېتىۋالغۇدەك مىقداردا بولسا، ئۇ ھەسەلنىڭ ئونىنىڭ بىرى ئۆشرە ئۈچۈن ئېلىنىدۇ. <فىقھۇززاكات> دېگەن كىتابقا قارالسۇن. ت.

(3) «رد المحتار»، **2** ـ توم، **54** ـ بەت.

ﷲ تائالا ئۆشرە ـ زاكاتلار بېرىلىدىغان يەرلەرنى ۋە ئۇنىڭغا ھەقلىق كىشىلەرنى ئوچۇق ھالەتتە بايان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆشرە ـ زاكاتلارنىڭ ئۇلاردىن باشقا ئادەملەرگە بېرىلىشى توغرا بولمايدۇ. ﷲ تائالا ئۇ كىشىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ﷲ نىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ﷲ نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ﷲ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1]

## پېقىرلارنىڭ بايانى

پېقىرلار بولسا، قولىدا مال ـ مۈلكى بار، لېكىن ئۇ مال ـ مۈلك زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتمەيدىغان ياكى ئولتۇرىدىغان ئۆيگە، كىيىم ـ كېچەككە ۋە ئالىم كىشى بولسا كىتابقا ئوخشاش زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن خەجلىنىپ تۈگىتىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى مال ـ مۈلك ئۇلارنىڭ ئۇ ئېھتىياجلىرىدىن ئېشىپ قالسا، ئۇلار پېقىر ھېسابلانمايدۇ ۋە ئۇلارغا زاكات ئېلىش ھارام بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ زاكاتتىن باشقا پىتىر سەدىقىسىگە، قۇربان ھېيتتا سەدىقە ئۈچۈن بېرىلىدىغان قۇربانلىق گۆشىگە ۋە ئارىسىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان يېقىن تۇغقانلارنىڭ بەرگەن نەپىقىسىگە ئوخشاش سەدىقىلەرنى ئېلىشى توغرا بولىدۇ.[2]

## مىسكىنلەرنىڭ بايانى

مىسكىنلەر بولسا، قولىدا ھېچنەرسە يوق كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ ئىقتىسادي ئەھۋالى پېقىرلارنىڭكىدىن ئېغىردۇر. ﷲ تائالا مىسكىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: «ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل )گە تاماق بەرمەكتۇر»[3] يەنى مىسكىن ھالى بەك ناچار بولغانلىقتىن تۇپىغا چاپلىشىپ كەتكەن كىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ، ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە كىيىم ـ كېچىكى ئۈچۈن باشقىلاردىن زاكات ئېلىشقا ئېھتىياجى

(1) سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت.

(2) «الهداية العلائية».

(3) سۈرە بەلەد 16 ـ ئايەت.

باردۇر. بۇ، ئەگەر ئۇ مىسكىن جېنىنى باقىدىغان هۆنەرگە ياكى تىجارەتكە ئوخشاش بىرەر ئىشنى قىلالمايدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ جېنىنى باقىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىشقا قادىر بولسا، ئۇنىڭ زاكات ئېلىشى هارامدۇر. ئەگەر ئۇ مىسكىن جېنىنى باقىدىغان ئۇ ئىشنى ئۆزىنى جىهاد قىلىشقا ياكى دىنىي ئىلىم ئۆگىنىشكە ئوخشاش الله تائالانىڭ يولىغا ئاتاش بىلەن تاشلىغان بولسا، يەنە ئۇنىڭ زاكات ئېلىشى توغرا بولىدۇ. الله تائالا، ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ يولىغا ئاتىغان پېقىرلارغا زاكات بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۆزىنى الله يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللار غا خەير ـ ئېهسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېهسان قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر»[1]

زاكاتنى بەك ئېهتياجى بولمىسا، ئېلىش ياخشى ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: »مېلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سورىغان ئادەم ھەقىقەتتە ئوتنى سورايدۇ. ئۇ ئادەم ياكى ئوتنى ئازايتسۇن ياكى ئوتنى كۆپەيتسۇن.« بۇ، ئېهتياجى بولمىسىمۇ مال توپلاش ئۈچۈن كىشىلەردىن زاكات ئالىدىغان كىشىلەردۇر.

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەردىن ھەمىشە (زاكاتقا ۋە سەدىقىغا ئوخشاش) بىر نەرسە سورايدىغان ئادەم قىيامەت كۈنى يۈزىدە بىرەر پارچىمۇ گۆش يوق هالدا كېلىدۇ.«[2] ئەل خىتابىي مۇنداق دەيدۇ: « بۇ ھەدىس قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەم قەدرى ـ قىممىتى ۋە يۈزى يوق، پەس هالەتتە كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىشكىمۇ ياكى ئۇ ئادەم يۈزىنى پەس قىلىپ كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئازاب پەس قىلىپ تىلەمچىلىكنى باشلىغان ئەزاسى بولغان يۈزىدىن باشلىنىپ تاكى يۈزىنىڭ گۆشى چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر ئازاپلىنىدۇ، دېگەن مەنانى بېرىشكىمۇ، ياكى باشقىلار ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىدە گۆش

(1) سۈرە بەقەرە 273 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

يوقلىقتىن ئۇنىڭ شۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇشى ئۈچۈن يۈزىنىڭ ھەممىسى سۆڭەك ھالەتتە كېلىدۇ، دېگەن مەنانى بېرىشكىمۇ ئېھتىمالى باردۇر»[1]

پېقىر ۋە مىسكىنلەرنىڭ زاكات ۋە سەدىقىلەرنى ئېلىشى توغرىدۇر. لېكىن ئۇلار زاكات ۋە سەدىقىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلىشىنى سورىماسلىق ۋە تەمە قىلماسلىق لازىم. بۇ ھەقتە ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا سوۋغا بېرەتتى. مەن ئۇنى مەندىنمۇ كەمبەغەلرەك كىشىگە بەرگىن، دەيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »بۇنى ئالغىن! قاچانكى ساڭا مۇشۇ ماللاردەك بىرەر نەرسە كېلىپ قالغان، سەن ئۇ مالنى تاما قىلمىغان ياكى سورىمىغان بولساڭ، ئۇنى ئالغىن. ئەگەر ئۇ سوۋغا (سەن سورىماستىن) كەلمىسە، كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭغا مايىل قىلمىغىن«[2] دەيتتى.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غەنىمەتلەردىن بېرىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا غەنىمەتلەردىن بەردى. ئۇلار يەنە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بەردى. ئۇلار يەنە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بەردى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بەرگىدەك نەرسە قالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا: «مەن، ئۆزەمدىكى ياخشى نەرسىلەرنى سىلەردىن ھەرگىز ئايىمايمەن. كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، اللہ ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ. كىمكى بىھاجەت بولۇشنى خالىسا، اللہ ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ ۋە كىمكى سەۋر قىلىشنى خالىسا، اللہ ئۇنى سەۋر قىلغۇچى قىلىدۇ. بىر ئادەمگە سەۋردىن بەك ياخشى ۋە مول رىزىق بېرىلمىدى«[3] دېدى.

ھەكىم ئىبنى ھىزام (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ماڭا بەردى. يەنە سورىدۇم. يەنە بەردى. يەنە سورىۋىدىم ئۇ يەنە بەردى. ئاندىن: «ئى ھەكىم! ھەقىقەتەن بۇ مال ـ دۇنيا چىرايلىق ۋە شېرىن بىر نەرسىدۇر. كىمكى ئۇنى نەپسىنىڭ قانائىتى بىلەن ئالسا، ئۇ بەركەت قىلىدۇ.

(1) «فتح الباري»، 3 ـ توم، 339 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كىمكى تاما بىلەن ئالسا، يەپ ـ ئىچىپ تويماي ئۇرۇپمۇ تويمىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ ۋە ئۇ بەركەت قىلمايدۇ. ئۈستۈن قول (بەرگەن قول) تۆۋەن قولدىن (ئالغان قولدىن) ياخشىدۇر »[1] دېدى.

مىسكىنلەر ئەسلىدە كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تۇرۇپ بىر نەرسە سورىمايدىغان ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. شۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ مىسكىنلەر بولۇشىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۆچلاندۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنى ئايلىنىپ بىر ـ ئىككى لوقما ۋە بىر ـ ئىككى تال خورما بەرسە، قايتىپ كېتىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس. مىسكىن دېگەن ئۆزىنى بىھاجەت قىلغىدەك بايلىق تاپالمايدىغان، ئۇنىڭ ئاجىزلىقى سېزىلمىگەچكە ئۇنىڭغا سەدىقىمۇ بېرىلمەيدىغان ۋە كىشىلەردىن تىلەشنى خالىمايدىغان كىشىدۇر.»[2]

## زاكات خادىملىرىنىڭ بايانى

بۇلار بولسا، كىشىلەرنىڭ زاكاتلىرىنى يىغىشقا ۋە ئۇنى پېقىرلارغا ۋە زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بېرىشكە مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن كىشىلەردۇر. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىنى مەخسۇس بۇ ئىش ئۈچۈن ئاجراتقان بولسا، زاكاتتىن ئۇلارغا ھەتتا ئۇلار ئېھتىياجلىرىنى ئوتتۇرھال شەكىلدە قامدىغىدەك مال بېرىلىدۇ.

ئۆزىنى پېقىرلار ئۈچۈن زاكات يىغىشقا ھەقسىز ئاتاپ چىققان ئادەمنىڭ يىققان زاكاتتىن كىچىككىنىمۇ بىر نەرسە ئېلىشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم، ئۆزىنى بۇ ئىشقا دەسلەپتە ھەقسىز ئاتىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ بىر نەرسە ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. مەسچىت سېلىش ياكى ئۇنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن بىر نەرسە يىغقىلى چىققان ئادەمنىڭ يىغقان نەرسىدىن ئىش ھەققى ئېلىشىمۇ توغرا بولمايدۇ.

## دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ بايانى

بۇ ئادەملەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى كاپىر ئادەملەر بولۇپ پەيغەمبەر

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارغا زاكاتتىن بېرەتتى. بىر قىسمى يامان ئادەملەر بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا يامانلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا زاكات بېرىلەتتى. يەنە بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىرگەن، لېكىن ئىمان ئۇلارنىڭ دىللىرىدا تېخى ياخشى ئورۇن ئېلىپ بولالمىغان ئادەملەر بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە دىللىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا مايىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا زاكات بېرىلەتتى.

بۇ خىلدىكى ئادەملەرگە زاكات بېرىش قۇرئاننىڭ ئايىتى بىلەن سابىت بولغان بىر ھۆكۈم ئىدى. كېيىن ئىسلام دىنى كۈچلۈنۈپ كاپىرلارغا زاكات بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشكە ھاجەت قالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە زاكات بېرىش ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا: «سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ قېشىغا بارىسەن. ئۇلارنى بىر الله دىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مېنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇنسا، ئۇلارغا الله نىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئۇلارغا بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇنسا، ئۇلارغا الله نىڭ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرىگە بېرىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. . .»[1] دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرىگە» دېگەن سۆزىدىكى <ئۇلارنىڭ> دېگەن ئالماش بولسا، مۇسۇلمانلارغا قايتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكات دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان كاپىرلارغا بېرىلمەي مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىدىكى پېقىرلارغا بېرىلىدۇ.[2]

## قۇللارنى ئازات قىلىشنىڭ بايانى

قۇللار مەيلى خوجىلىرى بىلەن مەلۇم مىقداردا پۇل تۆلىگەندە ئازات بولۇشقا توختام تۈزۈشكەن قۇل بولسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن ئۇلارنى قۇللۇقتىن ئازات قىلىش ئۈچۈن زاكاتتىن بېرىلىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 61 ـ بەت.

ئىسلام دىنى قۇللارنى ئازات قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇلارنى ئازات قىلىش ئۈچۈن زاكات ئۈچۈن بېرىلىدىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى ئاجراتتى. الله تائالا قۇل ئىگىللىرىنى قۇللار بىلەن توختاملىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار»[1]

## قەرزدارلارنىڭ بايانى

ئۇ، قەرزىنى بەرسە قولىدا زاكات مىقدارىغا يەتكۈدەك مال ـ مۈلۈك قالمايدىغان قەرزدار كىشىدۇر. زاكاتنى قەرزدارلارغا بېرىش قەرزدار ئەمەس پېقىرلارغا بېرىشتىن ياخشىدۇر. چۈنكى قەرزدارلار پۇلغا بەكرەك ئېھتىياجلىقتۇر.

## الله نىڭ يولىنىڭ بايانى

الله نىڭ يولىدىن پېقىرلىق سەۋەبى بىلەن جىھادقا چىقالمىغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن پۇلى يوق يېرىم يولدا توختاپ قالغان ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. يەنە بىر كۆز قاراشتا بۇنىڭدىن ئۆزىنى دىنىي ئىلىملەرگە ئاتىغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. الله تائالانىڭ: «الله نىڭ يولىغا» دېگەن ئايىتىدىن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چىققان بارلىق ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. (يەنى زاكات مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىلسە بولىدۇ.)[2]

## ئىبنى سەبىللەرنىڭ (يەنى يولدا قالغان ئادەملەرنىڭ) بايانى

ئۇ، باشقىلاردىكى قەرزلىرىنى ئالالمىغان ياكى مەلۇم بىر مۇددەتتىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشكە قەرز بەرگەن ئادەمگە ئوخشاش مال ـ مۈلكى بار، لېكىن ئۇ مال ـ مۈلكى مەيلى ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە بولسۇن مەيلى باشقا يەردە

(1) سۈرە نۇر 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 61 ـ بەت.

بولسۇن ئۇنىڭ يېنىدا بولمىغان كىشىدۇر. ئۆزىنىڭ شەھرىدە بولسىمۇ مال ـ مۈلكىدىن ئۇزاقتا قالغان ئادەممۇ ئىبنى سەبىلنىڭ (يەنى يولدا قالغان ئادەمنىڭ) قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمدە ئۇنى زاكات ئېلىشقا لايىق قىلىدىغان سەۋەب تېپىلغاندۇر. ئۇ گەرچە كۆرۈنۈشتە باي بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتتە پېقىردۇر.

بىز بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يولدا قالغان ئادەمنىڭ زاكاتنى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما پېقىر بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. پېقىر زاكاتنى ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئالسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، يولدا قالغان كىشىنىڭ قەرز ئېلىشى ئەڭ ياخشىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ قەرز ئېلىشى پەرز دەرىجىسىدە ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ قەرزلەرنى ئادا قىلالماسلىقى مۇمكىن. خۇددى پېقىر زاكات ئالغاندىن كېيىن باي بولغان بولسا، ئۇنىڭ قولىدا قالغان زاكاتنى سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم بولمىغىنىدەك يولدا قالغان ئادەممۇ زاكات ئالغاندىن كېيىن قولىغا پۇل كىرگەن بولسا، خەجلەپ قولىدا ئېشىپ قالغان زاكاتنى باشقىلارغا سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم ئەمەس.[1]

مانا بۇلار زاكاتنى بېرىش دۇرۇس بولغان سەككىز خىل كىشىلەردۇر. زاكات ئۇلارغا بېرىلگەندە بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك زاكاتنى ئۇلارغا ئىگە قىلىپ بېرىش شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكات مەسچىت سېلىشقا[2]، ئۆلگەن ئادەمگە كېپەنلىك ئېلىشقا ۋە ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا[3] ئوخشاش بىر سىگە ئىگە قىلىپ بېرىش ئىشى ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان ياخشىلىق يوللىرىغا بېرىلمەيدۇ.

(1) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 62 ـ بەت.

(2) كېيىنكى ئالىملارنىڭ بەزىلىرى: «مەسچىت يوق بىر مەھەللىگە مەسچىت سالماقچى بولغان ياكى مەسچىت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىچىك كېلىپ قالغان بولۇپ ئۇنى قايتا سالماقچى بولغان بولسا، زاكاتنى مەسچىت سېلىش ياكى ئۇنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن بەرسە بولىدۇ» دەيدۇ. بۇلانىڭ كۆز قارىشىچە يەنە زاكاتنى دىنىي مەكتەپ سېلىشتەك پايدىسى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا تېگىدىغان يەرلەرگە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. <فىقھۇززاكات> دېگەن كىتابقا قارالسۇن. ت.

(3) يەنى زاكات بېرىدىغان كىشى زاكات ئۈچۈن بەرمەكچى بولغان پۇلنى يانجۇقىدىن چىقىرىپلا ئۆلگەن ئادەمگە كېپەنلىك ئېلىش ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە ئۇ پۇلنى بىر ئادەمگە ئىگە قىلىپ بېرىش دېگەن ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى زاكاتنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ توغقانلىرىنىڭ ئىچىدىن زاكاتقا لايىق بولغان بىرەرسىگە بەرسە، زاكاتنى ئالغان پېقىر ئادەم ئۇ زاكاتنىڭ پۇلى بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە كېپەنلىك ئالسىمۇ ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆتىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن زاكات بەرگۈچى كىشى بىلەن زاكات ئالغۇچى پېقىر شۇنداق قىلىشىشقا پۈتۈشمەسلىك لازىم. ئەگەر زاكات بەرگۈچى كىشى پېقىرغا: مەن ساڭا بۇ زاكاتنى بېرىمەن، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە كېپەنلىك ئالىسەن ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆتەيسەن، دەپ بەرگەن بولسا، بۇ يەنە توغرا بولمايدۇ. ت.

ھايات بار پېقىر ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن (زاكات پۇلىنى ئۇ پېقىر ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزماستىنلا) زاكات بىلەن ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى زاكات ئۇ ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ قەرزىگە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن زاكات خۇددى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلۇپ بېرىلگەندەك ۋە قەرز ئىگىسى زاكات بەرگۈچىدىن زاكاتنى پېقىرغا ۋاكالەتەن ئالغاندەك بولىدۇ.

ساراڭغا ياكى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغان بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا زاكات بېرىلمەيدۇ. لېكىن دادىسىغا ياكى ۋەسىيەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى قولىغا ئالغان ئادەمگە ئوخشاش ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشى، ئەگەر ئۇ ئىككىسى ئۈچۈن زاكاتنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېيىن ئۇ ئىككىسى ئۈچۈن ئىشلىتىپ بەرسە بولىدۇ.

ئەگەر كىچىك بالا قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدىغان بالا بولسا، زاكاتنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىشمۇ توغرا بولىدۇ.

ئارىسىدا ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت بار ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ ـ يەنە بىرىگە زاكىتىنى بېرىشى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلانىڭ ئارىسىدا زاكات پۇلىدىن كېلىدىغان پايدا ئورتاقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارىسىدا ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت بار ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ ـ يەنە بىرىگە بەرگەن زاكاتتا <بېرىش> دېگەن مەنا مۇكەممەل بىر شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكات بەرمەكچى بولغان ئادەم زاكىتىنى مەيلى ئاتا ـ ئانىسى بولسۇن ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولسۇن ئاتا ـ ئانىسى تەرەپكە بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك زاكىتىنى يەنە بالىسى بولسۇن مەيلى باللىرىنىڭ باللىرى بولسۇن باللىرى تەرەپكىمۇ بەرمەيدۇ. زاكات زىنادىن تاپقان بالىسىغا ياكى: بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس، دەپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە تانغان بالىسىغىمۇ بېرىلمەيدۇ.

ئەمما زاكاتنى ئۇلاردىن باشقا پېقىر بىر توغقانلىرىغا، تاغىللىرىغا ۋە هامما ئاچىللىرىغا بەرسە بولىدۇ. بەلكى زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش باشقىلارغا بەرگەندىن ياخشىدۇر. چۈنكى زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش ئارقىلىق ھەم زاكاتنى ئادا قىلغانلىقتىن ھەم ئورۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرگەنلىكتىن (يەنى سىلە رەھمى قىلغانلىقتىن) ئىبارەت ئىككى ئىشنى قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇدنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئايالى زەينەپ

مۇنداق دەيدۇ: مەن مەسچىتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: »ئى ئاياللار گۇرۇھى! زىنىنەت بۇيۇمىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار« دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن (يولدىشىم) ئىبنى مەسئۇدقا ۋە ئالدىمدىكى يېتىم ـ باللارغا نەپىقە بېرىپ كېلىۋاتاتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىبنى مەسئۇدقا: سەن بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەگەر مەن ساڭا ۋە ئالدىمدىكى يېتىم باللىرىمغا سەدىقە قىلسام بولامدۇ، بولمامدۇ؟ سوراپ باققىن، دېدىم. ئىبنى مەسئۇد: ئۆزەڭ بېرىپ سورىغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەنسارلىق بىر ئايال بار ئىكەن. ئۇنىڭ سورىماقچى بولغىنىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. بىلال بىز تەرەپكە چىقىپ قالدى. بىز ئۇنىڭغا: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئايال سەدىقىلىرىنى ئەرلىرىگە ۋە ئالدىلىرىدىكى يېتىم باللىرىغا بەرسە دۇرۇس بولامدۇ، بولمامدۇ؟ دەپ سورايدىكەن، دېگىن. بىراق بىزنىڭ كىملىكىمىزنى دېمىگىن، دېدۇق. بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »ئۇلار كىم؟« دېدى. بىلال: بىرى ئەنسارىلاردىن ۋە يەنە بىرى زەينەب، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »ئۇ قايسى زەينەب؟« دېدى. بىلال: ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »ئۇ ئىككىسىگە ئىككى ئەجىر باردۇر. بىرى: يېقىنلىرىغا سەرپ قىلغانلىقنىڭ ئەجرى ۋە يەنە بىرى: سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ئەجرى«[1] دېدى.

ئارىسىدا ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەت بار ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ ـ يەنە بىرىگە زاكىتىنى بېرىشى توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەر تالاق قىلىۋاتقان، لېكىن ئىددەتىنىڭ ئىچىدىكى ئايالىغىمۇ زاكىتىنى بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئايالمۇ ئېرىگە زاكىتىنى بەرمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) ئايال ئېرىگە زاكىتىنى بەرسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ[2]. ئۇ ئىككى ئىمام ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەن ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى زەينەپنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى زاكاتقا ئەمەس نەپلە سەدىقىغا قاراتتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەردىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد، ئىمام شافىئىي، بىر رىۋايەتتە ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) باي بىر ئايال ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئۆزىنىڭ پېقىر ئېرىگە بەرسە بولىدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر. ت.

ئايال ئېرىگە زاكىتىنى بەرسە بولمايدۇ، دېدى.)

زاكاتنى باي ئادەمگە بېرىش توغرا بولمايدۇ. باي دېگەن زۆرۈر ئېھتىياجلىرىدىن ئېشىپ زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتكۈدەك ئارتۇق مال ـ دۇنياغا ئىگە كىشىدۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىجارىگە قويىدىغان دۇكان ۋە ئۆيلىرى بار، لېكىن ئۇ ئىجارىدىن كىرگەن كىرىم ئۆزىگە ۋە بالىۋاقىلىرىغا يەتمەيدىغان بولسا، ئۇ ئادەم پېقىر ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ زاكات ئېلىشى توغرا بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرىۋاتقان، لېكىن زۆرۈر بولغان ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئۆيى بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ زاكات ئېلىشى توغرىدۇر.

ئايال كىشى، ئۇ ياتلىق قىلىنغاندا ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان ئۆي جاھازىلىرى بىلەن باي ھېسابلىنامدۇ؟ توغرىسى ئۆي جاھازىلىرىغا، كىيىم ـ كېچەككە ۋە ئۆي سايمانلىرىغا ئوخشاش بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەر، زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئايال ئۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن باي ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۆيدە بۇلاردىن باشقا زاكات مىقدارىغا يەتكۈدەك زىننەتلەش ئۈچۈن ئۆيگە تىزىلغان قاچا ـ قۇچا ۋە گىلەملەر بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال باي ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ زاكات ئېلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم باي بولسا، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىمۇ ئۇنىڭ بايلىقى بىلەن باي ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىچىك بالىغا زاكات بېرىش توغرا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بالىسى ئۇ ئادەمنىڭ باي بولۇشى بىلەن باي ھېسابلانمايدۇ. (شۇڭا ئەگەر ئۇ بالا پېقىر بولسا، ئۇنىڭغا زاكات بەرسە بولىدۇ.) شۇنىڭدەك يەنە دادا بالىسىنىڭ باي بولۇشى بىلەن باي ھېسابلانمايدۇ ۋە ئايال ئېرىنىڭ باي بولۇشى بىلەن باي ھېسابلانمايدۇ[1]. ياتلىق بولۇپ بولغان باينىڭ قىزىنىڭ دادىسىنىڭ بايلىقى بىلەن باي ھېسابلىنىشى ياكى ھېسابلانماسلىقى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. توغرىسى ئۇ قىز دادىسىنىڭ باي بولۇشى بىلەن باي ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقىلار زاكىتىنى بەرسە بولىدۇ.[2]

قەرزدار پېقىردىن ياكى بالىۋاقىلىرى بار پېقىردىن باشقا پېقىرلارغا

(1) يەنى بالىس باي پېقىر ئادەمگە ۋە ئېرى باي پېقىر ئايالغا باشقىلار زاكاتلىرىنى بەرسە بولىدۇ. ت.

(2) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 66 ـ بەت.

زاكاتنى، زاكات مىقدارىدىن[1] ئارتۇق بېرىش مەكرۇھتۇر. بىر پېقىرغا زاكاتتىن پەقەت ئۇنىڭ بىر كۈنلۈككە يەتكۈدەك بېرىش مۇستەھەپتۇر. ئەسلىدە توغرىسى زاكات ئايرىماقچى بولغان ئادەمنىڭ زاكىتىنى بەرمەكچى بولغان پېقىرنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ بار يوقلىقىغا، ئۇنىڭ ئولتۇرىۋاتقان ئۆيدە ئىجارىگە ئولتۇرىدىغانلىقى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئەھۋالىرىغا قارىشى لازىم.

زاكات مەھەللىدىكى پېقىرلارغا بېرىلىدۇ. ئۇنى بىر يۇرتتىن باشقا يۇرتقا يۆتكەش مەكرۇھتۇر. ئەگەر باشقا يۇرتتىكى پېقىر زاكات بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ياكى بەك ئېھتىياجلىق ياكى بەك تەقۋادار ياكى مۇسۇلمانلارغا پايدىسى كۆپ ئادەم بولسا، بۇ ھالەتتە زاكاتنى ئۇ يۇرتقا يۆتكىسە بولىدۇ.

مال ـ مۈلكىگە زاكات كېلىدىغان، لېكىن ئۆزى كاپىرلار شەھرىدە ياشايدىغان ئادەم زاكىتىنى كاپىرلار شەھرىدىكى مۇسۇلمان پېقىرلارغا ئەمەس مۇسۇلمان شەھرىدىكى مۇسۇلمان پېقىرلارغا بېرىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان يۇرتىدا ياشايدىغان پېقىرلار كاپىر شەھرىدە ياشايدىغان پېقىرلاردىن ياخشىدۇر. لېكىن كاپىر شەھرىدە كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلار بولسا، ئەگەر ئۇلارنى پۇل بىلەن قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولسا، زاكاتنى كاپىر شەھرىدىن يۆتكەپ ئولتۇرماي شۇ زاكات بىلەن كاپىرلارنىڭ قولىدىكى مۇسۇلمانلارنى قوتۇلدۇرۇش لازىم.

باشقا يۇرتتا ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بار ئادەم زاكىتىنى شۇ يۇرتقا يۆتكىسە ئۇنىڭ مەكرۇھ ئەمەسلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

تەبرانىي ئەبۇھۇرەيرىدىن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى! مېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالا، ياردىمىگە ئېھتىياجلىق ئۇرۇغ ـ تۇغقىنى بار بىر ئادەمنىڭ (ئۇ ئۇرۇغ ـ تۇغقىنىغا بەرمەي) باشقىلارغا بەرگەن سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالا

(1) يەنى قەرزى ياكى بالىۋاقىللىرى يوق بىر پېقىرغا زاكاتقا ھېساپلاپ 85 گىرام ئالتۇن كەلگۈدەك مىقداردا بىر نەرسە بېرىش مەكرۇھتۇر. ت.

قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمگە قارىمايدۇ.»

زاكات ۋە سەدىقىلەر دەسلەپ (پېقىر) ئەر بىر تۇغقانلىرىغا، ئۇلاردىن قالسا قىز بىر تۇغقانلىرىغا، ئۇلاردىن قالسا ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا، ئۇلاردىن قالسا دادا تەرىپىدىن بولغان تاغىللىرىغا، ئۇلاردىن قالسا دادا تەرىپىدىن بولغان هامما ئاچىللىرىغا، ئۇلاردىن قالسا ئانا تەرىپىدىن بولغان تاغىللىرىغا، ئۇلاردىن قالسا ئانا تەرىپىدىن بولغان هامما ئاچىللىرىغا، ئۇلاردىن قالسا ئۇلاردىن باشقا ئۇرۇغ - تۇغقانلارغا، ئۇلاردىن قالسا قۇلۇم - قوشنىلارغا، ئۇلاردىن قالسا مەھەللىسىتىكى ئادەملەرگە ۋە ئۇلاردىن قالسا شەھىرىدىكى ئادەملەرگە بېرىلىدۇ.

زاكاتنى نادان پېقىرغا بەرگەندىن ئىلىملىك پېقىرغا بەرگەن ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر زاكات بەرمەكچى بولغان ئادەم زاكىتىنى يىل تۈشۈشتىن ئىلگىرى بەرمەكچى بولسا، ئۇنى باشقا يۇرتقا يۆتكىسە توغرا بولىدۇ.[1]

# پىترى سەدىقىسىنىڭ بايانى

پىترى سەدىقىسى بولسا، زاكاتقا ئوخشاش ئىسلامدا مال ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. بۇ هەم <پىترى زاكىتى> دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ هىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى زاكات يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى يولغا قويۇلغاندۇر. ئۇ پىترى سەدىقىسى (يەنى روزىدىن ئېغىزنى ئاچىدىغان كۈننىڭ سەدىقىسى) دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇ سەدىقە روزا تۈتۈشتىن توختاپ ئېغىزنى ئاچقانلىق مۇناسىۋەت بىلەن ۋاجىپ بولىدۇ.

<پىترى> دېگەن سۆز (روزىدىن ئېغىزنى ئېچىش، دېگەن مەنانى بېرىدىغان <فىترى> دېگەن سۆزدىن ئەمەس) يارىتىلىش دېگەن مەنانى بېرىدىغان <پىترەت> دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى پىترى سەدىقىسى مالغا ئەمەس جانغا قاراشلىقتۇر[2]. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئالىملار ئۇ سەدىقىنى <باش سەدىقىسى> ۋە <تەن زاكىتى> دەپ ئاتاپ كەلدى. لېكىن بۇ ھەقتىكى ئەڭ توغرا قاراش بۇ سۆزنى روزىدىن ئېغىزنى ئېچىش، دېگەن مەنانى بېرىدىغان <پىترى>

(1) «رد المحتار»، 2 - توم، 69 - بەت.

(2) يەنى بىر ئائىلىدە قانچە جان بولسا، شۇ جاننىڭ ھەر بىرىنىڭ نامىدىن پىترى سەدىقىسى بېرىش لازىم. ت.

دېگەن سۆزدىن كەلدى، دېگەن قاراشتۇر. بۇنىڭ دەلىلى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

ئابدۇرراززاق ئابدۇللاھ ئىبنى سۆئەلەبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت كۈنىدىن[1] بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى تەشۋىق قىلىپ: «مەيلى ھۆر بولسۇن مەيلى قۇل بولسۇن مەيلى چوڭ بولسۇن مەيلى كىچىك بولسۇن سىلەر (بۇغداي بەرمەكچى بولساڭلار) ھەر ئىككى كىشى ئۈچۈن بىر سا[2] بۇغداي، (ئەگەر بۇغدايدىن باشقا نەرسە بەرمەكچى بولساڭلار) ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بىر سا خۇرما ياكى ئارپا بېرىڭلار» دېگەن.[3]

پىترى سەدىقىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئىبنى ئۆمەرنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاردىن بولغان قۇلغا، ئازات كىشىگە، ئەرگە، ئايالغا، كىچىك بالىغا ۋە چوڭ ئادەمگە پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن بىر سا خۇرما ياكى ئارپا بېرىشنى پەرز قىلدى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر (روزا ھېيت) نامىزىنى ئوقۇشقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىنىپ بولۇشىغا بۇيرۇدى» دېگەن سۆزىدۇر.[4]

پىترى سەدىقىسىنى بېرىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۇ، كەسكىن دەلىل بىلەن سابىت بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پىترى سەدىقىسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلانمايدۇ. ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستىكى ئىبنى ئۆمەرنىڭ: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاردىن بولغان قۇلغا، ئازات كىشىگە، ئەرگە، ئايالغا، كىچىك بالىغا ۋە چوڭ ئادەمگە پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن بىر سا خۇرما ياكى ئارپا بېرىشنى پەرز قىلدى> دېگەن سۆزىدىكى <پەرز قىلدى> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن بىر سا خۇرما ياكى ئارپا بېرىشنى بەلگىلەپ بەردى، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ، <پەرز> دېگەن سۆز ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەنالارنىڭ بىرىدۇر.

شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر: «پىترى سەدىقىسى پەرىزدۇر» دېدى. بۇلار

(1) يەنى روزا ھېيت كۈنى دېگەن سۆزنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئەرەببە سۆز بولسا <پىترى> دېگەن سۆزدۇر. بۇنىڭدىن بۇ سۆزنىڭ يارىتىلىش، دېگەن مەنانى بېرىدىغان <پىترەت> دېگەن سۆزدىن ئەمەس روزىدىن ئېغىزنى ئېچىش، دېگەن مانانى بېرىدىغان <فىترى> دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ت.

(2) بىر سا، بىر قاراشتا: 2 ، 157 كىلو گىرامدۇر، يەنە بىر قاراشتا: 2 ، 176 كىلو گىرامدۇر. ت.

(3) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 71ـ بەت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆزىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. بۇ ھەقتىكى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بىلەن شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ بولسا، (مەنادىكى ئەمەس) پەقەت ئاتالغۇدىكى ئىختىلاپتۇر[1]. چۈنكى، شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ پىترى سەدىقىسى پەرىز دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭغا ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدىغان پەرىزنى مەقسەت قىلمايدۇ. مانا بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ۋاجىپ دېگەن سۆزنىڭ مەناسىدۇر.

ئىبنى ئۆمەرنىڭ (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاردىن بولغان قۇلغا، ئازات كىشىگە، ئەرگە، ئايالغا، كىچىك بالىغا ۋە چوڭ ئادەمگە پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن بىر سا خورما ياكى ئارپا بېرىشنى پەرىز قىلدى> دېگەن سۆزىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغانلارغا پىترى سەدىقىسىنى بېرىش پەرزدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىمىغانلارغا پىترى سەدىقىسىنى بېرىش ۋاجىپتۇر، دېگەن جاۋاپنى بېرىشكىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «ۋاجىپ دېگەن ئاتالغۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يوق ئىدى» دەيدۇ.[2]

پىترى سەدىقىسىنى بېرىش، قەرزگە ۋە بالىۋاقىلىرىنىڭ نەپىقىلىرىگە ئوخشاش زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتكۈدەك مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان ھەر بىر مۇسۇلمان ھۆر ئادەمگە ۋاجىپتۇر[3]. پىترى سەدىقىسىنىڭ ۋاجىپلىقى روزا ھېيت كۈنىنىڭ تېڭى ئېتىش بىلەن سابىت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۈنىنىڭ تېڭى ئېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىغا ياكى مۇسۇلمان بولغان ئادەمگە پىترى سەدىقىسىنى بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ.

خۇددى زاكاتتا زاكات بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئەقلى ـ ھۇشىنىڭ جايىدا

(1) ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «پىترى سەدىقىسىنى ۋاجىپ» دېدى. شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر بولسا: «ئۇنى پەرز» دېدى. لېكىن شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ بۇ سۆزىدىن پىترى سەدىقىسىنىڭ خۇددى نامازغا ئوخشاش پەرز ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتمايدۇ. مانا بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ۋاجىپ دېگەن سۆزىدىن مەقسەت قىلىدىغان مەنادۇر. ت.

(2) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 72 ـ بەت.

(3) ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىچە، پىترى سەدىقىسىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇنى بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتكۈدەك مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. پىترى سەدىقىسى مەيلى باي بولسۇن مەيلى باي بولمىسۇن قېشىدا بىر كۈنلۈك يېمەك ـ ئىچمىكى بار ھەممە ئادەمگە پەرزدۇر. ت.

بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشى شەرت قىلىنغىنىدەك پىترى سەدىقىسىدە بۇ سەدىقىنى بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئەقلى ـ ھۇشىنىڭ جايىدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشى شەرت ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پىترى سەدىقىسىنى بېرىش مال ـ مۈلكى بار كىچىك باللارغىمۇ ۋە ساراڭلارغىمۇ ۋاجىپتۇر. پىترى سەدىقىسىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇ ئىككىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم چىقىرىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئۇ ئىككىسىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن پىترى سەدىقىسىنى چىقىرىپ بەرمىسە، پىترى سەدىقىسىنى كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ۋە ساراڭ ئوڭشالغاندىن كېيىن ئادا قىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ زاكات مىقدارىغا يېتىدىغان مال ـ مۈلكى روزى ھېيت كۈنىنىڭ تېڭى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن يوق بولۇپ كەتسە، خۇددى ھەجمۇ بىر ئادەمگە پەرز بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن چۈشۈپ كەتمىگەنگە ئوخشاش پىترى سەدىقىسىنى بېرىشمۇ ئۇ ئادەمنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى پىترى سەدىقىسى (زاكاتقا ئوخشاش ئىنسان ئۇنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولغان ھالەتتە ئەمەس) ئۇنى ئادا قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان بىر ھالەتتە بولغان ۋاقىتدا ۋاجىپ قىلىندى[1]. پىترى سەدىقىسى (بىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى) ئۇنى ئادا قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان ھالەتكە كېلىش بىلەنلا (مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئەھۋالى داۋام قىلسۇن ياكى داۋام قىلمىسۇن) ۋاجىپ بولىدۇ. شۇڭا پىترى سەدىقىسىنى بېرىش ئۈچۈن مالنىڭ كۆپىيىپ ئاۋۇپ تۇرۇشى شەرت ئەمەستۇر. ئەمما زاكات بولسا، ئىنسانغا ئۇنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولغان ۋاقىتدا پەرز بولىدۇ. ئۇ ھالەت بولسىمۇ زاكات بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئۇنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ھالەتتىن ھالقىپ ئۇنى ئادا قىلىش ئۇنىڭغا ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتكە كېلىشىدۇر. چۈنكى ئىنسانغا زاكاتنى ئادا قىلىش پىترى سەدىقىسىنى ئادا قىلىشتىن ئېغىر كېلىدۇ.[2]

پىترى سەدىقىسىنى، ئۇنى بېرىش لازىم بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ نامىدىن ۋە پېقىر كىچىك باللىسىنىڭ نامىدىن بېرىدۇ. ئەمما ئەگەر بالاغەتكە يەتكەن باللىسى

(1) يەنى زاكاتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئۇنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ھالەتتىن ھالقىپ ئۇنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولۇشى شەرتتۇر. ئەمما پىترى سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر ئىنساننىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى پەقەت ئۇنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولىدىغان بىر ھالەتتە بولۇشىلا شەرتتۇر. ت.

(2) «رد المحتار»، 2 .

ساراڭ ۋە پېقىر بولمىسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ بالىنىڭ نامىدىن پىترى سەدىقىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەم يەنە پىترى سەدىقىسىنى ئۆزىنىڭ قۇلىنىڭ نامىدىنمۇ بېرىدۇ. ئەگەر دادا يوق ۋاقىتتا، بوۋىسى يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ نامىدىن پىترى سەدىقىسىنى بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.

پىترى سەدىقىسىنى ھەر بىر ئادەمنىڭ بېرىشى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا[1] پىترى سەدىقىسىنى بېرىشنى مەيلى ھۆر بولسۇن مەيلى قۇل بولسۇن مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن ھەممە مۇسۇلمانغا پەرز قىلدى.»[2]

ئەر پىترى سەدىقىسىنى ئايالىنىڭ نامىدىن بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى (خۇددى ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئوخشاش) مۇكەممەل ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئايالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە (خۇددى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلغاندەك) ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەر يەنە پىترى سەدىقىسىنى ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن ئەقىللىق بالىسىنىڭ نامىدىن بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ بالىنىڭ، دادىنىڭ قولىدا بولغان ئىگىدارچىلىقى ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ئارقىلىق ئاجىزلىشىدۇ[3]. ئەگەر دادا، بالىسى بىلەن بىللە بالىسىنىڭ ئائىلىسىدە ياشىسا، بالا دادىسىنىڭ نامىدىن پىترى سەدىقىسىنى بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنىڭ ۋە بالاغەتتە يەتكەن بالىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ئۇلارنىڭ نامىدىن پىترى سەدىقىسىنى بەرگەن بولسا، توغرا بولىدۇ. چۈنكى

---

(1) بىر سا، بىر قاراشتا: 2 ، 157 كىلو گىرامدۇر، يەنە بىر قاراشتا: 2 ، 176 كىلو گىرامدۇر. ت

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئەر مەيلى ئايالىنىڭ نامىدىن بولسۇن مەيلى بالاغەتكە يەتكەن بالىسىنىڭ نامىدىن بولسۇن پىترى سەدىقىسىنى بېرىشكە بۇيرۇلمايدىغان ھالەت بولسا، ئايالىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئايرىم بولۇپ ئۇلار پىترى سەدىقىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بېرەلەيدىغان ھالەتتۇر. ئەمما بىر ئايالىنىڭ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ۋە بىر بالا بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مال ـ مۈلكى ئايرىم بولماي بىللە بولۇپ ئۇلارنىڭ پىترى سەدىقىسىنى ئۆزلىرىنىڭ نامىدىن بىرەلىگۈدەك پۇلى بولمىسا، ئەلۋەتتە ئەر پىترى سەدىقىسىنى ئايالىنىڭ نامىدىن ۋە دادا بالىسىنىڭ نامىدىن بېرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بىر ئايالنىڭ دادىسىدىن قالغانغا ياكى ئۆزى ئىشلىگەنگە ياكى تىجارەت قىلىپ تاپقانغا ئوخشاش يوللار بىلەن پۇل تېپىپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم مال ـ مۈلكى بولسا، ئەر ئۇ مال ـ مۈلۈككە خۇددى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنىدەك ھوقۇققا ئىگە ئەمەستۇر. بۇ ھالەتتىمۇ ئۇ ئايالىنىڭ نەپىقىسى ئەرنىڭ ئۈستىگىدۇر. شۇنىڭدەك دادا يەنە بالاغەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن تاپقان بالىسىنىڭ مال ـ مۈلكىگىمۇ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولغىنىدەك ئىگە بولالمايدۇ. ت.

ئادەتتە ئۇلار بۇ ئىشقا ئىجازەت بېرىدۇ.

پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن ئەگەر بۇغداي ياكى بۇغداي ئۇنى بەرمەكچى بولسا، ھەر بىر جان ئۈچۈن يېرىم سا بېرىدۇ. ئەگەر خورما ياكى ئارپا ياكى قۇرۇق ئۈزۈم بەرمەكچى بولسا، ھەر بىر جان ئۈچۈن بىر سا بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز پىترى سەدىقىسىنى تاماقتىن ياكى ئارپىدىن ياكى خورمىدىن ياكى قۇرۇتۇلغان سۈتتىن ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن بىر سا بىرەتتۇق.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇغداي كۆپ ئەمەس ئىدى. شەھەرلەر پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بۇغدايلار كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر يېرىم سا بۇغداينىڭ بىر سا ئارپىغا باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇغداي بەرمەكچى بولسا، يېرىم سا بۇغداي بەرسىمۇ بولىدۇ» دېدى ۋە شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئۇلار بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھۋاللار ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ باھالىرى ئۆزگىرىپ كەتسىمۇ ئۇ ھۆكۈم تاشلىنىپ باشقا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنمايدۇ[2]. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز پىترى سەدىقىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسدا تاماقتىن ياكى خورمىدىن ياكى ئارپىدىن ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن بىر سا بىرەتتۇق. مۇئاۋىيەنىڭ زامانىغا كەلگەندە شەھەرلەر پەتھى قىلىندى ۋە بۇغدايلار كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە: «بۇغداينىڭ بىر مۇدى[3] باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىككى مۇدىغا تەڭ كەلگۈدەك دەپ قارايمەن» دېدى.[4]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىچە، پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەمەس ئۇلارنىڭ (ھېيت كۈنلىرىدىكى بازاردىكى باھاسىغا ھېسابلاپ) پۇلىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پىترى سەدىقىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشتىكى مەقسەت بولسا، پېقىرلارنىڭ ھېيت كۈنىدىكى ئېھتىياجلىرىنى قامداشتۇر. ئۇ كۈندە پېقىر يىمەك ـ ئىچمەكتىن باشقا نەرسىگە بەك ئېھتىياجلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «توقچۇلۇق ۋە ئازادىچىلىك چاغدا

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) يەنى بۇغداي بەرمەكچى بولسا، يېرىم سا بۇغداي بېرىش ساھابىلەر بىرلىككە كەلگەن مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەھۋاللار ۋە بازار باھاسى ئۆزگۈرۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بۇغداي بەرمەكچى بولغان ئادەم يەنە يېرىم سا بۇغداي بېرىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(3) تارازى ئۆلچىمى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

پىترى سەدىقىسى ئۇچۇن بۇغداي ياكى ئارپا بەرگەنلىكىڭدىن ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگەنلىكىڭ ياخشىدۇر. ئەمما ئاچارچىلىق ۋە قاتتىقچىلىق چاغدا پىترى سەدىقىسى ئۇچۇن بۇغداي ياكى ئارپىنىڭ پۇلىنى بەرگەنلىكىڭدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى بەرگەنلىكىڭ ياخشىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر پېقىرلارنى روزا ھېيت كۈنىدە ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ بىر نەرسە سورىشىدىن بىھاجەت قىلىڭلار»[1] دېگەن» دېدى. پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن باھاسىغا قاراپ بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى بېرىش، نانغا ۋە قۇناقىقا ئوخشاش ھەدىستە ئىسمى كەلمىگەن نەرسىلەرنى بەرمەكچى بولغاندا، ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[2].[3]

پىترى سەدىقىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى مۇئەييەن بىر ۋاقىتقا قاراشلىق ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى روزى ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پىترى سەدىقىسىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق خۇددى زاكاتقا ئوخشاش ئۇنى پالانى ۋاقىتتا ئادا قىل! دەپ كەلمىدى. ئۇنى ھېيت كۈنىدىن ئىلگىرى بېرىشنىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ئەسەردۇر.

نافىئ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پىترى سەدىقىسىنى ئۇنى يىغىدىغان ئادەملەرگە بېرەتتى. ئۇلار ئۇنى روزا ھېيت كۈنىدىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى (پېقىرلارغا) تارقىتىپ بېرەتتى.»[4]

ھەتتا پېقىرلارنى ھېيت كۈنى كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەشتىن بىھاجەت قىلىش ئۈچۈن پىترى سەدىقىسىنى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇغىلى چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىش ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىترى سەدىقىسىنى كىشىلەر نامازغا چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىشكە بۇيرۇتتى.»[5]

---

(1) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي، ئىبنى ئەدىيە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) يەنى ھەدىستە بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈملەرنىڭ ئىسمى كەلدى. بۇ نەرسىلەردە باھاسىنى ئېتىپ بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى بېرىلمەيدۇ. يەنى مەسىلەن: يېرىم سا قۇرۇق ئۈزۈمگە بىر سا ئارپا كېلىدىغان بولسا، پىترى سەدىقىسىگە بىر سا ئارپا بەرمەكچى بولغان ئادەم ئۇنىڭغا ھېسابلاپ يېرىم سا قۇرۇق ئۈزۈم بەرمەيدۇ. چۈنكى ھەدىستە ئەگەر قۇرۇق ئۈزۈم بەرمەكچى بولغان ئادەم بىر سا بىرىدۇ، دەپ كەلدى. ت.

(3) «رد المحتار»، 2 - توم، 76- بەت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىترى سەدىقىسىنى روزا تۇتقان ئادەمنى (ئۇ ئادەم رامىزان ئىچىدە قىلىپ سالغان) پايدىسىز گەپ ۋە تېتىقسىز پاراڭلارنىڭ گۇناھىدىن پاكىزلىسۇن ۋە مىسكىنلەرگە تاماق بولسۇن، دەپ پەرز قىلدى. كىمكى ئۇنى نامازغا چىقىشتىن ئىلگىرى بەرسە، ئۇ قوبۇل قىلىنغان بىر پىترى سەدىقىسى ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۇنى نامازدىن كېيىن بەرسە، (ئادەتتىكى) سەدىقىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.»[1]

پىترى سەدىقىنى بېرىش لازىم بولغان ئادەم ئۇنى بېرىشنى كېچىكتۈرۈش بىلەن ئۇ سەدىقە ئۇ ئادەمنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن ساۋابى كېمىيىپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم پىترى سەدىقىسىنى بىر پېقىرغا ياكى بىر نەچچە پېقىرغا بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بىر نەچچە پېقىرغا بېرىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بىر ئادەم پىترى سەدىقىسىنى بىر نەچچە پېقىرغا بەرسە، ئۇ سەدىقە ئۇلارنىڭ شۇ كۈندىكى ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا پىترى سەدىقىسىنى بىر نەچچە پېقىرغا بەرگەن ئادەم يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەن: «سىلەر پېقىرلارنى روزا ھېيت كۈنىدە ئۇيمۇ - ئۇي كىرىپ بىر نەرسە سورىشىدىن بىھاجەت قىلىڭلار»[2] دېگەن ھەدىسكە خىلاپ ئىش قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ ھەدىسنى، بۇ ھەدىستىن بولغان مەقسەت پېقىرلارنى شۇ كۈندە ئۇيمۇ - ئۇي كىرىپ بىر نەرسە سوراشتىن بىھاجەت قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشىلەر، بىر ياكى ئىككى كىشى ئەمەس بارلىق كىشىلەردۇر، چۈنكى ئائىلىسى بار بىر پېقىر ئادەمنىڭ ئۇ كۈندىكى بارلىق ئېھتىياجلىرى بىر ئادەمنىڭ بەرگەن پىترى سەدىقىسى بىلەن راۋا بولمايدۇ، دەپ قارالسا، پىترى سەدىقىسىنى بىر نەچچە پېقىرغا بەرگەن ئادەم ئۇ ھەدىسكە خىلاپ ئىش قىلغان بولمايدۇ ۋە (ئۇنى بىر نەچچە پېقىرغا بېرىش ئارقىلىق مەكرۇھ ئىش قىلغانمۇ ھېسابلانمايدۇ.)

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، پىترى سەدىقىسىمۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن زاكات بېرىلىدىغان سەككىز خىل ئادەملەرگە بېرىلىدۇ.

(1) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، دارى قۇتنىي ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي، ئىبنى ئەدىيە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

# روزىنىڭ ھۆكۈملىرى

# روزىنىڭ ھۆكۈملىرى

## روزىنىڭ ئۇقۇمى

روزا تۇتۇش، راست تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر روزى تۇتۇش نىيىتى بىلەن روزىغا زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىشتىن ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن توختاش، دېمەكتۇر. مەسىلەن: روزا تۇتۇۋېتىپ ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان ئادەم روزىغا زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىشتىن ھەقىقەتەن توختۇمىغان بولسىمۇ ھۆكمەن توختىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان ياكى ئىچىپ سالغان ئادەمنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى.

راست تاڭ بولسا، (شەرق تەرەپتىكى) ئۇپۇقتا توغرىسىغا كەتكەن ئاقلىقتۇر. ئۇ چاغدا تاڭنىڭ يورۇقلىقى ئاسماننىڭ ئەتراپىغا يېيىلىدۇ. بۇ تاڭ يالغان تاڭدىن 12 مىنۇت كېيىن ئاتىدۇ. ئەمما يالغان تاڭ بولسا، بۆرىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ئاقلىقتۇر. بۇ ئاقلىق بىر ئازدىن كېيىن يوق بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئالەمنى يەنە بىر قېتىم قاراڭغۇلۇق باسىدۇ. بامدات نامىزىنىڭ ۋە روزا تۇتۇشنىڭ ۋاقتى راست تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەرنى بىلالنىڭ ئەزانى ۋە ئۇزۇنىسىغا كەتكەن ئاقلىق (يەنى يالغان تاڭ) سوھۇرلۇق يېيىشتىن چەكلەپ قويمىسۇن. لېكىن (ئاسماندا) توغرىسىغا كەتكەن ئاقلىق پەيدا بولغاندا (تاماق يېيىشتىن توختاڭلار.»[1]

بىلال (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كېچىدە قوپۇپ تەھەججۇد

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلدى.

نامىزى ئوقۇغانلار ئازراق دەم ئېلىۋالسۇن ۋە ئۇخلاۋاتقانلار قوپۇپ بامدات نامىزىغا تەييارلىق قىلسۇن، دەپ تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەزاننى بۇرۇنراق ئوقۇيتتى.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن بىلال ئەزاننى كېچىدە (يەنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن) ئوقۇيدۇ. تاكى سىلەر ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئوقۇغانغا قەدەر سوھۇرلۇق يەڭلار ۋە ئىچىڭلار.»[1]

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار»[2]

روزىنىڭ ئوقۇمىدا بايان قىلىنغان < تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر> دېگەن سۆزدىن شەرق تەرەپتە تاكى ھەقىقى قاراڭغۇلۇق كۆزگە كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كېچە شەرق تەرەپتىن كەلسە، كۈندۈز غەرب تەرەپكە كەينىنى قىلىپ كەتسە، كۈن ئولتۇرسا روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلىدۇ.»[3] يەنى ئىپتارنىڭ ۋاقتى كېلىدۇ ياكى ھەقىقەتەن ئىپتار قىلمىسىمۇ ھۆكمەن ئىپتار قىلىدۇ. چۈنكى كېچە روزىنىڭ ۋاقتى ئەمەستۇر.[4]

روزا تۇتقان ئادەم تاڭ ئېتىش ۋە كۈننىڭ كىرىپ كېتىش ئىشلىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان يەرنىڭ ۋاقتىغا بويسۇنۇشى لازىم. مەسىلەن: يەر تۈزۈلۈشى ناھايىتى ئېگىز يەرلەردە ياشايدىغان ئادەم، يەر تۈزۈلۈشى پەس يەردە ياشايدىغان ئادەملەرگە نىسپەتەن كۈن كىرىپ كېتىپ ئۇلار ئىپتار قىلىپ بولغان بولسىمۇ تاكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنىپ تۇرغان كۈن كىرىپ كەتمىگىچە ئىپتار قىلمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم سەھەردە سوھۇرلۇقنى باشقا يەردە يېگەن، ئاندىن سەپەر قىلىپ ئىپتارغا باشقا بىر يەرگە بارغان بولسا، ئىپتارنى بارغان شۇ يەردە كۈن كىرىپ كەتكەندە قىلىدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ ياكى جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە ئوخشاش

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە بەقەرە 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) «رد المحتار».

كۈنىنىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەنلا تەڭ ياكى ئازراق كېيىن تاڭ ئېتىپ، روزا تۇتماقچى بولغان ئادەم سوھۇردا ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغۇدەك بىر نەرسە يېيىشكىمۇ پۇرسەت بولمايدىغان يەرلەردە ياشايدىغان ئادەملەر، روزا تۇتماقچى بولسا ۋاقتىنى ئۆلچىشى لازىم. ئۇلار ۋاقتىنى ئۆلچىگەندە، شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دىگىنىدەك كېچىنى ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن شەھەرلەرنىڭ كېچىسىگە قاراپ ئۆلچەمدۇ ياكى كېچە ئۇلارنىڭ بىر نەرسە يېگەن ۋە ئىچكەن ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆلچىنەمدۇ ياكى ئۇلار روزا تۇتماي پەقەت ئۇنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟[1]

مەن: شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دىگىنىدەك ئۇلارنىڭ كېچىلىرى، كېچە ـ كۈندۈز بولىدىغان ئۇلارغا ئەڭ يېقىن شەھەرنىڭ كېچىلىرىگە قاراپ ئۆلچىلىشى توغرا، دەپ قارايمەن. شۇنىڭدەك يەنە كېچە ياكى كۈندۈز ئالتە ئاي داۋام قىلىدىغان ئىككى قۇتۇپتىكى شەھەرلەرنىڭ كېچىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەڭ يېقىن شەھەرنىڭ كېچىلىرىگە قاراپ ئۆلچىلىنىشى لازىم.

بىز نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بايان قىلغان بابتا كېچە بولمايدىغان شىمالىي ۋە جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەر بىر 24 سائەتتە بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆلچەپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا نامازنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۆلچەپ ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

بىز (يەنى ساھابىلەر): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ (يەنى دەججال) زېمىندا قانچىلىك تۇرىدۇ؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «40 كۈن تۇرىدۇ، ئۇ 40 كۈننىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك، بىر كۈنى بىر ئايدەك يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەك، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىڭلاردەك بولىدۇ»، دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھېلىقى بىر يىلدەك بولىدىغان ئۇزۇن كۈندە بىر كۈنلۈكنىڭ نامىزىنى ئوقۇساق بولامدۇ؟ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، سىلەر ئۇ كۈننى ئۆلچەپ ھەر بىر كۈندە (24 سائەتتە) بىر كۈننىڭ نامىزىنى ئوقۇڭلار» دېدى.[2]

(1) «رد المحتار».

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# روزىنىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتلىرى

## 1 ـ ھەر كۈنى تۇتۇلىدىغان روزىغا ئۆز ۋاقتىدا نىيەت قىلىش:

ئىبادەت، نىيەت ئارقىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن باشقا ئىشلاردىن پەرقلىنىدۇ.[1]. روزىغا نىيەت قىلىش دېگەن روزا تۇتۇشقا دىلىدە ئىرادە باغلاش، دېمەكتۇر. ئالىملار: «كۈنىمىزدە ئادەملەرنى مەشغۇل قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن روزا ئۈچۈن نىيەتنى ئېغىز بىلەن قىلىشمۇ مۇستەھەپتۇر» دەيدۇ. نىيەتنىڭ توغرا بولىشىنىڭ بىر شەرتى قىلغان نىيەتتىن قايتماي داۋام قىلىشتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم كېچىدە روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىپ بولۇپ تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى قىلغان نىيىتىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم روزا تۇتقۇچى ھېسابلانمايدۇ. روزىنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىپ بولۇپ ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشقا بولىدۇ. روزا تۇتۇش نىيىتىدىن يېنىۋالغان ئادەم ئەگەر نىيەتنىڭ ۋاقتىدا[2] قايتا يەنە روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلسا، ئۇنىڭ روزا تۇتۇشقا قىلغان نىيىتى توغرا بولىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە رامىزاننىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم نىيەت قىلىش لازىم. ئىمام مالىك ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىمام زۇپەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بىر ئاي رامىزاننىڭ روزىسى ئۈچۈن پەقەت بىر قېتىم نىيەت قىلسىلا بولىدۇ.

سەھەردە قوپۇپ سوھۇرلۇق يېگەنلىكنىڭ ئۆزى روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلغانلىقتۇر. شۇنىڭدەك رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتىمۇ روزا تۇتۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ سوھۇرلۇق يېگەن ۋە سوھۇردىن كېيىن: اللہ تائالا خالىسا بۈگۈن روزا تۇتىمەن، دېگەن بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتۇشقا قىلغان نىيىتى يەنە توغرا بولىدۇ.[3]

روزا تۇتۇش ئۈچۈن قىلغان نىيەتتە بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك

(1) يەنى مەسىلەن بىر ئادەمنىڭ ئادىتى ئەتىگەن بىر نەرسە يېسە ئاخشامغا قەدەر بىر نەرسە يېمەسلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىگەندىن باشلاپ ئاخشامغا قەدەر بىر نەرسە يېمىگەنلىكى ئۇنىڭ روزا تۇتقانلىقى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم، بۇ ئىشنى روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن قىلمىغان. ت.

(2) نىيەتنىڭ ۋاقتى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن باشلاپ تاكى كۈن ئىگىلگىلى بىر سائەت قالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ت.

(3) «مراقي الفلاح»

ئۆزىنىڭ روزا تۇتىدىغانلىقىغا دىلىدە ئىرادە قىلىشى ۋە قايسى روزىنى تۇتۇشنى (مەسىلەن: رامىزاننىڭ روزىسىنىمۇ ياكى نەپلە روزىنىمۇ ياكى قازا روزىنىمۇ) تەيىن قىلىشى شەرتتۇر. روزىنى تەيىن قىلىش ھەققىدە بىز ئالدىمىزدىكى بابلاردا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## نىيەتنىڭ ۋاقتى

رامىزاننىڭ روزىسىنىڭ، مۇئەييەن بىر كۈندە روزا تۇتۇشقا ۋەدە[1] قىلغان كۈننىڭ روزىسىنىڭ ۋە نەپلە روزىسىنىڭ نىيىتىنىڭ ۋاقتى روزا تۇتماقچى بولغان شۇ كۈننىڭ ئەتتىگىنىدىن باشلاپ تاكى كۈن ئىگىلگىلى بىر سائەت قالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم تاكى كۈن ئىگىلگىلى بىر سائەت قالغىچە روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم تاڭ ئاتقان ۋاقتىدىن تارتىپ روزا تۇتقان ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن تاكى نىيەت قىلغان ۋاقتقا قەدەر مەيلى قەستەن بولسۇن مەيلى سەۋەنلىك بىلەن بولسۇن يېگەنگە ياكى ئىچكەنگە ياكى جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش روزىغا زىت كېلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلمىغان بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم تاڭ ئاتقاندىن كېيىن روزىغا زىت كېلىدىغان يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭ تۇتماقچى بولۇپ نىيەت قىلغان روزىسى توغرا بولمايدۇ.[2]

بەزى ئالىملار، ئەگەر بىر ئادەم رامىزاننىڭ روزىسىغا ياكى مۇئەييەن بىر كۈندە روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈننىڭ روزىسىغا نىيەت قىلىشتىن ئىلگىرى روزىغا زىت كېلىدىغان يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتۇشقا قىلغان ئۇ نىيىتى توغرا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىبنى ئابىدىن ئۆزىنىڭ <ھاشىيەتۇ رەددۇل مۇھتار> دېگەن ئەسىرىدە بۇ قاراشنى توغرا، دەپ قارىغان.

بىر ئادەم تاڭ ئېتىپ بولغاندىن كېيىن روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىپ مەن: روزىنى نىيەت قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۇتماقچى بولغان روزىسى توغرا بولمايدۇ.

---

(1) ئۇ، مەن الله تائالا ئۇچۇن مۇشۇ ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر كۈندە روزا تۇتۇشقا بەرگەن ۋەدىدۇر.

(2) <الفتاوى الهندية>.

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى، مۇئەييەن بىر كۈندە روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈنىنىڭ روزىسى ۋە نەپلە روزا قاتارلىقلارغا نىيەت قىلغاندا، ئەڭ ياخشىسى كېچىدە قوپۇپ: مەن رامىزان ئېيىنىڭ پەرز روزىسىنى ياكى مەن روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان پالانى كۈنىنىڭ روزىسىنى ياكى تۇتۇش سۈننەت بولغان پالانى نەپلە روزىنى تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق دېمەيلا مەن روزا تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلسىمۇ يەنىلا توغرا بولىۋېرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنىڭ ۋە مۇئەييەن بىر كۈندە روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈنىنىڭ روزىسىنىڭ نىيىتى نەپلە روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەنمۇ بولىۋېرىدۇ[1]. چۈنكى رامىزان ئېيىدا رامىزاننىڭ روزىسىدىن باشقا روزا تۇتۇش يولغا قويۇلمىغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزاندا نىيەت قانداق شەكىلدە قىلىنسۇن قىلىنسۇن ئۇ نىيەت پەقەتلا رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا ھېساب بولىدۇ. ئەمما روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈندە بولسا، ئۇ كۈندە روزا تۇتۇش بۇرۇنلا تەيىن قىلىنىپ بولغانلىقى ئۈچۈن نىيەت قانداق بولسا بولسۇن، ئۇ كۈندە تۇتۇلغان ھەر قانداق روزا تەيىن قىلغان ئۇ روزا ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ. بۇ، ئەگەر رامىزان ئېيىدا نەپلە روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.[2] ئەمما ئەگەر رامىزان ئېيىدا (نەپلە روزا تۇتۇشنى ئەمەس قازا روزىسىنى ۋە تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان روزىغا ئوخشاش) ۋاجىپ روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مۇنداق تەپسىلاتى بار:

ئەگەر رامىزان ئېيىدا شۇنداق نىيەتنى قىلغان ئۇ ئادەم كېسەل كىشى بولسا، ئۇنىڭ ۋاجىپ روزا ئۈچۈن قىلغان ئۇ نىيىتى رامىزان روزىسىغا ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇساپىر ئادەم بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئۇ نىيىتى (رامىزان روزىسىغا ئەمەس) نىيەت قىلغان روزىسىغا ھېساب بولىدۇ[3]. چۈنكى مۇساپىر ئادەمنىڭ (سەپەر ئۈستىدە) روزا تۇتماسلىقىمۇ رۇخسەتتۇر. (لېكىن ئۇ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن رامىزان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن روزا تۇتالمىغان

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم رامىزاندا ياكى روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈندە قوپۇپ: مەن بۈگۈن نەپلە روزا تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ نىيىتى رامىزاننىڭ روزىسى ياكى روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان ئۇ كۈنىنىڭ روزىسى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. يەنى ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى رامىزاننىڭ روزىسىغا، ئەگەر ئۇ كۈن روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈن بولسا، ۋەدە قىلغان روزىسىغا ھېساب بولىدۇ. ت.

(2) <حاشية الطحاوي على مراقي الفلاح>

(3) يەنى بىر مۇساپىر ئادەم رامىزان ئېيىدا ئۈستۈدىكى قازا روزا ئۈچۈن نىيەت قىلىپ روزا تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى قازا روزا ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ. ئەمما كېسەل ئادەم شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى نىيەت قىلغان روزىغا ئەمەس رامىزاننىڭ روزىسى ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ. ت.

ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ (رامىزان ئېيىدا) رامىزاندىن باشقا روزىنى تۇتالايدۇ. چۈنكى مۇساپىرغا رامىزاندا روزا تۇتماسلىقا بېرىلگەن رۇخسەت بولسا، مۇساپىر ئادەم روزا تۇتۇشتىن ئاجىز كېلىپ قالار، دەپ گۇمان قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ ئىش بولسىمۇ بىر ئادەمنىڭ مۇساپىرلىق ھالىتىدۇر. مۇساپىرلىق ھالەت سەپەر ئۈستىدىكى ھەر قانداق ئادەمدە بولىدۇ[1]. ئەمما كېسەل ئادەم مۇساپىر ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. كېسەل ئادەمگە روزا تۇتماسلىقا بېرىلگەن رۇخسەت بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتۇشىدىن ئەمەلىيەتتە ئاجىز كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەگەر كېسەل ئادەم روزا تۇتسا، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە روزا تۇتۇشتىن ئاجىز ئەمەسلىكى ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ[2].[3]

ئەگەر بىر ئادەم روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈندە (نەپلە روزا تۇتۇشنى ئەمەس قازا روزىغا ۋە تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان روزىغا ئوخشاش) باشقا بىر ۋاجىپ روزىنى نىيەت قىلسا، ئۇ مەيلى ساق ئادەم بولسۇن مەيلى كېسەل ئادەم بولسۇن مەيلى سەپەرگە چىقمىغان ئادەم بولسۇن مەيلى سەپەرگە چىققان ئادەم بولسۇن ئۇ روزا نىيەت قىلىپ تۇتماقچى بولغان روزىسىغا ھېساب بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەمگە روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان ئۇ كۈننىڭ روزىسىنى تۇتالمىغانلىقى ئۈچۈن توغرا قاراشقا ئاساسەن قازا ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ.[4]

رامىزان روزىسىنىڭ نىيىتىنى نەپلە روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى رامىزان روزىسىنىڭ نىيىتىنى نەپلە روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن قىلىش رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلىش ھېسابلانمايدۇ. ئۇنداق قىلغان ئادەم دىلىدا رامىزان روزىسىنىڭ پەرزلىكىنى ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ پەقەت نىيىتىدە نەپلە، دەپ نىيەت قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر رامىزان روزىسىنىڭ نىيىتىنى، دىلىدا رامىزان روزىسى

---

(1) يەنى بۇ يەردە: بىر ئادەم مەيلى ئەمەلىيەتتە روزا تۇتۇشتىن ئاجىز كەلسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن سەپەر ئۈستىدىلا بولسا، ئۇنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ئىختىيارى باردۇر. مۇساپىرغا رامىزاندا روزا تۇتماسلىقا بېرىلگەن رۇخسەت بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتۇشتىن ئەمەلىيەتتە ئاجىز كېلىشىگە ئەمەس ئۇنىڭ مۇساپىرلىق بولىشىغا باغلىقتۇر. ئۇ، مۇساپىرلا ئىكەن روزا تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ئىختىيارى بار. دېمەكچىدۇر. ت.

(2) شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا روزا تۇتماسلىقا بېرىلگەن رۇخسەت ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە رامىزان ئېيىدا باشقا روزىنى نىيەت قىلىپ تۇتقان روزىسى نىيەت قىلغان روزىغا ئەمەس رامىزان روزىسىغا ھېساب بولىدۇ. چۈنكى رامىزان ئېيى پەقەتلا رامىزان روزىسىغىلا خاستۇر. ت.

(3) «رد المحتار».

(4) «رد المحتار». ۋە <الدر المختار>.

نەپلە، دەپ ئېتىقاد قىلىپ ياكى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ نەپلە نىيىتى بىلەن قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ.[1]

رامىزان روزىسىدىن ۋە مۇئەييەن بىر كۈندە روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈنىنىڭ روزىسىدىن باشقا تۈردىكى روزىلاردا، ئۇلارنىڭ نىيىتىنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بىر ۋاقىتتا قىلىش ۋە تۇتماقچى بولغان روزىنىڭ قايسى روزا ئىكەنلىكىنى تەيىن قىلىش شەرتتۇر.

ئۇ تۈردىكى رۇزىلار بولسا، رامىزاننىڭ قازاسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا، روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان كۈندە تۇتۇلغان روزا[2]، بۇزىۋاتقان نەپلە روزا ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا، روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان مۇئەييەن كۈندە تۇتۇلمىغان روزىنىڭ قازاسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا ۋە كاففاراتلار ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا قاتارلىق روزىلاردۇر. ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇ روزىلارنىڭ بىرەرسى ئۈچۈن كۈندۈزدە نىيەتنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نىيەت قىلىپ تۇتقان ئۇ روزىسى (تۇتۇشنى نىيەت قىلغان روزا ئەمەس) نەپلە روزا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەپلە روزىنى (بۇزىۋەتمەي) ئاخشامغا قەدەر تۇتۇش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم مېنىڭ نىيەت قىلغان روزام، تۇتۇشنى نىيەت قىلغان روزام ئۈچۈن ھېساب بولماي نەپلە بولىدىكەن، دەپ تۇتىۋاتقان روزىسىنى بۇزىۋەتكەن بولسا، ئەگەر نىيەت قىلغان روزىسى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىدىن باشقا روزا بولغان بولسا، ئۇنىڭ بۇزىۋەتكەن ئۇ روزىسى ئۈچۈن قازا كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نىيەت قىلغان روزىسى بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇزىۋەتكەن ئۇ روزىسى ئۈچۈن قازا كېلىدۇ. چۈنكى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزىمۇ ئەسلىدە بىر روزىدۇر، لېكىن ئۇنىڭدا پەقەت <قازا> دېيىلىدىغان ئارتۇق بىر سۈپەت باردۇر. رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش نىيىتى بىلەن روزا تۇتۇشقا كۈندۈزدە نىيەت قىلىنىپ باشلانغان روزا بولسا، ئۆزىنىڭ قازا دەپ ئاتىلىدىغان سۈپىتىنىڭ توغرا بولۇش شەرتىنى يوقاتتى[3]. ئۇ سۈپەت، ئۆزىنىڭ شەرتىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولسىمۇ روزىنىڭ ئەسلىسى قېلىپ قالدى. ئۇنىڭ روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىش بىلەن ئۇ روزا نەپلە روزىغا ئايلىنىدۇ

(1) <ھاشىيەتۇت تەھتاۋىي>.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم: مەن الله تائالا ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىمەن، دېگەن بولسا، ئۇنىڭ بىر كۈن روزا تۇتۇشى لازىم بولىدۇ.

(3) ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭغا تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى نىيەت قىلىپ بولۇش شەرتىدۇر. ت.

ۋە (شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇنى بۇزۇۋەتسە، نەپلە روزىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر كۈن قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.)[1]

ئەگەر بىر ئادەم: مېنىڭ ئۈستۈمدە بىر قازا روزا بار، دەپ ئۇنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن نىيەت قىلىپ روزا تۇتۇشنى باشلىغان ۋە بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قازا روزىنىڭ يوقلىقىنى بىلگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا تۇتىۋاتقان ئۇ روزىنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەم روزىنى ئۆزىگە لازىم قىلغان بىر شەكىلدە باشلىمىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قازا روزىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى بىر ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ روزىنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قازا روزىنىڭ يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىنلا بۇزۇۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا قازا كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قازا روزىنىڭ يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن روزىنى بۇزۇۋەتمەي ئاز بىر مۇددەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ روزا ئۇنىڭغا تۇتۇش لازىم بولغان بىر روزىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ روزىنى بۇزىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ روزىنى بۇزىۋەتسە، ئۇنىڭغا ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.[2]

بىر ئادەم: ئەگەر مەن ئەتە مېھماندارچىلىققا چاقىرىلسام روزا تۇتمايمەن، ئەگەر ئۇنىڭغا چاقىرىلمىسام روزا تۇتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش روزا تۇتۇش ئۈچۈن ئىككى ئارىدىكى نىيەت بىلەن نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ نىيەتى بىلەن روزا تۇتقان ھېسابلانمايدۇ. بىر ئادەم رامىزاندا روزا تۇتۇشنىمۇ ۋە تۇتماسلىقنىمۇ نىيەت قىلمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇمۇ روزا تۇتقان ھېسابلانمايدۇ.

روزا تۇتىۋاتقان بىر ئادەم تاكى روزىسىنى ھەقىقىي بۇزمىغىچە دىلىدە روزىسىنى بۇزۇشقا نىيەت قىلىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «دىلىدە روزىنى بۇزۇشقا نىيەت قىلىش بىلەن روزا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ.

بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلغان ۋە نىيەت قىلغاندا نىيەتنى ئېغىزىدا سۆزلىمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ

---

(1) «تەقرىراتۇر رافىئىي ئەلا ھاشىيەتى ئىبنى ئابىدىن».

(2) «الهدية العلائية».

كەتمەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە بىر رامىزاننىڭ ياكى ئىككى رامىزاننىڭ روزىلىرىدىن قازاسىنى قىلىدىغان ئىككى كۈن روزا بولغان بولسا، ئۇ ئادەم روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى باشلىغان ۋاقتىدا، قازانى ئەڭ ئەۋۋەل قازا بولۇپ كەتكەن كۈنىنىڭ روزىسىدىن باشلىشى لازىم. ئەگەر قازا روزىنى ئەۋۋەل قازا بولۇپ كەتكەن كۈنىنىڭ روزىسىدىن باشلىماي ئاخىرقى كۈنىنىڭ روزىسىدىن باشلىغان بولسا، قازا يەنە توغرا بولىدۇ.[1]

ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان بىر ئادەم (ﷲ تائالاغا سىغىنىپ ئۇنداق قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن) ئىسلامدىن يېنىۋالغان، ئاندىن يەنە ئىسلامغا قايتىپ كۈن ئىگىلىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇھالەتتە روزا تۇتقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (ئىسلامغا قايتا قايتقاندىن كېيىنمۇ) ئۇ كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتمىغان بولسا، ئۇنىڭغا پەقەت ئۇ كۈنىنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشلا لازىم بولىدۇ، كەففارەت لازىم بولمايدۇ.

## 2 ـ روزا تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ ھەيزگە ۋە نىفاسقا ئوخشاش روزىغا زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن خالى بولۇش

ئايال كىشى رامىزاندا ھەيز كۆرۈپ قالغان ياكى نىفاسدار بولۇپ قالغان بولسا، ھەيز كۆرگەن ياكى نىفاسدار بولغان مۇددەت ئىچىدە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال روزا تۇتقان بولسا، تۇتقان روزىسى توغرا بولمايدۇ. ھەم شەرىئەت ئۇنى روزا تۇتقان ھېسابلىمايدۇ. ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللارنىڭ (روزا تۇتقان ئادەمگە ئوخشاش) رامىزاندا بىر نەرسە يېمەي ۋە ئىچمەي تۇرۇشى ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ ئىككىسىگە روزا تۇتۇش ھارامدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھارام بىر ئىش بىلەن (بىر نەرسە يېمەي ئۆزىنى روزا تۇتقان ئادەمگە) ئوخشۇتۇش ھارامدۇر.[2] ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللارغا ھەيز ۋە نىفاس سەۋەبى بىلەن قانچە كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا، روزىنىڭ قازاسىنى شۇنچە كۈن قىلىش لازىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) «فەتاۋا قازىيخان».

(2) «فەتاۋا قازىيخان».

«بىز ھەيز كۆرەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلدۇق ۋە نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمىدۇق.»

ناماز بىلەن روزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ناماز كۆپ تەكرارلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر (ئاياللار ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلسا)، ئۇلارغا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ئېغىر كېلىدۇ. ئەمما روزا (نامازغا ئوخشاش) كۆپ تەكرارلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ئېغىر كەلمەيدۇ.

روزا مەيلى پەرز روزا بولسۇن مەيلى نەپلە روزا بولسۇن ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان بىر ئايال كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئازراق بۇرۇن ئۆزىدىن ھەيز قېنىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ تۇتىۋاتقان ئۇ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەيلى پەرز روزا بولسۇن مەيلى نەپلە روزا بولسۇن ئۇ ئايالغا ئۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. پەرز روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۇ كۈندە تۇتقان روزىسىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما نەپلە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۇ روزىنى باشلاپ ئۇنى ئاياغلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى روزىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

س: ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللار ھەيز ۋە نىفاسلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن روزا تۇتۇش ئۈچۈن يۇيۇنۇش شەرتمۇ ياكى شەرت ئەمەسمۇ؟

ج: ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللارنىڭ ھەيز ۋە نىفاسلىرىنى تۈگەندىن كېيىن روزا تۇتۇش ئۈچۈن يۇيۇنۇشى شەرت ئەمەستۇر. لېكىن ئۇلار ئەگەر يۇيۇنماي ناماز ئوقۇشنى كېچىكتۈرۈۋەتكەن بولسا، گۇناھكار بولىدۇ.

ئەگەر ھەيز كۆرىۋاتقان ئايالنىڭ ھەيزى 10 كۈندىن ئاز ۋە نىفاسدار ئايالنىڭ نىفاسى 40 كۈندىن ئاز بىر ۋاقىتتا توختىغان بولسا، يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ ئېلىپ كېلىش، كىيىملەرنى سېلىش، يۇيۇنۇش ۋە كىيىملەرنى كىيىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتلارنى ھەيزنىڭ مۇددىتىدىن ۋە نىفاسنىڭ مۇددىتىدىن ھېسابلاش لازىم. شۇنىڭغا ئاساسەن رامىزاندا بىر ئايالنىڭ ھەيز قېنى 10 كۈنگە يەتمىگەن بىر ۋاقىتتا تاڭ ئاتىدىغانغا يۇيۇنغىدەك ۋە <الله ئەكبەر> دەپ قولاق قېقىپ نامازغا كىرىۋالغۇدەك بىر مۇددەت قالغاندا توختىغان بولسا، ئۇ ئايالغا ئۇ كۈننىڭ روزىسىنى تۇتۇش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ھەيزى تاڭ ئاتىدىغانغا

شۇنچىلىك مۇددەت قالغاندا توختىمىغان بولسا، ئۇ ئايالغا ئۇ كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش لازىم بولمايدۇ. لېكىن ئۇ ئايال رامىزاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇ كۈنىنىڭ ئىچىدە تاماق يېمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ كۈندە روزا تۇتسا، تۇتقان روزىسى توغرا بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇ كۈنىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئايالنىڭ ھەيزى پۈتۈن 10 كۈن توشقاندىن كېيىن تاڭ ئاتىدىغانغا ئەڭ ئاز بىر مىنۇت قالغاندا توختىغان بولسا، ئۇ ئايالغا ئۇ كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ھەيزنىڭ قېنى 10 كۈندىن ئارتۇق بولمايدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەم مەيلى ئەر كىشى بولسۇن مەيلى ئايال كىشى بولسۇن روزىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ ئادەمنىڭ جۇنۇپلۇقتىن پاكلىنىشقا ئىمكانى بولسىمۇ ئۇنىڭ جۇنۇپلۇقتىن (تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن) پاكلىنىشى شەرت ئەمەستۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئىمام بۇخارى ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ) بەزىدە جۇنۇپ ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا غۇسلى قىلىۋېلىپ، روزىسىنى تۇتۇۋېرەتتى». لېكىن بىر ئادەم ئەگەر جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنماي ئۇ ھالەتتە داۋام قىلىپ بىر ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتىنى چىقىرۋاتسا ياكى نامازنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇسا، نامازنى ئوقۇمىغانلىقىنىڭ ياكى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغانلىقىنىڭ گۇناھى بولىدۇ. ئۇنىڭ نامازنى ئوقۇمىغانلىقى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغانلىقى ئۇنىڭ شۇ كۈندە تۇتقان روزىسىنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قېلىشىغا ياكى روزىسىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ[2]»[3] نامازنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ تەقۋادار ھېسابلانماسلىقى چۇقۇمدۇر. چۈنكى نامازنىڭ دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ئەمەللىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «كىمكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.»[4]

(1) «ئىرشادۇن ناسى ئىلا ئەھكامىل ھەيز ۋەن نىفاس».

(2) يەنى الله تائالا ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى پەقەت تەقۋادار بولغان ئادەملەردىن قوبۇل قىلىدۇ. ت.

(3) سۈرە مائىدە 27 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

### 3 ـ روزا تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن خالى بولۇش

قايسى ئىشلارنىڭ روزىنى بۇزىدىغانلىقى ۋە قايسى ئىشلارنىڭ بۇزمايدىغانلىقى توغرىسىدا الله خالىسا ئالدىمىزدا توختىلىمىز.

## روزىنىڭ قىسىملىرى

روزا ماھىيەت جەھەتتىن بىر قىسىمدۇر. ئەمما ھۆكۈم ۋە يولغا قويۇلۇش جەھەتتىن بىر نەچچە قىسىمدۇر. ئۇ قىسىملار تۆۋەندىكىلەردۇر:

### 1 ـ مەلۇم بىر ۋاقىتتا تۇتۇش پەرز قىلىنغان روزا

ئۇ بولسىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىدۇر. رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنىڭ پەرزلىكى قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى (يەنى ئىجماسى) بىلەن سابىت بولغاندۇر.

الله تائالا رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۇچۇن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىغانلار ئوچۇق يۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ»[1]

بۇ ئايەت ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى شەئبان ئېيىدا قىبلە ئەقسا مەسچىتىدىن كەبىگە يۆتكىلگەندىن كېيىن رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشنى پەرز قىلىپ چۈشكەن.[2]

(1) سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەت.

(2) <حاشية الطحاوي على مراقي الفلاح>

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ ۋە تۇتمىغان ئادەم پاسىق ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بەش پەرزنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىسلام بەش پەرز ئۈستىگە قورۇلغان. بىرىنچى: الله دىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ئىككىنچىسى: ناماز ئوقۇشتۇر. ئۈچىنچىسى: زاكات بېرىشتۇر. تۆتىنچىسى: ھەج قىلىشتۇر. بەشىنچىسى: روزا تۇتۇشتۇر»[1]

تۆت شەرت تېپىلغان ھەر قانداق ئادەمگە رامىزانىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش پەرزدۇر. ئەگەر ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتالمىسا، ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتۇش پەرزدۇر. روزا پەرز قىلىنىدىغان ئادەمدە تېپىلىش شەرت قىلىنغان تۆت شەرت تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ مۇسۇلمان بولۇش.

2 ـ ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولۇش.

3 ـ بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلارغا پەرز ئەمەس. لېكىن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا مەيلى قىز بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن قىينىلىپ قالماي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالىسا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇشى لازىم. ئۇلارنىڭ قىينىلىپ قېلىش ياكى قالماسلىقى تەن قورۇلۇشىغا، تېنىنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە روزا تۇتىدىغان ۋاقتىنىڭ يازلىق ياكى قىشلىق بولۇشىغا باغلىقتۇر.

ئەگەر بىر بالا ئون ياشقا كىرگەندىن كېيىن روزا تۇتقىلى ئۇنىمىسا خۇددى ئۇنى ناماز ئوقۇمىسا ناماز ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇرغانغا ئوخشاش روزا تۇتتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئۇرسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالا ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا، ئۇنى ئۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار. ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ياتىدىغان جايىنى ئايرىم قىلىڭلار.»[2]

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى. لېكىن ھەدىسنىڭ سۆزى ئىمام بۇخارىنىڭدۇر.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئەگەر كىچىك بالا روزىسىنى بۇزىۋاتسا، ئۇ بالا ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بالا نامازنى بۇزىۋاتسا ئۇنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى نامازنى قايتا ئوقۇش ئۇنىڭغا ھېچقانداق قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.[1]

4 ـ كاپىر دۆلىتىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ رامىزان روزىسىنىڭ پەرز روزا ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. ئەمما مۇسۇلمان دۆلەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئادەمگە رامىزان روزىسىنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بۇ شەرت لازىم ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان بىر ئادەمنىڭ رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئۆزرە ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ.

ئەمما كاپىر دۆلىتىدە ئىسلامغا كىرگەن بىر ئادەم رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇنىڭغا روزىنى تۇتۇش تاكى ئۇ رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر پەرز ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى، بىراۋنى بىلمىگەن بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال ياكى تەقۋا بىر ئەر ئۇ ئادەمگە رامىزان روزىسىنىڭ پەرز روزا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشى پەرز بولىدۇ.[2]

رامىزان ئېيى روزا تۇتۇش ئۈچۈن خاس قىلىنغان ئايدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىنىڭ قەدرى كېچىسىدە بىر قېتىمدىلا بىرىنچى ئاسماندىكى <بەيتۇل ئىززە> دېگەن ئۆيگە چۈشۈرۈلگەن. ئاندىن ئۇ يەردىن يۈز بەرگەن ئىشلارغا ۋە مۇناسىۋەتلەرگە قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چۈشۈرۈلدى.

اللە تائالا قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھا، مىم.

(1) «رد المحتار».
(2) «مراقي الفلاح».

روشەن قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن. بىز قۇرئانىنى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق. ئۇ كېچىدە ھەر بىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنىغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ»[1]) «بىز قۇرئانىنى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق. شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟. شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر»[2]

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنىڭ پەرز بولىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، روزا تۇتۇشقا ھەر كۈنى نىيەت قىلىۋېلىش مۇمكىن بولغىدەك بىر ۋاقىتنى تېپىشتۇر.[3] بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن»[4] بىز يۇقىرىدا روزىنىڭ نىيىتىنى راست تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ تاكى كۈن ئىگىلگىلى بىر سائەت قالغىچە قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئۆتتۇق. ئەمما روزىنىڭ نىيىتىنى كېچىدە، كۈن ئىگىلگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىلىشقا بولمايدۇ. كېچىدە ئىنساندا روزىنى تۇتماقچى بولغان نىيەت ئەمەس پەقەت ئەتە روزا تۇتىمەن دېگەنلا نىيەت بولىدۇ.[5] شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن: بىر ساراڭ رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىنىڭ بىرىدە ئوڭشالغان، ئاندىن ھەتتا تاڭ ئېتىپ بولغىچە يەنە ساراڭ بولۇپ قالغان ياكى كۈن ئىگىلگىلى ئازراق قالغان ۋاقىتتا ئوڭشالغان، ئاندىن يەنە ساراڭ بولۇپ قېلىپ ساراڭلىقى تاكى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ساراڭغا رامىزاننىڭ روزىسىنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ.

مانا بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدە توغرا دەپ قارالغان ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرىسىدۇر. ئۇ قاراشنىڭ يەنە بىرى شۇكى، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنىڭ پەرز بولىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، مەيلى كېچىدە بولسۇن مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن رامىزان ئېيىنىڭ كېچىسىنىڭ بىر قىسمىنى تېپىشتۇر. لېكىن ھەنەفىي مەزھەپىدە ئاساسلىنىدىغان قاراش بولسا، ئىبنى ئابىدىننىڭ دېگىنىدەك

(1) سۈرە دۇخان 1 ــ 4 - ئايەتكىچە.

(2) سۈرە قەدر 1 ــ 3 - ئايەتكىچە.

(3) «الهدية العلائية».

(4) سۈرە بەقەرە 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) «رد المحتار».

ئىككىنچى قاراشتۇر.[1] بۇنىڭغا ئاساسەن رامىزان ئېيىدا ئۇخشالغان سارالىق (مەيلى كېچىدە بولسۇن مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن مەيلى كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن بولسۇن) رامىزاننىڭ ئېيىنىڭ قايسى بىر ۋاقتىدا ئۇخشالسا ئۇخشالسۇن، ئۇنىڭغا رامىزان ئېيىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. كۈنلەر بىر - بىرىدىن ئايرىم بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر كۈن ئۇ كۈننىڭ روزىسىنى تۇتۇشنىڭ پەرز بولۇشىغا سەۋەبچى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ ئىچىدە مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بالاغەتتە يەتكەن بالىغا ياكى ئىسلامغا كىرگەن ئادەمگە رامىزاننىڭ ئېيىنىڭ قالغان كۈنلىرىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش پەرزدۇر. ئۇلارغا رامىزاننىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەستۇر.[2]

## 2 - تۇتۇش پەرز قىلىنغان، لېكىن ۋاقتى مەلۇم بىر ۋاقىتقا تەيىن قىلىنمىغان روزا

بۇ روزا رامىزاننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى ۋە كەففارەت روزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۇنى تۇتماسلىق ئۈچۈن مەيلى بىرەر ئۆزرە بولغان بولسۇن مەيلى ئۆزرە بولمىغان بولسۇن ئۇنى تۇتمىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئۇنى تۇتۇشقا قادىر بولغان چاغدىلا[3] تۇتۇش لازىم بولىدۇ. رامىزان روزىسىنى قانچە كۈن تۇتمىغان بولسا، قازا ئۈچۈن شۇنچە كۈن روزا تۇتۇش لازىمدۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن»[4]

(1) «رد المحتار».

(2) «مراقي الفلاح».

(3) ئۇنى تۇتۇشقا قادىر بولغان چاغدا دېگەن سۆزدىن ئۇ ئادەمگە ئۇنى تۇتقۇدەك بىر ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى لازىم، دېمەكتۇر. ئەگەر ئۇ ۋاقىت ئۆتمىسە، ئۇ ئادەمگە رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولمايدۇ. مەسىلەن: رامىزاننىڭ ئىچىدە 20 كۈن كېسەل ياتقان ئادەم رامىزاندىن كېيىنمۇ كېسەلدىن ساقىيالمايلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەمگە روزىنى تۇتقۇدەك بىر ۋاقىت ئۆتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرىغە ئۇ ئادەمنىڭ تۇتالمىغان روزىلىرى ئۈچۈن پىدىيە بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر رامىزاندا 20 كۈن كېسەل ياتقان ئادەم رامىزاندىن كېيىن پەقەت بەش كۈنلا ساق ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ 20 كۈن روزىنىڭ ئىچىدىن پەقەت بەش كۈننىڭلا قازاسىنى قىلىش لازىم. ئۇ ئادەم ساق ياشىغان ئۇ بەش كۈندە قازاغا ھېسابلاپ روزا تۇتقان بولسا، ئۇ بويىنىدىكى قازا روزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بەش كۈندە قازاغا ھېسابلاپ روزا تۇتمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرىغە ئۇنىڭ تۇتالمىغان 20 كۈن روزىللىرى ئىچىدىن پەقەت بەش كۈنگىلا پىدىيە بېرىش لازىم بولىدۇ. قالغان 15 كۈنگە پىدىيە بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە ئارىلىقتا روزىنى تۇتقۇدەك بىر ۋاقىت ئۆتمىدى. ت.

(4) سۇرە بەقەرە 185 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۇنى بىرەر ئۆزرىنىڭ سەۋەبى بىلەن تۇتالمىغان ئادەمگە پەرز بولسا، ئۇنى تۇتماسلىق ئۈچۈن ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق ئادەمگە ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ئەلۋەتتە پەرزدۇر. ئۇستۇلىرىدە رامىزاننىڭ قازاسى بار ئادەملەرگە ئۇنىڭ قازاسىنى دەرھاللا قىلىش لازىم بولمايدۇ. ئۇنىڭ قازاسىنى كېچىكىپ قىلىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن ئايەت ئۇنىڭ قازاسىنى دەرھال قىلىشنى بۇيرۇمىدى. ئەمما ناماز ئۇنداق ئەمەستۇر. نامازنىڭ قازاسىنى دەرھال قىلىش لازىمدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز (ئوقۇماي) ئۇخلاپ قالغان ياكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئېسىگە ئالغان ۋاقتىدا ئوقۇسا بولىدۇ.»[1] رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا قىلىش لازىم ئەمەس. شۇنداقلا يەنە رامىزاننىڭ قازاسىنى قىلىش مەسئۇلىيىتى ئىككىنچى بىر رامىزاننىڭ كېلىشى بىلەنمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.[2]

ئەمما كەففارەت روزىلىرى بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا:

قەستەت قىلغان قەسىمىنى بۇزغان ئادەم كەففارەت ئۈچۈن بىر قۇل ئازات قىلالمىغان ياكى ئون مىسكىنگە تاماق ياكى كىيىم ـ كېچەك بېرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «الله سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەمڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنى بۇزغانلىقڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر»[3]

2 ـ ئايالىنى ئوخشاتقان (زىھار قىلغان) ئادەم كەففارەت ئۈچۈن تۇتۇدىغان روزا:

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) «رد المحتار».

(3) سۈرە مائىدە 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ روزا ئايالىنى (ئانىسىغا ئوخشاش) ئۆز ـ ئارا نىكاھلىنىش مەڭگۈ ھارام بولغان ئاياللارنىڭ بىرىگە ئوخشاتقان (يەنى زىھار قىلغان) ئادەمگە، ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا شۇ ئىشىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر قۇل ئازات قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ۋاقىتتا تۇتۇش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەم كەففارات ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان بۇ روزىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۇلاپ ئىككى ئاي تۇتىدۇ.

ئايالىنى ئوخشاتقان ئادەم بولسا، ئايالىنى (ئانىسىغا ئوخشاش) ئۆز ـ ئارا نىكاھلىنىش مەڭگۈ ھارام بولغان ۋە ئەۋرەت يەرلىرىگە قاراشقا بولمايدىغان بىر ئايالغا[1] ئوخشاتقان ئادەمدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ماڭا خۇددى ئانامنىڭ ئۆشنىسىگە[2] ئوخشاش دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تاكى كەففارەت بەرگەنگە قەدەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى ئايالىدىن باشقا بىر خىل يول پايدىلىنىشى ھارامدۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا ) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى ) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازات قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازات قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا ) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)، بۇ (ئەھكام) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمىر قىلغان ئىشلارغا ) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار اللهنىڭ قانۇنىدۇر، (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ »[3]

3 ـ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قالغانلىقىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا:

بۇ روزىمۇ خۇددى ئايالىنى ئوخشاتقان ئادەمگە تۇتۇش لازىم بولغان روزىغا

(1) بۇ مەسىلەن ھەمشىرىسىگە، ھامما ئاچىلىرىغا ۋە ئېمىتكەن ئانىسىغا ئوخشاش ئاياللاردۇر. ت.

(2) شۇنىڭدەك يەنە سەن ماڭا خۇددى ئانامنىڭ قۇرسىقىغا ياكى يوتىسىغا ئوخشاش دېسىمۇ ئايالىنى ئوخشاتقان ھېسابلىنىدۇ. ت.

(3) سۈرە مۇجادەلە 3 ــ 4 ـ ئايەتلەر.

ئوخشاش ئىككى ئاي ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۇلاپ تۇتۇلىدۇ. بۇ روزىنى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قالغان ئادەم بۇ قىلمىشىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازات قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندىن كېيىن تۇتۇش لازىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك»[1]

الله تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم (يەنى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم) (تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن) ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[2]

4 ـ رامىزان روزىسىنى تۇتمىغانلىقىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا:

الله تائالا خالىسا بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا ئايرىم بىر بۆلۈمدە كېلىدۇ.

5 ـ ئوۋ ئوۋلاپ قويغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا:

ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغان ياكى ئوۋ ئوۋلايدىغان باشقا بىر كىشىگە ئوۋلىنىدىغان ئوۋنى كۆرسىتىپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوۋ جازاسى كېلىدۇ. ئوۋ جازاسى بولسا، ئوۋ يېرىدىن ئادىل ئىككى كىشى ئوۋنى باھالايدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ باھاغا (قويغا ۋە كالىغا ئوخشاش) ھايۋان سېتىۋېلىپ مەككىگە ئاپىرىپ قوربانلىق قىلىدۇ ياكى خالىسا ئۇ باھاغا بۇغداي سېتىۋېلىپ ھەر بىر مىسكىنگە يېرىم سادىن[3] سەدىقە قىلىدۇ، ياكى خالىسا ھەر يېرىم سا بۇغداينىڭ ئورنىدا بىر كۈن روزا تۇتىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋ غا ئوخشاش

(1) سۈرە نىسا 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نىسا 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بىر سا، بىر قاراشتا: 2 ، 157 كىلو گىرامدۇر، يەنە بىر قاراشتا: 2 ، 176 كىلو گىرامدۇر. ت.

ئۆي هايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى هەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر»[1]

**6 ـ بىرەر ئۆزرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېهرام ئىچىدە قىلىپ قويغان جىنايەتنىڭ پىدىيەسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا:**

هەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېهرام باغلىغان ئادەم بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن خۇش ـ بۇي نەرسە قوللانغان ياكى بېشىنى چۈشۈرگەن، ياكى يىپ بىلەن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك كىيگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە بىر قوي قۇربانلىق قىلىش ياكى هەر بىرىگە يېرىم سا بوغدايدىن ئالتە مىسكىنگە سەدىقە قىلىش ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دېدى: «سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرسە زىيان قىلىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرمىسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن»[2][3]

**7 ـ هەجدىن بەهرىمەن بولغان ياكى بىر ئېهرام بىلەن هەج ۋە ئۆمرىنى تەڭ قىلغان ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان قۇربانلىقنىڭ ئورنىدا تۇتۇلىدىغان روزا:**

ئۇ روزا ئون كۈن بولۇپ هەجدىن بەهرىمەن بولغان[4] ياكى بىر ئېهرام باغلاش بىلەن هەج ۋە ئۆمرىنى تاماملىغان ئادەم قۇربانلىق قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندە ئۇ ئادەمگە تۇتۇش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئون كۈن روزىنىڭ ئۈچ كۈننى

---

(1) سۈرە مائىدە 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى بۇ ئايەتنىڭ بىر خىل مەنىسىدۇر. بۇ مەنا بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان هۆكۈملەرگە دەلىل بولالمايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر خىل مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرمىسە يامان بولۇپ قالىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى ئېهرامدىن چىقىشتىن بۇرۇن چۈشۈرۈۋەتسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن. ئايەتنىڭ بۇ خىلدىكى مەنىسى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن هۆكۈملەرگە دەلىل بولىدۇ. ت.

(3) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) يەنى بۇ، هەج ئايلىرىدا ئۆمرىگە ئېهرام باغلاپ بېرىپ دەسلەپ ئۆمرىنى قىلغان، ئاندىن ئۆمرىنىڭ ئېهرامىدىن چىقىپ تاكى هەجنىڭ ۋاقتى كەلگىچە مەككىنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كەتمەي مەككىدە ئېهرامسىز هالەتتە تۇرغان ۋە هەجنىڭ ۋاقتى كەلگەندە هەجگە ئېهرامنى مەككىدىن باغلاپ چىققان كىشىدۇر. بۇ كىشى هەجدىن بەهرىمەن بولغان ئادەم، دەپ ئاتىلىدۇ. ت.

ئۇ ئادەم ھەجگە ئېھرام باغلاپ قۇربان ھېيت كۈنى كېلىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا (يەنى زۇلھەججى ئېيىنىڭ 7 ـ 8 ـ 9 ـ كۈنلىرى) تۇتىدۇ. ئەمما قالغان يەتتە كۈن روزىنى ھەجنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن تۇتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تامامىلغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ»[1]

## 3 ـ مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا تۇتۇش ۋاجىپ قىلىنغان روزا

بۇ روزا مەسىلەن: مەن الله تائالا ئۈچۈن بۇ پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا تۇتۇشنى ۋەدە (يەنى نەزر) قىلغان روزىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم شۇنداق ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا شۇ پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كۈنى روزا تۇتمىسا، ئۇنىڭغا شۇ كۈنىنىڭ قازاسى ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتۇش لازىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن[2]»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى الله غا بويسۇنۇشنى نەزر قىلسا، الله غا بويسۇنسۇن. كىمكى الله غا ئاسىيلىق قىلىشقا نەزر قىلسا، الله غا ئاسىيلىق قىلمىسۇن.»[4]

## 4 ـ تۇتۇش ۋاجىپ قىلىنغان، لېكىن ۋاقتى مۇئەييەن بىر ۋاقىتقا بەلگىلەنمىگەن روزا

بۇ روزا مەسىلەن: مەن الله تائالا ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر ۋاقىتنى تەيىن قىلماستىن تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان

(1) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) يەنى قىلىمىز، دەپ دەۋا قىلىپ ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلسۇن. ت.

(3) سۈرە ھەج 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، نەسائىي، تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

روزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىمكى شۇنداق ۋەدە (يەنى نەزر) قىلغان بولسا، ئۇنىڭ خالىغان بىر كۈندە روزا تۇتۇشى لازىم. ئۇ روزا يەنە تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ باشلىغان نەپلە روزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم نەپلە روزىنى نىيەت قىلىپ باشلىغاندىن كېيىن ئۇنى بىرەر ئۆزرىسىز قەستەن بۇزىۋاتقان، ياكى نەپلە روزا تۇتىۋاتقان ئاياللىن ھەيز كېلىپ قالغانغا ئوخشاش بىرەر ئۆزرە بىلەن بۇزىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىستۇر:

«ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار»[1] «رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى»[2] يەنى بۇ ئايەت الله تائالا پەرز قىلمىغان بىر ئىبادەتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشلاپ، لېكىن ئۇنى ئۆز جايىدا ئادا قىلمىغان ئادەملەرنى تەنقىدلەپ كەلدى.

ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە نەسائىي قاتارلىقلار ئائىشەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ۋە ھەپسە نەپلە روزا تۇتقان ئىدۇق. بىزگە بىز ياقتۇرىدىغان بىر تاماق سۇنۇلدى. شۇنىڭ بىز ئۇنى يېدۇق. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى. مەندىن بۇرۇن ھەپسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ دادىسىنىڭ قىزى ئىدى[3] ۋە ئۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز نەپلە روزا تۇتقان ئىدۇق. بىزگە بىز ياقتۇرىدىغان بىر تاماق سۇنۇلدى. شۇنىڭ بىز ئۇنى يېدۇق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ روزىنىڭ ئورنىغا بىر كۈن قازا روزا تۇتۇڭلار» دېدى.

س: نەپلە روزا تۇتقان ئادەمگە روزىسىنى بىرەر سەۋەبسىز بۇزۇشقا رۇخسەت قىلىنامدۇ؟

ھەنەفىي مەزھەپىدە بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل

(1) سۈرە مۇھەممەد 33 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) سۈرە ھەدىد 27 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(3) يەنى دادىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سۇئال سورىغىلى ئالدىرايتتى. ئۇمۇ شۇنداق ئالدىراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مەندىن بۇرۇن بېرىۋالدى. ھەپسە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قىزىدۇر. ت.

**قاراش بار:**

**1 ـ نەپلە روزا تۇتقان ئادەمگە روزىسىنى بىرەر سەۋەبسىز بۇزۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.**

**2 ـ نەپلە روزا تۇتقان ئادەم ئەگەر روزىسىنى بۇزماقچى بولغاندا: قازا ئۇچۇن بۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كۈنى بىر كۈن روزا تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلىش شەرتى بىلەن بىرەر سەۋەبسىز روزىسىنى بۇزسا بولىدۇ. بۇ قاراشنى ھەنەفىي مەزھەپىنى تەھقىقلىغۇچى كامال ئىبنى ئەلھۇمام توغرا، دەپ قارىدى. بۇنىڭ توغرىلىقىنىڭ كۆپلىگەن دەلىل ـ پاكىتلىرى بار بولۇپ ئۇ پاكىتلارنىڭ بىرى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:**

**ئىمام مۇسلىم ئائىشەنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ: «قېشىڭىزدا يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟» دېدى. بىز: يوق، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا، مەن بۈگۈن روزا تۇتىمەن» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا باشقا بىر كۈنى كەلدى. بىز ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە خورما، تولۇق ياغ ۋە ئونىدىن ئېتىلگەن بىر تاماق ھەدىيە قىلىندى، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ تاماقنى ماڭا كۆرسىتىڭ، (بۈگۈن) روزا تۇتۇپ قوپقان ئىدىم» دەپ ئۇ تاماقتىن يېگەن.[1]**

**نەپلە روزا تۇتقان ئادەمگە روزىسىنى بىرەر سەۋەبسىز بۇزۇشقا رۇخسەت قىلمايدىغان قاراشقا ئاساسەن، روزىنى بۇزۇشقا رۇخسەت قىلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى مېھماندارچىلىقتۇر. ئۆي ئىگىسى ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ تاماق يېمەي ئولتۇرۇشىدىن رازى بولمايدىغان ئىش بولسا، مېھماننىڭ روزىنى بۇزۇشى توغرا بولىدۇ[2].**

**ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تاماق يېيىشىنى خالىغان ياكى ئۆي ئىگىسى ئۇ مېھمان بىلەن بىللە تاماق يېمىسە مېھمان خاپا بولۇپ خالىدىغان ئىش بولسا، ئۆي ئىگىسىمۇ روزىسىنى بۇزسا بولىدۇ.**

---

(1) «فتح القدير».

(2) بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا بارغان ئادەم نەپلە روزا تۇتماقچى بولسا، ئۆي ئىگىسى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن تۇتۇشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «باشقىلارنىڭ (ئۆيىگە) مېھمان بولۇپ بارغان ئادەم ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتمىسۇن.» تىرمىزىي رىۋايىتى.

بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، سەلمان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەبۇدەردانى زىيارەت قىلىپ بارغاندا ئەبۇدەردانىڭ روزىسىنى بۇزۇشىدۇر. بۇ قىسسىنىڭ تەپسىلاتىي مۇنداقتۇر:

ئەبۇجۇھەيفە ۋەھبە ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلمان بىلەن ئەبۇدەردانى قېرىنداش قىلىپ قويىدى. بىر قېتىم سەلمان ئەبۇدەردانى يوقلاپ كېلىپ، ئۇممۇدەردا (ئەبۇدەردانىڭ ئايالى) نىڭ ناھايىتى ئاددىي كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: بۇ نېمە ئىش؟ دېدى. ئۇ ئايال: قېرىندىشىڭ ئەبۇدەردانىڭ دۇنياغا ھاجىتى يوق، دېدى. ئەبۇدەردا كېلىپ سەلمانغا تاماق تەييارلىدى. سەلمان ئۇنىڭغا: سەنمۇ يېگىن، دېدى. ئەبۇدەردا: مەن روزا تۇتۇۋالغان، دېدى. سەلمان: سەن يېمىگىچە مەنمۇ يېمەيمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇدەردامۇ (تاماقتىن) يېدى. كېچىدە ئەبۇدەردا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرماقچى بولدى، سەلمان ئۇنىڭغا: ئۇخلىغىن، دېدى. ئەبۇدەردا ئۇخلىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە تۇرماقچى بولۇۋىدى، سەلمان ئۇنىڭغا يەنە: ئۇخلىغىن، دېدى. كېچىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سەلمان: ئەمدى ئورنىڭدىن تۇرغىن، دېدى. ئىككىسى بىللە ناماز ئوقۇدى. سەلمان ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن سەندە رەببىڭنىڭ ھەققى بار ۋە سېنىڭ بەدىنىڭنىڭمۇ ۋە ئەھلىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار، ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى جايىدا بەر، دېدى. ئەبۇدەردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەلمان راست ئېيتىپتۇ» دېدى.[1]

شۇنىڭدەك يەنە قېرىندىشىغا كېلىدىغان بىر كۆڭۈلسىزلىكنى توسۇپ قېلىشمۇ روزىنى بۇزۇشنى توغرا قىلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم نەپلە روزا تۇتقان بىر كىشىگە: ئەگەر سەن روزاڭنى بۇزمىساڭ ئايالىم تالاق بولۇپ كەتسۇن، دەپ قەسەم ئىچكەن بولسا، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن روزىسىنى بۇزۇشى مۇستەھەپتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەگەر روزىنى بۇزماقچى بولغان ۋاقىت چۈشتىن ئىلگىرى بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر روزىنى بۇزماقچى بولغان ۋاقىت چۈشتىن كېيىن بولسا، روزا پەقەت ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرىنىڭ تەلىۋىدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ تەلىۋى ئۈچۈن بۇزۇلمايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بىر بالىدىن ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزۇشنى چۈشتىن كېيىن تەلەپ قىلسا، ئۇ بالا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرمىگەنلا بولسا روزىنى بۇزسا بولىدۇ. ئەمما ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ئىپتارنىڭ ۋاقتىغا ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن روزىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ.[1]

ئولتۇرۇشنى ۋەدە قىلغان ئىپتىكاپتا تۇتۇلىدىغان روزىمۇ تۇتۇش ۋاجىپ بولغان روزىلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

## 5 ـ نەپلە روزىلار

نەپلە روزا بولسا، پەرز ۋە ۋاجىپ روزىلارنىڭ قاتارىغا كىرمىگەن روزىلاردۇر. بۇ روزىلارنى تۇتۇش ھەدىس ئارقىلىق سابىت بولغان. بۇ روزىلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

● مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىنىڭ (يەنى ئاشۇرا كۈنىنىڭ) روزىسى. بۇ روزا ياكى ئىلگىرىدىكى بىر كۈن بىلەن بىللە قوشۇلۇپ تۇتۇلىدۇ ياكى كەينىدىكى بىر كۈن بىلەن بىللە قوشۇلۇپ تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ روزا ئۆتكەن يىلدىكى كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ» دېگەن.[2]

● شەۋۋال ئېيىدا تۇتۇلىدىغان ئالتە كۈن روزا. بۇ كۈننىڭ روزىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ، ھېيتتىن كېيىن ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا، يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ.»[3]

● ھەجگە بارمىغان ئادەملەر زۇلھەججى ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى يەنى ئەرەپات كۈنى تۇتۇدىغان روزا. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەراپات كۈنىدە روزا تۇتۇش ئۆتكەن يىلى ۋە كېلىدىغان يىلدىكى كىچىك گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ.»[4]

● ھەر ئايدا تۇتۇلىدىغان ئۈچ كۈن روزا. ھەر ئايدا تۇتۇلىدىغان روزىلارنى ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرىگە ئوخشاش ئايدىڭ بولىدىغان كۈنلەردە

(1) «رد المحتار».

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

تۇتۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەرگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتاي دېسەڭ، ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى تۇتقىن.»[1]

● ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى تۇتۇلىدىغان روزا. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەمەللەر اللّٰه غا دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى توغرىلىنىدۇ. مەن ئەمەللىرىمنىڭ مەن روزا تۇتىۋاتقان ھالەتتە توغرىلىنىشىنى ياخشى كۆرىمەن.»[2] ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى مۇھىم بىلەتتى.»[3]

نەپلە روزىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە اللّٰه تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان روزا بولسا، بىر كۈن تۇتۇلۇپ بىر كۈن تۇتۇلمىغان روزىدۇر. چۈنكى روزىنى بۇ شەكىلدە تۇتۇش ئىنسانغا بەك ئېغىر كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان روزا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. اللّٰه تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر. ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىغىچە ئۇخلايتتى، ئاندىن كېچىنىڭ قالغان يېرىمىنىڭ ئىككى قىسمىدا ناماز ئوقۇيتتى، ئاخىرقى بىر قىسمىدا ئۇخلايتتى. روزىنى بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى.»[4]

## 6 ـ تۇتۇش مەكرۇھ قىلىنغان روزىلار

يەنى تۇتقاندىن تۇتمىغىنى ياخشى بولغان روزىلار. بۇ روزىلار بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

● مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنگە (يەنى ئاشۇرا كۈنگە) توققۇزۇنچى ياكى ئون بىرىنچى كۈننى قاتماي پەقەت ئاشۇرا كۈنىدىلا روزا تۇتۇش. چۈنكى پەقەت ئاشۇرا كۈنىلا روزا تۇتقان ئادەم يەھۇدىيلارغا ئوخشىشىپ قالغان ھېسابلىنىدۇ.[5]

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىيدىن باشقا ھەدىس ئىماملىرى رىۋايەت قىلغان.

(5) «رد المحتار».

● يالغۇز شەنبە كۈنىلا ياكى يەكشەنبە كۈنىلا روزا تۇتۇش. چۈنكى پەقەت ئۇ كۈنلەردە روزا تۇتقان ئادەم يەھۇدىيلارغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ پەقەت شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈنلىرىدە روزا تۇتىشىنىڭ مەقسىتى يەھۇدىيلارغا ئوخشىشىش بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇشى ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: بىر كۈن روزا تۇتۇپ بىر كۈن روزا تۇتمايدىغان ئادەمگە ئوخشاش ياكى ھەر ئاينىڭ بېشىدا روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن ئادەمگە ئوخشاش ئىلگىرىدىن تارتىپ روزا تۇتۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئادىتى بويىچە روزا تۇتىدىغان كۈنى شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىگە توغرا كېلىپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ شۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇشى مەكرۇھ ئەمەستۇر.

● يالغۇز جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇش. چۈنكى جۈمە كۈنىدە باشقا دىنىي ۋەزىپىلەر بولۇپ ئادەم ئۇ كۈندە روزا تۇتىۋالسا ئۇ ۋەزىپىلەرنى قىلىش ئۇنىڭغا قىيىن كېلىشى مۇمكىن.[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز جۈمە كۈنىدە روزا تۇتماسلىق ھەققىدە مۇنداق دېدى: «جۈمەنىڭ كېچىسىنى ناماز ئوقۇشقا، كۈندۈزىنى روزا تۇتۇشقا خاس قىلىۋالماڭلار. ئەگەر تۇتۇپ ئادەتلەنگەن روزاڭلار جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، تۇتساڭلار كېرەك يوق.»[2]

● بىر يىلنىڭ ئىچىدە پەقەت روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەردىلا روزا تۇتماي قالغان كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتۇش. شۇنىڭدەك يەنە: مەن بۈگۈن ھېچقانداق گەپ قىلمايمەن، دەپ روزا تۇتۇشمۇ مەكرۇھتۇر. چۈنكى شۇنداق روزا تۇتقان ئادەم ئوت پەرەس كاپىرلارغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار روزىنى شۇنداق تۇتاتتى. ئەگەر شۇنداق روزا تۇتقان ئادەم گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، گەپ قىلىشى لازىم.[3]

● ئارىلىقتا ئىپتار ۋە سوھۇر يېمەي ئىككى كۈننى ئۇلاپ روزا تۇتۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۇلاپ روزا تۇتاتتى. لېكىن باشقىلارنى ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن. ماڭا پەرۋەردىگارىم تاماق بېرىپ ۋە سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ.»[4]

## 7 ـ تۇتۇش ھارامغا يېقىن مەكرۇھ قىلىنغان روزىلار

تۇتۇش ھارامغا يېقىن مەكرۇھ قىلىنغان روزىلار بولسا، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت

(1) «رد المحتار».

(2) ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، نەسائىي، تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) «رد المحتار».

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ۋە قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە تۇتۇلىدىغان روزىلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشتىن توسقان ۋە قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى كۈنلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى كۈنلەر بولسا، يەپ ـ ئىچىدىغان كۈنلەردۇر.»(1)

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان روزىلارنىڭ بەزى قىسمىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇش لازىم. بەزى قىسمىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتماي بىر كۈن تۇتۇپ بىر كۈن تۇتماي تۇتسىمۇ بولىدۇ. ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇش لازىم بولغان روزىلار بولسا، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى، سەۋەبلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قالغانلىقنىڭ كەففارىتىگە، قەسەمنىڭ كەففارىتىگە، رامىزان روزىسىنى تۇتمىغانلىقنىڭ كەففارىتىگە ۋە ئايالىنى ئوخشاتقانلىقنىڭ (يەنى زىھار قىلغانلىقنىڭ) كەففارىتىگە ئوخشاش كەففارەتلەر ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزىلار، مەلۇم بىر ۋاقىتتا تۇتۇشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلغان روزىلار ۋە ئولتۇرۇشنى ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلغان ئېتىكاپتا تۇتۇلىدىغان روزىلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتماي بىر كۈن تۇتۇپ بىر كۈن تۇتماي تۇتسىمۇ بولىدىغان روزىلار بولسا، نەپلە روزىلار، رامىزان روزىسىنىڭ قازاسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزىلار، ھەجدىن بەھرىمەن بولغان ئادەم تۇتۇدىغان روزىلار، بىر ئېھرام بىلەن ھەج ۋە ئۆمرىنى ئادا قىلغان ئادەم تۇتۇدىغان روزىلار، بىرەر ئۆزرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېھرام ئىچىدە قىلىپ قويغان جىنايەتنىڭ پىدىيەسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزىلار، ئوۋ ئوۋلاپ قويغانلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزىلار ۋە مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا باغلىماستىن تۇتۇشنى ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلغان روزىلاردىن ئىبارەتتۇر.(2)

## شەك كۈنىنىڭ ھۆكمى

شەك كۈنى بولسا، بۇ كۈن شەئبان ئېيىغا تەۋە كۈنمۇ ياكى رامىزان ئېيىغا تەۋە كۈنمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ قالغان كۈندۇر. شەك شەئبان ئېيىنىڭ 29 كۈنىدە بولىدۇ. شەئبان ئېيىنىڭ بېشىدا كۆرۈلىدىغان يېڭى ئاي چىققاندا ئالەم تۇتۇق بولسا، شەئبان ئېيىنىڭ بېشىنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەئبان ئېيىنىڭ 29 كۈنىنىڭ ئۇ ئاينىڭ 30 كۈنى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىدە شەكلىنىش پەيدا بولىدۇ ياكى رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «رد المحتار».

كۆرۈلىدىغان يېڭى ئاي چىققاندا ئالەم تۇتۇق بولغان ياكى رامىزان ئېيىنىڭ يېڭى ئېيىنى پەقەت بىرلا ئادەم كۆرگەن، ياكى پاسىق ئىككى ئادەم كۆرگەن بولۇپ پاسىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ: بىز يېڭى ئاينى كۆردۇق، دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمىغان بولسا، شەئبان ئېيىنىڭ 29 كۈنىنىڭ رامىزاننىڭ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىدە شەكلىنىش پەيدا بولىدۇ. ئەمما رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا ئالەم سۈزۈك بولۇپ يېڭى ئاينى بىر ئادەم كۆرمىگەن بولسىمۇ ئۇ كۈن شەك كۈن ھېسابلانمايدۇ.[1]

شەك كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمى مەكرۇھ ياكى ھارامغا يېقىن مەكرۇھ، ياكى مۇستەھەپ بولىدۇ. چۈنكى شەك كۈنىنىڭ روزىسى تۆۋەندىكى شەكىللەردە بولىدۇ:

1 ـ شەك كۈنىدە تۇتقان روزىنى رامىزاننىڭ روزىسى، دەپ نىيەت قىلىپ تۇتۇش. شەك كۈنىنىڭ روزىسىنى شۇنداق نىيەت بىلەن تۇتۇش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «رامىزاندىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، ئەمما ھەر ئاينىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا روزا تۇتۇپ ئادەتلىنىپ كەلگەن كىشى بولسا، شۇ كۈندىكى روزىسىنى تۇتسا بولىدۇ.»[2] چۈنكى شەك كۈنىدە روزىنى رامىزان روزىسى نىيىتى بىلەن تۇتقان ئادەم ئۆزلىرىنىڭ روزا تۇتۇش مۇددىتىنى ئۆز ئالدىغا ئاۋۇتۇۋالغان كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرگە (يەنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا) ئوخشىشىپ قالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم شەك كۈنىدە روزىنى شۇنداق نىيەت بىلەن تۇتقان ۋە ئۇ كۈن رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى بولغان بولسا، تۇتقان روزىسى رامىزانغا ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈن شەئبان ئېيىنىڭ كۈنى بولغان بولسا، تۇتقان روزىسى نەپلە روزىغا ھېساب بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ روزىنىڭ نەپلە روزىغا ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ روزىسىنى بۇزىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ روزىنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم روزىنى تۇتقان ۋاقتىدا ئۇنى نەپلە نىيىتى بىلەن تۇتمىغان.

2 ـ شەك كۈنىدە تۇتقان روزىنى (رامىزان روزىسىنى نىيەت قىلىپ ئەمەس) مەسىلەن ئۈستىدىكى قازا روزىنى تۇتقانغا ئوخشاش باشقا بىر ۋاجىپ روزىنى

(1) «رد المحتار» ۋە «فەتاۋا قازىيخان».

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

نىيەت قىلىپ تۇتۇش. شەك كۈنىنىڭ روزىسىنى شۇنداق نىيەت بىلەن تۇتۇش مەكرۇھتۇر. بۇ ھالەتتە ئەگەر ئۇ كۈن رامىزانىڭ بىرىنچى كۈنى بولغان ۋە ئۇ ئادەم سەپەر ئۈستۈدىكى ئادەم بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى رامىزانغا ھېساب بولىدۇ. چۈنكى رامىزان ئېيى (رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن شەرتى تولۇقلانغان ئادەمدىن) رامىزان روزىسىدىن باشقا بىر روزىنى سىغدۇرمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر سەپەر ئۈستۈدىكى ئادەم بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى قايسى روزىنى نىيەت قىلىپ تۇتقان بولسا، شۇ روزىغا ھېساب بولىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا مۇساپىر ئادەم سەپەر ئۈستىدە بولسا، رامىزان ئېيىدا رامىزان روزىسىنى ئەمەس، خالىسا باشقا روزىنىمۇ تۇتالايدۇ، دەپ بايان قىلدۇق. ئەگەر ئۇ كۈن شەئبان ئېيىنىڭ كۈنى بولسا، ئۇ ئادەم مەيلى سەپەر ئۈستۈدىكى ئادەم بولسۇن مەيلى ئۇنداق ئادەم بولمىسۇن تۇتقان روزىسى قايسى روزىنى نىيەت قىلىپ تۇتقان بولسا، شۇ روزىغا ھېساب بولىدۇ.

3 ـ شەك كۈنىدە تۇتقان روزىنى نەپلە نىيىتى بىلەن تۇتۇش. شەك كۈنىنىڭ روزىسىنى نەپلە روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن تۇتۇش مەكرۇھ ئەمەستۇر. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «رامىزاندىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار. ئەمما ھەر ئاينىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا روزا تۇتۇپ ئادەتلىنىپ كەلگەن كىشى بولسا، شۇ كۈندىكى روزىسىنى تۇتسا بولىدۇ.»[1] دېگەن ھەدىسىدىن تۇتماقچى بولغان روزىدىن رامىزاننىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى رامىزان روزىسىنى نىيەت قىلىپ تۇتۇشقا بولمايدىغانلىق مەقسەت قىلىنىدۇ.

شەك كۈنىدە تۇتماقچى بولغان روزىنى پەقەت نەپلە نىيىتى بىلەن تۇتۇشنى بىلگەن ھەممە ئادەمگە ئۇ كۈندە روزا تۇتۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھالەتتە ئەگەر شۇ كۈن رامىزانىڭ بىرىنچى كۈنى بولسا، تۇتقان روزىسى رامىزانغا ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈن شەئبان ئېيىنىڭ كۈنى بولسا، تۇتقان روزىسى نەپلە روزىغا ھېساب بولىدۇ.

4 ـ روزا تۇتقاندا نىيەتنى: ئەگەر ئەتە رامىزان ئېيىدىن بولسا روزا تۇتىمەن، ئەگەر شەئبان ئېيىدىن بولسا روزا تۇتمايمەن، دەپ قىلغانغا ئوخشاش نىيەتنىڭ ئۆزىنى شەك بىلەن قىلىش. ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە روزا تۇتقان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم نىيىتىنى بىر ئىشقا جەزملەشتۈرمىگەندۇر. ئۇ ئادەم بۇ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ھالەتتە خۇددى ئەگەر مەن ئەتە تاماق تاپالىسام روزا تۇتمايمەن، ئەگەر تاماق تاپالمىسام روزا تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلغان ئادەمگە ئوخشۇشۇپ قالغان بولىدۇ.

5 ـ روزا تۇتقاندا نىيەتنى: ئەگەر ئەتە رامىزان ئېيىدىن بولسا روزا تۇتىمەن، ئەگەر شەئبان ئېيىدىن بولسا باشقا بىر ۋاجىپ روزىنى تۇتىمەن، دەپ قىلغانغا ئوخشاش نىيەتنىڭ (ئۆزىنى ئەمەس) سۈپىتىنى شەك بىلەن قىلىش. نىيەتنى بۇ شەكىلدە قىلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ نىيىتى ئىككى مەكرۇھ ئىشنىڭ ئارىسىدىدۇر. ئەگەر ئەتىسى رامىزان ئېيىدىن بولسا، تۇتقان روزىسى رامىزانغا ھېساب بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم نىيەت قىلغاندا ئۇنىڭ ئۆزىنى شەك بىلەن قىلمىدى. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك رامىزان روزىسى (مەن رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلماستىن) مەن روزا تۇتىمەن، دەپلا نىيەت قىلىش بىلەنمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئەتىسى شەئبان ئېيىدىن بولسا، تۇتقان روزىسى نىيەت قىلغان ۋاجىپ روزىغا ھېساب بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نىيىتى ئۇنىڭ روزىسىنىڭ نىيەت قىلغان ۋاجىپ روزىغا ھېساب بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستۇر. لېكىن ئۇ روزا نەپلە روزا بولىدۇ.

6 ـ روزا تۇتقاندا نىيەتنى: ئەگەر ئەتە رامىزان ئېيىدىن بولسا روزا تۇتىمەن، ئەگەر شەئبان ئېيىدىن بولسا نەپلە روزا تۇتىمەن، دەپ قىلىش. نىيەتنى بۇ شەكىلدە قىلىشمۇ مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئەتىسى رامىزان ئېيىدىن بولسا، تۇتقان روزىسى رامىزانغا ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تۇتقان روزا نەپلە بولىدۇ.[1]

شەھەرنىڭ مۇپتىسى ياكى قازىسى كىشىلەرنى شەك كۈنىدە رامىزان روزىسىغا نىيەت قىلماي كۈتۈپ تۇرۇشقا، ئەگەر شەك كۈنىنىڭ رامىزان كۈنى ئىكەنلىكى بىلىنمىسە چۈشتىن كېيىن تاماق يېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئەگەر شەك كۈنىدە رامىزان روزىسىنى نىيەت قىلماي كۈتۈپ تۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ تاماق يەپ سالغان، ئاندىن شۇ كۈنىنىڭ رامىزان ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇپ چىققان ۋە كۈن ئىگىلىشتىن بىر سائەت بۇرۇن روزىنىڭ نىيىتىنى قىلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ خۇددى نىيەت قىلىپ بولۇپ ئۇنتۇپ قېلىپ

(1) «الهداية»، «فتح القدير» ۋە «رد المحتار».

**تاماق يېگەن ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم كۈننىڭ ئەراپات كۈنى ياكى قۇربان ھېيت كۈنى ئىكەنلىكىدە شەكلىنىپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەڭ توغرىسى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشىدۇر.[1]**

# رامزان ئېيىنىڭ مۇقىملىششى ۋە يېڭى ئاينى كۆرۈشنىڭ ھۆكۈملىرى

**رامىزان ئېيى ئۇنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈش بىلەن مۇقىملىشىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار. ئاي كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار. ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، شەئبان ئېيىنى 30 كۈن توشقۇزۇڭلار (يەنى رامىزان ئېيىنىڭ ئالدىدىكى ئاينى 30 كۈن توشقۇزۇۋېتىپ ئاندىن رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنى باشلاڭلار).»[2]**

**ئاي، قەمەرىيە ئاي ھېسابى بويىچە بەزىدە 30 كۈن بولىدىغانلىقى، بەزىدە 29 كۈن بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز ھەقىقەتەن خەتمۇ يازمايدىغان ۋە ئاستورونومىيە ئىلمىنىمۇ بىلمەيدىغان ساۋاتسىز بىر مىللەت، ئاي مۇشۇنداق مۇشۇنداق بولىدۇ.» دېدى.[3] يەنى ئاي بەزىدە 29 كۈن بولىدۇ، بەزىدە 30 كۈن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «بىر ئاي 29 كۈنمۇ بولىدۇ» دېدى.[4]**

**بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ساھابىلەرنىڭ 29 كۈن روزا تۇتقانلىقىنىڭ قېتىم سانى 30 كۈن روزا تۇتقانلىقىدىن كۆپرەكتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشىگە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ئايدا يېڭى ئاي 29 كۈندە كۆرۈلدى، دېيىلگەن. ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): سەن بۇنىڭدىن نىمانچە ھەيران قالىسەن. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن**

---

(1) «الهدية العلائية».

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىللە 29 كۈن روزا تۇتقان ۋاقتىم 30 كۈن روزا تۇتقان ۋاقتىمدىن كۆپ بولغان، دېگەن.[1]

ئىبنى ماجە ئەبۇھۇرەيرەنىڭ (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا 29 كۈن روزا تۇتقان ۋاقتىمىز 30 كۈن روزا تۇتقان ۋاقتىمىزدىن كۆپ ئىدى.»[2]

تەقۋا كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئاستورونۇمىيە ئىلمىگە تايىنىدىغان ئاستورونوملارنىڭ ئاي ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىنى شەرىئەت ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

شافىئىي مەزھەپىدىكى ئىمام سۇبكىينىڭ بۇ ھەقتە يازغان بىر ئەسىرى بولۇپ ئىمام بۇ ئەسىرىدە ئاستورونومىچىلەرنىڭ ئاي ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئالسا، بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا ئاستورونۇمىيە ئىلمىنىڭ نەتىجىسىنىڭ چوقۇم توغرا بولىدىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈرىدۇ. لېكىن شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملار ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا رەددىيە بەرگەن. ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىبنى ھەجەر ۋە رەملىي قاتارلىقلارمۇ بار.[3]

ئەگەر بىرەر شەھەردە يېڭى ئاينىڭ كۆرۈلگەنلىكى ئاشكارىلانسا، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشى لازىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىسلام دىنىدا پەتىۋا مۇشۇ قاراش بويىچە بېرىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار.» دېگەن بۇيرۇقى ھەممە كىشىلەرگە ئۇمۇمىدۇر. بولۇپمۇ بىزنىڭ زامانىمىزغا ئوخشاش بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە خەۋەرلىشىش ئۇسكۈنىلىرى تەرەققىي قىلىپ بىرەر خەۋەر مىنۇت ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تاراپ بولىدىغان، خەۋەرلىشىش سۈرئىتى ھەم تېز ھەم ئاسان بولغان زاماندا، بىر يەردە يېڭى ئاينىڭ كۆرۈلگەنلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىلەن باشقا يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشى لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقتىكى ئادەملەر يېڭى ئاينى جۈمە كېچىسى كۆرگەن ۋە غەربتىكى ئادەملەر شەنبە كېچىسى كۆرگەن بولسا، غەربتىكى ئادەملەرنىڭ

(1) بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرتى ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا توشقان كىشىلەردۇر.

(2) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(3) «رد المحتار».

شەرقتىكى ئادەملەرنىڭ ئاينى كۆرگەن ۋاقتىغا ئەمەل قىلىپ روزا تۇتۇشى لازىم. مانا بۇ ھەنەفىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدىكى فىقھشۇناسلارنىڭ كۆزقارىشىدۇر. ھەر مەزھەپ فىقھشۇناسلىرىنىڭ بۇ قارىشى بولسا، ھەممە يەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ بىر دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار[1]»[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار شەئبان ئېيىنىڭ 29 كۈنىنىڭ كۈنى كىرىپ كېتىش بىلەن تەڭلا رامىزان ئېيىنىڭ يېڭى ئېيىغا قارىشى لازىم. چۈنكى شەئبان ئېيى 29 كۈن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە شەئبان ئېيىنىڭ يېڭى ئېيى چىققاندىمۇ ھەتتا ئۇ ئاينىڭ كۈن سانىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ ئاينىڭ يېڭى ئېيىغىمۇ قاراش لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر رامىزان ئېيى ئۈچۈن شەئبان ئېيىنىڭ كۈنلىرىنى ساناڭلار.»[3]

ئەگەر ئاسمان بۇلۇتلۇق ياكى چاڭ ـ تۇزاڭلىق ياكى تۇمانلىق بولغان سەۋەبى بىلەن ھاۋا تۇتۇق بولسا، رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنىڭ مۇقىملىششى ئۈچۈن (گۇۋاھلىقنى قوبۇل قىلماقچى بولغان) قازى گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا كىشى بولۇش شەرتى بىلەن مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن مەيلى قۇل بولسۇن مەيلى ھۆر بولسۇن بىر كىشىنىڭ: مەن يېڭى ئاينى كۆردۈم، دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئادىل بولۇشى شەرت ئەمەستۇر[4]. لېكىن گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئۇ ئادەم، كىشىلەر ئارىسىدا پاسىقلىقى بىلەن تونۇلغان ئادەم بولماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى (يەنى ياخشى ئادەممۇ ياكى يامان ئادەممۇ) بىلىنمىگەن ياكى بىرەر ئادەمگە <زىنا قىلدى> دەپ بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ تەۋبە قىلغان ئادەم بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

(1) سۈرە ئەنبىيا 92 ـ ئايەت.

(2) «رد المحتار».

(3) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(4) ئادىل ئادەم، دەپ ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىدىن كۆپ ئادەمگە دېيىلىدۇ. ئادىللىق دېگەن ئىنساننىڭ بىر سۈپىتى بولۇپ ئۇ سۈپەت ئىنساننى تەقۋادارلىق ۋە دادىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ. «مراقي الفلاح».

رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تاكى باشقا ئادەملەرنىڭ ئەتىسى روزا تۇتماي قويماسلىقى ئۈچۈن ئاينى كۆرگەن كېچىسى مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم. ھەتتا ئاينى يالغۇز كۆرگەن ئادەم ئۆيدە پەردە ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئايال بولۇپ ئەگەر ئاينى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بېرىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. چۈنكى ئاينى ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئادەم كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىشى پەرزگە ئايلىنىدۇ.[1]

ھاكىم يوق كەنتتە ياشايدىغان بىر ئادەم يېڭى ئاينى كۆرگەن بولسا، كەنتنىڭ مەسچىتىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ مەيلى ئادىل كىشى بولسۇن مەيلى ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكى (يەنى ياخشى ئادەممۇ ياكى يامان ئادەممۇ) بىلىنمىگەن ئادەم بولسۇن باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن روزا تۇتۇشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۈم، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان. بۇ ھەقتە نەسائىي، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېزىلىق ئەرەبتىن بىرسى كېلىپ: ھەقىقەتەن مەن يېڭى ئاينى كۆردۈم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «اللّٰه دىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق ئېيتامسەن؟» دېدى. ئۇ ئەرەب: ھەئە! شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇھەممەدنىڭ اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتامسەن؟» دېدى. ئۇ ئەرەب: ھەئە! شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بىلال! كىشىلەرگە بىلدۈرگىن روزا تۇتسۇن» دېدى.

ئەگەر ئاسمان بۇلۇتلۇق بولسا، روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۈم، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن، بىرەرسىگە <زىنا قىلدى> دەپ بۆھتان چاپلاپ سېلىپ جازاغا تارتىلمىغان مۇسۇلمان ئىككى ھۆر كىشى

(1) «مراقي الفلاح».

ياكى بىر ھۆر كىشى ۋە ئىككى ھۆر ئايال بولۇشى شەرتتۇر. ھاكىم يوق بىر شەھەردە ياشايدىغان ئادەملەر ئەگەر ئاسمان بۇلۇتلۇق بولسا، ئادىل ئىككى كىشىنىڭ: بىز ئاينى كۆردۇق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن (روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ) ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىشى لازىم. چۈنكى ئۇ شەھەردە بىر ئادەم قېشىغا بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ھاكىم يوقتۇر.[1]

روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۈم، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۈم، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارنىڭ سانىدىن كۆپ بولۇشى شەرت قىلىندى. چۈنكى روزا ھېيت كىشىلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن روزا ھېيت ئىنسانلارنىڭ باشقا ھەقلىرىگە ئوخشۇشۇپ قالىدۇ. ئىنسانلارنىڭ باشقا ھەقلىرىدىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئىككى بولۇشى شەرتتۇر. خۇددى روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيىنىڭ چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ چىققانلىقىنى ئىككى ئادەمنىڭ كۆرۈشى شەرت قىلىنغىنىدەك قۇربان ھېيت ئۈچۈنمۇ زۇلھەججى ئېيىنىڭ يېڭى ئېيىنىڭ چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ چىققانلىقىنى ئىككى ئادەمنىڭ كۆرۈشى شەرتتۇر.[2]

ئەگەر ئاسمان بۇلۇتلۇق بولماي ئاينىڭ چىققانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولسا، رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنىڭ چىققانلىقىنى ئادەمنىڭ گۇمانىغا ئۇلارنىڭ راست سۆزلىگەنلىكى كۈچلۈك كەلگىدەك دەرىجىدە كۆپ ئادەملەرنىڭ كۆرۈشى لازىم. بۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى بەلگىلەش ھاكىمنىڭ قارارىغا باغلىقتۇر.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر رىۋايەتتە ئاسمان بۇلۇتلۇق بولمىغان ۋاقىتتىمۇ ئىككى ئادەم گۇۋاھلىق بەرسە بولىدۇ» دېدى. بەزى فىقھشۇناسلار: «كىشىلەرنىڭ يېڭى ئايغا قاراشقا ھورۇنلۇق قىلىدىغانلىقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ قارىشىغا ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر» دەيدۇ.[3] بولۇپمۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە كىشىلەر يېڭى ئايغا قاراشتىن بەكمۇ ھورۇنلۇق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان بۇلۇتلۇق بولماي ئاينىڭ چىققانلىقىنى

(1) «الهدية العلائية».

(2) «الهدية العلائية».

(3) «رد المحتار».

كۆرگىلى بولىدىغان دەرىجىدە سۈزۈك بولسىمۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ قارىشىغا ئەمەل قىلىپ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىش ئەڭ توغرا ئىشتۇر.

رامىزاننىڭ بېشىدا بىر ئادەمنىڭ: مەن رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۈم، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن كىشىلەر روزا تۇتقان، 30 كۈن تولۇق روزا تۇتقاندىن كېيىنمۇ روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيى كۆرۈلمىگەن ۋە ئاسمان بۇلۇتلۇق بولمىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىشى توغرا ئەمەستۇر. مەن يېڭى ئاينى كۆردۈم، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى (30 كۈن تولۇق روزا تۇتقاندىن كېيىنمۇ روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيىنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكى بىلەن) ئۇنىڭ مەن: يېڭى ئاينى كۆردۈم، دېگەن سۆزىدە يالغان ئېيتقانلىقى چىقىدۇ. ئەمما رامىزاننىڭ بېشىدا ئىككى ئادەمنىڭ: بىز رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۇق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن كىشىلەر روزا تۇتقان، 30 كۈن تولۇق روزا تۇتقاندىن كېيىنمۇ روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيى كۆرۈلمىگەن ۋە ئاسمان بۇلۇتلۇق بولمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئالىملار، كىشىلەر ئېغىزلىرىنى ئېچىۋەتسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بۇ ھەقتە بېرىلگەن توغرا پەتىۋا بولسا، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېچىۋەتسە بولۇدىغانلىقىدۇر. (يەنى ئۇلار روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ ئېغىزلىرىنى ئېچىۋەتسە بولىدۇ) دېگەن پەتىۋادۇر.[1]

مەيلى كۈن ئېگىلىشتىن ئىلگىرى بولسۇن مەيلى كېيىن بولسۇن كۈندۈزدە يېڭى ئاينى كۆرۈش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يېڭى ئاي كۆرۈلگەن ئۇ كۈن رامىزان ئېيىدىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار. ئاي كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار. . .» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر رامىزاننىڭ بېشىدا بولسا ئاينى روزا تۇتۇشتىن ئىلگىرى، ئەگەر رامىزاننىڭ ئايىغىدا بولسا ئاينى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى كۆرۈش لازىم. بۇ ھەدىسنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىگە تېزلا كېلىدىغان مەنىسى بولسا، ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن ئاينى كۆرۈڭلار، دېگەن مەنادۇر. ساھابىلەر، تابىئىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىگە شۇ شەكىلدە ئەمەل قىلاتتى.[2]

---

(1) «رد المحتار».

(2) «مراقي الفلاح».

بىر ئادەم رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى ياكى روزا ھېيت ئېيىنىڭ يېڭى ئېيىنى ئۆزى يالغۇز كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ: مەن ئاينى كۆردۇم، دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقى رەد قىلىنغان بولسا، ئۇ ئادەم ھاكىم ياكى ھاكىمنىڭ ياردەمچىسى بولسىمۇ ئۇنىڭ روزىنى ئۆزى يالغۇزلا تۇتۇشى لازىم. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن»(1). ئەگەر ئۇ ئادەم روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيىنى يالغۇز كۆرگەنگەن بولسا، رامىزاندا 30 كۈن روزىنى تولۇق تۇتقان بولسىمۇ روزا ھېيتنىڭ يېڭى ئېيىنى يالغۇز كۆرگەنگەنلىكى ئۈچۈن ئېغىزىنى ئېچىۋېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېغىز، ھەممە ئادەملەر ئېغىزلىرىنى ئېچىۋەتكەن كۈندە ئېچىلىدۇ. قۇربان ھېيت، ھەممە ئادەم قۇربان ھېيت قىلغان كۈندە بولىدۇ(2)» دېدى.(3)

ئەگەر رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى ياكى روزا ھېيت ئېيىنىڭ يېڭى ئېيىنى ئۆزى يالغۇز كۆرگەن ئادەم، رامىزاننىڭ بېشىدا روزا تۇتمىغان ياكى رامىزاننىڭ ئاخىرىدا ئاي كۆردۇم، دەپ ئېغىزىنى ئېچىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم (رامىزاننىڭ بېشىدا روزا تۇتمىغان ياكى رامىزاننىڭ ئاخىرىدا ئېغىزىنى كىشىلەردىن بىر كۈن ئىلگىرى ئېچىۋەتكەن كۈنىنىڭ) قازاسى ئۈچۈن قازا روزا تۇتىدۇ، ئەمما كەففارەت بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئېغىزىنى، قازىلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەد قىلىشتىن ئىلگىرى ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى قازى كېيىن ئۇنىڭ سۆزىنى رەد قىلىش بىلەن ئۇنىڭ يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىدە بىر شۇبھە پەيدا بولدى. كەففارەت شۇبھىلىك بىلەن بېرىلمەيدۇ. مانا بۇ رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈپ تۇرۇپ روزا تۇتمىغان ئادەمدىن (رامىزاندا روزا تۇتمىغانلىق ئۈچۈن) بېرىلىدىغان كەففارەتنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئەمما (باشقىلار روزا ھېيت قىلمىغان بىر ۋاقىتتا) روزا ھېيت قىلىپ (رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈندە روزا تۇتماي) ئېغىزىنى ئېچىۋەتكەنلىكىنىڭ كەففارىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ كۈن پەقەتلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېيت كۈنى ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىر ئادەم رامىزاننىڭ بېشىدىكى مەن: رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆردۇم،

(1) سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) يەنى بىر ئادەم كۆپچۈلۈك نىمە قىلسا شۇنى قىلىش لازىم.

(3) تىرمىزىي رىۋايىتى.

دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئەتىسى روزا تۇتمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئەگەر ئۇ ئادەم پاسىق بولسىمۇ توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىش ۋە كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ.[1]

ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر ئادەم رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەن ياكى كىرمىگەنلىكىنى بىلەلمىگەن ۋە ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن روزا تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتقان ۋاقتى رامىزان ئېيى كىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم روزىنىڭ نىيىتىنى كېچىدە قىلغان بولسا، روزا ھېيت ياكى قۇربان ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى ئۈچ كۈندە تۇتقان روزىدىن باشقا كۈنلەردە تۇتقان روزا رامىزان روزىسىغا ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ روزا تۇتقان ۋاقتى رامىزان ئېيى كىرىشتىن ئىلگىرى بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى رامىزان روزىسىغا ھېساب بولمايدۇ. رامىزان ئېيى كىرگەندىن كېيىن تۇتقان روزىنىڭ رامىزان روزىسىغا ھېساب بولىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ مەن: رامىزان روزىسىنى تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلسا، ئەمەلىيەتتە بويىندا پەرز بولۇپ بولغان روزىنى نىيەت قىلغان بولىدۇ. لېكىن بۇ ھالەتتە قازا نىيىتىنى قىلىش شەرت ئەمەستۇر. (ئەمما ئۇنىڭ روزا تۇتقان ۋاقتى رامىزان ئېيى كىرىشتىن ئىلگىرى بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ رامىزان روزىسىغا ھېساب بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ مەن: رامىزان روزىسىنى تۇتىمەن، دەپ نىيەت قىلغان ۋاقىتدا، ئۇنىڭ بويىندا تۇتۇش پەرز بولغان ھېچقانداق روزا يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ رامىزان ئېيى كىرىشتىن ئىلگىرى تۇتقان روزىسى رامىزان روزىسىغا ھېساب بولمايدۇ.)[2]

## روزىنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

مەيلى رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتىۋاتقاندا بولسۇن مەيلى باشقا روزىلارنى تۇتىۋاتقاندا بولسۇن روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان ياكى ئىچىپ سالغان ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

(1) «رد المحتار».

(2) «الفتاوى الهندية».

رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى روزىدار تۇرۇپ ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ قويغان ياكى ئىچىپ قويغان بولسا، روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن. ئۇ ئىش ھەقىقەتەن اللە نىڭ ئۇنىڭغا تاماق ۋە ئۇسسۇلۇق بەرگەنلىكىدۇر.»[1] ئەگەر ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالغاندا روزا بۇزۇلۇپ كەتمىسە، ئۇنتۇپ قىلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ سالغاندىمۇ روزا بۇزۇلۇپ كەتمەسلىك لازىم. چۈنكى روزا تۇتقان ئادەم روزا تۇتىۋاتقان جەرياندا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن چەكلىنىشى لازىم. يەنە بۇ ئىشتا پەرز روزا بىلەن نەپلە روزىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوقتۇر. چۈنكى ھەدىس پەرز روزا بىلەن نەپلە روزىنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىدى.[2]

ئەگەر ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يېگەن ئادەم ياش ئادەمگە ئوخشاش روزىنى قىينىلىپ قالماي تۇتالايدىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ بىر نەرسە يېيىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇشى لازىم. خۇددى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتەي، دەپ قالغان ۋاقىتدا ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى نامازغا ئويغاتماسلىق مەكرۇھ بولغىنىدەك روزىدار ئادەمنىڭ بىر نەرسە يېيىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويماسلىقى ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يېگەن ئادەم روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇشتا قىينىلىپ قالىدىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ رۇزىدار ئىكەنلىكىنى ئەسلەتمەسلىك ياخشىدۇر. ئەگەر ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يېگەن ئادەم، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالماي يەنە بىر نەرسە يېيىشنى داۋام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم. چۈنكى دىن ئىشلىرىدا بىر ئادەمنىڭ بەرگەن خەۋىرىنى قوبۇل قىلىش لازىم.[3] شۇڭا روزىدارلىقىنى ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يېگەن ئادەم، قېشىدا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ روزىدارلىقىنى ئەسلىتىدىغان بىر

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) «الهداية مع الفتح».

(3) يەنى ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يېگەن ئادەم بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سەن بۈگۈن روزىدار، دەپ دېگەن خەۋىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىگەن بولسىمۇ بىر نەرسە يېيىشتىن توختۇشى لازىم. ت.

كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھالىنى ئويلۇشى لازىم ئىدى.[1]

ئۆزىنىڭ روزىدارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەم روزىدارلىقىنى ئېسىگە ئالغان ھامان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توختىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە رامىزان ئېيىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا تاڭ ئېتىپ قالغان ۋاقىتتىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توختىشى لازىم. شۇ ھالەتلەردە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توختاپ بولغاندىن كېيىن مەنىي (ئايالنىڭ ئىچىگە ئەمەس) تېشىغا تۆكۈلسىمۇ روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ رىزىدارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگە ئادەم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توختىمىغان بولسا، ئۇنىڭغا قازا ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ ۋە كەففارەت كەلمەيدۇ.[2]

ئېھتىلام بولۇپ قىلىش روزىنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتقان ئادەم ئۇخلاپ قېلىپ ئېھتىلام بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۈچ ئىش روزىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار شەخەك[3] قويۇش، قوسۇش ۋ ئېھتىلام بولۇپ قېلىشتۇر.»[4] چۈنكى ئېھتىلامدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ شەكلىمۇ ۋە مەناسىمۇ يوق. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ شەكلى بولسا، ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى بىلەن ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچرىشىشىدۇر. ئۇنىڭ مەناسى بولسا، ئەر بىلەن ئايالنىڭ قوچاقلىشىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان شەھۋەت بىلەن مەنىينىڭ تۆكۈلۈشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ شەكلى ۋە مەناسى تېپىلمايدىغان بىر ئىشتا مەنىينىڭ چىقىشى بىلەن روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن) روزا تۇتىۋاتقان بىر ئادەمدىن ئايال كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا قاراش ياكى ئايالنىڭ چىرايلىق يەرلىرىنى خىيال قىلىش ۋە ئويلاش ئارقىلىق مەنىي چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە قاراشنى ياكى ئايالنى ئويلاشنى داۋام قىلىۋېرىپ مەنىينى قەستەن چىقارغان بولسىمۇ روزا يەنە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

(1) «رد المحتار».

(2) «الهدية العلائية».

(3) شەخەك قويۇش بولسا، بەدەننىڭ ئاغرىغان يەرلىرىگە قۇتا قويۇپ قان ئېلىشتۇر. ت.

(4) تىرمىزىي رىۋايىتى.

لېكىن (روزا بۇزۇلۇپ كەتمىسىمۇ) روزا تۇتقان ئادەمنىڭ شۇنداق ئىشلارنى قىلىشى هارامدۇر. ئەگەر روزا تۇتقان ئەر بىر ئايالنى ئۇ ئايالنىڭ كىيىمنىڭ ئۈستىدىن تۇتقان ۋە ئايالنىڭ بەدىنىدىن ئۆتكەن قىززىقلىق سەۋەبىدىن ئۇ ئەردىن مەنىي كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1] ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئەر ئايالنى تۇتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن مەنىي كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئەر ئايالنى تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىدىن قەستەن مەنىي چىقىرىشقا ئۇرۇنغان بولسا، بۇ هالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[2]

ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئەر بىر ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئەمەس باشقا يەرلىرىگە يېقىنلاشقان ياكى ئۇنى سۆيگەن ياكى ئۇنى قۇچاقلىغان ۋە ئۇنىڭدىن مەنىي چىقمىغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما شۇ ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن مەنىي چىققان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پەقەتلا روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشلا لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشتا جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆتكۈزۈشنىڭ مەناسى تېپىلغاندۇر. ئۇ ئادەمگە كەففارەت كەلمەيدۇ. چۈنكى كاففارەت روزىسىنى بۇزغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئەڭ ئېغىر جازادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كەففارەت روزىغا ئىشلەنگەن جىنايەت ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بېرىلىدۇ. روزىغا ئىشلەنگەن ئەڭ يۇقىرى بولغان جىنايەت بولسا، روزا تۇتىۋاتقان بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن هەم شەكلى ۋە هەم مەناسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىدۇر. ئەمما ئەرنىڭ (ئايالنى سۆيگەن ياكى قۇچاقلىغان ئىشلاردا) جىنسىي مۇناسىۋەت بۇ شەكىلدە تېپىلمىدى. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا روزىنىڭ پەقەتلا قازاسىلا كېلىدۇ.)[3]

ئەگەر ئىككى ئايال بىر ـ بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ هالەتتە ئۇ ئىككىسىدىن مەنىي چىقمىغانلا بولسا ئۇ ئىككىسىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئاياللارنىڭ بۇنداق قىلىشى هارامدۇر. ئەگەر ئۇلاردىن مەنىي چىقىپ ئۇلارنىڭ روزىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇلارغا پەقەت روزىنىڭ قازاسىنىلا قىلىش لازىم كېلىدۇ. ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئەر

(1) <الفتاوى الهندية>.

(2) «الهدية العلائية».

(3) «شرح العناية على الهداية».

ئالقىنىغا ياكى يوتىلىرىغا ئويناش ئارقىلىق مەنىي چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشتا جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەناسى تېپىلدى. ئۇ بولسىمۇ شەھۋەتنى ئادا قىلىشتۇر. لېكىن بۇنداق ئىشنى قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (هارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار هەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر[1] »[2]

لېكىن بىر ئادەم ئەگەر ئالقىنىغا ياكى يوتىلىرىغا ئويناش ئارقىلىق مەنىينى چىقىرۋەتمىسە زىنا قىلىپ قېلىش ئېهتىمالى بولسا، ئۇ ئادەم زىنا قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلسا، بەزى فىقھشۇناسلارنىڭ دېگىنىدەك ئۇنىڭغا گۇناھ بولماسلىقى مۇمكىن.[3][4]

روزىدار بىر ئادەم هايۋان بىلەن ياكى ئۆلۈك ئايال بىلەن جىنسي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭدىن مەنىي چىقمىغانلا بولسا ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنى قىلىش هارامدۇر. ئۇ ئادەمدىن مەنىي چىقمىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان شۇ ئىشىدا جىنسي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ يا شەكلى ۋە يا مەناسى يوقتۇر. بۇ هالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ هۆكمى خۇددى ئۆزىدىن ئايال كىشىنىڭ جىنسي ئەزاسىغا قاراش ياكى ئايالنىڭ چىرايلىق يەرلىرىنى خىيال قىلىش ۋە ئويلاش ئارقىلىق مەنىي كەلگەن ئادەمنىڭ هۆكمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. (بۇ ئادەمنىڭمۇ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمىگىنىدەك ئۇ ئادەمنىڭمۇ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.) ئەمما هايۋان بىلەن ياكى ئۆلۈك ئايال بىلەن جىنسي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمدىن مەنىي چىققان بولسا، ئۇنىڭغا روزىنىڭ قازاسى كېلىدۇ.[5]

---

(1) يەنى اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ جىنسي تەلەپلىرىنى ئالقىنىغا ياكى شىراقلىرىغا ئوخشاش خوتۇنىدىن ۋە چۆرىسىدىن باشقا يەرلەر ئارقىلىق قاندۇرماقچى بولغانلارنى هەددىدىن ئاچقۇچىلار، دەپ تەنقىد قىلدى. ت.

(2) سۈرە مۆمىنۇن 5 ـــ 7 ـ ئايەتكىچە.

(3) بەزى فىقھشۇناسلار: «ئەگەر بىر ئادەم زىنا قىلىپ قېلىشتىن قورقسا، ئالقىنىغا ياكى يوتىلىرىغا ئويناش ئارقىلىق شەھۋەتنى پەسەيتسە گۇناھ بولمايدۇ» دەيدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىش ئىنسانىنىڭ تەن ـ سالامەتلىكى ئۈچۈن قاتتىق زىيانلىقتۇر. شۇڭا ئىنسان بۇ هالەتكە كەلگەندە ئۆيلىنىشى لازىم. ئەگەر ئۆيلىنەلمىسە، روزا تۇتۇشى ۋە تاماقنى ئاز يېيىشى لازىم. ت.

(4) «رد المحتار»، «فتح القدير» ۋە «الهدية العلائية».

(5) «رد المحتار».

ئىنسانىنىڭ بەدىنىدىكى تۆشۈكلەر ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ قۇرسىقىغا كىرگەن نەرسىلەر روزىنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەم يۇيۇنغان ۋە قۇرسىقىنىڭ ئىچىدە سۇنىڭ سوغۇقىنى ھىس قىلغان بولسىمۇ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك روزا تۇتىۋاتقان ئادەم سۈيۈق ماددىلار بىلەن تېرىسىنى ياغلىغان ياكى كۆزىگە سۈرمە تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم گېلىدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تېتىغان ياكى تۈكۈرىكى ئارىسىدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئادەتتە ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ قەستىسىز كىرىپ كېتىشى بىلەن روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ گېلىغا[1] چاڭ توزاڭ، تۇپا ياكى تۈتۈن ياكى چىۋىن كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە دورىگەر دورىلارنىڭ تەمىنى ياكى پۇراقلىرىنى ھېس قىلغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ قۇلىقىغا سۇ كىرىپ كېتىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما روزا تۇتىۋاتقان ئادەم شۇ نەرسىلەرنى ئۆزى قەستەن كىرگۈزگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن كىرگەندۇر. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەم قۇلىقىغا ياغ ياكى دورا تېمىتقان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. روزا تۇتىۋاتقان ئادەم قۇلاق كولىغۇچ بىلەن قۇلىقىنى كولىغان ۋە ئۇنىڭغا قۇلىقىنىڭ كىرى يۇققان بولسا، ئاندىن ئۇ قۇلاق كولىغۇچنى ئۇنىڭدىكى كىرنى تازىلىۋەتمەي بىر نەچچە قېتىم قۇلىقىغا تىققان بولسىمۇ ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما روزا تۇتىۋاتقان ئادەم قانداق شەكىل بىلەن بولسۇن تۈتۈننى گېلىغا كىرگۈزگەن ياكى ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكى ئېسىدە بار تۇرۇپ ئىسرىق سېلىپ ئۇنىڭ تۈتۈنىنى پۇرىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم (بۇ تۈتۈنلەرنى گېلىغا كىرگۈزۈشتىن ساقلىنالاي دېسە) ئۇ تۈتۈنلەردىن ساقلىنالىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشىنى خۇددى قىزىل گۈلنىڭ ۋە ئىپارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغانغا ئوخشاش بىر ئىش، دەپ گۇمان قىلىپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى قىزىل گۈلنىڭ ۋە ئىپارنىڭ پۇرىقى

(1) روزا تۇتقان ئادەم ئۈچۈن گال ئۇنىڭ ئىچىگە تەۋە بولىدۇ. ئەمما ئېغىز ۋە بۇرۇننىڭ يۇمشىقى ئۇنىڭ ئىچىگە تەۋە ئەمەستۇر.

بىلەن خۇش بويلاشقان ھاۋانىڭ ئۇنىڭ گېلىغا كىرىشى باشقا ئىش ۋە ئۇنىڭ تۈتۈنىنى ئىچىگە كىرگۈزۈشى باشقا بىر ئىشتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن تاماكا ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش نەرسىلەرنى چېكىش ۋە ئۇلارنىڭ تۈتۈنلىرىنى ئىچىگە كىرگۈزۈش روزىنى شەكسىز بۇزىدۇ.[1]

بۇرۇنغا دورا قويۇپ ئۇنى ئىچىگە تارتىشمۇ روزىنى بۇزۇدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. تاھارەت ئالغاندا ئېغىزنى چايقىغاندىن كېيىن ئېغىزدا قالغان سۇنىڭ قالدۇقلىرىنى تۈكرۈك بىلەن بىللە يۇتقان بولسىمۇ روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ سۇنى تۈكۈرۈۋېتىپ بولغاندىن كېيىن تۈكرىكنى يۇتۇشتىن ئىلگىرى تاكى تۈكرىكىگە ئارىلىشىپ قالغان سۇنى چىقىرۋېتىش ئۈچۈن بىر قېتىم تۈكۈرۈۋېتىشى لازىم. ئېغىزنى چايقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا قالغان سۇنى چىقىرۋېتىش ئۈچۈن تۈكۈرگەندە بەك قاتتىق تۈكۈرۈپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئېغىزنى چايقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا قالغىنى پەقەتلا ھۆللۈكتۇر. ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس.[2]

ئەگەر رۇزا تۇتىۋاتقان ئادەم بىر ياكى ئىككى تېمىم ئاققان تەرنى ياكى كۆزىدىن ئاققان ياشنى ئېغىزىغا كىرگۈزگەن، تەر ياكى ياش ئۇنىڭ تۈكرۈكى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ۋە ئېغىزىدا تەرنىڭ ياكى ياشنىڭ تۇزلۇق تەمىنى تېتىمىغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئېغىزىغا ئېقىتقان تەر ياكى ياش كۆپ بولۇپ ھەتتا ئۇ ئېغىزلىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئۇنىڭ تۇزلۇق تەمىنى تېتىغان ۋە ئۇنى يۇتقان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئەسنەش ئۈچۈن بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرگەندە، بىر تامچە يامغۇر ياكى قار ياكى ئۆستۈندىن ئاققان بىر تېمىم سۇ چۈشۈپ ئۇنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسنىۋاتقان چاغدا ئېغىزىغا قولىنى قويۇۋېلىش ئارقىلىق ئۇ نەرسىلەردىن ساقلىنىشى مۇمكىن ئىدى.[3]

روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ چىش ئارىلىقلىرىدىن چىققان قان ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما

(1) «رد المحتار».

(2) «رد المحتار».

(3) <الفتاوى الهندية>.

ئۇ قان ئۇنىڭ قۇرسىقىغا تۆكۈرۈككە ئارىلىشىش ئارقىلىق كىرىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە قان ئۇنىڭ تۆكۈرگىدىن كۆپ ياكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇپ تۆكۈرۈكتە قاننىڭ رەڭگى كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان بولسا، كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بەزى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئادەتتە ساقلانغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ھۆكمى خۇددى چىشلارنىڭ ئارىسىدا قالغان تاماقنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ۋە ئېغىزنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن ئېغىزدا قالغان سۇنىڭ نەمىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر، (يەنى بۇ نەرسىلەرنىڭمۇ ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىش بىلەن روزا بۇزۇلۇپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش چىشنىڭ ئارىسىدىن چىققان قاننىڭمۇ ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىش بىلەن روزىنى بۇزماسلىقى لازىم.) دەيدۇ.[1] بۇ، ناھايىتى ياخشى بىر قاراش بولۇپ بۇنىڭغا ئەگەر چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن قان چىققان روزىدار ئادەم قاننىڭ چىققانلىقىنى سەزمىگەن بولسا، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويساق ناھايىتى توغرا بولىدۇ. (يەنى روزا تۇتىۋاتقان ئادەم چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن قاننىڭ چىققانلىقىنى سەزمىگەن ۋە قان ئۇنىڭ قۇرسىقىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دېسەك ناھايىتى توغرا بولىدۇ.) ئەمما ئۇ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن قاننىڭ چىققانلىقىنى سەزگەن ۋاقتىدا قاننى تۆكۈرۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قۇرساققا كىرىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن: «بىز بۇنىڭدىن رامىزاندا چىشنى تارتقۇزۇپ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا بولسىمۇ قان قۇرسىقىغا كىرىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چىقىرۋالالايمىز. شۇڭا رامىزاندا چىشنى تارتقۇزۇپ قان قۇرسىقىغا كىرىپ كەتكەن ئادەمگە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ قان ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ قاننىڭ ھۆكمى خۇددى ئۆزىچە قايتىپ كېتىپ (ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن) قۇسۇقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر، (يەنى ئۆزىچە قايتىپ كەتكەن قۇسۇقمۇ روزىنى بۇزمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ قانمۇ روزىنى بۇزمايدۇ)» دەيدۇ.[2] لېكىن مەن (يەنى ئاپتور ئۆزىنى دېمەكچى) روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان قاننىڭ ئەھۋالى بىلەن چىشنى تارتقۇزغاننىڭ ئەھۋالى بىر

(1) «رد المحتار».

(2) «رد المحتار».

- بىرىگە ئوخشۇمايدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى چىشنى تارتقۇزۇشقا مەجبۇر بولۇپلا قالمىغان بولسا، ئۇنى كېچىكتۈرۈپ ئىپتاردىن كېيىن تارتقۇزسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىشنى تارتقۇزغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن چىققان قاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ روزىسىنى بۇزۇۋېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەمما چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغان قاننىڭ چىقىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەگەر چىش ئاغرىقى چىدىغۇسىز دەرىجىدە بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن چىشنى تارتقۇزۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ياكى ئۇخلاۋاتقاندا چىش ئۈزىچە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە چىققان ۋە تۈكۈرۈك بىلەن قەستىسىز قۇرساققا كىرىپ كەتكەن قاننى ئۆزىچە قايتىپ كەتكەن قۇسۇققا ئوخشاتساق ۋە بۇ ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن، دەپ قارىساق توغرا بولۇشى مۇمكىن.

روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بۇرنىدىكى ماڭقىنى تارتىپ ئىچىگە كىرگۈزۈش بىلەن ياكى گەپ قىلىۋاتقاندا كالپۇكلىرىغا كېلىپ قالغان تۈكرۈكنى يۇتۇۋېتىش بىلەن، ياكى گېلىنى قاقىقاندا گېلىدىن ئېغىزىغا كەلگەن بەلغەمنى يۇتۇۋېتىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر تېخى ئۇ ئادەمنىڭ تېنىدىن ئايرىلىپ كەتمىگەندۇر. ئەمما ئۇ نەرسىلەر ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ تېنىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۇنى قايتا ئېغىزىغا ئېلىپ يۇتقان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بۇرنىدىكى ماڭقىنى ياكى ئېغىزىدىكى تۈكۈرۈكنى تېشىغا چىقىرىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇلارنى ئىچىگە يۇتقان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى ئىچىگە يۇتۇشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپقا رىئايە قىلىش مۇستەھەپتۇر.[1]

ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان بۇغداينىڭ بىر تال دانىسىدەك ئاز مىقداردىكى تاماقنىڭ قالدۇقلىرىنى يۇتىۋەتكەن بولسا، ئۇنى يۇتۇۋېتىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ

(1) «رد المحتار».

ھۆكمى تۇكۇرۇكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. ئەمما چىشنىڭ ئارىسىدا قالغان تاماقنىڭ قالدۇقلىرىنى بۇغدايىنىڭ بىر تال دانىسىدىن چوڭ بولغان ۋە ئۇنى يۇتىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ دەرىجىدىكى چوڭلۇقتىكى نەرسىدىن ساقلىنىش مۇمكىن.

چىققان قەي مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى چىق بولسۇن قەي كۆچلۈك ھالەتتە كېلىپ روزىدار ئادەمنىڭ قەستىسىز ئۇنىڭ ئىختىيارىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۈچ ئىش روزىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار شەخەك قويۇش، قوسۇش ۋە ئېھتىلام بولۇپ قېلىشتۇر.» دېگەن سۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: «قەيى كۆچلۈك كېلىپ كەتكەن روزىدارغا، ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەس. كىمكى قەيىنى ئۆزى كەلتۈرسە، روزىنىڭ قازىسىنى قىلسۇن.»[1]

مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى كۆپ بولسۇن چىققان قەيىنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۆزىچە يېنىپ كەتكەن بولسا، روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قەيىنى روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئۆزى ئىچىگە قايتۇرمىغاندۇر. ئۇنىڭ نىيىتىدىمۇ قەيىنى ئىچىگە تەكرار قايتۇرۇش يوق ئىدى. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ قەيىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بۇغدايدەك قىسمىنى قەستەن ئىچىگە قايتۇرغان ۋە كەلگەن قەي ئېغىز توشقىچە بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم قەيىنى ئۆزى ئىچىگە قەستەن قايتۇرغاندۇر.

كەلگەن قەيىنىڭ ئېغىز توشقىچە بولىشىنى شەرت قىلىشتىكى مەقسەت بولسا، قەيىنىڭ ھۆكمىنىڭ تەندىن چىققان نەرسىنىڭ ھۆكمىدە بولۇشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى قەي ئېغىزغا ئېغىز توشقىچە كەلگەندە ئېغىز ئۇنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەي خۇددى تەنىنىڭ باشقا يەرلىرىدىن چىققان نەرسىگە ئوخشاش بولىدۇ.) تەندىن چىققان نەرسىنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىسىنى ئىچىگە قايتۇرۇش بىلەن روزا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما كەلگەن قەي ئېغىز توشقىچە بولمىسا، ئۇنىڭ ھۆكمى خۇددى تەندىن ئايرىلمىغان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئىچىگە قايتىپ كىرگەن قەي مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ قەستى بىلەن بولسۇن مەيلى ئۇنىڭ قەستىسىز

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

بولسۇن قەيىنىڭ قايتىپ كىرىپ كېتىشى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

يۇقىرىدا ئۆتكەن ھەدىس ۋە بايانلار ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم قەستەن قەي قىلغان ۋە قەي ئېغىز توشقىچە بولغان بولسا، مەيلى ئۇ قەي ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆزىچە يېنىپ كەتسۇن مەيلى ئۇنى ئۇ ئادەم ئۆزى ياندۇرسۇن ئۇنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بىر يەردە ئولتۇرۇپ ئاز - ئازدىن بىر نەچچە قېتىم قەي قىلغان، ئۇ قەيلەر ئەگەر بىر يەرگە توپلانسا ئېغىز توشقىدەك كېلىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. قەي قىلىش ئارقىلىق روزا بۇزۇلۇپ كېتىدىغان يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئەگەر كەلگەن قەي تاماق ياكى سۇ ياكى ئاچچىق سېرىق سۇ ياكى قان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما كەلگەن قەي ئەگەر بەلغەم بولسا، يۇقىرىدىكى ھالەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[2]

ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەردە تۇرۇپ قالمايدىغان نەرسىلەر روزىنى بۇزمايدۇ. ئەمما ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسىلەر ئۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان نەرسىلەر بولغان، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ئىچىگە ئۆزى كىرگۈزگەن ياكى ئۇلار ئۇنىڭ تېنىگە پايدا قىلىدىغان نەرسىلەر بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسىنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇپ قالمايدىغانلىقى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئىشنىڭ بىرى بىلەن بىلىنىدۇ:

1 - ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسىنىڭ بىر قىسمى تېشىدا قېلىپ قالىدۇ.

2 - ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسە ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپلا ئۇ يەردە تۇرۇپ قالماي ۋە ئۇنىڭدىن كىچىككىنىمۇ پارچە ئاجراپ كەتمەي قايتىپ چىقىدۇ.

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر ئېلىنىدۇ:

(1) «الهداية» ۋە «رد المحتار».

(2) «الدر المختار» ۋە «رد المحتار».

روزا تۇتىۋاتقان ئادەم قىززىقلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان قۇرۇق گىرادۇسنى ئارقا تەرەت يولىغا تىققان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى گىرادۇسنىڭ بىر تەرىپى ئۇنىڭ تېشىدا قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە روزا تۇتىۋاتقان بىر ئەر قۇرۇق بارمىقىنى ئارقا تەرەت يولىغا تىققان ياكى روزا تۇتىۋاتقان بىر ئايال قۇرۇق بارمىقىنى جىنسىي ئەزاسىغا تىققان بولسا، روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى بارماقنىڭ بىر قىسمى تېشىدا قالىدۇ.) ئەگەر گىرادۇس ياكى بارماق ھۆل بولغان بولسا، روزا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچىدە ئۇلاردىكى ھۆلنىڭ ئەسىرى قالىدۇ.

روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ سۇڭى چىقىپ قالغان ۋە ئۇنى يۇغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەر قورۇشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن قوپۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردىكى سۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى قۇرۇتۇپ ئاندىن ئورنىدىن تۇرغان بولسا، روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ يەر قۇرۇپ سۇ تۇگۇگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۇدەك سۇ قالمىغان بولىدۇ.[1]

بىر ئايال ئالدى تەرەت يولىغا ئىشلىتىدىغان پاختىنىڭ بىر پارچىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ھەممىسىنى جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ پارچە پاختىنىڭ يېرىمىنى ئۇ يەرگە كىرگۈزۈۋەتكەن ۋە يېرىمىنى كىرگۈزۈۋەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

دۇختۇر دۇختۇرلۇقتا قوللىنىدىغان بىرەر قۇرۇق سايماننى روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئاندىن تارتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەممە ھالەتلەردە، ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسە ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قالمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسە، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قالىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ: ئەگەر ئۇ نەرسىنى روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى كىرگۈزمىگەن ياكى ئۇ روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ تېنىگە پايدىسى يوق نەرسە بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە

(1) «رد المحتار».

ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى كىرگۈزگەن ياكى ئۇ نەرسە ئۇنىڭ تىنىگە پايدىلىق نەرسە بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمگە نەيزە تېقىلغان ياكى ئوقيا ئېتىلغان ۋە نەيزىنىڭ ياكى ئوقيانىڭ ئۇچچى ئۇنىڭ ئىچىدە قالغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

شۇنىڭدەك يەنە روزا تۇتىۋاتقان ئادەمگە ئوق ئېتىلغان ۋە ئوق ئۇنىڭ قورسىقىدا قالغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ئىچىگە ئۆزى كىرگۈزمىدى، ھەمدە ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ تېنىگە پايدىلىق نەرسىلەرمۇ ئەمەس.

ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم تاكى چوڭقۇرلۇقى ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىدىغان دەرىجىدە يارىلانغان ياكى بېشى تەرىپىدىن تاكى چوڭقۇرلۇقى مېڭىسىغا يېتىدىغان دەرىجىدە يارىلانغان ۋە ئۇ يارىغا تاش ئېتىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم يارىسىغا تاشنى ئۆزى ئاتمىدى، ھەم ئۇ تاش ئۇنىڭ تېنى ئۈچۈن پايدىلىقمۇ ئەمەس.

ئەگەر ئۇ ئادەم يارىسىغا دورا قويغان ۋە دورا ئۇنىڭ ئىچىگە يېتىپ بارغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن ئۇ ئادەم دورىنى ئۆزى قويدى. ئىككىنچىدىن دورا ئۇنىڭ تېنى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

گەرچە روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسە، ئۇنىڭ تېنىگە پايدىلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى كىرگۈزگەن ۋە ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىچىدە قالغان بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ئوق ئاتقان ۋە ئوق ئۇنىڭ ئىچىدە قالغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ ياكى ئايالنىڭ ئارقا تەرەت يولى ئارقىلىق ياكى ئايالنىڭ ئالدى تەرەت يولى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىدىغان دورىلار مەيلى ئۇلارنى روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئىچىگە ئۆزى كىرگۈزسۇن مەيلى باشقىلار كىرگۈزسۇن روزىنى بۇزىدۇ. چۈنكى بۇ دورىلار ئىنسانىنىڭ تېنىگە پايدىلىقتۇر.

ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان بىر ئەرنىڭ ئالدى تەرەت يولىنىڭ ئۇچچىغا سۇ ياكى

---

(1) «رد المحتار».

دورا تېمىتىلغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئالدى تەرەت يولى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىنىڭ ئارىلىقىدىكى سۈيدۈك ئۆتۈشۈش ئېغىزى بولسا، پەقەت سۈيدۈك كەلگەندىلا ئېچىلىدۇ. قالغان ۋاقىتتا ئېتىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار: «ئەرنىڭ ئالدى تەرەت يۇلىنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭ ئىچىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش ئەمەستۇر (يەنى ئەرنىڭ ئالدى تەرەت يولىغا كىرگەن نەرسە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش ئەمەس)» دەيدۇ. ئەمما روزا تۇتىۋاتقان بىر ئايال ئالدى تەرەت يۇلى ئارقىلىق ئىچىگە بىر نەرسە كىرگۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھۆكۈملەرگە قارىغاندا يانپاشقا ياكى تۇمۇرلارغا ئۇرۇلغان ئۇكۇل ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسىلەرنىڭمۇ روزىنى بۇزۇدىغانلىقى چىقىدۇ. چۈنكى ئۇكۇل ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن دورىلار دۇختۇرلارنىڭ دېگىنىدەك ئادەمنىڭ بەدىنىدە قالىدۇ ۋە ئاز بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ تېنىگە تارايدۇ. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ تېنىگە ھەم پايدىسى باردۇر. بۇ مەسىلىگە، فىقھشۇناسلار يارا ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە ماڭغۇزۇلغان دورىنىڭ روزىنى بۇزۇشى ئۈچۈن ئۇ يارىنىڭ چوڭقۇرلىقى تاكى ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىدىغان دەرىجىدە ياكى ئەگەر ئۇ يارا مېڭى تەرەپتە بولسا، مېڭىغا يېتىدىغان دەرىجىدە بولىشىنى شەرت قىلىدۇ (يەنى بۇ شەرتكە ئاساسەن ئۇكۇل ئارقىلىق ئادەمنىڭ تېنىگە ماڭغۇزۇلغان دورىلار روزىنى سۇندۇرماسلىقى لازىم) دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلسە، بۇ ئېتىرازغا بۇ جاۋاب بېرىلىدۇ:

فىقھشۇناسلارنىڭ ئۇ شەرتنى قويۇشىدىكى مەقستى بولسا، يارىغا قويۇلغان دورىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە يەتكەنلىكىنى ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى فىقھشۇناسلار ئۇ شەرتنى قويغان ۋاقىتتا ھازىرقى زاماندا بار بولغان ئۇكۇلغا ئوخشاش دورىنى ئادەمنىڭ ئىچىگە ماڭغۇزۇپ ئازراق بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە دورىنى ئادەمنىڭ ھەممە ئەزايىغا يەتكۈزۈدىغان سايمانلار يوق ئىدى. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇ شەرتنى قويغان.) ئۇنداق بولغان ئىكەن بۇ يەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى، ئالىم ئىبنى ئابىدىنىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش دورىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىش ياكى يەتمەسلىكىدۇر. شۇڭا ئەگەر چوڭقۇرلىقى ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىدىغان دەرىجىدە يارىلانغان يارىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق دورا چېپىلغان ۋە ئۇ دورىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە يەتكەنلىكى

مەلۇم بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ يارىغا سۇيۇق دورا قويۇلغان بولۇپ ئۇ دورىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئىچىگە يەتمىگەنلىكى مەلۇم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

روزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ياكى بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى دورىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىش ياكى يەتمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا، زامانىمىزدا دوختۇرلۇق ساھاسىدە قوللىنىلىدىغان سايمانلا، ئۇ سايمانلار ئارقىلىق ئادەمگە ئۇرۇلغان دورىلارنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە چوقۇم يېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن دورىلارنى ئوكۇل بىلەن ماغزۇش روزىنى بۇزىدۇ، دەپ قاراش ئەڭ توغرا قاراش بولۇشى لازىم. ئارقا تەرەت يولىغا تېقىلغان ھۆل بارماقتىكى (كىچىككىنە ھۆل) روزىنى بۇزىدۇ، دېيىلگەن يەردە زامانىۋىي دوختۇرلۇق ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق كۆپ مىقداردا بەدەنگە پايدا قىلىدىغان ئوكۇللارنى بەدەنگە ماغزۇش ياكى بەدەنگە قان سېلىش روزىنى بۇزمايدۇ، دەپ قاراش ئەقىلگە سىغمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇ دورىلارنىڭ بەدەن سىرتىدىن ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆزى كىرىپ كېلىش بىلەن ئۇنى ئوكۇل ئورۇش ئارقىلىق كىرگۈزۈشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرقىنى ئايرىشىمىز لازىم. مەسىلەن: (چوڭقۇرلىقى ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىدىغان دەرىجىدە يارىلانغان ئەمەس) كىچىككىنە يارىلانغان يارىنىڭ ئۈستىگە دورا چېپىلغان، يارا ئۇ دورىنى ئۆزىگە تارتىپ قان ئارقىلىق بەدەننىڭ ھەممە يېرىگە تاراتقان بولسا، ئۇ دورىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە يەتكەنلىكىدە شەك يوقتۇر. لېكىن ئۇ دورىمۇ خۇددى ئىنسان تېرىسىنى ياغلىغان سۇيۇق ماددىلار تېرىنىڭ تۆشۈكلىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ بەدىنىنىڭ ئىچىگە ئۆزلىكىدىن تارىغىنىغا ئوخشاش تارايدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بەدەننىڭ ئىچىگە ئۆزى تارىغان نەرسىلەر روزىنى بۇزمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا يەنە ئالىملارنىڭ روزىدار ئادەم يۇيۇنۇۋاتقاندا ياكى سۇ ئۈزۈۋاتقاندا قۇلاققا ئۆزىچە كىرىپ كەتكەن سۇنىڭ ھۆكمى بىلەن قۇلاققا تېمىتىش ئارقىلىق كىرگەن سۇنىڭ ھۆكمىنى ئايرىپ: «ئەگەر يۇيۇنۇۋاتقاندا ياكى سۇ ئۈزۈۋاتقاندا قۇلاققا سۇ ئۆزلىگىدىن كىرىپ كەتسە روزا بۇزۇلمايدۇ، ئەگەر قۇلاققا سۇ تېمىتىش ئارقىلىق كىرگەن بولسا روزا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ»

(1) «رد المحتار».

دېگەنلىكىنى بايان قىلغانىدۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن (يەنى ئاپتور) ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى تۆشۈكلەر ئارقىلىق ياكى (چوڭقۇرلۇقى ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىدىغان دەرىجىدە يارىلانغان ئەمەس) كىچىككىنە يارىلانغان يارا ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۆزلىكىدىن كىرگەن نەرسىلەر روزىنى بۇزمايدۇ. ئەمما ئىنسان (ئۇكۇل ئوردۇنغانغا ئوخشاش) ئىچىگە ئۆزى كىرگۈزگەن نەرسىلەر روزىنى بۇزىدۇ، دەپ قارايمەن. شۇڭا روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئۇكۇل ئوردۇرماقچى بولسا، ئىپتاردىن كېيىن ئوردۇرۇشى لازىم. ئەگەر كۈندۈزدە ئوردۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەم شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىلاجسىزلىقتىن روزىنى بۇزۇشقا رۇخسەت قىلىنغان كېسەل ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇكۇلنى سالدۇرۇپ كېيىن روزىنىڭ بىر كۈن قازاسىنى قىلىۋەتسە بولىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ قارىشىم. مەن بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە: مېنىڭ بۇ قارىشىمغا كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قېتىلمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى توغرا كۆرىمەن. ئۇ ئالىملار ئۇكۇل روزىنى بۇزمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىغا خالىغان ئادەم ئەمەل قىلسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىبادەت ئىشلىرىدا ئېھتىيات قىلىش ۋە ئېھتىيات تەرىپىنى تۇتۇش لازىم. الله تائالا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

يىلاننىڭ چېقىۋېلىشى بىلەن روزىدارنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى يىلاننىڭ چېقىۋېلىشى ئۇ ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولمىغاندۇر. ھەم يىلاننىڭ چېقىۋېلىشى ئادەمنىڭ بەدىنىگىمۇ پايدىلىق ئەمەستۇر.

روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە سەۋەنلىك بىلەن كىرىپ كەتكەن نەرسىلەرمۇ روزىنى بۇزىدۇ. روزىسى بۇنداق بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەمگە پەقەت روزىنىڭ قازاسىلا كېلىدۇ، كەففارەت كەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر روزىدار ئادەم تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئېغىزىنى چايقىۋېتىپ ياكى بۇرنىغا سۇ ئېلىۋېتىپ سەۋەنلىك بىلەن سۇ ئۆتۈپ كېتىپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە روزىنىڭ بىر كۈن قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە سەۋەنلىك بىلەن كىرىپ كەتكەن نەرسىلەرمۇ روزىنى بۇزمايدۇ» دېدى. بۇنىڭ دەلىلى بولسا، ئىچىگە سەۋەنلىك بىلەن بىر نەرسە كىرىپ كەتكەن ئادەمنى ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان ئادەمگە قىياس قىلىشتۇر. (يەنى ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى

ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەنلىك بىلەن ئىچكە بىر نەرسە ئۆتۈپ كېتىپ قالغان ئادەمنىڭمۇ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ). ئىمام شافىئىينىڭ يەنە بىر دەلىلى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۈممىتىمدىن سەۋەنلىك، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قېلىپ ئۆتكۈزۈپ سالغان ئىشلارنىڭ گۇناھلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى»[1] دېگەن ھەدىسىدۇر. لېكىن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان ئادەمنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى قىياسقا زىت بىر ئىشتۇر (يەنى قىياس بويىچە ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىش لازىم ئىدى.) شۇڭا قىياسقا زىت كەلگەن بىر ھۆكۈمگە باشقا بىر ھۆكۈمنى قىياس قىلىش بولمايدۇ» دەيدۇ ۋە ئىمام شافىئىينىڭ تايانغان ئۇ قىياسىنى رەد قىلىدۇ.[2] ئادەم روزىدار بولغاندا كۆپ يۈز بېرىدىغان ئۇنتۇپ قېلىش بىلەن كۆپ يۈز بەرمەيدىغان سەۋەنلىكنىڭ ئارىسىدا پەرق بار.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئىمام شافىئىينىڭ دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ھەدىسىگە: «ئۇ ھەدىستە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان نەرسىدىن (شۇنداق ھالەتتە ئۆتكۈزۈپ سالغان ئىشلارنىڭ) دۇنيادىكى ھۆكمى ئەمەس ئاخىرەتتە سورۇلىدىغان گۇناھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

سەۋەنلىك بىرنەرسىلەرنى يەپ قېلىشتا بولغىنىدەك يەنە روزىنىڭ ۋاقتىنى ئۆلچەشتىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: رامىزاندا بىر ئادەم تېخى تاڭ ئاتمىدى، دېگەن گۇمان بىلەن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ياكى سوھۇرلۇق يەۋەتقان، كېيىن ئۇ ئادەمگە تاڭنىڭ ئاتقانلىقى مەلۇم بولغان بولسا، ئۇ ئادەم تاڭنىڭ ئاتقانلىقىنى بىلگەن ھامانلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ياكى سوھۇرلۇق يېيىشتىن توختۇغان بولسىمۇ ئۇنىڭ روزىسى توغرا بولمىغان بولىدۇ[4]. شۇنىڭ ئۈچۈن

(1) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.

(2) ھۆكۈم چىقىرىشتا ئاساسلىنىدىغان بىر قائىدە: قىياسقا زىت كەلگەن بىر نەرسىگە باشقا نەرسە قىياس قىلىنمايدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قائىدىسى بولۇشى مۇمكىن. ت.

(3) «الهداية» ۋە «فتح القدير».

(4) ئاپتور بۇ يەردە خاتا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئاپتور بىر نەچچە بەت يۇقىرىدا: ئۆزىنىڭ روزىدارلىقىنى

ئۇ ئادەمگە بىر كۈن قازا روزا تۇتۇش لازىم. ئۇ ئادەمنىڭ نىيىتىدە قەستەن روزىنى بۇزۇۋېتىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەففارەت كەلمەيدۇ.

بىر ئادەم كۆنىنىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىدىن شەكلىنىپ قېلىپ ئىپتار قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىپتارنى كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى قىلغانلىقى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەم قازا ھەم كەففارەت كېلىدۇ. چۈنكى بۇ چاغ كۈندۈزگە تەۋە چاغ بولغانلىقى ئۈچۈن كۈننىڭ كىرىپ كەتمىگەنلىكى ئېنىقتۇر. ئەمما ئۇنىڭ كىرىپ كەتكەنلىكى شەكلىكتۇر. ئەسلىدە بارلىقى ئېنىق بولغان بىر نەرسە ئۇنىڭ ھەققىدە پەيدا بولۇپ قالغان شەكلىك بىلەن يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھالەتتە ئىپتار قىلىپ سالغان ئادەم خۇددى كۈندۈزدە ئىپتار قىلىپ سالغاندەك بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەم قازا ھەم كاففارەت كېلىدۇ.)

ئەمما بىر ئادەم كۈننىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۈچلۈك گۇمان قىلىپ ئىپتار قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىپتارنى كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى قىلغانلىقى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇنىڭغا پەقەت قازالا كېلىدۇ، چۈنكى كۈچلۈك گۇمان ئېنىق بولغان ئىشەنچىگە ئوخشاشتۇر[1] (يەنى كۈننىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىگە ئېنىق ئىشەنچ قىلىپ ئىپتار قىلغاندىن كېيىن ئىپتارنىڭ كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى قىلىنغانلىقى ئاشكارا بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە پەقەت قازالا كېلەتتى. شۇنىڭدەك كۈننىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۈچلۈك گۇمان قىلىپ ئىپتار قىلىپ سالغان ئادەمگىمۇ پەقەت قازالا كېلىدۇ.)

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھالەتلەردە روزىدارلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق قىلىپ سالغانلىقلىرىنى بىلمەي روزىلىرىنى تۇتۇۋەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ روزىلىرى توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قازامۇ كەلمەيدۇ.[2]

ئۇنتۇپ قېلىپ جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەم روزىدارلىقىنى ئېسىگە ئالغان ھامان جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توختۇشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە رامىزان ئېيىدا جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا تاڭ ئېتىپ قالغان ۋاقىتدىمۇ جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توختۇشى لازىم. شۇ ھالەتلەردە جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توختاپ بولغاندىن كېيىن مەنىي (ئايالنىڭ ئىچىگە ئەمەس) تېشىغا تۆكۈلسىمۇ روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. ت.

(1) «رد المحتار».

(2) «الدر المختار مەئەل ھاشىيە».

# كەففارەت ۋە ئۇنى بېرىشنىڭ قاچان ۋاجىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

## <كەففارەت> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<كەففارەت> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن گۇناھنى يۇيۇش ۋە يېپىش دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ. چۈنكى كەففارەت تەۋبىنىڭ تولۇقلىمىلىرىدىندۇر.

<كەففارەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن قۇل ئازات قىلىش ياكى مەلۇم بىر مۇددەت روزا تۇتۇش، ياكى پېقىرلارغا مەلۇم بىر مىقداردا تاماق بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى شۇ ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلىش بىلەن بىرگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

كەففارەت بولسا، ۋاجىپ بولۇش جەھەتتىن بىر جازا، ئادا قىلىش جەھەتتىن بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. كەففارەت تەۋبىنىڭ تولۇقلىمىلىرىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تېز ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، (ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلارغا) تېز تەۋبە قىلىش لازىمدۇر.[1]

## كەففارەت بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى

كەففارەت بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. بىر ئادەم كېلىپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھالاك بولدۇم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا نېمە بولدى؟» دېدى. ئۇ ئادەم: مەن روزا تۇتۇپ تۇرۇقلۇق ئايالىم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ سالدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر قۇل ئازات قىلالامسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئارقىمۇ - ئارقا ئىككى ئاي روزا تۇتالامسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «60 مىسكىنگە تاماق بېرەلەمسەن؟» دېدى.

(1) «رد المحتار».

ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مۇددەت جىم تۇردى. ھەممىمىز شۇ ھالەتتە تۇرىۋاتاتتۇق سەدىقە، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يۇغان بىر قاچىدا خورما كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھېلىقى سوئال سورىغان ئادەم نەدە؟» دېدى. ئۇ ئادەم: مەن (بۇ يەردە) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا بۇ خورمىلارنى ئېلىپ بېرىپ سەدىقە قىلغىن» دېدى. ئۇ ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! (مەن بۇ خورمىلارنى) مەندىنمۇ پېقىر ئادەمگە سەدىقە قىلامدىمەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن مەدىنىنىڭ ئىچىدە مەندىن پېقىرراق بىرەر ئائىلىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ئېغىز چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن: «(ئۇنداق بولسا) سەن بۇ خورمىلارنى بالىۋاقىلىرىڭغا بەرگىن» دېدى.[1]

## كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدىغان ئادەملەر

كېچىدە قوپۇپ نىيەت قىلىپ روزا تۇتۇشنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن كېسەلگە ئوخشاش روزىنى بۇزۇشقا بولىدىغان بىرەر سەۋەب، ھەيزگە ياكى نىفاسقا ئوخشاش روزىغا زىت كېلىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەن تۇرۇقلۇق زورلانغان ۋە مەجبۇر بولۇپ قالغان ھالەتتە ئەمەس ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەستەن رامىزان ئېيىنىڭ كۈنلىرىنىڭ روزىسىدىن بىرەر كۈنىنىڭ روزىسىنى بۇزىۋاتقان ھەر قانداق ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىمدۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئۇ سۆزدىن كەففارەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن بىر نەچچە خىل شەرتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى كەففارەت (بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكۈنىمىزدەك) رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئەڭ ئېغىر جازادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جازا، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا قىلىنىغان جىنايەت ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە بېرىلىدۇ. يەنە كېلىپ (روزىنى بۇزۇشتا) شۈبھىلىك بولۇپ قالغان ئىشلاردا (يەنى روزىنى بۇزۇدىغانلىقى ياكى بۇزمايدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار ئىشلاردا) كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كەففارەت بېرىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم:

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسائىي ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. لېكىن، ھەدىسنىڭ تېكىستى ئىمام بۇخارىنىڭكىدۇر.

1 ـ روزا، كېچىدە قويۇپ روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن بۇزۇلغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈن ئىگىلىگىلى بىرەر سائەت قېلىشتىن بۇرۇن روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىپ روزا تۇتقان ئادەم روزىسىنى بۇزىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا پەقەت روزىنىڭ قازاسىلا كېلىدۇ، كەففارەت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئىمام شافىئىينىڭ كۆزقارىشى بويىچە روزا تۇتقان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): روزىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ كېچىدە تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى قىلىنىشىنى شەرت» دەپ قارايدۇ.

2 ـ روزىنى قەستەن بۇزۇشتىن ئىلگىرى سەۋەنلىك بىلەن روزىنى بۇزۇدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالماسلىق لازىم. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەم سەۋەنلىك بىلەن بىرەر نەرسە يەپ ياكى ئېچىپ ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قېلىپ ئاندىن ئۆزىنىڭ روزا تۇتىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن قەستەن بىرەر نەرسە يەپ ياكى ئېچىپ ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ روزىسىنى بۇزغان بولسا، ئۇ ئادەمگە پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشلا لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەم مەيلى سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ سالغان ئىشلار بىلەن روزىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلسۇن مەيلى بىلمىسۇن ئۇ ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سەۋەنلىك بىلەن بىرەر نەرسە يەپ ياكى ئېچىپ ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قالغان ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ.

3 ـ روزىنى بۇزۇش، ئۇنى بۇزۇشقا مەجبۇرلانغان ھالەتتە بولماسلىقى لازىم. چۈنكى مەجبۇرلانغان ھالەتتە بۇزۇلغان روزا ئۈچۈن كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن: روزىدار ئادەم (ئايالى تەرىپىدىن بولغان تەقدىردىمۇ) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىنىپ قالغان ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا لازىم كېلىدۇ. ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەمما ئېرىنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىغان ئايالغا ھەم قازا ھەم كەففارەت كېلىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلانغان ۋاقىتىدا جىنسىي ئەزانىڭ ھەركەتكە كېلىشى جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىختىيارى

بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئەمەستۇر[1].[2]

مەسىلەن: يەنە ئۇخلاۋاتقان روزىدار بىر ئادەمنىڭ گېلىغا (سۇدەك) بىر نەرسە قويۇلۇپ ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئادەم كېلىپ ئۇخلاۋاتقان روزىدار ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئايالغا پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمگە ھەم قازا ھەم كەففارەت كېلىدۇ.

4 - ئەگەر روزىنى بۇزۇۋېتىش جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت كامىل بىر شەكىلدە ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈك ئايال ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش يېشىغا توشمىغان كىچىك قىز ياكى ھايۋان بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن ياكى ئايالنى تۇتۇش، سۆيۈش ۋە قۇچاقلاشقا ئوخشاش جىنسىي ئالاقىنىڭ باشلانغۇچلىرىنى قىلىش بىلەن كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. بىز يۇقىرىدا ئەگەر مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىش بىلەن ئۆزىدىن مەنىي كەلگەن ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇڭا مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ ئۆزىدىن مەنىي كەلگەن ئادەمگە پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالەتلەردە روزىغا قىلىنغان جىنايەت كامىل بىر شەكىلدە يۈزبەرمىگەندۇر. ئەمما روزىدار ئادەم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش يېشىغا توشقان بىر قىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇ قىزنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ياكى ئارقا تەرەت يولىدىن ئۇ ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ خەتنىگارى ئۆتۈپ كەتكەنگە ئوخشاش ئىش بولۇپ روزىغا قىلىنغان جىنايەت كامىل بىر شەكىلدە يۈزبەرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن مەيلى مەنىي كەلسۇن مەيلى مەنىي كەلمىسۇن ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى بۇ

(1) ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بەزى ئالىملار: «جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلانغان ۋاقىتىدا جىنسىي ئەزانىڭ ھەركەتكە كېلىشى جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلانغان ۋاقىتىدا جىنسىي ئەزا ھەركەتكە كېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە ھەم قازا ھەم كەففارەت كېلىدۇ» دەيدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇ سۆز بۇ خىلدىكى ئالىملارغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر. ت.

(2) «مراقي الفلاح و حاشية الطحطاوي».

ھالەتتە روزىغا قىلىنغان جىنايەت كامىل بىر شەكىلدە يۈزبەرگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمدىن مەنىينىڭ كېلىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ يول بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان تەلۋىنى قاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ جىنسىي ئالاقىغا بولغان تەلۋى مەنىي كەلمىسىمۇ ئادا بولىدۇ. زىنا قىلغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانىمۇ زىنا قىلىپ مەنىي كەلمىسىمۇ بېرىش لازىم بولىدۇ. زىنا ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا بولسا، ئۆزىدە ھېچقانداق بىر ئىبادەت سۈپۈتى تېپىلمايدىغان بىر جازادۇر. ئەمما كەففارەت بولسا، ئۆزىدە ئىبادەت سۈپۈتى تېپىلىدىغان (بىر جازادۇر.) شۇنىڭ ئۈچۈن (روزىغا قىلىنغان جىنايەت كامىل بىر شەكىلدە يۈزبەرگەن ھالەتتە) مەنىي كەلمىسىمۇ كەففارەت بېرىش لازىمدۇر.[1]

5 ـ ئەگەر روزىنى بۇزۇۋېتىش بىرەر نەرسە يېيىش ياكى ئىچىش سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، كەففارەت بېرىش ئادەتتە ئۆزۈقلۇنۇش ياكى داۋالىنىش ياكى لەززەتلىنىش ئۈچۈن يېيىلىدىغان ياكى ئىچىلىدىغان نەرسىلەرنى يېيىش ياكى ئىچىش سەۋەبى بىلەن ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈك ھايۋاننىڭ گۆشى بولسىمۇ خام گۆشنى يېيىش بىلەن كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى خام گۆشنى يېگەن ئادەم ئۇ گۆشنى يېيىش ئارقىلىق ئۆزۈقلىنىشنى ۋە تېنىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە دۈمبە يېغىنى ياكى قۇرۇتۇلغان گۆشنى ياكى بۇغداي ـ قۇناقنا ئوخشاش ئاشلىقلارنى يېيىش ياكى ئېغىزىغا كىرگەن يامغۇر ياكى قار ياكى مۆلدۈرنى يۇتۇش بىلەنمۇ كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ[2] تۈكۈرۈكىنى يۇتۇش بىلەنمۇ كەففارەت بېرىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇش بىلەن لەززەتلىنىدۇ. ئەمما ياخشى كۆرمىگەن ئادىمىنىڭ تۈكۈرۈكىنى يۇتقان ئادەمگە كەففارەت بېرىش ئەمەس پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش لازىم بولىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە يېيىشتىن يىرگىنىدىغان نەرسىلەرنى يېيىش بىلەن گەرچە روزا بۇزۇلۇپ كەتسىمۇ، لېكىن كەففارەت لازىم بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم شېغىل تاشنى يوتقان ياكى خام گۈرۈچنى ياكى ياغ ۋە ياكى شېكەر

(1) «الهداية» ۋە «رد المحتار».

(2) ياخشى كۆرۈلگەن ئۇ ئادەم ئايالغىلا خاس ئەمەس. بىر ئادەم ئالىمنى ياكى سۈپى بىر ئادەمنى ياخشى كۆرىشى مۇمكىن. بىر ئادەمنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمى مەيلى ئايال بولسۇن مەيلى ئالىم بولسۇن ئۇنىڭ تۈكۈرۈكىنى يۇتسا، ئۇ ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ت.

ئېلىشتۇرۇلماي يۇغۇرۇلغان خېمىرنى يېگەن بولسا، (بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ.) ئەگەر ئۇ ئادەم ياغ ۋە ياكى شېكەر ئېلىشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىرنى يېگەن بولسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بىر مۇنچە تۇزنى بىر قېتىمدىلا يېگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەمما ئۇ مىقداردىكى تۇزنى ئاز ـ ئازدىن يېگەن بولسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئادەتتە يېيىلمەيدىغان توپىنى يېيىش بىلەنمۇ كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەمما ئادەتتە يېيىلىدىغان توپىنى يېيىش بىلەن كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. بىر ئادەم توق ياڭاقتا ئوخشاش پىششىتىن ئىلگىرى يېگىلى بولمايدىغان مېۋىنى يېگەن ياكى تۆمۈرنى ياكى قۇغۇشۇمنى، ياكى ئالتۇننى يۇتقان بولسا، ئۇنىڭ روزىنى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش ئەمەس پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش لازىم بولىدۇ.[1]

6 ـ روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىپ سېلىپ ئۆز گۇمانىچە بۇ ئىش روزىنى بۇزىدۇ، دەپ قاراپ كېيىن روزىسىنى بۇزغان ۋە ئۇ گۇمان ئورۇنسىز چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ھەم قازا ھەم كەففارەت كېلىدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەم شەخەك قويدۇرغان ياكى ئاياللىنى شەھۋەت بىلەن تۇتقان ياكى سۆيگەن، ياكى ھەر ئىككى تەرەپ كىيىمسىز تۇرۇپ قۇچاقلاشقان، بىراق ئۇنىڭدىن مەنىي كەلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم مېنىڭ قىلغان بۇ ئىشىم روزامنى بۇزىۋەتتى، دەپ گۇمان قىلىپ (روزام بۇزۇلۇپ كېتىپ بولغان ئىكەن تاماق يەي، دەپ) تاماق يېگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ھەم روزىنىڭ قازاسى ھەم كەففارەت كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ گۇمانى ئورۇنسىز بىر گۇمان ئىدى. ئەمما بەرگەن پەتىۋاسى كىشىلەر ئارىسىدا قوبۇل قىلىنىدىغان بىر ئالىم ئۇ ئادەمگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلغان سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئالىمنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىغا ئاساسلىنىپ بىر نەرسە يېيىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزغان بولسا، ئۇ ئادەمگە پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ ۋە كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم، روزىسىنى بىر ئالىمنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىغا تايىنىپ بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەففارەت

(1) «الهدية العلائية».

كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاۋام خەلق ئۇچۇن پەتىۋالىرى قوبۇل قىلىنىدىغان ئالىم نىمە، دەپ پەتىۋا بەرسە، شۇ پەتىۋا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.[1]

روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بىر ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى[2] قىلغان ۋە روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى گۇمان قىلغان، ياكى ئۇنىڭغا ئالىم بىر كىشى ئۇنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم روزىسىنى قەستەن بۇزىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھەم روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش ھەم كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ گۇمانى ئورۇنسىز بىر گۇماندۇر. ئۇ ئالىمنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئازراق ئىلمى بار ئالىم كىشى غەيۋەتنىڭ روزىنى بۇزۇدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ھەم غەيۋەتنىڭ روزىنى بۇزۇشىمۇ قىياسقا زىت بىر ئىشتۇر.[3]

ئەگەر غەيۋەت قىلغان ئادەم غەيۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەپلە روزا تۇتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان ئىككى ئايال ھەققىدە دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن بۇ ئىككى ئايال اللە تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەر بىلەن روزا تۇتتى ۋە اللە تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەر بىلەن روزىلىرىنى بۇزدى. ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشكە[4] (يەنى غەيۋەت قىلىشقا) باشلىدى»[5] دېگەن ھەدىسىنى ئاڭلاپ مېنىڭ روزام بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ روزىسىنى بۇزىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە مەيلى ئۇ ئادەم ئۇ ھەدىستىن قانداق مەنا مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش ۋە كەففارەت بېرىش لازىم كېلىدۇ.

ئەمما شەخەك قويدۇرغان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەخەك

---

(1) «رد المحتار».

(2) بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا دېيىشكە بولمايدىغان سۆزلەرنى ئۇ ئادەمنىڭ يوق يېرىدە دېيىش، غەيۋەت بولىدۇ. غەيۋەت قىلىش ئىسلامدا ھارام قىلىنغان بىر ئىشتۇر.

(3) «رد المحتار».

(4) بۇ غەيۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى كىشىلەرنىڭ گوشلىرىنى يەۋەتقان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا بىر ئوخشۇتىشتۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر» سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) <تەرغىب ۋە تەرھىب> دېگەن كىتابتا كېلىشىچە بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەبۇددۇنيا ۋە ئەبۇيەئلا قاتارلىقلار تۇنۇلمىغان بىر ئادەمدىن رىۋايەت قىلدى. كامال ئىبنى ئەلھۇمام <فتح القدير> دېگەن كىتابىدا دېيىشىچە بۇ ھەقتە يەنە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلى يوقتۇر.

قويغۇچىنىڭ ۋە قويدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتتى»[1] دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن (ئەمدى مېنىڭ روزام بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، دەپ بىر نەرسە يېيىش ئارقىلىق) روزىسىنى بۇزغان، ئۇ ئادەم ئۇ، ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەدىس ئىكەنلىكىنى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزى ئارقىلىق ئۇ ئىككى ئايال غەيۋەت قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئىككىڭلارنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ ساۋابى ئۆچۈرۈلۈپ كەتتى، دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمگە پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.

غەيۋەت قىلغان ئادەمنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى كەلگەن ھەدىس بىلەن شەخەك قويدۇرغان ئادەمنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى كەلگەن ھەدىسنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق بولسا، ئالىملار غەيۋەت ھەققىدە كەلگەن ھەدىستىن (روزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىق مەناس ئەمەس) ئۇنىڭ ساۋابى ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەندۇر. يەنە كېلىپ غەيۋەتنىڭ روزىنى بۇزۇشى قىياسقا زىت بىر ئىشتۇر.[2] ئەمما ئالىملار شەخەك ھەققىدە كەلگەن ھەدىستىن ئۇ مەنا كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىدا بىرلىككە كېلەلمىگەندۇر[3].

ئەسكەرتىش: بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن روزىغا ئىشلىنىدىغان جىنايەتلەرنىڭ ئىچىدە (مەسىلەن: شەخەك قويدۇرغانغا ئوخشاش) قىلىپ سالغانلىقى ئۈچۈن پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدىغان، لېكىن

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار سەۋباندىن رىۋايەت قىلدى. بەزى ئالىملار: «بۇ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەدىستۇر» دېدى. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ئۇ ئىككىسى شەخەك قويۇۋاتقاچ غەيۋەت قىلىۋاتقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق ئىككىڭلار غەيۋەت قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن تۇتقان روزاڭلارنىڭ ساۋابى ئۆچۈرۈلۈپ كەتتى، دېمەكچى بولغان ئىدى» دېدى. بۇ ھەقتە ئەلبەززار سەۋباندىن «شەخەك قويغۇچىنىڭ ۋە قويدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتتى» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ بولۇپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەخەك قويغۇچىنىڭ ۋە قويدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتتى» دېدى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى غەيۋەت قىلىۋاتقان ئىدى. يەنە ئەلئۇقەيلىيمۇ بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. <فتح القدير> دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

(2) «الهداية مع الفتح» ۋە «فتح القدير».

(3) غەيۋەت ھەققىدە كەلگەن ھەدىستىن روزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى ئەمەس ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن غەيۋەت قىلىپ: ئەمدى مېنىڭ روزام بۇزۇلۇپ كەتتى، دەپ بىر نەرسە يېيىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزۇۋاتقان ئادەمگە ھەم روزىنىڭ قازاسى ھەم كەففارەت بېرىش لازىم كېلىدۇ. ئەمما شەخەك ھەققىدە كەلگەن ھەدىستىن روزىنىڭ ساۋابى ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دېگەن مەنانىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىدا ئالىملار بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى ۋە ئۇ ھەدىستىن روزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىق مەنانىڭ كۆزدە تۇتۇلۇش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن شەخەك قويدۇرغان بىر ئادەم شەھەك قويدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن: ئەمدى مېنىڭ روزام بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، دەپ بىر نەرسە يېيىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزغان بولسا، ئۇ ئادەمگە كەففارەت ئەمەس پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشلا لازىم بولىدۇ. شەخەك ھەققىدە كەلگەن ھەدىستىن روزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىق مەنانىڭ كۆزدە تۇتۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنىڭ بىر دەلىلى بولسا، ئىمام ئەھمەدنىڭ شەخەك قويدۇرۇش روزىنى بۇزىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇر. ت.

كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدىغان جىنايەتلەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەمدىن بىلىپ - بىلمەس پەقەت بىرەر قېتىم سادىر بولۇپ قالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئۇ جىنايەتنى روزىغا جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە بىر نەچچە قېتىم سادىر قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم شۇ قىلمىشىدىن توسۇلۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئالىملار بۇ ھەقتە شۇنداق پەتىۋا بەرگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ بۇ پەتىۋالىرىغا ئەمەل قىلىنىپ كېلىنمەكتە.(1)

# كەففارەتنىڭ مىقدارى

ئۈستىگە كەففارەت بېرىش لازىم بولغان ئادەم كەففارەت ئۈچۈن مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن مەيلى كىچىك بولسۇن مەيلى چوڭ بولسۇن، مۇسۇلمان بولمىسىمۇ بىر قۇلنى ئازات قىلسىلا كەففارەت ئادا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قۇل ئازات قىلالمىسا، ئىچىدە روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى يوق ئايلاردا ئۈزۈلدۈرمەي ئارقىمۇ - ئارقا ئىككى ئاي روزا تۇتىدۇ. ئەگەر روزا تۇتۇشنى (ئاينى ھىجرىيە ئېيى بويىچە ھېسابلاپ) بىر ھىجرىيە ئېيىنىڭ بېشىدا باشلىغان بولسا، روزىنى تۇتۇشنى تاكى ئىككىنچى ئاي چىقىپ كېتىپ بولغىچە داۋام قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى ئاي كۈن ھېسابىدا **58** كۈن بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر روزا تۇتۇشنى ئاينىڭ بېشىدىن باشلىمىغان بولسا، تولۇق **60** كۈن روزا تۇتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە مەيلى بىرەر سەۋەب بىلەن بولسۇن مەيلى سەۋەبسىز بولسۇن بىرەر كۈن روزا تۇتمىغان بولسا، روزىنى بېشىدىن باشلاپ قايتا تۇتىدۇ. ئەمما ئايال كىشى بۇ مۇددەت ئىچىدە ھەيز كېلىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن روزا تۇتالمىغان بولسا، ھەيزى توختىغان ھامان روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىشى لازىم. ئەگەر ھەيزى توختىغان ھامانلا روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرمىغان بولسا، روزىنى بېشىدىن باشلاپ قايتا تۇتىدۇ.(2)

كېسەل ياكى بەك ياشىنىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن **60** كۈن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان ئادەم **60** مىسكىنگە تويغۇدەك قىلىپ ئىككى ۋاخ

(1) «الدر المختار».

(2) «حاشية الطحاوي على مراقي الفلاح».

**تاماق بېرىدۇ، ياكى ھەر بىر ۋاخ تاماقنىڭ ئورنىغا ئىككى كىلو 250 گىرام بۇغداي ياكى شۇ بۇغداينىڭ پۇلىنى بېرىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا بىر ئىش بىلەن (مەسىلەن: بىر نەرسە يېيىش بىلەن) رامىزان روزىسىنى بىر نەچچە كۈن بۇزىۋاتقان ۋە ئۇ كۈنلەر ئىككى يىل ئىچىدىكى رامىزان ئايلىرىدىن بولغان بولسىمۇ ئىلگىرى بىر قېتىم كەففارەت بەرمىگەن بولسا، ئۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىر قېتىملا كەففارەت بەرسە بولىدۇ[1]. ئەگەر ئىككى كۈنلۈك روزىنى بۇزۇۋېتىش جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بولغان بولسا، ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر قېتىم كەففارەت بېرىش لازىم. چۈنكى روزا تۇتۇۋېتىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش روزىغا قارىتا قىلىنغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر قېتىم كەففارەت بېرىش لازىم. شۇڭا ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «كەففارەت بېرىش روزىنى بىر نەرسە يېيىش ۋە ئىچىش ئارقىلىق ئەمەس پەقەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقلا بۇزىۋاتقان ئادەمگە لازىم بولىدۇ» دەيدۇ.[2]**

**روزىنى بۇزىۋاتقان كۈننىڭ ئۆزىدە روزىنى بۇزىۋاتقان ئادەمدىن ھەيز ياكى نىفاس كەلگەن ياكى ئۇ ئادەم روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان كېسەل بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ كەففارەت بېرىشى لازىم بولمايدۇ[3]. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنى ئۆزى كېسەل قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭدىن كەففارەت چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كەففارەت ئەگەر سەپەرنى مەجبۇرلانغان ھالەتتە قىلغان بولسىمۇ سەپەر قىلىش بىلەن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى سەپەرگە چىقىش ئۆزرىسى اللہ تائالا تەرىپىدىن بولمىغاندۇر[4].**

---

(1) مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە مەيلى ئىككى قېتىملىق رامىزان ئېيىدىن بولسۇن مەيلى بىر قېتىملىق رامىزان ئېيىدىن بولسۇن بىر نەرسە يېيىش ئارقىلىق بۇزىۋاتقان ئىككى كۈنلۈك روزا بولغان، ئۇ ئادەم ئىلگىرى بىر قېتىم كەففارەت بەرمىگەن بولسا، بۇزىۋاتقان ئۇ ئىككى كۈنلۈك روزىغا بىر قېتىملا كەففارەت بەرسە بولىدۇ. ئەگەر بىر كۈن روزىنى بۇزىۋاتقان ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر كەففارەت بەرگەن، ئاندىن يەنە بىر كۈن روزىنى بۇزىۋاتقان بولسا، ئىككىنچى قېتىم بۇزىۋاتقان كۈن ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم كەففارەت بېرىش لازىم. ئىلگىرىكى قېتىم بۇزىۋاتقان كۈن ئۈچۈن بەرگەن كەففارەت ئىككىنچى قېتىم بۇزىۋاتقان كۈن ئۈچۈن ھېساب بولمايدۇ. ت.

(2) «رد المحتار».

(3) مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەم روزىسىنى بۇزىۋاتقان كۈننىڭ ئۆزىدە ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ياكى بىر ئايال بىر ۋاقىتتا روزىسىنى بۇزىۋېتىپ بىر دەمدىن كېيىن ھەيز كۆرۈپ قالغان ياكى ئېغىر ئاياغ ئايال بولسا توغقان قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە بۇلارغا كەففارەت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ روزىلىرى ئۇلار ئۇ روزىلارنى ئۆز لىرى بۇزمىسىمۇ شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىشى ئېنىقتۇر. ت.

(4) ئەسلىدە سەپەرگە چىقىش روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ روزىسىنى بۇزىۋاتقان ئادەمنىڭ بوينىدىن كەففارەت چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ. ت.

بىر ئايال: بۇگۈن مېنىڭ ھەيز كۆرىدىغان كۈنۈم، دەپ روزا تۇتمىغان، لېكىن ئۇ ئايال ئۇ كۈنى ھەيز كۆرمىگەن بولسا ياكى بىر ئەر: بۈگۈن مېنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىم تۇتىدىغان كۈن، دەپ روزا تۇتمىغان، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ كېسىلى ئۇ كۈنى تۇتمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇلارغا توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن كەففارەت كېلىدۇ.[1]

ئەمما بىر ئادەم بىز بۈگۈن دۈشمەن بىلەن چۇقۇم ئۇرۇش قىلىمىز، شۇڭا بۈگۈن كۈچلۈك بولۇشىمىز لازىم، دەپ روزا تۇتمىغان، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ كۈنى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە پەقەت روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش لازىم بولىدۇ، كەففارەت كەلمەيدۇ.

بۈگۈن ئۇرۇش قىلىمىز، دەپ روزا تۇتماسلىق بىلەن بۈگۈن تۇتقاقلىق كېسىلىم تۇتىدۇ، دەپ روزا تۇتماسلىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئۇرۇش دېگەن ھەتتا جەڭچىلەرنىڭ ئاكتىپ ھالدا ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن كۈچكە ئېھتىياجى چۈشىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئىلگىرى روزا تۇتماي كۈچ توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما كېسەل بولسا، كېسەل كېلىشتىن ئىلگىرى روزا تۇتماي كۈچ توپلاپ تەييارلىنىپ تۇرۇدىغان نەرسە ئەمەستۇر.

# روزا تۇتقان ئادەمگە قىلىش مەكرۇھ بولىدىغان ۋە مەكرۇھ بولمايدىغان ئىشلار

**1** - روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئۆزرىسىز بىر نەرسىنى تېتىشى ۋە چاينىشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر روزا تۇتقان ئادەم بىر نەرسە ئالماقچى بولغان ۋاقىتتا، ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ ناچىرى بىلەن ياخشىسىنى ئايرىش ۋە ناچار نەرسە ئېلىپ قالماي، دەپ تېتىپ بېقىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇ نەرسىنى تېتىسا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ نەرسىنى تېتىش مەكرۇھ ئەمەس.

ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئايالنىڭ ئېرى ياكى خوجايىنى (تاماقنىڭ تۇزى ئۆتۈپ كېتىپتۇ ياكى ئاز بولۇپ قېلىپتۇ، دەپ ئاش - تاماققا تولا چېپىلىدىغان) ئەخلاقسىز ئادەم بولسا، ئۇ ئايال تاماقنىڭ تۇزىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى

(1) «رد المحتار».

تىلىنىڭ ئۇچچى بىلەن تېتىپ باقسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئانا كىچىك بالىسىغا تاماق چايناپ يىگۈزۈپ قويىدىغان بىر ئادەمنى تاپالمىسا ۋە ئۇ ئانىنىڭ قېشىدا چايناپ بەرمىسىمۇ كىچىك بالا يېيەلەيدىغان تاماق بولمىسا، ئۇ ئانا بالىسىنىڭ تامىقىنى چايناپ بەرسە بولىدۇ.

2 ـ چايناش بىلەن ئېغىزدا پارچىلىنىپ كەتمەيدىغان سېغىزنى چايناش مەكرۇھتۇر. ئەمما چايناش بىلەن ئېغىزدا پارچىلىنىپ كېتىپ پارچىلىرى ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان سېغىزنى چايناشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق سېغىزنى چايناپ پارچىلىرى ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسە، روزا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەرلەرنىڭ سېغىز چاينىشى هارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئەرلەر سېغىز چاينىغاندا ئاياللارغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. لېكىن ئەر كىشىنىڭ ئېغىزى پۇراشقا ئوخشاش بىرەر ئۆزرىسى بولسا، ئۇ ئەر ئادەم يوق يەردە سېغىز چاينىسا بولىدۇ.[1]

3 ـ ئەگەر روزا تۇتۇۋاتقان ئادەم مەنىينىڭ كېلىشىدىن ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان بىر ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان بىر هالەتتە بولسا، ئايالىنى سۆيگەنگە ياكى كىيىمىنىڭ ئۇستۇندىن قوچاقلىغانغا ياكى تۇتقانغا ئوخشاش جىنسىي ئالاقىنىڭ باشلانغۇچلىرىنى قىلىش مەكرۇھتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام روزا تۇتۇپتىپ تۇرۇپ (ئاياللىرىنى) سۆيەتتى ۋە كىيىمسىز تۇرۇپ قوچاقلايتتى. لېكىن ئۇ سىلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايتتى.»

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: سىلەر ئاياللىرىڭلارنى سۆيۈشتىن ساقلىنىڭلار ۋە ئۆزىڭلارنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئوخشاش گۇمان قىلماڭلار. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام (ئاياللىرىنى سۆيسىمۇ، لېكىن) ئۆزىنى تۇتۇۋالالايتتى. ئەمما (سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئوخشاش ئۆزەڭلارنى تۇتۇۋالالمايسىلەر.)

(1) «رد المحتار».

روزا تۇتىۋاتقان ئەر ـ ئاياللار مەيلى روزىنى بۇزۇدىغان ئىش بولغان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە چۈشۈپ قېلىشتىن خاتىرجەم بولالىسۇن مەيلى خاتىرجەم بولالمىسۇن، ئۇلارنىڭ كىيىمسىز يالىڭاچ تۇرۇپ قۇچاقلىشىشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇنداق تۇرۇپ قۇچاقلىشىشتىن كۆپۈنچە ۋاقىتتا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش كېلىپ چىقىدۇ.(1)

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئەبۇھۇرەيرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روزا تۇتىۋاتقان ئادەم (ئايالىنى) كىيىمسىز يالىڭاچ ھالىتىدە تۇرۇپ قۇچاقلاشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە (ئايالىنى كىيىمسىز يالىڭاچ ھالىتىدە تۇرۇپ قۇچاقلاشقا) رۇخسەت بەردى. باشقا بىر ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە سوئال سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى (ئايالىنى كىيىمسىز يالىڭاچ ھالىتىدە تۇرۇپ قۇچاقلاشتىن) توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئايالىنى كىيىمسىز يالىڭاچ ھالىتىدە تۇرۇپ قۇچاقلاشقا) رۇخسەت قىلغان ئادەم بولسا، قېرى ئادەم ئىدى. ئەمما ئۇنداق قىلىشتىن توسقان ئادەم بولسا، تېخى ياش كىشى ئىدى.

4 ـ روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ قان بەرگەنگە، شەخەك قويدۇرغانغا، ئېغىر ئىش قىلغانغا ۋە يازدا قىززىق مۇنچىدا ئۇزۇن تۇرغانغا ئوخشاش روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا ئېھتىمالى بار ئىشلارنى قىلىش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم قاتارلىقلار ئەنەسنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «بىز پەقەت ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشىدىن قورققانلىق سەۋەبىدىنلا روزا تۇتىۋاتقان ئادەمگە شەخەك قويمايتتۇق» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئەگەر شەخەك قويۇش ئادەمنى روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەيدىغان ھالەتتە شەخەك قويۇش مەكرۇھ ئەمەس(2). شۇنىڭدەك يەنە روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ سوغۇق سۇ بىلەن ھۆل

(1) «رد المحتار».

(2) بۇ، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىل پاكىتى بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس ۋە يەنە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزا تۇتۇپ تۇرۇپ شەخەك قويغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىستۇر. ئەمما ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شەخەك قويۇش روزىنى بۇزىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەخەك قويغۇچىنىڭ ۋە قويدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتتى» دېگەن ھەدىسىدۇر. بىز بۇ ھەدىسنىڭ قانداق مەنالارغا ئېھتىمالى بارلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.ت.

قىلىنغان كىيىمنى كىيىشى ياكى شۇنداق بىر نەرسىنى ئۇستىگە ئارتىشى مەكرۇھ ئەمەستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتىۋاتقان تۇرۇقلۇق ئۇسسۇزلۇقتىن ياكى ئىسسىقلىقتىن بېشىغا سۇ قويغان ئىدى.[1]

روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بولمىسىمۇ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىغا سۇ ئېلىشى مەكرۇھ ئەمەستۇر، لېكىن ھەتتا سۇ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىپ روزىسىنى بۇزىۋاتماسلىق ئۈچۈن ئېغىز ـ بۇرۇنغا سۇ ئالغان ۋاقتىدا سۇنى بەك ئىچىگە تارتماسلىق لازىم.

ئەگەر مىسۋاك سۇ بىلەن ھۆل قىلىنغان بولسىمۇ روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىغا مىسۋاك ئىشلىتىشى مەكرۇھ ئەمەستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىسۋاك ئىشلىتىش روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىندۇر» دېدى.[2] مىسۋاك ئىشلىتىشنىڭ مەكرۇھ ئەمەسلىكىنى بۇ ھەدىستىن باشقا يەنە روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بىلەن روزا تۇتمىغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئايرىماي مىسۋاك ئىشلىتىشكە تەرغىپ قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەرمۇ كۆچلەندۈرىدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ كۈن ئىگىلگەندىن كېيىن مىسۋاك ئىشلىتىشى مەكرۇھ» دەيدۇ. چۈنكى ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۈن ئىگىلگەندىن كېيىن مىسۋاك ئىشلىتىش روزا تۇتقانلىق سەۋەبى بىلەن روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىدا پەيدا بولغان (ئىپاردىنمۇ خوشبۇي دەپ ماختالغان) پۇراقنى[3] يوقىتىۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئۇ، ئېغىزىغا مىسۋاك ئىشلەتسىمۇ يەنە روزا تۇتقانلىقنىڭ نەتىجىسى ئاستىدا

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلۇغ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ئەمىلى ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ (يەنى الله تائالا بەندىسىنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ئەجرىنى مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئارقىلىق بېرىدۇ). روزا مەن ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزەم بېرىمەن. (يەنى رامىزاننىڭ ئەجرىنى ئېلىپ كېلىشكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەجرىنى الله ئۆزى بېرىدۇ). روزا دېگەن ساقلاپ قالغۇچىدۇر (يەنى روزا يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر ۋە ئىستىھكامدۇر) سىلەردىن بىرىڭلار روزا تۇتسا، سەت گەپ قىلمىسۇن. جېدەللەشمىسۇن. ئەگەر بىرسى ئۇنى تىللىماقچى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ: مەن روزا تۇتىۋاتقان ئادەممەن، مەن روزا تۇتىۋاتقان ئادەممەن، دېسۇن. مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى الله نىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار. بىرى ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى الله تائالاغا ئۇچراشقاندا روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالغان ۋاقتىدىكى خۇشاللىقتۇر.» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئېغىزىغا چۈقۈم پەيدا بولىدىغان پۇراقتۇر» دەيدۇ. ئەمما خۇددى مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن باسقان ھەر قەدەم ئۈچۈن ئەجىر بېرىلىدىكەن[1]، شۇڭا مەن مەسچىتكە كۆپرەك يول يۈرۈپ باراي دەپ مەسچىتكە (يېقىن يولنى تاشلاپ قويۇپ) يىراق يول بىلەن بارغان ئادەمگە[2] ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اللہ نىڭ يولىدا بىر بەندىنىڭ ئىككى پۇتى توپىغا مىلانسا، اللہ تائالا ئۇ بەندىنىڭ دوزاخقا كىرىشىنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلىمەن، دەپ ئۇلاغقا مىنىشكە قادىر بولسىمۇ ئۇلاغقا مىنمەي جىھادقا پىيادە ماڭغان ئادەمگە ئەجىر بېرىلمىگىنىدەك ئېغىزىمنى پۇرىتىمەن، دەپ ئېغىزىغا مىسۋاك ئىشلەتمەي ئېغىزىنى قەستەن پۇراتقان ئادەمگىمۇ ئەجىر بېرىلمەيدۇ.[3]

مەزكۇر بايانلارغا ئاساسەن روزىنى خەتەرگە يولۇقتۇرۇش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىنى يۇيۇش ئۈچۈن (پەقەت مىسۋاكنىلا ئەمەس) مىسۋاك بىلەن چىش پاستىسى ئىشلىتىشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى چىش پاستىسىنىڭ ئېغىزدا قالغان قالدۇقلىرى تۈكرۈك بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىش ئېھتىمالى باردۇر. بىز يۇقىرىدا بىرەر ئۆزرىسىز تاماقنى تېتىپ بېقىش مەكرۇھ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنداق بولغان ئىكەن (روزا تۇتىۋاتقان تۇرۇقلۇق) چىش پاستىسىنى ئىشلىتىش ئەلۋەتتە مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئېغىزدا قالىدىغان تەمى باشقا بىر نەرسىنى تېتىپ باققاندا ئۇ نەرسىنىڭ ئېغىزدا قالىدىغان تەمىدىن كۈچلۈكتۇر.

ئېرى بار ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى مەكرۇھتۇر. لېكىن مەسىلەن: ئېرى كېسەل بولۇپ قالغان ياكى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ياكى ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئادەم بولۇپ ئايالىنىڭ تۇتقان روزىسى ئۇنىڭغا بىرەر زەرەر ئېلىپ كەلمەيدىغان بولسا، ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتسىمۇ بولىدۇ[4].

(1) نامازنى مەسچىتتە ئوقۇش نىيىتى بىلەن مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن باسقان ھەر قەدەمگە ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلدى. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرى بولسا، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نامار ئۈچۈن ماڭغان ھەر بىر قەدىمىڭمۇ سەدىقە» دېگەن ھەدىسىدۇر.

(2) لېكىن بەزى ئالىملار، ئەجىرگە ئېرىشىش نىيىتى بىلەن مەسچىتكە يېقىن يولنى تاشلاپ قويۇپ يىراق يول بىلەن بارسا، ئاندىن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. توغرىسىنى اللہ تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(3) «فتح القدير».

(4) ئېرى بار ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشىنىڭ مەكرۇھ بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، روزا تۇتىۋالغان ئايالنىڭ ئەرنىڭ خىزمىتىدىن ئەر خالىغان ۋاقىتتا چىقالماسلىقىدۇر. ئەر كۈندۈزنىڭ يېرىمىدا ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا خىلدا ھۇزۇرلىنىشنى خالىشى مۇمكىن. ئەگەر ئايال روزا تۇتۇۋالسا، ئايال ئەرنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە روزا تۇتماقچى بولغان ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ روزا

ئەگەر ئايال نەپلە روزىغا، تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان روزىغا ۋە قەسەم كەففارىتىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش (ئەسلى پەرز قىلىنىشى الله تائالا تەرىپىدىن بولمىغان) ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى ئۆزىگە ئۆزى پەرز قىلماقچى بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئايالىنى شۇنداق قىلىشتىن توسۇش ھەققى بار. ئەمما ئەگەر ئىبادەت رامىزان روزىسىغا ياكى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىغا ئوخشاش الله تائالا تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان ئىبادەت بولسا، ئەرنىڭ ئايالىنى ئۇ ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن توسۇش ھەققى يوق. چۈنكى الله تائالاغا ئاسىي بولۇپ قالىدىغان بىر ئىشتا بەندىگە بويسۇنۇش يوق.

ئەگەر ئەر نەپلە روزا تۇتىۋاتقان ئايالىنىڭ روزىسىنى بۇزدۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايال روزىنىڭ قازاسىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن قىلىدۇ.

مەزكۇر مەسىلىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرىدىن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: »ئايال كىشىگە ئېرى يېنىدا بار ھالەتتە ئەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ (نەپلە) روزا تۇتۇش ھالال ئەمەس.» دېگەن ھەدىسىدۇر. بۇ ھەقتە يەنە ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار ئائىشەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مەن ئۇستۇمدىكى رامىزان روزىسىنىڭ قازالىرىنى پەقەت شەئبان ئېيىدىلا تۇتالايتتىم، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى[1].

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۆزىنى ئىجارىگە قويغان كىشى ئەگەر روزا تۇتسا قىلماقچى بولغان ئىشىغا تەسىر يېتىدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە زىيان يېتىپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر رۇزا ئۇنىڭ ئىشىغا تەسىر يەتكۈزمىسە، ئۇ كىشىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى روزا تۇتۇشتىن توسۇش ھەققى يوق.

شۇنىڭدەك يەنە ئاتا ـ ئانا بالىسىنى ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىدىن

---

تۇتۇشى ياخشىدۇر. لېكىن بىر ئايالنىڭ ئېرى كېسەل ياكى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ياكى ھەجگە ئېھرام باغلىغان بولسا، ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئەر بۇ ئەھۋاللار ئاستىدا تۇرۇپ ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ت.

(1) چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىدا بەك كۆپ روزا تۇتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئائىشەگىمۇ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇستۇدىكى قازا روزىلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا پۇرسەت چىققاتتى.

قورقۇپ نەپلە روزا تۇتۇشتىن توسقان بولسا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇشى ياخشىدۇر.[1]

## روزا تۇتىۋاتقان ئادەمدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار

روزا تۇتـۇۋاتقان ئادەمدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ دەرىجىسى، يۇقىرىسى پەرزدىن تارتىپ ئاخىرى مۇستەھەپكىچە بولىدۇ.

ئۇ ئىشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

### 1 ـ هارام قىلىنغان ئىشلارنى تاشلاش

روزا تۇتـۇۋاتقان ئادەمنىڭ هارام ئىشلارنى قىلماسلىقى ئۇنىڭدىن پەرز شەكىلدە تەلەپ قىلىنىدۇ. مەيلى روزا تۇتۇۋاتقاندا بولسۇن مەيلى روزا تۇتمىغانىدا بولسۇن بىر ئادەمدىن ئۇنىڭ هارام ئىشلارنى تاشلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ تەلەپ روزا تۇتۇۋاتقان ۋاقىتتا تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ. تۇتقان روزىنىڭ توغرا بولۇشى خۇددى روزىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى تاشلاشقا مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىش هارام ئىشلارنى تاشلاشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان هەر قانداق بىر ئىبادەتنىڭ نىشانى ئۆزىنىڭ ئىمانىغا ۋە ئەقىدىسىگە ماس كېلىدىغان ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن زىنەتلەنگەن ئالاهىدە ۋە كۆرۈنەرلىك بىر مۇسۇلمان يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر. روزىنىڭ بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئوينىغان رولى ناهايىتى كاتتىدۇر. چۈنكى روزا بىر تەرەپتىن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ الله تائالاغا بوي ئەككەنلىكىنى ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭغا قولچىلىق قىلغانلىنى نامايەندە قىلىشنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمان ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئىش ـ هەركەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ نەفسي خاهىشىگە ۋە هەۋەسلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ئېسىل پرىنسىپلىرىغا ماس كېلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ، الله تائالانىڭ بىزنى روزا تۇتۇشقا بويرۇشتىكى هېكمىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن: «ئى مۆمىنلەر! (گۇناهلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن،

---

(1) «رد المحتار».

سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى» دېگەن ئايىتىدىن روزا ئىنسانلارنى گۇناھلاردىن ساقلىنىدىغان قىلىپ تەربىيلەپ چىقىدۇ، دېگەن مەنانى چۈشىنىۋېلىشىمىز ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللہ تائالانىڭ بۇ ئايەتتە بولغان مەقسىتىنى بىر نەچچە ھەدىستە بايان قىلدى. تۆۋەندىكىلىرى شۇ ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «روزا دېگەن ساقلاپ قالغۇچىدۇر (يەنى روزا يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر ۋە ئىستىھكامدۇر). سىلەردىن بىرىڭلار روزا تۇتسا، سەت گەپ قىلمىسۇن. جېدەللەشمىسۇن. ئەگەر بىرسى ئۇنى تىللىماقچى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ: مەن روزا تۇتىۋاتقان ئادەممەن، مەن روزا تۇتىۋاتقان ئادەممەن، دېسۇن»[1]

ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى روزىدار تۇرۇپمۇ يالغان سۆز ۋە يامان ئىشنى تاشلىمىسا، اللہ ئۇ كىشىنىڭ يېمەي ۋە ئىچمەي يۈرۈشىگە ھاجىتى يوق (ئۇ ئادەمنىڭ تۇتقان روزىسىغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ).»[2]

ئەبۇھۇرەيرە ۋە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇيدىغان نۇرغۇنلىغان ئادەم بار، ئۇلارنىڭ كېچە نامىزىدىن ئالغان نەسىۋىسى پەقەت ئەتتىگەن قوپۇشتۇر (يەنى ئۇلار كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇغانلىقىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلمەيدۇ). روزا تۇتقان نۇرغۇنلىغان ئادەم باركى، ئۇلارنىڭ روزىدىن ئالغان نەسىۋىسى پەقەت ئاچ قېلىش بىلەن ئۇسسۇز قېلىشتۇر.»[3]

## 2 ـ تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇش

رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىدە تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇش كۈچلۈك سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى رامىزان كېچىسى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى. بۇ ئۇزۇن بىر ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدۇر.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، نەسائىي، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە تەبرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

**ﷲ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلغان هالدا (تەراۋىه) ئوقۇسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناهلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»[1]**

**رامىزان كېچىلىرى ئوقۇلىدىغان نامازدا، هەر تۆت رەكەتتىن كېيىن كىشىلەرنىڭ راهەت ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن بىردەم ئولتۇرۇش مۇستەهەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ناماز تەراۋىه نامىزى (يەنى راهەتلىنىش نامىزى) دەپ ئاتالدى.**

## تەراۋىه نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى

**تەراۋىه نامىزىنى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇش ئەڭ ياخشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەراۋىه نامىزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇش ياخشى ئەمەستۇر. چۈنكى تەراۋىه نامىزىنى يالغۇز ئوقۇغان ئادەم، ئالىملارنىڭ تەراۋىه نامىزىنى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا زىت ئىش قىلغان هېسابلىنىدۇ.**

**بۇنىڭ مەسچىتتە ئوقۇلىشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىگىگە بىرلىككە كېلىنگەن بىر ناماز ئىكەنلىكى هەققىدە ئىمام مالىك ئابدۇرراهمان ئىبنى ئابدۇلقارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن رامىزان ئېيىنىڭ بىر كېچىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن مەسچىتكە چىقسام، (مەسچىتتە) كىشىلەر ئوخشاش بىر نامازنى هەر بىر ئادەم ئۆز ئالدىغا ئوقۇشقا باشلاپ بىر نەچچە يەردە ئوقۇغۇلى تۇرۇپتۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇلارنى بىر قارىنىڭ ئارقىسىغا توپلىسام ياخشى بولارمىكىن، دەپ قارايمەن دەپ ئۇلارنى ئۆبەي ئىبنى كەئبنىڭ ئارقىسىغا توپلىدى. كېيىن مەن باشقا بىر كېچىسى يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن (مەسچىتتە) چىقسام، كىشىلەر جامائەت بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ قارىسىنىڭ (يەنى ئۆبەي ئىبنى كەئبنىڭ) ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): بۇ يېڭى ئىش ئەجەبمۇ ياخشى ئىش بولدى، هازىر ئۇخلاپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا قوپۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ پەزىلىتى هازىر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىدىن ئارتۇقتۇر، دېدى. كىشىلەر بولسا، تەراۋىه نامىزىنى كېچىنىڭ بېشىدا ئوقۇيتتى.»[2]**

(1) بۇ هەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ هەدىسنى ئىمام بۇخارى ئارىلىقتىكى هەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئادەمنى بايان قىلماستىنلا رىۋايەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپ تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانلىقى كېيىن ئۇ نامازنىڭ ئۈممەتلىرىگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ جامائەتكە چىقمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى بىلەن تەراۋىھ نامىزىنىڭ پەرز بولۇپ قېلىش قورقۇنجىسى تۈگىگەندىن كېيىن تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ دىن ئېتىراپ قىلىپ بېكىتكەن بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانلىقى ھەققىدە ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ بىر كېچىسى مەسچىتكە چىقىپ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەردى. ئىككىنچى كۈنى ناماز ئوقۇپ بەرگەندە كىشىلەرنىڭ سانى ئارتتى. ئۈچۈنچى ياكى تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ سانى تېخىمۇ ئارتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقمىدى ۋە ئەتىسى ئەتتىگەندە: «مەن سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى كۆردۈم. مېنى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا چىقىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشىمدىن بۇ نامازنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىش ئەندىشىسى توسۇپ قويدى» دېدى.[1]

## تەراۋىھ نامىزىنىڭ قانچە رەكەت ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

تەراۋىھ نامىزى **20** رەكەتتۇر. ھەر ئىككى رەكەتتە بىر قېتىم سالام بېرىلىپ **20** رەكەت ناماز ئون قېتىم سالام بېرىلىش بىلەن ئوقۇپ تاماملىنىدۇ. تەراۋىھ نامىزىنىڭ **20** رەكەت بولۇشى ھەنەفي، شافئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مالىكنىڭ كۆزقارىشىدا تەراۋىھ نامىزى **36** رەكەتتۇر. ئىمام مالىكنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، (ئۆز ۋاقتىدا) مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى **36** رەكەت ئوقۇغانلىقىدۇر.

ئەمما تەراۋىھ نامىزىنى **20** رەكەت دېگەنلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، بەيھەقىينىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن يول بىلەن رىۋايەت قىلغان ئەسسائىب ئىبنى يەزىدنىڭ: «كىشىلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى تالىب (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ زامانىدا تەراۋىھ نامىزىنى 20 رەكەت ئوقۇيتتى» دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ھەقتە يەنە <مۇۋەتتا> دېگەن كىتابتا يەزىد ئىبنى رۇماننىڭ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ زامانىدا كىشىلەر رامىزاندا 23 رەكەت ناماز ئوقۇيتتى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، لېكىن بۇ 23 رەكەت نامازنىڭ ئۈچ رەكىتى ۋىتىر نامىزىدۇر.

<ئەلمۇغنى> دېگەن كىتابتا ئەلى ئىبنى تالىبنىڭ (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر ئادەمنى رامىزاندا كىشىلەرگە 20 رەكەت ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇغانلىقى بايان قىلىندى.

ئەمما ئىمام مالىكنىڭ مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى 36 رەكەت ئوقۇغانلىقىنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈشى دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى مەككىدىكى مۇسۇلمانلار ھەر تۆت رەكەت نامازنىڭ ئارىلىقىدا راھەت ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرىدىغان چاغدا بېرىپ كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ كېلەتتى. بۇنىڭغا قارشى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار (بىزنىڭ ئەجرىمىز ئۇلارنىڭكىدىن ئاز بولۇپ قالىدىكەن، دەپ) ھەر تۆت رەكەت نامازنىڭ ئارىلىقىدا راھەت ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇردىغان چاغدا قوپۇپ ئۆز ئالدىغا تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيتتى. (شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامىزى، ئىمام بىلەن ئوقۇغىنى 20 رەكەت ۋە ئۆز ئالدىغا ئوقۇغىنى 16 رەكەت بولۇپ جەمى 36 رەكەتكە يېتەتتى.) ھەر تۆت رەكەت نامازنىڭ ئارىلىقىدا دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرىدىغان چاغدا قوپۇپ ناماز ئوقۇش خاتا ئىش ئەمەس. چۈنكى ھەر تۆت رەكەت نامازنىڭ ئارقىسىدىن بىر قېتىم ئولتۇرۇشتىن مەقسەت دەم ئالغاچ نامازنى كۈتۈپ تۇرۇشتۇر. ئىنسان بۇ ئارىلىقتا خالىسا جىم ئولتۇرسا، خالىسا تەھلىل ياكى تەسبىھ ئېيتسا، ياكى ئايەت ئوقۇسا بولىدۇ، خالىسا قوپۇپ يالغۇز ناماز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئىككى ھەرەم خەلقى (ئۆز ۋاقتىدا) ھەر تۆت رەكەت نامازنىڭ ئارقىسىدىن بىر قېتىم ئولتۇرۇپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلىش مۇستەھەپتۇر.[1]

بەزى ئادەملەر تەراۋىھ نامىزىنىڭ رەكەت سانى ھەققىدە ساھابىلەرنىڭ ۋە فىقھشۇناسلار ئىماملىرىنىڭ تۇتقان يولىغا قارشى ھالدا بىر يول تۇتۇپ: تەراۋىھ نامىزى سەككىز رەكەت ئۇنىڭدىن ئارتۇقى بىدئەت (يەنى دىنىدا دىن

(1) «شرح المنيه».

نامى بىلەن يىخىدا پەيدا بولغان ئىش) دەيدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا ئائىشەنىڭ (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ۋە رامىزاندىن باشقا چاغلاردا كېچىلىك نامازنى ئون بىر رەكەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى، كېچىلىرى دەسلەپتە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق ۋە ئۇزۇن بولغانلىقىنى سورىمايلا قويغىن، ئاندىن يەنە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق ۋە ئۇزۇن بولغانلىقىنى سورىمايلا قويغىن، ئاندىن ئۈچ رەكەت ئوقۇيتتى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نامازلارنى بىر ئۇخلاپ قوپۇپ ئوقۇيدىغان بولغاچقا) مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ۋىتىر ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۇخلامسەن؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە، مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئۇخلىمايدۇ»[1] دېدى، دېگەن سۆزىنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

بۇ ھەدىس تەراۋىھ نامىزىنى سەككىز رەكەتتىن ئارتۇق ئوقۇشنىڭ بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچە نامىزىنى سەككىز رەكەت ئوقۇغانلىقى كېچىدە نامازنى سەككىز رەكەتتىن ئارتۇق ئوقۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. چۈنكى رەكەت سانى ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئارقىلىق بېكىتىلگەن تەقدىردىمۇ، ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆزقارىشى بويىچە بۇ ھەدىس نامازنى ئۇنىڭدا بايان قىلىنغاندىن ئارتۇق ئوقۇشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. ئەمما مەزكۇر ھەدىستە كېچە نامىزىنىڭ رەكەت سانى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئەمەس) ئەمەلىيتى ئارقىلىق سادىر بولدى[2]. يەنە كېلىپ ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەزكۇر ھەدىستە پەقەت ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن ئىشنىلا بايان قىلدى. ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلمىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشى بىلەن تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىدىن خەۋەردار ئەمەس ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى باشقا ئاياللىرىغا ئاجراتقىنىدەك ئائىشەگىمۇ مەلۇم بىر كېچىنى ئاجرىتاتتى. (يەنى ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) شۇنىڭ ئۈچۈن كېچە نامىزىنى ئۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان رەكەت ساندىن ئارتۇق ئوقۇشنىڭ توغرا بولماسلىقى ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلە ئەمەس. ت.

ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ قېشىدا قالمىغانلىقىدۇر). شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بەزىدە مەسىلە سوراپ كەلگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرىنى (ئۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆزىدە مەلۇمات بولمىغانلىقى ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىدىن سوراشقا بۇيرۇيتتى(1).

## تەراۋىھ نامىزىدا ئايەتلەرنى قانچىلىك ئوقۇش ھەققىدە

تەراۋىھ نامىزىغا ئىمام بولغۇچى ئايەتنى ئارقىسىدىكى ناماز ئوقۇغۇچىلارنى قاچۇرۇۋەتمىگىدەك شەكىلدە ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىشى لازىم. ئەگەر ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيدىغانلارغا ئېغىر كېلىپ قالمايدىغان بولسا، ھەر بىر رەكەتتە ئون ئايەت ئوقۇش بەك ياخشىدۇر. چۈنكى ھەر رەكەتتە ئون ئايەت ئوقۇلغاندا بىر سۈننەت ئادا بولىدۇ. ئۇ سۈننەت بولسىمۇ پۈتۈن رامىزان ئىچىدە تەراۋىھ نامىزىدا قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىم تۈگۈتىشتۇر.

(خۇددى باشقا نامازلاردىمۇ ئوقۇلغىنىدەك) تەراۋىھ نامىزىنىڭ ھەر ئىككى رەكەتنىڭ بىرىنچى رەكىتىنىڭ بېشىدا <سۇبھانەكەللاھۇممە> ئوقۇلىدۇ. ئىمام نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرۇپ ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر نامازنىڭ كىشىلەرگە بەك ئېغىر كېلىپ قالىدىغاندەك ئەھۋالنى بايقىسا، ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن دۇرۇتتىن پەقەت <ئەللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن> نى ئوقۇپلا سالام بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى دۇرۇتتىن مۇشۇنچىلىك مىقدار ئوقۇلسا، سۈننەت ئادا بولىدۇ. ئەگەر ناماز كىشىلەرگە ئېغىر كېلىپ قالمايدىغان بولسا، دۇرۇتنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇنىڭدىن كەيىندىن ئوقۇلىدىغان دۇئالارنى ئوقۇيدۇ.(2)

## تەراۋىھ نامىزىنىڭ ۋاقتى

تەراۋىھ نامىزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ كەينىدىن كىرىدۇ. چۈنكى بۇ، ئۇنى ئوقۇش خۇپتەن نامىزىنىڭ كەينىدىن يولغا قويۇلغان نەپلە

(1) ئىمام مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: بەزى ساھابىلەر بىر ئادەمنى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئائىشەدىن (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سوراپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئادەمگە: سەن بۇ مەسىلىنى ئۇممۇ سەلىمەدىن سورىغىن، دەيدۇ.

(2) «شرح المنيه».

نامازدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىدا ئوقۇش توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۇ، خۇپتەن نامىزىغا ئەگەشتۈرۈلۈپ خۇپتەن نامىزىدىن كېيىندىن ئوقۇلىدۇ. ئۇنى خۇپتەندىن كېيىن ۋىتىر نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇش ئەڭ ياخشىدۇر. تەراۋىھ نامىزىنى كېچىنىڭ يېرىمىگە قەدەر كېچىكتۈرۈۋېتىش مەكرۇھ ئەمەس، لېكىن ئەگەر نامازنى شۇ ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈۋېتىش جامائەتنى قاچۇرۇپ قويىدىغان ئىش بولسا، ئۇنى شۇ ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈۋېتىش مەكرۇھ بولىدۇ. چۈنكى تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ناھايىتى ياخشىدۇر.

### ئەسكەرتىش:

رامىزان ئېيىدىن باشقا چاغدا ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھتۇر. رامىزان ئېيىدا ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ياخشىدۇر. لېكىن ۋىتىرنى ئەتتىگەندە ئوقۇيدىغان ئادەم ئۇنى يالغۇز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ۋىتىر نامىزىنىڭ بېشىغا ئۇلگۇرەلمىگەن ئادەم دۇئايى قۇنۇتنى ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ ۋە ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن نامازنىڭ ئۇلگۇرەلمىگەن رەكئىتىنى ئوقۇغىلى تۇرغاندا دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇمايلا نامازنى تاماملايدۇ. ئىمام ۋە ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەر دۇئايى قۇنۇتنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ.[1]

## 3 ـ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش

**ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە:**

رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش كۈچلۈك سۈننەتتۇر. رامىزاندىن باشقا چاغلاردا ئولتۇرۇش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كەلگەندىن باشلاپ تاكى الله تائالا ئۇنىڭ مۇبارەك جېنىنى ئالغانغا قەدەر ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى بىرەر قېتىممۇ تاشلىمىغانلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆزى شۇنداق ئېتىكاپتا ئولتۇرسىمۇ)، لېكىن ئېتىكاپتا ئولتۇرمىغان ساھابىلەرنى ئەيىپلىمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر يىلى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ

(1) « شرح المنيه »

دەلىلى ئەمەستۇر[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇردىغانلىقى ھەققىدە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى الله تائالا ئۇنى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى شۇ كۈنلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇردى.»

بۇ ھەقتە يەنە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسى كىرسە، ئۇخلىمايتتى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويغىتاتتى. ئىبادەتتە شۇنداق تىرىشچان ئىدىكى ئاياللىرىدىنمۇ ئايرىلىپ تۇراتتى.»

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.»

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەدرى كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ تاق كېچىلىرىدىن ئىزدەڭلار» دېگەن.[2]

## <ئېتىكاپ> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<ئېتىكاپ> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن <بىر يەردە تۇرۇش> ۋە <بىر ئىش ئۈستىدە داۋام قىلىش> دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ.

<ئېتىكاپ> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتتە ئولتۇرۇش، دېگەنلىك بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد: «ھەر قانداق مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش توغرا بولىدۇ» دەيدۇ. ھەنەفي مەزھەپىدىكى بەزى ئالىملار، بۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى توغرا سۆز،

(1) ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاشلىماي داۋاملىق قىلغان ئىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ئۆزى داۋاملىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرمىغانلارنى ئەيىپلىمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكى چىقىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دەپ قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئىككى ئىمامنىڭ ئۇ سۆزى بولۇپمۇ بىزنىڭ زامانىمىزدا بەك ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن (خۇددى ئىبنى ئابىدىنىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش) ئىككى ئىمامنىڭ ئۇ سۆزىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.[1]

ئايال كىشى ئۆيدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىغان يېرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ. ئايال كىشىنىڭ مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى مەكرۇھتۇر.[2]

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ پايدىلىرى:

ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئادەم ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە پۈتۈن ۋاقتىنى پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا ئاجرىتىدۇ. يەنى ئۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە ۋاقتىلىرىنى پەرز نامازلارنى كۆتۈش، ئىلىم ئۆگىنىش، الله تائالانى ياد ئېتىش ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇش سورۇنلىرىغا قاتنىشىش ۋە كېچىلىرىدە كېچى نامازلىرىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. الله تائالا ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىغا، ئۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە قەدرى كېچىسىنى تېپىشقا نېسىپ قىلىشى مۇمكىن. قەدرى كېچىسى بولسا، ئۇ كېچىدە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى ئىچىدە ئۇ كېچە يوق ئايلاردىن مىڭ ئاي قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولىدىغان بىر كېچىدۇر.

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتا يەنە ئىنسانىنىڭ دىلىنى راھەتلەندۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان مەنىۋي پايدىلار بار. چۈنكى ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچى ئېتىكاپتا دىلىنى، نېرۋا تومۇرلىرىنى ۋە مەنىۋىيسىنى راھەتلەندۈرىدىغان بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزۈدىغان بولغاچقا، ئىنسان ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ۋاقتىدا دىلى دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ۋە غەملىرىدىن خالى تۇرىدۇ. كۆڭلى دۇنيانىڭ قىينچىلىقلىرىدىن يىراق بولۇپ راھەت ھېس قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ ۋە الله تائالانى ياد ئېتىش بىلەن دىلى ئارام تاپىدۇ. دىللەرنىڭ الله تائالانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[3]

## ئېتىكاپنى بۇزۇدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

تېشىغا چىقىشقا ھېچقانداق ئېھتىياجى بولماي تۇرۇپ مەسچىتنىڭ تېشىغا

(1) «رد المحتار».

(2) «رد المحتار».

(3) سۈرە رەئىد 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چىقىپ كېتىش ئېتىكاپنى بۇزىدۇ. لېكىن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مەسچىت جۈمە نامىزى ئوقۇلمايدىغان مەسچىت بولسا، جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى باشقا مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن ياكى كىچىك - چوڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن، ئەگەر مەسچىت يۇيۇنۇش مۇمكىن بولمايدىغان مەسچىت بولسا ئىھتىلام بولۇپ قالغاندا يۇيۇنۇش ئۈچۈن ياكى مەسچىت ئۆرۈلۈپ كەتكىلى قوپقۇنغا، ئۆزىگە ياكى مەسچىتتىكى نەرسىلىرىگە بىرەر خەتەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغىنىغا ئوخشاش ئېھتىياجلار ئۈچۈن مەسچىتتىن چىقسا بولىدۇ.[1]

ئەگەر ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچى مەزكۇر ئېھتىياجلاردىن باشقا بىرەر ئېھتىياج ئۈچۈن مەسچىتتىن چىقىپ كەتسە، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئېتىكاپى ئولتۇرۇشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلغان ئېتىكاپ بولسا، ئېتىكاپى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر سۈننەت ياكى مۇستەھەپ ئېتىكاپلار بولسا، ئېتىكاپى ئاياغلاشقان بولىدۇ. ئەگەر ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئادەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئولتۇرغان سۈننەت ئېتىكاپنى مەسچىتتىن ھاجەتسىز چىقىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن روزا ھېيت كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى ئاياغلاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا پەقەت مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ كۈننىڭلا قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.[2]

ئېتىكاپ جىنسي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن ياكى (سۆيۈشكە ۋە قۇچاقلاشقا ئوخشاش) جىنسي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ مەني كېلىش بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى الله تائالا ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلارنى ئاياللىرى بىلەن جىنسي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن, كېچە بولسۇن), ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار»[3]

## ئەسكەرتىش:

ئولتۇرۇشنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئولتۇرغان ئېتىكاپنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن روزا تۇتۇش شەرت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەچچە كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ئۆزىگە ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلغان بولسا، (ئېتىكاپتا

(1) «مراقي الفلاح».

(2) «الهدية العلائية».

(3) سۈرە بەقەرە 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئولتۇرغان) شۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتۇش لازىمدۇر.[1]

## 4 ـ سوھۇرلۇق يېيىش

روزا تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ سوھۇرلۇق يېيىشى مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سوھۇرلۇق يەڭلار. چۈنكى سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار» دېدى.[2] سوھۇرلۇق يېيىش روزىدارنىڭ روزىنى قىينىلىپ قالماي ئادا قىلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر كۈندۈزنىڭ روزىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن سوھۇر تاماقلىرى بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىڭلار.[3] »[4]

سوھۇرلۇق يېيىش روزا تۇتماقچى بولغان ئادەمگە سوھۇرلۇق ۋاقتىدا مەيلى يەيدىغان نەرسە بولسۇن مەيلى ئىچىدىغان نەرسە بولسۇن نېمە ئاسان بولسا، شۇ نەرسىنى يېيىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سوھۇرلۇقنىڭ ھەممىسىدە بەرىكەت بار. بىر يۇتۇم سۇ ئىچىش ئارقىلىق بولسىمۇ سوھۇرلۇق يېيىشنى تاشلىماڭلار. چۈنكى سوھۇرلۇق يېگۈچىلەرگە الله تائالا رەھمەت قىلىدۇ ۋە پەرىشتىلەر مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.»[5] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «خورما مۆمىننىڭ ياخشى سوھۇرلىقىدۇر.»[6]

ئالەمنىڭ يورۇپ قالغىنىغا گۇمان قىلىپ قالمىغانلا بولسا، سوھۇرلۇق يېيىشنى ھەتتا تاڭ ئاتقىلى ئاز قالغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئالەمنىڭ يورۇپ قالغانلىقىغا گۇمان قىلىپ قالسا، بۇ چاغدا بىر نەرسە يېيىش مەكرۇھتۇر. سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يېيىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئەبۇئەتىيەنىڭ بۇ سۆزىدۇر: «مەسرۇق بىلەن ئىككىمىز ئائىشەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قېشىغا كىرىپ: ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ئىككى

(1) «الهدية العلائية».

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) يەنى كۈندۈزدە قىينىلىپ قالماي روزا تۇتۇش ئۈچۈن سوھۇرلۇق يەڭلار. ت.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

(6) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

كىشى بار، بىرى ھەم ئىپتارنى بالدۇر قىلىدۇ ھەم نامازنى بالدۇر ئوقۇيدۇ. يەنە بىرى ھەم ئىپتارنى كېچىكتۈرۈپ قىلىدۇ ھەم نامازنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيدۇ، دېدۇق. ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئىپتارنى بالدۇر قىلىدۇ ھەم نامازنى بالدۇر ئوقۇيدۇ؟ دېدى. بىز: ئىبنى مەسئۇد، دەپ جاۋاب بەردۇق. ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى، دېدى[1]. »[2]

سوھۇرلۇق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاش ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئۇخلاش مەيدىگە زەرداپ سۇ يىغىلىپ قىلىشقا ۋە تاماقنىڭ تەس ھەزىم بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇ مۇبارەك ۋاقىتتا اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئىستىغپار ئېيتىشقا يۈزلىنىش لازىم. كېيىن بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بېرىش لازىم. چۈنكى ئۇ ۋاقىت كېچىنىڭ ۋاقىتلىرى ئىچىدە اللە تائالا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋاقىتتۇر. اللە تائالا شۇ ۋاقىتنى ۋە شۇ ۋاقىتتا مەغپىرەت تىلىگۈچىلەرنى مەدھىلەپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى»[3] «بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ»[4]

## 5 ـ ئىپتار قىلىشقا ئالدىراش

روزا تۇتۇۋاتقان ئادەمنىڭ كۈن كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىشى مۇستەھەپتۇر[5]. ئۇنى كېچىكتۈرۈۋېتىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىشىلەر ئىپتارنى ئالدىراپ قىلسىلا ھەمىشە ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ»[6] بىز بىر ئاز بۇرۇن بايان قىلىپ ئۆتكەن ئائىشەنىڭ (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەدىسىمۇ ئىپتارغا ئالدىراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئىپتار قىلغاندا

(1) بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىپتارغا ئالدىراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى يەنە نەسائىي، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) سۈرە زارىيات 18 ـ ئايەت.

(4) سۈرە ئىسرا 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) ئىپتارنىڭ كۈن چوقۇم كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن بولۇشى لازىم. ت.

(6) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ھەتتا شام نامىزىنى ئەۋۋەلقى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن تاماق يېيىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتمەسلىك لازىم. ئەگەر روزىدار ئادەم تاھارەتسىز بولسا ياكى تاھارىتىنى يەڭگۈشلەشكە توغرا كەلسە، ئەڭ ياخشىسى ئىپتار ۋاقتى كېلىشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىشى ۋە كۈن كىرىپ كەتكەن ھامان ئىپتار قىلىپ تاماق تەييار بولۇپ قالغان بولسا، تامىقىنى يېيىشى ۋە ئارقىسىدىنلا شام نامىزىنى ئوقۇشى لازىم.

ئەمما تاماق تېخى تەييار بولمىغان ياكى روزىدار ئادەم تاماقتىن يىراق يەردە مەسىلەن: مەسچىتكە ئوخشاش بىر يەردە بولغان بولسا، ئىپتارنى مېۋىگە ياكى سۇغا ئوخشاش قېشىدا ئېغىزىنى ئاچقۇدەك قانداق نەرسە بولسا، شۇ نەرسە بىلەن قىلىپ شام نامىزىنى ئەۋۋەلقى ۋاقتىدا ئوقۇپ ئاندىن تاماق يېيىشكە ئۆتۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئىپتارنى بالدۇر قىلىش سۈننىتىنىمۇ ئادا قىلغان، ھەم شام نامىزىنىمۇ ئەۋۋەلقى ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىدۇ. ئۇ يەنە تاماق تەييار بولۇپ قالغاندا تاماق يېمەي ناماز ئوقۇش مەكرۇھ ئىدى، ئۇ مەكرۇھ ئىشنى قىلغانمۇ بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق ۋاقتى بىلەن نامازنىڭ ۋاقتى تەڭ كېلىپ قالغاندا ئالدى بىلەن تاماق يېيىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «تاماق تەييار بولوپ قالغاندا ۋە تەرەت قىستاپ تۇرغاندا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ.»[1] «كەچلىك تاماق تەييار بولۇپ قالغان ۋە خۇپتەن نامىزىغا تەكبىر چۈشۈرۈلگەن بولسا، سىلەر ئاۋۋال تاماقنى يەڭلار.»[2]

## 6 ـ ئىپتار قىلغان ۋاقتىدا دۇئا قىلىش

روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقتىدا دۇئا قىلىشى مۇستەھەپتۇر. چۈنكى روزىدارنىڭ دۇئايى ئىجابەتتۇر. بولۇپمۇ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئايى ئىجابەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «دۇئاسى (ئىجابەتسىز) قايتۇرۇلمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار. ئۇلار ئىپتار قىلغاندا دۇئا قىلغان روزىداردۇر، ئادىل باشلىقتۇر ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كىشىدۇر. اللە تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىلغان دۇئاسىنى بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇ دۇئا ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە اللە تائالا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇنىڭغا: مېنىڭ كاتتا ۋە ئۇلۇغلىقىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ ياردەم قىلىمەن، دەيدۇ.»[1]

ئىپتار قىلغاندا تۆۋەندىكى دۇئانى قىلىش ياخشىدۇر:

<ئەللاھۇممە لەكە سۇمتۇ، ۋە بىكە ئامەنتۇ، ۋە ئەلەيكە تەۋەككەلتۇ، ۋە ئەلا رىزقىكە ئەفتەرتۇ، زەھەبەز زەمەئۇ ۋەبتەللەتىل ئۇرۇقۇ، ۋە سەبەتەل ئەجرۇ ئىن شائەللاھۇ[2]<

بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئۆمەرنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار قىلغان ۋاقتىدا: «زەھەبەز زەمەئۇ ۋەبتەللەتىل ئۇرۇقۇ، ۋە سەبەتەل ئەجرۇ ئىن شائەللاھۇ» دەيتتى. ئەبۇداۋۇد يەنە مۇئاز ئىبنى زۆھرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار قىلغان ۋاقتىدا: «ئەللاھۇممە لەكە سۇمتۇ، ۋە ئەلا رىزقىكە ئەفتەرتۇ» دەيتتى.

ئىمام بەيھەيقى، ئىبنى ئەبۇمەلىكەدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزىدار ئادەمنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقتىدا (ئىجابەتسىز) قايتۇرۇلمايدىغان بىر دۇئاسى بار.» دېگەن. ئىمام بەيھەيقى يەنە ئىبنى ئەبۇمەلىكەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس ئىپتار قىلغان ۋاقتىدا: <ئەللاھۇممە ئىننى ئەسئەلۇكە بىرەھمەتىكەللەتى ۋەسىئەت كۇللە شەيئىن ئەن تەغفىرە لى[3]< دەپ دۇئا قىلاتتى.»

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك دۇئانىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئايىغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش دۇئانىڭ ئەدەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## 7 ـ ئىپتارنى خورما بىلەن قىلىش

روزىدار ئادەمنىڭ خورما بىلەن ئىپتار قىلىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى خورما تاپالىسا، ئىپتارنى

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: <ئى الله! سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، سېنىڭ بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ئىپتار قىلدىم، ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار نەملەندى ۋە الله تائالا خالىسا ئەجرى تۇرغۇزۇلدى<

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! ھەممە مەخلۇقاتقا ئورتاق بولغان رەھمىتىڭ بىلەن مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرىشىڭنى تىلەيمەن.

خۇرما بىلەن قىلسۇن. كىمكى خورما تاپالمىسا، سۇ بىلەن ئىپتار قىلسۇن. چۈنكى سۇ پاكتۇر.»[1]

ئەگەر ئىپتارنى خورما بىلەن قىلمىسا، ئوتتا پىشۇرۇلمىغان مېۋىلەر بىلەن قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇيەئلا مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتارنى ياكى ئۈچ تال خورما بىلەن ياكى ئوت تەگمىگەن بىر نەرسە بىلەن قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.»

## 8 ـ روزا تۇتقانلارنى ئىپتار قىلدۇرۇش

روزا تۇتقانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ روزا تۇتقانلىقىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىپتار قىلدۇرۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيمەستىن ئىپتارلىق بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ.»[2]

ئىپتارلىق بېرىش ئۈچۈن روزا تۇتقۇچىنىڭ پېقىر بولۇشى شەرت ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس پېقىر بىلەن باينى ئايرىماستىنلا <كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە> دەپلا كەلدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ روزا تۇتقان پېقىرلارغا ئىپتارلىق بېرىش ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇلارغا ئىپتارلىق بەرگەندە ھەم ئۇلارغا سەدىقە قىلغان ھەم ئۇلارنى ئىپتارلاتتۇرغان بولىدۇ.

روزا تۇتقۇچىلارغا ئىپتارلىق بېرىش ئۈچۈن بەك كۆپ كايىپ قىلىپ كەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئىسلامدا بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن كايىپ كېتىش چەكلەنگەندۇر. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دېدى: «بىز كۆپ كايىپ كېتىشتىن چەكلەندۇق.»[3] يەنە كىلىپ روزىدارلارغا ئىتپارلىق بېرىش ئۈچۈن ئىسىل ۋە خىلمۇخىل تاماقلارنى تەييارلاشقا كايىپ كېتىش ئىپتارلىق بېرىش ئىبادىتىنىڭ ئىچىگە رىياكارلىق ۋە شۆھرەت پەرەسلىكنى كىرگۈزىدۇ ۋە ئىپتارلىق بېرىدىغانلارنىڭ سانىنى ئازايتىۋېتىدۇ.

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىپتارلىق بېرىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى رامىزاندا بىر روزىدارغا ئىپتارلىق بەرسە، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، بوينى دوزاختىن ئازات قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيمەستىن روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ھەممىمىز روزا تۇتقان ئادەمنى ئىپتارلىتىدىغان نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا شۇ ساۋابنى روزىدار بىر ئادەمنى خورما ياكى سۇ ياكى ئازراق دوغاپ بىلەن ئىپتارلاتتۇرغان ھەرقانداق كىشىگە بېرىدۇ» دېدى.[1]

## 9 ـ نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش

رامىزان ئېيىدا سەدىقە بەرگەنگە ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇغانغا ئوخشاش نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى رامىزان ئېيىدا قىلىنغان بىر نەپلە ئىبادەتنىڭ ساۋابى باشقا چاغدا قىلىنغان بىر پەرز ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا تەڭ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى رامىزان ئېيىدا الله تائالاغا بىر ياخشى ئىشنى قىلىش بىلەن يېقىنلاشسا، ئۇ باشقا چاغدا بىر پەرزنى ئادا قىلغان ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ. كىمكى رامىزان ئېيىدا بىر پەرزنى ئادا قىلسا، ئۇ (باشقا چاغدا) 70 پەرزنى ئادا قىلغان ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ.»

تىرمىزىي ئەنەسنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رامىزان ئېيىدىن كېيىن قايسى ۋاقىتتا تۇتقان روزا ئەڭ ياخشى، دەپ سورالدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن شەئبان ئېيىدا (تۇتقان) روزا» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەنە قايسى ۋاقىتتا بېرىلگەن سەدىقە ئەڭ ياخشى سەدىقە دەپ سورالدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رامىزان ئېيىدا بېرىلگەن سەدىقە» دەپ جاۋاب بەردى.

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلدى.

# روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر

ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە تەكلىپلىرى ئاسان بىر دىن بولۇپ ئۇنىڭ ئاسانلىقلىرى روزىنىڭ ھۆكۈملىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. اﷲ تائالا روزىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ئاسان بىر دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «اﷲ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ»[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئېغىر كېلىدىغان ياكى قىيىن بولىدىغان ھالەتلەردە روزا تۇتماسلىق يولغا قويۇلدى. بۇ ھالەتلەر تۆۋەندىكى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1 - روزىنى (رامىزاننىڭ ئىچىدە) تۇتماي كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدىغان ھالەتلەر.

2 - روزىنى (رامىزاننىڭ ئىچىدە) تۇتماي روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن پىديە بېرىدىغان ھالەتلەر.

بىرىنچى ھالەتلەرنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

## 1 ـ سەپەر قىلىش:

ئىسلام دىنى، ئۆزى ياشاۋاتقان يەردىن ئەڭ ئاز 82 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يەرگە سەپەر قىلىپ ماڭغان ئادەمگە تاكى سەپەر ئاياغلاشقانغا قەدەر روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلدى. بۇ رۇخسەت سەپەرنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن تۈگەيدۇ. سەپەر مۇساپىر ئادەمنىڭ ياكى بۇرۇن سەپەر قىلىپ ماڭغان ئۆزىنىڭ يېرىگە قايتىپ كېلىشى بىلەن ياكى سەپەر قىلىپ بارغان يېرىدە ئەڭ ئاز 15 كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئەگەر سەپەرنى تاڭ ئېتىپ بولغاندىن كېيىن (يەنى روزا تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن) قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ سەپەر قىلماقچى بولغان كۈندە روزىسىنى بۇزۇۋېتىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم سەپەرگە روزا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن چىقماقچى بولغاندۇر. ئۇ روزا تۇتقان ھالدا بولغانلىقى

(1) سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇن شۇ كۈندىكى روزىسىنى تولۇق تاماملىشى لازىم. چۈنكى سەپەر قىلىش تۇتۇپ بولغان روزىنى بۇزۇۋېتىشكە ئەمەس پەقەت روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىدۇ.[1] ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ كۈنىنىڭ روزىسىنى بۇزۇۋەتسە، ئۇنىڭغا (كەففارەت ئەمەس) پەقەتلا روزىنىڭ قازىسىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ.

رامىزان ئېيىدا سەپەر قىلغان ئادەمنىڭ روزا تۇتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكتى الله تائالانىڭ: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۇچۇن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن»[2] دېگەن ئايىتىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەسنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز (رامىزاندا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەرگە چىقاتتۇق. ئىچىمىزدە روزا تۇتقانلارمۇ، روزا تۇتمىغانلارمۇ بار ئىدى. روزا تۇتقانلار تۇتمىغانلارنى، روزا تۇتمىغانلار تۇتقانلارنى ئەيىپلىمايتتى.»

ئەگەر (سەپەردە روزا تۇتۇش) سەپەرگە چىققان ئادەمگە بىرەر زەرەر ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭ (سەپەر قىلىۋاتقان بولسىمۇ) روزا تۇتۇشى ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇ، (ئەگەر روزىنى رامىزانىنىڭ ئىچىدە تۇتمىسا) رامىزاندىن كېيىن يەنە قازاسىنى قىلىدۇ. رامىزانىنىڭ ئىچىدە روزا تۇتۇش باشقا چاغقا قارىغاندا ياخشىدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر»[3]

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئىش ئەمەس» دېگەن سۆزى ۋە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا روزا تۇتقان ئادەملەرگە دېگەن: «مانا ئاشۇلار ئاسىيلاردۇر» دېگەن سۆزى (روزا تۇتۇپ سەپەرگە چىققان ئادەمگە) زەرەر ئېلىپ كېلىدىغان ھالەتلەرگە قارىتىلغاندۇر.[4]

(1) «رد المحتار».

(2) سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە بەقەرە 184 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) «فتح القدير».

ئەگەر سەپەر قىلماقچى بولغان ئادەم (سەپەر قىلمەن، دەپ) ئەتىگەندە روزا تۇتماي قوپقان، ئاندىن كۈن ئېگىلگىلى بىر سائەت قېلىشتىن ئىلگىرى سەپەر قىلمايدىغان بولغان ۋە (تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ تاكى شۇ ۋاقىتقا كەلگىچە) روزىنى بۇزۇدىغان (مەسىلەن: بىر نەرسە يېگەن ياكى ئىچكەنگە ئوخشاش) بىرەر ئىش قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ روزا تۇتۇشى لازىم. چۈنكى روزا تۇتۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىش مۇمكىن بولىدىغان بىر ۋاقىتتا روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەب يوقالغاندۇر.[1]

## 2 ـ كېسەل:

كېسەل ئادەم ئەگەر روزا تۇتسا بىرەر ئالامەت ئارقىلىق ياكى ئىلگىرىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن ياكى ساقىيىپ كېتىشىنىڭ كېچىكىپ قېلىشىدىن قورقسا، روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر كېسەل ئادەم ئاساسلانغان تەجرىبە ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى بولماي كېسىلى ئۇنىڭكىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ تەجرىبىسى بولغان ياكى كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان پاسىق ئەمەس مۇسۇلمان بىر دوختۇرنىڭ (ئەگەر روزا تۇتسىڭىز كېسىلىڭىز ئېغىرلىشىپ قالىدۇ ياكى ساقىيىشى كېچىكىپ كېتىدۇ) دېگەن سۆزى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر دوختۇر كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلمەيدىغان ۋە پاسىق كىشى بولغان، كېسەل ئادەم ئۇ دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ روزا تۇتمىغان بولسا، خۇددى كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىنى ياكى ئۇنىڭ ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ قېلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەتكە ياكى تەجرىبىگە تايانماستىن روزا تۇتمىغان ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم بولغىنىدەك ئۇ ئادەمگىمۇ كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ.[2]

ھەر قانداق كېسەلگە رامىزاندا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى بەزى كېسەللەرگە روزا تۇتۇش شىپالىق ئېلىپ كېلىدۇ. روزىنىڭ نۇرغۇنلىغان كېسەللەرگە شىپا ئىكەنلىكىنى ئىلمىي تەتقىقاتلار ئىسپاتلاپ چىقتى. روزا تۇتسا پەقەت (كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدىغان ياكى ساقىيىشى كېچىكىپ قالىدىغان) كېسەل كىشىلەرگىلا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت بېرىلدى.

(1) «الهداية مع الفتح».

(2) «رد المحتار».

بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، الله تائالانىڭ: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن»[1] دېگەن ئايىتىدۇر.

## 3 ـ قورساق كۆتۈرۈش ۋە بالا ئېمىتىش:

ئەگەر (روزا تۇتسا) ئۆزىگە ياكى بالىسىغا بىرەر زەرەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورققان قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىسلام دىنى روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلدى. بۇنىڭ دەلىلى نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ئەنەسنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۆزىگە (بىرەر زەرەرنىڭ كېلىشىدىن) ئەندىشە قىلغان قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايالغا ۋە بالىسىغا (بىرەر زەرەرنىڭ كېلىشىدىن) ئەندىشە قىلغان بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالغا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلدى» دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ ھەقتە يەنە نەسائىي، ئىبنى ماجە، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار ئەنەس ئىبنى مالىك ئەلكەئبىيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن الله تائالا سەپەر قىلغان ئادەمدىن روزىنى ۋە نامازنىڭ يېرىمىنى، قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايالدىن ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالدىن روزىنى يەڭگىللىتىۋەتتى.»

ئەگەر بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال بالىسىنى ئۆزىنىڭ سۈتى بىلەن ئەمەس باشقا سۈت بىلەن بېقىشقا قادىر بولالىسا، ئۇ ئايالنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت يوق. ئەمما ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ پېقىرلىقى ياكى بالىنىڭ باشقا سۈتنى ئېمىشكە ئۇنىمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن بالىنى باشقا سۈت بىلەن بېقىشقا قادىر بولالمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئەگەر روزا تۇتسا ئۆزىگە ياكى بالىسىغا بىرەر زەرەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت بېرىلىدۇ.

بالىسى كېسەل بولۇپ قالغان ئايالغا دوختۇر، ئەگەر سەن بۇ دورىنى ئىچسەڭ بالاڭ ساقىيىدۇ، دېگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ شۇ دورىنى ئېچىشى

(1) سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈچۈن ئۇ ئايالغا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت بېرىلىدۇ.[1] مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ناھايىتى مېھرىبان، ھۆكۈملىرى ۋە تەكلىپلىرى ناھايىتى ئاسان ۋە زامانغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر دىن ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر.

## 4 ـ ئۆزىگە بىرەر زەرەرنىڭ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىش:

روزا تۇتىۋاتقان ئادەم قاتتىق ئۇسسۇغان ياكى قورسىقى ئاچقان سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ياكى ئەقلى ـ ھۇشىنىڭ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ھالەتتە روزىسىنى بۇزۇشى توغرا بولىدۇ. ئۇنىڭغا كەففارەت ئەمەس پەقەت روزىنىڭ قازاسىلا كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم قىلىشقا بەك ئېھتىياجلىق بولمىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ھېرىپ چارچاپ ئۆزىنى ئۆزى شۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن روزىنى بۇزىۋاتقان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا ھەم كەففارەت بېرىش ھەم روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناۋاي ۋە ئورما ئورۇدىغان ئادەمگە ئوخشاش ئېغىر ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان ئاجىزلىق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغان دەرىجىدە كۆپ ئىش قىلماسلىقى لازىم. بۇ خىلدىكى ئادەملەر رامىزان كۈنلىرى ئىشلىرىنى يەڭگىللىتىشى ياكى مۇمكىن بولسا ئىشلىرىنى كېچىدە قىلىشى كېرەك.

ئەمما تولۇق مائاش ئېلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەمگە ياكى مەلۇم بىر مۇددەت ئىشلەپ بېرىشكە بىرسى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، (ئۇ مۇددەت ئىچىدە رامىزان ئېيى كېلىپ قالغان) ۋە ئىش ئىگىسى بۇ كېلىشىمنى بۇزۇشقا ئۇنىماي (رامىزان ئېيىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان) ئادەمگە ياكى زىرائەتلىرىنى شۇ چاغدا يىغمىسا تۆكۈلۈپ ياكى ئوغۇرلىنىپ تۈگەيدىغان ۋە نورمال ھەق ئېلىپ شۇ ئىشنى قىلىدىغان بىرەر كىشى تاپالمىغان ئادەمگە ئوخشاش ئىشنى يەڭگىللەتمەستىن كۈندۈزدە ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەم، ئەگەر ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇسسۇغان ياكى قورسىقى ئاچقاندىن كېيىن روزىسىنى بۇزىۋاتقان بولسا،[2] ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ ۋە كەففارەت بېرىشمۇ لازىم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ئىش قىلمايدىغان كۈنلەردە ياكى قىش كۈنلىرىدە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشى لازىم

(1) «مراقي الفلاح».

(2) «رد المحتار».

بولىدۇ.

رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرىدە مۇشۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ (مەن ئېغىر ئىش قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن)، دەپ ئەتىگەندىن باشلاپ روزا تۇتماي قويۇشى توغرا ئەمەس. ئۇلار ئەتىگەندە روزا تۇتۇپ قويۇشى لازىم. چۈنكى اللّٰه تائالا ئۇلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ ئۇلار روزىلىرىنى تۇتالىشى مۇمكىن. ئەگەر ئەتىگەندە روزىدار قويۇپ كېيىن (ئۇسسۇزلىق ياكى ئاچلىقتىن) ئۆزىگە بىرەر خەتەرنىڭ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئادەمنىڭ خەتەردىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن روزىسىنى بۇزۇشى توغرا بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئەتىگەندىن باشلاپلا روزا تۇتماي قويۇشى ھەرگىز توغرا ئەمەس.

<الفتاوى الهندية> دېگەن كىتابتا جىنىنى بېقىش ئۈچۈن (رامىزاندا) ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ھۈنەرۋەنلەر، ئەگەر ھۈنەر قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان بىرەر كېسەل بولۇپ قېلىشىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى روزا تۇتماي قويۇشى توغرا ئەمەستۇر، دەپ بايان قىلىنغان[1].

## ئىككى مۇھىم ئەسكەرتىش:

1 ـ (سەپەرگە چىققان ۋە كېسەل بولۇپ قالغان ئادەملەرگە) ئوخشاش رامىزاندا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت بېرىلگەن ئادەملەر كۈندۈزدە تاماقنى (كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا) ئوچۇق ـ ئاشكارا يېمەسلىكى لازىم. ئەگەر روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەب يوقالسا، رامىزاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكىچە تاماق يېمەسلىكى لازىم. مەسىلەن: (كۈن چۈش بولغاندا) ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن سەپەرگە چىققان ئادەم، كېسەللىكتىن ساقايغان كېسەل ئادەم، ھەيزدىن پاك بولغان ئايال، نىپاسى توختىغان ئايال، ئېغىزىنى چايقىغاندا ئىچىگە سۇ ئۆتۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن سەۋەنلىك بىلەن روزىسىنى بۇزىۋاتقان ئادەم، تاڭ تېخى سۈزۈلمىدى، دەپ گۇمان قىلىپ

(1) ھەيز ۋە نىفاسمۇ روزىنى تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ھەيز ياكى نىفاس سەۋەبى بىلەن روزا تۇتمىغان ئايالغىمۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ئىككىسىنى مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ قاتارىدا بايان قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبى ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللار ھەيز ۋە نىفاس سەۋەبى بىلەن رامىزاننىڭ ئىچىدە تۇتۇلمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى كېيىن قىلىدۇ، دەپ بىر نەچچە يەردە تەكرارلاپ ئۆتكەنلىكى بولۇشى مۇمكىن. ت

سوھۇرلۇق يېگەن ئاندىن ئۆزىنىڭ سوھۇرلۇقنى تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن يېگەنلىكىنى بىلگەن ئادەم قاتارلىقلار مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ شۇ كۈنىنىڭ قالغان قىسمىدا تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر بىر نەرسە يېمەسلىكى لازىم.

شۇنىڭدەك يەنە كۈندۈزنىڭ يېرىمىدا بالاغەتكە يەتكەن كىچىك بالىنىڭ ۋە مۇسۇلمان بولغان كاپىرنىڭمۇ (تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر) بىر نەرسە يېمەي تۇرۇشى لازىم. لېكىن ئۇ ئىككىسىگە شۇ كۈنىنىڭ ۋە كىچىك بالا بالاغەتكە يېتىشتىن ۋە كاپىر مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش كىرەك ئەمەس. چۈنكى شۇ كۈنلەرنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە شۇ كۈنلەرنىڭ روزىسىنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان سالاھىيەت ئۇلاردا يوق ئىدى[1].[2]

ئەگەر بىر كىچىك بالا كۈنىنىڭ ئىگىلىشىگە بىرەر سائەت قېلىشتىن ئىلگىرى بالاغەتكە يەتكەن (مەسىلەن شۇ ۋاقىتتا ئۇخلاۋاتقان بولۇپ ئىھتىلام بولۇپ قالغان) ۋە شۇ ۋاقىتتا روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ ۋە بۇ روزا نەپلە روزا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا ئۇ روزىنى بۇزىۋاتسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى كىچىك بالا (بىرەر ئىبادەتنى نىيەت قىلسا) ئۇنىڭ قىلغان نىيىتى توغرا بولىدۇ. چۈنكى كىچىك بالا (بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرىمۇ) نەپلە ئىبادەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئەمما كاپىر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىر كاپىر كۈنىنىڭ ئىگىلىشىگە بىرەر سائەت قېلىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ۋە شۇ ۋاقىتتا روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى كاپىر ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى نەپلە ئىبادەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەستۇر.[3]

---

(1) ئەمما نامازنى ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ناماز روزىغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: كۈن ئىگىلگەندىن كېيىن بالاغەتكە يەتكەن كىچىك بالا ياكى مۇسۇلمان بولغان بىركاپىر شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزى بولغان پېشىننى ئوقۇيدۇ. چۈنكى نامازنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، نامازغا قولاق قېقىپ كىرىۋالغۇدەك بىر ۋاقىتنى تېپىشتۇر. ئۇ ئىككىسى شۇ ۋاقىتنى تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە شۇ ۋاقىتتىكى نامازنى ئوقۇش پەرز بولىدۇ. ئەمما روزىنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، كۈندۈزنىڭ ئەۋۋەلقى قىسمىنى تېپىش ۋە ئۇ قىسمىدا ئۆزىدە روزا تۇتۇش ئۈچۈن شەرتلەرنىڭ تولۇق بولۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ يېرىمىدا بالاغەتكەن يەتكەن كىچىك بالىغا ۋە مۇسۇلمان بولغان كاپىرغا شۇ كۈنىنىڭ ۋە ئىلگىرىدىكى كۈنلەرنىڭ روزىلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىش كىرەك ئەمەس. چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئۇلاردا روزىنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان سالاھىيەت يوقتۇر. ت.

(2) «رد المحتار».

(3) «رد المحتار».

**2 ـ مەزكۇر كىشىلەرگە يەنى سەپەرگە چىققان ئادەمگە، كېسەل بولۇپ قالغان ئادەمگە، قورساق كۆتۈرگەن ئايالغا، بالا ئېمىتكەن ئايالغا، ئۆزىنىڭ بىرەر خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ روزىسىنى بۇزىۋاتقان ئادەمگە، ھەيزدار ئايالغا ۋە نىپاسدار ئايالغا، ئۇلار رامىزاننىڭ ئىچىدە قانچە كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا شۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روزا تۇتماسلىقنى دۇرۇس قىلىدىغان ئۆزرىلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن فىدىيە بېرىش لازىم كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش مۇمكىن بولىدىغان بىر نەچچە كۈنگە ئېرىشكەن، لېكىن روزىنىڭ قازاسىنى قىلمىغان ۋە شۇ ئارىلىقتا ئۇلارغا ئۆلۈم كەلگەن بولسا، ئۇلارغا قازاسىنى قىلالمىغان ھەر بىر كۈن روزا ئۈچۈن فىدىيە بېرىشكە تەۋسىيە قىلىپ قويۇش لازىم بولىدۇ[1].**

**ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بېرىلىدىغان فىدىيەنىڭ مىقدارى پىترى سەدىقىسىنىڭ مىقدارىغا ئوخشاش بولىدۇ.[2]. بۇ فىدىيە ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى بولسا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىدىن چىقىرىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىراسخورلىرى بولمىسا، فىدىيە ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىدىن چىقىرىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (تۇتالمىغان روزىلىرى ئۈچۈن فىدىيە بېرىشكە) تەۋسىيە قىلمىغان بولسا، مىراسخورلىرىغا ئۇ ئادەمنىڭ نامىدىن فىدىيە بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى فىدىيە بېرىش پەقەت ئۆلگەن ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا ئادا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. ئەگەر مىراسخورلار (ئۆلگەن ئادەم تەۋسىيە قىلمىسىمۇ) ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭ نامىدىن فىدىيە بەرگەن بولسا، اللە تائالا خالىسا ئۇلارنىڭ بەرگەن فىدىيەسى قوبۇل قىلىنىدۇ.[3]**

---

(1) مەسىلەن: كېسەل ئادەم رامىزاننىڭ ئىچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 10 كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا، ساقايغاندىن كېيىن رامىزاندىن كېيىن شۇ 10 كۈن روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ كېسىلىدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا شۇ 10 كۈننىڭ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن فىدىيە بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم رامىزاندىن كېيىن يەتتە كۈن ساق ياشىغان، ئۇ يەتتە كۈن ئىچىدە بويىنىدىكى قازا روزىنى تۇتمىغان ۋە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا پەقەت قازاسىنى قىلمىغان شۇ يەتتە كۈن روزا ئۈچۈنلا فىدىيە بېرىشكە تەۋسىيە قىلىش لازىم كېلىدۇ. ئەمما ساق ياشىغان شۇ يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە ئۈچ كۈن قازا روزا تۇتقان ۋە كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا روزا تۇتالمىغان پەقەت تۆت كۈننىڭ روزىسى ئۈچۈنلا فىدىيە بېرىشكە تەۋسىيە قىلىش لازىم بولىدۇ. مەزكۇر كىشىلەرنىڭ قالغانلىرىنىڭ مىسالىمۇ شۇ كېسەل ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر. ت.

(2) يەنى ئەگەر فىدىيە ئۈچۈن بۇغداي بەرمەكچى بولسا، ھەر بىر كۈن ئۈچۈن 2 كىلو 157 ياكى 2 كىلو 176 گىرام بۇغداي بېرىش ياكى شۇ مىقداردىكى بۇغداينىڭ پۇلىنى بېرىش لازىم. ت.

(3) «رد المحتار».

## مەزكۇر ئىككى ھالەتنىڭ ئىككىنچىسىنىڭ سەۋەبىنىڭ بايانى[1]:

بۇ ھالەتنىڭ پەقەت بىرلا سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ كۇنىسىرى ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭغان قاتتىق قېرىپ كەتكەن ئادەمگە ۋە ساقىيىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كېسەل كىشىگە ئوخشاش قاتتىق ئاجىزلىق ياكى قاتتىق كېسەللىك سەۋەبىدىن روزا تۇتۇشتىن ئاجىز كېلىشتۇر.

ئەگەر شۇ ئىككى خىل ئادەم قىشمۇ - ياز روزا تۇتۇشتىن ئاجىز كەلسە، روزا تۇتماي رامىزان كۈنلىرىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن پىترى سەدىقىسىنىڭ مىقدارىدا فىدىيە بېرىدۇ[2].

ئۇستۇگە فىدىيە بېرىش پەرز بولغان ئادەملەر فىدىيەنى رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا بەرسىمۇ بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئاخىرىدا بەرسىمۇ بولىدۇ. شۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ فىدىيە بېرىشىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، الله تائالانىڭ: «روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم»[3] دېگەن ئايىتىدۇر. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «بۇ ئايەت ئاجىزلىقتىن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالماي ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تاماق بېرىدىغان قېرى ئەر ۋە ئاياللار ھەققىدە چۈشكەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەقتە يەنە ئەلى ۋە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) شۇنداق دېگەن.[4]

فىدىيە رامىزان روزىسىغا ياكى ئۇنىڭ قازاسى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزىغا ياكى مەلۇم بىر كۈنى روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلىپ ئۇنى تۇتالماي قېرىپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش تۇتۇشتىن ئاجىز كەلگەن ۋاقتىدا تۇتۇشقا ۋەدە قىلىنغان روزىغا ئوخشاش (بىر ئىشنىڭ ئورنىدا تۇتۇلىدىغان روزا ئەمەس) ئۆز ئالدىغا پەرز بولغان روزىلارنى تۇتالمىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئەمما قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن 10 مىسكىنگە بېرىلىدىغان تاماقنىڭ بەدىلىگە تۇتۇلىدىغان روزىغا ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان جىنايەتنىڭ كەففارىتى

---

(1) ئۇ رامىزاننىڭ ئىچىدە روزا تۇتماي روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن فىدىيە بېرىش لازىم بولىدىغان ھالەتتۇر. ت.

(2) بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ھەر بىر كۈنگە ھېسابلاپ فىدىيە ئۈچۈن 2 كېلۇ 157 ياكى 2 كېلۇ 176 گىرام بۇغداي ياكى شۇ مىقداردىكى بۇغداينىڭ پۇلىنى بېرىش لازىم.

(3) سۈرە بەقەرە 184 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) «فتح القدير».

ئۇچۇن ئازات قىلىنىدىغان قۇل بەدىلىگە تۇتۇلىدىغان روزىغا ئوخشاش باشقا نەرسىنىڭ بەدىلىگە تۇتۇلىدىغان روزىلاردا، بۇ خىلدىكى روزا پەرز بولغان ئادەم هايات بولسىلا ئۇ روزىلارنى تۇتالمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ فىدىيە بېرىشى لازىم بولمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا: مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇتالمىغان ئۇ روزىلار ئۇچۇن فىدىيە بېرىڭلار، دەپ تەۋسىيە قىلىپ قويۇشى توغرىدۇر.[1]

فىدىيە زاكات بېرىش توغرا بولىدىغان مەزكۇر سەككىز خىل ئادەملەرگە بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر كۈننىڭ فىدىيەسى بىردىن كۆپ پېقىرغا ياكى ئىككى كۈننىڭ فىدىيەسى بىر پېقىرغا بېرىلسىمۇ توغرا بولىدۇ.

ئەگەر ئۈستىگە فىدىيە بېرىش پەرز بولغان ئادەم (فىدىيەنى بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە) پېقىر ئادەم بولسا، الله تائالادىن گۇناهلىرىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا فىدىيە بېرىش پەرز ئەمەس. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله هېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ»[2]

ئۆلۈغ الله تائالادىن گۇناهلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەيمەن. الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن روزىنىڭ بايانى تۈگىدى.

(1) «رد المحتار».

(2) سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ھەجنڭ ھۆكۈملرى

# هەج ۋە ئۆمرە قىلىشنىڭ بايانى

## <هەج> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<هەج> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئۇلۇغ بىر يەرنى مەقسەت قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<ئەلنىھايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ھەج دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى (مەيلى ئۇلۇغ بولسۇن مەيلى ئۇلۇغ بولمىسۇن) ھەر قانداق بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى. لېكىن <ئەددۇررۇل مۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي: «<هەج> دېگەن سۆزدىن پەقەت ئۇلۇغ بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى.

<هەج> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن مەلۇم شەرت ـ شارائىت تولۇقلانغاندىن كېيىن خۇسۇسىي بىر ۋاقىتتا خۇسۇسىي بىر سۈپەت بىلەن اللە تائالانىڭ ئۆيىگە (يەنى كەبىگە) بېرىشنى مەقسەت قىلىش دېگەنلىك، بولىدۇ.

## ھەجنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ھەج بولسا، ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئىسلام بەش پەرز ئۈستىگە قورۇلغان. بىرىنچى: اللە دىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ئىككىنچىسى: ناماز ئوقۇشتۇر. ئۈچىنچىسى: زاكات بېرىشتۇر. تۆتىنچىسى: ھەج قىلىشتۇر. بەشىنچىسى: روزا تۇتۇشتۇر»[1]

ھەج ھىجرىيەنىڭ توققۇزىنچى يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا پەرز قىلىنغان. ئۇنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

پەرز بولغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەندۇر.

الله تائالا ھەجنىڭ پەرزلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر»[1] «كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ»[2]

ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى خالايىق! الله سىلەرگە ھەجنى پەرز قىلدى، ھەج قىلىڭلار!» دېگەن. بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەر يىلى ھەج قىلىمىزمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى. ھەتتا ئۇ كىشى ئۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن ھەئە، دېسەم (يىلدا ھەج قىلىش) پەرزگە ئايلىناتتى. سىلەر يىلدا ھەج قىلىشقا قادىر بولالمايتتىڭلار» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «پەرز ھەج بىر قېتىم بولىدۇ. كىمكى ھەجنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلسا، قىلغان ھەجى نەپلە ھەج ھېسابلىنىدۇ.»[3]

ھەجنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى ھەج قىلغان، شۇ ھەجدە يامان سۆز ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلمىغان بولسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك ھالەتتە قايتىدۇ.»[4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «قوبۇل بولغان پەرز ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر.»[5]

(1) سۈرە ئالى ئىمران 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ھەج 27 ـ ئايەت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

قوبۇل بولغان ھەج بولسا، ئۇنى ئادا قىلىش جەريانىدا بىرەر گۇناھ ئىش قىلىپ سالمىغان ھەجدۇر، دەپ بايان قىلىندى. ئۇ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنغان ھەجدۇر، دېگەن قاراشمۇ بار. بەزى ئالىملار: «ئۇ، ھېچقانداق رىيا ۋە شۆھرەت ئارىلاشمىغان قالمىغان ھەجدۇر» دېدى. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولسا: «ئۇ، ھەجنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھېچقانداق يامان ئىش قىلىنمىغان ھەجدۇر» دېدى.[1]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى ئەمەلنىڭ پەزىلىتى ئەڭ يۇقىرى؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىش» دېدى. سورىغۇچى: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. سورىغۇچى: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۇناھ ئارىلاشمىغان قالمىغان ھەج» دېدى[2]

ئىمام مۇسلىم مۇنداق دېدى: ئەمرى ئىبنى ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت بەرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئەمرى! ئىسلامغا كىرىش بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنى يۇيىدىغانلىقىنى، ھىجرەتنىڭ بۇرۇنقى جىنايەتلەرنى ئۆچۈرىدىغانلىقىنى، ھەج بولسا بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنى يۇيىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟» دېگەن.

ھەج بولسا، ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىسىلا بولىدىغان پەرز ئىبادەتتۇر. ئۇنى ئادا قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلغان چاغدا كېچىكتۈرمەي دەرھال ئادا قىلىش لازىم. ھەجنى كېچىكتۈرمەي ئادا قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتتۇر. بۇنى ھەم ئىمام ئەبۇيۈسۈپ توغرا دەپ قارىغان. بۇ ھەم مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد ۋە شافىئىي مەزھەپىدىن ئىمام ئەلمازىنىي قاتارلىق ئىماملارنىڭ (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆزقارىشىدۇر.[3]

ھەج قىلىشقا شەرت ـ شارائىتلىرى تولۇقلانغان ۋە ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان ئادەم ھەجنى ئادا قىلىشنى ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان شۇ يىلدىن كېچىكتۈرۈۋېتىش

(1) <لۇبابۇل مەناسىك>

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) <لۇبابۇل مەناسىك>

بىلەن گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كېيىن ھەجنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭدىن گۇناھ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ۋە ھەج توغرا بولىدۇ. چۈنكى ھەج، دېگەن ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىنسا بولىدىغان ئىبادەتتۇر.

## ھەج پەرز بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر

تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان شەرتلەر تېپىلغان ئادەمگە، ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ. ئۇ شەرتلەردىن بىرەرسى كەم بولۇپ قالغان ئادەمگە ھەج ھەرگىز پەرز بولمايدۇ.

ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

### 1 ـ ئىسلام:

كاپىر ئادەمگە ھەج قىلىش پەرز ئەمەس ۋە كاپىرنىڭ قىلغان ھەججىمۇ توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: كاپىر بىر ئادەم دەسلەپ ھەج قىلغان، ئاندىن ئىسلامغا كىرگەن بولسا، ئۇ ئادەم كاپىر ۋاقتىدا قىلغان ھەججى بىلەن پەرز ھەجنى ئادا قىلغان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئادەم بىر قېتىم ياكى بىر نەچچە قېتىم ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن (بۇ ئىشتىن الله تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن) ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇ مۇسۇلمان ئىمانىنى يېڭىلاپ ئىسلامغا قايتا كىرگەندىن كېيىن ئەگەر كۈچى يەتسە، پەرز ھەجنى قايتا ئادا قىلىشى لازىم. چۈنكى ھەج ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. ئىسلامدىن يېنىۋېلىش بىلەن ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ھەممە ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەملى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ»[1]

بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشى بولسا، ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىدۇر.

---

(1) سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئەمما شافىئىي مەزھەپدىكىلەر: «ئىسلامدىن يېنىۋالغان مۇسۇلمان تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ئىمانىنى يېڭىلاپ ئىسلامغا قايتماي كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، (ئەمما ئىمانىنى يېڭىلاپ ئىسلامغا قايتا قايتىپ كىرسە، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ)» دەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى بولسا، اللە تائالانىڭ: «سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»[1] دېگەن ئايىتىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر شافىئىيلەرنىڭ دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن بۇ ئايەتكە مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ كاپىر پېتى ئۆلۈشى ئۇنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. (ئەمما ئۇنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ پەقەت ئىسلامدىن يېنىۋېلىشىدۇر.)»[2]**

**بىر ئادەم كاپىر ھالىتىدە تۇرۇپ ھەجگە ئېھرام باغلىغان، ئەرافات تېغىدا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىسلامغا كىرگەن، ئاندىن ئېھرامىنى قايتىدىن يېڭىلاپ باغلىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئېھرامىنى قايتا يېڭىلىمىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى كاپىرنىڭ باغلىغان ئېھرامى توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك بىر مۇسۇلمان ئېھرام باغلاپ بولۇپ ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ئېھرامىمۇ بىكار بولۇپ كېتىدۇ.**

## 2 ـ ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىش:

**بۇ، كاپىر دۆلەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئۈچۈن قويۇلغان شەرتتۇر. كاپىر دۆلەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەجنىڭ، ئادا قىلىش پەرز بولغان بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تەقۋا بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەن بولۇشىلا يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئىسلام دۆلەتتە ياشىغان ئادەمگە ھەجنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دۆلىتىدە ياشىغان ئادەمدىن ئۇنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلمەي قالغانلىق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى**

(1) سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) <إرشاد الصاوي>

(ئىسلام دۆلىتىدە ياشاپ تۇرۇپ) ئۇنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلمەسلىكى ئۇنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە سەل قارىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 3 ـ بالاغەتكە يېتىش:

بىر ئىنسانىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ھەجنىڭ ئۇنىڭغا پەرز قىلىنىشىنىڭ ۋە ئادا قىلغان ھەجنىڭ ئۇستۇدىكى پەرز ھەجگە ھېساب قىلىنىشىنىڭ شەرتىدۇر. بۇ، ئۇ بالا ئادا قىلغان ھەجنىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتى ئەمەس. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ قىلغان ھەجمۇ توغرا بولىدۇ ۋە پەرز ھەجگە ئەمەس نەپلە ھەجگە ھېساب بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بالا بالاغەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن پەرز ھەجنى قايتا قىلىشى لازىم. بىر بالا ھەجگە ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن بالاغەتكە يەتكەن، ئاندىن ئېھرامىنى قايتا باغلىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېھرامىنى قايتا باغلىمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھەجى نەپلە ھەجگە ھېساب بولىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ئېھرام باغلاپ ھەج پائالىيەتلىرىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامىنى قايتا يېڭىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ بىر ئىبادەتنى باشلىشى بىلەن ئۇ ئىبادەت ئۇنىڭغا تاكى ئۇنى ئاياغلاشتۇرمىسا، بولمايدىغان دەرىجىدە لازىم بولۇپ كەتمەيدۇ.

## 4 ـ ئەقىل ـ ھۇشى جايىدا بولۇش:

بۇ ھەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج ئەقلى ـ ھۇشى يوق ساراڭ ئادەمگە پەرز بولمايدۇ. بىر ئادەم ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئادا قىلغان ھەجى ئۇنىڭ ئۇستۇدىكى پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كېيىن ساراڭلىقتىن ئوڭشالسا، ئۇنىڭغا ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەس.

بىر ئادەم ھەجگە ئېھرام باغلاپ بولۇپ ساراڭ بولۇپ قالغان ۋە ساراڭلىق ھالىتىدە تۇرۇپ ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلغان، ئاندىن بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بولسىمۇ ساراڭلىقتىن ئوڭشالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ساراڭلىق ھالىتىدە تۇرۇپ قىلغان ھەجى ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تاۋاپىنى قايتا قىلىشى لازىم. چۈنكى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن نىيەت

شەرتتۇر. سارائڭنىڭ قىلغان نىيىتى توغرا بولمايدۇ.[1]

## 5 ـ ھۆر بولۇش:

قۇلغا ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ھەجگە بارغۇدەك مال ـ مۈلكە ئىگە ئەمەستۇر.

## 6 ـ ھەج قىلىشقا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشى:

بۇ، ھەجنىڭ توغرا بولىشىنىڭ ئەمەس پەرز بولىشىنىڭ شەرتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر پېقىر ئادەم قانداق قىلسا قىلىپ پەرز ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن ھەج قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بويىنىدىكى پەرز ھەج ئادا بولغان بولىدۇ.

بىر ئادەمدە ئۆيىنىڭ، ئۆيىنىڭ سايمانلىرىنىڭ، ئالىم بولسا لازىملىق كىتابلىرىنىڭ چىقىملىرىدىن، قەرزى بولسا قەرزىدىن، ئۆزىنىڭ ۋە بالىۋاقىلىرىنىڭ نەپەقىسى كېلىدىغان كەسپىنىڭ دەسمايىدىن ئېشىپ تۇرۇدىغان ئارتۇق پۇل بولغان ۋە ئۇ پۇل ئۇ ئادەمنىڭ ھەجگە بېرىپ ـ كېلىشى ئۈچۈن يولدا نورمال خىراجەت قىلىشغا يېتىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمدە ھەج قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى تېپىلغان بولىدۇ.

بىر ئادەمدە ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن يىغقان پول بار ۋە ئۇنىڭ دەل ئۆي سېتىۋالاي، دەپ تۇرغان ۋاقتى ئۇ ياشاۋاتقان يۇرتتىكى ئادەملەر ھەجگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقت بولسا، ئۇ ئادەم قولىدىكى ئاشۇ پۇلغا ئۆي سېتىۋالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەجگە بارىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۆي سېتىۋالاي، دەپ تۇرغان ۋاقتى ئۇ ياشاۋاتقان يۇرتتىكى ئادەملەر ھەجگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقت بولمىسا، ئۇ ئادەم قولىدىكى پۇلغا (ئۆي بولامدۇ ياكى باشقا نەرسە بۇلامدۇ) خالىغان نەرسىنى سېتىۋالسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ نەرسىلەرنى ھەج پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى سېتىۋالغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمدە توي قىلاي، دەپ يىغقان پۇل بار بولۇپ ئۇ ئادەم بويتاق ئۆتۈشتىن ئەندىشە قىلىدىغان، ئۇ ئادەم توينى قىلاي، دەپ تۇرغان ۋاقت ئۇ ياشاۋاتقان يۇرتتىكى ئادەملەر ھەجگە مېڭىشقا تەييارلىنىدىغان

(1) <إرشاد الصاوي>.

ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم تويىنى قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم توي قىلاي، دەپ تۇرغان ۋاقىت ھەجنىڭ ۋاقتىغا ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۇ ئادەم قولىدىكى شۇ پۇل بىلەن ھەجگە بارىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر توي قىلمىسا بىرەر يامان ئىش قىلىپ قالىدىغان ھالەتتە بولسا، بۇ ۋاقىتتا توي قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسلىق ئېھتىياجلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ھەجگە بارماي توي قىلىدۇ.[1]

بىر ئادەمنىڭ ئارتۇق ئۆيى ياكى ئىشلىتىشكە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان نەرسىلىرى ياكى تېرىمايدىغان ياكى كىرىمى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان زېمىنى ياكى كىرىمى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان دۇكان ياكى شۇنىڭدەك بىر نەرسىسى بار بولغان ۋە ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ھەجنىڭ چىقىملىرىغا يېتىدىغان بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ پۇلىغا ھەج قىلىشى لازىمدۇر.[2]

(ھەجگە بارغۇدەك پۇل بىر ئادەمنىڭ قولىدا بولمىسا)، ئەگەر ئۇ ئادەمگە ياردەم قىلماقچى بولغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يىغىلىدىغان پۇل بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ھەجگە بېرىش ئىمكانىيىتى تولۇقلانغان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ياردەمگە يىغىلغان پۇللارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس. چۈنكى ھەج پەرز بولۇش ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرت ـ شارائىت يوق ھالەتتە (ئۆزىنى قىيناپ بولسىمۇ) ئۇنى تولۇقلاش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ياردەمگە يىغىلغان پۇللارنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭغا ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ.

ھەج ئىمكانىيىتى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئادەتتە ياشاش ئەھۋالىغا ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىگە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىرى ئادەتتە تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى ئادەم بولسا، ھەتتا ئۇ ھەجگە بېرىپ ـ كېلىش جەريانىدا يولدا تۇرمۇشنى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆتكۈزۈدىغان ئىقتىسادقا ئىگە بولمىغىچە ئۇنىڭغا ھەج پەرز بولمايدۇ. مەسىلەن: سەپەرنى ماشىنە بىلەن قىلالمايدىغان ئادەم تاكى ئۇ سەپەردە ئايروپىلانغا ئولتۇرىدىغان ئىقتىسادقا ئىگە بولمىغىچە ئۇنىڭغا ھەج پەرز بولمايدۇ.

---

(1) «رد المحتار».

(2) «إرشاد الصاوي».

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يېڭىدىن پەيدا بولغان، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارغا ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرگە سوغا ـ سالام ئېلىشتەك ئىشنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ھەجنى كىچىككىپ قىلىشنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەردىن ئەمەس[1]. چۈنكى مەزكۇر ئادەملەرگە سوغات ئېلىپ كېلىش شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئېھتىياجلاردىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق بىر ئادەم شۇ باھانا سەۋەبى بىلەن ياكى ( ھەجگە ماڭغان ۋاقتىمدا ) مەھەللىدىكى ئادەملەرگە خوشلىشىش داستىخىنى سالالمايدىكەنمەن، دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ھەجگە بارمىغان ۋە كېيىن ھەج قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئاسىي ۋە گۇناھكار ھالەتتە ئۆلگەن بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ھەجگە بارماسلىقى قوبۇل توغرا ئەمەس.

بىر كىشى ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئادەملەر ھەجگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ھەجگە بارغۇدەك مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان بولسا، ھەج قىلىش ئۇنىڭغا پەرز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى شۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇپ ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى ئادەملەر ھەجگە ماڭغان ۋاقىتتا قولىدا پۇل قالمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەج پەرز بولمايدۇ.

بىر ئادەمگە (مال ـ مۈلكى بار بولغانلىقى ئۈچۈن) ھەج پەزر بولغان، ئۇ ئادەم (ھەج قىلىشنى كەينىگە سوزۇپ) ھەج قىلمىغان ئاخىرى پېقىر بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ مەيلى مال ـ مۈلكى ئۆزىچە يوقۇلۇپ كېتىش سەۋەبى بىلەن پېقىر بولۇپ قالغان بولسۇن ياكى مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئىشلىتىپ تۈگەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن پېقىر بولۇپ قالغان بولسۇن ئۇنىڭ پېقىر بولۇپ قالغانلىقى بىلەن ھەج ئۇنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ بويىندا ھەج قىلىش قەرزى قېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم، ئەگەر ئالغان قەرزىنى بېرىپ تۈگىتەلەيدىغانلىقىنى كۈچلۈك گۇمان قىلسا، ئۇنىڭ قەرز ئېلىپ ھەجگە بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئالغان قەرزىنى بىرەلمەيدىغانلىقىنى كۈچلۈك گۇمان قىلسا، ئەڭ ياخشىسى (ھەجگە بېرىش ئۈچۈن) قەرز ئالماسلىقى لازىم.

بىر ئادەمنىڭ قولىدا مەلۇم مىقداردا مال ـ مۈلك بار بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستۈگە

(1) يەنى بىر ئادەمدە مەلۇم مىقدار پول بار بولۇپ ئۇ پۇل پەقەت ھەجگە بېرىپ ـ كېلىشكىلا يېتىدۇ. لېكىن ئۇرۇغ ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ۋە قۇلۇم ـ قوشنىلارغا سوغات ئېلىشقا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر ئادەملەرگە سوغات ئېلىشى ئۈچۈن پۇل تاپالماسلىقى ھەجنى كېچىكتۈرۈشكە بولىدىغان سەۋەبلەردىن ئەمەس ۋە ئۇنىڭ شۇ باھانا بىلەن ھەجنى كېچىكتۈرۈۋېتىشىمۇ توغرا بولمايدۇ. ت.

زاكات بېرىشتىن ۋە ھەم ھەج قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى پەرز بىرگە كېلىپ قالغان، ئۇنىڭ قولىدىكى مال زاكىتىنى ئايرىش توغرا كېلىپ قالغان مالنىڭ خىلىدىن بولغان بولسا، ئۇ ئادەم قولىدىكى شۇ مالنى زاكاتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئەگەر قولىدىكى مال زاكىتىنى ئايرىش توغرا كېلىپ قالغان مالنىڭ خىلىدىن بولمىغان ۋە شۇ ۋاقىت ھەجنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغان ۋاقىت بولغان بولسا، ئۇ ئادەم مالنى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاقىت ھەجنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغان ۋاقىت بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ مالنى زاكاتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.[1]

## ھەجنى ئادا قىلىدىغانلاردا تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر

بۇ، ھەجنى ئادا قىلىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتلەردۇر. ئەگەر بىر ئادەمدە بۇ شەرتلەر يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەزكۇر شەرتلەر بىلەن بىرلىكتە تېپىلسا، ھەج قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە پەرز بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەزكۇر شەرتلەر تېپىلغان، لېكىن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرەرسى تېپىلمىغان بولسا، ھەج قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە پەرز بولمايدۇ. بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرسىنى ئەۋەتىشى ياكى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويۇشى لازىم.

ھەجنى ئادا قىلىدىغانلاردا تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ تەنىنىڭ كېسەللەردىن ۋە ھەرتۈرلۈك ئاپەتلەردىن خالى بولۇشى:

شۇنىڭ ئۈچۈن كورگە، ئولتۇرۇپ قالغان ئادەمگە، ئېغىر كېسەل كىشىگە، يول يۈرەلمەيدىغان ۋە ھەجنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بەك قېرى ئادەمگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ھەج قىلىش پەرز بولمايدۇ. ھەج ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە پەرز بولىدۇ. يەنى ئۇلار ھەجگە ئۆزلىرى بارماي (ھەجنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى بېرىپ) ئورنىدا ھەجگە باشقىلارنى شۇ چاغدا

(1) «رد المحتار».

ئەۋەتىدۇ ياكى ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن باشقا بىرسىنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىپ قويۇشىغا ۋەسىيەت قىلىدۇ. مانا بۇ قاراشنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى توغرا، دەپ قارىدى. بۇ ئالىملارنىڭ ئىچىدە ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ تەھقىقلىغۇچىسى كامال ئىبنى ئەلھۇمام دېگەن، كىشىمۇ بار. بۇ ئالىملار: «تەنىنىڭ ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن خالى بولۇشى ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر» دېدى. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «تەنىنىڭ ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن خالى بولۇشى پەقەت (ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس) ھەج پەرز بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىش كېرەك بولغان مەزكۇر شەرتلەرنىڭ قاتارىدىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج (كۆرگە ۋە تۇكۇرغا ئوخشاش) تېنى كېسەلدىن خالى ئەمەس ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگىمۇ پەرز ئەمەس» دەيدۇ. ئىككىنچى قاراش بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان كۈچلۈك رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بىرىنچى خىل كۆز قاراشتىكى ئالىملارنىڭ قارىشىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلاندۇرىدۇ:

خۇسەئىمىييەلىك بىر ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله بەندىلەرگە پەرز قىلغان ھەج ئىبادىتىنىڭ پەرز بولۇشى دەل دادامنىڭ قېرىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى. دادام ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ھەج قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ» دېدى. بۇ سۇئال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەجى بولغان ۋىدالىشىش ھەجىدە سورالغان ئىدى.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر ئادەمگە ئۇنىڭ تېنى ساق ۋاقتىدا ھەج پەرز بولغان، ئۇ ئادەم (ھەج قىلىشنى كەينىگە سوزۇپ) ھەج قىلمىغان ئاخىرى ئولتۇرۇپ قالغان ياكى تېنى بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى بويىچە ھەج قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ بويىندا قەرز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ، ئۆزىنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن باشقا بىرسىنى ھەجگە ئەۋەتىشى لازىم.[2]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) «فتح القدير».

**2 ـ يولنىڭ ئۆزى ۋە مال ـ دۇنياسى ئۈچۈن بىخەتەر بولۇشى:**

كىمكى بىرەر زالىمنىڭ ياكى دۈشمەننىڭ ياكى بۇلاڭچىنىڭ (ئۆزىگە ياكى مال ـ مۈلكىگە) زىيان زەخمەت سېلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلسا، ھەجنى ئادا قىلىش ئۇنىڭ ئۆزىگە پەرز بولمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرسىنى ئەۋەتىدۇ ياكى ئۇ ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن بىرسىنىڭ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ.

بىر ئادەم ئۈچۈن يولنىڭ خاتىرجەم ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى يولنىڭ ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئادەملەر ھەجگە ماڭغان ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى ئۇلار قايتىپ كەلگەنگە قەدەر مۇددەت ئارىلىقىدىكى ئەھۋالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[1].

تۇرمىگە تاشلانغان كىشىنىڭ ۋە ھەجگە بېرىشتىن چەكلەنگەن كىشىنىڭ ھۆكمىمۇ يولدا (ئۆزىگە ياكى مال ـ مۈلكىگە) بىرەر زىيان ـ زەخمەتنىڭ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى بولسا، ھەج ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە پەرز بولىدۇ.

3 ـ ھەجگە بارماقچى بولغان ئادەم ئايال كىشى بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆيى بىلەن مەككىنىڭ ئارىسىدا سەپەرنىڭ مەساپىسى يەنى ئەڭ ئاز 89 كىلو مېتىر يول بولسا، ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭغا مەھرەم بولالايدىغان بىرەر كىشى ياكى ئۇنىڭ ئېرى بىللە بېرىشى شەرتتۇر. ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلسا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ غا، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان ئايالنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرنى مەھرەمسىز[2]، يالغۇز قىلىشى ھالال ئەمەستۇر.»

ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئايال كىشى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچىلىك بىر توپ ئاياللارغا قېتىلىپ بارماقچى بولسا،

(1) يەنى بۇ ئارىلىقتا يول خاتىرجەم بولسا، يول ئۇنىڭ ئۈچۈن بىخەتەر بولغان بولىدۇ. ئەگەر يول بۇ ئارىلىقتا خاتىرجەم بولمىسا، يول ئۇنىڭ ئۈچۈن بىخەتەرسىز ھېسابلىنىدۇ. ت.

(2) شۇ ئايال بىلەن توغقانلىق سەۋەبىدىن نىكاھ چۈشمەيدىغان ئەر توغقانلىرىنى كۆرستىدۇ.

پەقەت پەرز ھەجگىلا مەھرەمسىز ياكى ئېرىسىز بارسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئايال بىر توپ ئىشەنچىلىك ئاياللار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق كېلىپ قالمايدۇ» دەيدۇ. ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ مەنىسىنى ھەج سەپىرىدىن باشقا سەپەرگە قاراتتى. لېكىن تۆۋەندىكى ھەدىستە ئايال كىشىنىڭ ھەج سەپىرىگە ماڭغاندىمۇ مەھرەمسىز مېڭىشىنىڭ بولمايدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىندى. ئەلبەززار بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايال مەھرەمسىز ھەج قىلمىسۇن» دېدى. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «مەن پالانى - پالانى غازاتقا يېزىلغان، ئايالىم ھەجگە بارماقچى بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «سەن بېرىپ ئايالىڭ بىلەن ھەج قىلغىن» دېدى.[1]

مەھرەم بولىدىغان كىشى بولسا، ئايال بىلەن ئارىسىدا مەڭگۈ نىكاھ چۈشمەيدىغان، پاسىق ياكى ئوت پەرەسلەردىن بولمىغان، ئەقىل - ھۇشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن ياكى بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئەردۇر.[2]

ئەگەر ئايال كىشى مەھرىمىگە ياكى ئېرىگە ئىش ھەققى بەرمىسە، ئۇلار ھەمراھ بولۇپ ئايال بىلەن بىللە ھەجگە بېرىپ بېرىشتىن باش تارتىدىغان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتتە ئاساسەن ئۇ ئايالنىڭ ئۇلارغا ئىش ھەققى بېرىشى لازىم. ئەگەر مەھرەم ياكى ئەر ئايالغا ئىش ھەققى بېرىش شەرتىنى قويمايلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ھەجگە كەلگەن بولسا، ئايالغا ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس.[3]

ئەگەر بىر ئايال ئۆزى بىلەن بىللە ھەجگە بېرىپ بېرىش ئۈچۈن مەھرەم تاپقان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇ ئايالنى پەرز ھەجگە بېرىشتىن توسۇش ھەققى يوق. چۈنكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىش ئەرنىڭ ھەققىدىن ئەلادۇر. ھەج ئادا قىلىش پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر. ئەگەر بىر ئايال نەپلە ھەجگە بارماقچى بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇنى ئۇ ھەجگە بېرىشتىن توسۇش ھەققى بار.

ئەگەر ئايالنىڭ مەھرىمى بولمىسا، ھەجگە بېرىش ئۈچۈنلا ھەجگە بارىدىغان

(1) «فتح القدير»، 2 - توم، 129 - بەت.

(2) «الهدية العلائية».

(3) <إرشاد الصاوي>.

بىر ئادەم بىلەن ئۆيلىنىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆلگەنگە قەدەر بىر مەھرەم تاپالمىسا، ئۆلگەندە ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى چىقىم قىلىپ بىرىپ ئۇنىڭ نامىدىن ھەج قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ۋەسىيەت قالدۇرۇشى لازىم.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئايال ئۈچۈن مەھرەمنىڭ بولۇشى (ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەردىن ئەمەس)، بەلكى ھەج پەرز بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر، دەيدىغان ئالىملار: «ئەگەر ئۇ ئايال ئۆلگەنگە قەدەر بىر مەھرەم تاپالمىسا، ئۆلگەندە ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى چىقىم قىلىپ بىرىپ ئۇنىڭ نامىدىن ھەج قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ۋەسىيەت قالدۇرۇشى لازىم ئەمەس» دەيدۇ.

4 - ئايال ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى ئادەملەر ھەجگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا تالاقنىڭ ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان بولماسلىقى لازىم. ئەگەر ئايال ئىددەت تۇتۇۋاتقان تۇرۇپ ياكى مەھرەمسىز ياكى ئېرىسىز ھەج قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھەجى توغرا بولىدۇ، لېكىن گۇناھكار بولغان ھېسابلىنىدۇ.

## ھەجنىڭ پەرزلىرى

ھەجنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئۈچ پەرزى بار.

### بىرىنچى پەرز: ئېھرام باغلاش

ئېھرام باغلاش ‹ھەجنىڭ ئىچىگە كىردى › دېمەكتۇر. ئېھرام باغلاش ھەجگە نىيەت قىلىش بىلەن تەلبىيە ئېيتىشتىن[1] تەركىپ تاپىدۇ. نىيەت بىلەن تەلبىيەنىڭ ئارىلىقى ئايرىلىپ كەتمەسلىكى لازىم. خۇددى نامازغا، ناماز ئوقۇشقا نىيەت قىلىش بىلەن قولاق قېقىپ تەكبىر ئېيتىپ كىرگەنگە ئوخشاش ھەجگىمۇ نىيەت قىلىش بىلەن تەلبىيە ئېيتىپ كىرىدۇ. الله تائالانى ئۇلۇغلايدىغان ھەر قانداق بىر دۇئانى ئوقۇش تەلبىيەنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۆگىنىڭ بوينىغا بىر نەرسە ئېسىپ قويۇپ

(1) تەلبىيە ئېيتىش ‹لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك . . . › دېگەن دۇئانى ئوقۇش دېگەنلىكتۇر. ت.

ئۇنى ئالدىغا سىلىپ ھەيدەپ مېڭىشمۇ تەلبىيەنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. چۈنكى ئەرەبلەر ھەرەمگە ئاپىرىپ قۇربانلىق قىلىنىدىغان تۆگىلەرنى، بويۇنلىرىغا ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئۆيى بولغان كەبىگە ئاپىرىپ قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېسىپ قويۇپ ئالدىغا سىلىپ كەبە تەرەپكە ھەيدەپ ماڭاتتى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «مۆمىنلەر! الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرام (دائىرىۋىش قىلىش) نى، ھەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى) پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) ھالال سانىماڭلار»[1]

ئېھرامنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەي توغرا ھالەتتە قېلىنىشىنىڭ شەرتى بولسا، ھەج قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ تاكى ئەرەفات تېغىدا تۇرۇپ بولغانغا قەدەر ۋە ئۆمرى قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ تاكى تاۋاپىنى قىلىپ بولغانغا قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكىدۇر.

ئەگەر ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم ئەرەفات تېغىدا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئايالىنىڭ مەيلى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە بولسۇن ياكى ئارقا تەرىپىگە بولسۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئۇنىڭ ھەجى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇ، خۇددى ھەجى بۇزۇلۇپ كەتمىگەن ئادەملەرگە ئوخشاش ھەج پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا باشقا بىر قېتىم ھەج قىلىش لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەر ئىككىسى ئېھرام باغلاغلىق تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئەر ـ ئايالنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن سورالغاندا ئۇ: «ئۇ ئىككىسى بىر مال ئۆلتۈرىدۇ، ھەج پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ ۋە كېلىدىغان يىلى ھەجنى قايتا قىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.[2] بۇ ھەقتە بىر تۈركۈم ساھابىلەردىنمۇ شۇنداق قاراش رىۋايەت قىلىندى.

(1) سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئەرەفات تېغىدا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋە چېچىنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەجى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن بىر تۆگە ياكى بىر كالا ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ھەجىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئەرافات تېغىدا تۇرسا، ھەجى ئاياغلاشقان بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىدۇر[1]. ئەمما ئۇ ئادەمگە جازا ئۈچۈن بىر تۆگە ياكى بىر كالا ئۆلتۈرۈشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولسا، تۆۋەندىكى ئەسەردۇر: ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئىبنى ئابباستىن (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) زىيارەت تاۋىپىنى[2] قىلىشتىن ئىلگىرى مىنا تېغىدا تۇرغاندا ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئىبنى ئابباس ئۇ ئادەمنى بىر تۆگە ياكى بىر كالا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان.»[3]

ئەگەر ئۇ ئادەم چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ۋە زىيارەت تاۋىپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، جازا ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئېھرامدىكى ئادەم چېچىنى چۈشۈرۈپ بولسا، ئۇنىڭ ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ئىچىدىن پەقەتلا ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشلا قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قىلمىشى يەڭگىل جىنايەت ھېسابلىنىدۇ ۋە بىر قوي ئۆلتۈرۈش بىلەن جازا ئادا بولىدۇ.

ئەمما ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئادەم تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۋېرىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ ۋە جازا ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم جىنسىي مۇناسىۋەتنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساپا ـ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈشتىن ۋە چېچىنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى

(1) يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ھەجى ئۇ جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئاياغلىشىپ بولغان بولىدۇ. ت.

(2) زىيارەت تاۋىپىدىن، قۇرئان ھېيت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنى مىنادا شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن مەككىگە قايتىپ كىرىپ قىلىدىغان تاۋاپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(3) «الهداية».

ئۆتكۈزگەن بولسا، جازا ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. لېكىن ئۆمرى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا بىر قوي ئۆلتۈرۈشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئىمام بۇخارى مۇنداق دېدى: «جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن ئۆمرىنىڭ تاۋاپىنى قىلغان، (لېكىن تېخى) ساپا ـ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرمىگەن بىر ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولامدۇ، دەپ سورالغاندا، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ: ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن ھەتتا ساپا ـ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ بولمىغىچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.»

ئېھرام باغلىغان ئادەم ئېھرامدىن ھەتتا ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئىبادەتنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن چىقىدۇ[1]. لېكىن بىر ئادەم ھەجگە ئېھرام باغلىغان ۋە ھەجگە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم ئېھرامدىن ئۆمرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن) يولدا مەككىگە كىرىشتىن توسۇلۇپ قالغان ۋە مەككىگە كىرىش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، (مەككىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن) ھايۋاننى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قۇربانلىق قىلىپ ئېھرامدىن چىقىدۇ. كېيىن بۇ ئېھرامنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئەسلىدە ئېھرامدىن چىقىش پەقەت قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مالنى (مەككىدە) قۇربانلىق قىلىش ۋە مەقسەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئىبادەتنى ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ. اللہ تائالا توسۇلۇپ قالغان يەردىلا قۇربانلىق قىلىپ ئېھرامدىن چىقىش ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ھەج بىلەن ئۆمرەنى اللہ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار، ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار»[2] مانا بۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئېھرامنى بۇزۇدىغان بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سېلىپ (ئېھرامى بۇزۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ) تاكى ھەجنىڭ ياكى ئۆمرىنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ئاياغلاشقانغا قەدەر ھەجنىڭ ياكى ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى

(1) يەنى ھەجگە ئېھرام باغلىسا، ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ. ئۆمرىگە ئېھرام باغلىسا، ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ. ت.

(2) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

داۋام قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۇدەيبىيە يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرەمگە كىرىپ ئۆمرىنى ئادا قىلىشىنى توسۇپ قالغان ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان ھايۋاننى شۇ يەردە قۇربانلىق قىلىپ ئېھرامدىن چىققان ۋە كېيىنكى يىلى ئۇ ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلغان. ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلغان يىل ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ يىلى قىلغان ئۆمرىسى <قازا ئۆمرە> دەپ ئاتالغان.

## ئېھرامدا تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار

ئېھرام باغلىغان ئادەم، ئېھرامدا تۇرغان جەريانىدا چەكلەنگەن بەزى خۇسۇسىي ئىشلارنى قىلماسلىق لازىم. بۇ ئىشلار <ئېھرامدا تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار> دەپ ئاتىلىدۇ[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان ئادەم تاكى ئېھرامدىن چىقىپ بولغىچە ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. قىلىش چەكلەنگەن ئۇ ئىشلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

### 1 ـ جىنسىي ئالاقە، گۇناھ ۋە جاڭجال قىلىش

بۇ ئىشلارنى قىلىش چەكلەنگەندۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، اللە ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىككلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[2] ئېھرامدا تۇرۇپ جىنسىي ئالاقە قىلىش چەكلەنگەنگە ئوخشاش

(1) ئېھرامنىڭ سىرتىدىكى چاغدا بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى قىلىشتا چەكلىمە يوقتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى پەقەت ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ قىلىشىلا چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشلار < ئېھرامدا تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار> دەپ ئاتالغان. ت.

(2) سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت.

يەنە ئەخلاقسىز گەپ قىلىش ياكى ئاياللارنىڭ ئالدىدا جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار پاراڭلارنى قىلىشمۇ چەكلەنگەندۇر.

## 2 ـ قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش

ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى ياكى (باشقىلارغا) ئوۋنى كۆرسىتىپ قويۇشى ياكى ئۇنى ئوۋلىشى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىشى ھارامدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋ غا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) اللہ ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكەزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، اللہ ئۇنى جازالايدۇ، اللہ غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى، مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى، سىلەر (قىيامەت كۈنى) دەرگاھىغا توپلىنىدىغان اللہ دىن قورقۇڭلار»[1]

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ئەبۇ قەتادە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇقەتادە (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ( ھەج ياكى ئۆمرى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ) ماڭدى. ئۇ، مەككىگە بارىدىغان يولنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە كەلگەندە ئېھرام باغلاقلىق بەزى ھەمراھلىرى بىلەن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار كارۋاننىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ كارۋاننىڭ) ئارقىسىدا قالدى. (ئەبۇ قەتادە تېخى ئېھرام باغلىمان ئىدى) ئۇ يولدا كىتىۋېتىپ ياۋايى ئىشەكتىن بىرنى كۆردى ـ دە ئېتىغا مىندى. ئۇ (ئالدىراشچىلىقتا قامچىسى بىلەن نەيزىسىنى

(1) سۈرە مائىدە 95 ــ 96 ـ ئايەتلەر.

ئۇنتۇپ قالغان ئىدى)، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمراھلىرىدىن قامچىسىنى سۇنۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. نەيزىسىنى سۇنۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇ (ئاتتىن چۈشۈپ قامچىسى بىلەن نەيزىسىنى ئۆزى ئېلىپ) ياۋايى ئېشەككە ئېتىلدى ـ دە ئۇنى ئۆلتۈردى. ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇ ئېشەكنىڭ گۆشلىرىدىن يېدى، بەزىلىرى يېمىدى. ئۇلار كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ شەكىسىز الله تائالا سىلەرگە بەرگەن بىر رىزقتۇر» دەپ جاۋاب بەردى[1].[2]

## 3 ـ تىكىلگەن ھەرقانداق كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغ كىيىش

ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ كۆينەككە، ئىشتانغا ۋە دۇپپىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كىيىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېھرام باغلىغان ئادەم قانداق كىيىم كىيىدۇ، دەپ سورىدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر كۆينەك، (دۇپپىغا ئوخشاش) باشنىڭ نەرسىسىنى، ئىشتان، (باشتىن تاكى ئاياغقىچە يۆگەيدىغان) ئۆزۈن كىيىم ۋە (ئۇشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان) ئاياغ كەيمەڭلار. لېكىن بىرسى (ئايىغىغا كەيگىلى ئۇشۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان) كەش تاپالمىسا، (ئۇشۇقنى يۆگەپ تۇرىدىغان) ئاياغ بولسىمۇ كىيىپ ئۇنىڭ قونجىنى تاكى ئۇشۇقىنىڭ ئاستىغىچە كېسىۋەتسۇن. يەنە زەپەرگە (ئوخشاش خۇشبۇي نەرسە) تېگىپ قالغان كىيىم ـ كېچەك كەيمەڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭدەك يەنە ئېھرام باغلىغان ئادەم پايپاقمۇ كەيمەيدۇ.

ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ مەزكۇر كىيىم ـ كېچەكلەرنى كەيمەي ئاستىدىن ئازراق، ئۈستۈدىن ئازراق يېپىپ تۇرىدىغان ئىككى پارچە رەختىن تەركىپ تاپقان ئېھرامنى كىيىشىنىڭ ھېكمىتى بولسا، ئۇنىڭ (ئېھرامنىڭ ئىچىدە ياشىغان جەريانىدا) ئېسىل تۇرمۇشتىن يىراق تۇرۇشى، قورققان ۋە ئۆزىنى خار تۇتقان بىر ھالەتتە كىيىنىشى، ئۇنىڭ شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۆلۈم ۋە

(1) مانا بۇ ھەدىس ئېھرامنىڭ ئىچىدىكى ئادەمنىڭ قۇرۇقلۇق ھايۋانلارنى ئوۋلىشىنىڭ ياكى ئۇنى ئوۋلىشى ئۈچۈن باشقا بىرسىگە ياردەم قىلىشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

كىپەنلىكلىرىنى ئەسلىشى ئۇچۇندۇر. ئۇ يەنە قىيامەت كۈنى بولىدىغان، كىشىلەرنى قەبرىلىرىدىن يالاڭ ئاياغ ۋە ياڭلاچ ھالەتتە تىرىلدۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ بىر يەرگە توپلايدىغان كۆرۈنۈشنىمۇ ئەسلىيەلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە ھاجىلارنىڭ مىللىتى، رەڭلىرى، ئىرقلىرى ۋە يۇرتلىرى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باراۋەر ۋە تەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەنزىرىنىمۇ كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنە شۇ ھالەتتە تۇرسا، ئۆزىنىڭ ئېھرامىنىڭ ئىچىدە تۇرىۋاتقان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتمەيتۇ ـ دە اللہ تائالانى كۆپ ياد ئېتىدۇ ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلمايدۇ.

## 4 ـ يۈزنى ۋە بېشنى يېپىش

ئېھرام باغلىغان ئادەم يۈزنى ۋە بېشىنى يۆگەشتىن ساقلىنىشى لازىم. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ بېشىغا بىر نەرسە كىيىشتىن چەكلىگەن ھەدىسىنى بىر ئاز ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر: ئىمام مۇسلىم، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئابباسنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئېھرام باغلىغان بىر ئادەم، ئۇنى ئۆلۈغى ئېتىۋاتقانلىقى ئۇچۇن ئۆلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى سۇ ۋە سىدرى بىلەن يۇيۇڭلار. ئۇنى كىپەنلەڭلار. لېكىن كىپەنلىكىگە خۇشبۇي نەرسىلەر سۈرتمەڭلار. ئۇنىڭ بېشىنى ۋە يۈزنى يۆگىمەڭلار. چۈنكى ئۇ، قىيامەت كۈنى تەلبىيە ئېيتقان ھالەتتە (يەنى ئېھراملىق ھالىتىدە قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلىدۇ» دېدى[1].[2]

## 5 ـ ئېھرامغا ۋە بەدەنگە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە تەننى ۋە ئەزالارنى ياغ بىلەن ياغلاش

ئېھرام باغلىغان ئادەم مەزكۇر نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇنىڭ دەلىلى بىز بىر ئاز ئىلگىرى بايان قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لېكىن كىپەنلىكىگە خۇشبۇي نەرسىلەر سۈرتمەڭلار» دېگەن سۆزىدۇر. بۇ

(1) مانا بۇ ھەدىس ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ يۈزنى ۋە بېشىنى يۆگەشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ت.

(2) ئايال كىشى ئېھرامىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ بېشىنى يۆگەيدۇ. يۈزنى ياغلىقى يۈزىنىڭ تېرىسىگە چاپلىشىۋالمىغۇدەك بىر شەكىلدە قىلىپ يۆگەيدۇ. ت.

ھەقتە يەنە تىرمىزىي ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەج قىلىدىغان ئادەم پاخپاق ۋە (تەر) پۇراپ تۇرىدىغان بولىدۇ.[1] » بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يەنە زەپەرگە (ئوخشاش خۇشبۇي نەرسە) تېگىپ قالغان كىيىم ـ كېچەك كەيمەڭلار » دېگەن سۆزىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. خۇشبۇي نەرسە تېگىپ قالغان كىيىم ـ كېچەكنى كىيىشنىڭ چەكلىنىشى ئۇ نەرسىنىڭ رەڭگىنىڭ كىيىم ـ كېچەكتە كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئەكسىچە ئۇ، خۇشبۇي پۇرايدىغان نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## 6 ـ چاچنى ۋە ساقالنى چۈشۈرۈش

چاچنى، ساقالنى چۈشۈرۈش ۋە بەدەننىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدىن تۈك يۇلۇش توغرا بولمايدۇ. چاچنى چۈشۈرمەسلىك ھەققىدە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار »[2]

## 7 ـ تىرنىقنى ئۆزى ئېلىش ياكى باشقىلارغا ئالدۇرۇش

ئېھرام باغلىغان ئادەم تىرناقلىرىنى ئېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. چۈنكى تىرناقلىرىنى ئېلىش ھەج قىلىدىغان ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولىدىغان ئۇنىڭ پاخپاق بولۇش سۈپىتىنى يوقىتىۋاتىدۇ.

## ئىككىنچى پەرز: ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ ئەرافات تېغىدا تۇرۇش

ئەرافات تېغىدا ئازراق بولسىمۇ تۇرۇش ھەجنىڭ بىر پەرزىدۇر. ئەرافات تېغىدا تۇرۇشنىڭ ۋاقتى زۇلھەججى ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى، كۈن ئىگىلگەندىن تارتىپ تاكى 10 ـ كۈنىنىڭ ياكى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. كىمكى مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە ئەرافات تېغىدا ئازراق بولسىمۇ تۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىسە، ئۇ ئادەم ھەج قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەج دېگەن ئەرافاتتا تۇرۇشتۇر. كىمكى قۇربان

---

(1) ھەدىسنىڭ مەنىسى: ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم چېچىنى داۋاملىق تاراپ ۋە تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن چاچلىرى رەتسىز ۋە تىرناقلىرى ئۇسۇك بولىدۇ. ئەتىرگە ئوخشاش خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن خۇددى تەر پۇرىقىغا ئوخشاش پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

(2) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەت.

ھېيت كېچىسىنىڭ تېخى ئېتىشتىن بۇرۇن ئەرافات تېغىغا كەلسە، ئۇ ھەقىقەتەن ھەجنى تاپقان ھېسابلىنىدۇ» دېدى.[1]

## ئۈچۈنچى پەرز: زىيارەت تاۋاپىنى قىلىش

الله تائالا كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللا)نى تاۋاپ قىلسۇن»[2] تاۋاپ كەبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىش بىلەن بولىدۇ. لېكىن بۇ يەتتە قېتىم ئايلىنىشنىڭ ئىچىدىن تۆت قېتىم ئايلىنىش پەرزدۇر، ئۈچ قېتىم ئايلىنىش ۋاجىپتۇر.

مانا بۇ ئۈچ پەرز ھەجنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدۇر. بۇ ئۈچ پەرزگە تۆۋەندىكى ئىككى پەرز قوشۇمچە سۈپىتىدە قوشۇلىدۇ.

بىرىنچى پەرز: مەزكۇر ئۈچ پەرزنى تەرتىپ بىلەن قىلىش. يەنى دەسلەپتە ئېھرام باغلاش، ئاندىن ئەرافات تېغىدا تۇرۇش، ئاندىن زىيارەت تاۋاپىنى قىلىش.

ئىككىنچى پەرز: تاكى ئەرافات تېغىدا تۇرغانغا قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالدۇق.

مەزكۇر پەرزلەرنى ئادا قىلماي تۇرۇپ قىلغان ھەج توغرا ھەج بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئەرافات تېغىدا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋە زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھەجى قوبۇل بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەرافات تېغىدا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋە زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ تاكى مەككىگە قايتىپ بېرىپ زىيارەت تاۋاپىنى قىلمىغىچە ئۇنىڭ ھەجى توغرا بولمىغان بولىدۇ.

# ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى

ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى بولسا، ئۇ ۋاجىپلار قىلىنماي قالغانلىقى ئۈچۈن

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، نەسائىي، تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە ھەج 29 ـ ئايەت.

ھەج بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان، لېكىن ھەجنىڭ كامىللىقىغا نوقسان يەتكۈزۈپ قويىدىغان كەمچىلىكلەردۇر. ھەجنىڭ كامىللىقىغا نوقسان يەتكۈزۈپ قويىغان كەمچىلىك قۇربانلىقنىڭ شەرتىگە تۇشۇدىغان بىر ھايۋاننى جازا ئۈچۈن ھەرەمدە ئۆلتۈرۈش بىلەن تولۇقلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم ۋاجىپنى الله تائالا تەرىپىدىن بولغان بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەمەس ئۆزى تەرىپىدىن بولغان بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇ ۋاجىپنى الله تائالا تەرىپىدىن بولغان بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبىدىن قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ ۋاجىپنى قىلمىغانلىق سەۋەبى بىلەن بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش لازىم بولمايدۇ.

ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىنى قىلمىغانلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش قائىدىسىنىڭ ئىچىگە كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت ناماز كىرمەيدۇ. گەرچە تاۋاپتىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرنىڭ (يەنى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ) ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش ۋاجىپ بولسىمۇ، لېكىن تاۋاپتىن كېيىن بۇ ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇيالماي قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئوقۇلمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم ئەمەس.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەيلى قەستەنلىك بىلەن بولسۇن مەيلى سەۋەنلىك بىلەن بولسۇن مەيلى خاتالىق سەۋەبى بىلەن بولسۇن ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بىرەرسى قىلىنماي قالسىلا، ئۇنىڭ قىلىنماي قالغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم. لېكىن ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىنى قەستەنلىك بىلەن قىلمىغان ئادەم قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. جازا ئۈچۈن ھايۋان ئۆلتۈرۈش بىلەن ھەج پائالىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن كەمچىلىك تولۇقلانسىمۇ، لېكىن گۇناھلاردىن پاكلىنىش ئۈچۈن تەۋبە قىلىشقا ۋە ئىستىغپار ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

## 1 ـ ئېھرامنى، ئېھرام باغلاپ كىرىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەردىن باغلاپ كىرىش

ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەر، ئادەملەرنىڭ كېلىش

يولىغا قارىتا ئۆزگۆرىدۇ. مەسىلەن: (ھەدىستە ئېھرام باغلاپ كىرىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن بىر نەچچە يەر بار بولۇپ) شۇ يەرنىڭ سىرتىدا ئولتۇردىغان ئادەم مەككىگە كىرمەكچى بولسا، ئۇنىڭ شۇ يەردىن ئېھرام باغلىماي ئۆتۈشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: جىددە شەھرىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرگە ئوخشاش ئېھرام باغلاپ ئۆتۈشكە بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرنىڭ ئىچىدە، لېكىن ھەرەمنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدا ئولتۇردىغان ئادەملەر (ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرمەكچى بولسا)، ئولتۇرۇۋاتقان مەھەللىسىدىن ئېھرام باغلاپ كىرىدۇ. مەككىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتقان ئادەملەر ھەج قىلماقچى بولسا، ئېھرامنى مەككىنىڭ ئىچىدىن باغلايدۇ. ئەگەر ئۆمرە قىلماقچى بولسا، ئېھرامنى ھەرەمنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باغلاپ كىرىدۇ. چۈنكى ئۆمرىنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېھرامنى ھەرەمنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدا باغلىشى لازىم.

## ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەر:

● زۇلھۇلەيپە. بۇ، مەككىگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان يەر بولۇپ مەدىنىدىن توققۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىدۇر. مەدىنىدىن مەككىگە بارىدىغان ھاجىلار بۇ يەردە ئېھرام باغلايدۇ. بۇ ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئىچىدە مەككىگە ئەڭ يىراق بولغان يەردۇر. بۇ يەر <ئەبيارۇ ئەلى> دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

● جۇھپە. بۇ، مەككىگە شىمال تەرەپتىن كىرىش يولى ئۈستىگە جايلاشقان يەردۇر. بۇ يەر <رابىغ> دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن كېلىدۇ[1].

● قىرنۇن. بۇ، ئەرافات تېغىغا يېقىن بىر تاغ ئۈستىگە ئورۇنلاشقان تائىپ شەھرىگە يېقىن بىر كەنتتىدۇر. بۇ نەجدە تەرەپتىن مەككىگە كىرىدىغان ھاجىلارنىڭ ئېھرام باغلايدىغان يېرىدۇر[2].

● زاتۇ ئىرقىن. بۇ، ئىراق تەرىپىدىن مەككىگە كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئېھرام باغلايدىغان يېرىدۇر[3].

(1) بۇ يەر بىلەن مەككە ئارىسىدا 133 كىلو مېتىر مەساپە بار. ت.

(2) بۇ يەر بىلەن مەككە ئارىسىدا 88 كىلو مېتىر مەساپە بار. ت.

(3) بۇ يەر بىلەن مەككە ئارىسىدا 88 كىلو مېتىر مەساپە بار دەپ رىۋايەت قىلىنىدى. ت.

● يەلەملەم. بۇ، يەمەن تەرەپتىن مەككىگە كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئېھرام باغلايدىغان يېرىدۇر[1].

بۇ يەرلەرنىڭ بەلگىلىنىپ بېرىلىشى ھەدىس ئارقىلىق بولغاندۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئېھرام باغلاش ئۈچۈن) مەدىنىلىكلەر ئۈچۈن <زۇلھۇلەيپە> دېگەن يەرنى، شاملىقلار ئۈچۈن <جۇھپە> دېگەن يەرنى، نەجدىلىكلەر ئۈچۈن <قىرنۇن> دېگەن يەرنى، يەمەنلىكلەر ئۈچۈن <يەلەملەم> دېگەن يەرنى بەلگىلەپ بەردى[2]. بۇ يەرلەر شۇ يەرلىكلەر ۋە ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن باشقا يەردىن كېلىپ شۇ يەرلەردىن ئۆتكەن ئادەملەر ئۈچۈندۇر. مەزكۇر يەرلەرنىڭ ئىچى تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەر (ئېھرامنى) مەھەللىسىدىن باغلايدۇ. ھەتتا مەككىلىكلەر (ئېھرامنى) مەككىدىن باغلايدۇ.[3]

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەككىلىك (ئېھرامنى ھەرەمنىڭ ئىچىدە باغلىماي) ھەرەمنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باغلاپ كىرگەن بولسا، جازا ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئېھرامنى بەلگىلەپ بېرىلگەن يەردە باغلىماي باشقا يەردە باغلىغاندۇر. لېكىن ئۇ ئادەم، ئەگەر ھەرەمگە قايتىپ كىرىپ ئېھرامنى قايتا باغلىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم ئەمەس.[4]

بۇ يەرلەرنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدىغان بىر ئادەمنىڭ مەككىگە ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس باشقا بىر ھاجەت ئۈچۈن كىرمەكچى بولسىمۇ شۇ يەرلەردىن ئېھرام باغلىماي ئۆتۈشى ھارامدۇر. ئەمما ھەرەمنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر ئادەم مەسىلەن: جىددىگە ئوخشاش ھەرەمنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى بىر يەرگە بېرىپ ئۇ يەردىن ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلماستىن مەككىگە قايتىپ كىرمەكچى بولسا، مەككىگە ئېھرامسىز كىرسىمۇ بولىدۇ.

بۇ يەرلەردىن ئېھرامسىز ئۆتۈشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىبنى ئەبۇشەيبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

(1) بۇ يەر بىلەن مەككە ئارىسىدا 88 كىلو مېتىر كېلىدىغان مەساپە بار. ت.

(2) ئەمما زاتۇ ئىرقىن بۇ ھەدىستە ئەمەس باشقا بىر ھەدىستە بايان قىلىندى. ت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(4) «رد المحتار».

قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ شۇ يەرلەردىن ئېھرامسىز ئۆتۈشى بولمايدۇ.» ئېھرام باغلاشنىڭ لازىم بولۇشى شۇ مۇبارەك ئورۇننى ئۇلۇغلاش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىگە كىرگەن ئادەم مەيلى ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن مەيلى ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن ياكى باشقا ئىش قىلىش نىيىتى بىلەن كىرسۇن ئېھرام باغلاپ كىرىشى لازىم.

ئەمما ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائىي بايان قىلغان: مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە قارا سەللە كىيىپ ئېھرامسىز كىرگەن، دېگەن ۋەقە بولسا، بۇ شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرگە بېرىلگەن خۇسۇسىي بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن الله تائالا مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى ھارام قىلدى. (مەككىدە ئۇرۇش قىلىش) مەندىن بۇرۇن ھېچقانداق كىشىگە ھالال قىلىپ بېرىلمىدى. مەندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق كىشىگە ھالال قىلىپ بېرىلمەيدۇ. ماڭا كۈندۈزدە پەقەت ئازلا بىر مۇددەت ھالال قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ يېشىل ئوت ـ چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ. دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ. ئوۋ ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ. ئۇنىڭدا چۈشۈپ قالغان نەرسىنى كىشىلەرگە ئېلان قىلىپ ئۇنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىشىدىن باشقا بىر كىشى ئالمايدۇ.[1] »[2]

مەككىگە كەلمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مەزكۇر يەرلەرنىڭ بىرىدىن چوقۇم ئۆتۈشى شەرت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىگە كەلمەكچى بولغان ئادەمنىڭ يولى ئۈستىدە مەزكۇر يەرلەرنىڭ بىرى بولمىسا، ئۆزىنىڭ شۇ يەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەنلىكىنى بىلسە، شۇ يەردە ئېھرام باغلايدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ شۇ يەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەنلىكىنى بىلمىسە، مەككىگە كىرگىلى ئىككى چاقىرىم (يەنى 90 كىلو مېتىر) يول قالغاندا ئېھرام باغلايدۇ.

ھەج ياكى ئۆمرەنى نىيەت قىلىپ كەلگەن بىر ئادەمنىڭ مەقسىتى دەسلەپتە ھەرەمنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى مەسىلەن: جىددىغا ئوخشاش بىر شەھەرگە چۈشۈپ، ئاندىن ھەج ياكى ئۆمرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرىش بولسا، ئۇنىڭ مەزكۇر يەرلەرنىڭ بىرىدە ئېھرام باغلىشى لازىم. ئۇ ئادەمنىڭ

(1) مانا بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ كۈنى ھېچقانداق ئادەمگە بېرىلمىگەن بىر خۇسۇسىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

مەقستى دەسلەپتە جىددىغا ئوخشاش مەككىنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى بىر شەھەرگە كىرىش بولسىمۇ ئۇنىڭ مەزكۇر يەرلەردىن ئېھرامسىز ئۆتۈشى توغرا ئەمەستۇر. مەزكۇر يەرلەرنىڭ بىرىدىن ئېھرام باغلىمايمۇ ئۆتسە بولىدىغان بىر ئىش بولسا، ئۇ يەردىن ئۆتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مەقستى (ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئەمەس) پەقەت مەككىنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى بىر يەرگە كىرىش بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭ مەقستىدە (ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش بولسا، ئۇ دەسلەپ مەككىنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى بىر يەرگە چۈشسىمۇ) ئۇنىڭ مەزكۇر يەرلەرنىڭ بىرىدىن ئېھرامسىز ئۆتۈشى توغرا ئەمەس.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىيالىسا، ئۇنىڭ مەزكۇر يەرلەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئېھرام باغلىشى ياخشىدۇر. بەلكى بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ شۇ يەرلەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئېھرام باغلىشى ئەڭ پەزىلەتلىكتۇر. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ھەج بىلەن ئۆمرەنى اللە ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار»[2] خۇددى ئەلى ئىبنى تالىپ ۋە ئىبنى مەسئۇد (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش ئىشىك ئالدىدىن ئېھرام باغلاپ مېڭىش ھەج بىلەن ئۆمرەنى تولۇق ئورۇنلىغانلىقنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ.[3] ئېھرامنى مەزكۇر يەرلەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى باغلىغان ۋاقىتدا قىيىنچىلىقنىڭ كۆپ ۋە (ھەج ئىبادىتىگە بولغان) ھۆرمەتنىڭ كاتتا بولىشىدا شەك يوق.

## 2 ـ سەفا بىلەن مەرۋە تېغىنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىش:

بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈش ھەققىدە ئۆرۋە ئىبنى ئەلزۇبەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشەدىن (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سوئال سوراپ ئۇنىڭغا: اللە تائالا «سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللە نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق» دېدى. اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (مېنىڭ چۈشۈنۈشىمچە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى): ئۇ ئىككى تاغنى (يەنى سەفا ۋە مەرۋىنى) تاۋاپ قىلمىغان كىشىگە

(1) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 582 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) «فتح القدير».

ھېچقانداق گۇناھ يوق، دېگەنلىك بولىدۇ، دېدىم. ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: ئى سىڭلىمنىڭ ئوغلى! سەن ئەجەپمۇ يامان گەپ قىلدىڭ! ئەگەر ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سەن دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئايەت «ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلمىسىمۇ ھېچ باك يوق» دېگەن شەكىلدە كېلەتتى. لېكىن بۇ ئايەت ئەنسارلار ھەققىدە چۈشكەن. ئەنسارلار مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ھەجنى <مۇشەللەل> دېگەن يەردە ئىبادەت قىلىدىغان بۇتقا[1] قىلىشنى نىيەت قىلاتتى. ئۇ بۇتقا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان ئادەم سەفا ۋە مەرۋىنى تاۋاپ قىلىشنى گۇناھ ھېسابلايتتى. ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن سەفا ۋە مەرۋىنى تاۋاپ قىلىشنى گۇناھ ھېسابلايتتۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا «سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن. ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلماسلىقى دۇرۇس ئەمەس.[2]

## 3 ـ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا ئايلانماقچى بولغاندا ئايلىنىشنى سافا تېغى تەرەپتىن باشلاش:

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم جابىردىن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر (سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدىكى ئايلىنىشنى) الله تائالا باشلىغان يەردىن باشلاڭلار[3]»

## 4 ـ ئايلىنىشنى تاۋاپتىن كېيىن قىلىش:

سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايلىنىش. سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىشنى زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر.

(1) بۇ مەدىنە بىلەن مەككى ئارىلىقىدىكى يولدا قۇدەيد دېگەن يەرگە يېقىن بىر يەر بولغان مۇشەللەلگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر بۇتتۇر.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(3) يەنى الله تائالا قۇرئاندا سەفا تېغىنى بالدۇر كەلتۈردى. سىلەرمۇ مېڭىشنى سەفا تېغىدىن باشلاڭلار. ت.

## 5 ـ تاۋاپ بىلەن ئايلىنىشنى مېڭىپ قىلىش:

كەبىنى تاۋاپ ۋە سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىشنى بىرەر ئۆزرىسى يوق ئادەم (ئۇلاغقا مىنىپ ئەمەس) مېڭىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. ئەگەر (كېسەلگە ئوخشاش) بىرەر ئۆزرى سەۋەبىدىن ماڭالمايدىغان ئادەم تاۋاپ بىلەن ئايلىنىشنى ئۇلاغقا مىنىپ قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋاپ ۋە سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىشنى ئۇلاغقا مىنىپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ سوئاللىرىنى سورىۋالسۇن، دېگەنلىك ئۈچۈن ئىدى.

ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق ئادەم (تاۋاپ بىلەن ئايلىنىشنى) مېڭىپ تۇرۇپ قىلمىسا، تاۋاپ بىلەن ئايلىنىشنى قايتا قىلىدۇ. ئەگەر قايتا قىلمىسا، ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم كېلىدۇ.

## 6 ـ تاۋاپنى تاھارەت بىلەن قىلىش:

كەبىنى تاۋاپ قىلماقچى بولغان ئادەم (جۇنۇپلۇققا ئوخشاش) چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن ۋە كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولۇشى لازىم. يەنى تاۋاپنى تاھارەت بىلەن قىلىش لازىم. (شۇڭا تاۋاپنى تاھارەتسىز قىلغان ئادەمگە جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ.)

تاۋاپنى تاھارەت بىلەن قىلىش ھەققىدە ئۆرۋە ئىبنى ئەلزۇبەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجنى قانداق قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەن ۋاقتىدا ئەڭ دەسلەپ قىلغان ئىشى تاھارەت ئېلىش، ئاندىن كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولغان، دېدى.»[1]

ئەمما كىيىم ـ كېچەكنىڭ، تەننىڭ ۋە تاۋاپ قىلىدىغان يەرنىڭ پاكىز بولۇشى كۈچلۈك سۈننەتتۇر.

## 7 ـ تاۋاپ قىلغاندا ئۇياتلىق يەرلەرنى يېپىش:

تاۋاپ قىلغاندا يېپىشقا بۇيرۇلغان يەرلىرىنى يېپىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئەگەر قىلىش پەرز بولغان تاۋاپتا يېپىشقا بۇيرۇلغان ئەزالاردىن بىرەر ئەزانىڭ تۆتتەن بىرى ئوچۇق قالسا، جازا ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈشى لازىم. ئەمما قىلىش نەپلە بولغان تاۋاپتا شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر بىرەر ئەزانىڭ تۆتتەن بىرى ئوچۇق ھالەتتە تاۋاپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈستىگە بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولۇپ قالغان ئادەم، ئۇ يەرنى يېپىپ تاۋاپنى قايتا قىلسا، ئۇنىڭدىن ھايۋان ئۆلتۈرۈش جازاسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تاۋاپنى تاھارەتسىز قىلغان ئادەممۇ تاھارەت ئېلىپ تاۋاپنى قايتا قىلسا، ئۇنىڭدىنمۇ ھايۋان ئۆلتۈرۈش جازاسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

## 8 ـ تاۋاپنى قارا تاشنىڭ ئۇدۇلىدىن باشلاش:

كەبىنى تاۋاپ قىلماقچى بولغان ۋاقىتدا، تاۋاپنى قارا تاشنىڭ ئۇدۇلىدىن باشلاش لازىم.

## 9 ـ تاۋاپنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش:

كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلماقچى بولغان ۋاقىتدا تاۋاپنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ كەبىنى سول تەرىپىدە قىلىپ قىلىش لازىم.

## 10 ـ تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش:

كەبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرنىڭ (يەنى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ) ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش لازىم. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كېلىپ كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرنىڭ (يەنى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ) ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن سافا تېغىغا چىقتى، (يەنى سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا ئايلاندى.) اللہ تائالا: «سىلەرگە ـ اللہ نى،ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللہ نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» دېگەن،

دېدى »[1]. بۇ نامازنى مەلۇم بىر ۋاقىتتا ياكى مەلۇم بىر يەردە ئوقۇش لازىم ئەمەس. لېكىن بىر قېتىملىق تاۋاپنى ئادا قىلىپ بولۇپ ئىككىنچى قېتىم تاۋاپ قىلاي، دېگەن ئادەم ئىككىنچى قېتىملىق تاۋاپنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇ نامازنى ئوقۇشى لازىم. ئۇ نامازنى ھەرەمدە ئوقۇمىغان بولسا، خالىغان باشقا يەردە ئوقۇسا بولىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشىسى ھەرەمدە ئوقۇشتۇر. بىر ئادەم ئۇ نامازنى تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ئوقۇمىغان بولسا، بۇ ۋاقىتدا ئۇ ناماز ئوقۇلماي قالغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نامازنى ئوقۇمىغان ئادەمگە جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم كەلمەيدۇ.

## 11 ـ زىيارەت تاۋاپىنى قۇربان ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قىلىش[2]:

زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشنىڭ مۇددىتى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ تاكى ئۈچۈنچى كۈنىنىڭ كۈنى كىرىپ كېتىشكە ئازراق قالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. بۇ تاۋاپنى مۇشۇ ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە قىلمىغان ئادەمگە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد ((الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇ ئادەمگە بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم كەلمەيدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى قۇربان ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ھەيزدار بولۇپ قېلىپ ئۇ كۈنلەردە زىيارەت تاۋاپىنى قىلالمىغان بولسا، ئۇ ئايالغا جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولمايدۇ.

## 12 ـ ئەرافات تېغىدا تاكى كۈن كىرىپ كەتكىچە تۇرۇش:

ئەرافات تېغىدا تۇرغاندا تاكى كۈن كىرىپ كەتكىچە تۇرۇش لازىم. كىمكى ئەرافات تېغىدىن كۈن كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى قايتىپ چۈشسە، ئۇنىڭغا بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كۈن كىرىپ كېتىپ بولغىچە

(1) يەنى ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): الله تائالا بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ئۈلگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزۈمىزگە ئۈلگە قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغان يەردە ناماز ئوقۇشىمىز لازىم، دېمەكچىدۇر. ت.

(2) بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك زىيارەت تاۋاپىنى قىلىش پەرزدۇر. ئەمما ئۇنى ئۈچ كۈن قۇربان ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قىلىش ۋاجىپتۇر. ت.

ئەرافات تېغىغا يەنە قايتا چىقسا، ئۇنىڭدىن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش جازاسى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئەرافات تېغىغا كۈن كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭدىن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش جازاسى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەرافاتقا قايتقان ۋاقتى جازا ئۇنىڭ ئۈستۈگە يۈكلىنىپ بولغان چاغدۇر.

## 13 ـ مۇزدەلىفىدە تۇرۇش:

زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى بولغان قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنىدە تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىققانغا قەدەر بولسىمۇ ئازراق بىر مۇددەت مۇزدەلىفىدە تۇرۇش لازىم. مۇزدەلىفە بولسا، مىنا تېغى بىلەن ئەرافات تېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يەردۇر. مۇزدەلىفە <جەمئى> ۋە <مەشئەرى ھەرام> دېگەن ئىسىملەر بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. الله تائالا ئەرافات تېغىدىن چۈشۈپ مۇزدەلىفىدە الله تائالانى ياد ئېتىش ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) الله نى ياد ئېتىڭلار، الله سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى الله سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار؟ »[1]

مەيلى ئايال كىشى بولسۇن مەيلى ئەر كىشى بولسۇن تېنى ئاجىز ۋە ياشىنىپ قالغان ئادەملەر (مىنا تېغىدا شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەردە بولىدىغان) قىستا ـ قىستىلاڭغۇچتىن قورقۇپ مۇزدەلىفىدە تۇرمىغان بولسا، ئۇلارغا جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى ئاجىز كىشىلەرنى بالدۇر يولغا سالغان ئىدى. ئۇلار كېچىدە مۇزدەلىفىدە ئازراق تۇرۇپ الله تائالانى ياد ئەتكەندىن كېيىن مىناغا قاراپ يولغا چىققان. ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇزدەلىفە كېچىسى بالدۇر يولغا سالغان جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم» دەيدۇ.[2]

(1) سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

## 14 ـ شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ مۇزدەلىفەدە ئوقۇش:

مۇزدەلىفەگە يېتىپ كېلىپ بولغىچە خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولمىسا، شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ مۇزدەلىفەدە ئوقۇش لازىم. بۇ ھەقتە ئۇسامە ئىبنى زەيد (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات تېغىدىن قايتىپ چۈشۈپ بىر جىلغىغا كېلىپ چۈشتى. (بۇ يەردە) كىچىك تەرەت قىلغاندىن كېيىن يەڭگىل قىلىپ تاھارەت ئالدى. مەن: ناماز ئوقۇيمىزمۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىت تېخى ئالدىڭدا» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇزدەلىفەگە كېلىپ چۈشتى ۋە كامىل قىلىپ تاھارەت ئالدى. نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كىشلەرگە) شام نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ھەر بىر ئادەم تۆگىلىرىنى ئۆز ئورنىغا چۆكتۈرۈپ قويۇپ كەلدى. كېيىن خۇپتەن نامىزىغىمۇ تەكبىر چۈشۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى.[1]

ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇزدەلىفەدە) شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىرگە ئوقۇدى. ئۇ نامازنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم تەكبىر چۈشۈرۈلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ياكى ھەر نامازنىڭ كەينىدىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى.»[2]

ئەگەر بىر ئادەم مۇزدەلىفەگە خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى (يەنى شام نامىزىنىڭ ۋاقتىدا) كەلسىمۇ خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىرگە ئوقۇش ئۈچۈن تاكى خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرمىگىچە شام نامىزىنى ئوقۇمايدۇ.

## 15 ـ تاش ئېتىش:

شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ تەپسىلاتى اللە تائالا خالىسا ئالدىمىزدا كېلىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

## 16 ـ تاش ئېتىشنى كېچىكتۈرمەسلىك:

ھەر كۈنى ئاتىدىغان تاشنى ئىككىنچى كۈنگە كېچىكتۈرۈۋەتمەي شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئېتىش لازىم. ئەگەر ھەر كۈنى ئاتىدىغان تاشنى شۇ كۈنى ئاتماي ئۇ كۈندىن كېچىكتۈرۈۋېتىپ باشقا كۈنى ئاتسا، ئېتىلغان تاش قازا ھېسابتا ئېتىلغان بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلغان ئادەم خۇددى نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىپ ئوقۇغان ئادەم گۇناھكار بولغانغا ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ.[1]

## 17 ـ چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى ھەر چاچتىن بارماقنىڭ ئۈچچىدەك مىقداردا قىسقارتىش:

چاچنى چۈشۈرگەندە ياكى قىسقارتقاندا چاچنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس پەقەت تۆتتەن بىر قىسمىنى چۈشۈرسىمۇ ياكى قىسقارتسىمۇ بولىدۇ. لېكىن چاچنى چۈشۈرۈش قىسقارتقانغا قارىغاندا ياخشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاچلىرىنى چۈشۈرگەنلەرگە الله رەھمەت قىلسۇن» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چاچلىرىنى قىسقارتقانلارغىمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاچلىرىنى چۈشۈرگەنلەرگە الله رەھمەت قىلسۇن» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چاچلىرىنى قىسقارتقانلارغىمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاچلىرىنى قىسقارتقانلارغىمۇ الله رەھمەت قىلسۇن» دېگەن.[2]

## 18 ـ بىر قوي ئۆلتۈرۈش:

جۈپ ھەج ياكى بەھرىمان ھەج قىلغان[3] ئادەم بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق

(1) <إرشاد الصاوي>.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(3) جۈپ ھەج، تاق ۋە بەھرىمان ھەجى دېگەنلەر بىر ئاتالغۇ بولۇپ بۇلار ھەققىدە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا تەپسىلى توختۇلىمىز.

قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، ( ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ »[1]

## 19 ـ ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەرتىپ بىلەن قىلىش:

جۇپ ھەج قىلغان ياكى بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەمنىڭ قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈشكە ئوخشاش ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەرتىپ بىلەن قىلىشى لازىم. ئەمما تاق ھەج قىلغان ئادەمنىڭ ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەرتىپ بىلەن قىلىشى سۈننەتتۇر.

## 20 ـ چاچنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە ئۆز يېرىدە چۈشۈرۈش:

چاچنى چۈشۈرىدىغان يەر بولسا، ھەرەمدۇر. ۋاقتى بولسا، قۇربان ھېيت كۈنلىرىنىڭ ئىچىدە چۈشۈرىلىدۇ. چۈنكى چاچنى چۈشۈرۈشمۇ ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## 21 ـ خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىش:

ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ سىرتىدىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «كىشىلەر (ھەجدە) ئەڭ ئاخىرىدا قىلىدىغان ئىشنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولۇشىغا بۇيرۇلغان. لېكىن تاۋاپ ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايالدىن يەڭگىللىتىلدى[2].[3]

# ھەجنىڭ سۈننەتلىرى

سۈننەت بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك تەكىتلەنگەن سۈننەت ۋە سۈننەت، دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

(1) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) يەنى خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىپ يۇرتىغا قايتماقچى بولغان ۋاقتىدا ھەيزى كېلىپ قالغان ئايال ئۇ تاۋاپنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

سۈننەت بولسا، قىلىش تەكىتلەنگەن سۈننەت، دەپ قارالغانلىرىنى قەستەن قىلمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدىغان، لېكىن ئۇلارنى قىلمىغانلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھايۋان ئۆلتۈرۈش ياكى سەدىقە بېرىش جازاسى كەلمەيدىغان، ئۇلارنى قىلغان ئادەمگە الله تائالا ئەجىر بېرىدىغان ئىشلاردۇر.

ھەجنىڭ ئەڭ مۇھىم، دەپ قارالغان سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ مەككىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدىغان ئادەم تاق ھەجگە ياكى جۈپ ھەجگە ئېھرام باغلاپ مەككىگە كەلگەن ۋاقتىدا مەككىگە كېلىش تاۋاپىنى قىلىش.

2 ـ ئىمامنىڭ زۇلھەججى ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى مەككىدە، توققۇزىنچى كۈنى ئەرافاتتا ۋە ئون بىرىنچى كۈنى مىنادا بولۇپ ئۈچ يەردە خۇتبە ئوقۇشىدۇر. ئىمام ئوقۇغان ھەر بىر خۇتبىسىدە كىشىلەرگە، ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

3 ـ زۇلھەججى ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى مەككىدىن مىنا تېغىغا چىقىپ كېتىش. ھەتتا بەش ۋاخ نامازنى[(1)] مىنا تېغىدا ئوقۇش ئۈچۈن مىناغا چىقىدىغان ئادەم زۇلھەججى ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنىنىڭ بامدات نامىزىدىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ.

4 ـ ئەرافات كېچىسى (يەنى زۇلھەججى ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى تاڭ يورۇيدىغان كېچە) مىنا تېغىدا يېتىش.

5 ـ زۇلھەججى ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن مىنا تېغىدىن ئەرافات تېغىغا مېڭىش.

6 ـ ئەرافات تېغىدا پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرى يۇيۇنۇش.

7 ـ ئەرافات تېغىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئونىنچى كۈنى تاڭ يورۇيدىغان كېچە مۇزدەلىفىدە يېتىش[(2)].

8 ـ زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى مۇزدەلىفىدىن مىنا تېغىغا كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى قوزغىلىپ بولۇش.

(1) بۇ بەش ۋاخ ناماز بولسا زۇلھەججى ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنىنىڭ پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرى ۋە 9 ـ كۈنىنىڭ بامدات نامىزىدۇر. ت.

(2) 10 ـ كۈنى تاڭ يورۇيدىغان كېچىدە مۇزدەلىفىدە يېتىش سۈننەت، ئەمما بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ يەردە تاڭ ئېتىش بىلەن كۈن چىقىشنىڭ ئارىلىقىدەك بولسىمۇ ئازراق بىر مۇددەت تۇرۇش ۋاجىپتۇر. ت.

9 ـ مىنا كۆنلىرىنىڭ ھەممە كېچىسىدە مىنا تېغىدە يېتىش. ئەمما بۇ كۆنلەرنىڭ كېچىسىدە مىنا تېغىدا يېتىش باشقا مەزھەپلەردە ۋاجىپتۇر.

10 ـ ئېھرام باغلىغاندىن باشلاپ تاكى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا تۇنجى تاشنى ئاتقانغا قەدەر تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىش.

ئەمما ھەجنىڭ مۇستەھەپلىرى ناھايىتى چىقتۇر. بۇلارنى تاق ھەج قىلىدىغان ئادەمنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىغا ئۇبدان دىققەت قىلغان ئادەم بىلىۋالايدۇ[1].

# ئۆمره ھەج[2]

## <ئۆمره> ئۇقۇمىغا ئىزاھات

<ئۆمره> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن <زىيارەت قىلىش> دېگەنلىك بولىدۇ.

<ئۆمره> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن <خۇسۇسىي شەرتلەر بىلەن الله تائالانىڭ ئۆيىنى يەنى كەبىنى زىيارەت قىلىش> دېگەنلىك بولىدۇ.

# ئۆمره قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆمره ھەج قىلىش تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. ئۇنى بىر قېتىمدىن كۆپ قىلىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىككى ئۆمره ھەج ئۆز ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كاففارەت بولىدۇ. قوبۇل بولغان پەرز ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن تۆت قېتىم ئۆمره ھەج قىلغان ئىدى. بۇ ھەقتە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەنەستىن

(1) يەنى بىز ھەجنىڭ مۇستەھەپلىرىنى تاق ھەج قىلىدىغان ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى بايان قىلغاچ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ھەجنىڭ مۇستەھەپلىرىنى شۇ يەردە ئۆگىنىۋېلىشقا بولىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(2) ئۆمره ھەج، دېگەن پەرز ھەج بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا قىلىنىدىغان نەپلە ھەج بولۇپ، ئۇنىڭدا بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش، سافا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا مېڭىشتىن باشقا پائالىيەتلەر يوق. ت.

(3) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە قېتىم ئۆمرە ھەج قىلدى؟ دەپ سورىدۇم. ئەنەس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلقەدە ئېيىدا مۇشرىكلار ھۇدەيبىيەدە توسۇۋالغان ۋاقىتتا بىر قېتىم، مۇشرىكلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈلگەن يىلىدىن كېيىنكى يىلىسى زۇلقەدە ئېيىدا بىر قېتىم، ھۆنەين ئۇرۇشىدا چۈشكەن ئولجىلارنى بۆلۈپ بەرگەن ۋاقىتتا <جەئرانە> دېگەن يەردىن ئېھرام باغلاپ بىر قېتىم ۋە ئاخىرىدا پەرز ھەجى بىلەن بىر قېتىم بولۇپ جەمى تۆت قېتىم ئۆمرە ھەج قىلدى، دېدى. مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە قېتىم ھەج قىلدى؟ دەپ سورىدۇم. ئەنەس: بىر قېتىم، دەپ جاۋاپ بەردى.»[1]

## ئۆمرە ھەجنىڭ ۋاقتى

بىر يىلنىڭ ئىچىنىڭ ھەممىسىدە ئۆمرە ھەج قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ئەرافات كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كۈن ئىچىدە يەنى ئەرافات كۈنى، قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچۈنچى ھەتتا تۆتىنچى كۈنىنىڭ كۈنى كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇ كۈنلەر مەخسۇس پەرز ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئايرىلغان كۈندۇر. بۇ ھەقتە بەيھەقىي ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر يىلنىڭ ئىچىدىن ئەرافات كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كۈن بولۇپ جەمى تۆت كۈندىن باشقا ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆمرە ھەج قىلىشقا بولىدۇ.» بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر يىلنىڭ ئىچىدىن ئەرافات كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن بولۇپ جەمى بەش كۈندىن باشقا (ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆمرە ھەج قىلىشقا بولىدۇ.)»[2]

شۇنىڭدەك يەنە مەككىلىكلەر ۋە ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇ يىلى پەرز ھەجنى قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ئەگەر ئۇلار ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىپ ئاندىن شۇ يىلنىڭ ئۆزىدە پەرز

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(2) «فتح القدير»، 2 - توم، 304 - بەت.

ھەج قىلسا، بەھرىمان ھەج قىلغان ھېسابلىنىدۇ. مەككىدە ۋە ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەر بەھرىمان ھەج قىلىشتىن چەكلەنگەندۇر. الله تائالا خالىسا بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر مەزكۇر ئادەملەر شۇ يىلى پەرز ھەجنى قىلمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەج قىلىشقا بىر توسالغۇ يوق.

ئۆمرە ھەجنى ئادا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت بولسا، رامىزان ئېيىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا دادا بالا ئىككىسىدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجنى قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ئەنسارلىق ئايال ئۇمموُ سىنانغا: سىزگە ھەجگە بارماسلىقىڭىزغا نېمە سەۋەب بولدى؟ دېدى. ئۇ ئايال: ئەبۇپۇلان (يەنى ئۆزۈنىڭ ئېرىنى دېمەكچى) سەۋەب بولدى. ئېرىمنىڭ ئىككى دانىلا تۆگىسى بار ئىدى. بىرىگە ئۆزى مىنىپ بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى. يەنە بىرى يەرلىرىمىزنى سوغۇراتتى. (يەنى يەنە بىرىنى يەرلىمىزنى سوغۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتەتتۇق. شۇڭا مەن ھەجگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلاغ يوق ھەجگە بارالمىدىم،) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرە ھەجنىڭ ساۋابى، مەن بىلەن بىللە قىلىنغان پەرز ھەجنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ» دېدى.[1]

# ئۆمرە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى

1 ـ ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ سىرتىدىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ مەزكۇر يەرلەردىن ئېھرام باغلىشى ۋە مەزكۇر يەرلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ مەككىنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدىن ئېھرام باغلىشى كېرەك.

2 ـ كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىش.

3 ـ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش.

4 ـ چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش.

ئۆمرە ھەجگە باغلىنىدىغان ئېھرامنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى پەرز

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ھەجگە باغلىنىدىغان ئېھرامنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاشتۇر.

ئۆمرە ھەجدە ئەرافات تېغىدا ۋە مۇزدەلىفىدە تۇرۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش، مەككىگە كېلىش ۋە خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىش پائالىيەتلىرى يوقتۇر.[1]

# ھەجنىڭ تۈرلىرى

## 1 ـ تاق ھەج (يەنى ھەج ئىفراد)

بۇ ھەجدە ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم پەقەت پەرز ھەج قىلىش ئۈچۈنلا ئېھرام باغلايدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ، تاق ھەج يەنى <ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆمرە ھەجى قىلىنمىغان ھەج> دەپ ئاتىلىدۇ.)

## 2 ـ بەھرىمان ھەجى (يەنى ھەجى تەمەتتۇئ):

بۇ ھەجدە ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم ھەج ئايلىرىدا دەسلەپتە ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ مەككىگە كىرىپ ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئاندىن سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىدۇ، ئاندىن چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق ئۆمرە ھەجگە باغلىغان ئېھرامدىن چىقىدۇ ۋە ئېھرامسىز ھالەتتە مەككىدە تاكى زۇلھەججى ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى كەلگەنگە قەدەر بارلىق ھالال نەرسىلەردىن بەھرىمان بولۇپ تۇرىدۇ. زۇلھەججى ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى پەرز ھەجگە مەككىدىن ئېھرام باغلايدۇ، ئاندىن ھەجنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ.

بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەمگە (قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى) شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىشتىن ئىلگىرى بىر قوي قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ. بىر كالا ياكى بىر تۆگە يەتتە قوينىڭ ئورنىدا ھېسابقا ئۆتىدۇ (يەنى يەتتە ئادەم ئۈچۈن بىر كالا ياكى بىر تۆگە قۇربانلىق قىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن

(1) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 151 ـ بەت.

ھۈدەيبىيە يىلىسى يەتتە ئادەم ئۈچۈن بىر تۆگە ۋە يەتتە ئادەم ئۈچۈن بىر كالا قۇربانلىق قىلدۇق». ئۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھەج قىلدۇق. يەتتە ئادەم ئۈچۈن بىر تۆگە ۋە يەتتە ئادەم ئۈچۈن بىر كالا قۇربانلىق قىلدۇق.»

الله تائالا بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. اللە غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر»[1]

بۇ مال، الله تائالا ئۇ ئادەمنى بىر سەپەردە ھەم ئۆمرە ھەجنى ھەم پەرز ھەجنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزۈسىدىن قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى قۇربانلىق قىلغان مېلىنىڭ گۆشىدىن يېيىشى توغرىدۇر. بەلكى ئۇنىڭ گۆشىدىن يېيىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆزلىرىمىز قۇربانلىق ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن مىنادا تۇرغان ئۈچ كۈندىن كېيىن يېمەيتتۇق. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (گۆشلاردىن ئۇ كۈنلەردىن كېيىنمۇ يېيىشكە) رۇخسەت بېرىپ: «(ئۇ گۆشلاردىن) يەڭلار ۋە ئېلىۋېلىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز (ئۇ گۆشلاردىن) يېدۇق ۋە (ئېشىپ قالغانلىرىنى) ئېلىۋالدۇق.[2]

(ھايۋان ياكى پۇل يوقلۇقتىن) قۇربانلىق قىلالمىسا، ئېھرام باغلاقلىق ھالىتىدە تۇرۇپ ھەج ئايلىرىنىڭ ئىچىدە ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ. ھەج ئايلىرى بولسا، شەۋۋال ئېيى، زۇلقەدە ئېيى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر.

(1) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئاخىرقى كۈنلەردە قۇربانلىق قىلىشقا قۇدرىتىم يېتىدىغان بىر ھالەتكە كېلىپ قالارمەن، دېگەن ئۈمىد بىلەن روزا تۇتۇشنى ئەڭ ئاخىرقى كۈنلەرگىچە كېچىكتۈرۈش ياخشىدۇر. ئۇ روزىنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 7 ـ 8 ـ 9 ـ كۈنلىرى تۇتۇش مۇستەھەبتۇر. ئۇ ئادەم يەنە ئۇ ئۈچ كۈن روزىنى تۇتۇپ بولۇپ ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: «( ھەجدىن ) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتىسىز»[1] ئەگەر بىر ئادەم (زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئونۇنچى كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى) تۇتىلىدىغان ئۈچ كۈن روزىنى تاكى زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئونۇنچى كۈنى كەلگەنگە قەدەر تۇتمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قۇربانلىق قىلىشى لازىمدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئۈچ كۈن روزىنى كېيىن تۇتىسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ.[2]

## تەمەتتۇئ (بەھرىمان) ھەجنىڭ شەرتلىرى:

1 ـ ئۆمرە تاۋاپىنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ھەج ئايلىرىنىڭ ئىچىدە قىلىش لازىم. ئەگەر بىر ئادەم ئۆمرە ھەجىنى رامىزان ئېيىدا قىلغان ۋە (شۇ يىلى پەرز ھەج قىلغان) بولسا، ئۇ ئادەم بەھرىمان ھەج قىلغان ھېسابلانمايدۇ[3]. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆمرە ھەجىنىڭ ئۈچ دانە تاۋاپىنى رامىزان ئېيىدا قىلغان ۋە (كېيىن شەۋۋال ئېيى كىرىپ قىلىپ) قالغانلىرىنى شەۋۋال ئېيىدا قىلغان ۋە (شۇ يىلى پەرز ھەج قىلغان) بولسا، ئۇ ئادەم بەھرىمان ھەج قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ ئۆمرە ھەجىنى پەرز ھەجدىن ئىلگىرى قىلىش لازىم. يەنى پەرز ھەجگە ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرى ئۆمرە ھەجىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇش لازىم.

3 ـ ئۆمرە ھەج بىلەن پەرز ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىر قېتىملىق سەپەردە قىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ئۆمرە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ شۇ يىلنىڭ ئۆزىدە يەنە تەكرار پەرز

(1) سۈرە بەقەرەە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

(2) «الهداية».

(3) بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك بىر ئادەمنىڭ بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەم ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۆمرە ھەج بىلەن پەرز ھەجنى بىر سەپەردە قىلىش، ھەمدە ئۆمرە ھەجنى ھەج ئايلىرىدا قىلىش لازىم. ھەج ئايلىرى بولسا شەۋۋال ئېيى، زۇلقەدە ئېيى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر. رامىزان ئېيى ھەج ئايلىرىدىن ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرە ھەجنى رامىزان ئېيىدا قىلىپ كېيىن پەرز ھەج قىلغان ئادەم بەھرىمان ھەج قىلغان ھېسابلانمايدۇ. ت.

ھەجگە بارغان بولسا، ئۇ ئادەم بەھرىمان ھەج قىلغان ھېسابلانمايدۇ.

4 ـ ئۇ ئادەم ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدىغان ۋە مەككىنى ۋەتەن قىلىپ مەڭگۈ مەككىدە ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلمىغان ئادەم بولۇش لازىم. چۈنكى مەككىدە ۋە مەزكۇر يەرلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بەھرىمان ھەجنى قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر»[1]

ئەگەر مەككىلىك بىر ئادەم ھەج ئايلىرى كېلىشتىن ئىلگىرى مەزكۇر يەرلەرنىڭ سىرتىغا چىقسا، ئۇ ھۆكمەن مەزكۇر يەرلەرنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

## 3 ـ جۈپ ھەج (يەنى ھەجى قىران):

بۇ ھەج، ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن يەردە ئېھرام باغلىغان ۋاقتىدا، ئېھرامنى ھەم ئۆمرە ھەجنى، ھەم پەرز ھەجنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ باغلاش بىلەن بولىدۇ. (بۇ ھەج ھەم ئۆمرە ھەج، ھەم پەرز ھەج بىر ئېھرام بىلەن ئادا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن <جۈپ ھەج> دەپ ئاتىلىدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن جۈپ ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم ئېھرام باغلىغانلىق ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازدىن كېيىن: <ئەللاھۇممە ئىننى ئۇرىدۇل ئۆمرە ۋەلھەججە فەيەسسىرھۇما لى ۋە تەقەببەلھۇما مىننى[2]> دەيدۇ. تەلبىيە ئېيتقاندىمۇ: <لەببەيكە بىھەججەتىن ۋە ئۆمرەتىن مەئان[3]> دەپ ئۇ ئىككىسىنى قوشۇپ تەلبىيە ئېيتىدۇ.

جۈپ ھەج قىلىشقا ئېھرام باغلىغان ئادەم مەككىگە كىرىپ دەسلەپ كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ. يەتتە قېتىم تاۋاپنىڭ ئەۋۋەلقى ئۈچ قېتىملىق تاۋاپتا سوكۇلداپ ماڭىدۇ. تاۋاپتىن كېيىن سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا

(1) سۈرە بەقەرەھ 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! مەن ئۆمرە ھەج ۋە پەرز ھەج قىلماقچىمەن. ماڭا ئۇ ئىككىسىنى ئادا قىلىشىمغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بەرسەڭ ۋە مەندىن قوبۇل قىلساڭ، دېگەنلىك بولىدۇ.

(3) تەلبىيەنىڭ مەنىسى: مەن ئەمرىڭ پەرمانىڭغا ھازىر بولۇپ ئۆمرە بىلەن ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئايلىنىدۇ. مانا بۇ ئۆمرە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىدۇر. سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ كەتمەيلا پەرز ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشلاپ مەككىگە كېلىش تاۋاپىنى قىلىدۇ، ئاندىن سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىدۇ، ئاندىن پەرز ھەجنىڭ قالغان پائالىيەتلىرىنى خۇددى تاق ھەج قىلىدىغان ئادەمگە ئوخشاشلا قىلىدۇ. جۈپ ھەجدىمۇ ئۆمرە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى پەرز ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. چۈنكى اللە تائالا: «ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن» دەپ بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەمنىڭ ئۆمرە ھەجنى پەرز ھەجدىن بالدۇر قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ئايەت گەرچە بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەم ھەققىدە كەلگەن بولسىمۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى جۈپ ھەج قىلىدىغان ئادەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى جۈپ ھەجنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى بەھرىمان ھەجنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ. جۈپ ھەج قىلىشقا ئېھرام باغلىغان ئادەم، بىرىنى ئۆمرە ھەج ئۈچۈن يەنە بىرىنى پەرز ھەج ئۈچۈن نىيەت قىلىپ ئىككى قېتىم ئارقىمۇ ـ ئارقا كەبىنى تاۋاپ قىلغان[1]، ئاندىن بىرىنى ئۆمرە ھەج ئۈچۈن يەنە بىرىنى پەرز ھەج ئۈچۈن نىيەت قىلىپ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىككى قېتىم ئايلانغان[2] بولسا، ئۇ ئادەم يەنە توغرا ئىش قىلغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم (ئەسلىدە پەرز ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى باشلىنىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدىغان) ئۆمرە ھەجنىڭ ئايلىنىشىنى (ھەجنىڭ تاۋاپىدىن) كېيىن قىلغانلىقى ۋە (ئەسلىدە ئۆمرە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى ئاياغلىشىپ بولغاندىن كېيىن قىلىنىدىغان) پەرز ھەجنىڭ تاۋاپىنى (ئۆمرە ھەجنىڭ ئايلىنىشىدىن) ئىلگىرى قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.[3]

## جۈپ ھەجنىڭ شەرتلىرى:

1 ـ پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىللە ئېھرام باغلاش. ئەگەر بىر ئادەم ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغاندا پەرز ھەجگىمۇ ئېھرام باغلىمىغان، ئاندىن

(1) ھەر قېتىملىق تاۋاپتا كەبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. ت.

(2) ھەر قېتىملىق ئايلىنىشتا سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. ت.

(3) «الهداية».

ئۆمرە ھەجنىڭ تاۋاپىنى باشلاشتىن ئىلگىرى پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىۋالغان بولسا (يەنى پەرز ھەجنى قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسا)، ئۇ ئادەم يەنە جۈپ ھەج قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ جۈپ ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم ئەرافات تېغىدا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆمرە ھەجنىڭ تاۋاپىنى قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ھەتتا ئەرافات تېغىدا تۇرىدىغان ۋاقىت كەلگىچە ئۆمرە ھەجنىڭ تاۋاپىنى قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم جۈپ ھەج قىلغان ھېسابلانمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن (جۈپ ھەج قىلغان ئادەمگە قىلىش لازىم بولىدىغان) قۇربانلىق چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا (تاكى ئۇ ئەرافات تېغىدا تۇرىدىغان ۋاقىت كەلگىچە ئۆمرە ھەجنىڭ تاۋاپىنى قىلماي) ئۆمرە ھەجنى بۇزۇۋاتقانلىق سەۋەبى بىلەن جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، جازا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىدىن ئۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ يېيىشى توغرا ئەمەستۇر. ئەمما جۈپ ھەج ۋە بەھرىمان ھەج قىلغانلىق ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن ئۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ يېيىشى توغرىدۇر. (بەلكى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇستەھەپتۇر.)

3 ـ ئۆمرە تاۋاپىنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ھەج ئايلىرىدا ئادا قىلىش لازىم.

4 ـ جۈپ ھەج قىلىدىغان ئادەممۇ خۇددى بەھرىمان ھەجنىڭكىدەك ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن مەزكۇر يەرلەرنىڭ سىرتىدىن كەلگەن بولۇشى لازىم.

5 ـ پەرز ھەجنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى لازىم.

جۈپ ھەجنىڭ پەزىلىتى بەھرىمان ھەجگە قارىغاندا يۇقىرىدۇر. چۈنكى جۈپ ھەجنى ئادا قىلىش بەھرىمان ھەجگە قارىغاندا قىيىندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامmu دەسلەپتە پەرز ھەجگە ئېھرام باغلاپ كېيىن ئۇنىڭغا ئۆمرە ھەجنى قوشۇپ جۈپ ھەج قىلغان. مۇشۇنداق دېيىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجنىڭ ھەققىدە كەلگەن خىلمۇخىل رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خىلمۇخىل رىۋايەتلەر بولسا، تۆۋەندىكى رىۋايەتلەردۇر:

ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن <ئەقىق> جىلغىسىدا[1]پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كېچىدىن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن بىرسى قېشىمغا كېلىپ: بۇ مۇبارەك جىلغىدا ناماز ئوقۇغىن ۋە پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىللە قىلىمەن، دەپ دېگىن، دېدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.[2]

ئىمام مۇسلىم ئەنەس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن دەرەخنىڭ قېشىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى ياتقان يەردە ئىدىم. تۆگە ئورنىدىن تورغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: <لەببەيكە بىھەججەتىن ۋە ئۆمرەتىن مەئان[3]> دەپ ئۆمرە ھەج بىلەن پەرز ھەجنى قوشۇپ تەلبىيە ئېيتتى». مانا بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىردا قىلغان خوشلۇشۇش ھەجدە بولغان.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەھرىمان ھەجنى قىلىش بىزلەرگە باشقا ھەجلەرگە قارىغاندا بەك ئاسانغا توختايدۇ. چۈنكى بەھرىمان ھەجدە ھەجنىڭ ئېھرامىنى، ئۇنى بۇزۇۋاتىدىغان ئىشلاردىن ساقلاش ئاساندۇر. چۈنكى جۈپ ھەجنى ۋە تاق ھەجنى قىلىدىغان ئادەم بەھرىمان ھەجنى قىلىدىغان ئادەمگە قارىغاندا ئۇزۇن مۇددەت ئېھرامنىڭ ئىچىدە قالىدۇ. ھەجنىڭ ئېھرامىنى ئۇنى بۇزۇۋاتىدىغان ئىشلاردىن ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرلا ساقلىيالايدۇ. بەھرىمان ھەجنى قىلىدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز مۇددەتلا ئېھرامنىڭ ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ، زۇلھەججى ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ھەجگە مەككىدىن ئېھرام باغلايدۇ، ئونۇنچى كۈنى ئەتتىگەندىلا ئېھرامدىن چىقىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئېھرامىنى ئۇنى بۇزۇۋاتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىشى ناھايىتى ئاسان بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم جۈپ ھەج قىلسا، ئېھرامنى ئۇنى بۇزۇۋاتىدىغان ئىشلاردىن

(1) بۇ مەدىنىلىكلەرنىڭ ئېھرام باغلايدىغان يېرى بولغان زۇلھۇلەيفىيە جىلغىسىنىڭ ئىچىدۇر.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(3) تەلبىيەنىڭ مەنىسى: مەن ئەمىر پەرمانىڭغا ھازىر بولۇپ ئۆمرە بىلەن ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

ساقلىيالماسلىق ئېھتىمالى بولسا، ئەگەر بەھرىمان ھەجى قىلسا، ئېھرامىنى ئۇنى بۇزۇۋاتىدىغان ئىشلاردىن ساقلاش ئېھتىمالى بولسا، (گەرچە جۈپ ھەجنىڭ پەزىلىتى بەھرىمان ھەجگە قارىغاندا يۇقىرى بولسىمۇ) ئۇ ئادەمنىڭ ھەجنىڭ كەمچىلىكتىن خالى ۋە قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەھرىمان ھەج قىلىشى ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى ھەج، دېگەن ئىنساننىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. بۇ مەسىلىنى ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <رد المحتار> دېگەن كىتابىدا شۇنداق بايان قىلغان.

## ھەجنىڭ ئاياللارغا خاس ھۆكۈملىرى

ئايال كىشىمۇ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئەر كىشىگە ئوخشاش قىلىدۇ. لېكىن ئاياللارغا خاس بەزى ھۆكۈملەر بولۇپ مەن ئۇلارنى يۇقىرىدا بىر نەچچە يەرلەردە بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مەن ئۇلارنى بۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن:

1 ـ ئايال كىشى ئېھرام باغلىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كىيىمى بىلەن قېلىپ قالىدۇ. يەنى ئايال كىشى ئېھرام باغلىغاندىمۇ تىكىلگەن كىيىم، ئۇشۇقنى ياپىدىغان ئاياغ، پەلەي ۋە پايپاق كىيىدۇ، بېشىنى يۆگەيدۇ ۋە تەلبىيە ئېيتقاندا ئاۋازىنى چىقارمايدۇ.

2 ـ ئايال كىشى تاۋاپ قىلغاندا خۇددى ئەر كىشى قىلغانغا ئوخشاش تاۋاپتا سوكۇلداپ ماڭمايدۇ ۋە (كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى قولتۇقىنىڭ ئاستىغا) باسمايدۇ. (قارا تاشنىڭ ئەتراپى) قىستا ـ قىستاڭ بولسا قارا تاشنى سۆيمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەر بەك قىستىلاڭغۇچ بولسا، ئۇ يەرنىڭ ئارقىسىدىمۇ ناماز ئوقۇماي باشقا يەردە ئوقۇيدۇ.

3 ـ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلانغاندا ئەگەر بەك قىستا ـ قىستاڭ بولسا، سافا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقمايدۇ ۋە (يۈگۈرۈشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئىككى ئىشارەتنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرمەيدۇ.

4 ـ ئەگەر ئايال كىشى (ئەتىسى مىنا تېغىدا شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەردە بولىدىغان قىستا ـ قىستاڭچىلىقتىن) قورقۇپ مىناغا بۇرۇن كېلىپ تاشنى ئېتىۋېلىش ئۈچۈن مۇزدەلىفەدە تۈرمىغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇزدەلىفەدە

تۇرمىغانلىق ئۇچۇن بېرىلىدىغان بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلمەيدۇ.

5 ـ ئەگەر ئايال كىشى ھەيز كۆرۈپ قالغانلىق ياكى نىفاسدار بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا يەنە جازا كەلمەيدۇ.

6 ـ شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى ئۇ يەردىكى قىستا ـ قىستاڭچىلىقتىن قورقۇپ ئۇنى ئېتىش مۇستەھەپ بولغان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا مەسىلەن: كېچىگە ئوخشاش باشقا ۋاقىتتا ئاتسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

7 ـ ئەگەر ئايال كىشى ھەيز كۆرۈپ قالغانلىق ياكى نىفاسدار بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

8 ـ ئايال كىشى ئېھرامدىن چىقىدىغان چاغدا چېچىنى چۈشۈرمەيدۇ. ئۇ پەقەت چېچىنى قىسقارتىدۇ.

9 ـ ئايال كىشى ھەجگە پەقەت ئېرى بىلەن ياكى مەھرەم بىلەن بارىدۇ. ئەگەر ئايال تالاق ئىددىتىنى ياكى ئۆلۈم ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە بېرىشى ھارامدۇر.

## ھەجنىڭ كىچىك باللارغا خاس ھۆكۈملىرى

تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ھەج قىلىشى توغرىدۇر. كىچىك بالىنىڭ قىلغان ھەجى ئۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن قىلىش پەرز بولغان پەرز ھەجگە ئەمەس نەپلە ھەجگە ھېساب بولىدۇ. كىچىك بالىنىڭ قىلغان ھەجنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئايال كىچىك بىر بالىسىنى كۆتۈرۈپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭغا ھەج قىلىش لازىممۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق. (سەن ئۇنى ھەجگە ئاپارساڭ) ساڭا ئەجىر بار» دېدى.

كىچىك بالا ئۆزى قىلالمايدىغان ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ ئاپارغان ئادەم قىلىپ بېرىدۇ. كىچىك بالا مەيلى ئاق ـ قارىنى

پەرق ئەتكۈدەك ياشتا بولسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن كىچىك ياشتا بولسۇن ئۆزى قىلالايدىغان ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەم قىلىپ بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازنى كىچىك بالىغا ئىگە بولغان ئادەم ھەرگىز ئۇ بالا ئۈچۈن ئوقۇپ بەرمەيدۇ.

ئەمما تاۋاپنى ئەگەر كىچىك بالا ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ياشتا بولسا، ئۆزى قىلىدۇ. ئەگەر بالا ئۇ ياشتا بولمىسا، بالىنى ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەم كۆتۈرۈپ بىللە تاۋاپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەرافاتتا تۇرۇشقا، سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىشقا ۋە تاش ئېتىشقا ئوخشاش ئىشلارنى (ئەگەر بالا ئۆزى قىلالمايدىغان دەرىجىدە بولسا) بالىغا ئىگە بولغان ئادەم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە تىرمىزىي جابىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھەج قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاياللارغا ۋاكالەتەن تەلبىيە ئېيتاتتۇق ۋە كىچىك باللار ئۈچۈن شەيتانغا تاش ئاتاتتۇق.»

بالىنىڭ ئىگىسى بالىنى ئۇنىڭ تىكىلگەن كىيىم كەيگەنگە ۋە خۇشپۇراقلىق نەرسىنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش ئېھرامنى بۇزۇدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن يىراق تۇتۇشى لازىم. ئەگەر كىچىك بالا مەزكۇر ئىشلارغا ئوخشاش ئېھرامنى بۇزۇدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىن ياكى پەرزلىرىدىن بىرەرسىنى قىلماي قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ ۋە ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىشمۇ لازىم بولمايدۇ. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ بىر ئىبادەتنى باشلىشى بىلەن ئۇ ئىبادەت ئۇنىڭغا تاكى ئۇنى ئاياغلاشتۇرمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە لازىم بولۇپ كەتمەيدۇ.[1]

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەگەر كىچىك بالا ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن بالاغەتكە يەتكەن، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەرافاتتا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېھرامنى پەرز ھەجنى نىيەت قىلىپ قايتا باغلىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پەرز ھەج ئادا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئېھرامنى پەرز ھەجنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ قايتا باغلىمىغان بولسا،

(1) <إرشاد الصاوي>.

ئۇنىڭ قىلغان ھەجى نەپلە ھەجگە ھېساب بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بارلىق مەسىلىلەردە، ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھۆكمى خۇددى كىچىك بالىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: ساراڭ بولۇپ قالغان بىر ئادەم ئېھرام بولغاندىن كېيىن ئوڭشالغان ۋە (ئەرافات تېغىدا تۇرۇشتىن ئىلگىرى) پەرز ھەجنى نىيەت قىلىپ ئېھرامىنى قايتا باغلىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ.

# كېسەل ئادەمنىڭ ھەجىنىڭ بايانى

ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ھەرەمگە ماڭغان بىر ئادەم ئېھرام باغلايدىغان يەرگە كەلگەندە ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرى ھوشىدىن كەتكەن ياكى كېسەل بولۇپ قېلىپ قاتتىق ئويقىغا كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياكى ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز ئۇنىڭ ھەمراھىسى ياكى باشقا بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەجگە نىيەت قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەلبىيە ئېيتىپ قويىدۇ ۋە تەلبىيەنى: <ئەللاھۇممە ئىننەھۇ يۇرىدۇل ھەججە فەيەسسىرھۇ لەھۇ ۋە تەقەببەلھۇ مىنھۇ لەببەيكە ئەن فۇلانىن[1]> دەپ ئېيتىپ كېسەل ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ. شۇنداق قىلسا كېسەل بولۇپ قېلىپ ئويقۇغا كەتكەن ياكى ھوشىدىن كەتكەن ئۇ ئادەم ئېھرام باغلىغان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىلغان ھەجى پەرز ھەج ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ باغلىغان ئېھرامىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۇستۇدىكى تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى سالدۇرۇش شەرت ئەمەس. چۈنكى ئېھرامنىڭ توغرا بولۇشى تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى سېلىشقىلا قاراشلىق ئەمەس. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىش ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئەگەر ھوشىدىن كەتكەن ئادەم ئېھرام باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھوشىغا كەلگەن ياكى قاتتىق ئويقۇغا كەتكەن كېسەل ئويغانغان بولسا، ئۇلارنىڭ

(1) تەلبىيەنىڭ مەنىسى: ئى اللە! ھەقىقەتەن ئۇ ئادەم ھەج قىلماقچىدۇر. ئۇنىڭغا ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاسانچىلىق يارىتىپ بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلساڭ ۋە مەن ئەمىر پەرمانىڭغا ھازىر بولۇپ پالانى ئادەمنىڭ نامىدىن (ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ) ساڭا تەلبىيە ئېيتىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ.

ھەجنىڭ قالغان پائالىيەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىشى لازىم. ئەگەر ھوشىدىن كەتكەن ئادەم ھوشىغا كەلمىگەن ياكى ئويقىغا كەتكەن كىسەل ئويغانمىغان بولسا، ھەمراھلىرى ئۇلارنى ئەرافات تېغىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ئازراق مۇددەت بولسىمۇ ئۇ يەردە تۇرغۇزىدۇ ۋە كۆتۈرگەن ئادەم ئۇنىڭ نامىدىن تاۋاپ قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تاۋاپ قىلغۇزىدۇ. ئەمما شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ۋە سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىدىغانغا ئوخشاش ھەجنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنى (ئۇ ئادەملەرنى شۇ پائالىيەتلەرنى قىلىدىغان يەرگە بىللە ئېلىپ بارماستىن) ھەمراھلىرى ئۇلارنىڭ نامىدىن قىلىدۇ. چۈنكى بۇ پائالىيەتلەر ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پائالىيەتلەرنى ياشىنىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن قىلالمىغان ئادەمنىڭ نامىدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ قىلىشىمۇ توغرىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن ھوشىدىن كەتكەن بولسا، ھەمراھلىرىنىڭ ئۇنى ئەرافات تېغىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىشى ۋە كۆتۈرۈپ زىيارەت تاۋاپىنى قىلدۇرۇشى لازىم.[1]

## تاق ھەج قىلىدىغان ئادەمنىڭ تاكى ھەجنى باشلىغان ۋاقىتىدىن تارتىپ ئۇنى ئاياغلاشتۇرغانغا قەدەر قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ بايانى

بىر ئادەم ھەج قىلماقچى بولسا، ھەتتا قىلغان ھەجنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شۇبھە يوق ۋە ھالال مال ـ دۇنيادىن ھەج قىلىش جەريانىدا ئىشلىتىدىغان ھەجنىڭ چىقىملىرىنى تەييارلايدۇ. ئۇنتۇپ قالغان ياخشى ئىشلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ۋە بىز بىر ئاز بۇرۇن بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك كىسەل بولۇپ قېلىپ ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىلالماي قالسا، ياردەملىشىدىغان ياخشى ئادەمدىن بىرىنى سەپەردە ھەمراھ قىلىدۇ.

ئۇ ئادەم ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ھەتتا قىلغان ھەجى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن بىر ھالەتتە بولۇش ئۈچۈن ھەجنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىشى لازىم. ھەجگە ھەتتا ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەگىشىپ بىللە قىلىش ئۈچۈن تەقۋادار ياخشى بىر ئالىمنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقىش ناھايىتى ياخشىدۇر.

---

(1) <إرشاد الصاوي>.

ئۇ ئادەم ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى قۇلۇم ـ قوشنا ۋە يۇرت مەھەللىدىكى ئادەملەرنى زىيارەت قىلىپ ئۇلار بىلەن رازىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشى لازىم.

ئەگەر ھەجگە چىقماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولسا، ھەجگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىش لازىم. ئەگەر ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرى بالىنىڭ خىزمىتىگە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ ھەجگە بېرىشىگە قوشۇلمىغان ۋە بالىنىڭ بارماقچى بولغان ھەج ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە ھەج[1] بولىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە بالىنىڭ ھەجگە بېرىشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش نەپلە ھەج قىلغاندىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ بارماقچى بولغان ھەجى پەرز ھەج بولىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ بالا ھەجگە ماڭىدۇ. چۈنكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىش ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇشتىن ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە قەرىزدار ئادەمنىڭ ھەتتا قەرز ئىگىللىرىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ھەجگە بېرىشى مەكرۇھتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزۈسىدىن ھەج قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چىقىشى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چىقالمىسا، دۈشەنبە كۈنى ئەتتىگەندىلا چىقىدۇ. ئۆيىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ. ناماز ئوقۇپ بولۇپ ئىشىكىدىن چىقىدىغان ۋاقتىدا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ:

>ئەللاھۇممە بىكە ئىنتەشەرتۇ، ۋە ئىلەيكە تەۋەججەھتۇ، ۋە بىكە ئىئتەسەمتۇ، ۋە ئەلەيكە تەۋەككەلتۇ، ئەللاھۇممە ئەنتە سىقەتى، ۋە ئەنتە رىجائى، ئەللاھۇممۇ ئىكفىنى ما ئەھەممەنى ۋە ما لا ئەھتەممۇ بىھى ۋە ما ئەنتە ئەئلەمۇ بىھى مىننى، ئەززە جارۇكە ۋە لا ئىلاھە غەيرۇك، ئەللاھۇممە زەۋۋىدنى ئەتتەقۋا ۋەغفىر لى زۇنۇبى ۋە ۋەججىھنى ئىلەل خەيرى ئەينەما تەۋەججەھتۇ، ئەللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇ بىكە مىن ۋەئسائىس سەپەرى ۋە كەئابەتىل مۇنقەلەبى ۋەلھۇرى بەئدەلكەۋرى، ۋە سۇئىل مەنزەرى فىل ئەھلى ۋەلمالى ۋەلۋەلەدى[2]<

(1) يەنى بالا ئۈستۈدىكى پەرز ھەجنى بۇرۇن قىلىپ بولغان ۋە بۇ قېتىمقى ئۇنىڭ ئىككىنچى ھەجى بولىدىغان بولسا. ت.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى اللە! مەن سېنىڭ ماڭا بەرگەن قۇدرىتىڭ بىلەن تارالدىم (يەنى سەپەر قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم) ساڭا يۈزلەندىم، ساڭا ئېسىلدىم ۋە ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم. ئى اللە! سەن مېنىڭ ئىشەنچىم ۋە ئۈمىدىم سەن. ئى اللە! سەن ماڭا مۇھىم بولغان، مەن كۆڭۈل بىلمىگەن ۋە (ماڭا مۇھىم ئىكەنلىكىنى) سەن مەندىن ياخشى بىلىدىغان نەرسىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگىن، سېنىڭ ساقلىشىڭ كۈچلۈكتۇر ۋە سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئى اللە! ماڭا تەقۋالىقنى ئۇزۇق قىلىپ

ئۆيدىن خۇش كۆڭۈل بىلەن چىقىدۇ ۋە يول بويى الله تائالادىن قورققان ھالەتتە ماڭىدۇ. ھەج سەپىرىدە (تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماستىن) پۈتۈن سەپىرىنى الله تائالاغا تائەت ۋە ئىبادەت قىلىشقىلا ئاجرىتىش ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ھەج سەپىرىدە تىجارەت قىلىپ قالسا، يەنە ئۇنىڭ ساۋابى كەم بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق)رىزق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.»[1]

ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: <بىسمىللاھى ۋە لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ. تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھى، ئەللاھۇممە ۋەفىقنى لىما تۇھىببۇ ۋە تەردا ۋەھفىزنى مىنەششەيتانىرراجىم[2]> بۇنىڭدىن كېيىن ئايەتۇل كۇرسىنى، ئىخلاس، پەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇيدۇ.

(تۆگىگە، ئاتقا، ماشىنىغا ۋە ئايرۇپىلانغا ئوخشاش) سەپەر قۇراللىرىغا مىنگەن ۋاقتىدا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: <بىسمىللاھى ۋەلھەمدۇ لىللاھىللەزى ھەدانا لىلئىسلام ۋە ئەللەمەنا ئەلقۇرئان ۋە مەننە ئەلەينا بىمۇھەممەدىن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم، ئەلھەمدۇ لىللاھىللەزى جەئەلەنى فى خەيرى ئۇممەتىن ئۇخرىجەت لىنناسى، سۇبھانەللەزى سەخخەرە لەنا ھەزا ۋە ما كۇننا لەھۇ مۇقرىنىنە ۋە ئىننا ئىلا رەببىنا لەمۇنقەلىبۇنە ۋەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىينە[3]>[4]

## ئېھرام باغلاش

ئېھرام باغلايدىغان چاغدا، ئەگەر چېچىنى چۈشۈرۈشكە كېرەكلىك بولۇپ قالغان بولسا، چېچىنى چۈشۈرۈشى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر چېچىنى چۈشۈرمىسە،

بەرگىن، مىنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن ۋە مەن قەيەرگە يۈزلەنسەم (شۇ يەردە) مىنى ياخشى ئىشلارغا يۈزلەندۈرگىن. ئى الله! مەن سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن، يامان ئاقىۋەتتىن، مۇكەممەللىشىپ بولغاندىن كېيىن كېمىيىشكە قاراپ يۈزلىنىشتىن، ئائىلەمدە، مال ـ دۇنيارىمدا ۋە بالىۋاقىللىرىمدا يامان ئەھۋالنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

(1) سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت الله غا خاستۇر، الله غا تەۋەككۈل قىلدىم. ئى الله! سەن ماڭا ئۆزەڭ ياخشى كۆرۈدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇتۇقلۇق بەرگىن ۋە مېنى قوغلاندى شەيتاندىن ساقلىغىن.

(3) الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بىزنى ئىسلامغا باشلىغان، بىزگە قۇرئاننى ئۆگەتكەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن بىزگە ئېھسان قىلغان الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! مېنى، ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتنىڭ ئىچىدە قىلغان الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا بولسۇن!

(4) <الفتاوى الهندية>.

ئۇنى تارايدۇ. بۇرۇتىنى قىسقارتىدۇ. پۇت ـ قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىنى ئالىدۇ. قولتۇقىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلىدۇ. جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈكلەرنى تازىلايدۇ. ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. تىكىلگەن بارلىق كىيىملەرنى سېلىپ تاشلايدۇ. بېشىنى يۆگىمەيدۇ. ئاياغ، پايپاق ۋە پەلەي كەيمەيدۇ. ئاندىن ئەگەر مۇمكىن بولسا، يۇيۇنىدۇ. ئەگەر يۇيۇنىش مۇمكىن بولمىسا، تاھارەت ئالىدۇ. ئەگەر (سۇ يوقلۇق ياكى بىرەر كېسەل سەۋەبىدىن) تاھارەت ئالالمىسا ياكى يۇيۇنالمىسا ئېھرام باغلاپ بولۇپ ئوقۇش سۈننەت بولغان ناماز ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىدۇ (يەنى تەيەممۇم قىلىپ شۇ نامازنى ئوقۇيدۇ). ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرىكى يۇيۇنۇش بولسا، (تاھارەتسىزلىككە ئوخشاش مەنىۋىي مەينەتچىلىكتىن) پاكىزلىنىش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت (تەر ۋە كىرغا ئوخشاش ھىسسىي مەينەتچىلىكتىن) پاكىزلىنىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەيز كۆرۈپ قالغان ياكى نىفاسدار بولۇپ قالغان ئاياللارغىمۇ ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە تىرمىزىي ۋە ئەبۇداۋۇد مۇنداق دەيدۇ: «نىفاسدار ۋە ھەيزدار ئاياللارمۇ يۇيۇنىدۇ. ئېھرام باغلايدۇ ۋە كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا ھەجنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى قىلىدۇ. تاۋاپنى پاك بولغاندا قىلىدۇ.»

ئەركىشى (ئېھرام دەپ ئاتىلىدىغان) ئىككى پارچە رەخنىڭ بىر پارچىسى بىلەن كىندىكىدىن تارتىپ تىزنىڭ ئاستىغا قەدەر يۆگەيدۇ. يەنە بىر پارچىسىنى دۈلىغا ئارتىدۇ. ئۇ ئىككى پارچە رەخنىڭ رەڭگى ئاق ۋە يېڭى ياكى پاكىز يۇيۇلغان بولۇشى مۇستەھەپتۇر. كىندىكىدىن تارتىپ تىزنىڭ ئاستىغا قەدەر يۆگۆگەن پارچە رەخنى ھەتتا قىستا ـ قىستاڭدا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۈستۈدىن بىر نەرسە بىلەن باغلىۋالىدۇ. ئېھرامنى ئىككى پارچىدىن ئارتۇق رەخ بىلەن باغلىسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن قورقسا بېشى بىلەن يۈزىنى يۆگىمەسلىك شەرتى بىلەن بەدىنىنى تىكىلمىگەن نەرسە بىلەن يۆگىسە بولىدۇ. قوللىرىنى يەڭلىرىگە كىرگۈزمەسلىك شەرتى بىلەن دۈلىللىرىغا تىكىلگەن كىيىملەردىن خالىغانچە ئارتىپ ماڭسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم قوللىرىنى كىيىمنىڭ يەڭلىرىگە كىرگۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن كىيىمنى كەيگەن ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سوغۇقتىن قورقمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى مەكرۇھتۇر.

ئايال كىشى ئېھرام باغلىغان ۋاقتىدىمۇ تىكىلگەن ئۆزىنىڭ كىيىم ـ

كىچەكلىرى بىلەن قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىشىگە ئوخشاش يېرىم ـ يالىڭاچ بولۇشى ھارامدۇر. ئايال كىشى ئاياغ، پايپاق ۋە پەلەي كىيىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئاياغ كىيىشكە رۇخسەت قىلدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئايال كىشى ئېھرامىنىڭ ئىچىدە تورۇپمۇ بېشىنى يۆگەيدۇ. يۈزىنى ياغلىقى يۈزىنىڭ تېرىسىگە چاپلىشىۋالمىغۇدەك بىر شەكىلدە قىلىپ يۆگەيدۇ[1]. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئېھرام باغلىغلىق ئىدۇق. يولۇچىلار بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆتەتتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە بىز بېشىمىزدىكى رومالنى يۈزۈمىزگە تاشلايتتۇق. ئۇلار قېشىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەندە يۈزلىرىمىزنى ئېچىۋاتاتتۇق.»[2]

ئەر كىشى ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرى رەڭگى تىنىدە ۋە چاچلىرىدا قېلىپ قالمايدىغان خۇشپۇراق نەرسىنى ئۆزىگە ئىشلىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېھرام باغلايدىغان چاغدا ۋە ئېھرامدىن چىقىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى خۇشپۇراقلىق نەرسە ئىشلىتەتتىم.»[3]

ئېھرامنى باغلاپ بولۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھ ئەمەس ۋاقىتتا ئېھرامنىڭ سۈننىتى، دەپ اللّٰه تائالا ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ. اللّٰه تائالادىن گۇناھلىرىنىڭ كۆچۈرۈلۈشىنى تىلەيدۇ ۋە بارلىق گۇناھلىرىدىن سەممىي تەۋبە قىلىدۇ. ئاندىن ھەج قىلىشقا كەسكىن ئىرادە باغلاپ ھەجنىڭ نىيىتىنى قىلىدۇ. ھەم: <ئەللاھۇممە ئىننى ئۇرىدۇل ھەججە فەيەسسىرھۇ لى ۋە تەقەببەلھۇ مىننى نەۋەيتۇل ھەججە ۋە ئەھرەمتۇ بىھى لىللاھى تائالا مۇخلىسەن[4]> دېگەن دۇئانى ئوقۇش ياخشىدۇر.

---

(1) كۆنىمىزدە ئاياللار بېشىغا شەپكە كىيىپ ئۇنىڭ ئۈستۈندىن ياغلىق ئارتىپ يۈزىنى يۆگەيدۇ. شەپكىنىڭ ئالدىدىكى ئارتۇق يېرى ياغلىقنىڭ يۈزگە چاپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(4) ئى اللّٰه! ھەققەتەن مەن ھەج قىلماقچىمەن، ماڭا ھەجنى ئادا قىلىشقا ئاسانچىلىق يارىتىپ بەرگىن، مەندىن قوبۇل قىلغىن، مەن ھەجگە نىيەت قىلدىم ۋە چىن ئىخلاسلىقىم بىلەن اللّٰه تائالا ئۈچۈن ھەجگە ئېھرام باغلىدىم.

# تەلبىيە ئېيتىش

ئېھرام باغلاپ بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان تەلبىيەنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان تەلبىيەنىڭ قايسى تەلبىيە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان تەلبىيە بولسا: «لەببەيكەللاھۇممۇ لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك، ئىننەل ھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك لا شەرىكە لەك[1] دېگەن تەلبىيەدۇر» دېدى.[2]

ئىبنى ئابدۇلبەر: «بىر تۈركۈم ئالىملار تەلبىيە ئېيتىشنىڭ مەنىسى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ھەجگە چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېلىپ بارغان دەۋىتىگە جاۋاپ قايتۇرۇشتۇر، دېگەن قاراشتىدۇر» دېدى. ئىبنى ئەلمۇنىر <ئەلھاشىيە> دېگەن كىتابتا: «تەلبىيە ئېيتىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى بولسا، ھەرەمگە كەلگەن ئادەملەر پەقەت اللە تائالا تەرىپىدىن بولغان بىر چاقىرىق بىلەن كەلگەندۇر، دەپ اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان مەرھەمەتىگە بېرىلگەن بىر سىگنالدۇر» دېدى.[3]

نەپلە ناماز بولسىمۇ ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن ۋە جۇنۇپ ياكى ھەيزدار بولغان تەقدىردىمۇ مەيلى ئۆرە تۇرۇۋاتقان بولسۇن مەيلى ئولتۇرۇۋاتقان بولسۇن مەيلى مىڭىۋاتقان بولسۇن مەيلى تۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بولسۇن بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتكەن ۋاقىتتا تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىش مۇستەھەپتۇر.

تەلبىيەنى ئېيتىشنى ھەر قېتىم باشلىغاندا ئۈچ قېتىم تەكرارلاش مۇستەھەپتۇر، ئۇنى گەپ قىلىپ ئۈزۈپ قويمايدۇ. ئۇنى ئېيتىۋاتقان ئارىلىقتا باشقىلارنىڭ قىلغان سالىمىغا جاۋاپ قايتۇرۇشقا بولىدۇ. تەلبىيە ئېيتمايدىغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئېيتىۋاتقانلارغا سالام قىلىشى مەكرۇھتۇر. ئەرلەر تەلبىيە ئېيتقاندا ئۆزلىرىنى قىينىمىغان ھالدا ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈشى سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە تىرمىزىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەڭ پەزىلەتلىك ھەج، تەلبىيە ئاۋازلىق ئېيتىلغان ۋە قۇربانلىق

(1) تەلبىيەنىڭ مەنىسى: ئى اللە! ئەمىر پەرمانىڭغا ھازىرمەن، ئەمىر پەرمانىڭغا ھازىرمەن، ئەمىر پەرمانىڭغا ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ئەمىر پەرمانىڭغا ھازىرمەن، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا، ئېھسان قىلىش ۋە ئىگىدارچىلىق ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(3) «فتچ الباري»، 3 ـ توم، 409 ـ بەت.

قىلىنغان ھەجدۇر ››. بۇ ھەقتە يەنە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: ‹‹ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە پېشىنني تۆت رەكەت ئوقۇدى. زۇلھۇلەيپەدە ئەسىرنى ئىككى رەكەت ئوقۇدى. مەن ساھابىلەرنىڭ پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە تەلبىيەنى ئاۋازلىق ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدىم. ››[1]

ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم (ئېھرام باغلاپ بولۇپلا باشلىغان) تەلبىيەنى تاكى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى ئېتىپ بولغانغا قەدەر ئۇزمەي داۋام قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلپەزلە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى مۇزدەلىفەدىن مىناغا قەدەر ئۇلۇغىغا مىندۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى ئاتقانغا قەدەر توختىماي تەلبىيە ئېيتىپ تۇردى. ››[2]

## مەككە مۇكەررەمەگە كىرىش

ھەج قىلماقچى بولغان ئادەم مەككىگە يېقىنلاشقانسىرى تەھلىل[3] ۋە تەكبىر[4] بىلەن بىرگە تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىدۇ. الله تائالاغا كۆپ يېلىنىپ دۇئا قىلىدۇ. مەككىگە كۈندۈزدە ھازىر <ھۇجۇن كوچىسى> دەپ ئاتىلىدىغان كىدائ يولىدىكى <ئەلمۇئەللا> دېگەن كىرىش ئېغىزىدىن كىرىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە مەككىنىڭ ئۈستۈن تەرىپى بولغان كىدائ يولىدىن كىرگەن، (چىقىپ كىتىدىغان چاغدا) ئۇنىڭ ئاستىن تەرىپى بولغان مەسپەلىدىن چىقىپ كەتكەن. ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇ شۇنداق قىلاتتى.

ئەگەر مۇمكىن بولسا مەككىگە كىرىش ئۈچۈن يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر. مەككىگە كىرگەندە ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك بىر يەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش لازىم. مەككە بولسا، الله تائالا ھۆرمەتلىك قىلغان بىر شەھەردۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹‹(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) ‹‹ مەن پەقەت الله ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) نىڭ پەرۋەردىگارىغا

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) يەنى <لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ> نى كۆپ ئېيتىدۇ.

(4) يەنى <ئەللاھۇ ئەكبەر> نى ئېيتىدۇ.

ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم»[1]«بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ»[2] مەككىنىڭ <كەنتىنىڭ ئانىسى ياكى باش كەنت> دەپ ئاتىلىشى مەككىنىڭ ھۆرمەتلىك ئورۇن بولغانلىقى ياكى ھەقىقەتەن باشقا شەھەرلەرنىڭ ئانىسى ياكى بېشى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر[3].

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كۆۋەيت دۆلىتىدە چىقىدىغان ئەرەب ژۇرنىلى 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چىققان ساندا: يەر كۆلىمىنى ئۆلچەش ئۇستازى بولغان دوكتۇر ھۇسەين كەمالۇددىنىنىڭ ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقاتىدا مەككە مۇكەررەمەنىڭ يەرشارىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقىنى بايان قىلدى.

الله تائالا مەككىنىڭ ھۆرمەتلىك بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن»[4] بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان كۈنى مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن الله تائالا بۇ شەھەرنى (يەنى مەككىنى) ئاسمان زېمىننى ياراتقان كۈنى ھۆرمەتلىك قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ، الله تائالانىڭ ھۆرمەتلىك قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھۆرمەتلىك قىلىنغاندۇر. . .»

## ھەرەم مەسچىتىگە كىرىش

مەككىگە كىرىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى خاتىرجەم بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تەھلىل، تەلبىيە، تەكبىر ئېيتقان ۋە دۇئا قىلغان ھالەتتە ھەرەم مەسچىتىگە قاراپ ماڭىدۇ. ھەرەم مەسچىتىگە الله تائالاغا باش ئەككەن،

(1) سۈرە نەمله 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ئەنئام 92 ـ ئايەت.

(3) ئىككىنچى ئايەتتىكى <مەككە ئاھالىسىنى> دېگەن سۆزنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئەرەبچە سۆز بولسا، <كەنتىنىڭ ئانىسى ياكى باش كەنت> دېگەن مەنانى بېرىدىغان <ئۇممۇل قۇرا> دېگەن سۆزدۇر. بۇ مەككىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاپتور يۇقىرىدا مەككىنىڭ مەزكۇر ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ. ت.

(4) سۈرە بەلەد 1 ـ ئايەت.

ناھايىتى كەمتەر ۋە دىلىدا شۇ ئورۇننىڭ ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنى ياد ئەتكەن ھالىتىدە كىرىدۇ. اللّٰه تائالا ھەرەم مەسچىتىنىڭ شۇنداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اللّٰه ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر»[1] «اللّٰه بەيتۇلھەرام بولغان كەبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقىسى قىلدى، بۇ، اللّٰه نىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە اللّٰه نىڭ ھەر شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر»[2]

ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىشىكىدىن ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىدۇ. ھەرقانداق مەسچىتكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش سۈننەتتۇر. ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىگە دۇئا قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتقان ھالىتىدە كىرىدۇ. ھەمدە تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇيدۇ: < ئەئۇزۇ بىللاھىل ئەزىمى ۋە بىۋەجھىھىل كەرىمى ۋە سولتانىھىل قەدىمى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھى ۋە سسالاتۇ ۋە سسالامۇ ئەلا رەسۇلىللاھى، ئەللاھۇممە ئىغفىر لى جەمىئە زۇنۇبى ۋەفتەھ لى ئەبۋابە رەھمەتىك، ئەللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام ۋە ئىلەيكە يەرجىئۇسسالام، ھەيىىنا رەببەنا بىسسالام ۋە ئەدخىلنا دارەسسالام تەبارەكتە رەببەنا ۋە تەئالەيتە يا زالجالالى ۋەلئىكرام[3]>

(1) سۈرە ئالى ئىمران 96 ــ 97 - ئايەتلەر.

(2) سۈرە مائىدە 97 - ئايەت.

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: مەن كاتتا اللّٰه تائالاغا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ۋە ئەزەلىي پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. دۇرۇت ۋە سالاملار اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بولسۇن. ئى اللّٰه! مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن. ئى اللّٰه! سەن مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇرسەن، سالامەتلىك بېغىشلاش سەندىندۇر، سالامەتلىك ساڭا قايتقۇچىدۇر، ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى سالامەتلىك بىلەن ياشاتتۇرغىن ۋە بىزنى سالامەتلىك قورۇسىغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزگىن. ئى كاتتا، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ بەرىكىتىڭ بۈيۈكتۇر ۋە كاتتىدۇر.

ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەبە كۆزىگە كۆرۈنگەندە بىر تۇۋرۇكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۈچ قېتىم تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ ۋە خالىغان دۇئا بىلەن دۇئا قىلىدۇ. تەبرانىي: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى كۆرگەندە: <ئەللاھۇممە زىد بەيتەكە تەشرىفەن ۋە تەئزىمەن ۋە تەكرىمەن ۋە بىررەن ۋە مەھابەتەن[1]> دەپ دۇئا قىلاتتى » دېدى.

ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە كەبە كۆزىگە كۆرۈنگەن يەردە تۇرۇپ قىلىنغان دۇئا بولسا، ئىجابەت قىلىنىدىغان دۇئالارنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى مۆمىن ئادەم كەبىنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ دىلىنى قاتتىق بىر ئەيمىنىش تۇيغۇسى قاپلايدۇ ۋە قاتتىق بىر سۈر باسىدۇ. كەبىنى كۆرگەن ۋاقتىدا دۇئا قىلىسمۇ قولىنى كۆتۈرمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە نەسائىي قاتارلىقلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: كەبىنى كۆرگەن ۋاقتىدا قولىرىنى كۆتۈرگەن ئەمەس.

ئاندىن <قارا قىرغاق> دەپ ئاتىلىدىغان كەبىنىڭ قارا تاش بار قىرغىقىنىڭ قېشىغا بارىدۇ. قارا تاش بولسا، جەننەتنىڭ تاشلىرىدىندۇر. بۇ ھەقتە تىرمىزىي ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « قارا تاش جەننەتتىن چۈشتى. ئۇ سۈتتىنمۇ ئاق ئىدى. ئۇنى ئىنسانىنىڭ خاتالىرى قارا قىلىۋەتتى. »

ئەگەر ھەرەم مەسچىتىگە كىرگەن ئادەم ئۈستىدە تاۋاپ قىلىش ۋەزىپىسى بار ياكى تاۋاپ قىلماقچى بولغان ئادەم بولسا، ھەرەم مەسچىتىگە كىرىپ مەسچىت سالىمىنى (يەنى تەھىيەتۇل مەسچىتنى) ئوقۇپ ئولتۇرماي تاۋاپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۈچۈن كەبىنى تاۋاپ قىلىش مەسچىت سالىمىنىڭ ئورنىدا ئۆتىدۇ. ئەمما ھەرەم مەسچىتىگە كىرىپ تاۋاپ قىلماي ئولتۇرماقچى بولغان ئادەم، ئەگەر ئۇنىڭ مەسچىتكە كىرگەن ۋاقتى ناماز ئوقۇش مەكرۇھ قىلىنغان ۋاقىت بولمىسا، ئوقۇش سۈننەت بولغان ئىككى رەكەت مەسچىت سالىمىنى ئوقۇماستىن ئولتۇرمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاۋاپ ھەرقانداق نامازدىن ئىلگىرى ئادا قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! ئۆيۈڭنىڭ (يەنى كەبىنىڭ) ھۆرمىتىنى، كاتتىلىقىنى، ئۇلۇغلىقىنى، ياخشى ئورۇنلىقىنى ۋە ھەيۋىتىنى ئاشۇرغىن.

تاۋاپ قىلىپ ئولتۇرسا، پەرز نامازنىڭ ياكى ۋىتىرنىڭ ياكى (ھەر پەرز نامازنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇلىدىغان) كۆچلۈك سۈننەتلەرنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدىغان ياكى جامائەت قازا بولۇپ كېتىدىغان ياكى جىنازە نامىزى ئوقۇپ بولىنىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالەتتە مەزكۇر نامازلار تاۋاپتىن ئىلگىرى ئادا قىلىنىدۇ.[1]

## تاۋاپ قىلىش

ئەگەر قىلىنماقچى بولغان تاۋاپ، ئارقىسىدىن سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش كېرەك بولغان تاۋاپ[2] بولسا، تاۋاپتا ئېھرامنى قولتۇقتا قىستۇرۇش سۈننەتتۇر. ئېھرامنى قولتۇقتا قىستۇرۇشنىڭ شەكلى بولسا، ئېھرامنىڭ ئوتتۇرسىنى ئوڭ قولتۇقنىڭ ئاستىغا بېسىش، ئالدى ۋە كەينى تەرىپىدىن كەلگەن ئېھرامنىڭ ئىككى ئۇچىنى سول دولىسىنىڭ ئۈستۈگە ئارتىش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوڭ دولى ئوچۇق سول دولى ئېھرام بىلەن يۆگەلگەن ھالدا تۇرىدۇ.

ئېھرامنى قولتۇقتا قىستۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە سوكۇلداپ مېڭىشمۇ سۈننەتتۇر. سوكۇلداپ مېڭىش قەدەمنى قىسقا ـ قىسقا ئېلىپ، ئىككى دولىنى سىلكىپ تېزراق مېڭىش بىلەن بولىدۇ. ئارقىسىدىن سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش بار تاۋاپنىڭ دەسلەپكى ئۈچ قېتىملىق ئايلىنىشتا، سوكۇلداپ مېڭىش سۈننەتتۇر. چۈنكى ئىبنى ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ھەج قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كېلىپ (يەنى ھەرەمگە كىرىپ) دەسلەپ قارا تاشنى سۆيدى، ئاندىن (كەبىنىڭ ئەتراپىدا قىلىدىغان) يەتتە قېتىم تاۋاپنىڭ ئۈچ قېتىمىدا سوكۇلداپ ماڭدى، قالغان تۆت قېتىمىدا نورمال ماڭدى. كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرنىڭ ئارقىسىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن سافا تېغىغا چىقىپ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم ئايلاندى.»[3]

---

(1) <إرشاد الصاوي>.

(2) پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرۇپ قىلغان تاۋاپنىڭ ئارقىسىدىن سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش كېرەكتۇر. ئەمما ئېھرامدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن قىلغان نەپلە تاۋاپلارنىڭ ئارقىسىدىن سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش كېرەك ئەمەستۇر.ت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھۆدەيبىيە يىلى قىلالمىغان ئۆمرىسىنىڭ) قازاسىنى قىلغان چاغدا، تاۋاپتا ئىھرامىنى قولتۇقىغا قىسقان ۋە سوكۇلداپ ماڭغان بولۇپ بۇنى پەقەت مۇشرىكلارغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن قىلغان.

ئەگەر دەسلەپكى ئۈچ قېتىمدا سوكۇلداپ ماڭمىغان بولسا، قالغان تۆت قېتىملىق ئايلىنىشتا سوكۇلداپ ماڭمايدۇ. ئەگەر ئادەم چىق بولۇپ قىستا ـ قىستاڭ بولسا، ھەتتا كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىپ گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر ئادەمنىمۇ ئىتىرمەستىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە سوكۇلداپ ماڭىدۇ. ئەگەر ئادەم ئاجىز ياكى قېرى بولغانلىقى ئۈچۈن سوكۇلداش قېيىن كەلسە سوكۇلدىمىسىمۇ بولىدۇ.

ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىدە تاۋاپ قىلىنىدىغان يەر كەبىنىڭ ئەتراپىدۇر. تاۋاپنى كەبىگە قانچىلىك يېقىن ئارىلىقتا قىلالىسا، شۇنچە ياخشىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم كەبىنىڭ ئەتراپىدىن يىراقلىشىپ تاۋاپنى مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ياكى زەمزەم قودۇقىنىڭ ئارقىسىدىن قىلسىمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما مەسچىتنىڭ تىشىغا چىقىپ تاۋاپنى مەسچىتنىڭ تېشىدىن قىلغان بولسا، تاۋاپ توغرا بولمايدۇ. ئۇنىڭ تاۋاپنى قايتا قىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ ئادەم، بۇ ھالەتتە كەبىنى ئەمەس مەسچىتنى تاۋاپ قىلغان بولىدۇ. تاۋاپنى ھەرەم مەسچىتىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قىلغان بولسىمۇ مەسچىتنىڭ ئىچىدىلا قىلغان بولسا، تاۋاپ توغرا بولىدۇ. چۈنكى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ھەممە يېرى بىر پۈتۈن يەرنىڭ ھۆكمىدىدۇر.[1] شۇنىڭغا ئاساسەن مەسچىتنىڭ ئۈستۈن قەۋەتلىرىدىمۇ تاۋاپ قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى مەسچىتنىڭ ئۈستۈن قەۋەتلىرىمۇ مەسچىتنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر ھەج مەۋسۇمىدە ئادەم بەك قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئۈستۈن قەۋەتلىرىدە تاۋاپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

تاۋاپ قىلىشنى قارا تاشنىڭ ئالدىدىن باشلايدۇ. تاكى پۈتۈن جىسمى قارا تاشنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى ئۈچۈن تاۋاپنى باشلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا قارا تاشنىڭ دەلمۇ ـ دەل ئۇدۇلىسىدا ئەمەس ئازراق كەينىگە چېكىنىپ تۇرىدۇ. تەھلىل، تەكبىر ئېيتىدۇ. تەكبىر ئېيتقاندا قولىنى كۆتۈرىدۇ. ئاندىن بىرەر

(1) «فتح القدير»، 2 ـ توم، 180 ـ بەت.

كىشىگە ئەزىيەت بەرمەستىن تاشنى سۈيۈش مۇمكىن بولسا، تاشنى سۈيىدۇ. ئىمام تىرمىزىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەلۋەتتە اﷲ تائالا قىيامەت كۈنى قارا تاشنى، كۆرۈدىغان ئىككى كۆز ۋە سۆزلەيدىغان تىل بىلەن ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەق بىلەن سۆيگەن كىشىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.»

تاشنى سۈيۈش يوللىرى بۇ شەكىل بىلەن بولىدۇ: دەسلەپ ئىككى ئالقىنىنى تاشقا چاپلاپ قويىدۇ، ئاندىن ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرسىغا ئېغىزىنى قويۇپ تاشنى ئاۋازسىز سۈيىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا مۇمكىن بولمىسا، ئىككى قولىنى تاشنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئاندىن ئىككى قولىنى سۈيىدۇ، ياكى ئوڭ قولىنى قويىدۇ ۋە ئوڭ قولىنى سۈيىدۇ. ئەگەر تاشنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويۇش مۇمكىن بولمىسا، ھاسىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى تاشقا تەككۈزۈپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى سۈيىدۇ. ئىبنى ئۆمەر (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تاشنى قوللىرىنى تەككۈزۈپ ئاندىن قوللىرىنى سۈيەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشنى شۇنداق سۆيگەنلىكىنى كۆرگەندىن تارتىپ بۇ ئىشنى (يەنى تاشنى شۇنداق سۆيەشنى) تاشلىماي كەلدىم.»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قارا تاشنى سۈيۈپ بولۇپ: «بىلىپ قوي! اﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنىڭ پايدا ـ زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدىغان بىر تاش ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن، ئەگەر مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، سېنى ھەرگىز سۆيمەيتتىم» دېگەن.[1]

ئەگەر تاشقا بىر نەرسىنى تەككۈزۈشمۇ مۇمكىن بولمىسا، تاشقا ئالدى تەرىپىنى قىلىپ تۇرۇپ قوللىرىنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈپ ئىككى ئالقىنىنى تاش تەرىپىگە قارىتىدۇ، ئاندىن ئىككى ئالقىنىنى سۈيىدۇ.

كەبىنى تاۋاپ قىلغاندا كەبىنى سول تەرىپىدە قىلىپ تۇرۇپ تاۋاپ قىلىدۇ. تاۋاپ كەبىنىڭ يېنىدىكى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تامنىڭ ئىچىدىن ئەمەس ئۇنىڭ تېشىدىن قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ تامنىڭ ئىچىمۇ كەبىگە تەۋەدۇر. ئۇنىڭ ئىچى ئالتە گەز ۋە بىر غېرىچ كېلىدۇ. ئۇ يەر <ھەتىم> ۋە <ھىجرى> دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

---

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

ئائىشە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن كەبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ <ھىجرى> دېگەن يەرگە (يەنى ئادەم بويى تامنىڭ ئىچىگە) ئەكىرىپ: «ئەگەر سەن كەبىنىڭ ئىچىگە كىرىشنى خالىساڭ، ھىجرىدە (يەنى بۇ يەردە) ناماز ئوقۇغىن. چۈنكى بۇمۇ كەبىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. لېكىن سېنىڭ ئادەملىرىڭ كەبىنى سالغان ۋاقتىدا كەبىنى سېلىشنى قىسقارتىۋېتىپ ئۇ يەرنى كەبىدىن چىقىرۋېتىپ سالغان» دېدى.

بۇ ھەقتە ئائىشە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئائىشە! ئەگەر ئادەملىرىڭىزنىڭ كۇپۇرلۇقتىن يېڭىلا ئاجرىغان بولمىغان بولسا، مەن كەبىنى يىقىشقا بۇيرۇيتتىم، كەبىدىن چىقىرۋېتىلگان يەرنى كەبىگە كىرگۈزەتتىم، كەبىنى يەرگە چاپلايتتىم (يەنى كەبىنى ئېگىز ئەمەس يەر بىلەن تەڭ قىلىپ سالاتتىم) ۋە ئۇنىڭغا شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئىككى ئىشىكنى بېكىتەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان شەكىلگە كەلتۈرگەن بولاتتىم» دېگەن.[1]

قارا تاشنىڭ يېنىدىن ھەر قېتىم ئۆتكەندە ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىل بويىچە سۆيىدۇ.

ھەر ئايلىنىشتا <رۇكنۇل يەمانىي> دەپ ئاتىلىدىغان كەبىنىڭ يەمەن تەرىپىدىكى قىرغىقىنى ئوڭ قول بىلەن سىلاش لازىم. ئۇ يەرنى سۆيۈشكە بولمايدۇ. قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كېتىپ ئۇ يەرنى سىلاش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ يەرگە خۇددى قارا تاشقا قىلغاندەك ئالقىنى قارىتىشقا بولمايدۇ. (بۇنىڭدىن باشقا كەبىنىڭ باشقا يەرلىرىنى سىلاشقا ياكى سۆيۈشكە ياكى تۇتۇشقا بولمايدۇ.) بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت قارا تاش بىلەن رۇكنۇل يەمانىينى سىلايتتى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ يەرنى سىلىشى ئۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قوپۇرغان ئۇلنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

تاۋاپ قىلىش جەريانىدا كۆپ دۇئا قىلىش لازىم. تاۋاپتىن كېيىن <مۇلتەزىم>

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

دەپ ئاتىلىدىغان قارا تاش بىلەن كەبىنىڭ ئىشكىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە كېلىپ ئۇ يەرگە ياكى كەبىنىڭ ئۇ يەردىكى پەردىسىگە ئېسىلىدۇ. مەيدىسىنى، قورسىقىنى بىر قېتىم ئوڭ مەڭزىنى يەنە بىر قېتىم سول مەڭزىنى بۇ يەرگە چاپلايدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بەرىكەت تەلەپ قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەندىن ئۇ يەرگە چاپلاش مۇمكىن بولغان ھەممە يەرنى ئۇ يەرگە چاپلايدۇ. قوللارنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىچىپ كەبىنىڭ تېمىغا قويۇپ خالىغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ يەرمۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان يەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۇ يەردە الله تائالاغا كۆپ ھەمدۇ - سانا ئېيتىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇت ئوقۇشى، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھاجەتلىرىنى تىلىشى ۋە كۆپ ئىستىغپار ئېيتىشى لازىم.

ئاندىن ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھسسالام تۇرغان يەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئەگەر نامازنى ئۇ يەردە ئوقۇش مۇمكىن بولمىسا، خالىغان يەردە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. الله تائالا ئۇ يەردە ناماز ئوقۇش ھەققىدە مۇنداق دېدى: «(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)»[1] ھەر تاۋاپتىن كېيىن بۇ يەردە ئوقۇش ۋاجىپ بولغان ئۇ ئىككى رەكەت ناماز ئالدىرىماي ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئەگەر بىر قېتىملىق تاۋاپنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇپ يەنە بىر قېتىم تاۋاپ قىلماقچى بولسا، بۇ چاغدا ئۇ نامازنى دەرھال ئوقۇش لازىم.

تاۋاپنىڭ قېتىم سانىدا شۇبھىلىنىپ قالغان ئادەم، ئەگەر تاۋاپ (زىيارەت تاۋاپىغا ئوخشاش) پەرز تاۋاپ بولمىسا، شۇبھىلىپ قالغان ئۇ قېتىمقى ئايلىنىشنى تولۇقلاش ئۈچۈن قايتا ئايلانمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلۈك گۇماندا ئۆزىنىڭ مەلۇم بىرساندا تاۋاپ قىلغانلىقى كۆچلۈك بولسا، تاۋاپنىڭ قېتىم سانىنى شۇ ساندىن باشلاپ ھېسابلايدۇ. ئەمما تاۋاپ (زىيارەت تاۋاپىغا ئوخشاش) پەرز تاۋاپ بولسا، گۇمانىغا كۆچلۈك كەلگەن ساندىن باشلاب ھېسابلىماستىن ئەكسىچە شۇبھىلىنىپ قالغان ئۇ ئايلىنىشنى بېشىدىن باشلاپ قايتا قىلىدۇ.

تاۋاپنى بىر قېتىملىق ئايلىنىشنىڭ ئارىلىقى بىلەن يەنە بىر قېتىملىق

(1) سۈرە بەقەرە 125 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايلىنىشنىڭ ئارىلىقىدا ئارقىمۇ ـ ئارقا قىلماسلىق مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: تاۋاپ ئارىلىقىدا ھېچقانداق سەۋەبسىز تاۋاپتىن چىقىپ كېتىش مەكرۇھتۇر. لېكىن بۇ ھالەتتە تاۋاپ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تاۋاپ قىلىشقا قايتىپ كىرسە، تاۋاپىنى كەلگەن يەردىن ياكى شۇ بىر قېتىملىق ئايلىنىشنى قارا تاشنىڭ يېنىدىن باشلايدۇ. بۇ ھەقتە سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىشنىڭ ھۆكمىمۇ تاۋاپنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

ئەگەر تاۋاپىنى ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىملىق ئايلىنىشىنىڭ ئارىلىقىدا كۆپ پاسىل قويۇپ ئايلانسىمۇ، تاۋاپ يەنە توغرا بولىدۇ. لېكىن سەۋەبسىز پاسىل قويۇش مەكرۇھتۇر.

## زەمزەم سۇيىدىن ئىچىش

تاۋاپىنى قىلىپ بولۇپ زەمزەم سۇيىنىڭ قېشىغا كېلىپ يۈزىنى كەبە تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ زەمزەم سۇيىدىن ئىچىدۇ. زەمزەم سۇيىدىن ئىچكەن ۋاقتىدا ئۆرە تۇرۇپ ئىچسىمۇ بولىدۇ. ئولتۇرۇپ ئىچسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببااس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا زەمزەم سۇيىدىن ئېلىپ كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەن» دېدى.

زەمزەم سۇيىدىن ئىچىش ھەققىدە ئىبنى ئاببااس يەنە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھەرەمدە ھاجىلارغا سۇ بېرىدىغان) سۇچىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سۇ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) (بالىسى بولغان پەزلىگە) ئى پەزلى! ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى (پاكىز) سۇدىن ئېلىپ كەلگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ماڭا مۇشۇ سۇدىن بەرگىن، دېدى. ئاببااس: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئادەملەر قوللىرىنى تىققان سۇدۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماڭا بۇنىڭدىن بەرگىن، دەپ شۇ سۇدىن ئىچتى. ئاندىن زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قېشىغا كەلدى. (زەمزەم قۇدۇقىدىن سۇ تارتىش شەرىپىگە ئېرىشكەن كىشىلەر) قۇدۇقنىڭ ئىچىدە سۇ تارتىش خىزمىتىنى قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ياخشى ئىشلەڭلار. چۈنكى سىلەر ياخشى بىر ئىش ئۈستىدىدۇرسىلەر. ئەگەر خىزمىتىڭلار باشقىلار تەرىپىدىن

ئىگەللىۋېلىنمايدىغان بولسا[1] ئەلۋەتتە مەنمۇ (قۇدۇقنىڭ ئىچىگە) چۈشۈپ ئارغامچىنى بۇ يەردە قۇياتتىم> دەپ ئۆزىنىڭ دولىسىغا ئىشارەت قىلدى.[2]

زەمزەم سۈيىدىن ئىچىشتىن ئىلگىرى خالىغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىدۇ. زەمزەم سۈيىدىن ھەتتا قېنىپ قۇرساقلىرى چىقىپ كەتكىچە ئىچىدۇ. چۈنكى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «بىزنىڭ بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئالامەت بولسا، مۇناپىقلار زەمزەم سۈيىدىن قانغۇچە ئىچمەيدۇ.»[3]

## سافا بىلەن مەرۋەننىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش

زەمزەم سۈيىدىن ئىچىپ بولۇپ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلانماقچى بولغاندا قارا تاشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى سىلايدۇ. ئاندىن سافا ئىشكىدىن ساپا تېغىغا چىقىپ كەبە كۆزۈگە كۆرۈنىدىغان بىر يەرگە كېلىپ كەبىگە يۈزىنى قىلىپ قوللىرىنى دولىسى بىلەن باراۋەر كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تەھلىل، تەكبىر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن مەرۋە تەرىپىگە ماڭىدۇ. يول ئۈستۈدىكى يېشىل چىراغ بار يەرگە كەلگەندە ھەتتا ئىككىنچى يېشىل چىراغنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغانغا قەدەر كەڭ - كەڭ قەدەم ئېلىپ، دولىللىرىنى سىلكىپ سوكۇلداپ ماڭىدۇ. بۇ ئىككى يېشىل چىراغنىڭ ئارىلىقى بولسا، سافا تېغى بىلەن مەرۋە تېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى چىلغىنىڭ ئىچى ئىدى. بۇ يەردە ئاياللارنىڭ ئەمەس ئەرلەرنىڭ سوكۇلدىشى سۈننەتتۇر.

ئەگەر سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىشنى شەيتانغا تاش ئېتىشتىن ئىلگىرى (يەنى ئەرافاتقا چىقىشتىن ئىلگىرى) قىلغان بولسا، بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرگەندىمۇ تەلبىيە ئېيتىدۇ. مەرۋە تېغىغا يېتىپ بارغاندا خۇددى سافا تېغىدا قىلغىنىدەك يۈزىنى كەبە تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل، تەكبىر، دۇرۇت ئېيتىدۇ ۋە دۇئا قىلىدۇ. سافا تېغىدىن مەرۋە تېغىغا كەلگەنلىك بىر قېتىم ئايلانغانلىق بولىدۇ. مەرۋە تېغىدىن سافا تېغىغا بارغانلىق بىر قېتىم ئايلانغانلىق بولىدۇ. بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدىمۇ

(1) يەنى مېنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ تارتقىنىمنى كىشىلەر كۆرۈپ بىزمۇ سۇ تارتىمىز، دەپ سىلەرنىڭ بۇ خىزمىتىڭلارنى قولۇڭلاردىن ئېلىۋالمايدىغان بولسا. ت.

(2) ئىمام بۇخاري رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزي، نەسائىي ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. ئايلىنىشنىڭ بېشى سافا تېغىدىن باشلىنىپ ئاخىرى مەرۋە تېغىدا ئاياغلىشىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئايلىنىشنى مەرۋە تېغىدىن باشلىغان بولسا، مەرۋە تېغىدىن سافا تېغىغا بارغانلىق بىر قېتىملىق ئايلىنىشقا ھېساب بولمايدۇ.

سافا تېغى بىلەن مەرۋە تېغىنىڭ تېپىسىگە چىقىش سۈننەتتۇر. ھەر بىر قېتىم ئايلانغاندا دەم ئېلىپ تۇرۇپ ئايلانسىمۇ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا (غالتەك بىلەن ئەمەس) مېڭىپ تۇرۇپ ئايلىنىش ۋاجىپتۇر. ئەگەر (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مېڭىپ تۇرۇپ ئەمەس غالتەك بىلەن ئايلانسىمۇ) بولىدۇ. سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىشنى (ئەرافاتقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئەمەس ئەرافاتقا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن قىلىدىغان) زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىش ۋاجىپتۇر. زىيارەت تاۋاپىنى قىلىش پەرزدۇر. ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىشنى زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن قىلغان ۋاقتىدا ۋاجىپنى پەرزگە ئەگەشتۇرۇپ قىلغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىش سۈننەتتۇر. لېكىن ۋاجىپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم بىرەر سەۋەبتىن ياكى بەك ھېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىشنى زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىنلا قىلماي بىر ئاز كېچىكتۈرۈپ قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۇنى ھېچقانداق سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈۋەتكەن بولسا، گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ. ئەمما بىر ئادەم ئۇنى تاكى (پەرز ھەجنى تامام بولغاندىن كېيىن قىلماقچى بولغان) ئۆمرە ھەجىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىلىشنى باشلىغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ.[1]

سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەسچىتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە مۇتەللىپ ئىبنى ۋىدائە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ بولۇپ (كەبىنىڭ قارا تاش بار) قىرغىقىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان يەرنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز

(1) «رد المحتار».

ئوقۇغانلىقىنى كۆردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا (توسۇپ تۇرۇش ئۈچۈن) ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى.»[1]

ئىبنى ھەببانىنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىندى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنىڭ قارا تاش بار قىرغىقىدا تۇرۇپ ئالدىدىن ئەر ـ ئاياللار ئۆتۈپ تۇرۋاتقان بولسىمۇ ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىلىقىغا (توسۇپ تۇرۇش ئۈچۈن) ھېچقانداق بىر نەرسە قويۇپ قويماي (ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى) كۆردۇم.»

مانا بۇ ھەرەم مەسچىتىنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. تاۋاپ قىلىدىغان ئادەم ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتسىمۇ بولىدۇ. كەبىنىڭ ئەتراپىدا ناماز ئوقۇپ تۇرىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكىمۇ بولىدۇ.[2]

ئاندىن ئۇ ئادەم تاكى زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنىگە قەدەر مەككىدە ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ ئارىلىقتا كەبىنى خالىغان ۋاقتىدا بېرىپ نەپلە تاۋاپ قىلىدۇ. چۈنكى مەككىلىك ۋە مەككىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەردىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەرەم مەسچىتىدە نەپلە ناماز ئوقۇشىدىن نەپلە تاۋاپ قىلىشى ياخشىدۇر. چۈنكى سىرتتىن كەلگەن ئادەملەر (ھەرەمدە) نەپلە ناماز ئوقۇيمەن، دەپ يۈرسە تاۋاپ قىلىنماي قالىدۇ. تاۋاپنىڭ ئورنىنى تولۇقلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. (ئەمما نەپلە نامازنى باشقا يەردىمۇ ئوقۇغىلى بولىدۇ). تاۋاپ قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە تىرمىزىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كەبىنى 50 قېتىم تاۋاپ قىلسا، ئۇ بارلىق گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك (پاك ھالەتتە بولىدۇ).»

## ئەرافات تېغىغا مېڭىش

زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى مەككىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ كۈن چىققاندىن كېيىن مىنا تېغىغا قاراپ ماڭىدۇ. مەككىدىن مىناغا چىقىدىغان چاغدا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: <ئەللاھۇممە ئىيياكە ئەرجۇ ۋە ئىيياكە ئەدئۇ ۋە ئىلەيكە ئۇنىيبۇ، فە بەللىغنى سالىھە ئەمەلى ۋە ئەسلىھ لى فى زۇررىييەتى[3]>.

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) «الهداية العلائية».

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! سەندىن ئۈمىد قىلىمەن، ساڭا دۇئا قىلىمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن. مېنى ياخشى ئارزۇيۇمغا

مىنا تېغىغا چىققان ۋاقتىدا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: <ئەللاھۇممە ھەزىھى مىنا ھەزا ما دەللەلتەنا ئەلەيھى مىنەل مەناسىك، ئەسئەلۇكە ئەن تەمۇننە ئەلەينا بىجەۋامىئىل خەيرى ۋە سەللەللاھۇ ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالىھى ۋە سەللەم[1]>

مىنا تېغىغا چىققاندا <خەيف[2]> دېگەن يەرگە ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەرگە چۈشۈش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مىناغا چىققاندا) شۇ يەرگە چۈشكەن ۋە: «ئەتە كاپىرلار كۇپۇرلۇققا قەسەم ئىچىشكەن كەنانە جەمەتىنىڭ خەيفىگە چۈشۈمىز» دېگەن. ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: خەيف بولسا، ھاشىم ۋە مۇتەللىپ جەمەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن كەنانە جەمەتى ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىپ جەمەتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈشكە قەسەم ئىچىشكەن يەردۇر.

مىنادا زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنىنىڭ پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇيدۇ. كېچىسى مىنا تېغىدا ياتىدۇ. ئەتىسىگەندە ئەگەر مۇمكىن بولسا (يەنى بامدات ۋاقتىدا مىنادا بولسا)، زۇلھەججىنىڭ توققۇزۇنچى كۈنى بولغان ئەرافات كۈنىنىڭ بامدات نامىزىنى ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە تىرمىزىي ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مىنادا پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىنى ئوقۇپ بەردى، ئاندىن ئەرافاتقا قاراپ يولغا چىقتى.»

زۇلھەججىنىڭ توققۇزۇنچى كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن تەلبىيە، تەھلىل، تەكبىر ۋە دۇرۇت ئېيتقان ۋە دۇئا قىلغان ھالەتتە ئەرافاتقا قاراپ ماڭىدۇ. ئەرافات تېغىغا خەيف مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان تاغنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ چىقىش مۇستەھەپتۇر.

ئەرافاتقا قاراپ كېلىۋېتىپ (ئەرافاتتىكى) رەھمەت تېغى كۆزگە كۆرۈنگەندە، تاكى ئەرافاتنىڭ ئىچىگە كىرگەنگە قەدەر دۇئا قىلىدۇ، تەسبىھ، ئىستىغفار

---

يەتكۈزگىن ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى ياخشى ئىنسانلاردىن قىلغىن).

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! بۇ مىنا تېغىدۇر. بۇ سەن بىزنى ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىلىشىمىزغا باشلىغان يەردۇر. مەن سەندىن بىزگە بارلىق ياخشىلىق بىلەن ئېھسان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. بىزنىڭ يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىرىگە الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى بولسۇن!.

(2) ھازىر ئۇ يەردە بىر مەسچىت بار. ئۇ <خەيف مەسچىتى> دەپ ئاتىلىدۇ. ت.

ۋە تەلبىيە ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مىنادىن ئەرافاتقا كەلدۇق. ئىچىمىزدە تەلبىيە ئېيتقانلارمۇ بارئىدى، تەكبىر ئېيتقانلارمۇ بار ئىدى.»

## ئەرافات

ئەرافاتنىڭ <ئۇرنە> دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن باشقا ھەممە يەردە تۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇ يەر بولسا، نەمىرا مەسچىتىنىڭ غەربىدىكى بىر جىلغىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە بىرەرسىنىڭمۇ تۇرماسلىقىغا بۇيرىدى. رەھمەت تېغىغا يېقىن بىر يەردە تۇرۇش ياخشىدۇر. ئەرافاتتا تۇرغان ئادەم كۆپ دۇئا قىلىش، تەلبىيە ئېيتىش ۋە اللہ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش لازىم. ئەرافاتتا دۇئا قىلىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەرافات كۈنى قىلىنغان دۇئا ئەڭ ياخشى دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر قىلغان ئەڭ ياخشى دۇئا: <لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ لەھۇلمۇلك ۋە لەھۇلھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر[1]> دېگەن دۇئادۇر.»[2] سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەدىن: «بۇ ھەمدۇ ـ سانا تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى نېمە ئۈچۈن دۇئا دەپ ئاتىدى؟» دەپ سورالدى. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە: «ئۇلۇغ زاتقا ئېيتىلغان ھەمدۇ ـ سانا خۇددى ئۇنىڭغا قىلغان دۇئادۇر. چۈنكى ئۇ زات ئۇ ئادەمنىڭ تىلەك ـ مەقسەتلىرىنى بىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «(اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ): كىمكى مېنى ياد ئېتىش ئۇنى مەندىن تىلەكلىرىنى تىلەشتىن توسۇپ قويسا (يەنى مېنى ياد ئېتىمەن، دەپ ئۆزىنىڭ تىلەكلىرىنى تىلەلمەي قالسا)، مەن ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى تىلىگەنلەرگە بەرگەندىنمۇ ياخشىسىنى بېرىمەن.» دېگەن ھەدىسىنى[3] مەقسەت قىلغانىدەك قىلىدۇ.

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: بىر اللہ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. اللہ نىڭ ھېچ شېرىكى يوق. پۈتۈن ئىگىدارچىلىق اللہ غا خاستۇر. بارلىق ھەمدۇ ـ سانا اللہ غا خاستۇر ۋە اللہ ھەر قانداق ئىشقا قادىردۇر.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، تىرمىزىي ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي ئىبنى ئۆمەردىن بىر ئاز ئاجىزراق يول بىلەن رىۋايەت قىلدى. ئەمما بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ئەبۇسەئىددىن ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن يول بىلەن تۆۋەندىكى شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: «كىمنى قۇرئان ئوقۇش ۋە

دۇئا قىلىشنى تاكى پېشىن نامىزىغا ئازراق قالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. پېشىن نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇشتىن ئىلگىرى يېيىش ۋە ئىچىشكە ئوخشاش ئۆزىنىڭ دۇنيالىق ھەممە ئىشلىرىنى ئادا قىلىپ بولىدۇ. ئاندىن يۇيۇنىدۇ ياكى تاھارەت ئالىدۇ. يۇيۇنۇش ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇ، تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. ئاندىن دىلىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خالى قىلغان ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللہ تائالاغا يۈزلەنگەن ھالەتتە نەمىرا مەسچىتىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە ئىمامنىڭ قىلغان خۇتبىسىنى (يەنى ۋەز - نەسىھەتىنى) تىڭشايدۇ، ئاندىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ دەسلەپتە پېشىن نامىزىنى كېيىن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ھەر بىر نامازغا ئايرىم - ئايرىم تەكبىر چۈشۈرۈلىدۇ. ئىمام ئۇ ئىككى نامازدا ئايەتلەرنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ. ئۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىلىقىدا ياكى ئەسىردىن كېيىن نەپلە نامازلار (يەنى نامازنىڭ سۈننەتلىرى) ئوقۇلمايدۇ. لېكىن ھەر نامازنىڭ كەينىدىن (قۇربان ھېيت كۈنلىرى نامازنىڭ كەينىدىن ئوقۇلىدىغان) تەكبىرلەر ئوقۇلىدۇ. پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى بىرگە توپلاپ ئوقۇش پەقەت ئەرافات كۈنى ئېھرامدىكى ئادەملەرگىلا توغرا بولىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھەجنىڭ ئىمامىنىڭ بولىشىنى ۋە نامازلارنىڭ ئۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىنىپ ئوقۇلۇشىنى شەرت قىلدى. لېكىن باشقا مەزھەپ ئىماملىرى ۋە <رد المحتار> دېگەن كىتابتىكى كۈچلۈك رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد بۇ شەرتنى قويمىغان.

پېشىن بىلەن ئەسىر نامازلىرىنىڭ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىنىپ ئوقۇلۇشىنى شەرت قىلمىغان ئىماملارنىڭ كۆزقارىشى ھاجىلارغا ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى بەك قىستا - قىستىلاڭچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن نەمىرا مەسچىتىگە كېلىش قىيىن بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. (ئەگەر ئۇ شەرت قويۇلمىسا)، بۇ ھالەتتە مەسچىتكە كېلەلمىگەن ئادەم ئەرافاتتا چۈشكەن يېرىدە تۇرۇپ ئۆزى يالغۇز ياكى باشقا ھاجىلار بىلەن جامائەت بولۇپ نامازنى بىرگە توپلاپ ئوقۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ.

نامازدىن كېيىن دىلى ناھايىتى سۇنۇق ھالدا تۇرۇپ ئۆزىگە، ئاتا - ئانىسىغا، ئۇستازلىرىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا دۇئا قىلىشقا تىرىشىش لازىم. دۇئا قىلغاندا

مېنى ياد ئېتىش مەندىن تىلەكلىرىنى تىلەشتىن توسۇپ قويسا . . .»

**كۆزدىن ياش چىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. چۈنكى دۇئا قىلغاندا كۆزدىن ياشنىڭ چىققانلىقى دۇئانىڭ ئىجابەت قىلىنغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. دۇئانى يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ ئۆرە تۇرۇپ قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى ئەرافاتتا ئۆرە تۇرۇش ئولتۇرۇشتىن ياخشىدۇر. دۇئا قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە سەلەپلەردىن قالغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىنىدۇ. مەسىلەن: الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ:**

**<ئەللاھۇممە ئىننى ئەسئەلۇكە مىن خەيرى ما سەئەلەكە مىنھۇ نەبىييۇكە مۇھەممەدۇن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم. ۋە ئەئۇزۇ بىكە مىن شەررى ماستەئازەكە مىنھۇ مۇھەممەدۇن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم. رەببەنا زالەمنا ئەنفۇسەنا ۋە ئىن لەم تەغفىر لەنا ۋە تەرھەمنا لەنەكۈنەننە مىنەل خاسىرىين. رەببەنا تەقەببەل مىننا ئىننەكە ئەنتەس سەمىيئۇل ئەلىيم. ۋە تۇب ئەلەينا ئىننەكە ئەنتەت تەۋۋابۇرراھىيم. رەببىجئەلنى مۇقىيمەس سالاتى ۋە مىن زۇررىييەتى رەببەنا ۋە تەقەببەل دۇئائى. رەببەناغفىر لى ۋە لىۋالىدەييە ۋە لىلمۇئمىنىينە يەۋمە يەقۇمۇل ھىساب. رەببىغفىر لى ۋە لىۋالىدەييە رەببىر ھەمھۇما كەما رەببەيانى سەغىرا. رەببەناغفىر لەنا ۋە لىئىخۋانىنەللەزىينە سەبەقۇنا بىلئىيمانى ۋە لا تەجئەل فى قولۇبىنا غىللەل لىللەزىينە ئامەنۇ رەببەنا ئىننەكە رەئۇفۇرراھىيم[1]>. ئاندىن: <ئەللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمدۇ[2]> دېگەننى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ. ئاندىن: <لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ لەھۇلمۇلك ۋە لەھۇلھەمدۇ[3]> نى ئوقۇيدۇ. ئاندىن: <ئەللاھۇممەھدىنى بىلھۇدا ۋەئىسمنى بىتتەقۋا ۋەغفىر لى فىل ئاخىرەتى ۋەلئۇلا**

---

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! سەندىن پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سورىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سورايمەن. پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن (بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن. ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: الله بۈيۈكتۇر. بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله تائالاغا خاستۇر.

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: : بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. الله نىڭ ھېچ شېرىكى يوق. پۈتۈن ئىگىدارچىلىق الله غا خاستۇر. بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله غا خاستۇر.

[1]> نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ. ئاندىن: <ئەللاھۇممەجئەلھۇ ھەججەن مەبرۇرا ۋە زەنبەن مەغفۇرا[2]> نى ئوقۇيدۇ. ئاندىن سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر بىر ۋاقىت قوللىرىنى چۈشۈرۈپ جىم تۇرغاندىن كېيىن مەزكۇر دۇئالارنى يەنە قايتا ئوقۇيدۇ.

تىرمىزي، بەيھەقىي ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات كۈنىنىڭ كەچ تەرىپىدە بۇ دۇئانى كۆپ قىلاتتى: « ئەللاھۇممە لەكەلھەمدۇ كەللەزى نەقۇلۇ ۋە خەيران مىمما نەقۇلۇ. ئەللاھۇممە لەكە سالاتىي ۋە نۇسۇكىي ۋە مەھيايىي ۋە مەماتىي ۋە ئىلەيكە مەئابىي ۋە لەكە رەببى تۇراسىي. ئەللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇ بىكە مىن ئەزابىل قەبرى ۋە ۋەسۋەسەتىس سادرى ۋە شەتتاتىل ئەمرى. ئەللاھۇممە ئىننى ئەسئەلۇكە مىن خەيرى ما تەجىئۇ بىھىررىيھۇ ۋە ئەئۇزۇ بىكە مىن شەررى ما تەجىئۇ بىھىررىيھۇ[3]. »

تەبرانىي ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات كۈنىنىڭ كەچ تەرىپىدە ئاۋازلىق قىلىپ: « ئەللاھۇممەھدىنا بىلھۇدا ۋە زەييىننا بىتتەقۋا ۋەغفىر لەنا فىل ئاخىرەتى ۋەلئۇلا [4] » دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. ئاندىن ئاۋازىنى پەس قىلىپ بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: « ئەللاھۇممە ئىننى ئەسئەلۇكە رىزقان تەييىبەن مۇبارەكەن، ئەللاھۇممە ئىننەكە ئەمەرتە بىددۇئائ ۋە قەزايتە ئەلا نەفسىكە بىلئىجابەتى، ۋە ئىننەكە لا تۇخلىفۇل مىئاد ۋە لا تەنكۇسۇ ئەھدەكە، ئەللاھۇممە ما ئەھبەبتە مىن خەيرىن فەھەببىبھۇ ئىلەينا ۋە يەسسىرھۇ لەنا، ۋە ما كەرەھتە مىن شەيئىن فەكەررىھھۇ ئىلەينا ۋە جەننىبناھۇ، ۋە لا تەنزىئ

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! مېنى توغرا يولغا باشلىغىن. مېنى تەقۋادارلىق بىلەن ساقلىغىن. (يەنى ماڭا تەقۋالىقنى بەرگىن) دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ماڭا مەغفىرەت قىلغىن.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! (ھەججىمىزنى) قوبۇل قىلىنغان ھەجلەردىن ۋە (بىزنى) گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنغانلاردىن قىلغىن

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! ساڭا بىز ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقىنىمىزدەك ۋە بىزنىڭ ئېيتقىنىمىزدىنمۇ ياخشىراق ھەمدۇ ـ سانا بولسۇن. ئى الله! مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم سەن ئۈچۈندۇر. سەن تەرەپكە قايتىمىز ۋە ھەممىنى ساڭا قالدۇرىمىز. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە ئىشلارنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! شامال ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى تىلەيمەن ۋە يامىنىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(4) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. بىزنى تەقۋالىق بىلەن زىنەتلىگىن. دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بىزگە مەغفىرەت قىلغىن.

مىنناﻟئىسلامە بەئدە ئىز ھەدەيتەنا[1] »

تەبرانىي يەنە ئىبنى ئاباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات كۈنىنىڭ كەچ تەرىپىدە بۇ دۇئانى قىلاتتى: « ئەللاھۇممە ئىننەكە تەرا مەكانىي ۋە تەسمەئۇ كەلامىي ۋە تەئلەمۇ سىررىي ۋە ئەلانىيەتىي ۋە لا يەخفا ئەلەيكە شەيئۇن مىن ئەمرىي، ئەنەل بائىسۇل پەقىيرۇل مۇستەغىيسۇل مۇستەجىيرۇل ۋەجىلۇل مۇشفىق، ئەلمۇقىررۇل مۇئتەرىفۇ بىزەنبىھ، ئەسئەلۇكە مەسئەلەتەل مىسكىينى ۋە ئەبتەھىلۇ ئىلەيكە ئىبتىھالەل مۇزنىبىل زەلىيلى، ۋە ئەدئۇكە دۇئائەل خائىفىل مازرۇرى، مەن خەزەئەت لەكە رەقەبەتۇھۇ ۋە فازات لەكە ئەيناھۇ ۋە نەھەلە لەكە جەسەدۇھۇ ۋە رەغەمە لەكە ئەنفۇھۇ، ئەللاھۇممە لا تەجئەلنىي بىدۇئائىكە رەببى شەقىييەن ۋە كۈن بىي رەئۇفەن رەھىمەن يا خەيرال مەسئۇلىينە ۋە يا خەيرال مۇئتىينە[2] »

تۆۋەندىكى دۇئامۇ سەلەپلەردىن قالغان دۇئادۇر: <ئەللاھۇممەجئەل فى سەمئىي نۇران ۋە فى بەسارىي نۇران ۋە فى قەلبىي نۇران، ئەللاھۇممەشراھ لى سادرىي ۋە يەسسىر لى ئەمرىي، ئەللاھۇممە ئىننىي ئەئۇزۇ بىكە مىن شەررى ما يەلىجۇ فىل لەيلى ۋە مىن شەررى ما يەلىجۇ فىنناھارى ۋە مىن شەررى بەۋائىقىد دەھرى، رەببەنا ئاتىنا فىد دۇنيا ھەسەنەتەن ۋە فىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋە قىنا ئازابەننار[3]>

ئەرافاتتا قىلىنىدىغان ھەمدۇ ـ سانالارنىڭ قاتارىدا يەنە تۆۋەندىكى ھەمدۇ ـ سانالارمۇ بار: <سۇبھانەللاھ، ۋەلھەمدۇ لىللاھ، ۋەللاھۇ ئەكبەر ۋە لا ھەۋلە

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى اللە! مەن سەندىن پاك، بەرىكەتلىك رىزق تىلەيمەن. ئى اللە! سەن ھەقىقەتەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ ۋە ئۆزۈڭگە ئىجابەت قىلىشقا ھۆكۈم قىلدىڭ. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن ۋە ۋەدەڭنى بۇزمايسەن. ئى اللە! سەن ياخشى كۆرگەن ياخشىلىقنى بىزگىمۇ ياخشى كۆرسەتسەڭ ۋە ئۇنى بىزگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسەڭ. سەن يامان كۆرگەن ئىشنى بىزگىمۇ يامان كۆرسەتسەڭ ۋە ئۇنى بىزدىن ئۇزاق قىلساڭ. بىزنى ئىسلامغا باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئىسلامنى بىزدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتمىسەڭ.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى اللە! سەن ئورنۇمنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن. سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىمنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ساڭا ھېچقانداق ئىشىم مەخپىي ئەمەس. مەن بەك ئېھتىياجلىق پېقىردۇرمەن. ياردەم ۋە پاناھ تىلىگۈچىمەن. بەك قورققۇچىدۇرمەن. گۇناھىمنى ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلغۇچىمەن. سەندىن مىسكىنلەردەك سورايمەن. ساڭا گۇناھكار خارنىڭ ئىلتىجاسىدەك ئىلتىجا قىلىمەن. ساڭا قورقۇپ يۈرگەن كورنىڭ دۇئاسىدەك، ساڭا بوينىنى ئەگكەن كىشىنىڭ دۇئاسىدەك، ساڭا كۆزلىرى ياش ئاققۇزغان كىشىنىڭ دۇئاسىدەك، ساڭا تېنى ۋە ئۆزى باش ئەگكەن ئادەمنىڭ دۇئاسىدەك دۇئا قىلىمەن. ئى اللە! مېنى ساڭا قىلغان دۇئايىمدىن ئۈمىدسىز قويمىغىن. ماڭا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغىن. ئى تىلەكلەر تىلىنىدىغانلارنىڭ ۋە بېرىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى اللە!

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى اللە! قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، قەلبىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئى اللە! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. ئى اللە! ساڭا سېغىنىپ كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ۋە زاماننىڭ يامان ھادىسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ[1]< يۈز قېتىم ئوقۇلىدۇ. يۈز قېتىم ئىستىغپار ئېيتىلىدۇ. بۇنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىدۇ: <لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھ لا شەرىكە لەھ لەھۇلمۇلك ۋە لەھۇلھەمدۇ بىيەدىھىل خەيرى ۋە هۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر. لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ ۋە نەھنۇ لەھۇ مۇسلىمۇن، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە لەۋ كەرىھەل مۇشرىكۇن، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇنا ۋە رەببۇ ئابائىنال ئەۋۋەلىينە. ئەللاھۇممە ئەئتىق رەقەبەتي مىنەننار، ۋە ئەۋسىئ لى فىل رىزقىل ھالال، ۋەسرىف ئەنني فەسەقەتىل ئىنسى ۋەلجىننى[2]>

ئەرافاتتا تۇرۇپ مەزكۇر دۇئالارنى ئوقۇۋاتقاچ ئارىلىقتا ۋاقىت چىقىرىپ تەلبىيە ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئەرافاتتا تۇرغاندا دىلىغا الله تائالانىڭ قورقۇنچىسى ۋە دىلى سۇنۇقلۇق كىرىدىغان يەردە تۇرۇشقا تىرىشىش لازىم. ئەمما ئادەملەرنىڭ رەھمەت تېغىنىڭ ئۈستۈگە چىقىشى ئاساسى يوق بىر ئىشتۇر. بولۇپمۇ ئۇ يەردە تېخى ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ تۇرىدىغان بىر يامان ئىش كۆرۈلىدۇ.

## ئەرافات تېغىدىن چۈشۈپ مۇزدەلىفەگە كېلىش

ئەرافاتتا تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر تۇرىدۇ. كۈن كىرىپ كەتكەندە ھەجگە مەسئۇل بولغان ئادەم ئەرافاتتىن چۈشۈشكە باشلايدۇ. ئادەملەر ئۇنىڭ كەينىدىن چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرافاتتىن ئالدىرىماي خاتىرجەم ۋە سالماق ھالدا چۈشۈشى لازىم. چۈنكى ئالدىراپ چۈشۈش باشقىلارغا ئەزىيەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) ئەرافات كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئەرافاتتىن چۈشۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينى تەرىپىدىن كەلگەن قاتتىق بىر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلارنى ۋە تۆگىلەرگە تىگىپ كەتكەن قامچا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئى خالايىقلار! سىلەر ئالدىرىماي

(1) تەسبىھلەرنىڭ مەنىسى: الله تائالا بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر. بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله تائالاغا خاستۇر. الله تائالا بۈيۈكتۇر. كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت الله تائالا تەرىپىدىندۇر.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. الله نىڭ ھېچ شېرىكى يوق. پۈتۈن ئىگىدارچىلىق الله غا خاستۇر. بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله غا خاستۇر. ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر. الله ھەر قانداق ئىشقا قادىردۇر. بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. بىز ئۇنىڭغا بويسۇندۇق. مۇشرىكلەر يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق الله بىزنىڭ ۋە بىزنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئى الله! بويىنۇمنى دوزاختىن ئازات قىلغىن. ماڭا ھالال رىزقتىن كەڭرۇ قىلغىن. مېنى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يامانلىرىدىن ساقلىغىن.

سالماقلىق بىلەن مېڭىڭلار. چۈنكى ئالدىراپ مېڭىش ياخشىلىقتىن ئەمەس» دېدى.[1]

مۇزدەلىفەگە، قۇيرۇقى ئەرافاتتىن تاكى مۇزدەلىفەگە قەدەر سوزۇلۇپ كەلگەن ئىككى تاغنىڭ يولى بىلەن كېلىش مۇستەھەپتۇر. شۇنىڭدەك يەنە تاكى مۇزدەلىفەگە قەدەر يولدا كەلگۈچە يىغلاپ تۇرۇپ تەلبىيە، تەكبىر، تەھلىل، ئىستىغپار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش مۇستەھەپتۇر.

شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئەرافاتتا ئوقۇمايدۇ. ئۇ ئىككى نامازنى يول ئۈستىدىمۇ ئوقۇمايدۇ. لېكىن ئەگەر مۇزدەلىفەگە كېلىپ بولغىچە يولدا تاڭ سۈزۈلۈپ قېلىپ نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدىغان ئېھتىمال بولسا، يول ئۈستىدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزى توپلىنىپ بىرگە خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئۈچۈن ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇن مۇزدەلىفىدۇر. بۇ ھەقتە ئۇسامە ئىبنى زەيد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات تېغىدىن قايتىپ چۈشۈپ بىر جىلغىغا كېلىپ چۈشتى. (بۇ يەردە) كىچىك تەرەت قىلغاندىن كېيىن يەڭگىل قىلىپ تاھارەت ئالدى. مەن: ناماز ئوقامدۇق، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىت تېخى ئالدىڭدا) دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇزدەلىفەگە كېلىپ چۈشتى ۋە كامىل قىلىپ تاھارەت ئالدى. نامازغا تەكبىرمۇ چۈشۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كىشىلەرگە) شام نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ھەر بىر ئادەم تۆگىللىرىنى ئۆز ئورنىغا چۆكتۈرۈپ قويۇپ كەلدى. كېيىن خۇپتەن نامىزىغىمۇ تەكبىر چۈشۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى.[2]

ئەبۇئەييۇبىل ئەنسارىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوشلۇشۇش ھەججىدە مۇزدەلىفىدە شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى توپلاپ بىرگە ئوقۇغان.»[3]

ئەگەر بىر ئادەم مۇزدەلىفەگە خۇپتەن نامىزىدىن ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن بولسا، تاكى خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەنگە قەدەر شام نامىزىنى ئوقۇمايدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن) شام نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئەزان ئوقۇلىدۇ. شام نامىزىغا ئەگەشتۈرۈپلا خۇپتەن نامىزى ئەزانسىز ۋە تەكبىرسىز ئوقۇلىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار، خۇپتەن نامىزىنى ئەرافاتتا (ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم تەكبىر چۈشۈرۈپ) تولۇق بىرگە ئوقۇلغان پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىغا قىياس قىلىپ تۆرۈپ خۇپتەن نامىزىغىمۇ تەكبىر چۈشۈرىلىدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر. بۇ قاراش بولسا، ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇزدەلىفەدە) شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىرگە ئوقۇدى. ئۇ نامازنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم تەكبىر چۈشۈرۈلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ياكى ھەر نامازنىڭ كەينىدىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى،[1] دېگەن ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ كەينىدىن نەپلە ناماز ئوقۇمىغان بولسا، كېچىدە قوپۇپ نەپلە ناماز ئوقۇيتتى.

(مۇزدەلىفەدە شام نامىزىنى خۇپتەنىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇغان ۋاقتىدا) شامنىڭ نىيىتىنى قازا ناماز، دەپ قىلماي ئادا ناماز دەپ قىلىدۇ. بۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن ئەمەس ئۆزى يالغۇز ئوقۇغان بولسىمۇ يەنە توغرا بولىدۇ. شام بىلەن خۇپتەننى تولۇق بىرگە ئوقۇش ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەمدىن باشقا ئادەمگە دۇرۇس بولمايدۇ. ھەجگە ئېھرام باغلىغان بىر ئادەمنىڭ شام بىلەن خۇپتەننى تولۇق بىرگە ئوقۇشىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن يەنە بىر شەرت ئۇنىڭ ئەرافاتتا تۇرغان ئادەم بولىشىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم شام نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەرافاتتا ئوقۇغان ياكى شام بىلەن خۇپتەننى مۇزدەلىفەگە كېلىشتىن ئىلگىرى يولدا ئوقۇغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ ئىككى نامازنى قايتا ئوقۇش لازىمدۇر. ئەگەر ئىككىنچى كۈنىنىڭ (يەنى ئەتىسىنىڭ) تېڭى ئاتقانغا قەدەر ئۇ ئىككى نامازنى قايتا ئوقۇمىغان بولسا، ئۇ ئىككى ناماز يەنە توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ نامازنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۇ ئىككىسىنى قايتا ئوقۇشقا قاراشلىقتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىككى نامازنى قايتا ئوقۇمىسا، ئۇ ئىككىسى ئۆز ۋاقىتلىرىدا ئوقۇغان ھېسابلىنىدۇ. لېكىن

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئۇ ئادەم (ئۇ ئىككى نامازنى مۇزدەلىفەدە تولۇق بىرگە ئوقۇش بولغان) بىر ۋاجىپنى قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ.

## كېچىدە مۇزدەلىفەدە يېتىش

ھەج قىلغان ئادەم تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن مۇزدەلىفەدە تۇرۇش ئۈچۈن ئەرافاتتىن چۈشكەن كېچىسى مۇزدەلىفەدە ياتىدۇ. شۇ كېچىسى مۇزدەلىفەدە يېتىش تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. لېكىن كېسەلگە، ياشىنىپ قالغانلارغا ۋە ئاياللارغا ئوخشاش ئاجىز ئادەملەر (مۇزدەلىفەدە ياتمىسىمۇ) بولىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى ئاجىز كىشىلەرنى مۇزدەلىفەدىن مىناغا كېچىدىلا يولغا سالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇزدەلىفە كېچىسى بالدۇر يولغا سالغان جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم» دەيدۇ.[1]

بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇزدەلىفەگە كېلىپ چۈشتۇق. كېيىن سەۋدا ھەتتا كىشىلەر (شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەردە) تىقمۇ ـ تىقماق بولۇپ بولغىچە بېرىپ (شەيتانغا تاش ئېتىۋېلىشى ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىدى. (سەۋدا ناھايىتى ئاستا ماڭىدىغان ئايال ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى.»[2]

بۇھەقتە ئەسمانىڭ ئازات قىلغۇاتقان قولى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسما مۇزدەلىفە كېچىسى مۇزدەلىفەگە چۈشۈپ ناماز ئوقۇغۇلى باشلىدى. بىر مۇددەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن: ئى ئوغلۇم! ئاي كىرىپ كەتتىمۇ؟ دېدى. مەن: ياق، دېدىم. ئۇ يەنە بىر مۇددەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن: ئى ئوغلۇم! ئاي كىرىپ كەتتىمۇ؟ دېدى. مەن: ھەئە، دېدىم. ئۇ: يولغا چىقىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز (مىناغا كېلىش ئۈچۈن) يولغا چىقتۇق ۋە (مىناغا كېلىپ شەيتانغا) تاشنى ئاتتۇق. ئاندىن ئەسما (مەككىگە) قايتىپ كېلىپ بامدات نامىزىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئوقۇدى. مەن ئۇنىڭغا: بىز بۇ تاشنى ئالا قاراڭغۇدا ئاتتۇقمىكىن، دەپ ئويلايمەن، دېدىم. ئەسما: ئى ئۇغلۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا (مىناغا

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

بالدۇر كېلىپ تاشنى بالدۇر ئېتىشقا) رۇخسەت قىلغان، دېدى.»[1]

بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ ھەدىسنى پاكىت قىلىپ تۇرۇپ (قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى) شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئاتىسىمۇ بولىدۇ» دېدى. بۇ قاراشقا ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر قارشى تۇرۇپ بۇلار: «(قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى) شەيتانغا ئېتىلىدىغان تاش كۈن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىلىدۇ، ئەگەر بىر ئادەم ئۇ تاشنى (تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ۋە كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئاتقان بولسا توغرا بولىدۇ،) ئەگەر ئۇ ئادەم تاشنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئاتقان بولسا، ئۇنىڭ تاشنى (كۈن چىققاندىن كېيىن) قايتا ئېتىشى لازىم» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ تاشنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئاتقان ئادەم تاشنى كۈن چىققاندىن كېيىن قايتا ئاتىدۇ، دېگەن قارىشىغا ئىمام ئەھمەد، ئىسھاق ۋە بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپ قىسىمدىكى ئالىملار قېتىلدى. (ئىسھاق: «تاشنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئېتىشقا بولمايدۇ» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ جەمەتىنىڭ خىزمەتچىللىرىگە: سىلەر تاشنى تاكى كۈن چىققانغا قەدەر ئاتماڭلار» دېگەن ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.)

ئەمما ئەتائ، تاۋۇس، شەئبىي ۋە ئىمام شافىئىي قاتارلىقلار: «شەيتانغا تاشنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئاتسىمۇ بولىدۇ» دېدى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا ئەسمانىڭ مەزكۇر ھەدىسىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ئالىملار ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ جەمەتىنىڭ خىزمەتچىللىرىگە: سىلەر تاشنى تاكى كۈن چىققانغا قەدەر ئاتماڭلار» دېگەن ھەدىسىدىكى بۇيرۇقنى مۇستەھەپكە قارىتىدۇ. يەنى تاشنى كۈن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىش مۇستەھەپتۇر، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەدىس بىلەن ئەسمانىڭ مەزكۇر ھەدىسىنىڭ ئارىلىقىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق تۈگەيدۇ.

مۇزدەلىفەدە كېچىنىڭ تېخىنى ناماز ئوقۇش، الله تائالانى ياد ئېتىش ۋە دۇئا قىلىش بىلەن ئاتقۇزۇش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇ كېچە بىر تەرەپتىن قۇربان ھېيتنىڭ كېچىسى يەنە بىر تەرەپتىن ئەرافات كۈنىنىڭ كېچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

ئەڭ ئۇلۇغ بىر ۋاقىتنى ۋە مۇزدەلىفە ھەرەمگە تەۋە يەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا ئۇ كېچىنى ئالاھىدە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) الله نى ياد ئېتىڭلار، الله سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى الله سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار؟ ») [1]

ھەج قىلغان ئادەم مۇزدەلىفە كېچىسى الله تائالادىن ئۆزىنىڭ دەۋاگارلىرىنى رازى قىلىشنى تىلەيدۇ ۋە بۇنىڭغا سەل قارىمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە قىلىنغان دۇئا ئىجابەتتۇر. بولۇپمۇ تاڭ ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىلىنغان دۇئا ئىجابەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار ئاباباس ئىبنى مىرداسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات كۈنىنىڭ كەچ تەرىپىدە ئۈممىتىگە مەغفىرەت تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ: «مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ نەرسىللىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن گۇناھىدىن باشقا ھەممە گۇناھلىرىنى كەچۈردىم. ئەمما باشقىلارنىڭ نەرسىللىرىنى ناھەق ئېلىۋالغان زالىمدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! خالىساڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا (ئۇنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن) جەننەتنى بېرىپ زالىمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرەتتىڭ» دېدى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇدۇئاسىنى ئۇ چاغدا ئىجابەت قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شۇ دۇئانىڭ ئۆزىنى مەزدەلىفىدە قايتا قىلغان ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

الله تائالا باشقىلارنىڭ نەرسىللىرىنى ناھەق ئېلىۋالغان ھەممە زالىملارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ. گۇناھلىرى كۈچۈرلىدىغان ئادەملەر بولسا، باشقىلارنىڭ نەرسىللىرىنى ناھەق ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشقان، لېكىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قۇدرىتى يەتمەي قالغان ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ نەرسىللىرىنى ناھەق ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە سەل قارىغان ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشمۇ نىيىتى يوق ھارامخورلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ

---

(1) سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قانداق بولدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «كىمكى كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن ئالسا، اللە تائالا ئۇنى ئۇنىڭ نامىدىن ئادا قىلىدۇ (يەنى اللە تائالا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ.) كىمكى كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى يوقۇتىۋېتىش (يەنى ئۇنى يېۋېلىش) نىيىتى بىلەن ئالسا، اللە تائالا ئۇنى يوقۇتىۋاتىدۇ.»

مۇزدەلىفىدە بالدۇر تۇرۇش ئۈچۈن تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەنلا تاڭنى بەك سۈزۈلدۈرۈپ ئولتۇرماستىن بامداتنى ئەۋۋەلقى ۋاقتىدا ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى. مۇزدەلىفىدە تۇرغاندا ئەگەر مۇمكىن بولسا مۇزدەلىفىنىڭ ئايىغىدىكى بىر كىچىك تاغقا يېقىن بىر يەردە تۇرىدۇ. ھازىر ئۇ يەردە بىر مەسچىت باردۇر. مۇزدەلىفىدە تۇرغاندا قىبلىغا قاراپ ۋە قوللىرىنى ئېچىپ تۇرۇپ تاكى كۈن چىققىلى ئاز قالغانغا قەدەر دۇئا قىلىدۇ، تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىدۇ، اللە تائالادىن خالىغان تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ.

## مىناغا قاراپ مېڭىش

كۈن چىققىلى ئاز قالغان ۋاقتىدا مىناغا قاراپ ماڭىدۇ. ئەگەر كۈن چىققانغا قەدەر مۇزدەلىفىدە تۇرسا گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلغان ئادەمگە (مەسىلەن: مال ئۆلتۈرۈدىغانغا ياكى سەدىقە بېرىدىغانغا ئوخشاش) ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ. تىرمىزىي ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇشرىكلەر (مۇزدەلىفىدىن) تاكى كۈن چىققانغا قەدەر قايتمايتتى ۋە سۇبەيرە تېغى يورۇسۇن دەيتتى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى ئىش قىلدى[2]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەرمۇ كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى قايتىپ چۈشىدۇ».

مەھسەر جىلغىسىنىڭ[3] بېشىغا كەلگەن ۋاقتىدا ئاتقان تاش چۈشكۈدەك مەساپە تېزمېڭىش لازىم. بۇ ھەقتە تىرمىزىي ۋە ئىمام ئەھمەد جابىر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەھسەر جىلغىسىدا تېزماڭدى ۋە ئۇ يەردىن ئۆتۈۋېتىپ بۇ دۇئانى ئوقۇدى: <ئەللاھۇممە لا تەقتۇلنا بىغەزابىكە ۋە لا تۇھلىكنا بىئازىكە ۋە ئافىنا

(1) يەنى كۈن چىقىپ سۇبەيرە تېغى يورۇسۇن ئاندىن مۇزدەلىفىدىن قايتايلى، دەيتتى. ت.

(2) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا قارشى ئىش قىلىپ مۇزلىفىدىن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى قايتتى. ت.

(3) مەھسەر جىلغىسى كەبىنى ئۆرۈۋاتىمىز دەپ كەلگەن فىل ئىگىللىرىنىڭ فىللىرى يېتىۋالغان يەردۇر، دەپ قارىلىدۇ.

قەبلە زالىكە[1]> »

مۇزدەلىفەدىن مىنادا شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى ئېلىۋېلىش مۇستەھەپتۇر. ئۇ تاشلارنىڭ ھەجمى خورمىنىڭ ئۇرۇقىدەك ياكى چوڭ قۇناقنىڭ دانىسىدەك بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم جابىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتانغا سوزماق تېشىدەك تاشلارنى ئاتقانلىقىنى كۆردۈم ».

قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئاتىدىغان يەتتە تاشنى مۇزدەلىفەدىن تېرىپ ئېلىۋالىدۇ. ئەمما باشقا كۈنلىرى ئاتىدىغان تاشلارنى يولنىڭ قىرغاقلىرىدىن ياكى خالىغان يەرلەردىن تەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەرنىڭ قېشىدىن تېرىش مەكرۇھتۇر. تاشلارنى يۇيۇش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇ تاشلار بىلەن بىر ئىبادەت ئادا قىلىنىدۇ.

زۇلھەججى ئېيىنىڭ ئونۇنچى كۈنى (يەنى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى) ئەتىگىنى مىناغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتدا شەيتانغا تاش ئاتىدىغان كاتاكلاردىن خەيف مەسچىتى تەرىپىدىن باشلاپ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كاتاكنى تاشلاپ قويۇپ مەككە تەرىپىدىكى ئۈچۈنچى كاتاككا كېلىپ تاشنى شۇ يەرگە ئاتىدۇ.

## تاش ئېتىش

شەيتانغا تاش ئاتماقچى بولغان ئادەم تاش ئاتىدىغان كاتاكتىن بەش گەز[2] يىراقلىقتا تۇرۇپ مىنا تېغىنى ئوڭ قولى تەرىپىدە، مەككىنى سول قولى تەرىپىدە قىلىپ، تاش ئاتىدىغان كاتاككا قاراپ تۇرۇپ تاش ئېتىشنى باشلايدۇ. يەتتە تاشنى ئاتقاندا ھەممىسىنى بىراقلا ئاتماستىن ھەر بىرىنى ئايرىم - ئايرىم ئاتىدۇ. ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا: <بىسمىللاھى ئەللاھۇ ئەكبەر، رەغمەن لىششەيتان ۋە رىزان لىرراھمان[3]> دەپ تەكبىر ئوقۇيدۇ.

ئېھرام باغلىغان ۋاقىتدىن تارتىپ ئېيتىشنى باشلىغان تەلبىيەنى بىرىنچى تاشنى ئېتىش بىلەن توختىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلپەزلە ئىبنى ئاببار (الله تائالا

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: ئى الله! بىزنى غەزنۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرمىگىن. ئازابىڭ بىلەن ھالاك قىلمىغىن ۋە بۇنداق قىلىشتىن ئىلگىرى بىزنى كەچۈرگىن.

(2) بىر گەز تەخمىنەن 71 سانتىمېتىرغا تەڭدۇر.

(3) تەكبىرنىڭ مەنىسى: شەيتاننى خارلاش ۋە مېھرىبان الله نى رازى قىلىش ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن (شەيتانغا تاش ئېتىشنى) باشلايمەن. الله بۈيۈكتۇر.

ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنى مۇزدەلىفىدىن مىناغا قەدەر ئۇلۇغىغا مىندۈرۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى ئاتقانغا قەدەر توختىماي تەلبىيە ئېيتىپ تۇردى.»[1]

ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىبنى مەسئۇد بىلەن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەج قىلدىم. ئۇنىڭ (قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئاتىدىغان تاش ئۈچۈن) يەتتە تاش ئاتقانلىقىنى، كەبىنى سول قولى تەرىپىدە ۋە مىنانى ئوڭ قولى تەرىپىدە قىلىپ ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتقانلىقىنى ئاندىن: مانا بۇ سۈرە بەقەرە چۈشكەن يەردۇر، دېگەنلىكىنى كۆردۈم.»[2]

تاشنى چوڭ بارمىقىنىڭ ئۇستىدە قويۇپ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېتىش مۇستەھەپتۇر. ياكى تاشنى چوڭ بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ ئاتىدۇ. بۇنداق ئېتىش كۆپلىگەن ئادەملەر ئۈچۈن ئاساندۇر. بۇنداق ئېتىش ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئېتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق شەكىلدە ئەمەس ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئاتسىمۇ بولىدۇ.

تاشنى ئوڭ قولى بىلەن ئېتىش مۇستەھەپتۇر. تاش ئاتىدىغان ۋاقىتتا قولىنى تاكى قولتۇقىنىڭ ئېقى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئېتىلغان تاش، تاش ئاتىلىدىغان يەردىن ئەڭ ئاز ئۈچ گەز يىراقلىققا چۈشسە، ئۇ تاش ھېساب بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا قايتا تاش ئاتىدۇ. ئەگەر تاش دەسلەپ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىچە تاش ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان كاتاككا يېقىن بىر يەرگە چۈشكەن بولسا، تاش ئاتقۇچىنىڭ قىلغان ھەجى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئاتقان تاش ھەققىدە شۈبھىلىنىپ قالغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى شۈبھىلىپ قالغان قېتىملىق سانىنى قايتا ئېتىش لازىم.[3]

ئۈچۈنچى كاتاككا تاش ئاتقان ۋاقىتتا تاشنى ئېتىپ بولۇپ دۇئا قىلىش ئۈچۈن كاتاكنىڭ قېشىدا تۇرمايدۇ. ئەكسىچە دۇئانى يولدا كېتىپ بارغاچ قىلىدۇ. ئەمما قۇربان ھېيتىنىڭ باشقا كۈنلىرى تاش ئاتقان ۋاقىتتا دۇئا قىلىش ئۈچۈن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كاتاكنىڭ قېشىدا تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بىرىنچى كاتاككا يەتتە تاش ئاتاتتى. ھەر بىر تاشنىڭ ئارقىسىدىن تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن تۈزلەڭلىككە يەرگە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(3) «الهدية العلائية».

چىقىپ قىبلە تەرەپكە يۈزىنى قىلىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. ئاندىن ئىككىنچى كاتاككا تاش ئاتقاندىمۇ ھەر بىر تاشنىڭ ئارقىسىدىن تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن شىمال تەرىپىگە چىقىپ قىبلە تەرەپكە يۈزىنى قىلىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. ئاندىن چىلغىدىكى ئەڭ ئاخىرقى (يەنى ئۈچۈنچى) كاتاككا تاش ئاتاتتى. لېكىن (دۇئا قىلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ يېنىدا تۇرمايتتى ۋە مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دەيتتى.»

## تاشنى ئاتىدىغان ۋاقىتلار

قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى تاش ئېتىش شۇ كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقان ۋاقىتىدىن باشلىنىپ تاكى ئىككىنچى كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. تاشنى كۈن چىققان ۋاقىتىدىن باشلاپ تاكى كۈن ئىگىلگەنگە قەدەر ئېتىش سۈننەتتۇر. تاشنى كۈن ئىگىلگەندىن تارتىپ تاكى كۈن كىرىپ كېتىپ بولغىچە ئېتىشمۇ توغرىدۇر. ئەمما كۈن كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىش مەكرۇھتۇر.

قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى تاش ئېتىش شۇ كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقان ۋاقتىدىن باشلىنىپ تاكى ئۈچۈنچى كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. تاشنى كۈن ئىگىلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ئېتىش سۈننەتتۇر. ئەمما تاشنى كۈن ئىگىلىشىنىڭ ئالدىدا ۋە كۈن كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىش مەكرۇھتۇر.

قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچۈنچى كۈنى تاش ئېتىش شۇ كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقان ۋاقتىدىن باشلىنىپ تاكى تۆتىنچى كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. تاشنى كۈن ئىگىلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ئېتىش سۈننەتتۇر. ئەمما تاشنى كۈن ئىگىلىشىنىڭ ئالدىدا ۋە كۈن كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىش مەكرۇھتۇر.

## مال بوغۇزلاش

مال قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئېتىلىدىغان تاش ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن بوغۇزلىنىدۇ. مال بوغۇزلاش تاق ھەج قىلغان ئادەمگە سۈننەتتۇر. ئەمما جۈپ ھەج ياكى بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەمگە ۋاجىپتۇر. ئەمما نورمال قۇربانلىق

قىلىش سىرتتىن كەلگەن مۇساپىر ھاجىلارغا ۋاجىپ ئەمەس. ئەگەر ھەج قىلغان ئادەم مەككىدە ئولتۇراقلاشقان ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىش خۇددى مەككىلىكلەرگە ۋاجىپ بولغىنىدەك ۋاجىپ بولىدۇ.

تاق ھەج قىلغان ئادەم مال ئۆلتۈرمەكچى بولسا، مالنى چېچىنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۇ چېچىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ ئاندىن مال ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مال ئۆلتۈرمەي ۋە ياكى شۇنىڭدەك بىرەر ئىشنى قىلماي تۇرۇپ چېچىنى چۈشۈرۋەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا ھېچنەرسە كەلمەيدۇ، ھېچنەرسە كەلمەيدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئەمما جۈپ ھەج ياكى بەھرىمان ھەج قىلغان ئادەمنىڭ مالنى چېچىنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىشنى ئۇنداق قىلماي چېچىنى مالنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى چۈشۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن يەنە بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى مىسۋەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن مالنى چېچىنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆلتۈردى ۋە ساھابىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى.»

## چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش

مالنى بوغۇزلاپ بولۇپ باشنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرىدۇ ياكى ھەر چاچتىن بارماقنىڭ ئۇچچىلىك مىقداردا ئېلىپ چاچنى قىسقارتىدۇ. چاچنى چۈشۈرگەندە ياكى قىسقارتقاندا چاچنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس تۆتتەن بىر قىسمىنى چۈشۈرسىمۇ ياكى قىسقارتسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئەر كىشىنىڭ چاچنىڭ تۆتتەن بىر قىسمىنى چۈشۈرۈش مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۇ بېشىدا چېچى يوق ئادەم بولسا، ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۆتتەن بىر قىسمىغا ئۇستۇر يۈگۈرتۈۋېتىشى سۈننەتتۇر.

ئايال كىشى بېشىنىڭ تۆتتەن بىر قىسمىنىڭ چېچىدىن بارماقنىڭ ئۇچچىلىك مىقداردا قىسقارتىدۇ. ئايال كىشىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشى

**هارامدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايال كىشىگە چاچ چۈشۈرۈش يوق. ئۇلار پەقەت چېچىنى قىسقارتىدۇ.» چۈنكى خۇددى ساقالنى چۈشۈرۈۋېتىش ئەر كىشى ئۈچۈن سۈرۈتىنى ئۆزگەرتىش بولغىنىدەك چاچنى چۈشۈرۈۋېتىشمۇ ئايال كىشى ئۈچۈن سۈرۈتىنى ئۆزگەرتىش ھېسابلىنىدۇ.**

**چاچنى چۈشۈرگەن ۋاقىتدا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدۇ: <ئەلھەمدۇ لىللاھى ئەلا ما ھەدانا ۋە ئەنئەمە ئەلەينا ۋە قازا ئەننا مەناسىكەنا، ئەللاھۇممە ھەزىھى ناسىيەتى بىيەدىكە فەجئەل لى بىكۇللى شەئرەتىن نۇران يەۋمەل قىيامەتى، ۋەمهى ئەننى بىھا سەييىئەتەن، ۋەرفەئ لى بىھا دەرەجەتەن، ئەللاھۇممە بارىك فى نەفسى ۋە تەقەببەل مىننى، ئەللاھۇممەغفىر لى ۋە لىلمۇھەللىقىينە ۋەلمۇقەسسىرىينە يا ۋاسىئەل مەغفىرەھ[1]> ئاخىرىدا: <ئامىن (يەنى دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن)> دەيدۇ.[2]**

**چاچنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن دۇئا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۈن ھېيت كۈنلىرىدۇر. چاچنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇتنى ۋە تىرناقلارنى ئېلىش مۇستەھەپتۇر. چاچنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ياكى ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلاردىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ياكى ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنى قىلىش تاكى زىيارەت تاۋاپىنى ئادا قىلمىغۇچە ھالال بولمايدۇ.**

## زىيارەت تاۋاپىنى قىلىش

**قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ، مال ئۆلتۈرۈپ ۋە چاچنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ بولغاندىن كېيىن شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە مەككىگە كىرىپ زىيارەت تاۋاپىنى قىلىدۇ. زىيارەت تاۋاپىنى قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت بولسا، قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدۇر. ئەگەر بىرىنچى كۈنى**

**(1)** دۇئانىڭ مەنىسى: بىزنى توغرا يولغا باشلىغان، بىزگە نېمەت بەرگەن ۋە بىزنى ھەج پائالىيەتلىرىمىزنى ئادا قىلدۇرغان اللہ غا ھەمدۇ ـ سانا بولسۇن! ئى اللہ! مانا بۇ مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، ھەر بىر چاچ ئورنىغا مەن ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر نۇرنى قىلغىن، مەندىن بىر گۇناھنى ئۆچۈرگىن ۋە مېنىڭ دەرىجەمنى كۆتۈرگىن. ئى اللہ! كۆڭلەمدە بەرىكەت قىلغىن ۋە مەندىن (ھەجىمنى) قوبۇل قىلغىن. ئى مەغفىرەتى كەڭرى اللہ! ماڭا، چاچلىرىنى چۈشۈرگەنلەرگە ۋە قىسقارتقانلارغا مەغفىرەت قىلغىن.

**(2)** <إرشاد الصاوي>.

بولمىسا، ئىككىنچى كۈنىدۇر. ئەگەر ئىككىنچى كۈنى بولمىسا، ئۈچىنچى كۈنىدۇر. ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى (مىنادىن مەككىگە چۈشۈپ) زىيارەت تاۋاپىنى قىلىپ (يەنە تەكرار مىناغا) قايتىپ چىقىپ كەتتى ۋە پېشىن نامىزىنى مىنادا ئوقۇدى.»

زىيارەت تاۋاپىنى ۋە چاچ چۈشۈرۈشنى مۇشۇ ئۈچ كۈندىن كېچىكتۈرۈۋېتىش مەكرۇھتۇر. زىيارەت تاۋاپى بىلەن چاچ چۈشۈرۈشنى مۇشۇ ئۈچ كۈندىن كېچىكتۈرۈۋاتقان ئادەمگە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى بويىچە جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم. چۈنكى ھەجنىڭ چاچ چۈشۈرۈش پائالىيىتى مەلۇم بىر ۋاقىتقا خاستۇر. ئۇ ۋاقىت بولسىمۇ قۇربان ھېيتنىڭ كۈنلىرىدۇر ۋە مەلۇم بىر يەرگە خاستۇر. ئۇ يەر بولسىمۇ ھەرەمدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم تاش ئېتىشتىن ۋە مال ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى چاچ چۈشۈرگەنگە ئوخشاش ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى بەزىلىرىدىن ئىلگىر - كېيىن قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى بويىچە جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد دەلىل - پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈلۈپ قىلىنغان ھەجنىڭ پائالىيىتى كېيىن قىلىنىش بىلەن يەنە ئۇنىڭ ئورنى تولۇقلىنىدۇ. ئورنى تولۇقلانغان ئىبادەتكە جازا كەلمەيدۇ.»

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، ئىبنى مەسئۇد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «كىمكى (ھەجنىڭ) بىر پائالىيەتىنى يەنە بىر پائالىيەتتىن ئىلگىرى قىلسا، ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىمدۇر» دېگەن سۆزىدۇر. چۈنكى ئېھرام باغلاشقا ئوخشاش مەلۇم بىر يەردە قىلىش لازىم بولغان بىر پائالىيەت ئۇ يەرنىڭ ئۆزىدە قىلىنماي كېچىكتۈرۈلسە، ئۇنىڭ كېچىكتۈرۈلۈپ قىلىنغانلىقىغا جازا ئۈچۈن ھايۋان ئۆلتۈرۈش ۋاجىپ بولغىنىدەك مەلۇم بىر ۋاقىتتا قىلىنىش لازىم بولغان بىر پائالىيەت ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قىلىنماي كېچىكتۈرۈلسە ئۇنىڭغىمۇ جازا ئۈچۈن

هايۋان ئۆلتۈرۈش ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر ئادەم قۇربان ھېيت كۈنلىرى چاچنى ھەرەمگە تەۋە يەردىن باشقا بىر يەردە چۈشۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن بىر هايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم.[1]

## مىنا كۆنلىرى

زىيارەت تاۋاپىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەكرار يەنە مىناغا چىقىپ كېتىپ ئۇ يەردە ياتىدۇ. شەيتانغا تاش ئاتىدىغان كۈنلەرنىڭ كېچىسىدە مىنادا يېتىش ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا سۈننەتتۇر. ئەمما باشقا مەزھەپلەرنىڭ كۆزقارىشىدا ۋاجىپتۇر. ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: «ئابباس ئىبنى ئەلمۇتەللىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (زەمزەم قۇدۇقىدىن سۇ تارتىپ) ھاجىلارغا سۇ تەييارلاش ئۈچۈن مىنا كېچىلىرى (مىنادا ئەمەس) مەككىدە يېتىشقا رۇخسەت سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەن[2]».

قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى (بۇ كۈن بولسا زۇلھەججى ئېينىڭ ئون بىرىنچى كۈنىدۇر)، پېشىن نامىزىنى خەيف مەسچىتىدە ئوقۇيدۇ. بۇ مەسچىتتە ھەجدە ئوقۇلۇش سۈننەت قىلىنغان ئۈچۈنچى خۇتبىنى تىڭشايدۇ. ئاندىن شەيتانغا تاش ئاتقىلى بارىدۇ. تاشنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك خەيف مەسچىتى تەرىپىدىن سانىغاندا بىرىنچى كاتاكتىن باشلاپ ئاتىدۇ. بىرىنچى كاتاككا قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ يەتتە تاش ئاتىدۇ. تاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن كاتاكنىڭ قېشىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ ۋە ئىستىغپار ئېيتىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى كاتاكنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ خۇددى بىرىنچى كاتاكتا قىلغانغا ئوخشاش يەتتە تاش ئاتىدۇ. تاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن كاتاكنىڭ قېشىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ ۋە ئىستىغپار ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۈچۈنچى كاتاكنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ يەتتە تاش ئاتىدۇ. لېكىن تاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۇئا قىلمايدۇ ۋە

(1) «الهداية»، 1 ـ توم، 168 ـ بەت.

(2) ئەگەر مىنادا يېتىش باشقا مەزھەپدىكىلەر دېگەنگە ئوخشاش ۋاجىپ بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاbbاسقا مىنا كېچىلىرى مەككىدە يېتىشقا رۇخسەت بەرمەيتتى. ت.

ئىستىغپار ئېيتمايدۇ.

قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچۈنچى كۈنىنىڭ كېچىسىنىمۇ مىنادا يورىتىدۇ. ئۇ كۈنى تاكى كۈن ئېگىلگەنگە قەدەر مىنادا ساقلايدۇ. كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن تاش ئاتىدىغان يەرگە كېلىپ تاشنى ئىلگىرىكى كۈندە ئاتقان شەكىلدە ئاتىدۇ.

قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچۈنچى كۈنلىرى ئاتىدىغان تاشنى كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن ئېتىش سۈننەتتۇر. كۈن ئېگىلىشتىن ئىلگىرى ئېتىش مەكرۇھتۇر. ئەگەر بىر ئادەم (قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچۈنچى كۈنى) مىنادىن مەككىگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ يولدا (كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن) بولىدىغان قىستا - قىستاڭچىلىقتىن قورقسا، تاشنى كۈن ئېگىلىشنىڭ ئالدىدا ئاتسىمۇ بولىدۇ.

(مەسىلەن: تاشنى بىرىنچى كاتاكتىن ئەمەس ئۈچۈنچى كاتاكتىن باشلاپ ئاتقانغا ئوخشاش) تاشنى تاش ئاتىدىغان كاتاكلارنىڭ تەرتىۋىگە رىئايە قىلماي ئاتسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بىر سۈننەتنى قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەر كاتاككا تاش ئېتىش بىر ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كاتاككا ئېتىلغان تاشنىڭ توغرا بولۇشى كاتاكلارنىڭ ئارىسىدىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىشقا قاراشلىق ئەمەس.[1]

ئەگەر بىر ئادەم قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچۈنچى كۈنى تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر مىنادىن مەككىگە قايتىپ كەتمىسە، ئۇنىڭ تاكى قۇربان ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈندىكى تاشنى ئاتماي تۇرۇپ مىنادىن قايتىپ كېتىشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچۈنچى كۈنىنىڭ كۈنى كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن كېچىدە مىنادىن قايتىپ كىرگەن بولسا، گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم قۇربان ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقانغا قەدەر مىنا تېغىدا تۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ كۈنىنىڭ تېشىنى ئېتىش ۋاجىپتۇر. بۇ كۈنىنىڭ تېشىنىمۇ خۇددى ئىلگىرى كۈندىكىلەرگە ئوخشاش كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن ئاتىدۇ. كۈن ئېگىلىشتىن ئىلگىرى ئاتسىمۇ بولىدۇ، لېكىن مەكرۇھتۇر.[2]

ئەگەر بىر ئادەم بىرەر كۈنىنىڭ تېشىنى ئاتمىغان بولسا، ئۇ تاشنىڭ قازاسىنى

(1) «فتح القدير»، 2 - توم، 328 - بەت.

(2) <إرشاد الصاوي>.

ئىككىنچى كۈنى قىلىدۇ. يەنى ئۇ تاشنى ئىككىنچى كۈنى ئاتىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى بويىچە جازا ئۈچۈن بىر ھايۋان ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ. ئېتىلماي قالغان تاشنىڭ قازاسىنى قىلىش تاكى قۇربان ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىنىڭ كۈنى كىرىپ كەتكەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئەگەر قۇربان ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىنىڭ كۈنى كىرىپ كەتسە تاشنىڭ قازاسىنى قىلىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

شەيتانغا تاشنى ئېتىپ بولۇپ مەككىگە قاراپ ماڭىدۇ. يولدا <ئەبتەھ> دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەردە ئازراق تۇرۇپ دۇئا قىلىش سۈننەتتۇر. ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «بۇ يەردە تۇرۇش سۈننەت ئەمەس. چۈنكى ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت مەدىنىگە[1] كېتىش ئاسان بولسۇن، دەپلا چۈشكەن بىر يەردۇر[2]» دېدى.[3]

## خۇشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىش

مىنادىن قايتىپ كىرىپ مەككىدە تاكى ۋەتىنىگە قايتىدىغان ۋاقىت كەلگەنگە قەدەر تۇرىدۇ. قۇربان ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىدىن كېيىن تاكى ۋەتىنىگە قايتىدىغان ۋاقىت كەلگەنگە قەدەر مۇددەت ئىچىدە ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە (مەسىلەن: ئۇستازىغا ئوخشاش) ئۈستىدە ھەققى بار ئادەملەرگە ئاتاپ ئۆمرە ھەج قىلىدۇ. ۋەتىنىگە قايتىدىغان ۋاقىت كەلگەندە مەككىدىن سەپەر قىلىپ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى خۇشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىدۇ. بۇ تاۋاپنى قىلىش ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ سىرتىدىن كەلگەن ئادەملەرگە ۋاجىپتۇر. ئەمما مەككىلىكلەرگە، مەككىنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدا ۋە مەزكۇر يەرلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرگە، ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللارغا ئۇ تاۋاپنى قىلىش ۋاجىپ ئەمەس. لېكىن ھەيزدار ياكى نىفاسدار ئايال مەككىكىنىڭ

(1) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىپلا خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىپ مەدىنىگە قاراپ ماڭاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلار بىلەن بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە چۈشكەن. ت.

(2) ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: بۇ يەردە تۇرۇش سۈننەت ئەمەس دېگەن سۆزىدىن بۇ يەردە تۇرۇش ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئەمەس، دېگەن مەنا مەقسەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەرگە چۈشۈش سۈننەت، ئەڭ ئاز مۇستەھەپ بولىدۇ. كېيىن تۆت خەلىپىمۇ بۇ يەرگە چۈشەتتى. ت.

(3) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئۆيلىرىنىڭ قويرۇقىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ھەيزدىن ياكى نىفاسدىن پاك بولغان بولسا، ئۇنىڭغا خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. پەرز ھەجدىن كېيىن ئۆمرە ھەج قىلغان ۋاقتىدا قىلغان تاۋاپ خوشلۇشۇش تاۋاپىنىڭ ئورنىغا ھېساب بولمايدۇ. لېكىن زىيارەت تاۋاپىنىڭ كەينىدىن قىلىنغان ھەر قانداق تاۋاپ خوشلۇشۇش تاۋاپىنىڭ ئورنىغا ھېساب بولىدۇ. بۇ تاۋاپنى قىلىش ھەققىدە ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر (ھەجدە) ئەڭ ئاخىرىدا قىلىدىغان ئىشنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولۇشىغا بۇيرۇلدى. لېكىن تاۋاپ ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايالدىن يەڭگىللىتىلدى[1].[2]

خوشلۇشۇش تاۋاپىنىڭ ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغان ۋاقتتا قىلىنىشى مۇستەھەپتۇر. ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغان ئادەم بۇ تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ، ئاندىن زەمزەم سۈيىدىن ئىچىدۇ. ئاندىن كەبىنىڭ قېشىغا تەكرار كېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا دۇئا قىلىدۇ. بولۇپمۇ قارا تاش بىلەن كەبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، قارا تاشنى سۈيىدۇ. ئاندىن تاكى <ھەزۇرا ئىشكى> دىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر كەبىدىن ئايرىلغىنىغا يىغلىغان، ھەسرەت چەككەن ۋە كۆزۈنى كەبىدىن ئۈزمىگەن ھالەتتە ماڭىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ماڭغاندا <ھەزۇرا ئىشكى> نىڭ قېشىدا توختاپ: «اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن سەن اللە نىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن ۋە اللە نىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ سۆيۈملىكىدۇرسەن. ئەگەر مەن سەندىن مەجبۇرى چىقىرىلمىغان بولسام، مەن (ھەرگىزمۇ) چىقىپ كەتمەيتتىم» دېگەن.[3]

ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللار ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىشىكىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ.

ھاجىلار ۋەتىنىگە قايتىدىغان ۋاقتىدا، ئەگەر مۇمكىن بولسا مەككىدىن

(1) يەنى خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىپ يۇرتىغا قايتماقچى بولغان ۋاقتىدا ھەيزى كېلىپ قالغان ئايال ئۇ تاۋاپنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

مەسپىلە تەرىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە چىقىدىغان ۋاقتىدا بىر نەرسە سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن ھەجگە قىلغان سەپىرىنىڭ ئاخىرى ئېپار (يەنى ئەڭ ئېسىل) بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھرى بولغان مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

## سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىشنىڭ باشلىنىش تارىخى

سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىشنىڭ بىر باشلىنىش تارىخى بولۇپ بۇ تارىخ ئۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىدىغانلارغا ئىككى ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرغان ۋاقتىدىكى كەبىنىڭ تارىخىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ تارىخ يەنە سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئەڭ دەسلەپ ئايلانغان ئادەمنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەر ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ ۋە سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايلىنىش پائالىيىتىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

الله تائالانىڭ تەقدىرى بويىچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھاجەر بىلەن سارەنىڭ ئارىسىدىمۇ بىر ئادەمنىڭ نىكاھىدا بولغان ئاياللارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان بەسلىشىش ۋە كۈنلەشلەر يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى كېيىنكى كۈنلەردە مەككە شەھرى قۇرۇلىدىغان ھەرەم زېمىنىدىكى بىر يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاياللار (قېچىپ كەتكەندە ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن) بىلىگە بىر نەرسە باغلاپ سۆرەپ مېڭىشنى بىرىنچى قېتىم ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەردىن ئۆلگە ئالدى. ھاجەر (ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەندە ئىزىدىن سارەنىڭ تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ) ئىزىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بىلىگە بىر نەرسە باغلاپ سۆرەپ ماڭغان. ئاندىن ئىبراھىم ھاجەرنى ۋە ئېمىۋاتقان ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ كېلىپ كەبىدە (مەككىدە) ھەرەم مەسچىتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئۈستىدە چوڭ بىر دەرەخنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ كۈنلەردە مەككىدە بىر ئادەممۇ، ئىچكىدەك سۇمۇ يوق

ئىدى. ئۇ، ئۇلارنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇنى قويۇپ قويدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىۋىدى، ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەر ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ: ئى ئىبراھىم! بىزنى ھېچقانداق نەرسە يوق، ئادەمسىز سەھراغا تاشلاپ قويۇپ نەگە كېتىسەن؟ دېگەن، سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئاندىن ھاجەر: سېنى الله مۇشۇنداق قىلىشقا (يەنى بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇشقا) بۇيرۇدىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئىبراھىم: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. ھاجەر: ئۇنداق بولسا الله بىزنى ساقلىغۇچىدۇر، دەپ بالىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سەپەرگە يول ئالدى. ئىبراھىم ئايالى ۋە بالىسى كۆرۈنمەيدىغان <سەنىيیە> دېگەن يەرگە بارغاندا، يۈزىنى كەبە تەرەپكە قىلىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بۇ دۇئانى ئوقۇدى: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن»[1] ھاجەر ئىسمائىلنى ئېمىتتى. ئۇسسۇزلۇقىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويۇپ قويغان سۇنى ئىچتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگىگەندە ئۇ ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقتىن تولغانغىلى باشلىدى. ھاجەر ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈشنى خالىماي، ئۇنىڭ قېشىدىن باشقا جايغا قاراپ ماڭدى. سەفا تېغى شۇ يەردىكى تاغلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېقىنى ئىدى. ئۇ شۇ تاغقا چىقتى. ئاندىن بىرەر ئادەم كۆرۈنەرمىكىن، دەپ جىلغىغا قاراشقا باشلىدى. لېكىن بىرەر ئادەممۇ  كۆرۈنمىدى. ئاندىن سەفا تېغىدىن چۈشۈپ جىلغىغا كەلدى ـ دە، كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈپ جىلغىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى. ئاندىن مەرۋە تېغىغا كېلىپ تاغنىڭ ئۈستىدە تۇردى. ئاندىن بىرەر ئادەم كۆرۈنەرمىكىن، دەپ قارىدى. بۇ يەردىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى يەتتە قېتىم تەكرارلىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شۇڭا كىشىلەر (ھەج ۋە ئۆمرە قىلغاندا) ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ھاجەر مەرۋە تېغىغا يېقىنلاشقاندا بىر ئاۋازنى

(1) سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەت.

ئاڭلىدى. ئۇ جىم تۇرۇپ (ئاۋازغا) قۇلاق سالغان ئىدى، ئۇ ئاۋازنى يەنە ئاڭلىدى. ئۇ بىرەر ياردەمچى بولغان بولسا شۇنى ئاڭلىدىممۇ، دەپ (شۇنداق قارىغۇدەك بولسا)، ئۇ زەمزەمنىڭ يېنىدا تاپىنى بىلەن ياكى قانىتى بىلەن سۇ ئىزدەۋاتقان بىر پەرىشتىنى كۆردى. سۇمۇ چىقتى ھاجەر (سۇنىڭ ئەتراپىنى تويپا بىلەن) توسۇشقا باشلىدى. ئۇ: توختا! دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھاجەر سۇنى قاچىسىغا ئۇسۇشقا باشلىدى. سۇنى بىر تەرەپتىن ئۇسۇپ تۇرسا، سۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇراتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ زەمزەمنى (ئۆز ھالىغا) قويۇپ قويغان بولسا، ياكى ئۇ سۇدىن ئۇسمىغان بولسا، جەزمەن زەمزەم (ئېرىقتەك) ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق بولاتتى».

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ھاجەر سۇدىن ئىچتى ۋە بالىسىنىمۇ ئېمىتتى. ئاندىن پەرىشتە: «ئۆزىڭىزنى سىز ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قورقماڭ. بۇ يەردە الله تائالانىڭ بىر ئۆيى بار (كەبىنى دېمەكچى)، ئۇنى بۇ بالا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى سالىدۇ. الله تائالا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلغان ياخشى كىشىلەرنى ھالاك قىلمايدۇ» دېدى. كەبە زېمىندىن دۆڭگە ئوخشاش كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. سەل كېلىپ قالسا، سۇ ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدىن ئېقىپ كېتەتتى. (كۈنلەر) شۇنداق ئۆتتى. ھەتتا جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ياكى جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر ئائىلىكىلەر كادا يولىدىن كېتىۋېتىپ ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۈشتى. ئۇلار بىر نەرسىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشمەكچى بولۇپ ئىنتىلىۋاتقان بىر ئۇچار قۇشنى كۆرۈپ: شەكسىز ئۇ قۇش سۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ جىلغىدا سۇ يوقلىقىنى بىلىمىز، دېگەن ئىدۇق، دېدى. ئاندىن ئۇلار بىر كىشىنى ياكى ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار سۇنى كۆردى. قايتىپ كېلىپ سۇنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىشتى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسى سۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا: بىز سېنىڭ قېشىڭغا چۈشۈپ، بۇ يەردە يەرلىشىپ قېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلامسەن، دېدى. ئۇ ماقۇل، لېكىن سۇدا سىلەرنىڭ ھېچقانداق ھەققىڭلار يوق، دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى.

ئىبنى ئاببا س مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسمائىلنىڭ ئانىسى بۇ ئىشقا (يەنى ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىغا)

تاسادىپىي يولۇقۇپ قالدى. ئۇمۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى» دېدى. ئاندىن ئۇلار (جۇرھۇمدىكى) ئائىلىدىكىلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى يانلىرىغا ئېلىپ كېلىۋالدى. مەككىدە ئۇلاردىن بىرنەچچە ئائىلىكىلەر بولدى. ئىسمائىلمۇ ناھايىتى ياخشى ۋە چىرايلىق ئادەم بولۇپ چوڭ بولدى. ئۇلاردىن ئەرەب تىلىنى ئۆگەندى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىز بىلەن ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلنى تاپالمىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئايالىدىن ئۇنى سورىدى. ئايالى ئۇنىڭغا: ئۇنىڭ تىرىكچىلىك ئۈچۈن بىر نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. ئايالى ئۇنىڭغا: بىز قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، دەپ تۇرمۇشلىرىدىن شىكايەت قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئېرىڭىز كەلسە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ ۋە ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ! ئىشىگىنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسۇن، دېدى. ئىسمائىل كېلىپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلىپ ئايالىدىن: بىر كىشى كەلدىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئايالى: ھەئە، مۇنداق - مۇنداق سۈپەتلىك بىر قېرى كىشى كېلىپ سىنىڭ ئەھۋالىڭدىن سورىدى. مەن ئۇنىڭغا سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: بىز قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتىمىز دېدىم، دېدى. ئىسمائىل: ئۇ ساڭا بىرەر ۋەسىيەت قىلىپ كەتتىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، ئۇ ساڭا سالام دەپ قويۇشۇمنى ۋە ئىشىكىڭنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋېتىشىڭنى، دەپ قويۇشۇمنى بۇيرۇدى، دېدى. ئىسمائىل: ئۇ مېنىڭ دادام بولىدۇ. مېنى سەندىن ئايرىلىپ كېتىشىمگە بۇيرۇپتۇ. ئەمدى سەن ئۆيۈڭگە قايتقىن، دەپ ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلدى. بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتا بارغاندا ئىسمائىلنى يەنە تاپالمىدى. ئۇ ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئىسمائىل توغرۇلۇق سورىدى. ئۇ: بىزگە بىر نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كەتتى، دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم: سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار قانداق؟ دەپ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ: بىز ياخشى ۋە باياشات تۇرمۇشتا ياشاۋاتىمىز، دەپ جاۋاب بېرىپ الله تائالاغا

شۈكرى ئېيتتى. ئىبراھىم: سىلەر تاماقلارغا نېمە يەيسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇ: گۆش، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ: نېمە ئىچىسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇ: سۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ئى الله ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ) گۆش ۋە سۇلىرىغا بەرىكەت بەرگىن، دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ دانلىرى (يەنى بۇغداي، قوناق دېگەنلەرگە ئوخشاش دانلار) يوقتى. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ دۇئا قىلغان بولاتتى. مەككىنىڭ سىرتىدا بىر ئادەم گۆش بىلەن سۇغا بىر نەرسە ئارىلاشتۇرماي گۆشنىمۇ ئۆز پېتى يېسە سۇنىمۇ ئۆز پېتى ئىچسە، ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا سىڭمەيدۇ.» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئېرىڭىز كەلسە ئۇنىڭغا سالام، دەپ قويۇڭ ئۇ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ياخشى ساقلىسۇن، دېدى. ئىسمائىل كېلىپ ئۇنىڭدىن: بىر كىشى كەلدىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، ناھايىتى كېلىشكەن بىر پېشقەدەم ئادەم كېلىپ مەندىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سورىدى، مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى، دەپ بەردىم. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بەك ياخشى ياشاۋاتىمىز، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئىشىكىڭنىڭ بوسۇغىسىنى چىڭ ساقلىشىڭنى بۇيرۇدى، دەپ جاۋاب بەردى. ئىسمائىل: ئۇ مېنىڭ دادام، بوسۇغا دېگىنى سەن بولىسەن، ئۇ مېنىڭ سېنى چىڭ ساقلىشىمنى بۇيرۇپتۇ، دېدى.

ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتا كەلدى. ئىسمائىل زەمزەمگە يېقىن بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئوقياسىنى ئۇچلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىبراھىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇ ئىككىسى باشقا ئاتا – باللار قانداق كۆرۈشكەن بولسا، شۇنداق كۆرۈشتى (يەنى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ئاتا – بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ھۆرمەت ۋە سالام بىلەن كۆرۈشتى). ئاندىن ئىبراھىم: ئى ئىسمائىل! الله مېنى بىر ئىشقا بۇيرۇدى، دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا: پەرۋەردىگارىڭ بۇيرۇغان ئىشنى قىلغىن، دېدى. ئۇ: سەن ماڭا ياردەم بېرەمسەن؟ دېدى. ئۇ: بولىدۇ، دېدى. ئىبراھىم: الله مېنى بۇ يەرگە بىر ئۆينى (كەبىنى) سېلىشىمنى بۇيرۇدى، دەپ شۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز دۆڭنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇ يەرگە كەبىنىڭ ئۇلىنى سالدى. ئىسمائىل تاشنى ئېلىپ كېلىپ بەردى. ئىبراھىم كەبىنى سالدى. كەبىنىڭ تېمى بەك ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئىسمائىل ھېلىقى تاشنى ئېلىپ كېلىپ ئىبراھىمنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ بەردى. ئۇ

ئىككىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دېگەچ ئىبراھىم تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەبىنى سالدى. ئىسمائىل ئۇنىڭغا تاشنى سۇنۇپ بەردى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دېگەچ كەبىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كەبىنى سېلىشقا باشلىدى.[1]

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنىڭ ئۇلىنى سالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ:« پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى»[2]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجابەت قىلىنغان بۇ دۇئاسى الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەرەبلەرگە، باشقا مىللەتلەرگە ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغان تەقدىرىگە ئۇدۇل كەلدى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئىرباز ئىبنى سارىيەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ بېكىتىۋېتىلگەن چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالام تېخى شەكىلگە كىرگۈزۈلمىگەن

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە بەقەرە 127 ــ 129 ـ ئايەتكىچە.

لاي ھالىتىدە ئىدى. مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلىكىمنىڭ دەسلەپكى خۇش بىشارەتلىرىنى دەپ بېرەي. مېنىڭ ھەققىمدە ئاتام ئىبراھىم دۇئا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالام مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئانام مېنىڭ ھەققىمدە چۈش كۆرگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئانىلىرى ئەنە شۇنداق مۆجىزە خاراكتېرلىق چۈشلەرنى كۆرىدۇ.»

ئەبۇئۇمامە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ بىشارىتىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ھەققىمدە ئاتام ئىبراھىم دۇئا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالام مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئانام چۈشىدە ئۆزىدىن شام قەسىرلىرىنى يورىتىۋەتكىدەك دەرىجىدە بىر نۇرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن» دېگەن. يەنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ۋە شۆھرىتىنى دەسلەپ تارقاتقان ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. شۇنىڭدىن تارتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كەلدى. ئاخىردا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بولغان ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە تەشۋىق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى ئوچۇق ئاشكارا سۆزلەپ خۇش - بىشارەت بەردى. اللە تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايان مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى»[1]

# باشقىلارنىڭ نامىدىن ھەج قىلىشنىڭ ھۆكمى

ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش تەن بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردە ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنى ۋەكىل قىلىش ھەرگىز توغرا بولمايدۇ. زاكاتقا ئوخشاش مال ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتە ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنى ۋەكىل قىلىش توغرىدۇر. ئەمما ھەجگە ئوخشاش ھەم تەن بىلەن

(1) سۈرە سەف 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەم مال بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتە، ئۇنى ئۆزى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەم ئورنىدا باشقا بىرسىنىڭ ئادا قىلىشىنى ۋەكىل قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: جۇھەينىيەلىك بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: مېنىڭ ئانام ھەج قىلىشنى ۋەدە قىلغان ئىدى، ھەج قىلالماي ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ نامىدىن ھەج قىلسام بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ئۇنىڭ نامىدىن ھەج قىلىڭ، ئېيتىپ بېقىڭ ئەگەر ئانىڭىزنىڭ قەرزى بولسا، سىز ئۇنى ئادا قىلارمىدىڭىز؟ الله غا بولغان قەرزىڭلارنى ئادا قىلىڭلار. چۈنكى الله تائالا (ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىگە) ۋەپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق زاتتۇر» دېدى.[(1)]

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەزلى ئىبنى ئابباس ئۇلاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا مىنگىلىك ئىدى. خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەزلى ئۇ ئايالغا، ئۇ ئايال پەزلگە قارىغىلى باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەزلنىڭ يۈزىنى باشقا تەرەپكە قارىتىپ قويىاتتى. ئۇ ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله بەندىلەرگە پەرز قىلغان ھەج ئىبادەتى دادامنىڭ قېرىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى. دادام ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرالمايدۇ. دادامنىڭ ئورنىغا مەن ھەج قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ» دېدى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئەڭ ئاخىرقى ھەجدە) يەنى خوشلىشىش ھەجدە بولغان ئىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستىگە ھەج پەرز بولۇپ ئۇنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەم باشقا بىرىنىڭ يا ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ياكى ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نامىدىن ھەج قىلىشنى ۋەكىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆز نامىدىن ھەج قىلدۇرۇشى لازىم.

ھەجنى ئادا قىلىشتىن ئاجىزلىق قىلىش ئۆلۈپ كېتىش ياكى كۆر بولۇپ قالغانغا ۋە قاتتىق قېرىپ كەتكەنگە ئوخشاش يوقۇلۇپ كېتىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قىلىش ياكى يولنىڭ خاتىرجەم

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

بولماسلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما ئاجىزلىق ئايال كىشى ئۇچۇن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەرگە قوشۇلۇپ يەنە مەھرەمىنىڭ بولماسلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ سەۋەبلەر تاكى ئۇستىگە ھەج پەرز بولغان ئادەم ئۆلگەنگە قەدەر داۋام قىلسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۇ سەۋەبلەر تۈگىسە، ئۇنىڭغا ھەجنى ئۆزىنىڭ قىلىشى لازىم بولىدۇ.

ھەج قىلىشقا ۋەكىل قىلىنغان كىشىنىڭ قىلغان ھەجى ئۇنى ھەجگە ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ نامىدىن بولغان بولىدۇ ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بويىچە شۇنىڭ بىلەن ھەجگە ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۇستىدىكى ھەج ئادا بولغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما نەپلە ھەجدە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بويىچە ھەج ۋەكىلنىڭ نامىدىن بولغان بولىدۇ. لېكىن ۋەكىلنى ھەجگە ئەۋەتكەن ئادەمگە ساۋاب بولىدۇ. ئەگەر ئۇستىگە ھەج پەرز بولغان ئادەم (ئورنىغا بىرسىنىڭ ھەج قىلىپ قويۇشىغا) ۋەسىيەت قىلىپ قويماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مىراسخورلىرىنىڭ ئۇنىڭ نامىدىن ھەج قىلىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر مىراسخورلىرى ياكى باشقا بىر ئادەم ئۇنىڭ نامىدىن ھەج قىلىپ قويسا، اللە تائالا خالىسا ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى پەرز ھەجنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.[1]

ئورنىغا باشقا بىرىنى ھەجگە ئەۋەتكەن ئادەم ئۇنىڭغا ھەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق چىقىملارنى بېرىدۇ. ئەمما ھەجگە ئەۋەتمەكچى بولغان ئادەم بىلەن: مەن ساڭا بۇنچىلىك مىقداردا پۇل بېرىمەن، سەن بۇ پۇل بىلەن مېنىڭ نامىمدىن ھەج قىلىپ كەلگىن، دېگەنگە ئوخشاش ئۇنى ئىجارىگە ئېلىش شەكلىدە پۈتۈشۈپ ئۇنى ھەجگە ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مەجبۇري بولۇپ قالمىسا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا بىرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا بولمايدۇ. ھەجنى ئادا قىلىش ئىشىدا بىرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى ئورنىدا ھەجگە بارىدىغان ئادەمگە ئۇنى ئىجارىگە ئالماستىن ئۇنىڭ ھەجگە كېتىدىغان بارلىق چىقىملىرىنى بېرىشمۇ مۇمكىندۇر.

(1) <إرشاد الصاوي>.

باشقىلار تەرىپىدىن ھەج قىلىپ كېلىشكە بۇيرۇلغان كىشى ھەجگە بۇيرۇغان ئادەمنىڭ پۇلىدىن ئۆزىگە يەتكۈدەك خەجلەپ ئېشىپ قالغىنى بولسا، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ھەجنى ئۆزىنىڭ پۇلىدىن خەجلەپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، كەتكەن پۇلنى ھەجگە بۇيرۇغان ئادەمدىن ئالىدۇ.

ھەج قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشى تاكى ھەجگە ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ بولغىچە پۇلدىن يولدا ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرگە بەكمۇ ئىسراپ قىلماستىن بەكمۇ قىسۋالماستىن نورمال چىقىم قىلىدۇ. مەيلى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇش بىلەن بولامدۇ ياكى باشقا بىر سەۋەب بىلەن بولامدۇ ھەجدە ئۆلتۈرۈش لازىم بولغان بارلىق ھايۋانلارنىڭ پۇلى ھەجگە بارغان كىشىنىڭ ھېسابىدىن بولىدۇ. ئەمما ھەجگە ئەۋەتىلگەن كىشى، ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن يولدا توسۇلۇپ قالغان بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈلىدىغان مالنىڭ پۇلى ھەجگە ئەۋەتكەن ئادەمدىن بولىدۇ.

ئەگەر ھەجگە ئەۋەتىلگەن كىشى (مەسىلەن: يولدا ئىشلارنى تېز ھەل قىلمىغانلىغا ئوخشاش) دىققەتسىزلىكىدىن ھەجگە ئۆلگۈرەلمىگەن بولسا، ئۇ كىشى كەتكەن چىقىمنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى كېسەل بولۇپ قالغانلىغا ياكى بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەنگە ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەجگە ئۆلگۈرەلمىگەن بولسا، كەتكەن چىقىمنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. باشقا بىرسىنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىشنى ئۈستۈگە ئالغان كىشى ئورنىدا (باشقا بىرسىنى ئەۋەتمەي) ھەجنى ئۆزى قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇنى ھەج قىلىشقا بۇيرۇغان ئادەمنىڭ نامىدىن ھەج قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرسىنى ئەۋەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ھەجى دەسلەپ بۇيرۇغان ئادەمنىڭ نامىدىن قىلىنغان ھېسابلانمايدۇ. لېكىن ئەگەر بىر ئادەم ۋەكىلگە سەن بۇ پۇل بىلەن خالىغىنىڭنى قىلغىن، دېگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ۋەكىل مەيلى بىرەر سەۋەب بىلەن بولسۇن مەيلى سەۋەبسىز بولسۇن پۇلنى باشقا بىرسىگە بېرىپ ئۇنى ھەجگە ئەۋەتسە بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى: مېنىڭ نامىمدىن پەقەت پالانى ئادەملا ھەج قىلسۇن، ئۇنىڭدىن باشقىسى ھەج قىلمىسۇن، دەپ ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن ھېلىقى ئادەمدىن باشقا بىرسىنىڭ قىلغان ھەجى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى پەقەت: مېنىڭ نامىمدىن پەقەت پالانى ئادەملا

ھەج قىلسۇن، دەپ ۋەسىيەت قىلغان بولسا، مىراسخۇرلىرى ئۇنىڭ نامىدىن ھېلىقى ئادەمدىن باشقا بىر ئادەمنى ھەجگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ ھەج توغرا بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: بۇ پۇلنى مېنىڭ نامىمدىن ھەج قىلغان ئادەمگە بەرگىن، دەپ پۇل بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ پۇل بىلەن ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن ھەج قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ھەج قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ نامىدىن ھەج قىلماقچى بولسا، ئۇ ھەجنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، ئەگەر ئۆلگەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرى شۇنىڭغا چىقىشسا، ھەجنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن كىشىنىڭ يۇرتىدىن باشلاپ قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇنىڭ قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرى شۇنىڭغا چىقىشمىسا، ھەجنى ئۇنىڭ نامىدىن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى چىقىشقان يەردىن باشلاپ قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىرسىنى سەن بۇ پۇلغا مېنىڭ نامىمدىن ھەج قىلغىن، دەپ ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئەگەر پۇل يېتىشسە، پۇلنى ئالغان ئادەم ھەجنى ۋەسىيەت قىلغان كىشىنىڭ يۇرتىدىن باشلاپ قىلىدۇ. ئەگەر پۇل يېتىشمىسە ھەجنى پۇل يېتىشكەن يەردىن باشلاپ قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىرسىنى ئۆزىنىڭ نامىدىن باشقا بىر شەھەردىن باشلاپ ھەج قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان بولسا، مەيلى ئۇ شەھەر مەككىگە يىراق شەھەر بولسۇن مەيلى يېقىن شەھەر بولسۇن ئۇنىڭ ھەجنى شۇ شەھەردىن باشلاپ قىلىشى لازىم.[1]

باشقىلارنىڭ نامىدىن قىلىنغان ھەجنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن (مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە بالاغەتكە يەتكەنگە ئوخشاش) ھەجگە ئەۋەتىلىدىغان ئادەمنىڭ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىشقا شەرتلىرى توشقان ئادەم بولۇشى شەرتتۇر. شۇڭا (شەرتى توشسا) تېخى ئۆزىنىڭ نامىدىن ھەج قىلمىغان ئادەمنىڭمۇ باشقىلار نامىدىن، ئايالنىڭ ئەركىشىنىڭ نامىدىن ۋە بالاغەتكە يەتكەن كىچىك بالىنىڭمۇ باشقىلار نامىدىن ھەج قىلىشى توغرىدۇر. بالاغەتكە يەتكەن، ھەج پائالىيەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە بۇرۇن ئۆزىنىڭ نامىدىن ھەج قىلغان بىر ئادەمنى ئەۋەتىش ئەڭ ياخشىدۇر.[2]

(1) ‹إرشاد الصاوي›.

(2) «رد المحتار».

ھەج قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەمنىڭ ئېھرام باغلىغان ۋاقتىدا ئېھرامنى ھەجگە بۇيرۇغان كىشىنىڭ نامىدىن قىلىشى شەرتتۇر. دىلىدا قىلغان نىيىتىگە قوشۇپ تىلى بىلەن: مەن پالانىنىڭ نامىدىن ئېھرام باغلىدىم، ۋە ئى اللە! پالانىنىڭ نامىدىن ساڭا تەلبىيە ئېيتىمەن، دەپ شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىشى ئەڭ ياخشىدۇر.

باشقا ئادەمنىڭ نامىدىن ھەج قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەمنىڭ ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەردىن ئېھرامسىز ئۆتمەسلىكى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر يەرلەردىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ مەزكۇر يەرلەرگە قايتىپ بېرىپ شۇ يەردىن ئېھرام باغلاپ كېلىشى لازىم. ئەگەر ئېھرامنى مەزكۇر يەرلەرگە قايتىپ شۇ يەرلەردىن باغلىماي مەزكۇر يەرلەرنىڭ ئىچىدىن ياكى مەككىدىن باغلىسا، ئۇنىڭ ھەجى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ، ھەجنى ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەردىن ئېھرام باغلاپ كىرىپ قىلىشقا بۇيرۇلغان بىر ئادەمدۇر. لېكىن ئۇ ئادەم ھەجگە مەزكۇر يەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئېھرام باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىدىكى بۇيرۇققا خىلاپ ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ ۋە كەتكەن چىقىمنى تۆلەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە باشقا ئادەمنىڭ نامىدىن ھەج قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشى دەسلەپتە ئۆمرە ھەج قىلغان، ئاندىن شۇ يىلى مەككىدىن ئېھرام باغلاپ ھەج قىلغان بولسا، ئۇمۇ ئەسلىدىكى بۇيرۇققا خىلاپ ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى بۇيرۇلغان پەرز ھەجنىڭ سەپىرىنى ئۆمرە ھەجگە ئىشلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى كەتكەن چىقىمنى تۆلەيدۇ.

بىر ئادەم بىرسىنى ئۆزىنىڭ نامىدىن پەرز ھەج قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشى ۋەسىيەت قىلغان ئادەمنىڭ نامىدىن نەپلە ھەج قىلغان بولسا، بۇ نەپلە ھەج ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى پەرز ھەجگە ھېساب بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ مەقسىتى ھاسىل بولمىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ھەجگە بەرگەن چىقىمنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش ئىدى.[1]

(1) «رد المحتار».

# جىنايەتلەرنىڭ بايانى

## جىنايەتلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

## بىرىنچى قىسىم: ئېھرامغا قىلىنغان جىنايەتلەر:

بۇ پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەمگە ئالاقىدار جىنايەتلەردۇر. بۇ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1 ـ بىر قوي ئۆلتۈرۈشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتلەر:

قوي ئۆلتۈرۈش ئىككى خىل جىنايەتنىڭ جازاسىدىن باشقا ھەممە جىنايەتلەرگە كەلگەن جازاغا يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئۇ ئىككى خىل جىنايەتنىڭ جازاسى ئۈچۈن (قوي ئەمەس) تۆگە ياكى كالا ئۆلتۈرۈش لازىم. ئىككى خىل جىنايەتنىڭ بىرى: ئەرافاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چاچنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتۇر. يەنە بىرى بولسا، زىيارەت تاۋاپىنى جۇنۇپلۇق ياكى ھەيزدار ھالەتتە تۇرۇپ قىلىشتۇر. مانا بۇ ئىككى خىل جىنايەتنىڭ جازاسى ئۈچۈن تۆگە ياكى كالا ئۆلتۈرۈش لازىم. ئەمما زىيارەت تاۋاپىنى جۇنۇپلۇق ھالەتتە تۇرۇپ قىلغان ئادەم ياكى ھەيزدار ھالەتتە تۇرۇپ قىلغان ئايال زىيارەت تاۋاپىنى پاك ھالەتتە تۇرۇپ قايتا قىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. زىيارەت تاۋاپىنى جۇنۇپلۇق ھالەتتە تۇرۇپ قىلغان ئادەم ياكى ھەيزدار ھالەتتە تۇرۇپ قىلغان ئايال مەككىنىڭ ئىچىدىلا بولسا، زىيارەت تاۋاپىنى قايتا قىلىشى ياخشىدۇر. چۈنكى بۇ ھالەتتە ئورنىنى تولدۇرغۇچى ئورنى تولدۇرۇلغۇچىنىڭ تېپىدىن بولىدۇ.

ئەگەر ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئۆمرە ھەجنىڭ تاۋاپىنى جۇنۇپلۇق ياكى تاھارەتسىز ھالەتتە تۇرۇپ قىلسا، جازا ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئۇنىڭ تاۋاپىدىن بىر قېتىملىق ئايلىنىشنى قىلماي قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم. چۈنكى ئۆمرە ھەجدە سەدىقە بېرىش ياكى تۆگە ياكى كالا ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئۆتكۈزۈلۈپ قالغان خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش يوق.

بالاغەتكە يېتىپ پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم

بىرەر ئەزاسىغا خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتكەن ياكى بېشىنى (چاچ ـ ساقال بوياىدىغان) نەرسە بىلەن بويىغان ياكى ياغقا ئوخشاش بىر نەرسە بىلەن ياغلىغان ياكى تولۇق بىر كۈن (يەنى تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر) ياكى تولۇق بىر كېچە (يەنى كۈن كىرىپ كەتكەن باشلاپ تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر) تىكىلگەن كىيىم ياكى بېشىغا بىر نەرسە كەيگەن ياكى چىچىنىڭ تۆتتە بىر قىسمىنى چۈشۈرگەن ياكى بىر قولتۇقۇنىڭ تۈكىنى تازىلىغان ياكى جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈكلەرنى تازىلىغان ياكى بىر يەردە ئولتۇرۇپ قوللىرىنىڭ ياكى پۇتلىرىنىڭ ياكى بىر قولىنىڭ ياكى بىر پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى ئالغان، ياكى ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرەر ۋاجىپنى سەۋەبسىز قىلمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمگە جازا ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ.

تاق ھەج قىلغان ئادەمگە بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدىغان ھەر بىر جىنايەتتە جۈپ ھەج قىلغان (يەنى پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىرگە ئېھرام باغلىغان) ئادەمگە ئىككى قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ.

2 ـ سەدىقە بېرىشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتلەر:

بالاغەتكە يېتىپ پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم بىرەر ئەزاسىنىڭ بىر قىسمىغا خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتكەن ياكى تىنىگە چىش پاستىسىغا ۋە ئەترلىك بەدەن سوپۇنىغا ئوخشاش ئەترلىك سوپۇن ئىشلەتكەن ياكى ئەترلىك سوپۇن بىلەن ئېھرامىنى يۇغان ياكى بىر كۈندىن ياكى بىر كېچىدىن ئاز بىر مۇددەت تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك ياكى بېشىغا بىر نەرسە كەيگەن بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئۇ ئادەمگە جازا ئۈچۈن سەدىقە بېرىش لازىم كېلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم تىكىلگەن كىيىم كىيىپ تۇرۇپ ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ۋە ئۆمرە ھەجنى بىر كۈندىن ئاز بىر مۇددەت ئىچىدە ئاياغلاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئېھرامدا تىكىلگەن كىيىم كەيگەن جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىممۇ ياكى سەدىقە بېرىش لازىممۇ؟ دېگەن سوئالغان شەيخ ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: «مەن بۇ ھەقتە (ئالىملاردىن قالغان) ئېنىق بىر سۆز كۆرمىدىم. لېكىن ئالىملارنىڭ: تىكىلگەن كىيىمنى كەيگەنلىك سەۋەبى بىلەن جازا ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈشنىڭ لازىم بولۇشى

ئۇچۇن ئۇ كىيىمنى تولۇق بىر كۈن كىيىپ تولۇق پايدىلىنىش لازىم، دېگەن سۆزىدىن ئۇ ئادەمگە سەدىقە بېرىش لازىم بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى بۇ شەكىلدە چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ: ئالىملارنىڭ ئېھرامدىكى ئادەمنى تىكىلگەن كىيىمدىن تولۇق پايدىلاندى، دېيىش ئۇچۇن ئۇنىڭ تىكىلگەن كىيىمنى كىيدىغان مۇددىتىنى تولۇق بىر كۈن قىلىپ بېكىتىشى بولسا، ئەگەر ئېھرام باغلايدىغان مۇددەت ئۇزۇن بولسا، ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما مەزكۇر مەسىلىدەك ئېھرام باغلاپ بىر كۈنگە يەتمىگەن بىر مۇددەت ئىچىدە ئېھرامدىن چىقىپ بولىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنى تىكىلگەن كىيىمدىن تولۇق پايدىلاندى، دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. لېكىن ئىش ئۇ شەكىلدە بولسىمۇ (ئۇ ئادەمگە بىر قوينىڭ لازىم بولۇشى ئۇچۇن بۇ ھەقتە ئالىملاردىن قالغان) ئېنىق بىر سۆز بولۇشى كېرەك.»[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئېھرام باغلىغان ئادەم چېچىنىڭ تۆتتەن بىرىدىن ئاز بىر قىسمىنى چۈشۈرگەن ياكى بىر تاللا تىرنىقىنى ئالغان ياكى مەككىگە كېلىش تاۋاپىنى ياكى خوشلۇشۇش تاۋاپىنى كىچىك تاھارەتسىز قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن سەدىقە بېرىش لازىم. ئەمما مەككىگە كېلىش تاۋاپىنى ياكى خوشلۇشۇش تاۋاپىنى چوڭ تاھارەتسىز يەنى جۇنۇپلۇق ھالىتىدە ياكى ھەيزدار ھالىتىدە تۇرۇپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈش كېرەك. بۇ، ئەگەر تاۋاپنى پاك ھالىتىدە تۇرۇپ قايتا قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئورنىنى تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنى تولدۇرۇلغۇچىنىڭ تېپىدىن بولۇشى ئۈچۈن تاۋاپنى جۇنۇپلۇق ھالىتىدە تۇرۇپ قىلغان ئادەم ياكى ھەيزدار ھالىتىدە تۇرۇپ قىلغان ئايال مەككىنىڭ ئىچىدىلا بولسا، تاۋاپنى قايتا قىلىش ئەڭ توغرىدۇر. پاكسىز ھالىتىدە تۇرۇپ قىلغان تاۋاپىنىڭ ئورنىنى پاكلىق ھالىتىدە تۇرۇپ تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق تولدۇرۇش بىر قوي ئۆلتۈرۈپ تولدۇرغاندىن ياخشىدۇر.[2]

شۇنىڭدەك يەنە خوشلۇشۇش تاۋاپىدىن بىر قېتىملىق ئايلىنىشنى كەم ئايلانغان ياكى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلاردىن بىر تاشنى كەم ئاتقان ياكى باشقا بىرسىنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىپ قويغان ياكى چاچ چۈشۈردىغان ۋاقتتا ئەمەس باشقا بىر ۋاقتتا باشقىلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، بۇ

(1) «رد المحتار».

(2) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 205 ـ بەت.

ھالەتلەردىمۇ ئۇنىڭغا جازا ئۈچۈن سەدىقە بېرىش كېرەك. ئەمما باشقىلارنىڭ چېچىنى ھەج ياكى ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئاياغلىشىپ ھەممە ئادەم چېچىنى چۈشۈرۈدىغان بىر ۋاقىتتا چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

جازا ئۈچۈن بېرىلىدىغان سەدىقىنىڭ مىقدارى: ياكى 1,785 كىلو گىرام بۇغداي ياكى ئۇنىڭ پۇلىدۇر. سەدىقىنى مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا ياكى مۇئەييەن بىر يەردە بېرىش لازىم ئەمەس. ئەمما جازا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغان قوينى ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈش لازىم. ئۇنىڭ سىرتىدا ئۆلتۈرۈش توغرا بولمايدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ۋاقىت لازىم ئەمەس. لېكىن قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆلتۈرۈش ياخشىدۇر.[1] ئۇنىڭ گۆشى ھەرەمنىڭ سىرتىدىن بولغان پېقىرلارغا بېرىلىدۇ.

3 ـ مەزكۇر مىقداردىن ئاز مىقداردا بىر نەرسە سەدىقە قىلىشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتلەر:

بالاغەتكە يېتىپ پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم پىتكە ياكى چىكەتكىگە ئوخشاش كىچىك بىر نەرسە ئۆلتۈرگەن ياكى بىر تال تۈكىنى يۇلۇۋالغان بولسا، ئۇنىڭ جازا ئۈچۈن خالىغان مىقداردا بىر نەرسە سەدىقە قىلىشى لازىم.

4 ـ پۇلىنى بېرىشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتلەر:

بالاغەتكە يېتىپ پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم قۇرۇقلۇق ئوۋ ھايۋانلىرىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنى شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ ئادىل ئىككى ئادەم باھالايدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋ ھايۋانىنىڭ پۇلى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ پۇلىغا يەتسە، ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ ھايۋاننى سېتىپ ئېلىپ (مەككىگە ئاپىرىپ) ئۆلتۈرىدۇ. خالىسا ئۇ پۇلغا بۇغداي سېتىپ ئېلىپ ھەر بىر پېقىرغا 1,785 كىلو گىرام بۇغداي سەدىقە قىلىدۇ ياكى ھەر بىر پېقىر ئۈچۈن بېرىلىدىغان بۇغداينىڭ ئورنىغا بىر كۈن روزا تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قولىدا 1,785 كىلو گىرامدىن ئاز بىر مىقداردا بۇغداي ئېشىپ قالسىمۇ ئۇنى سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر ھەر بىر پېقىر ئۈچۈن بېرىلىدىغان بۇغداينىڭ ئورنىغا روزا تۇتقان بولسا، ئۇ بۇغداي ئۈچۈنمۇ بىر

(1) «رد المحتار»، 2 ـ توم، 249 ـ بەت.

كۈن روزا تۇتىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان يىرتقۇچ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا يوق. شۇنىڭدەك ئۇ ئەگەر قارغىنى ياكى قارچىغى ۋە ساغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ياكى چايانني ياكى ساچقاننى ياكى يىلاننى ياكى غالجىر ئىتتى ياكى چۈمۈلىنى ياكى بۆرگۈنى ياكى قۇرتنى ياكى تاش پاقىنى ياكى (ھەرىدەك) زېمىننىڭ زەھەرلىك ھاشارەتلىرىگە ئوخشاش قۇرۇقلۇق ئوۋ ھايۋانلىرىدىن ھېسابلانمايدىغان بىر نەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، يەنە ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ھەفسەدىن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قارغا، سا، ساچقان، چايان ۋە غالجىر ئىت بولۇپ بەش خىل ھايۋان بار. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.»[1]

## ئىككىنچى قىسىم: ھەرەمگە قىلىنغان جىنايەتلەر:

بۇ ھەجگە ياكى ئۆمرۈگە ئېھرام باغلىغان ئادەمگە ئالاقىدار جىنايەتلەر ئەمەستۇر. بۇ جىنايەتلەردە جازا ئۈچۈن جىنايەت ئۆتكۈزۈلۈپ قويۇلغان نەرسىنىڭ پۈلىنى بېرىش لازىم. بۇ جىنايەتلەر بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ھەرەمنىڭ قۇرۇقلۇق ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش ياكى ئوت - چۆپلىرىنى يۇلۇش ۋە ئادەم تېرىپ ئۈندۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن ئەمەس ئۆزى ئۈنۈدىغان ئۆسۈملىكلىرىنى كېسىشتۇر. شۇنىڭدەك ھەرەمنىڭ ئوت - چۆپلىرىدە مال بېقىش ياكى ئۇنىڭ <ئىزخىر> دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملىكىدىن باشقا ئۆسۈملىكلىرىنى كېسىش ھارامدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن الله تائالا مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى ھارام قىلدى. (مەككىدە ئۇرۇش قىلىش) مەندىن بۇرۇن ھېچقانداق كىشىگە ھالال قىلىنىپ بەرمىدى. مەندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق كىشىگە ھالال قىلىنىپ بەرمەيدۇ. ماڭا كۈندۈزدە پەقەت ئازلا بىر مۇددەت ھالال قىلىنىپ بەردى. ئۇنىڭ يېشىل ئوت - چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ. دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ. ئوۋ ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ. ئۇنىڭدا چۈشۈپ قالغان نەرسىنى كىشىلەرگە ئېلان قىلىپ ئۇنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىشىدىن باشقا بىر كىشى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

ئالمايدۇ» دېگەن ئىدى. ئاباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! (بىزگە) <ئىزخىر> دېگەن دەرەخنى كېسىشكە رۇخسەت قىلساڭ، ئۇنى تۆمۈرچىلىك ۋە زەرگەرلىك ھۈنەرلىرىمىزدە بىر نەرسىنى قىزىتىشقا ۋە قەبرىلىرىمىزنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا ئىشلىتىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام <ئىزخىر> دېگەن دەرەخنى كېسىشكە رۇخسەت قىلدى.[1]

ئىمام مالىك ۋە كۆپىلىق ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنىڭ يېشىل ئوت ـ چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرەمنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىدە مال بېقىش ھارامدۇر، دېگەن قاراشلىرىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. چۈنكى ھەرەمنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى يۇلغانغا قارىغاندا مال باققاندا بەك زەرەرگە ئۇچرايدۇ. ئىمام مالىك بىلەن كۆپىلىق ئالىملارنىڭ بۇ قارىشىنى ئىمام تەبەريي توغرا قاراش، دەپ قارىدى. ئەمما ئىمام شافئىي: «ماللارنىڭ پايدىسىنى ئويلاپ ھەرەمنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىدە مال باقسا بولىدۇ، مال بېقىش يۇلۇشقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە پەقەت يۇلۇشتىنلا چەكلىدى. بۇ سۆزنى يۇلۇشتىن باشقا مەنىگە قارىتىشقا بولمايدۇ» دېدى.[2]

قۇرۇپ قالغان ياكى ئۇشتۇلۇپ كەتكەن ئوت ـ ياشلارنى يۇلۇش بىلەن ياكى ئوت يېقىش ياكى چىدىر تىكىش ئۈچۈن ئۇرا كولاش سەۋەبى بىلەن يۇلۇنۇپ كەتكەن ئوت ـ ياشلار ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەش لازىم ئەمەس.[3]

ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قەستەن قىلغان ئادەمگە تەۋبە قىلىش لازىم. ھەتتا ئۇ ئادەم تەۋبە قىلمىغۇچە جازا ئۈچۈن ئۇنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنى ئۇنى گۇناھلىرىدىن پاكلىيالمايدۇ. بىر ئادەم جىنايەتنى مەيلى قەستەنلىك بىلەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن قىلسۇن، مەيلى ئىسىدە بار ھالەتتە تۇرۇپ ياكى ئىسىدە يوق ھالەتتە تۇرۇپ قىلسۇن، مەيلى بىلىپ تۇرۇپ ياكى بىلمەي تۇرۇپ قىلسۇن، مەيلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياكى مەجبۇرلانغان ھالەتتە قىلسۇن، مەيلى بىرەر ئۆزرىسى بار تۇرۇپ ياكى بىرەر ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ قىلسۇن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان جازا

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) «فتح الباري»، 4 ـ توم، 48 ـ بەت.

(3) <حاشية الطحاوي على مراقي الفلاح>.

كېلىدۇ.[1]

ئەگەر ئېھراملىق بىر ئادەم (مەسىلەن: چېچىنى چۈشۈرگەنگە، تىرناقلىرىنى ئالغانغا ۋە ئۆزىگە خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتكەنگە ئوخشاش) ھەر بىرى جازا ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈشنى لازىم قىلىدىغان چەكلەنگەن بىر نەچچە خىل ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم. ھەر بىرىگە بىر قوي ئۆلتۈرۈش كېرەك بولغان بىر نەچچە خىل جىنايەت ئۈچۈن بىر قويىنى ئۆلتۈرۈشلا يېتەرلىك بولمايدۇ. لېكىن ئەگەر ئېھرامنىڭ ئىچىگە كىرگەن بىر ئادەم ئېھراملىق ھالىتىدىن چىقىپ كېتىش نىيىتى بىلەن تىكىلگەن كىيىم كەيگەنگە، ئۆزىگە خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتكەنگە، چېچىنى چۈشۈرگەنگە ۋە تىرناقلىرىنى ئالغانغا ئوخشاش ئېھرام باغلىمىغان ئادەم قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم مۇشۇ ئىشلارنى قىلغانلىق سەۋەبى بىلەنمۇ يەنە ئېھراملىق ھالىتىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئېھرامدىن چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ تىكىلگەن كىيىم كەيگەنگە، ئۆزىگە خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتكەنگە، چېچىنى چۈشۈرگەنگە ۋە تىرناقلىرىنى ئالغانغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا (گەرچە بۇ ھەر بىرىگە بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم كېلىدىغان ئىشلار بولسىمۇ) پەقەت بىر قويلا ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ ئىشلارنى پەقەت بىرلا مەقسەت بىلەن قىلدى. ئۇ بولسىمۇ ئېھرامدىن بالدۇر چىقىپ كېتىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرسىلا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم شۇ ئىشلارنى ئېھرامدىن چىقىپ كېتىش نىيىتى بىلەن ئەمەس باشقا نىيەت بىلەن قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ ھەر بىرىگە بىر قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ: مەن بۇ ئىشلارنى ئېھرامدىن چىقىپ كېتىش نىيىتى بىلەن قىلغان، دېگەن سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئېھرامدىن قانداق چىقىپ كېتىشنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئېھرامدىن چىقىش پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەملەردىن بولۇشى لازىم. ئەمما ئېھرامدىن چىقىشنىڭ يولىنىڭ بۇ يول ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ مەن: بۇ ئىشلارنى ئېھرامدىن چىقىپ كېتىش مەقسىتى بىلەن قىلغان، دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەر بىر ئىش ئۈچۈن بىر

(1) <إرشاد الصاوي>.

قوي ئۆلتۈرۈش لازىم بولىدۇ.)[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىز ھەجنىڭ پەرزلىرىنىڭ بايانىدا ئېھرام باغلىغان ئادەم ئېھرامدىن مەقسەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئىبادەتنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن چىقىدۇ.[2] شۇنىڭدەك يەنە (ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن) يولدا مەككىگە كىرىشتىن توسۇلۇپ قالغان ۋە مەككىگە كىرىش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، (مەككىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن) ھايۋاننى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قۇربانلىق قىلىپ ئېھرامدىن چىقىدۇ، كېيىن ئېھرام باغلاپ بارغان ئۇ ئىبادەتنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. (بىز تۆۋەندە يولدا توسۇلۇپ قىلىشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىمىز).

## يولدا توسۇلۇپ قېلىشنىڭ بايانى

يولدا توسۇلۇپ قېلىشتىن ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئەرافاتتا تۇرۇشتىن ۋە زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشتىن چەكلىنىش، ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئۆمرىنىڭ تاۋاپىنى قىلىشتىن چەكلىنىش، دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يولدا توسۇلۇپ قېلىش تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل يول بىلەن بولىدۇ:

1 ـ دۈشمەننىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

ئەگەر دۈشمەن بىر يولنى توسۇۋالغان بولسا، ئېھرام باغلىغان ئادەم ھەجگە بېرىش ئۈچۈن باشقا بىر يول تاپقان بولسا، بۇ ھالەتتە ئېھرام باغلىغان ئادەم يولدا توسۇلۇپ قالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. لېكىن تاپقان ئىككىنچى يولدا مېڭىش (مەسىلەن: خەتەرلىك بولغىنىغا ئوخشاش) ئۇنىڭغا زەرەر ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن ھەجگە بارىدىغان ئادەمنىڭ يولىدا يىرتقۇچ ھايۋان تۇرۇۋالغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋاننى كەتكۈزۈۋېتىپ ئۆتۈشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، بۇ

(1) «رد المحتار».

(2) يەنى ھەجگە ئېھرام باغلىسا ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ. ئۆمرىگە ئېھرام باغلىسا ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ. ت.

ھالەتتە ئۇ ئادەم يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ تۈرمىگە كىرىپ قېلىش ياكى پادىشاھنىڭ چەكلىشى بىلەن بولىدۇ.

بىر ئادەم ھەجگە ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن تۈرمىگە كىرىپ قالغان ياكى پادىشاھ ياكى ھۆكۈمەت ئۇنى ھەجگە بېرىشتىن چەكلىگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ كېسەل ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ھەجگە ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن بىر يېرى سۇنۇپ كەتكەن ياكى كېسەل بولۇپ قالغان گۇمانىچە ياكى دىيانەتلىك ئۇستا دوختۇرنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، ئەگەر ئۇ ئادەم ھەجگە ماڭسا (يول يۈرگەنلىك سەۋەبى بىلەن) كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

5 ـ مەھرىمىنىڭ ئۆلۈپ قېلىش ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

بىر ئايالنىڭ ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن ھەجگە بىللە بارىدىغان مەھرىمى ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

6 ـ پۇلنىڭ يوقاپ كېتىش ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

بىر ئادەم ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن پۇلىنى ئوغرىغا بەرگەن ياكى يۈتتۈرۈۋاتقان بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم پۇلسىزمۇ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولالىسا، يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا، يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

7 ـ يولدىن ئېزىپ كېتىش ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

بىر ئادەم ھەجگە ئېھرام باغلاپ بولۇپ يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋە ئۇ ئۆزىگە يول كۆرسىتىپ قويىدىغان بىرەر كىشىنى تاپالمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

8 ـ ئەرنىڭ چەكلىشى ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

بىر ئايال نەپلە ھەجگە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېھرام باغلىغان، ئېرى ئۇنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەجگە بېرىشىنى چەكلىگەن بولسا، بۇ ھالەتتە

ئۇ ئايال يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.[1]

**يولدا توسۇلۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئېھرامدىن قانداق چىقىدىغانلىقىنىڭ بايانى:**

پەرز ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم يولدا توسۇلۇپ قالغان ۋە ئېھرامدىن چىقىپ كەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ (ھەرەمگە ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن) بىر مال ياكى ئۇنىڭ پۇلىنى مەككىگە ئەۋەتىشى لازىم. يولدا توسۇلۇپ قالغان ئادەمنىڭ تاكى ئۆزىگە تۇسالغۇ بولغان ئامىل يوقالغىچە كۈتۈپ تۇرۇشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ھەج بىلەن ئۆمرەنى الله ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار، ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار»[2]

ھەرەمگە ئەۋەتىلىدىغان مال قوي بولىدۇ. تۆگە ياكى كالا ئەۋەتىشكىمۇ بولىدۇ. تۆگە ياكى كالا ئەۋەتىلگەندە يەتتە ئادەمنىڭ نامىدىن ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ مال ھەرەمدە ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ نامىدىن بوغۇزلىنىدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى مالنى توسۇلۇپ قالغان يەرنىڭ ئۆزىدە ئۆلتۈرسىمۇ بولىدۇ» دېدى. مالنى ھەرەمگە ئەۋەتىپ شۇ يەردە ئۆلتۈرىدۇ، دېگەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا الله تائالانىڭ: «قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار»[3] دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن يولدا توسۇلۇپ قېلىپ ھەرەمدە بوغۇزلاش ئۈچۈن مال ئەۋەتكەن ئادەم، ھەتتا مال بوغۇزلىنىدىغان ۋاقتتىن خەۋەرى بولۇپ ئېھرامدىن شۇ ۋاقىتتا چىقىش ئۈچۈن مالنى ئۇنىڭ نامىدىن بوغۇزلاش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ مالنى قايسى كۈندە بوغۇزلايدىغانلىقىنى توختۇتىۋېلىشى لازىم.

(1) <إرشاد الصاوي>.

(2) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى چوڭ ھەجگە (يەنى پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە) ئېھرام باغلىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئىككى ھەجنىڭ ئېھرامىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىككى دانە مال ئەۋەتىشى لازىم. ئەگەر چوڭ ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەم ئۆمرە ھەجى ئۈچۈن تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن ۋە سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەرافاتقا چىقىشتىن توسالغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر مال ئۆلتۈرۈش لازىم[1].

ئەگەر يولدا توسۇلۇپ قالغۇچى ھەرەمگە ئەۋەتىش ئۈچۈن مال ياكى ئۇنىڭ پۇلىنى ياكى ئۇنى بىللە ئەۋەتىدىغان ئادەم تاپالمىسا، تاكى ئۇنى تېپىپ ئەۋەتىپ (مالنى ھەرەمدە بوغۇزلىتىپ) ئېھرامدىن چىققانغا قەدەر ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا روزا تۇتۇشى ياكى سەدىقە بېرىشى يېتەرلىك بولمايدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ ئىچىدىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يولدا توسۇلۇپ قېلىپ مەزكۇر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە مال ئەۋەتىشكە قادىر بولالمىغان ئادەمنى قۇربانلىق قىلىشقا قادىر بولالمىغان چوڭ ھەج ياكى بەھرىمەن ھەج قىلغان ئادەمگە[2] قىياس قىلىپ تۇرۇپ ئۇ ئادەممۇ 10 كۈن روزا تۇتسا بولىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ قارىشى يولدا توسۇلۇپ قىلىپ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە مال ئەۋەتىشكە قادىر بولالمىغان ئادەمنى ئېغىر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر قاراشتۇر. ئىمام شافىئىيمۇ (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ قاراشتىدۇر.[3]

كىمكى بىرەر بەندىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئېھرامدىن چىقماقچى بولسا، مەسىلەن: ئېھرام باغلىغان بىر ئايال ئېرىنىڭ تەلۋى بىلەن ئېھرامدىن چىقماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ تەلۋىگە بويسۇنۇپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تىرناق ئالغانغا ياكى چاچ قىسقارتقانغا ئوخشاش ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قىلىش بىلەن ئېھرامدىن چىقىشى لازىم. ئۇ ئايال مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن تاكى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە ئەۋەتكەن مالنى بوغۇزلىغانغا قەدەر ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرغان

(1) چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆمرە ھەجىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆمرە ھەجى ئۈچۈن مال بوغۇزلاش لازىم بولمايدۇ. ت.

(2) چوڭ ھەج ياكى بەھرىمەن ھەج قىلغان ئادەم قۇربانلىق قىلىشقا قادىر بولالمىسا يەتتە كۈن ئەرافاتتا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۈچ كۈن ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بولۇپ ئۇنىڭغا جەمى 10 كۈن روزا تۇتۇش لازىمدۇر. ت.

(3) <إرشاد الصاوي>.

ھېسابلانمايدۇ. (يەنى ئۇ ئايال شۇ ئىشلاردىن بىرەرنى قىلىش بىلەنلا ئېھرامدىن چىقىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ). ئۇ ئايالغا، ئېھرام باغلىغان ھەجى مەيلى ھەج بولسۇن مەيلى ئۆمرە بولسۇن كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم. لېكىن ئۇ ئايال ئەگەر ئېھرام باغلىغان ھەج پەرز ھەج بولغان ۋە ئۇ ئېرىنىڭ تەلىۋى بىلەن ئېھرامدىن چىقماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئايال (ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قىلغان بولسىمۇ) تاكى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مېلىنى ھەرەمدە ئۆلتۈرمىگىچە ئېھرامدىن چىققان ھېسابلانمايدۇ.

يولدا توسۇلۇپ قالغان ئادەم قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە ئەۋەتكەن مېلىنىڭ بوغۇزلانغانلىقىنى بىلگەن چاغدا ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قىلىش بىلەن ئېھرامدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا چاچ چۈشۈرۈش ياكى ئۇنى قىسقارتىش لازىم ئەمەس. لېكىن ئۇ، ئەگەر سۈننەتكە ئۇيغۇن ئىش قىلاي دېسە، چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى ئۇنى قىسقارتىش لازىم. يولدا توسۇلۇپ قالغان ئادەم: مېنىڭ ئەۋەتكەن مېلىم بۇ كۈن بوغۇزلاندى، دەپ گۇمان قىلىپ ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭ مېلىنىڭ شۇ چاغدا بوغۇزلانمىغانلىقى ئېنىقلانغان بولسا، ئۇنىڭ تاكى مېلى بوغۇزلانغا قەدەر مۇددەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىش چەكلەنگەن ھەر بىر ئىش ئۈچۈن جازا بېرىشى لازىم.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ھەجنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بايانى

مەن ھەج ھۆكۈملىرىنىڭ بايانىنىڭ ئاخىرىدا خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھەج قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئۇلۇغ ساھابى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بايان قىلغىنىدەك ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قىلغان ھەجنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىمام مۇسلىم، جەئپەر ئىبنى مۇھەممەددىن دادىسىنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كىردۇق. ئۇ قېشىغا كىرگەن كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ سوراپ چىقتى. ھەتتا نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، مەن: ھۆسەيىننىڭ ئۇغلى بولغان ئەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بولىمەن، دېدىم. ئۇ قولىنى بېشىمغا ئۇزارتتى، ئاندىن ئۈستۈن ۋە ئاستىن تەرەپتىكى ئىككى دانە تۆگمەمنى ئېچىپ قولىنى كۆكسۈمنىڭ ئارىلىقىدا قويۇپ[1]: (مەن ئۇ چاغدا تېخى كىچىك بالا ئىدىم) ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سىزنى قارشى ئالىمەن، خالىغان مەسىلە ھەققىدە مەندىن سوئال سوراڭ، دېدى. ئۇ كور ئىدى. نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەن ئىدى. قېشىدىكى كىيىم ساقلايدىغان نەرسىدە تونى بار بولسىمۇ (ئۇنى كەيمەي) ئۈستۈگە (چىلتىكىگە ئوخشاش ئىككى يېڭى يوق) بىر نەرسىنى كىيىپلا نامازغا تۇردى. ئۇ نەرسىنىڭ كىچىكلىكىدىن جابىر ئۇنى كەيگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىككى ئۇچچى ئۇنىڭغا قايتىپ تۇراتتى. (يەنى ئازادە تۇرماي ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇراتتى). جابىر بىزگە نامازنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن مەن ئۇنىڭدىن سوئال سوراشنى باشلاپ: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجنى قانداق شەكىلدە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسەڭ، دېدىم. جابىر قولى بىلەن توققۇزنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن مەدىنىدە) ھەج قىلماي توققۇز يىل تۇردى. ئونۇنچى يىلى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ھەجگە بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان (ئىشلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈش) ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلىش مەقستى بىلەن (ھەجگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلەن بىللە بېرىش ئۈچۈن) مەدىنىگە نۇرغۇنلىغان ئادەم توپلاندى. كېيىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە يولغا چىقىپ (مەدىنە تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ ئېھرام باغلايدىغان يېرى بولغان) زۇلھۇلەيپىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئۇمەيس مۇھەممەدنىڭ قىزى ئەسمائ تۇغدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ دەپ ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «يۇيۇنۇڭ جىنسىي ئەزايىڭىزغا بىر لاتا قويۇۋېلىپ ئېھرام باغلاڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھرام باغلاپ بولۇپ مەسچىتتە ناماز ئوقۇدى[2]. ئاندىن <قەسۋا> دەپ ئاتىلىدىغان تۆگىسىگە مىندى. پەيغەمبەر

(1) چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. شۇڭا جابىر ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزۈسىدىن قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ ئارىسىدا قويغان. ت.

(2) بۇ ئېھرام باغلاپ بولۇپ ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازدۇر. ت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە قارىسام بەزىلىرى ئۇلاغقا مىنگەن، بەزىلىرى پىيادە ماڭغان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا كۆزۈم يەتكەن يەرگە قەدەر لىق ئادەملەرنىڭ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ، سول ۋە ئارقا تەرەپلىرىدىمۇ شۇ مىقداردا ئادەملەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ، قۇرئاننىڭ نېمىگە بۇيرۇغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ قانداق ئىش قىلسا بىزمۇ شۇنى قىلدۇق. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لەببەيكەللاھۇممۇ لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك، ئىننەل ھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك لا شەرىكە لەك[1]» دەپ تەلبىيە ئېيتتى. ساھابىلەر (كىشىلەر ھازىر) ئېيتىدىغان بۇ تەلبىيە بىلەن تەلبىيە ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ساھابىلەرنىڭ) ئۇ تەلبىيەنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھېچقانداق رەد قايتۇرمىدى. ئەمما ئۆزى پەقەت تەلبىيەسىنىلا ئېيتتى[2].

جابىر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز پەقەت پەرز ھەجنىلا نىيەت قىلغان ئىدۇق. بىز ئۆمرە ھەجنى بىلمەيتتۇق. بىز ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەبىگە يېتىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كەبىگە كەلگەندىن كېيىن) قارا تاشنى سۆيدى. ئاندىن (تاۋاپ قىلىشنى باشلاپ يەتتە قېتىملىق ئايلىنىشنىڭ) ئۈچ قېتىملىق ئايلىنىشتا سوكۇلداپ ماڭدى. تۆت قېتىملىقتا نورمال ماڭدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرگە كېلىپ اللہ تائالانىڭ: «(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)»[3] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. نامازنىڭ بىر رەكەتىگە (سۈرە فاتىھەدىن كېيىن) سۈرە كافىرۇننى يەنە بىر رەكەتىگە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇدى. ئاندىن تەكرار يەنە قارا تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى سىلىغاندىن كېيىن سافا ئىشىكىدىن سافا تېغىغا قاراپ ماڭدى. سافاغا يېقىنلاشقاندا اللہ تائالانىڭ:

(1) تەلبىيەنىڭ مەنىسى: ئى اللہ! ئەمرى پەرمانىڭغا ھازىرمەن، ئەمرى پەرمانىڭغا ھازىرمەن، ئەمرى پەرمانىڭغا ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ئەمرى پەرمانىڭغا ھازىرمەن، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا، ئېھسان قىلىش ۋە ئىگىدارچىلىق ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق.

(2) ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان تەلبىيەگە بەزى ھەمدۇ ـ سانالارنى قوشۇپ ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا ھېچقانداق رەددىيە بەرمىدى. لېكىن ئۆزى ئۇنداق قىلمىدى. ت.

(3) سۈرە بەقەرە 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر»[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ «سىلەر (سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىشنى) اللّٰه تائالا باشلىغان يەردىن باشلاڭلار[2]» دەپ ئايلىنىشنى سافادىن باشلاش ئۈچۈن سافانىڭ تۆپۈسىگە تاكى كەبىنى كۆرگىلى بولغىدەك يەرگىچە چىقتى. ئاندىن كەبىگە يۈزىنى قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھ لا شەرىكە لەھ لەھۇلمۇلك ۋە لەھۇلھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر. لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھ، ئەنجەزە ۋەئدەھ، ۋە نەسەرا ئەبدەھ، ۋە ھەزەمەل ئەھزاپ ۋەھدەھ[3]». كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دۇئا قىلدى. كېيىن يەنە مەزكۇر تەھلىل ۋە تەكبىرنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن مەرۋە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام پۇتى چىلغىنىڭ ئىچىنى باسقان ۋاقتىدا (يەنى ھازىر يۈگۈرۈش ئۈچۈن ئىشارەت قويۇپ قويغان يەرگە كىرگەن ۋاقتىدا) يۈگۈردى. ئۇ يەردىن چىققاندا نورمال ماڭدى. مەرۋەگە يېتىپ كەلدى. مەرۋەدىمۇ سافا تېغىدا قانداق ئىش قىلغان بولسا، شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئايلىنىشنى مەرۋە تېغىدا ئاياغلاشتۇرۇپ: «ئەگەر ماڭا كېيىن كەلگەن پىكىر بۇرۇن كەلگەن بولسا، مەن (ئۆزۈم بىلەن بىللە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن) مال ھەيدەپ كەلمەيتتىم، بۇ ھەجنى ئۆمرە ھەج قىلاتتىم[4]. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئىچىڭلاردىن قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن مال ھەيدەپ كەلمىگەنلەر ئېھرامدىن چىقسۇن ۋە بۇ ھەجنى ئۆمرە ھەجگە ئايلاندۇرسۇن[5]» دېدى. سۇراق ئىبنى مالىك ئىبنى جۇئسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئىش بۇ يىلىلا مۇشۇنداق بولامدۇ ياكى مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشامدۇ؟ دېدى[6]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بارماقلىرىنى بىر - بىرلەپ گىرەلەشتۇرۇپ

(1) سۈرە بەقەرە 158 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) يەنى اللّٰه تائالا سەفا تېغىنى بالدۇر كەلتۈردى. سىلەر يۈگۈرۈشنى سەفا تېغىدىن باشلاڭلار. ت.

(3) دۇئانىڭ مەنىسى: بىر اللّٰه دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. اللّٰه نىڭ ھېچ شېرىكى يوق. پۈتۈن ئىگىدارچىلىق اللّٰه غا خاستۇر. بارلىق ھەمدۇ - سانا اللّٰه غا خاستۇر ۋە اللّٰه ھەر قانداق ئىشقا قادىردۇر. بىر اللّٰه دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. اللّٰه ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى ۋە ئىتتىپاقداش قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى.

(4) يەنى ماڭا ھازىر كەلگەن پىكىر ئېھرام باغلىغان ۋاقتىدا كەلگەن بولسا، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مال ھەيدەپ كەلمەيتتىم. ئەگەر مەن بىلەن مال بولمىغان بولسا، مەن بۇ ھەجىمنى ئۆمرە ھەجگە ئايلاندۇراتتىم ۋە ھەجنىڭ ۋاقتى كەلگەن ھەجگە مەككىدىن ئېھرام باغلايتتىم، ئەمما ھازىر مەن ئۇنداق قىلالمايتمەن، چۈنكى مەن بىلەن قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەيدەپ كەلگەن مال بار، دېمەكچىدۇر. ت.

(5) ئالىملار: پەرز ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن قىلغان ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆمرە ھەجگە ئايلاندۇرۇش پەقەت شۇ بىر قېتىمدا ساھابىلارغا خاس بولغان ئىشتۇر، دەيدۇ. ت.

(6) يەنى كىشىلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەج قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ

تۆرۆپ: ئىككى قېتىم «ئۆمرە ھەج پەرز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى» دەپ «بۇ ئىش بۇ يىلغىنامىلا ئەمەس ئەكسىچە بۇ ئىش مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ» دېدى. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەمەندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگۈللىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئەلى (يەمەندىن كېلىپ ئايالى) پاتىمەنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئېھرامدىن چىقىپ رەڭلىك كىيىملەرنى كەيگەنلىكىنى ۋە (كۆزلىرىگە) سۈرمە تارتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: (ئېھرامدىن چىققانلىقى ئۈچۈن) كايىدى. پاتىمە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): دادام (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) مېنى مۇشۇنداق قىلىشىمغا بۇيرۇدى، دېدى. جابىر مۇنداق دېدى: ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ئىشنى ئىراقتا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: شۇنىڭ بىلەن مەن پاتىمەنىڭ قىلغان ئىشىدىن كايىپ ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆزىدىن سوراپ باقاي، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزەمنىڭ پاتىمەنىڭ قىلغان ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىمنى دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاتىمە راست سۆزلەپتۇ، پاتىمە راست سۆزلەپتۇ. سەن ھەجگە ئېھرام باغلىغاندا، نېمە دەپ تەلبىيە ئېتقان ئىدىڭ» دېدى. مەن: ئى الله! سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ نېمە دەپ تەلبىيە ئېيتقان بولسا، شۇنداق دەپ تەلبىيە ئېيتقان، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بىلەن قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەنماللار بار، سەن (ئۇنداق دەپ تەلبىيە ئېيتقان بولساڭ) ئېھرامدىن چىقمىغىن[1]» دېدى.

جابىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: تۆگۈنىڭ سانى، ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەمەندىن ئېلىپ كەلگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەن بولۇپ جەمى **100** دانىگە يەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مال ھەيدەپ كەلگەنلەردىن باشقا ھەممە كىشىلەر چاچلىرىنى قىسقارتىپ ئېھراملىرىدىن چىقتى. زۇلھەججى ئېيىنىڭ سەككىزىنچى

ھەجىڭلىنى ئۆمرە ھەجگە ئايلاندۇرۇڭلار، دېگەن چاغ ھەج ئايلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەجى قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سۇراق ئىبنى مالىك: ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەج قىلىش بۇ يىلغا خاسلا ئىشمۇ ياكى مەڭگۈ مۇشۇنداق بولامدۇ، دەپ سورىغان. ت.

(1) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزۈ بىللە ئېلىپ كەلگەن ماللارغا شېرىك قىلدى. ت.

كۈنى كەلگەن ئىدى. ھەممە كىشىلەر پەرز ھەجنىڭ تەلبىيەسىنى ئېيتقان ھالدا مىناغا قاراپ ماڭدى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىگە مىنىپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنادا پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە (ئەتىسى كۈنىنىڭ) بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن كۈن چىققانغا قەدەر (مىنادا) تۇردى ۋە يۇڭدىن تىكىلگەن بىر كىچىك چېدىرنى (ئەرافات تېغىنىڭ قېشىدىكى) نەمىرا دېگەن يەرگە تىكىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا چىقتى. قۇرەيشلىكلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە خۇددى ئۆزلىرى قىلغىنىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇزدەلىفەدىكى بىر تاغنىڭ قېشىدا تۇرىدۇ، دەپ گۇمان قىلغان ئىدى[2]. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە تۇرماستىن ئەرافاتقا كەلدى. ئەرافاتقا كېلىپ ئۆزىگە تىكىلىپ قويغان ھېلىقى چېدىرگە كېلىپ چۈشتى. كۈن ئېگىلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. كېيىن جىلغىنىڭ ئىچىگە كەلدى[3]. ئۇ يەردە كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ: «سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى تۆكۈشىڭلار، ماللىرىڭلارنى ناھەق يەۋېلىشىڭلار خۇددى مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئاي ۋە مۇشۇ شەھەرنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈش ھارام قىلىنغاندەك ھارام قىلىندى. ئاگاھ بولۇڭلار! ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت ھەر قانداق ئىش مېنىڭ پۇتلىرىم ئاستىغا تاشلانغۇچىدۇر. (يەنى بىكار قىلىندى) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى قان داۋاسى بىكار قىلىندى. مەن بىزنىڭ قان داۋالىرىمىزدىن بىرىنچى بولۇپ بىكار قىلىندىغان داۋا رەبىئە ئىبنى ھارىسنىڭ ئوغلىنىڭ قان داۋاسىدۇر. ئۇ ئېمىتىلىش ئۈچۈن سەئىد جەمەتىگە بېرىلگەن ئىدى. ئۇنى ھۇزەيلە جەمەتىدىكىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتا قىلغان جازانىخورلۇقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. بىرىنچى بولۇپ بىكار قىلىنغان جازانە، ئاببا ئىبنى ئابدۇمۇتەللىبنىڭ جازانىسىدۇر. چۈنكى جازانىخورلۇقنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. سىلەر ئاياللار توغرىسىدا اللّٰه تائالادىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى اللّٰه نىڭ ئامانىتى ئورنىدا ئەمرىڭلارغا ئالدىڭلار، سىلەر ئۇلارنى اللّٰه تائالانىڭ سۆزى بىلەن ئۆزۈڭلەرگە ھالال قىلدىڭلار

(1) بۇ كۈنى بۇرۇن ئېھراملىرىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەملەرمۇ ئېھرام باغلىدى. ت.

(2) قۇرەيشلىكلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە مۇزدەلىفەنىڭ قېشىدىكى بىر تاغدا تۇراتتى. ئەمما باشقا ئەرەبلەر بولسا ئەرافاتتا تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ تاغدا تۇرماي ئەرافاتقا ماڭدى. چۈنكى اللّٰه تائالا ئۇنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن ) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، اللّٰه دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» سۈرە بەقەرە 199 ـ ئايەت.

(3) ئۇ ئۇرنە جىلغىسىدۇر. ئۇرنە بولسا ئەرافاتقا تەۋە ئەمەستۇر.

(يەنى ئۇلارنى اﷲ نىڭ ئاياللارنى ئېلىشنى دۇرۇس قىلىپ بەرگەن سۆزى بىلەن ئۆزەڭلارغا ھالال قىلدىڭلار)، سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلار تۆشەكلىرىڭلارغا سىلەر يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنى يولاتماسلىقتۇر[1]. ئەگەر ئۇلار شۇ ئىشنى قىلىپ سالسا، ئۇلارنى قاتتىق ئۇرماي بوشراق ئۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ (سىلەرنىڭ ئۈستىڭلەردىكى) ھەققى ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆز لايىقىدا (ئاشۇرۇۋەتمەي، قىسىپمۇ قويماي) تەييارلاپ بېرىشتۇر. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار مەندىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان اﷲ تائالانىڭ كىتابىدىن ئىبارەت بىر نەرسىنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا قويۇپ قويدۇم. سىلەردىن مېنىڭ ھەققىمدە سوئال سورىلىدۇ. سىلەر ئۇ چاغدا نېمە دەيسىلەر؟ دېدى. ساھابىلەر: بىز سېنىڭ ھەققەتەن (ئىسلام دىنىنى) يەتكۈزگەنلىكىڭگە، (ئۈستۈڭدىكى ئامانەتنى) ئادا قىلغانلىقىڭغا ۋە (ئۇممىتىڭگە) نەسىھەت قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى دەسلەپ ئاسمانغا كېيىن كىشىلەرگە قارىتىپ: «ئى اﷲ! گۇۋاھ بولغىن» دەپ ئۈچ قېتىم، دېدى. ئاندىن ئەزان ئوقۇلۇپ تەكبىر چۈشۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن تەكبىر چۈشۈرۈلدى. ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بەردى ۋە بۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى. ئاندىن تۆگۈسىگە مىنىپ ئەرافاتتىكى رەھمەت تېغىنىڭ قېشىغا كەلدى، تۆگۈسىنىڭ ئالدىنى (تاغنىڭ ئاستىدىكى) بىر تاش تەرىپىگە قارىتىپ تۇرغۇزۇپ، پىيادىلىقلار تۇرىدىغان دۆڭنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا قىلىپ ۋە قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكىچە ئۇ يەردە تۇردى. كۈننىڭ يۇمۇلاق شەكلى پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ (كۈن كىرىپ كېتىدىغان تەرەپتىكى) سېرىقلىق ئازراق يوقۇلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگۈسىنىڭ ئارقىسىغا ئۇسامەنى مىندۈرۈپ (ئەرافاتتىن مۇزدەلىفىگە قاراپ ماڭدى. يولدا تېز ماڭماسلىق ئۈچۈن) تۆگۈسىنىڭ نوقتۇسىنى ئارقىسىغا تارتىپ ماڭاتتى. تۆگە ھەتتا ئۇنىڭ بېشى (ئارقا تەرەپكە بەك قاتتىق تارتىپ ماڭغانلىقتىن) ئېزەڭگۈگە تېگىپ تۇرغان

(1) ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلارغا سىلەر يامان كۆرىدىغان ئادەم مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن مەيلى ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن بولسۇن ئۆيلىرىڭلارغا باشلىمىسۇن ۋە ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇشلىرىغا رۇخسەت قىلمىسۇن. چۈنكى ھەدىستە كەلگەن <يولاتمىسۇن> دېگەن سۆز بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدا: ئايالنىڭ ئۆيگە باشلىسا ئېرىنىڭ يامان كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان ياكى گۇمان قىلىدىغان ئادەمدىن باشقا بىرەر ئەرگە ياكى ئايالغا ياكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىشى ھالال ئەمەس، دېگەن شەكىلدە تونۇلۇپ كەلگەن مەسىلىدۇر.

ھالەتتە ماڭاتتى ۋە ئوڭ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئى كىشىلەر! ئالدىرىماي تەمكىنلىك بىلەن مېڭىڭلار. ئالدىرىماي تەمكىنلىك بىلەن مېڭىڭلار» دەيتتى. بىرەر ئېگىزرەك يەرگە كەلگەندە تۆگىنىڭ چىقىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ نوقتىسىنى ئازراق بوشۇتۇپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرى مۇزدەلىفىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى ۋە ئۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى. ئاندىن تاڭ ئاتقانغا قەدەر مۇزدەلىفىدە ياتتى. تاڭ سۈزۈلگەن ۋاقىتدا بىر ئەزان ۋە بىر تەكبىر بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ مەشئەرى ھەرامغا (يەنى مۇزدەلىفىدىكى بىر تاغقا) كېلىپ قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى، تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتتى. بۇ يەردە تاكى تاڭ خېلى ئۇبدان يورۇغانغا قەدەر تۇردى. ئاندىن (مىناغا كېلىش ئۈچۈن) تۆگىنىڭ ئارقىسىغا پەزلى ئىبنى ئابباسنى مىندۈرۈپ كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مۇزدەلىفىدىن يولغا چىقتى. پەزلى ئىبنى ئابباس چېچى چىرايلىق رەڭگى ئاق كېلىشكەن ئادەم ئىدى. يول ئۈستىدە پەزلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتكەن ئاياللارغا قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى پەزلىنىڭ يۈزىگە قويۇۋالدى. ئاندىن ئۇ يۈزىنى يەنە بىر تەرەپكە قارىتىپ ئۇ تەرەپتىن قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇ تەرەپتىن چىقىرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە قويۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى يەنە بىر تەرەپكە قارىتىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەھسەر چىلغىسىغا[1] كەلگەندە تۆگىسىنى ئاز بىر مۇددەت تېزلەتتى. ئاندىن تۆگىسىنى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەرگە چىققىلى بولىدىغان ئوتتۇردىكى يولغا سالدى. دەرەخنىڭ قېشىدىكى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان كاتاكنىڭ قېشىغا كېلىپ چوڭلۇقى چوڭ قۇناقتەك تاشتىن ھەر بىرىنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتىپ تۇرۇپ يەتتە تاش ئاتتى. ئاندىن ئۇ يەردىن قايتىپ مال بوغۇزلايدىغان يەرگە كەلدى ۋە (100 دانە تۆگىدىن) 63 دانە تۆگىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىدى[2]. ئاندىن (پىچاقنى) ئەلى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) غا بەردى، قالغانلىرىنى ئەلى بوغۇزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى ئۇ ماللاردا شېرىك قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر تۆگىنىڭ گۆشىدىن بىرەر پارچىدىن

(1) مەھسەر چىلغىسى كەبىنى ئۆرۈۋاتىمىز، دەپ كەلگەن فىل ئىگىللىرىنىڭ فىللىرى يېتىۋالغان يەردۇر، دەپ قارىلىدۇ.

(2) بەزى ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 63 دانە تۆگىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىشىدىكى ھېكمەت بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا 63 ياشتا ئىدى، ئۇ ھەر بىر ياش ئۈچۈن بىر تۆگە بوغۇزلىغان، دەيدۇ. ت.

قازانغا سېلىپ پۇشۇرۇشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قازانغا سېلىنغان گۆشلاردىن يېدى، شورپىلىرىدىن ئىچتى. ئاندىن تۆگۈسگە مىنىپ (مىنادىن قايتىپ) كەبىگە كىردى. مەككىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن زەمزەم قۇدۇقىدىن سۇ تارتىپ چىقىرۋاتقان ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتىنىڭ قېشىغا كىلىپ ئۇلارغا: «ئەگەر خىزمىتىڭلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنمايدىغان بولسا[1] ئەلۋەتتە مەنمۇ (قۇدۇقنىڭ ئىچىگە) چۈشۈپ سىلەر بىلەن بىللە سۇ تارتقان بۇلاتتىم» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بىر قاچىدا سۇ سۇنۇپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ سۇدىن ئىچتى.[2]

# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش، ئۇنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىشتىكى قائىدە يۇسۇنلەر

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى:

بۇ ھەقتە <دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپتۇر. قۇدرىتى يەتكەن ئادەمگە ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋاجىپتۇر، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئەگەر ھەجگە كەلگەن ئادەم پەرز ھەجگە كەلگەن بولسا، ئالدى بىلەن پەرز ھەجنى ئادا قىلىدۇ. (كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ.) ئەگەر ئۇ نەپلە ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن كەلگەن، مەككىگە بېرىشتا قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتمىگەن بولسا، خالىسا دىسلەپ قەبرىنى زىيارەت قىلىدۇ، خالىسا نەپلە ھەجنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مەككىگە بېرىشتا مەدىنىنىڭ يولى بىلەن ئۆتكەن بولسا، دەسلەپتە قەبرىنى زىيارەت قىلىدۇ. قەبرىنى زىيارەت قىلماقچى بولغان ئادەم قەبرىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مەسچىتىنىمۇ زىيارەت قىلىشنى نىيەت

(1) يەنى مېنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ تارتقىنىمنى كىشىلەر كۆرۈپ بىزمۇ سۇ تارتىمىز، دەپ سىلەرنىڭ بۇ خىزمىتىڭلارنى قولۇڭلاردىن ئېلىۋالمايدىغان بولسا. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆ مەسچىتتە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا مەسچىتتە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ياخشى، دەپ خەۋەر بەردى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆ مەسچىتتە قىلىنغان باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىمۇ كۆپ بولىدۇ.»[1]

شەيخ ئىبنى ئابىدىن ئۆزىنىڭ: <رد المحتار ئەلا دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابىدا ئاپتورنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىگە ئىزاھات بەرگەن شەكىلدە مۇنداق دېدى:

ئاپتور: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپتۇر> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى خۇددى <لۇبابۇلمەناسىك> دېگەن كىتابتا كەلگەنگە ئوخشاش بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. ئەمما ھەنبەلىي مەزھەپىدىكى ئىبنى تەيمىيە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گە نىسبەت بېرىلگەن: ئۆ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلەيتتى، دېگەن سۆز ھەققىدە بەزى ئالىملار مۇنداق دېدى: ئىبنى تەيمىيەگە بۇ سۆزنى نىسبەت بەرگەنلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر. ئىبنى تەيمىيە پەقەت: (ھەرەم مەسچىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى ۋە ئەقسا مەسچىتىدىن ئىبارەت) ئۈچ مەسچىتتىن باشقا يەرلەرگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ سەپەر قىلىپ بېرىشتىن توساتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مەسىلىسىگە خۇددى باشقا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا قارشىلىق كۆرسەتمىگەنگە ئوخشاش قارشىلىق كۆرسەتمەيتتى.

ئاپتورنىڭ: <قۇدرىتى يەتكەن ئادەمگە ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋاجىپتۇر، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار> دېدى. بۇ قاراش <شەرھۇللۇباب> دېگەن كىتابتا بايان قىلىندى. بۇ قاراشنى يەنە ئەلخەيرۇل رەمەلىي دېگەن ئادەم <ھاشىيەتۇل مەنھى> دېگەن كىتابتا ئىبنى ھەجەرنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى. شۇنداق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە <ئەللۇباب، ئەلفەتھى ۋە شەرھۇلمۇختار> دېگەن كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى: قۇدرىتى يەتكەن ئادەمگە (ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋاجىپتۇر دېمىسىمۇ)، لېكىن ۋاجىپقا يېقىندۇر، دېگەنگە ئوخشاش

(1) «الدر المختار»، 2 - توم، 457 - بەت.

سۆزلەرنى قىلدى. <ئەلفەتھۇ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ئۇنى قانداق زىيارەت قىلىش ۋە زىيارەت قائىدە يوسۇنلىرى ھەققىدە ئۇزۇن توختۇلۇپ ئۆتتى. شۇنىڭدەك <شەرھۇلمۇختار ۋە ئەللۇباب> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. بۇ مەسىلىدە ئىزدەنمەكچى بولغان ئادەم، خالىسا شۇ كىتابلارغا قاراپ چىقسا بولىدۇ.

ئاپتور: <ئەگەر ھەجگە كەلگەن ئادەم پەرز ھەجگە كەلگەن بولسا، ئالدى بىلەن پەرز ھەجنى ئادا قىلىدۇ> دېدى. <شەرھۇل لۇباب> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: ھەسەن ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ھەجگە كەلگەن ئادەمنىڭ قىلماقچى بولغان ھەجى پەرز ھەج بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپ ھەجنى ئادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشى ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇ (دەسلەپ ھەجنى قىلماي) قەبرىنى زىيارەت قىلسىمۇ يەنە توغرا بولىدۇ. بۇنىڭ توغرا بولۇشى ئوچۇق بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى پەرز ئىبادەتنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتمەيدىغان ئىش بولسا، پەرز ئىبادەتتىن ئىلگىرى نەپلە ئىبادەتنى قىلىش ئالىملارنىڭ بىردەك پىكرى بويىچە توغرىدۇر.»

ئاپتور: <ئەگەر ئۇ نەپلە ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن كەلگەن، مەككىگە بېرىشتا قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتمىگەن بولسا> دېدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار شەھەر مەدىنىدىن ئۆتمىگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم شام تەرەپتىن كېلىدىغان ھاجىلارغا ئوخشاش مەدىنىدىن ئۆتىدىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپ قەبرىنى زىيارەت قىلىشىدا شەك يوق. چۈنكى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنى زىيارەت قىلماي ئۆتۈپ كېتىش دىلى قاتتىقلىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ. مەدىنىدىن ئۆتكەن ئادەمنىڭ دەسلەپ قەبرىنى زىيارەت قىلىشى خۇددى بىر ۋاستىنىڭ ئورنىدا ۋە پەرز نامازلارنىڭ بېشىدا ئوقۇلىدىغان سۈننەتلەرنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

ئاپتور: < قەبرىنى زىيارەت قىلماقچى بولغان ئادەم قەبرىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنىمۇ زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ> دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ھۇمام مۇنداق دېدى: «قەبرىنى زىيارەت قىلماقچى ئادەم دىلىدا (قەبرىنى مەسچىت بىلەن بىرگە ئەمەس) پەقەت قەبرىنىلا زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىشى،

ئاندىن مەسچىتنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قەدەم باسقاندا الله تائالادىن ئۇنىڭ مەرھەمىتىنى تەلەپ قىلىپ (مەسچىتنى زىيارەت قىلىشنى) ئىككىنچى قېتىمدا نىيەت قىلىشى ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئۇنىڭ مېنى زىيارەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ھاجىتى يوق ھالەتتە مېنى زىيارەت قىلىپ كەلسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى بولۇشۇم ئۇستۇدىكى بىر ھەقتۇر» دېگەن سۆزىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.»

ئەررەھمەتىي دېگەن ئادەم: «ئارىپ مۇللا جامى ھەتتا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە قىلغان زىيارىتىگە باشقا بىر مەقسەتنىڭ ئارىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەبرىنى ھەجگە كەلگەن ۋاقتىدا ئەمەس باشقا بىر چاغدا ئايرىم كېلىپ زىيارەت قىلغان» دەيدۇ.

ئاپتور: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مەسچىتتە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا مەسچىتتە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ياخشى، دەپ خەۋەر بەردى> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بۇ مەسچىتىمدە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا مەسچىتلەردە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ياخشىدۇر. ھەرەم مەسچىتىدە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز مېنىڭ بۇ مەسچىتىمدە ئوقۇلغان يۈز رەكەت نامازدىن ياخشىدۇر.» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببانلار رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئابدۇلبەررى: «بۇ، توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر ۋە شۇنداق بولۇشى پۈتۈن ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر» دېدى.

<شەرھۇللۇباب> دېگەن كىتابتا ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇنداق بىر ھەدىس بايان قىلىندى: «ھەرەم مەسچىتى، مېنىڭ بۇ مەسچىتىم ۋە ئەقسا مەسچىتى قاتارلىق ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتكە سەپەر تەييارلىقى كۆرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ.» بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى <ئەلئىھيا> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغىنىغا قارىغاندا مۇنداق بولىدۇ: مەزكۇر مەسچىتلەردىن باشقا مەسچىتكە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە سەپەر تەييارلىقى قىلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. مەزكۇر مەسچىتلەردە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ پەزىلىتى باشقا مەسچىتلەردە قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ پەزىلىتىگە قارىغاندا ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەرلەرگە بارسا بولىدۇ.

ئەمما مەزكۇر ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتلەردە بىر مەسچىتتە قىلغان ئىبادەت بىلەن يەنە بىر مەسچىتتە قىلغان ئىبادەتنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مەسچىتلەرگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر تەييارلىقى كۆرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ. بۇ ھەدىس ھەرگىزمۇ مەسچىتلەردىن باشقا يەرلەرگە بېرىشنىڭ مەسىلەن: ئۇرۇغ - تۇغقانلىنى يوقلاش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن باشقا يەرگە بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە باشقا ئىمانلارنىڭ قەبرىلىرىگە ئوخشاش يەرلەرگە بېرىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.[1]

ئەمما <ئەۋجەزۇل مەسالىك ئىلا مۇۋەتتا مالىك< دېگەن كىتابتا كەلگەن: ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى الله! مېنىڭ قەبرەمنى ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇدخانا قىلمىغىن، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قەبرىسىنى ئىبادەت قىلىنىدىغان يەر قىلىدىغان قەۋمگە الله تائالا قاتتىق غەزەپ قىلدى» دېگەن ھەدىسىگە كەلسەك، بۇ ھەدىس ھەققىدە ئىبنى ئابدۇلبەررى توختۇلۇپ مۇنداق دېدى: ئىمام مالىكنىڭ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغاندا ئارىلىقتا بىر ساھابىنى تاشلىۋېتىپ رىۋايەت قىلغانلىقىدا شەك يوق. ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان سۆز ھەممە ئادەمنىڭ قارىشىچە پاكىت ھېسابلىنىدۇ. ئىمام مالىك بۇ ھەدىسنى ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتابتىن رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلدۇ. بۇ كىشى بولسا، مەدىنىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەمدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن بۇ ھەدىس ئارىلىقىدا بىرەر ساھابە تاشلىنىپ قالغان ھەدىسمۇ پاكىت بولالايدۇ، دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ قارىشىدا توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ھەدىسنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: ئۇقەيلىي ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «ئى الله! مېنىڭ قەبرەمنى بۇدخانا قىلمىغىن. ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قەبرىسىنى ئىبادەت قىلىنىدىغان يەر قىلىدىغان قەۋمگە الله تائالا لەنەت قىلدى.»

ئەلباجىي: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇدخانا قىلىنماسلىقىغا دۇئا قىلىشى بولسا، ئۆزىنىڭ الله تائالاغا قىلغان قۇلچىلىقىدا چىن تۇرغانلىقى، ئۇ قۇلچىلىقنى ئىقرار قىلغانلىقى ۋە

(1) «رد المحتار»، 2 - توم، 257 - بەت.

بىرەر ئادەمنىڭ اللە تائالاغا قىلغان قولچىلىقىدا ئۇنى شېرىك قىلىپ سېلىشتىن قورقۇنلىقى ئۈچۈندۇر » دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولغان كېسىلىدە: «اللە يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالدى » دېدى.

ئىمام مۇسلىم، جۇندۇبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « بىلىپ قويۇڭلار! سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئادەم ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە تەقۋادار ياخشى ئادەملىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت (يەنى ئىبادەتخانا ) قىلىۋالغان ئىدى. سىلەر قەبرىلەرنى مەسچىت (يەنى ئىبادەتخانا ) قىلىۋالماڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى شۇنداق قىلىشتىن توسىمەن » دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئىمام نەۋەۋي مۇنداق دېدى: « ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەبرىسىنى ئىبادەتخانا قىلىۋېلىشتىن توسۇشى قەبرىلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېزىپ كېتىشتىن قورقانلىقى ئۈچۈندۇر. قەبرىلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاش خۇددى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرنى قىلغاندەك ئۇنداق قىلغان ئادەمنى كاپىرلىق دەرىجىسىگە ئاپىرىپ قويۇش ئېھتىمالى بار. شۇڭا ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنى زىيارەت قىلىشقا ئېھتىياجى چۈشكەن ئىدى، كىشىلەر قەبرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇمىسۇن، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئەتراپىغا ئېگىز قىلىپ تام سوقۇۋاتقان، دېدى ».

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەششەيبانىينىڭ رىۋايەت قىلىشچە ئىمام مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ) نىڭ <مۇۋەتتا> ناملىق كىتابىدا: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇ يەردە قىلىش مۇستەھەپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ بابى> دەپ بىر باب بارمىش.

مۇھەممەد مالىكتىن ئابدۇللاھ ئىبنى دىنارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: « ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن! ) بىر يەرگە سەپەر قىلماقچى بولغان ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا پەيغەمبەر

**ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ دۇرۇت ئوقۇغاندىن ۋە دۇئا قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى.»**

**مۇھەممەد: «مەدىنىگە بارغان ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاشۇنداق قىلىشى لازىم» دېدى.**

**ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <مۇۋەتتا> دېگەن كىتابىدا يەھيا ئىبنى يەھيا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مالىك ماڭا ئابدۇللاھ ئىبنى دىنارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: مەن ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتقانلىقىنى، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە مەغپىرەت تىلىگەنلىكىنى كۆردۈم.» بۇ ئەسەر مۇۋەتتانىڭ: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش ھەققىدە كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ بابى> دېگەن بابىدا بايان قىلىنغان.**

**ئىمام ئەھمەد مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنى (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) يەمەنگە ئەۋەتمەكچى بولغاندا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە (بىر يەرگە كەلگۈچە بىللە يولغا) چىقتى. مۇئاز ئۇلاغ ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىيادە مېڭىپ كېتىپ باراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى تۈگۈتۈپ بولۇپ: ئى مۇئاز! سەن بۇ يىلدىن كېيىن مەن بىلەن ئۇچراشماسلىقىڭ ياكى مېنىڭ بۇ مەسچىتىمنىڭ ياكى قەبرەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈڭ مۇمكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلغانلىقىغا غەمكىن بولۇپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن مەدىنە تەرەپكە قارىۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماڭا ئەڭ يېقىن بەندىلەر بولسا، كىم بولسا بولسۇن ۋە قەيەردە بولسا بولسۇن تەقۋادارلىق قىلغان ئادەملەردۇر، دېدى.»**

**ئىبنى ماجە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە چىققان ئىدى، مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: سېنىڭ يىغلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ دېدى. مۇئاز ئىبنى جەبەل: مېنىڭ يىغلىشىمغا مەن پەيغەمبەر**

ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر سۆز سەۋەبچى بولدى، دەپ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئازراق رىيامۇ شېرىكتۇر. كىمكى اللە تائالانىڭ دوستۇغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، اللە تائالا ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ. اللە تائالا ھەقىقەتەن ياخشى تەقۋادار ۋە ئۆزلىرىنى مەخپى تۇتقان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بولسا، (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن) چىقىپ كەتسە يوقلانمايدىغان، (ئۇلارنىڭ ئارىسىغا) كەلسە تونۇلمايدىغان، دىللىرى ھىدايەتنىڭ چىراغلىرى ۋە ھەرقانداق چوڭ پىتنىلەرنىڭ ئىچىدىن ساق ـ سالامەت چىقىدىغان ئادەملەردۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپ ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بەلكى ۋاجىپقا يېقىن بىر ئىشتۇر. ئىنسانلارنىڭ بولۇپمۇ مۆمىنلەرنىڭ ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتى بار. چۈنكى ئۇ، مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر. بۇنى اللە تائالا ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا تەرغىپ قىلىپ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلدى. تۆۋەندىكىلىرى مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر:

دارى قۇتنىي، بەززار ۋە ئىبنى ئەسسەكەن قاتارلىقلار ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەت قىلسا، ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائەتىم ۋاجىپ بولىدۇ.»

ئەبۇيەئلا، دارى قۇتنىي، تەبرانىي ۋە ئىبنى ئەساكىر قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى مېنىڭ ۋاپاتىمدىن كېيىن ھەج قىلغان، ئاندىن مېنى (يەنى قەبرەمنى) زىيارەت قىلغان بولسا، ئۇ خۇددى مەن ھايات ۋاقتىمدا مېنى زىيارەت قىلغان ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ.»

ئەبۇداۋۇد تەيالىسي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى مېنى زىيارەت قىلسا، مەن ئۇنىڭغا شاپائەتچى ۋە گۇۋاھچى بولىمەن. كىمكى ئىككى ھەرەمنىڭ بىرىدە ئۆلسە، اللە تائالا ئۇنى

(1) سۈرە ئەھزاب 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىيامەت كۈنى خاتىرجەم بولغۇچىلارنىڭ ئىچىدە (قەبرىسىدىن) تۇرغۇزىدۇ.»
ئىمام سۇبكىي ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىر كىشىدىن باشقا ھەممە كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلىش شەرتىگە توشقان ئادەملەردۇر، دېدى.

توغرا دەپ قارالغان ھەدىستە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. ئۇنداق بولغان ئىكەن زىيارەت قىلىشقا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسى ئەڭ لايىق ۋە ئەڭ ھەقلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بەقىئدە ياتقان ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئەڭ ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئۇ، ھايات ۋاقتىدا، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى ھۆرمەتلەش ئۇستۇمىزدىكى بىر ھەقتۇر. چۈنكى اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېدى: «بىز ھەقىقەتەن سېنى (قىيامەت كۈنى خەلققە) گۇۋاھلىق بەرگۈچى، (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سىلەرنىڭ اللّٰهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن، ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن (بىز پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق)»[1]

بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش باشقىسىغا باغلىنىشلىق بولمىغان ئايرىم بىر تائەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى زىيارەت قىلماقچى بولغاندا پەقەت ئۇنى زىيارەت قىلىش نىيىتى بىلەن بېرىپ زىيارەت قىلىش ۋە سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا قىلىش لازىم. باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈنلا ماڭغان ئادەمگە مۇبارەك بولسۇن!

ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ چىقىش پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ھەرەم مەسچىتى، مېنىڭ بۇ مەسچىتىم ۋە ئەقسا مەسچىتى قاتارلىق ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتكە سەپەر تەييارلىقى كۆرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى

(1) سۈرە فەتھ 8 ـــ 9 ـ ئايەتلەر.

ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇپ الله تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن مەزكۇر ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتكە ئالاھىدە سەپەر تەييارلىقى كۆرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ھەتتا ھەدىسنىڭ مەنىسى مەسىلەن: ئەرافاتقا چىقىش، جىھاد قىلىش، كاپىر دۆلىتىدىن ھىجرەت قىلىش، ئىلىم ئوقۇش، تىجارەت قىلىش ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلغانغا ئوخشاش ئىسلام دىنى يولغا قويغان نۇرغۇنلىغان سەپەرلەرگە زىت كەلمەسلىكى ئۈچۈن مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسىنى: «ھەرەم مەسچىتى، مېنىڭ بۇ مەسچىتىم ۋە ئەقسا مەسچىتى قاتارلىق ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتكە سەپەر تەييارلىقى كۆرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ» دېگەن شەكىلدە چۈشەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلماقچى بولغان ئادەم قەبرىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنىمۇ زىيارەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇش ئارقىلىق بەرىكەت تەلەپ قىلىشنى نىيەت قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە ناماز ئوقۇش ھەققىدە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بۇ مەسچىتىمدە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا مەسچىتلەردە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ياخشىدۇر.»[2]

## زىيارەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قائىدە ـ يۇسۇنلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مەقسىتى بىلەن بارغان ئادەم زىيارەت جەريانىدا تۆۋەندىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قائىدە ـ يۇسۇنلار بىلەن زىنەتلىنىشى لازىم.

1 ـ مەدىنىگە كېتىپ بارغان يولدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالاملارنى كۆپ ئېيتىش لازىم.

(1) مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسىنى: < ھەرەم مەسچىتى، مېنىڭ بۇ مەسچىتىم ۋە ئەقسا مەسچىتى قاتارلىق ئۈچ مەسچىتتىن باشقا يەرلەرگە سەپەر تەييارلىقى كۆرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ> دەپ چۈشەندۇرىغانلارمۇ بار. ئەگەر ھەدىس: ئۈچ مەسچىتتىن باشقا يەرلەرگە> سەپەر قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن شەكىلدە چۈشەندۇرۇلسە، ھەدىستىن ئىلىم ئوقۇشقا، جىھاد قىلىشقا ئوخشاش ئىسلام دىنى قىلىشقا رۇخسەت قىلغان سەپەرلەرنىمۇ قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسنىڭ مەنىسىنى: <ئۈچ مەسچىتتىن باشقا يەرلەرگە> ئەمەس <ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتكە سەپەر تەييارلىقى كۆرۈپ بېرىشقا بولمايدۇ> دېگەن شەكىلدە چۈشەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

2 ـ مەدىنە مۇنەۋۋەر كۆرۈنگەنسىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ كۆپ دۇرۇت ۋە سالام ئېيتىشى، الله تائالادىن قىلغان بۇ زىيارىتىنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق قىلىشنى، ئۇنى قوبۇل قىلىشنى تىلىشى، ئەگەر تېز مېڭىشتا بىرەر زەرەر بولمىسا تېز مېڭىشى لازىم. ئەنەس ئىبنى مالىك (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەدىنىنى كۆرگەندە تېز مېڭىش ھەققىدە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا مەدىنە كۆزىگە كۆرۈنگۈدەك يەرگە كەلسە، مەدىنىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن تۆگىسىنى تېزلەشتۈرەتتى. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە بولسا ئۇلۇغىنى تېز ماڭدۇراتتى.»[1]

3 ـ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە دىلىدا ئۇ يەرنىڭ ھۆرمەتلىك، پەزىلەتلىك يەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۆرمەتلىك قىلىنغان بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى لازىم. مەدىنە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى ھارام قىلغان يەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆككەن ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەدىنىنىڭ پالانى يېرىدىن تارتىپ پالانى يېرىگىچە بولغان ئارىلىقى ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇنىڭ دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ. ئۇنىڭدا زۇلۇم پەيدا قىلىنمايدۇ. كىمكى مەدىنىدە زۇلۇم پەيدا قىلسا، ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن!»[2]

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن مەدىنىنى بەرىكەتلىك ۋە ھەممىگە ياقىدىغان پاك يەر قىلدى. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ۋاقتىدا (مەدىنىنىڭ ھاۋاسى كېلىشمىگەنلىك سەۋەبى بىلەن) ئەبۇ بەكرى بىلەن بىلال قىززىپ قېلىش كېسىلى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەبۇبەكرىنى قىززىش تۇتسا مۇنداق بېيت ئوقۇيتتى:

ھەر بىر ئادەم بالىۋاقىللىرى ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ.

ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئايىغىنىڭ بۇقچىسىدىن يېقىن بىر ھالەتتە.

بىلال قىززىشتىن توختىسا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق بېيت ئوقۇيتتى:

ئاھ! ماڭا بىر كېچە يېتىشقا نېسىپ بولامۇ؟

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

**مەككە چىلغىسىدا ئەتراپىمدا ئىزخىر ۋە جەلىل[1] بولغان ھالەتتە.**
**ماۋا بىر كۈنى مەجەننە[2] سۈيىنىڭ قېشىغا كېلىشكە نېسىپ بولامدۇ؟**
**ماۋا شامە ۋە تۇپەيلە تاغلىرى كۆرۈنەرمۇ؟**

**ئۇنىڭدىن كېيىن بىلال: ئى الله! بىزنى بىزنىڭ زېمىنىمىزدىن (يەنى مەككىدىن) ۋەبا زېمىنغا (يەنى مەدىنىگە) قوغلاپ چىقىرۋاتقان شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ قاتارلىق كاپىرلارغا لەنەت قىلغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا: «ئى الله! بىزگە مەدىنىنى خۇددى مەككىنى بىزگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەك سۆيۈملۈك كۆرسەتسەڭ، ئى الله! بىزگە بىزنىڭ تارازىلىرىمىزدا ۋە كەمچىلىرىمىزدە بەرىكەتنى قىلساڭ، بىزگە مەدىنىنى (ھاۋاسى ياقىدىغان بىر ئورۇن) قىلساڭ ۋە ئۇنىڭدىكى (ھاۋاسى كېلىشمەسلىكتىن بولىدىغان) قىززىش كېسىلىنى <جۇھفە> دېگەن يەرگە يۆتكىسەڭ» دەپ دۇئا قىلغان.[3]**

**مەدىنىگە كەلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەربىدىكى مۆمىنلەرنىڭ دىللىرى مايىل بولىدىغان پاك بىر يەردىكى شەھەردە ئىكەنلىكىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇش لازىم. مەدىنە بولسا ئىسلامنىڭ مەنبەئى ۋە ئىماننىڭ توپلىنىدىغان يېرىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خۇددى يىلان ئۆزىنىڭ ئۇۋۇسىغا قايتىپ كېلىپ توپلانغاندەك ئىمانمۇ مەدىنىگە قايتىپ توپلىنىدۇ.» يەنى يىلانمۇ ياشاش ئۈچۈن بىر نەرسە ئىزلەپ ئۇۋۇسىدىن چىقىپ بىر نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە ئۇۋۇسىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىمانمۇ مەدىنىدىن تارالدى.**

**ھەر زاماندا ھەر بىر مۆمىننىڭ كۆڭلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن مەدىنىگە بىر كېلىش ئارزۇسى بار. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىم ئۆگەنمەك ئۈچۈن مەدىنىگە كېلەتتى. ساھابىلەر، تابىئىن ۋە تەبئى تابىئىنلارنىڭ زامانىدا بولسا، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئەگىشىش ئۈچۈن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ زامانىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش، مەسچىتىدە ناماز ئوقۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەردىن قالغان ئەسەرلەردىن بەرىكەت تەلەپ**

---

(1) ئىزخىر بىلەن جەلىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسمىدۇر. ت.

(2) بۇ مەككىگە يېقىن بىر يەرنىڭ ئىسمىدۇر. ت.

(3) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.[1]

مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تۇرغانلىق ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق بەرىكىتى بىلەن الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىكتۇر. الله تائالا مەدىنىلىكلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر مۇناپىقلار، (نىفاقتىن) دىللىرىدا كېسەل بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، (ئى مۇھەممەد) ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە ئۇچرىغان ھالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ (يەنى ئۇلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىدە پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ). »[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ھەققىدە مۇنداق دېدى: «مەدىنىلىكلەرگە ھىيلە ئىشلەتكەن ئادەم خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەنگە ئوخشاش ئېرىپ كېتىدۇ. »[3]

4 ـ قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەمنىڭ، زىيارەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇشى ۋە ئۆزىدىن سەپەرنىڭ توپۇللىرىنى تازىلىشى، ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ پاكىز كىيىملىرىنى كىيىشى لازىم. مۇنزىر ئىبنى ئائىز (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەدھىيەلىگەن. مۇنزىر ئىبنى ئائىز قەۋمى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە قەۋمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ (تازىلىق قىلمايلا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىدۇ. ئەمما مۇنزىر ئىبنى ئائىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئۇنداق ئالدىراپ كەتمەي ئەڭ چىرايلىق كىيىمىنى كىيىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنى مەدھىلەپ: «ھەقىقەتەن سەندە سىپايىلىق ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت الله ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت بار ئىكەن» دېگەن.[4]

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر: <ئەئۇزۇ بىللاھىل ئەزىمى ۋە بىۋەجھىل

(1) «فتح الباري»، 4 ـ توم، 94 ـ بەت.

(2) سۈرە ئەھزاب 60 ـ ئايەت.

(3) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كەرىمى ۋە سولتانىھىل قەدىمى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھى ۋەلھەمدۇ لىللاھ، ئەللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن ۋە سەللەم ئەللاھۇممە ئىغفىر لى زۇنۇبى ۋەفتەھ لى ئەبۋابە رەھمەتىك[1]>

مەسچىتتىن چىقىدىغان چاغدا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: <ئەئۇزۇ بىللاھىل ئەزىمى ۋە بىۋەجھىھىل كەرىمى ۋە سولتانىھىل قەدىمى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھى ۋەلھەمدۇ لىللاھ، ئەللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن ۋە سەللەم ئەللاھۇممە ئىغفىر لى زۇنۇبى ۋەفتەھ لى ئەبۋابە پەزلىك[2] >

مەسچىتكە كىرگەن ۋاقىتدا ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىدۇ، چىققان ۋاقىتدا سول پۇتى بىلەن چىقىدۇ. مەزكۇر ئىشلارنى ھەر قانداق بىر مەسچىتتە قىلىش سۈننەتتۇر.

6 ـ مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئەگەر مۇمكىن بولسا، رەۋدەتۇششەرىپكە (يەنى باغچىغا) بېرىش لازىم. رەۋدەتۇششەرىپ (يەنى باغچا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇنبىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يەردۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرەمنىڭ ئارىلىقىدا جەننەتنىڭ باغچىللىرىدىن بىر باغچا باردۇر. مۇنبىرەم ھەۋزە كەۋسىرىمنىڭ ئۈستۈدىدۇر.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <جەننەتنىڭ باغچىللىرىدىن بىر باغچا باردۇر> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئۇ يەرگە رەھمەتنىڭ چۈشۈشىدە ئۇ يەر خۇددى جەننەتنىڭ باغچىللىرىدىن بىر باغچىدۇر ياكى ئۇ يەر ئۆز پېتى بىلەن جەننەتكە يۆتكىلىپ ئاپىرىلىدۇ ياكى ئۇ يەردە قىلىنغان ئىبادەت جەننەتكە ئاپىرىدۇ، دېگەن مەنالاردىدۇر.

ئۇ يەردە مەسچىت سالىمىنى ئوقۇيدۇ. الله تائالاغا بۇ نېمەتكە نېسىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىدۇ. الله تائالادىن ئۆزىنىڭ (بۇ يەرگە قىلىپ كەلگەن نىيىتىگە)

(1) دۇئانىڭ مەنىسى: مەن كاتتا الله تائالاغا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ۋە ئەزەلىي پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. دۇرۇت ۋە سالاملار الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بولسۇن. ئى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. ئى الله! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن.

(2) دۇئانىڭ مەنىسى: مەن كاتتا الله تائالاغا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ۋە ئەزەلىي پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. دۇرۇت ۋە سالاملار الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بولسۇن. ئى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. ئى الله! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، ماڭا مەرھەمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن.

(3) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

يەتكۈزۈشنى ۋە قىلغان زىيارىتىنى قوبۇل قىلىشنى تىلەيدۇ.

7 ـ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئارقىسىنى قىبلە تەرەپكە، يۈزىنى قەبرىنىڭ تېمى تەرەپكە قىلىپ قەبرىدىن تۆت گەز يىراقلىقتا تۇرۇپ كۆزىنى يۇمغان، دىلىنى دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن ئۈزگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئورنىنىڭ قانداق كاتتا دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى ئىسىگە ئالغان ھالەتتە تۇرۇپ ئاۋازىنى چىقارماستىن تۆۋەندىكى شەكىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىدۇ: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئى اللە نىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى! ئى اللە نىڭ سۆيۈملۈك ئادىمى! ئى رەھمەت پەيغەمبىرى! ئى ئۈممەتلەرگە شاپائەت قىلغۇچى! ئى پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى! ئى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى! ئى قارا قاشقىلىق بەندىلەرنىڭ يول باشلىغۇچىسى! ئى مۇھەممەد ئىسىملىك پەيغەمبەر! ئى ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر! ئى پەيغەمبەر! ساڭا اللە تائالانىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتى بولسۇن. ساڭا ۋە اللە تائالا كەمچىلىكلىرىنى يوقۇتۇپ پاك پاكىز قىلغان پاكىز ئائىلىدىكىلىرىڭگە سالام بولسۇن. اللە تائالا ساڭا بىزدىن بىر پەيغەمبەرگە ئۇنىڭ قەۋمىدىن ۋە ئۈممىتىدىن كۆرسەتكەن مۇكاپاتتىنمۇ كاتتا مۇكاپات كۆرسەتسۇن. مەن سېنىڭ ھەقىقەتەن ئىسلام دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە، ئۇستۇۋىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلغانلىقىڭغا، ئۈممىتىڭگە نەسىھەت قىلغانلىقىڭغا ۋە تاكى سەن ۋاپات بولغانغا قەدەر اللە تائالانىڭ يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا ساڭا، ئائىلىدىكىلىرىڭگە، ئايالىرىڭغا ۋە ساھابىلىرىڭگە زىكىر قىلىدىغانلار ھەر قېتىم زىكىر قىلغاندا ۋە غاپىللار ھەر قېتىم غاپىل بولغاندا قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋام قىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە ياخشى رەھمەت يوللىسۇن. ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەن ئەلچىلەر ۋە قەبرەڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەردۇرمىز. بىز سېنىڭ ھەققىڭنى ئادا قىلىش، سېنى زىيارەت قىلىش بىلەن بەرىكەت تەلەپ قىلىپ ۋە سېنىڭ (بىزگە) پەرۋەردىگارىمىز ئالدىدا شاپائەتچى بولۇشىڭنى، تەلەپ قىلىپ يىراق يەرلەردىن كەلدۇق. چۈنكى گۇناھلار بەللىرىمىزنى سۇندۇرۇۋەتتى. سەن بولساڭ شاپائەت قىلغۇچى، قىلغان شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان، (قىيامەت كۈنىدىكى) ئەڭ ئالىي ئورۇننىڭ ۋە ھەممە ئادەم كېلىدىغان ھەۋزى كەۋسەر كۆلىنىڭ ئىگىسى بولىدىغان زاتتۇرسەن. اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كېلىپ اللە دىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن

مەغپىرەت تىلىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار الله نى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى»[1] بىز سېنىڭ قېشىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ ۋە تەۋبە قىلىپ كەلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىز ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولساڭ، ئۇنىڭدىن بىزنىڭ جېنىمىزنى بىز سېنىڭ ھەق يولۇڭنىڭ ئۈستىدە مېڭىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئېلىشىنى، بىزنى دىنىمىزدە مۇستەھكەم قىلىشىنى، بىزنى (قىيامەت كۈنى توپلىنىدىغان مەيدانغا) سېنىڭ بايرىقىڭ ئاستىدا توپلىشىنى، بىزگە سېنىڭ ھەۋزە كەۋسەر كۆلۈڭگە كېلىشنى نېسىپ قىلىشىنى ۋە بىزنى سېنىڭ مۇبارەك قولۇڭ بىلەن كېيىن مەڭگۈلۈك ئۇسسىمايدىغان دەرىجىدە سۇغۇرشىنى تىلىسەڭ. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن شاپائەت تەلەپ قىلىمەن، مەن شاپائەت تەلەپ قىلىمەن. ساڭا شاپائەت سورايمەن ۋە سېنى الله تائالاغا ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ مېنىڭ سېنىڭ دىنىڭ ۋە ھەق يولۇڭ ئۈستىدە مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلۈشۈمنى تىلەيمەن.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئادەملەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا پالانىڭ ئوغلى پالانىنىڭ سالامى بار. ئۇ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئالدىدا شاپائەتچى بولۇشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شاپائەتچى بولساڭ.

ئاندىن بىر گەز ئوڭ تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قەبرىسىنىڭ ئودۇلىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى! ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى! ساڭا سالام بولسۇن. الله تائالا ساڭا بىزدىن ۋە ئىسلامدىن ئەڭ ياخشى مۇكاپات كۆرسەتسۇن. ھەقىقەتەن سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئورۇن باسار بولدۇڭ. ئۇنىڭ يولىدا ۋە تۇتقان پرىنسىپلىرىدا ئەڭ ياخشى شەكىلدە ماڭدىڭ. الله نىڭ سالىمى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن. ئى الله! بىزنى ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىز ئۈستىدە ۋاپات تاپتۇرساڭ ۋە بىزنىڭ ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىشىمىزنى ئەجىرسىز قويمىساڭ.

ئاندىن بىر گەز ئوڭ تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قەبرىسىنىڭ ئودۇلىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! ساڭا سالام بولسۇن. الله تائالا ساڭا بىزدىن ۋە

(1) سۈرە نىسا 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلامدىن ئەڭ ياخشى مۇكاپات كۆرسەتسۇن. ئەلۋەتتە الله تائالا سېنىڭ بىلەن ئىسلامنى كۈچلۈك قىلدى. سەن مۇسۇلمانلارغا، ھەممىسى سەندىن رازى بولىدىغان، توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە توغرا يول ئۈستىدە ماڭغان ئىمام (يەنى باشلىق) بولغان ئىدىڭ. الله تائالا سەندىن ۋە ساڭا ئورۇن باسار بولۇپ باشلىق بولغان ئادەملەردىن رازى بولسۇن!

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا بۇرۇن تۇرغان يەرگە كېلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە، ئۇستازلىرىغا، ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۈستىدە ھەققى بار ئادەمگە، دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئادەملەرگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ.

كېيىن مۇنبەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. رەۋزەتۇششەرىپنىڭ يېنىدا تۇرۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇت ئېيتىدۇ ۋە دۇئانى كۆپ قىلىدۇ.

قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا بەزى نادان كىشىلەر قىلىدىغان بىدئەت ئىشلاردىن يىراق بولۇش لازىم. مەسىلەن: قەبرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا قەبرى بار ئۆينىڭ تاملىرىنى سىلىمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش بۇ يەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا ۋە قائىدە ـ يوسۇنىغا زىت بىر ئىشتۇر. شۇنىڭدەك ئۇ تامنى سۆيمەيدۇ ۋە سىلىمايدۇ. چۈنكى سۆيۈلۈش ۋە سىلىنىش پەقەت كەبىدىكى قاراتاشقا ۋە ئۇنىڭ يەمەن تەرىپىدىكى قىرغىقىغا خاس بىر ئىشتۇر. (يەنى قاراتاش سۆيۈلىدۇ ۋە سىلىنىدۇ. ئەمما كەبىنىڭ يەمەن تەرىپىدىكى قىرغىقى پەقەت سىلىنىدۇ). ئۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئايلىنىش كەبىگە خاس بىر ئىشتۇر. (يەنى پەقەت كەبىنىڭ ئەتراپىلا ئايلىنىدۇ). ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (رۇكۇ قىلغانغا ئوخشاش) ئېگىلىشكە ۋە زېمىننى سۆيۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى (دىندا ئاساسى يوق) يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. ئۆيگە ئارقىسىنى قىلىپمۇ تۇرمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە قاراپ نامازمۇ ئوقۇمايدۇ.[1]

**8** ـ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى بولۇپمۇ شېھىتلەرنىڭ كاتتىسى بولغان ھەمزە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپتۇر. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى پەيشەنبە كۈنلىكتە

(1) <إرشاد الصاوي>.

زىيارەت قىلىش ياخشىدۇر. بەقىئدە ياتقان ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىمۇ زىيارەت قىلىش مۇستەھەپتۇر.

9 ـ شەنبە كۈنلىكتە قۇبا مەسچىتىگە زىيارەتكە بېرىپ ئۇ مەسچىتتە (ئىككى رەكەت) ناماز ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ھەر شەنبە كۈنى قۇبا مەسچىتىگە كېلەتتى ۋە مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر شەنبە كۈنى بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم، دېگەن ئىدى.»

10 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ئادەم بەش ۋاخ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە جامائەت بىلەن ئوقۇشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى مېنىڭ مەسچىتىمدە بىرەر ۋاخ نامازنى ئۆتكۈزۈۋەتماستىن 40 ۋاخ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ دوزاختىن خالاس بولغانلىقى، ئوتتىن قۇتۇلغانلىقى ۋە مۇناپىقلىقتىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقى يېزىلىپ كېتىدۇ» دېدى.

الله تائالاغا كۆپ ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن. بۇ كىتاب ھىجرىيە 1418 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھەرەمدە يېزىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى.

الله تائالا يول باشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگە رەھمەت قىلسۇن!

أخي المسلم

ترجم وطبع هذا الكتاب إلى اللغة الأويغورية على نفقة من يرجو رحمة ربه هدية منه لروح والديه وذريتهما وهذا الكتاب وقف للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية في المناطق التي تتحدث بهذه اللغة لا يجوز بيعه ولا يورث بل ينقل لمستفيد آخر لتعم الفائدة للمسلمين والساعي لتوصيل هذا الكتاب للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية له من الله الأجر العظيم .

.....................................................................................

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بۇ كىتاب، ساۋابىنى ئاتا- ئانىسى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ روھىغا بېغىشلىغان بىر مۇسۇلماننىڭ نەپىقىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبۇلئىلىملارغا ۋەقفىتۇر. سېتىشقا ۋە بىر - بىرلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، پايدىلىنىپ بولغانلار باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ كىتابنى دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبلارغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەرگە جانابى ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيمىز.